ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

١٩٤٧ ايل ٨ نچى سنته‌بر

تلده، ئشده، فكرده برلك!

دوشنبه ٧٧ نچى سان

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز توركستاندور

مديرى: عيسى الب تكين
باش محرر: م. ئ. بوغرا

بهاسى: دانه‌سى ١٠٠ ئايليغى ١٢٠٠ دوللار
هجرى ١٣٦٦ شوال ٢٢

ئالتاى نشرياتى طرفندن هفته‌ده اوچ چقادورغان سياسى، اقتصادى، اجتماعى، علمى، فكرى و ادبى غزيته‌دور

# اوقوش موسمى يتيب كه‌لدى

هريلى ياز ئايلريدا مكتب اوقوغو
چيلارينك ميڭكه‌سينى دم ئالدوروب اس
تراحت قلدوروش اوچون تعطيل قو-
يوب بريله‌دور. شول عادتكه مبنى او
لاراق بوييل هم يازكيلش بلەن بتون
مكتب طلبه‌لرى تعطيلگه اوزاتلغان ايدى
حاضر يازئايلرى ئاياغليشب كوزگه ياقين
لاشيب قالدى شونك بلەن اوقوغوچي-
لارنك استراحت قلش موسمى اوتوب
تعطيل وقتى توگەب قالدى. اوقوش
باشلاش وقتى كه‌لدى شونك اوچون
هربر مكتب اوز اوقوغوچيلارينى تورت
كوزى ايله كوتمه‌كده له‌ر وه ينكيدن
ياش اوسمورلرنى مكتبكه قبول قلشقا
حاضرلق قلماقداله‌ر شومناسبت بلەن ده
ئمز يردينلا اوقوش اشلريغه تيكلگەچ
بو توغراده برايكى سوز سوزلەب او-
توشنى لايق كوره‌مزه.

حاضرقى مزگلده عزيز يورتيمز تور
كستان باشقالرگه نظرا قالاق حالده دور
اونك تورلوك جراحتى باردور. حالى
بك ئاغردور. اونك جراحتلرى عصرى
ترقياتدن محروم بولوب خرابه‌لكده قال
غانلقى وه اصلاحات ايشلرينك بولماغان
لقيدور. حالى‌نك ئاغرلقى ايسه هنر-
صناعتينك حاضرقى زمانغا موافق تخنك
لاشتورولماغانلقى وه اقتصادى قوتيمز-
نك عاجزلقيدور. بولارنك توبكى سب
بى‌نى سوروشتورمك بولساق علم معارف
مزنك بك توبەن درجه‌ده قالغانلقيدور
بوحال بزنى تورلوك قينچيلققا دوچار
قلماقدا وه يورتيمزنك احتياجينى دما
زور ايتماقدادور. شونك اوچون بز اوز
جراحتلريمزنى توزه‌تمك وه احتياجلري-
مزنى قاندورماقنى استه‌سه‌ك اله باشلاب
معارفمزنى ترقى قلدورماقيمز لازم كيله

دوره چونكى يورتيمزنك يوزينى ئاقار
تش ملتمزنى تنويرله‌ندوروش وه خلق-
مزنك ئالك فكرينى ئاچيش وظيفه‌لرينى
اوته‌مه‌سه‌ك جراحتيمز توزه‌لمه‌يدو وه اح
تياجيمز قاندورولمايدور.

معارفيمزنك ئارقيدا قالغانلقى غااو
كه‌نده حكوم سوروب كه‌لگەن ظاليم حك
مدارله‌ر وه بى‌غرض مأمورلار سبب
بولسه‌ده ايكنجى طرفدن اوزيمزنك جها
لتى سبب اولدى. چونكى يورتيمزدا
اوزوندن برى بوزوق عنعنه‌لر دوام اتدى
بو عنعنه‌لر شونيڭكدن عبارتكى: خلقي-
مز اوقوش اشلريغا فقط قزقمادى، او
قوش اشلرينى دينى علمگه خاصلادى،
فنى بلملرنى ياقتورمادى، بلكى قار
شى چقدى خلقيمزنك معيشتى تولاراق
كسب تجارت و دهقانچيلق بلەن بولغاچ
اولار: „ بزنك تورموشيمز كسب تجا
رت دهقانچيلق بلەن اوتسه بزگه او
قوش اشلرينك نيمه كيره‌گى بار " دي-
گەن خيالنى قيلار ايدى، اولار ينه‌او
زينى حكومت اشلريگه قابليتسز حساب
لاب „ اداره اشلرينى غيريلر قيلادور
بزنك اونداغ اشلرگه قابليتيمز يوق.
اوز فقراداردچيلقيمزنى قليب كون كو
چورسه‌ك بولدى " ديگەن اوينى كونك
ليغا كه‌لتوره‌ر ايديله‌ر. شول بوزوق
عنعنه‌لر نتيجه‌سيده اولار ياش بالالري
نى مكتبكه برميگەنلر بولارنك ساواد
سز قاليشيغا سبب اولغانله‌ر مللريمز
بوزوق عادتكه دها غرق اولغان ايدي
له‌ر اولار اوقوش اشلرينى فقط امام،
خطيب، موءذينلك وظيفه‌لرنى اوته‌مك
اوچون ده‌ب بيله‌له‌ر ايدى دنياوى اش
لر حقنده‌كى فنى بلمه‌لرنى اورگەنش-
نى زور گناه ده‌ب حسابلار ايدى شون
دقدن مكتب مدرسه‌لرده فنى علملار

اوقوتولمادى شونك اوچون خلقلرئاز
تولا دينى مسئله‌لرنى بليب ئالغاندن كين
بالالرينى مكتبدن چقاريب اليپ سواد
سز قالدرار ايدى او وقتلرده مكتب
نهايت ئاز بولوب بر شهر يائى بر قشـ
لاقدا برەر مكتبدن ئارتوق مكتب تا
پلماس ايدى كينكى شلگشيسه‌ى دورى
ديكى اوقوش اشلرنده تورلوك مانع
له‌ر بولدى مثلا خلقيمزنك ئه‌وه‌لقى عا
دتلرينى بردنلا توزه‌تش ممكين بولما
ساده مكتبلارده دينى علمله‌ر ئاز اوقو
تولا باشلادى خلقيمز بونى كوروبينكى
مكتبدن تيخيمو قورقديله‌ر بالاه‌رينى
مكتبكه درشدن ئارتديله‌ر مكتبدن خل
قيمزنك كونكلى سووب كتديله‌ر بو
احوال نتيجه‌سيده معارف اشلاريمز ئار
قادا قالا به‌ردى.

بز بوگونكـى مزگلده يوقاريده‌كى
حادثه‌له‌رنى كوزدن كوچوروب خلقيمزنى
قايتادن مكتبكه قزقتوروب اولارنك مك
تبكه بولغان اعتقادينى زياده‌له‌شتوروش
اوچون چالشماقيمز لازمدور، بوگونكى
مكتبيمزنك درس پروغراممالرى البته
باشقادور، بونى خلقيمزگه كه‌ڭ دائيره
ده اوختوروب اولارنك ايشه‌نچيسينى
مستحكم‌له‌ش كركدور.

بز بوگونكى كونده ينكيدن باغقو
روب ينكيدن كوچه‌ت توتدورماقچيمز
قورماقچى بولغان باغمز يورتومزنى نه
حير قليب عصرى حالتكه اولاشتورماق
بولسا، ينكيدن توتدورماقچى بولغان
كوچه‌تيمز حاضرقى اوسوب كيلاياتقان
ياش ئوسمورلريمزدور، باش ئوسمور
لريمزنى كيله‌جه‌ككه حاضرلاش اوچون
اولارنى عام بلەن سوغارماق لازم كيله
دور شونوك اوچون بوگونكى اوقوش
باشلاش موسميده خلقيمزنك اوز بالاله
رينى مكتبكه برشكه قانتق دعوت قلا
مز. تعطيلگه اوزاتلغانلارنك تيزده
مكتبكه يغلماقينى اوتونه‌مز.

## تشكر قيلامز

حرمتلو سليم گرەی حاجی گرەی وە توفيق گيرەی افنديلار نشريا تيمزگە بر دوگولەك كاغذ ( ٢ يارم مليون دوللار مقدارندە ) ياردم اتديلار بو لارنك بو قلغان ياردەملاری ادارەمزنك ملتمزنی تنوير اتدوروشدە بيوك بر خدمتنی اجرا قليب كيتيب بارغانليقينی بلگەنلكينی افادە ئەتسە يەنە بريياقدن اولارنك يورت‌ملتننك ترقيسی اوچون چاليشيديغان بر زات ايكەنلكلرينی كور سەتەدور •

ئانك اوچون بو محترم زاتلاريمزغە توگومەس تشكرلريمزنی يوللايمز •

اداره

## همتلك زاتلارگه رحمت اوقويمز

نشرياتمز اوزنك اقتصادی قيينچيلقی نی ئاتمين ئەتمەك اوچون اوز خلقلريمز دن ياردم قلماقنی اسنەب اوتكەن ئای اخرندە تورك اويغور اويوشماقلوبندە بر يغن ئاچمش ايدی. بويغندە مدير مز عيسی الپتكين وە باش محرريمز م • ا بوغراباش محرر معاونی چنگزخان لەر ئاشيرالك طق سويلە گەندن صونگرە خلقلريمز متاثر بولوب اوز اوزدن ياردەمگە كرشكەن ايديلەر، بولەر دن بعضيلاری اوز اعانەلرينی تز دن تاپشور ماقدالەر، بولارنك بو كورسەتكەن همتلرينكە نشرياتمزدن بيوك تشكر لريمزنی سونامز

تاپشوروب برگەنلار توبندبكيلاردور •

| | |
|---|---|
| سعدالله شوبنی | ١ مليون دوللار |
| حاكم عش ورئاخون بای | ٣٠٠ ملك دوللار |
| قصابلار شركتی | ٣٠٠ ملك دوللار |
| سوداگرلار جمعيتی | ٢٥٠ ملك دوللار |
| خلق نشرياتی | ٢٥٠ ملك دوللار |
| محرم قاری | ٥٠ ملك |
| حامد خان لوجاك | ٥٠ ملك |
| محمد خان مقچی | ٥٠ ملك |
| سلطان محمد | ٥٠ ملك |
| هاشم چوك محمد جان | ٥٠ ملك |
| سرتراج محمدخان حاجی | ٢٠ ملك |
| عزيز ئاخون | ٢٠ ملك |
| عثمان چوك | ٢٠ ملك |
| صديق دوجاك | ١٠ ملك |
| مجيد ئاخون | ١٠ ملك |
| قدرت ئاخون | ١٠ ملك |
| شهاوالدين ئاخون | ١٠ ملك |
| قادر ئاخون | ١٠ ملك |
| هاشم ئاخون | ٨ ملك |
| ساعت جان | ٥ ملك |

بولاردن محرم قاری ايلەن سرتراج محمد حاجی علاحيدە ادارەمزگە كيليب ياردملرينی تاپشوروب قايتديلەر بولارگە چوقور منتدارلغمزنی بلديرەمز •

اداره

## شنجاك ياشلرينك حال سوراش سيارە اوميگی مو شو ئاينك ئاخريدا يولغا چقماقچی

ياشلار اوميگينك صنايع نفيسە او ميگی ٦٥ كشيدن عبارت سيارە اوميگی اويوشتوروب اچكی چينغا سياحت قل ماقچی، بو اومەكنك توەنجاك (باشلقي غا) عيسی افندی، معاونلـقيغا محمد امين توختی، زولفگەنسی لككە عبدالخبر تموری معاونلقيغا محمدامين مصطفی گيلجە افنديلر زيلوبەنليكيگە فەن‌فولك افندی بلگولندی •

بولار حاضر جددی تيارلق قليوانيدو، موشو ئاينك ٢٥ گيچە ئايروپلان بلەن يولغا چقماقچی •

بولار اچكی چينغا باريب توركستان نك گوزەل صنعتينی كورسوتوب قايتقو سيدور. تورك اويغور صنعتينی كوروش كە ئارزو قلغان چينليلار بو اومەكنی استقبال قلشيغا اهيتەمز.

مخبر

## تورك اويغور اويوشماسی اوز يوليدا اشلەيدور

مرحوم خواجە نياز حاجی جنابله رينك استبدادقا قارشی كوتەرگەن انقلا بی نتيجەسيدە تورك اويغور خلقی „چەنتو“ ديگەن حقارتنی يوقوتوب اوز نا مينی ئاشيماققا باشلاغان ايدی مظلوم توركستانلقنك ئالديغا اوتوب ئالغان شوم شلكشی‌سەی بيوك تورك اولوسينك قانداشلغيغا: ديندشلغيغا و يورتداشلغي غا جهاننی تيترەتگەن شانلق‌تاريخيغاكوز يوموب قبيلە اعتباری بلەن اولاردی بر نەچچە „اولوس“ قليب كورسەتوشكە او روندی اصليدە بر-برينی ئاگلايسورغان بو اولوسنی بر-بريدن يراقلاشتورماققا كريشتی

ميلی نيمە بولساو بولسون، ملتمزاو چون مدنی ئاقارتيش اشلريك مهملي گيی بلگەن منورلريمز، كوروتوشدە ئاريايب اشلەن اساسی بر بولغان مدنی معارفنی ايلگيری سورروش او چون ئاقارتيش اويوشمالاريدەكوب كوچ چيقاريب اشلەدی بونك نتيجەسيدە هر يردە اوقول ( مكتب ) الەر اچيلب حلق نك ئاگينی كوتوروشدە بيوك اشلەرنی كوردی •

بوندن بر ەر ايككی يل اوتەر-اوت مەس ملتنك قان و تەرلەری بلەن بنا ايديلمش بولغان ئاقارتيش اويوشمالار شوم شلكشی‌سەينك بر پروپاغاندا چيسی اولاراق قالدی نەا ديگەنده شلك شی‌سەينی ماختاماق! اونی خلققە داهی گورسەتمەك! بونداق بر پروپاغاندا نی يورگەزمەككە مجبور بولونغان ئاقار ش اويوشمالەريمز اوز وظيفەسی بولغان مدنی ئاقارتيش اشلەرينی بر ياققا قا ريب قويدی بو سبب بلەن حلقنك اوز اويوشماسيدن واز كەچكە نامی‌گی هيچ ياديمزدن چيقماس •

خلقنك ملّی معارفينی يوقاری كو تەرمەك „خلقنی ئازادقلماقنی“ شعار... كوتورولگەن ٣ولايت انقلابی صاحب كە كەلگەندن كين خلقيمز مدنی ئاقار تش اويوشمالەردن زور اميدكوتكەن ايدی اما بو بر يل مابەينيدە كوتاپنی ئاچە قان بتون اشلەرنك اوز اويوشمامز طرفي دن قلنغانليقينی كوروب اوتدوك •

اوز وطنينی تانيماغان وە سويمەيدي غان موشتومزور خوتەكلەر اويوشمامزغا كريب ايلب ئاچوقدن ئاچوق تيروراق حركتيدە بولونديلەر •

ئوقوب يتشكەن اولوسغمينی يەگو چی چيداملق ملتچی ضيالی‌لريمزنی او دول كەلگەن يەردە حقارتلەش اويوش ماغا اليب كريب اسيب قويوب ئوروش قا اوخشاس وحشيانە حركتلار بلەن چت كە قاقديلر ملتنك حالينی اوگرەنمەی، انچوقچولوق و بولانكچيلق حركتيدی يورگوزديلار اويوشمامزنك بارلق نرسە لرينی قارافچيلەرچە بولاب ئاخری ..قو

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# یاشلریمزنی زمانغا موافق تربیه‌لایلی

دنیادا هر بر انساننىڭ خصوصا بز
مسلمانلارنىڭ عقلمزنىڭ قوتی کوزیمزنىڭ
نوری حسابلانغان فرزندیمز حقیده گر
دەنمزگه واجب بولغان وظیفه‌لرنىڭ بری
بالەلریمزنی کچك وقتیدن باشلاب
اولارنىڭ کیلەچەك استقبالینىڭ پارلاق
بولوشی وه تەنینىڭ دائما سلامت بولوشی
اوچون تربیه قلمش وه بلملك بولوشیغا
سببچی بولوشدور •

بونىڭ اوچون بالەلریمزنی برنجی
اوقوش یاشیغا یتیش بلەن مکتبغه
برش، ٢نچی مکتب تربیه‌سیگه قاراب تور
مای اویمزدیمو روحی طرفدن انسانیة
لك توغری اخلاقی تربیه نصیحتلارنی
قلب توروشمز لازم چونکی باش بالا
بیگتلك دوریگه قدر خیمرگه اوخشاشدور
تربیه نتیجه‌سیده ئادملك اسم، طرفدن
اوزگەرمیسه‌مولیکن یاخشی یمان اخلاقلق
اخلاقسز دیگەن صفتلەر بلەن اوزگوردور
بو ایش طبیعی مسئله‌دور

بعضی بر نادان ئانالریمزیاش بالالرنی
تربیه قلشنىڭ اورنیغا کچك وقتیدن
لاغزوب ئاتلایدو مثلا: یینکیدن تیلی
چققان فرزندیلرغه قبیح سوزلارنی اورگو
توب شیرین-بومشاق تایینی قوپال سەنلاوزا
فه ئایلاندورادور نتیجه‌ده کچك بالالاغنکه
یه‌تمه‌سیدنلا جنس علاقه حیاتی توغولوب
مرحل بوزوق للارغه کریب کیته‌دور •
علقمزده یانا شونداق عادت یاکی کچك
بالا اوقوش یاشیغا یه‌تکەنده مکتب
گه بەرمه‌سدن اوز اختیاریغا قویوب بره
دور • مکتبکه بەرسه‌مو برایکی یلدن
کیین بالاسینی مکتبدن چقرب الیب
مکتب تربیه سینی ضایع قلادور، وه
گوزەل اخلاقیغا دقت قلماسدن بیپروا
لق قلادور، منا بوعادتلەر اوز فرزندی
اوچون چولڭ بختسز لکدور، هر ای
یکی دینالقی اوچون زیاندور • بو تو
غرولوق ئانا- بابا اریمزنىڭ. ددسوت
بلەن کرگەن خوی، جان بلەن چقار "
اوقوغان" ایل اوزار، اوقومغان ایل تو
زار، دیگەن حکمتلك سوزلری بار بو
حقده توب حکایه لەر هم بار، مثلا:
اوتکەن زماندا بر خاتوننىڭ ٨-٩ یاشلەر
ده بر بالیسی ئالاغا چقب نامعلوم جایدن
بر قانچه قیتم توخوم وه باشقا اوششاق
نرسه‌لەرنی ایلب کیلب ئاپاسیغا برەدور،
ئاپاسی یالغوز بەرده وه برنچه خاتونلەر
ئالدیدا، بالام چولڭ "اویتو" دەب پشانه
سیگه اوپوب ئافرین لایدور، شونىڭ
بلەن مغرورلانوب بوبالا بیگیتلك
وقتیغه قدرشونداق اشلەر بلەن مشغول
لانب رسمی اوغری بولوب نچه‌قیتم
توتولوب جزالانیدو، اڭ ئاخرقی توتولو
شیدا شوزمان پادشاسینىڭ اولوم جزاسی
غا دوچار بولوب جزالینش ئالدیدا:
"ئاپامنىڭ تلینی برسوییوب ئالسام" دیگەن
تلەکنی قلیدور • نتیجه‌ده ئاپاسینىڭ تلینی
سوییوەن دەب چشلەب ئوزوب ئالیدور،
پادشا حیران بولوب سوال سورایدو،
بالا:، ئاپام کچك وقتمده مکتبکه برگەن
بولسا و نامعلوم جایدن الب کرگەن
نرسه‌لەرم اوچون ئافرین قلب پشانه‌مدن
سویمیگەن بولسا ایدی بونداق یمان اش
لەرگه عادت قلماس ایهم جانم البته امان
قالور ایدی " دەب یغلایدو •

قریندانشلەر! اوزون یللەردن بری
قانچه‌قیتیم قان توکوب قربان برب قلغان
انقلابلریمز مکتب، معارف اوچوندور،
اولادیمزنی زمانغا موافق لاشتوروب
حاضرقی زمان کادرلریدن قلشدور • حا
ضرقی کونده ملی رهبرلریمزنىڭ کیچه-
کوندوز اویلاییغان فکری- خیالی یانا
شودور • شونىڭ اوچون اوقوش یاشیغا
یه‌تکەن بالەلریمزنی مکتبغه برەیلی •
مکتب تربیه‌سی بلەن عائله تربیه‌سینی
اوخشاش ایلیپ بارایلی، شونىڭدەك هم
ساوادلق بیگتلریمز اوشبو فرصتنی
قولدن بەرمەی تەنکن وه توركیه‌غه بارب
20- عصربلیمیگه ایگه بولوش اوچون
ترشمز لازم • وه اورومچیده ئاچیلیدی
غان تل مکتبیگه کرب دنیانلیمنی اوگو
نوش اوچون ا تەچالشماقمز ضروردور •

ت • دالیمی

---

روق تاملری قالغانیدا خلق ئالدیدا جواب
کارلقلا ئارتیلشدن قورقوب کەینیگه قا
رامای قاچیب کتشدیلەر،

شهیدلاریمزنىڭ قان و اوستخوانلا
ری بلەن تیکلەنگەن ملی تشکیلاتیمز
نىڭ ارخلاب قالیشیغا چیدالمان یورت
داشلاریمز سایلام اوتکەزدی کوبچولو
نىڭ تصدیقی بلەن معتبر دینی و فنی
عالمیمز عبدالعزیز چنگزخان حاج داملا
رئسلکگه سیچیلیب اسماعیل طاهری،
و قادیر ئاخون افندیلر معاون رئسلک
که تعینله‌ندیلر •

ینکی اویوشما رئسلرینىڭ اش تاب
شوروب الیشی بلەن روزی عید بایرا
می یتیب کلگەنلکدن عید بایرامیغیچه
اصلاح قلیب بورونقی حالیغا کەلتورمک
کە لازم کەلگەه ابی • ترغیب ترشش
لمری ئارقاسیده اویوشمامز ینه گوللەب
کەندی، اولوغ عید کونلاری بتون مسلما
نلارنىڭ فائده‌سیگه مویەسسەر بولالی-
دی. کرسه‌ڭز کورەرسز!

اویوشما ئاملریغا دینی وه ملی شعار
لار یازیلغان قزیل خامه‌لەر بلەن بیزەلگەن
"یرفع الله الذین امنو منکم والذین او
تو العلم درجات" کبی انسانلرنی علم ئوگ-
رەنمه‌ککه دلالت قیلادورغان حدیثلەر •
ملی حسیاتقا ئادمگەرچیلك اخلاقیغا تشبث
قیلادورغان شعارلار .... منا بو
لارنی کیم یازدی؟ وه کیم یازماق استه
دی؟ فقط عالیمیمز عبدالعزیز چینگز
خان حاج داملادور •

قورولغاندن بری موندیاق دینی حدی
ثلەر یازلغان، ملتچیلکنی قووه‌تله‌یدورغان
شعارلارنی ئویوشما ئیز باغریغا ئالالی
غان ایمه‌سدور • ئالغان تقدیرده هم چین
گزخان کبی برتورکستان لقنىڭ وه یاکی
شونکدەك بر تورکستانچینىڭ تشبثی بلەن
بولماس •

فقط ئورمانلاردا باشقالارنىڭ اسکریپ
کاسیغا ئانسا اویناغان تورك - اویغور
صنایع نفیسه‌سی تورك خلقینىڭ تاریخی
و ملی صنعتینی ئارتوق جاری قیلب
برە ئالمادی • بوندن صونکره تورك
اویغور اویوشماسی گوزەل تورك صنـ-
عتینی کورسوتوشده بیوك برموقعینی
اشغال ایته‌چەکدور. حاضر اویوشمالریـ-
مزنىڭ کوز ئالدیدا بیوك وظیفه‌لەر تو
روبدور • بو وظیفه‌لەرنی یالغوز یه‌ك تو
روب ئشلەگەندیلا ادا قلب تەنکیلی بو
لادور. بونىڭ اوچون اونکەن دیگیدەك
گەپ ساتار بعضی رئسلەر بلەن ئەمەس
بلکی عبدالعزیزچنگزخانغا ئوخشاش حق
قی ملتچی فعال درضیالیلار طلب قلنیادور •

بز چوقوم ایشینه‌مزکی ئویوشمامنه
بو معارفچی ملی منوەرلریمزنىڭ رهبر
لیگنده بولسا ئاز وقت ایچیده بیوك
بر خدمتلر کورسه‌ته چەکدور •

ع • هاشمی

# ئالتى شەھر بويلاب

( يول خاطرەلرى )

انجى

## خەير سويوملوك اوروەچى

( ٢٢ انجى ئاوغوست )

مطبعى

( باشى اوتكەن سانلاردا )
ئانكغـــــيـــچە جاوتوەنـــجانــكنـــلك
فوگەنى اوق چاچارنى پارچىلاب اوقدانلنى
يوتكەدى وە تازيلادى · بيچارە ژاندارما
لار كوتەرگەن اوق چاچار اچىدىن بر
سقيمچە ئەخلەت چقىدى· ھەمەز كولوش
دك اما بو ژاندارمالارقزيرىمو قويمادى
اتلغان كييكنى ايلب ماشينامزنك
ئارقاسيغا ئاسدى، سيمز اما بوغاز كييك
ايكەن بالالق كييكنى ئاتب قويغانينى كوروب
كوب اچنشدوق· اوق چاچارتوزولوب
بر نەچچەپاى اتلغاندن كيين يوليمزنى
دوام قلدوردق بايان خودن چقبلا
يوليمز توقسون طرفكە قاراب بو
رالدى؛ اوز ئارامزدە بوندن بر ايكى
ھفتە بو تاغ ئاراسيدا بولغان اورو
شلار وە مرحوم قادر ئاخون ئاكامنك
بو يەردە اولتورو الگەنلگى حقيدە بر
بر يەزگە سوز لشوب بر خيل قورقو
نوچ بلەن قەيەردن ملتق اوازى كيلەر
ايكەن دەب ماراشيب اولتاردوق· بولا
بمو ئارامزديكى ياك افندى بلەن خانيمى
گوبراق قورقدى ھەر بر بيكى تاغ
ياكى بيكى سايغا كەلگەندە مو شو
يەردە ئانم اولگەنمودەب بر سوراب قو
يودو رەنگيگە قاراغيدەك بو لسام
بوزارغان؛ كوزلرينى بر خيل قورقو
نوچلوق قاراشلار اوراب ئالغار؛ حالدا
اولتو روب بو يەرنك قورقو نوچلوق
ايكەنلىگينى انگلازچە ئامريقا لقلارغا
سوزلەب بير يواتيدو·
پارچا سايغاندن چققچە ماشينديكى
ھەمە ئادەم بر خيل خطرنى كوتكەن
حالدا ئارتوقچە سوز لەشمەى جم اول
توروشدى پارچا سايغاندن چقب تاغ
نك ئەلك ئاخرقى اوچيغا توغرى كە
لگەن بردەنـگە يەتكيچە شو حالدا قورقو
نوچ ئاستيدا ماڭدوق. قادر ئاخونلار
اولتورولـگەن كونلەردە اوشبو يولدن
اوتكەنلەردن عبدالحميد مخدوم بز بلەن
بللە ايدى· او ئادەم قادر ئاخونلار نلك
ماتا شودەنـگە كربب ئالغان عصيانچيلار
طر فيدن او لتورولـگەنليكينى ئەيتب
بەردى؛ ھەممەمز ئادەم اولتارمايديغان
باكار تاملق؛ تاشلاندوق دەنـگە خوددى
بر سرليك قورقونوچ نرسيـگە قاراغاندەك
اوزونغيچە قاراشدوق تانوخسونغا كەلگىب
چە فكرمزنى شو قور قونوچ اشلار او
راب ئالدى؛ كەچ ساعت ٩ دا توخسوغا
تنغ ئامان يتب كەلدوك بو ياقدا
برمونچە واقعەلەرتو غولوب مشھور خلق
نك ئاغزيغا چيقب قالغاندن توخسوننى
يراقدن قاراب كەلدوك ھەممەمزنك كوز
رى ( قزارغان. قانى سر يغان عسكرلرنى
ئزدبـگەن ئقدى، اما حقيقتدە برنچچە
قوغونلوق يندا اولتارغان عاددى ديھقان
وە شەھر قاپغاسيدا تورغان ع دەديكى
دەك ئەبـگا ايكى عسكردن باشقا ھيچ
نرسە كورميدوق·
توقسوندا حاكم ادارەسيگە توشدوك
يوركوزيمزنى يويوب بولغيچە بر اوروە
چيلك لەغمەن لەپونچى تونگانلاريەدەك
چوين قوروغوچ تونوب، خوددى لەپوز
چيلاردەك· تونگان كونكلەگى كيگەن بر
تونگاننى قوشەنجاك دەب تونوشتوردى
بوكيمز گەگزيلەردە مھمان كوتكوچى توز
گانلاردەك يوگوروب يوروب؛ بزگە بو
يونوش اوچون سوبەردى· تاربوزنلدى·
برئاز اوتكەندن كيين توخسون حا
كيمى كەلدى· بوبر توربان توخسونلار
دا كوب اوچرايديغان تزى بلەن تەلك
چوچونچە پەشمەت كييب؛ قوليغاماسا توت
قان چارساقال مولايم يوزلك ئاخونوم
ايكەن كوروشدوك اوبەر بويەردن سوز
لوشوب توقسونديكى ئاغينيـلار دن
حمدوالله افنديني سوريدوق دەر حال
ئادەم ئەوەتب قچقارتب كەلدى، او كەلگيچە
حاكم بلەن يورت احوالى وە خصوصى
توروموشلرى حقيدە مونكداشدوق صحبة
مز نتيجەسيدە بو ئادەم ئاتامنك بولابو
ئاكام جمال اوستانك ياقين دوستى بولوب
چقدى·
يمەكدن كيين توقسون شەھرينى ئا
ليناىيلى دەب حميد مخدوم بلەن چقب
تورت كوچاسيغا كەلدم· بختەگە قارشى توة
سوننك تورت طرفيديكى سقيل وە دەر
وازيلرى شويەردىلا خوددى اوروەچيدى
كى سابق دوبەن محكمەسى ئالديديكى
ميدان اوتتورسيدا توروب تورت طرفيدى
كى تاملـرينى كورگەندەك كـورونوب
قالدى· مەن توخسوننك موندداق كچيك
لكيگە عجبلنيب حميد مخدومدن "توخ
سوننك بار ويوقى موشومو؟ "دەب سو
راشقا مجبور بولدوم مخدوم "شو ديگەن
جوابنى بردى· اوبدان دققت قلوب قارا
سام توخسوننك حاكيم ادارەسى ساقچى
ادارەسى خەنسو اويغور اوبوشمالرى
ديگەندەك نامى چوڭ ادارەلرىمو بر بر
سيگە ئارانام ديگەندەك ياقين ايكەن شەھر
كوريمەن ديگەن اويومدن قايتيب حاكيم
ادارەسيگە قايتدم حاكيم ادارەسينك اويلرى
دەريزەلريگە ئەينەك اورنيغا كاغذ چاپلب
غان بولسيمو خيلى تەرتيب بلەن سالن
غان ھويلوسيغا درخت تكيب ايكى كچيك
كولچەك ياساب قويغان ئارقاسيدا اونچە
زور بولماسيمو توقسونغا توشلوق بر
ئچك باغچەسى ھەم بارايكەن·
( دوامى بار )

## ئورومچى شەھرلك مسلمان سوداگرلر جمعيتيدن مھيم ئوختوروش

ادارەمز طرفيدن سوداگر كاسبلار
مزنك قوليغا قەيچو الش توغرولوق
ايكى نسخەدن ئانكيت بريلـگەن ئيدى.
مزكور ئانكيتدن تابشوروب بەرگوچيى
لەر نهايت ئاز كوروالمەكدە·
ئانكيت تابشورولغاندن كين شەھر
نى حكومت طرفيدن گواھنامە بريلە
دور اگر وقتيدە تابشورو الماغاندا حكو
مت طرفيدن تجارتينى چەكلەب قويوش
احتمالى بار·
شوننك اوچون اوشبو اعلان برا
برندە تزلك بلەن ئانكيتنى تابشوروب
بريب گواھنامە الشنكزلەر سورلا
داور. اگر حكومت تجارتينى چەكلەب
قويسا جمعيت مسئول ئەمەس·
مسلمان سوداگرلەر جمعيتى

ئادرس: اورومچى ئەنكوەن
يرلـخە بيغاك نومرو ١٨
ئالتاى دشريات ادارەسى

١٩٤٧ يل ١٢ نجى سنتەبر

تلده، ئشده، فكرده برلك!

جمعه ٧٩ نجى سان

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

مديرى: عيسى الپ تكين
باش محرر: م. ا. بوغرا

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز توركستاندور

بهاسى: دانەسى ١٠٠ ئايليقى ١٢٠٠ دوللار
هجرى ١٣٦٦ شوال ٢٦

ئالتاى نشرياتى طرفندن هفتەدە اوچ چقادورغان سياسى، اقتصادى، اجتماعى، علمى، فكرى و ادبى غزيتەدور

## مكتب درسلكلرى حقيده

حاضرقى كونده مكتب - معارف اشلريمزده درسلك قوللانمالارنك احتياجى كوب كورولمەكدەدور چونكى يورتومزدا بوگونگه قدر باشلانغوچ خواه اورتا مكتبلار اوچون بولسون توزوك بر درسلك قوللانمالار توزولوب تارالغانى يوق، بونك سببى ايسه يورتومزدا اوزوندن برى تورلوك اوزگوروشلر بولوش بلەن برگه معارف اشلريمزدا هم خلمو - خل اوزگوروشلر بولدى ٠ بو حال معارف اشلريمزنك ترقى قلیشیغا كوب مانع بولوب كەلدى ٠ چونكى معارفنى ترقى قلدوروش اوچون سياستنك برخل يورگوزولوشى و شرائطنك تنچ بولوشى كرەكدور ٠ مثلا: اون نچه يل مابينيدا يورتومزدا يورگوزولوواتقان سياستنك برخل تورماسلیقى بلەن مكتبلارنك درس پروغراممالرى بر نچه قتم اوزگەردى ٠ شنگشى سەى دورينك اواقى ٥ - ٦ يللاريده برخل درسلكلر اوقوتولغان بولسا كيينكى يللارده درسلك قوللانمالار اوزگوروشكه باشلادى ٠ او جوشين دوريغه كلگەنده بتونلەى اوزگردى ٠ بو وقت جريانيدا بز معارف اشلريمزده ئاز - تولا اوتوق قازانغانمو بولدوق و بر قدر كادرلارنى يتشدورگەنمو بولدوق لاكين اوقوش اشلريمز اوز ايركمزچه بولمغانلقدن يورتومزغا اويغون كلەدورغان درسلكلارنى حاضرلايالميدوق. مكتب لاريمزده سياسى پروپاغاندالر اوقوتولوب كرەكلك علملەر ئاز اوقوتولوشقا باشلاغان ايدى اوندن تاشقرى اوقوتولغان درسلكلارنك تولاسى چەت دولتده توزلگەن بولوب اولارنك تاثيرى بلەن اوقوغوچى معلم لاريمزنك مفكورەسى يورت ملتدن براقدا قالدى، چونكى مكتب درسلكلرى هردولتده اوزنك توتقان مسلكى وه سياستىگە اويغون حالدا توزولەدور ٠ ئانداق بولغاندن كيين بر دولتده توزولگەن درسلكنك يانا بر دولتده اوقوتولوشى فايدالق يرى بولسامو موافق كەلمەيديغان يرى هم بار، چونكى تاثيرى يوقماى قالمايدو، بزده بو احوال اون نچه يلدن برى كورولوب كەلدى بوقاريدا ايتقانمز دەك مكتب لاردەكى اوقوش اشلريمز سياسى پروپاغاندالاردن قوتولماى معارف اشلريمزگه كوب توسقون بولدى ٠

بو حقده غزيتەمزنك ٣٣نجى سانيدا مفصل سوزلەب اوتكەن ايدوك اوتكەن اشلرنمه بولسا بولسون اونى قويوب توراىلى امدى بوگونكى يورتومزنك يڭكى تاريخيدا بار كوچيمز بلەن معارف اشلريمزنى ترقى قلدوروش اوچون جدى توتوش قلار ايكەنمز البته مكتب لارنك درسلككه بولغان احتياجىنى قامداش لازم كلەدور ٠ حاضر هربر مكتبلار اوقوتولادورغان درسلك لارنك ئاز بولغانلقدن كوب قينچيلق تارتيواتقانلقينى حس قلماقدامز چونكى اوتكەنكى اوقوتولغان درسلك لارنك حاضر توغرى كەلمەيديغان لارى هم بار اوندن تاشقرى تيخى بوگونگه قدر يورتومزدا ئوز طرفيمزدن تاريخ وه جغرافيه درسلكلرى توزولوب اورتاغا چقمادى، بو هم زور احتياج دور بزنك اول يورتومزنك حقيقى تاريخى وه جغرافيەسينى اوگەنمه كمزلازمدور اوندن قالسا بوتون دنيانك تاريخى وه جغرافيەسينى بلمەكيمزلازم ٠ مكتب بولسا يورت ملتنك روحى بولوب حيات وه استقبالنى بەلگولەيديغان اورونادور، انك اوچون بوندن كيينكى اوقوتوليديغان درسلكلار ملى روحدا بولوشى لازمدور ٠

ملتيمز اوزينك بالالەريدن حقيقى ملى روحينى ايگەلەب چيقشينى اميد قيلادور بو ايسه يالغوز ملتيمزنك امەس بەلكى بو 20 - عصرده ياشاماقدا بولغان هر قانداق بر ملتنك برتيلەكيدور شونك اوچون بوندن كيينكى ملى مكتبلرنك درسلك قوللانمالرينى توزوگەندە بونكغا تولوق اعتبار قلماق لازم دورولەدور ٠

---

## اولكەمزده مطبعەچيلك اشلرى ترقى قلغوسيدور

اوزوندن برى اولكەمزده مطبعه ئالتلارى نهايتى كەم بولوب بعضى بر نشريات اورونلرينك كوب قينچيلقلرنى تارتب كيليواتقانلقى هەمەزگە معلوم ٠ بوخل قينچيلقلرنى حل قيلماق اوچون موندن ٢ - ٤ ئاى بورون "ئالتاى نشرياتى" دن عبدالله نعمانى و مدنيت كتابخانه مديرى عبدالله باسطى لارشانگخەيگە مطبعه ئالتلرى اليب كليش اوچون كتكەن ايدى ٠ اولار اوشبو ئاينك ٧نجى كونى سلامت قايتيب كەلديلەر ٠ بولارنك سوزيگه قاراغاندا مدنيت كتابخانه، خلق نشرياتى، و خانتگرى نشرياتى بولوب بر نچه اداره اوچون باسما ماشيناسى و حرف قلپلرى قتارلق مطبعه اسبابلارى ساتب ئالغانمش بولار حاضر لانجوغا توشوبدور، ياقندا شهريمزگه يتب كلگوسيدور. اولار يتب كەلگەندن كيين اولكەمزده مطبعەچيلك اشلار باشقادن رواجلانغوسيدور ٠

( مخبر )

### همت الك ماشاڭفو افنديگە تشكوربيان قلامز

توتگان قرنداشلريمزدن ماشاڭفو افندي ئوز اختياري بلەن نشرياتيمزغا ١.٠٠٠.٠٠٠ توركستان
دوللارى اعانه قلدى· نشرياتيمز ماشاڭفو افنديڭ بو خالصانه اعانه سيگه نه قدر تشكور بلدورسه
مو يەنە ئەرزيمەيدور· توتگان قرداشلريمزدن بولغان بو زاتنڭ ملى نشرياتيمزغا ياقندن ياردم قليشى
ادارەمزنڭ ئوتموشده ملتكه كورسەتكەن خدمتيني تقدير قيلاراق· غايەسينڭ توغريليغيني يەنە
بر دفعه كورسوتوب بەەدور·

# مال بازاريديكى چاپانچى قرداشلريمز اوز ياردەملريني تاپشورديلار

ياقندن برى نشرياتيمزگه ياردم قلغو
چيلارنڭ سانى كوپەيب اوز ياردەملريني
تاپشورا باشلامش ايدى چاپانچيلار دن
هەم قابل ئاخون ئاكام باشلىق ٢٠ نفر كشى
اوز ياردەملريني ادارەمزگە تاپشورديلار·
ياردم برگوچيلار توبنديكيچه:

| | |
|---|---|
| قابل ئاخون ئاكام | ٢٠ مڭ دوللار |
| يعقوب ئاخون | ١٠ مڭ |
| ابراهم ئاخون | ٦ مڭ |
| محمد خان | ٥ مڭ |
| ياسين ئاخون | ٥ مڭ |
| عبدالله قاريم | ٥ مڭ |
| عبدالقادر ئاخون | ٥ مڭ |
| عشور ئاخون | ٥ مڭ |
| امين ئاخون اوستام | ٥ مڭ |

قالغانلەر تورتمڭ دوللاردن مڭ دوللارغيچه بولوب جمعى يوزمڭ دوللارە بولارنڭ قلغان ياردەملريگه مشققللا ايتيمز·

يەنە سراج الدين ئاخون ئاكام اعانه اوچون ١٠٠٠٠ دوللار يازدورغان بولسامو ادارەمز اوچون همميتى يەنە برقيتم ئارتب 20000 توركستان دوللاريني ادارەمزگە الب كلب بردى سراج الدين ئاخون ئاكامغامو كوب ماشققللا بوللايمز·

ادارە

# خارجى خبرلر

## توركيەدە حكومت اوزگردى

انقره 10 — سنتەبر

توركيه حكومت باش وزيرى رجب
پكر پوتون وزيرلر بيلان استعفاقيلدى
اورنيغه رئيس جمهور عصمت اينونو خار
جيه وزارى حسن ساقا بيگيدن
حكومت تشكيل قيليشيغه بويروق بر
دى، يېڭى حكومت تشكيل بولوب باش
وزير حسن ساقا' خارجيه وزيرى نجم الدين
ساداق' داخليه وزيرى مصطفى عبدالخا
لق رندا تجارت وزيرى محمود نديم
عدليه وزيرى شناسى، اقتصاد وزيرى
بهجت اوز' زراعت وزيرى تحسين
جوشقان' ارزاق وزيرى قاسيم' دولت
وزيرى رشاد شمس الدين

( قالغانلريني راديودا ئاڭلانمدى )

## هندستان و پاكستاندا

يڭى دهلى 10 — سينتەبر )

دارالفنون جامعه مليه و خەستە
خانەلر پناه سوراغوچى مسلمانلرگه او
رون برمكدەدور. كراچىدن هندولرنى
كوچوروش اوچون هندستاننڭ كيمەلرى
كراچيغه باردى. گاندى جامعه مليەگه
باريب مدير دوقتور ذاكر حسينگه
اوير دەكى برنچه مسلمان خاتونلرگه
تسلى بريب قورمانكز ديدى دهليده
گى سيكلەر پنجاب و دهليدەكى سيكلر
نى سوقوشدن قول يغيشغه دعوت قل
دى يڭكى واسكى دهليده ئاز پاز تنچيس
لق بولدى بوگون خستە خانەلرگە كر
گان يرادارلر ١١٠ كشى بولوب ١٠ كشى
خستە خانەدە اولدى· امرتسردە توناگوند
دن برى تنچلق بلەن اوتدى امرتسر
دن مسلمانلرنى باشقه يرلرگه و باشقه
يرلردن سيكلرنى امرتسرگه يويېزلردە
توشوب تورماقدا· كراچيدا هندو وە -
مسلمان ئاراسيدا سوقوش بولوب ٢٠
كشى يرالاندى و ايكى كشى قامالدى·

# ئالتى شهر بويلاب

( يول خاطرەلرى )

٢ نچى

## ئاغر بولاق تاغلرى ئاراسيدا

( ٢١ نچى ئاوغوست )

**مطبعى**

( بالدى اوتكەن سانلاردا )

ايكى نورسون ئاخون قاچانى كوتوروب
كريب كەتدى بر وقتدا قوروق قاچا قاز
ئب چقدى „نمه بولدى" ديشمزگه بو
يەردە اويغورلار ياشايدو دەب ميني ئالداب
قويوپسيلەر اويلەرنڭ هەمسيگە كريب
چقدم' ايشەك تيزەگيدن باشقا هيچ نرسه
تاپالميدم حتى هويلا يانيديكى بولاق
ناماق سوكولاچه گيمو ئات تيزەگى بلەن
لق تولوپتو، تيزدك بلەن سوقوشولوب
اوماچ بولوب قاپتو ديگەن جوابنى بەردى،
تاغ ئاراسيدا سوني اچيب توگەنكەر
بولغا شقا سو بار يەرگە بارب توختايلى
دەب يەنە يولغا روان بولدوق بودەندن
كيينكى بوروشيمز ئاغر بولاقنڭ ئەڭ ايگز
ييريدن اوتوب توبەنگه قاراب كەتكەن
يول بلەن بولغاشقا ماشينامز' هەم
ايتتك هەم اوت ئاقماسدن يوروب بەردى
عرابەدە تولوق ايكى كون مانكيديغان
اوزون يولنى ماشينا هيچ بر بنزين
اشلەتمەي ايكى ساعتدە يوروب بولدى
ساعت بردن ٢٥ مينوت اوتكەندە كوموشكه
يتب كەلدوك· ماشينادن توشوب ئەمدى چاپار
توپالرينى قاقيب تورساق توسەن گونكه
سيدە خدمتچى قاسيم جان ناماق بر
تونوشيمز سلام قلب كەلدى عجبا بو
تاغ ئاراسيدا نمه قلب يوريسز ديسەك
قاراشهردن نەلترە الب عرابەگه كرا قلب
مانكغورغان بوگون اوزوم ماشينا بلەن
بو يەرگه كەلسەم لەنجاڭ عرابەلەرنى
ايليديكى مدحت ديگەن كشينڭ مالى
ايكەن دەب توساب قويدى ديدى· مندن
لەنجانكغا بر التماس قلب بيرشنى اوتون
دى لەنجانكمو شو يەرديلا
دوكان ئالديدا اولتارغان عادتيكى توبەن
درجەلك ختاى ظابطلريدن ايگەن
باريب نمه اوچون توسالغانلقيني سوري
سام يوقورنڭ يول تنچسز يولوچيلار
توقتاب تورسون ديگەن امريگه بنائەن
توساب قويدوم يول تنچسزلقى توگيگەن
ده قويوب بيريمەن ديدى بو سوز ماڭا
عجب تويولدى چونكى بوندن بر
ساعت الگريلا يولدا كيتيواتقان سەككز
چوڭ عرابەنى كورگەن ايدم·
اچيمدە سيننڭ مقصدڭ يولارنى تنچسز
لقدين سافلاش ئەمەس، ئەودلقى عرابه
لەر بر ئاز كيكرديكنى ياغلاپ قويغاشقا
قويوب بەرگەنسەن قاسيم جان بەلكى يونى

## ترومان برازيليەدن قايتىپ كەلدى

(٦- سىنتەبر لونيتىدبرىس تيلىگرامى)

ئامريقا رەئيس جمهورى ترومان ياقندا برازيليەنىڭ دوران بايرامى كونيگە مبارەكلەب بارغان ايدى. ئوندا ٦ كون مهمان بولوب توروپ، حكومت باشلقلرى وە مهيم ئادملەر بلەن كوروشدى. بو بايرام برازيليەنىڭ پورتوغاليەنىڭ حاكمىتى ئاستيدىن قوتولغانيغا ١٨٢ يل توشقان خاطرەكونلەر شوكونى برازيليەنىڭ پاي تختىدە ٣ مليون ئادم نمايش ياسيدى. حربى كورەك اوتكوزولدى. بايرامنى توگوتوب ترومان بوگون واشينگتونغا قايتىپ كەتدى.

## ئامريقا برلەشمە دەولتلەرگە ياريولەك بوليديغانليقىنى بلدوردى

(٦- سىنتەبر مركزى ئاژانس تيلىگرامى)

ئامريقا رەئيس جمهورى ترومان: « ئامريقا برلەشمە دەولتلەرگە ياردەم قيلب دونيا تنچليقىنى ساقلاشقا قطعى قرار بەردى. برلەشمە دولتلەرنىڭ اوچريغان قيينچليقى ئامريقانىڭ روحينى توشورگەن يوق. ئامريقا برلەشمە دولتلەرگە ماددى بايلق طرفدن هەم ياردەم قلادور. بز هر قانداق بر قيينچلققا چيداب بولماسون اوتوق قازانامز» دەب ئەيتقان.

## توركيە عراق توختامى امضالاندى

(١٧- سينتەبر انقرە تيلىگرامى) ١٩٤٧ يل ٣- ئايدا توركيە بلەن عراق اوتتور سيدا توزولگەن توختامنى توركيە پارلامينتى تصديقلاب اوتدى. بو توختام توركيە بلەن عراقنى بربرسيگە نهايتى يقن باغليغوسى كا مونست فرقەسينىڭ حربكتى حقيدە بولغان خبرلارنى بر بريگە يەتكوزوشوب بەرەكچى.

## فلسطين مسئلەسى

(انقرە ١٠- سىنتابر) برلشكەن ملتلر مجلسيدە الك قين مسئلە فلسطين مسئلە بولغوسيدور. چونكه تكشوزوش هيئتينىڭ چقارغان « فلسطين » نى ايكيگە ئايريش پلانيغە عربلار سونكقى تامچە قانلرى توكولگوچە قارشى توروشنى اعلان قيلدى. فلسطين انقلاب رهبرى مفتى امين حسينى « اگر تكشوروش هيئتينىڭ پلانينى عملگە ئاشورماقچى بولسە جزما سوقوش چقادور. بو سوقوشقە ٧٠ ميليون عرب اشتراك ايتادور، و ٤٠٠ ميليون مسلمان طرفدارليق قيلادور » دەب بياننامە چقاردى.

## قسقا خبرلەر

انقرە: انقرە بغداد اراسيدەكى هوا قاتناشيشى ٥ ساعتدن ٤ ساعتگە كلتوروش اوچون يېڭى سيستم اوچقوچلر قوللانيش مذاكرەسى باشلاندى.

٩- سينتەبر تينجيلق مجليسى دە مصر انگليس دعواسى مذاكرە بولماقچيدور، انگليس عسكرلرينىڭ مصردن پوتونلى چيقيب كتيشى بو مجلسدە قرار بولوب سودان مسئلەسى بيرلەشكان ملتلر مجلسيگە قالدورولادورغاندك. يونان حكومتى پارتيزانلار بير ئايغەچە حكومتگە تسليم بولسە عمومى عفو قيليش اگر تسليم بولمسە اولرگە قارشى بوتون خلقنى سفر بر قيليشنى اعلان قيلدى.

ياقين شرق: مصر خارجيە وزارتى مصر حكومتى مسئول بولوب ليبيا مسئلەسىنى كلەچك عرب بيرليك قورولتايىدا مذاكرەگە قويوش و قورولتاينىڭ قراريدن اوتسە تينجيلق مجليسيگە قويوش"غە قرار بردى.

انقرە: انگليز، امريكا و فرانسە وكيللرى بوگون برلينده توپلانيب گيرمانيانىڭ... دور منطقەسىنىڭ كومور محصولاتينى ئارتتوروش مذاكرەسيگە باشلادى.

---

قلميغاندو، ئەگەر قلسا بونى هەم قويوب بەرگەن بولارايدك دەب اويلودوم لەنجانگغا حاضر قويوب بيرش ممكن بولماسمو دېگەن ايدم بزنىڭ ماشينادن برئاز چوچو ديمو نمە؟ ساعت ٤ دە يوقوريدن سورابلا قويوب بيرەى ديدى.

٥-٦ ساعت سو سز چولدە ئاشلقلاردا يوروب كەلگەن هەرالوم بو ئارادا كوموشدە سنكر تاغنىڭ اووقاريدك يالتراق بر نەرسە ئارالاشيب چقيوانقان سوپ سوزوك بولاق سوبيدە اوزاويتى بو يەقدا ايدى مەنمو يويوندوم كوموشنىڭ بار يوق ايكى ئاشپوزولغا بو لونوب كريب توزلوق چاى تەمسزلەنمەرزەمەردك ئاچچىق لازاسى بلەن قورساق توقلدوق نەرخاتون ياك افندىلار قوى گوشى بيلمامز دەب چوشقا گوشى ازدەب كوردى اوخوما ازدەب كوردى گوروچ ازدەب كوردى اما هيچ برسى تابلميغاندن كيين (از ايگەن لەنجەندن ياغ سالسا قوى گوشى برار) قليدو دەب قايناق سوغا پوشورغوزغان بيسەى كبلەن بر ايكى ئال يېگەن بولدى.

ماشينا چارقينى توزەب بولغانچە بولاق بويىدىكى توغراق كولەنگەسيدە استراحت قلدوق ياك افندى بردەم فلسفە ساتدى، بو كوموشدىكى ئادملەرتورموشى معناسز ايكەن حيوانلاريەب چيچشدن باشقينى بلميگەندەك بولارمو يەب چچب كون اوتكوزوشنيلا بليدىكەن دەب بو يەرنىڭ خلقيغە اچندى اما مەن كونكلومدە شو خيل چول اوتتورسيدىكى كچك بولاق اطرافينى شونچەلق بازارغا ايتزلققا ئايلاندورغان كوموش خلقىنىڭ محنتكە چداملقيغا قايل بولوب استراحت قلدى.

كوموشدن چيقيب ينە توپەگە قاراب ماڭدوق ئا قارا قزيل تاغلەريغا كرگيچە سوزولغان بو ٢ ساعتلك يولنىڭ توپاسى هەممەزنى سفرگە چيققانغا توبدوردى خصوصا بز ئارقىدا راق اولتارغانلارنىڭ قارا ييملەريمزمو سريق ئاق، كوينەكلەريمز موسريق اوزيمزمو سريق برحالغا كيلب قالدى كوب قيينلق بلەن قارا قزيل تاغلەريغا ييتيب كرسەك ماشينانىڭ بر چارقى يەل قويوب بەردى اونى توزەب بولغونچە توپالارنى قاقيشيب بر ئازملق ئانيش قوغون ييش بلەن وقت كيچردوك ئاخشام ساعت ٥ لەردە ماشينا يوتوب اسمى جسميگە لايق بولغان قارا قزيل جيگەرەك تاغ تاشلەريغا قاراب حيلى اوزون ماڭدوق بو قارا قزيل تاغلەرينىڭ ئاغزى طرفيدە عجيبلەرلك بر نەرسە چوينىڭ كوبلوگى بولدى چوين ئادەم بار، ياكى حيوان، سو، اوت چوب بار يەرلەردە بولسا مەيلىدى بو يەردە فقط قزيل ئاق بوز رەنكلك تاشدن باشقا بر نەرسە يوق برچولدە چويننىڭ توپلونوب - توپلونوب يوريشى هەممەزنى حيران قالدوردى.

(داوامى بار)

اورومچى يېڭكى نور ايلېكتر استانسا شيركەتيدىن

# مهيم بلدوروش

ايلكتر استانسا شيركەتى توك قليشى ئاشور ماغالى 7 ئاى بولدى ، مذكور مدت اچىدە بازاردە گى مال بهالارى خصوصەن استانساميزغا كيرەك بولغان كومر ، ماى ، تيمر ، هەم خدمت حقلارى نهايتى ئارتق درجەدە ئاشوب كيتدى ، اونڭ اوستيگە ماشينالريمزنى كوب راسخود چقاروب ريمونت قلب تورماقدامز ، شونڭ اوچون شيركەتمز كوب زيانغا اوچراب قالدى ، شول زيانلارنى تولەش وە كيلەچەكدە بو خل زيانلاردن ساقلانش ئوچون 9نچى ئاينڭ برندن باشلاب لامپانڭ بر واتينى 600 دوللار ، اشتشوتچكنڭ بر كيلواتينى 3600 دوللار قلب ئارتدروشقا مجبور بولدوق .

توك پولينى ئاشورغانمزدا توك بلەن فائيدەلانوچيلارغا يڭگيل ايمەسلگينى اوزيمز هم ياخشى بلەمز . بز هم توك پولينى ئاشورماس ايدوك ، هرقايسيمزغا معلوم بازار بهالريننڭ كوندن كونگە ئاشوب باريشينى اعتبارغا ئالوب البتە مشتريلرمز رەنجمەسلر وە ئاغير كورمەسلر ديب اميد قلامز .

شونڭ اوچون مشتريلرمزدن يائادن توختاتقان بهالارمز بويىنچە توك راسخود پوللارينى اوز وقتيدە توەب توك بلەن فائيدەلانيشلرينى سورايمز .

شيركەتمزنڭ 2نچى نوبەتلك اچلغان اجرائى هەيئتلر مجلسينڭ توختاتقان توختامى بويىنچە بو يل 9نچى ئاينڭ برندن باشلاب ئالادورغان توك راسخودينڭ جدوەلى توبەندەكيچە

| هر ئايدا لامپا باشيغا ئالنادورغان راسخود | |
|---|---|
| واتى | سومماسى |
| 25 واتلق | 15.000 دوللار |
| 40 واتلق | 24.000 دوللار |
| 50 واتلق | 30.000 دوللار |
| 60 واتلق | 36.000 دوللار |
| 75 واتلق | 45.000 دوللار |
| 100 واتلق | 60.000 دوللار |
| 200 واتلق | 120.000 دوللار |

| هر ئايدا اشتشوتچكگە ئالنادورغان راسخود | |
|---|---|
| كيلواتى | سومماسى |
| هر بر كيلوات حقى | 3600 دوللار |

| هر تورلى خدمت حقى | |
|---|---|
| يېڭيدن سرتقى سم تارتش ئوچون خدمت حقى | 10.000 دوللار |
| يېڭيدن اشتشوتچك اورناتش ئوچون خدمت حقى | 10.000 دوللار |
| يېڭيدن لامپا اورناتش خدمت حقى | 10.000 دوللار |
| وديكلوچاتيل اورناتش ئوچون | 5.000 دوللار |
| اشتيپسيل اورناتش ئوچون | 5.000 دوللار |
| لامپا يوتكەش ئوچون لامپا باشيغا | 5.000 دوللار |
| سرتقى سمنى يوتكەش | 5.000 دوللار |
| اشتشوتچكنى يوتكەش | 5.000 دوللار |
| لامپا توزەش | 4.000 دوللار |

## ۱ - نوبەتلك اجرائى هيئتلەر مجلسينڭ توختاميغا قوشومچە

1 - ئشچوتچك و لامپا بلەن فائدەلانغوچيلارنڭ ئويلرى ياكى ادارەلرى دائما تافاق بولوب شركەتيمزگە اگاە قلماى برياققا كەتكەن بولسا ، توك سيملارى كيسيلوب توكدن محروم قلنسا .

2 - ماشينالريمزنڭ توك چقارش قوتى يتمەيدورغان بولسا ، شركەتيمزنڭ باشقارشى بلەن خصوصى ئشيلەرگە هم ادارەلەرگە توك بريشنى توختاتيلادور ، بونڭغا هيچ كيمنڭ نارازيلق بلدورش حقى يوق .

3 - ماشينالاريمزنڭ قوتى يتوب توك بيرادورغان بولساق ، اول حكومت ادارەلارينى توك بلەن تامين قليب ، ئاندن قالسا استانزيگە قاراب توك پوللارينى ئوز وقتيدە تولەب تورغان مشتريلەريمزنى تامين قلامز . يوقاريقيلاردن قالسا يڭى توك ئالغوچيلار توك حقى ئوچون هر بر لامپا باشيغا 10.000 دوللار تولەيدو . بوڭا خدمت حققى ، ماتريئال حققى كرمەيدور .

بر سەبب بلەن اول توكدن محروم بولغان مشتريلەر يڭيدن بولسا ، توك حققى پوليدن باشقارى بوروق تولەمەگەن پوللارينى جريمانەسى بلەن تمام تولەيدو .

4 - توك پولينى تابشورغوچيلار هم ئشى باشقاروش ئوچون كيلەدورغان كشيلەرگە هر كونى ايرتە بلەن ساعت 3 دن كچ ساعت 4 كە قادار ادارەمز ئاچوق بولادور . اما ، كورسەتمە وقتيدن تاشقارقى وقتلەردە ئشتانسەمزگە كرشكە ، خصوصا ماشينابولوميگە كرشكە باش مديرنڭ رخصتى بولوش لازم .

5 - ادارەلر و خصوصى كشيلەر ، لامپا قويوب برش توك سوراش ، قل تابشوروش ئشلريدا خذمەتچيلەرگە خصوصا مديرلرگە تۇتبسزلك قلماسلقينى سورايمز .

6 - 5 ئامپرلق 10 ئامپرلق ئشچوتچكلارغا 10 توچكا لامپادن كەم ئالنسا ، ئشچوتچك ئورنا تلمايدو . 10 توچكا لامپا بش يوز واتدن كەم بولماساق شرط ، 10 بر ئشچوتچك بر ئايدا بش كيلو واتدن كەم ئشلەسە ئو وقت توچكا بويىنچە يگرمە بشى واتدن حساب قلنوب توك پولى ئالنادور .

7 ئشچوتچكلارنڭ پلومبالرينى هيكم ئوز اختيارلرى بلەن ئوزوب ، ئشچوتچكنى ئاچشقا رخصت يوق .

اگر اوشبو ترتيبنى بوزغوچيلار بولسە الك مك دوللار جريمانە قويلادور .

8 توكنى اقتصاد قلش ئوچون ئايدينىدا كوچا لامپالريغا توك بريلمەيدو .

باش مدير : حسام الدين .

## ادارەدن بلدوروش

غزتەمزگە ئبوەتيلەدورغان مقالە خبر و ملى تورموشيمزدن النب يازلغان قسقا - قسقا حكايەلەر ، شعرلار ، اخلاقى و تربيەوى يازيلار ممنونيت بلەن قبول قلنادور . خلقنڭ ملى ئانكينى كوتوروش ئوچون يازلغان هر قانداق يازيلارغا ، عزيز يورتيمزنڭ هر ساحەدكى يڭيلقلاريدن خبر برەدورغان هر تورلوك خبرلەرگە غزتەمزنڭ بەتلەرى ئاچوقدور .

ادارەمزدە « يوسف خاص حاجب كتبخانەسى » ئاچلدى .

كتابلريمزنڭ ئچيدە توركتيليدا باسلغان مجموع و هر تورلوك فائيدەلك كتابلار بار . بلم اشتالرنڭ ئەتيگەن ساعت ۱۰ دن 3 كە قەدر كيلب ئوقوشلارينى سورايمز .

كتب خانەمزنى تولوق ترتبكە سالب ئالغانغاقدر بلم ئاشتالرينڭ كتبخانەمزنڭ سرتيغا كتاب الب چقيشلاريغا رخصت قلنمايدو .

هەربر ملتداشلريمزنڭ بو كتابلاردن استفادە قليشى اوچون كتبخانەمزنڭ ئيشيگى ئاچقدور .

## اورومچى شهرلك مسلمان سوداگرلر جمعيتيدن مهيم اوختوروش

ادارەمز طرفيدن سوداگر كاسبلارمزنڭ قوليغا فەيجو اليش توغرولوق ايكى نسخەدن ئانكيت برلگەن ايدى مذكور ئانكيتدن تاپشوروب برگوچيلەر نهايت ئاز كورولمەكدە دور .

ئانكيت تابشورولغاندن كين شهرلك حكومت طرفيدن گواهنامە بريلەدور اگر وقتيدە تابشورولماغاندا حكومت طرفيدن تجارتينى چەكلەب قويوش احتمالى بار .

شونڭ اوچون اوشبو اعلان برابرندە تزلك بلەن انكيتنى تابشوروب بريب گواهنامە الشنكزلەر سورلادورە اگر حكومت تجارتينى چەكلب قويسا جمعيت مسئول ئەمەس .

مسلمان سوداگرلەر جمعيتى

۲ - ۳ .

ئادرس : اورومچى نيوگون يولخەبيغاك نومور ۱۲ ئالتاي نشريات ادارەسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

۱۹۴۷ ایل ۲۲ نجی سنته‌بر
دوشنبه ۸۳ نجی سان
تلده، ئشده، فکرده، برلك!

# ئەرك

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

مدیری: عیسی الب تکین
باش محرر: م۰ ا۰ بوغرا

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

بهاسی: دانه‌سی ۱۰۰ ئایلیغی ۱۲۰۰ دوللار
هجری ۱۳۶۶ ذوالقعده ۷

ئالتای نشریاتی طرفندن هفته‌ده اوچ چقادورغان سیاسی، اقتصادی، اجتماعی، علمی، فکری و ادبی غزیته‌دور.

## نور عالمی اچیلا باشلار

سیاستنڭ مرکزیگه ئایلانغان بتون معارفی پروپاغاندا بله‌ن باغلانغان ۲-او قول وه اوگردتمنله‌ر اوقولی بتمه‌یدن صونکغی بربلنی سیاستچیلك بله‌ن کوچوردی. ملتچیلککه و ملی رهبرلرگه قارشی فتنه اغوا تارقاتماق کبی «ملی و ظیفه» له‌رنی ئالدی ـ ئارقاغا باقمای بجه‌رگه‌نده‌ك بولدی.

حکومتنڭ نه‌چچه ملیونلاغان دوللارلرینی ئایه‌و. ئای قازانغان بو اوقوللار ماتکه ملی کادیرلرنی یتشتوروب برمه‌ك نشانیدن یوزاقدا قالدیله‌ر. بر یل اچیده اولکه معارفی بله‌ن اوقوتولغان یاخشی کیینوروب یاخشی یمه‌که‌ر بله‌ن توقلانغان اوقوغوچیلری توլوق درجه‌ده بیلمگه ئیگه بولائالمادی. ملی ئالی تورکلك نامی مکتب قاپقاله‌ریدن درس اوبلاریگه کیره‌ئالمادی.

ایلی عاقبت غولجه عنصورلری مدنیت ساحه‌سیدیکی بتون ملت ماللرینی ئوغورلاب قاچقانی کبی اوقولنڭ مدیرلریمو ملت بالالریغا ئاتاب حکومت طرفیدن بریلگه‌ن نورغونلاغان دوللار مال ملکلرنی «خامی ئاتا» ئوچقوسی بله‌ن معلوم بر طرفکه ئوغورلاب قاچشدیلر. اوقول اوقوغوچیلری ئاچ قالدیلر حتی تارالیمو که‌تدیلر ملت اوچون سایبسز صورتده اوگرتمنلرنی ملی کادیرلارنی یتشتوروب بریشی امید قلنغان بو ملی اوقولیمزنڭ بو کبی ئایانچ بر حالغا چوشوب قالماقی ملتچیلریمزنی ئاچیندوردی. قالماس بز ئاچینه‌وق ملت مکتبلرینڭ بونداق ئیگه‌سز قالیشیغا ئاچینغان ملی یولباشچیلریمز درحال اقتدارلق کادیرلریمزدن بولغان شاعر اوتکور افندینی مکتب مدیرلیکیغا تعیین قلدی.

له‌ر ئارادا برنه‌چچه کون اوته‌ر اوتمه‌س بو اوقوللار جانلانب کتدی.

بو اوقول عصری وه‌ملی بر شکل ئالاراق بتون منورله‌ریمزنڭ ئالقیش تحسنله‌ریگه مالك بولماقدادور. بو مکتبکه درس به‌رمه‌ك اوچون ملی رهبرله‌ریمزدن مسعود افندی صبری جنابلری، عیسی الب تکین جنابلری ملتچی ضیالیه‌ریمزدن عبدالعزیز چنگزخان حاج داملا وه پولات قادری‌لار تکلیف قلنغان بو حرکت اولکه ئاریخیدا هیچ قاچان کورولگه‌ن ئه‌مه‌س یالغوز لافچی بعضی بر اوگرتمه‌نله‌ردن یاللار بویی قورتولائالماغان بو ملی اوقول مدنی معارف ساحه‌سیده بیوك نتیجه‌له‌ر قولغا که‌لتوره‌کنی وه هر یلی ملتکه سانیسز کادیرلارنی هدیه قلماقنی نشانغا ئالماقدادور بو اوقولنڭ بویلچه ئوسوشی بزده بیوك بر امیدله‌ریانکی تیله‌کله‌ر توغدورادور.

بو یاقندا اوقولدن ئالغان خبرلریمزگه کوره، هرشنبه‌کونلری روحی نطق برلمه‌کچی. بونکغا مسعود افندی وه مدیریمز عیسی افندی ئالب تکین تکلیف قلنغانله‌ر.

بوگون بوتون ملتمز بوتون یاشلریمز بو ملی یولباشچیلریمزنڭ ئوز ئاغزیدن نطق ئانکلامقنی وه بونڭ بله‌ن ملت و یورتنڭ استقبالیغا بربها به‌رمه‌کنی استه‌یدورله‌ر. زانه‌ن، بومنور یولباشچیلریمزنڭ ئاغزیدن چققان بر کلیمه ملتمزنڭ بوگونکی اغیر حالیغا تسلی بولائالادور. ئویالقینلی جمله‌له‌ر معنالی سوزله‌ر، عزیز ملتمزنڭ قلبیده چونکقور برلیشه‌دور بتون عمرینی ملت یولیغا ئاتاغان بو رهبرلریمزنڭ بو ملی اوقول طرفیدن نطق برشکه تکلیف قلنشی بیوك یانکی لقلار کلتوره‌دور. اوقوغوچیسی بر ایکی یوزدن ئارتماغان بو اوقول بو مناسبت بله‌ن ئازکون ایچیده بره‌ر مینکلاغان ملت بالالرینی اوز باغریغا ئالغوسیدور.

اوز ملتیدن برافدا قالغان اونی اوزیگه جلب قلائالماغان بو اوقول بو مهیم نطق مناسبتی بله‌ن نچه مینکلارچه ملتداشلریمزنی ئالقش وه سیونچ اچیده اوقول سالونلریدا کورگوسیدور.

بونون بو تدبیرله‌ر یینکی ئاچیلادورغان نور عالمی اوچون بر چیغیر بولائالادور بوندن بورون اوقوغوچیلارنڭ درس ساعتلری کوپونچه اوگرتمنسز و بیهوده سوزله‌ر بله‌ن اوتکوزولوب کلگه‌ن ایدی شونڭ اوچونمودورکی اوقول اوقوغوچیلارنی قیزیقتورا ئالمادی نه‌چچه ئایلق نه‌چچه کونلوك بوللرنی کیزیب اوقوش اوچون کلگه‌ن اوقوغوچیلار درس ساعتلرینی بوشقا اوتکه‌زمه‌کنی و معنسز سوز ئانکلامقنی اصلا تاله‌مه‌سلر.

---

## شهر خبرلری

§ ۲۰- سینته‌بر سهر ساعت ۵ له‌رده مرکزی حکومت اعضاسی برهان افندم وه باش محررمز محمد ایمن حضرتم باشلق برقانچه کیشیله‌ر اوچقوغا اولتوروب ایچکی خطلرغا باریش اوچون یولغا چقدیله‌ر. بوله‌رنی هرقایسی حکومت اربابلری اوچقو میدانیغا چقیب اوزانیب قایتشدیله‌ر.

§ بو یاقندا تجارت بانکاسی ۵۰۰ دوللارلق فلنی رسمی خرجله‌ش اوچون سرتقا چقارغان ایدی هر قایسی اداره خدمتچیلرینڭ اوسکه‌ن معاشی خدمتچیلار قولیغا بریله. بریلمه‌سدن بازار بهاسی اورله‌ب ئالدی. بونکغا هرقایسی خدمتچیلارنڭ ایچی پوشماقدالار.

# خوش خبر

اولكەليك 2- دارالمعلمين وە ٣-
اورتا اوقول اوقوش باشلاغاندىن برى'
اوقول باشقارماسينڭ تشبثى بر مونچە
عالى اوگرەتمەنلەر تكليف قلنش نڭ سر
تيدا ملى رئيسيمز مسعود افندم وە باش
مديريمز عيسى افندملەرمو دەرسكە كل
مەك بولدى' هر هفتەنڭ ئالتنچى كونى
يعنى شنبە توشدن كين ساعتدن بر يارم
دن اوچ ياريم غىچە بتون اوقول بويە
لاب بر هفتە رئيسيمز طرفدن' ينە بر
هفتەسى بالى مديريمز طرفدن داواملق
صورەتدە نطق سوزلينەدور' انڭ اوچون
اوقول دائيرەسدن باشقا نطق ئانكلاغو
چى ئارقاداشلريميزنڭ بوياخشى فرصتنى
قولدن برمسليك ارى لازم•

---

# بوگور يڭى حصارده خوشحاللق

اوزون يللردن برى توركستان خلا
قى ظالم مستبد لەرنڭ قارا سياستى
ئاستيدا قاتتق ايزيلب كلدى خصوصاقاز
خور شڭ شى سەى ئاپريل اوزگوروشي
دن كين حاكيميەتنى قولغا اليبلا اوسە
تولوق سياسيتينى اشلەتب بتون دهقان
لريمزگە „مو" سالماقچى بولودور شوم
دوبن نڭ يالاقچى عمدارلرى خلقنى قور
قوتوش بلەن زراعت قلشقا ياراقمزشور
لوق سو چقمايديغان اسكى بنام يرلر
گە ئارتوق „مو" سالش بلەن بو يرلر
نڭ تماميدن „مو" ئالشقا امر توشو
روب بيچارە خلقلريمزنڭ تريغان تكەني
نى سانكغا توكوشكە مجبور قلدى بو
نڭ بلەن خلقيمز قاتتق ايزيلب كمبغللك
گدايچيق حاليغا يتب كلدى خلق بو
حوالنى حكومتكە قورقوب فقط ئەيتال
ماس ايدى• كيين ظالم او جوشيدن
يتيب كلگەن بولسيمو بو هم قولاق
سالمادى•

بختيمزگە ياريشابولتورقى حكومت اوز
گوريشى بلەن اولكەمزگە جاڭ بوجاڭ
جنابلرى يتب كەلگەندن كين اولكەمزنڭ
احوالى ياخشىلققا قاراب يوز توتدى
جملەدن اوسوغانغا براوتلامسو برگەندەك
خلقمزنڭ داديغا چاقسان يتب ٣٥ نچى
يلنڭ بر يللق موسينى وە ئالتى ئايلق
باجينى ئالماسلققا امر توشوردى• وە ئال
مادى بونينكغا خلقمز نهايتى بك خرسندە
بولوشتى لكين بوندن كيينكى ئالينديغان
موليەلڭ نورماسى قانداق بولار دەب
حكومتدن چوڭ اميدلرنى كوتوب مو
ليەلڭنڭ نورماسينى كيميتش اوچون
توغون عريضە التماسلرنى كينكەش
اعضالرى ئارقيلق حكومتكە يەتكوزوش
نتيجەسيدە حكومت خلقنڭ تيلەگيگە چاق
سان چارەكوردى بو بوغرولوق ئەرك غزتەسي
نڭ بو يل ١٥ نچى ايبولدا چققان ٥٩ نچى سانى
داكى يازيلغان باش مقالەدە مو ليەڭنڭ
ئازاييب بورونقيدن يارم حصە كم ئالي
نديغانلقى نى خبرقلغان ايكەن، بوغزتەنى
بوگور يڭى حصارنڭ چوڭ جامع مسـ
جديدە خلق جمعەدن قارغ بولغان دن
كيين بتون كوپچولوككە اوقوب بەرگەن
ايدوك خلقمز بك خرسند بولوب كيتب
ملامحمد اعلم اخونوم ملا مطيع الله
اعلم اخونوملار باشلق اوچ - تورت
مڭغە ياقين جماعتلر ملى بولباشچى
چياريمزنڭ عمرينڭ اوزون بولوشى او
چون دعاغا قول كوتەردى „ئامين" ديگەن
ئاواز فلكدن ئاشدى دعادن كيين همە
"ياشاسون! مسعود افنديم ياشاسون!
عيسى افنديم" ديگەن ئاوازلر بلەن تارقاشدى•

ب نوردى

---

اچكى چين خبرلرى

# ﻫەعەورى پالاتا باشلقى شرقى شمالنى تەكشوردى

(نەنجين ١٩ - سنتەبر تيليغرامى)

ﻫەعەورى پالاتا باشقلى جاڭچون بو
كون شرقى شمال اولكولەرنڭ شمالى
قسمينى تەكشوروب كەلمەكچى بولغان خبر
گە قاريغاندا جاڭچوننڭ بو قتمقى تەك
شوروش اشلەرى حربيە سياسى معارف
خصوصيدا ماتريال توپليماق بولسا كيرەك

# ملى رئيسيمز دارالفنوندا نطق سوزلەر ايكەن

٩- ئاينڭ ١٩ - كونى ارتە ساعت
١٠ يريمدە شڭجاڭ دارالفنونى نڭ كوز
گى اوقوش باشلاش مراسيمى اوتكو
زولدى•

مراسمغە ملى رئيسيمز مسعود افن
دم، باش كاتيبيمز عيسى افندم' معارف
نظارتيدن معاوين ناظرچڭ افندى وە هر
بر ادارەلەردن عالى اورونلەردن بولوب
بتون شاگرد لەر بلەن ١٠٠ دن ئارتوق
كشى قاتناشتى. مراسم مذكور يوكسەك
اوقول مديرى بورهان افنديڭ رياستى
ئاستيدا ئاچلغاندن سوڭ بورهان افندى
نڭ مراسم حقيدەكى قمتلك نطقى ئانكلا
نب اوتتى• بورهان افندى بوگونكى
احتياجيمزنڭ اڭ اولوغى كادر ايكەنيني
وە بوندغ ياراملق كادرلرنى تيارلاش
اورنى هر درجيليك عام بورتارى خصو
صا مذكور يوكسك اوقول ايكەنيني ئاي
ريم ئايريم كورسەتوب اوتتى وە شو
نگەدەك مذكور مقصدگە يتش اوچون
هر بر عام ايگەلرينڭ هر طرفدن كوپ -
كوپ غمخورلوق قلغالرينى رجا اتتى •
اوندن سوڭ غربى شمال باش اوردو قوماند
انى جاڭ افندى مجلسدە بولموغانى
اوچون مراسمنڭ كون ترتيبى بويونچە
اولكولوك حكومت رئيسى مسعود افندم
قيزغين ئالقشلر ايچيدە سوزگە چقتى•
ملى رئيسيمز نطق سوزلەر ايكەن: مدير
وە سوگيلى اوقولداشلار: دەب باش
لدى وە ديديكى: بو مراسيمگە اوز وقتيدە
كيلەلمەدم اونڭ اوچون كوبدن كوب عفو
قلورسزلر وينە تصادفا سوزگە چقماقدا
من تيارلغيم بولمغانى اوچون كوب قصور
لريم كورونور• اونيمو كچررسزلر•
بو يوكسك اوقوليمز اولكەمزدە ئاز
دور كوبدور بر تاريخقە ايگەدور، وە بل
گى اولكەمزنڭ معارف تاريخيدا مهم بر
اورون توتمشدور• گەرچە اوقولنڭ بر
نچە يللق تاريخيدا اولكەمز اوچون قانچە
لك فائدە كەلتورگەنيني انيق بلمەسە
مو هەر حالدا شونى ايتالايمەنكى دو
لت وە اولكەمز بويچە برنچيلك يوك
سك وە كوركم بناغە ايگە بولغان اوقوليمز
نڭ موجود بولوشى بەك اهميتلك وە
قمتلك بر بتدور چونكى كوپدن برى سويلەمك
دەمزكى اولكەمز شڭجاڭ غرب مملكت
لەرى بلەن شرق مملكتلەرينى بربريگە
باغلاغان بر يول وەيا بر قاتقا صفتيدە
دور غرب مملكتلەرى چينگە كەلمەك ايستە
سە منا شو يولدن ويا شو كوبروكدن
اوتمەى قالماس بو قاپقانڭ ئالديغا يتب
كەلگەن كشى درحالغينە منا شو يوكسەك
اوقول بناسينى اوچرانيدور بو ديمەك
گويا اولكەمزنڭ هام بلم اوچاقلەرينى
توتوتادورغان وە هەر نچوك كشيدە تيرەن
بر تاثير قالدورادورغان نمونەدور شوندا غ
كى مذكور يوكسك اوقولنى كورگەن
كشينڭ اولكەمزگە بولغان توتوشى وە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# بها به‌لگوله‌ش هیئتی قورولغوسی

( نه‌نجین ١٩ - سنته‌بر تیلیغرامی ) اقتصادی هیئتنك ١٥ - سانلق مجلیسیده پتون دولتنك هه‌ر بر جایدا بولغان مال بهاله‌رینی ته‌كشه‌ش اوچون هه‌ر بر جایغا بر بها به‌لگوله‌ش هیئتی تشكیل قیلماقنی قرار قلغان بو بها به‌لگوله‌ش هیئتی‌نك ایش باشقوروش چاره‌له‌ری ته‌صدیقلانغان.

## خارجی خبرلر

### لاتین ئامریقا بله‌ن اسلاوییان گروپپاسیدا قارشلق توغولدی

( مرگزی ئاژانس ٧ | سنته‌بر تلغرامی ) برله‌شمه دولتلر قورولتاییدا كه‌لك دائیره‌ده باشلانغان مذاكره‌ده لاتین ئامریقا بله‌ن اسلاوییان گروپپاسی ئوتتورسیدا انكار قلش مسئله‌سیده قاره‌و قارشی ٢ میدان توغولدی. مقسیقا خارجی وزیری ٥ دولتنك انكار قلش حقوقیغا قارشی چقتی. سه‌ویت گروپپاسیدیكی پولشه بونكغا هجوم قلب ئاساسی قانوننی اوزگرتشكه بولغان هرقانداق اورونوشقا قطعی قارشیمز ده‌ب اوتدی.

### قورییه مسئله‌سی خلق ئاراقورولتای‌غا تاشلانغوسی

( واشنغیتون ١٨ سنته‌بر تلغرامی ) مارشالل برله‌شمه دولتلرگه قورییه مسئله‌سینی برله‌شمه‌دولتلر قورولتاییغا تاشلاشنی اوختوردی. مخبرلرنك ئالغان خبرگه‌قاریغاندا، ئامریقا برله‌شمه دولتلر قورولتاییغا قورییه‌نك احوالینی ته‌كشوروب كه‌لمه‌ك اوچون برتكشوروش هیئتی ایبه‌رتشنی سوراب فكر به‌رگوسی بونك سرتیدا قورییه‌دن ئامریقا سه‌ویت عسكرلرینی قایتوروب كتیش كونلرینی به‌لگولیمه‌كچی.

### ئه‌نگلیه بله‌ن ئاوستریه نك مناسبتی یاخشیلاندی

(لوندون ١٨ سنته‌بر تلغرامی) انگلز حكومتی تونوگون ئاوستریه‌بله‌ن بولغان سوقوش حالتیدیكی مناسبتنی توختتوب دوستلوق علاقه باشلایدیغانلقینی بلدوروب رسمی اوختوروش چقاردی.

---

دقفه‌تی كوچله‌نیدو دیمه‌كدور براق بو بر ظاهری كورونوش بولوب اونك اچكی ماهیتی اوننكده‌كی علمی مضموندور البته ظاهری قمت وه اهمیتدن اچكی قمتینك وه اهمیتینك ئارتوق بولوشی الك ضروریدور دیمه‌كی اداره قلغوچیسی وه‌یا اوگره‌تمه‌ن وه اورگه‌نگوچیله‌ری كیم بولسه بولسون منا بو وظیفه‌له‌ر شولرنك اوستیده دیمه‌ك سزله‌رنك اوستینكزله‌رگه توشه‌دورغان اشدور امما بوگون بز داخلده‌كی وه یه‌رلك بولغان مدنیتنی تاریخنی دنیاغا تونوتماق وه كورسه‌تمه‌ك دور.

همده اولرده اوبدان تاثیر قالدورماق استه‌یمز اندیشه قلماگزلركی، بوندا‌ق بیوك بر وظیفه‌نی بز نچوك قلب، یالغوز اوقول مضمونی بیله‌نلا توگه‌تب بولور ده‌ب مه‌ن دیمكچیمه‌نكم. نه‌بولسه بولسون شونداق قیین چیلق وه یوقلوق ایچیدن بر بارلق وه جانلق كورستمك اركلیك وه مردلك بولوب چقور من هربریگزدن شونداق غیرت، شونداق شجاعت كوتكه‌ن یرده من باشقه‌لر برچالیشسه، سزله‌ر یوز چالیشیب هربریگز بوزگه ته‌لك كیلب اوستنكزده‌كی وظیفه‌لرنی كوتكه‌ندن ئارتوقراق اجیریشینكزله‌ر كره‌كدور. منا بولر ئه‌ركه‌كلیك وه مردلك نك نمونه‌سیدور چونكه یتشكه‌ن بر شرائطده ایش قلیب موفق بولغاندن یتشمه‌سلك ایچیده چالیشیب موفق بولماق ئه‌ركه‌كنلك ایشیدور شونداق قلغاندیلا دولت وه ملتگه قاریتا وظیفه ئاتقارغان بولامز بو البته هربرینكزنك ایسیده بولغان نرسه بولسیمو بو فرصتدن فایده‌لینیب ینه برقیتم اسله‌تیب قویدوم.

بولرنك همه‌سی یورداشلق ملتداشلق صفتیمز بله‌ن اوته‌یدورغان وظیفه‌مزگه امدی انسانی یاقدن هم اویلاب كورسه‌ك بوگونكی شه‌نك جاللق وه یاشلق جلق بله‌ن علاقه‌دار بولغان ئاسیالقله‌رنك مدنیتی كونكلده‌كیده‌ك یوكسك بر حالدا ایمه‌سدور. انك اوچون اولرنی یوكسلتب، پارلاق بربولغا سالماق البته انسانی وظیفه‌مزدور. بو بك اوزون گپلر كه‌ن ده‌ب اولتورماستین اونك تیارلقینی ایشله‌مك لازم. بوتیارلق فرصتی هم سزلرنك قولینكزلرده موجوددوركی هیچ بولماغاندا موشو یرده بولغان مدنیتنكزلرچه برلك تیلینی اورگه‌نمك لازم بوئارقیلی كوب موفیقیتله‌ر قولغه كیله‌چكدور. شونك بله‌ن كوپ خلقنك رغبتینی قازانماق خدمت قلماق ممكن دور. بزنك تیلیمزنی اولر اورگه‌نسون ده‌یدیغانسیزله‌ر لاكن بر، ئانك اوله‌رنك دماغیغه بلكی كریب باقماغان دور وه یاكی كرمه‌س هم... انك اوچون خدمت قلماقنی نیت قلغاندا اوله‌ردن بوروراق چالشیب، اوز توشونچه وه قاراشلرینكزنی اونلرگه انكلاتماق مهم وظیفه‌نكزلربوروسه كره‌ك شونداغینه مدنی معارفغه بویوك بر ینكی یول قورولغان بولودو دیمه‌ك اخیردا شونی ایتامنكی، سزلر مدنی معارفنك كاشاق قولی لئاو انگاردلری دورسیزله‌ر. دیمك كوپچولوك هرنیمه كورسه سز ئاوانگاردله‌ردن كوره‌دور هر نیمه تاپساهو، سیز ئاوانگاردلردن تاپادو

نطق‌نك داوامی زالنی تیتره‌تكه‌ن قیزغین ئالقیشله‌ر بله‌ن تماملاندی گرچه دارالفنوندا تورك اوغوللری‌نك نمونه‌لری كورونمیسیمو، ملی رئیسیمزنك نطقی باش كاتیبمیز عیسی افندمنك اعلا ترجیمه‌سی بله‌ن بتون چینلقله‌رنی حیره‌تده قالدوردی رئیسیمزدن سونك معارف نظارتیدن معاون ناظرچلك افندی وه متخصچله‌ر باغندن شاوی‌خه‌ی افندیله‌ر نطق سوزله‌ب اوتتی. ئاخردا عمومی برلكده رسیمگه توشوروب، ساعت ١٦ یاریمده مراسیم یاپیلدی.

ئه‌رك مخبری

---

# مهیم خبرلار

جونگو خلق فرقه‌سینك مركزی اجرائیه‌تی‌نك یاشلار تشكیلی نظامنامیسی ته‌صدیقلانغان،

بتون دولتلك چه‌نئه‌ل سودا مجلیسی وگوته مووفقیه‌تلك تمام بولغان،

ئامریقا یقندا مولوتوفغا قورییه مسئله‌سیده ناراضیلق نوتاتاپشورغان

ئامریقا قورییه‌ده خلق‌چاق برلككه كه‌لگه‌ن بر حكومت قورماقنی استه‌ب تورماقدا.

# علمنڭ فایدەسی جهالتنڭ ضرری حقیدە

بو تاریخدن ٩٠٠ یل ایلگری اوتکەن کاشغرخانینڭ وزیری یوسف خاص حاجب اوغلی نڭ حکیمانە اشعارلریدن برقانچە شعرنی ترجمە قلب ایضاحات برشنی لایق کوردوم. چونکی او زمانلردە خلق نڭ علمگە او قدر احتیاجی وە محبتی بولمغان برزماندا بو کیشینڭ شعر معناسی بویونچە انساننڭ بخت سعادتلك حیاتی علمگە باغلاق ایکەنلیکینی اثبات قلادور.

بیلیك تیین ایرمەن سوزومگە بولا

ترجمەسی:

اوقو-بلم معرفتدن سوز قلورمەن سوزومنی بولاب-تالاب کەن، سوزوم نادانلارگە نصیحت دور.

بیلیك لکە یادوست اوزوکنی اولا

ترجمەسی:

ای دوست اوقو بلمگە اوزوڭ یوپوش اوزوڭ چاپلاش، اوقو-بلمدن قاچما!

بلیك برلا بیلنور سعادت یولی

انساننڭ دنیا وە ئاخرەتدە سعادت یولینی تاپیش اوقو بلم برلە بولور. علمسز ئادم دنیادا فضیلت انسانیەدن محروم بولوب حیوان قتاریدا یاشاب خارلق اسارتیگە گرفتار بولوب هرتورلی فلاکتگە توشوب یوق بولور.

بیلیك بیل سعادت یولینی بولا

اوقوب بلب سعادت یولینی تاپ. اگردە اوقوب بلمەسەڭ ئالدنگرەکی توزغان قانچە ظالملار بار، بو ظالملرنڭ بری جهالتدور. بو جهالت انسانی هر تورلی بالاغا گرفتار قلب قوللوقغا و اسارتکە سالب وقتسز اولتورور. ئانا بری انسانزدەکی طبیعت حیوانیەدور. ماذا ئادم بالەسینی هر تورلی خارلققا وەزارلققا توشورەر.

بوقالق دینار اول بلیکلیك کشی

عالم فاضل کشی قمتلك ئالتوندور هرقانداق یردە بولسا ئونڭ قیمتی کەم بولمای حرمتلك بولور.

بوجاهل بیلیکسز یماسزشتی

اوقومغان نادانلار سوپوروندی اخلاتگە اوخشاش هیچ اعتباری یوقدور بزنڭ نادانلقیمزدن حاکم ملت الدیدا سوپوروندە اخلاتگە اوخشاش هیچ قیمتز یوقدور. اوزون یللەردن بری ظالملر نڭ بزگە قلغان ظلمی بونی توچوق افادە قلادور. بز اوزون یللەردن بری نمەلەرنی کورمەدوك باشیمزغا قانداق اغر کونلەر کەلمەدی، ئەسلەسەك بولەرنڭ تمامی نادانلیقمزنڭ سببی دندور. وە افندیمز فخری کائنات صلعمنڭ: „علم طلب قلماغلق ابر عیال تمامغا فرض‌دور“ دیگەن مبارك حدیث شریف لرینڭ خلافنچە ایش قلغانلقیمز دندور.

بلیکلیك بیلیکسز قچان تەڭ بولور

اوقوغان کشی بلەن اوقومغان کشی هچ قاچانڭ بولالمایدو بوحقدە قران کریمدە ٣٠ غایاقن ایتدار. اوقوغان یادەم نورغا ئوخشایدور.

یوروغلوقدن بتون جانلق نرسەلر استفادە قلادور، نادانلق قاراڭغوغا اوخشاشدور، قاراڭغوکیچەدە اوغریدن باشقە کشی استفادە قلالماس. نادانلقنڭ اوزیگە هم زیان وە باشقاغا زیانی تیگەدور. عالم کشلەرمیوەلك درختکە اوخشاش بولوب اونڭ سایەسیدن هم میوەلریدن انسانلەر فایدەلانادور.

نادانلەر تازغان هم جغان درختکە اوخشاشدور. بودرخت اوتونمو بولالمایدو هم سایەسیدن فایدەلانغانی بولالمایدور. یرینی اشغال قلب تورغاندن باشقا غایاریمایدور

بیلیکلك تیشی ایرجاهل ایرتیشی

اوقوغان خاتونلەر ایرکشیدەك بولوب هرایشنی قلالایدور دین و ملتگە خزمت کورسەتب دنیاغا اوزینی تونوتالایدور. اوقوغان خاتوننڭ صورتی خاتون کشیدەك بولسامو قلغان خزمتلری نادان کشیلەردن البتە ئارتوقدور. اوقومغان ایرکشی، خاتونغا اوخشاش اوبدان کییم کییب یاخشی سوز قلب ئالتون باھە بزوك ئالتون قداقلەر بلەن ئامین قلنسا اوز راحتمز اوچون دین و ملتمزنڭ سانینی ئازایتشقا خدمت قلب بەرگەن بولورمز.

بزنڭ نادانلقمز خاتون کشیلەردن کەم ئەمەسدور. چونکی کوب یللەردن بری او ایلب یوقوبوب اوروب سوقوب خاھلاسە نیمە قلسا قلب کیتەدور

(داوامی بار)

اسعداللەشیخزادە

---

# بونی ئاڭلاغانمو سز؟

## یامغوردن کیین هوا نیمە اوچون تازەدور؟

فنی سواد

هممز بلەمزکی بر یاز یامغوردن صونکرە ئافتاب چققانغا قدر هوادا بر تازەلق وە خفیفلك حس ایتەلور. بونڭ بر قانچە سببلەری باردور الڭ اول یامغور هوانی صاف وە تمیز قلور خصوصا چوڭ شهرلەردە هوادا بولونغان چاڭ وە تومانزنی یامغور الیب کیتەدور بوصورت بلەن هوا بو چاڭ وە تومادن قورتولور صونکرە توشکەن یامغور کوپونچە هوادەکی الیکتریك جریانیغا تابع‌دور بو ایلکتریك جریانی هوادا بر گاز حاصل قلادور بو گازنڭمو اوزیگە مخصوص کوزەل ایسی (بوراقی) باردور بوندن باشقا یامغور هوادەکی یمان ایسلق گازلەرنی تازەلەر اونڭ اوچون یامغوردن صونکرە هوا پاکیزە وە یەنگللەنور.

---

## بالق نمە اوچون سونڭایقیمیغا قارشی یورەر؟

برحیوان استراحت قلماقنی استەگەن چاغدا تنفس اوچون ئاغزینە قوت صرف ایتەر، بالقلەرنڭ اوزلریگە مخصوص دم‌الش التلاری باردور. بالق محتاج بولغان اوزوقنی سوغا ئارالاشقان هوادن ئالادور، سونی ئاغزیغا ئالادور. باشینڭ ایکی طرفندە قولاقلری باردور. سو بویەردە قان تامورلری بلەن توتوشادور، وە قان بوتوتاش اثناسندە محتاج بولغان اوزوقنی ئالادور.

حاضر بالق سوایقیمیغا توغری یورسە ئاغزیغا سوئالماقدا قینچیلق تارتادور. حالبوکی باشینی ایقمغا قارشی توتماق بلەن سو اوز اوزیدن بالقنڭ ئاغزیغا کرەر وە بالق هیچ بر قوت صرف ئەتمەسدن تنفس قلشقا قادر بولالایدور.

---

ئادرس: اورومچی نەنگوەن
یولخەبیغاك نومر18 ئالتای نشریات ادارەسی

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


١٩٤٧ ايل ٢٤ نجى سنتەبر

تلدە ، ئشدە ، فكردە ' برلك !

چهارشنبه ٨٤ نجى سان

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

# ئەرك

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز توركستاندور

مديرى : عيسى الب تكين
باش محرر : م . ا . بوغرا

بهاسى : دانەسى ١٠٠ ئايليغى ١٢٠٠ دوللا
هجرى ١٣٦٦ ذوالقعده ٩

ئالتاى نشرياتى طرفندن هفتەدە اوچ چقادورغان سياسى ، اقتصادى ' اجتماعى ' علمى ، فكرى و ادبى غزيتەدور .


## خلق ايركينلكينى محافظه قلش ( )

يورتومزنك ياقينقى تاريخيدا تور
غونليغان سوقوشلەر بولوب اوتتى . بو
سوقوشلەر بيكاردن بولغان سوقوش
ئەمەس ايدى . فقط توركستانلقلەر نك
اوز ئەركنليكينى محافظه قلش اوچون
بولغان سوقوشلەر ايدى . بو سوقوشلەر
دە توركستانلقلەر كوبليگەن اسسق قان
لرينى توكتيلەر بو يولدا تورغون قر
بان بەرديلەر . بو وقت جريانيدا اولوغ
حادثەلەر ، چوك - چوك فاجعەلەر كوروا
دى . بو سوقوشلەرنك موجود بولو
شيغه قانداق سببلر بولدى ؟ و تور
كستانلقلەرنك استەگەن ايركنليگى نيمەدن
عبارت ايدى ؟

بو سوئاللەرنك جوابينى هركيم برا
لايدو ' چونكى مطبوعاتدا بوخل سوز
لەر تكرار - تكرار سوزلەنگەن ايدى .
شونداق بولسامو يانا قسقيچه اويلاب
باقساق اوتكەن وقتلەردە توركستاننى ادا
رە قلغوچيلەر تورلوك اسكى اشلەرنى
قلديلەر ، خلقنى حددن زيادە ايزديلەر
گويا ادارەچيلك بىغرض مأمورلەر او
چون " وقتلك قل تاقيب اوزينى باقش "
اوچون تجارەتكه اوخشاغان بر وسيله
بولوب قالغان ايدى . بو ئالك يورتومز-
نى ادارە قلغوچيلارنك يوقيدن تارتيب
يوقارى دەرجيلكلەر غيچه تماميينك مي
نكسينى قايلاب كەتكەن ايدىلەر شون
لقدن اولار خلقنك اوستيگه ئالوالك - يا
ساقنى كوپەيتب اولارنك حالينى ئاغر
لاشتورغانلار حتى يورتومزنك بعضى
جايلاريدا باج - خراجلارنى سوداگرچيلك
گه اوخشاش بر - بريگه معلوم بر مدت
ايلەن سانيشار ايدى اوندن تاشقيرى
چينلقلەرنك تورك خلقينى پست كو
روش عادەتلرى نهايت اوچ ئالغان ايدى .

حتى كچيك بر خطاى خدمتكارى زور
حقوقلىق بولوب خلقلەرگە يولسز دش
نام حقارەتلرينى قلشقا قادر ايدى .

منا شو يوقاريدەكى احوال تورك
ستانلقلەرنك سوقوش توغدوروشيغا سە
بب بولغان ايديلەر . توركستانلقلەر نك
اوزوندن برى استەگەن ايركينلكى اوز با
شيدەكى ئاغرچيلقلارنى دفع قلش انواع
ظاملەرنى يوقوتوب خاطر جمع اوزحيا
تينى كوچوروش ايدى فقط بولارنى ئاتا
بلەن بالا اوتراسيدەكى معاملەگە قياس
قلش ممكن اگر ئاتا اوزبالاسينى اوروب
سوقوب اونك كونكليغا دائيم ئازار بەر
سه او بالا ئاتاسيدن زهريكشكه باشلايد
دور اوني ياخشى پروريش قلب اس
تەگەنينى قلب برسه بولارنك محبتى تي
خيمو زيادە ليشدو بو طبيعى شونداق
بولور .

امدى توركستانلقلر شو سوقوشلر
نتيجەسيدە اوز ايركينلكينى تەئمين قلالاديد
مو ، يوقمو ؟ مانجو خاندانليقنك دو
ريدن تارتب تاكى غولجا قوزلانكيغا قدر
توركستانلقلەر اوز ايركينلكينى قولغا ئالال
ميدى . ياقينقى يللارنى ئالساق او برخل
سياست يورگوزوب ' بو برخل سياست
يورگوزوب ئالك - بلمى توين بولغان
خلقيمزنك منگەسينى قايناقتوروشقا سبب
بولدى . مثلا : شالكشيسەى باشدا اوقو
غوچيلاريمزنى ياش ضياليلريمزنى اوز
پروپاغانداسى ايلەن مباغلاب " ئالته
سياست " نى ياخشى تعريفلەر ايلەن ماختا
غان ايديلەر ' كيين اولكەمزگە گومينداك
فرقەسى قورولغاندن كيين اونك سياستى
يردنلا اوزگەريب توركستان خلقينى
اويونچوق اورنيدا كوروب قلماغان اش
لرى قالمادى عمومان اولارنك ملى

ئانكينى يوقوتوشقا اورونى اوجونشنمو
اوز بلگەنينى قلب شالكشيسەينك ايشي
نى دوام لاشتوردى موشو احوال ايچي
دا ياش ضياليلريمز وە منور كشيلريمز
تينچ قالب نمه قلشلرينى بلمەس ايديلەر

بولتور غولجه واقعەسى بلەن ١١
مادەلق بتم و سياسى قولانما توزول
دى مرگز حكومت اولكەمزنك احوالي
نى ياقيندا غينه ئانكلادى شونك بلەن
يوقاريديكى احوالنك تكرارلانماسلقى او
چون چالك جورين جنابلرينى اولكەمز
گە چقارغان ايدى ، بو كشى اولكەمزگه
چقاندن برى خلق اوستيدەكى اغيرچي
لقنى دفع قلش اوچون تولوق چارەلرنى
كوردى و تورغون كوچ چقاردى شونك بلەن
خلقيمزنك ايركينلگى امديغنه قولغا كەل
گەن بر وقتدە ئايرم مقصددەكى شخص
لەر غولجا انقلابينى و ١١ مادەلق بتم
نى سوء استعمال قليب بر تورلوك پرو
پاغاندا ايلەن تينچ قالغان ضياليلريمز
نى باش منورلريمزنى ئازدوروب تور
لوك فاجعەلەرنى توغدوردى . اولەر
نك مينكسينى تخيمو قايناقتوروب
قويدى امديگنه استراحت ئالماقچى بول
غان خلقيمزنى يانا پراكندچيلككه سالشقا
اورونى الك ئاخردا توبوقسزلا غولجا
غا كەتديلەر شونك بلەن كوب ضياليلر
خلق ايركينلكى غولجادن باشقا يەردە
بوغولوب هيليلا سوقوش باشلانيديغان
دەك اوز - اوزيدن خودوك قليب اولار
گه ايرگيشيب قاچشقا باشلادى
اولەرنك پروپاغانداسى يالغوزاوروم
چى ولايتيدە ئەمەس قالغان ولايتلەردي
مو تارالب كوپچولوك ضياليلريمزنك
توهمتجەسينى اوزگەرتيب اولەر بلەن
حكومت اورتاسيدا برخل شبهەلنشلەر
نى پيدا قلدى .

[ دوامى 2 - بەتدە ]

شونڭ بلەن حكومت دوننكغا قارشى قاذ
تق چارەلەرنى قلشقا مجبور بولدى.
شومناسبت بلەن بعضى خلقاربمز اوز
كونكليغا خلقمزنڭ اركينلگى بوغولوب
قالدىغاندەك خياللەرنى كەلتوروتورلوك
وهيمەلەرنى قلشتو. بو البتە انداق بولماي
دور. غرب شمال اوردوسى باش قوماندا
نى جاڭ جورين جنابلارى خلق اير
كينلگنى تائمين قلشقا اوزى كفيللك قلب
بر قانچە قيتم وعدەلەرنى قلغان ايدى.

اوز وعدەسيني اورونداب كەلدى بوندن
كيين هم اوروندايدو. اوندن تاشقارى
اورتومزنڭ يىقاسيني يىقلاغان وە خلق
مز اوچون قايغوروب كەلگەن ملى رهبر
لريمز اوزوندن برى خلق اركينلكى
اوچون ايچكى اولكەلەردە كوب كورەشلەر
نى قلب كەلگەن ايدى. بولار بوندن
كيينمو بو يولدا البتە كوچ چقارادورلەر
شونوڭ اوچون چوقوم ايشانمزكى خلق
اركينلكى البتە محافظە قلينادور.

طرفيدن جواب بربلدى.

# خارجى خبرلر

## برلەشمە دولتلەر قورولتايي دا كوچلوك مناظرەلر

( مركزى ئاژانس ١٩ - سنتەبر مخ
صوص تلغرامى ) اوسترالیه فيليپين
كانادا مملكت وكيللارى توتوگون قورول-
تايدا عمومى صورتدەكى مناظرە نطقى
سوزلەب رە: قلش حقوقينڭ ئشليتليشيگە
هجوم قلدى همدە ئامريكا طرفدن تاش
لانغان وقتليق هيئت قوروش فكريني
قوەتليدى قورولتاى زور قوەت بلەن بى
خطرلك وە تنچلققە بولغان قورقونوش
توغرولوق برلەشمە دولتلر اوتراسيدى
كى تالاشلر چەكلەشنى اوتەندى اوسترا
ليە خارجى اشلەر باشلقى ايوات رەد
قيلش حقوقيغە قارشى توروش بلەن
قورولتاينڭ بيوك بى خطرلك هيئتيني
حيمايە قيليدىغانلىقينى كورسەتدى. ايوات
يانا سوزيدە ياپونيە گرمانيە وە اوستر
ليە تنچلق معاهدەلرينى چاپسانلق
بلەن توختوتوب چيقشنى طلب قلدى.
شونڭ بلەن برلكدە ينكى اعضا قبول
قلش ترتيبارينى اصلاح قلشقە فكر كور
سەتدى. ايوات سەويتلار اتفاقى طرفيدن
قوەتلەنگەن (كوچلوك مملكت ياپونيە
تنچلق معاهدەسى اوستيدە صحبت اوت

---

يورتومزنڭ رهبرلردن بولغان مركزى حكومت اعضاسى برهان افندى شهيدى جنابلارى ادارەمزگە
ياقندن برى دياونداقدا بولغان خالصاده اعانەلار مناسبتى بلەن ١٠٠،٠٠٠ دوللار توركستان پولى اعانە قل
غان ايكەن. بو پولنى تاپشوروب آلماق بلەن صميمى قلبيمزدن تشكر قلالا يوللايمز

اداره

---

ئىچكى چين خبرى

## سياسى كيڭەش قورولتايينڭ دائيمى هيئت اعضالرى ٥نجى سانلق مجلسى اوتكوزولدى

( مركزى ئاژانس، نانكن ١٧ - سنتە
بر تلغرامى ) سياسى كينكەش قورولتا
ينڭ دائيمى هيئتارى بوگون ابرتەگەن
ساعت ٣دە ٥-نجى سانلق يغيننى ئوت
كەزدى. يغين جاڭ يوك تاڭ رياستيدە ئا
چيلىب اقتصادى وزارت باشلقى چاڭچى
تەن ياقينقى اقتصادى اشلەرنى عملگە
قويوش احوالى حقيدە دالالاد قلدى.
دالالاد تمام بولغاندن كين برقانچە
سياسى كينكەش اعضالرى طرفيدن يا
پونيە بلەن سودا قلش اشلرى حاضر
قى مال بهالرى، ياقيش اشيالرى والك
تر قوتيني يتشتوروش هندستان پاختا
سيني ساتب اليش دوشمەن قورچاق
حكومتينڭ تور، رخت زاوودنى ساتش
بالك بوى نەن قويولوشيني دواملق باش
قوروش اشلرينى و خراجتيني اقتصاد
قلش اشارينى عملگە قويوش مسئلە
لرى توغرولوق تاشلانغان سوئاللەرگە
اقتصادى وزارت باشلقى. چاڭ چى تەن

## ئاقسو و قاراشەر ولايتلريدە سايلامنڭ كچيشى

ئوتكەن ئاينڭ ١٠-كونى اورومچيدن
جنوبى توركستان ولايتلريگە والى سايلاش
خدمتى بلەن يولغا چققان ايدوك. سايلام
نظارتچيسى جلال الدين حاجى [ والڭ
زالڭشەن ] وە ايچكى اشلار نظارتيدن تلگ
ترجمان بولومى مديرى و تفتش بولومى
اعضاسى گووبوبو كلەر بلەن همسفر بولدوم
شو ئاينڭ يگرمنچى كونى ئاقسو كوزەر
لريگە يتب باردوق. بزنڭ كيليشيمز بلەن
روزى عيد بايرامى بولغاناچقان اولكە
و ناحيەلك كينكەشچيلەر ئاي اخريغيچە
ئاران توپلانب بولالىدى. ئاقسو ولايتيگە
تابع بولغان ١٠ ناحيەدن كلگەن اولكەلك
كينكەشچيلەر و باريمى دىيەرلك كلگەن ناحيە
لك كينكەشچيلەر ٨٦ نفر ايدى. بولار
رسمى قاتناشادورغان اعضالار بولدى

سايلام مجلسى باشلاندى
برنجى سنتەبر كونى ئاقسو ولايتلك
تورك اويغور ئويوشماسى قلوبيدا
زوربيغن حاضرلاندى. قلوب ايچى هر
تورلك شعارلار بلەن بيزەلگەن. كينكەش
اعضالرى اوچون علاحدە ئوروان
حاضرلانغان. هر ناحيە كينكەشچيلرى
ئوز ئورونلاريدا قرار تاپقاندن صونكرە حاكم
و معاون حاكملار ادارە، جمعيت باشلقلريمو
برلەشب بولدى.
بيغنغا خلق باشلقلرى وە همدە
ئيورت فقرالريمو فخرى صورتدە
اشتراك ئەتدى. عمومەن ٥٠٠گە ياقن
كشى بلەن مجلس ئاچلدى. بيغنڭ كوندە
مى اعلان قلنغاندن صونگرە جلال الدين
افندى سايلام حقيدە توشەندوچە بريب

اوتدى. سايلام قاعدەلرى اوقولدى.
والى سايلاش چەكارى تارقاتلدى. چەك
ساندوغى صحنەگە قويولدى.
چەك تارقاتش، تاووشلارنڭ خلاصەسي
نى اعلان قليش سوادسزلار اوچون وكال
تەن اسم يازيب بيريش اشلەرى اوستي
دە نظارت قالغوچيلەر خلق اچيدن تعين
قلنيب اوز اورونلريغا جايلاشقاندن كين
چەكلەر يازيلا باشلادى چەك يازغانلەر
اوز سراسى بويچە صحنەگە چقيب سان
دوققا چەكلەرينى تاشلاديلەر.
تفتشچيلەر سايلام چەكلەرينڭ
خلاصەسيني اعلان قلديلەر نتيجەدە ٧٩
تاووشقا سعيد احمدخان خواجە ٧تاووش
قا توختامش ايگە بولوبدورلەر نتيجەدە
سعيد احمدخان خواجە والى اعلان
قلندى ئارقادينلا معاون والى سايلاش
چەكلەرى تارقاتلدى نتيجەدە يوجونيو
( ختاى ) ٨٦ تاووشقا توختامش ٥٦تا
ووشقا ايگە بولغانلقدن بولار معاون والى

كەزسە دیگەن مەیدانیغە قارشی چقتی
لونت قیزغین صورتدە مارشال ل
طرفیدن تاشلانغان قورولتای وقتلك
هیئت قورسا دیگەن فكرنی قوەتلیدی ە
همدە ئامریكا طرفیدن بەلگولەنگەن
قوریە مسئلەسینی قورولتای ترتیبیگە
كرگوزوشنی قوەتلیدی همدە ئامریكا طر
فیدن تاشلانغان بی‌طرفلك هیئتینی یاد
شیلاشدیكی ترتیبیگە قیزغنلق بلدوردی.

( مركزی ئاژانس فیلوسین ۱۹ -
سنتەبر مخصوص تلغرامی ) سەویتلار اتفا
قینڭ تاشقی اشارەسی‌تری معاونی ویشنكی
تونوگون توشدن كیین برلەشمە دولتلار
قورولتاییگە قاریتا كوچلوك پوزیتسیە ده
توروب بر یریم ساعت مقداری نطق سوز
لیدی سەویتلار اتفاقینڭ برلەشمە دولتلر
نڭ حاضرقی حل قلینمیغان مسئلەلەر
توغرولوق بولغان مەیدانینی اعلان قل
دی ویشینسكی اوزینڭ توزەب چققان
۱٦ ماددلك سوزینی اعلان قلب كوچ
لوك صورەتدە ئامریكانڭ خارجی سیا
ستیگە هجوم قلدی همدە ئامریكا طر
فیدن تاشلانغان كوریەنی مستقل قاش
مسئلەسینی وە رەد قلش حقوقینی اص-
لاح قلشانە مسئلەنی ئوددن باشقا موشو
یل ئاخریدا برلشمە دولتلر وقتلك هی
ئت قوروش فكرینی كسكین سورەتدە
رەد قلدی ویشنكی ئامریكادا ئلیب بری
لقان سەویتكە قارشی حركتنی عیب
لەب بونداق حركتنی سەویتلر اتفاقی
اوروش اعلان قیلیشدن عبارەت دەب
تونوبدور' دیدی.

( مركزی فلوسین ۱۹ - سنتەبر
مخصوص تلغرامی ) سەویتلار اتفاقینڭ
وەكیلی ویشنسكی تونوگون توشدن كین
كی قورولتایدا سوزلیگەن نطقیدا فقط
جونگو توغرولوق توبندیكی بر نطقنی
سوزلەب ئەنگلیە ئامریكا عسكرلرینڭ
بوكونگە قدر برلشمە دولت اعضاسی بولا
غان بر دولت چگراسیدا توروشیغە هجوم
قلدی او سوزیدە ئامریكا كیشیلری جون
گو تفرافیدا توغاندا جونگونڭ اچ-
كی تنجیلیقیغە هیچ قانداق تقدیمان
تكوزەلمەیدو دیدی.

## قسقا خبرلەر

( مركزی ئاژانس بەیپین ۲۰ - سنتەبر تیل
غرامی ) ئاوسترلیانڭ چیندە تورغوچی
صفیری گوفالان ۱۹ نجی سنتەبر كونی
توشدە نەنجیندن بەیپینغا كەلدی' گوفا
لان افندینڭ ئیتیشیچە ئونوڭ بو یوروشی
بیجڭ عالی مكتبینڭ تكلیفی بلەن بەیپینغا
كیلب علمی نطق سوزلەش بولسا كرەك
او بەیپیندە ۳ هفتە توردغاندن كیین یانا
نەنجینغا قایتب كلمەكچی.

## انگلیە اچكی قابینەسی یگی باشدن تشكیل قلنغوسی

( مركزی اژانس، لوندون ۲۰ - سنتەبر
تلغرامی ) بویاقندا انكلیە خلقی انتبلی نڭ
صونگغی ئای باشلریدا اچكی قابینەنی
ینگی باشدن تشكیل قلماق اوزره چیقادور
غان اعلانیغا حرمت بلدورمەك بولادی.
خبرگە كورە، بو قتیم تشكیل قلمادورغان
اچكی قابینەنڭ دائیرەسی دەك بولساكیرەك
بواشچی فرقەسی سیاستنی اجرا قلغاندن
بوبان ایككی یل اچیدە كورلمەگەن برنش
بولغوسیدور، بوندا فرقە عضالریدنڭ
اچیدە كوپچولكی دییەرلك اوزگەرسە
لەر كیرەك.

بولوب اعلان قلندیلەر.
سایلام تالاش‌تارتیشسز ئایاغلاشدی
سایلامدن صونگرە مجلس رئیسی طرفی
دن ۱۰ مینوت تنفس اعلان قلندی.
استراحتدن كیین بیغننڭ كوندەمی
بویچە قسم برلش وظیفە تافشوروب
ئالیش ماددلەری اجرا ایتلدی والی تاه
غو تافشوروب ئالغاندن كیین نطق سوز
لەی وعدەلەر بەردی بیغین اهلی یەڭگی
والیلارنی مبارەكباد ایلەدی قول الیشب
كوروشدی یاشاسون بیوك جونگخوا!'
یاشاسون داهیمز' "یاشاسون جاڭجو
رین!" " یاشاسون مسعود افندی!
یاشاسون عیسی افندی" دیگەن اونلوك
شعارلار بلەن تارقاشیب كەتدیلەر.
٦ - سنتەبر كونی ئاقصودن قارا
شهرگە قاراب یولغا چققوق ۳ كون
یول یوروب قاراشهرگە یتب كلدوق وا
لی محكمەسی اوز قارامغیدیكی یتون
ناحیەلەرگە خبر تارقاتب كینكەشچیلارنی
تیارلاب بولغان ایكەن، بزنڭ كلیشیمز
بلەن " سایلام مجلسی ئاچساق " دەب
بارلق كینكەشچیلەر طلب تاشلاغالی
باشلادی' براق برلەردن كلگەن كینكەش
چیلەر ایكنچیلك و باشقا جهتلردە مهیم
اشلری بارلقینی ئەیتدی' ۲ كوندن
كین كینكەشچیلەرنڭ قبول خانەسیگە
بارغوق بارلق كینكەشچیلەر ئاخونوم و
یورت كاتتالاری حاضر ئیكەن جلال الدین
افندی اولەردن حال - احوال سوراب
فاتحە اوقولغاندن كیین سایلام مجلسی
حقیدە فكر سورالدی. كینكەش اعضا
لری نامیدین محی الدین افندی قاراشهر
ولایتیدە تورت والی بولماقنڭ مهیملگی
شونڭ اوچون معاون والی اوچ نفربو
لوشقا تیگشلك ایكەنلكینی اوختوردی
كوپچولوك كینكەشچیلەر بو فكرنی قوذ
لەدی چونكی قاراشهر ولایتیدە تورك
تونگان' منغول' خطای ملتلاری یاشای
دورلەر. هربر ملت معلوم حقوقغا ای
گە بولسا ایدی' هر ساحەدیكی اشلەرنی
مز ئاسانلاشار ایدی دیشدیلەر جلال
الدین افندی بو فكرنی حكومتكە تق
دیم قیلادورغانلقینی ئەیتدی ایكی كون
دن كیین قاراشهر ولایتیگە قاراشلق ۸
ناحیە كینكەشچیلارینڭ فكریگە بنائەن
خلق استراحت اویدە سایلام باشلاندی.
مجلسكە قاتناشقانلار ئوز اورونلاریغا
جایلاشب ئالغاندن صونگرە بیغننڭ كون
دەمی اعلان قیلنب موسیقی صداسی
ئاستیدا مجلس ئاچلدی سایلام نظارتچی
سی جلال الدین افندم مجلسنڭ اهمیتی
و سایلام قاعدەلرینی ئوختوروب ئوتدی'
سایلام حقیدا فكر سوراماق بلەن بللە ئیك
كی نفر تونگان كینكەشچیسی' تونگان
لار حقوقغا ایگە بولادورغان بولسا بر معاون
والی بزدن سایلانسون " دیگەن فكرنی
تاشلادی. بو فكر توغون تالاشلارغا
اوچرادی. 3 ساعتچە تالاش تارتشدن كیین
دو كینكەشچیلەر " بو سایلامغا قاتناشمایمز "
دەب سایلام حقوقیدن واز كیچشب مجلس
زالیدن چیقب كیتشدیلەر كوپچولوك
كینكەشچیلەر مجلسدە دوام قلدی. نظارت
هیئتی طرفیدن سایلام چەكی تارالدی.
زوشوفڭ ۳٤ تاووش قازانپ والی
علان قلندی. معاون والی سایلاش باشل
لانب ٤۲ تاووش بلەن نادیپ ( محمد
بكم ) تاگولڭ بی ( مونغول ) لار معاون
والیلقغا سایلاندی.
مجلس ایرتە داوام‌لاشتورولادورغان
لقی اعلان قلنغاندن صونگرە مجلس
بوكونی تارقاتلدی ایرتەسی مجلس ئا
چیلب قسم برش و تامغو تاپشوروب ئا
لش مراسملری ئوتكوزولوب مجلس اهلی
اونلك شعارلار توالاب تارقالشدی.
تونگان كینكەشچیلارینڭ تاشلاغان
فكریگە قانائتلنەرلك جواب بریب بولغا
چقەوق.

عبدالرحمن محمدی

# اشچى كاسبلار جمعيتى دە

اونكەن يل ٥ - ئايلاردن باشلاب بر قانچە كاسبلار مصلحتلەشيب بورهان افندى عيسى بگيم وە محمد امين حضرتملەرگە اولكەمزديكى اشچيلارنڭ صناعتدە ئارقادا قالغانلقى وە خارزار بولوب يورگەنليكينى ئەيتيب يول يوروق كوتكەن ايدى خلقيمزگە غمخورلوق قلغوچى بو زاتلەريمزنڭ يول يوروغى بويچە ١ - ماى بتون دنيا ئەمگەكچيلەر بايرامى مناسبتى بلەن مدنيت قلوبيدا بورهان افندى محمد امين حضرتم سيف الدين افندى باشلق هەر ادارە ممثللەرى وە هەر ساحەديكى تورك اشچى كاسبلار بولوب ١٠٠٠ دن ئارتوق كيشينڭ اشتراكى بلەن جمعيتيمزنڭ قورولوش وە سالام مراسمى ئاچلدى كوپچولوكنڭ تكليفى بلەن مراسم بورهان افنديڭ رياستى ئاستيدا تكبير بلەن باشلاندى•

خلق ئارا محنت كەشلەر بايراميڭ تاريخى اوستيدە معروضە سوزلەب اشچيلارنڭ جمعيتگە يەتكوزوب بردورغان تقديمانى شولا يوق شهريمزدە تورك اشچى كاسبلار جمعيتينى قوروشديكى تورلوك احتياجلار اوستيدە سوزلەب حكومت طرفيدن جمعيتكە ياردم اليب بريشكە وعدەلەر بريب سوزينى توگەتدى•

صوڭرە محمد امين حضرتم سوزگە چيقيب دنياديكى هەر بر مملكتدە اشچيلار برلەشيب هنر صناعتنى ترقى قلدورماقدا ايكەنلكينى اولكەمزدە ايسە اشچيلارنڭ حاضرغيچە اشسزلق بلاسيدن قورتولا ئالماغانلقى حقيدە سوزلەب بوندن كيين جمعيتنڭ جانلانشى اوچون بر قانچە فكرلەرنى كورسەتيب اوتدى•

صوڭرە جمعيتيمزنڭ سايلامى اوتكوزولوب مديرلققا مقصود ئاخون معاون مديرلققا عبدالاحد مخدوم محمد عبدالەلار بەلگولەنب ٢٠ نفر كشى اجرائيە هيئت اعضالقيغا تعين قلندى عبدالا مخدوم اوز اورنيغا محمد نيازنى بەلگولەب ساعت ٥دە مجليس ياپيلدى•

شو كونى جمعيتكە بەلگولەنگەن كشيلەردن محمد عبدالله كاتب قربان نور ٢ - كاتب عبدالله قارى خدمتكە كرشتى بر نەچچە كون اوتەر اوتمەس قربان نور قاچيب كەتدى عبدالله قارى روخصت سوراب چيقيب كەتدى محمد نيازمو ٧ - ئاينڭ ٣ - كونى استعفا بەردى باش مدير مقصود ئاخون ١ - سنتەبردە استعفا بەردى•

ايلڭ ئاخرى محمد عبدالله جمعيتنى ياپيب قويوشقا مجبوريت سەزدى هيئت اعضالەرينى ايككى قتيم مجلسكە چاقيردى قربان حاجيم محمد حاجيم عبدالله نعمانى محمدخان عبدالله قارى راى الدين قارى على ئاخون تورسون ئاخون عبدالله نازباى قادر ئاخون كريم ئاخون سلطانلارنى چاقريب ١٥ - سنتەبردە مركزى تورك اويغور اويوشماسيدا مجلس ئاچدى مجلسكە عيسى افندى محمد امين حضرتم ناسر بك چنگرخان داملالار تكليف قلندى•

جمعيتمز قورولغاندن برى برمونچە لاغان بوزوق عنصورلەر جمعيتيمزگە ئارالاشب الب، ئشيمزغا توسقونلوق قلغانلقى هيئت اعضاليريمزنى جمعيتيمزدن و وطنيمزدن ئايريش ئوچون قلغان حركتى وە جمعيتيمزنڭ بو عكس الحركتلەر نتيجەسيدە بوگونكى حالغا قالغانلقى ئوستيدە بياناتلار بريلگەندن صونكرە، محمد امين حضرتم تورك ئشچى، كاسبلار جمعيتينڭ جانلانشى اوچون برمليون دوللار اعانە قلدى•

عيسى افندى جمعيت اعضاليريدن صادق بولماقنى، حكومتنڭ اعتمادينى قازانغاندا الا جمعيتنڭ مستحكم بر تشكيلگە ايگە بولادورغانلقى توغراسيدا سوزلەب فقير، غريب اشچيلار ئوچون بر ياتاق حاضرلاب ئولارنڭ تورموشيدن خبر ئالب تورماقلرينى اميد قليب ٥٠٠٠٠٠ دوللار اعانە قلدى•

ينە جمعيتنڭ تالون وە بلانكا قتارلق كرەكلك نرسەلەرينى ئالتاى نشريات ادارەسينڭ باسيب بريدغانلقينى ئەيتيب اوتدى•

چنگزخان داملا جمعيتنڭ هر قانداق اشيغا ياردمدە بولوب توراديغانلقينى ئەيتدى•

شونڭ بلەن كەچ ساعت ٥دە مجلس ياپيلب، هيئت اعضالرى يولباشچيلريمزغا تشكور يوللا ياراق قزغن روحلرينى افادە قيلب تارقاشب كەتدى.

«مخبر»

# بونى اڭلاغانمو سز؟

فنى ساواد

## يردن ئايغا چققالى بولورمو؟

دنيا يوزيديكى اليك انساندن تارتب بوگونگى انسانلارغا قدر هركشيدە ئايغا چقماق، كورمەك و ئونى بلمەك ارزوسى باردور، حاضرغا قدر بوننكغا هيچ كيم موفق بولا ئالمادى عالملار، فن اەملرى پرافيسورلار اويلانديلەر فقط بوننكغا چارە تاپا ئالماديلەر•

حاليوكى يولس ويرنە اسميديكى بر رومانچى خولياسيدا دها توغروسى رومانيدا ئايغا چقدى. قانداق؟

مشهور توپچى بويوك بر توپ ياسايدور، بو توپقا بر ئوق ياسالادور. ايچيگە ئوچ ارقاداش چوشەدور. توپ ئاتيلادور بر لەرزە بيترەيدور. ئوق ئاتيلادور وە يوقاريغا مائيدى بوشلوققا••

هوانڭ بوشلوغيدا ساعتلەر، كونلەر هفتەلەرچە ئوق ئوچادور، ئايغا ياقنلاشادور، فقط ئاينڭ جزيبەسيگە اوچراب ئاينڭ اطرافيدە ئايلانادور•

نيهايت اوقدر تيز چوشەدوركى ئارقاغا ئارقاغا ئوچادور و دنياغا توغرى ايلگريلەيدور دنيانڭ جزيبەسيكە ياقنلاشاراق دنياغا توپ توغرو كيلەدور الڭ صوڭرە اطلاس دينكزينڭ مدهش دولقونلرى ئاراسيغا توشەدور اوق اچيلادور قهرمانلەر چيقادورلەر•

بافالى، بو رومان قايسى كون حقيقت بولغوسى•

## ئاى يالغوز كيچەلەرى ياروق بيرەمدور

خير ئاى افقنڭ فوقيدە بولغاندا ياروق بيرور ئاينڭ كوندوزلەرى اسماندا ئاپپاق جسم اولاراق كورونوشى ياروقلوقنى عكس ئەتكەنلكيگە وە پارلاغانلقيغا بردليلدور•

## ئاى نورنى نەدن ئالور

ئاى نورنى قوياشدن ئالادور ئاى ئوچكەن برجسم بولوب، كوننڭ ياروقى بلەن يەر يوزيگە كيچەلرى ياروقلوق برەدور.

ئادرس: اورومچى تەنگوەن يولڭخەيپغاڭ نومر١٨ ئالتاى نشريات ادارەسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

۱۹۴۷ ییل ۲۹ نجی سنتەبر — دوشنبه — ۸۶ نجی سان

تلده، ئشده، فکرده، برلك!

# ئرك

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

مدیری: عیسی الب تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

بهاسی: دانه‌سی ۱۰۰ ئایلیغی ۱۲۰۰ دوللار
هجری ۱۳۶۶ ذوالقعده ۱۲

ئالتای نشریاتی طرفندن هفته‌ده اوچ چقادورغان سیاسی، اقتصادی، اجتماعی، علمی، فکری و ادبی غزیته‌دور.

## مال بهاسی اورله‌سه نمه بولادور؟

یاز ئایلری توگه‌ب کوز ئایلری یتب کیلش بله‌ن ئاسماندا قارا ساوغ بولوتلار اویناشقا باشلادی. بولوتلر ئاسماندا کوره‌یازب مهربان قویاشنك ایسسق نورینی بشرنك پشانه‌سیدن ئایریب تاشلاب، بتون جانلق نلك غوللرینی قوروب تونکلانشقا کریشتی. ساوغ طبیعی هر یلدا جانلق نلك باشیغا بر مرتبه کیلیدو، ساوغ اوزینلك بهادرلیغی بله‌ن کوب جانلقنی قاخشاتادور یغلاتادور امدی هر بر جانلق طبیعی بو ساوغ دردینی تارتب زه‌ریني یوتساکغا یه‌قلار ایدی.

اما قار ایدیه‌ان بولساق قش فصلی نلك حوت شوئرغانلری یتب کیلش نلك ئالدیدا، بازاردا مال بهاسی ئورله‌پ کتدیلەر مال بهاسینلك ئورله‌ب کتیشی قش عذابیدن نچه حصه ئارتوغراق عذاب بولماقدالر حقیقتده هم بوگونکی بها ئه‌رتەیوق، دیگه‌ندەك بوگون ۸۰ ملك لق اون ئه‌رته‌سی ۹۰ ملك ـ ۱۰۰ منکغه چقدی. نان ۴۰۰ دوللرغه چقدی کمور ۵ ملك دوللرغه چقدی. کیم ره‌خـ تلری کون ساناب اوسمه‌کده بر اوتوك ۴۰۰ منکغه ساتیلیدیغان بولوب قالدی. و حکذا بونلك نه‌تیجه‌سیده:

„ یاز بار، قیش بار، ئالمیرماك اش بار" دیگه‌ندەك بتون ئادملرنلك باشیغا قانتیق ایش کله‌مه‌کده دور. بو ایش تورموش مسئله‌سیده‌کی بر قانتیقچیلق بولوب، قش عذابیدن نچه حصه ئارتوق عذاب بولوب تورماقدادور.

بز جمعیتیمزگه چوڭقور نظر سالیب قارایدیغان بولساق جمعیتیمزده ۲۰ فائض‌گه یقین بای و اورتاحال تورموش‌دیکی خلق بولسا، قالغان ۸۰ فائض خلق کمبغل، غریب ـ غوربا، یتیم، اوغول تول خاتون، قیری ـ چوری، ئاقساق چولاق ایشله‌مچیلردن عبارت، مال بهاسی ئورله‌ب قمتچیلك بولغانیدا جمعیتیمزده‌کی ۸۰ فائض‌نی تشکیل قلغان شو عاجز خلقلرنلك تورموشی قانداق احوالدا قالادور؟ مثلا: ایشله‌مچیلر ئالته ئای یاز بویی پشانه‌سیدن ته‌ر توکوب ایشـ له‌ب کتمه‌ن چاپیب تاپقان فلی بعضینلك ۵ ـ ۶ ـ یوزملك دوللر بولسا، بعضینلك بر ـ ۲ یوزملك دوللارغه ئاران یته‌دور، فل تاپقان اشله‌مچی لارنلك بعضیسی بالا غوز جان بولسا، بعضیسینلك عائله‌سی بالا ـ چاقاسی بولادور، شونداق بولغانـ دا بر یل ایشله‌ب تاپقان ۲ ـ ۳ یوزملك دوللار پولی قش اوتکوزوشکه یاراـ نمو؟ یوقمو؟

بونکغا چوتنی قانچه اورغان بله‌ن فقط یه‌تمه‌یدیغانلقی کورونودور. امدی اولرنلك تاپقان فلی قیش‌نی اوتکوزه‌ر لك بولماغاندا ئانکلایمزکی: بولولك ـ بو لونکلارده کمبغللرنلك ـ وای دادلرینی! خدانی یوزملك ساغیب یغلاشملرینی!

بو قش‌دا، قانچه‌سی ئاچلقدن اولوب قانچه‌سی ساوغدن اولوب دیگه‌نده‌ك ئاچینشلق حادثه توغولوشقا باشـ لایدور. شونلك بله‌ن یورتومزنی ئاچلر نلك ـ یالانغاچلرنلك فریادلری قاپلاب زور قایغو، زور ماتملرنی وجودقا چیقارادور ینه اونکدن تاشقری اوغریلق اشـ لری بولاك تالاك اشلری قاتللق اشله ری توغولوب یورتنلك خاطره جمعی لیـ کی‌گه دخلی یتکوزودور. و حکومت‌نلك باشیغا ئاغریق پیدا قلادور دیمه‌ك مال بهاسی‌نلك اورله‌شی بله‌ن یوقاریده‌کی ئاـ چینشلق حادثه‌لر توغولادور.

امدی بتون خلق و حکومت یوقاـ ریده‌کی ده‌ك کمبغللرنلك ئاه زارینی پیدا قلمایمز یورتدا بولاش ـ تالاش اشلرینی کورمه‌یمز حکومت‌نلك باشیغا ئاغریق تاپیب بەرمه‌یمز دەیدیغان بر فکرگه کله‌مه‌کیمز لازم. شو کلگه‌ن فکوبمز بله‌ن جددی چاره قلب مال بهاسینلك یوقاری کوتورولیشگه یول قویماسلقیمز لازم.

بونلك اوچون: ۱ ـ دن بتون خلق برلکده مال بهاسینی اورله‌نشکه سببچی بولغان کشیلردن انصاف تیله‌شیمز لازم هم‌ده بازار بهاسینی اورله‌نشکه سبب بولغانلرمو انصاف قلیشی لازم.

۲ ـ دن حکومت کوچلوك امر و یاکی کوچلوك تشکیل بله‌ن بازار بهاسینی چه‌کلیمه‌گه ئالیشی لازم.

۳ ـ دن حکومت کوب مقداردا سرمایه چقاریب چه‌تدن مال کلتوروب حکومتکه‌مو زیان قلمایدیغان خلققه و بازار بهاسیغا هم زیان قلمایدیغان بر حالدا معلوم بها بله‌ن خلقلرگه مال ساتب بریشی لازم منا شو یول بله‌ن بازار بهاسینی برخل توتوب تورغیلی بولودور.

اگر ئانداق قلماغاندا مال بهاسی اورله‌ب کمبغل لرنلك ئاه زارینی یورتنلك خاطره جمع سزلکینی حکومت‌نلك باشیغا قانتق ئاغریقنی پیدا قلیدور.

الك اخردا، حکومتمزنلك حاضرقی خلق تورموشینلك قینلاشقان احوالینی نظرگه ایلب بر تورلوك چاره قوللونشینی قایتا امید قلیمزهمده‌هر بر آجارتچی سودیگرلریمزنکمو اوز مکارلقینی یوقوتوب بازار بهاسینی یوقورلاتمای عاجز کمبغل تول‌خوتونلرنلك ئاه زارلرقی وه یقین کلگوسیده‌کی تورموش احوالیغا نظر سلیب حاضرقی بازار بهاسینی پەسله‌تشینی وه بازار بهاسینی بر تورمیدا توتوشینی سورایمز.

## مدیریمز عیسی بك افندی اوچ ناحیه وکیللریگه ضیافت بردی

# قارشیلاماق اوزره بر مهیم نطق

ل باشی اوتکەن ساندام

وای سوداگرچیلك قلسام بوزیمزنی ئاقارتامدیکەن دیسەنکزلر بز توبەن حساب لیغان لانجولوقلرغا نسبەتەن اوزینك یورتی بولمیغان جایدا یوغان دوكان قو روش ' هربر محیط اچیدە بر اش قلا لایدیغان « قورساقینی باقالایدیغان خلق ایکەن » دیگەن ئاتکنی لانجولوقلرغا بردی • حقیقتدە بزگە اوندن توبەن قا راب کتکەن ایدی . لانجوغا باریب کور سانکزلر بیلیسزلر، ٢نجیدن بولر اتفاق جهتدن بتون اولکوگەنامەنە بولالایدور بولر لانجولوقلرغا بر - برسینی سویو دیغان ، بر - بریگە یاردم قلیدیغان بورن سویەر ، خلق سویەر ئادملر ایکەن دیگەن ئاتکنی بردی • من هندستان ' افغا نستان ، عربستان قتارلق جایلرغا بار دم ، بو جایلردیکی یورتداشلرنك اتفا قی بر - بریگە حرمتی لانجودیکی یورتـ

داشلرچیلك یوق •

بونك سرتیدا مکتب ئاچماقچی ' مجموعه چقارماقچی بولوب کوب قیناغان وقتلاریمزدا بولر مادی ' معنوی طرفدن یاردم قلیب توردی چونكچنکـ کدیکی وقتیمزدا بزنك قورساغیمز کیی میمز توغرولوق کوب یاردم ئەتدی حکو متنك برگەن قلی بلەن حیاتنی تەئمینـ لەش ممکین امەس ایدی منابو حقدە بولرنك کوب یاردمی تككەن ، منا بو اولتورغان احمد توختی بیگم بولسا ، لانجودا دوكان ئاچقان بر تورکستانلق بولماغاندا لانجودا سوپون اشلەب چقا ریب ساتیب یورگەن ، لانجودا ٤ - تورکسـ تانلق بولغان بولسەو ' کوب فقیر ایدی من لانجوغا کتکان کونلارمدە ' من لانـ جودا بر عصری سوپون زاوودی ئاچـ ساق . داخلدیکی تورکستانلقلارنك حیا

تینی تەئمینلیسەك دیب احمد توختی بگم گە ئەیتدم ' ئاذام قل چقاریب ' بولرقل چقاریب ٢ - ٤ مك دوللار بلەن سوپون چیلق ئشینی باشلادی . ینا بر طرفـ دن اوزوم ساتیدیغان تەنزە ئاچدی بو لر تجارت قلیب فایدا تاپقاندن کین سو جو ' ئەنشی یومین دیکی یورتداشلر ئاستا لانجوغا سورولوب کلیب یزلاب یورتداشلر توپلاندی ، ئاخری بوگونـ کی کونده لانجودا کاتتا سودا دوکانلر غا ایگە بولدی ' منا شولرنك هممسیـ نك بولینی قوینك ئلدیغا توشکەن ئوچکیدەك ئاچقان ' منا بو یورتداشلر دور • شونك اوچون بولرغا علاحیدە حرمت بلدورمەی اوتالمایمن .

ئاخرغا کلسەك ، هر قایسی چققان بو وکیللرنی هردائیم ئارقیدا یوروب کوتالمیدم ' بوگون چاقریب کلتورگەنکە توشلوق برنرسە حاضرلییالمیدوق منكـ بوگونکی تەزیادنی اوریاز ' توتسون پیچان خلقیغە یتکوروب برشینی سو رایمن • توربان بولسا، مدنیت باشلانغا دارهبرلك قلغان بر جای ' بو نطه

(داوامی - ٣ بەت سزیق اوستیدە)

## بر تورکستانچینك جهانغه انظاری

دور ' بوگونکی باسقوچیدە ایکەن ' جهاننی بر تهدید زنجری اوراب ئالغان حالدە دور • ئانك اوچون جهانیمزدکی هر بر ئادم بوخل تهدید ئالتندە استقبالغە بر بقیم قال سالماققە مجبور دور . بوگونـ کی کوندە جهاننی و جهاندە بار تهلـ کەنی ئوگەنمیگەن ئای اورگونشکەشغللانـ میغان زات ' بوگونکی کشیلیکنك عنصری بولالمایدور ' دنیانیمە تهلیکە نیمە ؟ قایداق قلغاندە بوتهلیکەدن قوتولوب ' ایدالایدکە معروض تنجیلق اورناتماق مە کن بولادور ؟ دیگەنلرنك هممسی ' امدیـ لکدە حیاتدن ئوتکەن و معظم بر پلان یاپماق حسی بلەن یکونالەنگەن حالنی برپا اتمکدەدور . بونقطه نظر بلەن اشنا قالغان بر تورکستانچی عینی حالدن جهانیغا بر انظار برمکینی عصری وملی بورچی دیب مدعا ایتیدور .

دخی تونوگونکی ایکنچی جهان او روشیدە، عمومی برهدف سازی ماکماق ئوزرە برمرکزگە فکر و کوچ توبلاغان متفیقلار ' ارتەکی ئوچونچی جهان ئورو شیدە بر - برسی علیهنه سوقوش قلماقینك اد تمالی بك ئاهدن توراذور ' طبیعی وقتی

کلگەندە بر صفار بورنقیسی کبی فاشیستك و یاخود دەمو قراتیك بولوب ایکیگە ئایریلماچاقدر . شوندافلا ایکنچی جهان ئوروشیدکی کبی بی طرفلك مسئلەسیدە بك ئاغر شرائط اچندە سوقوش مجبوریـ تی ئاستیغا توشەچکدر • ئوچونچی جهان ئوروشی اولقیسی کبی توسات و احتمال ایله باشلانماسدن ، ئوزون بر جریاننی تجربه اتکەن و تیارلیقی پشقان حالدە اورتاغه چققان صنف اوروش بولاچاقدور حاضردن باشلاب قومونستك تهدیدکه اوچ راش احتمالینی توشەنگەن دولتلر ترومانیزم قوچاغیغا ئاتیلـ سالر ' ترومانیزمدن بزگە تهدید یتە دور و اونك احتمالی بار دەب توشەنـ گەن دولتلر و یاخود ' «قومونستیك مذ هبتینی » تاتیغانلر استالینزم صفیگە ئاتلـ ماقدالرە . بوخل صفار قوبروقلری و او لرنك مدعاسی ' ینە اوشا وضعیتدە جان ساقلاب قالماقنی مقصد عمومی اتگەنلر دور • بو مناسبت ایله اورتا وجنوبی ئاوروپا ' یاقین و اوزاق شرق شمال موز اوقیانوسینك شرقی جنوبی و اورتا دینکز لر ایزملرنك تجربه خانەسی و بازا قلماق

نیتینك اورنی بولوب قالدی • شونك اوچون استالینزم و ترومانیزم بر برسی علیهنه کورەش ئاچبوانقلابی سرتقی معا ملەدور . استالینزمنك قوتی بر تورلوك شکلسزمسلك و مفکورەدن مرکب بولوب ترومانیزمنك کوچی ایسە شکللك ئالتون قل و مادیتدن عبارتدور • استالینزم هر بر دولتلردکی قومونیستك فرقەلرنك سیا سی حقوق کورەشیگە یاردم ایتب ' مما ویتنك ئامریقا و انگلترەلر کوچیگە مقا بل کوچینی ئارتورار ایکەن ترومانیزم هر بر دولتلر سیاسی حقوقینك کفالتیـ گە یاردم اتمکدە و ئامریقا و انگلترە لرنك ساویتدن مدافعه قلماق کوچینی دوپەیتمکدەدور استالینزم حرکتی دیمك ترومانیزمگە علیهی حرکتدور شولایوق ترومانیزمنك حرکتی استالینزمغا علیهی حرکتدور • بو ایکی حرکت هر بر دولتـ لر داخلندە اوخشاشلا حرکتلنمکدەدور . همدە بوخل بر بری • علیهنه بولغان مخـ تلف حرکتلر نتیجەسندە هر بر دولتلر دە اچکی و سیاسی اوزگوروشلر یوزە گە چقماقدەدور . شونك اوچونکی استا لینزم تورکیە و یونانستاندە حرکتلەنمەك استەسە عینی زماندا ترومانیزم تورکیە

دە توورپان بيوك بر عزتكە ئيگە، بانا شو طرفينى يوقانماى معارفقا اهميت برسون، خصوصا توورپان بايلرى هر اشنڭ ئاساسى معارف ديگەن معارفقا اهميت بريب، اولقى موصول حاجم مقصود ئاخون محمود محيطى لرغە اوخشاش مكتب معارف اشلريغا مادى طرفدن ياردمدە بولسون.

بو اورنادا مانان بانور بولسا، ئالتاينڭ اركينلك تەنكلك سوقوشيدا كوب فعاليت كورستكەن شو ئاغرلقدن قوت قازغان زاكربا؛ ساليس مادامبەك افنديلر بولسا، كوب غيرت كورسوتوب عذاب چيكيب يورگەن قازاق قرداشلرنى يورتيغا قايتب كليشيگە فرصت حاضرلاب برگەن و اغرلقدن چقارغان باشلردور. بولرگە تشكر بيان قلماى تورالمايمز.

بوگون بو اولتوروشدە، توورپان پچان توقسون وكيللرى قازاق وكيللرى لانجودن چققان يورتباشلردن باشقاكوب كشيلر بار، بولر بولسا منڭ حرمتمگە ايگە بولغان ضيالى الغار باشلاردور. بولرنى برگە چاقريب سزلرگە تانشتورماقچيمن. حاضر بردن تانشتوروب چقاى ديسەم وقت تار، شونڭ اوچون داستىرخان يغلغاندن كين كوروشوب تانيشب علاقە باغلاشيب ئالايلى.

من بوگون كوب اشلر بلەن ئاوارە بولغانلقم اوچون سوزلرم الگرى ئاخرى بولوب قالدى عفو قلشلرينى سورايمن

(تمام)

## ئالتاى نشريات ادارەسيدە ضيافت

٩نچى ئاينڭ ٢٧نچى كونى كەچ ساعت بردە ئالتاى نشريات ادارسى. توورفان. توقسون پچان 3 ناحيە وكللرينى وە لانجودن چققان تجارلريمزنى قارشى ئالب چوڭ برضيافت بردى. ضيافتكە ٦٠دن بارتوق كشى قاتناشدى. طعام ئاريلاب استراحت وافتلريدا، مهمانلر ئالتاى نشرياتينڭ اشلرى و ماشينالرى بلەن تونوشوب چقدى. صونكرە مديريمز عيسى بك افندم ئالتاى نشرياتيمزنى تونوشدوروب ئالتاى نشرياتيمزنڭ بولى وە تشكيلى حقيدە نطيق سويلەن اوتـيكەندن كين ضيافت ساعت ٥لر دە تماملاندى

## چين مهاجرلرينى عمومى سايلام ئشلريغا قاتناشتوروش بعضى دولتلر طرفيدن حمايە قلنماقدا

(مركزى ئاژانس شانكخەى ٢٢ سينتابر تيلغرامى) لووى جزنڭ ٢١- سينتابر كونى مصر بلەن چين مهاجرلرينڭ عمومى سايلام مسئلەسى حقيدە ئەيتقان سوزيدە: "جنوبى، شمالى ئامريقانڭ بر دولتيدە چين مهاجرلرينڭ عمومى سايلامغا قاتناشيش اشلرى نهايتى دوستلوق كيفياتدە ساقلانماقدا شونڭ ئوچون هر بر دەولەتديكى چين مهاجرلرينڭ عمومى سايلاش اشلرى موشو صورتدە يورگوزولسە، كيرەك ايدى مالايديكى بر قانچە دەولەتلر بونداق سايلام يورگوزوشكە قارشيلق قيلماقدا منابو حقيقتنى ئاچوق توشەنميگەنلكى حكومت طرفيدن مصلحتلەشب بوبر اميدكەيتشنى تەلەب قلساق هر بردەولت بو اشنى حل قيلب بەرمە بولودور اگر سە بز طرەفدن باشقا بر چارە وە قوللونوشقا لازم كلەدور ديگەن

و يونانستانغە بولەك وە يار دەمدە بولماقدا دور ترومانيزم ايتاليە وە فرانسيەدە حركتلنب عينى حكومتلر قومونستلرنى تازيلاشدە ياردمگە مالك اولسالر استالينزم وينگريە وبلغارستان ايكى دولتدە سياسى ئاقمنى حركتكە كلتورمكدەدور، استالينزم چيندە حركتلەنب، چين شمالى شرقندە قومونيستلرغە ياردم ايتەركەن، ترومانيزم چينگە ياردم ايتب قل قرض برمكدە و برمكچيدور. منا اوشا خل احوالاتلر ئالتندە جهاننڭ تقديرينى حل قلاچاق مسكاو يغينى ملاكتكە اوچرادى. شونڭ اوچون بو ايكى مسلك ئوزەنگە تپشتوروشدن، جهان كشلرى محقق ئاچونيمزدە ٣ نچى اوروش بولادور ديگەن انظاربلەن تفايەلنمكدەدور. ئاسمان ئاستندە قومونيستلر. استالينيزم قوتى بلەن حركتلەنگەنى بزگە معلومدور. سوقوشدن صونكى ئامريقانڭ هر بر دولتلرگە قلغان ياردمى (عمومى سومماسى اون بەش مليارد ئالتون دوللردن ئارتوقدور) ترومانيزمنڭ هر بر دولتلردە كورسەتكەن فعاليتيدور. بونڭ ئاوقان بولينى كوزدن كيچرسەڭ ترومانيزم قايسى دولتلردە حركتكە كلگەن وغلبە قازانغان ايدبكينى ئايدن توشونالايمز (

سوقوشدن صوڭ ئامريقانڭ هر بر دولتلرگە قلغان ياردملرى (حربى احتياجلگە ياردم ايتلگەن قور الل بونڭ اچيگە كرمەيدور.) توبندكى جدولگە باقيڭ :

| قايسى يەرگە نيمە حقدە | مدتى | باهاسى، سومماسى |
|---|---|---|
| | | (ئام. دوللارى) |
| انگلتەرەگە قرض بريلگەن ئاقچا | ٥٠ يل | ٢٧٥٠,٠٠٠,٠٠٠ |
| حربى احتياج اوچون سانالغانلار | قرض حسابغيە | ٨٢٤,٠٠٠,٠٠٠ |
| ياپونيە، قورە، ئالمانيە ئاوستريە | | |
| قتارلق قوتقوزولغان مملكتلرگە | | ١٤٥٠,٠٠٠,٠٠٠ |
| ياردەم اوچون | | |
| بانكالر ئارقالى اجنبيگە قرض | ٣٥ يل | ٢,٠١١,٧٠٠,٠٠٠ |
| ياردەم ايشتيلگەن ماديت | | ١.٠٣٠.٠٠٠.٠٠٠ |
| صوقوشدن صوڭغى بتم بويچە | | ١.٨٤٨.٠٠٠.٠٠٠ |
| اسكادرالر ياردمى | | ١٠٧.٠٠٠.٠٠٠ |
| فيلپپينگەئە (برقسمى قايتورولغان) | | ٦٩٥.٠٠٠.٠٠٠ |
| متفيقلر ناميدن ياردملر | | ٢.٦١٧.٠٠٠.٠٠٠ |
| (ايكنجى) | | ٣٥٠.٠٠٠.٠٠٠ |
| جهان بانقاسيدن ياردملر | | ٦٣٥.٠٠٠.٠٠٠ |
| قينچيلققە اوچراغانلارغە اونررا | | ٧٥.٠٠٠.٠٠ |
| برگەنلر | | |
| يونانستانغە ياردم (حربى ياردم | | |
| بوندن تەقارى) | | ١٥٠,٠٠٠,٠٠٠ |
| توركيەگە " " | | ٥٠٠,٠٠٠,٠٠٠ |

(داوامى بار)

# باشقالرگە قيمت برەك

. دوست قازانماق و انسانلر اراسندا تاءثير يايماق " ناملق بو اثر ئامريقادا داله چارنەگيە اسميدەكي " برزات طرفيدن يازيلغان ايدي . بو اثر جمعيت حياتيدا كلتورەدورغان بر كوب فائيدەلري اعتباري بلەن 1938 - 1939 يللري توركيەدە ترجمە قلناراق مڭلارچە نسخەدە نشر ايتيلەدور. بو اثرني توركستان لهجەسي بلەن باسب تارقاتماق بز اوچون بەك مهيم تاپلسامو مطبعە قيينچيلقلري سببي بلەن پارچە حالدا غزتەمزگە باسب تورماقني ئويغون كورمكدەمز.

يوقاريدەكي موضوع بو اثرنڭ تورتنچي قسمي يەتنچي فصليدور.

دوستلەرمدن ايرنست گەنت خانم بر كون بر اشچي قز ئالغان وە اونكا كيلەر بازار كونيدن اعتبارەن اشقا باشلاماقني سوزلەگەن، عيني زماندا اوندن بورون اشلەگەن بر خاتونغا تيليفون ايتەرەك قونوشقان ايدي. قونوشما (صحبت)نڭ بەرگەن نتيجەسي بك ياخشي ئەمەس ايدي. فقط بو اشقا باشلاغاندن صونكرە گەنت خانم اوني يانيغا چاقيريب ئانكلاندي.

نەللي! سني اوز وقتدە اشلەتكەن خاتون بلەن قونوشدوم سنڭ ناموسلق دوروست بولغانڭني ياخشي يمەك پيشورغانڭني بالالارني كوب ياخشي باققانڭني ئانكلاتدي. فقط نازالقا بك اهميت برمەگەنلكيڭني علاوەئەتدي من اشەنمەدم چونكي اوست باشڭ پائيزە. او زەنكني پاكيزە تونقانڭغا اوخشاش بوتون اويڭمو نازا تونادورغانلقڭني بلەمەن، من كوب ياخشي اونوشيمزكە ايشينامەن هايدي قيزم چالش!

خادمنڭ ئەيتقاني توب - توغري چقدي وە ايككيسي كوب ياخشي اوتديلەر اوي پاكيزە ايدي قز چغز پاكيزە ئەمەس ايكەن ديمەسون دەب بر ساعت ئارتوق چاليشار وە خانمني خوشحال قيلار ايدي.

بالدوين لوكوماتيف اعمالتخانەلري مديري ساموئل يا اوكلانين ديدوركي: بر ئادەمنڭ سايغيسيني (حرمتيني) قازانسانكز اوني اسانلق بلەن ادارە قيلالالورسز حلالي الحصە اونكا بر معزيت يوزيدن سايغي كورسەتكەنيڭزني حس ئەتسەنكز رضيەت اوستون ئالماشدور"

مشهور اديب شەكسپر اگر بر ئارتوقلقيڭز بولماسا! فضيلتلك كورونمەككە چاليشڭ" ديگەندور قارشيڭزدەكي كشيدە انكشاف ئەتدورمەك استەگەنيڭز معزيتني اوندا بار بولغان كبي كورسەتسەڭز وە اوني بونكا اشەندوريب ڭز بو صورت بلەن اونڭغا قيمت برسەڭز يانڭلغانلقيڭزني كورسەتمەك (كورسەتمەسلك) اوچون بتون غيرتي بلەن چاليشور وە اوشكلدە كورونمەككە اورونور.

گيئورگتتا خانم " مانە ترلنجك بلەن اوتكەن كونلرم" ئاتلق اثريدە تواضعلق بر بلجيقا (بلگييە)لك قزنڭ خارق العادە انكشافيني تصوير ايتەر.

ديدوركي: " بزگەيافين بر هوتەلدن يمەكلرمني كلتورەدورغان برقزبار ئيديكي ئونكا " بولاشقچي ماري" دەرلەر ايدي اوزي قسق كوزلك ئوزون پاچاقلق ضعيف بز قز ئيدي بر كون ينە يمەگمني كلتوردي مەنكا خدمت قلارئيدي ماقارنا تاباغي قوللريدا بار ئيدي اوزيگە بردڭ بركە ديدمكي:

- ماري! اچنكدە قاندايق خزينەلەر بار سنڭ!

هيجانلريني كورسەتمەسلك اوچون ئيلشقان ماري، برلحظە توروب قالدي هيچ بر تويغوسيني بلدورمەسلك استەدي صونكرە تابافيني ماسا (اوستەل) اوستيگە قويارق اچيگە ئارتدي ئاستا-ئاستا.

خانم، دبدي، باشقالار سوزلەمسە ئيدي، ايشەنمەس ئيدم:

ماري، اچيدە خزينەلەر بولونغانلقيغا ايشەنمەيدورغان ئەمەس ئيدي. ايشينەر ئيدي فقط معلوم قلماس ئيدي.

ئو كون بو خانم بازارغا كەتكەندن كيين سوزلريني تكرار وە ايشەنچيني بيان قلدي ئو كوندن باشلياراق ئوزگەرگەنلكيني و هەر كشيگە سايغلي بلدورگەنلكيني كورورئيدم. فقط ئەڭ بيوك اوزگورش مارينڭ ئوزاچيدە حقيقتلينەر ئيدي ئوزينڭ كوب قيمتلك خصوصيتلەرگە ئيگە بولغانلقيغا ايشەنگەن بو خاتون يوزيگە، كوزيگە اعتنا كورسەتمەككە باشلاغان اعتناسزلقدن سونوقلاشقان ياشلغي اينكيدن جانلانغان ئيدي.

ايكي ئاي صونكرە بويردن باشقا بر يرگە كيتەر ئيدم يوروشدن اول مارينڭ، ئاشپەزنڭ قريندشي بلەن ئويلنەمەك اوزرە بولغانلقيني ئوزيدن ئانكلاب خوش بولدوم.

ماري منكا:

- ئەمدي خانم بولامن!

ديدي و علاوە ئەتدي:

- سزگە بي الحصە تشكر ايتەمن!

بوبر جملە بوقزنڭ بوتون حياتيني ئالماشتوردي!"

لەبلانچ خانم بلچيقالق ماريغا الهام بەرگەن و ماري بو الهام سايەسيدە حياتيني قورتقارغان و ئوزگەرگەن.

١٨٨٥ دن بري تشكيل قلنغان و مشتريلارني استەگەن نرسەلريني استعمال قلشدا سربست قالدورغان بو مۇئەسسەسە بار ئيدي. برمو ئەسسەسەگە كرگەن هەر مشتري [خريدار] يەر، ايچەر و هيچ بر كانترولغا اوچراماس، چيقار ايكەن قانداق استحلاق قلغانلقيني ئوزي ئانكلاتور و حسابيني بريب چيقار.

بركون بومو ئەسسەسەنڭ مامورلريدن بري بلەن قونوشتوم و سورادم:

مشتريلرينڭزني هيچ كانترول قلماسز؟ جواب بردي:

- خير چونكي بوتون مشتريلريمز ناموسلق ادملر دور.

- هەممەسيلا ناموسلقمو؟

- ايچلريدە بلكي بزني ئالدايدورغانلري باردور. فقط بز بونڭغا اهميت برمەيمز بلگەنيمز برنەرسە باربولسا، قورغان سيستيمەمزنڭ كوب ياخشي چالشقانلقي و كوب ياخشي نتيجەبەرگەنلكيدور. بوقسا، بواشني يارم عصر دوام قلدورماققا امكان بولتورمو؟

بو مۇئەسسەسەنڭ دوام قلشيغا و قازانيشيغا سبب هر كشيني ناموسلق تانيغانلقيني كورسەتمەسيدور. بو يوزەدن بو يرگە كرگەن هر باي، فقير تيلەنچي بو اشەنچني يوقوتوب قويماسلقني استەيدور.

سنگ - سنگ تورمەسينڭ مديري لايس ديدوركي: باشدن چققان بر ئادمني يولغا سالماق اوچون اونڭغا ناموسلق بر ئادەم معاملەسيني قلماق كيركدور. اونڭ بو سويەدە بولغانلقيني قبول قلساكز بو معاملە ئوني ئوقدر خوشنود ايتەدوركي: ئونڭغا تەڭ كەلمەك استەيدور، باشقا برسينڭ كورسەتكەن اشەنچي ئونڭغا غرور بيرەدور."

ديمەككي، باشقالرنڭ خط حركتي ئوستيدە تاءثر قلماق و اولرني كوچلەندوروشدن توزەتمەك استەسەڭز قاعيدە شودور.

باشقالرگە شرفلك بر قيمت بريڭز و ئوفيمتڭ ياشيشيغا امكان قويڭز!

ئادرس:
اورومچي ئەنكوەن
يوك خەيخاك نومر 18 ئالتاي نشريات ادارەسي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
uyghurkitap.com

۱۹٤۷ یل ۳ نجی اوکتەبر
تلدە، ئشدە، فکردە، برلك!
جمعه ۸۸ نجی سان

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

# ئالتای

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز توركستاندور

مدیری: عیسی الب تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

بهاسی: دانەسی ۱۰۰ ئایلیغی ۰۰ ۱۲ دوللار
هجری ۱۳٦٦ ذوالقعده ۱۸

ئالتای نشریاتی طرفندن هفتەدە اوچ چقادورغان سیاسی، اقتصادی، اجتماعی، علمی، فکری و ادبی غزیتەدور

## توركستاندە قادرو مسئلەسی

بوگون یورتیمزنك مأمور حقوقی
بتونلەی اوز قولیمزغە اوتکەن حالدا
دور. شونك اوچون بو تأریخدە الك بو
یوك محتاجلقیمز قادرو (كادر) مسئلەسی' اش
اوچون ئادم یتشتورمك مسئلەسیدور. بو
مسئلەنی حل قلماق چارەسی توبندەكی
بر نچە نقطەلردن خالی بولماسا كیرەك:
۱ - اجنبیدن وقتلق قادرو كەلتورمك
۲ - اجنبیگە شاگرد چقارماق ایلە قادرو
تیارلاماق ۳ - اجنبیدن معلم كەلتورمك
ایلە قادرو یتشتورمك. منا بولر امکا
نیت داخلیدە امەسدور. چونکی بوگون
كی كوندە یورتیمزنك اقتصادی بك
ضعیف بر حالدا ایکەن' قادرو مسئلەسیگە
لازم بولادورغان مصارفقە توركستان خزینە
سیدن اسمیقا ئایریماق مشکل مسئلە
لرنك برسیدور. شونك اوچون بز
ینە بر شرطكە محتاجمز' او هم' تور
كستاننك اوزیدە, اوز معلملر تربیەسی
ایلە قادرو یتشتورمك و یاخود بارغە
قناعت قلماقدنلا عبارتدور. تخنیكا قاد
رولری دولابیلە بز یوق حسابدەمز,
مأموریتدە ینە حالیمز ئاغردور. اوردو
(عسکری) اشلریدەایسە ینە ٪ ۵۰ قازانا
لایمز. بو نقطەنظر بك ئاچینارلق حال
دور. شونك اوچون بو مسئلەدە
امکانیت داخلیدە بولغانی توركستاننك
اوزیدە اوز معلملری تربیەسی ایلە قاد
رو یتشتورمك و یاخود بارغە قناعت
قلماق اشیگە ئایریم بر نظر سالماقیمز
كافیدور' كیرەكاكدور بو حال ایلە تور
كستان معارفچیلغیدن یادكی بر كیفیار
وجودقا كەلتورمك لازم ایرقسا بوگونكی
شرائط بلەن اوغراشقان زمانیمزدە ادارە
خادملری یتشتورمك منطقی قادرولر
تیارلاب چقارماق مهمدور' بو اوچون
اولكە حکومتی ئایریم فرصت ئایریماقی
وظیفەدور.

بوگونكی قادرولرنك ۷۰ فائضی
منطقەدە اوزینی توتالمایدور' اوزی
نی ادارە ایتاالمایدور. خلق و حکومت
ئاراسیدە واسطە رولینی اوینایالمایدور.
بوگونكی شرائطنك مهملیگینی' مهملی
كی قدر ئاغرلیقینی توشنەالمایدور.
موندن دولایی عرابەكیسایگەمبتلا بولماق
دەدور. بو بك ئاچینارلقدور, ملت یور
گیگە فاجعەدور.

قادرو مسئلەسینی قادرولریمزنك
اوزی هم توشەنمكی لازمدور. ایش
اوستیدە سربست اورگونوشنی بولغا
قویوشی كیرەك توركستان بوگون بلەن
قالمایدور، یورتنك ارتەسی هم باردور.
یورتنك كونیگە' كوندەلك قادرو لازملغی
نی اویلاماق كیرەك.

بوگونكی قادرولر توركستان قادرو
لقیدە معلملك رولینی اوینامافی لازم
ایدی تەصوفكی بو حال تسکریدور
ایش ماساسی اوستیدە دائیم ناباب یازل
غان مکتوبلر كورونمەكدە' علاقە خطلر
توتوق قالایماقان اوچرایدور اشدە اوتو
نب بریش لر كبی عادتلر بارلققە كلمەك
دە„ایش" قلالە غوچینك بولوب میدان
غە چقماقدا! ... ضعیف حالار وە
باشقالار روحاً ترقی اتمکدەدور. بزنك
بو حالدە باریشیمز كولكیدور, قومبدی
یەدور. بو حاللرنك البتە یوقاتلماقی
لازمدور.

بوگون مختاریت دعواسی، بوگون
استقلال دعواسی قلور ایکەنمز. حقوق
ئالشدن اول اش قلماقنی اورگەنمك لازم
اشنك نظامینی بلمك كیرك بزدە بوگون
مسئلەگە اش بلەن جواب برمکنك
دونمكی لازم عملیات لازم قادرو مس
ئلەسندە, حکومت قینالغانی قدر؛
ملت محتاجدور بونك چارەسی فعالیتلك
تاماندن قورصلرئاچماق مخصوص مکتبلر
قورماق كرەك فعالیتسز تاماندن تجربە
كارلر واش اوستیدە اوگونوشنی جانلاند
دورماق لازم ایکنجی باسقوچ اوچون
معارفدە یوكسك واورتا تحصلنی فعال
حركتلەندورمك مهمدور بونك ایلەیوكسك
مرتبەلرگە' چتكە طلبەچقارش و قادروتیار
لاش فرصتینی بیکتمك مطلوبدور الك
مهیمی كتابات، بوخگالترە و صناعی اش
چیلر دور. بونك اوچون اولكە حکو
متی دققتینی رجا ایدەرز.

ایکنچی یاقدن قادرو لرمزدن, لط
فاً منطقەدە' اشدە' عملیاتدە اوزینی
اوزی باشقورا ئالادورغان شكلنی بار
لققە كلتورمکینی مطلوب ئاپامز.
اش عملیاتدور.

---

### اهالینك دقتینی تارتقان بر سایلام

والی سایلاش اشلری اوستیدە جدی حاضرلق
ەروانگەلی خیلی وقیتلر بولدی. جنوبی توركستان
ولایتلرید: سایلام نظارتچیلری اوروهچیدن بارغان همان
والیلر سایلانب. ایش تابشوروب برش و ایش تا
شوروب الش مراسیملری اوتکوزولوب بولدی.

شهرمزگە ولایتیمزگە قاراشلق بتون ناحیەلردەن
اولكەلك و ناحیەلك كیگەشچیلر كلیب بولغانلقدن
بوگون ساعت ایرتەگەن 10 دە فرقە بولومینك زالیدا
دوروهچی ولایتیگە والی سایلاش مراسمی اوتکوزول
مکچی.

اولگەمزدە زور سایلام اشلرینك برنجی قاپقاسی ایك
اول حاكم سایلاماق بلەن اچیلغان بولسا. ایکنجی
قاپقاسی والی سایلاماق بلەن اچیلماقدادور. بو كبی
والی سایلاش اشلریگە موفق بولالیغان خلقیمز هر
زمان اوزی سویگەن صادق وطن بالالرینك سایلنشیغا كوز
تیکەدور. خلق سایلامنی یارانادور. نمە اوچون؟
چونکی بووقت اوزی سویگەن وطن پروولرنی; سایلاب
الشقا امید باغلایدو

## بو نیمە دیگەن یاخشی.

[ شهر خبری ] اوروموچیدەکی باشلار نك جمعیتکە خدمت قلش ادارەسی قورولغانی ۵ ئایدن ئاشقان بولسامو اونك اورنی ایچکی ایشلار نظارتینك ایچیدە بولوب باشلر اومگی بلەن برلکدە اشلەپ کەلگەن ایدی. اوتکەن ۹ - ئایدن باشلاب اولکەلك تشویقات هیئتی قورولوش بلەن باشلرنك جمعیتکە خدمت قلش ادارەسی بو هیئت ایچیگە کرگوزولوب شوندن بری اوز خدمتینی تشویقات هیئتینك دائیرەسی ایچیدە تجرب کلمەکدە ایدی. بولر اوز تشکیلیدن براقدا بولغان قرداشلاریمزگە ئاسانلق توغولسون اوچون خدمتینی اولغایتش وە خلقمزگە تخیمو کوپ فایدە یەتکوزوشنی نشانە قلب بر شعبە ئایرب چقدی. بو شعبە حاضر نەنگوەن تورك اویغور اویوشماسی ایچیدە اوشبو ۱۰ - ئاینك بریدن باشلاب رسمی قورولدی.

بولر توبندەکی فایدەلق اشلرنی خلققە قلب برمکچیدور:

۱- خلق نك قانون سوراش اشلرینی حل قلب برش.

۲- باشلرنی خدمتکە تونوشتوروش.

۳- خلققە قل سز خط یازب برش

٤- پوچتە تیلیغراف اشلرینی قلب برش

۵ قینچیلیقغا ئوچراغانلرگە یاردم سوراب برش.

بو فاریدەکی خدمتلرنی ملت ئابراماسدن برتیپین قل ئالماسدن تجرب برمکچی دور. بو نیمە دیگەن یاخشی!

مخبر

## معلملر ییغینیدا ابراهم مطیعی افندی نطق سوزلەدی

[ کاشغر خبری ] ۸ نچی ئاینك ۲۹ نچی کونی کاشغر خلق قلوبیدا، سایلام اشلریغا نظارت قلب بارغوچی معاون مدیریمز ابراهیم مطیعی شرفیگە زور یغین اوتکوزولدی. ییغینغا جو جونجالك باشلق ادارە باشلقلاری و معارف ساحەسیدەکی مدیر معلملر همە، خلقلر بولوب ۳۰۰۰ دن ئارتوق کشی قاتناشتی یغین ترتیبی بوییچە جو جونجالك صوفی بك حاجملر نطقیدن کیین ابراهم مطیعی افندم سوزگە تکلیف قیلندی. مطیعی افندم « معلملر سیاستگە ئاثر اشامدو ؟ » سرلوحەسیدە ۲ برم ساعت مقداری نطق سوزلەدی.

بو سوزنك تا ئثری بتون معارفچیلرنی صفربرلککە کلتوردی معارفچیلار مدنی، معارفنی رواجلاندوروش اوچون وعدەلر بریشدی.

بو نطق شرفی بلەن مطیعی نی زیارت قلغوچیلار ۳ کونگەچە اوزولمەی کیلب توردی.

مخبر

## بیرلك مأموری ایشلرنی مذاکرە قلیش ییغینی باشلاندی

[ مرکزی ئاژانس نانکیدن 29 نچی سنتەبر تلغرامی ] بتون دولت بوییچە برلك مأموری اشارنی مذاکرە قیلش ییغینی 29 نچی سنتەبر کونی اچیلش مراسمینی اوتکەزدی. مراسمغا مأموری یالانا معاوین باشلقی وانگ بولكووجانگ

## ناحق قربانیمز اوچون یەنە بر اچینش

اوتکەن سان غزتەمزدە ۳۰ نچی سنتەبر کیچەسی یوز برگەن بر واقعەنی قسقا صورتدە یازیب اوتکەن ایدوق. اونك اوتموشی منا شوندن عبارت.

حسین بای نك نبرەسی عبدالجبار هر دائیم بازاردا لوکچەکارچە یوروب جدالرگە ئاریلشار ایدی. شو کونی عبدالجبار بر قانچە «خاچو» بالالری بلەن اوروشوب قالغان خاچو بالالری اوروشدا اوستون کلیب عبدالجبارنی قوغلاب کەتکەن. عبدالجبار قاچیب کلیب اوز حویلاسیغا کریب الیب دربازەنی ایچیدن تاقاب ئالغان. خاچو بالالری دربازەنی سوندوروب حویلا ایچیگە کریب عبدالجبارنی استەب اگر تاپیب ئالغانیدا اولتوروب تاشلاشقا قرار برشکەنلر. بونکدن خبردار بولغان عبدالجبار بخشی بر جایغا موکوب ئالغان.

شو واقتدا روسیە مهاجرلری اویوشماسینك کلوبیدە کینو کوروب بولوب اویارگە قایتقان خلقلر بو جیدلنك اوستیگە توغری کلیب قالادور. جیدل توغدورغوچی عبدالجبارنك خوشناسی راضی اوغلی بو جدلنی باستورماق اوچون ئاراشادور. بونك ئاراشماقی بلەن تەلکی اوق اوازلری چقادور.

نتیجەدە راضی اوغلی اوق تگیب وفات تاپادور. بر ئازدن کین ساقچیلر کلیب بو جدلنك جنایتچیلرینی توتوب کتەدور.

بو رحمتلك کوچارلق ایدی. صونکیغی وقتدە غولجا انقلابیدا یەنکجانکلق رتبەسی بلەن قوربمانلرچە خدمت کورسەتکەن. و سوقوشنك ئالدنقی صفلاریدە بولغان. بتمەدن صونکرە غولجا و تارباغاتای ولایتاریدە اوج ئالغان عکس الحرکتچیلر انقلاب غایەسینك کینکی زمانلردە باشقا بر یاقنك منفعتی اوچون بورولوب کتشلری، یان اوچون بولغان بروپاغاندالر روزی راضی اوغلینی ملی محیط ایچیدن قوغلایدور وە قورالسزلاندورادور. بوتون بو درد الم ملكبر عذاب کلفتلار ایچیدە اوروموچیگە قایتیب کەلگەن ایدی.

او مرحوم تورکستانچی باشلریمز اوتتورسیدا ئاتکلق و بلملك اخلاقلق ترغری سوزلوك وجدانلق ایدی. وجدانلقیغا اوخشاش وطن پرور ایدی. او بو قیتم چوچەکدن عائیلە سینی ئالب کلمەك اوچون بارغانیدا چوچەکدە دوام قلماقدا بولغان فوق العادە حرکتلرنی. کوروب وطن و ملتمزنك استقبالی توغروسیدا ئاغیر بر تینغان چوگقور قایغورغان بر یاش ایدی. بوگون وقتسز بر اولوم بلەن شوهید بولدی. راضی نك بو اولومنی کوگلمزدە ایدی اوچمەیدورغان بر داغ بولوب ساقلانیب قالغوسیدور. بز اونك اوچون اچینەدامز. بزقارا اوزلریمزدن تامغان یاشلریمز بلەن یارانقان اللەمزدن. راضی اوغلینك یاتقان یرینی جنت دە قلماقنی تلەیمز. و چین کوگلمز بلەن اونك ئاتا ئانالریغا، خانون بالاچاقالریغا تعزیە و صبر جمەلك بلدورەمز.

لاکین بز باشلر روزینك شهید بولیشی بلەن بو مسئلەدە ئاسان توگوشوب کەتمەیمز چونکی روزی بزنك بردن - بر الغار ضیالی ییگتمز ایدی بزنك بردن بر توغری کونکلی وجدانلق وطن پرور ملت پرور ضیالی ییگتمز کەندی اونك دفن مراسیمی وقتیدا نوتولخان مانم لریمزنی کوروب، کولوب تماشا قلغان دشمنلریمزنك مغرور شادلقیغە بز چداب تورا المەیمز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لی سك افندیلر باشلق وكیللر بولوب
••١گە یافین کشی اشتراك قلدیلر. بیـ
غین لی جیك جیەنك ریاستیدە اچلیب
بیغننك وظیفەسی حقیدە نطق سوزلە
گەندن سوك واك یوکوو؛ شاوجیك افـ
ندیلر طرفیدن یول یوروقلار کورسەتلـ
دی• شوندن کین شانکخەی شەهرینك
یرلك مأموریت باشلقی طرفیدن وکالتەن
جواب بریلگەندن سوك مراسم تارقالدی
شو کونی توشدن کین ساعت ٣دە تیار
گرلك یغینی هەم برنجی نوبتلك بیغیـ
نی اوزدورولدی•
(مرکزی ئاژانس نانکین ٢٩ نجی سینتە
بر تلغرامی) جیانك جوشی بتون دولت
بوینچە یرلك مأموریت اشلرینی مذاکرە
قلش یغینیدا: قوممونستلار طرفیدن
حیلە گرلك بلەن قارتپ النغان یرلرنی
تازالاش حرکتی و تزلکدە ئاساسینی تو
زەب منبعینی تازالاش خدمتینی اونوه
لوك یورگوزوش دهقانلرنك ارادەسینی
برلشتوروب اولرنك تورموشینی یاخشیـ
لاش بلەن برلك اوز اوزینی ادارە قلشـ
نك ئاساسی خدمتینی اورونداش یر حقو
قینی تکشیلەشنی عملگە قویوب یر
سزلرنی یرلك قلش مقصدیگە یەتش
حقیدە نطق سوزلەب اوتدی•

داکلادیدا ، ئامریقا دولت اشلر پالاتاسی
کیلر یلغاقدەر ٢٠ ملیارد دن ئارتوق باردم
قلش لازیملقینی اعلان قلدی •

---

## لوکس چینغا کەلمەکچی

( مرکزی ئاژانس واشینغتون ٢٩-
سنتەبر مخصوص تلغرامی ) برلشمە دو
لتلر باش قورتارش محکمەسینك حاکمی
لوکس چینغا سفر قلش اوستیدەدور• اونك
پلانیچە بر ئای سیاحت قلب' تکشوررش
اشلرینی بەجرسە کرەك• لوکس برلشـ
مە دولتلر باش قورتارش محکمەسینك
خدمتینی عمومی صورتدە تکشوروب
چقماقنی پلان قلغان. مثلا: او بوباقندا
ئاوروپانی تکشورمەکچی• خبرگە کورە'
لوکس چین دولت اربابلری بلەن یل ئا
خریدا تاماملانادورغان چیننی قورتارش
پلانی و نرسەکرەکلرینی یتکوزوب برمك
مسئلەسی اوستیدە مذاکرە قلماقچی•
وینە قورتارش نوسەلرینی قوممونست
رایونلریغا الب بارش و یاکی الب
بارماسلق مسئلەسینیمو مذاکرە قلنادور
غان مادەلر ترتیبیگە کرگوزمکنی مقصد
قلغان•

---

## خارجی قسقا خبرلر

( مرگزی ئاژانس واشینغتون ٢٩ نچی
سنتەبر مخصوص تلغرامی ) ئامریقا روسـ
یە مملکتلرنك بوگونکی غزیتەلریدە
توز ارا بر برسیگە قارشی فکر بازیلیب
خارجی جهتدە هجوم قلشدی • بوحقدە
روسیە غزنەلری ترومموننی قاتتق سوکوب
مقالەلر یازدی ' ترومموندە بونگغا قاتتق
قارشیلق کورسەتدی •

( مرگزی ئاژانس واشینغتون ٢٩ نچی
سینتەبر یونەیتیدپریس تلغرامی ) ترومەنـ
مون بوگون پارلامینتدیکی ایککی فرقە
نك رهبرلری ایلەمجلس اوتکوزوب '
وقتلق پارلامینت مجلسینی چاقرب مملکتـ
دەکی مال بهالریغنك اوسوشینی وقتلق
حل قلشقا بولامدو ' یوقمو ؟ دیگەن
مسئلەلر اوستیدە هەمدە تاشقی قورتقوزوش
مسئلەلریدن مذاکرە قلشدی •

( مرگزی ئاژانس وشینغتون ٢٩ نچی
سنتەبر یونەیتیدپریس تلغرامی ) ئاوروپا
نی اقتصادی جهتدن یاخشیلاش یغینینك

---

باشلریمزنك هرخل یول هرخل سوقصد
بر ئاستیدا اولوب توگەب کتیشینی کوتـ
کوچی دشمن لریمزنك الدیدا بز چداب
تورا المایمز •

بز هیچ وقت شرفسز اولومگە طا
قت قلب تورا المایمز بوگون روزینك
شهید بولوشی بلەن تورلی گمانلر کونکـ
لمزنی قارانکغولاشتورماقدا •

او ' چوچەکدن قایتب کەلگەنیدە چو
چەك حاکمیتینك فوق العادە حکوملرنی
وە ئالتای بایلقی نك ئاقب کیتو انقاللقینی
خلق اورتاسیدا فاش قلغان قهرمان یاز
غوچی ایدی و هم بو وقعەلردن کوب
قایغوروب وطنمزنك استقبالیدن ملتمزنك
کلگسیدن ئاغر قایغورغان ملتچی ایدی.
اونك بو وصفلری اشکارە بولار-بول
ماس ' اونك تشکیل لك سو' قصد چیلر
طرفیدن اولتورولگەنلکینی گمان قیلامز

بو گمان هر جهتدن اویلاغانیمزدا
حقیقتگە خلی یاقن شونك اوچون حکو
مت بو مسئلەگە قاتتیق دقت قلیش لازم•

هر حالدا حکومت دقت قلب انیقـ
لاب خلقیمزگە معلومات بیریب اوزیمزنك
طلبمز بویچە جنایت چیلرگە اولوم
جزاسی بویوروب برگەندەلا بز یاشلرنك

وە یاکی بتون خلق نك قصاص ئالیش
نیتیـی قناعت لەندورالایدور•

روزی رازی اوغلینك خانیمی چو
چەکلك بولوب بو قتم کوچورولوب ئالب
کیلنگەن ایدی• او خانم هم چوچەکنك فوق
العاد احواللریغا طاقت قلا المای ئانا-
ئاناسینی چوچەکدە تاشلاب بویرگە کەلگەن
ملتچی برخانمدور' حاضر اوخانم تول
قالدی' اونك ئادا ئاناسی وە یا اوروق
توققانی یوقدور' شونك اوچون حکومت
او خانمغا ایگە بولوب نفقە بلەن تعمین
قیلیشنی سورایمز' شوجملەدن چانیشوف
اوغوللری هم اوخانم نك حالیدن خبر
ئالب قارانچوق بولوشینی سورایمز •

خیر ئەی - وطنداشیمز رازی اوغلی
بوگون بز سنك دن توبوقسز ئایورلور
ایکەنمز سنك بولداشلرك وە اولکە دیکی
بتون یاشلر سنك قصاصنکی ئالشقا تیار
مز بز سنك قصاصنکنی ئالشقا جانیمزنی
بجشندە قلدوق•

تنج یات ئەی جان وطنداشمز '
تنج یات ئەی جان قرنداشمز'
گل بلەن بیزەیمز سنك قبرنکنی
اسلە سەك سنی بز اقار یاشمز

---

## توركستان اولكەلك خاتون قزلر صناعت كارخانەسینك ایشچی قبول قلش اعلانی

کار خانەمزنك تیکنچیلك ایشلری
ئوچون ییگرمە نفر ایشچی قبول قیلامز
ملت و جنس ئایرلمایدور ( بونك سرتیدا
٥نفر تجر بەکار النادور ) قبول قلنادورغان
ایشچیلرنك یاوروپا و چین یوروشیدەکی
کیملەرنی تیکە بلشلری شرط• هەمدە
اوزی پیچە بلشلری لازم شونداق بولغاند
دا لیاقتلك سائالب معاشی قلغان ایشیـ
گە کورە برلەدور ئوندن تاشقاری
اون یاتاق قتارلق تأمیناتلر بریلەدور
اگر یوقاربدەکی کبی تخنیك قابلیتیگە
ایگە بولغان و ایش قلماقنی ارزو قیلیب
یورگەنلر بولسا اعلان قلنغان کوندن اعتبا
رن نەن موك سرتیدا چیك خە خاڭدە
کی (خوشك بوت خانەسینك اورنیدەکی)
کارخانەمزگە کیلب اوزلرینی معلوم قلشلری
سوریلادور
صناعت کارخانە مدیرە سی امینە بوغرا

# علم‌نڭ فايدەسی جهالت‌نڭ ضرری حقیدە

( باشی ٨٣ - ساندا )

سوڭاك كا بیلیدك تاك ارن كابیلیك
ترجمەسی

سوڭەكنڭ لذتی يليكدور. ئادم‌نڭ
لذتی علم - بیلم بلەن بولور. سونكەكنڭ
فیلكی بولسا اونی هركم قولیغا الیب
ڧايدەلانور. كشینڭ علم - بیلمی بولسا
اونونگدن سونكەكدن فايدەلانغاننڭ هر
تورلی يول بلەن انسان بالاسیغا فايدە
يتكوزەر. اولتوروب مجلس قلسانكز انسا
نغا لذت برور.

ران كوزكی عقل اول سونكاك ذك بیلك

كشینڭ چرايلق بولوشی عقلدور.
عقل‌نی علم، بیلم بلەن تربیه قلسا عقل
تكامل‌لاشب حیواندن ئايریلب انسان
قتاريدا بولور. اگردە عقلنی تربیه قلما
سا بعضی عقلق حیواندن پست بولوب
حیوان مرتبەسیدن چقالمايدور. سونكەك
نڭ يلكی بولسا ئاتلق بولور.

بیلك سز بیلك سزسونكاك تاك قالی

بیلمسز ئادم يلكسز سونكەككە اوخ
شاش ايچی بوش ڧايدە سزنرسە دور.

بیلك سز سوڭەككە سونولماس ایلیك

يلكی يوق سوكەكنی هیچ كم
قولیغا ئالماسدن هر يرگە تاشلاب ایتە
دور. علمی يوق ادم بیلكسز سونكەككە
اوخشاش خارلانب اياغ ئاستیدا قالب
بزلارگە اوخشاش هر كم قولیدا قوللوقدا
ایزیلب يوق بولوب كیتەدور.

بیلك يلتی بولتی ارن بیلكولوك

علم بیلم بلەن ئادم بالاسی دنیاغا
تونولوب مشهور بولادور. دنیا باراناغاندن
بری قانچەمليارد ئادم اولگەندور. بولار
نڭ جسمی يوق بولوش بلەن برابر
اسمی هم يوقالدی حاضرقی كوندە دنیادا
٢ملیاردغا ياقین ئادم بار بولاردن ئاز سا
لق كشینڭ ئاتی علم بلەن معلومدور.

بیلیكسز تریكلا بیتوك كوركولوك

اوقومغان كشیلر دنیا واخرت سعا
دتیدن محرومدور.

بیلیكلك اراولنی اتی اولماتو

اوقوغان كشیلر اولسەمو ئاتی اول
مەيدور. چونكی اوقوغان ئادمنڭ دین
و ملتكە قلغان خدمتی ئازغان. اثر
لری اوقونقان اوقوغوچی شاگردلری
وينە موندن باشقا جمعیتكە قلغان
خدمتلری تاریخ صحیفەسیگە یازیلب
تورادور. توركستاندا اسلام دن صوڭ كوب
ساناقلق كشیلر اوتكەن بولسامو لەكین بك
ئاز ساناقلق كشینڭ اسمی تاریخدە ساق
لانغاندور.

بیلك سز اسان اركان اتتی اولوك

اوقومغان كشی تریك بولسامو اولوك
كە اوخشاش ئاتینی هیچ كم ئاغزیغا
ئالمايدور. يعنی اونداق ئادملر و ملتكە
خدمت قلالمغانلقدن اثاری تاریخ
صحیفەسیدە ساقلانماي اوزی اولمەك
بلەن برابر ئاتی هم يوق بولادور.

بیلیكلك بریمكا بیلكسز مینكین

اوقوب عالم بولغان بر كشی اوقو
مغان مڭ كشیگە برابردور. بو بیت‌نڭ
حقیقی ترجمەسینی ايكنجی جهان سو
قوشی ئاتكلاندی ياپون ملتی چینلیلر نفو
سیغا نسبتا بك ئاز ايدی. لەكین شونداق
بولسامو دو دولتكە دهشتلك قورقونج
لرنی سالدی، ئامریقانڭ اتومی بولماسا
بولرنڭ باشیغا نیمەلرنی سالار ايدی.
سان جهتیگە قاراغاندا چینلیلر سكز
برابر ئارتوق بولوب سوقوش وقتیدا بر
اوستی تارلق قلب موكوب يانقودك بر
ئاستیدن اونگورلر قازدی.

نەكارلی نەكادی بیلیك‌نەكین

اوقو بلیم بلەن تجربەكار بولغان
كشینڭ داڭقی چقب دنیادا معلوم، مشهور
بولدی، اونداق كشیلرنی هچ‌كم اونوتمادی،

باق كوركیل ايمتی اوقاسینايو

عقل تارازوسیدا اولچەب كور علم
- بلیم دنیادا نیمەنی قلیواتیدو.

نەننك بار بیلك تین اسیغ لق اولكین

علمدن ايلگری انسان اوچون فاي
دالق نیمە بار اويلاب كوروڭلر، علم‌نڭ
هچ باشوروڭ بری يوق انسان حیاتی
علمگە باغلقدور علمی يوق انسانلر ايت
اورنیدا اولوب كیتەدور.

بیلك برلە عالم يوقار يوقلادی

دنیا علم معرفت بلەن ترقی قلب
اوسدی.

يعنی ( ئامريقا ) ياپون و شونكا اوخشاش
بر قانچە دولتلر بار. بولر تاریخ‌نڭ ئالدنقی
باشلانغوچ دوریدە قارانغو ايدی. علم‌معر
فت بلەن مشغول بولغان سببدن دنیاغا
اوزینی تونوتوب صوڭ تاریخینڭ يوزینی
پارلاق حیاتقا دلتوردی.

بیلك سز ارنی چوكاردی قوری:

نادانلق انساننی چوكاردی قوغلادی
و قورتدی يعنی علمسز ملتنڭ سانی
هرقانچە كوب بولسامو اونی اوقوغان انس
انلار اولتورودور، قول قلب سانادر ويوق
قلادور. مانابزنڭ تاریخمزگە كوزسال
سا بولور. چونكی بزنڭ تاریخمزنڭ
اشلانغوچ دوری بك نورلوق بولوب
بارا بارا ارقاغا قایتب تاریخمزنڭ يوزینی
تومان باسب اوزومزنی - اوزمز يوق قلا
دیغان بر دورگە كلدوك، بونكغا سببچی
اوزمزدەكی نادانلقمن منلك شخصیت پر
ستلكدور. ( داوامی بار )

اسعدالله شیخزادە

---

## مال بهاسینڭ اورلەشیدیكی ئاساسی نفسانیت لر

١- اچكی چین دن مال الب چققوچی
سوداگرلر برنی برقاتلايمز دەب سار ايلردە
نفسانیت‌لك قلب ساتادور.

٢- چەك ئالغوچیلر چاي‌ولی تاپايز
دەب دوكاندارلرغە پايداچاپلاشقا نفسانیت
لك‌قلب ساتادور.

٣- دوكاندارلر برگە - بر قوشوش نفسا
نیتی بلەن ساتادور.

٤- مال بهاسی اورلیگەندن كین دهقانلر
بونكغا قاراب اشلقنی اورلەتەدور.

٥- بیمەك بهاسی اورلەش بلەن
تومانچی، اوتوكچی كیمچی لر اورلەتودور

6- بو احوالغا قاراب كوچلاردا ٢،
دوللاردن متاع ئالغوچیلر، اورومچیگە
كیلب ٥ - ٦ مڭ دوللاردن ساتادور.

٧- بیمەك ئاكاسی ١٩ ياشقا كرسە،
اوكاسی ١٨ ياشقا كرگەندەك برابر اورلەيدو.
بونگدا هچ مسئلە يوق.

٨- حكومت خزینەسی عاجزلیشیدور.
كاغز فل فاخاللاشیدور،

٩ - حكومت خدمتچیلری وای يامان
بولدی دیشیب تزینی اوولاب. بارماغینی
تشلەب قالادور.

١٠ - همەدن يامان كمبغل، عاجزيتم
اوغول تول خاتون قبری چوری، ئافساق
چولاقلر ئاه فريادینی كوككە ياڭرتب،
كوچا كوچادا بولوڭ بولوڭدا يغلاشیب
يدەميدە خدانی مڭ ساغنب، جاديدن
يوزمڭ كیچیب بچارە غریب بولوب قالادور.

ئادرس:
اورومچی نەنگوەن
دولتخەبیغاك نومر18 ئالتای نشريات ادارەسی

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

١٩٤٧ يل ٦ نجی اوکته‌بر
تلده، ئشده، فکرده، برلك!
دوشنبه ٨٩ نجی سان

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

مدیری: عیسی الب تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

بهاسی: دانه‌سی ١٠٠ ئایلیغی ١٢٠٠ دوللار
هجری ١٣٦٦ ذوالقعده ٢٠

التای نشریاتی طرفندن هفته‌ده اوچ چقادورغان سیاسی، اقتصادی، اجتماعی، علمی، فکری و ادبی غزیته‌دور

# تورکستان نشریاتچیلیغی حقنده

( مخصوص مقاله )

ع. تیمه‌ن

تورکستاننك بوگونکی غزته‌چیلیغی
یاقنقی یگرمه یللق غزته‌چیلق ترقیاتی
نك محصولیدور. بوگونکی غزته‌چیلق
تورکستان غزته‌چیلقینك الك یوکسك منا
ریدور. بز یاقنقی یگرمه یللق غزته‌چی
لق ترقیاتینی کوزدن کیچرسه‌ك یورتیمز
ده غزته‌چیلقنك بر قدر یوکسه‌لگه‌نلکینی
کوریمز. اینقسا یاقنقی ایکی یلدن بری
تورکستان غزته‌چیلقیده ایری بر اوتوق
کوزگه چالققان بولدی. بوده خلق نشر
یاتچیلقیدور. حکومت پروپاغانداسی و
یاخود حکومت ناشر افکارلغی رولینی
توتقان یورتیمزنك غزته‌چیلقی‌غه، خلق
تایدن، خلق ناشر افکاری بلەن توغول
غان خلق غزته‌چیلقینك ئارتدورلیشی
یورت و ملت ئالدنده بیوك بر اهمیت
قازانماقی طبیعیدور. ١٥ یل اولقی تور
کستانده ( یاڭ و جاڭ زمانه‌سیده ) فقط
برلا خه‌نسوچه غزته حکومت فرمانلری
نی انتشار اتمك یولنده‌غینه سعی ایته‌ر
ایدی. کیینچه ( ١٩٣٣- یلقی اوزگو
روشدن صوڭ ) نشریاتچیلق بر قدر
کوزگه کورونمککه باشلادی. بو وقتده
چوچه‌کده «بزنك تاوش» اوروم‌چیده
اویغور اقارتش اویوشماسی طرفندن
چقارلغان «یانکی شنجاڭ» غزته‌لری،
کاشغرده «ینکی حیات» ایری بر رول
توتقانی و خلق افکاریدن سوز ئاچقا
نی معلومدور. بو غزته‌لر یلارچه دوام
اتکه‌نی یوق. فقط بر نچه ساندن کین
لا قاپالشقا اوچرادی. چنانچه حکومت
غزته‌سی تورغان یرده خلق غزته‌سیگه
ارکنلك بولمادی بول قویولمادی و
حکومت غزته‌سینك الحاقی بولوب قالدی

شنگشی‌سه‌ی زمانیده اولکه‌ده حکومت
غزته‌سی بك ترقی اتدی. او علاحیده
حکومت ناشر افکاری ئاژانسی رولینی
اوینانغان بر اداره شکلیگه کلتورولدی.
اوروم‌چیده «شنجاڭ گیزیتی» اتی اس
تیده اویغور، قازاق، خنسو، روس تلی
دیکی غزته اداره‌سی رسمی قورولدی.
اونك شعبه‌لری غولجاده ایکی خل تل
بلەن «غولجه شنجاڭ گیزیتی» اتیده چو
چه‌کده مانجوچه تورکچه، خنسوچه، اوچ
خل تل بلەن «تارباغاتای شنجاڭ گیزیتی»
اتیده کاشغرده التایده بر تل بلەن، کاش
غر شنجاڭ گیزیتی، «ئالتای شنجاڭ گیزی
تی» نامی استیده نشر اتلمککه باشلادی.
صونکقی زمانلرده کینکه‌یب، ئاقصو وخ
تنده‌مو انتشار اتدی

بو چاغلرده ( ١٩٣٥- یلدن باشلاب )
داخلی چینده تورکستان مهاجرلری طرفه
دن، «چینی تورکستان اوازی»، «تیه‌ن شه‌ن
واوروش خبری» اتیده مجموعه‌لر چقیب
تورغان بولدی. ١٩٤٣- یلدن باشلاب چونک
چینده «التای مجموعه‌سی» و «یورت یغیمی»
نشر اتلمککه باشلادی.

تورکستان غزته‌چیلقینك اوچونچی
دوری اولاراق ١٩٤٦- یلدن باشلاب
اوروم‌چیده «خان ته‌نکری» و «التای» مجمو
عه‌لری ظهور اتمککه باشلادی. خلق فکر
رینك کوتورلیشی اچیلشیغا ارگشیب تور
کستان نشریاتچیلقی یڭه الغا باسدی.
ایلگرلەدی. هر یرده خلق غزته‌لری،
یغیملری کوزگه کورونمککه باشلادی.
چنانچه کوچارده «ئاق نوری» تورفانده «ئالڭ
لوکچونده» «چولفان» توقصونده «برلك» «فیض
ابادده» «الغار» ارتوشده «دارتش» شهیارده
«تاریم اوازی» اقصوده «جنوبی شنجاڭ
یاشار اوازی»، «خلق کوچی» و باشقالر خلقـ

نك فکر منبعی بولوب اورتاغا چقفان
بولدی. بختیمزگه قارشی بولرنك عمری
اوزون بولمادی. قاپالشقا و یاخود تارق
لشقا مجبور بولدیلر. عینی زمانده یو
قاریده‌کی غزته‌لرنك دونومی ایله ته‌ڭ بول
غان برمونچه غزته‌لر اورتاده قالدیلر.
یاشاب کلمکده‌لر. بولر خلق افکاری نق
طه نظرندن بیوك اهمیتلکدور. فقط
مسئله بولرنك باقی قالشیده‌دور. بزنك
کوزیمزگه الڭ چراپلق کورونگه‌ن مطبو
عاتچیلق نشریاتچیلق یورتیمز اوچون مهم
دور. مهملکی قدر باقی قالماقی لازمدور
قاراشهرده چقماقده بولغان «یولدوز» کور
لیدیکی «باغراش» لوبه‌ده‌کی «تقلا مکان»
ینکی حصارده‌کی «اوردام» کاشغر کهنه شهر
دکی «معلم» «ئاڭ» اقصودکی «خلق کوچی» «خته
نده‌کی «برلك» و باشقالر ایرم اورون الادور.

مونده‌ن باشقا غولجاده چقماقده بول
غان «انقلابی شرقی تورکستان» قازاقچه
وتونککه‌رس تانکی «روسچه، رەوالیوتسیون
نی واستوچنی تورکستان» چوچه‌کده چقماق
ده بولغان «خلق اوازی» التایدا چقماقدا بول
غان «مرکزی التای» و «غولجا» چوچه‌ک
ده‌کی مونکغولچه شیبه‌چه غزته‌لر و باش
قالر باردور.

ایلق یغیملردن اوروم‌چیده چقماق
ده و چقاریلماقچی بولغانلردن «التای»
«اوزنه‌ك» «ملی حیات» «خلق اوا
زی»، قمولده «اتالای»، غولجا باش
لر تشکیلاتی طرفیدن چقریلیواتقان «کو
رەش» کاشغرده چقارلماقچی بولنغان
«قوتادقو» وینه غولجه دینی نظارتی
طرفیدن چقماقدا بولغان «حیات» مج
موعه‌لری انتشار اتمه‌کده‌دورلر.

یاقندن بیری اوروم‌چیده چقارلب
تورماقده بولغان «اویغان» وه «یالقین»
غزته‌لری هم ایریم خاراکترلیدور.

# عثمان باتور سارسومبەگە قایتبدور

## والی عثمانننك اوز وظیفه سینی اجرا قلیشی تکری استەگەن عدالتدور

تشویق هیئتینك مدیری لیو افندینك مخبرلرگه جوابی
(چینچه ,, شلك جاك " غزتهسی خبری).

تشویق هیئتی طرفیدن ٢ - دفعه مخبرلرگه بورناكون (٤- اوكتەبر) کەچقورون ساعت ٥ده اوز بناسیده ضیافت بربلدی• بو ضیافت لیو مین چولك افندی طرفیدن اوزدورولدی• بو ضیافت اوستیده مخبرلرنك سوراغان سواللری توبندیکیچەدور.

١- عثمان باتور اوزیگیتلری بلەن التایغه کیربدور دیگەن خبرلرنی کوب ایشتدوك دولت اوردولرینك عثمان باتور بلەن برلکده کرگەن - کرمەگەنلیکینی تیخی انیق بیلالمادوق؟

جواب: عثمان باتور بو قتم التایغا کربشده بورون اوزی بلەن برابر التایدن چققان یگیتلری و یاقین کشیلری بلەن کردی. اونك بتون بو قرتلرینی اعتبارغا الغانده التایغه کرەبیلیشی امکانیت تیشیدا ایدی• فقط بز بونی حربی جهتدن الیب ایتمافدامز حالبوکی عثمان باتور خلق کوچی بلەن موفق بولالدی نەدولت اوردولرینك بر نفریمو کرمەدی• نه کرمەککەمو حاضرلانمادی•

حاضرقی التای وضعیتی ٣ولایتنك اچکی مسئلەسیدور• بز عثمان باتورنك اوز قولی بلەن باشقارلماسینی امید ایتەمز بوننکغا بز ایشنەمز•

٢- بو مسئلەنك حقیقی قیافتی قانداق؟

جواب: عثمان باتورنك سارسومبەگە یانب بریشیدا هیچ بر مخفیلك (سیر) یوقدور. هیچ قچان حربی بر مسئله بولماسدن سیاسی مسئلەدور• اونك سارسومبەگە باریب یینکی باشدن اوز وظیفەسیگه اورونلاشماسی بولسا بردن بر تنکری استەیدورغان بر عدالتدور•

٣- حکومت یاقیندا عثمان باتورنك برەر داکلادیغا مالك بولالدیمو؟

جواب: ایشتیشمچه والی عثمان باتور یانیدن بر وکیل کلیبدور• من تیخی اونك بلەن ملاقتده بولالمادیم یەنه ایشتیشمچه عثمان باتور حاضر سارسومبەده بولمای چینگگیلده بولسا کرەك. سارسومبەگە بارغان والی اورونباساری الطیف (لاتاب) دور•

التای ولایتینك تمام قایتوروب النغانلقی توغرو سیدا تولوق معلومات یوقدر

٤ - چەتدن ایشیتشیمزچه التای ولایتی تمام قایتوروب النبدور - توغرومو؟

جواب: بو توغرودا تولوق و انیق معلومات یوق ایکلشیمزچه ٤ ناحیه ایمش

٥ حکومتنك عثمان باتورغا قاریتا توتقان موقعی قانداق؟

جواب: التای ئولکو مزنك ولایتی دور• عثمان باتور ایسه التاینك بر والیسیدور حاضر اونك التایغا قایتب باریب اوز وظیفەسیگه کربشمەسیگه حکومت البته چاره کورەدور همایەقلادور خودی حکومتنك التایغا کوز قاراشی ئوروم‌چی بلەن قاراشەرولایتیدن فرق قلماس • التای خلقی

٧-٨ یللق قانلق اوروش دورلرینی باشیدن اوتگوز گەنلکدن کوپچیلك اهالینك تورموشی بك اغردور • شونك اوچون حکومت قورتقوزوش چرەلرینی اویلاماقدە•

6 - بەیتیك طرفیدن یاکی خبرلر بارمو یوق ؟

جواب تیخی برەر معلوماتقا موفق بولالغانیمز یوقدور

٧ - عثمان باتورنك التایغا کریشی حقیده حکومت تفصلی بیاناتلر تاقشروب الدیمو یوقمو ؟

جواب بتون بومعلوماتلر پارچەپارات بولوب تفصلی بربیانات یوقدور

3 ولایت اوردو اشلریگه عائد مادەلرنی اجرا قیلشدا حکومت حاضرلق پیلانی

٨- تنجلق بتمیگه اساسەن 3 ولایتنك قوشما مادەسیچه چیك‌ارانی دولت اوردولرینك محافظت قایشی لازم ایدی• التاینی قایتوروب الغاندن صونکره دولت اوردولری ایبرتیلەمنو یوق؟

جواب: بو تورلك حاضرلق یوق ٣ ولایتنك اوردو اشلری اوستیدەکی مادەلرنی اجرا قلماق توغرولوق حکومت عمومی یوزلك حاضرلق پلانی توزیب حل قلماقچی•

٩ - نجی بویاقندا والی سایلاوی مناسبتی بلەن ٣ولایت والیلرینی سایلاشدا حکومتنك توتقان موقعی قانداق ؟

جواب: حکومت حاضر ٧ ولایت والی سایلامینی جدی باشقاریب کیتب باوماقده دور• اصلیده ٢ ولایتدەمو اوخشاش سایلام اشلری باشقا ریلارایدی کیلەچکده التای ولایتی تنچلانغاندن صونکره بو سایلام اوتکوزولوب قالار.

١٠- عثمان باتور غولجەلق طرفنك ضربەسیگه اوچرادیمو ؟

جواب : ایشتمەدوق.

١١ - والی سایلاش دەکی احوال قانداق؟

جواب: ٧ولایت ایچیده کاشغر و قمول لردن باشقا ولایتلرده سایلام اوتکوزولوب بولدی• قمول ولایتیدەمو اوتکوزولوش الدیدا توروبدور باشقا مسئله یوق کاشغر ولایتیده اوتموشده سایلام قانونیغا اویغون کلمەگەن ایشلر یوز برگەنلکدن ناحیەلرده ناحیه کنکەشچیلرینی یینکی باشدن سایلاماق طلب قلنماقدادور بر نچه ناحیەلر دەکی زور خلق ییغنلریدا باشقادن سایلاب النغانلر شونك اوچون براز کیینکه سورولور•

١٢-کاشغر ناحیەلرینك ینکی باشدن سایلاب چیقش چیکی قایداق بلگولەندی ؟

جواب: اولکەلك حکومت قراریغا اساسەن سایلامدا قانونغا اویغون کلمەگەن ایشلرنی خلق کوز الدیدن اونکەنلری بولسا خلقنك طلبی بویچه باشقادن سایلاندی•

١٣ - والینك قانون اساسیده موقعی بوقدور. حاضر اولکەمزده خلق طرفیدن سایلانیب بولندی کیلەچکده قانداق باش قورماق لازم؟

جواب اولکەمزنك توپراغی کیکرودور جغرافیه و سیاسی وضعیتلرنك وایالك توزومیگه احتیاجی بولغانلقدن خلق سایلامیدن صونغی والی محکمەسینك دائیرەسی کیکەیتلب اچکی اشلر مالیه آهمیراو وه معارف قطارلق تورت بولوم اولاراق اداره قلادور. شونك اوچون بو مسئله اوستیده اویلانیب سوزلەمك لازم کیلەدور. اچکی‌چیندا والیلرنك موقعی تعین قلنغاندن صونکره اول

ئۇيغۇر كتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەمزنىڭ وضيعتيگەكورە اويلانش كيرەك•
١٤ مال بهالرينىڭ اورلەب كيتشي
گە حكومەتنىڭ برەر چارەسى بارمو؟
جواب حكومەت حاضرلق كوروب سوداگر
لر بلەن بو حقدە قانونى كورەش قل
ماقچى•

---

# مركزى تورك اويغور اويوشماسيدا مجلس

اوكتەبرنىڭ ٢-نجى كونى كەچقورون
ساعت ٤ دە مركزى تورك اويغور اويوشما
اجرائيە' تفتش هيئتلرينىڭ برنچى نوبة
لك برلشمە مجلسى اوزدوروادى' مج
لس چنگزخان حاج داملامنىڭ رياسەتيدە
اچيلب' رئيس: اويوشمانىڭ اوتموشدە
كى قالايميقانچيلق احوالاتى بوندن صوڭ
اويوشما اشلرينى مستحكملەب' اويوشما
نىڭ جمعيتدە توتقان اورنيني ينە برقدم
الغا سوروشكە چالشماقنىڭ لازملقيني بو
نوبت سايلامدن صوڭرە ملى رئيسمز
مسعود افندمنىڭ مركزى تورك اويغور
اويوشماسيغا قلغان مادى وە معنوى
ياردملرى اوچون اويوشمانامدن تشكور
بيان قلديغانلقيني سوزلەب اوتكەندن صوڭ
خدمت مذاكيرەسى باشلانيب توبندەكى اش
لر اجرا قلينشقا قرار قلنديلرە

١ - ماليە بولوم طرفيدن توزولگەن
اويوشمانىڭ دائيمى خراجت اسميتەسى
اوقولوب اوتولگەندن صوڭ اجرا قلنش
قا تصديقلاندى•

٢ - هيئت پولاد افندى' اوتكور
افندى، سلچوق افنديلرنىڭ (١) جنو
بى توركستاندەكى اويوشمالرنىڭ اشلري
نى تكشوروش' تشويق قلش و اويوش
مالردن قرآنسنت ائاب كەلمەك اوچون
مخصوص اومەك تشكيل قلنسا' ٢ - او
يوشمانىڭ كوچمە تجارتى يورگوزولسە (٣)
داخلى چينغا بارادورغان تياتراومەگى
ايلە مخصوص بر كشى ايبرب ارتست
ارتستكالرنىڭ ناخشا هم سازلريني فانى
فونتخسەسيگەالدورولسە (٤) اويوشمانىڭ
٢ ايلق حساباتيني كوروب چقب كوپچولوك
كە اعلان قلنسا ديگەن فكرلرى كوپچولوك
نىڭ حمايەسيگە ايگە بولوب اجرا قلنش
قا قرار قلندى•

٣ - هيئت پولاد افنديڭ: اويوشما
دينى اشلرگە رهبرلك قيلب' دينى نظا
رت اورنيدەكى حقوقدا بولسا، دينى نظا
رت قوروش مركزى حكومەتنىڭ تشكيلى
قانونيدا بولميغانلقدن بو دينى نظارت
حقوقيني، مركزى تورك اويغور اويوشما
سى باشقورسا' بو حقدە اولكە حكومة
دن اقتصادى ياردم السااق ديگەن فكرى
مذاكيرە بولوب اولكە حكومەتيگە معلوم
قليب بول يوروق الغاندن صوڭرە باش
قوروالوشقا قرار قلندى•

٤ - هيئت سلچوق افنديڭ: رئس
بلەن برنچە هيئتلر برلكدە اولكە حكو
مەتى بلەن معارف نظارتيدن اويوشمانىڭ دائي
مى خراجتلرى سوراب ايلنسا ديگەن
فكرى مذاكيرە بولوب نەتيجەدە بو اشنى
باشقورماق اوچون پولاد افندى، اوتكور
افندى' عبدالرخمان مخدوم حاجى عبدال
رخمان افندى' سلچوق افنديلر بلگولن
دى•

٥ - رئيسنىڭ: دارالعاجزن، ابتدائى
مكتب' كەچ قورس اچساق' بونىڭ او
چون بول يوروق كورسەتلسە ديگەن
فكرى مذاكرە بولوب' حكومتدن اقتص
ادى ياردم اليش اشى حل بولغاندا باش
قوروشقا قرار قلندى•

٦ - رەئيسنىڭ: اويوشمامزنىڭ دائي
مى هيئتلرريگە قوشوىچە ملتمزنىڭ معتبر
رهبرلريدن بر قانچە نفر فخرى هيئت
تكلف قلساق ديگەن فكريگە بنائەن عيسى
بگ افندم محمد امين حضرتم ناصر
بيگم' نياز قاضى حاجم شاكر حضرتم
نورغون حاجملر نى' مركزى تورك
اويغور اويوشماسينىڭ فخرى هيئتاكي
گە تكلف قلنشقا قرارلاندى•

٧ - رئيسنىڭ: هيئتلر مجلسني ئاچيش
راقتيني بلگولەب ئالساق ديگەن سوزيگە
بنائەن هيئتلرنىڭ مجلسيني هر ئاينىڭ
برنچى كونى ئاچشقا توختام قلندى•

٨ - باش كاتب ئاى مخدومنىڭ مدن
نيت بولوم مديرلكيگە عبدالله افنديني
تشويقات بولوم مديرلكيگە قادر حاجي
نى تفتش بوغالترلكيگە يوسف قادروز
نى بلگوليدوق توغرى تاپلسا تصديق
لاب بيرلسە ايكەن فكرى بلگولەنگەنيچە
تصديقلانيب مجلس كەچ ساعت ٧ دە تار
قالدى•

يولدوز

---

# قراننىڭ ترجمەسى باشلاندى

تن گن مسجد جماعت لريننىڭ طابى
گە بنائەن محترم چينگزخان حاج داملام
٣ نجى اوكتەبر جمعە كونيدن ابتدا قلب
قران كريمنىڭ اولى سورە فاتحەدن
باشلاب ترجمە قليب برشكە باشلادى محترم
چينگزخان حاج داملام قران كريمنىڭ
اخريغيچە ترجمە قليب بريديغانلقيني
بلدوردى•

بوندن خبر تافقوچى مسلمانلاردن بر
مونچە جماعت لر قراننىڭ ترجمەسيگە
ستماع قيلماق اوچون خيلى اوزون يردن
قدم رنجيدە قليب تن گن مسجديگە
بامداغە كلكمدە لر بو تخفاقراغاندا مونلن
كين جماعتنىڭ كوپويوشى بلان جماعت
مسجدگە سيغماى مسجدنىڭ تارلق قيلشى
احتمالى باردەك كورونودور' قراننىڭ
اچيدە نمە حكمت بارليغيني بلشنى
استەگەن مومين بر ادرليمزنىڭ هر كونى
نماز بامداغە اولگوروب تن گن مسجد
گە كلشلريني رجا ايتەمز. ق موسى

---

# گرمانيە بلەن اوستريە معاهدەسى حقيدە مذاكرە

(مركز تاژانس لوندون) ٦ سينتەبر
مخصوص تلغرامى) انگلتە خارجى وز
ارتيدەكى كشيلرنىڭ ايتيشيغا كورە امريقا
بلەن فرانسيە ٢ دولت حكومتى انگلترەنىڭ
كيلەر ئايدا 4 خارجى باشلقلرنىڭ مجلسي
نى اچساق ديگەن فكريني قبول كوروب
گرمانيە بلەن اوستريە معاهيدەسى اوستي
دە مذاكرە يورگوزمەكدە فقط موسقوا
طرف بونگغا جواب قايتورماغان•

---

# ويشنيسكى امريقانىڭ تكليفيني، رد قلدى•

(مركز ئاژانس ويكتوريە ٣-نجى
سينتەبر يونەيتيد پرس تيليغرامى)
روسيەنىڭ خارجى وكيل ويشنسكى روز
ويلت رفيقەسينىڭ چاقريقيني رد قلب ٤ -
سنتەبردە اوتكوزلمك بولغان راديو
مذاكرە مجليسيگە قاتناشميغان

راديو مذاكرە مجلسى روزويلت رفي
قەسى طرفيدن قوزغولوب مذاكرەدە غز
تەلردەكى „ سوقوش يەلپوگوچى " حقي
دە توشەنچە فكرلريني يرب اونى موض
نوع قلغان

## نوائی چیغیری

سان 22 نچی

### انا بابا سوگیسی

انآ بابا سوگیسیدن بویوك نعمت بارمیدر؟
زخمت چیكمەی قولغا اوتكەن باشقا جنت بارمیدر؟
قاردە، كیكدە، اوزاق یاقیین هر بولوگدا یوشماقدە
بزگە رحمت كبی یاغقان بونداق شفقت بارمیدر؟

□●○□

انا بابا سوگیسیدن اوستون كرم بارمیدر؟
بوندن اوستون بر نعمتنی من هیچ بلمەم بارمیدر
كوز اچاركەن، كوز یومارکەن، یغلار، كولەر، اوتەركەن
بزنك اوچون بە سوگیدن عزیز همدم بارمیدر؟

◆□✱▣

انا بابا سوگیسیدن تاتلق اتشی بارمیدر؟
بو سوگیگە بو اتشكە بلمەم دە اش بارمیدر؟
درد اچیدە یات ایلیدە ایك شد دتلك بویردە،
یومولماغان هیچ یاتماغان بونداق كونش بارمیدر ؟

شاگردی

ا. علی سپاهی

---

### ملتداش مسلكی

مسلكیدور توركلك
كوكسی اونك كربكلك
چونكی نامی توركلك
اونك اوچون بورەكلك

مسلكیدن قایتمایدور.
التون برسەك سانمایدور
اگر فرصتی كەلسە
لایغا یانیب یاتمایدور

مسلكیدور قمتلك؛
اشلەنكەنی قوەتلك
حقغە قربان مسلكی
هر قچاندە عزتلك

مسلكسز هیچ بولمایدور
مسلك ایگەسی قورقمایدور
مسلكسزنی هردائم
بردن برگە قوغلایدور

مسلك اشنی یاقلایدور
مسلكسزنی بوقلایدور
اونك قارا كونكلینی
حق یول بلەن اقلایدور

مسلك اونداغ اولوغدور
یولی اوندن یوروغدور
اونك پیشقان میوەسی
تاتلق دمدە سولوقدور

مسلك ایگولور سونمایدور
ناحق یرگە اونمایدور
قورتولوشقە بەل باغلاب،
شاخدن شاخغە قونمایدور.

مقصد ملت وطندور
چینگز اوغوز انامدور،
بونی بلگەن اولادلر،
مسلكینی سانامدور؟

مسلكینی سانمایدر،
مانكغان یولیدن قایتمایدور
توتقان یولیدن قایتسە،
ایشتان تیزدن اشمایدور،

اونك عزیز مسلكی
تیانشاندەك ایستەكی
چاپساك كەسسەك تەبرەمس
اونك توتقان مسلكی.

اویغور عادل

---

### یار - یار

گلیاری

نور اورننكدن نور نور،
یار باغیغا یور - یور
یار كیلیدور یار - یار.
اونك یانیدا چولقان بار،
صول یانیدا زهرەسی
بر پریزاد یار - یار.
بر قولیدا گلی بار،
بر قولیدا الماسی
گل یاریغا بر گلی
یوركەگە میلی بار
یوروك دوستلر بارایلی
یینكی یارنی گورگەلی
اونك كوزیدە امل بار،
صول كوزیدە وعدەسی
برشاهزادە یار - یار.
اونك قاشیدا حیان بار
صول قاشیدا معانی
دیلی تازا یار - یار
چول اچیدە طاهر دەب
شیرین ایزلەب كیلیمش
قز چاغیدا یار - یار
انی بلبل كورگەندە
لە دیب سایراب كیتەر مش
قوش چاغیدا یار - یار
ایرك هم ازاد ایزلە بان
بزگە كەلگەن یار اوزی
محبتكە بای ایكەن
كوزلریدن نور تامار
عاشق بولدوم دیگندەك
حسنی تولون ای ایكەن

یار ایزلەسەك یار - یار
قینی جانم دیگەندەك
یار كیلیدور یار - یار
شو شرین گل دلبرگە
ای گلیاری سندو هم
دوست یار ایتك یار - یار

---

### ادارەدن بلدوروش

ادارەمز خلقنی بر یاقدن غزتە، مجموعە و هر تورلك كتابچە، رسالەلرنشر قلماق یولی بلەن اقارتماقنی استەسە، ینە بر یاقدن كتبخانەدەكی علمی، ادبی اقتصادی و تاریخی اثرلر بلەن ملتنك مای الیینی یوكسلتمكنی بورج دەب سانایدور. ادارەمزنك بووظیفە سینی، یوسف خاص حاجب كتبخانەسی، اوز اوستیگە الادور.

كتبخانەمزدە دنیانك هر بر مملكتیدە باسلغان توركچە، چینچە، انگیلزچە وروسچە علمی تاریخی اوز ادبی اثرلر باردور. تاریخی اثرلر، تورك تاریخیغە عائد كتبلر، تورك ادبیاتی و بوندن باشقا علمی و اقتصاد و جغرافیە فنلریگە عائدیدكی تورك حرفلری بلەن باسلغان گوزەل اثرلر، مجموعەلر رسملك ییغیملرمو باردور، هر كم استەگەن كتابینی كتبخانەمزدن تاپا الادور

كتبخانەمزدن استفادە ایتمك استەگەن هر بر یورتداش اوچون جمعە كونلریدن باشقا كونلردە ایرتە ساعت 10 دن 5 گە قدر قاپقامز اچوقدور.

كتبخانەمزنك تشكیلی اشلرینی یولغا سالب الغانغە قدر تاشقاریغا كتاب بریلمەیدور. كتبخانەمزدە اولتوروب فائدەلنمك استەگەن سایغیلی اوقوغوچیلریمزنی شوساعتدە ممونیت بلەن قارشی الامز

ادارە

---

## توركستان اولكەلك خاتون قزلر صناعت كارخانەسینك ایشچی قبول قلش اعلانی

كارخانەمزنك تیكنچیلك اشلری،

ئوچون ییگرمە نفر ایشچی قبول قیلامز ملت و جنس ئایرلمایدور ۱ بونك سرتیدا ۵ نفر تجربەكار النادور ۲ قبول قلنادورغان ایشچیلرنك یاوروپا و چین یوروشیدەكی كیملەرنی تیكە بلشلری شرط. ممدە اوزی پیچە بلشلری لازم شونداق بولغاندە لیاقتلك ساتالب معاشی قلغان ایشیگە كورە بریلەدور. ئوندن تاشقاری اون یاتاق قتارلق تا، میننالر بریلەدور اگربوقاریدەكی كبی تخنیك قابلیتیگە ایگە بولغان و ایش قلماقنی ارزوقیلب یورگەنلر بولسا اعلان قلنغان كوندن عتبارن ئون موقف سرتیدا چیلك خەخالكدەكی ۱ خوشك بون خانەسینك اورنیدەكی ۲ كارخانەمزگە كیلب اوزلرینی معلوم قلشلری سوریلادور.

صناعت كارخانە مدیرەسی امینە بوغرا

---

ئادرس : اورومچی نەنگوەن
یوك خەییغاك نومر 18 ئالتای نشریات ادارەسی

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

١٩٤٧ يل ١٠ نجی اوکتەبر
تلده، ئشده، فکرده، برلك!
جمعه ٩١ نجی سان

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

# ارك

عرقیمز تورکدر
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

مدیری: عیسی الب تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

بهاسی: دانەسی ١٠٠ ئایلیغی ١٢٠٠ دوللار
هجری ١٣٦٦ ذوالقعده ٢٤

التای نشریاتی طرفندن هفتەده اوچ چقادورغان سیاسی، اقتصادی، اجتماعی، علمی، فکری و ادبی غزیتەدور

## فرصت كلگەندە چيكينه مزمو؟

هرکیمسه ارکینلکنی استەیدور. هیچ
زمان اسارتنی وه قوللوقنی استەمەس.
بتون بو استەك یوزەسیدن مظلوم ملت
لر ظلمغا و اسارتکه قارشی چاره ایز
لەب کەلدیلر و کیلەچەکلردور.

خواجه نیاز حاجی، محمود محیطی
وه باشقالرنك باشچیلغی استیدەکی یاقن
قی زمان تورکستان ملی انقلابی اوسه
تیده بحث قلمیاراق، ٣ عصردن بوی
انا باباالریمزنك توککەن قانلرینی وه بر
گەن قربانلرینی کوز الدیمزغا کەلتو
رەیلی! نه کورەچکمز؟ بتون بو ایاق
لانشلر، بوقاری دوتەرلگەن انقلاب بای
راقلری ارکنلك وه ازادلقنی ایش حر
کتده، فکر وه مقصدده ایلگری سوره
دور. بلمەلی‌کی یالغوز بر نچەلەگەن تاریخ
چیلرنك اثرلریگه موضوع اولاراق ا
یاقلاشقان بتون بو ملی حرکتلر مظلوم
ملتمزنی اوزینك اویلاغانی کبی بر ارکن
لککه وه ازادلققا یتشتورالمادی. حال
بوکی، بز ملی انقلابچیلریمز ایش بو
زیدەیواش-یواش ملتنك معارفینی یوکسلته
مەسدن قوراللق حرکت قلماقنك امکانسز
ایکەنلکینی انلا باشلادی.

معارفنی یوکسلتمك اوچون امکان
سز قالغان مظلوم ملتلر بو کونده بار
غان ساری اجنبیلرنك بویونتوروغی
استیدا قالا برمکدەدور. اولر برر فر
صت تاپسا ایدی. شو همان ملی معارف
نی یوکسلتەر، ملی اوقوللر اچار، هیچ
نرسەگه باقماسدن عصری مدنیتکه کوز
تیکەر ایدیلر. یگرمنچی عصر مدنیتی
بتون مظلوم ملتلرگه اوزینی تانوتب
بارماقدادور.

بوکون بتون دنیا مدنیتینی ارقاغا
تاشلاب هنوز ایلگرلەمکده بولغان غرب
(اوروپا) مدنیتی اوچ بیوك مدنیتنی
فلاکتگه اوچراتب یڭگەندور. الڭ اول
اسلام مدنیتیگه، بو مدنیتنك الڭ قوت
لی مرکزیده کورەش اچدی. بوگون
اسلام مدنیتینك الڭ گوزەل بر انتشار
ساحەسی بولغان افریقا، اجنبیلرنك بایرا
قی استیدادور.

هندستاندا بابری تورکلر طرفیدن
قورولغان معظم سلطنت وه اونڭ اطرا
فیدا اوسکەن بتون مدنیت اثرلری، یا
ڭی حیات وه حقیقتلقی‌لریدن کیلب
چققان مدهش اوروپا قوتی الدیدا بر
سقیم اوروپالقنك محکومی بولغاندور.
نه وقت باشلانغانلقی هیچ معلوم بولما
غان وه اینقالی بولمایدورغان قدمقی
هند مدنیتی و اوچ یوزملیونلاغان مسل
مان مجوسی قتلەسی بلەن اوز یورتی
دن اوقدر اوزاق برلرگه سوقولغان او
روپالقنك الدیدا باش ایگمەکدن باشقا
چاره تاپاالمادی مغلوب بولغان ایکنجی
مدنیت بو ایدی، اوچونچیسی سکز اوز
مك یللاق بر حیات و الڭ کهنه ایکەن
لکی معلوم بولغان شرق مدنیتیدور. بو
هم غربنك مدنیتینی تانوماققا مجبور
بولدی.

شمالدا استراخان خانلقی بر زمان
اوز محکومی بولغان فقط غرب بلەن
علاقەسی باشلانغان روسلر طرفیدن مح
کوم بروضیعتکه توشورولدی. ایکنجی
یوز یل اول قریم خانلقی یوقالدی.

بتون بو مغلوبیتلرنك باش عاملی
غرب مدنیتینك جدی ایلگرلەمەسی و او
نڭ شدتلی تأثیریدور. بوگون حیاتینی
تریلدورمك استەگەن هر قانداق بر ملت
مدنی معارفنی یوکسلتمك عصری
مدنیتنك جوهرلرینی قبول قلماق مجبو
ریتی استیدا قالماقدادور. بونك او
چون اولر هر نرسەدن اول معارفنی
اوستورمك اوچون فرصت کوتمکدەلردور.

تورکستانلق هیچ قچان قوللقدا یا
شا برمکنی استەمەیدور. فقط نچه عصر
لق محکوملقیغا ایمدی خاتمه برمك او
چون نمه قلماق لازم کلەدورغانلقینی یا
اڭلادی یا اڭلاماغان بر وضعیتده دور
نچه یللق ملی مجادله لر نتیجەسیدەقول
غا کلگەن بو فرصت تورکستانلقدن نمه
قلماق استەیدور بوتوغرودا غزته لرده
مجموعەلرده برکوب مطالعەلر چزشەنچه
لر بریلب کلنمەکدەدور فقط بونك قو
روق کاغذ یوزیده امەس عملیتده کو
رونوشینی سافلاب کیلەمز.

بعضی‌بر متعصب عنصرلر ارکنلك
و حقوق دن استعماده قلب عصری او
قوللرنی یوقاتماق فنی درسلرنی اوقول
غا کرگوزمەسلك اوچون اوروناتورلر
مذابو ایسزلقنی „قولغا کلگەن فرصتدن
حقیقی صورەتده فائدەلینش" دەب تقدیر
قیلادورلر اگربتون تورکستانلق بوگونکی
فرصتدن شو صورتده استعفاده‌ایتمك اس
تەسه بو یا لشلار بزنی قایتادن جهالت
توزاقیغا سالب قویغوسیدور یالڭ وجك
زمانەسیده یورتومزدا عصری اوقوللر
یوق دیەرلك ایدی عصری ترقیات اوسه
تیده سوز اچقانلر و خلقنی مدنی معا
رفغا باشلامانی امید قلغانلر اوچون
یورتدا بر غریچه زمین قویماغانلر ای
دی نمه اوچون بو رەژیمگه برمونچه
منورلریمز قارشی چقدیلر؟ چونکی
مدنی معارفنی ترقی قلدورمای اسارتدن
قورتولماقنك ممکین امەسلیگینی سزگەن
دورلر. بز اوچون شو قدر فرصت
کلگەنده ینه بز ینکی باشدن ارقاغا چ
کنمك استەسەك، ملت اوچون، استقبال
اوچون، اولاد اوچون مزار بولایمز

# قايتا - قايتا سايغى بلدورەمز

ادارەمزنك اقتصاد ياغيدن قينالغان
لقيغا قاراماسدن ينه ملى وظيفەسينى
اوتەب كيتب بارغانلقينى كورگەن منور
لريمز تجارلريمز و كاسبلريمز يافندن
برى ياردم قوللريني سونماققا باشلاغان
ايدى بوندن بورون بر قانچەلاغان
همت ايگەلريني غزتە صحيفەلريدە يازب
اوتدوق ينه بورناكون اعانه يازدورغان
منورلريمزدن توبندەكيلرى اوزقولى بلەن
يااردم پوللريني ادارەمزگە سونوب بردبلار

عبدالعزيزاخون اكا ٢٠٠٠٠٠ دوللار
شوروزى اخون اكا ١٠٠٠٠٠ دوللار
رحيم اخون اكا ١٠٠٠٠٠ دوللار
مرخواجە ١٠٠٠٠٠ دوللار
قوتلوق اخون ١٠٠٠٠٠ دوللار
عاقل اخون ٢٠ ٠٠٠ دوللار

بوندن بورون اعانه يازدورغان فقط
ادارەمزنك اليب كتب بارغان اغير وظي
فەسيگە كورە اوز اعانەسيگە قناعت قلما
غان دوقتور عبدالروئف افندى ٠٠٠ ١٠٠٠
دوللار ياردم قلدى ملى دوقتوريمزنك
ئشربانچيلق اشلريغا بولغان بو رغبتى
هر ساحەدەكيلر الديدا خالص اورنەك
بولالادور.

ادارەمز بو كبى همتلك زات الدي-
دا سايغى ايلە ايگيلەچكدور.

---

( باشى برنجى بتدە )

بعضى كيمسەلر الديدا يڭى علم و
يڭى او قوللرنك فايدەسى اوستيدە سوز
اچيلسا، كوز الايتادور. بونك سببى سو
رالسا شوم دوبەننك استبداد دوريدەكى
قارانغو زندانلر اچيدن سوز باشلاي
دور: « بزنك بالالريمز شو يڭى مك
تبلردە اوقوب، اخرى تورمەگە سولاندى »
دەب ينكى فنلرگە قارا چاپلايدور. فن
گە بولغان بو ياغلش حقارت حقيقتدە
توركستانلقنك عصرى ترقيانقا بولغان
يالقنلق محبتلريني سوندورا الورمو؟

ازساندەكى متعصب و جاهل عنصور
لر نچە عصردن برى اتا باباالريمزنك كوت
كەن فرصتى كەلگەندە ارقاغا بر يولى
چيكنمەك استەسەلر و بو يول بلەن فر
صتنى قولدن كەتكوزمەك استەسەلر، عصر
گە ايرگەشكەن اكلقلريمز يورنقا ترقيات
وە مدنى معارف اوروقلريني چاچماق
استەيدورلر.

بوگون توركستانلق اوچون استە
گەن فرصت كەلمەكدەدور، بيكار اوروز
لرغه صرف قلنماقدا بولغان سرمايەلر
نى ملت يوليغا ارقول ياساماققا ملت
درسخانەلرى ( كەچ قورسلرى ) اچماق
قا اشلەتسە ملتمز و حكومتمز بتون
بارلقى بلەن ياردم اوچون قول سونا
دور ديگەن اميددەمز هر كونى اوگرتمن
لريمز گوچامو دوچا گوزيمو گوزەر
وروب اوقوغوچى يغماق بلەن اوارەبول
ماقدادور. اولكە پاى تختى بولغان شهري
مزدە بيگيدن ينكى اوقوللر: نل قور
سى، يوكسلك بليم يورتى و باشقا قورس
لر اچيلدى اما تورلك ياشلريني بو
اوقوللردە يوزنك اچيدە برنى قيدريب
توروب اران اوچراتاالامز. بز فرصتنى
شوندداق فعالتسزلك بلەن اوزدور
ماق اوچون قرلغا كەلتورگەن امەسمز.

دنيادا حاكم ملتنك بويونتوروقى
استيدا ياشاماقدا بولغان بو كوب مح
كوم ملتلر بو كبى بر فرصتدن مح
روم اولاراق ياشاماقدادور. گرەك او
قول اچيشدا: گرەك مطبوعاتدا بولسون
بز كبى امكان ايگەسى امەسدور بز كبى
اوز تيلەكلريني و اوز دردلريني غزتە
صحيفەلريدە يازاالمايدور. اما بز فرصت
كەلگەندە ارقاغا چيكنمەك استەمەكدەمز
ملت اوچون يغلاماقدا بولغان يورت غز
تەلرى تخنى خلق اراسيدا كيلك توردە
يايلماماقدادور يا خلقيمز معرفتنى سوسمە
مو ويا غزتەلريمز خلقنك درديني ايتاال
ماسمو؟ از ديگەندە بر ناحيەدە ٥٠دن
ارتوق اوگرەتمەن بار اما يورتدا نشر
قلنادورغان معتبر غزتەلرنك تيرازى ٢٠٠٠
دن اوتميەرەك بر ناحيەگە ٥دن ارتوق
تارالمايدور. باشقالرغو ميلى اوقوماسون
نيمە اوچون خلقنى اقارتادورغان اوگرەت
مەنلريمزمو غزتە اوقوماققا هوس قلماي
دور عصرى اوقوللونى قاپاتساق فنى اثر
لرنى كويدورسەك قولدن كيتب كيلە باش
لاغان ئەركنلكيمزنى ساقلاب قالغالى بول
سا سوزسز بزمو شونى دعوت ايتەمز،
مادامكى حقوقدن يالغوز بر نچە عنصور
فائدەلەنمەيدور ملت فائدەلنەدور بر تور
كوم متعصبلر ئەركنلكنى ملى حقوقنى
« عصرى ترقياتنى يوقاتش فرصتى »
دەب توشەنسەمو، كوپچولك خلقيمز
حقيقى معناسيغى انكلاب بولغاندور. فر
صت كەلدى هيچ قچان چكنمەيمز عص
رى ايلگريلەمەك بورچيمزدور.

---

# اولكەلك حكومت كمبغل بچارەلرنك حاليغە نظر سالارمو؟

عصرلردن برى انسانيت حقوقيدن
محروم بولوب مستبدلرنك قول استيدا
قوللوق تورموشدا كون كەچوريب كەل
گەن توركستان خلقى خواجە نيازحاجى
محمود محيطىلرنك رهبرليكى بلەن ظلم
ستمگە قارشى كوتەريلگەن انقلابدن كي
ين، ينكى قورولغان حكومتدن « بزگە
اسايشلق تورموشنى كلتوروب برەدور »
ديگەن اوميدنى كوتكەن ايدى. بختيمز
گە قارشى اش باشيغە قانخور شڭشى
سەى چيقب الدى. انقلابنى قهريـ
مانلريمزنك اوتوقلريني برباد قلدى.
بوندن كيين خلق باشيدەكى اغرچيلق
برى اون بولدى. بر ظلومنى اون قل
دى. بارغانسيرى ظلوم دائيرەسينى كي
ڭەيتدى. بونكا هم قناعت قلماسدن
الك كاتە عالملريمزنى كوبلەگەن منورلريـ
مزنى بايلريمزنى گناەسز قماققە الدى.
بتون مال ملكلريني حياسزلرچە بولاڭ
- تالاب اوتى منكليغان خاتون قز اوغول
لرنى يتمە و يتمچيلكدە سرسان قا
لديلر. بوخصوصدا تاريخى دليل بزنك
غزتە صحيفەسينى بوياماسامو، هربر
توركستانلق توليوق بيلەدور.

الك صونگى التاى و غولجا انقلا
بيدن كيين مركزى حكومت وكيلى جاڭ
جورن افندى بتمگە قول قويار- قوي
ماس يرم ييللق هرنوعى باجلرنى عمر
فوع قلدى. بو فايدا كملرگە بولدى؟
شبهەسز، بايلر اوچون بولدى. شون
داق بولسەمو يورت اچيدە لەلك يوز
گەزش، يول اصلاحاتى، حربى تەئمينات
و باشقا تورلك ساليقلر توختامادى.
موندداق الوان ياساق كملرنك اوستيگە
توشدى؟ كمبغل، عاجز، غريبلرنك
اوستيگە توشدى.

اتالريمزنك « الوانى كيم قيلور
گالوالك » ديگەن بر سوزى بار. شولا
يوق هر ناحيە، صحرا و كنتلردە خلق
اچيدەكى الك كاتە بايلريمز بيك لەيگ ا
بولوب سايلانب اليب اوز اطرافيدەكى
اوروغ - توققانلريني و اوزينى بەگ
قيلب سايلاغان قزيل يوزلك،
شخصيتچى بوغان قورساقلر دن عبارت
بر قانچە اونلاغان بايلرنى الوان خصو

ئۇيغۇر كتاب توربيكتى www.uyghurkitap.com

صيدا شفاعت قلادور. ٢- درجەلك باي-لر يوز باشى (باو جاڭ) بولوب ايلب چوڭ بەگلار نڭ اولگەسى بويچە اوزيگە ياقين بولغان بر قانچە اورتا طبقە دەكيلرنى الوانن قولدايدور. بولر قامچاسيدن قان تامغوزوب توبەن درجە دەكيلرنى قوغلاب الواننى تولەتە دور. ناحيە باشليغى بولغان حاكمارەو الواننڭ تز پوتكەنيگە مغرورليشب قاذ داق ير دن پوتكەز گەنيگە دقت قلماس دن ظلمدا مهارت كورسەتكوچى ظالم بەگلرنى «ايش‌قابليتى‌ياخشى» دب تقدير لەيدو فقرالرگە رحم قلغوچى بەگلار بولسا «حكومت ايشيغا سالقن قارايدو، كرەكسز ادم» دەب اينابتكە المايدور. ازلڭ اوچون بەگلر اوز ارا خدمەتيدە مسابقەليشب اوشتاق فقرالرنى ايزمەكچى بولادورلر.

يورت ناميغا حكومت طرەفيدن قرض پول برلسە يورت چونكلرى بولغان نا انصافلر ذوبندبكيلار نڭ ديلشلك نصيبەسينى ايريب برمەسدن هەمەنى بر نچە نفر متعصب لر اوز شخصيتى اوچون تصرف قلادور.

خلقنڭ خدمەتى اوچون حكومتدن حق برلسە اوشتاق فقرالر نڭ قوليغا تەگمەى يورت چونكاريننڭ اراسيدا يوق بولوب كتەدور. حكومتدن چققان خذمت حقلرينى طلب قلغوچيلرگە فلاني مهمان كەلگەنزە بولغان چقمنڭ ارضيگە مونچە كەتدى. انەس ا كەتدى. موندا كەتدى دەب بر چيقمنى اون كورسوتوب قوروق اساسسز جوابلر بلەن مهمان بولوب كەلگەن حكومت خدمتچيلرينى قارالاب گپى بار متهملرگە از - تولا بريب بو متعصبلر اوز يانچوغينى تولدورادورلر. حاضرقى وقتدە بگ لرنڭ موندا زور خطالقلرنى قورقماى قلشى ممكينمو؟ ديگەن سوئالنڭ كيلشى چوقومدور. مثلا بر بگ نڭ ياخود بر يورت باشلقى نڭ اوستيدن بر فقرا داد خواهغە بارب يغلاسە بو اشنڭ كيفياتينى بلمەك اوچون تكشروشكە بر مفتش ايبەريلسە، مفتش تكشروش اصولينى حقيقى توغريلقى بلەن قوللانماسيدن الڭ اول يورت چوڭ لريدن سورايدور. يورت چوڭلرى بولغان كشيلر اوشتاق فقرالرنڭ الديغا اوتوب اليب «واى بو بيگم انداق ياخشى ادم، مونداق فقرا پرور كشى زادى» بو

ايرتە شنبەكونى ساعت

ايرتە شنبەكونى ساعت
٩دە لانجودەكى يورتداش
لر طرفيدن حاضرلانغان
توغنى ملى رئيسيمزگە
تقديم قلماق يغينى اچلا
دور تورك اويغور اويوش
ماسينڭ مدنيت قلوبيدە
اوتكوزيلەدورغان بو كوڭلى
لك يغينغا هربر يورتداش
نڭ شو ساعتدە قاتناشما
قينى اميد ايتەمز.

عرض قلغوچى «يمان» ديگەن بهتان بلەن هلقى بيچارەنى «اغواچى متهم» قتاريغا چقارب ظالم قلغوچى يورت باشلقينى پاك پاكيز اقلايدور. شونلقدن ظالم متعصبلردن قورقوب هيچ كيم شكايت قلالمايدور.

جنوبى توركستان خلقاريننڭ عصرلردن برى مونداق ايزاب كلشيگە چيدالماى توركلك قان، مسلمانلق وجدانى قايناب اوز وطن‌ملتى‌نڭ منفعتى اوچون ١٥ - ٢٠ يللر داخلى چين دە غمخوارلق قلب تورلوك جفا-مشقت لرنى باشيدن كچورگەن مسعود افندم، عيسى افندم لرنڭ قوليغا مركز حكومت توركستان‌نى تاپشورغان بردوردە اطراف ولايت-ناحيەلردەكى مأمورلردن حتى‌كى الڭ توبن درجەدەكى ادنا بر حكومت خدمتچيسى دن فقرالرنى ايزش ظالم قلش برابرسزلك نظردە قاراشغە اوخشاش مونداق وحشيانە خطا حركتلرنڭ وجودغە چقماسلقى بلكى وجودغە چقارشغەهم اوروب قويماسلقى لازم.

خداوندتعالى اوز بندەلريگە قران كريمدە بر-برينكزگە ظلوم قلمالڭ لردب نچەيردە خبر برشدن تاشقارى ولاتركنوا الى الذين ظلمو فتمسكم النار يعنى ظلوم قلغوچى ادملرگە يولەنمەنكلر اگر انداق قلسانكلر اوتنڭ ايچيگە توشەر سزلر ديگەن سوزيگە قاراغاندا بندەلرگە ظلوم قلماق اوياقدا تورسون بلكى ظلوم قلغوچيلرگە يولەنمەكمو الڭ قاتتق گناەلردن برى ايكەنلكيگە موهو ايست دليل دور.

بو قاريدە ذكر قلب اوتكەن اشلر جنوبى توركستان نڭ همە جايلريدە از ازدن كورولسەمو لكين يگور ناحيەسيگە قاراشلق رايونلردە كوب اوچرايدو بو بيچارە عاجز فقرا النە اى اشلەب قزيق افتابدا قزيل قانلرى قايناغان حالدا تندن چققان ترلرى دريا بولوب اققان حالتدە قينچيلق جفا مشقتدە تاپقان نرسەلريدن بعضيلرنى اغر الوانغا توتوب بريب ايريدو. بعضيلر الواندن قوتولوب قالغانلقى اوچون حق پارە اليب ايريدو. بيچارەلر اچ يالانكاچ بگلر نڭ قوللوقى استيدە ياشايدورلر ديبشكەتوغرى كيلەدوركى: بز مسلمانلر نڭ بر اعتقاديمز بار باينى‌خدا باى قلغان، كمبغلنى خدا كمبغل قلغان دب تقدير دن كورەمز الله نڭ تقديريگە البتە ايمان كەلتورەمز. ليكن باينڭ باى بولوشى كمبغلنڭ كمبغل بولوشى اوچون موشونداق كەنگچيلك شرائط توغولوب يورتيمز نڭ اقيمى برابرسزلك نى نشانە قلب كيتە برسە بايلريمز نڭ البتە تخيمو باى بولوشى كمبغللريمز نڭ البتە تخيمو كمبغل بولوشى طبيعيدور.

الڭ اخريدا اولكەلك حكومتدن شبولرنى اميد قلامنكى:

١. عاجز كمبغللرگە يورت چوڭ لري نڭ ظالم قلماقينى قطعى منع قلسا.

٢- اولدە باى بولوب اوتوب كيين انقلابنڭ قالايمقان چلقيدە دوشمەننڭ مجرمى بلەن تعلوقدن اجراغانلر نڭ احواليغا ياردم نظرينى سالسا

٣- شڭ شى سەى نڭ وقتيدە تعلوقى مصادرە بولغان عائلەگە غمخوارلق قلنسا.

٤- اوشتاق - چوڭ عياللر كوب امادرامتى بك از بولوب خراجتى كوب بولغانلقدن زيادە قينچيلقدا قالغانلر بار. بولر كشيلر دن بر نرسەسوراشقە ناموس قلادور. مونداق كشيلرگە رحيم شفقت قلسا يعنى الوان - ياساقدا رعايە قلنسا.

ديمك اوشو يوقاريدە اظهار قلغان 4 تورلوك فكريم توغرا كورولسە بو حقدە البتە حكومت نڭ چارە كوروشينى اميد قلامن.

بر تكلى مكانلق دردمند

# علمنڭ فايدەسى جهالتنڭ ضررى حقنده

( باشى اوتكەن سانلاردا )

بو ياشلر حقيقى ملتچى ، وطنچى بولسا شو اورونسز برگه صرف اتكەن وقتينى سوادسز قالغان ياشلرنى يغب ملت درسخانەلرى ( اخشاملق مكتب ) اچيب شولرنڭ سوادينى چقارشقا حركت قلماي دور؟ اوروپالقنڭ دين تار اتوچى مسيونير لرى دنيانڭ چيت برلريگه بارب مدنيت دن اوزاق قالغان خلقنڭ بالالرينى فل بريب اوقوتوب اغريقينى ساقايتب تربيه قلادور انسان قاتاريغا قوشادور. بولر نڭ قلغان خدمتى بر طرفدن اوزينڭ مقصدى اوچون بولسا ينه بر طرفدن انسا نيت اوچوندور امدى توركستاندا بر توركوم ياشلر باربولر ادارەدن يتەر لك معاش اليب اوز حاليغا يارا شا اويون كولكو بلەن كيف صفا قلادورلر. بولرنڭ زمان و كيلەچك حالغا توشونوب توروب هر كونى ايكى ساعت قيمتلك وقتينى پولسز مكتب اچيب ياشلرنڭ سوادينى چيقارب قويوشقا صرف قلماغانلقى عينى سيفليس اغريقيدور. مانا بو جهالت ملت اوچون بيوك بلادور.

بيلك لك كشى كوربيلور ايش اوزين

باق كور گيل : عالم اوقوغان كشى لر اوزينڭ ايشينى بلب قلور، باشقا كشى لرنڭ عقليغه محتاج بولماس بلكه مليونلاغان ادمنى باش اگدوروب قول قلادور.

بيليك سز ايشنى ايتار اوكونمەس كندين

عالم كشيلر نيمه ايشنى قلسا بلب قلور ارقاسيدن اوكونمەس يعنى پشيمان بولماس. جاهللر نيمه ايش قلسا خطا قلب ارقاسيدن اوكونوب پشيمان بولوب قاضى بگ وه حكومت ادارەلريگه بارب دعوالەشيب يورور .

ناتورلوك ايشى ايرسا بيليكسز اونكى

عالم كشيلر قانداق ياخشى ايش قلسا جاهللر كور مەسدن دوشمنلك قلور. مانا بو تاريخدن ٢٥ يل بوروں توركستانغا چيتدن برقانچه معلملر الدوروب كيلب چوك. چوك شهرلرده مكتب اچيب معارف ايشينى خيلى الغا باسقان زمانلرده، استقبالغا توشەنمەگەن جاهل روحانيلر، اولرگه قوشولغان سوداگرلر مستبد خطاى مأمورلرى بلەن برلەشب مكتب نى ياپب معلملرنى هر برگه تاراتب ايبرديلر مانا اوتموشدەكى جهالتنڭ ضررينى ١٥ يلدن برى تارتب كەلمەكدەمز ينه قانچه زمان تارتامز بو بزگه معلوم امەسدور.

اوكونچ اول انكا يوق اونك اندا ادين

نادانلرگه دنيا واخرتده سعادت بولى يوق بولوب قلغان اشلريدن زيانكار بولوب پشيمان قايغوحسرت اچيدە قالور.

بيليك لك كركلك سوزين سوزله يور

بيلملك عاقل كشيلر انسانلرگه فايدالق سوزلرنى سوزلر .

كركسز سوزين كوموب كيزله يور

بيلملك كشى مجلسدەخلققه فايدالق سوزينى قلب خلق روحينى كوتەرب كونكلينى اچب كركسز سوزلرينى كوموب ياشرب قويور .

بيليك سز نا ايسه ايور اوقمايتن

بلمسزلر سوزلەگەنده اوز سوزينڭ فايدا ضررينى اوقماسدن هر تورلى سوزلەب خلقنى رنجيتب اوزيگه ضرر كلتورور .

اننك اوز تيلى اوز باشينى يەيور

نادانلرنڭ اويلاماسدن قلغان سوزى باشينى ير. نادانلر سوراغ خانەلرگه بار غاندا اوزەمنى اقلايمەن دەب سوراغچى الديدا هر تورلك راست يالغان ايگز پست سوزلرنى قلب سوراقچيغا توتولوب قالب جزاغا تارتلب قالور ياكى برادم سوزلشكەنده اوزينى سوز چان كورسوتوب يالغان ياپاداق سوز قلب حكومتنڭ سرينى اچيب قويوب زيان كورەر. ياكى باشقابر كشينڭ عيبينى كور لاب زيان تارتار.

بيلك برلا بيلنور توراتكان ايدى

جناب حقنڭ سر اسرار حكمتى اوقو بلم برله بيلنور، چونكى كائنات دا بارلق نرسەنڭ سر حكمتينى بيلش عالى درجەده تحصيل كورگەنده بتون طبيعتدەكى ياشورولغان سر و حكمتنى بيلگەندن صوڭ جناب اللەغه ايمانى كامل بولور بو حقدەكى پاستورا' رينه داكتور' ژان - ژاق ديرايرا' داروين نظريه لريگه مراجعت قلسا بولور اما چالا چالپوق اوقوب قالسا ايمانى چالا بولور

بيليك لك سوزى پند نصيحت ادب

عالم كشيلرنڭ سوزى انسانغا فايدەلق بولوب ياخشى اخلاقنى اورگەتەدور.

بيلكلك نى اوكدى عجم هم عرب

علم بلەن عرب ايران خلقى ترقى قلدى وه اوسدى. اسلامدن ايلگرى عربستان خلقى هر قايسى ايماق برشنخ نه اطاعت قلب بر - برى بلەن قان تو كوچى وحشى خلق ايدى. اسلام كەلگەن دن صوڭ اسلام تعليماتى بويونچه بربر گه يغيلب تشكيل بولوب دولت توزوب علم معرفتكه كريشش بلەن ايكى عصر ايچيده افريقا - اسپانيه و اسيانڭ كوب قسميگه ايگه بولوب علم معرفت مدنيت جهتدن اوروپاغا اوستاز بولوب ماختا نارلق بر صفت كه ايگه بولدى. ايران خلقى اسلامدن اول زردوش دينيغا اطاعت قلب اوت الديدن قويالماي ياتقان بر ملت ايدى. اسلامدن صوڭ علم معارفقا چا ليشب كوب عالم فيلسوفلر ينشتوروب دنياغا اوزينى تونوتدى، ياپون امريقا و باشقالر اورماندا ايشتانسز ايق ترەسى كييب يورگەن وحشى انسانلر علم معارف سايەسنده دنيانى تيترەتب تورادور بو تارلخيدن ٥ يوز يل ايلگرى دنياغا اوزينى تونوتقان و دنيا تاريخينى تيترەتكەن تور كستانلقنڭ تلينى و قانينى وه تاريخ ادبياتينى فنى حقيقتلر اثبات قلب دنياغا تونوتوب تورغان برزماندا بز اوزومزنڭ تل توركلك اتميزنى و يورتمزنڭ اتينى دنياغا و حاكم ملتكه تونوتالماسدن حيـ وانده‌ك ساتلب قوللوقدا ايزيلب ياشاشمز عينى جهالت و سفلس اغريقدن كيلب چقان نتيجەدور. نجاستنى هر قانچه يو سا كورونشى يوق بولسامو اثرى كەتمەيـ دور. جاهل انسان نەقدر تعليم - تربيه كورسەمو جهالتنڭ اثرى وجودىدا قالور بو حقده جناب الله قران كريمده برقانچه اورونلدا خبر برمشدور بو قاريدەكى بعضى انسانلرگه قلغان هجوم نڭ اثباتينى ايرم برنظريەده اثبات قلورمن .

تمام

اسعدالله شيخزاده

شنكجانڭ اولكولك اورومچى باج خانه دن اوختوروش

ادارەمز ١٠نجى اينڭ ١نجى كونى دن اعتبارەن شهرايچى نەن داگەى شر قى ٦نجى كوچا ٢نجى نمورغه كوچكەن ليگيمزنى اوختوردوق دەب

اورومچى باجخانه ٣ ٠ ٤

ئادرس : اورومچى نەنگوەن
يوك خەبيغاك نومر 18 ئاتەى نشريات ادارەسە

۱۹٤۷ يل ۱۳ نجی اوکتهبر

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

مدیری: عیسی الب تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

تلده، ئشده، فکرده، برلك!

دوشنبه ۹۲ نجی سان

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز توركستاندور

بهاسی: دانهسی ۱۰۰ ئایلیغی ۱۲۰۰ دوللار
هجری ۱۳٦٦ ذوالقعده ۲۷

الtای نشریاتی طرفیدن هفتهده اوچ چقادورغان سیاسی، اقتصادی، اجتماعی، علمی، فكری و ادبی غزیتهدور


# بزگه ضرور اشدن بری اقتصاد قلشدور

„ اقتصادغه رعایه قلش " دیگهن بر
جمله سوز شالڭشیسهی زوانهسیده اورتا
غا اتلدی. شونڭ بلهن بو توغراده بتون
توركستان بوییچه پروپاغاندالر نهایتی
جدی یورگوزولوب هر بر جمعیت، هر
قایسی اداره، موٴسسهلرده مسابقه یولی
ایله اقتصاد قلشلر یورگوزولدی، شو
نڭ اوچون بو سوز بك ارزان ایدی
بو سوزنڭ معناسی کورولهدورغان اوتن
غینڭ یاخشی ایکهنلکی، نتیجهسینڭ بك
زور ایکهنلکینی ثاب. اچق انقلاب تورا
دور. اما بو حکمتلك سوزنی منفورشالڭ
شیسهی سوٴاستعمال قلب بتون تورکس
تانڭ بایلقینی یغب الیب قاچماق اوچون
نیتینی بوزوب اوز خزینهسینی تولدور
ماقغا حرکت قلدی. بو ایشنی عملگه
اشوروش اوچون کوب مقداردا کاغذ قل
لرنی چقاردی. باج، الوانڭ یاساقلرنی
کوپهیتدی. هر بر اداره موٴسسهلرنڭ
اسمیتا، راسخود قللرینی کیمهیتب اش
چی معاملرنڭ تورموشینی قینچیلق بر
حالغا کهلتوردی. زایوم بلهنی تارقاتدی
التون کموشنی الیش ساتیش ایشلرن
نی منع قلب اشکارا قاراقچیلقلرنی قل
دی. اخر بو ملعون تورغون مقدار
دهکی التون کموشلریمزنی ماشینالرغه
یوکلهب اچکیریگه قاچدی. اونڭ قاراق
چیلقیتو تولوب اوزیگه فایده برمهسهن
مردزگه فایده بولدی.
بوگون تورکستاننڭ حالیغا نظر سال
ساق اقتصادی بك ضعیفدور بوندن ۲۰
یل بورونقی اقتصادینی قایتادن
تکلهب اوز حالیغا قایتوروش
اوچون کهم دیگهنده حکومت ۸ - ۱۰
یل باج - خراج، شالڭ - پاراقلرنی الیسا
بتون حربیه و ماٴموری ادارهلرنڭ خرا
جتینی مرکز حکومت اوزی تهٴمین ای
سه اندن براز اصلیگه کلهدور.
حاضر یورتیمزدا بایلرمو گدایلاش
دی. کمبغللر تخیمو گدایلاشدی. مثلا
بورون ٤ - ٥ مڭ سر التون کموشکه
مالك بولغان بایلر حاضر ۳ - ٤ یوز
سر التونغه قدرتی یهتمهیدور. ایلگری
برهر یوزمڭ چاروا مالغا ایگه بولغانلر
نڭ حاضر قولیدا ۳۵ - ٤٥ مڭمو چار
واسی یوقدور. کمبغللرنڭ حالیغه کلساك
دخی معلومدور. اوندن تاشقاری حکو
مت مالیهسینڭ اوزی هم عاجزدور. یور
تیمزنڭ بونداق تهنگلکگه قالشیغا بول
غان سببلرنی سوروشتورمککه هیچ بر
حاجت بولماسا کرك. چونکی شالڭشی
سهینڭ قلمیش، انمیشلری ههمهگه مه
لوم. اوندن تاشقاری یورتمزدا ایزیلش
که قارشی سوقوشلر بولدی. تورلك
انقلابلر ظهور اتدی، سوقوش بولغان
جایدا تلفات بلهن مادی معنوی ضررلر
و چیقملرنڭ کوب بولوشی طبیعیدور.
سوقوش دیمك بارنی یوق قلماق دیمك
دور. شونڭ اوچون توركستاندا یوز بر
گهن سوقوشلر نتیجهسیده تورغون او
روغ - توقغان - قرداشلریمزنی قربان
بردوك. سودا تجارتیمز ایرکین حالدا
یورگوزلب تورمادی. ایکنزارلریمز
دهبسهلش - بوزولشلر بلهن ویران بو
لوب زراعت اشلریمزنڭ محصولاتی
ازایدی. حد حسابسز چارواماللریمز
تالاڭ - تاراجغه اوچراب یوقالدی. منا
بولغان سببلر! تاٴسف، غایت
تاٴسف!....
بزامدی موشوضعیف حالدا معارف
قورولوش، خلقیمزغه مدنیت، یاڭی تو
موش دهب واقراماقدامز البته بولرگه
اقتصاد کیرهك یولادور. اقتصادیمز تا
جز دهب اولتورساق زماننڭ تقضاسی او
نگغا اونامایدور شونڭ اوچون بز „اقت
صاد قلیش" دیگهن بو فایدهلق برجم
له سوزنی اورتاغا اتشقا مجبورمز. اقت
صاد قلش بر شخص اوچون بولسون
خواهی کوپچولك اوچون بولسون بك
فایدهلقدور. کورولهدورغان اوتوغی غا
یت زوردور. بونڭ عکسی اولغان اسر
افچیلق انسانغا کوب زیانلرنی کهلتورهر.
بو توغراده اولوغ ایلچیمز محمد علیهالسـ
لام „ماعالمن اقتصد " دیگهن حکمتلك
حدیث شریفنی بوندن مڭ اوچیوز اتمیش
نچهیل ایلگهری سوبلهگهندور. حاضرقی
زماندا اقتصاد مهم برفن بولوب مدنی
مملکتلرده بو حقده تورغون
کتابلر یازلب باساغاندور. بز بوگون
کی کونده اقتصادی فن ایلهن چالشما
ساقمو اوزومزنڭ احوالیغا یاراشا هر
بر اشلریمزده اقتصاد قلش کرهکدور.
خصوصا" توی - نذره، یمهك - اچـ
مهك، کییم کیچهکلرده اقتصاد قلش لازم
دور. حاضر یورتومزدا یوز بهرگهن قمت
چیلك، قحطچیلکلر ههمهگه معلومدور.
زراعت، تجارت، هنر - کسب ایلهن
مشغول بولوب تورموش کوچوره دورغان
خلقیمزنڭ حالینیمو بز بلهمز. اوندن
تاشقاری حکومت ادارهلریده اشلیگوچی
اشچی خدمتچیلرنڭ معاشی تعیینلقدور.
شونڭ اوچون بولر توی مسئلهسی و
باشقا اشلرده کوب قینچیلق تارتادورلر
توی اشلری چقمسز بولمایدور. خصوصا
یورتومزنڭ عنعنهسی بوییچه، توی قی
لمش اسان امهسدور. شونڭ اوچون هر
بر یاش بو توغراده کوب غم قلادور.
باش قاتورادور. امدی بو مسئلهنی بر
از اسانلاشتوروشنڭ چارهسی اقتصاد قلش
دور اقتصاد قلش هربر ایشدهفایدهلقدور.

# توركستانلقدەگى يورت سوگيسى

## هر يردە اوچمەس

### لانجودەكى يورتداشلرنك سوغاسى تقديم قلندى

غزتەمزنك اوتكەن بر سانيدا لانجو
دەكى يورتداشلار طرفيدن ملى رئيسيمز
مسعود صبرى جنابلريغە و باش كاتبيمز
عيسى الب تكين جنابلريغە تقديم او
چون حاضرلانغان بر توع و بر گيلەم
حقيدە بر خبر يازيب اوتكەن ايدوق.
شوكوندن برى بتون شهر اهاليسى بو
سوغالرنى كورمك و بو سوغالرنى تق
ديم مراسميدا حاضر بولمق ارزوسيدا
بولوب كەلگەن ايدى.

١٠- اوكتەبر كونى تورك اويغور
اويوشماسينك دربازەسيدە چالنغان ناغرا
سورنەيلر سوغا تقديم قلغوچى وكيللار
طرفيدن تارقاتلغان دعوت نامەلر بارغاق
لر شهريمزدەكى يورتداشلرنى دما بومرا
سمغە قيزقسندوردى.

تورك اريغور اويوشما مدنيت قلو
بيغا ساعت ٩غا جام اورار. اورماس منك
لارچە كشى حاضر بولديلر. بيغن رئي
سى عبدالله تيمەن افندى بوگونكى يى
غننك اهميتى حقيدە قسقاچە توشەنچە
بريب اوتكەندن صونكرە جمعيتلر ناميغا
عبدالعزيز چنگزخان حاج داملا تاريخى
دينى بر نطق سوزلەدى.

يغين اهلينك كوتكەنارى كلدى.
مجلسنك كوندەمى ( كون ترتيبى ) بو
يچە مسعود افنديگە „يورتيمزنك كلگو
سى ايدن اولسون “ ديبە تاريخى اهميتلك
شعاريازيلغان بر توغ عيسى افنديگە خوتەن
دە توقولغان وبتون تورك اويغور خلقينك
ملى صنعتينى كورسەتە الادورغان بر گي
لەم تقديم قلندى.

لانجودەكى توركستانلق يورتداشار
نك ملى رهبر لرگە بولغان بو كويومچاز
لقى بتون مجلس اهلينك يورەكيدە
تيرەن بر تأثير حاصل ايتدى. ارستى-
اوستيگە چاليناب تورغان چاواكلر،
شدتلك القشلار هر كشينى بو ملى رهبر
لرنى همايە قلدورماقا و وطن ملتينك
عشقيدا ياندورماققا كوچالك بر جزبيە
بولالار ايدى.

اوزونغا سوزولغان چاواكلر اچيدە
ملى رئيسمز مسعود افندى سوزگە
چيقار ايكەن زالدا يەنە گولدورلەگەن
چاواك اوازلرى تيخيمو ارتيب توشدى.
مسعود افندى مهم بر جواب نطقى
سوزلەگەندن صوكرە مديريمز عيسى
الب تكين افندى سوزگە چقدى. ايككى
ساعت ١٠ مينوت دوام قلغان سەاين
مديريمزنك بونطقى يالقينلق صورتدە
هر بر يغين اشترا كچيسينك يورەگيگە
يرلشەر ايدى.

هر كشى يغندا حاصل ايتكەن وطن وملت
عشقى بلەن ساعت ١ يەرمدە زالدن تارقا
لشديلر.

( يغيندا سوزلەنگەن ملى رهبرلريمز
نك نطقينى كيلەر سانلريمزدە ايريم
باسارمز )

---

### بەيتيك و اولونغولاق بويلاب

( چينچە „ شلاجاك ژيباو “ مخبرى
بالكشەننك بەيتيك، اولوستايدن كونەور
گەن مخصوص تلغرامى ) چالاخەى حال
سوراش اومەگى و اولكەمزديكى هربر
ملتنك برلەشكەن حال سوراش اومەگى
٩ - كونى ايرتە ساعت ٩دە مخصوص
عرابەگە اولتوروب گوچوكەدن چقب كەچ
ساعت ١٥دە بەيتيك اولونغولاققا بارغان
لر. بوگون ايرتە ساعت ٨دە اتلق تاغ
قا چقب ساعت ١٥دە دولت اوردولرى
تورغان اولوستايغا يتكەنلر. وكيللردن
لوچوبكدە قتارلق اتلق ٥ - اور دونك
مصلحتچيسى جالاوەى افندى برلكدە
بارغانلر. عسكرلر الديغا چقب استق-
بال قلغانلر.

خبرلرگە كورە والى عثمان سارسوم
بە ناحيەسيگە كرگەن. عسكرلرى ايسە
جميلەيگە كرگەنلر.

---

## توقسونلوق مالچيلرنك تشكرى

بوندن برنچە اى ايلگرى توقسون
اهاليسينك ات، كالا، قوى و باشقا نرسە
كركلرينى تاغدن اوغريلر بولاب كتكەن
لر ايدى، والى خاداوالك خانم توقسون
خلقينك بو اوبالچيلقينى نظردە توتوب
مذكور قوى، كالا و اتلرنى تزلك بلەن
ايزلەتشكە باشلاب تاپلغاندن صونك توق
سون قويچيلريگە خبر بردى، توقسونلق
لر خودونك راهونيديكى توختى شانكيو
نى وكيل قلب ايبردى. حاضر اوغريلاد
غان ماللرنك كوبراق بوليگى تاپشورب
بريلدى. تاغدا وقتيدا يتب كلاالماى
قالغان اتلرنى تاپشوروب الماق اوچون
خبير شانكيونى تعين قلغان ايدى. حا
ضر بو اتلرمو تاپشورب بريلمكدەدور.
قالغانلرينيمو تاپشوروب ايلمغا كو
زى يەتكەن توقسون خلقى والى خادا
والك خانمغا تشكر بلدرمكدە دور.

عبدالحميد خبيرى.

---

## اچكى چين خبرى

مركز اژانس ٩ - اوكتەبر خبرلرى
رئيس جمهور جانكەى شى دولت
بايرامى الديدا بتون دولتدەكى وطنداش
لرغە راديو ارقلى مراجعت ايتدى.
اونك مهم مضمونى توبندەكيلردن عبارت:

دولت وملتنك اغرچيلقلرى، قسين
قيلرينى بتونلەى حل قلماق الديدە
چين اهاليسينك ترپشا دورغان اوروش
لرى؛ انقلابى دولت قوروش اجرا قلنغاند
يلا اتا چيننك و الدينقى قهرمانلرنك
روحيغا تسلى برگەن بولامز ديگەنلردن
عبارت.

---

## امريقا حربى اشلرنى محاكمە قلش اومەكى نەنكينگە كەلدى

[ مركز اژانس نانكين - ٩ اوكتەبر
تلغرامى ) امريقا پارلامينونك جان حر
بى اشلرينى تكشوروش اومەكى مو شو
اينك ١٠- كونى نانكينغا كەلمەكچى
و ١١- كونى ايرتە گەندە رئيس جمهور
ايلە كورشمك اوچون بارماقچى و شو
كونى نانكيندن شانخايغا جونەب كەتمەك
چى، ١٤- كونى ريئو- كيو ارالى ار
قلى اوروپاغا كتمكچى.

( مركزی اژانس چنداو ٩ - اوكتەبر
تلغرامی ) امریقا پارلامن نڭ حربی اش
لر محاكمه اومەكی بونوبندەكی سفرنده
٩ - اوكتەبر كونی چنداو دەكی امریقا
دینكز اور دوسی هم دینكز اوردوسی
نڭ قوروغلوقدا سوقوش قلغوچی تور
كومینی تكشوردی؛ پشندن صوڭ سا
عت ٢ ده چین دینكز اوردو اوقولینی
سیاحت قلدی. كچقورون ساعت ٧ ده
بلدیه رئیسی لی افندینڭ قارشیلاماق
ضیافتیگه قدم تشریف اتمكچی صونده
١٠ - اوكتەبر كونی ایرته ساعت ٩ دا
چنداو دن نانكینغا اوچماقچی.

## انگلتره قابینەسینڭ چینی یوقلاش اومەگی نانكینغا كەلدی

( مركزی اژانس نانكین 9 - اوك
تەبر تلغرامی ) انگلتره قابینەسینڭ چینی
نی یوقلاش اومەكی یامین شین جی
ریاستی استیدا امالی شین جی، خالیسون،
میكر، خویلو بالیسوندن مركب سیاحت
چی لر ٩نچی اوكتەبر كەچ ساعت ٧ دن
٤٥ مینوت اوتكەنده شانگهایدن چین ای
روپلانیغا اولتوروب شانگخەی ارقلی نان
كینغا كەلدی. بو اخشامی رئیس جه
نور ضیافت بردی. بولر كەلگوسیده پەی
كن تەنجین، خانكو، چونچین قتارلق
جایلرگه بارماقچی.

## خلق ارا قسقه خبرلر

(مركزی اژانس نیویورق ٨نچی
اوكتەبر تلغرامی) اتفاقچی دولتلرنڭ قا
نون غروپپا هیئتی تونوگون رسمی روش
ده برلەشمه دولتلر تشكیلی نڭ شكلی
نی اعلان ایتدی. بو شكیل بوییچه بای
راقنڭ توپەسی اق رەڭلك بولوب اتفاق
چیلرنڭ خاطرەسی اولاراق بر یر شا
ری شمال قطبنڭ كورنشی اورنالغان
بو برلەشمه دولتلر قورولتاینڭ رسمی
تصدیقیدن اوتكەندن صوڭ ١٠ یللق
استعمالی كوچقا اگه بولادور.

( مركزی اژانس نیو - یورق ٩-
اوكتەبر تلغرامی ) ٥٧دولتدن مركب
اتفاقچیلرنڭ بیوك قانون هیئتی ٢١ بیر
لتنڭ ٢٠بیلتكه مقابلی بوییچه برلەش
مه دولتلرنڭ قانون اساسیغا قویولغان
١٤ - اوكتەبر كونینی „ اتفاقچی دولت
لر كونی" قلب بەلگولەدی. مذكور هی
ئتنڭ قراری بوییچه بو بەلگولیمەنی
قورولتای تصدیقیدن اوتكەزمكچی.

§ فلسطیننی اداره قلش مسئلەسی
ده روسیه وكیللر اومەگی „ بولوب اداره
قلیش لازم" دیگەننی قوتلەدی.

## گەندی

„ جهان انسكلو پیدیسی " دن

هندستان، پیغمبر، زاهد مملكتیدور.
بو یرده چققان تحفەچی پیغمبرلردن بری
گه ندیدور. بالغوز بو ادمنڭ خصوصیتی
بردین زاهدی بولماسدن برملی لیدەر (سیا
سی رهبر) بولشیدادور.
ماهاتاما گەندی اسمی هندستاننڭ
صوڭ بر چارك عصرلق ملی تاریخیدا
كورولە باشلادی.
گەندی ١٨٦٩ تاریخیدا هندستان
دا پورت بندر شهریده توغولدی. بای
و منور برعائلەنڭ بالاسیدور. یاخشی
تحصل كورگەن، اولا احمدابات
اونیورستەسینی بیتورگەن، صوڭره لوندرا
دا حقوق تحصلی كوروب بومبایدا وقت
اوتكەزگەن ایدی.
١٨٩٣دن ١٩١٤ تاریخیغەقدر جنوبی
افریقادا یاشاغان و اینگلز طرفیدن بو
یرگه كوچورولگەن ١٥٠ مڭ هندونڭ مدا
فعەسینی اوستیگه الغاندور.

ایشته، گەندی ملی دعواسینی بو
یرده باشلاغان و هندستان اوچون تصور
قلغان ملی حاكمیت پرنسیپلرینی بو یر
ده قرار قلغاندور.
١٩١٤ده هندستانغا كلب دعواسی
نی دما كەڭ مقیاصدا مدافعەگه باشلاغان
دور. اینگلز تحكمی بلەن مجادله اوچون
قبول قلغان اصوللری شولاردور:
١- حكومت طرفیدن قلنغان اهكی
استقراض لرگه اشتراك ایتمەسلك مكتب
لرگه بایقوتای قلماق محكمەلرگه گرەو
قلب كتمەسلك عسكری و یا ملكی هیچ
بر مأموریت قبول ایتمەسلك.
٢- ملی استقلال تأمین قلنغانغا
قدر مجادلەده دوام قلماق.
گەندی بو سیاستینڭ اسمیغا „منفی
مقاوت" سیاستی اسمینی برگەن باج تو
لەمەسلك مكتبلرگه بالا كوندورمەسلك
محكمەلرگه مراجعت ایتمەسلك مأموریت
قبول ایتمەسلك صورتی بلەن هندستان
دا انگلزلر ادارەسینی اشلەلماس برحال
غه كلتورمك استەگەنلر.
بو دعواسیدا موفق بولمق اوچون
هندستاندا كەڭ مقیاسدا پروپاغاندا یا
ساغان و هندولر اڭا پیغمبر كبی
حرمت بلدرمككه باشلاغاندور. چونكی،
گەندی بر پیغمبر كبی یاشامقده
هیچ بر شخصی منفعت حریصینی تعقیب
قلمامقدەدور. بتون كییمی بر یاغلقدن،
بتون ییگەنی سو وپرنجدن عبارتدور.
دنیا ذوقلرینی ترك ایلەگەندور. اونڭ
بو زاهدانه حركتی خلقنڭ عزت و محب
تینی قازانشیغا یاردم ایتكەندور.
اینگلتره گەندینی ١٩٢٢ ده دهلی
قونغرەسیدن صوڭره توقیف قلب، رو
حینی سندورمق استەگەن. فقط گەندی
بو دفعه اچلق اوروچی ( روزه ) تو
توب اوز - اوزینی اولدورمكنی تشبث
قلغاندور.
نهایت ٢٢ - یلیدا اینگلتره گەندینڭ
سیاسی رهبرلكی استیدەكی جریاننی سوز
لاشتورمق اوچون لوندرادا یومولاق ما
سال یومولاق جوزا ( قونفرانسی ) اچ
ماققا و بو یرده اینگلتره اوچون ینكی
برادارە سستیمی قرارینی قلمققه تشبث
ایتدی. حتی گەندی بو قونفرانس
قا رخصت بلەن اشتراك ایتدی.
فقط طبیعی بو قونفرانس هیچ اساسلق
بر قرار برمەسدن تارالدی. گەندی تك
رار هندستانغا قایتب حركتینی دوام
قلدوردی و حكومت گەندینی تكرار تو
قف قلب حبسكه الدی. گەندی بو قتیم
مو روزی توتدی و ازاد قلندی.

## شنگجاڭ اولكەلك اورومچی باج خانه دن اوختوروش

ادارەمز ١٠ اینڭ ٦ - كونیدن اعتبارەن شهر ایچی نەن داگەی شرقی ٢ - كوچا ٦ - نمرغه كوچكەنلكیمزنی اوختوردوق دەپ
اورومچی باجخانه ٣ - ٤

## نوائی چیغیری

سان 23 نچی

### ملی رهبرگه

مقصدڭ، مسلکڭ اصل بر گوهر،
ایرادەڭ وجدا نڭ تاپلماس جوهر،
کورەشدڭ، چالشدڭ بو خلقڭ اوچون،
توشمەدی بلنکەن، باغلانغان کەمر

شیر اوزڭ بولنکەن اصلا فایتش یوق،
سندەك شیر بولغاچقا بزدە یورەك توق،
بز تیار بو اولوغ مسلکڭ اوچون،
قایتش یوق بو یولدە گرچە تەگسە اوق،

بلمەدی قدرینکنی ••• بزگە التون سن،
قویاشدن نورکولگەن اوچمەس یالقین سن،
یکلەدی بر زمان بر نیچە نادان
اما سن ایزلگەن ایلگە التون سن•

ملتنڭ کوز نوری کوز قاراسی سن،
وطننڭ ابرویی، اوز بالاسی سن،
خلقنکنڭ کوکسیگە اورناغان داغنی،
قالدورمای یویوشدا بر چارەسی سن،

تاغلارمو توسالماس سنڭ یولنکنی،
«خلقم» دەب کوکلردە سوزغان قولنکنی،
یاو کلسون، یوراندەك هجوملر یاساب،
اورەلمەس، یوزالماس قورغان اولنکنی،

اوزوندن خلقنکنڭ غمینی یېدڭ،
«هدفم ازادلق، ارکنلك» دیدڭ،
قایتمادڭ یولنکدن. اتاب جانکنی،
ازلدن سن شوندا ق قورقماس مرد ایدڭ

(فاروق•)

### یورتم شانیگه برغزل

خداغە شکرلر اولسون
قاراڭ بزگە عطاسی بار
عزیز یورت اوستیدە بوکون
انە ئەرکنڭ هواسی بار...

اولوغ یولباشچیمز مسعود
بوگون صف الدیدا محکم
بتون ایل خوش بولوب اشلر
شونکا کونکلم ضیاسی بار...

حقیقت استەگەن یاشلرگە
سردار اول تمیز عیسى
جهاننی یانکرانیب چققان
اونڭ اونکور صداسی بار

اولوغ یورت اونتودڭ اوتدی
همان قایغو الم برلە،
چیان و اژدرها لرنڭ

تنڭ اورغان یاراسی بار
قایان بارساق اوکونلردە
قارانکغو ایردی بر ظلمت
اوشول ظلمت بلەن ایلنڭ
کوچورگەن ملڭ جفاسی بار
دوا ایزلەب کیسلگە سن
بتون اطرافقا تەلموردڭ
طبیب تونلوق رقیبلرنڭ
سنکا سالغان خفاسی بار...
بوگون اویغان! ینە اویغان!
باشنکنی تیز کوتەر اویغان!
حقیقی چین طبیب تاپدڭ
شفاسی کوب دواسی بار.
اگینم، قورولوش، برلك
سینڭ قوینکدا گللەنسون!
دیبان دلشاد تیلەر دائم
اونڭ چین مدعاسی بار

(دلشاد)

### گیوم تل
(حکایه)

.اون تورتنجی عصردە اسویجرە اوستریاغا تابع ایدی• اسویجرەلیلر هر وقت استقلاللرینی قولغا الماقنی توشو نەرلر ایدی• فقط هیچ بری بو اشدە اورتاغا اتلماس ایدیلر اوستریا حکومتی ایسەبولرنڭ توشەنچەلرینی بلگەنی اوچون اسویجرەگە هر زمان ظالم والیلر کوندردی•

بو والیلردن گسلر اسمیدە بری، زواللی اسویجرەلیلرگە قلماغان ظلوم و زورلقی قالمادی• بولر تحقیر اوچون التورف شهرینڭ بیوك میدانیغا اوزون بر یغاچ بەکتیب اوچیغا اوز شەپکەسینی اسیب قویغان و خلقغە او یغاچنڭ الدیدن اوتەر ایکەن شەپکەگە سلام بر مکلربنی امیر قلغان ایدی•

گیوم تل اسمیدا اوق اتیشدا بك اوستا بر اسویجلی، اوغلی بلەن بللەبر کون شەپکەنڭ الدیدن اوتەر ایکەن اوستربالق والینڭ امریگە بویون سونمادی بونی گسلرگە بلدوردیلر•

والینڭ یانیغا چاقیربلغان گیوم تل سببینی توپ توغری سوزلەدی گسلر بر از توشەنگەندن صونکرە اوننکغادیدیکی:
- سنڭ اوق اتیشدا بك اوستا ایکەنلکنکنی و اتقان اوقنکنڭ نشانغا توشمەی قالمایدورغانلقینی سوزلەیدورلەر شوندانمو؟

گیوم تلنڭ یانیدا تورغان اون ایکی یاشدەکی اوغلی غرورلق بلەن جواب بردی:
- توغرا. اتام یوزقدم اوزاقدن درختنڭ شاخیدەکی المانی توشورەدور•
گسلر گیومدن سورادی:
- بو سینڭ اوغلنکمو؟
- هە،
- یوز قدم اوزاقدن درختنڭ شاخیدەکی المانی توشورە السانڭ، اوستالقنکنی منڭ الدیمدا کورسەت• اوقیانی ال، اوغلنکنڭ باشیغا قویولادورغان بر الماغا تیککوزوشکە حاضرلان! شونیمو ایتب قویایکی، باخشی قارغال• اتقان اوقڭ اوغلنکغا، یاکی الماغا تگمەیدورغان بولسا اوزڭ اولسەن•
- گسلرنڭ یانیدا تورغانلر گیوم تلگە اچیندیلر. و ظالم والینی فکریدن وازا کچکوزمەك استەسەمو او؛
- یاق! یاق! گیوم تل، دیگەننی قیلادور؛ دیدی•
.بالانی یوز قدم الگرەدەکی بر درختنڭ یانیغا الب کیلب و باشیغا بر الما قویدیلر• بالا هیچ بر قیمرلاماسدن توروشغا چالیشار ایدی،

بتون تماشاچیلر تیتریشەرلر ایدی گیوم تل، اوقیاسینی تارتماق استەدی• قرتی یتشمەدی، باشی ایلانار کوزلری قارانکغو لاشار ایدی•

- بر ارالق اوقینی گسلرگە اورمەکنی اویلادی• صونکرە اوقدانیدن باشقا بر اوق چیقاردی یەنکنڭ ایچیگە تیقدی• اتادورغان اوقنڭ ارقاسیدینلا اتیلادورغاندەك راسلادی نشان الدی، اوق اوچدی الما برگە توشدی، بالا قورتولدی• همان تماشاچیلر اراسیدن «یاشا!» دیگەن اوازلر یوکسەلدی. بالا اناسینڭ قوچاغیغا اتیلدی•
- جانم اتا، اوق الماغا تیگدی• منکا تگمەیدور غانلقینی بیلەر ایدم، دیدی•
اتاسی بالاسینی قوچاقلاب یغلدی ازقا داشاری اونی یردن کوتەریب قوتلا دیلر گسلر اونڭ یەنکی ایچیدەکی اوقنی کورگەن ایدی. یانیغا کلیب سورادی:
- ئاشوروب قویغان اوقنی نمەقلاسەن؟
گیوم تل جواب برمەدی، والی زورلادی• نهایت گیوم تل توغراسینی سوزلەمەکدن تارتنمادی:
- اگر برنچی اوق اوغلومغا تگکەن بولسا ایدی بو ایکنچی اوقنی جنابلریغا اتار ایدم!

ئادرس
ئوروُمچی ئەنگوەن
یوڭخە بیغاڭ نومەری 18 ئالتائی نشریات ادارەسی

١٩٤٧ يل ١٦ نجی اوکتەبر

پنجشنبه ٩٣ نجی سان

تلده، ئشده، فکرده، برلك!

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

مدیری: عیسی الب تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

بهاسی: دانەسی ١٠٠ ئایلیغی ٠٠ ١٢٠ دوللار
هجری ١٣٦٦ ذو الحجه ١

التای نشریاتی طرفندن هفتەده اوچ چقادورغان سیاسی، اقتصادی، اجتماعی، علمی، فکری و ادبی غزیتەدور


# ملتچیلك اکلامق استەرمو سز؟

بوگونکی ترقیاتلردن محروم قالغان
یورتیمز، تخی اویغونوش دوری اچیـ
ده یاشامقدەدور. اما فعلا «حرکتا» و
یاخود اشـ.ـ.»، بز بو مقدارنی تمثل ای
تەلمایمز، تورکستان یاشچیلیغی همان
ضعیف بر حال ایله، روحا «عاجزلق» کور
سەتمکدەدور. بو عاجزلق، حالا ضعیف
لك بر ناباب ارزو تعقیب اتمکده وشو
یولچه ئتمکدەدور. اوده منصب مسئله
سی بولوب عام ایله اوغراشمق „ قال
پاقه لایق قرغز ئاپمق» اصلا کورولگه
نی یوق. جهانده ئەرك دعواسیده بول
غوچی یالغوز بز ایمەسمز. بزدن دهامحـ
تاجلار باردور. اولر هر - بر باسقوچ
نی بردن ساناب اوتکەزمکدەدورلر. و
اشده فوقیت حاصل اتمکدەلر. بوگون
کی ملتلرنك منور بر ارزوسی اورتا
عصردەکی „ ات سالیش» خوفیدن قور
تولوب قالشده امەس. جهان مدنیتنی ص
حنەسیدن اورون توتماق بولوب قالدی.
بو اکلاغان ملتلر اوچون عصرنك بوگون
کی عصرنك یاشامقنك عرقینی قوغداب
قالمقنك نقضیسیدور. اشته بو خل نق
ضی، ملتلرنی علم ازدەمککه مجبور ا
مکدەدور، هنر اورگەنمککه مجبور اتمکده
دور. بارنی یوق قلمشنك اورنیغا یوق
نی بارقلمقققه دعوت ئتمکدەدور. مونـدن
دولایی بزنك ملتچیلکیمزده، ملتنك علمی
گه علم قوشولسون، هنریگه هنر قو
شولسون، باری یوق بولماسون، بار بول
سون دیلگەن عملیتنك دونمکی لازم.
چونکی عصر علم ایکەن، عینی مدعا عینی
شرائطنی تاپماغان ملت جهانده یاشامق
قه حقی یوقدور.

اچوغینی ایتقانده بز ملتچیلك قلماق
چیمز، بو نیمه دیمکدر؟ نیمه اوچون
بز بونی قلمققه مجبوردرمـ...ـز؟

صناعت انقلابی باشلانغاندن صونك
کوچلوك صناعی دولتلر، مال اوچون
بازار ازلەمککه کرشمشلردور، بونك ای
له جهانیمزده برخل ئای رملك مسلك
پیدا بولدی. ئوده جهانگرلك و یاخود
مستملکه چیلکدور. موندن دولایی کوچ
سز ملتلرنك کوچلکلر طرفندن قول قل
مق ادعاسیده ترقی اتدی. صناعتنك
دقیقەلەب یوکسلیشی نتیجەسیده کوچلک
لرده بازار کینکەیتمك مجبوریتی. حس
ایتلمککه باشلادی. بولر البته ظلوم ای
له بولادورغان عملیاتدور. بونك نتیجەسیـ
ده ینه مظلوم ملتلر دیگەن اتاما جهانیـ
مزنی قاپلاب الدی بونکا قاراب کورەش
کورەشمك دیگەن حس انقیاد اتدی
بونك شعوری بولوب ظهور اتکەن شیـ
ئی -- ملتچیلکدور.

دها ایلگریرەك یاققانده ملتلرنك تا
ریخدەگی ات سالشلری قالقان کونەریش
لری باشقالرنی بوی سوندرمق اوچون
بولغان حرکتلری. اوزیگه اوز ملتیگه
وطن بای وطن سطحی ئك وطن تأمین
اتمك غایەسینك شکلیدور. بونك بلەن
قوشولوب یاسیب الغان برلردەکی خلقدن
انك کوچیدن فایدالانماق اویده توغول
دی بو چاغلرده کوچلکلر بونی اشلر
ایکەن بو خوفدن قورققان ملتلر وطنیـ
نی ساقلاب قالمق دینینی محافظه اتمك
ملتینی عرف - عادتینی ازلی برحالده تو
توب قالماق اوچون مانع اولاراق برکوچ
دفع اتمك اوچون بر قوت ایزلەدیلر، چا
لشدیلر، بونی حرکتلەندورگوچی کوچ
و انك منبعی ینه - ملتچیلکدور.

موندن باشقا دها برمونچه ماجرالر
همەسی ملتچیلکدور. بز بونی تکرار
ایتمەیمز. فقطکنه بوگونکی دور بلەن
حسابلاشمق بزگه کافیدر، یتەرلکدر.

هر - بر دور دەکی ملتچیلك، البته
انك دور دوا ثریدن بار اچقدر. بوگون
کی دور ملتچیلیگینك دائیرەسی حقانی
بر نظرله باققانده وطوطننی کینکەیتمـــك
امەس، بار یرینه قناعت اتمکدن عبارت
بولماقی لازم. ملتینی قوغداماق برابرنـ
ده، باشقا ملتلرنیده متناسب بر وضعیة
ده اعتبار قلماقی، یاوز فکر اورنیغا فا
ضل بر نظرله اوب - چورەنی کوزەتمه
کی کیرەك، نقطه نظری ایله بز ملتچیلکـ
نی شوندای توشونەمز:

ملتچیلك قول قلماق و یاخود قول
بولماق امەسدور، ملتچیلك - وطنسز قال
مق و یاخود اوزگەلر یرینه تجاوز قل
ماق امەسدر. ملتچیلك - اوز ملتینی
بای، مسعود، بار قلماق بولوب، بونك
دولاییله باشقالرنی یوقاتماق امەسدر.
ملتچیلك - حقوقلق بولماق اعتبارندن
باشقالر نك حقوقینه دخل اتمك امەسـ
در. ملتچیلك - اتقا، ات ایگەسی مینـ
شی کیرەك دیگەنلکدر. شونك اوچون
بز دیەورمز، کی خلقیمز نك علمیگه -
علم قوشولسون، هنریگه - هنر قوشول
سون، فلیغه - فل قوشولسون، یوقی
بار اولسون! وطن انگدر، وطنسز قال
ماسون.

مانا بز دەکی ملتچیلك - انکلاماق
استەرمو سز؟

# بوكوننك ملى معارفچيلرى نه كوتەدور؟

ملى معارفيمز عصرلر بويى اياق
استى بولغان و ويران ا‌ِلاراق يوقو
لوش باسقوچيغا يتكەن بر معارف بول
غانلقدن بك تويتلەشيب كتكەن ايدى.
12- اپريل اوزگوروشيدن صونكره مد
نى معارفغا از تولا يول بريلگەنلكدن
معارف جبهەسيدەاز تولا نتيجەلر قولغا
كلتورولدى. معارف ساحەسيدەكى بوسر
عتلك اوسوشنك عاقبتينى اويلاغان شوم
شلك شى سەى بر بولى معارف چارقيـ
نى ارقاغا بورامق اوچون معارفچيلريـ
مزنى فوق‌العاده سياستكه ارالاشتوروب
برقسمينى ـ فلان ديدك " بلەن' ينەبر
قسمينى „ پستان ديدك " بلەن منكلار
چە منورلريمزنى زندانلرگە سالديلر. بو
تورلك قانلق تهديد الديدا شاشب قالغان
معارفچيلريمز خدمتيدن ايتەك قاققا
باشلاديلر.

اوجونشنك قدمى اولكەمزگە يەت
كەندن صونكره اچوقدن و ياخود ياشو
رونچه ملى معارفقه سو' قصد يوركور
دى اوقوللارنى اوگرتمنلرنى اقتصاد دن
قيسدى. بو هم سياست بلەن معارفنى
بر - برگە ارالاشتوروب معارف باغينى
ميوەسز تاشلادى. سياسى اشلرگە ارالاش
ماغاب باشلرنى جمعيت خدمتيدن چكـ
لەب خلق الديدا اولرنك اناتينى يوقات
دى موقعينى توبنلەشتوردى. ديمك اوسـ
مكدە بولغان معارفيمز ينه بيميريلشكه
اوچرادى شونچه اغرلق ايچيده و نار
شرائط ده يتشب ملى وظيفەسينى ادا قل
غان منورلريمزەو كورولديلر قسقاچه
سوزلەمككه توغرى كلسه اوتموشده معا
رفچيلريمزنك باشلرى قايغان و اوز يو
لينى ناپالماسلق بر حالغا يتكەنلر ايدى

بيغب ايتقاندا ١٥ يللق تجربه دن
شونى بيكونلەمك ممكينكى معارفچيلر
نلك سياسى ايشلرگە ارالاشتوروليشى بر
ياقدن حياتيغا و وظيفەسيگە ضرر يتـ
كوزسه' ينه بر ياقدن ملت بالالرينى
ملى الك بلەن تربيەلەمك ايشيغا زور ما
نع بولادور.

شو نقطه' نظرگه اساسەن بو كون
نلك معارفچيلرى سياسى ايشلرگه ارالاش
ماسلقنى ارزو ايتەدورلر. چونكى' عص
ريمز مدنى معارف و ترقيات دورى، بوز
غانى حالدا' باشقا مسئلەلرگـــه ارالاشما
اوز خدمتيگه زور تأثير يتكوزگەن بولا
دور. بوگون ملى رهبرلريمز' منورلريمز
نلك اغزيدن تورلك سوز ايشيتەمز' او
بولسامو معارفچيلر سياستچى امەسدر.

معارفچيلر نلك سياستكه ارالاشقان
وقتلريدە ملتكه كەلگەن ضررلرنى' معارف
چيلر نلك اوزينك باشيغا كلگەن فلاكتلر
نى بوگونكى معارفچيلريمز نلك هممەسى
بلەدور. شونلك اوچونمو ياخود ملى معا
رف اوچونمو هر - بر معارفچيمز مسـ
تقل حالدا معارفنى اوستورمكنى اميد
ايتەدور.

عصمت الله معصومى

# تيليفون اجادچيسى - بەلل

„ حيات انسكلو پيديسى " دن .

ايكساندير گراهام ل ١٧٤٨-١٩٢٢ ا
كرچه بەللدن اول بر قانچه كشيلر
انسان اوازينك كوب اوزاقلرگه يەتكوزو
لشينى توشەنگەن بولسامو وبرقانچەلرى
بەللنك كشفى ايله معتدل اوروندا تور
سامو اونلك گراهام بەلل ديگەن اسمى ايلكتريك
بلەن چالشقان اولقى تيليفون باباسى
اولوب قالاجاقدور.

١٨٧٥ - يل سنتەبرنلك ٦ - كونى
پشيندن كيين نيو - يورقدا چورت -
سترەت كوچاسندا ١٠٩ - نمور لوق
ايلكتريك ماگازنى نلك قوياشدن ايسنغان
تاوان اراسيدا بەلل ايله معاونى واتـ
سون موسيقا تيلغرافينى ايجاد قلشاو
چون چالشماقدا ايدى. هفتەلرچه بو
اش بلەن قزقشلرگه كوره مع التأسف
اثباتلانغان بر نتيجەگە باراماغان ايدى
شونداق قلب بر كون پشيندن كيين
بر تصادفنك ياردمى ايله تيليفون ايجاد
قلنغان بولدى.

بەلل ايدينبورغ شهريده دنياغا كلگەن
بولوب ايدينبورغ وەلوندرا دارالفنون
لريدا اوقوشينى تمام قلمشدور. ١٧٨٠-
يليده باباسى وعائلەسى بلەن برلكده
كانادا غا كلگەندور. اتاسى وچونك بابا
سى حياتلرينى انسان اوازلريگه وەگاسـ
لربلەن تيلسزلرنى سوزله شتو روش
اوچون واسطەتاپقاقا وختانمشدور ايلكساند
دير گراهام بەللمو بو مقصەدن ايريلـ
مادى.

بەلل ١٨٧٤ - ٧٥ يللردە تيليفون ايـ
جاديگه كرشكەندور. وانسوننك تعريفيـ
گه كوره بەلل اوزون بويلوق' او
روق اوچوق يوزلوك برياش قارا سا
قاللق اوزون بورون بر ادم ايدى.
او لوندرا زيارتيده تيليفوننك ايجادچيـ
سى بولغان وانسوندن مەلماتز
اسملك المان عالمينك بر ايلكتر
ماگينت واسطەسى بلەن بر
ديناپازونى ( اواز ياكى موسيقا الەتى )
اوزينى توبەن. كورسوتوشيگه موفق
بولغانينى توبغان ايدى. بونى توبغان
بەلل اوز - اوزيگه: „ عجبا توبەن كور
سەتكەن بر ديناپازون اواز پيدا قلماق
بلەن ايلكتريك جريانيدا بر اوزگوروش
حاصل قلماسمو؟ برسيم بلەن پيانو
( موسيقا ) نوتالرينى ايبەرمككه اوخ
شاش امەسمو؟ ديب توشەنگەن ايدى.

بەلل بوستون شهريگه كەلگەن زمان
دا اناسينك ايجاد قلغان بر الەتى بلەن
اوز - اوزيدن حاصل بولادورغان اواز پيدا
قلب تيلسز، گاسلرگه درس برمكده ايـ
دى.

بەلل تلفوننك ايجاديگه چاليشـ
قان وقتدا قولاقنى تقليد قلار ايدى.
بر تمور تاختانك بر گيدا اولوب قول
لاقلماسينى توشونەر و: „ تيلسز، گاسلار
غه سوز اڭلاتماققه موفق اولسام تمور
نى هم سوزلوتوشنى بلەمەن" دەر ايـ
دى. حياتينى فقيرچيلقدا اوتكەزگەن
بەلل گاس طلبەلرنك ياردمى بلەن عمور
كچورەر ايدى.

اخرى موفق اولدى تلفوننى سەر
گيدە شور تاندوردى. سەرگينى زيارت
قلغانلر اراسيدا بولونغان براز بايه
نلك ياش امپراطورى دونپەدرو اغزيـ
نى قولاغيغا توبغاندا

„شكر' ياربى: سوزلەواتيدورا!" دەبو
قراب اغزينى احتيارسز توشەردى. سرگيـ
نى زيارت قلغانلاردن برى هم بيرك
فيزيكچيلردن لوردكه لوين اولوب. بەـ
للنك اختراع اتكەنى اريقادا كورگەن
نرسەلرنك الك مهيمى" ديگەن ايدى. فقط
خلق بونك فايدەسيغا ايشەنـمـەس
و تطبيق قابليتيگه ايمان كەلتورمەس ايـ
دى، حتى كچيك مقياسدا تيليفون كور
سەتكەنلرگه تەتور باقار ايدى. نهايت
سرمايەدارلر و علم اهللرى بونك فايداـ
سينى بلديلر.

امریقادا و دنیانڭ هر طرفیده تیلی فون ایجادچیلری ایلگرلەش حقوقینڭ دعواسینی اورتاغا اتدیلر، بەلل ایله کامپانیەسی 600 دعواچیلار بلەن دعوا لیشب هەممسینی یە‌ب چقتیلر، هیچ بر اختراع بو قدر بیوك رقابت و حرص الدیدا بولماغان ایدی؛ بەلل عمرینڭ اخرقی یللرینی واشینغتوندا اوتکەزمشدور، دما بر قانچه اختر اعاری بلەن

جمعیتکه مهم خدمتلرنی قلدی• فقط بو لرنڭ هیچ برسی تیلیفون قدر مهم امەسدور• تیلیفون دیگەن اسم بەلل بلەن بر طرفده قالاچاقدور• بەلل اینگیلزچەده جان معناسیدا بولوب تیلیفون مرکزلریده کورونەدورغان قزیل نلر بەللگه اضافت بلەن چاپلاشتورولمشدور •

اویغورچه لاشتوروچی « ر• ج• »

# خارجی خبرلر

## امریقا قطعەسینڭ تنچلقی خوفکه اوچراماقده

( مرکزی اژانس بوئەنس - ایریس ١٢ - اوکتەبر تیلغرامی ) بتون دنیا بوگون بینکی انترنا نسیئونال تشکیلاتینڭ قورولغانلقی توغرولوق بولغان اوختوروشیغا دقت قلماقدا دور چیلی حکومتی ایزسز رەوشدەکی جنوبی امریقانڭ کەڭ دائیردەکی قوممونست ایشغیونلرینی و بوزغونچی تشکیلاتلرینی تاپقان• اولار موسقوانڭ بویروقی بویچه ینکی اینترنانیسئو نالنی تیریلدورمەکچی ایکەن• خارجی ساحەدیکی کشیلر بو حرکت غربی یارم شارنڭ تنچلیقی وبی‌خطرلیکیگه قاتتق خوف توغدورادور دەب حس قلماقدا•

جنوبی امریقا قوممونست فرقەسی حاضر پارکیلایده طرفیدن بویروق الغان اوچون امریقا قوروغلوقینڭ هر بر جاییدا حرکت قوزغاش پیلانینی قلماقدا ایکەن اوندا قوممونست فرقەسینڭ امریقاغا قارشی حرکتینی تەرتیبکه سالسماقچی و کوچەیتمەکچی •

بوندەکی حقوقلوق انظارچیلر اوتکەن بر یلدن بویان، قوممونست فرقەسی جنوبی امریقاغا بولغان تشویقاتینی هم حرکەتینی کوچایتب کالدی• بو قوممونست فرقەسینڭ مخفی قیلب کەلگەن خطرلک بوردب بهابرشدی• تارالغان سوزلرگه قاراغاندا موسقوا طرف هرکون دیگودەك امریقاغا حسابسز تشویقاتلرینی تاراتماقدالر •

بو ئە نس- ایرسنڭ معلوم بر جاییدا قوممونست فرقەسینڭ بیدیلوبولیس بیعمیغا هجوم قیلب" امریقا جهانگرلکی، نقابی استیدا تارانقان تشویق شعارلری تیپلغان او، بولوبمو روسیەنڭ مذکور بیعمن توغرولوق قلغان تنقیدی بلەن اوخشاش چققان•

---

## برلشمه دولتلر قورولتاییدن امیدسزلکلر کورولمەکده

( مرکزی اژانس ویکتوریه ١٢ - اوکتەبر مخصوص تلغرامی ) برلشمه دولتلر قورولتایینڭ ٢٣ - کونیدەکی احوالی توبندیکیچه بولغان:

١ - سیاسی بی‌خطرلك هیئتی روسیه - پولشه غروپپا لرینی باستوروب ٣٤ چەککه 7 چەکنڭ قارشلقی بلەن امریقا طرفدن تاشلانغان ابەدی خارازلق بالقان تفتش هیئتینی قوروش فکری تصدیقلاندی• مدده ١١ مملکت دن عبارت هیئت اعضالرینی سایلاب چقدی اونڭغا روسیه و پولشه کردی• ٢- ئامریقا اخردا بر قانچه هفته دن بویانقی سکوت لقینی بوزوب تاشلاب فلسطین نی ایرب المق فکرینی قووەتلیگەنلکینی افادەلەدی، بوقوردا ایتلغان 2 تورلوك قرار عملی نتیجەگه ایگه بولوشیدا ینه گومانلق بولوب حسابلانماقدا• روس پولشەلر ایلگر اخر توغریدەکی-توغری بالقان هیئتیگه قاتناشماسلقنی افادیلەدی• بتون روسیه طرفدن غروپپانڭ پوزوتسیه سیمو، نهونداق کورونەدی اونڭ اوستیگه عرب اتفاقی مملکتلری فلسطن چگراسیغا عسکر تارتیب حربی حالتلر کورولدی اولر فلسطین نی بولوب اداره قلماققه قارشیلق کورستکەن کوچلردن عبارتدور، روسیه و پولشه اوخشوروشی هم عرب عسکرلرینڭ حرکتی بلەن برلشمه دولتلر احوالی ناچارلاشب بیکی دنیا تهکیلی خوفلك وضعیتکه توشدی

# یوگوسلاویه بلەن چیلی مناسیبتی اوزولگەن

( مرکزی اژانس پارکیلایده ١١ نچی اوکتەبر یونەیتد پیریس تلغرامی )• یوگوسلاویه حکومەتینڭ اعلانیچه: مذکور دولت چیلی بلەن بولغان خارجی مناسیبەتینی اوزمەکچی• اونڭ سبەبی: چیلی حکومەتی یوگوسلاویه نڭ ٢ خارجی کهبسینی چیگارا دن قوغلاب چیقارغانلقیدیندور• بو 2 کهی ٨ - اوکتەبر کونی چیگارا دن قوغلاب چقریلشی، یوگوسلاویه حکومەتینڭ بویروقی بویوزچه چیلی کمورکان ایشچیلرینی اش تاشلاشقا تشبث قلغان•

یوگوسلاویه نڭ بیاناتیچه: « یوگوسلاویه نڭ چیلیدا تورغان سفارتخانه سینڭ خدمەتیگه حقیقەتەن چیلی حکومەتینڭ موندداق حرکتنی قوللانیشی هر قانداق یولغا توغری کەلمەیدور، شونڭ اوچون موندداق حرکت بر تورلك پلانلقی حرکتدور » دیگەن •

---

# قسقا خبرلر

( مرکزی اژانس کانتون تلغرامی )

خلق ارا یاش عياللر قورولتاییغا کیلەدورغان هر بر دولت وکیلەلری ارقامو ارقا شانخەیدن کانتونغا کیلەباشلادیلر، بو قورولتاییغا تورکیه، عراق فلیپپن، سیام، اننام، برما، اوستralیه، قوریه، سیلون. هندستان، برازیلیه، بلجیقا (بلگیه) دانیمارقا ( دانیه ) مجارستان ( وینگریه ) فرانسیه. لحستان ( پولشا ) هوللاندا، فینلاندیه ، چیخ اسلاواکیه، یوگوسلاواکیه، المانیه ( گرمانیه ) رومانیه، ایرلاندییه، قانادا، امریقا ییگی زیلاندا، ارگینیتنا وکیلەلری قاتناشادورلر•

( مرکزی اژانس دهلی تلغرامی ) هندستان مختار توپراغینڭ حکومت باشقانی نهرو دولت بایرامی مناسبتی بلەن چین حکومتینی تبریکلەب نطق ایراد ایتکەن •

---

# توزەتش

١ - بەتنڭ سرلرحه بولەگیدەکی "ذوالحجه ١" نی " ذوالحجه ٢" دەب توزەتب اوقوشلرینی سورایمز•

تحریر بولومی

www.uyghurkitap.com


۱۹٤۷ یل ۱۹ نجی اوکتەبر

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

مدیری: عیسی الب تکین
باش محرر: م.۱۰ بوغرا

تلدە، ئشدە، فکردە، برلك!

# عرك

یکشنبه ۹٤ نجی سان

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز توركستاندور

بهاسی: دانەسی ۱۰۰ ئایلیغی ۰۰ ۱۲دوللار
هجری ۱۳٦٦ ذوالحجه ٦

لتاى نشریاتی طرفندن هفتەدە اوچ چقادورغان سیاسی، اقتصادی، اجتماعی، علمی، فکری و ادبی غزیتەدور


## کیمگه یغلاب برەمز ؟

بر ایشنی باشلاماق نەقدر قیین،
بونی فقط ایش کورگەنلر بیلورلر. باش
لاماق قدر صولك نشانیغاچه یاشاتماق
نەقدر اغیر، بونی انجاق ایش ایگەلری
بیلەدورلر. بر عنصور، دها زوردن‌سوز
اچساق بر جمعیت ایش باشلار ایکەن،
همان شو ایشنی نشانغا یەتکوزمەك او
چون بەل باغلایدور.

دنیانی بر یاقتا قاریب قویوب اوز
یورتیمزدەگی اشلر اوستینە برقور کوز
یوگورتسەك، موضوعمزغا دها یاقنلاشا
مز.

توركستان معارف صحنەسیگه برکوب
ایش ایگەلری چقدیلر، سیاست جبهەسی
دە بر قانچه سیاستچیلر جسارت کورسەتد
یلر. فقط ملی اویغوتوش اوچون کەلا بر
جریان اچیب ملی اویوشمالر دها توغ
روسی ملی تشکیلاتلر باش کورسەتدی
لر. بولارنك هیچ قایسیسی اوز غایەسی
دە دوام قیلاالمادی، موفق بولاالمادی.
نه اوچون؟

بتون بو ملی حرکتلر شو دوردە
کی حاکمیت رژیمیگه اویغون کلمەگەنلک
دن حاکمیت ایگەلرینك اعتمادینی قازا
ناالماغانلقدن اورتاغا چیقار - چقماس
یقلدی. بوندن صوگره ملت اوز محب
طیدەکی ملی اثر یاراتقوچیلریدن، ملی
منورلریدن ایریلب تاشلاندی.

ملی محیط اچیدە ملی حرکت او
چون هیچ بر زمین قالماغان بر وقتلر
دە توركستان نامیغا اچکی چیندە فعال
یت کورسەتکەن رهبرلر، باشلر بو کوز
دە ملت حضوریدا ایگیلب تورماقدادورلار.
حیاتنك الاغیر کونلرینی کیچورگەنیگه
رغما» بتون بارلقینی ملت اوچون یورت
اوچون صرف قلیب، ملی اویغوتوش
بلەن ملی حرکت بلەن اچکریدە فعال
یت کورسەتکەن فقط برگینه اداره بوگون
کی نشریاتیمزدور. «قول سونسا یورتقا
یەتمەیدورغان بر شراعطدە یوقلق و قیی
چیلق اچیدن بارلق و بر جانلقنی کور
سەتمەك یاراتماق ارکەکلك و مردلك یو
لوب چیقور»*) یوقسوللق اچوقلرینی تات
غاندا، اغیر کونلرنی باشیدن اوتکەزگە
ندە یورت و ملت بلەن اوزیگه نسلی
برگەن بو ادارەمز توركستان اوچون
ازمو فعالت کورسەتدی ؟

بو ادارەمزنك انا توزوکی (نظامنا
مەسی) توزەلب اساسی قورولغانی
قا ۱۵ یللرغه یتب بارادور. گرچه یا
بانچی بر محیطدە هر تورلوك سیقش
لر استیدا هر تورلوك بر نام بلەن
اوز ملی دعواسیدا دوام قیلب کەلگەن
بو ادارەمز بر نهان ساری نك بر
غایەدە نك بر مسلکدە ایش ایاب بار
ماقدادور.

توركستان ملی مطبوعاتیدا الا او
زاق دونومگه ایگه بولغان، اویان بویا
غا قایماغان برحالداینه اوزو ظیفەسیدە دوام
قیلب کیلەیاتقان بو ادارەمز ملت اچون
بیوك بر اثر قالدوروب کەتمەکنی
مقصد قلماقدادور. ۱۸۸۱ - ییلیدن باش
لاب طونغوچ، ای یلدز، کونش، شفق،
مرات، جدید کبی تورلوك اسملر بلەن
ورقه نشر قلغان، نهایت ۱۸۸۳ - یلی
تورکچه و روسچه «ترجمان» غزتەسینی
نشر قلماق بلەن تورك تاتار دنیاسینك
ملی اویغونشیغا افق یارانقان اسماعل
بیك غاصپرالی بتون عمریدە ملی حرکتنك اسا
سی تووری بولغان مطبعەچیلك اشلری
بلەن چالشقان ایدی.

فقط توركستاندا صوگغی چارك عصر
اچیدە ملی مطبوعات اورتاغا چیقار ایکەن، هیچ
قایسیسی اوزون بر دونوم یاراتا الما
دی. تاریاغاتایدەکی «بزنك تاووش»
داشغردەکی «ملی حیات» بولر کوب
دیگەندە بر ایککی یللق دونوم ایگەلری
دور.

اونکەن یل بتون توركستاننی اوزی
نك دوراکی بلەن الت اوست ایتکەن
و خلقنك کوب مقداردەکی مادی یاردمی
نی قازانغان «خان‌تنکری» نشریاتی
انچاق ٤سان چقارور چقارماس سوغا
چیلیشب قالدی. صونکره «خلق نشر
یاتی» نامی بلەن برده بر اداره قورول
ماقتا باشلار ایکەن خلق تورغون امید
بلەن بار یوقینی دیەرلك اعانه قیلاباش
لادی دو هم بر نچه ای اچیدە قولدو
قدل اوتوب یوروب اران ۱۰ نچه سان غزته
چیقاراالدی.

۱۰ نچه یلدن بری بار یوقینی
ایاب یوروب ایشینی دوام قلدوروب کەل
گەن ادارەمز هر بر اغرچیلق کەلگەندە
اوزی تارتدی مدامکی بیقلش حالیغا
یەتکەندە اوز ملتیدن یاردم ایلشنی
کونکلیدە پوتوب کەلگەن ایدی. بونداق
بر تار محیط اویغونسز بر شراعط اچید
دە تاریخینی ۱۰ نچه یللارغه اولاشتور
غان بو ادارەنی ییقیتب قویماق اوس
توروب اسراغان میوه درختینی توپی
دن کەسمەکەن قولای ایکەنلکینی ملتی
مز انکلاغان حالدەمو امەسمو بونی بز
ایتاالمایمز. هر ملتداش هر بر یورت
داش شخصی منفعتدن خصوصی یاپلق
دن ملی منفعتنی اعلا کورەدورغان بول
سا بیقیلیشی قولای امەسدور.

---

*) مسعود صبری جنابلرینك نطقیدن

# اولكه و شهر خبرلری

## ملی رئیسمزگه رحمت اوقویمز

موندن مقدم بوگور ناحیەلك تورك
اویغور اویوشماسینك قلوبیغا حكومت
طرفیدن اشلق قویوش بلەن برابر قلو
بیمز سکایان بولوب کەتكەنلیكی اوچون
قلوبنی اصلاح قلماققه ١٥ میلیون دوللر
اسمیتا توزب حكومتكه عرض انكەن
ایدوك٬ عرضیمزنك حل بولماقی اوچون
چنگزخان حاج داملامنك ارتوقچه كوچ
چقارشی بلەن اولكه حكومتی 2 نوبتده
١٢،٥٠٠،٠٠٠ دوللر برشنی بلگولب
برگەن ایكەن٬ بوننكغا بز اویوشما خاده
لمری علماء یورت معتبرلری هم بارلق
اوگرتمنلر٬ عمومی خلقمز حددن تاشقاری
خورسند بولوش بلەن نلك ملی رئیسمز
مسعود افندمنك اوزون عمرلك بولماقینی
الله تبارك تعالیدن تیلەیمز
بوگور ناحیەلك تورك اویغوراویوش
ماسی

## نتیجەسی هەمەگه مقبول كلەدورغان مهیم اشلر توغروسیدا بر مجلس

[ شهر خبری ] اوشبو اینك ١٢ -
كونی كەچ ساعت ٥ده مركزی تورك
اویغور اویوشماسینك مجلس‌خانەسیدا او
رومچیدەكی بارلق علماء عظام و امام
مؤزنلرنك اشتراك قلشی بلەن چنگز
خان جاج داملا ریاستی استیدا مهیم
بر مجلس اچیلدی بو مجلسده توبن
دەكی اشلر قرار قلندی.
١ - یورتیمزدا بوگونگەقدر اصول
جدیده ایلەدینی درس اوقوتولادورغان عص
ری بر بلم یورتینك بولماغانلقی او
چون دین ایله فنگه ماهیر بولغان اوگ
رەتمنلر تكلیف ایتب ، اولكەلك دینی
هم فنی علوم مدرسەسی " اچب هر ولا
یت ناحیەلردن طلبەلرنی كەلتوروب تح
صیل اكمال اتدورش.
٢ - تورك اویغور مدنی اقارتش
اویوشماسی طرفیدن " قربان عیدمز
نی قارشیلاش‌بلەن برلككه دعوت " دیگەن
تشویق قوللانماسی هەده كچك - كچك
دینی تشویق ورقەلری و كوچیغا چاپ
لاش اوچون علاهیدەتشویق كاغذلری بارش
قا بەلگولەنگەن.
ع هاشمی

## كاشغر خلقلریده " ئەرك " كه بولغان قزیقش

غزتەمز نشر قیلنغالی باشلاغاندن
بری هر بر ولایت٬ ناحیەدەكی یورت
داشلریمز غزتەمزنی چین كوڭللری
بلەن حمایه قلب و اونی سویوب
كوب ساندا مشتری بولوب٬ غزتەمز دن
تولوق فائیدەلاندی و فائیدەلانماقدالر٬
جمله دن كاشغر كهنه شهر حاكمی
تورسون علی افندی غزتەمزگه مشتری
كوپەیتمك اوچون كوب كوچ چقارب٬
200 دن ارتوق مشتری توپلاب پولی
نی ادارەمزگه كیلتورگەنلر. شونك او
چون تورسون علی افندیگه ایرمچه ره
مت اوقوماق ایله برابر باشقا ناحیه
حاكملرینك هم غزتەمز اوچون ایرم غه
خورلق قلماقینی٬ خلقیمز نك غزتەمزگه
كوب ساندا مشتری بولوب، غزتەمز
دن تولوق بهره الماقلرینی امید ایتەمز٬
اداره

[ باشی برنجی بتده ]
توركستانچیلقدا ملی حركتیمز نك
قویاشی بولغان بر نشریات ادارەسی
نی بو كبی بر اوزون دونومگه اولاش
توروماق٬دما و دما یاشاتماق انجاق محرر
لر نلك٬ مرتبلر نلك قولیدن كیلــەدور
غان ایش امەس. اگر بو نامیرلر حر
كت اوزرنده٬ قوت اوزرنده بولسا دما
اوزون برا حیات یارانقالی بولور. بوز
من بورون تشلرینك كاواكاریدا قالغان
نان اوواقلرینی كوچیلاب اونك بلەن
حركتلەنب كاكەن ادارەمز بوندن صونك
ره كی ایش حیاتینی كیمنك همتیگه
باغلاب قویسون ؟

## قربان عید نمازی

اورومچیده بوندن بورون عیدنماز
لری باشقا نمازلر دەك كیچك كیچك مس
جد لردەغینه اوقولوب یالغوز اورومچ
ده اون بش یگرمه مسجدگه بولەنیب
كیتب مسلمانلرنك شان و شوكتی هیچ
كورولمەی اصلی عید نمازینی واجب
قلهدەكی حكمت میدانغا چقمای كلگەن
ایدی. منا امدی ملی رئیسیمز و باش
كاتیبمزنك دینی اشلریمزگه اهمیت بیر
گەنلكی كوزگه كورونوب علمالریمز غی
رت قلب ١٠- اینك ١٥ نجی كونی مر
كزی اویغور اویوشمانك مهمان خانەسی
ده توپلاشیب بر دینی مجلس قوردی
بو مجلسكه محكمه شرعیەنك قاضیلری
اخونلری و مسجد امامری و مؤزین
لری و باشقا علمالر قاتناشیب چینگز
خان حاج داملامنك رئیسلگی استیده من
درەگه باشلاب بتون قاضیلر و اخونلر
علمالر و امام مؤزینلرنك قراری بلەن
عید نمازینی بر یرگه توپلاشیب اوقوش
قا قرار بریلدی بوننكغه برقانچه میداز
لرنی تكشرگەندن كین كوپچولوكنك قرا
ری بیلەن تن لی شاك دارالمعلمین و دا
رالفنون ارقاسیدەكی كنكرو میدانیدا
اوقوماققا توختام بولدی.
اونك اوچون بتون امام مؤزینلر
اوز جماعتلریغه اعلان قلب عید كونی
شویرگه توپ توپ حالده كلب اسلامیت
نك برلك شوكتینی كورسەتسون.
محكمه شرعیه

## قربان عیدنمازی قاچان اوقولادور ؟

خویسو اخونلری باشلغ مالن جولك
اخون تورك اویغور علمالریدن ع٬ چنگیز
خان حاج داملام و محمد قاضی اخو
نوم، حامد قاضی اخونوم٬ شاكر حضرتم٬
خوجه، نیاز قاضی اخونوم٬ عبدالكریم امام
اخونوملر باشلق بوتون مسلمان عالمری
نك اتفاقی بلەن عیدقربان نمازی ١٠
نجی اینك ٢٥ نجی كونی، شنبه ارتەگەن
لگی ساعت ١٠ ده تن لی شاك ده
دارالفنون [ شنجاك شوین ] ارقاسندەكی
كنگری میداندە توپلاشیب اوقوماققا قرار
بریلدی٬ هر بر مسلمان دیندشلر شو
میدانغه حاضربولوب عیدنمازینی اداقلیب
خدا ورسولنك الدیدا اق یوزلوك
بولسونلر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# محرر و تلچیلرنڭ الك یوز كوروشوشی

## ملی تل و املا حقنده قایغو ارالاش بر فیكولەشیش

بوندن بورون یورتیمزدا محررلر یازو
چیلر شاعرلر تلچیلر و ترجمانلر بربرده
باش قوشوب اولتورماغانلر و ملی تل
املا و ملی ادبیات اوزره قونوشمالرده
بولماغانلر ایدی. شهریمزده‌کی محرر
شاعر تلچی و ترجمانلرنی بربرنه‌یغب
تل املا حقنده قونوشماقنڭ مهملکینی
اڭلاغان نشریاتیمز برنچی دفعه اولاراق
بر اولتوروش اوتکه‌زدی.
تونوگون ساعت 4لر بله‌ن شهریمز
دەکی یازوچی ترجمانلر بولوب ۵۰دن
ارتوق منورلریمز اداره‌مزگه یغلدیلر.
بو اولتوروشدا ساین مدیریمز
عیسی افندی الب تکین جنابلری تل
و املا اوستیده مهیم بر نطق بردی
بو کونگه قدر تورکستان سیاستچیلری
اغزیدن ملی تل و املا حقنده هیچ بر
سوز ایشتمه‌گه‌ن ملی تیل و املا حقـ
ـده اچوق قایغورغان کیمسه‌نی کورمه‌گه‌ن
بو ضیالی یاشلریمز ملی بارلق و ملی
تیل اوچون قایغوروب کلمکده بولغان
بو نشریاتیمزده الڭ برنچی قیتم ایشتدیـ
ـلر و کوروشدیلر.
مجلسکه قاتناشقان هر یازوچی هر
محرر و هر بر ترجمان بو کبی تیل
و املا حقنده یات - یات قونفرانسلر
بریلمه‌سینی امید ایته‌رلر بو یول بله‌ن
تورکستان تیل و ادبیاتی ساحه‌سیده
بیوك یینکیلقلر کورولور.

ساندوغاچ

## ملی صحنه‌مزنڭ یولدوزلری پارلاش الدیدا

اورومچیده یاشلر اومه‌گی طرفیدن
صنایع نفیسه بولومی قورولوب کاشغر
ولایتیدن مصطفی افندی بله‌ن برابر
بر قانچه صنعتچیلر بو یرگه تکلیف قلنـ
ـغانلر ایدی. تورکستان صنعت صحنه‌سیـ
ـده پارلاق افقلر یاراتماق اوزره کاشغر
دن تکلیف قلنغان ایم نساخانم، تاجی
نساخانم، رابعه‌خانم عبدالعزیز حاجی و
محمد رحیملر بله‌ن برابر ۸ نفر منورلریـ
ـمز ۱۷ - اوکتبر کونی ماشینا بله‌ن
شهریمزگه یتب که‌لدیلر. بولرنڭ کیلشیـ
ـدن خبر تاپقان صنعت خادملری الدیـ
ـغا چیقب استقبال ایتدیلر. یاقین ارا
ده اچکی چینغا سفر قیلادورغان حال
سوراش اومه‌گی بو ملی صنعتچیلریمز
بله‌ن اچکی چین صحنه‌لرینی پارلاتاچاق
دور.

ع هاشمی

## خسته خانه‌مزنڭ خدمتی برقدم الغا باسدی

خسته خانه‌مزنڭ باش مدیری مابو
شه‌ن، معاون مدیری عالم جان اکا لرنڭ
تشبثی بله‌ن خسته خانه‌مزنڭ حکومتکه
قاراشلق بتون طبیی اسبابلرینی و حکو
مت نرسه کره‌کلرینڭ یوتوب یاکی اوز
اوزیدن یوقاب کتمه‌سلکی اوچون اولر
نی اوبدان حمایه قلب صداقتلك بله‌ن
خدمت الب برشنی مقصد قلب موشو
اینڭ ۱۲ - کونی خسته خانه‌مزنڭ باش
مدیری مابو شه‌ن معاون مدیری عالم
جان، ملی باش دوقتوریمز عبدالروف
دوقتور لیوداجون و هربر بولوم باشلقـ
ـلرینڭ قاتناشی ایله‌ن مجلس اچلدی.
مجلسکه باش مدیریمز مابوشه‌ن افندی
رئسلك قلدی مجلس ترتبی اجرا قلنـ
ـغاندن صولڭ مدیریمز: خسته خانه‌مزنڭ
حکومت نرسه کره‌ك و اسبابلرینی هـ
ـمه کریم چقم قتاراق اشارنی توغری
حقیقی حجت لر بله‌ن الب بریشی اوسـ
ـتیده سوزله‌ب اوتکه‌ندن صولڭ کوپچو
لوکنڭ فکریگه بنا" توبنده‌کی ایشلر
یورگوزولمك بولوب تصدیقدن اوتدی.
۱- هرایدا کاسسانڭ کریم - چقیمیـ
ـنی خسته خانه تفتش هیئتلری تکشو
روب توروش.
۲- خوجولوق بولومنڭ ایاق چقم
لرینی حقیقی توغری اصول بله‌ن
تکشوروب توروش وه خوجولوق بولوم
باشلقیغا بر یاردمچی سایلاب برش.
۳- خوجولوق بولومنڭ یاردمچی باشلقـ
ـلیقیغا عبدالقادرنی به‌لگوله‌ش،
٤- مدیریمز مابوشه‌ن افندینڭ تشـ
ـبثی بله‌ن بو یل ۳ نجی ایدا بر تفتیش
بولومی تشکیل قلنب اوز خدمتینی مسـ
ـئوللق بله‌ن ایلب بارغان بولسامو،
موشو اینڭ ۱۳ نجی کونی اچلغان خسته
خانه تفتیش هیئت لر مجلسیده موندن
کیین بو بولوم اوز خدمتینی تخیمو
مسئوللوق بله‌ن اجرا قلش اوچون تو
بنده‌کی قرارلر توختاتلدی،
۱- کاسا و خوجولوق بولوملرنڭ حسا
بات دفترلرینی و نرسه ساتب الب کیلش
اصوللرینی تفتیش بولوم تکشوروب
توروش،
۲- تفتیش بولومی حکومت نرسه‌
کره‌کلرینی تزغا الب اوبدان حمایه
قلش.
۳نجی هر ای اخریدا بتون خسته
خانه بویچه تکشورش. نتیجه‌سینی
کوپچولوککه بلدوروب توروش.
دیمك خسته خانه مزنڭ باشلقاری
موشونداق حقیقی اصوللر بله‌ن ایش
الیب بارسا خسته خانه‌مز حکومت و
خلق الدیدا اتابتلك بولوب باشقا ادره‌لر
گه الیته اولگه بولغوسیدور. بتون
تورکستان ده‌کی اداره‌لرگه خصوصا "خلق
سلامتلکینی ساقلاش اداره‌لری الدیدا
باشقا بر خسته خانه‌بولوش احتمالی باردور

عثمان جان حسینی

## التای اوزیگه یولداش تاپدی

عصری اوسوش ملی اویغانش
دوری بولغان بوگونلرده یورتیمزنڭ هر
طرفیده اینقسا مدنیت و سیاست قایـ
ـناغی بولغان اورومچیده یینکی - یینکی
غزته‌لر ملی یغملر اورتاغا چیقا باشلا
دی، شهرداش تورکلرگه تز ارادا تصا
دف ایتیلگه‌ن "حیات هم‌دور" یغیمی افکار
عامه‌نی اوزیگه جاب ایتمکده‌دور. بو
یغیم: ۱ - سانیده‌کی علمی اجتماعی مقاله
لری و ادبی پارچه‌لری بله‌ن کیره‌ك یورتدا
نشر ایتلگه‌ن و کیره‌ك داخلدا تورکسـ
ـتان نامیغا ملی دعوا یورگوزگه‌ن یغیمـ
ـلرنی اقتفا" ایتکوسیدور.
تورکستان غزته‌چیلك ساحه‌سیده‌چالیـ
ـشب که‌لگه‌ن محرریمز اسعد افندی طاهریـ
ـنڭ تحریری بله‌ن نشر قلنغان بو یینکی
یغیمنی ملی مطبوعاتیمز قارشـ
ـلایدور.

ساندوغاچ

١٩٤٧ يل ٣ نجی نویابر    تلده، نشده، فکرده' برلك!    دوشنبه ٩٨ نجی سان

! بولهنچوكلك خلق بولسون ! توتقان بولك حق بولسون ! خلق - حکومتدن اوستون ! حق - قوتدن اوستون !

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

مدیری: عیسی الب تکین
باش محرر: م٠ا٠ بوغرا

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

بهاسی: دانهسی ١٠٠ ئایلیغی ١٢٠٠ دوللار
هجری ١٣٦٦ ذوالحجه ١٩

التای نشریاتی طرفندن هفتهده اوچ چقادورغان سیاسی، اقتصادی' اجتماعی' علمی، فکری و ادبی غزیتهدور

# یاگیدن بر جریان اچمق کرك

وقت اوشبو ٢٠ عصردور. بز همان
١٥-١٦-عصرنك فلاکتلری ایله قالدوق
بوگونکی کونده بزدن باشقا دنیادهکی
همه ملتلرنك حالی اوبدان‌دور. خلقلری
انکلقدور. سوادلقدور. مدنیتی یوکسک
دور. فن معارفی ترقی قلغان حالدهدور
هنر-صناعتی ارتقدور. اقتصادی بایلقی
بك کوبدور. هرایشنی قلماقچی اولسا
اولرگه اساندور. اولر قیینچیلق تارتماسلر
اولر اوچماقچی اولسا طیارهسی تیار.
یورمکچی اولسا اوتوموبیل، ترامءوای،
اوت عرابهسی بار. اوز مکچی اولسا
واپور، کیمهلری بار. اولر ایسل بك
گوزل کییم-کیچهك کیهلر.قسقه قلب سوز
لهگهنده اولر رفاه - سعادتده یاشا یورلر.
نمه اوچون ؟ شونوك اوچونکی، اولر
همهدن دولایی علوم معارفنی کوب سووب
کلدی. تعصب خرافاتدن اوزینی یراقلا
تارتدی. هرایشدا جسارت کورسهتدی.
سعی اجتهاد قلدی. یالقاولق قلمادی.
هرایشنی اوز ترتیبی ایله ایلب باردی.
بز شولرنی قلدوقمو؟ البته قلدوق دیب
ایته المایمز. دروست سوزلهگهنده بز بو
نلك عکسی ایله ایش الب باردوق. بز
نلك همیشه تکرار ایتهدورغانمز باشقهلر
نلك حالی ایله اوزومزنك حالینی چاغش
دوروب قارایلی دیگهن سوز دور. خوش
بز باشقالر قلغاننی قلماغان ایکهنمز
امدی نمه قلامز ؟ اوشه حالدا کته بره
مز مو ؟ یاخود کوزومزنی اچب بو فر
صتدن استفاده ایتهمزمو ؟ بونی البته
اویلاش کرهك. حاضرقی زماندا خلقمزنك
٨٠ فائضی سوادسز ایکهن بو حال بك
اچینشلقدور غیرتلار الدیدا بك اویاتلق
دور. علمنك فایداسی جهالتنك ضرری
حقیده بزگه سوز کرهك ایمهس. چونکی: بو سوزنی هربر ادهزاد توغولغاز
دن تارتیب اشتیب کلمکدهدور.

بز تیخی یاقنقی ٢٠-١٠ یلدن بو
یان‌غینه بر از اویغانیب اوز حالیمزنی
براز انکلاشقا باشلادوق. شوندن بری یور
تومزنك حالینی بلگهن بعضی منورلریـ
مز خلقمزنك الك فکرینی اچش اولرنی
اقارتش اوچون از تولا هرکتلهنگهن بول
دیلر. بعضی برلرده اصول جدیده مکـ
تبلرنی قوروب خلقلرنی اوقوش اشلریـ
غه اهمیت برشکه دعوت اتدیلر. لکین
جاهل خلقلر نادان ملالرنك سوزیگه ال
دانیب اولرنی قاپاتدیلر.

شالکشی‌سهای دوریده مکتب. معارفیـ
مز از - تولا ترقی قلدی، بو وقتلرده
سوادسز چونکلر اوچون کچ کورس لر
هم اچیلا باشلادی. لکین اوچاغدهکی
اوقوش اشلری یورتومزغا اویغون کله
دورغان حالدا بولمادی. خلقلریمز هم
اجتهاد اتمهدی. کیینکی وقتلرده بولرهو
بوقالدی. برقانچه اوزگوروشلر بولدی.

بز امدی مهیم بر فرصتنی قولغا
کلتوره الغان بر زامانغا یتیب کلدوك.
بوفرصت بزگه بك‌قمت توشدی ارزان
توشمهدی بزبوفرصتنی قولدن برسهك
اوزومزنك حالیغا وای‌بولادور.

حاضریورتومزنك همه اشلری اوزقولیمز
غا اوتکهن حالدهدور. رئیس - رهبرلریمز
اوزومزدن دور همه اشلریمز ملی روحدا
کیتب بارماقدا. بزموهوهم دوریده خلق
معارفینی یوقاری کوترمك اوچون یاگیدن
برجریان اچمق کرك یعنی سوادسز خلق
لریمز اوچون ملت درسخانهلری ( سـواد
سزلر کورصی ) تشکیل قلب اولرنی سواد
لق قلشقا هرکت قلماق لازمدور. بز
امدی بو توغرادهکلك مقیاسدا تشویـ
قات یورگوزهمز. هر بر منورلریمزنك
بو اشدا کوب کوچ چقارماقی ملی بو
روچدور. امکانیتنك باریچه کوچیمزنك
یتشیچه بز شو اشقا توتوش قیلایلی!
حاضر قش فصلی یتیب کلدی، کون
قسقاریب تون اوزارا باشلادی. شونك
اوچون کوندوزده مشغول بولغانلر اق
شامده بوش بیکاردور. انك اوچون او
لرنك بوش وقتلرینی سوادینی چقارش
اوچون شغللهندوروش کرهك.

حاضرقی ملت درسخانهلری ( سواد
سزلر قورصی ) توغراسیدا معارف نظا
رتی و باشقا خلق اقارتش اورونلرینك
پلانی بولسا کرهك. بو بك اهمیتلك اشـ
دور. اولر بـو حـرکتـکـه جدی
توتوش قلب موفیقت قازانماقی مطلوبدور
بوحرکتنی یورتومزنك‌هربرچولك شهرلریـ
دن تاکی ییزا - قشلاق' بولوك - پوچماق
لریغچه قمان یایدورماقی لازیمدور. سواد
سزلرنی جلب اتمك اوچون اوبدان چاره
لرنی یاخشی اصوللرنی قوللانماق کرهك
الك مهمی ملت درسخانهلرینك اسمینهسی
اوچون کوب مقدارلدا پارهاجرانب اوقول
ایله صنف خراجتینی تأمین قلش کرکدور

اوندن تاشقاری هر قایسی معارف
پرورهمتلك کشیلر بویولدا فداکارانه چالشـ
ماقی لازم. هیچ بولمغاندا بایلریمز اقتصا
دی یاردملرنی اتسون. سوادسز خلق
لریمز بوفرصتنی قولدن برمهی اوزینك
سوادینی چقارش اوچون جسارت قلسون
یورون اجتهاد قلمغان بولسا امدی اجتهاد
قلسونلر.

باشلغمزدا اوقوماغان ایکهنمز، امـ
دی اوقوب قائدگه بارورمز، شوندااق
اوتسهك کفایه دیگهن خطا مفکورهنی تاشـ
لاب کونده بر - ایکی ساعت وقتنی
سوادیمزنی چقارش اوچون برهیلی.
بزمو شو مهم اشنك موفقیتینی تلهیمز

# معارف ساحەسيدە قدەمو ـ قدم ايلگرلەمك

مركزی تورك اويغور اويوشماسی ينكی سايلامدن صوڭره خدمت جريانيدا عالی مقصدنی كوزلەب چوڭ قدم بلەن الغا ماگقان ايدی. بو بويوك مقصدلارنی عملگە اشوروش اوچون خلققە قيلادورغان غمخوارلقينی انتها غايەسيگە يتكوزوش اوزرە يڭی توزيگەن اش پلانلارينی بو باشقی هيئت مجلسيگە تاشلاب قراردن اوتكوزگەن ايدی بوايسە اويوشما رهبرلكی استيدا دارلعاجزين دارالايتام و ملتی درسخانەسی اچيش، صنايع نفيسە اويوشتوروش هكذا كوب خيرلانق موسسەلرنی ميدانغا كلتوروشدن عبارتدور شبوكوندن اعتباراً مجلس قرارينی اجرا قلمق اوچون بو تون خدمتچيلارنی جدی اشقا كرشتوردیلار الك اول ماث درسخانەسی ( كەچ قورسی ) اچمق ايشی باشلاندی. ۲۹ ـ اوكتەبردن باشلاب ۲۰۰ قدر اوقوغوچی كيلاب اختياری صورتدە يازيلب تزيمغا الندیلار 1 ـ نويابردن باشلاب رسمی درس باشلاندی.

بو بولسادە ملی اويغانش دوری سانالغان بو كونلردە علمی تدبيرلرنڭ بريدور اويوشما ياقين ارادا يتيم و يتيمەلرنی تربيەلمك اوچون علاهيدە مخصوص ادارە تعيينلمك بلەن تأمينات حاضرلامق اوزرندە دور. بولرنی جمعيتيمزنڭ احتياجينی قامدارلق قادرولردن قلب يتشتورمك اوچون ينكی اوصولدا تعلم ـ تربيە برمكچی.

بوقاريديكی تدبيرلرگە كورە بوندن صوڭرە اويوشماوزينڭ خدمتنشانەسيگە قاراب قدەمو، قدم ايلگريليگوسيدور. هر بر ملتداشنڭ بو عالی مقصدلرنی عملگە اشوروش اوچون ياقندن ياردمدە بولماقينی اميد ايتەمز

موسی

# معاون مديريمز التی شهر بويلاب قايتب كلدی

اغوسطوس اينڭ ۱۹-كونی سايلام اوچون التی شهر بويلاب سفر قلغان معاون مديريمز ابراهيم افندی مطيعی خوتەن، ياركند، اقسو، كاشغر ولايتلرينی ايلانب ۳۱ ـ اوكتەبر كيچەسی قايتدی. هر يرگە توشكەن هماں بر ياقدن سايلام ايشلری بلەن ينە بر ياقدن مدنی معارف ايشارينی تدقيق بلەن شغوللانغان معاون مديريمز ادارەمز اوچونمو هيچ اونتولمايدورغان بيوك خدمتلارنی كوردی، توشكەن يريدە معارفچيلق قلماق بوشلنغان هماں مدنيتچی ياشلار بلەن قونوشماق وقت تاپار ـ تاپماس خلققە، ياشلارگە نطق برمك بو كوننڭ بر كوب ضياليارينڭ قوليدن كيلە برمەس.

زمانەنڭ ابلقلار، ايلك قارانغو كونلرديدە اچكی چيندە اوز ملتی اوچون يغلاغوچی „التای“ ادارەسينڭ ناميني انكلاب اونڭ نشريتينی تا صونكغی وقتلارغەچە كوروشكە موفق بولاالماغان و ئەركين صورتدە تارقيتا الماغان بعضی ناحيەلرگە „ئەرك“ و „التای“ اوچون يول اچيب قايتدی. ادارەمزنڭ اقتصادی قسينتيسينی قامداماق اوزرە معارفدن مطبوعاتدن يراق قالغان يرلاردن اعانە توپلادی. بو يولدا بعضی بر متعصبلارنڭ توسقونيغا قاراماسدن ۲٥ مليونغا ياقين ياردم توپلاب ادارەمزگە اوستون روح باغشلاب قايتدی.

صونكغی بر يل ايچيدە عكس الحركتچی عنصرلار طرفيدن چەتكە قاقيغان روحی سنغان احمد ضيائی كبی ملتچی يازوچيلاريمز بلەن قونوشوب اولرنی جمعيت ايشاريغا يانكی باشدن ارالاشتورماقدە معاون مديريمزنڭ بو قاريدەكی خدمتلری سيراسيدن اورون الادور.

بوتون بو خدمتلار سونغان دوگليمزگە قايتادن اميد باغشلادی. جنوب احواليدن دائم خبر الب تورماقنی ارزوقيلادورغان غزتەمز اوچون الهام بولاقی اچيلدی. بوندن صوڭره جنوب وضعيتی حقيدە اوزون ـ اوزاديە مقالەلر يازيلب تورادورغانلقينی ابراهيم مطيعی افندی اغزيدن وعدە بردەمز

ساندوغاچ

# توركستان ياشلر كانسرت اوڤەكی تانكيندە حاضرلق اوزرە

[ مركزی اژانس تانكين ۳۱ ـ اوكتەبر تلغرامی ] توركستان ياشلر كانسرت اوڤەكی مسئول كشيسينڭ ايتيشيغا كورە، مذكور اومەك بر هفتەدن صوڭره تانكيندە رسمی اويون قويوب برمەكچی بوزغا شو كوندن باشلاب جدی حاضرلق كورمكدە دور. تياترو تيخی انيق معلوم امەسدور. بوكون ساعت ۱۲ دە تفتش پالاتاسينڭ باشمانی بوی يوربن تيڭ شالوموتەليدە اومەك اعضالرينی قارشی المق ضيافتی بردی ضيافتكە برهان افندی باشلاق بر كوب مهمانلر اشتراك ايتديلر ضيافتدن صوڭ اومەك اعضالری طرفيدن بر قاچ نومور كانسرت بريلدی. كەچ ساعت ۳ دە چوڭ خوا دربازەسينڭ تشيدەكی گوزل منظرەلر و ايشچيلارنڭ استراحت اورونلاری سياحت قلنديلر. ساعت ۵ دە بلديە باشلقی چيڭ افندی اومەك اعضالرينی خلق ارابرلك قارشی الماصالونيدا حاضرلانغان ضيافتكە تكليف قيلب مركزی اژانس راديوسی دە ايشيتلگەن دوخووی موسيقا صداسی بلەن قارشی الدی.

# اولكەمزدن چين خلق قورولتاييغا ۸۲ وكيل قاتناشادور

[ مركزی اژانس تانكين ۳۰ ـ اوكتەبر تلغرامی ) ناحيە، شهر و شو تطار رايونلاردندە سايلانادورغان چين خلق قورولتايی وكيللرينڭ سانی بلگولەندی. توركستاندن سايلانادورغان وكيللرينڭ سانی حقيدە مركزی حكومت شونداق اعلان چقاردی:

„ توركستان اولكەسيدن سايلانچاق وكيلارنڭ عمومی سانی ۸۲ بولسونلار. شولايوق دولت بويچە قورولتای وكيللرينڭ سانيدە توروتوب اوتەمز: وكيللرنڭ ايلك سانی ۱۱۲٥ ايدی. ايمدی قوشولغان ٥۱ نفر بلەن ۲۱۷٦ گە اشورولدی“

( يالپی وكيللردن ٤۰ نفری خانم قزلردن بولاچقدور )

# ياپون سوقوش جنايتچيلاری سوراقا تارتلغان

[مركزی اژانس كانتون ۲۱ ـ اوكتەبر تلغرامی] ياپون سوقوش جنايتچيلاريدن قوروقلوق اوردوسينڭ ۱۳۰ ـ ديويزيە جنرالی جاڭ تاڭ شاڭ با بوگون كەچ ساعت ٤ دن ٥٥ مينوت اوتكەندە كانتوندا حربی سود محكمەسيدە سوراقا تارتلدی. بو جنايتچی پلانلاق و تشكيلی صورتدە چين اهاليسينی بولاش تالاش اوتتوروش، ناموسينی بولغاش كبی ايشلرنی قلغان ايكەن.

## انكليز حال سوراش اومەكی سچوەنده

[ مركزی اژانس چونكين ۳۱ - اوكتەبر تلغرامی ] . انكيلز پارلامنتی نالك چيندن‌حال‌سوراش اومەكی بوگون چونكين شهريدە اصلاحات ايشلرينی سياحت قلدی. بولار ايرتەگەندە بلديە اربابلری بلەن برابر ۴۰۰ مليون دوللار مصارف بلەن باسالغان قانالنی كوروب چقديلر. ايرتەگەن ساعت ۱۱ دە كروب مديری فەن ياگسانك افندينك ضيافتيگە داخل بولديلر. فەن افندی كەچ قورون اوز اويدە ينە اومەك اعضالرينی ضيافت قلدی. بو اومەك شو كونی كەچدە ۳ غروپقا بولونب خلك با چونكين يوكسەك اوقولی، دارالايتام ارشاگردەكی خستە خانەنی سياحت قلدی. بر غروب اعضالر الك سنك مقبرەسی يانيدا بلديە نلك برگەن چای مجلسيگە بوی فك نامالق توقوماچيلق فابريكاسيغا قاتناشديلر.

## امریقا ئيگەشچيسی ضرور تاپدی

( مركزی اژانس نانكين ۳۰ - اوكتەبر تلغرامی ) . امريقا ئيگەشچيسی جويبی‌دا افندی ۲۹ - اوكتەبر كونی كەچدە امريقا ايلچيلگيدە مخبرلرگە شونداق ديدی‌كە „اگر امريقا دولتی چينگە ياردم ايتب، بوگونكی وضعيتدەكی اغيرچيلقلرينی يوقالمق ايستەسە اول هر ايكی دولتنك برلەشمكی و ياخود هەمكارلاشمقی لازمدور. بو بول ايلە توزەلمش بولغان پلاننی عمليتدە يوتنورمك كيرەكدور" جويبی‌دا افندی نك بو تشبثينی دما ايلگری سوروشی چينگە ياردم قلمقنك اوروپاغا ياردم قلمق قدر مهم ايكەنلكينی افادە ايتدی.

## چين ايلچيسی لی‌تەزن بين الملل تنچلقی حقيدە

[مركزی اژانس ملكو ۳۰ - اوكتەبر مخصوص تلغرامی ] دورمادەكی چين ايلچيسی لی تەزن افندی بوگون بو يردە پولين ادارەسيدەكی ضيافتدە بين‌الملل تنچلق مسئلەسی اوستيدە سوز قلب، چيننك ابدی تنچلق سيوەدورغانلقينی افادە ايتدی.

## پيكين، تنزن تفتيش اومەكلری بر جنايتچينك جنايتينی اشكارە قلغان

( مركزی اژانس تنزن ۱ - نويابر تلغرامی ] تنزن تفتيش اومەكينك بياناتيغا قاراغاندا، خەبەی يوكسك عدليە ادارەسی ايلە تنزن عدليە ادارەلرينك تفتيش بولوملری گاوشەن چاونك خائينلق قلب دوشمەنلرنك مادی اشيالرينی يوشوروب الغانلقدن شبهەلەنگەنلكی و اونك اوز گناهينی بينكلەتب خائينلق شبهەسيدن قورتولوب الب، دوشمەن ماللرينی يوشوروب الغانلقيغا عرض قلغوچی كشينك يوقلقيغا اساسلانب ماللرينی طاپ قلب الشنی اوتونوش بلەن دولت خزينەسينی نچە مك مليارد لاغان زيانغا اوچراتماقچی. مذكور اومەك او مسئلەلرنی پيكين يوكسك تكشوروش باشاريغا باشقادن تكشوروب چقماق اوچون ايبەرگەن ايمش گاوشەن چاونك ايشلريگە كورە، اونك ينا بر اسمی كووانك چوەن ايمش او ياپون تجار ماغازە[ ماغازن ] سيدە خدمت قلار ايكەن ياپون تسلم بولغاندن صونك خائينلق و دوشمەن ماللرينی يوشوروشقا اوخشاش ايشلرگە ارالاشب گومانلانغانی اوچون عرض قلنب اونی تنزندەكی يوكسك بولوميگە ايبەرتيلب، يوشورغان ماللری هم تكشورولوب يوكسك تكشوروش بولومينك باشقارمافيغا ايبەرتلگەن. كيلار يل ارتەبازدا جزا برش بلگولەنگەن.

## انگلترە، ايتاليە دولتلری دوستلق توختامی توزەدی

(مركزی اژانس لوندون ۱ - نويابر مخصوص تلغرامی ) ايتاليە خارجی وزيری انگلترەنی زيارت ايتب ۴ كون اچيدە ۵ تورلك مهم خدمتنی اوروندادی. بو سفربدە انگليە بلەن ايتاليەنك دوستلق مناسبتی اوغرولورق بو ينكی يول اچمشدر يوكشی بر قتمقی سفرنلك فعال صورتدە نتيجەلك بولغانلقيغا قناعتلەنگەنلكينی افادە ايتدی.

يوكشی بوگون ايرتەگەندە لوندون اوز وطنيگە دوندی. همدە بيوون بلەن ا

قلنغان ۴ كونلوك صحبتدە مذكور ۵ تورلك مهم خدمت حقيدە بر توختام توزەب چقدی. اونك مزنجيسی بو ايكی حكومت تجارت و اوبنون اوستيدە ياكی توختامنی مصلحتلەشمك بو توختام ۱۸۳۳ - يليدەكی گەونە توختامغا وكالتا الب باريلادور. ۲) ايككی حكومت اقتصاد هيئتی قوروب كلگوسيدە ايككی اورتادا بولادورغان اقتصاد وسرمايە ابروت اشلريدە هەمكارلقنی معاكمەقلعق ۳) ايككی دولت مدنيت توختامی حقيدە صحبت يورگەزيب ايككی دولتنك مدنی علاقەسينی بلگولەمەك ۴) خلق اويئون ايشلرينی مذاكرە قيلشيب، او حقدە شرطنامە توزەمك. ۵) ايككی دولت تزدن دوستلق توختامی بساب بری بريگە بارلچاق يولچيلردن امضا كفالتی المق ايشلرينی اليب تاشلامق. بو توختام ايتاليە دولتيگە قلنغان ياردمنك ايككنجی امضالانماسيدور.

## هربر ادارە، جمعيتلردەكی ترجمان يوتداشلرغە اچيق خط

نشرياتيمزنك تاليف - ترجمە بولومی اشقا باشلاش الدندەدور. تورلك علمی بار اثرلار ترجمە ايتمك دولاييلە خلقيمزگە منفعت برمك مذكور بولمنك مقصدعمومیەسيدر. عينی زماندە يازوچيلرەمزنك دقتينی اوزيگە تارتماق ايلە تورلك علمی اثرلار يارانشنی خدمتی ايلە برگە الب بارادور. برياقدن ترجمە ايتيلگەن اثارنی نشر ايتب، خلقيمزغە اكلاتماق ايلە اجتماعی خدمت اشلەسە، ايكنجی ياقدن بوليمز ترجمانلاريمزنك محنتينی هم اعتبارغا الب، مادی ياقدن تامين ايتيدور. موندن دولايی ترجمانلارەو اوزلاری اوچون منافع قازانسا، ايكنجی ياقدن خلقيمزگە بيوك تحفە بيرە الادور. مابو شرائطنی فقطكنە بوليمز تولدوروب، عملدن قلا الادور. وخدمتيدە فعال الغا كيتەدور.

شونك اوچون ترجمانچيلق تيخنيكاسينی ايگەليگەن هربر قانرولريمزنك بو بيوك خدمتيگە اشتراك اتشنی اوتونەمز.

بوگوندن باشلاب بوليمزنك تزم دفتری اچقدر، بو خدمتنی اختيار انكوچيلر اوزی ادارەمزگە كيلب ويا خود كاغذ ارقلی بلدوروب تزمگە اث برمكنی لطفا رجا اتمكی لازيم. تزمگە فسقاچە ترجمە حالی، خدمتی، معلومات درجەسی، ياشی، ملتی، حاضرقی و ابدی ادرەسنی كورسەتمك كافيدور. تزمگە اليش اشی ۱۵ - نويابرغە قدر بولادور.

حرمتلە: التای نشريات ادارەسينك تاليف - ترجمە بولومی.

# تيل و ادبيات عالميده الك چالشما

بلبل

( باشى اوتكەن ساندا )

١٨٠٠ - يلى روسيه حكومتى طرفيدن قازاندا قورولغان عرب حرفالك „ اسيا مطبعەسى " ده ١٨٠١ - يلى باسلغان „ شرايط لاايمان " غا ناشر عبدالعزيز بوراشف عثمانليچه كرش سوز يازغاندور. شو زماننك جدى و مهم بر متفكرى بولغان ابراهيم خلفيننك بر تون اثرلريمو عثمانليچه تاثيريدەدور. عثمانليچەنك ايديل بويلريدا معتبر بولغانيغا اوخشاش شمالى قاپقا سيا (كافكاز) دا „ بش تاغ " (پيانى غورسق) ده „ قاراس " قريه سيده شوتلاندياسيونير هيئتى نك قورغان مطبعه سيده ١٨٠٢ دن باشلاپ باسلغان توركچه خرستيان اثرلرينك هممەسى عثمانليچەدور. اون توققوزنجى عصرده چغتاى عنعنەسى ايديل بويلريدەمو عثمانليچەنك تاثيرلريگه قاراغاندا نهايتى قوتلك ايدى. فقط قنادلرى سونغان برحالدا ايدى قريم بلەن ايديل اراسيدەكى صحرالرگه „ دون " ولايتلريگه و ايديل بويلرينك اوزبگه ١٨ - عصرنك اخرقى يارميدا روس مهاجرلرينك كوچوشى و قريم و شمالى قاپقاس توركلكينك اوروپاى عثمانيگه كوچوشى و بوندن باشقا سببلر نتيجەسيده قريم و استانبول بلەن ايديل بويلرى اراسيدەكى واسطه و رابطه كيسيلەدور. يارغان سيرى كوچەيب كته ياتقان روس مدنيتينك ايديل بويلريدا اسلام تورك مدنيتى بلەن اوتوقلوق صورتده الب بارغان مجادله (كورەش) لرى بحر خزر و اونك شماليدا عثمانلى تاثيرينى ازايتادور. اوز قوتيني يوقاتقان توركستان مدنيتى خرابەلريده اوسه ياتقان روس مدنيتى اوشداق قبيلەلرگه مخصوص „ ادبى تيل " نك وجودقا كيليشگه اورون حاضرلايدور. شوندن كين خوشنا توركلردن و ياكى عثمانليچه دن النغان كليمەلرنى „ ملت „ اوچون ضررلك كوروسەتەدور. او نسبتده وجودقا كلتورمەك ايستەگەن „ ادبى تيل „ نك دائرەسى تارلاتادور. بوننكغا اوخشاش بر „ ادبى تيل „ الك اول شرقده روس دارالفنونيغا ايگه بولغان „ قازان " دا يوز بردەدور. بعضى بر اثرلرينى عثمانليچه تاثيريده يازغان سعيد و ابراهيم خلفينلر شوزمان ايلك دفعه „ تاتار از بوكاسى „ نيمو يازادورلر. سعيد خلفيننك „ ياكا سابق " ناملق ١٧٠٢ ده باسلغان اثرى ١٨٠٣ ده چيچك حقيده نشر قلغانر سالەسى ابرامم خلفين ننك ١٨١٢ - ١٨٢٢ يللريده يوقوملق خستەلكلار حقيده نشر قلغان رسالەلرى برطرفدن عثمانلى تاثيرينى كورسەتسه، شو زماندا ينه تاتارچەدور. صوڭره روسلر قازاق، قرغيز، اوزبك، توركمن لهجەلريده بعضى رسالەلرنى نشر قلشقا باشلايدور.

مشهور ايلمينسكى ١٨٦٠ ده اوز طرفيدن بر قوشومچه قوشوب قازاقچه „ اير طارغين " قصەسينى نشر ايتەدور. ١٨٧٠ يلى ررس دين تارانقوچيسى (مسيونەر) ا „ استراۋموف " تاشكنتده اوزبكچه (سارتيه زبانيده - كەنت توركچەسيده) ١٨٤٤ يل دوام قلغان „ توركستان ولايتينك گزيتى „ نى باشقا بر مستشرق ١٨٩٠ - يلى قازاقچه „ دالا ولايتى گزيتى „ نى صوڭره باشقالرى „ عشق اباد „ توركمنچه و پارسچه „ مجموعه " ماوراء النهر بحرخزر " اسملك هفتەلك مجموعەنى نشر قيلادورلر بولرنك هممەسى حكومت غزتەلريدور.

روس حاكميتى كوچەيگەن سايين قبيله لهجەلرى „ ادبى تيل „ اورنيني اشغال قيلا باشلادى. صوڭقى يللر ايچيده بر - بريدن او قدر فرق قلنمايدورغان اوزبك و اويغور لهجەلرى ايرى - ايرى „ ايكى ادبى تيل „ „ ايكى ملت تيلى „ اولاراق وجودقا كلتورولدى. بر تورلك مجبوريت و بر تورلك جهالت ارقاسيدا وجودقا كلتورولگەن بو „ ادبى تيل „ تا حاضرقى كونگه قدر حكومت ادارەلريده، مطبوعاتدا و حتى خصوصى مكتوبلردەمو قوللانلماقدادور.

„ ادبى تل " نك تاثيرى يورتيمزدا كينكى دورلرده بك اوج الماققا باشلادى. بوننك ملت اوچون نه قدر ضرورلك ايكەنلكينى بلگوچيلر بولسامو بو حقده عملى ايشقا كيرشمەكدن عاجز قالشديلر الك صولك ملى بايراقنى كوتەريب ملى حركت باشلاغان غولجا انقلابچى عنصرلرى تيل و ادبياتيمز حقيده بر اغيزمو سوز قلماديلر. حتى غولجا „ انقلابى شرقى توركستان „ غزتەسينك املاسى و تيلى يننه شول شيسەى دوريدەكى كبى آتەبردى. „ شرق حقيقتى „ مجموعەسينك املاسينى يورتيمز اوچون اويغون كورگەن بو عنصرلار بو املانى كەلك تورده يورتيمزدا قوللاندورماققا چالبشب كلديلار بويل ارتەياز ايلريدا اوتكەزيلمكچى بولوب اورونسز سببلار بلەن توختاتيلغان تيل و املا مجلسيمو شو قبيلەدن چقالمايدور. بو „ ادبى تيل „ نك علم تاريخ الديدا هرقاچان مغلوب بولادورغانلقيني ارتوق تورك ضيالىلرينك بو املانى قبول قيلاالمايدورغانلقينى بلگەن او عنصرلار مجلسيني اچماسلق زوريدا قالدى.

( داوامى بار )

## يول بولغاى

بورولك صنعتچيلر الغا،
سياحتلرگه يول بولغاى.
باريب بزدن سلام ايتلك
انسانيتكه گل بولغاى.
بو توركستان عزيز يورتمده
صنعت هر زمان قاينار،
اونلك قايناقلرى ايدى
بر يوزيده مول بولغاى.
خمارم هم يورەك سوگم
همان سزلرده . سزلرده
بتون ايل برلگى شونداق،
هميشه سزگه مول بولغاى
كورالماس فتنه خورلرنك
درديني تارتدوق كوپ چاغدن
بو يكلميغ فتنه خورلر
اوندا كويسون ايمدى دول بولغاى
بورولك تزدن سياحتكه
كورولك هم كورسەتلك صنعت
تيلار حقدن اوتوق سزگه
بو دلشاد سزگه قول بولغاى

دلشاد

### عبرتلك سوزلار

الك يينكل نرسه كشى گه عقل اوگرەتش الك قيين نرسه اوزلك عقللق بولوش.

سببسز كولمەك ممكين اما يغلاش اوچون مطلقا بر سبب كيرەكدور.

تامارنك قولاقلرى، ايشيكلرنك كوزلرى باردور.

دين ناميغا خلقنى قيسيش، خلقنى دينسزلككه اليب بارور.

دنياده الك اىنتلك نرسه، باشقالرنى وزغاتب توككەن كوز ياشيدور.

اولم هر قايغونك الك اخرى بولغان بر قايغودور.

يوز دوست از، بر دوشمەن كوپدور.

ئادرس
اورومچى ئەنگوەن
ۋۆلتشه بيغاك نومر 18 ئالتاى نشريات اد ارسى

۱۹٤۷ یل ٥ نجی نویابر — تلدە، نشدە، فكردە، برلك! — چهارشنبە ۹۹ نجی سان

| بولەنچوكلك خلق بولسون ! توتقان یولك حق بولسون ! خلق - حكومتدن اوستون ! حق - قوندن اوستون ! |

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

ترك

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تركستاندور

مدیری: عیسی الب تكین
باش محرر: م. ا. بوغرا

بهاسی: دانەسی ۱۰۰ ئایلیغی ۱۲۰۰ دوللار
هجری ۱۳٦٦ ذوالحجه ۲۱

التای نشریاتی طرفندن هفتەدە اوچ چقادورغان سیاسی، اقتصادی، اجتماعی، علمی، فكری و ادبی غزیتەدور


# علم یشلمەگەن مسئلەلرنی ییشەر

## علم ساین قدم باسمق

بز دائما عصری ملتلر قطاریغا كرمك و عصریلەشمك خصوصیدا تشبثلر دە بولندق، بر كوب مقالەلر یازیب كلدوك. هر بر یینكیلقنك برەرتە شرطی بولغانی كبی عصریلەشمكنكمو مطلقا لازم بولغان بعضی شرطلری بار: بولردن الك بر نجیسی ،، علمگە توغری،، كتمكدور: فرد [ شخصی ] نك اوزیگە مخصوص توشونوشی، تویوشی، ارادەسی بولغانیدەك ملتلرنكمو بو قبیلدن روحی ملكەلری باردر: ملتلرنك توشونوشی علم بلەن فلسفە، تویوشی دین بلەن صنعت ارادەسی اخلاق، سیاست و اقتصاددور.

عصری بر ملت اثباتلانغان علملرگە توشونەدورغان بر مخلوق دیمكدر. فلسفە توشونوشدن زیادە بر تورلك سزیش ماهیتیدور. بوندن باشقا اثباتلانغان علملرگە مخالف بولماسلق مجبوریتیدە بولوشیمو اونی علملر بلەن اوزلكسز بر علاقە حالیدە قویادور.

علم هر حادثەنك سببینی كورسەتر. بر حادثەنك سببینی بلسەك اونی فائدەلك یاخود ضررلك بولغانیغا كورە حاضرلاب اصالە قلالامز؛ عینی زماندا علم هر حادثەنك نتیجەسینی خنمتینیمو كورسەتیب برور، دیمككە علم بزگە غایەلریمزگە حصول اوچون واسطەلرنك نیمە ایكەنلكینی كورسەتەدورغان عملی یولباشچیدور. او حالدا علم ادمی بولمقدن زیادە عملی ادم [ ایش ادمی ] بولایلی دیمكدە معنا یوقدر. ایشتە، اوروپا و امریقا ملتلری میداندا: او برلردە الك عملی ملتلر الك زیادە علم بلەن توشونەدورغان جمعیتلر امەسمو؟ علمنك بر فائدەسیمو جمعیتنك بتون فردلرینی مشترك قناعتلر بلەن بر- بریگە باغلایشیدور. فردلرنك توشەنش یوللاری ایرم- ایرم بولغانلقدن فردنی عقل، فراستلری بلەن توشەنگەنلر یالغوز اوز فكرینك توغری ایكەنلكینی، باشقالرنك خطا توشەنگەنلكلرینی ظن ایتەرلر. بو ظنلر برابر ترششقا حتی كوروشوب قونوشمققە توسقون بولار. بو حالدا هم جمعیتنك بتون فردلرینی مشترك قناعتلردە برلەشتورەدورغان همدە عملی نتیجەلردەكی اونوق بلەن نفس الامر ( ایشنك حقیقتی ) گە عاقبتی توتاملق بولغان غیرشخصی بر توشەنشكە احتیاج بارلقینی كورسەتەدور.

علمنك بر خدمتیدە یاخشی بلەن یماننی كورسەتیب برەدورغانلقیدور. یاخشی بلەن یماننی بلگولشدە جمعیت ایچیدە بیوك اختلاف. جنجال چقار. كهنەلق طرفلریدن بولغان هر نرسە یاخشیدور. یینكی بولغان هر نرسە یماندور. یینكلق طرفلری بولسا تماملە بونك تەتورسینی توشەنەرلر. حالبوكە بو یوللاردن هر ایككیسی اساسسزدور. زیرا، بر نرسەنك یاخشی یاكی یمان بولوشو كهنە یاكی یینكی بولیشیغا باقماس بو اهمیتلك مسئلەنك یشیلشینی انجاق علمدن كونەمز. علم یاخشی و یمانلق مسئلەسینی صحیحی و مرضی مسئلەسی شكلیگە سالشتوروب حل ایتەر.

حیات مادەسیدە كورەمزكی علم عصری بر حادثەنك ،صحیحی، یاخود ،،مرضی،، ایكەنلكینی دلیل و اثبات بلەن بلگولەب برەدور. حیات حادثەلریدە ساغلام بلەن كیسەلنی ایریب برەدورغان علم نە اوچون روحی اجتماعی حادثەلردەمو ،صحیحی،، بلەن ،،مرضی،، نی ایریب برەلماسون ؟

عموما علم جمعیتدەكی بتون حادثەلرنك سببینی عادللق بلەن ایریب برەلادور . بو مناسبت بلەن مدنی ملتلر هر ایشدە بیوك موفقیتلر قازانماقدادور.

برەرتە یینكیلقنك جمعیتمز اوچون فائدەلق و یاخود ضررلك ایكەنلكینی بزگە تعیین قلب برەدورغان بو علم؛ جمعیتدە یوز برەدورغان اختلاف و تالاش تارتشلرگە اصلا زمین قویمایدور. بو كەمگەچە بزدە یینكیلق و كهنەلق طرفلری اورتاسیدا بر كوب تالاشلار، اختلافلار یوز بریب كلدی. بوندن صوڭرەمو بو حركتلرنك توغولماسلقی اوچون علمگە توغری كتمەكیمز لازمدور.

عصری بر ملت بیوك صناعتسز حفظ صحتسز، اوت عرابەسز، اوچقوسز، ایلكتریكسز راحت یاشالماس. ملی اقتصادنی یوكسلتمەسدن، خلقچیلقدن توغولغان حقیقی برابرلكنی تأمین ایتمەسدن یاشالماس بتون بو مادی معنوی احتیاجلارنی وجودقا كلتورەدورغان انجاق مثبت علملردور. او حالدا ملتنك دە، فردلرنكدە دەسلەبقی وظیفەسی، علمگە توغری كتمك بولیشی لازمدور.

## قمولدا سایلامنڭ کچیشی

قمول ولایتینڭ سایلام ایشلریغا نظارت قلش هیئتی - جـلال الـدیـن ( واڭ زڭ شاڭ ) گوبوبڭلار بلەن ١٠ - اوکتەبر کونی قمولغا قاراب بولغا چقدوق ١٣ - اوکتەبر کونی هر بر اداره باشلقلری و کینکەشچیلر استقبالمزغا چقب قارشی الدی. قمولغا کرب والی محکمەسیگە توشدوق ٣ کون سایلام مسئلەسی اوستیده صحبتلەشکەندن صوڭ ١٦ - اوکتەبر کونی رسمی حالدا سایلام یغینینی اچدوق. اما اطرافدن کلگەن کینکەشچیلرنڭ سایلام بارەسیده قیلالیغان صحبتلاری بر یرگە کیلمەگەنی اوچون نظارت هیئتیدن بر کونلوك مهلت سورادیلار. کوپچولکنڭ راضیلقی ایله بر کونلك مهلت بریلدی. ١٧ - اوکتەبر کونی رسمی صورتده سایلام مجلسی اوزدورولوب والیلققا یولبارس بك معاون و الیلققا التون بك و چیڭ شوفیڭلار سایلاندی. ١٨ - اوکتەبر کونی سابق والیدن ایش تاپشوروب الش و ایش تاپشوروب برش مراسمی اوزدورولوب، یڭیدن سایلانغان والیلار قسم برب اوتدیلر. عمومەن ایتقاندا، قمولنڭ سایلام ایشلریدا بعضی تارتشمالار بولغان بولسامو کینکەشچیلار اخردا ھەممەسی بر فکرگە کلگەنلکیدن سایلامو اوتوغلوق تاماملانیب سایلامغا نظارت قلش هیئتی خذمەتینی بتوروب اورمچیگە قایتدیلار.

ع . محمدی

## تورکسانلق بلەن بریاشامق ارزوسی

٥ - اوکتەبرده کانجوت [ افغانستان چیگاراسی ] اهالیسی طرفیدن کونده ریلگەن تورت نفر مهمان ناحیەمز یڭکی حصاردا در کون قونوب کاشغرگە قاراب کتدیلر. کانجوت کوب زمانلردن بری هیچ بر دولتنڭ کوچیگە تایانمسدن یاشاب کلگەن ایدی بونڭدن کینمو تاریخدن بری خوشنا بولوب کلگەن تورکستان اهالیسو بلەن برلکده یاشامق اوچون اوزلرینڭ معتبرلریدن بولغان غلام محمدخان صاحبنی وکیل سایلاب مصلحت اوزره کاشغر والیسی و اوردو قوماندانینڭ حضوریغا کوندرگەنلردور. مصلحت نتیجەسینی سایغیلی اوقوغوچیلریمزغا موفق بولاالسام کیینچه معلوم قیلامن.

„ ئەرك „ نڭ مخصوص مخبری

## چینگە قانداق یاردم بریله دور و قچان؟

[ مرکزی اژانس ٣ - نویابر تلغرامی ] امریقا عوام پالاتاسینڭ خارجیه کیلی جوبیدا افندی بوگون اویلەدن صوڭ ساعت ٢ ده امریقا اباچیلگیده چین یاشار فرقەسینڭ رئیسی بلەن کوروشدی رئیس زڭچی طرفیدن جوبیدا افندیگە ایکی تورلك سوءال تاشلاندی:

١ ] جنرال مارشالل امریقاغه قایتقاندن صوڭ، امریقانڭ چینگە قاراتا - تونقان سیاستینڭ معناسیغا یتەلمادم.

٢ ] چیننڭ بری کەگری، نفوسی کوب بولغانلیغا رغما دنیا تنجلقیغا بولغان مناسبتی، تورکیه و یونانستانلاردن قالشمایدور. بو حالدا نه اوچون چینگە بره دورغان یاردەمینی ارقاغا سورەدور؟ بو سوءالغا جوبیدا افندی: „ امریقا چینی انیق توشونه الماغان حالدەدور. حالبوکی اوتکەنلارده چینگە کلگەن بر بولوك صولچی عنصرلار چیننی یانکلش توشەندورگەنلر. من قایتقاندن صوڭ بو یانکلش توشەنچەنی توغرولایمەن و یاردم قلمققه چالیشامن „، دیگەن جوابنی بردی. زڭچی افندی ینه „ امریقانڭ چینگە یاردم قلشیده‌کی الڭ اوبغون اصولی قایسی دور؟ „ دیب سورادی. جوبیدا افندی بو سوءالغا: „ بو یاردم بتون یوزلوك یاردم بولادورده اقتصادی، حربی و سیاسی یاردملارنی اوز ایچیگە الغان بولسون „ دیب جواب قایتوردی زڭچی امریقانڭ تزدن یاردم قلشینی و خستەنڭ یماناشیب کتمەسلیکی اوچون تزدن دوا قلماقینی اوتوندی. جوبیدا بوسوزگە تلەکداشلقینی بلدوردی.

## بو یل خارجغا ٥٠٠٠٠ توننا الف مایی چقریلماقچی

[ مرکزی اژانس شاڭخەی ٣ - نویابر تلغرامی ] . خارجغا الف مایی چقاروب تجارت قلغوچیلار نڭ خبریگە قاراغاندا : بو یلقی الف مایی شاڭخەی و شاڭكاڭ ٢ یردن خارجغا چقریلماقچی بولوب بو چقریلمش مایی زنڭ جمعی مقداری ٥٠٠٠٠٠ توننادور. بو زنڭ یوزدن التمش فائضی امریقاغا یوزدن ١٥ فائضی انگلترەگە و یوزدن یگرمه بش فائضی یاوروپا قسمی بلەن سویتلر سایوزی همده یاپونلارغه چقریلماقچی امشلر.

## یاشورونغان قوممونیستلر

( مرکزی اژانس یەنتەی ٢ - نویابر تلغرامی ) یەنتەیده یاشورونغان قوممونست عنصرلرینڭ کوپچولکی اوز مفکورەلرینی توزەتدیلر. حکومت بولرغه کوب کەچیملك و غمخوارلق قلب، اولرنڭ اوتموشینی سوروشتورمەدی.

حاضر بولر اصلاحاتنی برلککه کلتوروش اومیدیگە یاریب اسملرینی یازدورماقدالر ٢٥ - اوکتەبردن ٣٠ - اوکتەبرگە قدر اسمینی یازدورغانلرنڭ سانی ٣٧٦ غه یتکەنلر. بولرنڭ اچیده ٢١ نفری خاتون قزلردور.

## چاڭچونده تسلیم بولغان قوممونستلر خاطر جمع تورموش کچرمکدەلر

[ مرکزی اژانس چاڭچون ٣ - نویابر تلغرامی ] مرکزی اژانس مخبری بلەن امریقا یونەیتدپرس مخبری بوگون یڭکی ١ - اوردو طرفیدن تسلیم ایتلگەن قوممونستلرنڭ مهمان خانەسیگە قدم تشریف قلغانلر. بولرنڭ ارالسیدا ٣٠٠ نفردن کوبراقی یاپونیەدن شلڭ یاگغا تارقانقان کشیلر بولوب ٢٥٠ دن کوبی قوممونست رایونلریدن قاچیب چققانلاردور. بولرنڭ اکثرینی یاقینقی بر ایلڭ ایچیده مهمانخانەگە توپلانغان بولوب باشدن ایاققەچه دولت اوردوسی بلەن بر قطاردا تامینلەنمکدەدورلر. دولت اوردوسی کبی خاطر جمع تورموش کچوروب هر کونی برنچه ساعت درس المقده دورلر.

## گوڭ جولڭده مڭدن ارتوق قوممونیست عسکرلری محو ایتلدی

[ مرکزی اژانس چاڭ چوڭ ٢ - نویابر تلغرامی ] . حربیه خبرلرگە کوره ١ - نویابر ایرتیگەن ساعت ٣ ار ده سی یلڭ شمالیده‌کی دولت اوردولاری

بارچە قدرتنى ايلە گولڭ جولڭ دەكى قومونست عسكرلرى نڭ ١٨ - بولوكى بلەن بى مەن دەكى ايرى ٢ - ديويزيە نڭ ٢٠٠ دن ارتوق ادەمينو قاننق محاصرەگە اليب محو اتدى. صوڭرە ٢٠٠ دن ارتوق ات تورغون ساندا اوق دارو فورال جابدوقلر اولجا الندىلر. اوندن دولايى دولت عسكرلرى اوروش ميدانينى اينقلاب ئاكشروش نتيجەسيدە بر نفر قومونست مدافعە قومانداننى توتوب الب اولتورمشدور.

## قوممونستلرنڭ انسانيتسزلكى

( مركزى اژانس جى‌الڭ ١- نوبابر تلغرامى ) جى‌الڭنڭ شرق طرفيدەكى قومونستلر دواملق صورتدە جى‌الڭ شهرينڭ سرتيدا بولاگچيلق، قاميشەبازلق ادم اولتوروش كبى انسانيتسزلكلرنى قلماقدالر.

داچاگتولڭ قشلاغيدن كلگەن قاچاقلرنڭ سوزلريگە كورە قوممونستلرنڭ ادم اولتوروش اصولى كوندن كونگە تيگشمكدەدور. مثلا شو قشلاقدەكى بر اوز باشينى باغلاب، قول قوتينى كسكەندن صوڭ يورەگينى يولوب الب بتون بدنينى پارچەلاغانلر و باى عائلەلرگە مجبورى صورتدە هر جينكىنى ٥٠٠٠ دوللردن سانقانلر. زورلق بلەن ييگوزوب بيمەسدن قارشى تورغانلرنى قرغان، و چاپقانلر ٥٠٠٠ خلق بوننگغا نهايت اچينغان و غضبلەنگەن.

## توركيه جمهور باشقانى ساويت حكومتى نڭ معاملەسى حقيدە اچوق فكرينى اڭلاتدى

[مركزى اژانس انقره ١- نوبابر مخصوص تلغرامى ] توركيه جمهور باشقانى عصمت اينونو قابينە مجلسيدە ،، بزدە باشقا دولتلرگە تجاوز قلش نيت يوقدور. لاكين- هر قاناداق بر دولتنڭ يورتومزگە ياخود ايگەلك حقوقيغە تجاوز قلمق كبى وحشى نيتلرى بولسا، اصلا يول قويولمايدور،، ديدى، ينە اچوق صورتدە ساويت اتفاقيغا قارشى ،، گرچى بز ساويت اتفاقى ايلە دوستلوق مناسبتى باغلامقنى جان دلمز ايلە استەسەكمو، فقط عمليتچە ساويت برلكينڭ عدالتسزلرچە عيبلەشلريگە اوچرامقدەمز،، ديدى.

## ياپونيه قاچان رسمى صورتدە برلشمه دولتلر قطاريغە اوتەر

[ مركزى اژانس فيلوسن ١- نوبابر بونەيتدپرس تلغرامى ] بونەيتدپرس اژانسينڭ مخبرلرى اوزاق شرق هيئتينڭ وكيللريدن ياپونيه قاچان برلشمه دولتلر قطاريغا اوتەدورغانلقينى سورادلر. وكيللر ياپونيه حقيدە اوز فكرلرينى ايتب اوتديلر. چين وكيلى ياپونيه بلەن تنجلق معاهدەسيگە امضا قلغاندن صوڭ ياپونيەنڭ برلشمه دولتلر قطاريغا رسمى صورتدە وكيل كوندورەدورغانلقينى انكلاندىلر. لاكين فيليپين حكومتى بو حقدە اوزينڭ نارازيلقينى بلدوردى. بونەيتدپرس مخبرلرينڭ بو توراڭ سوئاليغا بالغوز فيليپين و چين وكيللرى اوز فكرلرينى بيان قليب اوتديلر. چين وكيلى ،، ياپونيه بلەن قاچان تنجلق بتيمى امضالانيب تصديق ايتلسە، شو همان ياپونيه برلشمه دولتلر قطاريغا اوتوشيگە رخصت ايتلەدور،، ديدى. فيليپين وكيلى مەيتەيلونڭ فكرى تام معناسى ايلە چين وكيلى فكرينڭ ضدى ايدى. ياپونيه بلەن تنجلق بتيمى امضالانغانغە قدر ياپونيە مشق قلمق موقعيگە وتمەيدور. برنچه يلدن صونكرە اونڭ بين‌الملل‌دەكى موقعينى محاكمه قلاليمز رەك،، ديدى. بو مسئله توغراسيدا باشقا بويوك مملكتلر جواب قايتورماى ياپون بلەن بتم توزەش البتە قاننق بلگولنيش كرەك ديگەن تشبثنى ايلگرى سوردىلر. ساويت اتفاقينڭ وكيلى فيكر برمەدى. فرانسا، هوللاندا وكيللرى رد قلمق فكرينى برديلر.

## ويشنسكى بلەن يازوچيلر اسرايدا شكايتلر

[ مركزى اژانس نيو يوروق ٢- نوبابر مخصوص تلغرامى ] ،، ساويت اتفاقيدا محنەتكەشلرنى مجبور قلش ،، اسملك كتابنڭ مولفى دالين ونيگورو

فسكى لرنى ساويت اتفاقينڭ مسئول كشيلريدن ويشنسكى ،، سوقوش پرست ،، ديگەن نام بلەن عيبلەش ايلە سوقوش پرست فرقەسينڭ اعتقادچيلرى دب كورسوتوب اولرغه هجوم قلغان. بو شكايتكە اوچراغوچيلر نڭ دعواگرچيلرى ويشنسكىگە يازغان مكتوبيدە دد خارجى حقوقيگزنى قويوب توروشنگزگە من قوشولامن ،، ديگەن و ويشنسكى نڭ اوستيدن عريضه قلب بر مليون امريقا دوللرى جريمانە توليدورمكچى بولغان.

ويشنسكى هم اولرگە قاريتا ١٠ - اينڭ اخريدە برلەشمە دولتلر مجلسيدە مذكور ايكى نفر كشينى دد بولسر اوروش پرست فرقەسينڭ ساتب الغان اعتقادچيلرى ،، دب عيبلەگەن و كتابنڭ مضمونينى بتونلەى خطا دب تانوشدن تاشقارى دد بو شبهەسز ٥ - كالونتا و هيتلر نڭ مخفى خدمت قلغوچيلرى طرفيدن توپلانغان كتاب ،، دب بها برگەن.

## توكيو باسما اوييدن فل اوغورلاندى

[ مركزى اژانس توكيو ٣- نوبابر مخصوص تلغرامى ] توكيو ساقچى ادارەسينڭ اعلانيچە، ٣٠- اوكتەبر كونى حكومت باسم اوييدە تيارلانغان فقط نومور قويولماغان بر مليون ايكى يورملڭ ياپون دوللرى يوقالغان. بونڭ بر قسمى يوز دوللرلقدور. يرلك ساقچى ادارەسى ياشورونچە قاننق تكشورمكدە ايمش.

## ديڭزدەكى مخلوقلرگە ضرر يتمەگەن

[ مركزى اژانس بونەيتدپرس 3- نوبابر تلغرامى ] بر عالم شوندداغ دەيدور. گەدسيگى نيساى كوليگە تجربە اوزرە اتوم بومباسى تاشلانغان ايدى، حالبوكى بو كولدە ينە بالقلرنڭ يوزوب يورگەنلكلرى تصادف ايتلمكدە. ديڭزدەكى مخلوقلارنڭ كوپويوشيدە هيچ فرق يوق. ديمك اتوم بومباسينڭ ديڭز حيوانلريغا تاثير قلالمايدورغانلقى معلوم بولدى،

## عصبه ملیه

اوز ملتینی قیزغانش یعنی هرملت اوز ملتینی یاتارنلك تاثیری استیغا توشب قالیشدن قزغانب ملتنی حر و ازکین یاشاتش اوچون فداکارلق قلش بیلەن اونی قوغداش او ملتنك حقوقیغا ایچی اعریب چارەلر ایزلەمك «عصبی ملیه» دیلەدور. اما اورونیا توشەنچەسیچە عصبه ملت. هرملت اوز ملتینی دنیاغا حاکم قلمق اوچون تورلك قورالار ایجاد قلب عاجز ملتلارنك ملکینی باسب الیشدور. ملی تلینی و قانینی اوزیگە قوشوب الب یوتوب، ایزیب یوق قلمش دیمکدور.

اما تورکستان ملتچیلری کوچلوك دولتلار اراسیدا اوزیگە اویغون بر محیط و بر شرائط حاضرلاب نسلینی ابدی ساقلاب قلمق اوچون ملت وطنی قچقیرماقدا دورلر. بزنك ملتچیلك توغروسیدەکی دعوامز دنیا جهانگیر دولتلاریگە اوخشاش عاجز ملتلرنك ملکینی باسیب قانینی قوشوب الشدا امەسدور. بلکی یوتیمزدن زنجیرنی بوینومزدن بوبونتوروقنی الب تاشلاب اوزیمزنك بارلیقنی ساقلاب قالماقدن عبارتدور.

## عصبه دینیه

بو بولسا دینني اياق استی بولوب یوق بولیشیدن قیزغانیش و هم دینغا قارشی سوزلەش و تنقید قلیشلاریدن ایچی اچیب خفا بولوش دیمکدور. اوروپالق توشەنچەسیچە عصبه دینیه - هرقایسی دیندیکیلر اوز دینینی باشقا دینلردن اوستون کوتەریب باشقا دینني حقارت قلش دیمکدور. اوروپا نصرانیلری عیسوی دینینی دنیاغا تارالش اوچون دنیانك هر بوچمانیغە مسیونەرلار ایبەریب نادان خلقنی هر تورلك یول بیلەن الداب نصرانی دینینی قبول قلدوردی. و دنیانی نصرانیت بایراقی استیغا توپلاب باشقا دینلرنی یوقاتمق استەدی. اما بز تورکستان مسلمانلری دینیمزنك اياق استی بولوب کتیشیدن قزغانیب، دینیمزنی حمایه قلشدا محکم تورامز. چونکی کوب یللاردن بری اسلام دینی بزنك قان و تیلیمزغه بولغان یاتلرنلك هجومیغا یول قویمادی. ملی حیاتیمزنی ساقلاب قلشقا کوب سبب بولدی. ایکنچی طرفدن الب ایتقاندا تورکستان خلقی اسلامیتنی قبول ایتکەندن صونك دین ارقالق غربی‌تورکستان، ایران، عربستان، و مصرنك مدنیتی تورکستان مدنیتگە ارالاشیب، تورکستان مدنی معارفی قدمەو قدم الگیری سورولدی.

بعضی بر ز مرالك تعلیمات الغان اکسزلار بزنك اساسی مقصدیمزنی توشەنمەسدن «دینچی» و «اسلامیت» دیگەن بهانی بورولار لاکیش قران تعلیماتی شوندان بولسامو حاضرقی کوندە بو امکان ایچیدە امەسدور. حاضرقی کوندە مسلمانلار اوروپالق قدر الغ ترقی کوچکە ایگە بولماغان حالدا قایسی کوچ بیلەن بونچە کوب خلقنی توپلا الادور؟ مثلا: بر ادمنك تورت بالاسی بولسا بولار اتاسی اولگەندن صوکرە اتفاق بولوب یاشاالمایدور. تورت بالا بر اتادن توغولوب برلکده یاشاالماسا تورت یوز ملیون مسلمان قاندان اتفاق بولوب یاشار؟

بو تاریخدن ٤٥ یل بورون پان اسلامیزم، پان تورکیزم، پان اسلاویزم نظریەلری بارایدی. او زمان اوز یانیغا طرافدار توپلامق اوچون پروپاغاندالر تاراتلدی.

[ داوامی بار ]

اسعداك شیخ زادە

# بونی اکلاغانمو سز؟

## اوخلاب یاتب ایشیتەرمزمو؟

بنیك اوازلرنی ایشتەمیز، چونکی اویقواثناسیدا مینکەنك ایشتەمە مرکزی نهایت ازسیزەر. بو سبب بیلەن بنیك اوازلر قولاغیمزغا کیلر، مینکەگە باراتورغان سینکرلرنیمو حرکتکە کلتورەر معلوم بولورکە اویقونك ایلك زمانلریدە دنجانی نهایت اغیر اوازلرنی ایشتە الامز. چونکی اویقو باشلانغوچدە تیخمو تیرەن تیخمو تاتلقدور.

اویقودا کوپونچە ایشتەمز. فقط اویغانمایمز. مینکەمزنك بر قسمی اویغانور و او وقت قالایمادان بر کوب توشلارنی کورەمز. بر ادمگە اویقو اثناسیدە قولاغیغا پیشلداماق بولی بیلەن استە...

---

گەن ترسەگرنی توشیدە کورسەتە الاسز. فقط بونی قلماسلقینکزنی توصیه ایتەمز.

---

## ایسکی زمانلردە انسانلر حاضرقیدن کوب یاشارلرمو ایدی؟

مثللردە اسکی کتابلردە قدیمدن انسانلارنك نهایت اوزون یاشاغانلقلریغا دائیر افسانەلر کورەمز. حالبوکه بتون تدقیقلر بونك تماما تەتورسینی کورسەتەدور: ایسکی انسانلرنك اورتاچه عمرلری بوکونکی انسانلرنك اورتاچه عمرلریدن کوب دها قسقادور. انسانلر طبیعتکه حاکم بولمق چارەلرینی تاپقاندن کین خستەلکلرنك، سفالتنك، افلاسلقنك الدینی الغاندن کین حیاتینیمو اوزانمققه موفق بولماقدەدور. بوگون بتون مدنی مملکتلردە اورتاچه عمر بورونقیغا قاراغاندا یوزدە اون بیلەن یوزدە یگرمی نسبتیدە اوزوندور.

---

## اطلاس اوقیانوسیدن الك اول اوچقو بیلەن اوتکەن کیمدور؟

امریقا برلشك حکومتلاری دونانماسیغا منسوب ملك باشی ا. ك. ریئاد بیلەن اوچ ارقاداشی اوقیانوسنی الك اول اوچقو بیلە کیچب اوتمککە موفق بولغاندورلار. اولار توشکەن دینکز اوچقوسی ۱۹۱۹ یلی مائینك ۱۰ نده نیو فونلاند دن ایریلب ازور اراللریدەکی هورتا و پونتا دەلگادا دلغا کرگەندن صوکرە ماینك ۲۷ سیدە لسبونغا یتدیلر. انگلیزلردن یون الکوك بیلەن براون شوپای حزیراننك ۱۴ و ۱۵ - کونلاری بر دم توختاسدن ۱٦ ساعتدە اوقیانوسنی اشدیلر و قرال طرفیدن سیر رتبەسی بیلەن مکافاتلاندیلر.

---

## ملق برکچه مثللرینی کیم یازغان؟

ملك برکیچه مثللری بتون دنیا تیللریغا ترجمه قلنغان بر شرق اثریدور. یازوچیسی معلوم امەسدور. اثرنك هر بر زمانلردە هرکیم طرفیدن یازیلغانلقی احتمالغا یاقیندور. اثرنك برنجی قیتم ایراندا یازیلغانلیقیمو محتملدور.

ئادرس

اورومچی تەنگوەن

ئولنخه بیغاك نومر 18 ئالتای ئشریات ادارسی

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شنبه ۱۰۰ نجی سان تلده، ئشده، فکرده، برلك! ۱۹۴۷ یل ۸ نجی نویابر

بولەنچوکلك خلق بولسون! توتقان یولك حق بولسون! خلق - حکومتدن اوستون! حق - قوتدن اوستون!

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

مدیری: عیسی الب تکین
باش محرر: م . ا . بوغرا

# ئەرك

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

بهاسی: دانەسی ۱۰۰ ئایلیغی ۱۲۰۰ دوللار
هجری ۱۳۶۶ ذوالحجه ۲٤

التای نشریاتی طرفندن هفتەدە اوچ چقادورغان سیاسی، اقتصادی، اجتماعی، علمی، فکری و ادبی غزیتەدور

## یوزنچی سان

# ئەرکیمز یاشاسون!

[ مخصوص مقاله ]

ع . تیمن

بو قولیڭزلردەکی غزتە ،، ئەرك،، غزتەسینڭ یوزنچی سانیدور. چنانچەبو کون ،،ارك،، هزنڭ یوز سان تولدورغان کونیدور. شونڭ اوچون بز قولیڭزدەکی موشو یوزنچی سان ،، ئەرك،، غزتەسی ایله فخرلەنەلامز.

تورکستان مطبوعاتچیلیغیدە [ بو حقدە ۸۹ - ۹۰ . سان مخصوص یازماغە قارالڭ] خلق میدانیدە توروب سوز اچقوچی یگانە غزتە اولاراق تورغان بو غزتەنڭ تاریخیغە بر توختاب اوتمك دن دولایی انڭ قایداغ بر جریان ایلە کلدیکینی و قایداغ بر جریان اچاالادورغانلقینی انکلاب اوتمك کیرەکلیکدور.

۱۹٤۶ - یلنڭ باشلریدە سابق مدیریمز عیسی افندمنڭ تشبثی، اوتکور افندینڭ فعالیتی ایلە لانجودە تورکستانلق یاشلر اتیدن برنچی دفعه اولاراق بر غزتە چـ...قاباشلادی. اونڭ اتینی ،، ئەرك،، قویماق هممەدن مقبول کورولدی. چونکی بز هممەدن ارکنلككە محتاج ایدك. فقط تاش باسما اصولی ایلە انتشار اتکەن بو غزتە داخلی چیندەکی، اینقسا لانجودەکی تورکستانلی یورتداشلارغە افیمدن اوچور برمك، کیلەچەکیمزگە یول اچماق، ملتیمزگە و عرف-عادتیمزگە دائر مقالەلر، یازمالر ایلەگنە اچتەلك ( مفهوم ) توتقانو بو یولدا سربست حرکت ایتەالمغان ایدی. اما غزتەنڭ هفتەلك اولیشی، یوزینڭ تارلیقی، نسخەسینڭ ازلیغی یورتدن بك یراقدە بولیشی احتیاجیمزغه یاراب برەالمادی. شونلقدن بو غزتەنی بر نچه سان ایلەگنه توختاتماقغە و یورتنڭ اوزیدەشولات ایلە، باگی باشدن بر غزتە چقارماقغا قرار بریلدی. بو غزتەمز تاریخینڭ برنچی باسقوچیدور.

بو قرار بوینچە یورتنڭ حاضرقی احتیاجینی کوزیدە توتقان نشریاتیمز، ینە بو غزتەنڭ بقاسی اوچون، منگو دوام اتمکی اوچون شرائیط حاضرلادی. و شو یلنڭ ۲۱ - دە فابرندن اعتبارا غزتەمز یورتدا، تاش باسما ایلە چقارلماققە باشلادی بو غزتەمز تاریخینڭ ۲-باسقوچیدور.

نهایت غزتەمز ۱۹ - سانیدن باشلاب تاش باسما اصولیدن، حرف ایلە چقا باشلادی. هفتەلك غزتە شکلیدن، هفتەدە ایکیلككە. صوڭندە کون ارالاب چقماقغە اوزگرتلدی. بارغانچە اوتوقلر کوزگە کورونمككە باشلادی. صفتی بارغانچە یاخشیلانابەردی. بولر البتە یورتیمزنڭ اوتوقلری بولغانلقدن باشقا عصری احتیاجیمزنڭ تملینی قورماقتا مانیدن هم مهیم اهمیت قازینا الادور.

غزتەمز اوزینڭ دونومیدن تارتب، خلقیمزنی اویغاتماق، اوزینی - اوزیگە ازلاتماق، اوب - چورەنی کوزەتمك برابرندە باشقالرنڭ حیاتینی، بز توغرولوق توشەنچەلرینی، قاراشلرینی بر قور اشکار قاماق اوچون چالیشقانیدك؛ موندن صوڭمو اوزینڭ شو یولیدە ازلی کیتەدور. خلققە یولەنگەن، حق یول توتقان خلقنی حکومتدن اوستون کورگەن، حقنی قوتدن اوستون کورگەن حالی بلەن، خلقچیلقنی، ملتچیلکنی انسانیتچیلکنی ترغیب ایتیدور. عرقیمزنی تورك، دینیمزنی اسلام یورتیمزنی تورکستان دەب تانوماق برابرندە خلقیمزنی اوز عرقینی، دینینی، یورتینی و انڭ اسمینی ابدی اونوتماسلق خطا پروپاغاندالر، یات تشویقانلرغە الدانماسلق یولیدە قطعی کورەش قلادور. خلقیمزنڭ کلگوسیگە بیوك بر ایدنلق، پارلاق بر افق یاراتماقنی اوزینڭ یالغز مقصدی قلب، انڭ بلەن السغا کتیدور. یغب ایتقاندا، ئەرك ارکنلیکیمز اوچون هارمای چالشیدور، ارکنلکیمزنی محافظە قلادور. بو ئەركنڭ مقصدی، مسلکی شعوریدور . [ بو حقدە . ئەرکنڭ شعاری . دیگەن یازماغا قارالڭ . ]

بو بر یللق ترقیاتیدە [ اچوغ-ی یاقنقی ۸ ایلق مدت ایچیدە ] ئـەرك اوز خدمتینی دواملق بر حالدە اجرا ایتب کلمكدەدور . هیچ بر قینچیلقلرغە بوی سونماسدن همان ایلگری کەتمكدەدور. جهاننڭ بتون معناسندن قوروق قـالغان، عصری شعوردە اوغراشماغان، تیخی ملتنی سویش حسی کوکرەکیگە کرمەگەن نادان خلقیمز ئەرك اوچون بیوك بر یاردم قولینی اوزاتمادی. اونڭ بقاسی اوچون اندیشە قلمادی. فقط ئەرکچیارنڭ فعالیتیدن باشقا، بو جریاندە بز بر حقیقی عملیان کورەالمادوق حتی تاریخیمزدن سوز اچقاندە خلقیمز اوز عنعنەسینی ساقلاب قالیشقیمو جرعت اتکنی یوق. خلقیمزنڭ تاموریدە بولغان علم استەمك ارزو

[ ایکنچی ۲ - بەتسزیق استیدا ]

## ملی یولباشچیمز تورپانغا سفر قلدی

بوکون ایرتەگەن ساعت ٧ دە ملی
یولباشچیمز مسعود صبری جنابلری، پو
لات قادری ' سلجوق و پەن افندیلر بلەن
مخصوص اوتوموبللار بلەن تورپانغا
سفر قلدی. یاقین ارادا قایتسالر کرەك
مخبر.

## اوقوغوچی کوندرلدی

[ کورلا خبری ]

والی محکمەسی نك امریگە بنا' حاکم
ادارەسی معارف بولومی قارا شهر معلم
لر یتشتوروش اوقولیغا التی نفر اوقو
غوچی کوندوردی. بولرنك بتون تا'می
ناتی حکومت طرفیدن بریلور. ٢ یل
ایچیدە اوقوشنی تاملاب کورلاغا قایتب
کالمکچی و معارف ساحەسیدە اشلەمکچی.
تیتك

## قارشیلاش یغینی

[ مرکزی اژانس تانکین ٦-نویابر
تلغرامی ] قانون توزەش پالاتاسینك باشما
زی سونکو افندی رفیقلری بلەن برلکدە
٥- نویابر کونی کچقوروش پالاتا صالونی
دە تورکستان یاشلار تیاتر اومەکی مرکزی
حکومت اعضاسی برهان افندی بلەن ر
فیقەسی رشیدەخانم و پالاتا اعضالری بو
رب ١٠٠ دن ارتوق کشینی قارشی الب
یغین اوتکەزدی. یغیندا سونکو افندی
قارشیلاب نطق سوزلەگەندن صوك وو
افندی و برهان افندیلر اومەکنك حال
سورا شدەکی اهمیتلك نقطەلری حقیدە
نطق سوزلەدی. ،، تورکستان یاشلر تیاتر
اومەگینك، اچکی چین دەکی مهم و بیوك
شهرلرگە حال سورامق اوزرە کیلیشی ایسە
چیگارالقلر بلەن اچکی چینلقلرنك محبتینی
باغلایدور. مدنی علاقەلردە مهیم رول
اوینایدور ،، دیگەنگە اوخشاش سوز
بولندی.

سی' ،، بدعتلك استەمك ،، كە اورول
گەن بوگونکی کوندە، بزنك بو حقدە
اغرینغانلیقیمزو اورون-سز اوخشای
دور؟!...

هر ایش اوزاقدن کلمکدەدور.
زمان بلەن حسابلاشب کلمکدەدور. بز
هم [ ئەرکچیلر ] شونداق کلمکدەمز
ایلگورلمکدە.ز. تکریم ارکنك بقاسینی
برسون، ارکیمز یاشناسون! ...

## کوب مقداردا تمور ایشلەب چقاریلماقدا

[ مرکزی اژانس نەن چاك ٧- نو
یابر تلغرامی ] جیانك شی اولکەسینك
نان فلك دیگەن یرینك ژلك موکك، جك
خواپو دیگەن یرلریدەکی تمورکانیدا
٣٠٠٠٠دن ارتوق ادمنك قزغین اشلە
شی نتیجەسیدە شینتەبردن اوکتەبرغە
قدر ٢٠٠ طوننا تمور ایشلەب چقاریلغان
حاضر مذکور تمورنك بر طوننا-سی
١٥،٠٠،٠٠٠ دوللردن سانیلا یاشلاغان.

## دولت اوردولری موفقیتی

[ مرکزی اژانس جینەن٦- نویابر
تلغرامی ] لیاودوگەدەکی دولت اوردولری
ناغاق رایوندەکی قومونستلرنی تازالاش
قا کرشب نتیجەدە قومونستارنك حربی
ذاوود قطارلق نورغون اورونلرینی
قولغا کلتوروش بلەن بارلق قسمینی
بوزوب تاشلاغان بوزولغان و قولغا تو
شورولگەن نرسەلر توبەندیکیدن عبارت
بولغان: [١] بوجاچالك دریاسیدەکی قوە
مونستار تامانیدن ایشلەنگەن ٤٠ دانە
قلیموت ٥خبر تارقاتا دورغان ماشینا و
١٠ قاپ ملتق داریسی [٢] شالك جالك
دریاسینك شرقی شمال قسمیدەکی باسما
ماشینا بتون حرفلر بلەن هم کاغذ
ایشلەب چقادورغان ماشیناسینك بتون

## تاریخنك الك بیوك سوقوشی

### ١ — دونیا سوقوشی

١٩١٤ یلیدن ١٩١٨-یلیغەچە دوام قل
غان ١-دنیا اوروشینی کورسوتەدورغان
برخریطە یازیلسا ەمان بتون اوروپا،
اسیا، افریقا وشمالی امریقا بلەن جنو
بی امریقانك مهم بر قسمی نك سوقوش
قا اشتراك قلغانلقی کورولور بو سبب
بلەن تاریخنك قید قلغان بو الك بیوك
سوقوشیغا ،، ١- دنیا اوروشی ،،دیگەن ات
بك یاراشادور.

١ - دنیا سوقوشیدا گرمانیە بلەن
اتفاقداشاری اوستریا، مجارستان، تورکیە
و بلغار ستانغا قارشی ٢٤ ملت فرونتقا
اتلاندی سربستان، بلجیقا [ بلگیە ]، رو
سیە، فرانسا، انگلیز امپراتورلغی،
یاپونیا، پورتکز، ارناغ، ایتالیە، سانماریتو
رومانیا یونانستان شمالی امریقا برلشیك
دولتلری برازیلیە کوبا، پاناما' حایتی
گوئاتەمالا، وندوراس کوستاریکا نیکارو
گوئا' سیبریا، چین و سیام باشقا التی
دولت گرمانیە بلەن مناسبتلرینی اوزگەن
ایدی. بولوییا اکیواتور، سانتودومن
گو پیرو، اوروغوئای و مصر. بو بیوك
اوروشدا بی طرف قالغان مملکتلر انجاق
دنیانفوسینك اون تورتدە بریگە معادیل
بولغان شو مملکتلر ایدی. هولاندا' ا
سپانیا، نورویگیە، اسویج، دانیە' اسویچرە
ریانتینا، وەنەزوئالا، شیلی، کولومبیە،
اومقسیقا.

١ - دنیا سوقوشی یالغوز اشتراك
ایتکەن انسانلرنك کوپلکی بلەن امەس
فقط باشقا نقطەلر دنمو باشقا سوقوش
لرنی کولەگەسیدە قالدورغیدەك بوبوك
و مهم بر سوقوش ایدی. هر ایکی
طرفنك اورتاغا چقارغان اوردو و دونغما
[ دیگز ] قوتلری، اسکی قانحلر [ باسە
ب الغوچیلر ]گە بارماق سانجیغوچیلك
مەهش ایدی صرف ایتلگەن قللر بول
سا عقلغا سغماغیدەك کوب ایدی سو
قوشنك توغریدن - توغریغا ٤٠٠ میلیارد
لیراغا توختاغانلقی مولچەرلنمکدەدور
یعنی بو قل بلەن ٦٦ سانتی میتر قالین
لقیدا و ایکی میتر و یوکسلگیدە ١٠٠٠
کیلومیترو اوزونلقیدا بر تام یاسالب
چیقادور یالغوز امریقانك سوقوش او
چون صرف قلغان قلی امریقا حکومتی
نك ١٧٩١ تاریخیدن ١٩١٤ تاریخیغە قدر
صرف قلغان قلیغا تەك کلەدور.

بو سوقوشدا اولگەن و یارالانغان
انسانلرنك مقداری ٣٥ ملیونغا یتەر عس
کرگە لازم بولغان مهمات، توپ و باشقا
لرنی حاضرلاماق اوچون ٢- دنیا سوقو
شیغا قدر هیچ بر سوقوشدا کورولمەگەن
کەك و بیوك تشکیلات وجودقا کلتورول
گەن ایدی. بو تشکیلاتغا یالغوز عس
کرلر توگل، ارکەك، خاتون و بالالرمو
قاتناشقان ایدی. بر قسم خلق جبهەدە چا
لیشور، ارقادا قالغانلرمو اولرگە لازملق
نرسەلرنی یتشتورمك بلەن مشغول بو
لورلر ایدی.

ئۇيغۇر كتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com



قسمى، [۳] شالخەى گوەن‌نڭ غربى
جنوبيدەكى فليموت ايشلەب چقير ادورغان
٥ماشيناسى'[٤] خەى‌شى يزاسيدەكى ماشنا
تا ريمونت قليديغان اورونلرنڭ تمامى
بوزولوب كتكەن.

## نيو يورق ,,دور,, غزتەسينڭ خانكودەكى ممثلى نە دەيدور ؟

[مركزى اژانس نيويورق ۸ - نوياير
مخصوص تلغرامى] برلشمە دولتلر سيا
سى توركوميدە روس حكومتى طرفيدن
,,امريقا روسيە ايكى دولت قوريەدەكى
عسكرلرينى كيلر يل 1 - غنواردا چيكند
دورسون,, ديگەن بر فكر تاشلانغان ا
دى. بونڭ رد قلنب تورغان بر وقتيدە
,,دور,, غزتەسينڭ ممثلى چالچ افندى
نە بولسا بولسون روس حكومتى قوريە
شماليدەكى عسكرلرينى اوچ آى ايچندە
چيكندورگوسى,, ديگەن.

## روسيە پروپاغانداسى ياپونيەلك توتقونلر اراسيغامو كيردى

[مركزى اژانس توكيو ۸ - نوياير
مخصوص تلغرامى] روسيە طرفيدن
اشغال قلنغان يرلردەكى ياپونلر روسيە
نڭ ياپون اسير [ توتقون ] لريغا قا
رانقان ,,تعليم,, حقيدە اوزلوكسز
بيانات برمكدەلر. اولرنڭ ايتشيچە رو
سيە حاضر ياپون اسيرلرى قامالغان لا
گيرلردە هفتەدە اوچ قتيم قوممونيزمدن
معلومات برمكدە. حتى هر كون كچقورون
ياپون قوللريغە درس اوقوتماقدا. مسـ
قوادا باسلغان رسالەلر واسطەسى بلەن
بيانسان اچكى قابينەسينڭ سياستى ار
قاسيدا ياپون امگەكچيلرينڭ نەقدر ايزيل
گەنلكى اوستيدە شكايت قلمقدە.

## مولوتوف و باشقالرى ياتغان سوز بلەن قورقو تاالماس

[مركزى اژانس نيويوروق ۸-نوياير
يونەيتدپرس تلغرامى] مولوتوف بر
نطقيدا ,, سەويت اتفاقيدا اتوم بومبا
سى ساقلانماقدا,, ديگەن ايدى. حالبوكە
اونڭ بو يالغان سوزى افكار عامەنى
قورقوتا المادى. ينە بر سوزيدە ,, رو
سيە امان بولسا، كونلرنڭ
بريدە غربدەكى تجاوزچيلر بلەن اويدان
حسابلاشب الادور. ديگەن ايدى. بوندن
تشقارى روسيە حربى ايشلر باقانى
بوكالين ,,دنياگى دن سوقوش اچمقنى اسـ
تەگەنلر بتون دنيادەكى عكس الحركتچيـ
لرنى اويوشتوروب اجتماعيون و خلق
چيلرنى يوقاتمققە اورونماقدالر,, ديگەن
ايدى. بو سوزلر تجربە اوستيدەكى
خام اتومنى قورال قيلب افكار عامەنى
چوچوتماقدن باشقا نيمە امەسدور روسـ
لر اتوم بومباسينى ايشلەب چقارشدا
كوب توسقونلقلارغە اوچرامقدە حالبوكە
روسيەدە امريقا يوكسك صناعتى كبى
صناعت اساسى يوقدور اونڭ اوستيگە
عالى علم ايگەلرى و اتوم بومباسيغە
دركلك اشيالر تاپلمايدور. بو كەمچيلك
لريگە باقماسدن بتون كوچى بلەن تجربە
اينە ياتقان اتوم بومباسى اوستيدە افكار
عامەنى چوچوتماق استەب يالغان واقير
مقدەلر.

## سوقوش قانداق باشلاندى

۲٤. حزيران ۱۹۱٤ - تاريخيدە بوسنا
حرسك دە سراكووا [ سراى بوسنا ] شهر
يدە اوستريە ولى عهدى بر ياش سرب
طرفيدن اولتورولدى. اوستريە - مجار
ستان بو يونتوروعى استيدا باشاغان
منكلرچە سرب بارايدى. بولر اوستريادن
سربستانغا قوشولمق استەرلر ايدى.
اوستريە حكومتى، سربستان حكو
متيگە بو سبب بلەن تهمت چاپلادى. و
شدتلك بر نوتا تاپشوردى و بر مونـ
چە نرسەلر طلب قلدى. سربستان حكو
متى بتون استەگەنلرينى قبول قلدى'
يالغوز برمات اولاراق هضم قبول قلمايدور
غان ايككى نقطەنى رد ايتدى.
بو ايككى نقطەنڭ لاهى
ديوانينە و ياخود بيوك دولتلرنڭ
حاكملگينە حولەسينى تكليف اتدى. او
تريە حكومتى بو جوابدن ممنون بولما
دى. و درحال [ ۱۹۱٤ - يل ۲۸ - ]
سربستانغە سوقوش اعلان قلدى. سربستان
روسيەدن ياردم استەدى. روسيەمو در
حال ياردم اتدى. بوگا مقابل المانيە
اوستريەگە ياردم اتمك اوچون حركتكە
كلدى. فرانسيەمو قوروق قالماى دورو
قى متفقى بولغان روسيەگە قوشولارغە
حركت قلدى.
۱۹۱٤- يلى ۲- اوغوستدە المانيە،
فرانسەنى ارقادن اورماق مقصديلە، بل
چيقا حكومتيدن، عسكرلرينى بلچيقا توپ
راغيدن اوتكوزوش اوچون رخصت سو
رادى. حالبوكى بلچيقا ۸۳۹ -يلى‌دن برى
بتون اوروپا دولتلرى طرفيدن بى‌طرف
تانولغان ايدى. بو تكليف بى‌طرفلككە
سغماس ايدى. بو سببلە بلچيقا المانيە
گە رد جوابى بردى. بونڭ اورنينه الما
نيە بلچيقا اوستيگە يوروش قلدى.

### معاهدەلر بر كاغذدن عبارت

بلچيقا تاريخيگە كريشيب، ذاتا ,, رو
سيە و فرانسەنڭ تشكيل اتمكچى بول
غان اختلاف ذمرەسيگە داخل بولغان انگل
ترەمو المانيەنڭ عليهنە سوقوشقە كردى.
او وقت المان باش وكيلى بولغان بتمان
هولوواگ: ,, انگلترە بر فارچە آهنى يوق
كاغذ فارچەسى خاطرى اوچون سوقوش
قە كرشدى،,, ديگەن ايدى. چونكى بل
چيقانڭ بى‌طرفلگينى تأمين اتكەن دو
لتلردن بيرى انگلترە ايدى؛ اوچ هفـ
تە صوگرە ژاپونيە، انگلترەگە قارشى معا
هدە ايفا قلماققە لازم بولغان وظيفەنى
اشلمك اوچون سوقوشقا كردى.
ديمك، كە اوستريە ولى عهدينڭ قاتـ
لى حادثەسى، دنيانى اوتقا سالغان بر
لعنت تككەن وظيفەنى كورمشدور. فقط
بو حادثە سوقوشنڭ حقيقى سببى امەس
ايدى. بوروندن حربنڭ باشلانماسيغە بر
قوشومچە تشكيل اتكەن ايدى‌تا اوزوندن كل
گەن اويدا حقيقى سببلر يانار ايدى
اوستريە- مجارستان بركوب يللر
بالقان ياريم اطالينە حاكم بولماق استەدى.

[ دوامى بار ]

## عصبه دينيه

[ باشی اوتكه‌ن ساندا ]

اوروپالقلر مسلمانلرنك بو حركتيدن قورقوب مسلمانلرنی برلشتورمه‌سلك اوچون كوب تدبير كوروشديلر. اخری عثمانيه دولتينی ييقتمققه سبب بولدی. بعضی بر علمسز نادانلر چيريب قالغان بر نظريه‌نی توتوب الب ملت سانش بله‌ن اواره بولادور. دنيادا انسانلنك كوكلی دائما ياڭيلقنی خواهلايدور و ينكينی ايجاد قلادور. بو يل برينكی نرسه ايجاد قلنسا كله‌ر يلغا اوندن اوبدانراق بر ينكی نرسه ايجاد قلنادور. بونكغا كوره اولقيسی قمتيدن توشوب اعتبارينی يوقاتادور. ديمككه هر زمانداينكی نظريه‌لر توغولوب اسكی نظريه‌لرنك قمتی توشه‌دور. شونك اوچون هر قانداق بر ملتنك نظريه‌لرگه قربان بولمقی توغری امه‌سدور. فقط اوز يورتی، ملتی و دينينی قلاكتدن قوتولدوره‌ق اوچون هر زمان ينكی نظريه‌لر ايجاد قلب وطن و ناموسينی ساقلاش بوليغا چالشمقی كره‌كدور.

اسلام دينی قايسی مملكتگه كرسه شو يرده‌كی دين اهلينك اعتقاديغا حرمت قلب حرلك برگه‌ن ايدی. بزهم اسلام تعليمانی بويچه يورتومزدا بزگه ديندا ش بولماغان دين اهليارى بله‌ن برلكده قولغا قول توتوب يورتنی اباد قلمققه ترشامز. ايران دولتينك نفوسی ۱۵ مليونغا يته‌دور. بولارنك اراسيدا عرب، جهود، ارمن، تورك، كورد، فارس، هند و ينه باشقا مذهبده‌كی خلقلر باردور. اما بولر تاريخدن بری بر ايران دولتينی تشكيل قلب، بر جسم كبی ياشامقدادور. بزنك مقصديمز هم ايرانلقلار كبی برلكده يورتيمزنی ساقلاب قالشدن عبارتدور.

## عصبه وطنيه

هربر وطن بالاسی اوز وطنيگه ياتلارنك سياسی و اقتصادی تأثيری كريب قاليشدن قزغنادور. بونی عصبه وطنيه ده‌يدورلر. اوروپالق توشه‌نچه‌سيگه بناءً هر دولت اوز توپراغيدا اشله‌نب چققان فابريكا ماللرينی عاجز ملتلرنك يريگه الب باره‌ق و اوبرده سانب اقتصادی، اجتماعی حياتينی بوغوب مستملكه قلمق ديمكدور. وطنينی قزغانمق يالغوز انسانغه مخصوص برنرسه بولماسدن بعضی بر حيوانلر اورتاسيدامو اورتاق بر ايشدور. مثلا: قارغا قيشدا قالين تره‌كلك ياكی قارا ياغاچلقدا قشلايدور. ياز وقتيدامو شو يرده بالا چقاره‌ق اوچون جانگا سالادور. اگرده جانگاسيغا بره‌ر دوشمن قصد قلسا، قارغالار همه‌سی برلكده مدافعه قيلار و جانگاسينی برمه‌س. اگر كوگه‌رچين [كفتر] انی ايكی - اوچ كونلوك اوزاققا الب باريب قويوب برسه ينه اوزی اوسكه‌ن يريگه قاچيب كلور. موندن باشقا بركوب حيوانلر دار قشدا اسيق برگه كتب قشلار، يازكه‌لگه‌نده يانيب كلب اوزی اوسكه‌ن يرلرده بالا چقارور. حيوانمو توغولغان يرينی اونوتمايدور.

بزنك ارامزدا برتورلك كيشلار باركی، دينچلك و ملتچلك مسئله‌سی اوتاغا اتلسا اچچغلانار. اندم و تخنيكا دوريده ملتچلك و دينچلكنك نه معناسی بار فقط بزگه وطن كره‌ك ده‌يدورلر. ينه بر فرقه چقيب بزگه دين كره‌ك، وطن، ملتنك هم علم معارفنك كره‌گی يوق دينيمزنی حاكم ملت ساقلاب بره‌دور - ده‌ب حاكم ملتنك توزاقيغا اوز اياغينی اوزی تيقب برمك استه‌يدور. ينه بر فرقه: ملت نه بولسا بولسون، شخصی عزت و ابروام حكومت و خلق الديدا يوكسلسون من اولشخصی منفعتنی تعمن ايته‌ی ديگوچيلاردور. منا بو اوچ فرقه‌نك مفكوره‌لری وطن، ملت، دين اوچون پارلاق بر استقبال يارانب برالارمو؟ من بونی ايتب اولتورمايمن.

كائناتدا بارلق نرسه‌نی قول قلب اشله‌تكوده‌ك حرمت و فضيلت ايگه‌سی بولوب توروب بر نظريه اوچون بعضيمزدين و ملتنی اونتاساق، بعضيمزدين ده‌ب باشقالرنی اونتاساق، بعضيلريمز عزت حرمت بوليدا اواره بولساق بوگون تلمادا بولغانيمز حقوق دعاسيغا قانداق معنا برگه‌لی بولار؟ بزدين و ملت ديمه‌مه‌ك حيوانغا قوشولوب ياشاماقيمزغا توغرا كله‌دور. بزنك بتون بو شعاريمزدن مقصد اچ يالاڭاچ و قول حاليدا ياشا يانقان ملتيمزنی قورتقاريب عصری بر حياتقا باشلاماقدور. ذات ياوالرنك چيريگه‌ن نظريه‌سی اوچون ملتنی قربان قلماقدن ساقلاب عصری انسان قلماقدور. بز بعضی در پرو پاغاندچيلارگه اوخشاش مسلكنی قورال قلب ملتنی پارچالامق ايسته‌مه‌يمز. بلكی خلق راحتده ياشاسا بزهم راحتده، خلق ظلوم استيدا ايزيلسه بزهم شولارگه اوخشاش ازيلشده بولامز اصلا شخصی راحتمزگه رازی بولمايمز. وطن، ملت و دينينی اونوتوب حيواندن پست حالدا ياشاساق و بارليقمزنك انقراضيغا سبب بولساق اولاد الديدا قانداق جواب بره‌مز؟

اسعدالله شيخزاده

---

## عبرتلك سوزلر

عجبلنمك كوپنچه‌نادانلقدن بولادور.

عوام اوزی بلمه‌گه‌ن نرسه‌نی يامقدس سانار ويا كی كفر دب بله‌ر.

اسمگنی ياد قلدورارلق بر گوزل اسم قالدور.

عمر- نعمت اغاچی بولسا اونك يمشی «اولوم» دور. عمراگرده محنت سلسله‌سی بولسا «اولوم»، اونك صوڭيدور.

فضيلتنك درستيی، دشمن طرفيدن اقرار قلنغانيدور.

بك كوب كشيلر باردوركه دوستلری يوقلقيدن زارلانورلر. لكن بوعقللقلارنك ايشی امه‌س. اصل زارلانشقا ارزيدورغان ايش بولسا دوشمنلرنك بولماسلقيدور.

يمان ايشلر يابك اچاردن و يابك توقلردن كله‌دور.

قولدا بولغاننی يوقالتماسلق قولدا بولماغاننی تاپماقدن فائده‌ليراق

ادم بالاسينك دشمنی اوزينك قاريدور. هر كيمنك اوز عقلی توغری، اوز بالاسی چرايلقدور.

---

## اعلان

6 - نويابر كونی «يوسف قادر» ناميغا اوبولغان چينچه تامغامنی يوقاتديم بو كونگيچه بتون [illegible] ده بازو و امضاسز باسما [illegible] بونان صوڭ هر قانداق حجت و باشقا كاغزلار چيقسا اما بتكه المايمن.

يوسف قادر امين اوغلی

---

ئادرس
اورومچی تەنگوەن
ئوكخه بيخاك نومر 18 ئالتاي نشريات اداره‌سی

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


١٩٤٧ يل ١٤ نجي نويابر    تلده، نشده، فكرده' برلك!    جمعه ١٠٢ نجي سان

! بولەنچوكلك خلق بولسون ! توتقان بولك حق بولسون ! خلق - حكومتدن اوستون ! حق - قوتدن اوستون ! !

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

مديرى: عيسى آلپ تكين
باش محرر: م· ا· بوغرا

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز توركستاندور

بهاسى: دانەسى ١٠٠ ئايليغى ١٢٠٠ دوللار
هجرى ١٣٦٧ محرم ١

آلتاى نشرياتى طرفندن هفتەده اوچ چقادورغان سياسى، اقتصادى' اجتماعى' علمى، فكرى و ادبى غزيتەدور


# عصرى اوسوشنك بر افادەسى نەيرده ؟

ملتلرنك نفوسى يالغوزكوبلكى بلەن
امەس· اشكه يارايدورغان آدملرينك سا
نى بلەن اولچولەدور· ساغلام آدملردن
ساغلام عائلەلر، ساغلام عائلەلردن ساغ
لام ملتلر ميدانغا كيلور·

كولومبيه اونويرستەسى پروفسورلر،
ىدن در· بوآ ساغلاملقنك اوچ شكلى بار
دور، دەيدور:

١ - ايدئال ساغلاملق·

بدن اورگانلرينك اشلەشيدن توغول
غان ساغلاملق، اللەتعالىنك انعامى امەس
دور· دقتلك و بيلملك بر تربشنك اث
ريدور· كوب تورغون ياشامق، هر نر
سەده اورتا درجەنى گوزەتمك، هر ايش
نى وقتيده كورمك بلەن قولغا كيلور·

٢ - طبيعى ساغلاملق

عائلەگه، اوپ-چورەگه، مدنيتكه، كي
چينشكه' ايقلمغا قاراب تيگيشور· ساغ
لام بر مدنيت، توغرى بر بيلم و ياخ
شى كچينش بلەن يوكسەلور·

٣ - قازانلغان ساغلاملق·

حياتينى ياپماق [ قازانمق ] اوچون
هر بيلملك انسان' ادارەسيده مغازەسي
دە [ دوكانيدا ]، دائرەسيدە، مكتبيدە،
اوييده، يايپقلق در بردە كوب قيتم هر
كون بش - آلتى ساعت يازيب - اوقو
مق، چاليشمق مجبوريتيدەدور· بو ان
سانلر داردوقينى چيقارمق اوچون آندا- سان
دا كينوغا، تياترغا و چايخانەلرگه كيتەر
و او بردە بوزوق هوا بلەن اوپكەلري
نى كيرلينەر· بونگغا اوخشاشلرنك مەي
دەلرى و سيگرلرى بوزولور·

آوروپانك بر كوب شهرلريدە خلق
اوچون گيمناستك سالونلرى باردور· كم
قوزونلرى دائرەسيدە' مغازەسيدە اش
نى توگتكەنلر او يرلرگه بارار، باريم
ساعت كوڭل آچب صوڭره اويلريگه يا
نار·

آوروپادا آخشاملرى ساعت آلتيدن
سكزگه قدر سالونلر تولار، بوشار·
بزده حاضرچه بونداق يرلر يوقدور.
حتى آوروپا صحرالريده بولادورغان خس
تەخانەلرەو يورتيمزنك بعضى شهرلريده
يوقدور· اولكەمزنك پاى تختى بولغان
اوروم‌چى شهريدە خستەخانه قورولغالى
١٠ يلدن اوتسەمو اوقدر ييگيلق و اوق
در ايلگرلەش كوزگه چيلقماس·خستە
خانەدەكى بو كامچيلقلرنى هر كشى كور
گەن و آڭلاغان حالدادور·

خستەخانه خلمتينك مهملكينى بل
گەن و او حقدە بيليمى بولغان ملى
رئيسيمز مسعود افندى اوكدەبرنك ٦ -كو
نى خستەخانەگه قدم تشريف بيوردى·
بز اويلايمزكه مسعود افندى خستەخانه
نى ينه بر قدر عصريلەشتورمك، يگى
قوراللر بلەن قامدامق اوزره فكر يو
رونكەندور و چارەلر آختورغاندور
مسعود افنديلك بو قيمقى خستەخانه
تفتيشى، نورلك قيتچيلق و يتشمەسلك
آستيدا روحى توشكەن خستەخانه خذ
متچيلرينى هر جهتدن ممنون قلدى·
خستەخانه حاضر بيوك اميدلر كوتمكدە
دور·

بتون اشنى ،، تقدير،،گه باغشلاب
قويغان آڭسز خلقيمز خستەدن ساقلانش
چارەلرينى بلمەيدور· تخبچه اسكى طبا
بتچيلككه مراجعت ايتمكدەدور· خلقنى
ييگيلقا دعوت قلاياتقانيمز بو كونلرده
الڭ اول اشنى صحيه اشلردن باشلاماقي
مز ضرور كورولەدور· خلقنى عصرى
خستەخانەلريمزگه اورگەتمەى توزوب يگى
مدنيتكه وترقياتقا كوندرەآلمايمز بونك
اوچون نه قلماق لازم ؟ كيم بيلور خس
تەخانەمز بار دەيمز· اما خستەخانەلر يگر
منچى عصر ييگيلقلرينى كورسوتە آلماي
دو· حتى اولكەمز اوچون بر ييگيلق
بولغان رنتگين ماشيناسينك توختاب قالي
شى بزنى حيرتكه سالماقدادور· دوقتو
ريمز يوق ديسە، كورسوتوب برەمزكه
عبدالروءف افندى كبى ملى دوقتورلري
مز، كوروچكوف' ليودا جون كبى
دوقتورلريمز بار' رنتگين گەكويونەدورغان
كادرلر يوق‌ديسە، ايتامزگه، خستەخا
نەنى رواجلاندوروش يوليدا اشلەب
كلەياتقان مالافدى و عالمجانلر باردور·
بولرنك هەسى رنتگيننك توختاب قالي
شيدن آچنماقدادور فقط رنتگيننى يور
گوزەدورغان قوت [ توك ] يوق ديسە،
توكنك قمتلكينى و خستەخانەنك اقتصاد
دا قيناڵغانلقينى كوز الديمرغاكلتورەمز·
توك قمت دەب رنتگيننى توختاب قوي
مق بر ياقدن خستەخانەنك مادى جهتدن
قسيلغانلقينى كورسەتسە بر طرفدن حكو
مت دائرەلرينك بوكا اهميت برمەگەنلكى
كورونەدور·

كمبغل بر ملتدن خستە كوروش بو
لى بلەن قل الب خستەخانەنى قامدامق
اصلا ممكين امەسدور· حالبوكه' خلق
نى ترقياتغا اوندەش باسقوچيدا تور
غان وقتيمزده بونداق ايش اشلەسەك
هيچ بر نتيجه قازاناآلمايمز· خلققه يگر
منچى عصرنك تاتلق ميوەلرينى آچچيق
كورسوتوب قويامز· عصرى ترقياتنى الڭ
اول خستەخانه و صحيه اشلر ميدە كور
ستمك ضروردور·

## زاریەزنی کیم اشلاییدور

[ چینچه ـ شك‌جانك ژپاو ،، دن ]

باقینقی آیلار ایچیده حکومت خذمه‌ت
چیلرینك معاشی آرتدورولغانیدن بری مال
بهاسی ینه کوتەریلب، معاشنی ینه آرتدو
روشقا حکومتنی مجبور قلماقدادور.

عادتده حکومت خذمتچیلرینك معا
شی برقتیم اوستورولسه' مال بهالریمو
بوگا ایرشیب بر بالداق اورلەیدور.
بو صورت بلەن حکومت خذمتچیلری
مال بهاسینی قوغلاب یتەلمەیدور. شونك
اوچون برمونچه کشیلر غەلەك ڤوزلری
بلەن« معاشنی اوستورگونچه، مال بهالری
نی توشوروشکه آمال قلسا بولامدور»
دەب ایتادور.

ایکنچی یاقدن، معاشدامو مرکز، اول
که و ناحیەلك دەب بر نچه درجەلرگه
آیریلب فیئودالیق دورینی خاطرلتمکده
دور. حالبوکه، مرکز قاراماغیدەکی خذ
متچیلرنك معاشی آرتدورولغان حالدا ایرلك
خذمتچیلر اوگا قاراب قالادور. ٥-٦ آی
لر اوتەر اوتمەی مال بهالری ینه کوته
ریلسه مرکز قاراماغیدەکی خذمتچیلرنك
معاشی آرتدورولادور. یرلك خذمتچیلر
ایسه آران برقتیم قوشولغان معاشینی
آلب، بو قل بلەن تورساق توبخوزوش
قا میسر بولا آلادور. ایمدی کیم - کیم
چەك و عاڤلەنك کوندەلك احتیاجی او
چون نەگه بارسون. و بو حالدا قانداق
خذمت قلسون، زواللی خذمتچیلر!

یرلك حکومت خادملری شو قدر
فقیرلکده یاشار ایکەن. تاکیندەکی مرکز
غزنەسیدە آدمنی اورکوتەرلك بر خبر با
سلیدور. اوروم‌چی‌نك مشهور کشیلریدن
بریسی مخبرغا « اوروم‌چیدە ١- درجه
لك بر بولوم اعضاسی آیدا ایکی یوز
اوتتوزمك توركستان دوللری آلادور»
دەیدور. بو افندی اوزیچه یرلك حکو
مت خذمتچیلریگه وکالتلك قلب بو سوز
نی ایتماقغا جرعت قلادور. حالبوکه یر
لك حکومت ادارەلریده برنچی درجەلك
بر بولوم اعضاسی شو قدر معاش آلاه
مدور و آلیشی ممکینمو؟ ٠ - درجەلك
بولوم اعضاسی، « وی‌رین‌بی ،، بول
سامو، اساسی معاشی ٥٠٠مك دوللار بو
لوب چینچه حسابلساق ٨- آیدا یتمش
سکزمك تورکستان دوللری آلادور. ١-
آیدن باشلاب معاش آرتدورولغان بول
سا هم آران بریوز قریق‌مك تورکستان
دوللری قازالادور. بو افندی اوزیچەلا
بریوز نچەمك اولکه دوللرینی چاپلاب قو
یوبدور. یامەیمزکی بو افندی حکومت
خذمتچیلرینك آلادورغان معاشیدن خبر
سزمو ایکەن؟ یاکی اوروم‌چیدە مال بها
سی اوستون بولسامو خذمتچیلرنك معا
شیمو یوقاری دیمەکچیمو؟حکومت خذ
متچیلری راحت یاشاب خاطر جمع خذ
مت قلادور دیمکچی بولامدور. و یاخود
حقیقتکه کوز یوموب مرکزگه یوپورامو
ایکەن؟ هیچ قایسیسی بزگه آنیق امەس
دور.

امین عشوری ترجمەسی

---

## مهیم بر مجلیس

تونوگون ساعت ٤ده ادارمزده بیلم
تورکومی نك ٣ - سالق مجلسی
آچیلدی. مجلسکه عیسی افندی
باشلق شهرمزدەکی مطبوعات و مدنیت
ساهەسیده اشلەگوچی ٣٠ غه یاقین ضیا
لی قاتناشدی. مجلسنك خلاصەسینی کی
لەر ساندا یازارمز.

---

## التی شهر بویلاب

یول خاطرەسی

### • قاراشهرده بر کون

[ باشی اوتکەن ساندا ]

بو تاماشا آخشامیغا تورك ملی ساز
چیلری نەو ٦-٧ کشی چاقرلغان ایکەن
آرالاب - آرالاب اولارمو ساز چالدی. بعضی
دە قاطمەخان اصولمو اویناب قویدی.
اما غرق مست سازچیلار بو اویونلرینی
تار اوزوش، اسکریپکا توزەشکه اوخ
شاش اشلر بلەن اواره بولدی. قزیل
دوپپالیق بر یگیتنی آمریقالق مخبرەنك
تلەگی بلەن تورك-اویغورچه ناخشاغا تکل
لیف قلب ایدی. بو یگیت اوزینی مزاح
قلدیمو، مجلسدەکیلر نیمه یامەدم
عجایب قلقلار بلەن اوزی ایتب، اوزی
بوزوب آخریدا قوماندانینك دولکه تو ر
توگی بلەن اورنادن چیقیب کتدی. آرتا
سیدن نهایت اوستا بر دوتارچی چرایلق
بر تورك - اوزبکچه اماکغا دوتار چالب
بردی. اواری اونچه یوقاری بولماسامو
اوزیگه قاراغاندا خوب موگلق ناخشا
ایتدی. ناخشانك مرغولی تازا سوزول
غان چاغدا چیناق برادرلار موگنی تماشا
بلب چاواك چالب کوله باشلادی. و ناخ
شانك مزەسینی قاچوروب تاشلادی. ناخ
شاچی یگیتمو زهرلك بر کولکی بلەن
ناخشانی یارم-یارتی توختاتب تعظیم بلەن
توروب کتدی.

تاماشا مجلسی اوزون دوام قیلب
آخریدا بر دولاکدا عراقی مجلسیگه
آیلانغالی تورغاندا زورغا توگەتدوق.

قوماندانینك موندق داغ-دوغالق
ضیافتیگه قایتا-قایتا رحمت اوقوب والی
محکمەسیگه قایتقان بولساقمو اما مج
لسده بعضیلرنك اوزلرینی حدیدن آر
توق مغرور توتوب یرلك اویونچیلر
بلەن قلغان بالالرچه سوز ومعاملەلری
بر آز ایچیمزنی پوشورغان ایدی تاز
ساچیلرنك اویونلرینی آچچیق کولکی
بلەن کوله - کوله بر بریمزگه سوزلەشب
کەچکی اویقوغا کتدوق.

### باش ئەگیم ارقیلق

ایرتەگەن ساعت ٦ده یولغا حاضر بو
لوب، ماشیناغه چقدوق. والینك آلدیراب
تینەب حاضرلاشب یورگەن ناشتەسیگیمو
قارامای یولغا چقدوق. عسکری قوما
ندان اوزینك خانمی بلەن شهر ایچیدن
بزنی اوزاتقالی یتب کیلب ار- خاتون
ایکیسی هەمز بلەن آیرم- آیرم قول
سیقشب خیرلشدی. ماشیناغه چیقب اول
توروش بلەن آلدیمزدا عسکری اورکستر و
اوق چاچار بلەن قورالانغان بر دولوك
[ لەن ] عسکر تزیلب تورغان ایدی.
ماشینا یوروش بلەن موسیقا اوزوتوش
مارشی چالدی. ماشینا عسکرلرنك سلام
لری آستیدا آهسته ماییب شهر قاپقاسی
غا باردی. عادتده یولوچیلر ماشینادن
توشوب اوتەدورغان قارا شهر دوبروکی
دن بز ماشینادا اولتورغان یوبی اوتوب
کتدوك. ٢٠ مینوتچه کوبروکنك غربیده
کی بازار محلەدن یورگەندن کین انیزلق
لر آراسیغا کردوق. انیز آراریدن
چقیب یولنی کسیب اوباپ- بوپلان اوتوب
تورغان تـوشقانلـرنی بـر بریمزگه

## اونتولماس بر اوچراشش

ملى رئيسمز مسعود افندى اورومچىدن
چيقب ٨- نويابر كونى چوشدە داوانچڭ
غا يتكەن. اوێردە حربى و ملكى عمالدار
لر و يوزلەرچە كشى ،، ياشاسون ملى
رئيسيمزا! ،، مسعود افندينى قارشى آلامز
ديگەن شعارلرنى تولاب استقبال ايتكەن.
داوانچگەن چيقب توقسونغا كلگەن و
حاكم ادارەسيدە ١٠ غا ياقين يورت معت
برلرينى يغب يورتنڭ تنجلقى و بويلقى
حصولات اوستيدە قونوشقان. آلنغان خبر
لرگە كورە توردان پچانغە برب صو
گرە اورومچيدە قايتماقچى.

---

## سونڭ زى ونچە ١ - اورونيدا گوادوڭ اولكە سينڭ سياسى اقيمينى توزەش تورا دور

[ مركزى اژانس كانتون ٨ - نويابر
تلغرامى ] سونڭ زى ون مخبر
لر يغينيدا ناذكين‌دە يوتورگەن اشلرى
حقيدە بيانات بردى. بياناندا گوادوڭ اولكە
سيدە باشقاريلادورغان اشارنڭ الڭ مهمى
خطرجمعلكنى تائمن ايتمك مسئلەسيدور
شولا بوق بو نوبت نانكيندە جاڭ جوشى
بلەن كوروشوب تنجلقنڭ ظاهرى تدبير
لرينى سوراشدن ناشقارى بوندن كيين
تنجلق ساقلاغوچيلرنى تولوقلاب اولر
نڭ نامينانينى يوقارى كوتەرشنى اوتو
ندم "ديگەن

---

## تەينەن كانتون و هونغ قونغ اراسيدا اوچقو

[ مركزى آژانس تەينەن تلغرامى ]
مركزى نقليات ادارەسى ١١ - نويابردن
باشلاپ هفتەنڭ ٢ - كونى بوكچى اوچ
قولرڭ سانينى آرتدورغان بو اوچقو
توب- توغرى شەنتو و كانتونغا اوچماق
چى هفتەنڭ ٢- كونى تەينەندن اوچار
شامن شەنتودن اوتوب كانتوندا توختار
هفتەنڭ ٦ - كونى تەينەندن اوچوب
شامن‌دن اوتەر و هونغ- قونغ [ شانگ
گانگ ] دە توختار هفتەنڭ ١ - كونى هونغ
قونغدن اوچوب كانتون شەنتوو شامندن
اوتەر و تەينەندە توختار هفتەنڭ ٥ كونى،
شامندن اوچوب هونغ قونغدن اوتەر
ينە شامنغا قايتب تەينەنگە كيلەر .

---

## المانيەنڭ ايشلەب چيقارشدا كيين قالغانلقى سوز لنمكدە دور

[ مركزى آژانس برلين ٩ نويابر
مخصوص تلغرامى ] آلمانيە دەكى آمريقاحر
بى حكومتينڭ واليسى كيلان افندى ،، بوت
ستان آلمانيەسى " [ ١٩٤٥ - بوتستان
شرطنامەسى ايلە قورولغان آلمان دولتى]
نڭ اقتصادى ماتريالى توغرولق علاهيد
دە بيانات برەدوركە: آلمانيەنڭ اوروش
دن صوڭغى ياڭى باشدن عكسيگە كل
ش ترقيسى باشقا آوروپا دولتلريدن
آهستەدور ١٩٤٧ - يلينڭ صوڭغى يارييم
دەكى ايشلەب چيقارش ايشى اورتا
حساب بلەن آران ١٩٣٦ - يلينك صوڭغى
يارىم يليدەكى ايشلەب چيقارشنڭ ٤٠ فائضى
گە يتكەندور ينە اوروشدن اول آلمانيە
روسيەدن باشقا آوروپا بويچە الڭ كوب
پولات ايشلەب چيقارادورغان دولت ايدى
حالبوكە ١٩٤١ يلى ٣ - آيدا انگلترەنڭ
پولات اشلەب چقارشى آلمانيەگە قاراغاند
دا ٣ برابر آرتقاندر.

---

كورسوتوب توشقانلرنڭ قورقاق اما چاق
قان حركتلرينى تماشا قلا- قلا خيلى
يول يورگەنلكيمزنى بلمەى قالدوق. باش
ئەگيمگە كرگيچە دەنزيل ديگەن بر بيكت
بولسامو ، تاش يول اونگغا كرمەى اوتوب
كوب يول يورمەيلا باش ئەگيمنڭ قاپ-قارا
سولوق تار اما تيرەن دەرياسى بويغا
كلدوق . دەريانى بويلاپ بر آز يورگەند
دن كين تاش دەنگە كلدوق. اطرافى
١ - ٢ اينز زراعتدن عبارت بولغان بو
دەندن اوتوب باش ئەگيمنڭ سوياقيلاب
كتكەن اگرى - توقاى تار يولى بويلاپ
ماڭغالى باشلادوق . بو برنى خطرلك
يول دەپ كوپ آڭلاغان بولماچقا هر خيل
فكرلر آستيدا امنيت بلەن اولتورساقمو
هيچ بر خطرلك كورمەى توسما قودوق
ناملق باش ئەگيم قاپقاسيغا كلدوق. بو
قاپقانڭ چينچە اسمى نيەمولا گوەن
[ تەور قاپقا ] بولسامو ، اما اوزى عا
دتەدكى كيسەك دربازەدن عبارت ايكەن د
ووپەدەكى ايكى عسكرلا بو قاپقاغە عادى
دمقان قاپقالريدن آيرى تورار ايكەن.
بو يردە خلق اعتقاديچە طاهر زوهرە
قبرى و اونڭ فقط چيلانلرى قالغان باغ
چەسيگە قورولغان ساقچى ادارە شعبە
سى آلديدا استراحت قلب بر آز تور
دوق. بو بردن يولوب كتيب آزغينە دا
واندن ماشينامز اتنيك اوتوب كتدى.
داوان يانيدا ٤٠ اويغور عسكر و ٦-
٧ ايشەكلك خاتون قزلار اوچرادى. بولر
منڭ گمانيمچە عيد قلب كلش اوچون
كورلاغە كتب بارغان عسكرلر بولسا، كرەك.
ايكى عسكر ماشينامز بلەن بەسلشيب
بر آز يوگوروب ياققان بولدى . اسپانچە
عسكرى يوكنى خالتا قاپ كيىپ آلغان
عسكرلردن عادەتدەكى قمار بازلق چقب
تورار ايدى. بولرنى آرقادا قالدوروب
ماشينامز كورلا درختارينى كوزلەب بر
توودينيغا انتيك يوروب كتدى. شونچە
لك ساغلام بدەنلك يگيتلرنڭ عسكرلك
كە آلنغاندن كين موشونداق قمارباز
شكايگە كرب قالشيدن كيم عيبدار ديگەن
سوآلنى اويلاپ باشيغا آلب چقارغيچە
كورلا درختارلكە يتب كلدوق. يول كور
لا شەريگە يورولادورغان كوبروككە كل
گەندە ماشينامز كەسكين رويشدە چول
طرفكە بورولوب كورلاغە كرمەى درخت
لق و ايتزلقلارنى ئەرگيب يوروب كتدى.
برقوغونلق يانيدن بردهقان ايكى
قوغون قولتوقلاپ ماشينامز آلديغا قاراپ
يوگرگەن ايدى، توختاپ قوغونينى آل
دوق ٥ قوغونغا مڭ دوللر بيريب اي
دوق رحمت اوقا -اوقا قالدى. اوزى
اوششاق اما ناوايدەك تاتلق بولغان بو
قوغونلرنى ماشينادە كيتب باريب تليب
يەب كورلا قوغونينڭ مونچەلك تاتلق
بولوشيغا حيران قالشدوق كورلا درخ
لرينى توگەتب شو درختلقنڭ آياغى
بولغان تم محلەسيگە كيلب توقتاپ ماشي
نامزنڭ آلدى چارقينى سووتدوق چارق
سوويغيچە بز سامسا بلەن ناشتا قلب
آلدوق قايقالريدا تزيلشيب تورغان چو
كانلرو ساقا اويناپ يورگەن ساغلام
ساددە دمقان بالالريغا زوقلەنوب زوقلە
نوب قاراپ رسمينى اليب وقت اوتكەزدوك.
تم دن چقب ماشينا شيغللق قره
لوققا كريب دەنەدى هوانڭ اسسيغى
ماتورنڭ قزيغى بلەن اونچە تز ماڭا
آلمادوق كوب قينلق بلەن ياتتاق قودوق
ديگەن توزلوق قودوققا كيلب ينە سو
وتوش اوچون توختادوق

[ داوامى بار ]

# دنيانڭ الڭ بيوك سوقوشى

## ١ - دنيا سوقوشى

[ باشى ١٠٠ - ساندا ]

سربستانغەديگزدن برمخرج برشكەبول برمدى. سربستانڭ كچك برملت حالندە قالشيني استەر ايدى اونڭ اوچون ١٩١٢-١٩١٣ يللردە بالقان حربندن، سربستانڭ قوتلى و براز كوچلى كيلشى اوستريەنڭ هوشيگە چققان ايدى. اونڭ كوچلنشى اوستريەنڭ بالقانلرغە توغرى اوزانيشيغا مانع بولور ايدى. شبهەسز المانيەنڭ ياردەميدن امين بولماسا ايدى اوستريەنڭ سوقوشقا كريشيگە جسارت كورسەتيشى ممكين امەس ايدى.

المانيە، بتون دنيا بازارلرينڭ اوزى اوچون تاقالغانلقيغا چداالماس ايدى آلمان صناعتى عقللرگە حيرت برەالادورغان سرعت بلەن انكشاف ايتەر ايدى. فقط بو صناعتنڭ اورناغە چقارادورغان معمولاتيني صرف قلادورغان اورون قالماغان ايدى. بتون دنيا اسكى ايمپراتورلقلر اراسيدا تقسم قلنغانغا اوخشاش ايدى. بو سبب بلەن المانيە انگلترەنڭ واسى مستملكەلر ايگەسى بولوشيني كورەالماس فرانسيانڭ پاسنى اشغال قلشيغا كوز يوما الماس ايدى. دنيانڭ الڭ قوتلك اوردوسيغا ايگە بولغان المانيە هر احتمالغا قارشى نهايتى بيوك بر دونانما و جودقا كلتورمككە كرشكەن ايدى، المان اوردو و دونانماسى اوسكەنسرى المان ايمپراتورلغينڭمو غرور و عظمتى اوسەر ايدى. المان ايمپراتورى نطق سوزلەب يوروب المانيەنڭمو قوياش استيدا بر موقعى بولغانلقدن بحث ايتەدور و سوقوش قورقونچلريني اكلاتادور ايدى.

روسيە، فرانسا و انگلترەمو گناهسز امەس ايدى. اولرمو يللردن بيرى قيسقق بر مليت سياستيني تعقيب قيلار و شتلك سودا رقابتيگە كريب دنيانى بونو پوليەسيگە آلمق استەر ايدى عادتا آلمانيەنى اقتصاد طرفدن آبلوقا قلغان ايدى.

اونڭ اوچون سوقوشنڭ حقيقى سببى اقتصادى ايمپريالزم و ملى مليتارزمدور. سوقوشنڭ ساحەسيني كڭەيتگەن آلمانيەنڭ فرانسا وروسيەگە برار برگەن نوتاسى بو دولتلرنڭ بر يولى سفر برلك قلغانلق و آلمانيەنى حاضرلقسز توتوقسزدن آولامقچى برلغانلق قورقونچيغا سالدى.

فرانسوز جنرالى بوفرە دنيا سوقوشى باشلانب برآزدن كيين، كهنە سوقوش تجربەلريني تمامەن لازيمى يوق دەب بر طرفكە قاريب قويا آلادور ديگەن ايدى.

في الحقيقە بو سوقوش بر قانچە كون دوام قلغان بعضى بر سوقوشلرنڭ اورنيغا، انگليز قانالدن اسويجرە حدوديغا قدر دوام قلغان اوزون بر جبهە [فرونت] اوستيدە دواملق بر سوقوش شكليني آلدى. روس بالقان جبهەلرى بلەن باشقا جبهەلردە عينى سوقوش سزيقلريني تشكيل اتكن ايدى.

بو سوقوشدا قوللانلغان قورالر ٢ - دنيا سوقوشيغا قوللانلغان قدرقورالرنى كەينيگە تاشلاب قويار ايدى. اوچقو و باشقالر سوقوش قورالى بولوب الڭ اول بوسوقوشلردە قوللانلدى. ١٠٠ كلومتر اوزونلققا متاميوت آتقاز و اولقى سوقوشلردە عقل و خيالغا هيچ كەلمەگەن بيوك توپلار الڭ قوتلك استحكام [ قورغان ] لرنى توپ - توزقلار ايدى. جبهەدە آلشماقدن اول ايتلغان توپ متراليوز و توپ اوقلرى او قدر شدتلك ايدى. كەجبهەلردە آكوپلار قازمق مجبوريتى حاصل بولدى. كيلو مترلرچە سوزولغان و آرقاديكى باشقا آكوپلرگە يوللر بلەن باغلانغان آكوپلار سملر بلەن محافظە قلنار ايدى. آكوپلردە قوللانلغان قول بومبالرى سوقوشلردە مهم بر قورال اورنيغا اوتدى. نهايت قوروقلوقنڭ اژدهارى ديگەن تانكالر بارايدى. بولار زنجرلك چارقلرى بلەن ميدانبوتاق يوللردە يورەدورغان زرهلك اوت=وموبللر ايدى. تانكا دوشمن اوقلريدن قورقماسدن ايلگرلەر، آكوبلرنى قوغداغان سيم تيكەنلر او ستيدن اوتەر وجبهەنى آلت اوست ايتەر ايدى. سوقوشنڭ اوتوشيدا بولارنڭ مهم رولى بولغان ايدى.

آلمانلر سوقوشدا اوتوشقا قرار برگەن كورونەر ايدى. حتى قيصر عسكرلريگە دوشمەنلريني كونە وار - وارلرگە اوخشاش قور قوتمقلريني آگاهلادورار ايدى. ايكى طرفدە معصوم خلقە ظلوم قلادور، آرقا صفدەكى صحرالرگە اوت قويادور و يولدا اوچراغان هر نرسەنى اولجا قلادور. آرقا صفدەكى صناعتمو، سوقوشنى چاپسانراق بيترمك اوچون جبهەدەكى عسكرلرگە اوخشاش فعاليت بلەن چاليشار ايدى. آلمانلر بالدور جبهەدە توروب پايتختني اوققا تو تقان بيوك بر توپ ياسادى. آرقاسيدن زهرلك گاز ايجاد ايتدى. صوگرە هم يينا [ تحت البحر ] سوقوشيغا كيرهدى مينالرنڭ تويوقسزدن بتون ديڭزلرنى باسب آليشى بولچى و تجاركيمەلريني پاتوروشقا باشلاشى، آخرى آمريقانڭمو آلمانيەگە قارشى سوقوشقا كرشيشيگە سبب بولادى.

بلكيە المان پلانيني الت اوست ايتدى

آلمانلر فرانسوزلرگە شمالدن هجوم قلمق اوچون باجيقا [ بلگيە ] توپراقلريغا كرگەن زمان بلچيقالقلر قارشى توروشقا قرار برديلر اولرنڭ مقاومتى [ قارشى توروشى ] ليژەگە استحكاملرينڭ بر وقتلر غچە قولغا كلمەسلكى آلمان پروغراميني آلت اوست ايتدى و آلمانلرنڭ فرانسوز چگراسيغا بارمقلريني اون كون كيچكتوردى بو صورت بلەن فرانسوز قرماندانى جنرال بوفرە بو كوتولمەگەن هجومغا قارشى توريق اوچون لازم كلگەن ترتيبلرنى آلمق امكانيني تاپدى بر طرفدن انگليزلرمو ١٠٠ مڭ كشيلك بر قوت كوندوردى. بو قوتگە قوشولغان بر فرانسوز اوردوسى آلمان آقينيني توختاتشقا چالشدى فقط موفق بولا آلماسدن پاريژ چيواريغا قاراب چكنمككە مجبوربولدى.

المانلر بلەن اختلاف اوردولرى مارنەدە ايلشار ايكەن جنرال بوفرە مقابل هجوم قلمق زمانينڭ كلگەنلكيگە حكوم قلدى و ١٩١٤ - يلى ايلولنڭ آلتنجى ١٢ - كونلرى آراسيدا مشهور مارنە سوقوشى بولدى بوسوقوش يانرلو سوقوشلردن بيرى آوروپانڭ كوچيني كورسەتكەن الڭ بيوك سوقوشلردن بيرى ايدى بوسوقوشنڭ آخريدا! المانلر آيسنە و وسلا دريالرى آرقاسيغا چكنمككە و فرانسانى باسب آلمق فكرلريدن واز كچمككە مجبور بولدى.

[ دوامى بار ]

ئادرس

اورومچى نەنگوەن

اولتخە يدك نومر 13 دائرەى نشريات ادارەسى

۱۹٤۷ يل ۱۹ نجى نويابر  تلدە، ئشدە، فكردە' برلك !  چهارشنبه ۱۰٤ نجى سان

! بولەئچوكلك خلق بولسون ! توتقان بولك حق بولسون ! خلق - حكومتدن اوستون ! حق - قوتدن اوستون !

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

مديرى: عيسى آلب تكين
باش محرر: م. ا. بوغرا

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز توركستاندور

بهاسى: دانەسى ۱۰۰ ئايليغى ۱۲۰۰ دوللا
هجرى ۱۳٦۷ محرم ٦

آلتاى نشرياتى طرفيدن هفتەدە اوچ چقادورغان سياسى، اقتصادى' اجتماعى' علمى، فكرى و ادبى غزيتەدو


# ،، صداقت ،، چيلك

[ آلتى شهرديكى سياسى كيسەللردن برسى ]

مطبعى

اوتكەن يلى ۷ نجى آيدن - بو يل ۷ نجى آيغا قدر اولكەمز بر بورانلق دورنى باشيدن كوچوردى. اوتموشدن كيلب ياتقان ظلم، استبداد، سقنچيلقدن بردنلا بوشاغاندەك بولغان خلق، بولابەى خلقيمز اوستيدەكى سقنچيلقنى هەمەدن چونقور سزگەن ياشار بردن اعلان قلنغان ئەركنلك آلديدا، خوددى قاراڭغو اويدن بردنلا يوروققا چقارلغان آدمنڭ كوزى بردم چەيرلاب هيچ نرسەنى كورەآلماى قالغانغا اوخشاش برموزچە وقت نيمە قلشينى بلماى هر تامغا باشينى اوروب كوردى. شو قتاردا شلڭدوبەننڭ تيروريغا قورال بولوب كوب آدملارنى تورمەلرگە آتقان، كوب آدملارنى چاقمچيلق بلەن بوقانقان اسكى آدملار و خلقنى ايلگريدن ايزيب كيليواتقا قارا كوڭل آدملارنى فاش قيلب تللاب حتى اوروب هم ياقدى. حكومتنى ظلوملارنى بردنلا سوپوروب تاشلامادى دەب سوكوب هم كوردى. خلقنڭ و ياشلارنڭ بو خل هيجانغا كلگەنيدن مەلرم بر طرف فائدەلانب، اوز مقصديگە اشلەتب هم كوردى. بونڭ نتيجەسى اولاراق حكومت او طرفنڭ حركەتيگە يول قويمايمەن دەب ۷ ولايتدە او طرفنڭ تشكيليگە قاتناشقان آدملارنى حبس قلدى.

منا شو وقتدە آلتى شهردەكى باكى بر گروه آدملار باش كوتەردى. بولر كيملار ديسەڭ: كوپى شلڭدوبەن دوريدە جاسوسلق، چاقمچيلق قيلب خلق نفرتيگە اوچراغان، ياكى فرصتى كلگەندە اورناغا آتيلب ،، ياڭ قالغونچە آتب قال ،، دەب آسان آبرو تاپيش، آسان پول تاپيش پەيتيدەكى آدملر دور.

بو خل آدملر اوتكەن بر ييل اچيدە خلق طرفيدن نفرتكە اوچراب هجوم آستيدا قالش خوفى بولغاندن ياكى بر يومولابلا خلقنڭ آلديغا اوتوب آلب، حكومتنى تللاب حكومتكە قارشى تشكيلاتلردە ترشب اشلەب اوزينى آق كورسەتوشكە اوروندى، ياكى اوزول كيسل آيريلاب، عسكرى و ملى ادارەلرنڭ قوينيغا آتلدى. بو ادارەلرگە ايلگر كيدەك' مخفى خدمتلردە بولوندى.

حكومتنڭ عسكرى و ملكى ادارەلرى كوبچيلك آدم اوزلريدن قاچب يورگەندە اوزيگە ياقين كلگەن بو خل آدەملرنى حكومتكە صادق آدم ايكەن دب گمان قلدى. هر خصوصيدا اولرنڭ سوزيگە اشەنغيلى باشلادى.

حكومتكە عكسل الحركتدە بولغان آدملر قولغا آلنغاندن كين بو خل ،، صادق ،، آدملر راست يالغان آدمنيمو كورسەتدى. اوزيگە شخصى دشمەن بولغان آدملرنيمو كورسەتدى. سولاش اشيگە مسئول بولغان عملدارلرنڭ برلك احوالنى اوبدان بيلب اوز ادارەسيدەكى خلقنڭ آق قاراسينى آيريب آلاليغانلرى بو خل آدملرنڭ سوزيگە آنچە قولاق سالب كتمەدى. مثلا: [ تاشقاريدا ] اما برلك احوالدن خبرى يوق بارلق اشنى اوزى ،، صادق ،، دب بلگەن آدملرنڭ بيرگەن معلوماتيغا آساسلانب. شو ،، صادق ،، دب بلگەن آدەملر كمنى يمان دب كورسەتسە' شونى تونقيلى - قاماغيلى باشلادى [مثلا: كوماد] بو خل حكومتكە ،، صداقتچى ،، بولوب يورگەن آدملر بونڭدن فائدەلانب' هر خل بوزوقچيلقلرنى قلغالى باشلادى. كشيلرگە باريب ،، سينى قاماققا آلماقچى' مەن سينى حمايە قلماقچى بولدوم ،، ديدى. بچارە خلق بو رگغا ايشەنب ننب، بولرغە آلتون، كوموش فل بردى. بعضى ،، اوزەمدە گوزاە يوق حكومت مينى نيمشكە قامايمو ،، دب اوزيگە ايشەنيراق كەتكەنلرى بو ،، صداقتچيلر ،، گە باليغماسا قلرمەسە ،، صداقتچى ،، لار اولرنى درحال بوهتان بلەن چاقدى. قاماقدا مسئول بولغان ادارەلر اوزيگە ،، صادق " بولغان آدملرگە ايشەنگەنلكدن، بولرنڭ معلوماتيغا آساسلانب قاماغان.

منا بو ،، صداقتچى " لر گروهيغە حكومتنڭ ايشەنوراغانلقيني بيلب فرصت پەرەست آدملر اورناغا چقب، هر دوخموشدا بر ،، دولت ملتكە صادق مەن ،، ،، سەن مين جوينى مربلەمن ،، ،، پلادچى آندلغ اسكى، قوشپانچى موندلغ اسكى ،، واقراغالى، هر بر فرصتى كلگەندە عسكرى و ملكى ادارە خادملرى آلديدا اوزينى صداقتچى قيلب كورسەتكەلى باشلادى آدمنڭ اچيگە قارا ماسدن ،، مرتيغا دار ايديغان بر مونچە عملدارلر بونڭغا اشانب كيتب، بو ،، صداقتچيلر ،، نى بولەگەن آبرو بيرگەن، اسكيليكيني ياپقان، شونڭ بلەن حاضر آلتى شهرنڭ كوب اورونلريدا: شلڭدوبەن واقتيدا حقيقى كامونست حقيقى دينسز، وجدانسز بولوب خدمت

[ داوامى - ۲ بەتدە ]

قلغان اسكيلر باكى آغزيدن "دولت ملتچيلك" «سەن مين جوبى چى»، لكنى توشوررمەسەو بتون مقصدى، شو چرايلق سوزلر بلەن حكومتنى آلداب پول تاپماقچى بولغان فرصتپرست عنصرلر حكومت ادارەلەرينى اوراب آلب، باكى حكومتنڭ مسئول ادارەلريگە كريب آليب، خلقنى تالاش، خلقنى ناحق قاماش، سەلگنە عدالت طرفداريني باماقلاش بلەن مشغول بولماقدا.

بعضى برلردە آستا- آستا بوخيل „ صداقتچيلر" فاش بولماقدا، اما كوپ چوالك برلردە بولارغا بولابمو حكومتنڭ سياسى ايشلرگە مسئول بولغان اورتا درجەلك عملدارلرى تيخيچە نمە مقصد بلەندور تولامو چلك اشانماقدا باپشماقدا بو اش دوام قلب، تيز فرصتدە خلقنى „ صداقتچى من" ديگەن عدالتسز تارا كوكول پاراخور فرصت پرستلر بلەن ادارە قلشقا چەك قويوب، يورتنڭ عادل حقيقتدە دولتكە صادق آدملريني بولە مەگەندە خلقيمزنڭ تنچ ياشاماغى قيين‌دور.

## تاشقى خبرلر

### توركيه غزتەچيلرى ضيافتدە

[ مركزى آژانس انقره ۱۰- نويابر مخصوص تلغرامى ] چيننڭ توركيەدە توروشلوق ايلچيسى لى‌داجون افندى بوگون ۱۰: غا يافين باى و بايان [ ابر خانون ] تورك غزتەچيلريني ضيافت ايتكەن. لى‌داجون افنديننڭ بو قيتم غزتەچى و مخبرلرنى ضيافت قليشى خارجەدكى چين ايلچيلرى ايچيدە كوروندەگەن براش اولاراق تقدير قلندور. لى افندى ضيافتدە چين ايلە توركيە مناسبتى اوستيدە كەڭ توردە سوزلب اوتكەن بو سوزلار ايرتەسيلا انقره غزيتەلريدە باسيلغان.

«من قطعى ايناتوب ايتامنكى، بوگونكى اولتوروشيمز ايكى دولت دوستلقيننڭ نەقدر يافين ايكەنلكيني افادە ايتەدور ميننكبوكيى چوگقور ايناتوب كيتشمدەكى سبب برنچى چين ايلە تورك ايكى دولت تاريخدا بركوب باغلانشاربياساغان. شولايرق مدنيت ساحەسيدە مو بركوب تحفەلر تقديم قلشقان. ايكنچى، حاضر توركيە بلەن چين دولتى، برلك يوليغا فاراب كتمكدەدور. توركيە دولتى غازى پاشا مصطفى كمال آتاتورك بلەن باتور و دانشمند عصمت اينونوننڭ رهبرلكلرى سايەسيدە، چين ايسەجيالجوشيننڭ رهبرلكى سايەسيدە عصرى دولتلار قطاريدە اورون توتدى. شولايرق بو ايكى دولت فائدە وزياندامو اورتاق اورتاقلاشماقنى نشان قلدى. اشتە، بو سببلردن دولايى بو ايكى دولتنڭ دوستلقى دها كوچەييب، بر برسيگە چيناكام همكارلاشماقيغا ايناتامن ، لى داجون افندى سوزيدە دوام قيلادور [ بو ايكى دولت دوستلوقيننڭ ياخشيلانشى اوچون الڭ اويغون چارە يالغوز اوز-آرا بر برسيني توشەنيب هر طرفلەمە الماشش ياساماقيدور و خبر لشب توروشماقيدور. منهرنربكز اورنڭ آلديدا چين خبرلريني يتكوزوب بر مككە دائيمى حاضر ايكەنلكيمنى وعدە قلامن، حالبوكە، تورك غزتەچيلرى غزتەلريدە چين توغرولوق اوقدر سوز آچقانى يوقدور. مونداق قلماسدن چين خبرلرينىهم كوپچولككە بلدوروب توروشلريني سورايمن ، لى داجون افنديننڭ بو سوزلريدن تورك غزتەچيلرى كوب تاثيرلنگەنلرو «خارجەدكى ايلچيلر آراسيدەالڭ آرتقراق ايديان آدم بودر» ديگەن بهانى برگەنلر.

## التى شهر بويلاب

بول خاطرەسى

### باش اگيم ارقيلق

[ باشى اوتكەن سانلادا ]

مطيعى

ماشينامزدا كاشغردن كلگەن آرتسكالر بلەن كلگەنلردن برسى بار ايدى. بولاقنى كوروب „ آرتسكالر بو بولاق يانيغا كلگەندە علاميدە توختاب ساچلريني چيلاغان ايدى " ديدى. من كولكە قلب «آنداغ بولسا، او آرتسكالر بوندن بين يالغان ساچ سالب اوارە بولماپديكەندە» دەب كولدوم. اما بو سوزگە كولگوچى فقط اوزوم بولوب قالغاندين، اوز سوزومگە اوزوم كولگەنلك ازاسى بلەن بوزوم قزاردى. سوزنى آڭلاغان همرالريمغا قاراسام اولر منڭ بو مقدس بولاق توغراسيدەكى اشانماغاناقچقيب تورغان سوزومدن راضى بولماغاندك تورار ايدى. بونى توشەنگەنمن كين بوندن كين مزاحلر حقيدە اويلاب سوزلەشننڭ ضرورلگيني يتە بر كره توشەندم.

بيگى حصاردە بر بكننڭ اوييگە چاقربلماغان قوناق بولوب توپ‌توسزدن توشوب توغرى كلگەن بردە يانيب ايرتەسى نماز بلەن يولغە دوام قلدوق. كين آڭلاساق، مهمان دوست بك بزنڭ كوتولمەگەن وقتدە اوييگە توشوب قالب، اوزيننڭ هم بر حاضرليكى بولماغانلقيدين اويالب، سحر توروب اوييدن چقيب كتكەن ايكەن. خلقيمزنڭ مهمان دوستلقى مهمانني توروك كوتە آلماغاندا، بوزيگە قارا آلماسليقىنى بوبردە عمالدە بر كورولدى

### بوگور ارقالق كوچارغا

— 21 نجى اوغەست —

بيگى حصاردن نماز وقتى بلەن قوزغالدوق. بول بويلاب كتكەن اوزون كوچادن بر كوچا بلەن تاغ طرفكە چققان بريان عبارت بولغان بيگى حصار بازا- ريدا اورتا عصرنڭ سورلك قورغانلەرى كورونوشيدا ايگز كوتوروب، اوستيگە قاراوول اورونلرى سالنغان ساقچى شەمبەسى اوزيني همەدن الگرى «ماناەن» دەب كورسەتب تورار ايدى. بيگى حصار انيزلرى، درختلرى آراسيدن چقب بولوبلا ، اوستى آلا بولا شور يەرنى بارا دورغان اوسملكلار بلەن قاپلانغان شورلق چول اورتاسيني تارا تارتقاندەك، توز كيسيب كتكەن تاش يولغا توشدوك. سالينيشى توز بولغان بو تاش بول نيگى شورلق بولغانلقدن شونداق لا قالق ايدىكى ماشينانڭ كوب سلكينشيدن اوچەيلريمز آقتوروب كتدى. سلكنشنڭ كوبلكيدن بولسا كيرەك ايكى ساعتلك يول ايكى كونلك بولدىمو اوزون توبولدى. چاى وقتيدە بوگورگە يتيب كردوك. بوگور شهرى سيپلسز شهر بولغانلقدن، دهقان هويلاريدن تزيلب يەيدا بولغان بازارلار آخرسى عادتدەگى شهر كوچاسى توگەدى. شونڭ اوچون شهرگە كرگەنليگيمزنى سەزمەي قالدو.

www.uyghurkitap.com



# ناڭكىندە صنعتيمزگە بريلگەن بها

مركزى آژانسنڭ ١٣ - نويابر ناد.
كيندن برگەن خبربگە قاراغاندا،
توركستان باشلار تئاتر اومەكى ناد.
كيندە برنچى نوبتلك عمومى دانسوتي.
نى برگەندن كين مركزى آژانس مخبرى
چينڭ داڭلق موسيقا متخصصى سوڭ
افندىگە توركستان صنعتيگە قانداغ بها
بردىڭز دەب سوراغان.
سوڭ افندى جوابيدا :
دنيادا اوسول ٣ زور توركومگە بو
لونەدور :
١ - بلنڭ آستى حركتى بلەن اوينالا
دورغان اوسوللار مثلا : اسپان اوسو
لى و آوروپانڭ كوپچولوك اوسوللرى.
٢ - بل بلەن كوكرەك حركتى بلەن او
ينالادورغان اوسوللار.
٣ - كوكرەك اوستيدەكى اعضالرنڭ حر
كتى بلەن اوينالادورغان اوسوللار. شرق
اوسوللارى بو توركومگە كرەدور. تور
كستان توركلرينڭ اوسوليمو منا شو
توركومدە مهم اورون توتادور. بو تور
كومدەكى اوسوللارنڭ آساسى خصوصيـ
تى بولغان باش، قاش، كوز، بويان،
قول بارماق حركتلرى توركستان اوسو
ليدا اوزينڭ الڭ يوقورى درجەسيگە
يەتكەن قمبرخانم بو خصوصدەكى هنر
لرينڭ مكمللگى گوزەلگينى آغزدە تصور
لەش قيينەدور منور خانمنڭ صنعتى قمبر
خانمدن كام ايمەس بو خانم اوزى ياش
بولغانلقى اوچون ينە بر مونچە وقت
غيرت قلب اورگونەدورغان بولسا كيلە
چەگى چكسز دور .
ناخشاغا كلگەندە، توركستان خلقيـ
نڭ اوپكەسى ساغلام بولغانلقدن بول-
سا كيرەك، توركستان ناخشاسيدا يوقا
رى آواز كوپ، توبەن آواز آز ايكەن.
بو باشقا ملتلار ناخشاسيدا شوندەك
آوروپا موسيقاسيدا هم يوق بر آر
تولقى دور. بونداغ يوقورى آوازلق
ناخشانى بولابمو كڭ دالادا ايتيش مم
كين شونڭ اوچون توركستان ناخشا
سى اوزينڭ بو آرتوقلقى بلەن فخرلە
سە ارزيدور.
سازلارغا كلسەك ماندالين بلەن اسـ
كرپكادن باشقا دوتار، تەمبور، سيتار
غرجەك، چاڭلار توركستان خلقينڭ اوز
تورموش محصوليدور. شونڭ اوچون
بو سازلار بلەن توركستان دالا لاريدا
باراق خوشحاللق و قايغولارنى اظهار
قلش ممكن. بوندن باشقا توركستان
ناخشاسى و سازلارى آوروپا موسيقاسيـ
غا اوخشاش خان سارايلارى و دەرەبگـ
لر [ فيئودالار ] بر ايگەلرى اوردالريـ
دن كلب چققان بولماسدن دلڭ خلق
قانلاميڭ اچيدن اوسوب چققان تور
موش ميوەسى ايكەن . بو ناڭ توركسـ
تان صنعتينڭ قمەتينى يەنەمو آشورادور
چونكى اونى آوروپا موسيقاسيغا اوخـ
شاش عوام خلق آراسيغاياييش كتمەيدور .
سوز آخرسيدا بو متخصص توركسـ
تان موسيقا، ناخشا و اوسولى مونغول
و تيبەت صنعتيگە اوخشاش اوندورمە
دوريدەكى صنعت بولماسدن ترقياتدە
آوروپا موسيقاسى ناخشاسى و اوسوليغا
اوخشاش اوسكەن پشقان صنعت ايكەن
ديگەن سوزنى قلغان.
باشلار تياتر و اومەگنڭ بو نوبتلك
باريشى بزنى دە منيتسز، چيگرەدە ياشا
غوچى قالاق خلقلر ٫٫لكدن صنعتى آو
روپادن قالشمايدىغان بر ملتگە كونورو
شى هر بريمز فخرلەنگيدەك بر اشدور .
اوزيمزمو سازيمز ناخشامز اوسوليـ
مزنى شو قدر قدرلەشنى اورگەنسەك
اڭدوك اونى اخلاقسزنڭ قلادورغان نەر
سەسى يەس آدمنڭ اشى دبخورلاشدن
ساقلانغان بولار ايدوك .

مطيعى

---

بوگورنڭ كوچاسى خيلى كەڭ توز، دوكا
نلريمو بر آز ترتيبلك و تازا بولغانلق
دن شهر كوزيمزگە خيلـى كورنـ
دى. ماشينامزنى حاكم ادارەسى آلديدا
توختاتب، آشخانلرگە يمەك اوچون كر -
دوك. آشنى بويوروب بولوب اولتورساق
حاكم ادارەسيدن قچقريب آدم كلدى.
باردوق. اچكى چينلق حاكم بزنى بـو
گورنڭ آتاغلق ميوەلرى تزلغان بر اوي.
دە قارشى آلدى. بوگورنڭ حكومت
دائيرەسيدەكى كشيلرى بردن بردن كر-
گيلى باشلادى. «تاويەن» دەب داڭقى
چققان بوكوركى قارا شهر معاون والي
سى محمدبك، چينچە سوزلەب سايلام
هيئتمز رئيسينى بر مونچە عزتلەدى.
آخرى اچيم پوشوب قصدن موى افندم
چينلق برادرلريڭزنى كوروب بزنى تا
نوماى قالديڭز بزمو بار، ديگەندەك قلب
„ السلام عليكم " ديدم بو كشى منڭ
سلامنڭ معناسينى توشەنديمو نەمە اور
نيدن توروب توب تكلف بلەن كوروش
دى. اورومچيدەكى تانوشلريڭن سلام
ايتدم.
,, قبول قلدوق تقصر، قبول بوا
دى ،، دەب اورنيدن توروب اولتاردى.
بو كشينڭ اويغورچە سوزى هيچ طبيعى
امەس ايدى. ياساب سوزلەگەندەك توبو
لار ايدى. اوزيمو اويغورچە سوزلشنى
باراتماغاندەك كوبراق چينلق همراهيم
بلەن نهايتى يافيملاق كورونوب سوزلەشور
ايدى.
بەكدن كين بوگوردە توختاماي ينە
يوليمزغە دوام قلدوق.
بوگوردن چقشيمز بلەن ايكى طر
فى قاتار درختلار شافتولالق باغلر ايتز
لر بلەن اورالغان توز تاش يول بلەن
تمام برساعت يوردوك. چولگە كرش آ
لديدا «چومباغ» ديگەن بيكتگە كلب
توختادوق. چومباغ ديگەن اسم مڭا عجب
توپولدى. چولداغ موايكەن دەب همراهيـ
مدن سورادم همراليمدن برسى بوير
نڭ ايلگرىكى اسمى ,, آباد ,, ايكەن،
اورنچەبل ايلگرى، بو يافندا بر كول بو
لوب بولوچيلردن برسى بو كول تيرەن
مودەب سوراغاندا بو يورتنڭ بر آدمى
,, چومۇپ باق " دەب جواب برگەن
ايكەن، بو جواب قزيق تويولوب كتيب
شوندن برى بو يرنى ,,چوموب باق "
ياكى قسقارتب چومباغ ديلەر ايمش دي
دى.
چومباغدا ٤٠٠ كلادنى برينڭ بويىنيـ
غا برينى باغلاب خامانىدا آشلق چەينە
مكدە بولغان دهقانلار يانيدە ماشينا چر
خينى سوبوتماق اوچون ٢٠ مينوتچە
استراحت قلدوق.
چومباغدن چقب چولگە كريب كتـ
دوك. ايكى ساعت يول يورگەندن كين
قوش آبادغە يتدوك.
قوش آبادمو چول اورتاسيدەكى
يشل آرالدن عبارت ايكەن. قوغون
تاربوز بلەن اوسلوقنى قاندوروب يولو
مزغا دوام قلدوق. يەنە ايكى ساعتچە
يورگەندن كيين چول آبادقا كلدوك.
آرامزدن برسى كوچار بويونچە بو چول
آباد و قوش آبادنڭ خاتون قزلرى چرايـ
لق كيلەدور، كوچارخاتونلرينڭ داڭقى
اوشبو آبادلارنڭ تاثيريدن بولسا كيرەك
ديدى.

[ داوامى بار ]

# تورپان خلقینی اویغاتقان نطق

## ١١ - نویابر کونی ایرتەگەن ساعت ١٠ بلەن اولکەلك حکومت رئیسی مسعود افندمنك ناحیەمزگە قدم تشریف قیلشینی قارشی ایلش اوچون اچلغان زور خلق ییغینیدا سوزلەگەن نطقی

(باشی اوتکەن ساندا)

افندیلار! بز هەمەنی محاکمە قیلشمز
کیرەك. محاکمە قیلش نیمە دیمەك؟ آچچق
من قاچیب کوینەکنی اونقە سالدی دیمك
قیچاقنی اوزەگگە اور آغریماسا باشقاغە
دیمك. هر قایسیمز یاخشی اویلاب بونی
محاکمە قیلب کورەیلی!

افندیلار! بوکون موشو واقعەنی
کچك اش بولمادی؛ آز زیان کورمەدوق،
قلغان اشمزگە قاراغاندا زیانیمز کوب دې
سەم من حقسزلق قلغان بولمایمەن
آز زیـان بـولـمـادور، دیمەك
سەگگم آغزیدا ممت نیاز حاجینك قورا
سندە اولگەن ٨ کشی، مورتوقدە ٩-١٠
کشی. قراغوجە دیگەن بردە هم ١٠٨
کشی. لویەودە یاکی باشقە حکوم بلەن اول
تورولگەنلر ٢٠ کشی دیمەك ٥٠ نچە
کشی. بعضی کشیلەر اولتوریلگەن کشیلر
نك سانی ٨٠٠-١٠٠٠ کشی دەب آیتا
دور. بـونی ئیتقانلار ٢نجی ینە
خلقیمزنی اونقە یاقشقا تیارلانغانلارنك
اوزی. بو بزگە آزمو؟ یتمەدیمو؟ آغی
نەلەر بو بزگە یتمەدیمو؟ بو بولسە بز
نك بیلم سیزلگیمزدور. بولارنك بو حر
کتی ٢نجی ینە بزنی توزاققە توشورەمز.
دەب بزنك جانمز وە مالمز بلەن اوینا
شا یاتقانلقیدور. آغینەلر بز بونی یاخ
شی بیلشیمز کیرەك. بونك اوچون آگ
اق وە بیلملك بولوشمز کیرەك. منا
آغینەلر اوزی بیقلغان یغلاماس دەمسیلەر
یاکی اوزیمز بیقلدق یغلامایمز دەمسیلەر.
منا بونی اوزەگلارگە سالب قویدوق. بو
نی اوزەگلار بیلگلار آغینەلر بوگون من
سیلەرگە اولگەن ضیالیلار ٤٠ یاکی ٥٠
دیدم سیلەر ایشەنسەگلار کیرەك. من او
لکەلك حکومتنك کوچی بلەن بونی
اشتب بونی آگلاغان یردە. دیمەك بو
زیان آز ایمەس بونك اچیدە قایغورغان
لار هم باردور. لکن مینکچەلك قایغورغان
کشی یوق. آغینەلر مەن بر مثال کلتورب

اوتەمەن دنیادە اشتب تورغان انگلیز
دیگەن بر دولت بار. دوروون برنجی
اورننی آلغان بولسامو حاضر ٢نجی او
رونئی آلادور. مناشو دولتنك بر سوزی
بار. من بونی بەك توغری تاپدم. نیمە
دیدور. دنیانك بتون سیاستی بر انگلی
لیزنك قانیغە توغری کالمەیدور دیدور.
دیمەك بو سوزگە من بەك ایشینەمەن.
شونك اوچون بو اولگەن کشیلەرگە من
بەك آغریمامن. ینە باشقیلرنك بوندن
کوب دیگەن سوزیگە من اشەنمەیمەن
[ آلقشلر]

آغینەلر! سیلر دیسلر: وای چیدای
دورغان بریمز قالمادی. چیدایدورغان
برگلر قالمای نیمە قیلدی؟ سەیمەینی
آرتق آلدی. باجنی آلدی. بونی آلغی
چە آرتق آلسا، یاکی پارەخورلق قلغان
بولسا، یاکی ایلیب کلگەن اوتون سماد
نی آر آلغان بولسا، یاکی بر کاچات
بیرم کاچات اورغان بولسا لکن اولگەن
لەرگە ئەرزیمەیدورغان اش.
الله تعالی ولاتلقوا الانهروکا دیگەن.

اخونوملر اولتورویدور. بونی
محاکمە قامایدیغان جایدیمو؟ سیبلاردن
ینە بر سبب' مصادرە قلغان مالارنی
ساتب الغان ایدوق' پول بەرگەن ایدوق
چیقم قلغان ایدوق، بزشول توغرولوق
کوپ زیان تارتدوق. یانا بر پارچەسی شك
شی سەی ظاوم قلدی. انا- انالرینی
اولتوردی، مال - ملکنی ساتب الدوق
دەب قایتوروب برمەدی. آشمن اوله
مزمو؟ دەب ایاغی باریب تورپانداموشون
داق واقعە توغولدی. انساف قیلایلی
مصادرە قلنیدور. یانا بری ساتب النیدور.
بوگون حکومت مصادیرەلارنی قایتوروب
برەمز دەب هەمەنی قایتوروب بەردی. تو
رپاندا اوروندالمیدی. بتون اولکەدە
اوروندالغان بوبو یروق ٥ ناحیەدە اورن-
-دا آلمای قالارمو؟ شونگغا صبری قیلمی-

غان. ساتب الغانلارچو، پول خەشلیدوق -
بەرەیمز دیگەن، نیمیشقا اونداق دیگەن
شومال موشو مال ایگەسنك ایدی، ای-
گەلرینگە اسقاتمیغان مال بزگە اسقاتادو،
دەپ اویلاماغانمو ؟ بو یەر اسغانقاندا
بر خوشناسی قاخشاب یاتسا، شو قاخشا
غاندن کیین خوشنانی قاخشانیب کورگەن
کونوم' قاغان راحتم نیمە بولار دیمە
گەنمو؟ بر یورتلوق تورسا، بر برینك
اولوك تریکیگە ایگەدارلق قلمیدیغان
جایدا تورسا' یانا برینك اغرلیقیغا سبب
بولیدیغاننی اویلاماغانمو ؟ ملتداشم'
یورتداشم' دین داشم دیسەم دیسون
کەچچیلك قلسا نیمەسی کتیدور؟ خدا،
پیغمبر وە انسانچیلقنك بویروغینیمو شول

اغینالر موشو بر نچە کون الدیدا
غزتە کوردوگلرمو، غزتەدە بر خبر بار.
مصردا وابا چقیدور. وابا غا اوچریغانلار
نی قوتقوزامز دەب شاگخەیدن بر وا
یوردا ادم ماگغان. شاگخەی نەدە، مصر
نەدە، شاگخایدن بارغانلار کیم، انسانلق
شول. شاگخەیدن قوپوب 135 کون وا
قور [کیمە] دە، یوروب دونیانك ٢نچی
یورجەگیگە بارب وابا غا اوچراغانلارغا
باردەم قیلسا، خوشنا حقی تگری حقی
خوشنانك یغلاب تورسا یاغاق چقارب
نیمە بولدونك دەب کوز یاشینی ایرتیب
قویمادیگلار [گولدورلیگەن چاواك] مو
شو ئشنك اخری یاهاقی قالایماقانچیلققا
سبب بولاری. کورگەنسیلر اوتقا اوت
قویویدیغان ساندوق بلەن باردی. اوت
قویوب اتدی. بر بریمزنی کورالماسلق
نك نتیجەسی بر بریمزگە حسد قلغان
قزغانچولوق قاغان نك نتیجەسینی آزغی
نە نرسە اوچون اویغا توشدوق. نفسا
نیتچیلکدن اغراق تارتدوق. بزدە نف-
سانیت، اخلاق انسانلق شونچەلك توبەن
توشوب کەتدیمو؟ شونداق ماگلای تە
ری قاب تاپقان پولنی کشیگە بیرەلمەی-
کەن یاکی ٤ - ٥ تەنگە پایدا بولغان
جایدا انسانلق یورتداشلقنك نیمە اهمیـ
تی بار دەمسیلر؟ یاندیکی پولنی باشقا
غا بیرەلمەیدیکین دەمسیلر؟ بز انسانلققا
مسلمانلققا مونداق توبەن قارامایلی.

امدی کیلەیلی. موشو سوزومنی
قلدیم' بر مونچە وثیقەلارگە آساسلینیب
توروب ایتدیم اشەنگەنسیلر. ئیشەن-
مەسەگلار ئیشەنمەسلك نەدن کیلب چقدی؟
[ دوامی بار ]

ئادرس
اورومچی ئەنگوەن
وثمە دیغاك نومر 18 دالتای نشریات ادەراسی

١٩٤٧ يل ٢١ نچی نویابر تلده، ئشده، فکرده، برلك! جمعه ١٠٥ نچی سان

! بوله‌نچوکلك خلق بولسون ! توتقان بولك حق بولسون ! خلق - حکومتدن اوستون ! حق - قوندن اوستون ! !

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

مدیری: عیسی آلب تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

بهاسی: دانه‌سی ١٠٠ تایلیقی ١٢٠٠ دوللار
هجری ١٣٦٧ محرم ٨

آلتای نشریاتی طرفندن هفته‌ده اوچ چقادورغان سیاسی، اقتصادی، اجتماعی، علمی، فکری و ادبی غزیته‌دور


# بخت و سعادتکه ایریشمه‌ك کیمنك حقیدور ؟

بوگون بز کوب کشیلرگه شونداق بر سوال قویالیکی «بزنك بردن بر احتیاجمز نیمه‌ده؟» بو سوالغا شبهه‌سز، ملتیمزنك احتیاجینی آڭلاتا آلمایدورغان جوابلرنی آلامز. برسی قوپوب «بزنك احتیاجمز ارکنلکده» دیسه ینه برسی «حقوقدا» دیه‌دور. نچه یللردن بری اوروش اوتلری ایچیده یانقانلقیدن سرسان بولغانلقیدن کوب کشیلر «بزنك احتیاجیمز تنچلقدا» دیگه‌ن جوابنی بره‌دور. اگرچه بولر عوام خلقیمزنك آڭلاشیچه توغری بولسامو بوگونکی دورنك و یگرمنچی عصرنك طلبی بویچه بو احتیاجلرگه یتمك اوچون ینه بر احتیاجیمز باردور. او بولسامو ترشچان بولماقدور. یاپاق و اونك طبیعی نتیجه‌سی بولغان بخت و سعادت یالغوز ترشچانلرنك حقیدور.

بز باشیمزغا کلگه‌ن فلاکتلرنی علمسزلکیمزگه یا بولماسا ایزیلگه‌نلکیمزگه آرتب کلدوق. حقیقتده علملك بولماق اوچون و باشقا ایزیلمه‌سلك اوچون اونك بردن بر یولی ترشماقلقدا یتکه‌نلکینی بلگه‌ن یاکی آڭلاغان یاکی آڭلاماغان ایکه‌نمز. تاریخدا الك کین قالغان و وحشیلرچه یاشاغان بعضی ملتلرنك عصری ترقیاتنی همه‌دن اول ایگه‌له‌ب کیتیشیمو ترشچانلق سایه‌سیدور. بو کون افریقاده‌کی بعضی بر وحشیلرمو آوروپا مدنیتینی ایگه‌له‌ك اوچون ترشماقدادور.

کوچیمزنك باریچه معارف مدنیت یگرمنچی عصر ده‌ب واقیرایاتامز. فقط بو ترقیاتغا ایرشمك اوچون نیمه قلماقیمز لازم کوروله‌دور؟ فرصت کلدی. ایلگرله‌دوقمو، چیکنه‌دوقمو؟ مسئله‌نك حقیقتینی تدقیق قلغاندا بز ده بولومو ملتیمزنك فاش کوزی بولغان یاشلریمزده چالشقانلق دوز بلن کورگیدك درجه‌ده امه‌سدور. الك عادی الك آسان بر بردن مثال کلتورسه‌ك بو مسئله تخیمو آیدینلاشقان بولور. یاقیندن بری علمی مجلسلر کوپویه‌باشلادی. فقط داستورخان سالنماغانلقیدنمو، یاکی وظیفه‌سیدن باش کوتوراآلماغانلقیدنمو دعوت قلنغان مهمانلردن مجلس سالونیدا اوچده بر قسمینی کوره‌مز. تخی بر هفته بورون نشریاتیمز علمی تورکومنك اعظالری اولاراق ٣٠نچی آرتوق کشینی ساعت ٥گه مجلسکه چاقرغان بولسامو، کچ ساعت ٨گه‌چه کلگه‌نلر ٢٠گه یتمه‌یدور. بو حال بزنی اوزگه ملتلر آلدیدا کولکه‌گه قویاردی. تخیچه مجلس آچشنی بلمه‌گه‌ن بو ماتچیلر، اداره اشلرینی اوز باشیغا قالدرامو «آلب بارار» دیسه بونك ردیه‌سیگه جواب برگه‌چه، خیلی قزاریب قالامز. جمعیتیمزنك الك آلغسز عنصرلریدن آلاق ضیالیلرگه‌چه تارقالغان بو کیسل نه‌دن کلدی. و بو توزه‌لمه‌سمو؟

بز بوگون کادر مسئله‌سیده نه قدر قینالساقمو، دردنی اوزیمز تارتماقدامز. بزده کادر یوق امه‌س. اما بر اشنی باشلاسا، اونی آیاغلاشتورغونچه چیدایدورغان و پاتینب اشله‌یدورغان فعال کادرلریمز آز. بر وظیفه‌گه اولتورولاشمن اول، او اداره‌نك یایلقینی بره‌دورغان آیلقینی سوروشتوره‌دورغان عادتلر بزده اوچ آلابرسه، آز زمان ایچیده قایسی حالغا چوشوب قالامز؟ بونی تاریخ اثباتلایدور. تاریخدا بر کوب قهرمانلر کچکه‌ن ایدیکی منصب اوچون، بایاق اوچون اوزینی و حتی ملتینی قربان قلغانلر.

چول حالیده‌کی یر یوزینی باغچه‌گه آیلاندورغان، حیاتینی وحشی حیوانلر بلن مجادله میدانیدن چیقاریب یگی دنیانی قورغان فابریقالرگه جلب قلغان نه‌دور؟ بر کون پروفسور حوکسیلی بلن حر برت سپنسر دیگز بویندا یوروب سوغا چوموب یاتقانلرنك تماشاسینی کوروب، بتون مخلوقاتقا حاکم بولغان شو یالاڭغاچ آدمگه حیرت بلن باقب کولگه‌نلر. انسانی دنیاغا حاکم قلغان، کوروله‌گه‌ن و توتولاماغان عامل نه‌دور: او عاملکی عالملرنك نچه کوندوز ترشب وجودقا کلتورگه‌ن اختراعلریدور. اگر اولر ترشماغان بولسا ایدی، بوگون یگیلیقلر وجودقا کلمه‌س ایدی. شو ترشچانلقلر نتیجه‌سیده یڭی دنیا وجودقا کلدی.

بولر نچه یوز یل بورون وحشیلرچه یاشاغان انسانلر بوگون رفاه و سعادت ایچیده یاشاماقدادور.

ترشماغانلقیمزنك نتیجه‌سیدورکی، بو یڭی حیاتدن بوسبتون اوزاقدا قالدوق. ینه قاچانغه‌چه بونداق اوته‌مز؟

«آی قوتلوغ»

# توربان خلقىنى اويغاتقان نطق

## ١١ - نويابر كونى ايرتەگەن ساعت ١٠ بلەن اولكەلك حكومت رئيسى مسعود افندمنڭ ناحيەمزگە قدم تشريف قياشينى قارشى ايلش اوچون اچلغان زور خلق ييغينيدا سوزلەگەن نطقى

( باشى اوتكەن ساندا )

دينمزنڭ آساسيدن بىرى «اعتماد»، يعنى يشەنمەك. بز خدا، رسولغا ايشەنيمز سنڭ سوزوڭگە ايشەنيمزمو ديەيغانسيلر خدا، رسولغا ايشەنەيلى، بر بريمزگە هم ايشەنەيلى. موندن كيين يالغان آلداش مايلى ٤٥ تەنگەنڭ كوزيگە قاراپ آلداش مايلى، آلدانساق، يالغان ايتساق بر بريمز آراسيدا اعتمادسزلق توغولادور آخرى باريپ اسكى اشلر توغولادور. آخرى اعتمادقا هم دخلى كەلتورەدور اعتماد دينيمزنڭ آساسلريدن برى. ايشەنسزلكنى كەلتورەديغان نرسەلردن يراققا قاچماق لازيم.

آغينالر! مسئلە بو جايغا كەلگەندە اعتماد، دينڭ اركانيدن برسى ارالاشب قالدى دين توغرولوق بر ايكى اغز سوز آچماي اوتالمەي مەن، ياكاشاق خاپى بولسا عفو قلارلار. [چاوڭ]

داخلى چيندە چوڭ چگدە بر جمعيت قورولدى. بو جمعيت دينى تكشوروش جمعيتى، يعنى دنياده بار دينلرنى تكشوروديغان جمعيت، بونگرا هر بر دينديكى عالملر بار. مەن دين عالمى بولماغانلقدن قاتناشالمادم. نيمە مسئلەلر بولور ايكەن دەپ بارمايمو تورالمادم آمريقادن كەلگەن بر خرستيان عالم اورتاغا بر مسئلە آتدى. خرستيانلق نصارە دينى حضرت عيسىنڭ دينى محبت اوستيگە قورولغان ديدى. عيسى دينيدە كيلر بر-بريگە محبت قلادور، بر-بريگە زيانلق اويلا مايدور، حضرت عيسىنڭ دينيني بر كلمە بلەن افادە قلساق «محبت» بلەن افادە قلامز قالغان دينلەركيلر امە ديدور ديگەن بر فكرنى اورتاغا آتدى.

باشقا دينديكيلر اوزلە توشلوق فكرلرنى بيان قلدى. معناسى بارايدى بو اشقا قاتناشقان مسلمان عالملرى اوزيگە يارا اشا بر سوز قلدى، برسى « بزگە توشكەن ٥ فرض بار شو افادەسىدور » ديدى. بز يالغوز بـر سوز بـلـەن آگلالايمز مەن اورتاغا چقدم اغينالار ديدم، مسلمانلقدا يالغوز بـر سـوز بار او سـوز نمە؟ آللەنى بز بر دەيمز مانا شو « برلك » سوزى بتون مسلمانلقنى افادە قلادور ديدم.

امدى بونى اعتقاد ياغندن آلايلى برلككە ايشنەمز، دين ياغينى قويوب توروب حياتقا اجتماعياتقا سالوشتوروب كورەيلى مانا شو برلككە خدمت قلغان كم بار برلكنى ياقلاغان كم بار برلك اوچون كوڭل كويدورگەن كم بار دينيمز نەيردە قالدى؟ بز نەيردە. انصاف قلايلى، بر بريمزگە يامان كوز بلەن قارامايلى، ٤-، تەنگە اوچون اولوشوب بر مەيلى، برلكنڭ شرائطيگە رعايە قلايلو نفسانيت آرقاسيغا كرىب يوغان اش زريب برمەيلى.

خلاصە قلساق، قلامز ديگەن اشنى، قلمايمز ديگەن اشنى نمە بلەن حل قلامز. بو الحلرنى اورونداماق اوچون معارفچيلق كرەك. بليمگە قول بلەن آسلماق بلەن اوروندايمز.

آخونوملر ايتار، بز اوقودوق اوقوب ياناميز. ينە نمە دەيسەن، موشو اولتورغان بالالر بز اوقوتقان ديديغانسيلر موشو اولتورغان آخونوملر قانچە يرز يللر موشو اشنڭ آرقاسيدا يوروب عالم بولوب اورگەنب چقدى. ايمدى قاراساق نچە ملڭ خلق بار. من عالم دەپ ميدەسيگە اورالايدورغان اون يگرمە آدم بار. قالغانلرنڭ گناهى نمە؟ خدا برسە بولادورغان اش بەرمەسە قاندىاغ قلامز. ديدورغانسيلر، گۇق خدانڭ بەريشيدە امەس. گۇق اشلەشدە، اشلەسەڭ تشلار سەن، ديگەن آتلرنڭ بر سوزى بار. بولر اشلەپ، تشلەيدور. بولر خدانڭ بندەسى امەسمو؟ اولر ايتادور، مكتبكە باردوق، اوقودوق، اورگونە آلمادوق، ديەيغاندور. اورگونە آلماسلق اورگونوش يوللرينڭ تەسلكيدە بولدى. آخونوملر اوزلرى تارتقان قيينچلقنى بالالر تارتماسون دەپ آسان اصول استەگەن يردە امەس. باشقالر آخونوملر صرف قلغان اگەكنى صرف قلاب اورگەنمەدى. منا يوقسوزلوق قيين كون شونگدن كلدى يوك تاشوماق توغرى كاسە آلديمزغە سالادورغانيمز ٣-٤ ايشەك بلگەنلر اوگاي يول ايزدەپ تاپب برمەگەنلكدن كلب تورماقدا.

معارفنڭ يڭى ياڭيسى برق. اصولدا فرق بار. اصولنى اوگايلاشتورساق قولغا كلمەيدورغان جايدا امەس. سوز اصولدا، آخونوملر بار، بو اصولنڭ قانداغينى قانداغ قاب يگەللتەمز دەپ اللەنڭ عامەگەبولغان بويروغينى عامەلاشتورامز دەپ قايغورغانلرمو بارمو؟

اقتصاد توغرولوق ٤-، آغيز سوز قلامن.

آغينەلر! يوقسزلق ديگەن برحال بار يوقسزلق نەيردن كلدى. بو يوقسزلقمو رونلقدن كلدى دەسەك ايرتەگەدن كەچ كەچە كتمەن چاپامز، هورونلقدنمو ديەيمز، بوگون راست همە قيينچلق تارتماقدا. قولغە آلغان حصول آز. باشقالر آز اشلەيدورغون حصول آلشنڭ چارەسيني بلەدور. اولرنڭ اقتصادى حالى يك الگر، ياخشليغى قانچەلك، كوزگەكورونگەنيني ايتايلى: بوگون آمريقا حكومتينڭ اقتصادى يك ياخشى دەيمز، قايداق بولدوق آمريقا نڭ عسكرى هرتماق ييگەندە ٤ تورلى تماق يەيدور. تاتاق ميوەسى، گوشتى، سارى ياغى بار. اقتصادى ياخشى خلق تورموشغا ايگە. بز كەچ كەچە كتمەن چاپار ايكەنمز يەيدورغانيمز قوناق نان، اوماچ، منا ايمدى اونى اوروندايدورغان قايسى كوچ بزنى شوندااغ راحت تورموشقا يتكوزەدور. بوگون راحتكە ايگە قلامز ديگەن سوز حكومت ايچيدە كوپ دقت قلنغان جايدا، بو بوگونكى مسئلە امەس. دوگون اورتاغا چقماغان. آلتمش يلدن برى جونگو حكومتى يگيلقغا آياق باسقاندن برى بو مسئلەگە قايغورغان. بزمو آزاشلەپ كوپ حصول آلايلى. ياخشى تورموش قورايلى. باشقالرنڭ تورموشيغا قاراب اچيمزنى كويدوروب تامەروب تورمايلى.

آغينەلر! بو مسئلە قاچاندن باشلانغان. حاضر جونگو حكومتينڭ ٣ تورلى سياستى بار. بو ٣ تورلى سياستى

[ آخرى ٣ - بەتدە ]

www.uyghurkitap.com



سـەن مـېن جوبى دەب آتاب كەلدوق. سەن مين جوبەرنڭ ٣- بابى خلق تور موشى بابيدور. بونكدا خلق تور موشيغا قايغورادور. خلق تورموشىنى ياخشيلايمز دەب موشو سياست بلەن كتب بارادور. باشقالارنى اوروندادى. ئەنچىگە يتب كەلدوق. حكومت بونى اورو مايدورغان بردە امەس. راحت تور موش كرەك بولسا، آز اشلەب كوب يەيدورغان لازم بولسا، تنجاققا رعايە قلايلى، بر بريمزگە توتقان بولغا اعتقاد لغاندا راحت تورموش اورناغا چقالا دور. ياخشى نيت يولداش بولوب، او روندالب قالادور. آغرچيلاق آزدور كو مدور صبر قلساق حل بولادور. حكومت كوچيگە قاراغاندا اوروندالمايدورغان بردە امەس.

آغينەلر! وقت خيلى اوتدى آياق دا توروب قالديڭزلر، بوگون بو جايغا بر نرسە اورگونەمز دەب كلب بر نرسە اورگونە آلديڭزلارمو؟ كلگەنلريڭزگە رحمت.

٢- عسكر آغينەلر بار. سيلر اولر گە ذانداق كوز بلەن قارايسيلر. قانداق قاراساڭلر قارالر، آخونوم بابا ايتب وتدى. فقط شول كوز بلەن قاراش لازم. بو آدەملر بو جايدا شونى اثبات قلدى. شولر غەمو رحمت ايتب اوتەمن، آرتوق اوارە قلماى سوزمنى تمام قلدم.

[ گولدورلەگەن چاواك ]

[ تمام ]

شونداق بولسامو، اوز احوالمغا يارا شا نشريات اوچون آرانغانە ٥٠٠٠ جالڭ كمورنى اعانە قلدم.

بونى آز كورمەى شبو مكتوب واصتەسى بلەن ادارەمز دن تاپشوروب آلمقلريني سورايمن.

اولكەلك حكومت باش كاتبى نڭ محافظى -

امين جان

اداره

# تورك قازاق قرداشلريمزگە عائد يڭى خبرلر

تورك قازاق خلقينڭ ملى مدنيتينى يوكسلتب آلڭ بلمبنى يەنە بر آديم ايلگ رى سورمەك اوزرە ماليە يافاني جانە قان حاجى، سالس افندى و خاداوالڭ خانملرنڭ تشبثى و ياردمى بلەن قازاق خلقى ناميغا هفتەلك غزتە و آيلق يېغم نشر قلنماقچى حاضر بونڭ كرەكلك ماتريـ ئاللارى اوستيدە جدى تيارگرلك قلنماق دا دور.

••• شڭـسى سەى استبداد حاكميتيـ گە قارشى قوراللق حركتلەنگەن بارى كوللق بر بولوك تورك قازاق قرداشلر يمز شو دوردە تبت آرقالق هندستانغا قاچب قورتولغان ايدى. خبرگە كورە امدى بولرنى حدود دن اوتكەزيب اوز يورتيغا قايتورماق اوزرە بر قانچە كشى لر ١٥ - نويابردا اوچقوغا اولتوروب اچكى چينغا قاراب كتدى.

# خالص ياردەملرينى هيچ اونوتمايمز.

ادارەمز اقتصادى قينچيلقلريغا و كە بغل بر ملتنڭ نشرياتى بولغانيغا رغما ملى وظيفەسينى ادا قلماق يوليدا كچەلر نى كوندوزگە اولاس اشلەب ياتقان ايشـ چيلريغا قشلق كييم اعانە قلماق استەگەن ايدى. تخى ياقيندا غنە قورولوب ماليە ايشلرينى يولغا قويا آلماغان خانم قزلر كار خانەسى ١٨ تور كييمنڭ تيكيش حقى بولغان ٥٤٠٠٠٠ دوللرنى ادارەمزدن آ لماسلقينى بلدوردى. قوليمزدا بار بوقـ نى اوروب- چوروب يوروب ايشلەب كيـ لە ياتقان بر وقتيمزدە بو خالص ياردە لر و همتلك ملتداشلريمز آلديدا ساپـ غى بلەن ايگلمەك بز اوچون بر شرف دور. خانم- قزلر كار خانەسى بونڭ بلەن قناعتلەنمەسدن يەنەشو مضموندا يازلغان بر علاقە بلەن بزنى استقبالدن امين قلماقدا.

«مونىدن كيين اميـٔد قلامزكى هر يلى قش و يازدا، ايكى فصلنڭ كييمـ نى ملى نشريات اوچون كوڭل كوتەر گەن خدمتچيلرگە قزغن كوڭليمز بلەن حقسز تيكب برمككە جان دليمز بلەن حاضرمز. بو طليبمزنى رد قلماسدن قبول ايتمكلرينى اوتونەمز،،

بو قدر صميمى بر همت اهگەسى بولغان خانم- قزلار كار خانەسيگە بولو مو نشرياتيمزنڭ الڭ ياقين محبەسى امينە خانم بوغراغا توگەنمەس تشكر ايتەمز.

••• قش فصلى كلەر كلمەس كمور غمينى تارتب تورغان وقتيمزدە امين افندى اوز اختيارى بلەن ٥٠٠٠ جلا كمور اعانە قلدى. امين افنديڭ بو همتى باشقا خدمتچيلرگە نمونە بولادور غانلقيغا شك كلتورە آلمايمز. و بو ملتـ داشمزنڭ خالص ياردمينى هيچ قچار اونوتمايمز.

« ملى اويغانش اوچون تورلك اغير لقلرنى چيكب اونوملك ايش آلب كلـ مكدە بولغان نشرياتيمز منكدە قزغن محبت اويغاندى. من بو نشريات اشـ لريغا قاتناشب برر خدمت كورسوتە آلـ ماغانلقمدن كوب افسوس چكمكدە من

# ياپونيەدە اوق دارو امبا رى پارتلاغان

[مركزى ائانس توكيو ١٧- نويابر تلغرامى] بوگون ايرنە خلڭش خا شهرى يانيدەكى امريقا اوردو لريڭ جى- زى زاملق اوق- دارو امبارى پارتلاب، بو جاى خطر ايچيدە قالغان. نيتەكم، پارت لاشدن كلگەن اسقاق نتيجەسيدە اوت وچورگوچيلر ياقين بارماقدن چارەسز قالغانلر. بوبردە زمبرەكنڭ ٧١ للك، ٨٠ للك، و ٥٠٠ للك اوقلرى وتاپانچا اوقلرى و قولبومبا لرينڭ پارتلاشلرى ٥ ساعت دوام قلب ٤٧ نچيم بيوك پارتلاشلر بولنغان. حكومت اربابلرينڭ ايتيشيچە، جى-زى اوق-دارو امبارى الڭ زور اوق امبارى بولوب بوندە بيوك توپارنڭ اوقى، اتلق بولـ ـمـ قلرينڭ اوقلرى و هر خل اوق-دارو لر بار ايكەنمش.

# «ايزوستيە»غزتەسى كيمنى عيبلەيدور؟

[ مركزى آژانس موسقوا ١٧- نويابر يونەيتد پرس تلغرامى] روسيەنڭ «ايزوستيە»، غزتەسى گرمانيەنڭ اشغال قلنغان رايونلريدەكى امريقا باش ناظرى جنرال كراينى «گبلس نڭ ايز نى دەسسەمەكچى» دەب عيبلەيدور

# انگلترە اوردوسى پاكستاندن چكنمەككە باشلادى

[مركزى ائانس لوندون ١٧- نويابر يونەيتد پرس تلغرامى] امريقا «تريبونال» غزتەسى «٧٠٠٠٠٠دن ٨٠٠٠٠٠گە قدر انگلترە نفرى واغير توپ بولوكلرى هوا وقوروقلوق- ايككى طرفلەب پاكستان دن چكينب چيقشقا باشلادى» دەب يازادور. جمينا بش آيدن صوڭرە كلگ كولەمدە چيكينش باشلانار وبريبلدا تماملانار.

۱۹٤۷ یل ۲٤ نجی نویابر تلده، نشده، فکرده، برلك! دوشنبه ۱۰٦ نجی سان

! بولەنچوكلك خلق بولسون ! توتقان یولك حق بولسون ! خلق - حکومتدن اوستون ! حق - قوتدن اوستون ! !

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

مدیری: عیسی آلب تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

بهاسی: دانەسی ۱۰۰ ئایلیغی ۱۲۰۰ دوللار
هجری ۱۳٦۷ محرم ۱۱

آلتای نشریاتی طرفندن هفتەده اوچ چقادورغان سیاسی، اقتصادی، اجتماعی، علمی، فکری و ادبی غزیتەدو


٦

# خرابلاشقان معارف و معلملر

فیض آباد ناحیەسیده ۳ نفر رگ -
لری سارغایغان معلمه قولومغا بر ال -
تماسنی توتقازدی، اوقوب قاراسام «بول -
تور [ ۳۵ نجی یلی ] بز اشلەیدورغان
قزلر مکتبی اوبوشما قراماغیدن حکو -
مت قراماغیغا اوتکەن ایدی. حکومت
معارف نظارتی هم اوتکوزوب آلدوق
دەب علاقه و نامغا اوەتکەن ایدی. او
بوشما شو کوندن اعتبارن حکومت قرا
ماغیغا اوتدیلر دەب تعمینات برمه
دی، حکومت قل اوەتب برمەدی نا
اوشبو کونگەچه مکتبنی قلسز دوام قل -
دوروب کیتب بارامز، شو دردیمزنی
معارف نظارتیگه یتکوزوب برگەن بول -
سیلا» دیگەن سوزلردن عبارت ایکەن
اشانماسدن حاکمدن «بولر شونچه آی -
لردن بویان تعمیناتسز اشلەب کیتب با
رامدور» دەب سورادم. مینك عجبله
شمگه قارشی حاکم آ ددی بر اشکه جواب
برگەندەك قلب «تعمیناتسز اشلەب کی -
تب بارادور»، دیدی.

بو خیل التماسلرنی کاشغر، یارکند،
خوتەن ولایتلریده آز اوچراتمادم، شلك
دوبەن وقتیده بو طرفلرده الك آزاده
یاسالغان اوچ خیل عمارتلر [ مالقچی
ادارەسی، نوسەنگوگسی، مکتب ] زلك
برسی بولغان مکتبلر بو ایکی اوچ یلدن بو
یاقی ایگەسزلك آرقاسیدا بوزولغانی
بوزولوبدور. یاپیلغانی یاپیلیبدور. حکو
متدن بولر اوچون توزەتش یولی برل -
مەیدور. اوبوشمالر بارنی توزەتش، یوق
یەرلرگه ییڭی مکتب سالش اورنیغا
اقتصادی یتمەسلکنی سبب قلب، دوبنی
قسقارتش، ایکی معلم بار یرگه برمعلم
قالدوروش حرکتنی باشلابدور. اونلك اوستیه

گەیرمونچه اوبوشمالر بو کونده سیاسی
ادارەلر یاکی مأموری ادارەلر یالقلریە -
غا اوتکەن یلدەکی پراکندەچیلك زمان -
لریده بر ایکی نوبت «ماتریال»
بیرب «صادق» بولوب آلغان جاهل،
معارف دوشمانی بولغان آدملر قولیغا
اوتوب کیتبدور بولر اوز توققانلری
یاقینلرینی اوبوشمالرنك مالیه اشلری،
عشره اشاریگه اوخشاش کریم اشلریگه
مسئول قیلب، عاشرلر مالیه مدیرلری
آرقیلق اوبوشمانی تالاشقاه اوبوشما
بایلقینی خصوصی یانچوقیغا توشوروش -
کە باشلابدور. [ مثال: خوتەن اوبوشما
سی رئیسی و قارغیلق اوبوشماسی
رئیسینك بو خیل خیانتلری حقیده عم -
لی جحتلرنی شو یردەکی حکومت خا
دملری و خلق چیداماغانلقدن مکا تاف -
شوردی. قورقوب ایتالمای یورگەن بر
لر آز امەس ]

اونك اوستیگه بو یل ۷ نچی آیدا
اوتکەزلگەن حکومتنك عکس الحرکتچی -
لرنی توتوشی مناسبتی بلەن بعضی یر
لرده معارفنی، معلمنی، عادلراق سوزله
گوچیلرنی کوره آلمای یورگەنلر توغرا
اشلەگەن اوبوشما رئیسی، مکتب مدیری
یاکی معلملرنی یاکی عکس الحرکتچی
دەب قماتیدور، یاکی ایش باشیدن هاید -
اب، دد صداقتچی دەمەن دەب یورگەن
آدملر اوزدوستلری توققانلری ساوادسز
جاهل بولساهو مکتب مدیری اوبوشما
رئیسی قیلب تعینلەیدور.

بونك بلەن معارفیمزغا مکتب اش -
لریمزگه جان کویەرلك قلغوچی، معلم -
لر روحی طرفدن سقیلیدور. امیدسزلەن -
یدور، یاکی اوزینی سانقلاش اوچون

صحرالرغا قاچب کیتیدور. یاکی هرخیل
جاهل آدملر آلدیدا باش ایگب،
شولرنك تخسەسینی کوتوروشکه مجبور
بولوبدور. بونك آرقاسیدا معلملکدن
کوبچیلکنك رایی قایتب کیتیدور. بونك
نتیجەسیده ییگی صحار پیضی آبادە
اوخشاش ناحیەلر تا بو ۱۰ نچی آیلر
غیچه توزوك بر اوقوچی یغب مکتبلر
نی آچالمایدور. ۱۰ نچی آی اورتالریی -
ده فیضی آباد صحرالریدن اوتکەنده
کوب مکتبلرنی قوروق کوردوم.

مکتبلری آچلغان ناحیەلرده بولسا،
مکتبلر اوچون هیچ بر قوللانما یوق،
بونك نتیجەسیده مفقتده مکتبلرگه کل -
تورلگەن بالالر مکتبده توزوك اوقو
تولمای وقتی بوش اوتوب آتا آنالر
نك یاکی مکتبدن کوگلینی ییلەمو
سوووتشقا سبب بولوب توروبدور.

بو خرابلاشقان مکتبلرنك ایگەسی
یوقدورمو؟

۵ - ٦ آی، حتی یللاب، یللاب
معاشسز، تعميناتسز قاقتی سوقتی بو
لوب، جاهل آدملر آلدیدا باش ای -
گشکه مجبور بولغان معلملرنك باشینی
سلاغوچی یوقدورمو؟

معارف ادارەلریمزمو معارف خدمت -
چیسی بولغان معلملرگه بر لیاقت کاغذی بیر -
رب قالالسا، هایدالسا، «هوی! بو مینك
خدمتچم ایدی، نمشکه قمادك، نمشکه
اشدن بوشاتدك، و نمشکه معارف نظارت -
چیسی طرفیدن لیاقت کاغذی بولماغان
آدمنی اونك اورنیغا قویدوك»،
دیپشکه آغزی بارماسمو؟

نی - نی فداکار معلملر باشینی
اچیگه تیقب، حمیدنك سابق بوبارید اه
یارکند سحرالریدا، کاشغرنك قاراغوکو
چالریدا آچ - یالاگاچ احلەب یوروبدور.

دوامی ۲ - بەتدە

حكومەت ضيافتلرگە كتيب بارغان پوللر ي
لەن بوزده برينى بولسامو چقارب شو
بيچارەلردن . بالام ترشيب اشلەدك رحمت
سينك حياتگما اوبدان قارالمادم؛ اما
قلغان خذمتگنى بلب تورمەاقدامن
آز بولسيمو تقدرلەش اوچون ساگا
ماناشو مكافتنى بردم دەيمو ترش،
سينك نامك معارف تاريخيدا بوقوری
اورون آلادور، دەب باشينى سلاب نة
ديرلەب قويوشقا حكومتنك قوليدن كل
مەسمو؟

اون مگلاب، بوزمگلاب كتاب باسش
قا پول يوق ديسە، هر مكتبكه ياكى هر
ناحيەگە برەر نوسخەدن تارانب بيرش
اوچون تورت بش يوز پارچا دەرسلك
باسب هرمكتبكه كوچوروب‌بيريب توروگ
لار دەب اطرفقا ابيرشكه پول يوقمو؟

ياكى حكومت باراق پولينى-ى و
كوچينى سياستكه، مەن عنايتلك، مەن
معتبردەب آبروى تالاشقوچى عنصر
لارنى سلاشقا صرف قلب توگەتديمو؟
اشلەمەگەننى اشلەمەديك ديدوق، اش
لەگەنلرگە قاراماساق، موشتومى زورلرغه
آياق آستى قلدورساق كم اشلەيدور؟
بز حكومت و اونك ادارەلريگە چراي
لق سوزلرى، آچقان مجلسلرى بركەن
وعدەلرى بلەن امەس
توزەتكەن مكتبلرى، تربيەلەگەن معلم
لرى، باسب برگەن درسلكلرى و چاپقان
اوستەگلرى بلەن بها برەمز.
يمەى كيمەى تاپقانيمزنى بريب تولەگەن
آلوانلار سەبەبدار بدەلگە حكومتدن كوگ
لومزنى خوش قلغيدەك اشلر تلەيمز!
[خلق اوغلى]

## حجگە كتكەن حاجيلريمز توختاب قالبدور

[مركزى آژانس يگى دهلى ١١ -
نويابر مخصوص تلغرامى] توركستاندن
حجگە كتكەن ٨٢ كشى و باشقالر بولب
جمعى ٥٠ كشيمز دشمير ولايتى چگارا
سيدا سوقوش تاثيريگە اوچراب توسا
اب قالبدور. خبرگە كورە بولر سريناكار
شهريگە يتب بارشدەكى ٤٠ كونلك مصافه
دە قاتتق سوغاققا اوچراب بر قانچەسي
نك بش بارماقلرى اوشوبدور. برسينك
يوتنى اوشوب كتب بك اغيرچيلققا اوچراب
دور. گرچه حاجيلريمز توركستانلق يورت
داشلر اوبوشماسيدن كوتوب آلنغان بوآ
سامو اولر ينه آغرچيلق چكمەكدەدور.
مركزى آژانسنك سريناكاردەكى مخبرى
حاجيلريمزدن حال سوراب بارغانيدا، اولر
وزلرينك تلەك آرزولرينى همده هندسه
تانغا كلگونچه چككەن جفا مشقتلرينى
ايتقانلر. هندستان موقت حكومتى باش
قانى نهرو بلەن سريناكاردا يوزمو يوز
كوروشوب „ هندستان حكومتى بزگە قاتـ
ناش قورالى برسە، كالاچ ديگزى ساحـ
لى بلەن مكه مكرمەگە باريب آلساق "
ديگەن اوتونچنى قلغانلر. توركستانلق

---

## بوگور ناحيەلك اولكە كيگەشچيسى يگى سايلاندى

بوگور ناحيەسينك كيگەشچيسى محمد
خان بك قارا شهر ولايتنك معاون واليلكي
گە تعيين بولغاندن صوگرا اولكە كيگە
شچيلكيگە استعفا برگەن ايدى. اورنى
وش قالغانلقدن ١١ نچى آينك ٤ كونى
بوگوردە بر زور ييغين اوتكوزولوب بو
تون خلق و منصبدارلر و ضياليلرنك
اتفاقى بلەن بوگور ناحيەلك اويغور اويوش
ما رئيسى عبدالحميد مخدوم، اولكە
لك كيگەش اعضاسيغا [ اولكە كيگەشچي
لكيگە] سايلاب ٥ نچى نويابردە معاون
والى محمد خانبك قوليدن كيگەشچيلك
وظيفەسينى تاپشوروب آلدى.
بوگور ئەرك مخبرى

---

# التی شهر بويلاب

بول خاطرەسى

## بوگوردن كوچارغه

(باشى اوتكەن سانلاردا)

مطيعى

بوگورنك بتون خاتونلـ
رى حقيقتدە حوسنيدە باشقالردن
ايريلب تورار ايدى. متاع كوگلك، بالا
آياق شونچەلك گوزەل؛ ناواردور دوزبلەن
اورالبديغان بولسا قانچەلك بولوب كيتەر
دەب سوزلەشە سوزلەشە كوچارغا قاراب
ماگدوق.

ماگشدن الگرى آرامزدن برسى
٣٥ ياشلاردەكى بر خاتونغا „ آچا بو
يردن كوچارغا قانچه يول " دەب سورا
غان ايدى. بو خاتون جواب اورنيغا
„ آچاكز؛ آرقا تزدەقالدى دەب قارابمو
قويماى كريب كتدى هممز اوگايسزلانب
قوندن كيين چاچى آقارغان خاتوننى
كورسەكمو „ خانم " ديشنى اونوتمايلى
دەب يوروب كتدوك.
چول آباد بلەن كوچار اورتاسيدەكى
„ ياقا " ديگەن بيكتدە بر آز توختاب كەچ
ساعت اونلاردا كوچار بازاريغا يتب كلدوك
كوچا باشقا آلتى شهر كوچالريدەك
قسقا بولار دەب ماشينادن تولوشـوش
كه تيارلانب اولتورغان ايدوق، ٥٠ مينـ
وتقا ياقين يورسەكمو توگومەگەن كوچانى
كوروب كوچارنك چوگلغى بزنى حيران
قالدوردى. اوزون انتظارلقدن كيين ماشيـ
نامز ايگزراق بر دوگگە چقب شهر قاپـ
قاسيغا كردى. شهر قاپقاسيدن ٥٠٠ متر
يورگەندن كيين اچيدە ايكى قبـــت
آوروپاچه عمارت سالنغان حاكم ادارەسى
هويلاسيغا يتب كردك.
خوددى چولدن زيركلەندە يشل
درختلر قانداغ اوبدان كورونسە، بر
ساعتكه ياقين يورسەكمو آراسيدن چقب
بولالماغان كوچارنك پاكار توپا اويلرى
آراسيدا بو آوروپاچه عمارت شونداغ
عجايب كوروندى. اوخلاشقا حاضرلەنگەن
حاكمنى آوارا ناب عيد آشلرى تزلغان
اويدە يوز كوزنى يوئوب ساگزا بلەن
چاى اچكەندن كيين ايكنچى قبت سيم
كاربواندا حاضرلەنگەن توشەكلرگە ياتيب
اولوكدەك قاتتق اويقوغا كەتدوك.

## اوزيدن گلىيوغان كوچار دوپپاسى

— ٢٢نجى آوغوست —

ايرتەگە قوپوب تا ساعت ١٠غيـ
چه حاكمنك حاضرلەمەكچى بولغان يمەگيـ
نى كوتوب زيريكب كەتدوك. توشدن
كيين ساعت ٤دە يورمەكچى بولغانقا
كوچارنى كوروش، آلتى شهرنك فقط
كوچاردىلا بولغان مونچاسيغا توشوش
وە كوچار باغلاريدن برينى زيارت قلـ
ش پلانيمزاوچون كوب وقت كيرەك بولـ
غانلقدن آلدرار ايدوق. كوچاردا قلادور
غان اشلارنى قايتقاندا قلادورغان‌بولغاش
قا بوكوننكى وقتنى شو اشلارغا قويغان
ايدوق. بازارغا ايكى آمريقالق مخبر
بلەن برگە چقدم. شنبه بازارى بولغاش
قا بازاردا آدم كوب ايدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يورتداشلر اويوشماسينڭ مسئول بر كشيە
سى مخبرگە „ اگر سريناكاردا دولتمزنڭ
كونسولى بولسا ايدى او وقت هندسە
تادرەكى يلچيمزگە خبر كوندەريب حاجيە
لريمزنڭ يول قينچيلقينى حال قلب بر
گەن بولور ايدى» ديگەن.

# توركستان صنعتچيلاريگە برلگەن بها

[مركزى آژانس نەنجين ١٩نجى نويابر
خبرى] مركزى آژانس مخبرى داكار
موسيقاچى ياڭ زى بلەن اصولچى گاو
چيڭ خانم دن توركستان كانسرتلريغا قار
داغ بها برەسزدەب سوراغار.
- پرافسور سوڭ يونڭ برگەن بهاسى -
توركستان ياشلرينڭ كانسرت اومەگى
نەنجندە بر هفتە اويون قويغاندن بويان
نەنجين عالمى و عمومى تماشاچيلر بولار
دن عادتدن تاشقرى ممنون بولماقدا و
مدحلەمەكدە. شو قاتاردا داڭلق كينو
ريژيسورى پرافسور سوك يوى:
بو كانسرت، غايەمزدە بولسامو، تاپال
ماى تورغان كينو ماتريالىدور. بوخيل
سيارە ترووپپاسى حاليدا اچكريگە كيلب
اويون قويوشلەرى مدنيت تاريخيمزدا ب
يوك قمتكە ايگە بولغانڭ سرتيدا، ملت
لر آراسيدەكى اوقوشماسلقلرنى يوقاتا
دور. بر-برينى ترشەنشنى ترەنالەشتورە
دور. بوندن تاشقرى بولار نظرى و
تخنيك جهتدن اوز آرا اورگەنشنى
آشورسا آرتوقلق يەرلرينى اوستورسە
بيوك بر دەورى روحنى و مادى بەراك
خصوصيتلرنى اچيگە آلغان صنعتنى اور
تاغا چقرالايدور. مەن الگرى كينولردا
توركستان اصولينى كوروب كوب خرسـ
ندە بولغان ايدم. حاضر بونى اوز كوزە
مدە محلى روشدە كوروب، بولارنڭ چرايى
يلى اچكى چيندەكى خلقلردن باشقا
بولسامو تورموشنى و گوزەللكنى سويو
شى اچكى چيندن هيچ قالشماس ايكەن
ليگينى ينە بر حصە حس قلدم.
سوزينڭ آخرسيدا سوڭ افندى
كينوچيلر بو كانسرتدن كوپراق الب
اوز كوزى بلەن كوروش شرفيگە ايگە
بولالماغان باشقا وطنداشلرغامو كورسە
توشنڭ ضرورلگينى بلدوروب اوتدى.
ياڭ جوڭ زەى موندان بها برگەن
حاضر اونوتولغان قديمقى اصوللر
نڭ اساسى :ئول، بەل اياغ حركتلەريدن
عبارتليكى بزگە معلوم. بونڭ اچيدە قول
حركتنى مهيم اورون توتار ايدى. ... ا
صوليدا مشاوارتوقلق كوچلك ايكەن.
چين كوهنا تياترينڭ باش حركتيدە اوسـ
تالقى باشقالردن ارتوق ايدى. توركستان
اصولى بوخصوصدا ينەكام قالماس ايكەن
غزلگە كلگەندە توركستان غزەلى يوقاريلقدا
بولوتلرغا يتەدورغان تاغ تاشلرنى عكس
صداغا مجبور قلادورغان درجەدە كوچ
لوك ايكەن. بونقطەدە توركستان غزەل
لرى اوروپا غزەللريدن علاهيدە ايريلا
دور. سوزنڭ اخرسيدا ياڭ جوڭ زى
افندى توكستان غزەل واصولى اوروپاغا
ايرگەشمەى اوزيگە خاص ملى خصوصيتلري
نى تاشلاماسلقى لازم.
اوصولچى گاودى خانم بو بهانى برگەن
سوزينڭ باشيدا توركستان اصولى
حقيدە تورغون ترسەارنى سوزلەگەندن
كين موندان ديگەن:
اويغور لرنڭ قديقى اصولاريدن
بولغان„ چوڭ صنم" ديگەن اصول وە
مونت افادەلرى بولغان„ بيات، قاشقار"
ديگەن غزەللركە اوينالادورغان قوشما او
صوللر اويغورنڭ ملى علاهيدە لكلرى
و تورموش طريقلرينى كورسەتب تو
رادور.

كوزوم بر طرفدن آلتى شهرنڭ
خلق عادتلەريدن بولغان بازار كونى قلش
نڭ كورنووشلريدن بولغان شنبە بازارى
غا كلگەن خلققە توشسە، يەنە بر طرفدن
كوچارنڭ ايگز يەريگە پشق غشدن سالنـ
غان كوچار عيدگاسى بولغان وە اورمچيـ
دن چققاندن بيرى كوروب باقماغان آباد
دوكانلارغا توشدى. قزل پشق غشدن
سالنغان خانقاه نڭ اورتاسيدا اشيـ
گى بولوب، اشيگى اوستى منارلق وە
گومبەزلك ايدى. اشكنڭ ايكى طرفى
بوغان - بوغان آوروپاچە دەريزەلر بلەن
تولغان ايگز چرايلق عمارتدن عبارت
ايدى. دوكگە ايگز كوتوروب سالنغان
بو خانقاه كيشيگە برخل مغرور
كوروكەر ايدى.
كوچارنڭ آباد دوكانلرى قارا شهر
بوگورلردە كورگەندەك اويەردە بر، بوبردە
بر بولماسدن بتون بر كوچارنڭ ايكى
يانيغا قاتار تزيلغان ياريم آوروپاچە سا
لنغان سارايلر بلەن آرالاشقان حالدا
اوزيگە خاص بر آبادلق كورسەتوب تو
رار ايدى. كوچارنڭ اورتاسينى كسيب
اوتكەن امما بز اوتكەندە سويى يوق
بولوب ايچى اوتون اوت سمان بازارى
بولوب خدمت قلب تورغان كوچار دەر
ياسىنڭ كوبروگى آلديغا بارغاندا تيخيـ
مو آبادلاشا دورغان بو بازارنى كو
روب بولغيچە اوزون وقت اوتدى. بو
رستەنى مركز قلب هر طرفگە كەتكەن
تار كوچالرنى خلى اوزون وقتقيچە يو
روب باقسامو توگەتالمادوق.
كوچارنڭ قارا شهر [كيين كورشوە
چە آقسو ]لاردن كوب زور وە آباد تجارت
شهرى ايكەنلكيگە كوڭلوم قناعت قلب،
هر مالنى آيرم آيرم بازارلاردا ساتادور
غان شنبە بازارينى آيلاندم.
قازان بازارى، پت بازارى ، پاختا با
زارى ديگەندەك بازارلرنى آرالاب چقـ
قان دن كين دوپپا بازاريغا كلدوق. آمـ
ريقالق مخبرە كوچارنڭ اوزيدن گلـى
چوڭ دوپپالريدن آلب كيەمن دەب او
زون آوارە بولدى. باشيغا يورتمە شال
ياغى يف تور ياغلق ياپيب اوزينى كور
سەتمەى توروب اوستا سودالاشقوچى
دوپپاچى خانونلرنڭ دوپپالرينيمو كور
دوق. تامغا قاتار ميق قاقب تزيب آسب
تاشلاغان باشقا دوپپالرنيمو كوردوق.
آخريدا اوزى يشيل دخابەدن تكلگەن
ساددە امما گلى كلشكەن بر دوپپانى بو
خانمغا آلب بريب، دوپپاچيلر آراسيدا
سورەتگە توشوب، دوپپا بازاريدن چقـ
دوق. كوچار كوبروگى اطرافيدەكى رسـ
تەنى هم سويى يوق دريا اچيدەكى او
تون بازارلرينى كورگەندن كين چارچاب
اويگە قايتدوق. آمريقالقلرنى اويگە
تاشلاب كوچار اويغور اويوشماسى طر
فيدن سالنغان مونچاغە بارديم مونچـا
آزادە آوروپاچە سالنغان بولوب اورومـ
چينڭ ايكنجى درجەلك پارلاق مونچالريـ
غا اوخشار ايدى. پاكزە آدالانغان مونـ
چادا يويونوب موزدەك تاربوزنى اوسـ
لوق قلغاندن كين اويگە قايتب آرام
آلديم. آرام آلب توروشقا قارغالقدا خنـ
مەدە بولغان ياقين برادريم حـامد
محمدىنڭ كوچاردا ايكەنلگينى بلـب
چقب رەستەدە كوروشدوم آلتى شهرنڭ
يورانلق سياسى حياتيدن تاسقالب بو
يرگە كلب قالغان دوستيمز بلەن بيمەك
اوستيدە قسقاچە امما صميمى موڭداش
قاندن كين خيرلشب اويگە قايتدىم.
[ دوامى بار ]

www.uyghurkitap.com

١٩٤٧ يل ٢٤ نجي نويابر تلده، نشده، فكرده، برلك! دوشنبه ١٠٦ نجي سان

أ بولەنچوكلك خلق بولسون ! توتقان بولك حق بولسون ! خلق - حكومتدن اوستون ! حق - قوتدن اوستون ! أ

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز توركستاندور

مديرى: عيسى آلب تكين
باش محرر: م ٠ ا ٠ بوغرا

بهاسى: دانەسى ١٠٠ ئايليغى ١٢٠٠ دوللار
هجرى ١٣٦٧ محرم ١١

آلتاى نشرياتى طرفندن هفتەده اوچ چقادورغان سياسى، اقتصادى، اجتماعى، علمى، فكرى و ادبى غزيتەدو

# خرابلاشقان معارف و معلملر

فيص آباد ناحيەسيده ٣ نفر رڭ -
لرى سارغايغان معلمه قولومغا بر ال -
تماسنى توتقازدى، اوقوب قاراسام ،،بول -
تور [ ٣٥نجى يلى ] بز اشلەيدورغان
قزلر مكتبى اوبوشما قراماغيدن حكو -
مت قراماغيغا اوتكەن ايدى. حكومت
معارف نظارتى هم اوتكوزوب آلدوق
دەب علاقه و نامغا اوەتكەن ايدى. او
بوشما شو كوندن اعتبارن حكومت قرا
ماغيغا اوتدلر دەب تعميناتن برمه
دى، حكومت قل اوەتب برمەدى تا
اوشبو كونگەچه مكتبنى قلسز دوام قل -
دوروب كيتب بارامز، شو دردمزنى
معارف نظارتيگه يتكوزوب برگەن بول -
سيلا ،، ديگەن سوزلردن عبارت ايكەن،
اشاتماسدن حاكمدن ،، بولر شونچه آي -
لاردن بويان تعميناتسز اشلەب كيتب با
رامدور ،، دەب سورادم، مينك عجبله
شمگه قارشى حاكم آددى بر اشكه جواب
برگەندەك قلب ،، تعميناتسز اشلەب كي -
تب بارادور،، ديدى.

بو خيل التماسلرنى كاشغر، يارکند،
خوتەن ولايتلريده آز اوچراتمادم، شنك
دوبەن وقتيده بو طرفلرده الك آزاده
ياسالغان اوچ خيل عمارتلر [ ...افچى
ادارەسى توسەنكوگسى، مكتب ] نك
برسى بولغان مكتبلر بو ايكى اوچ يلدن بو
يادقى ايگەسزلك آرقاسيدا بوزولغانى
بوزولوبدور. ياپيلغانى ياپيليبدور. حكو -
متدن بولر اوچون توزەتش بولى برل -
مەيدور. اوبوشمالر بارنى توزەتش، يوق
يەرلرگه يڭى مكتب سالش اورنيغا
اقتصادى يتمەسلكنى سبب قلب، دوبنى
قسقارتش، ايكى معلم بار يرگه برمعلم
قالدوروش حركتنى باشلابدور. اونك اوستيه

گەبرمونچه اوبوشمالر بو كونده سياسى
ادارەلر ياكى مأمورى ادارەلر ياخلقلاري -
غا اوتكەن يلدەكى پراكندەچيلك زمان -
لريده بر ايكى نوبت ،، ماتريال،،
بيرب ،، صادق،، بولوب آلغان جاهل،
معارف دوشمانى بولغان آدملر قوليغا
اوتوب كيتبدور بولر اوز توققانلرى
يافينلرينى اوبوشمالرنك ماليه اشلرى،
عشره اشلريگه اوخشاش كريم اشلريگه
مسئول قيلب، عاشرلر ماليه مديرلرى
آرقيلق اوبوشمانى تالاشقاه اوبوشما
ياياقينى خصوصى يانچوقيغا توشوروش -
كه باشلابدور. [ مثال: خوتەن اوبوشما
سى رئيسى و قارغيلق اوبوشماسى
رئيسينك بو خيل خيانتلرى حقيده عم -
لى جختلرنى شو يردەكى حكومت خا
دملرى و خلق چيداماغاناقدن ٥كا تاف -
شوردى. قورقوب ايتالماى يورگەن بر
لر آز امەس ]

اونك اوستيگه بو يل ٧نچى آيدا
اوتكەزلگەن حكومتنك عكس الحركتچي -
لرنى توتوشى مناسبتى بلەن بعضى ير
لرده معارفنى، معلمنى، عادلراق سوزله
گوچيلرنى كوره آلماى يورگەنلر توغرا
اشلەگەن اوبوشما رئيسى، مكتب مديرى
ياكى معلملرنى ياكى عكس الحركتچى
دەب قماتبدور، ياكى ايش باشيدن هاي -
داب، دد صداقتچى ئەمەن دەب يورگەن
آدملر اوزدوستلرى توققانلرى ساوادسز
جاهل بولساهو مكتب مديرى اوبوشما
رئيسى قيلب تعينلەبدور.

بونك بلەن معارفيمزغا مكتب اش -
لريمزگه جان كويەرلك قلغوچى، معلم -
لر روحى طرفدن سقيلبدور. اميدسزله -
نبور، ياكى اوزينى ساقلاش اوچون

صحرالرغا قاچب كيتبدور. ياكى هرخيل
جاهل آدملر آلديدا باش ايگب،
شولرنك تخسەسينى كوتوروشكه مجبور
بولوبدور. بونك آرقاسيدا معلملكدن
كوبچيلكنك رايى قايتب كيتبدور. بونك
نتيجەسيده يڭى صحار پيضى آبادغه
اوخشاش ناحيەلر تا بو ١٠نچى آيلر
غيچه توزوك بر اوقوچى يغب مكتبلر
نى آچالمابدور. ١٠نچى آى اورتالري -
ده فيضى آباد صحراليدن اوتكەنده
كوب مكتبلرنى قوروق كوردوم.

مكتبلرى آچلغان ناحيەلرده بولسا،
مكتبلر اوچون هيچ بر قوللانما يوق.
بونك نتيجەسيده هفتەده مكتبلرگه كل -
تورلگەن بالالر مكتبده توزوك اوقو
تولماى وقتنى بوش اوتوب آتا آنالر
نك ياكى مكتبدن كوڭلينى ئينەمو
سوووتشقا سبب بولوب توروبدور.

بو خرابلاشقان مكتبلرنك ايگەسى
يوقدورمو؟

٥ - ٦ آى، حتى يللاب، يللاب
معاشسز، تعميناتسز قاقتى سوقتى بو
لوب، جاهل آدملر آلديدا باش اي -
گشكه مجبور بولغان معلملرنك باشينى
سلاغوچى يوقدورمو؟

معارف ادارەلريمزو معارف خدمت -
چيسى بولغان معلملرگه برلياقت كاغذى بي -
رب قامالسا، هايدالسا ،، هوىا بو مينك
خدمتچم ايدى، نمشكه قمادك، نمشكه
اشدن بوشاتدك، و نمشكه معارف نظارت -
چيسى طرفيدن لياقت كاغذى بولماغان
آدمنى اونك اورنيغا قويدوك،،
ديشكه آغزى بارماسمو؟

نى - نى فداكار معلملر باشينى
اچيگه تيقب، حميدنك سابق بوياربداه
ياركند صحراليدا، كاشغرنك قاراغوكو
چالريدا آچ - يالاڭاچ اشلەب يوروبدور.

دوامى ٢ - بەتدە

حکومت ضیافتلرگه کتیب بارغان پوللری
مەن بوزده برینی بولسامو چقارب شو
بیچارەلردن . بالام ترشیب اشلەدك رحمت
سینك حیاتگما اوبدان قارالمادم؛ اما
قلغان خدمتگنی بلب تورمـ . اقدامی
آز بولسیمو تقدرلەش اوچون ساگا
ماناشو مکافتنی بردم یئنەمو ترش،
سینك نامك معارف تاریخیدا بوقوری
اورون آلادور، دەب باشینی سلاب تە
مدیرلەب قویوشقا حکومتنك قولیدن کلە
مەسمو؟

اون مگلاب، یوزمگلاب کتاب باسش
قا پول یوق دیسه، هر مکتبکه یاکی هر
ناحیەگه برەر نوسخەدن تاراتب بیرش
اوچون تورت بش یوز پارچا دەرسلك
باسب هرمکتبکه کوچوروب بیریب توروگ
لار دەب اطرفقا ابیرشکه پول یوقمو؟

یاکی حکومت باراق پولیتیـ ی و
کوچینی سیاستکه، مەن عنابتلك، مەن
معتبردەب آبروی تالاشقوچی عنصر
لارنی سلاشقا صرف قلب توگەندیمو؟

اشلەمەگەننی اشلەمەدیك دیدوق، اش
لمەگەنلرگه قاراماساق، موشتومی زورلرغه
آیاق آستی قلدورسانی کم اشلەیدور؟

بز حکومت و اونك ادارەلریگه چرائ
لق سوزلری، آچقان مجلسلری برگەن
وعدەلری بلەن امەس

توزەتکەن مکتبلری، تربیەلەگەن معلم
لری، باسب برگەن درسلکلری و چاپقان
اوستەگاری بلەن بها برەمز.

یمەی کیمەی تاپقانیمزنی بریب تولەگەن
آلوانلار سەبەبلار بىلىگە حکومتدن کوگ
لومزنی خوش قلغیدەك اشلر تلەیمز!

[خاق اوغلی]

# بوگور ناحیەلك اولکه کیگەشچیسی یڭی سایلاندی

بوگور ناحیەسینك کیگەشچیسی محمد
خان بك قارا شهر ولایتنك معاون والیلکی
گه تعیین بولغاندن صوگرا اولکه کیگه
شچیلکیگه استعفا برگەن ایدی. اورنی
وش قالغانلقدن ١١ نچی آینك ٤ کونی
بوگورده بر زور یغیپ اوتکوزولوب بو
تون خلق و منصبدارلر و ضیالیلرنك
اتفاقی بلەن بوگور ناحیەلك اویغور اویوش
ما رئیسی عبدالحمید مخدوم‌نی اولکه
لك کیگەش اعضاسیغا [ اولکه کیگەشچ
لکیگه] سایلاب ٥ نچی نویابردە معاون
والی محمد خاننك قولیدن کیگەشچیلك
وظیفەسینی تاپشوروب آلدی.

بوگور ئەرك مخبری

# حجگه کتکەن حاجیلریمز توختاب قالبدور

[مرکزی آژانس یگی دهلی ١١ -
نویابر مخصوص تلغرامی] تورکستاندن
حجگه کتکەن ٨٢٠ کشی و باشقالار بولب
جمعی ٥٠ کشیمز دشمبر ولایتی چگارا
سیدا سوقوش تاثیریگه اوچراب توسا
اب قالبدور. خبرگه کوره بولر سرینا کار
شهریگه یتب بارشدەگی ٤٠ کوننك مصافه
دە قاتتق سوغاققا اوچراب بر قانچەسی
نك بش بارماقلری اوشوبدور. برسینك
پوتنی اوشوب کتب بك اغیر چیلقغا اوچراب
دور. گرچه حاجیلریمز تورکستانلق یورت
داشلر اویوشماسیدن کوتوب آلنغان بوآ
سامو اولر ینه آغر چیلق چکمەکدەدور.
مرکزی آژانسنك سرینا کاردەگی مخبری
حاجیلریمزدن حال سوراب بارغانیدا، اولر
وزلرینك تلەك آرزولرینی همده هندسـ
تانغا کلگونچه چککەن جفا مشقتلرینی
ایتقانلر. هندستان موقت حکومی باش
قانی نهرو بلەن سریناکاردا یوزمو یوز
کوروشوب „ هندستان حکومتی بزگه قاتـ
ناش قورالی برسه کالاچ دیگزی ساحـ
لی بلەن مکه مکرمەگه باریب آلساق"
دیگەن اوتونچنی قلغانلار. تورکستانلق

عجایب کوروندی. اوخلاشقا حاضرلەنگەن
حاکمنی آوارا تاب عبد آشلری تزلغان
اویەده یوز کوزنی یویوب ساگزا بلەن
چای اچکەندن کیین ایکنچی قبت سیم
کاربوانداا حاضرلەنگەن توشەکلرگه یاتیب
اولوکدك قاتتق اویقوغا کەتدوك.

# التی شهر بویلاب

## یول خاطرەسی

## بوگوردن کوچارغه

(باشی اوتکەن سانلاردا)

مطیعی

بـــویـــرز-لك بتـــون خاتـــون
ری حقیقتده حوسنیده باشقالردن
ایرلب تورار ایدی. متاع کوگلك، یالاك
آیاق شونچەلك گوزەل؛ تاواردور دوربلەن
اورالیدیغان بولسا قانچەلك بولوب کیتەر
دەب سوزلەشه سوزلەشه کوچارغا قاراب
ماگدوق.

ماگشدن الگری آرامزدن بیرسی
٣٥ یاشلاردەگی بر خاتونغا „ آچا بو
یردن کوچارغا قانچه یول " دەب سورا
غان ایدی. بو خاتون جواب اورنیغا
„ آچاگز؛ آرقاگزدەقالدی دەب قارابمو
قویمای کریب کتدی همەمز اوگایسزلانب
قوندن کیین چاچی آقارغان خاتوننی
کورسەگمو „ خانم " دیششنی اونوتمایلی
دەب یوروب کتدوك.

چول آباد بلەن کوچار اورتاسیدەگی
„ یاقا " دیگەن بیکتدە بر آز توختابکەچ
ساعت اونلاردا کوچار بازاریغا یتب کلدوك
کوچا باشقا آلتی شهر دوچالریدەك
قسقا بولار دەب ماشیناتدن. توشوش
که تیارلانب اولتورغان ایدوق، ٥٠ مت
رتقا یاقین یورسەکمو توگومەگەن کوچانی
کوروب کوچارنك چوگلغی بزنی حیران
قالدوردی. اوزون انتظارلقدن کیین ماشی
نامز ایگزراق بر دوگگه چقب شهر قاپ
قاسیغا کردی. شهر قاپقاسیدن ٥٠٠ متر
یورگەندن کیین اچیده ایکی قبـــت
آوروپاچه عمارت سالنغان حاکم ادارەسی
هویلاسیغا یتب کردك.

خوددی چولدن زیرکندە یشل
درختلر قانداغ اوبدان کوروندە، بر
ساعتکه یاقین یورسەکمو آراسیدن چقب
بولالماغان توچارنك پاکار توپا اویلاری
آراسیدا بو آوروپاچه عمارت شونداغ

# اوزیدن گلی یوغان کوچار دوپپاسی

— ٢٢نچی آوغوست —

ایرتەگەن قوپوب تا ساعت ١٠غیـ
چه حاکمنك حاضرلمەکچی بولغان یمەگیـ
نی کوتوب زیریکب کەتدوك. توشدن
کیین ساعت ٤دە یورمەکچی بولغاشقا
کوچارنی کوروش، آلتی شهرنك فقط
کوچاردیلا بولغان مونچاسیغا توشوش
وه کوچار باغلاریدن برینی زیارت قلا
ش پلانیمز اوچون کوب وقت کیرەك بول
غاشقاکوب آلدرار ایدوق. کوچاردا قلادور
غان اشلارنی قایتقاندا قلادورغان بولغاش
قا بوکونکی وقتنی شو اشلارغا قویغان
ایدوق. بازارغا ایکی آمریقالق مخبر
بلەن برگه چقدم. شنبه بازاری بولغاش
قا بازاردا آدم کوب ایدی.

www.uyghurkitap.com



بورتداشلار اوبو ەماسينڭ مسئول بر کشیـ
سی مخبرگە „ اگر سرینا کاردا دولتمزنڭ
کونسولی بولسا ایدی او وقت هند ـ
تاددەگی یللچیمزگە خبر کوندەریب حاجیـ
لریمزنڭ یول قینچیلقینی حال قلب بر
گەن بولور ایدی» دیگەن.

## تورکستان صنعتچیلاریگە برلگەن بها

[مرکزی آژانس نەنجین ۹ نجی نویابر
خبری] مرکزی آژانس مخبری داگلار
موسیقاچی یالڭ زی بلەن اصولچی گاو
چیڭ خانم دن تورکستان کانسرتلریغا قار
داغ بها برەسزدەب سوراغان.

- پرافسور سوڭ یونڭ برگەن بهاسی -

تورکستان یاشلرینڭ کانسرت اومەگی
نەنجندە بر هفتە اوینون قویغاندن بوبان
نەنجین عالمی و عمومی تماشاچیلر بولار
دن عادتدن تاشقری ممنون بولماقدا او
مدحلە مەکدە. شو قاتاردا داکلق کینو
ریژیسوری پرافسور سوڭ یوی:

بو کانسرت، غایەمزدە بولسا مو، تاپالا
مای تورغان کینو ماتریالیدور. بوخیل
سیارە تروپپاسی حالیدا اچکریگە کیلب
اوینون قویوشلەری مدنیت تاریخیمزدا ب
یوك قمتکە ایگە بولغاننڭ سرتیدا، ملت
لر آراسیدەکی اوقوشماسلقلرنی یوقاتا
دور. بر-بریني تونشەنشنی تره ئله‌شتوره
دور. بوندن تاشقری بولار نظری و
تخنیك جهتدن اوز آرا اورگەنشنی
آشورـا آرتوقلق یەرلرینی اوستورسە

ببوك بر دەوری روحنی و ملی هەرالك
خصوصیتلرنی اچیگە آلغان صنعتنی اور
تاغا چقرالایدور. مەن الگری کینولردا
تورکستان اصولینی کوروب کوب خرسـ
ندە بولغان ایدم. حاضر بونی اوز کوزە
مدە محلی روشدە کوروب، بولارنڭ چرایی
یلی اچکی چیندەکی خلقلردن باشقا
بولسامو توره وشنی و گوزەللکنی سوبو
شی اچکی چیندن هیچ قالشماس ایکەن
لیگینی یەنە بر حصه حس قلدم.

سوزینڭ آخرسیدا سوڭ افندی
کینوچیلر بو کانسرتدن کوپراق الب
اوز کوزی بلەن کوروش شرفیگە ایگە
بولالماغان باشقا وطنداشلرغامو کورسو
توشنڭ ضرورلگینی بلدوروب اوتدی.

یالڭ جوڭ زەی موندداق بها برگەن
حاضر اونوتولغان قدیمقی اصوللار
نڭ اساسی «تول» بەل اهاغ حرکتلەریدن
عبارتلیکی بزگە معلوم. بونڭ اچیدە قول
حرکتنی مەیم اورون توتار ایدی. ...نا
صولیدا مشاوارتوقلق کوچلك ایکەن.
چین. کوهنا تیاترینڭ باش حرکتیدە اوسـ
تالقی باشقالردن ارتوق ایدی تورکستان
اصولی بو خصوصدا یەنەکام قالماس ایکەن
غزلگەکلگەندە تورکستان غزەلی یوقاریلقدا
بولوتلرغا یتەدورغان تاغ تاشلرنی عکس
صداغا مجبور قلادورغان درجەدە کوچ
لوك ایکەن. بونقطەدە تورکستان غزەل
لری اوروپا غزەللریدن علاهیدە ایریلا
دور. سوزنڭ اخرسیدا یالڭ جوڭ زی
افندی تورکستان غزەل واصولی اوروپاغا
ایرگەشمەی اوزیگە خاص ملی خصوصیتلری
نی تاشلاماسلقی لازم.

اوصولچی گاودی خانم بو بهانی برگەن
سوزینڭ باشیدا تورکستان اصولی
حقیدە تورغون نرسەلرنی سوزلەگەندن
کین موندداق دیگەن:

اویغور لرنڭ قدیمقی اصوللریدن
بولغان „ چوڭ صنم" دیگەن اصوك وە
مهنت افادەلری بولغان „ بیان، قاشقار"
دیگەن غزەللرگە اوینالادورغان قوشما او
صوللار اویغورنڭ ملی علاهیدە لکلری
و تورموش طریقلرینی کورسەتب تو
رادور.

---

کوزوم بر طرفدن آلتی شهرنڭ
خلق عادتلەریدن بولغان بازار کونی قلشـ
نڭ کورنوشلریدن بولغان شنبە بازاری
غا کلگەن خلققە توشسە، یەنە بر طرفدن
کوچارنڭ ایگز یەریگە پشق غشدن سال
غان کوچار عیدگاسی بولغان وە اورمچیـ
دن چققاندن بیری کوروب باقماغان آباد
دوکانلارغا توشدی. قزل پشق غشدن
سالنغان خانقاه نڭ اورتاسیدا اشیـ
گی بولوب، اشیگی اوستی منارلق وە
گومبەزلك ایدی. اشکنڭ ایکی طرفی
بوغان - بوغان آوروپاچە دەریزەلر بلەن
تولغان ایگز چرایلق عمارتدن عبارت
ایدی. دوکگە ایگز کوتوروب سالنغان
بو خانقاه نیشیگە برخل مغرور
کورونەر ایدی.

کوچارنڭ آباد دوکانلری قارا شهر
بوگورلردە کورگەندەك اویەردە بر، بوبردە
بر بولماسدن بتون بر کوچارنڭ ایکی
یانیغا قاتار تزیلغان یاریم آوروپاچە سا
لنغان سارایلر بلەن آرالاشقان حالدا
اوزیگە خاص بر آبادلق کورسوتوب تو
رار ایدی. کوچارنڭ اورتاسینی کسـب
اوتکەن اما بز اوتکەندە سویی یوق
بولوب ایچی اوتون اوت سمان بازاری
بولوب خدمت قلب تورغان کوچار دەر
یاسینڭ کوبروگی آلدیغا بارغاندا تیخیـ
هو آبادلاشا دورغان بو بازارنی کو
روب بولغیچە اوزون وقت اوتدی. بو
رستەنی مرکز قلب هر طرفگە کەتکەن
تار کوچالرنی خلی اوزون وقتقیچە یو
روب باقسامو توگەتالمادوق.

کوچارنڭ قارا شهر [کیین کورشو
چە آقسو] لاردن کوب زور وە آباد تجارت
شهری ایکەنلکیگە کوڭلوم قناعت قلب،
هر مالنی آیرم آیرم بازارلاردا ساتادور
غان شنبە بازارینی آیلاندم.

قازان بازاری، پت بازاری، پاختا با
زاری دیگەندەك بازارلرنی آرالاب چقـ
قان دن کین دوپپا بازاریغا کلدوق. آەـ
ریقالق مخبرە کوچارنڭ اوزیدن گلـی
چوڭ دوپپالریدن آلب کییەمن دەب او
زون آوارە بولدی. باشیغا یورتمە شال
یاکی یف تور باغلق یاپیب اوزینی کور
سەتمەی توررب اوستا سودالاشقوچی
دوپپاچی خاتونلرنڭ دوپپالرینیمو کور
دوق. تامغا قاتار میق قاقب تزیب آسب
تاشلاغان باشقا دوپپالرنیمو کوردوق.
آخریدا اوزی یشیل دخابەدن تکلگەن
سادده اما گلی کلشکەن بر دوپپانی بو
خانمغا آلب دریب، دوپپاچیلر آراسیدا
سورەتگە توشوب، دوپپا بازاریدن چقـ
دوق. کوچار کوبروگی اطرافیدەکی رسـ
تەنی هم سویی یوق دریا اچیدەکی او
تون بازارلرینی کورگەندن کین چارچاب
اویگە قایتدوق. آمریقالقلرنی اویگە
تاشلاب کوچار اویغور اویوشماسی طر
فیدن سالنغان مونچاغە باردیم مونچـا
آزادە آوروپاچە سالنغان بولوب اوروم
چینڭ ایکنجی درجەلك پارلق مونچالری
غا اوخشار ایدی. پاکزە آدالانغان مونـ
چادا یویونوب موزدەك تاربوزنی اوسـ
لوق قلغاندن کین اویگە قایتب آرام
آلدیم. آرام آلب توروشقا قارغالقدا خنـ
متدە بولغان یاقین برادریم حامد
محمدی نڭ کوچاردا ایکەنلگینی بلـب
چقب رەستەدە کوروشدوم التی شهرنڭ
بورانلق سیاسی حیاتیدن تاسقالب بو
یرگە کلب قالغان دوستیمز بلەن بیمەك
اوستیدە قسقاچە اما صمیمی موکالمـ
قلدن کین خیرلشب اویگە قایتدیم.

[ دوامی بار ]

١٩٤٧ يل ٢٦ نجي نويابر تلده، نشده، فكرده' برلك! چارشنبه ١٠٧ نجي سان

! بولەنچوكنك خلق بولسون ! توتقان بولك حق بولسون ! خلق - حكومتدن اوستون ! حق - قوتدن اوستون !

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز توركستاندور

مديرى: عيسى آلب تكين
باش محرر: م٠ا٠ بوغرا

بهاسى: دانەسى ١٠٠ ئايليغى ١٢٠٠ دوللار
هجرى ١٣٦٧ محرم ١٥

آلتاى نشرياتى طرفدن هفتەده اوچ چقادورغان سياسى، اقتصادى، اجتماعى، علمى، فكرى و ادبى غزتەدر

# ملى ئاقارتشنى نه يردن باشلايمز ؟

## بو غايەمزده قانداق قلساق اوتوب چيقامز

بز ملى اويغانشنى مطبوعات بلەن باشلاماق طرفداريمز. بوني بيوتلريمزدن كيچكلرگه قدر تصديقلاغان بر حالدادور. بو كون هر كيمنك قوليدا بردن غزته و بردن مجموعه كورەمز. بو بولسامو اوشو غايەمزده نه قدر موفق بولالغانلقيمزني كورسەتەدور. بعضى ضياليلريمز بوگون جانيني آلقانيغا آلغاني حالدا كتابچيلق بلەن، غزتەچيلق بلەن شغوللانا باشلادى. قوليننك قسقالقيغا مليمزنك كمبغلليكيگه رغمەن انتشار ايتمكده بولغان بو مدنى حركتلريمزنك آز زمان ايچيده نه قدر نتيجه بره آلادورغانلقيني آلديندن مولچەرله آلمايمز. هر حالدا باش كوترسەته يانقان بو فعاليتلرني مدنى معارفمزنك استقباليدن امين قلادورغان قدر ايلگيرىلەر. مليمزني نور عالمىگه گاووشتورغان قدر بزني سويوندورەر. بر يل بورون بر غزتەگنه نشر قلنادورغان اورومچى شهريده بر نچه غزته ادارەلرينك قورولوشى، بوگا آيدين بر دليلدور. صولك آيلارده غزتەچيلك بلەن اوخشاش كتابچيلق اشلريمو بر قدر ترقى قلماققا باشلادى.

كتابچيلق اوقدر مهم اشدوركى بو لوبمو بزنك ضعيف معارفيمز بردن بر اونگغا محتاجدور. مدنى معارفدا بيوك اوتوقلر قازانغان آوروپالقلرمو بارغانسرى كتابچيلقغا اهميت برمكدەدور. بر شاعر، بر فيلاصوف ياكى بر فن آدمى بتون كشيلك دنياسيني علاقەدار قلغان بر خيال سورەر و ياكى باكى بر نرسه كشف ايتەر. بوز بلەن بوني آران معلوم بر بوركەچه، معلوم بر نسلگەچه ساقلاب قالالامز. فقط يازلغان بر كتاب بتون دنيانى آيلانار و بتون نسللرگەچه ساقلانب قالار. كيرەك بو اعتبار بلەن بولسون و كيرەك مكتبلريمز اوچون بولسون بز اوچون نشرچيلق بكمو مهم حس قلنماقدادور.

حاضر بر كوب يازوچيلريمز طرفيدن درسلك قوللانمالر، اثرلر يازيلغالى باشلادى. موفق بولاآلغانلارى نشر قلندى. مليمزگه تارقاندى. آز وقت ايچيده بو قدر اوتوقلرگه ايرشكەنلكيمز اوچون نه قدر سوينسەكمو ارزيدور. بوگون ملت مكتبلرينك كوپيونچەسى، ديگيدك درسلك قوللانمالردن فيدالغان وقتده باش كورسەتكەن بو فعاليتلر بزده اميد توغدورماقدادور. دها توغريسى ملى رئيسيمز مسعود صبرى جنابلرينك كتابچيلققا او قدر اهميت بريشى باشقالرنيمو بونگغا قزيقتورماى قالماس. نشرياتيمز قورولغاندن برى ملتنك روحى اوزوقيني قاندراب برمك يوليدا چاليشب كلمكدەدور. هر تورلك علمى و ادبى كتابلر' رسالەلر نشر قلماقنى مقصد قلسامو اوقدر موفق بولالمادى. نيمەگه؟ اقتصادى قينچيلق مانع بولماقدادور. زادى كيمگه يغلاب بيرەمز؟ باريب - باريب ينه اوز ملتيمزگه يالبارماققا مجبوريت حس قيلامز. بتون ملتداشلريمز بز بلەن بر يەكدن تول چقارغاندلا هر ايشده اوتوب چقاقلى بولور.

# ملى رهبريمزگه بولغان محبتنك بر افادەسى

مسعود افندى صبرى جنابلرى اولكەلك حكومت رئيسليكيگه تعين قلنغاندن برى بتون يورت خلقى آرقامو آرقا تبريك نامەلر، سوغالر يوللاغالى باشلاغان ايدى. يراق - ياقيندن كلگەن بو سوغاسلامەلر خلقيمزنك ملى رهبرلرينى نه قدر سوگەنلكيني و نه قدر حمايه قلادورغانلقيني كورسەتمكدەدور. تا بوگونگه قدر دوام قلاياتقان بو تبريكلر بتون ملتداشلريمزده ملى حسياث اويغانا آلور. ياقيندا ينه بگور خلقى علاهيده بر توغ حاضرلاب شهريمزگه وكيل كوندرگەن ايدى. وكيللر تونوگون ساعت ١٠دا تورك ايغور اويوشماسى مدنيت كلوبيدا اولوسال باشقانيمزغا توغ تقديم قيلش مراسميني آچدى. مراسمغا مسعود افندى، مديريمز عيسى آلب تكين' يورت معتبرلرى' اداره وكيللرى و خلق بولوب ملكن آرتوق كشى قاتناشدى. بگور خلقى ناميغا عبدالعزيز چنگزخان داملا نطق سوزلەب صوگره توغ تقديم قلندى. و بگور خلقينك تبريك نامەسى اوقولوب مسعود افنديگه سونولدى. مسعود افندى بگور خلق وكيللريگه رحمت اوقوب جوابا نطق سوزلەگەندن صولك ييغين كوكلك حالدا تارقالدى.

«ئەرك» مخبرى

# اولکه و شهر خبرلری

## کوپچولوکنك فکری بلەن ایش الب بارماق استەیمز!

توركستان تجارت بانقەسی‌دە یانیندا
اوز قاراماغیدەکی هر بر بولوم باشلق
لرینك اشتراکی بلەن بر مجلس آچیلب
تجارت اوستیدە مذاکرەلر بولندی. بر
وب مسئلەلر اورتاغا تاشلاندی. بوتون
مجلس اهلینك تکلیفی بوییچە بو فکر
لرنی کوپچولککە اوختورماق اوزرە
شهرمزدەکی عنابتلك سوداگرلرنی دعوت
قیلب ئلك دائرەدە محاکمە یورگوزمەك قرار
کلنغان ایدی. بوندن دولایی ۲۲-نویابر
قونی توشدن صونك ساعت ۲ دە معتبر
سوداگرلر و سوداگر جمعیتینك باشمان-
لری بولوب ٤٠ دن آرتوق کشینك اشت
راکی بلەن بر ییغین اوتکەزولدی.
بانقە معاون مدیری یاك افندی مج-
لس اهمیتینی کوپچولوککە اوختوروب
اوتکەندن صونك مذاکرە باشلانب
دوامیدا یاك افندی بانقەنك یاکیدن اش
لەب چقارغان چکینی قوللانش توغرو-
سیدا مجلس اهلیگە فکر بردی. کوپچو
لك بو چك نك هیچ بر اهمیتی یوقلغی
اگر بو چك قوللانلسا خلقنی تخیمو
آغیرچیلققا سالب قویادوغانلقی و مال بها
سینك یەنەمو اورلەب کتشیگە سببچی بولا
دورغانلقینی توشەنب اوستی - اوستیگە
ناراضیلق بلدورەککە باشلادی. اوزون
وقت مناقشە یورگوزولوب نهایت بو فکر
اوستیدە هیچ بر نتیجە کورولمەی مجلس
اهلی کوگلسز حالدا تارقالشدی. بو مس
ئلە حقیقتدە کوپچولکنك دقتینی تارتا
دورغان علاقەدار بر مسئلەدور. حالبوکی
یورتیمزنك اقتصادی نچار اشلەب چیقا
ریش قالاق بر وضعیتدە ایکەن خلقیـ
مز اقتصاد قیینچیلقینی چکمەکدە دور.
بو حالدا مالیە دائرەلری خلقنك حیاتی
نی قامداماق اوزرە مال بهاسینك اورلەب
کتمەسلکی اوچون اوبدان بر تدبیر او
لاب چقارماقنی لازم کورولەدور.

ابراهم نیازی

## بر بولوك محبوسلر ازاد قلندی

صونك آیاردە اجرا قلنغان تازالاش-
دا یارکند ولایتیدن «عکس الحرکتچی»
نامی بلەن بر بولوك کشی حبس قلنغان
ایدی. یاقیندا والی قاسار بیکنك بویو
روغی بوییچە یارکند ساقچی ادارەسی
نك باشلقی سعدالله افندی بو محبوس
لرنی تدقیق قلب والی آرقالق حربی
اشتابقا معلوم قلار ویەنگیل گناەلقلردن
بر قانچە اون کشینی آزاد قلادوز.
والی قاساربیك قربان عید کونی
محبوسلاردن حال سوراب کرەر ایکەن
ایتقان سوزیگە کورە قالغانلریمو آز زا
مان ایچیدە ایککیگە بولونوب آزاد قلن
سالر کرەك. آگلاشیمزچە، یارکندگە قاراش
لق قارغالق، مرکیت، پوسکام ناحیەلری
دەمو سیاسی گناهکارلارغا بو توزلك
ککچیلکلر کورولمکدە دور.
بو محبوسلار آزاد قلشدا فعالیت
کورسەتکەن والیمزغا توگنمەس تشکرلر
بلدورمکددور.

«ئەرك» مخبری

## التی شهر بویلاب

بول خاطرەسی

### اوزیدن گلی یوشان کوچاردوپپاسی
(باشی اوتکەن سانلاردا)

مطیعی

← ۲۲نجی آوغوست →

بختکە قارشی بوران چقب قالغانلق
دن یوروشدن ئالتایدوق بوش وقتدن فاید
لانب مکتبلرنی زیارت قلماق اویلاسامەو
اما تعطل وقتی بولغانلقینی اسلەب
بو فکردن قایتب تولوق بارم کوننی
ایچ پوشورغوج چینچە ضیافت بلەن
اوتکەزدم.

### اسمی جسمیگە لایق ناحیە

← ۲۳ نجی آوغوست →

هوا بولوت تاغ طرفدن سوغاققینە
شمال سوقوانقان سحردە ایکی طرفی
قاتار تال بلەن اوراب الغان تاش یول
بلەن بر آز یورگەندن کیین ماشینامز
اوچوقلققا چقدی. تالقان چقش وقتی
دا امدی اوستەڭدە طهارت آلب مسجدکە
آذان ایشتقاکریوانقان مناعسەلالك موذن
نك بوغولوب بوغولوب یوروشی وق
تنك خیلی ایرتەلکینی بلدورە ایدی.
اویوقققا چققاندن کیین ساقل شمال
پەلتولرنی کیشکە مجبور قلدی. توز سای
یولی بلەن تانقا قاراب ماکدوق. تاك
توزوك آنقیچە تاغ اچیگە بنیب کردوك
آغر بولاق تاغاردیکی دەگر توقای تاغ
اچی یولینی اسلیدیغان یول بلەن بر
آز ماکغاندن کیین کوچار بلەن بای
آراسیدیکی داوانغا یەتدوك داوان توبی
دە ماشینادن توشوب پیادە داوانغا چق
دوق. داواننك اوستیگە یەتەی دیگەندە
بوزگە باقین مردکار تایاق توتوب توح
تمای اشلگوچیلرنك مانا کوکنەکلرینك
ایتەکلری آرقلق چویقلاب تورغان آغلاق
چیلار یتەکویایکی آستیدا تاغنی بوزوب
باش آییغی بوقلا ار یردە یولنك ایکی
حوتیلە، کەتمەتلەب توزلیمەکدە ایدی.
یاریمیدن آرتوغی باش بالالردن عبارت بول
غان بو هاشاچی لرنك اشلری دقتمزنی
تارتدی. یاشقا چوگرافلری کەتمەن سابی
دن توتوب تارتار. کچیك بالیلر کەتمەن
قولاغیدن توتوب برگە نقتار ایدی.
مجبوری اش بولغان هاشارچیلقنی قلغا
شقا میکن بولار اشنی قولینك اوچیدا
قلماقدا. کوزی بز طرفدە ایدی. آغلاق
چیلر بزنی کوروب اوزلرینك حکمینی
بزگە کورسوتوب قیریوش اوچونمو یامە
دوك اشچیلرنی قاتتغراق اورغیلی، قاتت
غراق واقراب هایدیغیلی باشلادی اما
اشچیلر بونگغا هیچ التفات قلماس ایدی
بولردن اوزون اوتمەی داوان توپەسیگە
چقدوق. اوبەردە بای باج خاناسینك باج
الش اورنی بار ایکەن. ادارە یانیدا ۳-
٤ چولا قاران آسلغان بولوب اوبردە
اشچیلرنك غزالری پوشورولماقدا ایدی.
ماشینامزداواندن چقیشی بلەن هممزچقب
یەرتوویییغا خیلی ائتك ماکغیلی باشلادوق.

# خارجى خەبەرلەر

## فليپپين جمهور رئيسينىڭ مهيم سوزى

[ مەركزى آژانس باوگوئيو ٢٤ نو بابر مخصوص تلغرامى ] فيليپپين جمهور رئيسى لوخماس افندى آسيا اوزاق شرق اقتصاد هيئتى‌نىڭ بوگونكى قورولوش مرا سمىدا شونداق ديگەن. „ آسيا بلەن او زاق شرق رايونلاريگە سالقين قاراماق توغرى امەسدور. بر يوزيدەكى خلقنىڭ ياريم قسمينى اشغال اتمكدەدور. دوير ژنىڭ خلقى بك كمبغل بولغانى حالدا جفا مشقتلرگەكوب اوچرادى. تورموش احوالى غايت آغير. اونىڭ اوچون آسيا و او زاق شرق خلقيغە آوروپاغا اوخشاش برابر حالدا ياردم قلنماقينى استەيمز. آسيا و اوزاق شرقليلر مطلقا كوچلوك دولتلرنىڭ اوگەى بالاسى امەسدور"...،

## مارشالل نيمەنى استەيدور؟

[ مركزى آژانس لوندون ٢٤- نو بابر يونەيتد پرس تلغرامى ] مخبرنىڭ ئابتلك يرلردن آلغان خبريچە ؛ دولت خارجى وزيرلرينىڭ يغينيدا باريشما مسئلە سى اوزرە بر قرارغا كلسە آلمايدورغان بورونەدور. مارشالل اوز آرقاداشلارى بلەن گرمانيە آراسيدا مستقل اولاراق تنجلق معاهدەسى توزوش فكريگە قارشى چققان. مارشالل بلەن علاقەدار برسى غربدەكى دولتلرنىڭ روسيەنىڭ قاتناشماسلق شرطى آستيدا گرمانيە بلەن تنجلق معاهدەسى توزوشنى باقلاغانلقلارى مرنمەيو سا بولسون خام خيال بولوب سانالورلر بو توراوك فكرلر عمليتكە اوبغون كلمەس حتى آمريقا دولتينىڭ ياوروپانى گللەندوروش سياستيگە مو اوبغون كلمەيدور" دەيدور.

## ياپونيە خلقى نىڭ بيوك اميدى

[ مركزى آژانس توكيو ٢٣-نويابر يونەيتدپرس تلغرامى ] ياپون غزتەسيدە ؛ دولت خارجى وزيرلرينىڭ ياپونيە دينەشلرى گە قاريتا برلشمە مجلسينىڭ همكارلق آماسيدا بولماقينى اميد قلب شونداق ديمشلر ؛ اوروش قلماسلقنى اعلان قلغان شو نسبتدە قوللريدەكى قورالنى تاشلاغان ياپون خلقى تيز كون ايچيدە توختام امضا قلماقنى اميد قلدور. چونكه بوگونكى ياپون اقتصادى بلەن خلق تورموشيغا چوك تاثير يبرە دورغان بر اشدور"

## عسكرلرنىڭ پاكستاندن چيكينشيگە اميد بار

[ مركزى آژانس ويرسالم ٢٣- نو بابر يونەيتدپرس تلغرامى ] آڭلاشلما لرغە قاراغاندا انگلترەنىڭ ياقين شرقدە تورغوچى الە عالى رهبرلريدن ايكى كشى انگلترە عسكرلرينىڭ پاكستاندن چيكنيشى حقيدە بيغين آچميشلار. بو كشلرنىڭ برسى انگلترەنىڭ ياقين شرقدە تورغوچى عسكرى باش قرماندانى كيلوب يەنە برسى پاكستاندە توروشلوق عالى درجەلك كشى‌سى ئلگە دك خەبرلردور. شەنجلك خبرلرگە قاراغاندا انگلترەنىڭ قوروغلوق عسكرى قسمى انگلترەنىڭ پكستاندە تورغوچى حربى قوماندانى لو مونغا بريتش پلانيدا پاكستاندە تورغوچى عسكرلرنىڭ چيكنمەيگە قلغان بويروقينى مذاكرلشمكدەلر.

---

كراقدا. كوبكوك بولوب قزيلنىڭ دەرەختلرى وايتزلرى كوروندى برنچە قتيملق اچكى اوروشلردە خيلى قانلق اوروش بولوب اونكەن بوئزلگرچە اوزى كچك بر ير بولسەمو برموئچە عسكر توراتيكەن قزلدا بزنىڭ آلديمزغا نەڭ اوەل مشق قيليوانقان عسكرلر اوچرادى. قزيلنىڭ محلە اوتراسيدا تورماسدينلا درياسيغا كلدوك. ٥٠-٦٠ كوبروك باساواتقوچيلر اتدەم بوئى كونەكەن باسالغان التەكشيلك يغاچ يازغان بلەن كوبروكنىڭ قوزوقلرى قاتماقدا ايدى. بويردەمو آغلاقچيلار چاق بلەن حركتنى ادارە قلماقدا ايدى. بو كوبروك پوتمەيگەن بولغاشقا ماشينانى سوغا سالدوق. اوزومز پيادە اوتدوك ماشينا سودن چقشقا ازقالغاندا تورخو ئيغا سوكريب كيتيب توختاب قالدى. كوپروكچى اشچيلرنى عسكرلر هايداب كيليب ماشينانى ايتريشگە سالدى. اما اشچيلار ماشينانى سودن قوزغالمو الالميدى. اغلاقچيلار اشچيلر دومبەسيدە خيلى چوبقلار سندوردى اما ماشينا اورنيدن قوزغالمادى. بز بلەن بللە كلمەكدە بولغان ياركند ديكى عسكرلر نىڭ مرآلايى جاوافندى براشچيغا اوزينى هافاش قلدورب ماشينا ئانيغا باريب تاماشا قلدى. چەتدە قاراب تورغان امريقالق مخبرلر بوئى كوروب بر-بريگە كورسوتوشوب برنمەلر ديشدى اخرى ماشينامز تورخونيني اليب تاشلاب اوت الدورغاندن كيين اوزى سودن چقب كتدى. مرالاى جاوافنديمو ايشەك اورنيدا امنگەن اشچيدن توشدى، قوليغا حق برەديكين دەب قاراسام قايرلب قارابمو قويميدى. ماشيناغا تورخون بكتكچە كوبروك باشيدا برآز استراحت قلدرق. الديمزدن قزلنىڭ يگى ارقاسيغا بر دورغانى سالغان حالدە وماقنى قككير ديب آقاياتچە اولتوروب كوبروكديكى اشچيلرنىڭ اشينى تكشورگلى اوتوب كتدى بونى كورگەن اغلاقچيلار اياق بلەن اتقا هايداشنى يەنيموتزلشب، بكگە اوزلرينىڭ تربيچالقينى يەنەبر بركرە كورستدى، بك اشچيلر يانيغاباريب حال سوراش اورنيغا اشچيلرنى بوشاتلق يالقاولق بلەن عيبلاب برنچە ايغز سەت تل بلەن سوككەندن كين يەنە اودلقى قا قككير اولتارغان حالدا قايتب كتدى غرور، قوقال بگلروە اغلاقچيلربلەن يوش بوى سونوچان كوبروكچى دهقان لارينى كوروب خيالغا چومغان حالدە اولتارغانمدا ٦٠-٧٠ ياشلر ديكى ايكى دهقان بالاسى قوغون كوتوروب الديمزدن اوتدى يچوگاراق قزغا" قوغونيگزنى ساتامسز؟ دەن ايدم. الديمدا توختاب معقوللاق بلگوسى قلب باشينى سلكيدى. قانچەبرەى ديسەم اوزلرى بلب برسيلە ديگەرحوابنى بردى. شونچە كچك صحرا قزى اغزيدن بولسيدو التە شهرخلقينىڭ نزاكتينىڭ يورو درغى چقب تورار ايدى. ايكى بوزدوللر بركەن ايدم كوبخورسند بولدى قوغونى تخى پيپ بولماى توروشومغا بو زنىڭ ٥-٦ ياشيديكى انيسى هم اوزقوليدە كى خمەكنى ايلب بزدن بش التى قدم براقراق بزگەقاراب تەلموردى‌مەن درحال اونىڭ قوليديكى خمەكنى سانقوسى بارلقينى سزيب يەنە قوغونيگزنى ساتامسز ديدم بيچارە بالا جواب بريش اورنيغا قورقو رالاش برحركت بلەن الديمغا يوگوروب كيلب اقوغوننى ماكابردى و درحال اراغ چيكنب خودى" قاليمو؛ تورابمو دەب يكى لنيب تورغان توشقاندكە قاراب تور علي باشلادى.

## نوائی چیغیری

سان 31 نومر

### تاڭ اتماسمو؟

همەگە آتدی تاڭ بزلرگە آتماس اوشبو تونلردە
کون نوری یوقالغاندور کوزمدن اوشبو کونلردە
سقیلدم هم بوغولدوم چقمادی جانم عزیز تندن
قولاغمغا صدا کلدی آیریلمایمن من سندن.

تنم یورتدور، جانم ایلدورآقار سولر کوزیاشی
آغا اینی قریندلشدور، غم کونلردە موگداشی
اولوغ ابرلر فدا قلغان بو توپراقغا عزیز باشی
قزیل قانغا بویالغاندور بو تاغلرنڭ قارا تاشی ....

بو توپراقنی سوغارغاندور شهیدلرنڭ عزیز قانی
اولوب کتکونچە برمەیدور تنیدە بولسالر جانی
وطن گلدور اولوس بلبل قونوب اوینایدور هر شاخدا
چوغوندەکلر اوچوب کتسە کولوب سایرایدور شوچاغدا.

امیدسز بولماغل خلق، قارا بختڭ آچلماسمو
قارا تونلر کتب باشدن قویاش نوری چاچلماسمو
چالشماق برلە تاپقای سنن مرادگنی عزیز ملت
چالشقاندا کورەرسن ای عزیزلر آبروی عزت

ا.عبدالله شیخزادە

### اویغانتش

سوزیگە آلدانب اول، کوروب ظلمینی اولگونچە
بی طاقتلکدە قینالدڭ قویاش نورینی کورگونچە.
باشڭ اورنیغا قان آقدی سنڭ حالگغا کم باقدی؟
اولوم اعلا، ایگب باشڭ اونڭ قولیدا کولگونچە.

— • —

سوزیگە آلداب تکرار عجب بر اختیار ایتدڭ
کوزگنی آچ کونەر باشڭ، قارا غفلتدە یورگونچە
توتوب قاپقاندا جانگنی، عجب آتقوزدی قانگنی
یانامسن بولدی تور امدی! رقیب دامینی قورغونچە

— • —

قانگنی شوراتب یانقا، یوزیمدن نورنی کتکورمە!
تاریخگنی تانوغل سن یاتنڭ سوزینی قلغونچە
اوزڭ اونتوشنی اویلاب کور جهاندا کم ایدڭ اول،
مثالدا کمگە تەڭ قلسام انە سن بارایدڭ شونچە

— • —

صنعت بابیدا اوستون ایدڭ سن تاریخنی آختور
بابالڭ قلدی گلستاناق آچلدی تورلی گل غونچە
سنڭ غیرت کوچڭ گویا آرسلان شیردا یوق ایردی
سبب نە بولدی ایل حیران یاتاسن قول بولوب مونچە...

— • —

قنی او بابالڭ امدی رحیمسز قایسی شوم آلدی
جداب تورا! دیمە وجدانڭ بتون بار یوقنی آلغونچە
قنی تورامدی اورنگدن کوزوڭ آچ بوجهانغا باق!
اولوم اعلا! بو الدڭ وبالیغا مونچە قالغونچە

ع. فاروق

### قوشما

انە چقدی چرایلق آی،
قارا تون دردیگە وای وای،
غریب خان آلدی بر مکتوب
صنمدن خوش خبر مای مای...
صنمنڭ چاچلری تال تال،
براقدن کورونەر وال وال،
سهردە یاغدا سەیلەتسەڭ،
قدمڭ هر بری بال بال...

دلشاد

### برلشمە ایشلر باش ایشتابینڭ اورومچیدەکی تکینچیلك کارخانەسیگە اوقوغوچی قبول قلش اعلانی

1 - مقصدی - کارخانەمز چگرا اولکەلردە تیغمك کادرلوبنی یتشتورمك اوچون 500 نفر اوقوغوچی ردیەلب چقماقنی مقصد قلادور.

2 - سانی - ماشیناچیلق اوچون 100 نفر تیرە چیلق اوچون ایکی یوز اللك نفر، موزدوز چیلق اوچون بریوز اللك نفراوقوغوچی قبول قلنادور.

3 - یاشی - 16یاشدن یوقاری یگرمە بش یاشدن توبن بولوب ایشلەب چیقاریش اشلریگە اتناشش اوچون هوس قلغوچی یاشلر قبول قلنادور.

4 - لیاقتی - جوڭ خوا فقراسی بولوب، از تولا سوادی بار کیف - سفادن خالی، ساغلام بدنلك یاشلر کفللك بەرن الادر. امما ملت ایریلمایدی

5 — تربیە — مخصوص تغنیکی تربیە بریلشدن تاشقری ترسلك تعلم - تربیە هم بریلەدر.

6 - تربیەلەش وقتی وقتنچە التە ای قلب بلگولنەدر.

7 - تعمیناتی - تعلیم تربیەجریانیدا یمك ایچمك، کیم، یتاق، اوقوش اشیالری برید لشدن تاشقری هر ایدا 200 ملڭ دولت دوللاری بریلەدر. اوقوش درجەسی یاخشی بولوب چقوچیلرگە کارخانەمزدەکی باشقا خدمتچیلرگە اوخشاش تعمینات بریلەدر.

— اسمینی یازدوروش تردی — اسمینی یازدورغوچیلر اوزلرنڭ کارخانەمزگە کیردشدەکی طلبنامەسی و کفللك کاغذدن برنسخەدن تاپشرادور.

9 - اسمینی یازدوروش اورونلری - اورومچی شرقی دروازە (دومڭ) ایچیدەکی کارخانەمزنڭ تکوچیلك بولومی، 2 - کارخانەمزنڭ اورومچیدەکی (میین یومن طرفدەکی) تیرە زاوودی، 3 - اورومچی چوڭ کوبروكنڭ غربی قسمیدەکی بولومچەسی 4 - اورومچی یومو سەن بولیدەکی کارخانەمزنڭ ماتیردئال بولومی، بشنجی کارخانەمزنڭ قمولدەکی تیرە زاوودی، 6 - کارخانەمزنڭ قاشغردەکی تیرە اوودی، 7 - قراشهر یوجی زەن دەکی کارخانەمزنڭ تجارت بولومی، سکزنجی کوچوکدەکی تجارەت بولومی، 9 - توریان کهنە شهردەکی کارخانەمزنڭ بولومچەسی

10 - اسمینی یازدوروش وقتی - غزتەگە اعلان قلنغان کوندن باشلاب 12 - اینڭ اخریغا قدر

11 - امتحان الش وقتی - کەلگەن وقتدە سناشدن اوتکوزوش بلەن صنفقا کرگوزیلەدر

12 - قوشومچە - مکتبکە کرگەندن صوڭ سببسز چقب کتسە یاراق راسخود کفل بولغوچیدن تولوتوب الادر

٣ - ١٥

ئادرس اورومچی ئەنگوەن
یوڭغە بیغاك نومر 18 ئالتای نشریات ادارەسی

١٩٤٧ يل ٢٨ نجي نويابر تلده، نشده، فکرده' برلك ! جمعه ١٠٨ نجي سان

! بوله‌نچونڭ خلق بولسون ! تونقان بولك حق بولسون ! خلق - حکومتدن اوستون ! حق - قوتدن اوستون ! !

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

مدیری : عیسی آلب تکین
باش محرر : م ١٠ بوغرا

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

بهاسی : دانه‌سی ١٠٠ ، آیلیغی ١٢٠٠ دوللار
هجری ١٣٦٧ محرم ١٧

آلتای نشریاتی طرفندن هفته‌ده اوچ چقیورغان سیاسی، اقتصادی، اجتماعی، علمی، فکری و ادبی غزیته‌دور.

# گوچك معارفی حقنده

## معارفیمز جبهه‌سیده‌کی اتسز باتورلرنی افتخار ایته‌مز

چونچی [ گوچك ] معارفی حقنده
سوز آچار ایکه‌نمز، بوگونکی معارفی-
مزنڭ قینچیلقلری و اونی بیگب چق-
ماق چاره‌لرینی بره‌ر قور اسله‌ب اوت-
که‌ن بولامز. قینچیلقلر توغدورغان
ناباب عادتلر حقنده سوز آچقانیمزدن
چاره حقنده سوز آچقانیمز بزگه قولای
توردور. ایش باشیمزگه قالغان زمانلردن
حتی غولجه انقلابینڭ ،، قورالق
موفقیتیدن ،، صوڭغی چاغلردن باشلاب
معارفنڭ جدی بر احتیاج اولدیغینی
سزمش ایدك. اما عملیاتده ،، هر واق-
راغان عنصرلر،، هم بزگه، معارف
حقنده بره‌ر چاره تقدیم قیلالغانی یوق.
کیره‌ك درسلکلر اولسون، کیره‌ك معلم-
لر اولسون' کیره‌ك ایش پروغرامده
اولسون، مارف راسخودینی آلساتچی-
لقدن کلگه‌ن فائیدا سیاب، ایش اورنیه-
غا صرف ایتلگه‌ن امه‌س ایدی. بوگون
هر - بر ناباب عادت، هر - بر یمان
اشار البته تاموریدن یوقاتیلماغی لازم.

چونچی معارفی قاندای ایکه‌ر ؟
سوئالیغا بز خراب ایکه‌ن معناده جواب
بیره‌آلامز. قولیمزده‌کی حجتلر ایله بز
بونی اثبات ایته بلمه‌مز. یالغوز بز تورك
اوزه‌ك اوقولیدن استثنا' قالاق قالغان-
لقنڭ آساسی ، ینه شو ناباب عادتلر
ده‌بمو ایتاآلامز، امدی بز عمومی یاق-
دن قوشوب بر نچه آغز سوز آچب
کوره‌یلی.

١ . چونچینڭ یالپی خاراکته‌ری .
بوگون کوزگه کورونوب تورغان
بیوك مسئله‌لر' اوردو و ملکیلر آرا
سیده‌کی مناسبت و یاخود رخصت لیش
یاپی یول قویوش مسئله‌سی ایدی.
اما چونچیده بو تورلوك مسئله‌لر انک-
لاق انمیگه‌ندور. چنانچه اوردواشلری
ملکی اشلرگه آرالاشماغان، عسکریه‌لر
ملکی خدمتکه‌مو داخل اتمه‌سلر ایکه‌ن
بر اجتماعیتیمزده بك اوبدان بر حال-
دور. بارده‌ملشمك کومله‌شمك بولغانی
قدر. اشکه‌مو داخل بولمایچه هر اش-
نڭ اوز آرالیقی بله‌ن آقیشی، چون-
چی یورتدارچیلیغینی باشقا یرلرمزدن
علی العاده آیرب تورماقده‌دور. شونڭ
اوچون چونچینڭ یالپی خاراکته‌رینی
بر خل ترقیاتنڭ آساسینی قورغالی بو-
لادورغان برنڭ خاراکته‌ریستکاسی ده‌ب
ایتقالی بولادور.

٢ . بوخاراکته‌ر اچیده‌کی معارف
بوخاراکته‌ر اچیده‌کی معارف البته
ترقی اتمکی لازمدور. لکن معارف
راسخودینڭ ییتشمسلکی، درسلکلر یوق-
لیقی دولاییدن گوچکده معارف ینه آر
قاده قالمشدر. اونڭ اوستیگه چینلیلر
مکتبلریده، مدیرلرنڭ ،، جان باقماق
اوچون قل تاپماق،، نظریه‌سی تقدیما
تیدن بو حالڭ دها ترقی اتکه‌نینی
کوره‌مز.

چونچیده یالغز بر اوزه‌ك [ مرکزی ]
تورکیر اوقولی باردور. کیره‌ك چون-
چیغا' کیره‌ك باشقا یرلرگه بولسون' او
زینڭ تعالیمی، ایش و اش آلاب ب
ریشی ایله اولگه بولالادور. بز براینکی
حجتلك سوز بله‌ن جواب برگه‌نیمز ده
مه‌ن هاشم افندی بله‌ن [ بو کشی
اوزه‌ك اوقول باشلغی ] قونوشدم.
درسلکلر کمچیلیگی حقنده سوزله‌دی.
بو حقده اونڭ تابقان چاره‌سی فقط
تورك بالالری اوچون تربیه برمك
مقصدیمز ایکه‌ن، بوگونکی معارف راس-
خودی بزنڭ دلیمزنی سوغاراآلمایدور
،، اما بو یتمه‌یدور،، دیب قارایلا
اولتورماق اوزی اهمیت برمسلك ایکه‌ن
دیگه‌ننی قلدم. و اوز یانیمدن ٥٠٠٠٠٠٠٠٠
دوللر قدر راسخود قیلب مای باسما
بله‌ن درسلکلر باستورماقده‌مه‌ن' دیب
جواب بردی.

ینه بر سی مکتبلر اوچون بو یلقی
کمور راسخودیغا تخمینا هر اوقولغا
اوچ تورت ملیون دوللر دیلر ایکه‌ن
بو قلنی معارف نظارتی ایبه‌رگه‌ن همان
همه اوقوللر [ بو مرکز مکتبدن باش-
قالری ] قل حالیده قائید الاتفاقه قرار
قلغانلر. اما ینه شو مکتب بز عقل یور
گوزوب بو قلنی' قل حالیده استعمال
اتمك بازارنڭ بوگونکی هواسیده قو
لایسزلق توغدورادورغانلیقینی اویلا
غانلر صوڭیده آت عرابه قلماق
مصلحتی بله‌ن ایش قلغانلر. اگر بر
آدم آلب بر - عرابه‌نی اشکه سالغانده'
بش آی اچیده بولك بله‌ن ١٥٠٠٠٠
جلك کمور کلتورگانی بولادورغانلیقی
آنقدر. یاریمی سانالسا و یاخود کرا
٧٠٠٠٠ جکدن آرتوق کمور بله‌ن
آت - عرابه مکتبکه فائیداغه قالور
ایکه‌ن. بونداق مثاللر کوب-دور
بولر د---ه‌سی د---معارفیمز

دوامی ٢ - بته‌ده

اوچون قلنغان ئجرلارئور.
گوچك معارفی اچیده قینچیلقلارنی
ییگب کیتب بارغان بو مرکزی اوقول
و اونك خدمتچیلارینك فعالیتی البته
بیوك بر تحفه‌کارلق تشکیل ایته‌دور.
بو تصادف انکه‌ن منور حادثه‌نی اورتا
غه چقاروچیلرده عرقیمزنك یتشتورگه‌ن
آتسز باتورلاریدور. البته بز بو کبی
آتسز باتورلاریمزنی افتخار ایته‌مز شولا
یوق معارف دوائرینك مکافات بله‌ن او
لارغه جواب برمکینی رجا ایته‌مز.

جمهور جنابلاری طرفیدن موندلق نطقی
اعلان قلنشی همه‌مزنی خرسند قلدی.
خرسندلگیمزگه توشلوق بو خوش
امر کاغذ بوزیده قالماسا ایدی.
«ئەرك» مخبری

---

## خوش امر

۱۷ = نویابر کونی ایرته‌گه‌ن ساعت
۱۰ ده اداره‌مزگه جمعیت اداره‌سیدن
«۱۲۲۸» نومرلق بر امر کلدی.
قانداغدور بر عادی اوختوروش
بولسا کیره‌ك دیگه‌ن نیت بله‌ن لیپابنی
آچدم قایسی‌کوزم‌بله کوره‌ی‌جمهور رئیـ
سی‌نیڭ «خلقنك آساسی حقوقلاری‌نطقی
احترام قلنسون» دیگه‌ن مضمونده‌کی
امری ایکه‌ن دقت بله‌ن اوقودوم امرده:
«شرقی شمالده‌کی ۹ اولکه و کاه
مونسلار بله‌ن اوروش بولوب یاتقان
یرلرده قورال کوتوروب سوقوش قلغان
وقتدا قولغا توشکه‌ن اوغریلارنی عس
کری اداره‌لار حکومت بلگوله‌گه‌ن چاره
بونونچه جزالایدور بو ایکی یردن
باشقا یرلارده عدلیه محکمه‌سی و عدلیه
محکمه‌سنك رهبرلگی آستیده‌کی ساق
چیلاردن باشقا هیچ قانداغ اداره‌لرنك
آدم سولاشقا و قانونغا خلاف یوللاربله‌ن
خلقنك ایرکلیگیگه دخل یتکوزوشکه
مطلق رخصت یوق.
عدلیه ساقچیلاری هم آدم سولاشقا
امر آلب آدم سولاغاندا قانوندا بلگو
لنگه‌ن صورتدن آشورمای عدلیه محکمه
سیگه تاقشوروش لازم.
بو کونکی دولت اچیده‌کی قالایماز
چلقنی باسیب دولت قوروشقا حاضرلینش
دوریده بتون دولت اداره‌اری قانون بله‌ن
ش الیب بارش و خلقنك حقوقینی
حیمایه قلش حرنتینی یانیمو اوستوروش
ضرور» دیلگه‌ن،،
یورتیمزدا سو بله‌ن هوا اورنیدا
ضرور بولغان بو خیل امرنك رئیسی
ده‌ب بارادور.

---

## امریقا غزته‌لری روسیه‌گه مال تاشوشقا قارشی واقرایدور

[ مرکزی آژانس نیویورق ۲٤ نجی
نویابر مخصوص تلغرامی] «نیا خبرلری
غزته‌سی باش مقاله‌سیده آمریقادن ساو
یت روسیه‌سیگه دواملق صورتده مال
تاشوش ایشیگه قارشی ایکه‌نلکینی
بلدوره دور. شولایوق ده دولت مدافعه
سینی چیکتماق اوچون آمریقا دولتی
ساویت روسیه‌سینك حربی، اقتصادی
کوچینی آرتدورا دورغان مادی اشیالرنی
روس حکومتیگه ساتشنی توختاتماقی
لازم شو چاغدا غنه دنیا تنچلقینی یاکی
باشدن قوروش جر یانیده‌کی بتون آغر
چیلقلرنی آرایتشقا امکانیت توغولور»
ده‌ب یازادور.

---

# التی شهر بویلاب

بول خاطره‌سی

## اسمی جسمیگه لایق ناحیه

( باشی اوتکه‌ن سانلاردا )

مطیعی

من بونك بو عجایب قاقلرینی کوروب
کولدوم. بالامو کولومسیره‌دی. قولیغا
تورت یوز دوللر پول بریب باشینی سلا
دم، بیچاره اوغلان خوشحاللقیدن کوز
لری یاشلانغرادی. قولومدن قوتولوش
بله‌ن توشقاندك بوگورگه‌ن پیتی اویکه
کوریب کتدی. ماشینامزمو یوتدی. منمو
کمبغل دهقان بالالرینك حیاتی و استق
بالی حقیده هرخیل فکرلرگه چومغان
حالدا ایکی طرفی، درختلك اوزون تاش
یول بله‌ن سارامغا کلب قالغانلقمنی بل
مه‌ی قالب‌دورمن.
آمریقالقلار یول بویی قاتیق ایزده‌ب
کلگه‌نلکی اوچون جنوبی تورکستان بو
یونچه قاتیقی داڭلق بولغان سایرامدا بو
لرنی قاتیق بله‌ن مهمان قلدم. کوچاوك
غیزا اورنیغا بر قاچادن قاتیق ایچیب
یولغا روان بولدوق. قزیلدن باشلانغان
درختلق و ایتزلقلر تا بایغا دارغونچه
توگومه‌دی. قارا شهردن کوچارغه‌چه خی
لی اوزون سوسز چوللردن اوتکه‌ن بول
ساق، موزات تاغلاریغا اودول بولغان بای
دا شونچه کوب سوغا اوچرادوق. آل
تی شهرنك بابایقی سوغه باغلق دیگه
نیگه امدی راستی بله‌ن ایشه‌ندم. ایتز
لق ایچیده آفتوموبیل بله‌ن نقد بر کون
یورگه‌ن بای ناحیه‌سی یونی بزگه ایشه‌ت
دوردی. باشقا ناحیه‌لرده کورمه‌گه‌ن چمه
لك اوتلاقلرنی بویرده کوردوم. باشقا
ناحیه‌لرده کورمه‌گه‌ن سالقین تاغ هواسی
نی بو ناحیه‌ده کوردوك. باشقا ناحیه‌لر
ده کورمه‌گه‌ن چارواچی دهقانلرنی بو نا
حیه‌ده کوردوم یعنی بو ناحیه دهقانلری
آشلق تریشدن باشقا مال هم باقار ایکه‌ن
بای شهریگه کوندوز ساعت یلرده کل
دوك. اوزونغینه کوپروك بله‌ن باشلانـ
غان بای کوچالری عادتده‌کی توپاره‌ك پا
کار پاکار دوکانلردن. ایچیده ماللری کوب
بولماسامو چاقفانغینه بزه‌لگه‌ن دوکانلردن
هر خیل رنگده سحراچه کیینگه‌ن خاتون
قزلرنك قوغون تاربوز تزغان ته‌کزه‌لری
دن عبارت ایکه‌ن. ماشینامز حاکم اداره
سی آلدیدا توختادی. که‌کگینه هویلادن
عبارت بولغان حاکم اداره‌سیگه کریش
بله‌ن بزنی معاون حاکم قارشی آلدی.
تاملری و تاختایلری گلم بله‌ن بزه‌لگه‌ن
حاکم اشخانه‌سیغه کریب یعضیاریمز کار
یوان بعضیلاریمز اوروندوقلرده اولتار
دوق. آکغینه آق چوچونچه‌دن تزگه یته
دورغان اوزون پشمت کیگه‌ن چارسافال
لق حاکم آخونوم کاب کردی. او کشی
بله‌ن تونوشوب بولوب یوز کوزلرنی یو
غاندن ین حاکم اداره‌سینك باغچاسیغا
کردم. زورغنه باغچانك اوتتورسیده‌کی
تورت یورجه‌ك سوپه‌ده: ۳۰-۴۰ معتبرگنه
آدملر بر عسکر زابط بله‌ن اولتورار
ایکه‌ن. یاناریدن اوتدوم همه‌سی بر آسـ
تیدن اوغورلوقچه بو نمه آده‌م دیگه‌ن
نظر بله‌ن ماڭا قاراشدی. سلام قلشقلی
ته‌مشه‌لگه‌ن ایدم، بو آدملر اورلرینی‌مه

# سيامدا سياسى اوزگريش قانداق كتەر

[ مركزى آژانس نانكين ٢٥-نويا بر تلغرامى] سيامدا سياسى اوزگريش باش كورسەتكەندن صوڭ چين دولتى كوب دقتدە بولوب دلگەن ايدى. سيام باش ايلچيسى دولاڭ شونداق بيانات بەردور دە من سيام ياڭى حكومتينڭ امر فرمانلريغا اطاعت قلمايدورغان موقەدە من ٫٫ بوڭا قارشى هيچ بر رديە بريلمەگەن.

دولاڭ افندى يڭى حكومت طرفدن اوتولگەن قانون اساسى مسوددەسىني تاپشوروب آلغاندن صوڭ خارجيە وكيلى يەڭوڭ چاو و انگلتره ايلچيلگينڭ مسئول كشلريدن حال سوراب بارور و مخبرلرگە جواب بەرەر ايكەن دە سيام دولتينڭ وضعيتى ياقين كلەچەكدە نهايت آز بولغان حالدا رواجلانغوش ٫٫ و يەنە دە سيامنڭ سابق حكومتى نخىي تار-مار بولمادى. بو وقتقە قدر سيامنڭ فلان يرىدە ساقلانب كلمەكدە ٫٫ ديگەن.

# توركيه بلەن بلغاريه چيگارسيدا وضعيت ياخشيلاندى

[ مركز آژانس انقره ٢٥ - نويابر مخصوص تلغرامى] توركيه آژانسىنڭ تارقاتقان خبريگە قاراغاندا توركيه بلەن بلغاريه آراسيدەكى وضعيت بلغاريه طرفيدن اسير قلنغان بر تورك نفرى آزاد قلنغاندن صوڭ بر قدر تنچ حالغا كلگەن بلغاريه حكومتى بو تورك نفريني آزاد قلغاندن صوڭ توركيه چگرا مدافعە چيلريگە اوزينڭ نەقدر خجالتدە قالغانلقيني اوختورغان ايشتە بو ايكى دولت چگراسيدەكى جدى وضعيت حاضرچە بر قدر تنچ قالغان.

# ايران چك اراسيدا عسكرى مشقلر

[ مركزى آژانس طهران ٢٦- نويابر بونەيتدپرس تلغرامى] ايران غزتەلريدن برى شونداق بر خبر بازادور دە اذربيجان اولكەسينڭ چيگارلريغا ياقن برلردە توپلانغان ساويت اوردوسى كەڭ كولەمدە مشق قلماقدالر بو برلرگە روسلار كوب مقداردە آغير توب وباشقا قوراللرنى توپلاغانلرى حالدا بش كوندن برى آچوق صورتدە حربى مشق بلەن شغوللانمقدا توب اوازى و اوت باروقلرى آچوق كورونب تورا دور. ساويتنڭ بو كبى حربى حركتكە كرشمەسيدەكى سبب ايران حكومتينڭ روسيە خواهشىنى ردقلب برباغنى [ نيفت ] توختامينى توزومەگەنلكيدور. حكومت اربابلرى اوز اوكسز صورتدە عسكر توپلاساموبزنى آنچە قورقوتا آلمايدور ٫٫ ديمەكدەلر.

# امريقا هوا عسكرلرى قول جنرالى حربى سوددا

[مركزى آژانس واشنغتون ٢٤ - نويابر تلغرامى] آمريقا هوا عسكر وزارتى باشلغىسى موندوننڭ بوگون ابرتە چقارغان اعلانيغا كورە اوروش وقتيدەكى آمريقا هوا عسكرلرى اشيا سانب آلش بشقارماسينڭ معاون باشقانى ميناسى بر جنايت يوزەسيدن حربى محكمەگە تاپشورولدى. بوندن دولانى حربدە قازانغان ظفر مدالىيەسى و عنوانلرى الب تاشلاندى. اوروشدن بوشانغان زمانلردە بربلە دورغان ٥٤٩ دوللارمو برلمەس بولدى.

---

من سەل قاچورغاندك توبولدى. مەو اعتبار قلماغانغا سالب يانلريدن اوتوب كندم باغنڭ آلدى و آرقى ايشكلريدە عسكرى قاراوول هم بار ايكەن. اعدنده باغقا كرگەندە آچيلب كتەدورغان كوڭلوم بو بردە بر خيل انديشەگە مايل تودو بلەن قاپلاندى. باغدن چقادورغان ايشككە قاراب قايتدم. اشككە ياقين قالغاندا آرقامدن برسينڭ ايلدام كلەياتقانلغيني سەزدم. بورولوب قاراسام هيلقى آدملر آراسيدەكى معلم صفتلك يگيت كلمەكدە ايدى. چرايغا اوبدان دقت قلسام اورومچيدە بر كورگەن آدمدك قلادور. سلاملاشدم قول برشدوك. من اسمينى سوراغنچە بو يگيت اوز اسمينى بوبردە برنچە يلدن برى معلم ايكنلگينى اورومچيدە مينى تانويدورغانلقينى حاضر بر نچە كوندن برى باينك انە شو سوپادا اولتورغان برمونچە يگيتلرى، بايلرى، آكلغراق آدملرى بلەن برلكدە تورفاندا بولغاندك قوزغولاڭ بولماسون دەب عسكرى ادارەلر طرفيدن قاماقغا آلنغانلغينى بوگون بو باغدا شو عسكرلر طرفيدن نظر بند قلنب اولتورغانلقينى، انە شو اوز آرالريدا اولتورغان عسكرى زابت بولرغە قامالشسببينى حاضر ايتقانلقينى و پات آرادە قويوب برشكە وعدە قلغانلقينى آلدراب تينەب ايتب بربب منڭ كب سوراشمغا هم اورون قالدورماسدن آرقاسيغا ياندى. سوپاغا يتب باريب اولتوروب آلب خودى باشقا همرالرى قتاريدا مڭا تكليب قاراغنچە قاراب توروب هەمميگە قاراب آلغاندن كين باغدن قايتب چقدم. حساشلق تويغومنى بلدوروب باش چايقاب قويدوم بولر آراسيدەكى زابدمكاهومايب قاراب قالدى. اوبگە كريب آلغاچ كلگەن كتاب ژورناللرنى باى اوبوشما رئيسيگە اوتندم. امين بگيم اوبوشماغا بارغان ايكەن. رئيس افندى اوبوشما ادارەسى اشخانەسيغا بر قبرى جالابنى آلب كريب برايكى معلمنى اش اوستەلى آلديدا اولتور غوزوب قويغان حالدا، جالابنڭ بوتاسيغا باشينى قويوب، دوتار آڭلاب ياتقانلقينى كوروب قايتب كلبدور، بز ماشيناغا اولتوروش آلديدن رئيس افندى كلدى. امين بيگمنى كوروب هيچ بر قزاريب هم قويماسدن كتاب ژورناللردن قانچەنى آلا دورغانلقى خصوصيدا سوزلشكەلى باشلادى. من افندم اوبوشمانگزنڭ احوالى قانداق ديگەن ايدم. ,, ياخشى " ديگەندن باشقا جواب آلالمادم. كوڭلومدە، ال بتە سيلردك قاهيشە بازلرنڭ اودون شرانيطى بولوب برسە ياخشى دەب نفرتلك برنظر تاشلادمدە ماشينامز باغدن چقب كتدى.

اوبوشمالر بمزدەكى بعضى خلمتچيلر منا شونداق بولوب برسە خلق قانداق نفرتلنمەسون ديگەن فكر بلەن كتب بارغاندا، بانمدەكى تورسون آخون بر زماندا آقسودا آتاغلق معلملردن بولغان بر خانمنڭ هيلى باينڭ بر آشخانەسيدا ختابچە اوزون چاپان كيگەن حالدا يالاڭباش، ختاى شوفيرلار بلەن عراق اچيب اولتورغانلقينى، نمە قلب بوريسز ديسە ,,تماشا قلب يورگەن ايدم قرا شهردن آقسوغا آپامنى كورگيلى كتيواتيمەن" دەب آشخانەدن چقب ايكى شوفيرنڭ قولتوغيدا ماشيناغا اولتوروب برنڭ آلديمزدا كتكنلكينى ايتدى. آدمنڭ ملى ناموسنى قوزغايدورغان مونداق مسئلەلر كوب اوچراسامو برمعلمەنڭ مونداق يوروشى مڭا تولامو آغير تاثير قلدى.

[ داوامى بار ]

١٩٤٧ يل ١ نجی ديقابر تلدە، نشدە، فكردە، برلك! دوشنبه ١٠٩ نجی سان

| بولەنچوكلك خلق بولسون ! توتقان يولك حق بولسون- ! خلق - حكومتدن اوستون ! حق - قوتدن اوستون ! !

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز توركستاندور

مديری: عيسى آلب تكين
باش محرر: م. ا. بوغرا

دانەسی: ١٠٠ ثاليهی ١٢٠٠ دوللر
هجری ١٣٦٧ محرم ٢٥

آلتای نشرياتی طرفندن هفتەدە اوچ چقاورغان سياسی، اقتصادی، اجتماعی، علمی، فكری و ادبی غزيتەدو

# هر كيم اوز ساحەسيدە اشلەسە ايدی !

بو كون خلقيمزنك منور قاتلاميدا كوب آچينارلق بر احوال دوام قيلب كلمكدەدور. او بولسامو، قابليتكە اويغون ايش قلماسلقدور.

مثال: معلملر ساقچيلق ايشنی قلـ‌غان، ياروچيلر ماموری اشلرنی اوستيگە آلغان، دينی عالملر عسكری مصلحتـ‌چيلك عمللريگە آسلغان، دهقانلر معارف مدنيت ادارەلريگە باشلق بولغانغا اوخشاش.

بونك نتيجەسيدە معلملرنك اورنيغا كشی ناپامای مكتبلر ساوادسز تشيلر قوليدا قالغان دينی عالملر عسكری ادارە خدمتلری ياكی ماموری عمللرگە كوكول برگەنلكدن دينی اشلريمز آرقاغا كتكەن ياكی دينی اشلريمز نادان آدملر قوليغا قالغان ياكی معارفدن خبری يوق آدملر قوليغا قالغان بعضی مدنی معارف ادارەلری [ يعنی بر مونچە اوبدوشالار ] ايش بلمەسلك نتيجەسيدە آرقاغا كتـ‌كەن ...

بو خل حادثەلر جمعيتيمزدە بلكی سياسی حقوق آلدوق، ادارە اشلرينی اوزيمز قلدوق ديگەن چيرايلق بر بها نە بلەن قلنب ياتقان بولسا كيرەك. اما بو دزنك قاراشيمزچە ملتيمزنك حقوق آليشيغا فائدە يتكوزوش اورنيغا باشقالار آلديدا ملتيمزنی ‹‹ ايش بلمەس›› قيلب كورسەتوب، آلادورغان حقوقلريـ‌مزغا توسالغو بولماقداە.

اوزينی و ملتينی سويگەن هر بر منوريمز بو زيانلی كوزدە توتماغان بولسا كيرەك؛ اما عملی تجربە بزنی بونی توشونوشكە مجبور قلماقدا. توشونوش وقتی كلگەنلكينی كوزيمزگە سايب كورسەتمكدە بو آغرقنك آلدينی آلماسدن ينە دوام قلدورغانڤ كيلەچەكيمز كوب قورقونوچلق بولغوسيدور.

بز شو قورقونوچنی بتون منورلريمز كوز آلديدا توتوشينی، بوندن قورتولوش اوچون حاضردن باشلاب اوز لياقتينی اوبدان اويلاب كوروب اوزی بلگەن بر اشكە بتون دقتی و كوچی بلەن كرشمەكينی تيلە ايدوق. بونی جمعيتنك آلدی ديگەن آبروغا ايگە بولغان ياشلريمز بويی هەمەدن اوەل باشلاماغی اوزيمز: مەن قايسی ساحەدە اشلەش اوچون تربيەلندم؟ حاضر قايسی ساحەدە اشلەب يوروبدورمەن؟ حاضر اشلەب ياتقان ايشم دائم قلماقچی بولغان ايشممو ياكی فقط مقصدمدەكی اشقا يتمەك اوچون كوبروكمو؟ خيالم باشقا اشدە قولوم باشقا اشدە بولسا، ايش ياخشی يوروب كيتالماسا، ملتمگە اشلەيمەن دەب، ملتكە زيان كلتوروب قويمايمەنمو؟ آنداغ بولسا نيمشكە او زەم قيلا آلادورغان اشنی تاپيب، نيە تمنی چيلك قيلب كرشمەيمەن. قلاياتقان ايشم وقتلق مودا، آبرو اوچون بولسا، بو ملتچيلك، خلقچيلق بولامدو ياكی، آلداماچيلق، شخصيتچيلك بولامدو؟ موننداغ كتسەم كين ياريب ‹‹ فلانچی حقيقی ايش آدمی امەس، قوروق عمل پرست›› ديگەن بها بويغوماغا توشوب قالماسمن؟ خم قارالانمامدو؟ دەب بر اويلاب باقيب او زی عمرلك دەب بلگەن بر اشنی تاللاب آلب، شو اشقا محكم ياپشماغی ضروردور.

بوندان قلساق يالغوز اوزيمزنيلا پارلاق بر يولغا سالغان بولماسدن، ملتيمزگە هم آبرو بولغودەك حركتدە بولغان بولار ايدوق.

## جاك جورينك سلامتلكينی تيلەيمز

مركزی آژانسنك برگەن خبريگە قاراغاندا، اولكەمزدن ليوميشوجاك بلەن چويسيجاكلر نانكينگە ياريب، جاكجورن بلەن توركستان مسئلەلری اوستيدە مهم مذاكرەلردە بولغان مذاكرەلرنك چكلغی، توركستان مسئلەلری حقندە مركزی ادارەلر بلەن دائيمی فكر آلماشتورشلرنك كوب بولوشی آرقاسيدا جاكجورن جنابلری بر آز چارچاغانلقدن ني سلامتلكی عاجزلاشيب، دوختورلرنج استراحت قيلشقا بويروغان. يورتيمزنك مسئلەلرينك توليـ‌قی حل بولوشينی و بونی حل قيلش اوچون ترشب يورگەن جاك جورننك تزراق سلامت بولوب كيتشينی يوك تكريدن تيلەيمز.

## بر فرانسوزنك صنعتيمزگە برگەن بهاسی

[ مركزی آژانس ٢٧ - نويابر تلغرامی ] توركستان صنعتچيلری نانكينـ‌دە بر آيدن آرتوغراق اويون قويوشی بلەن مركز شهريمزدە تورغوچی چەت ايل الچيلری هم چونقور بر قزيقش بلەن دقت قلماقدا. شرق مدنيتی حقيـ‌دە چوقور معلوماتقا ايگە بولغان فرانـ‌سوز اخبارات ادارەسينك معاوينی، مركز آژانس مخبرينك توركستان اصولی و موسيقاسينی آوروپا هم آسيا دولتلری

دوامی ٢ - بەتدە

اصولی و موسیقاسی بلەن سالشتوروب برمەکیگزنی اوتونومز دەب قلغان اوتو توچیگە بنا" فرانسوز اخبارات ادارەسی

معاوینی: مەن گرچە تورکستانغا بارما غان بولساممو' تورکستان اول طرفدن بولسون' غزل طرفدن بولسون اوزینك اصلی اصلوبینی تولوق ساقلاب طبیعیلك وە حقیقیلکنی تولوق افادەلب برالاری" دەب اشانامن. دیگەن فکرنی بیان قلغاندن کیین : "اوتموشدە تورکستان مدنیتی برنچە توتملك یاخشیلانشنی باشیدن کیچورگەن، شونك اوچون تورکستاننك قوشنا سیدەکی مملکتلەرگە مدنی تاثیرینك قانچەلك درجەدە بولغانلغی اونك تاشقریدن آلغان تاثیرنکمو قانچەلك درجەدە بولوشینی کورسوتالایدور هندستان مدنیتی اورتا آسیانك یایلاغلەریدە یاشاغوچی قرغز، اویغور، قازاق، مانغول خلقغە خیلی کوب تاثیرقلغان تورکستان اصولیدەکی بوبون حرکتی وە قول حرکتلەری مانا شوخیل تاثیرنك بلگولەریدور. اما تورکستان اصولیدەکی یومشاق، کلك آیاق حرکتلەری تورکستاننك طبیعی آرتوقلغی بولغان آتمنش صنعتیدن کیلب چققان آیرم اوزیگە خاصی بر بلگوسیدور. شونکدیك قدملەردەکی غیرت وە اوزیگە اشانچنی کورسەتکەن کوچ هندستان اصولیدا یوق بر آیرملقدور.

موسیقا طرفدن بر مونچە آدمك کوروتوشلری آواز شکللاری هندستان موسیقاسینك علاهیدەلکلەرینی اسلەر ایکەن اما قایتورمیلاش قاعیدەلری، یومشاق سوزولغان کوچلوك موسیقی اولبی ملاتادەلر ایکەن. قسقا آوازلارغا بر مونچە قسقا اهاڭلار بلەن مصراعی آیاغینك قایتەلك تماملانیشی تورکستانغا خاصی برعلامەتدەلك ایکەن. بر کوبچولك کانسیرت نومرلەری اچیدەکی غزەلنك آهانگیغا دقت قلغودەك بولساق، بر اساسی آهاڭ بر غزەلدە تکرار چقب، باشقا موسیقا آوازلار طرفیدن کیسیلب توراتور. ناخشالاردە هەم ناخشا آوازی بلەن سازلارنك آوازی بر-بریگە ماسلاشادور. مثلا: "چرایلق" دیگەن ناخشادا هەر بر مصراع یوتکەندن کیین نەی خوشاللق بلەن تولغان بر مرغول بلەن اومصراعنی کوچەیتەدور.

تورکستان اصولینی حاضرقی زمانلاشقان کلاسسك اصوللار بلەن سالشتورغاندا الك معنالك بر بەری ایکسینك اوخشاش نقطەلەری بولوب، بو اوخشاشاقلك تصادفی امەسلکیدور.

فرانسوز احبارات ادارەسی معاوینی سوزیگە دوام قلب: تورکستان اصولی بلەن ایگەی دیکزی اطرافیدەکی دولتلەر وە اسلام دولتلەری بلەن برمونچە اوخشاشلق نقطەلەر بار. بو یاکی الگرکی عثمانلی امپراتورلقینك شرققە قاراب یاتان یایب، شرققە یتکوزگەن مدنی تاثیری بلەن علاقەدار بولسا کیرەك.

یوکشی سوزینی: "تورکستان اصولی وە نەزەلی انسانیت مدنیتینك الك صحت گەوهەری دور. ایکنچی خیل سوز بلەن ایتقاندا، حاضرقی دەور ییگی دنیاسی تورموش کوچینك یاکیدن اوسوب کیلیو انقاننلغیغا حاجتی بور" دیگەن سوزلەر بلەن توگەتدی.

## بر یاتیلیق

ملی رەهبریمز مسعود افندی اولکە حکومتینك رئیسکیگە بلگولەنگەندن صونگرە مطبوعات ایشلریگە کوب اهمیت بریب کیلەیاتادور. دائما مطبوعاتچیلر بلەن قوزوشوب تورماق و یازوچیلرگە یول-یوروق کورسەتمەك بوتون یورون حکومت باشیدەکیلردە کورولگەن بر ایش امەسدور. ملی یازوچی و شاعرلرنك استعدادینی اوستوروش و اولرنی امتحان قلش ایشیمو بوگونگە قدر کورولمەگەن

# التی شهر بویلاب

بول خاطرەسی

## اسمی جسمیگە لایق ناحیه

(باشی اوتکەن سانلاردا)

مطیعی

معما بای ناحیەسینك حقیقتدە بای سحرالرینك گوزەل منظرەلری کوڭللرنی آچیب تاشلادی. کەچ ساعت ۸ لردە یاقا ایریق کنتیگە کایب توشدوك. کنتنك ۷ صنفلق مکتبی آلدیدا بر آز توراغاندن کین یولداشلارم سافچی ادارەشمسیگە کتدی، مەن مکتب اچینی تکشوروب چقدمە مکتب معلملریدن برینی تپیب مکتب احوالی بلەن تانوشدوم. بو مکتبەوقوللانمادن اقتصادن قستالغانلقینی ایتب قاخشادی. حکومت مکتبی بولغان بو مکتبنك ٥-٦ آیدن بری معاش آلالمای تورغوشی کشینی اچندوراز و معارف نظارتیگەقاریتا بر نفرت قوزغار ایدی.

## یر استیدەکی شهر

بای ناحیەسینك آباد سحرالری یاقا ایرقدن باشلاب تمام بولدی. ایرتەگەنینك سالقین هواسیدا، اوستومزگە پەلتولاردیگەن حالدا، تاغلقلر آراسیدەکی یول بلەن آقسوغا قاراب ماگدوق. بای بلەن آقسو اورتاسیدەکی تاغلر آنچە ایگز بولماسمو یوللری اویمان دوك اگری توقای بولغانلقدن خیلی خطرلك ایکەن. تاغدن چقیش آلدیدەکی قزیل یاکی آقرەڭلك تاغ تاشلری و توپالری آراسیدن یورگەندە تاغلر اوز آلدیغا برخیل آیرم کورونوش پیدا قلار ایکەن. یراقدن قاراغاندا بعضی تاغلر آمریقانك کوب قەبەتلك عمارتلرینی اسلتیب قاتلام قاتلام کورونوشینی کوروب آمریقالق درا درگە نیو یورقغا یتیب کلدوك دەب چاقچاق قلدم. منك چالا یوچوق اشارت بلەن قلغان سوزومنی آمریقالق مخبر درحال توشونوب کولدی. و خاطیغا انگلیزچە یونی اوختوروب، بو تاغلق یولغا نیویورقنك تلیفون استانسا کوچاسی دەب آت قویوب اوزلریچە کولوشدی. تاغلق یولدن اوتوب بولغاندن کین اوزونغینە بر سایغا کردوك. سایدن چققاندا بزنی آقسو سحرلرینك درختلری قارشی آلدی. سحرالر آراسیدن بر ایکی ساعت یوروب ینە بر چولگە چقدوق. برەر ساعت وقتیمزنی آلغان بو سحرا تولامو توبوقسز تمام بولدی. چونکی سحرا توگوگەندن کین یراقدا هیچ بر درختزار کورمەسدنلا توبوقسز بر قبرستانغا یتیب کردوك. قبرستان آراسیغا کرەر کرمەسدن بولیمز یك چوقورغا توشوب کتدی. ایکی چتدەکی تك دوك بعضی یرلردە ۱۰ قیتلك عمارت ایگزلکیگە یتەر ایدی. بز بو دوکلرنی اوبدان کوروب بولار بولماسدن آقسو کهنە شهرنك کوچاسیغا کریب قالدوق. شهرنك نقد کوچاسیغا کرگونچە هیچ بر یشلالك یاکی عمارت کورمەی کریب قالەاچقا آقسو شهری بزگە یر استی شهری بولوب کوروندی. شهر کوچاسیدا بر آز یورگەندن کین ماشینامز قایریلب کهنە شهر بلەن

www.uyghurkitap.com



ایدی. بودفعه مسعود افندی‌نینگ تشبثی
آرقاسیدا بو ایش میدانغا آتلغان ار
حالده دور.

۲۹ - نویابر کونی ساعت ۹ ده اول
کیـ‌ملك حـکـومت باشقارماسیدا اوت
کوزولگەن‌قونوشما بو یکی اشنانگ بار
لقغا کیلەدورغانلقینی آیدن صورتده اڭ
یات ایتەر. مجلسکه مسعود افندی و
مدیریمز عیسی آلب تکین باشلق،طبو
عات ساحەسیده چالشقان ۱۱ غا یاقین
یازوچی شاعرلار قاتناشدی. ملی رئیس
مز یازوچیلق یاریشی اوتکوزەك اوزره
بو مجلسنینگ آچیلغانلقی حقیده مهم سوز
لر سویلەدی.

شعر نثری [اوز یازمالر] و گو
زل قول یازوسی [حسنی‌خط] بو ۳ تور
گه بولونگەن بو یارشمانینگ مدتی ایکی
آی بلگولەندی بو یارشماغا بتون یورت

دەکی یازوچی و شاعرلرنی قاتناشتور
ماق و بو یارشماغا عائد یارولرنی بی
خب کلملك اوچون عبدالعزیز چنگزخان
عبدالله باسطی و تورسون برهانی‌لر
یارشما باشقارماسیغا اسعد طاهری، اوز
کور، لیو افندی، وانگ لوسانگ، نعمت
تورسون برهانی‌لر و مدیرلیقیغا پولات
قادیری سایلاندی.

یارشما چینچه، تورك اویغورچه
تورك قازاقچه ۳تلدا اوتکوزولوب ۱-
لکنی آلغوچیلرگه بر سرلك آلتون مید
الیه ۲- لکنی آلغوچیلرگه یاریم سر
لك آلتون میدالیه و ۳- لکنی آلغوچی
لرگه ایکی یاریم مثقاللق آلتون میدالیه
مکافات بریلشکه قرار قلندی.

بو کوندن اعتبارەن یارشما باشقار
ماسی نظامنامه توزەك اوچون قزغن چا
لشماقدادور.

چین بی خطرلك هیئتی مجلسیده اوزی
نینگ قاریتسیەسینی بیلدیردی. آوباگان
عملی مسئلەلرنینگ برلغانی اوچون چین
حکومتی ایندونیزیا مسئله لری توغور
لوق اونگغا لایق موقع توتالمایدی دیدی.

## امریقا تورکیەدە اوچقومیدانی قورماق بولغان

[ مرکزی آژانس مسقوا ] تا.س.س
اخبارات ادارەسینینگ آلغان خبریچه آمر
قا حکومتی تورکیەدە ۱۰ یردە اوچقو
میدانی، قورماق اوچون تیارلق قلماقدا
۱ - قتملق قورولوش اشیالرینی ۱۲-
آیدا تاشوماق بولنغان.

## ساویتلر اتوم بومباسی یاسالدیمو

[ آژانس توکیو ۲۹- نویابر مخ
صوص تلغرامی ] الگری فرانسیه غز
تەسیدە سوویتلر بو یل ۶- آینینگ ۱۵-
کونی ایر کوتسکی دیگەن یردە آتوم بومه
باسینی تجربه قلیدور. دیگەن خبر یاز
غان ایدی. اما یاقندا ایرکوتسکی‌دن
قایتب چقان ۲ نفر یاپونیەلك بو خبرنی
رد قلغان.

## صالح افندی چین حکومتنینگ اسیادەکی دولتلرگه یار دم قلماق پرنسیفینی مدحلەگەن

[مرکزی آژانس یکی دهلی] ایندو
نیزیا سابق رئیسی پرافسور صالح افن
دی یکی دهلیدە هندستان خلق آرامس
لەلرنی مذاکره قلش دیگیندا: « چین بز
نینگ استقلال دعوامزغا قارتا قوللانغان
پر نسیپینی ابدی ساقلاماق بلەن آسیا
قطعەسیدەکی ارکینلك اوچون بولغان
کورشلرنینگ همەسیگه یاردم ایته دور.

یکی شهر اورتاسیدەکی تاش‌یولغا توش
دی. ایکی طرفی اوخشاش درختلك‌بلەن
اورالغان بو تاش یولنینگ توزلیگی منظره
سینینگ چرایلقلغی همەمزنی حیران قال
دوردی‌یول‌بویی‌ساعتیگه ۱۵=۱٦ کیلومتر
دن تیز یول یوروب‌یاقماغان‌ماشینامز معج
زەلك‌بر تیزلك‌بلەن یورگەلی‌باشلادی. چرای
لق دورونوش و ماشینا تزلیگیدن چقا
یاتقان سالقین شامال، اوستومزنی توپا
دن کوکوللریمزنی هارغانلقدن آزاد قل
دی. ۱۵-۲٥ مینوت شونداق توز یول
دا یوروب آمریقالق همرالرغا موندااق
چرایلق توز تاش یوللار یوقدور دەب
کولوشه کولوشه آقسو یکی شهرگه یتب
کردوك. والی محکمەسیگه کریب توش
کیچه هیچ کم بزنینگ کلشیمزنی بلمەگەن
ایکەن. والی محکمەسیدە معاون والی
برنی اوز خانەسیغا تکلیف قلدی. بو
یوتوش اوچون سودردی. اما معاملەسی
دەکی بر آز قاتتقلق ارزینی سەل بو
غان توتوشی، بولوبمو هیئتیمزنینگ باش
لقی لیو افندینینگ کونگلیگه کلدی. بز او
چون سابق ولایتنینگ ساقچی ادارەسینی
حاضرلشدی. یاریب اوزوندن بری کشی
اولتورماغان و توزوگرەك تارالاماغان
اوبلرگه توشدوك. بزنی کوتوش او
چون قویغان آدملر حتی آمریقالق مه
مانلرغا ساقال قراش اوچون توزوگرەك
بر قاچا اسسق سو هم تاپب بره آلمای
کوپ قینالدی.

بو معامله لیو افندینی خیلی آچچ
لاندوردی.

۲٥-۲٦- آوغوست کونلرینی آقسو
دەکی کانتالرغه زیارت‌قلش بلەن اوتکەز
دوك. بو ایکی کون اچیدە کوزگه کو
رونگیدك هیچ بر اش بولمادی. فقط
آقسو اویغور اویوشمانینگ قلوبیدە قو
یولغان طاهر زوهره اوپیراسی بو کو
گولسز اوتکەن وقتنی بر آز چاندوردی
آقسودا اولگەن مرحوم یاش شاعریمز
لطف‌الله اثرینینگ شو شهردە قوزغولوشی
نی کوروب بو شاعر اثرلرینینگ اولمەس
اثرلار ایکەنلگینی ینه بر حصه سەزدم.
یاسین افندیگه اوخشاش بر ایکی خی
لی قابل صنعتکار طرفیدن اوینالغان بو
اویوندن کین آقسو اصولچیلری و ساز
چیلرینی کوردوك. اصولچیلردن بر ای
کیسی خیلی اوبدان بولسامو اما چرای
لقغیدەکی ادب دائیرەسیدن چقب کتکەن
یرلری اولرنینگ نفیس اویونلرینینگ قمتی
نی بر آز توشوروب توررار ایدی.

بو اویوندن باشقا بزنینگ کوزیمزگه
چلققان ینه بر نرسه اویغور اویوشما بلەن
آقسو غزته خانەسینینگ خدمتی بولدی.
اورومچیدن آلب کلگەن برنچه تورلوك
کتابدن آقسو اویوشماسی قانچەلك آلار
دەب برنچه نسخه آلب بارغان ایدوك.
خدمتچیلر بز آلب بارغان کتابلرنی آلش
لدن کوب چوچوشدی. بونی کوروب بز
مو زورلامادوق. ینه بر عجایب اش اق
سو « خلق کوچی » غزته خانەسیدە
کی احوال بولدی. غزته‌خانه اویوشما
بناسیدا ایکەن. بونی عسکری ادارەنینگ
یاردمی بلەن [ ایلگرکی آقسو غزته مط
بعەسینی عسکری ادارەگه اوتکوزوب بر
گەن ایکەن. ] آچقان ایکەن. حرف تز
غوچی بالالرنینگ آلدی ۳۰ ملك دوللر
معاش آلار ایکەن. اقتصادی یتمەی‌کیتیم
اوچون قل سوراغان ایکەن اداره حرف
تزغوچی‌بالالردن‌برینی اویدانغینه اوچوغ
دایدور. بالالر روحسز، شونگلك باش
لقلاریدن قاتتیق اورکیگەن برحالدا ایکەن،

[دوامی بار]

١٩٤٧ يل ١٤ نجی دیقابر تلده، نشده، فکرده' برلك ! یکشنبه ١١٣ نجی سان

| بوله‌نچوکلك ، خلق بولسون ! توتقان بولك حق بولسون ! خلق - حکومتدن اوستون ! حق - قوتدن اوستون !!

بز خلقچیمز

بز ملتچیمز

بز انسانیتچیمز

عرقیمز تورکدور

دینیمز اسلامدور

یورتیمز تورکستاندور

مدیری : عیسی آلب تکین

باش محرری : م . ا . بوغرا

دانه‌سی : ١٠٠ آیلیقی ١٢٠٠ دوللر

هجری ١٣٦٧ محرم ٢٨

آلتای نشریاتی طرفندن هفته‌ده اوچ چقاریلغان سیاسی ، اقتصادی ، اجتماعی ، علمی ، فکری و ادبی غزته‌دور


# صنعتچیلریمز نمه‌نی کورسه‌تدی ؟

تورکستان صنعتچیله‌ری تانکیده او زینك طنطنه‌لك چقشه‌رینی تامملادی . داغ-دوغا بلەن شانگخه‌یگه بارب شرقی اسیانك خلق ارا مرکزیده صنعت نمایشنی باشلادی . چینك آتاقلی غزلچی موسیقاچیله‌ری وه صنعت عالملاری صنعتیمزنك صافلیغی ، خلق صنعتی ایکه‌نلگی چت تاثیردن صافلغی حقیده اوستی-اوستیگه تقدیرله‌ر بەردی بو وقتقیچه بزنی ملی مدنیتسز یاقیلقدن خبرسز ، تیبت ، مونغول خلقیدن آیرماسز بر خلق کوروب کلگەن کوزله‌ر یاقی اوبلاب کلگەن دگه‌له‌ر اوزلرینك قسقا کوره‌له‌ری وه توپسز فکرله‌رینك خطا ایکه‌نلیگینی اقرار قلب ، بزگه بر انسانلق سیوگیسی بلەن حمداشلق بلدورمه‌کده

بزنك صنعتیمزنك تانکیدا اوینالیشی بالغوز اچکی چینده‌کی خلقیمزنیلا ، اویغاتب بزنی ملی مدنیتکه ایگه برملت قلب کورسه‌تش بلەن قالماسدن تانکیده‌کی چه‌ت ال الچیله‌ر اومه‌گی بولاییو اسلام دولتله‌ریدنك الچیله‌ریگه هم کوب اوبدان تاثیرلر بردی بو الچیله‌ر اوبوندن کیین سحنه‌گه چقب ، صنعتچیله‌ریمزنك قوللارینی چیك چیك سقیب یالغوز اوز ملتمزنك شان وشرفی اوچون امەس بلکه ، بتون اسلام دنیاسی اوچون فخرله‌نگودەك بر اش قلغانلقمز بلەن تبریکله‌دی ، سلاملادی ، بوندن بز دیمه‌کچی بولامز که بو اصول وه غزه‌ل اومه‌گیمزنك توغون امگەك بلەن اویوشتوروب اچکی چینغا یارغانی بعضیله‌ر اویلاغاندەك ملتمزگه زیانلق بر اش بولماسدن بزنك یارلغیمزنی دنیاغا بنەبر تانوتقان شرفلك بر اش بولدی .

عیسی افندم بو صنعتچیلارنی کاشغردەیغشقا باشلاغاندا بر مونچه ،، بلەرمندله‌ر ،

،، افندم اسکی آتمله‌رنی یغیب نمه قلماقچیسز . بولارنی اچکریگه آلب بارب ملتیمز نلك ناموسیغا تیگەدورغان اشلار اوینتوروشدن نمه مقصدلگر بار ؟ ،، دیگەندەك سوزلار بلەن توسماقچی بولغان ایدی .

عیسی افندم بو گوده‌کلك وه‌حسدچیله‌کن امیب سزلنمه‌سدن شونچه گوزه‌ل صنعتچیلرنی خارقلب تاشلاب قویوبسنلر قاراغوچیسی یوق ایگەسی یوق خار و زار یوروبدور . اوزه‌گلر بولارنك باهالرینی بیلاب روحینی کوتەرب ملی صنعتیمزگه یاردم قلمایدورسنلر . امدی بز قلساق توسماقلار ، ایچی تارلق قلساقلار نمه قلساق بولادور ، دیگەن جوابلارنی بریب توروغون قینچلقلار بلەن بولارنی اوروم چیگه آپاردی اوروم چیده مو برمونچه‌لر بو اشقا قارشی چقب ، صنعتچیلرنی قارالاب غزته یوزاریگه مقالەلار یازشدن یالقایمادی عیسی افندمنك بو اشینی ملت منفعتیگه زیانلق ایش دب کورسەتشکه اوروندی .

امدی کوزآلدیمزده‌کی کوندەك یوروق فاکتلار ، نمه‌نی کورسه‌تمه‌کده ، بونگا قارشی چققان تورنینك اوچیدن تیرینی کورالمایدورغان ،، ملتچی ،، لر امدی نمه‌دەر . بتون چیننك سیاسی مدنی مرکزینك خلقیغا ملتیمز نلك چونقور بر مدنیت ایگەسی ایکه‌نلگینی تانوتقانلغی حتی اجنبیلار طرفیدنمو یوکسەك تقدیرلرگه ایگه بولوشی ملتیمز اوچون ناموس بولدیمو ؟ ، شرف بولدیمو ؟ بزنی وحشی ساتاب یورگەنلار نلك یوزلرینی قزارتب ، ،، بزسیلمن صنعتده اوستون بولساق اوستون توریمه‌سمز ،، نب کورسه‌تکه‌نی بز اوچون زیانلق بولدیمو ؟

---

بو سوزلریمز بلەن بز بر آدمنی ماختاب بر آدمنی توشه‌رمه‌کچی ایمه‌سمز ، فقط ملتینی سویگەن ، اونلك کیله‌چه‌گی اوچون قایغورغان ، اونلك آبرویی اوچون غم یگەن بر آدمنلك یراقنی کوروب قلغان اشیغا قسقاعقللق قلب قارشی چقب اوزیونیمزغا پالتا چاپیب یورگوچیلرنی خلقیمز تونوب قالسون عیسی افندمگه اوخشایدورغان برملتچی نلك اوستیگه آتلغان بهتانلارنلك ناحق ایکه‌نلگینی بز ایتماساقمو کورگوچی خلقیمز بنه‌بر نوبت کورسون دیمه‌کچیمز

صنعتچیلریمز نلك ملتمز آبرویی اوچون قلغان صنعت نمایشلارینلك لازینی ملتیمز تانیمایدا بولغان بر مدنیتده ، بو ایش نلك یمان بولماغانلقینی قلغوچیلنگمو یمان ایش قلماغانلقینی بر اسلەب اوته‌یلی دیمه‌کچیمز .

هر نرسه‌نی اش کورسه‌تەدور . بو تجربه بزنك باشیمزدن کوب اوتدی . ملتمزنك صنعتینی اچکی چیندا جاری قلب یاتقان بو صنعتچیله‌رنی اویوشتوروشدا حقسزشکایت قلغان " ملتچیله‌ر " نیمه دەر ایکەن تورکستان صنعتچیله‌رینلك گوزل صنعتینی کورگەن اچکی چینلقلار ملتمزنك مدنیتینی یوقانقیلی بولمایدور غانلقینی و وحشی امەس تاریخدن بری بر مدنی ملت ایکه‌نلیکینی تانیمای قالماس . بونی فقط صنعتیمز کورسه‌تدی

خلق اوغلی

## باش محرریمز قایتش ئالدیدا

باش محرریمز، اولکولوك نعمیە
رات ناظری محمد امین حضرتم بوغ-
را بر نچه وقتدن بری، حکومت اشی
ایله نانکینده قالمش ایدی. مرکزی
حکومت ایله بولادورغان اشلری بر
قدر توگەب یاقندا قایتماقچی.
افندیمزنڭ رفیقەسی آمینه خانم
خاتون قزلار اشخانەسینڭ مهم ماتریال
لری کاملقی سببیدن بر قانچه اشار
بتورمەك مقصدی ایله نانکینگه کتکەن
ایدی. بو یاقندا او کشی هم اوز
اشلرینی تماملاب رفیقی ایله بر قایتـ
ماق آلدیدادور.

مخبریمزنڭ خبریگه کوره، محمد
امین افندیم اوز اشلرینی موفقیتلك
تماملاغانی معلومدور. هر برده ملتیمز
نڭ بیوك اشلری بلەن اوغراشب کیله
یاتقان باش محرریمز امدی قایتب بز بلەن
کوروشکوسیدور. افندیمزنڭ یازماللریغا
تشنا قالغان اوقوچیلریمز، آیدین بر
بر ساحەده یوز کوروشکوسیدور.

## کانتون خلقینڭ تورکستان صنعتچیلریدن ارتنچی

[ شاڭخەی ۷ - دەقابر ] تورکسـ-
تان صنعتچیلری نانکیندن شاڭخەیگه
کیلب اویون قویماقدا، دیگەن دبدبەلك
خبرنی آڭلاغان کانتون مخبرلر او
یوشماسی ۶ - دەقابر کونی اومەك
باشلقی عیسی آلب تکیننی افتخار
اینەر و شاڭخەیده حال سوراش اشیـ-
نی بتورگەن همان کانتونغا کیلب تور
کستان صنعتچیلرینڭ اویون قویوب
بریشینی اوتنوب علی العاده تلغرام
چیکەر. تلغرام بودور.

"تورکستان کانسرت اومەگی باشما
نی عیسی افندی و بتون ایەلریگه!
اومەگیگزنڭ صنعت ساحەسیده قا
زانغان شهرتی بتون دولتکه یایلدی.
کانتون خلقی اومەگیگزنڭ بر کیلب
کتشینی امید ایتمەکدەدور. کیلر وقـ-
تیگزلرنی تلغرام آرقالق بلدورسەگزلر
بز صمیمی قلبیمز بلەن کوتوب آلماق
اوچون حاضرلق کوروب تورساق""
کانتون مخبرلار اویوشماسی

## ساویتده دوکانلار بوش قال غان

[ سدیرما ۱۱ - دەقابر یونەیتد
پ----رس ] موسقوادین فنلاندیانڭ
گلسینکی شهرگه تاتکان شوینساریه
مخبری: ساویت خلقینڭ زورلق بلەن
مال ساتب آلیشی، دەیدور - تاریخ یو
زیده آز کورولگەن بر اشدور. موسـ
قوا و بر قانچه مرکزی شهرلرده ساتب
آلنغان ماللار اوستیده ساویت موٴسسەلری
۱۵ - دەقابردا قل سستیمینی اوزگرتشـ
نی قرار قلدی. دیگەن یالغان خبرنی
تارقاتقاندین توپلاشب تجارت دوکانلا
رینڭ ماللاری زورلق بلەن ساتب آلندی و
او مخبر بر دوکاندین بر قیمت مال
آلش اوچون ۱۰۰۰۰۰۰ ساویت
دوللاری آلب بارغانلقینی ایتادور. بو
خل نورغون قل خرید قلش قیینچیلقی
۲۹ - نویابردا شدتلك نقطەسیگه یتدی
بوندن صوڭره تجارت دوکانلارینڭ بار
لق ماللاری زورلق بلەن ساتب آلندی.
و دوکانلار بوش قالدی.

# التی شهر بویلاب

بول خاطرەسی

( اوتکەن سانلردن اولاما )

## التی شهرنڭ الڭ دهشتلك یولی

مطیعی

بو اشکاف دوکانلرنڭ آرالریدەقایسی برلریـ
نڭ آراسیدا خالتاکو چاقاب اویوب کریب. ایـ
کی طرفنی و توریگه ینه شو خیل اشـ
کاف دوکانلار تزیلغان ایدی.

آنچه اوزون بولماغان انجارکو چاسیـ
مو عیدگاه آلدیغه چقدوق. کاشغرنڭ
همه کوچالری کلب یغیلغان یاکی همه کو
چالری یولدوزدەك اوشبو عیدگاەدن قا
راب کتکەن میدان خلق بلەن زیچ تول
غان ایدی. اودولیمزدا قلوب آلدی باغ
چاسی بلەن اویغور قلوبی بو میدانغا
مدنیت هیبتی بریب تورسا اوڭ قول
طرفیمزده ایکی منارەسی تیرەکلریدین ایـ
گز بولغان عیدگاه جامعی اسلام مدنیتی
منده توپلانغان دیگەندەك قلب مغرورانه
کوکرەك کیریب تورار ایدی.

ماشینامز قلوب آلدی بلەن والی محـ
کمەسی طرفیگه یورسەمو، فکرم اسلام
روحی بلەن توولانغان کاشغرده ییگی بر
مدنیت میوەسی بولغان قلوب بلەن مسـ
جد و اونڭ اطرافیده هر ایکی کورو
نوشنڭ نمایانلری بولغان صلالك کشیـ
لر بلەن اچیگه داستوم یاکی پەشمەت کەیـ
سەمو. اوستیدن اوزون فرنجه چاپاننی
تاشلامای ادب بلەن سوزلەشب کتمکده
بولغان روحسز باشلر اوستیده یورمکده
ایدی.

برنجی قاراشدالا کاشغر کوچالری
دوکانلری، یولوچیلری، یاشلری کوزومـ
گه قارلشهر آفسولردن باشقاچه اسق
کورونەدی. والی محکمەسیده ماشینادن
توشوب بولوبمو، باشقالر توشەدورغان
اوی جای توغراسیده آلدیراب یورگەندە
منڭ میگەمنی بو ددباشقالق؟؟ دداسغلق؟؟
نڭ سببلری اشغال قلب آلدی. قانچه
اویلاسامو، خلقنڭ دینی جهتدن بول
سون ملی جهتدن بولسون یوقاریلقی
کهنه مدنی و سیاسی مرکزدن بولغانلق
دنمو خلقنڭ باشقا شهرلردەکیگه قاراغاندا،
اوزینی بار دەب حس قلغانلقی بو
شهرنڭ دوکانی، خریداری، صلالەسی،
چاپانلریدنمو کورونوب توروبدور. اسق
کورونوشی شونگدن بولسا کرەك دیگەن
خلاصەنی چقاریشقا مجبور بولدوم.

ماشینادن توشوب والی محکمەسی
باغچاسیدا عمر داملام خانەسیغا کردوك.
آغریق یاتقان عمر داملانی یوقلاب کلـ
گەن برمونچه معتبرلر بلەن کوروشدوك
شولر قتاریدا صوفی بك حاجی بلەنمو
کوروشدوك. بزنڭ سالام اوچون کلگەن
هیئت ایکەنلکیمزنی آڭلاش بلەن برنـ
جی سوزی، اوزینڭ عمل اوچون اشـ
لەمەسدن دولت اوچون فرقه اوچون اشـ
لەیدورغانلقینی تاکیدلەب ایتشیدن بو
لوبمو بو سوزنی قلغاندا چرایدەکی منڭ
سوزومگه ایشەنمەیمو یوقمو دەب قاراش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# كوردستاندا مخفى قورولتاى

[ انقره ١٠ - دەقابر ] اورتا شرق
مسئلەسى بتون دنيانىڭ حل قىلماقى او
چون قين بولوب تورغان بر مزگلده
غربى آسيا ايگزلكيده بوگون بنه
باشقا بر ماجرا چقماقدا، توركيەنىڭ يا
قينقى خبريگه قاراغاندا دد ساويتنىڭ او
زيگه خدمت قلدورماقچى بولغان كورد
خلق قورولتايى »» ٤ - دەقابردا جزير
رايونىنىڭ نا معلوم بر يريده آچلغان
ايمش. جزير توركيەنىڭ جنوبيدەكى را
يون بولوب آليپو شهرى بلەن چك
آراداشدور. توركيه دد جمهوريت »» غز
تەسينىڭ ٢ - بتيده دد كورد ملتى ٢٤-
اوكتەبرده توركيه چك آرا قشلاقلاريغا
باسب كردى »» دەب يازغان. بو غزته
گه كورە ساويتكه خدمت قلغوچى آدە
مل سوريا قوممونست فرقەسينىڭ قوتور
توشى آسيدا قافقاسيا ايران، عراق
و سوريا خلقلرينىڭ ايچيدەكى كورد
ملتلرينىڭ وكيللرى آرقاەو، آرقاجزير
غە كيلب قورولتاى آچقان. سوريا حكو
متى قورولتاى اورنينىڭ مخفلكينى قاتت
تق ساقلاغان. كورد ملتى اسكى دور
لەرده اورتا شرقدەكى اوروشقاق ملتلر
دن بولوب ٦٠٠ يلدن برى باشقالار
طرفيدن بوى سوندورلغان. حاضر او
لار ايران، عراق، توركيه و قافقاسيا
چك آرالاريدا تارقاق حالدا برلەشكەن
بولوب نفوسى بر ياريم مليوندن ٣ مل
يونغا قدر، بولار برنچى جهان اورو
شيدن كين فارژ قورولتاييغا وكيللار
يوبەرگەن. ١٩٤٦ - يلى ساويت آذر
بايجاننى تاتوغان مزگللرده ايراننىڭ غر
بى شمالى قسميدا دد كورد جمهوريتى »»
آدى بلەن بر دولت قورغان و آنجاق
بر يل حكومت سورگەن ١٩٤٧ - يلى
فيورالدا بو جمهوريت ايران عسكرلرى
طرفيدن بتونلەى يوقاتلغان.

١٩٤٥ - يلى خلق آرادا كورد
ملت مسئلەلرى مذاكره قلنغان وقتده
شرقى توركيەده اولتوروشلق كورد خلقى بر
قيتم قوزغلغان بولسامو توركيه حكو
متى طرفيدن باستورولغان ايدى اورتا
شرقده يهودى، ارمنى، آذر بايجانلقلر
و كوردلاردن عبارت بو تورت اوشقاق
ملتنىڭ مسئلەلرى دائما قوزغالب تورار
ايدى. ساويت حكومتى بورون ارمنى
و آذر بايجانلقلارنى بر قيتم قوترات-
قان بولسامو امدى كورد خلقينى قوز-
راتش يولى بلەن يهوديلرنىمو اوز
ايچيدن حركتلەندورمەكچى.

# ايتاليه حكومتى اوڭچيلار فرقەسيگە اوزگرمەكچى

[ روما ٩ - دەقابر ] ايتاليه حكو
مت باشلقى ديگاسپرى قوممونست فر
قەسى بلەن اوڭچى سوتسيال فرقه
لرينىڭ رهبرلرى ٤ ساعت سوزولغان
مجلس نتيجەسيده ايتاليه حكومتينى
بى طرفلك ميدانيدن اوڭچىلققا يوتكه
مەك ايشينى بوگون رسمى تاماملاغان.
مجلسدن صوڭ جمهوريت فرقەسينىڭ
رئيسى پاكيشر افندى „ هر - بر
مجلس اعضالرى بتونلەى بر فكرگه كل
دى. جمهوريت فرقەسينىڭ على العاده
هيئتيگه عضونىڭ تنچلقينى ساقلاش
حقوق كوچينى بير ش ديگەن فكرى بوندن
كينكى مجلسده قرار قلنماقچى“ ديگەن.

---

ريلب بر خيل صميميتكه اويغانغان
تويغوغا كلتوروب قويدى. اوزون اولتور
غاى بزگه حاكم ادارەسيده اوى حاضر
لنيشلكيني آڭلاب شوبرگه چقب كتدوك.

## كاشغرده اوچ كون

كاشغرغه كوندوز ساعت ١١ لرده
كلگەنلكدن، كهنه حاكم ادارەسينىڭ باغ طر
فيده حاضرلنگەن اويگه توشوشيمز بلەن
اويمزنى حال سوراب كلگوچى بار دوستلار
قاپلاب كتدى. هرخيل باشدەكى آدە
لردن بولغان بو مهمانلر كاستوم اوستيد
ەن كيگەن بقسم چاپانلرى بادام دوپپا
سى بولوبمو، كاشغرغا خاص نزاكتى و
سوزى بلەن آلتى شهرنىڭ باشقا شهر
لريدن آيريلب تورار ايدى.

باشقا شهرلرده بزنى حال سوراغو
چيلار عادتدەكى تنچ امانلق بلەن قناعت
لەنسه، ياكى آقسودا [ كيينرەك ] [ يار
كنده ] بولغاندك شانخەيده چققان رسم
لك مجموعه نمشكه دد شنجاڭ »» ديمەى
دد تورکستان »» دديسور ديگەنده كى سوئاللار
دن اوزينىڭ سياسى باسه قانچەلك يو
قورى ايكەنلگيني كورسەتش بلەن قنا
عتلەنسه، كاشغرده كوروشكەلى كرگوچ
لر، رئيسمز مسعود افندم بولوبمو عيسى
افندمنىڭ سياسى فعاليتى، اوتوقلرى خذ
متلرى بلەن قزققانلقيني و شولارغا حس
داشلق قلغانلقيني هر بر سوزيده افا
دەلەب تورماقدا ايدى. حتى عيسى افن
دم بلەن دد توركستان »» دد تورك »» سوز
لرينىڭ زديده بولغان آدەمارمو آقسوده
كيگه اوخشاش قوپال روشده قارشيلغي
نى بلدورمەسدن، نزاكت كورسەتب هر
بر سوزيدە حسداشلقيني كورسوتەر ايدى.

برنچى، اوچراشده آلغان بو تاثير
راتم و كوچالريغا چقاندن كين دوكان،
مدرسەلرده صللا بلەن سالداني اولتوروب
هر بر اوتكەن كچكەن آدم و وانعەلر
نى سنجكلەب مذاكره قلب، غزتەلرده كى
هر بر مقالەنى دقت بلەن اوقوب اوز
اچيده خلاصه چقاريب چت ئشيلرگه
خودى هيچ نرسەلرنى بلمەگەن بولوب،
كوروشلرى كاشغر خلقينىڭ حقيقتده
اويغورلرنىڭ سياسى مدنى مركزيده تور
غوچى خلق ايكەنلكيني كورسەتب تو
رار ايدى.

— ٣٠نچى آوغوست —

كاشغرغه كەلگەنيمزنىڭ برنچى دونى
شو خيل يار و دوستلار بلەن كوروشمك
موكداشماق بلەن اوتدى. ٢نچى كونى
مير بر طرفدن توختالغوسز كامكده بول
غان تنشلر بلشلر بلەن موكداشيش و
ملكى، حربى باشلقلرغه فاتحه اوقوش
بلەن اوتدى.

آلتى شهرنىڭ محافظ قوماندانى بول
غان جاو جونجاڭغه فاتحەگه چقش اوچون
كاشغر ياڭى شهرگه باريب قايتدوق. بو
ايكى شهر آراسيدا ٩٥ كيلومترغا سو
زولغان تاش يول گرچه آقسو كهنه شهرى
بلەن ياڭى شهر آراسيدەكى يولدەك توز
بولماسامو، امما كەلگەكى ايكى طرفيده
تا ياڭى شهرگه يتكونچه قتار تكيب قو
يولغان درختلرى بلەن آلتى شهرنىڭ گو
زەل يوللريدن ايكەنلگيني كورسەتب تور
ماقدا ايدى. آت عرابه بلەن ٢ساعتلك
بولغان بو دولنى حاكم ادارەسينىڭ پوچ
تاسى بلەن اوزونلغيني سەزمەيلا اوتوب
كتدوك. يول بويى اوچراب تورغان آت
لق ايشەكلك دهقانلر آق پەرەنجه ياپن
غيب، قارا چومبەلينى قايريب تاشلاب
ياياق ايشەكلك كامكده اوتمكده بولغان
خانونلر نى تماشا قيلب بارار ايدوق.

[دوامى بار]

# جدی چیك ارا سیاستی

## او زەی شاڭ

تحریر دن :

اوزە ی شیاڭ افندینڭ بو یازماسی . جدی چیك ارا سیاستی" چین حکومتینڭ چیگارا ملتلری حقیده‌کی فکرلریگه بر رەفورما رولینی اوینایاچاقدور ، انڭ اوچون ' که چیك ارا ملتلری قتارنده تورغان بز نڭ منتیمزنڭ بو حقده‌کی مختلف قاراشلارنی اڭلاما قی لازم خالص بر موقع ، همه‌گه فائیدالی فکرلرتا غه اتقوچیلرنڭ تعقیب اتمك استه‌گەن جوبالیمنی کوز دەن کیچورمك لازم بو حقده بر خلقیمزنڭ تدقیقلرینی کوتەمز .

خلق - آرا چیك آرا مناسبتلرینی اوچکه بولوش ممکین :

١ - گیرمان - فرانسوز چیك آرا مناسبتی ؛ بو شکیل چیك آرا مناسبتیده هر ایکی دولت چیك آراغا کوچلوك عسکر قویوب ، مدافعه صفلری یاساب ، دقت دائم اوز چیك آراسینی ساقلایدور ؛ شو یول بلەن خوشناسینڭ چیك آرانی کیچب هر قانداغ بر حرکتده بولوشیغا یول قویولمایدور . کوپچولك آوروپا دولتلری هم اوشبو شکلده‌کی چیك آرا سیاستی یورگوزەدور .

٢ - آمریقا قانادا چیك آرا مناسبتی شکلی . بو دولتلر نڭ چیك آراسی بتون شمالی آمریقا قطعه‌سینڭ اونوملوك قسملری آرقیلق اوتەدور . بو دولتلر چیك آرالوینی بر مونچه او رونلرده طبیعی توسالغولر بلەن بر - بریدن آیریسامو ' اما چیك - آراده هیچ قانداق عسکری کوچ یاکی قورغانلر قورماغان . کوچمەنلەر نڭ یارب کتیشیده یاکی سودا مناسبتلریده تالاشلر چیقب قالسا ، چاتاق چققان جایدا حل قلادور ، یاکی تاشقی سیاست یولی بلەن حل قلادور . کوپچولك آمریقا دولتلری چیك آراسیدا بو خیل چیك آرا مناسبت شکلینی قبول قلغاندور .

٣ - گیرمان - چیخ چیك آرا مناسبت شکلی . حاضرقی زمان دولتلریده کوب ملتدن قورولغان دولتلر خیلی کوب . بو ملتلر ایچیده قایسی بر لرینڭ سانی کوب ، قایسی بر لرینڭ آز بولادور . تاریخی و سیاسی سببلر بلەن بو ملتلر دن قایسی بر لری اوزی تابع بولغان دولتکه ، اونچه صادق بولمایدور . او خیل ملتلرنی اداره قلغان دولتلرده قایسی چاغلرده او خیل ملتلرگه اوخشاش کوز بلەن قارامایدور ، یا ' قانتق ایزش سیاستی قوللانادور . یاکی توزاقغا توشوروش سیاستی قوللانادور . اگرده بو خیل احوال آستیده‌کی ملتلر چیك - آرادا جایلاشقان بولسا ، بولوبمو ، خوشنا دولتده او نڭ نەڭ حقوقلق قانداشلری بولسا ، بو خیل چاتاقلار تیخیمو کوب بولادور . ■ هر ملت اوز تقدیرینی اوزی بلگولەیدور " دیگەن شعار بلەن خوشنا دولتنڭ قوتورتوشی آستیدا ، بو خیل ملتلر نڭ دائم آیریلش اوچون مجادله قلش امکانیتی بولوب ، ایکی دولتنڭ بیواسطه توقونوشلریغا سبب بولادور . گیرمانیه بلەن چیخ اسلاواکیه یادی چیخ اسلاواکیه بلەن پولشا منا شو خیل چیك آرا دەکی ملت مسئلەسی بهانەسی بلەن کوب جانجاللار توغولغان . ٢ - قیتملق دنیا اوروشیدن کیین بو دولتلر کیلەچەکده چیك آرادا توغولوشی مه کیین بولغان اوخشاق ملت جانجاللرینڭ آلدینی آلب ، اوز آرا یاخشی مناسبتده بولوش اوچون تومەناسب - تومەناسب آدملرنی بر - بری بلەن آلماشتوروشنی یاقتاماقی .

اونموشده چین دولتی برنجیدن اوز خوشنالریدن اونچه زور قورقونوشلر بولماسلقی ، ٢ - توپراغی چولڭ چەت دولت بلەن بولغان چیك آرالار دەشت چوللر دن عبارت بولغانلقدن چیك آرا سیزقلر نڭ بر مونچه جایلریدا انیق اولچەش نکشوروش اشلری اوتکوزمەگەن ایدی . دولتیمز نڭ کەڭ بر چیك آرا رایونلا معلوم ایدی ، قایسی بر یرلر دەکی طبیعی چیك آرا توسالغولریدن باشقا ، کوپچولك چیك آرالر نڭ سیزیقی هم بلگولنمەگەن ایدی . اگرده چەتدن برەر دولت چیك - آرامزغا باسب کرب قایسی ر یرلرنی اوزیگه قوشوب آلسا ، بز بلمەي‌نگه سالب اوتکوزوب تاشلار ایدوق . بونداق احوال آستیدا چیك - آراغا عسکر اورناتشقا ضرور بولمادی . چیك آرا اشلریگه کوڭل بولوشکه ضرورت تاپلمادی .

[دوامی بار]

# ادارەمز نڭ اوتنچی

دەم آلش کونیمز جمعه بولسامو ادارەمز نڭ اش کونی بولغان یکشنبه کونی ایلکتر قوەتی کلمەیدورغانلقیدن دەم آلش کونینی یکشنبەگه اوزگرتمەککه مجبور بولدوق . بو سبب بلەن جمعه کونی نشر قلناتورغان بو غزته نهایت بوگون یکشنبه سایغیلی اوقوغوچلری بلەن یوز کوروشمەکدەدور . بوندن صوگره غزتەمز یکشنبه ، چهار شنبه و جمعه کونلری وقت قراری بلەن تارقالب‌تورادور . کیچککەن غزتەلریمز اوچون اوقوغوچیلریمز دن عفو سورایمز .

## برلەشمە ایشلر باش ایشتابینڭ اورومچیده‌کی تکینچیلك کارخانەسیگه اوقوغوچی قبول قلش اعلانی

1 - مقصدی - کارخانەمز چیگرا اولکەلرده تیمنك کادرلرینی یتشتورمك اوچون 500 نفر اوقوغوچی تربیەلب چقماقنی مقصد قلادور .

2 - صانی - ماشیناچیلق اوچون 100 نفر تیرەچیلق اوچون ایکی یوز اللك نفر موزدوز چیلق اوچون بریوز اللك نفر اوقوغوچی قبول قلنادور .

3 - یاشی - 16 یاشدن یوقاری یگرمه بش یاشدن توبن بولوب ایشلەب چیقاریش اشلریگه قاتناشش اوچون هوس قلغوچی یاشلر قبول قلنادور .

4 - لیاقتی - جمڭ خوا فقراسی بولوب ازتولا سوادی باریــف . سفادن خالی ' ساغلام بدنلك یاشلر کفللك بلەن النادر . اما ملت ایریلمایدور .

5 — تربیه — مخصوص تخنیکی تربیه بریلشدن تاشقری درسلك تعلم - تربیه هم بریلەدر .

6 - تربیەلەش مقتی وقتنچه التەای نسب بلگولنەدر .

7 - تعمیناتی — تعلیم تربیەجریانیدا یەمك ایچمك ، کیم ، یتاق . اوقوش اشیالری بریلشدن تاشقری هر ایدا 200 مڭ دەلت دوللاری بریلەدر اوقوش درجەسی ناخشی بولوب چقوچیلرگه کارخانەمزده‌کی باشقا خذمتچیلرگه اوخشاش تعمینات بریلەدر .

سکزنچی اسمینی یازدوروش ترتیبی — اسمینی یازدورغوچیلر اوزلنڭ کارخانەمزکه کیرشتەده‌کی طلبنامەسی و کفللك کاغذیدن برنسخه دن تاپشرادر .

9 - اسمینی یازدوروش اورونلری - اورومچی شرقی دروازه ( دومەك ) ایچیده‌کی کارخانەمز نڭ تکوچیلك بولومی ' 2 - کارخانەمز نڭ اورومچیده‌کی ( مین یومن طرفده‌کی ) تیره زاوودی ' 3 - اورومچی چوڭ کوبروك نڭ غربی قسمیده‌کی بولومچەسی 4 - اورومچی یوموسەن یولیده‌کی کارخانەمزنڭ م نیرونال بولومی ، بشنچی کارخانەمزنڭ قمولده‌کی تجربه زاوودی 6 - کارخانەمز نڭ کاشغرده‌کی تیره اوودی 7 - قراشەر بوجین زەن دەکی کارخانەمزنڭ جارت بولومی ' سکزنچی ' گوچوڭده‌کی تجارەت بولومی ' 9 - توریان کیلمه شەهرده‌کی کارخانەمز نڭ بولومچەسی

10 - اسمینی یازدوروش وقتی - غزتەگه اعلان قلنغان کوندن باشلاب 12 - اینڭ اخیریغا قدر

11 - امتحان الش وقتی - کەلگەن وقتده سناشدن اوتکوزوش بلەن صنفقا کرگوزیلەدر

12 - قوشومچه - مکتبگه کرگەندن صوڭ سببسز چقب کتسه یارلق راسخود کفل بولغوچیدن قولوقوب النادر

١٥ - ٩

ادرس :

اورومچی تەنگوەن

دوگعه‌بیغاڭ نومر 18 ئالتای نشریات ادارەسی

۱۹۴۷ ایل ۱۹ نجی دیقابر — تلدە، نشدە، فکردە، برلك! — جمعە ۱۱۵ نجی سان

!! بولەنچوکلك! خلق بولسون! توتقان یولك حق بولسون! خلق حکومتدن اوستون! حق قوتدن اوستون!!

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

مدیری: رئیسی آلب تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز توركستاندور

دانەسی: ۱۰۰ آیلیقی ۱۲۰۰ دوللر
هجری ۱۳۶۷ صفر ۲

آلتای نشریاتی طرفندن هفتەدە اوچ چقادورغان سیاسی، اقتصادی، اجتماعی، علمی، فکری و ادبی غزتەدور

# اوزەی شاك افندینك مقالەسینی اوقوغاندن صوڭ

اوزەی شاك افندینك «جدی چیك بیلغان آرا سیاستی» ناملق مقالەسیدە مرکزی حکومت چیك آرا اولکەلەر حقیدە بر قطعی سیاست بلگولەسون او سیاستدە چیك آرا اولکەلەرنك چین توپراغی ایکەنلکیدا چیك آرا ملتلەرینك چین جمهوریتی فقراسی ایکەنلکی قطعی بلگولەنسون. شونکدەك اوشبو چکلەر آستیدا چیك آرا ملتلەرینك ایگە بولغان حقوقلەری هم بلگولەنسون.

چیك آرا ملتلەری بو توپراقنك چین توپراغی، اوزلەرنك چین جمهوریتی فقراسی ایکەنلکیگە قارشی کلەدورغان حرکتلەردە بولونماسون: شونکدەك هر قانداق بر عملدارمو، چیك آرا ملتلەرینك بو قارقی چککە قارشی کلمەسلك شرطی آستیدەکی سیاسی، ملی، دینی اشلاریگە تگەدورغان حرکتلردە بولونماسون، دیگەن اساسی فکرنی اورتاغا آتادور.

بزنکمو ایتماقچی بولغانیمز، استەگەنیمز، شو اساسی فکرلەردن عبارت ایدی. یعنی، مرکزی حکومتیمز، چیك آرا ملتلەری حقیدە منگو دوام قلارلق بر سیاست بلگولەسون. او سیاستدە بزدەك چیك آرا ملتلەرنك چقب کتمەسلکیمز لازم بولغان اساسی چکلەر بلگولەنسون. شونکدەك هر قانداق بر زماندا هر قانداق بر عملدار رعایە قلمەی لازم بولغان، چیك آرا ملتلەرینك سیاسی، ملی، دینی حقوقلاری هم خطامی بلگولەنسون.

بزدن بر آدم بو زمیننك چین جمهوریتی توپراغی، خلقنك چین جمهوریتی خلقی ایکەنلکیگە خلاف حرکتدە بولسا اونکا قاتتق جزا بریلسون. شونکدەك هر قانداق بر عملدار نگەمو یورتومزغا کلگەندە، بلمچانلق یاکی تار ملتچیلك قلب، مرکز حکومت بلگولەب برگەن حقوقلاریمزغا خلاف حرکتلەردە تدبیرلەردە بولسا، اونکامو قاتتق جزا بریلسون.

بزنك قورققانیمز و آلدیدین آلش اوچون ترشقار اشیمز، حکومتیمزنك چیك آرا حقیدە دائیمی دوام قلارلق بر سیاستی بولماسدن، بوگون برسی کلب بر خیل سیاست یورگوزسە، ایرتەسی برسی کلب اونی تاشلاب اوزینك آلب کلگەن بر سیاستی بلەن یورسە، یورتیمزنك اشلاری ازچیل بر یولدا یورمەسدن کونمو کون اوزگوروب، بوگون بر مأمورنك برگەن حقوقلارینی ایرتە برسی کلب آلب تاشلاسا، بوگون برسی کلب چیك آرا ملتلەریگە بو زمیننك چین جمهوریتی زمینی، اوزولەرنك چین جمهوریتی فقراسی ایکەنلکلەرنی قطعی تانوغانلققا خلاف کلمەسلك شرطی آستیدا، اوز ملی بارلققلارنی ساقلاب، اوز ملی تللەردە اوقوب، اوز دینی اعتقادلاردا ارکین یاشایسزلەر دیسە، ایرتەسی بری کلب ذوق بوزوك کتەدور. اولارنی چین جمهوریتی فقراسی دەب تانوغانلققلار یتمەیدور، بز بر ملتمز دیمەیسیلەر، بلیتکە یازو هر قانداغ بر اشنی طلب قلشلارغا رخصت یوق، بز بر دولت دیمەسدن، بز بر دنیادا یاشاش دیمەکلەر لازم. اوز تلیمزدا، اوز ملی روحیمزدا تربیە آلب، ملی بارلقیمزنی ساقلایمز؟

دیمەسدن بز نمەنی اویلاساق سیزلەر هم شونی اویلایسیلەر، بز نمەنی استەسەك سیزلەرمو شونی استەیسیلەر، بزنك فکریمزگە، روحیمزغا توغری کلمەیدورغان هر قانداغ بر فکر و مفکورەدە یوروشکە روخصت یوق دیسە، انچە یوز یلدن بیری حل بولمای کیلەیاتقان چیك آرا ملت مسئلەسی بوندن کیینمو حل بولوشیغا کوزومز یتمەیدور.

شونك اوچون بز حکومتیمزدن بزنك چقب کتمەسلکیمز لازم بولغان چکنی بلگولەگەندن کین شو چکدن چقماسلق شرطی آستیدەکی بارلق سیاسی ملی حقوقلریمزنی سوراشقا، سوزلەشکە، و شو حقوقلاریمز اوچون حرکت قلشقا امکانیت بولسون، دیگەن طلبنی قویوب کلمەکدەمز و قویامز. جالیجو ربن جنابلارینك سیاسی پروغرامەداده توتقان یولی هم بزنك شو تلەکلریمزدەکی توب فکرلەرنی اچیگە آلمافدا. امما یو یاقندن بویان آنگلاساق بعضیلەر بزنك بو حرکتیمزگە هر خیل معنالار بریب، بزنی دولتدن آیریلش مفکورەچیلری دەب، بهالار بریب کیشیلەرنی آگاهلاندوروشقا باشلایدور. بزنکچە بو خیل بها برشلەر یاکی بزنی یتوتلەی توشەنمەسلکدن بولوب یاکی بزنك بو زمیننی چین جمهوریتی زمینی، اوزمزنی چین جمهوریتی

[دوامی ۲-بەتدە]

# اويوشمائالتاى نشرياتى عاجزلارغا ياردم حركتى باشلادى

١٧ - دەقابر كونى كەچ ساعت ٤ دە اويغور اويوشما بناسيدا، مجلس آچيـ لب، اويغور مەدنى آقارتش اويوشمابلەو آلـ تاى نشريات ادارەسى برلكدە حاضر او روەچيدە آچلق و سوغاقلق دستيدن اولوم قورقونوچى آستيدا قالغان غاجز كمبغل مسلمانلارنى قوتقازش حركتى باشلاشقا قرار قلب بر حاضرلق هيئتى سايلادى. بو هيئتكە: جنگزخان داملا، مطيعى، ع . ئيمن، قادر آخون سراب، تورسون عبدالرحيم، اسماعل طاهيرى جمال‌الدين افندى و عشور بوچاڭ قتار لق آدەملر سايلاندى . بو حاضرلق هيئـ تى درحال برنچى نوبتلك مجلسيـنى آچب، ياردم ايشى اوچون پروغرامما توزوش، تدويقات يورگوزوش، عمارت حاضرلەش ايش اصوللەرى بلگيلەش و عاجزلارنڭ تزيمينى حاضرلەش اوچون اوز ايچيدن آدەملر بلگولەب، هيئت طر فيدن عمارت مسئلەسينى حل ئيلشقا ياردەمگە شوروزى آخون، عاجزلار تزيـ مينى آلشقا ٢ - شعبە ساقچى مديرى ياسين آخونلار بلگولەندى. هيئت اعـ ضالەرى بو مقدس ايشقا جدى كرشيـ مەيغانلقينى قايتا - قايتا بلدوروشوب مجلس تارقالدى.

# ساقچى مديرى ياسين ئاخونلار مكافتلەندى

اورومچى شهرلك ساقچى ادارەسيـ نڭ ايكنچى شعبەسنى مديرى ياسين آخون و اورونباسارى لەر شهر خلـ قيغا، تنچلق سافلاش اوغريلارنى تو توش اشلاريدا هارماى اشلەدى. دەب شهر خلقى اويغور اويوشما كلوبيدا ١٧ - دەقابر آخشامى مكافتلەش مجلسى اوز گەزب، وكيلەرلە آلتون ميداللەر سونغان.

# ينه بر يوقورى صنف

اولكەمزنڭ بردن بر دارالفنونى بولـ غان «شنجاڭ شويەن» دارالفنونيـدا و وقتقيچە توراڭ تليدا اوقوچى اوقو چيلار يوق ايدى. بويل مكتب آلتى شهردن اوقوچى آلدوروب، طبب، حقوق فورسلەرى آچش و معارف فاكولتاسـ ده تورك تليدا بر سنف آچشقا قرار قلغان ايدى حاضر بو دارالفنونغا آلتى شهردن آلنغان اوقوچيلاردن خوتەن ولا يتيدن آلنغان ١٠ اوقوچى تكلى‌مكان اورتاسيدەكى خطرلك يول بلەن ايشەك مينب بر يارم آيـغا قـــــدر يوروب كوچارغا كيلب، كوچاردن ماشي نا بلەن اورومچيگە يتب كلدى. كاشغر دن اوقوچيلار كلگونچە بولارنڭ وقتي نى بوشقا اوتكوزمەسلك اوچون بر حا ضرلق صنفى آچب بو كوندن اعتبارن درس باشلادى.

# دديكى شنجاڭ قووروش اويوشماسى «قورولتايى بو كون ياپلدى

اولكەمزدە بويل ياچيدن قورولغان سياسى اويوشمالاردن برسى بولغان «دە گى شنجاڭ قووروش اويوشماسى» اوشـ بو آينڭ باشيدن باشلاب ٧ ولايتدن توپلانغان وكيللەرى بلەن قورولتاى آچقـ قا كرشكەن ايدى. قورولتاى ايكى هفـ تەدن آرتوق دوام قيلب، پروغراممانى تصديق قيلب، چهارشنبە كونى ١ -

# التى شهر بويلاب

يول خاطرەسى

( اونكەن سانلردن اولاما )

## كاشغر دە اوچ كون

مطيعى

بو كشى مو قسقا امامه ئالق قلب، عكس الحركتچيلەر قا ماقغا آلنغاندن كينكى كاشغرنڭ كوپ‌تنچ، حكومتينى حمايە قلادورغان يرهـ الغا كلگەنلكينى بر نەچچە كون الگرى حقا رتلەنب المزادە بولوب الگەن بەعضى كشيلەر بر آز اوچ آلش اوچون كوچا لاردا دشمانلارينى اوروب قويوش اش لەرينى توغدورغان بولسامو، اماآخر اوزينڭ بواشقا چك قويغانلقيدن ممەير دە تنجلق بولوب كتكەنلكينى ئاڭلارنڭ مو، بعضى يولدن آزدورغـوچى كاتتا لارى جزالانغاندن كيين اوزخطاسينى توشەنب توبە قلماقدا ايكەنلكينى ايتب اوتدى.

بزەو اشنى تنجلق بلەن خلققا زيان زخمت يتكوزمەى باسقتوروب تاشلاغان لقى اوچون نزاكت بلەن بوكشينى تبريك قلب خوشلاشب، قايتب چقدوق.

–١٣نجى آوغوست–

كاشغرغە كلشيمزنڭ ٢نجى كونى منڭ اوچون اونوتولماغيدەك بر كون بولدى. بو كون بتون دولت بويچە معلملر بايـ رامى بولغان كوگفوزى خاطرە كونينى كاشغر كهنە شهر معارف خذمتچيارى اونكەزمكچى بولغان بر كون ايدى. كوندوز ساعت ١٠ لاردا منمو بو خا طرە مجلسيگە قاتناشماق اوچون كاشغر اويغور قلوبى بناسيغا كردم. ٥-٤ منڭ كشى سغادورغان زور بنانڭ باريمىدن كوپينى اشغال قلب، اوستيگە چكمەنلەن يشمت شالوور، باشيغا بادام دوپپا كيگەن معلملر خودى بر قالپدن چقاندەك اوخـ شاش اولتورماقدا ايدى. مجلس رئيسى نڭ تكليفى بلەن صحنەگه چقدم. صحنە گە چقش بلەن ينە بر كوڭلك كورو نوش پەيدا بولدى. بادام دوپپا كيگەن ار معلملەرنڭ سول طرفيدە ازلەرنڭ ە دن بريچە اورونئى اشغال قلب، بلا من يوقارى قسمينى يورتمە شال بلەن چك اوراغان، هيچ بر جايى كورونمە مورغان معلمەلر اولتورماقدا ايدى. بە ضى‌آدەملر صحنەدە بر حركت قلغان بولـ سا بولار شالنى سەل كوتەريب قاراب آلار، و هرحال كوزى توشمەسون دە گەننى قلب، شالينى توشوروب آلار ايـ دى. من بولارنڭ موندراق محكم ها يـ.ـدا.ـيـ.ـدە نڭ سەببى نمەدور دەب ارلر آرا لريغا ينە بر كوز يوگورەتب چقدم. ار لەر آراسيدا خودى كيوەز اليزلغيدا اويردە بويردە آيپاق بولوب كوروز گەن

www.uyghurkitap.com



لام اوتكەزدى. سايلامدا رئيسلككە مس
عود افندى اورونباسارلققا جنم خان،
محمد امين حضرت، ايش آلب بارشقا
ليومين‌چون اەنديلەر سايلاندى مخبري
مزنلك آلغان خبريگە قاراغاندا بو كون
باپيلش مراسيمى اوتكەزمەكدە .

## شهر ايچيده عاجزلارغا ياردم حركتى نتيجەسى

اورومچى شهر ايچيده حكومتنك
عاجزلارنى قونقازش ادارەسى چينلى وطن
داشلاردن اعانه توپلاش حركتنى قوزغاب
٢٧ مليونغاقدر اعانەتوپلاغان.حاضر حكومت
نك عاجزلارنى باققوچى ادارەسيدە بر
تورك، ٥٠٠ چينلق عاجزلار باقلماقدا.

## شدتلك بر نمايشدن صوڭ

[ميچيگان ١٦ - دەقابر يونەيتد پرس]
ميچيگان يوكسەك بيلم يورتينك ٢٥٠٠
اوقوغوچيسى شدتلك نمايش ياسادى.
«يوقالسون قومەونيزم!» ديگەن شعار
لارنى واقيرادى. آمريقا قومەونست فر
قەسى ليدەرلەريدن آيسلانلرنك نطقينى
توسماقچى بولدى. بوندن طولايى محا
فظ دابورنك ٤نفرى طرفيدن يومباتاشلانب
زورمو - زور نطق توختاتلدى. ناطق
پولسلار طرفيدن توقيف قيلندى.

## مولوتوف قايتدى

[ برلين ١٦ - دەقابر ] ساويت حكو
متينك خارجى منسترى مولوتوف لوز
دون مجلسى موفقيتسزلككە اوچراغاد
دن صوڭ اوچقو بلەن اوزدولتيگە قايتدى

## بلغارستان بلەن ئالبانيا ئاراسيدا

[ صوفيه ١٦ - دەقابر ] خبرگە كو
رە بلغارستان حكومتى آلبانيا حكومتى
بلەن اوز آرا توزولگەن دوستلق و يار
دملشش شرطنامەسى رسميني اعلان قلندى

## بر ياپوننك بردن بر چينلق حمايەچيسى

[ مركزى آژانس ١٢ - دەقابر خبـ
رى ] چيننك داڭلق غزتەسى بولغان
داگوك باونك مديرى خوچك افندى تو
كيوداكى اوروش جنايتچيلەريني سودقلا
دورغان „خلق آرا محكمه“ دە سود
قلنماقدا بول...... غان ياپون اوروش
جنايتچيلەريدن ‚‚ ليك - موجاكى ،، نام -
لق سابق ياپون ريجا ادارەسى مديري
ني ‚‚ جونگونك دشمانى بولماسدن
وستى ايدى“دەب حمايه قيلب گواهلق
خطى ايبرگەن. بو ياپون اوروش جنا
يتچيسيني قارالاغوچى چين پراكور
رى گواهيدن تعجبدە قالغان.

[ باشى ١- بەتدە ]

خلقى‌دەب‌تانوغانلغيمز يتمەسدن، بوقاري
دا ايتلغاندك، آغزيمزنى يوموشقا مج
بور قلش سياستى نقطه‌ نظريدن بو
لوب ياتادور.

بزگەبو خيل بها برگوچيلەرنك‌بزنى
توشەنمەسدن بها برگەن بولسا، بوندن
كين بو خيل بهانك‌خطالغيني توشونوب
آلشيني اميد قلامز. اگردە توشونوب
توروب، هيچ قانداق تيلەك و استەكلەر
ني طلب قلدگغا روخصت يوق ديگەن
نقطه‌ نظردن شو خيل بهالەرنى برگەن
بولسا، بو بها برگوچيلەرنك بهاسيني
سياسى پروغراممزا روحيغا خلاف حساب
لاب، مونداق سياسى پروغراممزاغا خلاف
مفكوره بلەن حركت قلغننك كوب زيان
لق ايكەنلكيني بر كرەسلەتب اوتمكچيمز.

باتور آچلغان پاختادەك آق صللا اورا
غان آخونوملار هم اولتورغان ايكەن.
بولەرنك دينى معلملەر ايكەنلكى خاطره
گە كلدى. عيالارنك مونداغ اوركوش
لەرينك سەبەبلەرى اوشبو صللالقلەر بول
سا كرەك ديدم.

مجلس حاكم اداره معارف بولوم
باشلغى عمر احمد افندى‌رياستيدەآچل
دى. سوزلەنگەن مهيم نطقلاردن برسى
جاو جونجاك افندينك سوزى بولدى.
بو كشى اوز سوزيدە دولت منفعتيگە
خلاف كلەدورغان اشلارنى قلماغاندا معا
رف ساحەسيدەكى ياشلارنى اوزيگە يا
قين دوست كورەدورغانلقيني ايتب اوت
دى.

سوز نوبتيدە مجلس رئيسى مينى
هم تكليف قلدى. هيچ بر حاضرلقسز
كلگەن بولسامو، اما مجلس رئيسينك
معلملەرگە قاراب‌ده،جلسدەاولتورغان كوپ
چوالك معلملەر طرفيدن او ر ، ا ن
كلگەن ابراهيم افنديني سوزگە تكليف
قيلامز،، ديگەن سوزى بو آرتوق بهاغالايق
امەسلگەننى اوختوروب اوتوش اوچون
بولسامو برنچەآغيز سوز قلشقا مجبور
قلدى.

منبرگە چقدم. كوپچوالك معلملەرنك
چرايلەرى گويا مڭا تانشدەك توبولدى.
اولارمو خودى‌برتانش‌آدمنى كورگەندەك
بر بريگە قاراشيب آلدى. سوزومنى بور
تومزنك الك دستلەبكى معلملەريدن بول
غان مسعود صبرى افندينك اولكەمزگە
رئيس بولوشى بز معلملەر اوچون شرف
ايكەنلگيني ايتش بلەن باشلادم. موز
مداغ بر باش معلم رئيس بولغان مز
گلدە معلم‌بولداشلارغا روحسزلانشنك‌اور
نى بوقلغيني ايتب اوتدوم. معلملەرنك
روحسز چرايلەريدە اسسق بر كولوم
سرەشلەر كوروندى.

سوزومنى بز اوچون چيندن آيري
لب بالشقا دولت قوليغا اوتوب دوپپا
آلماشتوروشنك فائدەسزلغى اوز آلدي
دزغا مستقل بولوشنك امكانى يوقلغى
بردن بر يول چين جمهوريتى قول آستـ
يدا ياشاب اوزيمزنك ملى ـ دينى حقوق
لەريمزنى تولوق قازانش اوچون تري
شاق ايكەنلگينى، حقوقنك يوكونكيدەك
قالايمقان اشلەتيلب، يورتنك برمونچه
ناحيەلەردە آگسز آدملر قوليغا توشوب
پراكندە بولوشدن ساقلانشنك بردن بر
يولى مكتب، معارف آرقيلق آگسزلققا
قارشى كورەش ايكەنلگيني ايتب سو
زومنى تماملادم.

اورومچيدن كلگەن بر ياگى ياش
نك سوزى عجب توپولغاشقامو، معلم
لەر مينى منبردن آلقش بلەن اوزاتدى.

مجلس، اولكەمزدە حاضر موداغا
كريب قالغان بايراق تقديم قلش بلەن
تماملاندى. جاو جونجاكغا معلملەرنك
تشكراتيني بلدوركەن بايراق تقديم قيـ
لينب بولغاندن كين، صوفى بك حاجى
غا و كاشغر كهنه شهر فرقه بولومـى
باش كاتيبى بولغان ياش يگتگە ياشلار
ناميدن دەب بايراق تقديم قلندى.

مجلسدن كين حاكم ادارەسيگە قايتـ
قان ايدم ١٠نيچە مينوت اوتمەيلا او
يوەنى و موئلانى مجلسدن چيقب كو
روشكە كرگەن معلملر قاپلاب كەتدى.

[ دوامى بار ]

# جدی چیك ارا سیاستی

**اوزەی شالك**

[باشی اوتكەن سانلاردا]

بو بزنك آساسی سیاستیمز، بونی چیك
آرا ملتلری بلمەگی لازم. بز بولارغا
[ اوششاق ملتلرگە - ت ] دولتنك الا
آخرقی سیلەر چیكی نمە ایكەنلگینی
آیرم آچق بلدورمەكیمز لازم. بو چك-
لەن آرتب كەتكەندە جزالاش لازم. شو
نك بلەن برلكدە بز فقط بر - بریمز
بلەن صمیمی مناسبتدە بولغاندالا برلك-
دە یاشاب، برلكدە یاشناماق ممكنلگینی
اولارغا بلدورمەكیمز كیردك. چین جم -
هوریتی حقیقی روشدە برلەشب كوچەی -
سە، باشقالارنك یمان قصدلەردە بولمای-
دورغانلقینی شوندا بولغاندا اوششاق
ملتلەرنك تنج حدایەگە ایگە بولادورغان-
لقینی بلدوروش كیرەك.

توغری، بز حاضر اوزیمزنك بر
قسم چیك آرا مسئلەلەریمز خلق آرا تو
قونوشلارنك بر حالقاسی بولوب قالغان-
لقینی، اونداق بولمادن كین بو مسئلە
لەرنی موندا بزنك فكریمزدەكیدەك سا
دە اصوللار بلەن حل قیلش ممكن بول -
ماغانلقینی هم اوبدان بیلەمز. اما اجرا
قلشنك قینلقیغا قاراب بزنك آساسی دو
لت سیاستیمزنی اهمیتسز تاشلاش، بو
اشقا تعللقی بولغان كشیلرنی بولسز
تەنترەتش كیرەك ایمەس.

۲ یاخشیلق خدمتلەرینی قانات یای -
دورش. اوتموشدە بز بلەن چیك آرا
ملتلەری آراسیدا یاشورغلی بولمایدور
غان بر دەز دوام قلب كلدی. مركزی
حكومت طرف اوزینك عسكری، اقتصا
دی، مدنی، سیاسی اوستونلكیگە تایانب،
چیك آرا خلقیغە برابرلك مهربانلق كو
زی بلەن قارامادی؛ اسق معاملە قلمادی.
بولوبمو مركزدن برافدا اشلەگوچی عمل -
دار، و گنرالارنك كوبچیلگی اچكی
آباد رایونلاردا اوسكەن كشیلەر بولغان -
لقدن چیك آرا اشلەریگە كوڭ...لی
بولمادی. شونكدەك یوقوری فكرلەری
هم بولمادی. شونك اوچون بولار یا،
اشنی بر علاج قلب زممەسیدن اوتكو
زوب آتشنكلا كوییغا كریب، ادارەسزلك
قالدی. لیاكی، شخصی استەكلەرینی قاند -
دوروش اوچون وظیفەلەریدن فائدالانب،

بتون كوچی بلەن خلقنی ایزیش خلق
قانینی شوراش بلەن مشغول بولدی.
بولاردن قالسا، چیك آرا خلقی بلەن منا
سبتدە بولغان سوداگرلەر فقط اوز فائدا
سینیلا كوزلەب، یاخشی تدبرلەر الغاب
ایش قلمادی. یرلك خلق بو خل اوستـ
ما اوست آلداش و قانینی شوراشلار
نی باشیدن اوتكەزگەندن كین بو بخ
تسزلكلەر آرقاسیدا، بولارنی توغدور
غوچیلارغا قاراتا بولغان دشمنلق قارا
شینی اوزگرتە آلالمادی. بو كون منا
بو حل قلنمای دوام قلغان عداوت، اشاذ
جسزلق، اوزآرا بوزوغلقنی یوقاتش او
چون جدی روشدە یاخشیلققا كرشمەك،
بوندەن قوتولوش چارەلەریگە یاپشماق
لازم. بوندن كین چیك آرا اوچون قاد
رو تاللاغاندا، بتون كوچ بلەن یرلك
قادرولارنی كوتەرشكە اهمیت بیرب یر
لك خلقنك یرلك اشلارنی قلشلاریغا
یول برمەك لازم. مركزدن ایبرتلگەن بار
لق آدەملر چیك آرا حقیدە بلماك،
چیك آرا خلققا حسداش، مسئولیتیر
لق روحی بلەن چیك آرا خلقیغا خذ
مت قلادورغان بولماغی لازم. اونك اوسـ
تیگە بولار توروشدا چیك آرا خلقی
توروشیغا یاقنلاشماغی لازم. موندای
قلغاندا خلق كوڭلیدە بر یاڭی آساس
اورناتقان بولامز. خلقنك كوڭلی آلنغاندـ
ن كین، برلەشكەن چیك آرا جمعیتی
قورامز دیگەن مقصدكە كلگلی بولادور.

چیك - آرا خلقینك اشانچینی قازان
ماق اوچون بزگە ملتلەرنك برابرلگینی
تولوق تعمین قلماق كیرەك. قانوندا
اقتصاددا، جمعیتدە ایكی خللق ئاكرپست
كوروشلەرگە مطلق یول قویماسلق لازم.
كوبچیلكنك فائدالانادورغان حقوقلارینی
آلب قالمای برمەك كیرەك. اما كوبچو
لوكنك وظیفەلەریدن هم قاچشقا اورون
برمەسلك كیرەك.

بز تل، مدنیت دینی اعتقاد طرف -
لەریدن، خطالار بلەن خطای ایمەسلەر،
چیك آرا بلەن چیك آرا بولماغان یرلەر
آراسیدا كورونەكلك آیرمالار بارلقینی
بر اقرار قلماقیمز لازم. اما بو آیریما
برسینك - برسیدن آرتوق ایكەنلكینی
بهالاش بلەن مناسبتسزدور. شونكدەك
بر دولتدە آیریم تل، مدنیتنك بولغان -

لقی او دولتنك برلك روحیغا دخلسزدور.
بولار بر بری بلەن همكارلقنی اوبدان
یوللارەا آلب بارا آلسالا، تورموشینی مول
لاشتورادور. انگلترە بلەن شویتساریە
بونك اوبدان بر مثالیدور. البتە حكو
مت اێچیدە برمونچە تمثل [آسسیمبلات
سیە] سیاستینی یاقلایدورغان آدملەر هم
بار. اما بزنك دولت حسیمز نقطەسیدن
قاراغانیمزدا، بر ملتنی تل و اعتقادینی
اوزگرتشكە زورلاش، الا اخمقانە سیاستدور
چونكی بو چیك آرا ملتلەرینك قارشیلقینی
اویغاتب، شبهەسیگە سبب بولوب، روحی
برلەشیشكە یاخشی تاثر بیرش اورنیغا
تەتورسیچە یمان تاثر بیرەدور.

### برلەشمە ایەلر باش ایشتابینك اورومچیدەكی تكینچیلك كارخانەسیگە اوقوغوچی قبول قلش اعلانی

1 - مقصدی - كارخانەمز چگرا اولكەلردە تیخنك كادرلرینی یتشتورمك اوچون 500 نفر اوقوغوچی تربیەلب چقماقنی مقصد قلادور.

2 - سانی - ماشیناچیلق اوچون 100 نفر تیموچیلق اوچون ایكی یوز اللك نفر، موزدوز چیلق اوچون بریوز اللك نفر اوقوغوچی قبول قلنادور.

3 - یاشی - 16 یاشدن یوقاری یگرمە بش یاشدن توبن بولوب ایشلەب چیقاریش اشلریغە قاتناشش اوچون هوس قلغوچی یاشلر قبول قلنادر.

4 - لیاقتی - جهك خوا فقراسی بولوب ازتولا سوادی باركیـف - سغادن خالی، ساغلام بدنللك یاشلر كفللك بلەن النادر. اما ملت ایرلیمادیر.

5 — تربیە — مخصوص تخنیكی تربیە بریلشدن تاشقری ترسلك تعلم - تربیە هم بریلەدر.

6 - تربیەلەش وقتی وقتنچە التەای قلب بلگولنەدر.

7 - تعمیناتی — تعلیم تربیە جریانیدا یەمك ایچمك، كیم، یتاق، اوقوش اشیالری بریلشدن تاشقری هر ایدا 200 مك دولت دوللاری بریلەدر اوقوش درجەسی یاخشی بولوب چقوچیلرگە كارخانەمزدەكی یاشقا خذمتچیلرگە اوخشاش تعمینات بریلەدر.

سكزنچی اسمینی یازدوروش ترتیبی — اسمینی یازدورغوچیلر اوزینك كارخانەمزگە كیربـشدەكی طلبنامەسی و كفللك كاغذیدن برنسخەدن تاوشرادر.

9 - اسمینی یازدوروش اورونلری - اورومچی شرقی دروازە (دوموك) الیچیدەكی كارخانەمزنك تكوچیلك بولومی، 2 - كارخانەمزنك اورومچیدەكی (مین یومن طرفدەكی) تیمر زاوودی، 3 - اورومچی چوڭ كوبروكنك غربی قسمیدەكی بولومچەسی 4 - اورومچی یوموسەن یولیدەكی كارخانەمزنك ماتیریئال بولومی، بشنچی كارخانەمزنك قولدەكی تیمر زاوودی 6 - كارخانەمزنك قاشغردەكی تیمر اوودی 7 - قراشەر بوجنزەدەكی كارخانەمزنك جارت بولومی، سكزنچی، گوچوڭدەكی تجارەت بولومی، 9 - توریان كینە شهردەكی كارخانەمزنك بولومچەسی

10 - اسمینی یازدوروش وقتی - غزتەگە اعلان قلنغان كوندن باشلاب 12 - اینك اخریغا قدر

11 - امتحان الش وقتی - كەلگەن وقتدە سناشدن اوتكوزوش بلەن صنفقا كرگوزیلەدر

12 - قوشومچە - مكتبگە كرگەندن صوك سببسز چقب كتسە بارلق راسخود كفل بولغوچیدن لوتوب النادر

ادرس :
اورومچی ئەنگوەن
وثغەبیغاك نومر 18 ثالثای نشریات ادارەسی

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يكشنبه ۱۱٦ نچی سان    ۱۹۴۷ ایل ۲۱ نجی دیقابر    تلده، نشده، فکرده ' برلك !

! بوله‌نچوکلك ! خلق بولسون ! توتقان بولك حق بولسون ! خلق - حکومتدن اوستون ! حق - قوتدن اوستون !

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

ئه‌رك

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

مدیری : عیسی آلب تکین
باش محرر : م ۰ ا ۰ بوغرا

دانه‌سی : ۱۰۰ آیلیغی ۱۲۰۰ دوللر
هجری ۱۳٦۷ صفر ۸

آلتای نشریاتی طرفدن هفته‌ده اوچ چقاریلغان سیاسی ، اقتصادی ' اجتماعی ' علمی ، فکری و ادبی غزته‌دور

# دد ئه‌رك ،، بر یاشقا کردی

بوگون مظلوم ملتیمزنك ملی اوازی بولغان ,,ئه‌رك,, بر یاشقا کردی.

بو بر یل اچیده دد ئه‌رك ،، ملتیگه عادتدن تاشقاری بیوك خدمتلر کورسوته آلمادیمو، اما ملتنی اوچون توغری ده‌ب سایلاغان یولینی ازچیل دوام قلدوروب اولکه‌مزنك قایغولوق حادثه‌لر بله‌ن تولغان دو بر یللق سیاسی حیاتیدا حقیقی روشده، ملتنی طرفده توروب یازیب کلدی، سوزله‌ب کلدی، اشله‌ب کلدی.

بونك بله‌ن او ملتینی دولتکه خیانت بولیغا باشلامادی. دولت اچیده توروب ملی بارلقینی ساقلاب حر اریکن یاشاش اوچون کوره‌شمککه؛ اوز ملتینی سویوش بله‌ن برابر بتون دولت و بتون دنیاده‌کی ملتله‌رنی هم سویوشکه دعوت قلب کلدی.

اونك یازغانی، سزغانی، آیتسز ملتینك قایغوسی بولغانلغی اوچون اونك اوزی هم اوکسز بولدی. هر ایکی طرف اونی یه‌کله‌دی. اوندن چوچودی.. بر طرف دد سن خلقنی ارگه‌شیشدن بز باشلاغان یولغا توکل قلشدن توسدوك،، ده‌ب اوپکه‌له‌سه یینه بر طرف سن بزنك اسکیلکله‌ریمزنی فاش قلدك،، ده‌ب کاییدی.

,,ئه‌رك,, بونك بله‌ن امیدسز له‌نمه‌دی. چونکی خلقنی قلاکتلك بر اشقا توکل قلدورغوچیلارنی فاش قلش بله‌ن اوز خلقینی اورونسز زیاندن زخمتدن ساقلاب قالسا، دولت نامیدن اسکیلك قلغوچیلارنك اسکیلکله‌رینی فاش قلش بله‌ن بر طرفدن همه‌مزنك مشترك ملکی بولغان دولتنی خلق آلدیدا آقلادی. و خلقینی ظلومدن قوتقازش اوچون کرشدی.

اوکسزلکده اش قلماق، دد ئه‌رك ،، اوچون آسان بولمادی. مادی جهتدن قینالدی، دشمانلاری طرفدن حقارتله‌ندی، اما بو قینالش حقارتلانشلار ,,ارك,, نك اوز ملتیگه بولغان محبتی آلدیدا هیچ نرسه ایمه‌س ایدی.

,,ارك,, نك بردن بر قایغوسی یولینك اوزی سویگه‌ن خلق طرفیدن توشه‌نمه‌ی قالش احتمالی ایدی.

اما بوخیل قایغوروشنك اساسسز ایکه‌نلیکی اوزون اوتمه‌ی آشکارا بولدی. خلقیمزنك کیرك خارجدن بولسون کیرك ایلیدا توروب بولسون کیرك آلتی شهر نك ییراق ناحیه‌له‌ریدا توروب بولسون، گاه آچق گاه یاشرین ییرگه‌ن سلامله‌ری یاردمله‌ری هم غزیته‌مزنی سویوب سویوب اوقوشلاریدن اولارنك بزنك یولیمزغا بولغان محبتی بلنمه‌کده ایدی،

,,ارك,, بو بر یللق ملی حیاتیمزدا باشقا فاکتلار آرقالقمو اوز یولینك توغرالیغینی اثباتلادی. تللاشیش، بوقلاشیشلاردن خلققا کیله‌دورغان فائیدا نك عمری قسقالیغینی بر یللق تجربه اوبدان کورسه‌تدی.

,,ارك,, بوگون اوزینك بر یللق اوتموشینی کوزدن کوچورگه‌نده اوز یولی توغراسیدا آلغان بو قناعتی بله‌ن بو یولیدن خلقغه فخرله‌نگودك زور فائیده‌لار کلتوره آلماسه‌مو اما باشقالاردك زیان کلتور میگه‌نلکی اوچون شکر قلاآلادور بو یولغا بولغان اشانچی ینه‌مو مستحکمله‌نه‌دور.

,,ارك,, اوز بیلك اوتموشینی اسکه آلغان بو کونده مادی معنوی قینچلقلارغا تولغان بو بر یللق حیاتیدا حقارتلرگه، ناحق تایاقلارغا چیداب ,,ارك,, اوچون اوزینی فدا قلب، اوزله‌رینك شیرین شعرله‌ری. کوچلك مقاله‌له‌ری و هارمای. تالمای قلغان مهنتله‌ر بله‌ن، ,,ارك,, نی اوشبو کونگه آلب کلگه‌ن غزته مدیری ع بلبل، یازوچیسی ر جاری؛ و تانکینده آلتای نشر قلب اوچمه‌س نتیجه‌له‌ر کورسه‌تب اوروه‌چیگه قایتقاندن کین ,,ارك,, نك کوچیگه کوچ، روحیگه روح قوشقان باش محرریمز ع تیمه‌ن باشلق بوتون اچکی تاشقی بارلق یازوچیلاریغا دره‌لك کوگلینك الك چونقور اورونلاریدن چقان یالقونلوق سایغیلارینی سونادور.

شونکده‌ك اسق سوغاقدن قورقمای ,,ئه‌رك,, نك پوتیغا- پرت، قولیغا قول بولوب اشله‌گه‌ن هارماس دد چاپارمه‌نی ،، [ عمومی اشلار مدیری ] عبدالله‌نعمانی باشلق بارلق خدمتچیله‌ری' تزوچیلاری و باسوچیلاری آلدیدا هم چونقور تعظیم قلشقا مجبور بولادور.

الك آخرسیدا، ,,ئه‌رك،، اوزینك مادی و روحی یوله‌گوچیله‌ری بولغان بارلق محبله‌ریگه بوگونکی خاطر کونی مناسبتی بله‌ن یالقونلوق سلامینی تقدیم قلادور.

خلق اوغلی

## دولیتمزگه قیلنادورغان یاردملەر توغرولوق ینه بر کفالت

[واشنغتون ١٧ نچی دیقابر] امریکا دولت اشلار پالاتاسی اوزینك جونگوغا بولغان سالقین سیاستی دولت مجلسی نك رسمی عیبلشیگه اوچراش بلەن بوگون ینه کیکەش پالاتاسی نك فول بریش هیئتی طرفیدن مرگزی حکومتمزگه یاردم قلش توغرولوق کفالت برگەن.

آمریکا اقتصادی اشلارینی باشقور غوچی یاردمچی باشلیغی سوف نك کیکەش پالاتاسیدا ایتشیچه ; بورون دوام قلب کلگەن جدی یاردم قلش قانونیدەکی ٦٠ میلیون آمریکا دوللاری امریکانك جونگوغا تخیمو نورغون یاردم بریش فرصتینی توغدورغوسی.

قینچلقنی کیمەیتش نك چارەسی دولت مجلسیدە کرگوزولوشکه کورسو تولگەن برلەشمە دولتلەر قوتقوزوش هیئتی بغلاندن کینکی قوتقوزوشدن اشیب قالغان ١٨ میلیون آمریکا دوللاری وە حاضرقی قوشولغان ٢٧٠٠٠٠٠ آمریکا دوللاری بلەن ٤٥ میلیون آمریکا دوللاریدور.

دولت اشلار پالاتاسینك براق شرق هیئت باشلغی هم جونگودەکی سابق سفیری بەی دی هوانك اعلان قلیشیچه! حاضر برلەشمە دولت قوتقوزوش هیئتی باپلغاندن کیینکی قوتقوزوش پلانی اوز اچیگه ٥٠ مك تونتا بغدای ١٢ مك تونتا گوروچ و ٤٢٠٠٠٠٠ آمریقا دوللاریلق دورا لەر کرەدور. بغدایینك بهاسی ٧٥٠٠٠٠٠ آمریقا دوللەری گوروچنك سومماسی ١٦٠٠٠٠٠٠آمریقا دوللەری حساپلانغان. بو پلان یاقین وقتدا جونگو آمریقا حکومتلەری طرفیدن تووزولگەن. بەی دی هوا افندی „آمریقا جونگو حکومتینی آفتوموبیل و قوراللەر بلەن تامین قلماقچی" دیگەن میش-میش خبرلەر توغرولوق - „اولەر بونك سومماسینك یاردمگه بریلمش قللەردن توتولوب قالماقدا ایکەنلگینی بلمەیدور، دەب ایتب کلب، ایشەنمەگوچیلەر اوچون تکشوروب کوروشکه رخصت قلغان همدە اولەر آمریقانك چت دولت بلەن بولغان حسابینی تۆگەتشدە جونگو بلەن ماری آتام طاقیم آراللەریدەکی قوراللەرنی جونگوغه ساتب برش اوچون قلایاتقان صحبتینی آشکارا قلدی،، دیگەن.

---

## ناو سیدیك نك ئامریقاسەویت اینفاقی اورتاسیدەکی جدی احوالاتنی تحلیل قیلشی

[ مرکزی آژانس نیوروق ١٧ - دەقا بر مخصوص تلغرامی ] آمریقانك برلەشمە دولتلەر قورولتاییغا ایبەرگەن وکیللەر اومەگینك باشلغی ناوسیدیك افندی چیکاگو خارجی همکارلق هیئتیدە آمریقا بلەن سەویت اتفاقینك برلەشمە دولتلەر آراسیدەکی جدی احوالاتی حقیدە تفصیلی بیاناتینی بردی، ناو افندی „برلەشمە دولتلەر، دنیانك عمومی بی خطرلك مقصدیگه یتیشیشی مقرر،، دیگەن ایشەنچینی تکرارلاب ایتش بلەن اوتکەن بر یلدن بویانقی برلەشمە دولتلەرنك موفقیتی و مغلوبیتینی اسلەب بها برگەندن صوك، „بزنك حاضرقی عملی[illegible] قاتیمز الك بیوك و کوچلوك

---

## التی شهر بویلاب

بول خاطرەسی

( اوتکەن ساناردن اولاما )

## کاشغر دە اوچ کون

مطیعی

صحرا - صحرادن بابرامگه قاتناشماق اوچون کلگەن بو معلمارنك کوپی اوروەچی دار المعلمیندە من معلم بولغان دورلردە اوقوغان یگتلار ایدی. شاك دوبەننك زندانی منی بو سویوملك یگتلەردن آیریب تاشلاغان ایدی. اوز وقتیدە آکا - اوکا اورنیدا بر - بریمزنی سویوشکەن بو یگتلرنی بوگون بویردە کوروش منك اوچون تولاموه لذتلك برنرسە بولدی. بو یگتلارنك کاشغر سیسی بورانلریدا کوکلی سنغان بوگونکی وقتیدە اوقوش حیاتینك تاتلق منظرەلرینی اسکه توشورەدورغان آنا مکتب خدمتچیسی بلەن اوچراشقانی هم کوچلوك تاثیر قلغان بولسا کرەك بعضیلری کوزلریگه یاش هم آلدی منك هم کوکلوم نازکلەنب تتدی. اوستی - اوستیگه کریب کالمکدە بولغان معلملرگه اوزەمچە تسلی برگەن بولدوم. اوزون یللاردن بری معلملکدەك مقدس بر اش بلەن مشغول بولالیغانلقی بلەن بولارنی تبریکلەدیم. کرگوچیلرنك کوبلگیدن اولتوروشقا اورون یتمەسلگیدن هر - بر توركوم معلملر کریب اوزون اولتورمای صحبتکه قاتناشالمای خوشلاشیب چیقب توردی.

بولارنی ما ا موندا غ بر برادرلك حیسی بلەن قلغان معاملەلریدن، اوقوغوچی بلەن اوقوتوچی اوتتورسیدیکی باغنانك حقیقتدە چوك بولادورغان لغینی ینه بر نوبت سەزدیم. بر زمانلاردا هیچ کوزگەکورونمەگەن بر مونچە یگتلارنك شو مکتب تربیەسی، نتیجەسیدە بوگون بو موفقیتدە، خلق معارفیغا تمرەن بر محبت بلەن کریشب تارتقان جفا امگەکلرینی اونوتوب ینه شو مکتب معارف اشلرینی تولوقلاش' اوستوروش غەمیدە یورگەنلکلرینی یاکی جمعیتدە موم - مهم اورونلار ایگەلەب کوپچلکنك احترامینی قازانغانلقینی کوروب، معلملك خذمتینك مقدس بر خذمت ایکەنلگینی ینه بر کرە حس قلدیم.

٣١ نچی آوغوست آساسا بر زماندا اورەمدە اوقوب یورگەندە مینکمو محبتم سنگەن بر - بریدن کورکەم یگتلار بلەن کوروشوش سوزلەشیش بلەن اوتدی.

— ١ نچی سنتابر —

برنچی سنتابرنی کهنە شهر حاکمی تورسون علی افندینك شهر تاشیدەکی باغیدا بتون کاشغر عملدارلاری، منورلری حرمتیگه برگەن ضیافتیدە اوتکەزدوك

[ دوامی بار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خلق آزالق بر تشکیلاتیمزنك بولوشیـ
دور. بو تشکیلاتیمزنك هر بر بردە -
کی اونکەزگەن بر نچە نوبتالك مجلسیـ
دە دولتیمزنك دنیا موقعیدە توتقان
پوزتسیەسی خلق آزالق وضیعتدیکی
تورلك تالاشلار و جدی مناسبتلەردە
تولوق روشەن روشنلەشدی،، دیدی.
خاو افندی اوزینك عادتیکی قراالنیدی
غان ملایم قیافتیکی یومشاق سوزلەری
بلەن سەویت اتفاقینك برلشمە دولتلار
دە توتقان پوزیتسیەوی کوز قاراشینی
ایتب، سەویت اتفاقینك هر بر رهبر
لەری اوز دقتلەرینی ، مدافعە قلش
اشلەریدەکی هنر تخنیکانی فوق العادە
لاشتوروش» تاکتیکاسیغا توپلاماقدا.
بولارنك دقتیدەکی مدافعەصفی ٣ تورلك
بول بولوب، اونك برنچی صفی سەویت
اتفاقیدن باشقا هر بر دولتلەردیکی
قومونستلەر فرقەسی، ٢نجی صفی سە
ویتنك اارە قیلشی آستیدەکی هر بر
بیقندی دولتلەر، ٣نجی صفی حربیـ،ـی
تشکیلات و سەویتنك اچکی قسمیدەکی
اقتصادی اشلەردور» دەب کیلب بو توغ -
رولوق آمریقانك کلگوسی نشانلەری
اوستیدە توختالیکیلەرنی ایتدی. «١ -
مستحکم جپداشلق روحیمز بلەن بر
لەشمە دولەتلەرنك هر بر مسئلەلەریدە
خذمتکە کرشیشیمز بلەن قابلیتیمزنی
اوتەب، هر بر تالاش طرفدارلەرینی هر
خیل عمومی مجلسکە قاتناشادیغان قلیـ
شیمز لازم. ٢ - جـ.ی یاردم قلش پلا
نینی اجرا قاب، خلقنی بو یلقی قش
فصلینك آچ یالاگخاچلقیدن مدافعە قلش
لازم ٣ - بزلەرنك اوزلکیدن اصلاح
قلش ایشلەریغا کریشتوروب باوروپادیـ
کی هر بر دولتلەر بلەن بر اتفاقیدا
کوچقا کوچ قوشوب برلیشب ایشلەش
لازم. ٤ - بزلەر بر تورلك خلق آزا
لق سودا آلماشتوروش ایشلەرینی
رواجلاندوروب بونك بلەن هر بر دولت
نی تریلدوروب کورکەم آبادلق حالغا
کلالایدیغان قلیشیمز لازم. ٥ - بزلەر
سەویتنك قورقتوش خارانتریدەکی تجاو
وزینی هجومینی قلچیلك آساسی بوق
دەب توشونەمز» دەب سوزینی توگەتدی.

## انگلیه حکومتی بلەن امریقا حکومتی المان اشغال توپراغیدا بر لشمەك بولدی

[واشنگتون ١٦. یکابر] یونەیتد پرس
آلغان خبرگەکورە انگلیە حکومتی بلەن
آمریقا حکومتی آلمان اشغالیت توپراغی
اچیدە برلککە دیاش فکریگە قوشولە یاەر
برلککەکلمەك بولوشدی. اونك اوستیگە
بو حقدە کوب اوتمەی دوستلوق توختامی
توزمەك بولوب توختامغە غربی آلمانیەنك
اقتصادی. سیاسی اشلار حقیدە علاحیدە
بابلار کرگوزولمك بولندی همدە آمریقا
حکومتی اوچوق بوبروق بلەن اشغالیت
رایونلرنی انگلیەگە وکلتا باشقارادورغان
بولدی.

## پوچتا حقینی ئاشوروش توسالدی

[ مرکزی آژانس ١٣ - دیقابر
نەنجین خبری ] قانون توزەش پالاتا
سی ١٣ - دیقابردا اونکەزگەن ٢٤٣ -
نوبتالك مجلسیدە قانون پالاتاسی اعض
لەرینك تکلیفی بلەن پوچتا حقینی اوسـ
توروش خصوصیدا مأموری پالاتانك
قراری بملەن قالدورولسون دیگەن
فکر مذاکرە قیلینب، مجلسکە مأموری
پالاتا رئیسی اورونباساری وانگ یونوو
نی چاقیرب قانون توزوش پالاتاسینك
تصدیقیسز پوچتا حقینی اوستورگەننگی
حقیدە بر مونچە سوئاللار سوراب،
آخریدا پوچتا حقینی اوستیروش
توختاتلسون. اوستوروش حقیدەقانون
برگە مذاکرە بیرلسون دەب قرار چقاردی.

## عاجزلارنی .قوتقازش هەمەمزنك وظیفەسی

بو یل سوغاق آستا کلدی. اما
قاتتق بولدی. سوغاقنك قاتتقلقیغا قا
راب، کومور آشلق آرزان بولغان بول
سا هم بر گپ ایدی. ،، بختسزگە یەل
قارشی ، دیگەندەك سوغاق کوپەیگەن
ساری بازار بهاسی اورلەب، کومور آشـ
لق قولاققا سوغاقنك زهریدنمو، قاتـ
تق زهردەك آلاناتورغان بهالارغا کو
تەریلدی. بوندای احوال آستیدا قیلیـ
دا بارلار آلب یاقالیدی اما یوقلار حقیـ
قتدە آغر احوالدا قالدی. اویغور او
یوشما رئیسی ئالی اینتیغا ناراغاندا شەرـ
مزدەکی کمبغل دن برسی سوغاقا توگـ
لاب اولوش لدیدا قالغاندا بر عرابە
کەش او بیچارەگە اچینب استش یاقش
اوچون اویغور اویوشماغا کلتوروب بر
گەن. اویغور اویوشما خادملەری او بیـ
چارەنی اویگە الب کریب اوبدان استب
قورساقا بیگوزگونچەکمبغلجان اوزگەن.
بو واقعە سوغاقنك آچلقنك شەریـ
مزدەکی عاجزلار باشیغا کلتورگەن قلا
کتلەرنك فقط برسی. شیخاباطرفدە اول
توروشلوق محلە باشلقلەری اوز محلە
سیدەکی خلقنك آچاق سوغاقلق دستـ
دن کسەللەرگە مبتلا بولوب قاراغوچیـ
سز قالغان آدملەرنی خوشنالاری محلە
باشلقی اویگە آلب کلب باق دەب ناشـ
لاب قویەنلقلەرینی اویوشمادا آچلغان
مجلسدە سوزلەب بردی.
بو خیل شوم خبرلەر حاضر اوروم
چیدە عموملاشقالی باشلادی. یاشلارنك
جمعیتکە خذمت قلش ادارەسیگە هم کون
دە اونلاب یگرمەلەب ساغلام اوغلان
لار آچلقدن رەگلەری سارغایغان سو
غاقدن بدنی تیترەگەن حالدا کلب یاردم
سورغالی باشلاغان دولەرنك الك اچینشـ
لق حاللەریدن برسی ؛ اش قلالیلی
دەب کورەك کوتەریب کوچالارغا چقیب،
کونلەب کونلەب توروب کوردوك، هیچ
آدم بزنی یا قار سوپەرگەلی سالمادی،
یا حاجت خانە آدالاغالی قچقارمادی جمـ
عیت ادارەسینك کمبغللەرگە یاردم آشخا
نەسیغا بارساق بر کونلوك یمەك و
یاتاق اوچون بش مك دوللار سوراماـ
دا اوزیمزنی باشقا هیچ علاجیمز قال
مادی،، دیگەن سوزلەردور. بو سوزلەر
بو کشیلەرنك حقیقتلەریدن عبارت چون
کی بوگونکی قمتچیلکدە کشیلەر قارلا
رینی آدم یاللاب تازالاتمایدور. جمعیت
ادارەسی آشخانەسیمو بازار بهاسیدن
خیلی آرزان قلغان بولسامو بیکارغا با
قالمایدور. آدراق بولغاندن کین کونیـ
گە بش مك کری آلیشی اوز اقتصادیـ
نك دسمایەسیدن زیان تارتمالق اوچون
لا آلنغان بر حق بولسا کیرەك!
حال بوندای بولغاندن کین عاجز
لارنی باقشنی بتونلەی حکومتکە یولەب
قویغان بلەن حکومتنك حالیمو تعینلق.
شونك اوچون اویغور اویوشما بلەن
التای نشریاتینك علاجسز کمبغللەر
نی اوشبو مدهیش قش آیلەریدا باقش
اوچون قوزغاغان حرکتی ضرور اشلە
ریمزنك ضرور لەریدندور.
قدردان دینداشلاریمزنك بو عاجز
لارنی آیاشلارینی قولدن کلگەن یاردمنی برشـ
لەرینی انسانلق وظیفەسی دەب سورایمز.

# تورك بويوكلەری
ویا
# تورك اتلاری

بتون اولوسلارغا اوخشاش تورك
اولوسیمو کوبدن بری اوز بارلقیدن
تژغولغان، اوز تیلیدن آلغان آتلارنی
قوللانب کلگەن ایدی. بر وقت کلیبکی
توراندا تورك بارلقی تبرەدی. عربلەر
تورك اللەرینك بر کوب برلەریگە سو
قولدی. اوزلەری کیرە آلماغان یرلەرگە
کولتورلاری کرەر ایدی. عربلەر هم
ایراندا، هم توراندا اولوسال بارلقنی
یقیتار، بلگینلەرنی اولتورەر، توشەن-
گەنلەرنی اورتادن قالدورار، کهنه بارلق
نی کورسەتکەن نیمەلا بولسا سرب سو
پورەر ایدی. آرادا کوب اوتمەی ایراندا
دا اولوسال بوزولوش باشلاندی.
چونکە ایران عربلەردن کوب آغیر
دشنامەلەر یگەن ایدی.

توراندا عربچەلەشتوروش اونچەلك
قانتق بولمادی. ایران [ شیعەلك ] بر
دەمی آستیدا اولوسال بارلقینی تربلـ
دورمەککە چالیشسا توران صنعیلکنی
توتدی: قدیمقی ایران توران کلیشە آل
ماسلقی اوزینی بو یردەمو کورسەتدی.
تورکلەر عربدن آرتوق عربچە بولوب
کتدی. عربنك نیمەسی بولسا شونی
اوزلەشتوردی. باداغیدەك اوزلەرینی او
نوتدی.

عرب آتلاریمو بو آرادا تورکلەر
ایچیگە کرشکە باشلاغان ایدی. الك اول
عرب آتلارینی دین اولوغلاری، خوجا
لار قویدی. خاقانلار، خانلار قویدی.
آهستە - آهستە بو آتلار اولوس ایچیگە
یایلار ایدی

تورك آتلاری باسقونچی بر اوردو
نك آلدیدن قاچب چکەگەن، کوروندمەس
یرلەرگە مزکونگەن کمسەلەرکە اوخشاش
بوز قیرلاردا، چکسز یایلاقلاردا، جم
جت صحرالاردا ساقلانب قالماقچا چالیشار
ایدی نیتەکم بوگونمو صحرالاردا بولوك
پوشقاقلاردا بر کوب تورکچە آتلار یا
شاماقدادور.

عربچە آت آلماق [ قویماق ] ایشی
او قدر کولکلك بر حال آلغانکی عرب
لەرنك هیچ قوللانمایدورغان تورلك
تورلك سوزلەری قویولادور. بونك بلەن

مو قالمایدور. اولگەن، اونوتولغان آت
لاری آختوروب قوللانیلار ایدی.
تورکچە آتلارنیمو عربچە قالبقا سالماق
قا چالشقانلار کورولەدور. قاندافکی
قپچاق خانلاریدن « برکەی » خاننك
آتینی عربچە « برکت » کە اوز تورك
چە بر آت بولغان « قادیر » آتینی
عربچە « قادر » غا « خلاقی » نی
« خلاق » قا ئاقیتلاشتورغانلار بولوند
ی. علی‌الدین، صلاح‌الدین، نورالدین
فیض‌اللەغا اوخشاش بر بولك آتلارمو
بولدی. بو آتلارنی تاشوغانلار [ کو
تەریب یورگەنلەر ] نك نەتوم بلەن نەدە
گری بلەن بر ایلیشی بار ایدی ؟

کوب اعتبارلاب قوللانغان عربچە
آتلاریمزنك آکلاملاری [ معنالاری ]
نی کوز آلدیمزغا کلتورسەك بولارنك
نە قدر کولکلك ایکەنلکلاری معلوم
بولار. هاشم - قیرغوچی، ادهم - بوقاغی
نجلا - آلدیراغنو ناحی - اوغورسز بر
یولدوز، تورونج امچەکلك فر. [ ۱ ]

تورکلەر مسلمانلقدن صونکرە فارس
چە آتلارنیمو آلغان ایدی. چونکە او
زون یللار ایراننك اوستیدە بولوندی.
شو یری آچوقدورکی فارسچە آت قوی
ماق، عربچە آت قویماققا اوخشاش یای
غین و آزغین بولماغان ایدی. قوبول
غان فارسچە آتلار بك آزدور. بهزن،
نرزت، پاکزە، همایون فرخوندەگە اوخ
شاش....

سلجوق اوغوللاری ایچیدە الك کوب
عجم آتی قویوب اوزلەریگە کیخسرو،
کیقباد دیگەنلەر بار بولغان ایدی.
اوز تورك بر بویدن کلگەنلەری، کون
گە اوخشاش آچق تورغان مارشین
[ دلقادر ] اوغوللاری اوزلەرینی سا
سانلقلارنك نبرەلەری دیە تانتماق استە
گەن ایدی.

بزدە اونداق قویوق عربچە آت
تاشیغانلار کورولەدورکە اولارنك تورك
ایکەنلکیگە هیچ کیم ایشەنمەس. ابن
الهادی خیرالدین، ابوالکمال محاسن،
نصراللەصالم، خیرالنساء، ابن رفیق طلعت
آتلاریغا اوخشاش....

تورك آتی بلەن تانولغانلاردن شون
دانلاری کورولەدورکە کهنه آتلارینك
یانیغا عربچە بر لقب قویغانلاردور: تلبوغانك
ملك اشرف ابوالمعلی، آی‌بیك‌نك قطب
الدین لقملەرینی آلغانلاریغا اوخشاش.

تورکچە آتنك آلدیغا بیر عربچە
آت قویغانلاریمو کورولەدور. محمود
ئالواج، صادر اوزبککە اوخشاش. بر کوب
تویغولق اسکی تورکلەر عربچە آتلاری
نی همان هیچ قوللانماغان ایدی او
لوغبیککە اوخشاش. اولوغبیککە خوجا
لارنك برگەن عربچە آتی اولوغبیکنك مزاری
باشیدا لقبی برلگەندەلا ایشتلگەن ایدی.

تورك آتلاری آراسیدا الك کوب
یگتلك کورسەتکەن آتلار باردور. آلب،
قورقماس، اولمەس، ییگت [ پاشاییگت ] باتور
سالار، سالانچیغا اوخشاش، بوندن باش
قا یرتقوچی حیوانلارنك آتلاریمو آت
لارا قویولغان ایدی. آرسلار، یول
بارس [ قاپلان ]، بوری، [ کورت ]
بوغاتورسون، باتور پیرسوقغا اوخشاش.

یرتقوچی قوشلارنك آتلاریمو ینە
کشی آتی اولاراق قویولغان ایدی.
سونگور، لاچین، توغرول توغان آتما
چاغا اوخشاش.

تیمور، کموش، آلتونغا اوخشاش
آتلارمو قوللانلغان ایدی. حەلەتاش،
قایەگە اوخشاش آتلار کورولەدور.

آق میتق، قاراخان، آلاقوش قزیل
بیك ساریبانی، بوز قورت کوك بوری
گە اوخشاش رنگلەر بلەن بویغورولغان
تورك آتلاری کوبدور.

کون بلەن، آی بلەن یاسالغان بر
کوب آتلاریمز باردور. کون توغدی،
کونخان، آی توغمش، آیبك، آیخان و
آیقوتغا اوخشاش...

بر بولك کلمەلەرنك سوکیغا
« م » حرفی کلتوروب یاکی آتلار
یاسالغاندور. بالی، بالیم، خان، خانم جان جا
نم، سەوی، سەویم، بیك، بیگمگە اوخ
شاش. اونەدنبری بر بولك کمسەلەر
« م » قوشومچەسینك تشیلقنی [ خا
تونلقنی ] کورسەتەدورغان بر قوشوم
چە ایکەنلکینی هر قانداق کلیمەنك
سوکیغا کلسە تشینی کورسەتەدورغانلقی
نی یازسامو توغری امەسدور نیتەکم. با
لیم، حاجمغا اوخشاش. آتلار اردنك آتیدور.

[ دوامی بار ].

---

[ ۱ ] بونی ارکك انی اولاراق قو
غانلار بار ایدی

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

١٩٤٧ يل ٢٦ نجى ديقابر  تلده، نشده، فكرده' برلك!  جمعه ١١٨ نجى سان

! بولەنچولك ! خلق بولسون ! توتقان يولك حق بولسون ! خلق - حكومتدن اوستون ! حق - قوتدن اوستون !

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز تورکستاندور

مديری : عيسى آلپ تكين
باش محرر : م ' ا ' بوغرا

دانه‌سى : ١٠٠ آيليغى ١٢٠٠ دوللر
هجرى ١٣٦٧ صفر ١٣

آلتاى نشرياتى طرفدن هفته‌ده اوچ چقادورغان سياسى ، اقتصادى' اجتماعى ' علمى، فكرى و ادبى غزته‌دور

# مكتبله‌ريمز نيمه‌گه قاراب قالدى

بر مكتب اوچون برصنف و آبر صنف اوچون اوتوزه‌رماسانه قدر كيره‌ك بولسا شو حالدا معلم مو كيره‌كدور. معلم بوتون درسله‌رنى بالذات بره آلماغانى كبى هر دائما قوللانماغا آنا تيلى اوچون تيل بيلگسيگه، فن اوچون فن بيلگسيگه محتاجدور. بولارنى يتشتوروب برمك مكتبنك ايشى بولماسامو معارف باقالمغينك بوندن‌بر وظيفه‌سى. هر دولت مكتب قوللانمالارى اوچون هر بل امتحانسيدن بر نچه فائض فل بلگولەه‌كده و بو فل بويچه درس قوللانماله‌رينى يتشتوروب برمكده‌دور. بو حالدا درس قوللانمالارى اجنبى مملكتله‌رده يتشيب تورسامو يورتيمزدا بوكونگه قدر مكتب درسلكله‌رى او قدر يتشيب برمه‌دى. معارف اشلارينك الك ترقى قلغان بر يلى بولغان ١٩٣٦-٣٨. يللاريدامو باسلغان مكتب كتابلارينك همه‌سى بوگونكى مكتبله‌ريمز اوچون ياراماس و املاسيمو ياكى „ لتاى اه لاسى، غالوتغون كلمه‌س ايدى. بو حال بر طرفدن توركستانيمزدا املا اشلاريننك بر قرارغا دخى كله آلماغانلقينى كورسه‌تسه‌مو ينه بر ياقدن حكومتنك املا اشلارغا و ملى معارف اشلاريغا نه قدر اهميت برمه‌ى كلگه‌نلكينى كورسه‌تدور. حتى يورتيمزدا باسلغان الفبالەردن باشلاب علمى و فنى كتابلارنى ورقله‌سك باشدن آخريغيچه شوم دوره‌ننك پرو پاغانداسى بله‌ن تولغانلقينى كوره‌ر. بونى بوگون ملى مكتبله‌ريمزده اوقوقالى بولمايدورغانلقينى حس قلغان هر بر دماغمز ملى معارفمزغا بره‌رلورندك قلب كورسه‌تشدنمو قاچار. دما مبالغه‌سز اولوناراق تخمين بولونا بيلوركه بزنك شو تاريخدا ملى معارف جهتيدن نه قدر قالاق قالغانلقيمز كوز آلديمزغا كله‌ر.

سياستدن وينه سياسى چكله‌ر دن بو سبتون اوزاقدا قالادورغان بر مكتب درسلكى بو حالدا ايكه‌ن. قالغان كتابلاريمز نه حالدا قالور؟! تاريخ فن بلگيسى، جغرافيه وحتى تيل درسله‌ريده‌مو سياست اوچقونلارى چاچرادى. بوندن طولاييدوركه ياش تورك دماغلارى تماميله شوم دوره‌ننك و كيننكبله‌رنك شخصى مساله‌كله‌ريگه و شخصى ذوقله‌ريگه بريله باشلادى. حكومت باشيده‌كيله‌رنك ناشيغان بوتون ذوقله‌رى ياش اوسمور دماغلارى اوچون گويا ملى حس، ملى بر مسلك بريدنى آلدى.

صونك دورله‌رده بوندنمو برگينشلق بوندنمو آچينشلق بر حالنى كوره‌مزكه تورك اويغور املاسى يڭگى شكيلنى آلا باشلادى. هايدى املا بر ياقده قالسون، مضمون جهتده‌مو سياست بله‌ن هيچ بر علاقه‌سى بولماغان مكتب درسلكله‌رى شو بر بل ايچيده آيرم بر طرفنك پرو پاغانداسى بله‌ن تولدى. ملى معارفنى اوستوروش ملى آگنى يوكسه‌لتشنك يريگه ملى عداوتنى و ملى بولگونچيلكنى توغدورادورغان عكس التشويقله‌ر باش تقيب كيرمككه باشلادى.

باقالغيمز يورتده‌كى مكتبله‌ريمزنك درسلك اوستيده‌كى قيينچيلقلارينى حل قلب برمك و بو درسلكله‌رنى يور تيمز اوچون ايدى بر اورنەك قيلاب به‌رمك وظيفه‌سى بله‌ن مشغول بولماقدادور. شك و شبهه يوقديركه معارف باقالغى شو ايشى بله‌ن فخرله‌نه‌آلور. و بز ماختاى آلامز. چونكه، معارف باقالغى شو ايشى بله‌ن معارف قيينچيلقلارمزدن برينى حل قيلاب به‌رگه‌ن بولور.

باقالغيمز بو ايشنى باشقارادور ايكه‌ن، بويوك سايغيلاريمزنى بلدوره‌مز. شو حالدا بوره‌گيمزده دالغالانغان بر ايكى فكريمزنى عرض ايتمه‌ك مجبوريتيده‌مز.

١- بزنك بوندن اميديمز معارف بله‌ن سياست ايشلارينك آرالاشماسلقى بولغانيده‌ك حكومتيمزنك كوتكه‌نيمو شودور. ايشينه‌مزكه بوكا درسلك قوللانمالاريدا رعايه قيلنور.

٢- حساب، طبيعت جغرافيه' اوقوما دنيا بى و الفابه كتابلار توزولگه‌ن تقديرده بونلار تورك بالالارينك دماغيدا بر توشونچه‌حاصل قيلا آلسا، بيهوده سوزله‌ر معناسز گپله‌ر بولونماسا ايدى.

٣- برلك تورك خلقينك بوتون دقتى بوگون املا مسئله‌سيگه قاراتيلماقدادور. بو املا مسئله‌سى شهريمزده‌كى و حتى دبه آلامزكه يورتده‌كى ضياله‌رنك مشغله‌رى بولا آلادورغان اوروملچى تورك باشلارينك اشتراكى بله‌ن بر قرارغا كلتورولدى. بوگون بوتون شهرده‌كى و صوكره بوتون اولكه‌ده‌كى كيره‌ك ملى مطبوعات كيره‌ك هر تورلك نشرياتلار بو املانى قوللانغوسيدور. ارته معارف باقالغينك اچكى چينده باسب آلب كلمه‌كچى بولغان شو درسلك كتابلارينك بو ياڭگى املاده باسلماقينى كوبدن اميد ايته‌مز. و بالبار يب - ياقاريب تيله‌يمز.

# ادارەمزگە كلئەن ئاچيق مكتوبلاردن

حرمت بلەن آلتاى نشريات ادارەسىگە

بوبوللانمش شكايت نامەمزنى لطفامناسب
ورگەن طرزدە غزيتەلەريدە نشر اتمكلرينى تلەيمز؟

دوركستاندا اڭان حكام وعسكرلەر خانون
قزلاريمزنڭ عفت ناموسلاريغا ناجائز
مداخلت قلغانى و بو حقدەكى خبرلەر
بو يرگە آڭلاشيلب بزلەرنى يمان بر
تأسف و قايغودا قويماقداتور. دنيادا
هيچ بر قوم، محكوم ملتنڭ خانون قز
لارى بلەن بو خل نالايق تعلقات قلغا
نى معلوم امەسدور. بو خل حركتلەر
عاقبتدە نە قدر سفالت و رزالتكە يول
آچيشى بلك آيديڭ تورغان مسئلەلەرنڭ چو
گيدور.

بوڭا بر مثال كلتورسەك - بو يل
توركستاندن چققان هندى تجارلارى اي
كى - اوچ همشيرەمزنى آلب چقمش -
لاردور. بو بزنڭ ناموسيمزغا بك تو
قوندى. كاشغردە اش قلب توراتورغان
هندستانلقلار هم بردن خانون آلب چقب
دور. بوڭا حكومتنڭ رخصت برگەنلـ
كى و ياخود برمەگەنلكى بزگە معلوم
امەسدور.

٢ . يورتيمزدا رتبەلەر و عنوانـ
لار، كوچا اسملارى چنچەلاشماقداتور.
ناحيە و شهر آتلارى هم عينى حالدا
بارماقداتور استقباليمز نقطە نظردن بو
كبى ناباب عنعنەلەرنڭ بوگوندن ترقى
ايتب كيڭشلەرى ملى بارلقيمزغا بيوك
يوقالش توغدوراتور.

ارڭچيلك تاڭى يارب كلب ياتقان
بو كونلەردە يورتيمزدا ناباب عنعنەلەر
نى وجودقا چقارشلەر، ذاتا وجدانيمز
نى عذابلاماقداتور. حريت بو خل اش
لارگە يول آچب، باشقا خل ملتنڭ منـ
فعتلەرينى بيكار قلماقدامو ؟ بولار بز
نى هر خل اويلارغە سالور. كم بيلەر؟
بنە موندن باشقا نەلەر يورتيمزدا ظهور
اتمكدە ايكەن، هر حالدە بزلەرنى بر
خل اميدسزلكدن مداخل قلمايدور.

بو حالدا ايكەنمز' ملى رئيسيمز
و باشلقلاريمزغا دقت نظرينى رجا
ايتەمز. و بيوك اشانچيمز ايگەسى آل
تاى مجلەرينى دعوت ايتەمز.

حرمت ايلە: م. يوسف

كشمير ١٩٤٧ . - يلى ٩ 20 ندە

## توركستان كانسرتچيلاريغا عائد بر كورگەزمە

توركستان كانسرت اومەكى اچكى
اولكەلەرگە سفر قيلغاندن صوڭ. او بر
دەكى چيڭلقلارنڭ آلقشلارينى قازاندى.
مركزى آژانسنڭ رسم بولومى توركسـ
تانلق كانسرتچيلارنڭ صحنەدەكى كورو
نوشلەريدن اولاراق ١٤٨ پارچە رسم
توپلاب يانكيندە كورگەزمەگە قويدى.

# جناح ومسلمانلار حركتى

[نەنجندە چقادورغان «مسلمان ياشلار» مجموعەسيدن آلندى]

[باشى اوتكەن ساندا]

دينى طرفدن الغاندا

براحمان دينى [ هندستان دينى ]
بلەن اسلام دينى بر-بريدن بتون باش
قا ايكى دينەور. براحمان دينى آب-
آچق مشتريك دينەور. اسلام دينى بول
سا، مطلق وجدانى دينەور. اسلام دي
نيدا يگانە حقيقى تڭريگە عبادت قلسا
براحمان دينى اساسيتنڭ دستلەبكى وقت
لەرىدەكى دينلارنڭ شكلينى ساقلاب، كا
لالارنى خدا دەب بيلب، ايلانلارغا عبا
دت قلادور. يالغيز كالاغا چوقونوش
طرفدن آلب ايتقاندا، اسلام دينى اعتقا
دى بويچە انسان بتون مخلوقلار آرا
سيدەكى اڭ مقدس بر مخلوقدور. قوش
لار و باشقا حيوانلار انسان اوچون
ياشايدور. براحمان دينيدا بولسا' بونڭ
تەتوريچە بولوب، اولار قوشلار حيوان
لارنى مقدس حسابلاب، دينداشلارينى
شونگغا عبادت قلدوراتور. و براحمادي
نيدەكى هندولارنڭ عادتدە اڭ كوچلك
عبادت قلغان نرسەسى كالادور. اولار كا
لانى اشلەتمەيدور، اولتوروب يمەيدور،
چوقونوش اوچون بقادور. اولارنڭ نظريد
دە كالا همە نرسەنڭ اولياسى بولوب،
كالاغا چاقلماق زور بر گناه' مسلمانلار
بولسا كالانى سويب يەيدور. مسلمانلار
نظريدە كالا اولوغ تڭرينڭ انسانلارغا
احسان قلغان نعمتلەريدن حسابلاناتور.
موندغ برى كالا سويوب، برى كالاغا
عبادت قلادورغان' بر بريدن ييراق ايـ
كى دينەكى خلقنى زورلاب برلەشتو
روش ممكنمو؟ هندولارنڭ دينيدا انـ
سانلار آراسيدەكى صنفلار ' باشقا هر
قاندای بر دين و ملتكە قاراغاندا آش
كارا و قاتتق آيريلغاندور. هندولار دي
نى اوز دينداشلارينى برمونچە صنفلار
غا بولوب' صنفلار آراسيغا قاتتق چك
لەر قويغار. اسلام دينى بولسا، برابر
لك و اركينلكنى نهايتى قاتتق حرمت
قلادورغان بر دين' مسلمانلار يالغوز
تڭرى آلديدا عبادت قلادور. باشقا هر
قانداق انسانلار آلديدا بر مسلمان او
زينى برابر اركين حسابلايدور. اسلام
دينى آلديدا، باى، كمبغل يوقورى تو
بەنگە بولونمەيدن برابردور.

بو مسلمان هنديلار بلەن براحمان
هندولارنڭ آيريماسينى كورسەتش او-
چون آلغان فقط بر ايكى آشكارا مثالدن
عبارتدور. باشقا آيريمالارنى بونگغا نسـ
بەت قلب بلگەلى بولادور. معنى جهتدەمو
مونداق كەسكن آيريلغان ايكى ملتنى'
زورلاب برلەشتورمەكچى بولوش يكنە
بلەن قودوق كولايمەن دييش بلەن اوخ
شاشدور.

يوقوريدا بيان قلغان ايكى مثالغا
آساسلانب' بزچيندەكى بتون قرنداشلار
دن كوزلەريگە كيب الغان رەڭلك كوز
اينەكلەرينى سالب تاشلاب. بردريدن باش
قا ايكى نرسەنى برلەشتوروشكە اوروند
ماسلقينى اميد قلامز. پاكستان بلەن هنـ
دستان مسئلەسيدە وطنداشلاريمزنڭ ازيـ
دن دوام قلدوروب كلگەن، اما بوكونگە
كالگەندە بارغانسيرى دوريگە موافق دا
مەى يوقالدقا يوز توتقان همەنى تار
بر ملت قلش خام خيالينى تاشلاماغى
لازم. بز هندستان مسلمانلارينڭ حاليغا
حسداشلق قلامز. بز پاكستاننڭ تورتواو
شينى ياقلايمز. شكلى آيريملق بەسـ
بەس بلەن ايلگريلەشنى كوچەيتسە، تو
چەيتەتور' توبەنلەتمەيدور. حتى بو منا
سبت بلەن انكليز جهانگرلگينڭ ايكى
طرفنى سوقوشقا سالب قويوب آرادن
فائدە آلش جادوگەرلگيدن قوتولوب، هنـ
دولار بلەن مسلمانلار آراسيدا تاريخدن
برى دوام قلب كلمەكدە بولغان فاجعە
لك تالاشلارنى يوقاتادور. بزدەكى «ايچى
تار» «تاريخ چرخينى آرقاغا بورايدور
غان» عادتدن تاشقارى اوزە اويلايدورغان
انسانلار، ياڭى بر فكر آقيمى آچب: انـ
سانيتنڭ حقيقى برلگى و ترقياتى هر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بو رسملەر شەھرمزگە هم کوندرلگەنلکلەن
دن ۲۳ - دیکابردن باشلاپ غربی شما
لی مدنی قوروولوش جمعیتینك بوقاری
بناسیدا کورگەزمە آچیلدی. کورگەزمەنی
شو کونی مسعود افندی و سوك شی
لەن افندیلەر کوزدن کیچوروپ چقدی.
بو کوزگەزمە تورکستان کانسرنچی
لارینك تانکین و شا خەیلەردە قازانغان
شەھرلەری وآلقشلاری دولایسیدن دورکە
بتون خەلق اهالیسینك رغبتینی تارتماقدادور.

# انکلترەدە ایشچی فرقەسینك برگەن ضربەسی

[ لوندون ۲۲ - دیکابر ] انگلترە
ایشچی فرقەسینك باش کاتبی فیلیسف
افندی قومونست حرکتیگە ضربە بی.
زیدن قیلغان اوختوروشیدا „ قوموو
نست فرقەسی بتون دولتنك گوزەل و
سرعتلك ایشلەپ چقارش ایشلەریگە دخل
یتکوزمەك اوچون قصد قیلماقدا„ دید-
گەن. بواوختوروشنی „ انگلترە قوە
مونست فرقەسی بر نچە هفتەدور، بتون
کوچی بلەن اوزلەرینك قوموونست آزا
سینی حمایە قیلیپ خلقچیل سوتیستالست
مسلکیگە قارشیلق کورسەتدی. آینقسا
قوموونستلار و فکرداشلاری یاقین آیلار
ضرفیدە قوموونستلق ایش تاشلاش حر
کتینی قوزغاپ بتون قوموونستلق یول
بلەن استیلانی قنات بایدوروشقا چالش-
سی ، دیە باشلایدور. بر بریدە، قوە
مونست فرقەسی مەنتکەتلەر عامەسینك
حرکتینی بوزوش قصدی بوزیدن الك بو
رون اوزینك خصوصی منفعتینی ایلگە
ری سوروشنی مقصد قیلادورغان ایش
چیلەر حرکتی ایچیدەکی ذاشرون حر
کتینی آرتدورادور„ دەیدور.

ملتنك اوز اچیدەکی ترقیات ، مدنیت ،
و برابرلك روحیدا اساسلانماغی لازم ای
کەنلگینی، آق کوڭل بلەن اقرار قاما
غی لازم.
هندستان مسلمانلارینك استقلال حر
کتی چین جمعیتیگە ایکی خیل چونقور
تاثیر و تورتکو بردی. بونك برسی
چین مسلمانلارینی اویغاندی دورلەندور
دی. اولارنك دولت اچیدە سیاسی حقوق
تالاشلەرینی قایتاتپ تاشلادی. ایکنجی
سی چیننك حاکملەری روحیدا بر قور
قو سالدی. اولار بو قورقودن قورتو
لوش اوچون مسلمانلارنك ملی طلب
لەر بلەن اورتاغا چقپ بولونوش حر
کتی باشلاپ؛ هندستان مسلمانلارینك ازی
نی دەسسەشینك آلدینی آلشقا باشلادی
موندغ روحی تورتکو آستیدا چین
مسلمانلارینك حرکتی جددیلەشکەن ساری
حکومتنك غمی آرتپ، باسش چارە
لەری آغرلاشدی. جناح حرکتی اونوق
قازانغانسیری، چین حکومتینك مسلمان
قرنداشلار حرکتیدن قورقوسی آرتپ،
اونغا قارشیلقی البتە کوچەیەدور! بز
مسلمان قرداشلقی نقطەسیدە توروپ،
جناحنك غەلەبەسینی تبریکلەیمز. اما هند
ستاننك تاثیری آستیدا، اوزیمزنك
مسلمانلق حرکتمزنك استقبالیدەکی پاق
قلارنی حاضردن حس قلماقدامز. بو
خیل قاربمو قارشی حل قلنماغان شبهە
لەر بلەن تولغان وضعیت آستیدا بز
گە مسلمانلار حرکتینك مرکزی نظریە
سینی اورتاغا چقارماغیمز لازم. مسلمان
لارغا توغری بر یول کورسەتمەکیمز
لازم. بزنك توشەنچەمز بویونچە، چین
بلەن هندستاننك وضعیتی اوخشاش
امەس. شونك اوچون ایکی دولتنك مسل
مانلار حرکتینك نشانە وشکللەریدە آی
ما بولارشی لازم. هندستان مسلمانلاری
، کستان قوروشنی توەتلەر، مستقل مسل
مان دولتنی قوروش عملی احتیاجغا موا
فقدور. تاریخی زدیەتلەرنی حل قلش
دور. جهانگیرلەرنك آرا بوزوب ادارە
قلشیدن قوتولوشدور. شونك اوچون او
نك غالبیەتی قییین امەسدور. چین مسل
مانلارینك قوەتلەگەنی بولسا، دینینی گول
لەندوروشدور. طلب قلغانی برابر تل
دور! فقرالق حقوقلەرینی قازانش، جم
عیتنك پەس کوروشلەرینی یوقاتش، او
قوش فرصتینی برابر قازانش، تورموش
آغرلقلارینی یوقاتشلاردن عبارتدور.
فسقا قلب ایتقاندا بو وطن پرورلك مس
لەکیدور. „ چەتنەشکە اورونوش„، امەس
دور. بونی دینداشلاریمز بلمەگی، حاکم
لاریمز آچق توشەنمەگی لازمدور!
چیندەکی ٥٠ ملیون مسلماننك سیا
سی حرکتی بیوك، اما آغر حرکتدور.
بو حرکت حاضر تیخی قنات یایپش آل
دیدادور. شونك اوچون اونك نظری
بواییني درحال بلگولەنیر، یتەکچی
لەر دقت قلادیرغان اشلاردندور. سوز
بوبرگە کلگەندە یتە جناح کوز آلدیمز
غا کلپ تالادور. جناح یاش وقتیدن
تارتپ دینی روحی کوچلك بولغان مسل
مانلار جمعیتی اچیدە تاولاندی. انگلترە
دە اوقوپ قایتقاندن کین، اوزینك سیا
سی حیاتینی باشلاپ مسلمانلارعامەسی
بلەن بر صفدە توروپ، آستیلاپ اوزی
نك مسلمانلار جمعیتیدەکی آبروبی و
موقعینی قازاندی. شونك اوچون ٤٠
یاش اطرافیدالا او مسلمانلارنك یالقوز
لوق حمایەسیگە اوچراپ، مسلمانلار بر
لگینك آغر یتەکچیلگینی آدا قلا آلدی
شونك اوچون بز ایتشیمز ممکینکی؛
جناح خلق عامەسینك تلەك آرضولاری
نی توشەنگەن آدمدور.
او هرمینوت هرسیکونت مسلمان عام
مەسی بلەن برگەیانپ، برگەتوبدی، راحت
محنتنی برگە کوردی او، توبەندن یوقو-
ریغا قاراپ، اوسکەن، خلق عامەسی
یتشتورگەن حقیقی رهبر لەردندور! .
جناحنك قطعی ارادەسی بزنك اولگە
آلشیمزغا ارزیدور، مسلمانلار برلکینك
کورەشچان روحی بزنك اور گنیشمزگە
ارزیدور.
بزامدی اویغانماقدا بولغان مسلمانلق
حرکتمزنی تکشوروپ قاراغودەك بولساق
حاضر بو حرکت آدەمنی حیران قلغودەك
نتیجەلەر قازانغانلقینی ایتمای ممکن
امەس. اوروشدن الگری بوحرکتنك
اوچاقلاری کوتورولگەن ایدی، اوروشدن
کیین اونك تشکیلی قنات یایدی، رەتلەری
اوزاردی، زریکتورگوچ باسش حرکتلە-
ری، گرچە هرمینوت، هرسکونت بزنی
خفاقلپ تورغان بولسامو، اممابز یاتور
لوق بلەن توختاوسز آلغاآتلادوق بولاپ-
مو، غالبیتدن کیین، خلقچیلق هواسینك
قایناشی بلەن مسلمانلارنك یاشرون یاتقان
بیوك قودرتی ارزینی کورسەتکەلی
باشلادی. حرکتلەریمو کوندن کونگە
کسکنلەشکەلی جددیلەشکەلی باشلادی.
درکت شکللەریمو، تورغون، اوسدی.
ارادە سیمو، آستیلاپ برلەشکەلی توردی.
بوخیل قدرلك کوروتوشلەر، شرائطلار
آستیدا بزنگری آلدیدا تزلەنپ، چین
مسلمانلاری جناحینك اورتاغا چقیشینی
کوتمەکدەمز!

اوروگوچی: خاق اوغلی

# تورك بویوكلەری
ویا
# تورك اتلاری

[ باشی اوتكەن ساندا
م قوشومچەسی قوللانیلادورغان قو
شومچەلەردندور ارەم،كورەمگە اوخشاش.
آنادولیدا افدیمدن قالغان بر كوب آت
لار باردور. بولارنك گوزل بولغانلاری
نی تاشلاماسلق، یاخشدن آت اولاراق
ایشلەتمەك كیرەكدور. آنادولی شەرلە
رینك بر قانچەلەریدە سوی آتی [لقب]
نك اورنیغا فارسچە « زادە » كلتورەك
بر مودا بولوب آلغاندور. زادە سوزینی تاش
لاب قوللانشدا یالغوز توركچەنی ایشلەتش لا
زم. توبغارزادە-توبغار، بابق زادە-بابق اتكەش
زادە-تكەش بولسون. آنادولیدا بر بولوك
بیهودە، یمان، اوچاق آتلاری‌ەو باردور. بونی
آلماسلق كیرەك. یوقسو اوغلی، توب..
ماس اوغلیغا اوخشاش.

یاقیندن بری بر بولوك كیمسەلەر
اسكی عربچە آتلارنی توركچەگە اوی-
روب سوی آتی قویوب یانقانلقی كو
رولەدور. بو بك یمان بر ایش بول-
ماسامو بتون آتلارنی بونداق قیلغالی
بولمایدور. چونكە تیلیمزغا اویرولگەن
بر كوب آتلارنك معناسزلغی و یاقیمە-
سزلغی بونی بوزوب قویار.
بولویدور، « حسن » گە « كوك.
چەك، ذوكچەن » دەیلی « ادهم » او
چون بوقاغنی « ولید » گە كیچك بالا،
« نجلا » غا آلا یراكغو دیمەككە توغ
ری كەلەدوركە هیچ كیم بونداق بر آت
نی یاقتورماس.

سوی ئاتی قویماقنك یاخشیلقلاری

سوی آتی قویغان بر آدەمنك آتی،
سانی، سوگەكی و تاریخی یوزلەرچە،
مگلەرچە یل اونتولمایدور، نیرەنی - نب
رەگە كیتەدور، قمتلك بر شعار اولاراق
والادور. بیوك شەرلەردە سوی آتی
تاشلانغانلغی اوچون ایكنجی، اوچنچی
داداسی اونتولور، كنە. ساغلام بر عا
ئلە تاریخی ساقلانب قالماس.
اوغور اولاراق یاشاماق اسنەگەن
اولوسلارنك بتون بر یقیلاری، بتون
اوچاقلاری برەر سوی آتی آلور. بو
آت سویغا، اوچاغیغا، اوواسیغا باغلا
ماق اوچون اوزوامەس بر باغدور.
آنادولیدا سوی آتینك سوگیغا وگیل،
سوزینی قوشوب، قارشیسیدەكیگە آگ-
لاتماق استارە « توبغار ایلگە كتدم »
« كوسەگیل بو كیچە بزەكلەچەكلەر »
دەركە آستیقی و اوستنكی عائلە وە
اوچاق اورنیدا قوللانماقدادور. بر ای
كی بیوك شهر بلەن، استانبول بو گو
زەل سوزنی تاشلاب اورنیغا « لار
لەر » نی آلغان. توبغارلار، قوچلار
كوسەلەرگە اوخشاش.

توركلەردە ئات قویوشدا قاللانماقان عادەتلەر

توركلەرنك عادتلەری حقیدە یازل -تیدە سوزلەگەن،، ایمش. آگلاشیمزچە
خان كتابلاردا آت قویوش اشلارینی
كورسەتەدورغان یازولار بك آزدور. اس
لاملقدن اولقیسی اوچون بولغانیغا اوخ
شاش اسلاملقدن سوگرەسی اوچەنمو
باشلیچە قاینق، مثللەرە داستانلار شا
مان یافاریشلاری بلەن آلتای یاتوت، قر
غیز، اورانحای توركلەری حقیدە یازیلغان
ایتنوغرافیا تكشوروشلەریدور.
تورك داستانلارینك الك كهنەسی بول
غان « اوغوزنامە » دە « اوغوز خاننك
اوز آتینی اوزی قویغانلقی » سوزلەنە
مەكدەدور. اسلام دوریدە یازلغان اوغوز
نامەگە كورە « اوغوز بوشوكدەكی وق
اوغوزخاننك باباسی قاراخان - اوغوز
لاردا عادت بولغانیغا اوخشاش - بالای
نی داشیغا كرگەندە اوغوزبیكلەریگە
بیوك بر توی برگەن اوبردە بولغانلار
بالالقدا كورگەن ..ونگولەرگە كورە بر
آت قویار ایمش بالا بولاردن بورون
قوپوب « منك آتم اوغوزدور. » دیگەر
بتون توبیدەكیلەر بوندن سیوینگەلەر
و آلقشلاغانلار ایمش.
« دادا كوركوت » كتابیدا آت قو
یوش اشیدن سوز كیچەر. بو كتابنك
آگلاتقانیغا كورە « بر اوغلان باش كس
مەسە، آت قویماس ایدی » [ دادا كور
كوت كتابی؛ صحیفە ۳۹ ]

بەنیسەی قرغاقلاریدا یاشاغوچی
شامانسال [ بلتیر و قویبال ] توركلە
ریدە آت قویوش ایشی توغومدن بر
قانچە كون كین بولار ایمش. بالانی
توغدورغان آنا اوز حالیچە بر توی قیلار،
یاقینلارینی، تانشلارینی چاقیرار ایمش.
كیندك آناسی بولغان خاتون اوی
خاتونیغا اوخشاش مهمانلەرگە چای و
یمەك بیرەر، كیلب كەتكەننی آلقشلارمش.
یمەكدن صوگرە آناسی بولغان خاتون
او بردە بولونغانلاردن الك یاشلق بول
غانیغا یوزینی اویروب « بالاغە بر آت
بر یشینی » تلەر ایمش او كمسەمو یا
لاغا بر آت بیرەر و آلقشلانارمش.
كیندیك آناسی بولغان خاتون او بردە
كیلەرگە « بالاغا سیونچە بریز » دەر ای-
مش. اولارمو كلتورگەن نرسەلەرنی
اورتاغا قویار- بو نرسەلەر توپلانب با
لانك بوشوكیگە آسیلارمش.
آلتای توركلەری ایله یەنیسەی
بویلاریدا اولتورغان توركلەرنك آت
قویوش قاعدەلەری باشدن آیاغ یەلتیرو
قویبال اوروغلاریننك قاعدەلەریگە اوخ
شامایدادور. بولار بالا توغولار، توغول
ماس آناسی بر آت بلگولەب بیرەر
كوب فرق بو آت، اویگە بورون كلگەن
كمسەنك آتی اولور. بورون سوزلەنگەن
نرسەنك آتی دخی بریلەر. پالتا، قباچ
و باشقالارغە اوخشاش.
یاقوتلار آت قویوش اشیدە كهنە
تورك قاعدەلەرینی صوك كونلەرگە قدر
تاشلاماغانلار. بولار بالاغا اوچ آی كین
برنجی آتنی برەرلەركە بو آت یابالق
آتیدور. ایكنجی آت بالا یای یاسب
اوق آتقاندن صوگرە تاقیلار
روس یازوچیلاریدن و تیتوف
اوتكەن عصرنك اولقی یاریمیدا « مە
نوسیون » توركلەری آراسیدا بر تكشو
روش قلدی. بر كوب داستانلار توپلا
دی. قاعدەلەرنی یازدی. تیتوفنك آگ-
لاتقانیغا كورە بر بالا چوك بولوب بر
بیگیتلك حالیغا كلموگونچە آت بیرلمەس
ایمش. آتسز اوتەرمش، دشمنلەرنی
یەگب باتورلق كورسەتكەندن كین آنا
سی توی - توگون قلار بالاغا آت
برەرمش. [دوامی بار].

ادرس :
اورومچی نەنگوەن
یوگەندیجاك نومر 18 ئالتای نشریات اداسی.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


تلده ، اشده ، فكرده ، برلك !

# ارك

مدیرا: عیسی الپ تكین
باش محرر: م. ا. دبرا

1 سنتبر 1948 يل
٢٧ شوال ١٣٦٧

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
يورتیمز توركستاندور

سان 163 چهارشنبه قمتی: ... ایلقی ... شهرگه 15000 دوللار چنكه پوچتاحقی قوشولادور


# فلسطین‌ده نه اوچون سوقوش بولادور؟

دنیاده هیچ بر ملت اوز وطنیگه باشقا بر ملت كیلب ایگه بولوب آلیشینی ایستمه‌یدور. بولوبمو یات ملت كیلب بو سینك یورتوك ایمه‌س. مینك یورتوم دیسه البته اونك آچچیغی تیخیمو زیاده كلیب جان دل بله‌ن اوزینك ملی وطنینی قوتقازماق و اویات ملتنی یورتیدن قوغلاب چقارماقغه ترشدور.

حاضر دنیانك افكار عامه‌سینی اوز طرفیغه تارتیب تورغان اك مهم مسئله‌لەردن بری فلسطین مسئله‌سی بولوب اوروش كوندن كونگه جدی لەشمكده‌دور. دنیانك اك بیوك دولتله‌ری هم بو اشقا بك دقت ایله‌ن قاراب حتا بعضی برله‌ری برر یاردمده بولوب برطرفغه یان باسیب اوروشنی اولغایتماقدا و بوندن اوز فائده‌سینی كوزله‌مكده‌دور. فلسطین سوقوشی بولسا، بو كونله‌رده پیدا بولغان بر مسئله بولمای برنجی دنیا سوقوشیدن تارتیب حاضرغیچه یات یات اوروشوب ینه توختاب قالیب شو طریقه‌ده دوام قلیب تورغان بر مسئله‌دور. فلسطینی یهودیله‌ر بزنك آتا یورتمز عربله‌ر بولسا فلسطین گه صوكره‌دن كلیب استیلا قلغان بر خلق دیب یات نظری بله‌ن قارایدور. عربله‌ر بولسا فلسطین عرب یورتی یهودیله‌رنك فلسطینده هیچ حقی یوق اوله‌رنك فلسطینی آتا یورتیمزدیب دعوا قلشی حقسزلقدور دیب قارایدور.

امدی بونی علمی تاریخ كوز ایله تكشریب قاراب فلسطین كیمنك ایكه‌نلگینی و كمنك حق و كمنك ناحق ایكه‌نلگینی بلیب حق طرفكه حسیاتیمزنی باغلاماق بزدك اوز حقینی طلب قلادورغان ملتلر اوچون بر انسانی بورجدور.

یهودیله‌ر دیدور فلسطین یهودیله‌رنك اك بورونقی آتا یورتی و بورونقی یهودی ملی دولتی فلسطینده قورولغان. حضرت داود پیغمبر و سلیمان پیغمبرله‌ر یهودیله‌رنك اك كاتتا پادشالریدن بولوب فلسطینده اوتكه‌ن و بیت المقدس‌نی پای تخت قلغان دیدور. البته دونك سوزی هم راست. عربله‌ر ایتیدور فلسطین عربله‌رنك یورتی 14 - عصردن بری یاشاوانیمز آتا - بابالریمزنك قبرله‌ری مزارله‌ری، مسجد مدرسه‌له‌ریمز بار. بلكی عموما مسلمانله‌رینك اولقی برنجی قبله‌سی هم بیت المقدس ایدی. یهودیلر بولسا زلقنی تشكل قلادورغان برملت فقط 19 - عصردن باشلاب كوچوب كلمككه باشلاب سانی براز كوپه‌یدی ینه شوندا‌غ بولسا هم عربله‌رگه قاراغاندا یهودیله‌ر از دیدور بر طرفدین برسم راست. لكن علمی كوز ایله قاراساق یهودیله‌ر فلسطین‌گه اك اول میلادیدن ١١ عصر اول كلیب یرلكله‌ر ایله برکوب سوقوشله‌ر قلغاندن صونك برلشیب بنی اسرائیل دولتینی قورمشدور. اوندن اول بویرده باشقا بر ملت یاشارله‌ر ایدی.

بنی اسرائیلنك بو دولتی حضرت داود علیه السلام و سلیمان علیه السلام زمانلاریدا خیلی زورایب قوتللك بر امپراطورلوق حالیغا كلدی.

لكین سلیمان پیغمبر اولگه‌ن همانه باللارینك و قبیله‌له‌رینك آراسنده پادشالق تالاشیب بو دولت ایكیگه ایریلدی. بر اورشیلمده یهودی دولتی ینه بری سامراده اسرائلیه دولتی بو ایكی دولت یاشایالمادی. میلاددن 721 ییل اول آشور امپراطورلغی اسرائلیه دولتینی یقیتیب قول آستیغا آلدی. 583 - میلاددن اول بابیل امپراطوری بختنصر كیلب یهودی دولتینی یقیتیب بتورگه‌ندن سونك یهودیله‌ر تورغان یرنی استیلا قیلیب یهودیله‌رنی قوغلاب چقاریب فلسطین‌دن پراغیب ایرانغا یهودی قویمادی.

میلاددن اول 536 نچی ییلله‌رده ایرانلقله‌ر فلسطینی آلیب یهودیله‌رنی كوچوروب آلیب باریب ینه فلسطینده اورناشتورغان بولساهم میلاددن 63 یل اول روماله‌ر فلسطینی آلغاندا ینه اوله‌رغا آرام برمیدی. تا بوگونگه قدر یهودیله‌ر فلسطینده مستقل بر دولت قوروب یاشایا آلمادی؛ یهودیله‌رنك بو توق قورغان دولتی داود، سلیمان پیغمبرله‌رنك وقتیده‌كی 170 ییل یاشاغان بر دولت بولوب آندن باشقا بر دولت قورا آلمادی. و باشقا دولتله‌رنك قول آستیدا آزچیلق حالتده یاشادی. 637 - ییلده حضرت عمر رضی الله عنه كیلب فلسطینی آلیب اسلام عرب دولتیگه قوشقانغان قدر روماله‌ر قولندا قالدی. منا شوندن بوگونگه قدر عربله‌ر یاشاماقدا. اویرده‌كی رسمی تیل هم عربچه‌دور. دیمك فلسطینگه یهودیله‌ر هم تاشقاریدن كلگه‌ن و عربله‌ر هم تاشقاریدن كلگه‌ن، لكین یهودیله‌ر 170 ییل اویرده یاشاغان بولساهم صوكره‌دن دولتی هم یوقالیب اوزی هم تارمار بولوب دنیانك هر طرفله‌ریغا تاراب تیلینی یوقاتیب فلسطینده یهودی اثری قالغان ایمه‌س. اما عربله‌ر 637 - میلادیدن بوگونگه قدر یاشاب بعضی مستقللغینی یوقاتیب قولوب توركله‌رنك صوكره‌دن انگلیزله‌رنك قول آستنده قالساهم ینه فلسطینی عرب یورتی حالنده ساقلاب بتون عرف عادتله‌ری، تورموشله‌ری، تیلی، ادبیاتی بلكه هر نرسه‌سی عربچه بولغانلقدین البته عرب یورتی سانالادور. اونك اوچون بو یورت عربنك بولوب قالیشی حقیقتكه اویغون كلور. هر حالدا بزله‌ر شونداق حقوق طلب قیلادورغان حق طرفداری بولغان بر ملت بولغانیمز اوچون هر كیم اوز حقیغه ایریشه‌كینی تیله‌یمز.

# مخبرلەر بايرامی

بوگون مخبرلەر بايرامی . بتـون
مطبوعات عالەمی بوگوننڭ شرفینی قان-
قان يوكسەلتكەن مخبرلەرنی تبريكلەر و
اولارنی بو يوكسەك وظيفەگە تخیمو
زياده اوندەر .

بوگوننی باشقا غزتەلەر قانچەلك
سوينچ ايچيدە قوتلاسا غزتەمز اوندن
يوقاری درجەدە تبريكلەمەككە اوزینی
مجبور دەب بيلەدور . يورتومزنڭ وضعي
تی ، غزتەمزنڭ وظيفەسی آقير تورغاز
لقينی أسلەسەك مسئلەنڭ اچ يوزی
تولوق آڭلاشيلغان بولادور . باشقا
مترقی دولتلەردە بولغانيغا اوخشاش ،
يورتومزدا مخبرلار اوچون بريلگەن اە
كان اجرت و واسطە يتەرلك ايمەس
فقط ، بو وظيفە بزنگچە وجدانی و
ملی بر وظيفە بولغانلقی اوچون هر
توسالغولق ، هر امكانسزلق مخبرلاري
مزنی بو يولدا تخيمو كوب چاليشتورا
آلغوسيدور .

غزتەمزنڭ اوز غايەسيدە و اوزيولیدا
قوت تاپيشی مخبرلاريمزنڭ چاققانلقيغا
و اولارنڭ جمعيتنڭ بتون اچكی سير
لەرينی فاش قيلب بريشيگە باغلقدور .
بو كونگە قدر غزتەلەريمزدە يازيلغان خبر
لەر ، بير مسئلە اوستيدە منحصر قالغاز
لقيغا شك كلتورا آلمايمز بعضی مهم
خبرلەريمزنڭ كوچكە ايگە بولا آلماسلقی
هەممەدن زيادە وثيقەچيلككە قيمت بريل
مەگەنلكدن بولماقدا . ياڭی - ياڭی مو
ضوعلاردا ، خلق سوزينی ، فقرا دادينی
ياريشنڭ يولينی تاپا لساق ، او چاغدا
شبهەسز اخبارات ايشلەريمزدە ياڭی بير
چيغير اچقان بولا آلامز . زاتا بو توش
كون خلقيمزنڭ بيردن - بير تيلچيسی
مخبرلاريمزدور .

نشرياتيمز ، مخبرلقنڭ و خبرچيلك
نڭ شونچەلك مهم اورون توتقانلقينی
آلديدن سزگەن و شونڭ اوچون ممكين
چيلك بولغان يردە بيردن « مخبرلك
اويی » تشكيل قيلنغان ايدی . بعضی
بير امكانسزلق يوزيدن يولاويلەريمزدن
تولوق بير ميوە آلا آلماسا قمو يوندن
كيين گونكەنيمزدەك بير ايش گورولەيني
و غزتەمزنی آلغا باڭی ، خلقنڭ دقتی
و آلقيشينی كورەدورغان خبرلەر بلەن
بيزەب توروشينی اميد قيلماقدامز .

# شـەهريمزدە بـر ياڭی دوقتور خانە

( چ . ت . آ . خبريدن ) چين خلق
فرقەسينڭ چينی تـوركستان شعبەسی
اوز قارماغيدا بر دوقتورخانە آچيش
حركتنی قيلماقدا . بونڭ اوچون اچكريد
دن دوقتور كلتورگەن ، اورون حاضرلا
غان . دوقتورخانە ايچكی كيسەللەر ، تاش
قی كيسەللەر ، عيال كيسەللەری ، بالا
لار كيسەللەری ، كوز ، قولاق ، بورون
كيسەللەری اوچون مخصوص بولوملەر
آچيلماقچی . بو دوقتور خانە برنجی
سنتەبردن باشلاب ايشقا توشمەكچی .
چين خلق فرقەسی آساسی قانون
اجراسی باشلانيش بلەن حكومت تعمي
نانيدن آيريلب ، اوزينی اوزی باقيشقا
كريشكەن ايدی . بونڭ اوچون اوروە
چيدە مطبعە ، كينوخانە ، سودا اور
نی ، ... تشكيل قيلب ، كريم منبعی
قيلغان ايدی . امدی بو دوقتورخانەنی
هم شونداق قيلسا كيرەك .

بز ياڭی دوقتورخانەنی خوشحاللق
بلەن قارشی آلساقمو اونڭ كيسەل كو
روش حقی بلەن دورا حقينڭ بو تجارت
مقصديدە اونچە اوستون بولوشيدن
قورقامز .

# «ملی مختاريت» تيارگرلك قورسی

30 نجی آوغوست كونی اوزوندن
بويان داوراڭی چيقب كلگەن اولكەلك
تعليم تربيە قورسينڭ ادارە هيئتی مج
لسی بولوب اوتدی . قورسينڭ رسمی
ايش باشلاشيغا باشلانغوچ بولغان بو
مجلسدە ، رئيسيمز مسعود افندم « اول
كەمزدە حكومت ايشينڭ بارلق قالايما
قانچيلقلاری و بزگە قارتلغان تنقيدلەر
نڭ آساسی سببی ادارە خادملەريمزنڭ
تولوقسزلقی ، بلمسزلكی ، ايش بيلمەس
لكيدن بولماقدا . بو قورس شونی تو
زوتە دورغان برنجی عامللەردندور . من
بو قورسينڭ برمونچە ايشلەرگە اوخ -
شاش اوتدەك باشلانيب ، كولدەك سو
ووب قالماسلقينی اميد قيلامن » ديگەن
مضمونده سوزلەب اوتدی . رئيس آرقا
سيدن يوباقيندن بری ملتچيلەرنی ،
سيلەر « ملی مختاريت » طلب قلدڭلار ،
دەب دوخموش - دوخموشدا سوكوب
كلگەن ليو ميشوجاڭ جنابلاری سوزگە
چيقب « بز اچكی چيندن كلگەن عمل
دارلەر چينی توركستاننڭ اوز ملی كا
درلاری يتيشيب بولغونچە ياردم برگو
چيلەرمز . اوز كادر لەرگلەر يتيشكەن
همان بز ايشنی تاپشوروب بريب قايتا
مز ... بو قورس شو ملی كادرلارنی
يتيشتوروش قورسی . توركستاندا بر
لك مختاريت ، ملی مختاريت بولغاندن
كين ، بو قورس شو مختاريتنی تولوق
آليشنڭ كادرلارينی يتيشتوروب برگوچی
بر اوروندور . شونڭ اوچون بو قور
سنی ملی مختاريت تيارلق قورسی دەب
آتاش ممكين » ديگەن مضموندا اعلا
متدە بولوب اوتدی .

بو سوزنی آڭلاش بلەن شو يردە
اولتورغانلاردن بيرسی ، « ... وای
خدا ! بو كشينڭ بو چيرايلق سوزلە
ری قاچانمو ، ملتچيلەر و حقيقی ملی
مختاريت سويگوچيلەرنڭ ضديغا سوزلە
گەن سوزلەری و حركتی آلديدا اويا
لار ايكەن ؟ ! » دەب آە اوروب قويدی .

مجلس قورسينڭ ايش پلانينی
پرنسيپ نقطەسيدن قبول قيلب ، تو
لوق ايشلەب چقيش اوچون پولاد قا
دری ، اونكور ، ا . طاهری ، ا . مطعی ،
چكلی افنديلەرگە تاپشوردی .

قورسنڭ مسئول خذمتچيلەری حقي
دە مذاكرە بولوب ، عليم ، ترتيب تر
جمە و تصنيف بولوملەری مديرلەری
توركدن ، لوازيمات ، بوغالترلق ، عس
كری تربيە بولوملەری مديرلەری چين
لق كشيلەردن بولادورغان بولدی .

# ساويت چين هوا شركتی حقيدە مجلس

چ . ت . ا . نڭ خبر بيرشيچە ، يور
تومزداڭی ساويت چين هوا شركتينڭ
مدتی تولغان ايدی . حاضر بونڭ مد
تينی ينە سوزوش حقيدە ، مذاكرە
آليب باريش اوچون ، مركزی حكومت
قاتناش ايشلەری باقانلقی ( نظارتی )
خذمتچيلەريدن شياچولڭ سەن ، لی زوجيا
افنديلەرنی ايبرگەن ايدی . بولارغا او
رومچيدەڭی ، خارجی ايشلەر ادارەسينڭ
مديری ليو زەی يولڭ افندی قوشولوب
الما - آتاغا اوچوب كتيش الديد
دا دور .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# مكتبلەر اوقوش باشلاش الديدا

بتون دنيانلڭ اوقوش باشلاش ايى بولغان سنتابر كريش الديدا اوروەيز دەكى بتون عالى اورتا مكتبلەر قيزغين رويشدە اوقوش باشلاشقا تيارلانماقدا.

چينى توركستان دارالفنونى اوقوش باشلاش كونى قيلب 10 نجى سنتابرنى بلگولەب، درس پروغراممالارى، معلملەرنى چاقريش كاغذلەرى ايشلەش و صنفلەرنى تيارلاش بلەن آوارە.

3 نجى اورتا، 2 نجى معلملەر اوقولى 6 نجى سنتابرنى اوقوش باشلاش كونى قيلب بلگولەب، شو نكغا قاراب حضراق ايشلەرى لب بارماقدا.

أرنە ياردا قيلماق پلان بويچە، بو مكتبلەر زور بر بوتكولوش اوتكوزوب، برنجى اورتا مكتبنى شمالى قاپقا سرتيغا، برنجى معلملەر اوقولينى شهر ايچيگە، كوچوروب، دارالفنون بلەن بر اوروندا تورغوچى، 3 نجى اورتا، 2 نجى معلم اوقولينى، برنجى معلم اوقولى اورنيغا كوچورمەكچى بولغان ايدى. برنجى اورتا و برنجى معلم اوقوللارى كوچوشدن باش تارتقانلغى اوچون بو ايش شو پيتى قالدى.

# اوندن - بوندن

## ضيافت و عشرتدن شكايت

باغچالڭ كوچاسيدا توپلانيب اولتورغان بير توركوم باشلار او يرنى، بو يردن سوزلوشوب اولتورغان ايدى توبەنگە توشوب كيتب بارغان قينق بيغورلسير لادغان كچيك »پيكاف« ماشينەنڭ ايچيگە بير ايكسينڭ كوزى توشوب قالدى. اولاردن بيرسى: — أنە راستميكەن ايچيدكيلەرنى كوردوڭلارمو؟! دب بايا آغينالاريغە قيلب اولتورغان شكايتينڭ دليلى كوز آلديغا كلگەنلكيدن خرسند بولغان قيافتينى كورسەتدى. ماشينا ايچيديكيلەرنى كورمەى قالغانلاردن بيرسى:

— آداش كيملە راولتوروپتور اونڭ ايچيدە، كيم ايكەن ؟! ...

— آداش ... نـڭ باشلقى .....

آوو ... باغموخوگەيدەكى خاچو قيزنى ساليب كيتب بارادور.

— آداش اولار هر كوندە كچقو رونلقى ماشينا بلەن موشو طرفكە او تەدور.

— آه .... برادرلەر! سن بلەن بزنڭ قاخشاغانيمز بلەن قاخشاغانيمز موشو يردە قالادور. 6 ـ 7 ـ 8نجى آيلارنڭ معاشى اوسدى دەيدور. بو خبر تارالش بلەن بازار بهاسى قاشقان اوغرينى قوغلاغاندەك چپيب بزنڭ معاشيمزدن 3 ـ 4 برابر آشيب بارادور.

— واى آدامى معاشيمز اوسدى دب آغزيمزنى تاتلق ئورەگيمزنى ذوق قيلغانيمز بلەن بو معاشنى اوز وقتيدە برمەسە اونڭ نيمە فائدەسى ـ بەنەبيرسى كوڭلسز تاووش بلەن ـ.

— أى .... دوستلار! سن بلەن بز معاشيمز آشدى دب كورگيكەن بلەن باشلقلاريمز فلنى 2 ـ 3 دومولوتوب فلنى چاقيب ميغيزنى يب اوچكەسينى (پوستينى) بزگە بيرەدور. او فل سن بلەن بزنڭ قوليمزغا تككەندە 10 دن بير قولى قالايدور ـ ديسە بەنـە بيرسى:

— آداش باشلقلاريمز شونداقمو قيلارمو؟ مسعود افندى اونداق ايشلارغا بك دقت قيلادورغو؟! دب رئيس مسعود افنديڭ بو حقدە قيلغانلارينى أسلەتدى.

— دوروست مسعود افندى بير آدم قايسى بيرسينى كوروب كيتەلسون ديسەڭ أنە آداش حاضر كوز لديمزدن بير »ستەكنى« باشلاب آليب كتدى. شونكغا اوخشاشلار حاضر كوپەيمەكدە. اولارمو سن بلەن بزگە اوخشاش بير خلمتچى. معاشيمزدا آزراق فرق قيلا دور. اما ييشى اوبدان توروشى اوبدان، كيبشى اوبدان، اونڭ اوستيگە هر كوندە بردن »گوزل« لەرنى قول توقلاب، تانسا خانالاردا، ريستورانلاردا تماشا قيلادور. اويلاب باق برادر، او »خنم« لار اولارنڭ عمليگە آشيق ايمەس، فقط قزيل دوللاريغا آشيق برادر. اولار او خيلداكى اويون تماشاسى او چون سن بلەن بزنڭ قليمزنڭ ميغزينى صرف قيلماسا، نيمەنى صرف قيلسون. اولارنڭ كلگەن وقتيدە سن بلەن بز كورگەن كوك مانا چاپانلارينى كيب كلگەن، يورتيدن آليب چيققان قلارميدى يە ... آداش !؟

— راست ايتسەن دوستوم. هممەسى سن بلەن بزگە اوخشاغان بوزلە خذمتچيلارنى تاپيب، باشيمزدا ياتاق چاقا دور. ـ بەنە بيرسى آداش بولارنڭ ضيافت چېلارينڭ كوپليگينى ديمەسەن گا بيارى ماى دولوب زهريككەندە، ايچى بوشقاندا 10، 15 آغينەسينى قيچقاريب بيكاردە بيكارغا 2، 3 يوز مڭ يون دوللارنى خشلەب ضيافت قيليشادور. ايچيب مست بولوب، ماشينا پايتونلاريغا توشوشوب أنە بايەقيـردك »... فرنى كوروب قوى« دېگەندەك كوز آلديمزدن »گوزل« لارنى آليب ماگيشيدو. نە ..... آچيغلانب قالغاناچ؟! دوحل ادارەدەكيلەرنى بيغيب مجلس اچادور. مجلسدە سوزلەيدغان نرسەتاپالماسدن سن بلەن بزنى زللاش تلاب چيقب كيتەدور أنە آداش ساڭا خانمچيچيلك ...

بەنە بيرسى قزيق گەنى دولوب:

— داش هممەدن قيزقى بولار بير ادارە باشى هيئت دەدور. بير نرسە قورمانچى بولسا، دستلەب »جوشنى« (ضيافت بيمەكلكلەرى) اوچون تاخسا قاچا قوچا »ساپا« پايتوز .... لارغا اوخشاغان نرسەلەرينى تيارلايدور. ادارەسى هيئتى قورولغاندن كيين قيلادورغان ايشينڭ تابينى ذوق اچكيچە ضيافت يىمەك، كوڭل آچيشماق. تېسقاسى قل بوزماق ....... وهكذالار .....

ع. جوشقون

(باشى 4 ـ بتدە)

چينگزنڭ نكاحلى و نكاحسزخاتونلارى بش يوزدن زيادە ايدى نكاحلقلارى بتونلەى خان قيزى و خان خاتونلارى ايدى. بولارنڭ بش نفرينى عينى سو يەدە تونار و خان آغاچلارى. موتەدە بولار ايدى. تورت اوغلى بار ايدى: جوجى، چغتاى اوگدەى، تولوى، جو جى اوزيدن بورون اولگەن ايدى.

چينگزخان بتون مملكتينى سلامت قالغان اوچ اوغلى ائلە جوجينڭ اوغوللەرى آراسيدا تقسيم أتدى. اوغوللاريغا كيينكى قانيم »اتفاق و وفاق« توصيە قيلب ساندوقدن بير تال اوق چيقاريب ايگب سوندورغان. آرقا ـ آرقادن بير قانچە اوقلارنى بيرلەشتوروب: »ايچيگزدە بونى سوندورالادورغانلار گز بارمو؟« ديب سورادى. بولاردن »ياق« ديگەن جواب آلغاچ: »سزمو بو اوقلارغا اوخشارسزلەر. بيرلەشسەڭز هيچ كيم سزلەرنى سندورالماس آيرلساڭز بير اوق كبى آسانلا سـو نوب كيتەسز« ديگەن ايدى.

تـمـام

اويغورچەلاشتوروچى: ر. ج.

# بيوك تورك حكمدارى ـ چينگز

( باشى اوتكەن ساندا )

آتينى و بگلەرنڭ آتلەرينى خواجەلەرگە تونەوردى.

چينگز خوشحال بولغانىن سوڭرە آتلانيب بايرام يرىگە باردى. خلقلەرنڭ ايلگرى كلگەنلەرينى توپلاتدى. آت اوستيدە سوز قيلشقا باشلاب مسلمانلەرنڭ خوى طبيعتلەرينى و سلطان محمدنڭ مناسبتسزلكلەرينى بيردن ـ بيردن ساناذى.

خارزم مملكتى باشدين ـ آياق ضبط قيلنغاندين سوڭرە چينگز عسكرلەرى شمالى ايران ايلە آذربيجاننى آلديلەر. قافقاسيانى باسيب اوتديلەر. دون و تونا دريالاريغا توغرى يوروش اوچون آلغا سلجيديلەر. قريمنى و روسيەنى باسيب اوتديلەر. عصرلەردن بيرى او طرفلەرگە يايلغان خيلموخيل تورك اوروقلارينى بيز بايراق آستيغا توپلاديلەر. بير طرفدين سەنت درياسى بوييغا قدر كتكەن ايدى. هندستان تحديد آستيغا آلنغان ايدى. چينگز 1227 ـ ييل آوغوستدا بولغان وفاتلەردە عسكرلەرنڭ آلدنقيلارى وينا دربازەلەريگە كيرگەن ايديلەر.

چينگزخان 72 ييل ياشادى، 55 ييل خاقانلق قيلدى. برمان قالدون ديگەن يردە كومولدى. اولمەسدن اول توپلاغان قورولتايدا تورك تورەسينى ( قانونينى ) تصنيف أتدوروب يازدوردى. و اتينى «ياسا» قويدى.

چينگز باشقاچە بير آدم ايدى. اولگەنگە قدر تورە تاشقاريغا چيقماغان و هر ايشينى تورەگە لايق بولوشى اوچون دقت أتكەن ايدى. تورە قانون ديمەك ايدى. و او قانوندن بيوك هيچ بير قوت تانيماس ايدى. اوزينيمو تورەنڭ خدمتكارى حسابلار ايدى. قياغان سوقوشلارينى صاف مليت عشقى ايلە، تارقاق توركلەرنى بيرلەشتورمەك قصدى ايلە قيلغان ايدى. هيچ بير زمان دين توقوشى و دين قايغوسيغا قيلغما قاندور. او مرحمتسز و اوتونوشنى بيلمەس ايدى. يالغوز حق و ياسانى تانور ايدى. چينگز جنايتو امانسز شبنى جهتيدن بيوك امپراتورلوق مطلق بير تنجلق ايچيدە بولونماس ايدى.

زمانيدا ياش و گوزل بير قيز باشيغا آلتون توشقازغان بير طبق آليب سارق دگز قيرغاقيدن تونا درياسيغاقدر كيتەر ايدى. كيمەسينڭ اوڭايان طرفى قول اوزاتسا يتمەس ايدى.

چينگزخان تولوق بير قومانـدان ايمەس، اونى اوزيمو بيلەر ايدى. و عسكرى ايشلەرنى بتونلەى قوماندانلاريغا تاپشورار ايدى. فقط كوب جسور بير كيشى بولغانلقدن بريدە و زمانيدا قالقانينى قوليغا آليب و تمور قالپاقينى باشيغا قويوب عسكرنڭ آلدـ آلديغا اوتەر، آتلاش ممكين بولمايدورغان تاملارگە آسيلار ايدى. بو يوكسەك جرعتى ايلە بير نچە قانيم آرقاغا قايتشنى ميل قيلغان عسكرلەرنى ايلگريگە و ظفرگە هايدار ايدى. قوماندانلار اونڭ كورسەتكەن هدفيگە يتشمەك اوچون جان فدا قيلشنى شرف بيلەرلەر ايدى و نە يرگە اشارت قيلغان بولسا او يرگە مطلق بارار ايدى.

اوز زمانيدا چين فكرلك بير سياسى ايدى. حادثەلەرنى غايت اوبـدان تحليل ايتەر و بير نچە ييلدن كيين يوز بەردورغان وضعيتنى يوروندن تخمين قيلب اوڭا قاراب ايش توتار، هيچ بير ايشنى اوشتومتوت باشلاب قويمازدەك باريم تدبيردنمو خوشلانماس ايدى. ادارەچيلگى بك يوكسەك ايدى شرقدن غربكە قدر حاكميتينى تأمين قيلشنى بيلشيدە بو ادارەچيلگينڭنو بيوك تأثيرى باردور.

أڭ آغير فلاكتلەرگە كچيك بير ايش كورسوتوشدن تحمل قيلار ايدى. خاندان حيثيتى، غايەنڭ اولوغلقى شخصى شرف نامىغا، كوب فجيع وضعيتلەرگە كوكس كيرەر ايدى. بير سوقوشدا بورنە چوچين آتلق خاتونى يوقالغاندا بير مركت بگى اونى سافلاب كلتورگەن ايدى. خاتون 9 آيدن كيين چينگزخان ياتيغا كلدى و كلەر ـ كلمەس بير بالا توغدى. بو بالاغا جوجى ديب آت قويدى جوجى «قوناق مسافر» ديمەكدور. وضعيتكە قاراب بالانڭ چينگزدن بولوشيغا قدر مركت بگيدنمو حاصل بولغانلق احتمالى بار ايدى. بو احتمال بير قانچە شكايت سوزلەرگە زمين حاضرلاغان ايدى. چينگز بوڭا هيچ آوازينى چيقارمادى. بير سوقوشدا اسير قيلنب كلتورولگەنلكينى كوز آلديدا توتوب خاتونينى اورنيدن آيرمادى. جبنيمو وارثلقدن چيقارمادى.

چينگزنڭ كوپ حكيمانە سوزلەرى باردور. بو سوزلەر شو جملەدندور.

1 . سوز آڭلاماغانلار ـ سوغاآتيلغان تاشقا اوخشار. تيگيگە توشوب يوق بولور.

2 . اوز اويينى آيريغانلار وطنينيمو آيرورلەر.

3 . اون كيشينى ادارە قيلشنى بيلگەنلەر تيمنـراق بير اوردو ( آرميا ) نى هم ادارە قيلارلەر.

4 . ايچينى پاك توتقانلار يورتلارينى اوغريدن صاف قيلور.

چينگز، مسلمانلقنى قبول قيلماغان بولوب اولوشيگە قدر بت پرست قالغاندور فقط دينى تعصب كورسوتوشكەمو توبەن توشمەگەندور. نظريدە بتون دينلەر برابر ايدى. و يورتنڭ شرفى هر نرسەدن اوستون ايدى. اونڭ بير مسلمان خواجە ايلە قيلغان شو محاورەسى نە قدر معنالقدور.

چينگز ـ مسـلمانـلەر و مسلمانلق نيمەدور؟

خواجە ـ مسلمانلەر تڭداشى يوق بير اولغان تڭرينڭ قليدور.

چينگز ـ بوندلق بير تڭرى مينڭمو عقلمگە اويغون كلەدور. يەنە نيمە؟

خواجە ـ پيغمبر، تڭرينڭ ايلچيسيدور. او تڭرينڭ امرينى نهيينى بيلدورەدور.

چينگز ـ بو هم بولادور.

خواجە ـ كوندە بش وقت نماز قيلارمز، تڭريگە قللق ايتەرمز.

چينگز ـ يامان ايمەس.

خواجە ـ ييلدا بير آى روزە تارمز.

چينگز ـ بو هم ياخشى.

خواجە ـ مكەدە تڭرينڭ كعبە آتلق بير اويى بار. آقچەمز بولسا او يرنى زيارت قيلش اوچون بارامز.

چينگز ـ خطا! بتون دنيا تڭرينڭ يورتيدور. بير يرنى خاص قيلش موافق ايمەسدور.

( دوامى 3 ـ بتدە )

تلده، اشده، فکرده، برلك!

# ارك

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

یل 1948 سنتبر 3 — شوال ۲۸ ۱۳۶۷

مدیر: عیسی الپ تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

سان 194 — جمعه

قمتی: ایلقی - شهرگه 150000 دوللار چنکه پوچتاحقی قوشولادور


## برلکده اوتمه‌کنك بعضی شرطله‌ری

آرامزدا بر اوقوشماسلق دوام قیلادور. بزچه بوبر آنیق مسئله‌دور. بو نوق چین اربابی‌نلك „ دولت برلکی “ نی تقدیر قیلادورغانلقیغا ایشه‌نگه‌ن برده‌مز. اولار تورکستاننلك هر قانداق مسئله‌سیگه شو „ برلك و یا بونونلك “ باقیمیدن قاراسا، تورکستانلقلار اولارنلك هر حرکتیگه برهر یاخشیلق ایسته‌ب نظر سالادور. بونگدن هم آکلانادورکه „ دولت برلکی “ قانچه‌لك ایسته‌لسه، تورکستانلق اوچون حریت، رعایت شونچه‌لك ایسته‌لیشی لازمدور. دولت بولوبمو دولتنلك تورکستانده‌کی مأمورلاری برلکله‌رگه هرایشده رعایه قلغاندالا بو „ برلك “ قوت تاپقوسی و هر ایکی طرفنلك حمایه‌سیگه اوچرا غوسیدور. اگر برینی ایکنجیسی بله‌ن ایکنجیسینی اوچینجیسی بله‌ن بوقاتماق قصدیگه توشکه‌نده، ایشنلك قانداق عاقبتکه اوچرایدورغانلقینی أیتاآلمایمز.

جنوبدن آلماقدا بولغان خبر لریمزنلك کوبراقی „ دولت برلکی “ نامی بله‌ن قوزولوب‌یاتقان بر آچچیق تراگدیه‌دن، بر کولکه‌لك کومه‌دییه‌دن بحث قیلب یاتادور. بونزدا مهم رولنی اوینـاغوچـی „ صداقتچی “ „ دولتچی “ عنصرلر بوتونلای اقتدار موقعینی اشغال قلماقدا و مظلوم خلقدان باشقا هیـچ بر صنفنلك قارشیلقیغا اوچراماغانلقدن اوزی بلگه‌نچه قامچا اوینـاتماقدادور. اگر بولارغا ناپایچ بولونا بریلسه، ملتلـه‌ر آراسیغا سوغوغلوق توشکه‌نیدن زیاده دولت برلکی اوچونمو زور خوف توغولغوسیدور. چونکه، اولارنلك هرهرکتی گرچه سوزده „ دولت برلکی “ اوچون بولسامو، عملیاتده توغری معنا سی بله‌ن آرا بوزوش، بای بولوش

خلقنی اوروب سوقوب یوروب چیناقلارغا و دولتکه اوچله‌شتوروشدن باشقا برنرسه ایمه‌سدور. اگر بو نقطه‌نی مرکزچیله‌ر آکلاغان بولسا ایدی، آرادا کی اوقوشماسلق بر قدر آیدینلاشقان و خلقیمز بولوبمو یاشلاریمز بوقدر کویمه‌گه‌ن - اوچمه‌گه‌ن بولور ایدی.

توغروسی „ صداقتچی “ دب تانولغان یوقاریداکی غرضسز، منافق عنصرله‌رنی اقتدار موقعیغا کوته‌رشنلك اورنیغا، تورکستان ملتچیله‌رینلك فکری، طلبی، حرکتنی یـدنامسـز صورتده قبول و مدافعه قیلنسا، بوندن کیله‌دورغان نتیجه هر ایکی طرف اوچون بیوك منفعتله‌رنی تأمین قیلب برور ایدی. چونکی، „ صداقتچی “ لر „ دولتچیمز “ دیمه‌کلك بله‌ن، خلقگه دولت نامیدن عذاب قیلماقدا بولسا، ملتچیله‌ر، خلقنی بخت سعادت ایچیده یاشاتیب، اولارنلك دولتکه بولغان ایشه‌نجینی و محبتینی باغلاغان بولور ایدی. سونلك کونله‌رده اورومچی حکومت غزته‌له‌ریده باسیلغان بعضی یازولار بونلك ضدی اولاراق ملتچیله‌رگه آچیقدن - آچیق هجوم قیلماقدا و اولارنلك حرکتیگه، طلبیگه گوده‌کله‌رچه بها برمکده‌دور. بو هم ملتچیله‌رنلك تشویقی بله‌ن دولتدن و مرکزچیله‌ردن یاخشیلق کوتمه‌کده بولغان ملتیمزنی سونلك درجه‌ده امیدسزله‌نیشکه مجبور قیلدی. شبهه‌سزکه: ملتچیلککه بولغان بونداق هجوملار خلقنی ایکنچی بر یولغا باشلاب قویوشی و دولتدن تشویشله‌ندوروشی آپ - آچیقدور.

بوگون دولت بله‌ن برگه اوتوش اوچون قویغان شرطله‌ریمزدن أنلك مهیمی هر ساحه‌ده أرکینلکدور. ملتچیلکیمزگه، معارفچیلقیمزغا حرلك بریلیشی دولت اوچون هر باقیمدن فائدلقده‌دور. ملتچیله‌رگه قارشی „ صداقتچی “ له‌رنی، معارفچیلارغا قارشی متعصبله‌رنی تیارلاش سیاسی حیله‌سی 20 نجی عصرده اونچه الغار یول بولماسا کره‌ك. برلکله‌ر أرکینلکنی قانچه‌لك سویسه و ایسته‌سه، اولارغا قوشولوب سویوب بریش و تأمین قیلب بریش دولت بوتونلکینی ساقلاشنلك بردن بر یولیدور. زاتا „ تورکستاننی بر اولکه حالیدا ساقلاب توردورغان و دولتکه باغلایدورغان قورال کوچی ایمه‌س یالغوز تورکستانلق اوچون تأمین قیلیندورغان حرلك و مهربانلق دب قید قیلماقدامز و قیلغومزدور. تورکستانغا بریله‌دورغان حرلکنلك و مسعود، امین و عیسی بك‌له‌ر باشدا بولغانی حالدا بر گروه ملتچیله‌رنلك قازانادورغان نفوذینلك عاقبتیدن قورقماق دولق برلکینلك نیگزیگه پالتا چاپماق دیمه‌کدور. تورکستان اوچون بریلگه‌ن حرلکدن یالغوز بر زومره ویا بر ایکی شخص فائده‌له‌نه المایدورغان نیده‌ك، تورکستانلقدا بولوبمو حریت دعواچیلاری بولغان ملتچیله‌رده بو حرلك بله‌ن „ استقلال “ قاپقاسینی آچیش نییه‌تیمو یوقدور. فقط بعضی بر اوقوشماسلقلار، و بعضی یاشوروق شفره‌له‌ر، و أرکیمزنلك بوغولوشی بزنی شو خلاصه‌گه‌چه الیب بارماقدادور.

برلکده اوتوشیمز اوچون همه‌دن ضیاده لازم بولادورغان نقطه آراداکی اوقوشماسلقلارنی، ایشه‌نمه‌سلکله‌رنی کوتوروب تاشلاماقدور. مرکز و مرکزچیله‌ر تورکستانغا و تورکستان ملتچیله‌رگه قاچان ایشه‌نسه، او زمان چین بله‌ن تورکستان برلکیده یاکی برصحیفه آچیلغوسی، عکس تقدیرده بو „ برلك “ تاریخی قاراکغولاشقوسیدور.

# اولكه و شهر خبرلەری

## اولكەلك حكومتنك ٨٦ ـ سانلق دائيمی هيئتلەر مجلسی اچيلدی

اولكه حكومتی اعضالارينك 68 ـ
سانلق مجلسی 2 ـ سنتەبر كونی سا
عت 10 باريمدا آچيلب ، هربر نظارت
باشقارمالارنك تورلی فكرلەری مذاكره قيلن
غان : جمعيت ادارەسينك باشمانی ليو
افنديلك ، قرا شهر ، كوچار آقسولار دا
جمعيت ادارەسينك ، جمعيتكه خدمت
قيلش يورتينی قورساق ديگەن فكری
مذاكره دن اوتوب ، كوچاردا قورولادور
غان جمعيتكەخدمت قيلش شعبەسينی كاش
غرگەتورشقا اوزگرتياب تصديقلانغان .
تعميرات ناظری محمد امين افنديی
نك : اوزقارماغيداكی تالف ترجمه باشاری
سينك خراجت فلی يتيشمەيدور ، بر مليئ
يارد فل حكومتدن بريلسه ديگەن فكـ
ری مذاكره قيلينب بوهم تصديقدن او
توب بريلمەكچی بولونـغان . شـاربای
( شهرلك حكومت باشلغی ) چوی وو
ايلكتريك شركتينك بوزولغان قازانينی
اوڭلانيش و اونك مهم اسبابلارينی
داخلدن آلدوروش اوچون 7 مليارد
اولكه دوللاری بريلسه ديگەن فكری
قبول قلينب مجلس ساعت 12 ده
تماملانغان .

+⤙ ◆ ⤚+

## مخبرلەر بايرامی خاطرەلەندی

( ع . ت . آ ) 1 . سنتەبر مخبر
لار بايرامی بولغانلقدن شوريمزديكـی
مطبوعاتچيلار بركون بايرام قيلب هار
دوق آلغان . توركستان اويغور قازاق
غزيته باشقارماسی شوكونی اوزينلك 70
گه ياقين خدمتچيلارينی سانجی ناحيه ـ
سيگه آلب چيقب تماشا قلدورغان .
تشويقات هيئتی كچ ساعت 7 ده
مطبوعاتچيلار طرفيگه برضيافت برگەن .
ضيافتكه ليوموك چولك ، عيسی اليـب
تيكن باشلق شهريمزدەكی هرملت مطبو
عاتچيلاريدن 70 گه ياقين كشی اشتيـ
راك قلغان . ضيافت اثناسيدا ليو مولك
چولك ، عيسی آلبتيكينلار طرفيدن مط
بوعات حقيده قمتلك نطقلار بريليـب
قدحلەر كوتورولگەن . ضيافتدن سولك ،
« صاف نيتلك عائله » ناملق چين فيلمـ
ـی قويوب بريلگەن .

*)(·) ÷ * ÷ (·)(*

## غزلەريمزنی دنياغا تونوتدورماقچی

چينلك داڭلق غزەلچيسی گوەن فو
رن اولكەمزدن قايتيب لەنجو آرقالق خاذ
كوغا يتيب بارغان . خانكوغا باريش
بلەن اورومچينی اسكه آليب قمبرخانه
غا بر پارچه خط يازغان . او خطيده
توركستاندا كورگەن حرمتيگه بولوبمو
چيرايلق اصوللەری بلەن اوزينی شرف
لەندورگەن باش صنعتكارلەريمزغا تشكر
لەر سونغان . اوزينك برلەشمه دولتلەر
اويوشماسينك مدنيت بولومی طرفيدن
اويوشتورولغان بر صنعت مسابقەسيگه
قاتناشيش اوچون پاريژغا تكليف قيلنغا
نينی ، بـونگغا اليب باريش اوچـون
چين خلق ناخشالەرينی توپلاماقدا بول
غانينی ، بولوبمو توركستان ملی غزەل
لەرينی الغاچ باريب دونيا صنعتی تما
يشيغا توحفه قيلش نيتی بارلغينی بيل
دورگەن . بونك اوچون قمبر خانيمدن
اويغور خلق ناخشالەريدن بر قانچەنی
نوتاسی بلەن ايبريب بريشنی اوتونگەن.

⤙*) o * o (* ⤚

## پيچاندا انجنرلەر باشقارماسی قورولارميش

( ع . ت . آ ) پچان حاكمی اسكنـ
در باشلق 5 كشی ياقندا اورومچيگه
كلگەندن سولك مسعود صبری بلەن كو
روشوب پچاننك سو اهلری توغرولوق
بيانات بەرگەن 28 ـ آوغوست كونـی
سو ادارەسی بلەن سهيتلەشيب پچاندا
انجنرلەر باشقارماسی قوروشنی معقول
ليغان . حكومت هم بونی قبول كور
گەن بولسه كردك .

## قاندا ق ده اچيلدی ؟؟ لازم!

« آچيلدی ـ ياپيلدی » دەب تيگی
بوق مجلس خبرلەرينی يازيب كلگوچی
غزتەلەريمز ، يوسف خاص حاجب كتب ـ
خانەسينك آچيلشی توغراسيدا هيچ
نيمه ديمەدی .
خلقنی علمگه تشويق قيلادورغان
محرر و مخبرلار كيرمەگەن بو كتبخانه
گه هيچ كيم كيرمەيدورغان اوخشايدور
ديگەن انديشەده مز !

## سپور بايراميغا حاضرلق

سپور ( تن حركت ) بايرامی بول
غان 9 ـ سنتەبرگه شهريمزده قيزغين
حاضرلق كورولمەكده . بوكون ميداندا
مراسم اوتكوزولوب ، مكتبلەر و جمعية
لەر توپ ، يوگوروش ، سەكرەش حركة
لەريده بر ـ بری بلەن مسابقه اوتكەز
مەكچی و ايلك اوقوللارمو تكليف قيلن
ماقچی .
سپورچيلار ، بو لايهەنی بلديه تصـ
ديقلاغان همان جدی حاضرلققا كريش
كوسی .

## سو بلەن قاتناش

( ع . ت . آ ) تاريم درياسينی كيمه
بلەن يوروب سناشنك برنجی نوبيتی
موفقيتلك تماملانغانلقدن ، آشلق باشـ
قارماسينك آقسودن كلتوره دورغان اش
لقلاريدن 33 دادەن آشلق 28 نجی
آوغوست كونی 3 دانه سال ( كيمه )
گه باسيلب تاريم درياسيغا سالنغان .
بو كيمه آقسودن توپ توغری لوفنور
ناحيەسيگه كيلەر ايكەن .

## ياڭی اقچا كلگەندن سولك

ياڭی آقچا اورومچيگه كـلگـەندن
سولك مركز بانكاسينك اورومچی شعبه
سيده 30 . آوغوست كونی 550 آمريـ
قان دوللاريغا آقچا نگيشلگەن . آلتون
و باشقا قمتلك نرسەلەرگه پول تـگـه
مەكچی بولغانلار كـورونسەمو ترازو
نخی اورومچيگه كلمەگەنلكدن نگيشب
بريلمەگەن .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# خارجی خبرلەر

## امریقادا عسکری حاضرلق

(م . آ . نیوروق 30 ـ آوغوست خبری) آمریقانڭ اوروشدن کیینکی عسکری خدمت قانونی بوگوندن اعتبارن اجرا قیلنغان. بو آمریقا تاریخیدا، دولت اوروشقا کیرمەی توروب، یاشلارنی عسکرلککە یازیش ایشینڭ 1 ـ نوبت بولغانیدور.

بو نوبتلك پلاندا، آمریقا ایکی ملیون کیشینی عسکرلککە تربیەلەب اوروشقا تیارلاب قویماقچی.

ایلگری بو خیل عسکری خدمت کوپونچە آمریقانڭ اوز ققراسی بلەن چکلەنەر ایدی. حاضر آمریقادەکی چین مهاجرلەری اوقوچیلەری هم ذزمگە آلینه غالی باشلاغان.

*) ـ * * ـ (*

## یاپون دڭزیدا یالغان اوروش

(م . آ . 30 ـ آوغوست توکیو خبری) انگلیز، آمریقا عسکری دائیرەلەرینڭ بوگون بیلدوروشیگە قاراغاندا، تجربە اوچون قیلنادورغان اڭ آخرقی یالغان اوروش بو نوبت یاپون دڭزیدە قلینادور. بونڭغا انگلترەنڭ اولوغ اوقیان اوروش کیمەلەری و آمریقانڭ یاپونیەدە تورغوچی دڭز کوچلەری و "ب ـ 29" نجی هوا قورغنلاری "ب ـ 26" نجی هجوم بومباردیمانچی اوچقولەری "پ ـ 51" نجی یاوا آت ناملق قروچی اوچقولەری، "پ ـ 61" نجی "قارانول خاتون" ناملق کیچەدە اوچەچی اوچقولەری قاتناشماقچی. بو یالغان اوروش 4 کون دوام قیلب، اوچقولار اڭزدن توبەندن بولادورغان سوقوشلارنی و هوا مدافعە ایشلەرینی سناقدن اوتکەزمەکچی.

*) ـ * ـ (*

## بیر امریقالق ساویتکە فقرا بولغان

موسکوادەکی آمریقا سفارتخانەسیدەکی عسکری بولومنڭ مخفی تیلغراف خدمتچیسی چونکمیلین رسمی روشدە آمریقا فقرالقینی تاشلاب ساویتکە فقرا بولغان. آمریقا پاسپورتینی آمریقا خارجی ایشلەر ادارەسیگە ایبەریب برگەن. بو آدم آمریقا سفارتیدن چیقب کتکەندن کیین گرچە سفارتدەکی مخفی خط تیلغرافلارنڭ هیچ بیرسی کام بولماسامو، سفارتخانە احتیات قیلب بو بولومدە ایشلەتیلەدورغان بارلق مخفی آلتلەرنی اوزگەرتیشکە مجبور بولغان. بونڭ اوچون سفارت 75 مڭ آمریقا دوللاری زیان تارتقان. بو ایش آدەمگە اوتکەن ییلی قانادادا، بیر ساویت سفارتخانە خدمتچیسینڭ ساویت فقرالقیدن چیقب قانادادا یاریلغانلقینی اسلەتەدور. بولارنڭ بو قیلشی ارکینلك ازدەشدن بولغاندور. کیم بیلەدور. قایسیسینڭ تاپقان ارکینلگی دوروستراق بولغان؟!

* ـ (÷) ـ *

## مارشال ایشدن چیقماقچی

آمریقا تاشقی ایشلەر باقانی واشنتوندن الینغان خبرلەرگە قاراغاندا، کشیلەرگە اوزینڭ سایلامدا اوتوش اوتەسلقیغا قاراماسدن کیلەر ییلی 20 ـ غنواردا ایشدن رخصت سوراب قیریلق کونلەرینی اویدە اوتکوزەدورغانلقینی بیلدورگەن.

تکشوروچیلەر، بونڭغا، مارشالنڭ دیموقرات فرقەسیدنمو امیدی اوزولگەنلکینی کورسەتەدور دەب بها برمەکدە.

( * * (*) * * )

## دنیادا موںداغ چولڭ فللار مو بار

بزدە دوللارنڭ سل چوگراغی چیقسیلا، چوچویمز. "چولڭ چیقدی دیـ گەن سوز، بازار اورلەدی دیگەن بولادور" دەب قاراش طبیعی بیر عادتمز.

دنیانڭ اڭ چولڭ فللاریدن بولغان آمریقا دوللارینڭ چولگلەری هم بارمو؟ آمریقادا بیرسی بزنڭ دوللارغا بیرملیارد تورادورغان کاغـذ فللارمو بار! مثلا: آمریقانڭ 10 مڭ دوللارلق کاغذفللینی الایلق. حکومت توختاتقان کورس بویونچە 10 مڭ آمریقا دوللاری دولت دوللاریغا بیر ملیارد 9 یوز 50 ملیون بولادور. آمریقادا بو خیل چولڭ فللار عادەدە خلق ایچیدە کوب تارالمایدور. بونی کوپراق حکومت خزنەسی ایشلەتەدور. حاضر آمریقادا حکومت یالغوز 10 مڭ دوللارلق فلنی باسش بلەنلا قناعتلەنمەسدن یوزمڭ دوللارلق فلنی باسیب قویغان بو حکومت بلگولەگەن کورس بلەن حسابلاغاندا، یوزمڭ دوللارلق بیر آم دوللار دولت دوللاریغا 10 ملیارد 950 ملیون بولادور. حاضر بو خیل فلمو آمریقادا حکومت خزنەسیدە ایشلەتیلەدور. بوندن باشقا بازاردا کوپراق کورونەدورغان آمریقا دوللارینڭ اڭ چولگی 5 مڭ دوللارلق فل حسابلانادور. بو فل آمریقا بازاریدا یورگەنی 2500 پارچەدن عبارت. بو فللارنی چیقارغاندا، آمریقا بانکاسی خلققە آسانلق توغدورامز دەب چیقارغان. خلق بونی کوروب فلنڭ کورسی توشدی. دەب مال بهاسینی کوتەرمەتـ دن، بو فل تولا چولڭ ایکەن ایشلەتیش قیین ایکـەن. حکومت نیمە اوچون چیقارغاندور؟ بزگە هیچ فائدەسی بولمادی دەب سوراغاندا: چیقارغوچی بانکا خادملەری: سزگە فائدەسی بولماغان بلەن قارانغو بازارچیلارغا یوشورون سودالار قیلغاندا، بو کوب آسانلق توغدورادور. اولار فل ساناب حکومت تکشوروچیلەریگە توتولوب قالماسلق اوچون چولڭ فللارنی ایشلەتەدور. بز شوندا کیشیلەرگە بولسامو فائدەسی بولار دەب چیقاردوق دیگەن. حکومت چولڭ فل ایشلەتیلگەن جایدا جنایت بار دەب اویلاغانلقدن، کوب چولڭ فل تیگوشکوچیلەرنی بانکالار طرفیدن فل تیگیشدە اوبدان دفترگە قید قیلب آلینادور.

بوندا اڭ قزیقی آمریقا بانکالاری خلق بیلمەگەن جایلاردەکی اوکایلقلارنیمو کوروب تیارلیغانی. شونی کوزدە توتوب چولڭ فل چیقارغانیدور!

# بوش قناعتلەر ييقلماغى كېرەك

( م • شمس الدين دن )

بۇر ملتنلك مدنيتى، تولوقلانيش
ياد نامەلەرى آساسلق بير قانچە فكرگە
تاياندور. هر قانداغ بير ملتنلك موّس
سەلەرى، آيدەلەرى، ادبياتى، صنعتى و
عموما او ملتنلك موجـوديتنى تازالايـ
دورغان هر نرسەسى، اوشبو آساسى
فكرلەردن اوسوب چيقادور. بو فكرلەر
كوب زور بۇنشلەر و مشكللكلەر بلەن
پيدا بولوب، قطعى بير شكيلگە كير
گەنگە اوخشاش، نهايتى قيينلق بلەنجان
تالاشا، جان تالاشا يوقالادور. بير مونچە
فكرلەر باركە، آساسسز و باطل بولغان
لقى، يوقورى فكرلك آدەلەرنظريدەقط
عى روشدە آشكارا بولغان حالدا، عوام
خلققە أڭ قوتلك و نفوذلق روشدە
تأثير قيلشدن هيچ بير وقت توختاماي
دور. چونكە عوامنلڭ روحيغا اوبغون
بولغان بو فكرلەر، يىللارنلڭ ييغيب قويـ
غان، عصرلەر توپلاغان ارثى توپلامدور.

خلقنلڭ ذهنيگە ياقى بير نرسە اور
ناتماق، قانچەلك قيين بولسا، اونكدا
اورناشقان بير فكرنى چيقارماقمو شو
قدر بلكە اوندن زيادە مشكلدور. عوام
دائم اوز ذهنينلڭ طابيگە طابع بولادور.
خلق هر نرسەنلڭ اوز آرزوسيغا، اوز
ذهنيگە موافق بولوشينى ايستەيدور.
يالغوز فكريگەلا ايمەس، حتى، حسيغا
اويغون كلمەگەن نرسەلەر و ذوقيغا
خوشياقماغان آچچيق حقيقتلەرگە قارشى
چونقور بير نفرت حبس قيلادور. بو
حبس عوامدا ييلدز يانغان قناعتلەرنلڭ
ميوەسيدور. فقط بو قناعتلەر اوستى
اوستيگە كيلب تورغان ييللار ايچيدە
بيخ يازيب، شاخ ساليب، يوغوريغان
سارى ييلدز يايغانلقيدن، بير كون جە
ميتكە آغرقلار يايغوچى ميكروب اووا
لارى حاليغى الغاندور. بو ييقيتليب،
او ميكروب اووالارينلڭ تازالانيشى فكر
لەرنلڭ وجدانلەرنلڭ جدى روشدە دزينـ
فيكسيە قيلنشى لازمدور. آچچيق حقيـ
قتلەرنى چيكنمەسدن اورتاغا آتماق،
زيانلق قناعتلەرنى چوروتمەك گرچە بو
آچچيق حقيقتلەريمز، عوام توشەنچەسيـ
دە يورگەن بير مونچەلەرنلڭ ذهنيلەريگە
بك اويغون كلمەگەنلكيدن اولارنى رنـ
جيتب قويوشى ممكين بولسامو، وا
جب درجەسيدە مهيمدور.

فقط بوگون بز شونداغ بير موقـ
عدە توروبدورمزكى أڭ اوشتاق بير
حقيقتنى يوشورماق بيوك بير امانت
بولادور. چونكە قانداقلا بولماسون،
بير ملتدە عوام خلق قناعتلەرى حاكم
اورونـدا بولادورغان بولسـا، او ملت
بخت سعادتكە يتەلمايدور. عوام خلقـ
نلڭ نيگى بوش ذهنيگە حرمت و اطا
عت قيلشنى دوام قيلدورساق، ملت دو
ولاب توشمەكدە بولغان قارا چوقورغا،
بير آز بولسامو يالدور توشوشدن باشـ
قا نتيجە حاصل قيلالمايمز. ييلب تو
روب فلاكت چوقوريغا اوزينى ايتتەرمەكـ
نى، ساراڭلقدن باشقا قايداغ نام بلەن
ياد قيلش ممكين؟ قصورلەريمزنى فلا
كتيمزنلڭ سببلەرينى أڭ تيرەن أڭ يو
شورون نقطەلەريگەچە آچماق. كامچيلق
لەريمزنى ياپيب كورمەك واجب درجە
سيدە مهيمدور. كامچيلقلاريمزنى بيلـ
مەسدن، خطالاريمزنى اوستيمزگە آلماسـ
دن، انقراض بولب يوقولوشنلڭ سببلە
رينى قطعى بير ايمان بلەن يوقانيدقا
كيرشمەسدن ايلگرى، قورتولوش او
چون اورونغان هر بير تشبث بوشقا
كيتەدور. هيچ بير فائدا برمەيدور. شو
نلڭ اوچون آچچيق حقيقتلەرنى هيچ
ترددسز سوزلەش، خطا قناعتلەرنى نيگى
تختى بلەن بوزوش حقيقت نورينلڭ
تارقاليشيغا توسالغو بولغان هر قانداغ
توساقلارنى آليب تاشلاشيمز بك
ضروردور.

*) — * — (*

# ايلكتر هكەلك اوچقو

آمريقا هوا عسكرلەرينلڭ تورت ما
تورلق س ـ 54 ناملق اوچقوسى، آمە
ريقادن اوچوب لوندون يانيداكى بيلسـ
تور آلانيغا (آيرودروميغا) تنچ آمان
توشكەن. بو اوچاققا 14 سو عسكرى
و أنگلترە عالملەرى، هوا متخصصلە
رى توشوب كلگەن. بو اوچقو نيوفيند
لوندن كوتورولگەندن تارتيب لوندونـ
غا يتب بارغونچە هيچ بير آدم هايـ
داش ماشيناسيغا قول تككوزوب باقما
غان. بو اوچقونى بتونلەى آمريقادن
اوچوب چيققان جايداكى راديو آلتلەرى
آرقالق ادارە قيلغان. نيوفيندلوندن او
چادورغان وقتدە جربەى بو اوچقونى
بردە توروب ادارە قيلغوچى مير آلاى
جربەى قولى بلەن اوچقونلڭ بيركينوب
كاسيغى باسيب قويغان، شونلڭ بلەن
هيچ قول تكوزمەسەمو، اوچقو خودى
ايچيدە آدم هايداب اولتورغاندەك تورت
ماتورى تەڭ ايلانيب، يردن كوتورولوب
عادتدەكيدەك ايگزلككە كوتورولگەندن
كيين لوندونغا قاراب يورگەن. 10 سا
عت اوچورادورغان آدمسز اوچوب لوند
دونغا يتكەن.

بو اوچقونى ادارە قيلادورغان ايلكـ
تر آلتيغى ايلكترون جابدوقلەرى بلەن
قورولغان بير آپپارات بولوب هادتدە بو
نى „ مكە “ دييش ممكين. چونكى
اوچوشدن ايلگرى بير توغرولاب قويـ
غاندن كيين، اوچوش وقتيدەكى همـ
ايشلارغا بو „ مكە “ اوزى جواب بيرە
آلادور. مثلا: آتلانيكلك اوقيان اوستيـ
دە كتيب بارغاندا، آمريقا قيرغاقلاريـ
دن بربلگەن تيلگراملارنى قبول قيلا
دور. توشەدورغان يرگە كلگەندە أنگل
ترە هوا عسكرلەرينلڭ راديو بلەن بر
گەن يوليوروغينى قبول قيلب بويون
سونادور.

بو نوبت موشونداغ اوچوب لونـ
دونغا بارغاندن كيين اوچقو تكشوروب
كورولگەندە بو „ مكە “ حسابلاغان
اوچوش ايگزلكى، سورعتى، يورگەن
يول مقدارى، هوادن آلغان معلوماتى
توغرا بولوب چيققان.

بو نوبت سنالغان بو اوچقو مكە
سى 3 ـ 4 ييلدن بويان بار نرسە اي
دى. فقط مونچەلك اوزون مسافەلك او
چوشلاردا مونچە كوب آدم توشوروب
اوچوروب كورولمەگەن ايدى. بو نوبت
آمريقا اوز توپراغى ايچيدە بو مكمل
صونعى „ مكە “ آرقالق بير قانچە نو
بت اوچقو اوچوروب اوتولگەندن كيين،
بو قانيمقى لوندون سفريگە ايشلەتيب
كورولگەن. هوا ايشلەرى متخصصلەرى
بونداغ آدمسز اوچقو اوچوروش اصو
لينى كرا اوچقولاريدا ايشلەتسە، خصو
صا بوزوق هوادا، تومان وقتلەريدە فا
ئدەسى كوب بولار ايكەن.

تلده، اشده، فكرده، برلك!

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

# ئەرك

مديرى: عيسى الب تكين
باش محرر: ... د. غ. ا

8 سنتەبر 1948 ييل

3 ذوالقعدة ١٣٦٧

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
وطنيمز توركستاندور

سان 196 — چهارشنبه — ... ايلقى ... شورگه ... 15 دوللار چنكه پوچتاحقى قوشولادور

## سوزلەگەن اعلامو ؟ اشلەگەن اعلا ؟

بزده — „ زمان مەن ديگەنى جايغا
كلگەنده اشلەيمن ، سوزلەيمن ؛ اونك
برسنده جهاندن كوزوم يوموق ! بوما
جهانمو ، بوما زمانمو ؛ بوما پاشاشمو ؟ “
ديگوچيلەر بار .

سن كوتكەن زمان قايداق زمان ،
قاچان كيلەدورغان زمان ! قايداق كيله
دور ، كيم كلتوره دور ! اوزەڭ ايستە
گەن زمانني ، اوزەڭ كلتورەمسن ؟ او
زەڭ كلتورسەڭ ، اوزەڭ كلتورۇشكە
تريش . . . . . .

بوقلقدن ، قينچيلقدن بر نرسەنى
بارلققا چقارماق أركەكلك . ديگەنم كەل
سون ، دەب اوزەڭ كوره دورغان راحتنى
تاپماي تاپىب بەر ديىش نيار تاپلقەدور .
خدا منى أركەك أر يارانمى ديسەڭ ،
قولوڭدن كلگەن قدر ، امكانى بولغانغا
قدر اشلەگين ؛ آز تولا امكانى بار تو
روب ، آز تولا قولوڭدن كيلب توروب
اونى اشلەمەى ، كرچت چالا تكيلدى ؛
سايەسنى قالين بولمادى ، آراسيدن آفـ
تاب توشوب قالدى . باشيمزنى قيزندى
دەب شكايت قيلغاندن ، چالا تكيلگەن
كوچەتكە سو قويوشوب ، اونى كوكەر
تيب ، ياپراغينى قالينلاشتوروب ، باشـ
نى كوبدورمەى انڭ سايەسيده اولتور
ماققا تريش .

بر توپ بغداى برگه سوقا سالمەى ،
بربيل سوغاريب تربيه قيلمەى پشماس .
بر توپ ميوه 3 ييل سنمن محنت كوتـ
مەى ميوه برمەس . بر باغنى زمان او
زون ييلسز ، اوزون كورەشسز قولغا
كلمەس . هر اشدا قيلغان محنتكه توشـ
لوق اجرا كيلور .

پشانەدن قارا تەر آققوزوب ، بغداى
تريماى توروب ، من بغداى يەيمن ؛ —
ديگەلى ، وياكى ماڭا بغداى كرەك ايدى
نيمشقا بغداى يوق ، اگر بغداى بولما
سا ، آنى تريمايمن ، يوق بولسا ،
بەيدىم ، اولومن ديگەلى بولماس .

ديني طرفدن آلساق ، محمد عليه
السلام عرب اخلاقى بوزولغان ايكەن ؛
ديني خراب ايكەن ، بولدن چققار ايـ
كەن ، بولەرنڭ هوندلق جمعيتده پاشا
غان بارمو ! كوزوم كورميسون قاچان
عربلەر من ديگەن حالغا اورلەرى كلگەن
مه ، آندن اسلام دينيني تارانورمن ،
كورسەتەدورغان كرامتمنى كورساتورمن ؛
آندن اولار ايله برگه برلورمن دەب
او زمان شكايت قيلمغينه اولتورغان
بولسا ، بو اسلام دنياسى ووجودقا
چقماغان بولور ايدى .

سياسى طرفدن آلساق ، سونيانسين
و اونڭ مسلەكداشلەرى نه اوچون بول
خالق زمانى ، نه اوچون اجنبيله برگه
زورلوق ايتەر ، نه اوچون خلق اركسز ،
نه اوچون دنيادەكى پاكلق بزگه كلمەس .
نه اوچون بز باشقالەر دەك ياشمايمز ،
قاچان شول ديگەنلەر كلەدوبچه بزگه
جوگگو كرەك ايمەس ، ياشاماق كرەك
ايمەس ، دەبگينه شكايت قيلب جم اول
تورغان بولسا ، بوگونكى جمهوريت
اورتاغا چقماغان بولور ايدي . جمهو
ريت قوروق شكايتدن كەلميدى ، تور
لى خەوف خطر ، تورلى آغرچلقنى
باشدن اوتكوزگەن 40 — 50 ييللق
كورەشدن قولغا كەلدى .

اگر بوگونكى هندستانلق ، قاچـان
انگليزلەر كەتكەنده ، قليديغان سوزوم
بار ، كورسوتيديغان هنرم بار دەب قا
راب اولتورغان بولسا ، بوگونكى آزاد
كونگه اولاشالماس ايدى .

واشنگتون بوگونكى آمريقانى بـر
دعا ايله آمريقا قلماغانده لنين هـم
بر سەويت دولتيني بر آغز شكايت ايـ
له وجودقا چقارماغانى هەمگه معلوم .

بوگون بزده اوزبنى خلى يوقارى
زيالى ساناب يورگەن بر بولوم كشيلەر
قورساغم آچدى خدا آسماندن نارتاشـ
لاب برميسە ، آچدن اوليمن ديگەن حال
دا تنب يارماقدا اولەر نيمە دەب شـ
كايت قيلاغر — „ بعضا عمل ايلەر اد ـ
كر ، آلتە شهردەكى اسكيلك دخى تو
گەب بولميدى . مختاريات تولوق بولميـ
دى . حقوق چالا بولوب قالدى . هونـ
داغ زمانلاڭ نيمە كرگى بار . هونداغ ز
ماندا اشلەگەنڭ سوزليگەنڭ نه فايـ
دەسى نيمە ؟ بوندا ياشاغاندن تركى —
دنيا بولوب جهاندن كوز يومغان ياخشـ
راق “ دەب همان شكايت قيلادور . امما
شونداغ كامچلكلر اگر بار بولسا ، او
نى حل قيلماققا قلچه كوچ چقارمايدو .
باشقالارنڭ قلغانينى يارانمايدور . اوزى
شولەر قلغاننڭ مكتب ديبنى قلمايدور .
جرجەم پش : آغزيمغا توش ديگەندن
باشقانى بلمەيدور . نيمە بولسا بولسون
مركز بزگه مختاريات بەردوق ديدى . بو
نى تولوقلاماق ، كام اورونلارينى تولـ
دورماق ، بونڭن تولوق فايدالانماق ،
و بونگا خلقنى تزدن يتشتورمەك خلق
نڭ آلڭ بلەيمنى يوقارى كوتوروب او
لەرغه اوز - حق حقوقينى تانتماق ، عملى
قانونى اش كورمەك ، يورت ، ملتكه فايـ
دالق اشلەرنى امكانى قدر قاراب تور
ماى اشلەمەك . قوروق شكايتكه نسبتا
بەك فايدالق ايدى . اگر خلق بوگونـ
كى حالدا قالار ايكەن ، بزگه مختاريـ
يات تورغاى مستقلق بەرگەنده هم حق
حقوقيمزدن تولوق فايدالانا بلمەسز ،
اگر خلق يتيشەر ايكەن ، كوزى آچيلار
ايكەن ، بزگه ملى مختاريات تورغان
يەرلى مختاريات بەرميگەنده هم خالـق
اوز حق - حقوقينى اشلەتا بيلور . بو
گون دنيادا كوزى آچلغان ملت اوزينڭ
حق - حقوقينى اشلەتا بلگەن جايدا .

بو مسئلەگە اهميت بەرميگەن اى —
ضياليلار اوزلەريچه اورلەرينى هيچ كمگه
تەڭ قلماس . بز صاف نيەتلى ، خلقنى
آزاد قليديغان خلق مرشدلەرى دەر .

(باشى 1 ـ بتده)

باشقالەرنى قولىدىن اش كەلمەس، خـا ڭن پالان دىلەر. اما حقيقى نقطەدىن قاراغاندا. موندان آدملەر قناعتسز تيار تاپلەردور. هەمەنى تىار قيلب آلدىغا الب كەلسە، شوندانق فايدا لانماقنى اونـڭ راحتينى گورمەكنى استەگوچيلەردر. او لەرنڭ نظريەسى خودى كسيلميگەن تا ياقىدا اورلغان توشقاننڭ كولانميغان او راغا توشوب كەتكەنى كبى در.

بو زمان، آغزدن نيمە تيلەنسەشول حاضر تيار بولوديغان معجزەلك زمان ايمس.

## اولكـه و شـهر خبرلـەرى

### ايكى خيانتكار

تعميرات نظارتى قارماغيداكى چينه زاوديڭ سابق مديرى ساوق معاون مدي رى لى يالڭ يڭلەر اوز خدمتيگه مسئول بولماغاندىن تاشقارى زاودنڭ مهم اسباب لارىدىن 22 تورلك نرسەنى اوغورلاب اوزلەرى بـر خصوصى آيىنەك زاوودى قورغان ايكەن. بـو مسئلە تعميراتقا آڭلانغاندىن كيين، بو ايكى خيانتكار ناظر محمد امين يلكدن قورقوب اشنڭ آلدينى آليش اوچون، 2 سردن او شوغراق آلتون بلەيزوك و بو كييملك تاوارنى محمد امين حضرتنڭ حضوريغا اليب كرگەن. حضرتم بو مالەرنى چاق هورماى آليب قويوب ارتەسى مجلسدە، ساوق و لى يالڭ يڭلارنڭ قيلمشينى دو كلاد قيلب، آلتون و تاوارلارنى چينه زاوديغا قايتورغان. تعميرات طرفيدن بو ايكى خيانتكار خدمتدن بوشوتو لوب اورنيغا كشى بلگولەنگەن ايدى. ياڭى بلگولەنگەن مديرلەر ايش تاپشو الغاندىن سوڭ يەنه سابق مديرلەرنڭ برقانچه نرسەلەرگه خيانت قيلغانلقى مع لوم بولغان. چينه زاود خدمتچيلەريدڭ برنچى آيدىن يتنچى آيغاچه بولغان معا شيدىن 28 719 200 دوللار پلنى توتوب قاليب بونگغا آلتون آلغان. و پچاقدىن اليب چققان 4343 چاكسا (چاڭ) آق تاش توپاسينڭ حسابات اشلەريمو آنيق بولماغان.

آلغان خبرگه قاراغاندا؛ مذكور ساوق ايليغا قاچيب كتكەن ايمش. بو لارنڭ خصوص آيىنەك زاودينى مصادرە قيلماق اوچون تعميرات نظارتى اولكه حكومتيگه قوچقاچ التماس سونماق آل ديندا ايكەن.

*) ـ * ـ (*

### مدنيت مجلس خانەسى پوتوش الديدا ايكەن

(ج ت ۰ ۰) تورلكلەر اوچون مخصوص سالىناقچى بولغان تەنلياگەدە كى مدنى مجلس خانەنڭ قورولوش اشارى حاضر جدى اشلەنب ياتادور. بو چوڭ عمارتنڭ مهم بـر قسمى 10. آينڭ آخريغاچه پوتەر ايمش. عمومى سى 11 ـ آينڭ آخرسى بوتونلەى قولدىن چقسا كرەك. بونڭ قلان و قو رولوش اشلەريگه بلديـه رهبـرلـك قلغان.

*) ـ * ـ (*

### حكومتنڭ بر التفاتى

(ج ۰ ت ۰ ۱) اوتكەن ييل تورپان، پيچان، توقسون بو اوچ ناحيەدەكى آلـ وان ـ پاساق نهايتى كوب بولغانلقدىن خالقنه اغرلق توشكەن ايدى. و بويل بو اوچ ناحيەدە بوران، شامال عافتله رى نتيجەسيدە قورغاقچيلق بولغانلقـ دن حصول ياخشى بولماغان. حكومت بونى كوزدە توتوب مذكور اوچ ناحيـه نڭ بويلقى اشلق باجينى كيمەيتكەن.

* ـ (۰) ـ *

### اشلق بهاسى ياڭيدن بەلگولەندى

(ج ۰ ت ۰ ۱) مال بهاسينى اداره قلوش هيئتينڭ قرارى بويىچه آشلـق قلـى 15 ـ اوغوستداكى بهادن 50 پادرسنت كەميتيلب گوروچينڭ برداده سى 11 مليون. اورتاحال اوننڭ بوزچاكسا سى (جڭى) 1,900,000 دوللار قيلب بەلگولەنگەن.

### اون مڭ مترغاهم يوگرەر ايكـەن

بو يلقى 9 ـ سنتەبردە اوزدورولا چاق تـن حركت باهراميڭ تيارلقى حا ضر جدى اشلەنمەكدە ايكەن. بو تـن حركت مسابقەسيغا اورومچى شهر خلقى نڭ 10 مڭ مترغا يوگورگوچيلەرى هم قاتناشار ايكەن.

### دارالفنون حركتلريدن

چينى توركستان دارالفنونى اوشبو آينڭ 6 ـ كونى اداره مجلسى اوتكەز دى. مجلسدە بو اوقوش يلينى قاچان باشلاش مسئلەگه قويولوب، ايلگركى قرار بويىنچه 10 ـ سينتابردا درس باشلاش، ليكن درس باشلاش مراسيمى ناقا استراحتكه چقيب كەتكەن مدير برهان افندم قايتقاندا اوتكوزوشكه قرار قيلندى.

مكتبنڭ ياڭى تشكيلى نظامنامەسى اولكولك حكومتدن تصديقلەنب چققان لغى اوچون شونى اجرا قيلشقا قرار يلندى. بو نظامنامە بويونچه دارالف نون فاكولتالار بولومى و تخنك قورس لار بولومى دەب ايكيگه بولوندى. هر ايكى بولومنڭ علم، ترتيب، لوازمات بولوملەرى آيريم بوخگالترلق بو لومى عمومى بولادورغان بولدى. فا ـ كولتالار بولومى خنسو اوقوغوچيلارغا خاص تخنيك قورسلار بولومى تورك اوقوچيلارغا خاصدور. هر ايكى بـو لوم بى واسطه مكتب مديريگه اطاعت قلادور.

ياڭى اوقوچى آليش مسئلەسى منا كرەگه قويولوب اولكەلك حكومت خنسو دن 60، توركلەردن 60 بولوب جمعى 120 اوقوچى آليشقا روخصت قلنغان لغى مجلس رئيسى طرفيدن معلوم قلنغاندىن كيين، بولارنى آليش و قايسى بولوملەردە اوقوتوش مذاكره گه قويولوب، خنسو اوقوغوچيلەر او رومچيدە تيار بولغانلقدىن، تورك اوقو غوچيلار آلتى شهردن آلنسون، بونڭ اوچون حكومتدن، نقليات واسطەسى و يول خراجتى سورايب تصديقلانغان دن كيين ممكن بولسا، آلتى شهر دە كى معارف ناظرى چاڭ ڭاڭ بەى افندى بلەن عبدالباقى افنديلەردن اوقوغوچى اليب كيلش ايچى التماس قلنسون دەب

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قرار قيلندى . بولارنى اوقوتوش او چون خنسو اوقوچىلارغا قانون و سر اشلەريدىن عبارت ايكى صنف توروك اوقوغوچيلارغا هم ايلگريدىن بولغان بوكنەك اوقوچيلار قورسى بلەن دوة ۆورلق قورسيدىن تاشقارى بر قانون و بر سو تخنيكلەرى قورسى آچيشقا قرار قيلندى .

بولارنڭ ياتاق صنف مسئلەلەرى اورناغا قربولوب ، برنجى دارالمعلمين آرقاسيداكى ... الب ، توزەتيلـ سون ، دارالغ... ن يانيداكى بوش جايغا برنچه آغيز اشخانه و يمەك خانه سا لنسون دەب قرار قيلندى .

بو پرافيسورنڭ تكليفى بلەن ، يا ى اليناتورغان اوقوغوچيلارنڭ هممەدن كوپ راق سلامتلكى تكشورولسون ديگەن قرارمو عمومى قرار ا علاوه قيلندى .

" مخبر "

( * * (*) * * )

# اچکی و تاشقی خبرلەر

## موقت خلق قورولتايى اچيش حركتى

( م ۰ آ ۰ 6 - سنتابر تلغراميدن )

نانكيندە توروغوچى خـلق قورولتايى وكيللەرى حكومتدىن موقت خلق قورول تايى آچيش طلبينى قيلغان طلبنامەغە ايمضا ايتش حركتى آليپ بارماقدا كوب چولك وكيللەر بوندقا قيزغنلق بلەن امضا أتمەكدە . خلق قورولتايى وكيلله رينڭ باش قوشوش اويوشماسى بو ايشنى اداره قيلش اوچون 5 وكيلنى اداره هيئتى قيلب سايلاغا .

*)(*) ÷ * ÷ (*)(*

## رئيس جانڭ جژ جولڭ تكشوروشكه چيققان

غربى شمالنڭ مأمورى و حربى ايشلەر باشقارماسى رئيسى گينرال جانڭ جژجولڭ ، اداره سينڭ مهم خذمتچيلەرينى باشلاب ، سارغ دريانڭ غرب طرفلەريگه تكشوروشكه چيققان . بو تكشوروش اووى ( تاش لانجو ) جانڭره جوچودن لەرگەچه سوزولمانچى .

—) ○ * ○ (—

## دنيا تن حركت بيرلەشمەسى قورولتايى

لوكسونبورغ شهريده دنيا تن حر كت بيرلەشمەسينڭ 2 - نوبتلك قورول تايى 4 - سنتابر كونى اچيلدى . بو نكغا 18 دولتدن وكيللەر قاتناشدى . 2 - دنيا اوروشيدن بويان هيچ بيرخلق ارا مجلسلەرگه قاتناشالماغان ياپونيەمو بو قورولتايغا 4 وكيل كوندوروب قات ناشقان . دولتيمز طرفيدن بو قورولتاي غا سابق دهقانچيلق باقانلقى معاونى وكيل قيلب ايبەريلگەن .

## فل يوللاش حقى ازايتيلغان

مركز بانكاسى ( جولڭ يانڭ ينڭ خانڭ ) ياكى التون دوللار چيقش مناسبتى بلەن شهردن شهرگه يوللانادورغان فللار او چون آليناتورغان حقنى قيسقارتقان . يا كى توختام بويونچه ملڭ دوللاردن 25 دوللار يوللاش حقى آليناماقچى بولغان .

## مشهور گينرال فڭيوى شاڭ وفات بولغان

چيننڭ مشهور گينرالى فڭ يوى شاڭ ، اوزينڭ قيزى بلەن نيويوركدن ساويت روسيەسيگه كيتب باريب ، اوديسا شهري گه ياقينلاشقاندا پاراخود اوت قاراسيغا اوچراب اولگەن . گينرال فڭ يوى شاڭ حكومت بلەن يامانلاشيب قاليب ، آمري قادا توروب مركزى حكومتيمزگه قار شى تشويقات حركتيگه كيرشكەن ايدى . خبرگه قاراغاندا آمريقادن ساويت بير لكيگه كيتب بارغان بير ساويت پارا خودى بلەن ساويتكه قاراب يولغا چيققان ايكەن . پاراخودغا كيلب ياقين أرمنلەر نى اليب او يردن باتوم شهريگه باريب أرمنلەرنى توشوروب اوديساغا قاراب يورگەن ايكەن . آديساغا ياقينلاشقاندا ، پاراخودده قوبولوب تورغان كينوغا اوت توتاشيب ايتب ، 10 نچه آدم اولگەن . شولار ايچيده فڭ يوى شاڭ مو اوزينڭ قيزى بلەن قازاغا اوچراب وفات بولغان .

## هوللانديه پادشاهيغا ياپون لار بير ليانته برگەن

ياپونلار اوروش وقتيدا ايندونيزيا سلطانلاريدن بيرسينى تونوب آلغاندا ، سلطان جانينى قوتقازوروش اوچون ياپونلارغا بش ملڭ آمريقا دوللارى قيمه تيده ايكى دانا سلطان تاجى بير ليانتيه نى برگەن ايكەن . شونكغا قاراماسدن ياپونلار 1942 - يلى سلطاننى اول تورگەن ايكەن . حاضر ياپونلار شو بير ليانتدن برينى هوللانديەگه بريشور . يەنه بيرسينى سلطاننڭ وارثلەريگه بر مەكچى .

## چيخ اسلاواكيه قوممونستله رى فرقه تازالاماقچى

چيخ قوممونستلارى فرقەسى بو ييل ييل اخرسيدا فرقەدە تازالاش اوتكەزمەك چى . هر قانچه فداكار بولسامو ، فرقه سياستينى توشەنمەگەن ياكى حمايه قيلما غان فرقه مجلسلەريگه دائمى قاتناشما غان و قرارنى تولوق اجرا قيلماغان ، اعضالق بدلنى تولەمەگەن ، سياسى بيلم نى آشوروش اوچون تيريشماغان ، فر قه غزنەسيگه يازيلماغان آدەملەرنى فرقه دن چيقارماقچى .

## مارشال پارژغا ماڭغان

آمريقا تاشقى ايشلەر باقانى مارشال پارژدا آچيلادورغان بيرلەشمه دولتلەر اويوشماسى قورولتايدا قاتناشيش او چون 70 دن آرتوق وكيل ، مصلحتچى قانونچى و باشقا تخنيك خذمتچيلەرى بلەن 4 - سنتابر كونى يولغا چيققان .

## ماليه باقانى استعفاسن ياندى

مركزى حكومتنڭ ماليه باقانلقى خذ متچيسى بو نوبت ياڭى فل چيقشدن ايلگرى فل چيقادورغان خبرنى بيلب اليب شانگخەيگه باريب نورغون مقدار دا پاى سوداسى قيلغان ايدى . حكو مت دولت سرينى بيلب آليب قانونغا خلاف حركت قيلغان بو خذمتچينى قاماق قا آلغان ايدى . بو خذمتچى مسئلەسى ماليه باقانى وانڭ يون ژو افندىگه تأثير قيلب استعفا سوراش اوچون مأمورى يالانا رئيسيگه كيرگەندە ، رئيس بو طلب نى قبول قيلماغان .

خلق آرا بر تشكيلات

# اونسكو حقيده

زمانيمزنڭ داكلىق بيلگينلەريدن او
نسكونڭ عمومى مديرى پروفەسور ژو
ليڭان حوضلەينڭ بير هيئت بلەن تور
كيەگە كيلىشى بيرلەشكەن دولتلەر تشكي
لاتينڭ بك اهميتلىك بير فوروميني تورك
اوقوغوچى و يازوچيلارێغا يافيندن تا
نوتوش فرصتيني بەرگوسيدور. انسان
حقلەرى دعواسيغا حقيقتدە باغلق بول
غان توركيەدە بونداى بير فورومنڭ تا
نولوشى ـ آماچلارينڭ خلق آرا مناس
بتلەردە اوينىغان و اوينايدورغان روليـ
نڭ بيلينيشى بك فائدەلقدور. بو دعوا
نڭ مملكتيمزچە هم اوزلەشيشى بيولڭ
ملت مجلسينڭ 1946 ـ ييلى 20 ـ
مايدا اونسكو سوزلەشمەسيني قبول قيل
شى حكومتنڭ و بتون اوقوب يازغوچي
لارنڭ بو فورومنڭ ايشلەرى بلەن يا
قيندن علاقە قيلىب تورو شيني لازملاش
تورمافدا.

برلەشكەن دولتلەرنڭ معارف، بيلم
و كولتور فورومى بولغان اونسكو،
عرق، تيل و دين فرقلەريني كوزگە
ايلماسدن بيرلەشكەن دولتلەر قانونيدا
دنيا ملتلەريگە تانولغان انسان حقلەرى و
حريتلەريگە معارف، بيلم، كولتور (مدنيت)
يولى بلەن بارش مقصديني كوتكوچى، صلح
گە و امنيتكە تايانغوچى بير فورومدور.

برنجى دنيا اوروشيدن كيين بعضى
آورو پالق فكر آدەملەرى ملتلەر آراسيدا فكر
مناسبتلەريني قورماق احتياجيني سزيب
1925 ـ ييلى كونەملتلەر جمعيتكە باغلق
بولغان حالدا اينيستيتوت كوئوپراسيون
انتەلكتولەلەاسمى بلەن مركزى پارژدا بولغان
بير فورومنڭ تيگيزيني قورغان ايدى.
بك بيغينچاق بير بوتچە بلەن ادارە قيلن
غان بو فوروم، ايكى دنيا سوقوشى آرا
سيدا تنجلق فكريگە خدمت قيلشقا،
ملتلەر آراسيدا فكر اليش ـ بريشلە
رينڭ آرتيشيغا تريشقان بولسامو، فقط
دولتلەرنڭ سياستلەرى يوزيدن بك تا،
ثيرلك بولالماغان ايدى. بوگون اونس
كونڭ تارتانيشقا ترديب ياقان فكرلەري
نڭ تويغونيني فورومنڭ ايش پروغرا
ميدا كورەمز. پاول واليرى گلبرت مو
رايغا اوخشاش كوچلك آدەملەرنڭ بيوك

اميدلەر بلەن ايشلەب ياتقان بوفوروم
اونسكو يانگيدن، تخيمو كەڭرو امكانلار
ايچيدە جانلانغان بردەدور.

بيرلەشكەن دولتلەر قانونيدا معلوم
قيلنغان اساسلارغا تايانيب أنگلترە معا
رف باقانلقى، أنگليز كولتور هيئتينڭ
ياردەمى بلەن 1945 ـ ييلى اوكتەبردە
بيرلەشكەن دولتلەرنڭ معارف باقانلاري
نى لوندونغا مجلسكە چاقيرغان ايدى.
ساويت روسيەدن باشقا 44 دولت قات
ناشقان بو مجلسدە توركيەمو او زمان
دا كى ملم أگيتم باقانى طرفيدن تمثيل
يلنغان ايدى. ساويتلەر قوشولماق ايس
تمەگەن بو قونفرانسدا، بولوبمو معا
رف موضوعلارى اوستيدە توختولوب
و موضوعلار كيڭەيتيلب بيلم و كولتور
مسئلەلەرى هم قولغا آلينغان ايدى. ما
نا، اونسكو اسمى بو مجلسلەرنڭ آخري
دا آلغا سورولوب، فورومنڭ مركزيني
پارژغا اورناتيشقا قرارلاشتورولغان ايدى.
اونسكونڭ پروغراميمو يەنەشو قونفرانس
دا قبول قيلنغان ايدى.

بو قراردن سوڭرە 1946 ـ ييلي
نڭ باشيدا توپلانغان بير حاضرلق تور
ومى معارف، بيلم و كولتور ساحەلە
ريدە ايشلەنيشى مقصد قيلنغان ايشلەر
وستيدە چاليششقا باشلاغان ايدى. شو
يلينڭ اوكتەبر آييدا پارژدا مارەستيك
اوتەليدە فورومنڭ باشلابقى عمومى
يغينى اوتكوزولگەن ايدى بتون اعضا
دولتلەر قاتناشقان بو قونفرانسدا حا
ضرلق توركومى طرفيدن تيارلانغان و
ورلك فعاليتلەرني ايچيگە آلغان تكليف
لەر تكشورولوب، عمومى مديرلقغا
پروفەسور روليڭان حوضلەى سايلانغان
ايدى. و 7 مليون دوللاردن آشقان
بوتچە قبول قيلنغان ايدى. بابل قلعەسينڭ م
ظرەسيني كورسەتكوچى دنيا ملتلەرى
آراسيدا انسانغا ايشەنمەك و حرمت
بيلدورمەك، انسان حقلەريني قوغداماق،
توشەنچەگە، توشەنچە حرلكيگە اهميت
برمەك، حرمت بيلدورمەككە اوخشاش
آساسى فكرلەرنڭ ملتلەر آراسيدا يايل
شيغا يارايدورغان واسطە و چارەلەر
مذاكرە قيلنغان ايدى. آرالاريداكى هيچ

بير فرق كوزگە ايلنماسدن بتون ملتلەر
انسانلقني قوتقارادورغان، انسانلقى بو
كەلتەدورغان فكرلەردن فائدەلەنيشلەرى
بو فكرلەرگە باغلانيشلارينڭ چارەلەرى
هيچ اونوتولماغان ايدى.

ايكنجى عمومى يغينيني 1947 ـ
ييلى نويابر آييدا ميخيكودا اوتكوز
گەن اونسكو، بتون قوللارى بلەن حريق
و تنجلق اوچون ملتلەرنڭ بير بيرلەري
نى آڭلاشقا تيريشيش فكرلەريني تار
قاتيشقا غيرت قيلماقدا. بو ييل بيروت
دا اوتكوزولەدورغان 3 ـ عمومى يغين
نى حاضرلاماق اوچون حاضردن باشلاب
حركتكە اوتكەن عمومى مدير ژوليڭان
حوضلەى ايشقا كيرشيشدن بورون بو
لى اوستيدە توركيەگە هم يولوقوب اوت
دى. 2 . 3 كونلك كوروشوشلەردە او
نسكو حقيدە يەنە بير قانيم دقتني تارت
قان و قيمتلك عالم، توركيەدە سوادلق
آدملەرنڭ بو فورومغا قاراتا كورسەتكەن
يافين علاقەلەريدن بك متحسس بولغان.
مزانسان ميتودلاريني صحنە تخنيكيني
تورلك ملتلەرنڭ تياترو ساحەسيدەكى
موفقيتلەريني تانوتماقغا اوخشاش مقصد
لەر بلەن ارتكەن ييل فوروم قاراماغي
دا پارژدا قورولغان خلق آرا تياترو
اينستيتوسيغا بتون ملتلەرنڭ اعضا بو
لالادورغانلقيني أسلەتكەن پروفەسور
حوضلەى بو اينستيتودا توركيەنڭمو تم
ثيل قيلينيشنڭ فائدەلەرى اوستيدە هم
توختاب اوتكەن ايدى

تاريخچەسيدن آڭلانغانيغا اوخشاش
نهايتى ياڭى بير تشكيلاتدور. و حا
ضرغاچە تيارلق دوريدە تورماقدادور.
باش باقان آتتيلينڭ بو تشكيلاتنڭ مق
صدلەرى آراسيدا اورون تونغان بير
سوزيني أسلەيلى: «سوقوشلار انسان
لارنڭ دماغلاريدا باشلانار. صلحنڭ
مدافعە آكوپلارينىمو انسانلارنڭ دماغ
لاريدا قورولوشى كيرەك» مانا بو او
نسكونڭ آچيقلاماقچى بولغان آنا پر
نسيپى سياست و اقتصاد شرتلەريگە تا
يانغان بير صلحنڭ دواملق صميمى بير
صلح بولالمايدورغانلقى، أصلەصلحنڭ
انسانلقنڭ فكر و معنوى بيرلكيگە تا
يانيشى كيرەكلكى بك آچيق تجربەلەر

«اولوس» غزتەسيدن

(دوام ايتەدور)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تلده ، اشبده ، فکرده ، برلك !

# ارك

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

عرقیمز توركیدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز توركستاندور

یېل 1948 سنتبر 10 — ۵ ذالقعده ۱۳۶۷

مدیر : عیسی الپ تکین
باش محرر : م . ا . بغرا

سان 197 — جمعه

قمتی : ایلقی - شهرگه 150000 دوللار چتکه پوچتاحقی قوشولادور

## جمعیتیمزده حکم سورمه‌کده بولغان الڭ یامان خسته نیمه ؟

جمعیتیمزده الڭ یامان بر خسته بار :
بو نیمه دیسه‌گز ، پاراخورلوق ، اچغراق
قیلب أیتقاندا اداره‌چیلك اشله‌ریده کو
روله‌دورغان خیانتدور . بو کیسه‌ل دولتی
مزنڭ باشقا اولکه‌له‌ریده بارمو ، یوقمو ،
آنی قویوب تورایلی . یالغوز چینی
توركستانیمزنی آلغاندا بو کیسه‌ل هنوز
دوام قلماقدا ایمه‌س ، بلکی آوج آلیشقا
باشلاماقدا دور .

بو سوزدن بعضیله‌ر بلکم چوچوب :
« قنی کیم پارا ییدی . پارا ییگه‌ن بول
سا حکومت نیمه اوچون جازا به‌رمه‌ی
دور ، بونڭغا قاندااق حجت دلیل بار ؟ »
دیگه‌ن سوءالنی بیرگوسی کیله‌ر . بز
بو سوالغا جواب بیریش اوچون :
« فلانچی اداره‌نڭ باشلقی فلانچی »
ده‌ب کورسه‌تمه‌سه‌کمو ، بو بیر یاشوروند
کوزگه کورونمه‌یدورغان کیسه‌ل بولغانلق
دن هیچ وقتدا آشکارا یورگوزولمه‌ی
دور . چنانچه دینی اشله‌رده ، روزا توت
ماغوچیلار ، روزا کونله‌ریده ، قورساقی
نی کشی یوق یرده تویغازیب آلیب ،
ظاهردا اوزینی روزه دار قیلب کورسه‌ت
که‌نگه اوخشاش .

بو کیسه‌ل یورتیمزدا اوزون ییله‌ر
دن بیری دوام قیلب کلگه‌ن بیر کیسه‌ل
بولوب یاقینقی زمانلاردا شڭ‌شی‌سه‌ینڭ
قانتیق چه‌کلشی بلن بیر قدر یوقالغان
ایدی . لکین اوچ شهر اولکه‌مزگه یتیب
کلگه‌ندن کیین یه‌نه کورولیشکه باشلادی .
جانڭ چژ جونڭ جنابله‌ری یورتقا چققانده
کیین بو کیسه‌لنی کوروب یه‌نه یوقاتیشقا
چاره کوردی . بونڭ قطعی یوقولوشی
توغراسیدا که‌سکین بویروق چقاردی .
حتی بعضی بیرله‌ریگه اولوم جزاسی
بردی . اما بوگونکی کونگه کلگه‌نده بو
کیسه‌ل یه‌نه آوج آلیشقا باشلاماقدا دور .

بو کیسه‌ل شونداق یامان کسه‌لکی ،
بیر طرفدن خلققه قیلنغان اقتصادی ظلم
بولسا ، ایکنچی طرفدن دولتنڭ قوت
تاموریني یوشاتیشقا الڭ چوك سببچی
دور . طبیعی بوگونکی کونده خلقنڭ
قینچیلغی کوب بولوش بلن ته‌ڭ
حکومتنڭ هم آغیرچیلقی آز ایمه‌س .
دولتیمز چینی آلغاندا اوزون ییلله‌ردن
بیری دشمنگه قارشی سوقوش آلیب
باریب تورغون چقیم تارتدی . حاضر
چین دولتینی اقتصادی طرفدن اولقی
حالیغا کلتوروش و اونی یاکی قورو
لوشلار بلن تأمینله‌شکه زور احتیاج
کورولمه‌کده دور .

اولکه‌مزنی سوزله‌گه‌نده ، بونڭ هم
حالی همه‌گه معلوم . حاضرقی منگیلده
اولکه‌مزمو یاڭی قورولوشقا پك محتاجدر .
بو حالدا نهایتی زور اقتصادکره‌ك بولادور .
بیچاره خلقیمز تخیمو کمبغه‌ل ، تخی
مو عاجز ، شونڭ اوچون هیچ نرسه‌گه
قدرتی یتمه‌یدور .

مثا موشو مهم زماندا پاراخورلوق
اشله‌ری کوپه‌یشده دوام قیلادورغان بول
سا یالغوز یاڭی قورولوش اشله‌رینی
آلیب باریشقا زور مانع توغولغان بو
لوب قالماسدن حکومت کوچ قوتینڭ
کوندن کونگه عاجزلنیشی کوزگه کورونوب
تورغان بیر مسئله‌دور . شونڭ اوچون
بو مسئله حکومت بولسون ، خلق بولسون
کوب باش قاتوروشلارغا آلیب بارادور .

بو کیسه‌لگه مبتلا بولغوچیلار تو
لاراق اداره‌چیلك اشله‌رینی یوروتکوچی
له‌ر دور . بونی قیلغوچیله‌ر اوز خدمتی
نی شونداق خیانت اشله‌ریگه وسیله
قیلب آلغاندورلار . اولار اوز خدمتینی
منصب ده‌ب تانوب خدمتم اوزونغا دوام
قلمای قالارمو کین . دیگه‌ن تیمده فرصة
دن فایدالانیب نفسینی تویغازیب آلای
ده‌ب اویلایدورلار . یاکی نفسی بونڭغا
اورگه‌نیب قالغاندورلار . بونی قیلغوچی
لار حکومتنڭ مالیه قینچیلقینی نظرده
توتمایدور . یاکی خلقیمزنڭ حالیغا ایچی
آغریمایدور . فقط اوزینڭ شخصی را
حتینی کوزله‌یدور .

همه‌گه آشکارا بری شولکه ؛ بع-
ضی اداره‌له‌ر حکومتکه اوچمو - اوچ
التماسلارنی قیلب ، فلان ، فلان ایش
قیلماقچی ایدوك . بونڭغا مونچه ملیارد
فل کیته‌ر ایکه‌ن ده‌ب ایسمیتا کورسه‌تب
تصدیقلاب بریشنی اوتونه‌دور . حکومت
کوب باش قاتوروشلار بلن تصدیقلاب
برسه ، کورسه‌تکه‌ن نتیجه‌سیگه نسبتا
فل اوز - اوزیدن خوزاب توگه‌یدور .
مثا بو خل احوال نهایتی کوب اوچرایدور .
اویلاب قارایلیکه ایش شو خل دوام قیل
سا بز قایرگه باریب توختایمز ؟ یاکی
جمعیتیمزنی بوزوق اشله‌رنڭ اویاسی
قیلب بو خل یمان کیسه‌لله‌رنڭ کوپه‌یشی
گه یول قویا بیره‌مدوق ؟

یوق ! بو هیچ ممکین ایمه‌س .
هر حالدا بو کیسه‌لنڭ قطعی یوقولوشی
لازم . توركستانلقلارنڭ اوزوندن بیری
کورگه‌ن فلاکتله‌ری آز ایمه‌س .

پارا ییگوچیله‌ر اوز نفسینی ییغ-
سون . حکومتنڭ بلگوله‌نگه‌ن معاش ،
راسخود فللّه‌ری آز ایمه‌س . بونڭغا
البته قناعت قیلسون . اوز شخصی را
حتیدن کچسون ! کیف صفا عیش - عش
رەتکه بریلمسون ! اوزنی حکومت بلن
خلققه صادق قیلب کورسه‌تکوچیلار البته
حکومتنڭ مالیه‌سیگه ضرر یتکوزمه‌سون !

حکومتیمزمو بو کیسه‌لنڭ یوقولو
شی اوچون یه‌نه‌مو که‌سکینره‌ك چاره کو
روشی لازم . پارا ییگوچیله‌رگه بیره‌دور
غان جزانی تخیمو آغیرلاتیشی کره‌ك .
بو کیسه‌لنی یوقاتیشنڭ الڭ یاخشی چاره
سی تفتیش اشله‌رینی اوبدان یولغا قو
یوب مکمل صورتده آلیب باریشدا دور .

# اولكه و شهر خبرلەری

## خاتون قیزلەر فابریقاسینكٔ‌اش نتیجەلەری

خانون ـ قزلەر فابریقاسینكٔ مدیره
سی آمنه خانیمنكٔ مخبرغا أیتیشیچه :
1 ـ فابریقانكٔ دائیرەسیدیكی كیكەیتب
ایكسز قالغان تورك خانم ـ قزلارینی یتـ
میب اولارغا بر عملی تربیه بریش و
مكمل عائیله اعضاسی قیلب ییتشتوروش
اوچون بر قورس آچیشنی قرار قیلمش
دور. قورسقا كمبغل تورك خاتون ـ
قزلەریدن 50 نی قبول قیلب، تیكـو
چیلك توقوماچیلق، عائیله اشلری . . .
قتارلق هنرلەرنی اورگوتولگوسی. قو‑
رسنكٔ خراجتی توغرولوق اولكه حكو
متیگه التماس سونغان . خراجیتی تص
دیقلانسا اوكتەبردن باشلاب قورس رسـ
می آچیلغوسی .

2 ـ فابریقانكٔ حاضر 20 دانه پاپ
پاق توقوش ماشینەسی بولوب بونـكٔ
4 نی حاضر ایشلەب تورارمیش هر كو
نیگه 15 دوژنه پاپاق توقوب چقارار
ایكەن توقولغان پاپاقلارینكٔ ییغلاری
خوتەننكٔ ملی ییغلاری بولوب، پاپاق
نهایتی سللق هم پوختا توقولغان. بوندن
باشقا متاع، یوكٔ رو مال ( نیویت
یاغلق ) دریزه پەردەسی، یاستوق قاپی
و اوستەل كاروات ادیياللەریغا توتـولا
دورغان چلتەك گللری كبی چیرایلق زنت
اسبابلارینی یكمو چرایلق اشلەمكده ای
كەن . توقولغان متاعسی، جنوبنكٔ متاع
لەریغا نسبەتەن انلك ( اینی برگز ) بو
لوب توقولوشی بك پوختا و قالیندور.
(مخبر بولارنی كوزدن كوچورگـەن )

3 ـ اوروم‌چی خلقینكٔ ملی مالغا
بولغان احتیاجینی قامداش اوزره، ختن
دن ملی مال كلتوروشنی قرارلاغان .ملی
مال كلتوروش اوچون موشو هفته ایـ
چیده بر اوتوموبیل خوتەن طرفكه ماڭ
ماقچیمش . احتیمال خوتەننكٔ ملی ییـ
غینی كوپرك آلب كلسه كرك. ییغ كلتو
رولگەندن سولكٔ، پاپاق توقوش ایشی
تیخیمو كیكەیتلگوسی.

4 ـ 8آی جریانیدا برقانچه تورك
خانم ـ قزلارینی توقوماچیلق و تیكوچیـ
لك اوستاسی قیلب چقارغان. مثلا : بو
لاردن معتبر قز، گلثوم قز، آیم‌خان، ما
ری خان‌لارفابریقانكٔ مكا فاتیغا ایریشـ
كەن.

آمینه خانمنكٔ ایتیشیگه قاراغاندا ،
فابریقانكٔ ایچكی تشكیلی خیلی ترتیب
لەنگەن بولوب ، چیقیمینی كیریمی قام
دیيا آلادور.
قرچقاج

*)( ) ÷ ÷ (٠)(*

## بو ییل باشلانغوچ مكتبلەرگه صنف قوشولماس ایمش

ایشتكەن خبرلاریمزگه قاراغاندا :بو
ییل معارف راسخودی آز بولغانلقدن
باشلانغوچ مكتبلەرگه صنف قوشماسلق
توغرولوق معارف نظارتی باشلانغوچ
مكتبلەرگه بویروق توشورگەن. حاضـر
آتا ـ آنالار یاش اوسمورلەرینی اوقوش
قا قبول قیلشنی التماس قیلب تورغاند
دا اوقوتقوچیلار نیمه دەب جواب بری
شینی بیلالمای باشی قاتقان بر حالدا
قالغان .

حرحالدا معارف نظارتینكٔ بو حقده
بر اویلاب كوروشینی توصیه قیلامز.

ـ*) ٥ * ٥ (* ـ

## تیل اورگو نوش

( ج . ت . ا ) یاقیندا شهریمزدیكی
برقانچه ضیالی تورك یاشلاری تیـل
اوگونشنكٔ مهمایكینی اعتبارغا آلیب ،
انگیلسچه اورگونوشنی استەگەن . بولار
دن بر ایكیسی شهریمزدەكی آمریقا كونـ
سولی پیكستوب افندینكٔ یانیغا كریب
مراجعت قلغاندا پیكستوب افندی مەـ
قبول كوروب، 20 نفر كشینی اوقوتوش
نی بلدورگەن و اوز خانمی‌نی اوگرتمه
لككه بلگولەگەن أر، عیال 20 نفـر
یاشلار 6 ـ سنتەبردن باشلاب ساعت 6
دن 6 یاریم غیچه یاریم ساعت رسمی
انگلسچه تیل اورگـو نوشكـه
كریشكەن .

## بر تدقیق سیاحتی نكٔ نتیجەسی

( ج . ت . ا ) كوچینكٔ، جمسار،
موری ناحیەلەرینكٔ دهقانچیلق اشلەرینی
تكشوروش اوچون كلكەن تعمیرات معا
ون ناظری لیو افندی 5 ـ آوغوست
ده قایتیب كلگەن. اونكٔ ایتیشیچه : مو
ری اطرافلاریدا قورغاقچیلق كوب بو
لوب اوتكەن واقتدا حكومت طرفیدن
تریلغو اوچون بریلگەن قللار واقـیتقا
توغری كلمەگەنی ایكەن. تورکستاننكٔ هما
لیداكی جایلاردا كوپرك كوزلك بغدای
تریلادورغانلقدن كوزلوك ترم قلی قرض
بریلسه، كوب حصول آلیش ممكن دیگەن.
لیو افندی جمساردەكی تمور كانیـ
نی كوزدن كوچورگەنینی سوزلەب، یاخ
شی دقت بلەن اشلەسه هر كونیگه 500
جنكٔ تمور چیقاریش ممكنلیگینی ایتقان.

## اوندن بوندن

بر مدنی چای خانەده برنەچچەمز
بر بولوب چوپلەشیب ـ چوپلەشیب اسـ
تراحت قیلب اولتورغان یگیت و قزلار
حقیده تنقید یوروتمكده ایدوك . یول
داشم دریزه توبیده غزایب اولتورغان
سەت بر یگت و چیرایلق بر قزدن عبا
رت بر جوپنی كوروب: «ـ برادەر انه
كوردونكمو، چرایلق گل كالا موگوزیغا
سانجیلیدور دیدی. شو سوزنی دەب
توروشیغا اشكدن چیرایلق بریگت بلەن
یوغانغینه چوقور بر قز كریب كلدی .
هممزنكٔ آغزیدن برابر: «برادر بونی
نیمه دەیسەن؟ »دیگەن سوال الدیراب
چقدی. تنقیدچیمو هیچ تەمتیرەمەسـ
دن :« پاخلان گوشی ایت آغزیغا كریپـ
دور!» دەب هممەنی كولكەگه قویدی .

☆ ☆ ☆ ☆ ☆

تونوگون آدم اونچه كوب بولماغان
بر آوتوبوسدا یانچوقچی بریگتنكٔ قل
مینی اوغرلاغان ایدی. بو اشنی تـو
لوق توپوب تورغان قلم ایگەسی هیچ
تورینی اوزگەرتمەی :« برادەر اوغور
لایدورغان آدمنی تاپالمابسەن» دیدی .
بیچاوه یانچوقچی قیپ قزیل قیزارغان
حالدا « عفو قیلانكٔ » دەب ایگیلب، قلمـ
نی ایكی قوللاب یاندوروب بردی .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# اچكى و تاشقى خبرلەر

## دولتنىڭ مهم خاطرە كونلەرى قايتا بلگولەندى

8 - سنتابر كونى رئيس جمهورىمز جاڭ كەيشى جنابلەرى دولتيمزنىڭ مهم خاطرە كونلەرينى قايتادن بلگولەپ اعلان قيلغان بولار توبەندەكيدەك.

1نجى غينوار - جمهوريت باشلانغان كون.

10نجى اوكتەبر - دولت بايرامى.

12 نجى نويابر - آتاچين توغولغان كون

23 جى آوغوست - كونفوزى توغولغان كون.

24نجى مارت - انقلابدا قربان بولغانلارنى خاطرەلەش كونى.

بو كونلەردە بير كون استراحت قوبولادور بايراق اسيلادور. ادارە مكتبلەردە خاطرە مجلسلەرى اوتكوزولەدور. برلك حكومتلەر خلق ييغينلەرى اوتكوزورەدور.

3نجى سنتابر - مدافعە اوروش غالبيەتيني أسلەش كونى. بو كوندە استراحت قوبولمايدور. قالغان ايشلار بوقوريغا اوخشاش.

*) - * - (*

## مككار سوداگەرلەر ازرائيلى

7 - سنتابر كونى رئيس جمهورىمز جاڭ كەيشى افنديىنىڭ اوغلى جاڭ چينگو افندى شانخەيدن نانكينگە كلدى. يانى فل چيققاندن بويان شانخەيدە مككار سوداگەرلەر بلەن قيلغان كورەشيدن حكومتكە داكلاد بردى. شانخەيدە يانى فل سياستيني بوزغان مال بهالەرينى آشوروشقا اورونغان سوداگەرلەر بلەن جدى كورەش اليب بارغان جاڭ چينگو افندى حكومتدن و رئيسى جمهوردن يانى بويروقلەر اليب يەنە شو خدمتگە قايتدى.

## ياپونلار نظريەدەكى چينلقلار

مشهور مخبرلەردن ليوزلفچى افندى اوتكەن ييلى توكيودن بير اوتكەن ايدى، بو ييل يەنە توكيوغا سياحت قيلدى. بو نوبت سياحتيدن كيين „ توكيودە كورگەنلەرم " دەب يازغان بير مقالەسيدە مونداغ دەيدور:

„ ايكى ييلدن برى ياپونلارنىڭ چين آدملەرىگە قاراشيدەكى اوزگوروش تولامو كولكولكدور. شونگەدەك بزنىڭ تا بو كونگەچە „ غالبيت " كيفى بلەن مست بولوب يورگەن بيوكلەريمزنىڭ كوزلەرينى آچيب مكەلەرينى تازيلاشلاريغا أرز يگودەكدور.

„ توكيودا تورغوچى بير چينلقلق كسبداشيمنىڭ ايتشيچە غالبيتدن اوزون اوتمەگەن وقتلەردە كوچادا كيتيب بارغان هر قانداغ بير اوتوموبيلغا اگر بير چينلق قول كوتەرسە، درحال توختاب كوب تواضعلق بلەن خواهلاغانجايغا اليب باريب قويار ايدى. بير آز كيين چينلقنىڭ قول كوتوروشيگە ياپون ماشينالارى توختاسامو، آمريقا ماشينالارى توختامايدورغان بولدى. يەنە بير آز وقت اوتكەندن كيين، امريقالارنىڭ اوزدوستلارى بولغان چينلقلارغا التفات قيلماغانلەرينى كوروب، ياپونلارمو قاراماس بولوب كتدى.

„ بو ييلغا يتكەندە احوال تخيمو اوزگەردى، گنرال ماكار تورا، ياپونلارغا برلەشمە دولت گنراللارى توشكەن اوتوموبيل كوچادن اوتكەندە تعظم قلش توغراسيدا امر توشەرگەن ايدى. بو امر توشكەندن كيين بير كونى مخبر دوستوم كوچادا تراواى ساقلاب تورغاندا بيرلەشمە دولت گينراللەريدن برينىڭ اوتوموبيلى اوتكەن. اما بويردە تورغان ياپونلاردن هيچ بيرسى تعظم قيلماغان. چونكلارنىڭ جيم اولتورغانينى كورگەن مكتب اوقوغوچيلەريدن بيرسى الديراب، ايگيلب تعظم قيلغاندا، او زانىڭ آرقاسيدا تورغان كيشيلەردن برسى بالانىڭ مورەسيني تارتيب توزغوزوب!

„ هوى بو ماشيناغا تعظم قيلماساڭمو بولادور. چونكى اونگدا اولتارغوچى چين گينرالى، بوندن كيين يالغوز امريقا گينراللارى اولتارغان بيرلەشمە دولت اوتوموبيللەرىگە تعظم قيلسامو ييتەدور " دەب تنبيه بركەن. بو ماشينادا اولتارغوچى باشقا بيرسى ايمەس ايدى. او بولسامو، خوددى باشقا بيرلەشمە دولت گينراللاريغا اوخشاش وظيفە و درجە بلە ايگەرلگەن دولتيمزنىڭ عسكرى وكيللەرى باشلقى گينرال شاڭ جاڭ ايدى.

(باشى 4 - بەتدە)

بو معظم لايهەنىڭ اوزون منزيللك كورونوشى، خط استوا كلكيكينىڭ حل قيليشيغا باغلقدور.

ايكنجى طرفدن بو يرلەردە بولغان باشلانغوچ انسانلارغا تعليم ساقلانغوسيدور. و هالا هيچ بير صورت بلەن اولاشيلماغان بو منطقەدە قوروغلوق، سو و هوا يوللارى بلەن سير - سفر يورگوزولگوسيدور.

كيلەچەك 10 ييل اثناسيدا بيرلەشك آمريقا، آوستراليا، چينغاقدر بيوك بولغان وباخود فرانسيەگە نظرا 12 كرە كتەرەك بولغان بير منطقەدە غايت ختلك بير حيات سورلوشى محتملدور.

(آمريقا توركچەياكى خبرورقەسيدن)

## امريقادا سايلام مسابقەسى قزيدى

بو ييلقى رئيس جمهور سايلاميغا قاتناشقوچى هر فرقە نامزادلەرى حاضر آمريقادا كڭ كولەمدە سايلام تيارلقيغا كيرشدى. الغار پارتيە طرفيدن رئيس جمهورلققا نامزاد قيلب كورسەتيلگەن هانرى واللاس حاضرقى رئيس جمهور رومونىڭ اچكى و تاشقى سياستيني قاتتق تنقيد قيلغالى باشلادى. ايكنجى نوبت رئيس جمهورلققا سايلانيش اوچون حركت باشلاغان ترومونمو، اوزيني سايلاشقا اوندەب سوزلەگەن نطقلەريدە 80 - نوبتلك ملت مجلسيني مال بهاسى و توراق جاى مسئلەلەريدە اوزينىڭ فكرلەريني قبول قيلماى بوكونكى قيينچيلقلارغا سبب بولدى. دەب آيبلاب اوتدى. بير سوزينىڭ آخرسيدا 2 - نويابردا بولادورغان سايلامدا من سزلەرنى جمهوريت فرقەسى بلەن ديموقراتلار فرقەسى نامزادلەريدن برينى سايلاشقا دعوت قيلامن دېگەن سوزى بلەن الغار فرقە نامزادى هانرى واللاسنى سايلاشقا قارشيلقيني اشارت قيلب اوتدى.

### خلق آرا بر تشكيلات

## اونسكو حقيده

(باشى اوتكەن ساندا)

دن كيين آچلاشيلدى. ملتلەرنىڭ صحيحى حالدا بير بيرينى آڭلاشقا تيريشىشلارى انسانلقنىڭ تورلك مدنيت حصوللارينى قوغداماق ديمەك بولادور. اعضا دولتلەرنىڭ كولتورلارينىڭ، معارف و بيلم سيستەملەرينىڭ اوزلكلەريگە توقونولماسدن؛ بو دولتلەرنىڭ قانونلارينىڭ اقتدارى ايچيگە كيرگەن ايشلەرگە آرالاشماسدن أركين بير فكر و بيلم ليشتوريشيگە ايشلەش، صلحگە و امنيتگە ياردم قيلماق، انسانلقنى يوكسەلتمەك ديمەك بولادور. مقصودلەريدور.

آرقاسيدا آڭلاشيلغاندور. ملتلەرنىڭ صحيحى روشدە بير ـ بيرلەرينى آڭلاش اوچون چالشيشلارى انسانلقنىڭ كوپ قارماقلق مدنيتينى قوغداشنىڭ مهم واسطەلەريدندور. بو اويوشماغا اعضا بولغان دولتلەرنىڭ مدنيتلەرينى اوقونوش و بيلدوروش سيستيمالارينىڭ خصوصيتلەريگە توقونماسدن، بو دولتلەرنىڭ قانونلەرى ايچيدەكى ايشلەرگە توقونماسدن توروب، أركين بير بيلم آلماشتوروشقا چاليشيش يولى بلەن اوز آرا آڭلاشيشقا، اشانشقا چاليشماق، انسانلقنى يوكسەلتمەك بو اويوشمانىڭ وظيفەلەريدور.

بو اويوشمانىڭ سادەگنە بير تشكيلاتى بار بولار؛ عمومى هيئت، اجرائيە هيئتى و ادارەدن عبارت.

عمومى هيئت: اونسكو اويوشماسيغا اعضا بولغان دولتلەر طرفيدن ايبەريلگەن وكيللەردن قورولادور. هر دولت بو هيئتكە سانى بشدن آشماغان وكيل ايبەرەدور. عمومى هيئت اجرائيە هيئتى تيارلاغان پروغراملارنى قرارلاشتورادور. هر ييلدا بير نوبت ايرىم ـ ايرىم يرلەردە مجلس آچادور، اجرائيە هيئتى سايلايدور.

اجرائيە هيئت، اعضا دولتلەرنىڭ وكيللەرى ايچيدەكى صنعت، بيلم تعلم بوشلەرى ساحەسيدە تانولغان كيشيلەردن 18 كيشينى سايلاش و عمومى هيئت رئيسينىڭ اشتراكى بلەن قورولادور. بو اعضالارى 3 ييل اوچون سايلانادور. 2 ـ نوبت سايلاسا هم بولادور. 2 نوبتدن آرتوق سايلاسا بولمايدور. اجرائيە هيئتى عمومى هيئتلەر مجلسينىڭ قرارينى اجرا قيلشقا مسئولدور. بو هيئت أك آزيدا ييلدا ايكى نوبت آچيلادور. بو هيئتكە سايلانغان اعضا اوزلەريگە تاپشورولغان وظيفەلەرنى اوز دولتينىڭ وكيلى صفتيدە ايمەس، بلكى عمومى هيئتنىڭ خذمتچيسى صفتيدە باشقارادور.

ادارە بولسا، بير دمير و ييتەرلك مأمورلەردن قورولادور.

اونسكو اويوشماسى اهميتلك ييلب ايشكە كيرشتورگەن هيئتلەردن بيرسى، ملى ايش بيرليگى هيئتيدور. هر اعضا دولت، اوزينىڭ تعلم، بيلم و مدنيت جمعيتلەرينى اونسكو اويوشماسى بلەن علاقەغە كلتورمەك مقصدى بلەن اوزينىڭ شرائطيگە اويغون چارەلەر كورەدور. بو ايشنى شو دولتنىڭ حكومتى و شو ايش بلەن علاقەدار جمعيتلەرى طرفيدن قورولغان هيئت آرقالق باشقارالادور. بير ملى هيئتلەر اويوشماغا عائد مسئلەلەر توغراسيدا، اونسكو اويوشماسيغا اوز دولتيدن ايبەرگەن وكيللەريگە و حكومتلەريگە مصلحتلەر بيرەدور، واسطەچيلك قيلادور. اونسكو تشكيلاتى، اعضا دولتنىڭ طلبى بولغاندا اوز اعضالەريدن برينى شو دولتنىڭ ملى هيئتيگە ييتەكچيلك قيلش اوچون وقتلق ياكى دائمى روشدە ايشلەشكە ايبەرەدور.

( * * (*) * * )

## كوزگە كورونمەگەن دنيا

جنوبى آمريقادا هنوز كشف ايتلمەگەن 6,930,300 كيلوميتر ساحەلك بير ير موجوددور. بتونلەى ميس اورماندن عبارت بولغان بو يرنى بيرلەشكەن ملتلەر تعليم، فن و كولتور تشكيلاتينىڭ ( اونسكو ) حمايەسى آستيدا قيلنادورغان ملتلەر آرا بير سفر بلەن كشف قيلشقا چاليشادورلەر. بو معظم ايش بيرلكى سفريگە كوبلەگەن مملكتلەرنىڭ فن آدملەرى اشتراك قيلادورلەر.

فن آدملەرى كوبدن برى بو مجهول يرنىڭ تكشوروشى ايشينىڭ اينستيتوتى شكليگە قويولوشيغا طرفدار دورلەر. حاضر بو خيل اينستيتوتنى تشكيل أتمشدور. اينستيتوتنىڭ ايشلەريدن معلوم بولوشچە، بو منطقە طبيعى و اجتماعى باقيمدن بيوك فرصتلەر ساقلامافدادور. ايكنجى طرفدن مجهول بر اوستيدە قيلنادورغان تكشوروشلار ملتلەر آرا بيۆك اهميت تاشومافدادور. اينستيتوتنىڭ قيلادورغان كشف آساسيغا يولونوب، لاكين آمريقا مملكتلەرى ياكى برنى آساسلق بير شكيلدە آنكشاف قيلا آلغوسيدور.

آمازون درياسينىڭ 6270 ميترلق قيرغاقيغاچە اولاشقان بو ميس اورمان منطقەسينىڭ انسانلار حيانيغا ياكى قاينماقلار آچاسى اميد ايتيلمەكدەدور؛ شونگدەك ميس اورماننىڭ طبيعى كاوچوك، پيرنج، گازشكر، كاكاو، قانتق اوتون و باشقالار باقيمدين غايت باى بولوشى احتمالدور.

پارژدا آچيلماقدا بولغان اونسكو قونفرانسى بو يولدا صرف قيلنادورغان خيرتلەرينى تخبث أنكوسيدور و جغرافيە، توفراق تكشورولوشى، بيئولوژى، آنترو بولوژى، آتنولوژى، زراعت و چارواچيلقمو كيرگوزولوشى بلەن بير كوب ساحەلەردە ايكى كشيلك بير كوميتەياقين بير زماندا باشلانغوچ ماهيتيدە بير تكشوروش ايشيگە كيرشكوسيدور.

لاكين بزدن بير تكشوروش ايشلەرى بير نچە آيدن كيين باشلانغوسيدور. مارت و آپريل آيلاريدا اونسكو وكيللەر آراسيدا بير قونفرانس توپلاماق مقصدى بلەن چوك مملكتلەرگە بيرەر توپلانتى كوندورگوسيدور.

لاتين آمريقا مملكتلەريمو داخل بولوش بلەن توپلانتاغا آوستراليا، فرانسيە أنگلتره، هندستان فەلەمەنكلەرى، بيرلەشيك آمريقا و باشقا چوك مملكتلەرنىڭ قاتيلاشى كوتولمەكدە

بو پروبەنىڭ حاضرلاماسيدا برازيليالك پرافسورنىڭ رولى كوزگە چاليقماقدادور.

( دوامى 3 ـ بتدە )

## مهيم توزوتوش

غزتەمزنىڭ 8 ـ سنتابر 196 ـ سانيدەكى 2 ـ بت 2 ـ ستوندن يوقوريدن توبەنگە 25 ـ قوردەكى قوچقاچ ديگەن سوز خبرچينىڭ لقبى بولوب تزيلشدا خبرنىڭ آراسيغا تيزيلب قالغان. او مناسبتسز سوز بولغانلقدن توزوتوب اوقوشلارينى اميد ايتەمز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

تلده ، اشده ، فکرده ، برلك !

# ائرك

مدیر : عیسی الب تکین
باش محرر : م . ا . بوغرا

15 سنتبر 1948 یل
12 ذالقعده ١٣٦٧ .

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

سان 199 چهارشنبه قمتی : ایلقی ـ شهرگه 150000 دوللار چتکه پوچتاحقی قوشولادور

# اسلام دنیاسیغا بیوك مصیبت

دنیا بوینچه اسلام مملکتلهرینك اڭ بویوکی بولغان 80,000,000 نفوسلوق پاکستان دولتیگه توتوگون کیچه (9 - 12) ساعت 10 دن 20 ده قاتتیق بیر مصیبت کلدی ، یعنی پاکستان دولتینی قوروش و هندستان مسلمانلارینی استقلال نعمتیگه قاووشتوروش اوچون بوتون حیاتینی صرف قیلغان ملی قهرمان محمد علی جناح وفات قیلدی . بیز بو قرا خبرنی آڭلاماق بلهن چوڭقور بیر ماتم و مدهیش بیر ألمنك ایچیده قالدوق ، البته بو ماتم یالغوز پاکستانلق دینی قرینداشلاریمزغا ایمهس بلکه بوتون دنیا مسلمانلارینك مشتریك ماتمیدور . بو اوچون جناحنك وفات ساعتیدن بو ساعتگهچه بوتون اسلام مملکتلهرینك رادیولهری مرحومنك روحیغا باغیشلاب قرآن تلاوت قیلماق و مرحومنك ترجمه حالینی سوزلهمك و هر بیر اسلام مملکتیده اجرا قیلنغان ماتم مراسمیدن خبر برمك بلهن مشغولدور .

اسلام مملکتلهری ایچیده بیز تورکستان مسلمانلارینك بو بویوك قهرمانینك وقتسز وفاتی اوچون آر توغراق قایغوروشیمز طبیعیدور . چونکه پاکستان تورکستانغا چیگاراداش بیر اسلام مملکتیدور . مرحوم جناح اوز یورتی و ملتینك ارکینلکی اوچون کوز آلدیمزدا چالیشیب موفق بولغان بیر تاریخ قهرمانیدور . قوشنالق مناسبتیدن و دین قرینداشلق رابطهسی دیگهن ایکی تورلك یاقینلقیمزغا قاراب علمی ، مدنی و اقتصادی جهتدن پاکستاندن فایدالانیشغا امیدیمز زور دور . بو امید پاکستاندن بولسامو مرحوم جناحنك فیاض و نافذ شخصیتیگه باغلانیب تورماقدا ایدی . بو اوچوندورکه بو اولوغ شخصیتنك وفاتیدن بیز آرتوقچه متأثیر بولامز .

ترجمه حالی : مرحوم محمد علی جناح 1876 ده کراچیدا بیر سوداگر عائلهسیدن دنیاغا کلدی ، باشلانغوچ و اورتا تحصیلینی کراچیدا و هندستاننك مکتبلهریده کوروب عالی تحصیل کورمك اوچون 14 یاشیدا لوندونغا باریب اوقودی اوکسفورد دارالفنونیدن ادوکاتلق شهادتنامهسی آلیب یورتیغا قایتدی ، کراچی و بومبایدا ادوکاتلق قیلور ایدی . و بیر طرفدن هندستاننك استقلال حرکتیگه قوشولوب کونگریس فرقهسیده مهم اورون تونماقدا ایدی . 1904 ده کونگریس و مسلمان بیرلکیدن عبارت بولغان ایکی فرقهنی بیرلهشتوروش اوچون حرکت قیلیب موفق بولدی . و کیینلهرده کونگریس فرقهسیگه رئیس سایلاندی . کیینچه کونگریس فرقهسیده کوپچولکنی تشکیل قیلغان هندولهرنك مسلمانلارغا قارشی توتقان دشمنلك سیاستینی اوزگرتمکنك ممکین بولماسلقیغا کوزی یتیب بو فرقهدن آیریلیشقا و مسلمانلارنی بیرلهشتوروب حرکت قیلیشقا قرار بریب 1920 ده کونگریسدن آیریلدی و مسلمان بیرلکی فرقهسینی یاڭیدن قوروب بوتون هندستان مسلمانلارینی اویوشتوروشقا باشلادی . 1924 ده مسلمانلار جناحنی مسلمان بیرلك فرقهسینك عمرلك رئیسلقیغا سایلادی . جناحنك هارماس و تالماس غیرتلهرینك نتیجهسیده مسلمانلارنك طرفی کوچلهنیب 1940 دهکی سایلامدا مسلمانلار بیرلکی فوق‌العاده پارلاق بیر اوتوقغا ایگه بولدی . بوننك بلهن کونگریس فرقهسینك «بوتون هندستاننی بیر دولت قیلامز» دیگهن دعواسی ضعیفلاب ، جناحنك «مسلمان کوپچولك بولغان بش اولکهده پاکستان آتلق آیریم بیر دولت قورامز» دیگهن دعواسی اوتوق قازاندی . نتیجهده 1946 ـ 10 ـ آوغوستدا پاکستان دولتی قورولوب جناح برنچی قاتیملق رئیس جمهور سایلاندی .

او کوندن تا وفاتیغاچه یورتی و ملتی اوچون یاشینك قریلقی و ساقلقینك یاخشی ایمهسلکیگه قاراماستن کیچه کوندوزلهب اشلهمکده ایدی ، بو ییل یاز ساقلقی بك یامان بولوب تورسامو 7 ـ آیدا یورت ایچینی و خلق احوالینی اوز کوزی بلهن تکشورمك اوچون سیاحتکه چققان ایدی . 8 ـ آیدا بیرنچه اولکهلهرگه اوچقوچ بله سفر قیلغانلقدن بلوجستان اولکهسیده قاتتیق کیسهل بولوب کووتته شهریده یاتماقدا ایدی . 9 ـ آینك 11 ـ کونی کسهلی خیلی قاتتیق بولوب انی اوچقوچ بله یوتکهب مذکور کونی توشدن کیین ساعت 4 ده کراچیغا الیب کلندی . آقشامی ساعت 1 دن 20 دقیقه اوتکهنده دنیادن کتدی . اینك 12 ـ کونی أرتهگهندن ساعت 2 گهچه جسدنی خلق زیارت قیلدی . ساعت 2 ده جسدنی توپ آراسیغا سالیب قوروق ، دیڭز و هوا عسکرلهریدن مرکب جنازه آلایلهری ، اجنبی سفارتخانهلهر هیئتلهری و 150 مڭ قدر خلق آراسیدا یوروش باشلادی . قبرستاننك یانیدا نماز اوقوغاندن کیین ساعت 7 ده ابدی استراحتگاهیغا دفن قیلندی . بو صورت بلهن قاید اعظم محمد علی جناح رحمةالله علیه 72 یاشیدا دنیادن اوتدی . اناالله وانا الیه راجعون اما حقیقتده اولمهدی . پاکستان دوام قیلغانچه جناح یاشایدور ، تاریخ صحیفهسیده ابدی اورنی باردور .

## شهر خبری

### علم درنەكينىڭ اونىنجى نوبتى اوزدورولدى

آلتاى نشرياتى طرفيدن باش-قورو
لوب كلگەن بلم درنەكينىڭ 10 - نوبتى
11 - سنتەبر كچ ساعت 9 دە مدنيت
قلوبيدەكى اوز صالونيدا اوزدورولدى.
رئيس مسعود صبرى، امين حضرت،
عيسى الب تكين، مسعود افندى رفيقە
سى سارە خانم، آمينە خانم باشلق شە
ريمزدەكى ار، عيال تورك ضيالىلەريدن
بولوب 300 گە ياقين كشى قاتناشقان
مجلسنىڭ رئيسلىكينى آلتاى نشرياتينىڭ
كاتبى عبدالله نعمانى الب باردى.

رئس مسعود افندى نطقگە تكليف
قلنب „ ازدواجدە (اويلونشدە) آتاويژە
نىڭ رولى“ ديگەن سرلوحە اوستيدە بر
ساعت مقدارى سوزلەب تورموش حقيـ
دە چوك بر توشەنچە بردى. رئيسنىڭ
نطقيدن سوڭ عبدالله نعمانى، پولات قا
درلەر رئيسنىڭ كونفرانسيدن آلغان تأ
ثيراتى حقيدە بيانات قلدى. درنەكنىڭ تر
تبى بويىنچە ادبيات قسميگە كوچكەندە،
چنگزخان داملا، اسمسز بر داستان او
قودى. (بوشعرى داستانى تيخى اشـ
لەنب بوتمەگەنلكدن داستاننىڭ اسمينى
قويماغان ايكەن) بو داستان توركستان
احو ليدن يازيلغان تاريخى بر درسە بو
لوب درنەكچيلەرغا بك تأثير بردى.
چنگزخاندن سوڭ ع. اوتكور افندى
باگيدن اشلەنب تورغان „ افغارخان“
داستانيدن برنچە پارچەسينى اوقوب بر
دى. عبدالواحد روزى „ باشلغم قد
رى “ ناملق بر شعرنى اوقودى. سار

اصوللار بابيدا صنعت اوميگىنىڭ صنـ
عتچيلەرى طرفيدن توزلك، توزلك او
صول نداخشا و قيزيق حركتلەر
بولندى.

تقدير، تنقيد بابيدا رئيس مسعود
افندى چنگزخان و ع. اوتكورلەر نىڭ
داستانى حقيدە فكر بريب اوتدى. و
بوگونكى درنكنىڭ اوتكەن نوبتەدەكى در
نكلەردن روحلوق و قيزغين خوشحال
كەيفياتلار بلەن اوتكەنلكى اوچون او
زينىڭ خرسندليكينى بيان قلدى.

رئيسنىڭ فكريدن سوڭ، درنكنىڭ ريـ
واجى و درنكنى مكمل ادارە قلش حقيـ
دە عيسى افندى محمد حضرتم، ا.
مطيعى، اوتكور افنديلەر اوبدان فكر
لەرنى بريب اوتدى. درنكنى ادارە قيـ
لش هيئتى تشكيلى حقيدە مذاكرە فكر
لەر يورتولوب نتيجەدە، بو هيئتگە محمد
امين حضرتم، ا. مطيعى، پولات قادي
رى، ع. اوتكور، چنگزخان، ع. جوش
قون ع. نعمانى، عبدالعزيز روزى،
آيم خانملەردن عبارت 9 كشى بەلگولەنـ
دى. مجلسنىڭ سوڭيدە درنككە اشتراك
قلغوچى شهريمزدەكى تورك ياشلارينى
تزمغا الش، درنككە تاپشورولغان ادبى
پارچەلارنى تزدن ييغب اولارنى كيلەر
درنككيچە بهالاب كيلەرگى درنكدە تگشـ
لك مكافاتينى بريش ديگەن نرسەلەر
مذاكرەدن اوتوب مجلس بك كوڭللك
بلەن كچ ساعت 2 دە تماملاندى.

„ قوچقاچ “

+ ~ ❖ ~ +

### درنك هيئتينىڭ انجى سانلق مجلسى اوزدورولدى

درنك ادارە هيئتى 13 - سنتابر
كونى كچ ساعت 7 بلەن آلتاى نشريا
تيدا اوزينىڭ برنچى نوبەتلك مجلسينى
اوزدوردى. مجلسكە هيئتلەردن، محمد
امين حضرتم، ا. مطيعى، ع. جوشـ
قون، ع. نعمانى و عبدالعزيز روزى
دن عبارت 5 كشى قاتناشدى. تاشقرى
دن حامد محمودى، ا. دورانيلار قاتـ
ناشدى.

درنك تشكيلى حقيدە مذاكرە بـو
لوب 1 - ترتيب تيارلق بولومى، 2 -
كونفرانس بولومى، 3 - ادبيات - تنقـ
دير تنقيد بولوميدن عبارت 3 بولومـ
گە بولوب ترتيب تيارلق بولوميگە ع.
نعمانى، عبدالعزيز روزى، آيم توردى
كونفرانس بولوميگە، پولات قادرى،
ع. جوشقون، ا. مطيعى. ادبيات بو
لوميگە حضرتم، چنگزخان، ع. اوتكور
لەر بەلگولەندى.

1 - ترتيب - تيارلق بولومى 1 -
مجلسنىڭ مادى تيارليقينى حاضرلاش،
2 - مجلس ترتيبينى ادارە قيلش، 3-
درنككە قاتناشقوچيلارنىڭ اسمليكينى آ
ليش. 4 - مجلسكە چاقرلغوچيلارنىڭ تكـ
ليف نامەلەرينى تارقاتيش. (مجلسكە
چاقريش). 5 - كوڭل آچيش پراگرا
ماسينى توزوشدن عبارت 5 وظيفەنى
اوز اوستيگە آليدور.

2 - كونفرانس بولومى: 1 - كونـ
فرانسچيلارنى تزمغا آليش، 2 - كونـ
فرانسكە كشى تكليف قيلش. 3 - كونـ
فرانس يازيب، خاطرەلەش. 4 - بريلـ
گەن كونفرانسلەرنى نشر قلدين عبا
رت 4 وظيفەنى اوز اوستيگە آليدور.

3 - ادبيات بولومى: 1 - مجلسـ
دە اوقولادورغان ادبياتلارنى يغش. 2-
مجلسكە قويولادورغان ادبياتلارنىڭ ليا
قەتينى تكشوروش. 3 - مجلسدە اوقو
لگەن ادبيات پارچالارينى بهالاش. 4 -
مجلسدە اوتكەن ادبى پارچەلارنىڭ قمتيگە قا
راب تقديرلەش، و تنقيدلەشدن عبارت 4
وظيفەنى اوز اوستيگە آليدور.

درنك مجلسنىڭ وقتى حقيدە مذا
كرە بولوب، كونفرانسگە بر ساعتدن بر
يارىم ساعتگيچە، ادبياتگە 30 مينوت، تقـ
دير تنقيدگە 30 مينوت كوڭل آچيشـ
كە 30 مينوت چاقچاق اويون كولكيگە
10 مينوت اركين فكرگە 10 مينوت
وقت بريلەدورغان بولدى. كونفرانس او
زو اب كتكەندە چاقچاق اركين فكرنـى
قسقارتشقا. درنكنى ساعت 8 دن باشلاب
12 دە قطعى توگو توشكە قرار بولونـ
دى.

درنك هيئتى مجلسلەرى حقيدە مذا
كرە بولوب درنك آراليقيدا بر نوبـت
عمومى هيئت مجلسى اوتكوزوب بونىڭ
دا اوتكەن درنكنىڭ اوتوق كامچيليكى
كيلەر درنكنىڭ حاضرلقلارى اوستندە
مذاكرە اوتكوزوش. هر بر بولومگە يول
يوروقلار بريش. درنك رئيسى تعينلەش
مسئلەلەرينى قارايدورغان بولدى. هر
درنك آراليقيدا بر نوبت بولماسا 2 نو
بت غروپپا مجلسى اوتكوزوب غروپپا
خدمتينى داشقوروشقا قرار قلندى.

درنككە قاتناشوچيلارينىڭ اسمليكينى
آلش اوچون غزتەلەردە اعلان قلب عمو
مى ياشلاردن درنككە اشتراك ايتوچيـ
لارنى نشرياتيمزغا كلب يازيلشقا تكليف
ايليندادورغان بولندى. „ قوچقاچ “

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# خارجی خبرلەر

## هیدر آباددا سوقوش

کابول 9 ـ 13 هندستان حکومتینڭ „ اسکندر آباددا عسکر قویوش و رضاکار مسلمان عسکرلەرنی تارقاتیش، اگر آنداغ بولماغاندا سوقوش “ دیگەن اولتیماتومینی هیدر آباد حکومتی رد قیلدی، نتیجەدە بوگون سحر ساعت 4 دە هندستان عسکرلەری غربدن شولەپورغە، شمال غربدن اورنگ آبادغە و جنوبدن نانديکوتکورغە هجوم باشلادی. هیدر آباد عسکرلەری قاتتق مدافعە قیلماقدادور.

دهلی خبریگە کورە اورنگ آباد جبهەسیدە 16 میل هند عسکرلەری ایلگریلەگەن ایمش، هیدر آباد باش وزیری هندستاننڭ بو هجومینی هیدرآبادنڭ حقوقیغا خیانت و خلق‌آرا بیر جنایت دیب سوکتی و سوگغاچە سوقوشوب نتیجەنی بلگولەشکە قرار برگەنلکینی اعلان قیلدی. انقره هیدر آباد حکومتی قاتتق مدافعە قیلش بلەن برابر هندستان حکومتیگە „ اسکندر آباددا عسکر قویوشنی رد قیلغانلقیمزغا اوبدان دقت قیلیگز “ دیگەن مضمونداتکلیفنامە یازدی.

*)(* ـ *)(*

## کشمر سوقوشی

پاکستان 9 ـ 13 آزاد کشمر و هندستان عسکرلەری نو شهرە و پونچدا قاتتق سوقوشماقدادور. بش هندستان اوچقوچی نوشهرەگە بومبا تاشلادی. تورتینی آزاد کشمر عسکرلەری آتیب توشوردی. بیر دانەسی آرقاسیدن توتون چیققان حالدا کوزدن بیراقلاشدی.

*) ـ * * ـ (*

## ایتالیە مستملیکە توپلانماسی

لوندون ب ب س 9 ـ 13 ساویت تکلیفی بلەن ایتالیە مستملیکەلەری حقیدە مذاکرە قیلماق اوچون پارسدا توپلانماقچی بولغان 4 دولت وکیللك مجلسی بوگون آچیلدی. مجلسکە فرانسیە خارجی وزیری هربرت‌شومان رئیسلك قیلدی.

* ـ (÷) ـ *

## برلین و موسکوا مذاکرەلەری

انقره 13 ـ 9 موسکوادا‌کی 3 دولت وکیللەری برلیندەکی عسکری والیلەرنڭ راپورلەرینی و هم اوز حکومتلەریدن کلگەن یاڭی یولیوروقلەرنی تدقیق قیلماقدادور. بو قاتیمقی موسکوا مذاکرەسی کسکین بولغوسیدور. برلیندەکی عسکری والیلەرنڭ مذاکرەسیدن امید بك ضعیف ایمش. برلیندە قوممونستلەر و قارشیلەرنڭ نمایشلەری زورایماقدادور، ساویت بولگەسی و غربیلەر بولگەسینڭ چیگرالەری عسکری قوت بلەن قاتتق توسالماقدادور.

*) ـ * ـ (*

## مرحوم جناحنڭ وفاتیدن کیین

پشاور 9 ـ 13 جناحنڭ وفاتی مناسبتی بلەن بتون پاکستان خلقی بیرآی ماتم توتماقچیدور، باش وزیر لیاقت علی خان نطقیدە مرحوم جناحنڭ یورتی و ملتی اوچون قیلغان خدمتلەرنی بیان قیلغاندن کیین بتون پاکستان خلقینڭ بیرلکدە جناحنڭ یولیدا یوروب وطننی سعادتکە ایرشتوروشکە دعوت قیلدی.

(** (*) **)

## فلسطین مسئلەسی

لوندون 9 ـ 13 فلسطینە یهودیلەر عرب بولگەسینی توپقا توتدی. شمالی فلسطینیدە عربلەر یهودی منطقەلەریگە باسیب کیردی. انقره عرب بیرلیگینڭ اسکندریەدە آچیلغان سیاسی مجلسی توگوگون تمام بولدی، بیرلك رئیسی عزام پاشا بیاناتیدا فلسطین بتون بیر عرب دولتی بولوشدن باشقا بیر فکر قبول بولماغانلقینی بیلدوردی.

## قیسقا خبرلەر

پارس 9 ـ 13 پارسدا آچیلادورغان بیرلەشکەن ملتلەر مجلسیگە قاتناشقوچیلەرنڭ سانی 2000 دن آرتماقدادور. آلمانیەدەکی آمریقا و انگلیز عسکرلەری ماناوراغا باشلادی بو ماناورا شنبە کونی بوتەر ایمش. فرانسیە کابینە مجلسی توندوگون آچیلب مالیە ایشلەری مذاکرە قیلندی. مالیە وزیری و بانکا مدیرلەری ایشنڭ فوق‌العادە قیین بولغانلقینی اگلاتدی. دیگوللچیلەر تیزدن سایلام اوتکوزوش اوچون تشویقات قیلماقدادور. آمریقا عسکری مقاملەری تورکیەنڭ هوا قوتینی ماقتاماقدا و یەنەمو یاردم قیلشقا تشبث قیلماقدادور.

(**) (*) (**)

## جنوبی قوریەنڭ وکیللەر کلدی

( 9 ـ 12 . نانکین ) جنوبی قوریە حکومتینڭ تشکر قیلش اوچون ایبەرگەن وکیلی جابین‌یوی باشلق وکیللەر 12 ـ سنتابر کونی نانکینگە یتیب کلدی. توش وقتیدە رئیس جمهور بلەن کوروشدی. جنوبی قوریە حکومتینی رسمی تونوغانلقی اوچون قوریە حکومتی نامیدن دولتیمزگە تشکر بیان قیلدی. توشدن کیین، تاشقی ایشلەر باقانی والاببوجالڭ باشلق چین قوریە مدنی علاقە جمعیتی و شونگغا اوخشاش ادارەلەر طرفیدن قارشی آلندی. بو وکیللەر ارتەدا چین زیارتلگینی زیارت قیلب کچکی اوچاق بلەن شانخەیگە کتمەکچی. شانخەیدە بیلیپینگە او یردن آمریقاغا باریب قوریە حکومتینی تانوغانلقغا تشکر بیلدورمەکچی. جنوبی قوریە حکومتی اصلیدە 16 ـ مای کونی بیرلەشمە دولتلەرنڭ قوریەدە تورغوچی وکیللەری اومەگی نظارتی آستیدا اوتکوزولگەن سایلامدا سایلانیب بیوك قوریە خلق حکومتی تشکیل قیلغان ایدی. 1 ـ نوبتلك رئیسی جمهوری 16 ـ آوغوست کونی ایش تاپشوروب آلغان ایدی. 16 ـ آوغوستدا اوتکوزولگەن قوریە استقلال مراسیمگە آمریقا، چین فیلیپین دولتلەری مخصوص وکیللەر ایبەرگەن ایدی.

بو نوبت کلگەن وکیللەر شو ایشلارغا تشکر بیلدورش اوچون کلگەندور.

# تورك - اويغور ييگيتى

( نثرى قطعه )

موندن بير نچه عصر بورون اويغور ييگيتينىڭ كوزلەرنده تورموش - حيات يالقينى اوينار چين باتور ايدى. آجوننىڭ چوڭ قيينچيلقلەرى، زمانىنىڭ آغير يوكلەرى، اونى اميدسزلەندورالماى بلكه، تازا جان كيرگوزور، حياتقا تيلەك اوستورور ايدى . . . گويا كه بتون آجون كوزينىڭ اوزيگه مخصوص روح اوروب تورادورغان قوياشدەك پارلاغان و پارلاتقان شوكتلەرى، انسان تاريخينىڭ پارلاق صحيفەسى اولوب، قانون طبيعتكه بوى سونوب - أبديتكه يول توتوچى عصرلەرگه زنت بولماغانميدى . . .

ييللەر اوزيدى . . . اويغور ييگيتينىڭ كوزلەرندەكى يالقين، اويغور ييگيتندەكى ايجادى حيات، آستاغنه سوندى. اويغور ييگيتينىڭ باتور گەوده سى بوكولدى، يورەكيدەكى چوڭ تيلەك تاثيرسز ايسيقى بلەن آجونغه ناله ايتدى . .

بەزى ييللەر اوزدى . . . اويغور ييگيتى سسكينب اوز اويينى كوردى، اطرافيدا نور يوق، تون پادشاهى آينيمو بولوتلار اوراب آلغان، قاراڭغولقدن اوزگه هيچ نيمه كورونمەس. او، آستاغنه اورنيدن توروب نور ايزلەشنى اويلادى . . . نور براق، حياتلق قيلچيني ناموسلق قانيدن سوغاردى. نور ايزلەشكه توتوندى، شو نورغا ييتيش اوچون بارلق كوچ - فكرينى باغشلادى البته، باتور اويغور ييگيتينىڭ تيلەگى بولدى . . . آزغنه بولسا نوردن يوزلەرى يالترادى . . . براق اوننىڭ آلديغا اميدسز، پسيمستلەر دنيادن بزگەنلەر، اوز اوييدن تزگەنلەر - خائنلەر باسدى. منا بولاردن؛ نور آليشقا يا شينى كيگەيتشكه توسقونلق كوردى. اويغور ييگيتنده اويغانغان تورموشقا محبت بەزى سوندى. او، تگرينىڭ قوللەريغا اوزگەلەرنىڭ بارلانمالەريغا قوشولوب دنياغا ناله قيلشقا باشلادى . . . «اوزگەتوردەڭ كورگوسيز» قاراڭغودا قالدى، اوييده شوم قوشلار مكان آلدى اطرافيدا برتقوچلار هو!.. ليدى، قارغا قوزغونلەر باغيدا اولادى . . . انسان شكليدەكى يرتقوچ ايلانلار - چيانلارنىڭ گەودەسيگه چاچقان زهرلەريدن، يورەكيگه وحشت سالغان مجنون قوشلارنىڭ دهشت اوازلەريدن وجودى قانقان اويغور ييگيتينىڭ: «حيات ايستەكى» بلەنلا يورەگى اوينامامقدا ايدى و قارا باغردەك اوراب آلغان قويوق بولوتلارنىڭ مجنون كوكسيگه اورماقدا حاضر - چاقماق نەيزەلەرنىڭ پارلاغان نورلەرى - لا اويغور ييگيتينىڭ كوز گوهرينى يالترانماقدا ايدى. بو، دنيادا تريكليگيدن خبر ايدى. برنىڭ أڭ قاراڭغو أڭ جانسزبور جەيده، آجوننى قوچاغلاب اوپوش، باغ - آربقلەرينى كوكەرتيش تيلەگى بتونلەى اولدى. ياقراقسز، گلسز، پوتاقلق قوروق شاخ بولدى . . .

---

اويغور ييگيتينىڭ آلديغا، قارابولوتلارنىڭ مجنون كوكسيگه نەيزه بولغان چاقماق يالقينى - تورموش كوبى قاينەب تورغان ياش گوزل اويغور قيزى باسدى. بو فرشته، بر حر قيزى، تلسماق كوزلەر بلەن اويغور ييگيتينىڭ سونگەن يورەكيگه آستاغنه باقدى. بو رەك أڭ بورون موروننه بلمايدى . . . سوڭ تيترەب، سيحرلك كوزلەرگه قاراب اويلاشقا باشلادى برفرشتەسى قولى بلەن اويغور ييگيتينىڭ يورەكينى توتدى. يورەك چوغايدى. اوسدى، ميەيدا كولدى ييگيت . . .

اويغور قيزى قوليداكى دوتارينى آستاغنه چالدى. ييگيت، سسكينب تاماشا ايتماقدا أكربدى. اوننىڭ سيوگولك يورەكنى تلقين قيلار، سلقين تاووشيدا: اول موڭ زار ياڭرادى . . . آندن سوڭ . . . آندن سوڭ تاووش موڭلەريدن پيدا بولغان افق آينەگيدن اوتموشينى أسلەدى حاضرقى حاليغا ييغلادى.

اويغور قيزى، اويغور ييگيتيني ايسيق جانلق قوچاغيغا آلدى . . . ييگيت اونكين كورلەرينى آچيب، زمانىڭ آغير يوكلەريدن قوتولماقتا، اويغور قيزيدن حيات يالقينى ايستەدى . اويغور قيزى - ييگيتنىڭ مالايىنى سيلادى. براق ييگيتنىڭ آلديغا يەنه، اميدسز پسيمستلەر أصلسز قاقشاقلەر، خائن متعصبلەر باسدى يا، رب! بو، بالالەردن ييگيتنىڭ حاليغا، قيزنىڭ خياليغا، اوزەڭ فناه، اوزەڭ مددكار!

« أى، قارايماغان و آقارماغان، آغريماغان و سارغايماغان دنيا ! ؟ . »

ا . دورانى

---

# عالم مايمون

آمريقانىڭ كولومبيا دارالفنونى فزيك خميا پروفسورى وسسون بر ضيافت بريب شهرنىڭ داڭلق عالملارينى تكليف قلغان . بوعالملار اچيده برمايمون ضيافتكه چاقريلغان . ضيافتده مهمانلارنىڭ تاتلق صحبتلارى قيزيغان بر وقتده بعضى عالملار بوعجايب مهماننىڭ قيافتيدن قورققانلغينى بلدوروشكه باشلاغان. شووقتدن پروفسور وسسون اورنيدن توروب : «من هربرلەريگه اوزو مننىڭ بوشاگردمنى تانوشتوروب اوتەى» ديگەن.

تانوشتوروش نتيجه سيده بومايمون پروفسورنىڭ معاونى بولوب چققان. اصليده بوندن 6 ييل ايلگرى بوهيچ نرسەدن خبرسز بر مايمون ايكەن . پروفسورنىڭ 6 ييللق مشقتلك تربيەسى آرقاسيدا معجزەلك برحيوانغا آيلانغان . بو ياقندا مايمون 36 توبتلك أڭ مركب علمى تجربەلەرگه قاتنا شقان . مايموننىڭ صادق يارده‌مچيلكى آرقاسيدا بو تجربەلەرنىڭ هممەسى اوتو قلوق چققان . مايمون 5 ييللق خمبارسى نتيجه سيده تجربەلەرنىڭ هممەسينى اورگەنب بولغان. پروفسورنىڭ براشارتى بلەن اوهرقاندا بر مركب تجربەنى باشدن آياق قلب بريەر ايكەن . بومايموننىڭ يالغوز بر قصورى سوزلەى آلماس ايكەن . پروفسورنىڭ تانوشتوروش سوزى بتكەندن سوڭ بتون مهمانلار قزغن چاواك بلەن مايموننى تبريك أتكەن . مايمون خودى مدنى آدەمدەك اوزيدن اوزى اورنيدن توروب بتون مهمانلارغا باش ايگب تشكر بيان قلغان مهمانلار بوعقللق مايموننىڭ يمەك وقتيده مدنى يمەك جابدوقلارينى اورنى - اورنيدا اشلەتب آدەمگر چيلكده أڭ چرايلق مدنى منا سبتلەرده بولغانينى كوروب تربيەنىڭ بوخل چيچەن حيوانلارغا نەدرجه بيوك أثر بره الاهور غانلقيغا بولغان قناعتينى ينەمو چكتقان .

---

آدريس : اورومچى ياڭغاك
التاى كوچاسى، نومرى 13. التاى نشريات ادارەسى

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

تلده، اشده، فکرده، برلك!

# ارك

مدیر: عیسی الب تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

19 سنتبر 1948 یل

17 ذیقعده ١٣٦٧ ه

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز توركستاندور

سان 201 یکشنبه قیمتی: آیلقی - شهرگه 150000 دوللار چنکه پوچتاحقی قوشولادور

## بزگه یوکسك معارف کرك

عصریمز علم و تخنیك عصریدور، قایغومز آرقادا قالغان ملتیمزنی دنیا ملتلرینك سویه‌سیگه یتكوزوشدور، مقصدیمز فلاکتدن قوتولوب سعادتکه ایریشمکدور. نیمه بلن علم و تخنیك عصرینك کشیلری بولالایمز؟ نیمه بلن دنیا ملتلرینك سویه‌سیگه یتالایمز؟ نیمه بلن فلاکتدن قوتولوب سعادتکه ایریشالایمز؟

بو سوراغلرگه یالغوز اوز آغزیمز بلنگینه ایمس بوتون دنیا خلقینك آغزی بلن شو جوابنی بیره‌مز: «یوکسك معارف بلن، یوکسك معارف بلن، یوکسك معارف بلن». اوزیمز بو جوابنی برگن چاغیمزدا خواهی دوست و خواهی دوشمننك بیزگه قوشولماسلقیغا چاره‌سی یوقدور، فقط بو آچوق حقیقتنی و یکیلمس حقنی عملگه آشوروشدا ایکی تورلك کوروش باردور. (1) دوستانه بیر کورونوشکه عملگه آشوروشدا یاردم قیلماقدن عبارتدور. (2) دوشمنانه بیر کورونوشکه عملگه آشوروشدا مشکلات چقارماق و توسقونلوق قیلماقدن عبارتدور، امما هر حالدا حقیقت عملگه آشمای و حق اورونداماي چاره یوقدور.

بیز تورکستان خلقیگه یوکسك معارف آلماق اوچون هربیر ملتکه اوخشاشلا ایکی تورلك یول باردور. (1) اوز یورتیمزدا یوکسك معارف موسسه‌لری ( دارالفنون ویا فاکولته‌لر ) قوروب یاشلاریمزنی اوقوتوب یتیشتورمك. (2) یورتداشیغا شاگرد ایبه‌ریب اولارده‌کی دارالفنون و مکتبلرده علم و فن تحصیل قیلدورماق.

امدی بیز برنجی یول بلن یاشلاریمزنی اوز یریمزده یتیشتورمك اوچون اورومچیده بیر فاکولته‌مز بار و اونی تورکستان دارالفنونی قیلماق اوچون قراریمزمو بار. امما نیمه سببدندور بوگونگه‌چه بیر یوکسك معارف موسسه‌سی بولالمادی و قچان بیزنك بو مقصدیمزگه یارار آلامو کوزیمز یتمه‌یدور. چونکه تورکستانلق طلبه‌لیب اوقوتوش اوچون اولکه‌لك حکومت جدی کریشیب تورسامو ار آستیدن بعضی کشیلرنك تشبثی بلن ایچکری اولکه‌لرده ایشسز قالغان اورتا تحصیل کورمه‌گن یاشلردن یوزله‌رچه کشینی کلتوروب دارالفنون اوقوغوچیسی قیلیب تولدقاریب الندی، تورکستانلق اوقوچی آلماق اوچون اورون یوق ایمش و فاکولته‌گه اولکه‌لك حکومتدن بریلگن فل یتیشماس ایمش. بو بیر جنایتمو؟ خیانتمو؟ بوکا بیز کوله‌مزمو یغلایمزمو؟ هر حالدا اولکه‌لك حکومتنك قطعی چاره کوروشیگه ایشانامز. امما بو فاکولته‌نك دارالفنون بولوشیغا کوتوب یاشلاریمزنی شو چاغدا اوقوتورمز دیب تورالمایمز، چونکه یوکسك معارف ارته اوکوننك احتیاجی ایمس بوگوننك احتیاجیدور، دارالفنونیمز تولوقلانغاندامو ینه سرتقا اوقوغوچی ایبه‌ریش لازمدور چونکه الله یوکسك معارف موسسه‌لری بولغان مملکتلرمو سرتقا یوزله‌رچه اوقوغوچی ایبه‌ریب اوقوتماقدادور. یاقیندا غزته‌لرده اوقوغانیمزغا کوره یوزله‌رچه دارالفنون، فاکولته و فن موسسه‌لری بولغان مرکزی چین حکومتی آمریکاغا التی یوز اوقوغوچی یوللامیشدور.

هر حالدا ایچکری چینغا ویا اجنبی مملکتلرگه اوقوغوچی ایبرشیمز قطعی احتیاجلاریمزدن بریدور. ایچکریگه ایبه‌ریب کوردوك یوکسك تحصیل کورسون دیب ایبه‌رگن اوقوغوچیلاریمز تیل بیلمه‌گه‌نلکدن یوکسك معارف اورونلریغا کریش اویاقدا تورسون اورتا مکتبلرگه‌مو کیرگوزولمه‌ی چیگارا مکتبیده بیر ییلدن بری قینالماقدادور. بو چیگارا مکتبیده بش آلتی ییل اوقوغان تورکستان اوقوغوچیسیدن بوگونگه‌چه بیریمو دارالفنونغا کریشکه لیاقت پیدا قیلالماغانلقینی کورمکده‌مز. امدی اجنبی مملکتلرگه ایبه‌ریشنی کوز آلدیمزغا کلتورسك ینه تیل بیلمه‌سلك قینچلقیغا اوچرایمز، بو اوچون آمریکا و آوروپاغا اوقوغوچی ایبه‌ریشکه جرأت قیلالمایمز، بیز بو قینچیلقغا اوچرامایدورغان بیرگینه اجنبی مملکت باردور، او بولسه بیز بلن بیر تیلده سوزله‌شه‌دورغان تورکیه‌دور، تورکیه‌گه اوز چه‌یارغان ویا مخصوص کشیلر طرفیدن ایبه‌ریلگن تورکستان اوقوغوچیلاری بارغان زمان لیاقتیگه اویغون مکتبلر و دارالفنونلرگه کریب آز زماندا یتیشیب قالغانلقی معلومدور.

منا بو اوچون اولکه‌لك حکومت تورکیه‌گه 50 اوقوغوچی ایبه‌ریشکه قرار بریب مرکزی حکومتدن روخصت و یاردم طلب قیلغان ایدی لکین آکلاشیلیشیچه مرکزی حکومت بوکا راضی بولماغان ایمش، راضی بولماغانلقینك سببینی بیز اوقمادوق لکین مرکزی حکومت نیمه اوچون باشقا اولکه‌لردن 400 اوقوغوچینی بیر اجنبی مملکتگه ایبه‌ریب بیزدن 50 یا آندن آز اوقوغوچینی بیر اجنبی مملکتکه ایبه‌ریشکه روخصت قیلمایدور؟ بیز مرکزنك تورکیه‌گه اوقوغوچی ایبه‌ریشیمزنی قبول قیلماسلقیغا هر قانچه اویلانساقمو

( دوامی 2 ـ بتده )

معقول بير سبب تاپا آلمادوق. چونكه اقتصادی قينچيلق ديسه آلتی يوز اوقو غوچيغا فل چقارغان حكومت 50 اوقوغوچيغا فل چيقارالاشی طبيعيدور. اگر سياسی بيرەر مسئله بارەوكين دييلسە بو چولك بير خطا توشەنچەدور. چونكه توركيه بلەن چين حكومتينك مناسبتی دوستانەدور، توركستانلقلار توركيەگە بارىب اوقوسە تورك توركين علم آلغانىن باشقا قورقولادورغان هيچ بير سياسی تهلكەسی يوقدور. نەتەكم توركيەنك توركستانغا كوز سالادورغان حالی حاضرمو يوق كلگوسيدەمو آنداق حالغا يتمەكی ممكين ايمەسدور. علم دنيانك هر يريدىن آلينسە اوخشاشدور براق توركيەدە اوقوتوش بيز اوچون هممەدىن مناسبراقدور. چونكه تيل جهتدىن بيزگە اوگايلق بار. سياست جهتيدىن توركيه دولتيمزنك دوستی و توركستان سياستيدە بيطرفدور. بو اوچون مركزی حكومتنك روخصت برمسلكينی سببسز كورمكدەميز، بونی بيز بير توسقوندلوق دەب عييبلامايمز لكين مركزی حكومت اربابيدىن توشەنمە گوچيلەر نلك خطاسی دەب گمان قيلامز.

اولكەلك حكومتدىن اميديمز شوكه: مركزی حكومتكه بو حقدە تولوق طلب و ايضاحات بريب توركيەگە اوقوغوچی ايبەريشيمزگە روخصت آلسون اگر اقتصادی جهتدىن مركزی حكومتدىن بو حقدە فل بريش ممكين بولماغانلقدىن روخصت برىلمەگەن بولسا اولكەلك حكومت مرحمت قيلب اوز خزانەسيدىن فل چيقاريشنی بوينيغا آلسون. هر حالدا اولكەلك حكومت وهم مركزی حكومتنك بو مسئلەگە آيريم اهميت بريشينی سورايمز، و هەدە بيزنك تيسەم تبرەمەس ياشلاريمزنك موندااق قول قاووشتوروب فرصتنی اوتكوزوب آتماسلقلەرينی او توتەمز چونكه طلبنك نتيجەسی قبول و پروا سزلقنك نتيجەسی محروملوقدور.

( * * (*) * * )

## شهر خبری

### حكومتنك بر ييللق غله آريمی

اولكەلك حكومتنك آشلق ادارەسی اوتكەن بر ييللق غلەدىن آلنغان كريمنی حسابلاب چقةان. اوتكەن ييل اچيدە بوغدای دن جمعی 131223 دادەن ايكی كورە برشلك آلتی بولوك كرم بولغان. قوناقدىن 39553 دادەن بش كورە سككز شلك توققوز بولوك كرم بولغان. آشلق اورنيغا بيريلگەن فلدىن 2,665,534,567 دوللار كرم بولغان.

*) + - * - + (*

### مسعوديه جامعی پوتكەن

بوگوردىن آلنغان خبرگە قاراغاندا بوگوردە قورولماقدا بولغان مسعوديه جامعی پوتكەن بوگور خلقی بوجامعنك پوتوش مراسيمينی اوتكو زوشكە تيارلانماقدا. بو مراسيمغا قاناشقا ارومچيدىن حكومت وكيلی بولوب چنگز خان داملانك كيليشينی طلب قيلغان جامعی پوتوش بلەن خلق ينا برمدرسە هم سالشقا پلان توزمكدە. بونی هم „ مسعوديه “ دەب آتاماقچی.

-*) ○ * ○ (*-

### جاوشی گالك ياركنگه تكشوروشكه بارماقچی

كاشغردە آلنغان خبرلارگە قاراغاندا كاشغردە تورغوچی، معاون باش قومادان جاوشی گولك افندی ياركند ويلايتيگە عسكری انتظامنی تكشوروشكه بارماقچی بولغان.

بنابر خبرگە قاراغاندا جاوشی گولك افندی كاشغرنك ياكی شهر، كوهنه شهری بولوب بارلق ملكی و حربی عملدارلارينی توپلاب ايكی ييللق خدمتی اوستيدە صحبت اوتكەزگەن. اوزی طرفيدىن بولوب، قاتناشقوچيلاردن بولوب ايكی ييللق خدمتنك آرتوق و كامچلقلاری حقيدە بر مونچە فكرلار اورتاغا آتيلغان.

### اوندن — موندن

بو دينيمزنی آياق آستی قيلغانلقی امەسمو؟

نمازديگەرنی اوقوب بولوب مسجيدىن چيقغان جماعت امدی مسجيدنك آلديغا چيقب توروشيغا كچيك آمريكانكی „ جف “ ماشينا مسجيدنك قارشيسنديكی بوغدان قورا آلديغا كيلب توختاب اچيديكی 5 - 6 سريق چاپانی كيگەن كشيلار قوروغا كريب كتدی. جماعت لاردن برسی:

منا قارسيلار مؤزين آخونوم بوقوروغا هركونده موشونداق 30 لاب، 40 لاب آدەم كريب بزنی آياق آستی قيليدور.

شونی ديسيلار صوفوم بونيجسلار خارليسيغو بنابرگەن ... بزنك دينيمزنی آياق آستی قيليدو أمەسمو ؟! مسجيديمزنك آلديغا اليب كيلب شونداق بوزوق چولوقنی قيليشيدور. سله بلەن بزهركونده موشويردە اولتوروب شولارنك كرگەن چققانينی سانايمزدە .... بوقورادكی نجيس، افلاس، پاسكينالارنی „ مايەنزە “ دەيدىكەن بير نيمه دەيدىكەن. قايسی كونی جماعتلەردن كيم بيرسينك توخوسی شونلك ايچيگە قاچيب كريب كتكەن ايكەن، توتقالی كيرسە، 20 - 30 ختای خاتونلەری قيسقا ايشتان بلەن كوينەك كەيمەی يوروشەيدور. بيزنك محللەنی يامان آياق آستی قيلب كتدی.

راست ديديلە آخونوم. بو نجيسلەر بيز مسلمانلەرنك خدای تعالی اللەغا طاعت عبادت قيلادورغان بير اولوغ بريمزنك آلديغا كيلب بيزنك دينيمزنی مازا خلاغانردەك افلاس ايشلەرنی قيلب تورادور. محللەنی ياكی مسجدنی كوچوروب كتيشنك اورنی بولماسا، بونی نيمه قيلماق كرەك ؟! ...

- آخونوم، رئيس مسعود افندمگە بير عرض برسەك موشو افلاسلەرنی كوچورتوب برمەسمو ؟ بو سوزنی الاغان جماعتلەر هممەسی آخونومنك اطرافيغا توپلاشدی.

- راست آخونوم، جنابلەری باش بولوب برسيلە، مسعود افندمگە بيرپارچە عرض برەيلی !

صلاچان افسقال آخونوم، بولودور جماعتلار زادی رئيس افندمگە بيرفارچە عرض بريب بوافلاسلارنی كوز آلديمزدن يوقاتميساق، دينيمزنی آياق آستی قلاديغان اوخشايدور. جماعتلار بولودور - بولودور شونداق قلايلی: عرض يازايلی، كوچورەيلی ... ديشيب تارقاشيب كتدی. ع. ج

ئۇيغۇر كتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# اچكى و تاشقى خبرلەر

## كشمير دوقوشى

آزاد كشمير 9 ـ 17 زوجيلا ـ
(كشمير دوان) غە هجوم قيلغان.
700 هند عسكرىنى آزاد كشمير عسـ
كرلەرى قانتيغ مغلوب قيلب تارمار قيل
دى هند عسكرلەرى 300 دن آرتوق
اولوكنى بوتون توپلارينى و اوق
براغلارينى تاشلاب قاچتى، اولجەلەرنڭ
سانى آلنماقدادور. باشقوماندان گنرال
طارق زوجيلا مجاهدلەرينى تلگرام بلەن
تبريكلەدى و هم مغلوب هند عسكـر
لەرىنڭ آرقاسيدن ايلگرلە مككە بوير
روق بردى.

*) ـ ـ ـ (*

## حيدر اباد تسلم بولدى

لاهور 9 ـ 17 حيدر آباد نظامى
بوگون كچ ساعت 5 دە سوقوشنى توخ
تاتيش اوچون بوتون جبهەلەردەكى عسـ
كرلەرىگە بويروق بردى و هم پاريـ
دەكى خارجيه وزيريغە بيرلشكەن ملتلر
مجلسيگە بيريلگەن عرضنى قايتوروب
الشغە بويروق بردى. هندستان حكو
مت رئيسى راچكوپال آچاريەگە نظامنڭ
گراف بيريب اسكندر آباددا هند عسـ
كرلەرينى اورونلاشتوروش و رضاكار
عسكرلەرنى تارقاتشنى قبول قلغانلقينى
بلدوردى. حيدر آباد كابينەسى استيفا
قلدى. اورنيغە ارتە 9 ـ 18 دە ياڭى
كابينە قورولماقچى. حيدر آباد و هندسـ
تان آراسيدا صلح توختامى حيدر آباد
شهريدن ايكى ميل اوزاقدا بير بردە
امضا قيلنماقچى دور. حيدر آباد صلحيا
تينڭ رئيسى نظامنڭ اوغلى شهزادەمير
يار جنگ ايمش.

بو تسلمنڭ سببى انقرە راديوسينـ
نڭ خبريچە جنوبدن هجوم قيلغان هند
عسكرىنڭ فوق العادە ايتتك ايلگريلەب
حيدر آبادنڭ جنوب جبهەدەكى عسكرلە
رينڭ تسلم بولغانلقيدن بو جبهەنڭ مدا
فعەسز قالغانلقى و هم هند اوچقولەري
نڭ و حشانە بومباردمانلەرى و بوكافار
شى حيدر آبادنڭ هوا قوتيدن محروم
لوقى ايمش.

*) ـ * ـ (*

## موسكوا كورەشمەسى

انقرە 9 ـ 17 موسكوا كورەشمە
سى مولوتوفنڭ بيرلشكەن ملتلر مج
لسيگە يوروشدن بورون 3 غرب وكيل
لەرى بيلە قيلادورغان صحبتيگە باغلق
ايميش. اگر بو صحبتدە بير نتيجە چيقـ
ميسە موسكوا كورەشمەسى تمام بولغان
حسابلانيب بيرلين و آلمانيا مسئلەسى
بيرلشكەن ملتلەر مجلسيگە قويولغوسيدور.

*ـ ( : ) ـ*

## فلسطن احوالى

لوندون 9 ـ 17 بير نچەكون اي
چيدە فلسطندە بير مستقل عرب دولتى
قورولوب بوتون عرب دولتلەرى بو دو
لتنى تونوغوسى، بوندن مقصد 7 عرب
دولتى طرفيدن تونولغان عرب دولتى
گە قارشى وقتلق يهودى دولتينڭ سيا
سى اورنينى ضعيفلاشتورماق، بو يول
بلەن بيرلشكەن ملتلر مجلسيدە يهو
دى دولتينڭ تونولوشىنڭ الدينى آل
ماقدادور.

(**) (*) (**)

## بەي زوڭشى پاكستانغا مرثيه تلغرامى ايبرگەن.

نانكن 16 ـ (م. ا) چين مسل
مانلار جمعيتى رئيسى بەي زوڭشى محمد
على جناح وفاتى مناسبتى بلەن پاكسـ
تان حكومتيگە تلغرام كوندورگەن. تيل
غرامدا: قاعد محمد على جناح حضرت
لەرينڭ وفات خبرينى آلاب، نهايتى
چونقور قايغوردوق. قاعد اعظم عمـر
بويى مقدس دينيمزنى رواج باسقونوب
بيوك اسلام دولتى پاكستاننى بر پا ـ
قلدى بو يالغوز پاكستان مسلمانلارى
اوچونلا ايمەس، بتون دنيا اوچون
كورسەتلگەن بيوك فيداكارلق خدمتدور
بز، قاعدە اعظم محمد على جناح رو
حينڭ بتون خلق آراسيدا ابدى ياشا
شيغا چونقور ايشانامز.

چين مسلمان جمعيتى رئيسى:

بەي زوڭشى

## واڭ يون وو اوستيدە شكايت بولماقچى

نانكن 16 (م. آ.) مركزى حكو
مت ماليه ناظرى واڭ يون وونى تفـ
تش پالانا اعضالارى مجلسيدە پاكى قل
چقاريش حقيدەكى دولت سرينى فاش
قيلب قويغانلق گناهى بلەن شكايت قيـ
لشقا قرار قلغان. بو شكايت نامەنى
توزوب چيقش اوچون مخصوص برغروه
پا توزولگەن ايدى، حاضر بو غروپپا
شكايت نامەنى توزوب چيقيب مسئول
ادارەلەرگە تاپشورغان.

ينە بر خبرگە قاراغاندا واڭ يون
وو 20 ـ سنتابردە خارجغا چقماقچى.
بوننڭ بو شكايت نامە بلەن مناسبتى بول
سا كرەك.

## معاون رئيس جمهور خاڭجوغا يتكەن

نانكين ـ 16 (م. آ.) معاون
رئيس جمهور لى زوڭ رن افندى رفيقە
سى بلەن سياحت اوچون خاڭجوغا يتيب
بارغان. اوزى بلەن برگە خلق قورولتاييدا
« قورولتاى گلى » دەب داڭقى چيققان
تاڭشوجون خانمنى هم بيللە آليب بار
غان. تيمور يول استاسيونيدا خاڭجو
كاتتالارى قارشى آلغان.

## فرقه اعضالەريدن اعانه توپ لانماقچى

نانكين ـ 16 (م. آ.) گومنداڭ
مركزى اجرائيەهيئتى دائمى مجلسى اوزدو
رولدى. مجلسدە فرقەنڭ الدنقى ييل چيـ
قيمينى قامداش اوچون گومنداڭ اعضا
لەريدن اعانه توپلاشقا قرار قيلدى.

# دينى انشاه‌ريمزگه حقارت قيلغان مقاله

يافينندن بويان شهريمزده توزگان قرداشلار بير مسئله اوستيده غولغولا چيقاريب، جدى حركت قيلماقدا. بو بول سانو گومينداڭ فرقه‌سيناڭ چينى توركستان شعبه‌سى مديرى چيڭ شى خاو نينڭ تاريخ جغرافيه‌سى و جمعيتى نامليق رساله‌سيده مقدس دينيمز اسلامغا بير مونچه حقارتله‌رده بولوبدور. گومينداڭنڭ مسئول نشرياتى بولغان جوڭ جاڭ نشرياتى بونى باسبدور. بونى آڭلاغان توزگان قرداشلار برنجيدن كتابنى تيخيب اليش، ايكنجيدن، چاڭ شى خاوغا قاتتيق جزا بريش حقيده مركزگه تلغراملار ايبه‌ردى. بز بو مقاله‌دن خلقيمزنڭ هم خبر تاپيشينى، دينيمزنى حقارتله‌گوچيله‌رگه قارشى لايق حركتله‌رده باشقا دينداشلاردن قالماسلقينى كوز آلديمزدا توتوب، شو كتابنڭ دينيمز حقيده‌كى بابينى بو يرده ترجمه قيليب باسامز.

دينگه اعتقاد

( يازغوچى: چاڭ شى خاو. باسقوچى: جوڭ جاڭ كتاب خانه‌سى )

غربى شمالنڭ دينى عقيده توشه‌نچه برشدن ايلگرى مونداغ بير توشه‌نچه‌گه ايگه بولماغيمز لازم: دنيا دينله‌ريننڭ كيليب چيققان جايى كوپونچه اورتا آسيا حسابلانادور. چينى توركستان، او دينله‌رنڭ چينغا كيرگوزگوچى ايشيك حسابلانادور. شونڭ اوچون غربى شمالده‌كى اولكه‌له‌رده تا حاضرغه‌چه دينى جهتدن نهايتى مركبدور. يافينقى ييللاردن برى بودا دينينڭ آنا دولتى هندستان، عاجزلاشيب، بودا دينى كوندن كونگه آرقاغا كتدى. اسلام دينى، تاريخى قيسقا و دنيادا اڭ الغار دينله‌ريدن حساب لانادور. اسلام دينى غرب و شرق فلسفه‌سيناڭ جوهرينى اوزيده توپلاغان. چيننڭ روحياو فلسفه‌سيگه اوخشاب كيله‌دور. شونڭ اوچون مسلمانلار صداقت و قوربانلقنى شرف بيله‌دور. اما اسلام دينى بير آدمدن بير ادمگه، بير ملتدن بير ملتكه تارقالب‌تولا اوزون يولنى باشدن اوتكه‌زگه‌نلكدن دينى عقيده‌له‌رنڭ فلسفى آساسلارى اونوتولوب كتدى. قرآننى اوقوگوچى آخونلارنڭمو بيلمى توبه‌نله‌ب كتدى. آخونلار نادانلقى، جاهلقى املارغا يافينلاشيب قالدى. بونڭ آرقاسيدا مسلمانلار ايچيده بعضى ضيالى باشلار آخونلارنڭ سوز و حركتله‌ريگه توبه‌ن نظر بلەن قاراي دورغان بولوب قالدى. اسلام كتابله‌ريده ايشله‌تكه‌ن يزق عرب يزيقى بولوب، چينى توركستاندا حاضر ايشله‌تيلگه‌ن يزق بلەن تيلغا اوخشامايدورغان نقطه‌لەر خيلى بولغانلقدن، عقلى قيسقا تصورينى سانلاشقا اوروندورغان اخونلار، يزق بلەن دينده اوزگه‌رش ياساسا، اوزيمزگه فائداسز ده‌ب ياتى بالالارنى زورلاب عربچه اوقونوش بلەن آواره بولماقدا. آخيرى دور مجبور قيلادور. اگر بو خل احواللار اوزگه‌رتيلمه‌يدورغان بولسا اسلام دينينڭ استقبالى اونچه اميدلك بولا آلمايدور.

اسلام دينى، عرف عادتده دنيادكى بوگونكى انسانيتى بلەن اوخشامايدورغان جايلارى كوب بولغانلقدن، باشقالارغا قاراندا تاركيله‌دور. بولوبمو بيمه‌ك اچمه‌ك جهتيده ( اسلام دينى ) جمعيت باردى كلديله‌ريده‌كى سببله‌رنڭ اڭ آساسى بولماقدا. فقيرنڭ تفصيلى تكشورشومگه قاراغاندا، مسلمانلارنڭ چوشقا گوشتى بيمه‌سلكينڭ سببله‌رى اونچه‌تيين بير نرسه‌لەر ايمه‌س. من بونى بو يرده بيان قيليب بو مسئله بلەن قزيققوچيلارغا تقديم قيلامن:

اسلام دينينڭ كيليب چيققان جايى عربستان هواسى اسسق قوروق بر مملكت بولغانلقدن چوشقا گوشتى بيگه‌نلك آرقاسيدا، آغرش اولوش ايشله‌رى بولغان، بونى كوروپلا چوشقا گوشتيده زهربار ده‌ب فتوا چيقاريب، چوشقا گوشتينى بيمه‌كله‌ر قتاريدن چيقاريب تاشلاغان. حقيقتده ايلگرى‌كى وقتله‌رده چوشقا باقيش اصولله‌رى تيخى ياخشيلاغان وقتله‌رده اونڭ گوشتى آدمنڭ حفظ صحتيگه موافق كلمه‌سه‌مو، حاضرقى كونده چوشقانى علمى اصوللار بلەن باقاقانلقدن، چوشقا گوشتى پاكزه‌له‌نيب يشكه مو افقلاشدى و دنيادا اڭ آساسى بيمه‌لك گوشله‌رنڭ برى بولوب قالدى. چوشقا گوشتى ياغ ماده‌سيگه باى بولغانلقدن، آچ قالشيمزغا قاراغاندا، تيره‌نى بومشانيب، آدمله‌رنڭ چيرايينى اوبدان ساقلايدور. مسلمان خاتون قزلارنڭ كوپ چولوگيننڭ بيمه‌گيده ياغ ماده‌سى يينه‌رلك بولماغانلقدن چيرايى آسان بوزولوب، اوگاى قيريب كيته‌دور. نتيجه‌ده اولارنڭ بخت سعادتى قربان بولادور. حقيقتده قرآنده مسلمانلارغا آچ قاليب، اولوم آلديغا كلگه‌نده چوشقا گوشتى بيشكه رخصت قيلغان. پادشاهلار انعام قيلسا هم يشكه رخصت ايكه‌نلكى قرآندا بار ايكه‌ن. فقط آزچيلق آخونلارنڭ بيليمى آز بولغانلقيدن، بونداق نقطه‌له‌رگه كوز يوموب، اوز تيره‌سى ايچيگه قاماليب آليب، موشونداغ ( يعنى چوشقا گوشتى يمه‌سلك ) عادتله‌رنى مسلمانلارنڭ محاصره قيلشنڭ كوچلك قورالى قيلماقدا. مسلمانلارنڭ عادتله‌رينى حاضرقى زمان مدنيتيدن يراقلاشتورماقدا، بو نهايتى آچينغودەك ايشدور. مسلمانلار خاتون قيزلار اويدن چيققاندا، باشيغا ياغلق سالدورادور باشقا دينده‌كيله‌ر بلەن اويله‌نيشدن منع قيلادور. بومو مسلمان خاتون قيزلارنڭ بخت سعادتينى بوغوش عادتله‌ريدندور. حاضر بير مونچه اويغانغان ياش اوغول و قزلار بو خيل توزاقلاردن آستا ـ آستا قوتولوب، جمعيته‌كى آزاد باردى كلدى ايشله‌رى اوسمه‌كده. بو اسلام دينينى اوستوروب، غربى شمالنى آباد قيلشنڭ آلدنقى آوازله‌رى بولماقدا. حكومت بلەن خلقدن مسلمانلارنى بو خيل ظلمدن آزادقيلش اوچون كوچلك تشبث و حركتله‌رده بولوشينى اوتونومز.

( داوامى بار )

## توزوتوش

200 ـ سان غزته‌مزنڭ 4 ـ بت 2 ـ ستون توبه‌ندن يوقوريغه 20 ـ قورده‌كى «محكمه‌له‌شتوروش» ديگه‌ن سوزنى «مكمّلله‌شتوروش» ده‌ب، شو ستون 22 ـ قورده‌كى «دريا» ديگه‌ن سوزنى «دهار» ده‌ب توزوتوب اوقوشلارى سورولەدور.

تحريردن

## اعلان

داووت تورسون ناميداكى بير فقرالق گواهنامه‌م 8 ـ آينڭ 28 ـ كونى بير چاپانم بلەن يوقالدى. سافچى ادارەسيدن يانى گواهنامه آلادورغانلقمدن كونه‌سى اناۋتسزدور.

داووت تورسون

آدرس : اورومچى ياتقاق
التاى كوچاسى نومرى 13 التاى نشريات اداره‌سى

تلده، اشده، فکرده، برلك!

# ارك

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز تورکستاندور

٢٧ ذالقعده ١٣٦٧ . ٢٩ سنتەبر 1948 يل

مدير: عيسى الپ تكين
باش محرر: م. ا. بوغرا

سان 205 چهارشنبه قمتى: يلقى ـ شهرگه 150000 دوللار چنكه پوچتاحقى قوشولادور

## بوگونكى خذمتچيلەر مسئلەسى

بو يافينىدا مأموری پالاتا طرفيدن
بتون دولت بوينچه اداره خذمتچيلەرى-
نى قسقارتيش ، ايش اونومينى يوقا
رى كوتەريش ، ايش راسخوديني كيمەي
تيش بعضى بير آرتوقچه بولغان اس
رابچيلقنى يوقاتيشدن عبارت بولغان
بير مهم تدبير آلينيب ، بونى دولتنڭ
هر بير اولكه ولايتلەريدە اجرا قيلش
اوچون عمومى بوزلك بويروق آرقالى
اعلان قيلنغان . بو نرسه البته دولتنڭ
اقتصادى حالينى ياخشيلاش ، ماليه قيين
چيلقيدن قوتولوش بعضى بير آغير
چيلقلەرنى دفع قيلش اوچون بولغان
بير تدبير بولسا كرەك . حقيقتده چين
دولتى مدافعه باشلانغاندن بويان اقتصا
دى بحرانغا و مادى ضررگه آز اوچرا
مادى . نلڭ اوستيگه اداره ايشلەريدە
پاراخورلق ـ خيانت قيلش ايشلەرى كو
پەييب دولتنڭ اقتصادى كوچينى عاجزلا
تيشقا چولڭ سببچى بولدى. وينه دولت
ايچيده يلدن ـ يلغا اداره كوپەييب شو
نڭ بلەن بيرگه خذمتچيلەرنڭ سانى هم
آرتيب ييللق بودجەتنڭ آشورولوشيغا
حكومتنى مجبور أتدى . شول سببدن
حكومت اوشبو خيل آغير چيلقلەرنى
تۈتەريب ايتيش اوچون خذمتچيلەر قس
قارتيش ديگەن بويروقينى چقارغاندور.
بو بويروقنڭ چقاريلشى ايچكى اولكه
لەرگه بك اويغون بولوب، چيننى توركستا
نيمزغا هم موافق كلسەمو ، اما دقت قلا
دورغان بعضى نقطەلەر بار. زيراكه، اولكه
مزده خذمتچيلەر مسئلەسى ايچكى اولكه
لەر بلەن اوخشاماسلق بلەن قالماى، بلكه
اقتدارلق كادرلاريمزنڭ آزلقى و كمچي
لكى سزيلە باشلاغان و بولار
اميدگه تولوقلانيش يوليغا قاراب
مايب يانقان بير حالدا دور . شوندااق
بولسامو موشو يافيقى كونلەر ايچيده
اولكه حكومتى مأموری پالاتانڭ يوقاري
دا ايتيلپ اوتكەن بويروقينى تاپشو
روب آليش بلەن بو بويروقنڭ اوروند
دولوشى اوچون ادارەلەرنڭ اجرا قيلما
قيغا فرمان چقاردى . شوندن بيرى بع
ضى ادارەلەردە خذمتچيلەر قسقارتيش
ايشيغا كريشيلدى . شومناسبت بلەن بع
ضى بير قوشومچه ايش ايشلەب كلگەن
خذمتچيلەر آلدن بوشاتلمادا بولسامو ،
شونگەدەك اوزوندن ايشلەب كلگەن خذ
متچيلەرنڭ بعضيسى خذمتدن قالدوروش
قا مجبور بولونماقدا . قوشومچه خذ
مت قيلب كلگەنلەر برەر جايدن بوشاش
بلەن اونچوقماغان بولسامو، بالغوز بير
اداره ده ايشلەب حيات كوچور گوچيلەر
خذمتدن قالدورولوش بلەن چوقور قاي
غورماقدا و دردلەنمەكدەلەر . حقيقتده
بولار قايغورماى ، دردلەنمەى قالماس
ايدى . چونكى بولار خذمتيمزدن آيريل
ساق البته آغيرچيلقلەرگه دوچار بولامز
دەب حيس قلادورلەر . بو طبيعى بير
مسئله ، لكين بيز بو خيل قايغوروش
و دردلەنيشنى بك آز كونلك دەب اوي
لايمز . و حكومت بو قانيمقى خذمت
چى قسقارتيشنى البته اولارنڭ قيناماس
لقينى شرط قيلب ، باشقا بير بوش ير
گه صفلەشنى نيت قيلب آندن يورگو
زوشكه باشلاغاندور دەب گمان قيلامز.
شو حالدا بيز بو قانمقى خذمتچى قس
قارتيش مسئلەسيدە هر ايكى طرفده
آغيرچيلق بار دەب اويلايمز . چونكى
حكومت بونى اجرا قيلماسا ، ماليه قيين
چيلقيدن قورتولا آلماسلقى بلەن قالماس
دن ، كريمينڭ آزلقى سببلك خزانه سي
دەكى بار نرسەلارينى ، معاش تأمينات
و خراجتكه قاراب قالغان بو عددسز
ادارەلەرگه يتكوزه آلماسلق بلەن بو
خصوصداكى قايغوسى آرتماقدا . خذمت
چيلەرگه كلسەك ، يوقاريدا ايتيب اوت-
كەندەك ، اولەرگه هم آغيرچيلق كلمەى
قالماس .

قايسى طرفكه بولماسون بو خيل
آغيرچيلقلەرنڭ يوز بريشى فقط اولكه
مزده ، اوز قوينيغا مكلاغان ، يوز مگ
غان ايشچيلەرنى آلغودەك راووده فابري
كالارنڭ موجود ايمەسلكى شونگەدەك
هر خيل ايشلەب چاريش اورونلاريننڭ
بولماغانلقيدندور . اولكەمزده ايشسزلەر
نڭ كوب بولوشى و يلدن ـ يلغا يتش
مەكدە بولغان كادرلاريمزنڭ خارلانيب
قالماقى اوشه سببدندور . هر حالدا
حكومتيمز بو قانيمقى خذمتدن بوشا
غان خذمتچيلەرنڭ آغيرچيلق تارتيب
قالماسلقينى نظرده توتوب اولارنڭ علا
جينى قيلشنى ، كسبلەر تاپيب بريشنى ،
اوقوشقا تگشلك بولغانلارينى مكتبكه
كيرگوزوب حاليدن ياخشى خبر آلشينى
اوتونوب سورايمز .

☆ ) ☆ ☆ ( ☆ ) ☆ ☆ ( ☆

## الغار معلمەلەرنى مكافاتلاش

ايلك مكتبلەريدە اعلا ايشلەگەن ال
غار معلمەلەر موندن مقدم هربير ناحيه
دن معارف نظارتيغا معلوم قيلنغان . معا
رف نظارتى بولارنڭ روحينى اوستو
روش اوچون مكافات بريشنى اولكه
حكومتيگه التماس قيلغان .

الغار معلمەلەر بولسه : محمد ، عب
دالرحمان ، عبدالكريم ، ابراهيم ، عب
دالقادر ، احمد ، قدرت ، امين‌نياز ،
محمد كولە ، محمد نياز ، محمد سعيد
سويەناولە ، جاوشلە دييه ، نەن زيو
يوى دەلو ، والە يوخەن ، گاوسى مله ،
چين وينلوى ، تەيشەن يولە ، ليجالە
بولەلەردن عبارتدور .

## کورلا دەرنەك چیلەری

کورلادن اوزەل مخبریمز بیلدوره دور: 11 - سنتابر (یکشنبه) کونی ارتەلەب ساعت 11 دا برنجی دەرنەك اورنی بولغان حیران باغ بوواق آخون نىڭ باغ بوستانیدا دەرنەكنىڭ ایکنجی مجلسی اوتکوزولدی. دەرنەك رئیسی بولغان عبداللطیف افندی دیلشاد "بیلم دەرنەکی" نىڭ اهمیتینی سوزلەر ایکەن بونىڭ بیلم بریش و آلیش، ساغلام روحینی کوچەیتیش و ملی بیرلیکنی چیکتیشدا مهم بیر واسطه ایکەنلکینی ایلگری سورگەندن سوڭ کورلا دەرنەك چیلەری طرفیدن چقارالادورغان ییغما اوز تورکچه کلیمه بولغان "بیلك" نامی بریلدی.

موندن سوڭ ع. حسامیدین تورك ملتی، تورك مدنیتی، تورك آنا یور تی آفینی (تارقالیشی) حقیده مهم و قیمتلك بیر قونفرانس بردی. هرکیمدە ملی تویغونی اویغانقان بو قونفرانسدن کیین شعر بابیغا کوچولوب شاعر دولا نی طرفیدن "نصیه" دلشاد طرفیدن "کتیب باراتور" علی ظاهری طرفیدن "دەرنەك صداسی" م. اسماعیل طر فیدن "حقیقت" ناملق شعرلەر اوقو لوب آلقیشلاندی.

بو قیزغین کوڭللك دقیقەلەردن سوڭ قادر حاجم "دنیادا همکارلاشش" م. عشوری "کشی ضدیغا ایشلەمەسلك" حقیده حکمتلك سوزلەر سوزلەب همەنىڭ دقتینی جلب قیلا الدی.

فقط بو ملی دەرنەکیمزنىڭ اڭ قیزغین ساعتلەریدە تویوقسزدن هوا بوزولوب، سیم - سیم آرالاب یامغور یاغیب تور غانلقدن ایستەر - ایستەمەس مجلسنىڭ کون ترتیبی قسقارتیلیب، رەتدەکی ایش لەردە، 3 نجی بیلم دەرنەگینىڭ ضیافتی نی بریشکه تورك اویغور اویوشماسی خذمتچیلەریدن غفور چولاق، مابل ذکرالله، عبدالعزیز خان، یونوس محمودلار و قونفرانس بریشکه غفور چولاق بلگولەنگەندن سوڭ، دەرنەکچیلەر بیر - بیرلەری بلەن خوشلاشیب قایتیشدی.

## شهر خبرلەری

### مسلمانلەر جمعیتی قوروش حقیده بیر تلغرام

چینی تورکستانیمز بولسا اسلام دینی اڭ ترقی قیلغان بیر رایون بولوب خلقنىڭ کوپچولگی مسلمان بولغانلقدن، مرکزی مسلمانلار جمعیتینىڭ رئیسی بەی زوڭ شی افندی، اولکه حکومت رئیسی مسعود صبریگه، چینی تورکستاندا اسلام جمعیتینىڭ شعبەسینی قوروشنی توصیه قیلیب بیر تلغرام چککەن.

### محررلەر مجلسی اوزدورلدی

نشریاتیمزنىڭ ایلق محررلەر یغینی 27 - سنتەبر کچ ساعت 7 بلەن تحریر بولومیدە اوزدورولدی. ابراهیم طبعی، اداره و غزتەنىڭ بیر آیدن بویانقی خذمت احوالی حقیده قسقا بیر بیانات بریب غزتەنىڭ 1 - 2 - 3 - بتلەری تولوق کوڭلدەکیدەك کتیپ بارغانلقی، خارجی خبرلەردە مسئول محرر م. ا. بوغرا بك کوب کوچ چقارغانلقی سوزلەدی. 4 - بتنی تخیمو یاخشیلاش حقیده مذاکره بولونوب، خلقیمزغا تورلك ایشلەردن بیلم بریش اوچون مخصوص بت چقارماق بولوندی. بونىڭ محررلکیگه، نشریاتیمزنىڭ دائمی و فخری محررلەریدن مسئول کشیلەر بلگولەندی.

عیسی افندی غزتەنىڭ مقصدی مضمونی حقیده سوزلەب، "غزتەمز خلق ناشری افکاری بولسون، مضمونی مقصدیگه اویغون بولسون، خلقنىڭ فکرینی سوزلەسون" دیگەن بیرقانچە فکرلەرنی کورسەتیب سوزینىڭ آخرسیدا بو بیر آیدن بویانقی چیقیب تورغان غزتەمز مضمون جهتیدن یاخشی ایکەنلکینی آڭلاتیب اوتدی.

غزتەمزنی موندن کیین تخیمو یاخشیلاش مضمونینی تولوقلاش حقیده قرارلەر الینیب مجلس ساعت 11 دە یاپیلدی.

قوچقاج

### بوخگالتریه قورسیدا

بوخگالتریه باشقارماسی قارماغیدا آچیلغان، بوخگالترلەر یتیشتوروش قورسی موشو آینىڭ آخرلەری اوقوشنی بتورمەکچی.

کورس مدیری وبشی شی اوقوغوچیلار بلەن بیر صحبت قونوشماسی اوزگەزمەك اوزره 25 - سنتەبردە بیر مجلس آچقان. مجلسدە اوقوغوچیلارغا فکر و یولیوروقلار بریلگەن.

### قزیلنی تاپساڭ الارسن

جمعیتیمزدە حاضر تورلك ایشلەر یوز بریب یاتادور. شولەرنىڭ برسیدن بولغان "3 قارتا" اویونیدور. "3 قارتا" ("قزیلنی تاپساڭ الارسن") اویونی آشکارا بیر ساختا پزلك بولوب خلقنىڭ قلینی اڭگەکسز تارتیب آلیش دیمەکدور.

اورومچی شهرینىڭ آدم قاینامی بولغان مال بازاریدا بیر قانچە ساختا پز یویانچیلەر پیدا بولوب، بولار 3 قارتا بلەن بیر پارچە لاتانی دسمایە قیلیب "قزیلنی تاپساڭ الارسن" دەب بعضی بیر چتدن وياخود صحرادن کلگەن تادان خلقنىڭ کوزینی بویاب اولارنىڭ التی آی یاز ایشلەب تاپقان قلینی بویاپچیلق بلەن تارتیب آلماقدادور.

بو یاقینغیدن بری، بیر قانچە تورفانلق برادرلەریمزنىڭ بیر قانچە اون مایون قلینی شونداق ساختا پزلك بلەن تارتیب لغانلیغینی آڭلانماقدا. بو ایشلەر حاضر کوپەیمەکدە. موندای حرکتلەر آشکارا اوغورلوق بولوب، جمعیت ترتیبینی بوزادورغان عاملەرنىڭ بیرسیدور اونىڭ اوچون ساقچیلەرنىڭ موندای ناموافق حرکتلەرنی قطعی چکلەب یوقاتیشنی توصیه قلامز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# اچكى خبرلەر

(م ۰ آ 26 ـ 27 سنتابر خبرلەرى)

## صناعت و تريلغو ياردمى تيكلەندى

نانكين ـ حكومت فل اتابيتيني كو چەينش و ايشلەپ چيقارشنى آشوروش اوچون صناعت تريلغو ايشلەريگە فل قرض برشنى قايتادن تيكلەپ يورگوزوش كە قرار قيلدى. صناعتكە قيلينادورغان ياردمنى ياردم كيرەك زاوودلارغا مال دوبروش يولى بلەن قيلادورغان بولدى. تريلغوغا قلينادورغان ياردمنى نقد فل بلەن قيلادورغان بولدى.

## گينرال جاڭ جژجوڭنىڭ سياحت تاثيراتى

لانجو ـ يافيندا سارغ دريانڭ غر بيدەكى ناحيەلەرگە تكشوروشكە چيققان گينرال جاڭ جژ جوڭ مخبرلەرگە بر گەن ضيافتيدە سياحت تاثيراتيني بيان قيلدى. بو ناحيەلەردەكى سەيدام يايلا غيننڭ اوزونلغى 150 يول، كەڭلگى 80 يول بولوپ بير گز اوزونلقدەكى چوب بلەن قاپلانغانلقيني: حاضر بو يايلاغدا 20 مڭغا يافين ييلقى باقيلماق ـ دالقيني، چارواچيلقنى علمى اصولدا اليپ بارسا بو بيوك چاروا مرئزى بو لادورغانلقيني ايتقان. حاضر آچيلغان يوى مين ير باغى كانيدن باشقا جوجوەن ژون ديڭ باغ بولاقلارى هم مهملكيتي ايتقان. خلق تورموشيدن سوزلەپ، بو ناحيەلەردە تريلغو قرض فلى تارقاتيش نڭ كوپ يمان احوالنيڭيني بيان قيلغان.

# تاشقى خبرلەر

(م ۰ آ ۰ 26 ـ 27 ـ سنتابر خبرلەرى)

## برلين مسئلەسى جديلەشدى

پاريژ ـ انگلتره، آمريقا، فرانسيه لەرنڭ تاشقى ايشلەر بافانلەرى حاضر بو يەردە مهم بير مجلس اوتكەزيپ او روش باشلانغاندن بويانقى اڭ جدى بير قرارغا كيلشمەكدە. او بولسا: موسكوا راديوسى غرب دولتلەرينڭ برلين

# دولتيمز اقتصادى قايسى احوالدا

## بيوك دولتلك بايلاريمز قانداغ احوالدا

(چينچە غزتەنڭ نانكيندن آلغان مخصوص خبريدن قيسقارتيلدى)

يافيندا «مركز غزتەسى» بيرخبر اعلان قيلدى. بو خبردە: «حكومت تاشقاريغا فل يوللاشنى چكلەپ تورغان بير مزگيلدە، خارجدا اوزون تورغان، جنوبى آمريقادا كاڭوچوك (رزينكە) پلانتاسيەلەرى (بيوك تريلغو ميدانلارى) بولغان بيوك چين بايلاريدن بيرسى آمريقادا هر كونى 700 امريقا دوللارى خراجت قيلپ راحت ياشاماقدا. آمريقانڭ اوز بايلاريدامو كونيگە 700 دوللار خراجت قيلوچيلار آزدور. شونڭ اوچون حكومتنڭ بعضى اربابلەرى اونى دولتكە قايتوروپ كيلشنى قووتلەمەكدە» ديگەن خبرنى اعلان قيلدى.

بو اسميني يازماغان بيوك بايكون شالاشقى افنديدور. بو كيشى حكومت خذمتيدن بوشاغان بولوپ آمريقادا مو شونداغ راحت ياشاماقدا. دولت ايچيدە اونى مڭ سوكەن بلەن، دولت ايچى، مڭ دوزوخ عزابيندە بولغان بلەن بو باى گويا هيچ نرسەدن خبرى يوقدەك دنيا نڭ آلتونلار تولتى بولغان آمريقادا اوخلاپ توشومزدە كورمەگەن راحتچيلك ايچيدە ياشاماقدا. حكومت آمريقادن قرض لار بولسا، گرچە باشقا مسئول عملدارلار نى وكيل قيلسامو، امّا فلى كوپ بو باى ارالاشماغونچە آمريقادن قرض الا لمادى. بو باى آمريقادا كوپ توروش بلەن حاضر آمريقانڭ بيوك بايلارى بلەنمو ايشنى اوڭلاپ بولغان حاضر او نڭغا هيچ نرسەدن بى آرام بولماى هر احوالدا بز سيني يولەيمز ديگوچى آمريقا ماليە كاروللەرى آز ايمەس. دولتيمزدە عملدارلارنڭ چتكە كاپيتالينى آلپ قيلپ دولت احتياجيغا ايشلەتمەسلى دەپ ملك واقرانى بلەن بو خيل بايلاريمز شونداغ ياشاواتسا دولت نيمە قيلالور ايكين تانڭ؟!

بلەن ـ برلين هوا قاتناشيني هم نظارت استيفا لاتورغانلقيني بيلدور دى. بو وقتدا هم قوروغلق يوللاريني توسال قويوپ برلين مسئلەسى ديگەن مسئلەنى بير قانچە ايغا سورەپ كلمەك دە ايدى. آندى هوا يولينى هم تو ساغانى عرب دولتلەريني برليندن چيق ديگەندن باشقا مسئلە ايمەس. اگر 3 دولت تاشقى ايشلەر بافانلارى بوخصوص دا قرارغا كيلپ بو مسئلەنى بيرلەشمە دولتلەر 3 ـ قوروليتايغا تاشلايدورغان بولسا قوروليتايدا 20 ـ عصردە كو رولمەگەن بيوك تشويقات اوروش باش لانغوسى.

( * )

## اوچ باقاننڭ بش چارەسى

برلين مسئلەسى حقيدە مجلس چقال 3 تاشقى ايشلەر بافانى ساويت لەر بيرليگيناڭ برليننڭ غرب بلەن يول غان يگانە يولى ـ يولغان اتفاقچيلار هوا يولينى نظارت استيفا اليش (توختانيش) حقيدەكى طلبيگە قارشى 5 چارە بلگولەدى يولار:

1. بيرلكدە خطابنامە چيقاريپ ساويتناڭ بو ايشيناڭ قانونغا خلافلقيني اعلان قيلش.

2. برلين محاصرەسى دوام قيلماق دا بو محاصرە حاضر هوا قاتناشيغا هم ييتپ باردى دەپ بيرلەشمە دولتلەر تنجلق هيئتيگە عريضە برش.

3. اوچ بافان اوزلەريناڭ باش وكيللەريگە ساويتكە بردورغان جواب خط بلەن بيرلەشمە دولتلەرگە بيردورغان عريضەنى توزدوروش.

4. بوگون يەنە مجلس آچيپ بو جواب و عريضەنى تصديقلاش.

5. آق كتاب نشر قيلپ، مغلوبيتكە اوچراغان نچە آيلق صحبتنڭ اوڭ موشيني اعلان قيلش.

( * )

## برليندەكى ساويت واليسى قايتقان

برلين ـ انگلتره ادارەسى آ ـ تينداكى اخبارات ادارەسيناڭ خبريگە قا راغاندا ساويت بيرليگيناڭ برليندەتور غوچى عسكرى واليسى سوكولوووسكى موسكواغا چاقرلغان.

# اسپانيه تنجلقدهمو ؟

( چينچهه غزتهلك خلق آرا انظاريدن )

بو نوبت بيرلهشمه دولتلهر قورولتايى آچيلش مناسبتى بلهن عادتدهميچ ايش بوقدهك تورغان اسپانيه حقيده تورلك معلوماتلار اورتاغا چيقب، اسپانيه مسئلهسى هم بو قورولتاينك باش آغرتقوچ مسئلهلهريدن بيرسى بولوب كلمهكده. بو قاتيمقى قورولتايدا كورولهدورغان اسپانيه مسئلهسى، اوروش وقتيده فاشستلهر بلهن قيلغان همكارلقى اوچون اونى جزالاش مسئلهسى بولماسدن، بلكه اونك بلهن قايداغ قيلب بيرلهشيب ايشلهش مسئلهسى بولماقدا.

اسپانيه حاكم مطلقى فرانكو، بعضى آدملهر كوزيگه گويا قدرت ساحبى بولوب كورونسهمو، حقيقتده اوز حياتى تحلكهده قالغان بير حكمدارلقى آشكارا بولماقدا.

اسپانيه خلقينك اونكغا قارشيلق حركتى كوندن كونگه آرتماقدا. فرانكو بو حركتنى باسيش علاجى بولسا يوقاتيش اوچون، „خلق عسكرى“ اوزينى قوغداش اومهتلهرى نامى استيدالى قورالليق كوچلهرى اوچون بولغان خراجتنى كوندن كونگه آشورماقدا. مثلا: 1946 - ييلى بو خراجت 2 مليارد 800 مليون اسپانيه دوللارى بولغان بولسا، حاضر هر ييلى 250 مليوندن آشورولماقدا.

خلقچى غزتهلهرنك خبر قيلشيچه اسپانيه خلقينك فرانكوغا قارشى دانك كولهمدهكى حركتلهرى اوويدو، مادريد، آزميليا تاش بولينك غربيدهكى 1936 - ييلى فرانكو عصيان قيلغاندا اونك اساسى كوچى بولوب برگهن يرلهرده دوام قيلماقدا. 1945 - ييلدن تارتيب بو خلق حركتينى باسيش اوچون، هوا كوچلهرينى تانكالارنى ايشلهتكهلى باشلادى. 1946 - ييلى غنوار آيلاريدا، ماراكو (چينچهدن عينهن ترجمه) ولايتينك مركزيده اوستى اوستيگه 12 كون قوزغولاڭ بولدى. عادتده مونداغ فرانكوغا قارشى حركتلهردن كوز يوما دورغان فرانكو طرف غزتهلهرمو بو خصوصدا اوزينك صبرچاتلقينى ساقلاب قالالماى، بو اوروشدا 6 مكغا ياقين محله اوبلهرينى ويران قيلدى. سانسز فقرالنى قيردى. اما بوننك بلهن اسپانيه خلقينك بو خيل حركتينى باسالمادى. بو حركت ولايتدن ولايتكه توتاشيب يهنه دوام قيلغالى باشلادى.

فرانسيهنك „حركت“ مجموعهسى بو ييل بير مخبرينى فرانكو اسپانيهسيگه ايبهرگهن ايدى. بو مخبر فرانكو حاكميتينك تيررورى حقيده كوب تاثيرلك مقالهلهر كونهوردى. بو مقالهلهرده اسپانيه خلقينك قارشيلق حركتيدنمو كوب بحسلهر قيلنهان. اسپانيه خلقينك فرانكو حاكميتى بلهن كورشده قيلماقدا بولغان فداكارلقينى حيرانلق بلهن تصويرلهگهن.

موشونداغ احوالدا، هتلير اسلحهليدهكى اسپانيه حاكميتى اگرده باشقا بيرسينك قورال قيلش ارضوسيغا ايگه بولوب قالسا، مدتسز چاغيدا ياردم تاپقانى بولادور. اگرده بو فرانكو خارجى خريدارسز قالادورغان بولسا، اسپانيه خلقينك اوتقانى بولادور.

# جاگجيگگو شاگخهيده قانداغ ايشلهمهكده

ياڭى فل چيقب، مامورى پالاناڭ شاگخهيده اقتصادى مفتشلكى مديرى بولوب تعيينلهنگهن جاگجيگگو (رئيس جهار جالڭ كهيشى نالڭ چوڭ اوغلى) شاگخهيده باييلار سوداگرلهر، و فل توبروكلهرى بولمان شاگخهى بايلارى بلهن كورشكه باشلاغاندن تارتيب هممه آندهگه داڭقى معلوم كيشيلهردن بيرسيگه بلادى. بز بو يردن اونڭ شاگخهيدهكى حركتيدن اوقوچيلارغا قيسقاغنه معلومات بريب اوتهمز

- 1 - تجديد - ياڭى فل اعلان قيلب شاگخهيگه اقتصادنى اداره قيلش اوچون بارغان جاگجيگگو افندى ايشقا باشلاشدن ايلگرى شاگخهى اقتصادينى ايلكيده اوينانقوچى كاتتا بايلارنى، بانكاچيلارنى، زاوودچيلارنى توپلاپ ضيافت برگهن. او ضيافتده: „هر بيرلهرى مينڭ دادام ياڭى تاغالهريم اوزيداكى كاتتالار سزلهر. مينڭ بو دوبت شاگخهيده قيلادورغان خذمتمده، سزلهرنڭ ياردم و برليوروقيڭزلارغا احتياجم زور. فل اوزگوروچى چيننك يا اولوم يا كوروم نقطهسى، بو ايشدا حكومت مطلق اوتوب چيقشى لازم. مباده هر بيرلهرينك حكومت بلهن بيرلهشيب ايشلهمهسلكلهرى ارقاسيدا بو ايش مغلوب بولسا، ماگا سزلهرنك الديگزلاردا اولمهى ممكين ايمهس“ ديگهن. شاگخهى بايلارى بو سوزنى آڭلاغاندن كيين پوت قوللارى تيترهب، رڭلهرى بوزارغان.

جاگجيگگو افندى، باشقا عملدارلهردهك سوزده چوچوتوب قويوشبلهنلا ايشنى تۈگهتمهى، 23 - آوغوست كونى شاگخهيدهكى حكومت و شخصى آدملهر آمبارلاريدا 3 آيدن كوپ توروب قالغان گهزليمهلهرنى توتوب، مصادره قيلدى. بوننك آرقاسيدنلا شاگخهينك 14 زور توقوما زاوودينى قاتتق نظارت آستيغا اليب، آرتوق توروب قالغان ماللارنى مصادرهگه و ساتوروشقا كيرشدى.

بو تدبيرلهر بلهن گزليمه بهاسى بيرگه بير توشوب كتسهمو، اما سودا سوزلاشيب قالدى، بونكغا قارشى جاڭ افندى ٪ زور بايني توتوب قاماتدى. آمبارغا مال قويوشدن قورققان، باسيه بارلار آرتوق فل چيقسامو مالنى اوتراپا والونلهريده ساقلاب، بير كون شاگخهيده توققوزسا، 2 - كونى اوشغا يوتكهب، تكشوروچيلهر كوزيدن يوقاتيش اصولينى قوللاندى. اما جاڭ افندى بونيمو بيلب آليب واگوندن توشورمهيلا مصادره قيلدى. آينك آخريدا كاتتا بايلار اوزلهرينك سياسى توبروكلهريگه (حكومتده بيوك اورنى بار اما فلدا بولارغا بولهنگوچى) بولهنوب كوردى. شهر باشلقى اوگوجيگدهك آدملهرمو مونداغ توبروگى بار بايلاردن قورقوب، چوڭ ايشى بولسا كچكلهتيب، كيچيكينى يوقاتيب، علاج قيلا آلماغاندا، كوز يومب كلمهكده ايدى. سبب بايدن قورقماسامو، تانكيندهكى توبروكلهردن سسكهنهر ايدى. جاگجيگگو نڭ توبروگى آتاسى بولغانلقيدن او بو توبروكلهردن تپ تارتمادى. بير آياغ كيم شركتى ملڭ دوللار جريمانهنى توبروگى آرقالق جاڭ افنديدن آلماسلقنى التماس قيلغاندا، جاگجيگگو افندى، توبروگينڭ يوزينى قيلب يهنه ملڭ دوللار قوشوب 2 ملڭ دوللار جريمانه آلدى. بو خيل جدى تدبيرلهر ماليهسى بلهن ماليه ايشلهرينى بير قدر تينكه سالدى. اما يالغوز سياسى تدبير بلهن قولغا كهلگهن نتيجهوقتلق بولغانلقيدن، شاگخهى اقتصاد نشريالهرى اقتصادى چارهلهرى هم كوروشنى اونوتمهكده.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

تلده ، اشده ، فکرده ، برلك !

# ارك

مدیر : عیسی الپ تکین
باش محرر : م . ا . بغرا

2 اوکتبر 1948 ییل
٣٠ ذالقعده ١٣٦٧

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

206 سان شنبه قمتی : ایلقی ـ شهرگه 150000 دوللار چتکه پوچتاحقی قوشولادور


# هدفیمز خلق ایچی بولسون

باێلق ، مکتب ، بیلم یورتلەری بو اون یگرمه ییللق تاریخدا جمعیتیمزده „ باشلار “ یاکی „ ضیالیلار “ یاکی خلق تیلی بلەنراق أیتقاندا „ افندیلەر “ ناملق یاکی بیر اجتماعی قاتلام یتیشتوردی . یاکی مدنیتنك جمعیتیمزگه قیلغان هجومینك ضروری نتیجەسی بولغان بو قاتلام ملتیمز ایچیدەکی اجتماعی کوچلەرنی قایتادن بیر گروپپالاب چقدی . ایلگری دهقان قاتلامی ، هنر مندلەر قاتلامی ، تجارلار قاتلامی ، علمالار قاتلامی و بگلەر قاتلامیدن عبارت بولوب ، دوام قیلب کالگەن جمعیتیمزده حاکم قاتلام بگلەر قاتلامی بلەن علمالار قاتلامی بولوب ، اولارغا بوێون سونغوچی قاتلام دهقان ، هنرمند ، تجار قاتلامی ایدی . یاڭیدن شکللەنگەن یاشلار قاتلامی اوزینك باێلقی ، یاشلغی اوندورمه حالدا لقیغا قاراماسدن ، جمعیتیمزگه یاێلق هجومینك قدرتلك تاشقان دوری بولغان شكشیسەی دوریده ، اوزینك زمان طلبیگه اویغونلقی آرقاسیدا جمعیتیمزنك حاکم قاتلامی اورنیغا کوتەرولدی . شك دوبەن حاکمیتی بلەن چك علاقه باغلاب ، آلغان یاشلار قاتلامینك جمعیتدەکی اعضالەری بولغان ، معلم ، اوقوشما خدمتچیسی ، مأموری خدمتچی بولوبمو سالچی خدمتچیلەرینك حکمرانلقیداکی نفوزی بونی بر کەاچیق کورسەتەدور . شك دوبەن حاکمیتینك تحدیدی آستیدا اوزینك جمعیتدەکی حکمرانلق اورنینی کوروب تورونوشده یاشلارغا اوتونوب برگەن . بگلەر طبقەسی بلەن علمالار طبقەسی چار ناچار یاکی حاکم طبقه بولوب اورناغاچقان یاشلار ، افندیلەر طبقەسیگه „ الطاعت “ قیلسامو ، اما اوزینك جمعیتدەکی نفوزینی تیخی یوقاتماغان ایدی . یاشلار بمزمو ، اوزینك تیرەگی قیلب ، جمعیت خلقینی الماي ، شك دوبەن حاکمیتینی الغان ایدی . خلق شك دوبەن حاکمیتیدن قورققانلقی آرقاسیدا ، یاشلارنی حرمت قیلسامو ، اما حقیقی رویشده خلق کوڭلیدن قاینەب چققان بیر نفوز بیر سیوگوگه یاشلار تیخی ایگه بولا الماغان ایدی . یاشلاریمز میکه سیده ، مکتبده ، اوقوشده الدیغا قویغان هدفی کوپنچه حکومت خدمتچیسی بولوش ، حاکملق درجەسیگه شك دوبەن حاکمیتی تیرەگی بلەن کوتورولگەن یاشلار طبقەسیدن اورون آلیش بولدی . بونك نتیجەسیده ، کوب چولك یاشلاریمزدا جمعیت خلقینك سیوگیسینی قازانیش اوقوب آدم بولغاندن کیین ، حکومت خدمتیدن باشقا خدمتلەرده هم ایشلەش دیگەن توشەنچه بولمادی . مکتبلەریمزنك هم تولاسی ، یاشلاریمزغا حکومت خدمتیدن ، معلملکدن باشقا ساحەلەرده کرەك بولادورغان بیلمنی بریشنی یا اویلامادی ، تاکی اولاغودەك بولمادی .

شك دوبەن حاکمیتی هم یقیلدی . اونك اورنیغا کلگەن متعصب او جولکشینك حاکمیتی ، شك دوبەن وقتیده اوسوب یتشیب ، حاکم طبقه بولوب اولگورگەن یاشلار تورکومی اورنیغا تاریخنك قارا کوچلاری بولغان متعصب صنفلارنی قایتادی تکلەدی . بولار یاشلارنك خلق ایچیده تاینچی یوقلغینی بیلگەنلکی اوچون آسانلا برگه اوردی . هربرده معلم خار ، هربرده افندی خار ، هربرده یاش خار بولغالی باشلادی .

ایلگری جمعیتده خلقنك قورقونوشو تحدید آستیدا قیلغان حرمتی احترامیغا اورگەنیب قالغان یاشلاریمزغا بو خارلق آغیر تاثر بردی . کوب یاشلار امیدسزلککه توشدی . حقیقتده خلقنی اوزیگه تیرەگی قیلا الماغان هر قانداق بیر قاتلامنك عاقبتی بونگدن باشقا بولوشی ممکن ایمەس ایدی . او جولکشین اورنیغا قورولغان اولکەلك حکومتنك یاکی سیاستی گرچه یاشلارنی بنه بیر قدر کوتەریب ، بولەب ، کورسەمو ، مرکز شهرلەردن باشقا جایلاردا یاشلار اوز اورنینی قایتا تیکلەب آلالمادی .

بو آچچیق تجربه بیزنك یاشلاریمزغا اصلی توغری یولنی یعنی جمعیتده ، تیرەنمەس بیر اورون قازانیش اوچون تیرەنیب ، اوزگەریب تورادورغان سیاسی حاکمیتنی تاینچ قیلماي ، کەڭ خلق عامەسینی تاینچ قیلش ضرورلکینی کورسەتدی . حکومت ایشلەتسه ، توق ، حکومت ایشلەتمەسه تاینچسز رویشده آچ قالیشدەك آچچیق تجربەنی باشیدن کوچوره یاتقان یاشلاریمز بلنی یەنه بیر باغلاب ، حکومتکه تاینماسدن کون کوچوروش یوللارینی اورگەنمەکی لازم . بونك بوگونکی کونده بگانه یولی خلق ایچیگه قایتیشدور . خلق ایچیگه قایتیشدن ، یاشلاریمز خلقدن مستقل تورموش یوللارینی اورگەنسه ، خلقیمز یاشلاردن یاکی آکی ، یاکی بیلم اورگەنەدور . یاشلار خلقدن آرتوق بولغان بیلمیگه تاینیب خلقنك کون کوروشینی یاخشیلاش حقیده

( دوامی 2 ـ بتده )

( باشی 1 - بتده )

لانسا تریشسا ، برنچیدن اوز حیاتی
اوزیگه مستقل بیر حیات بولسا ، ایکن
چیدن ، خلققه هم فائدەسی یتیب ، یاش
لاریمز جمعیتیمزنڭ تاشیدالی یان تشیـ
لکدن توتولوب جمعیتیمزنڭ حقیقی
ایچکی اعضاسی بولوب یتیشب چقادور .
أگر او خلق ایچیگه کیریب بیلمز یا
یب ، یاییدن خلق ایچیدن اوسوب چقـ
سا ، و خلقیغا قیلماقچی بولغان بتون
مدنی تارتیش حرکتی و سیاسی ترقیـ
نی خلق ایچیده توروب قیلسا ، دوز
داق بیر یاشنی هیچقانداق بیر سیاسی
بورانلار ، خلق ایچیدن بولەب ، آلیب
کیچالا تایانچسز تاشلاب آلمایدور .
بیز یاشلارنی ، بوگونکی حکومتکه
بولونوب ، یاشلیدن آلدورغان ضربەلە
ریمز ، آستلاب اوز جامشیمزنیا قاراماسـ
لین هایدایدور . شونڭ اوچون بیز بو
نی الین اویلانیب خلق ایچیگه کریش ،
بوللارینی اورگەنمەکیمز ، اورگەنگەنلەر
نی مطبوعات آرقالق بتون یاش دوستلار
غا تقدیم قلماغیمز ضرور وظیفەلەردندور .

# اولکە و شهر خبرلەری

## اشلق باشقارماسی باشقورماقچی

جمعیت باشقارماسی طرفیدن شهریـ
مزدەکی کمبغللەرگە تکسی بهاسیدا سا
تیب بریلب کیلب یاتقان آشلقلارنی
مردین کیین آشلق باشقارماسی طرفیـ
دن باشقارولادورغان بولنغان . خلقنڭ
قولیدەکی آشلق سانیب لیش اوچور آلنغان
کینه بلتنی 1 - اوکتەبردن 3 - اوکته
بر گەچە هربر رایونلاردەکی آشلق سا
تیب بریش اورونلاریدن یەنگوشلەب
آلیش توفرالق آشلق باشقارماسی اع
لان چقارغان .

ف .

( ج . ت . ا . خبرلەریدن )

## خلق یغیشلاریغا بریلەچەك یاغی سوهما

ایچکی ایشلەر نظارتی محلە ، خلق
زور یغینی ملك ایکی ، یوز ایکی ایشـ
خانەلەری و ناحیەلك کیکەش هیئتینڭ
خراجتلەرینی 30 نچی بیلنڭ توختامی
دوینچە بریب کلگەنلکدن اولکەلك حکو
متکه تصدیق بلەن 10 حصه شور
غان ، بیر ییللق فل بیر بولی بریلـ
ەکچی .

## تاش یوللاری اوستیدە تکشوروش

قاتناش وزارتی تاش یول باش ادا
رەسینڭ مخصوص صورتده ایەرگەن
کیپلەری ایکی اوچقودا اولتوروب باقیـ
دا شهریمزگە یتیب کلگەن . 6 - رایون
تاش یول ادارەسی یوللارغا کورسەتمەك
اوزره تاش یوللاریغا عائد لسته و جد
وللەرنی جدی صورتده تیارلاماندادور .
النغان خبرلەرگە کوره تاش یول ادا
رەسینڭ باشمانی لوی افندی بولار بلەن
برار بتون یوللارنی تکشورمەکچی ایکەن .

## یاغی قورولادورغان اون و یاغ زاوودی

اورومچی تجارلاریدن بولغان عرفان
افندی اون یاغ زاوودی قوروش مقصـ
دی بلەن اولکەلك حکومتدن دو ملیارد
300 ملیون دوللار سوراغان ایدی .
اولکە حکومتی رئیسی مسعود بك صبـ
ری بو سومنانی تصدیقلاش بلەن برا
بر ، ایشلەب چقارغان مانر یتالملا رینڭ
بازار بهاسیدن آرزانراق بولوشینی تو
صیه ایتقان .

## اوروچیدە تاپیلغان تومور کانی حقیدە

شیمیکو اطرافیدا تاپیلغان و برلك
لەردن گومن جاڭ فو ، مهندس والاشلا
چیلك طرفیدن آچیلغان تومور کانیدن
ایکی آت ناقاسی یاسالیب تعمیرات نظار
تیگە تکشورمەك اوزره سونولغان ایدی .
بو کان توموریدن یاسالغان تاقلار مر
جهتدن یاخشی بولغانلقدن بو کاننی
تکشوروش اوچون کشی چقاریلغان .
گومن جاڭ فو ، حکومتکه بو کا
نی کەلگی توردە آچیشدن اول أسکی
اصولدا آچیشنی روخصت قیلشقا مدد
یاسالیب بوتمەگەن خیمیه زاوودینڭ بنا
سینی وقتلق بریب توروشقا و یاغی
تومور کانچیلق زاوودی قوروشقا التـ
ماس قیلغان . بو التماس صدیقلانسا
کەلگی توردە ایش باشلانماقچی .

## محررنڭ مهم بیر اوختو روشی

باقیندا غزتەمزنڭ برلك خبرلەر
یتیدە ، جمعیتدەکی بعضی خاتون قیز
لەرنڭ کییم مسئلەسیدە اسرا فچیلقغا
بیریلب کیتب ، کیچك خذ متچی بولغان
أرلەرینی قافیا تقانلقی حقیدە یازلغان
بیرصحبتدە خاتون قیزلەر فابریکا سیدا
کی خانم قیزلەرنڭ شخصیگە تیگب کته
دورغان بعضی سوزلەر یازیلب قالغانلیـ
قی اوچون مذکور خانم قیزلەرنڭ شکا
یتیگە بنا غزتەمزنڭ برلك خبر لەرینی
محرری فابریکادەکی خانم قیزلەردن عفو
سورایدور . بوندن کیین خانم قیزلەر
حقیدەکی مقالەلەردە دقت قیلادورغانلـ
قینی هم شو صحبتنی یازغان جوشقون
افندینڭ غزتەمزدەکی مخبرلك حقینی چکـ
لەش بلەن تنبیه برگەنلکینی بیلدورەدور .

برلك خبرلەر محرری

## تشویقات هیئتی تشکلینی قسقارتقان

خدمتچی قسقارتیش مسئلەسی باشـ
لانغاندن سوڭ اولکەلك تشویقات هیئتـ
ی تشکلینی اوزگرتیب تشکلیدەکی 6
غربیانی 3 گە قسقارتقان . آلنغان خبر
گە کوره ؛ یەنە بیەنیر و یەنخوی دیگەن
بیر هیئت تشکیل قیلنغان بولسا کرەك .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# اچكى خبرلەر

( مركزى ئاژانس 29 - 30 - سنتابر خبرلەريدن )

## كادر ايشلەتيشدە ياڭيلق

ناكيڭدە تارقالغان خبرگە كورە، رئيس جمهور ادارەسى حكومت خادملەرى ايشلەتيشدە ياڭى پرنيسپ قبول قيلغان. بو پرنيسپقا بنا" بتون دولت بويونچە، مأمورى عسكرى و فرقە خدمتچيلەريگە آدم آليشدا، دارالفنون بترگەن بولوشنى شرط قيلمايدور. قابليتنى شرط قيلادور. ادارە باشلق بولغان آدملەر بير آدمنى قابليت جهتيدن تكشوروب اوستون صفتلەر تاپسا ايشقا تقديم قيلادور. اگر بو آدم ديگەندەك ماهر كادر بولوب چيقسا تانوشتورغوچى مكافاتلاندور. نا قابيل چيقب قالسا، تانوشتورغوچى جزاغا تارتالادور.

— ﭐﭐﭐ ( — ﭐﭐ — ) ﭐﭐﭐ —

## ياپون - چين تجارتيدە قاغا سودا قيلشقا يول قويولدى

شانخەى — آمريقانڭ ياپونيەنى ادارە قيلش محكمەسينڭ ياپونيە بلەن چت دولت كيشيلەريگە مالغا مال آلماشلاب سودا قيلش چكينى اليب تاشلاب، نقد قل بلەن سودا قيلشقا رخصت قيلغاندن تارتيب حكومتيمزمو، ياپونيە بلەن سودا قيلغوچى خصوصى سوداگرلەرگە ياپونيە بلەن نقد قل بلەن سودا قيلشقا رخصت بردى.

— ﭐﭐ ( ﭐ ) ﭐﭐ —

## ساعتلەرنى بير ساعت استالاتايلى

حكومت يازلق وقت قاعدەسينى توختاتيب قيشلق وقت قاعدەسينى اجرا قيلدى. 10 - آينڭ بريدن تارتيب ساعتلەرنى بير ساعت آرقاغا سورەدورغان بولدوق. بونڭ اوچون 30. سنتابر بلەن 1 - اوكتەبر آراسيداكى كيچەدە ساعت 12 بولغاندا ساعتلەرنى بير ساعت ايلگرى سوروشكە قرار قيلندى. حكومتدن بو اعلان مطبوعات و راديو آرقالق اوختوروش بلەنلا اجرا قيلنماقچى بولدى.

ﭐﭐ )( ﭐﭐ ) ( ﭐ ) ( ﭐﭐ )( ﭐﭐ

# تاشقى خبرلەر

( 29. سنتابر م . آ . خبرلەريدن )

## بيلگيە تاشقى ايشلەر باقانى وشينسكينى قاتتق رد قيلدى

پاريژ — بيرلەشمە دولتلەر قورولتاييدا غرب دولتلەرى بلەن ساويت بيرليگى اورتاسيداكى مناظرە كوچەيب كەتدى. انگليز تاشقى ايشلەر باقانى ساويت باش وكيلى وشينسكى سوزينى نهايتى قاتتق حقير مازاحلار بلەن رد قيلغاندن كيين، بيلگيە تاشقى ايشلەر باقانى سپالك هم وشينسكى سوزيگە كسكين هجوم بلەن جواب قايتاردى.

وشينسكينڭ „ سزلەرنڭ سياستيڭز لەر وحشى نيەتلك سياست، سزلەر دولتنڭ مطلق حاكميت حقى بار دەب تشويقات قيلغاندا بز حقيقتدە بز سزلەردن قورقامز" ديگەن سوزيگە قارشى: „ بزنڭ سياستيمزنڭ آساسى قورقوشدور. اما بو عاجزلق قورقوشى ايمەس. بلكە كيلەچەكدن اميد كوتكەن كيلەچەكدە آلديغا كيلەدورغان مدهيش احواللاردن قورققوچى كيشيلەر قورققوسيدور" ديگەندن كيين كامونزمغا هجوم قيلب: „ عرب دولتلەرى بير نوبت، حاكم مطلق مسلكيگە قارشى سوقوشنى باشدن اوتكەزدى شونڭ اوچون 2 - بير حاكم مطلقلق حاكميت قوليغا توشوشنى هرگيز خاهلامايدور. بزنڭ خاهلاشيمزچە خلق دولتكە خدمت قيلماسدن، دولت خلققە خدمت قيلشى لازم" ديدى. سوزنڭ آخريدن وشينسكينڭ عرب دولتلەرى اوروش حاضرلقى قيلغوچى باقالادور ديگەن سوزيگە قارشى „ اوروشنڭ بولوش احتماليغا حضرلق، اوروش باشلاش بلەن علاقەسزدور. وشينسكى ساويت قورومى رئيسى ( سەمەنوف جانڭ ) اوروش تيختيكاسى پلانلارى تۈزۈمەبولاتادور دەب قسم بره لادور؟ " ديدى.

ﭐﭐ ﭐ ×××× ﭐ ﭐﭐ

## حيدر اباد مسئلەسى مناكرەسى

بيرلەشمە دولتلەر قورولتاييدا حيدر آبادنڭ عريضەسى و اونى قايتوروب آلغانلقى مناكرە قيلب، چين وكيلى حيدر آباد پادشاسينڭ عريضەنى قايتوروب اليش طلبيگە اوزى قول قويغانلقى، اوزى خواهلاب قيلغانلقينى كورسەتەدور، ديسە بير مونچە باشقا دولت وكيللەرى، حيدر آباد واقيەنڭ بو عريضەنى قايتوروب آليشى هندستان حكومتينڭ زورلاشيدن بولدى. چونكە بو قايتوروب التماس هندستان وكيلى آرقالق قيلندى. شونڭ اوچون عريضەنى توغرى سانالب قايتوروب آلغانلق التماسينى كوچكە ايگە ايمەس دەب قبول قيلماى بولمايدور ديگەن فكرلەرنى بيان قيلدى.

ﭐ ﭐﭐ × × ÷ × × ﭐﭐ ﭐ

## بير مليونر مهندسنڭ ايجادى

مليونر بير آمريقالق مهندس باريڅيدن كوپراغى توپراقنڭ آستيدا بولغان و مكلاغان تونتا بيون و پولات قوللانيش يولى بلەن اعمال قيلنغان بير بنا ياسادى. بو آمريقالق مليونر ژەرسەى عسكرى قطعە سيگە قارشى بير آتم تاشلانغان تقديردە اوزينى بير بنا ايچيدە بريوزيدە ساغ قالادورغان يگانە انسان دەب بيلمەكدە.

بر آستيدا ياسالغان اويلەر ايچ بير نرسە سەزدورمەيدورغان بير رزدە اشلەنگەن بولوب بو اويلەرگە باتادورغان 200 كشى ئاملارنڭ پوختە اشلەنگەنلكى اوچون اوزلەرنى رادیو آكتيوتەگە قارشى ساقلاب قالالادور.

كو رلا ده ر نه كچيله رينىڭ بيمشنه ربدن

## مبارك

بوگون بيز گل تيزارمز، چوغلاشيب بورت لاله زارندن ،
زمان آرزوسيغا ماس كورسوته‌رمز خصلت دبارندن
اوروم‌چى بولدى يورتقا هر طرفدن علمى بير مركز،
اوبوشدى، قوردى „ ده‌رنه‌ك “ توركالك مدارندن
بو ده‌رنه‌ك تاثيريدن اويغانب اويقودن ياشلار،
بيلم ارماغيغا چومه‌كگه توشدى اختيارندن،
ييغلدوق، توپلانيب كورلا باغيدا بزمو „ ده‌رنه‌ك “ ده‌ب،
بوگون خسته كوگلله‌ر يايراشور كيم هر غزارندن.
چيرايلق دسته گلده‌ك آر - عيال قيز همده اوغلانلار،
بحث آچار مليتدن، توركالك شعارندن
كله‌ر بوگا قيزقچيله‌ر، چاقچاقلاريني توپلاب،
عمومنى دولدوره‌ر، ملى محبت بزده بارندن
چالور سازه‌نده دوستلار، ساز قوچاغلاب ملى كويلارغا
بوندا نوا آگلاغايمز، نوائينىڭ دوتارندن.
آياقلار ديسه‌ب اوينايدور، غزلله‌ر هم جارالايدور
خوشخالالقدور، خوشحاللق بزده برلك ايز قويارندن.
قلمله‌ر تيره‌شور موندا: اوقور شاعر قوشاقلارنى،
بتون ملت فخرلنور، بوگوزه‌ل گلزارندن.
مقصديمز اورگه‌نيشدور، اورگه‌تشدور ايلگرى باسش
بتون بو مليتيمز سسس برور نوبهارندن
اميد كوچالك يارادلار، خوش مبارك! غيرتك كورسه‌ت.
بوگون دلشاد بولماقدا شاد، باغدا گلله‌ر آچيلارندر.

---

بو كونىڭ ادبى مسئله‌سيگه دائر

.علمسز شعر، اولسز تامغا اوخشايدور.

## تخيجه شاعرلاريمزغا بريلمه‌ئن بير كيگه‌ش

مقاله‌مزنىڭ باشيغا توركله‌رنىڭ و بو
تون شرقنىڭ بيوك شاعرلاريدن بيرى
بولغان فضولينىڭ مقاله‌سيني كلتوردوق:
بوسوز انىڭ نالانتاق بير قام ايكه‌نيدن
چققانلقدن بك موافق دب بيله‌مز. حقي
قتده تكداشى يوق ليريك بير داهى
بولغان فضولينىڭ ديگه‌نيگه اوخشاش
„ علمسز شعر ، اولسز تامغا اوخشاي
دور “ دنيا ادبياتينى و دنيا اوستادلاري
نىڭ حياتلارينى كوزدن كوچوروب ندن
اصلى مسئله‌گه يونكلشنى موافق ده‌ب
بيله‌مز . شونيمو علاوه قيلايليكه شعر
و صنعتنى جهالت بله‌ن توتم كوروشكه
و بونى اعلان و تشويق قيلشقا هيچ
نداق ادم جرئت قيلا لماس .
دنيانىڭ بيوك داهيلاريدن بيرى
بول شاعرى هومير دور . بو ادمنىڭ
حقيده بير بيريگه اوخشاماغان افسانه
له‌ر بار . بير روايتكه كوره نادانىڭ
بيرى ايش . ايكيلا كوزى كور ايمش .
„ ايلياد “ و „ اوديسا “ حقيده 19 -
عصر ارالريدا تكشوروشله‌رده بولغان
تنقيد چيله‌ردن بير قسمى : بو اثرله‌ر
نىڭ بير آدمگه عائد بولغانلقيدن شبهه
قيلديله‌ر . اولار ديديله‌ركه „ ايلياد “
و „ اوديسا “ بير قانچه‌لاغان خلق
شاعرله‌ريىڭ وجودقا كلتورگه‌ن پارچه‌له‌ري
نىڭ بر يرگه يغيلشيدن حاصل بولغان.
هومير آتـاق بير آدم دنياغا كلگه‌ن
ايمه‌سدور . بير قسم تنقيدچيله‌ر „ ايل
ياد “ بله‌ن „ اوديسا “ آراسيداكى اص
لوب و ذهنيت فرقيني بهانه قيلب دنيا
دا „ ايكى هومير “ نىڭ اوتكه‌نلكيني
فهم قيلادور . مشهور فيلولوك „ دري
نال “ بوندن 30 ييل بورون نشـر
قيلغان دقتكه لايق بير اثريده ديگه‌ن
ايدى كه : „ بو ايكى اثر نه كوبله
گه‌ن ادمله‌رنىڭ ، نه‌ده ايكى باشقا - باشقا
آدمنىڭ محصوليدور . تولوق و كمالتكه
يتيشكه‌ر بير شاعرنىڭ اثريدور . او
شونداق بير شاعر، كه اوزيدن بورون
اوتوب كتكه‌ن قانچه ، قانچه‌لاغان شاعر
لارنىڭ ذوقله‌ريگه و اصلوبلاريغا توشه‌ر
گه‌ن و ايگه بولغان بير ذاتدور . „ ايل
ياد “ نا اوخشاش „ اوديسا “ غا اوخ
شاش تكداشى يوق بير صنعت محصو
لى يالغوز بير آدمنىڭ قلميده يازيلادور.
انىڭ كهنه بير شاعر بولغان هومير نادان
ايمه‌س ايدى . قيني اويلاب باقايلى،
اوقوماغان بير كشى نه يازا آلادور،
نه‌ده كوره آلادور.
حقيقتنى آشكارا قيلش اوچون
زور - زور ادبى منزلله‌رنىڭ كيلب چي
قشله‌ريني آيلەش لازم :
كلاسسك دور نى يارانقان رونسا
نس ( 1 ) ايدى . رونسانس بولسا يا
گى و بوتون عالم تانويدورغان فكر
و فلسفه ديگه‌ن بولادور. رومانتيك دو
ريگه كلسه‌ك، بو بير طرفدن جان ژاك
روسسونىڭ ملاحظه‌له‌ريدن؛ باشقا بير
طرفدن تنقيد و نظريه‌له‌ردن، يعنى بير
فكردن ميدانغا كلگه‌ن. رئالست دورگه
كلسه‌ك، بو دور عالمله‌رنىڭ 19 - عصر
ده يتشكه‌ن كمالتيدن ادبياتنىڭ توب -
توغرى متاثير بولغانلقيني، و بو تا
ثيرني بتون وجودى بله‌ن اوزله‌شتور
گه‌نلكيني كورسوته‌دور. انىڭ آخريدا
سمبولست ( 2 ) شعر طرزيگه كيله‌مز.

* * *

ادبى كمچيلكله‌ريمزنى، علم و عر
فاننىڭ آرقادا قالغانلقيدن كوروشيمز
كيره‌ك. „ مگا اوز طبيعتم، اوز استع
دادم، اوز الهاملارم يتيه‌دور “ ديگوچيله‌ر
بولسا اوزله‌ريني آلداغوچيلاردور.
حقيقتده، خيلى زماندن برى وفا
سز يارلارغا خطاب قيلنب كلگه‌ن سوزله‌ر
تكرارلانا - تكرارلانا بك توبه‌نله‌شيب
و ياقيمسزلاشيب كتكه‌نلكيگه شبهه يوق
دور. عشق و محبتنى سوزله‌يدورغان
موضوعلار يالغوز بوگا اوخشاش فر
روق گپله‌ر بلنلا چكله‌نيب قلماسدن
شو عشقى حسلارنى افاده‌له‌ش اوچون
هر تورالك موضوعلار باردور.
آوروپالق يازوچيلاردن بعضيله‌رى
باشدن آياق قاتةزى يانيدا بولوب عل
گه قارشى توراددور. اونوتماسلقيمز
كيره‌ك، كه بو آدمله‌رنىڭ وطنله‌رى باى
و مدنيتلك يرله‌ردور. هر قانداغ شاعر
اوزيدن بورون كيلب كتكه‌ن قانچه‌لا
چه‌لاغان داهيلارنىڭ اثرله‌ريگه ميلى خواه
لاسون، ميلى خواهلاماسون ايگه بول
غان و هه‌ممه‌سيني كوزدن كوچورگه‌ن
دور. بزگه كلسه‌ك:
اوقوماق، اوقوماق، اوقوماق....
مانا بو ياشلاريمزغا قيلادورغان بيرنچى
بير توصيه‌مز!

---

( 1 ) رونسانس - آوروپادا اور
تا عصرده بيلم و صنعتده حكم سور
گه‌ن بك تار رامكاداكى اويغانش.
( 2 ) سمبولست - معنانىڭ اچوق
لقيدن قاچيب، توشه‌نگه‌لى بولمايدور
غان افاده‌له‌رنى قوللانغوچى.

ئۇيغۇر كتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تلدە ، اشدە ، فكردە ، برلك !

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

# ارك

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز توركستاندور

٤ ذالحجة ١٣٦٧ .
8 اوكتەبر 1948 ییل

مدیرى : عیسى الب تكین
باش محرر : م . ا . د . ح . ا

207 - سان     جمعە     قمتى : ایلقى - شهرگە 15000 دوللار چتكە پوچتاحقى قوشولادور

# „ كەڭ “ و „ تار “ مسئلەسى

عوام خلق „ كەڭ “ دیگەن بو بیر سوزنى „ نهایتى كەڭ ـ تاشالق، نهایتى كەڭچیلك ، و كەڭزارلق دیگەن معنادا ایشلەتەدور . شونگدەك „ تار “ دیگەن بو بیر سوزنى هم „ نهایتى تار قورساق ، تارچیلق ، و نهایتى تارلق دیگەن معنادا ایشلەتەدور .

بو „ كەڭ “ وباكى „ تار “ دیگەن بو بیر سوز علم ساحەسیگە بولوبمو سیاست ساحەسیگە آقیب كردى . بیوك سیاستچیلەر، عالملەر بو كەڭ ، تار سوزینى كوب ایشلەتیشكە باشلادى . دیمەك تار ، كەڭ دیگەن بو بیر عوام سوزى بیر سیاسى اسم بولوب قالدى .

بوگون بعضا ضیالى آدملەر عوام خلق اورتاسندا بو بیر سوزنك قانداق معنادا ایشلەتیلب تورغانینى بیلمەگەنمو وباكى تارنى كەڭ معنادا ویاكى كەڭنى تار معناسندا خطا آڭلاب قالغانمو ، بو گون بو بیر اسمنى اوز اورنندا ایشلەتە آلمای یاتمافدا . راست شونداق بولغانمكن دیسە ، اولارنك سوزینك معناسیغا قاراغاندا ، او سوزنى نەیرگە ایشلەتەدور غانلقینى بیلە آلمای گمان ایلە ایشلەتكەنلكى سزیلمەیدور . اولار هر زمان هر سوزیندە اوزینى كەڭ ، باشقالارنى تار قیلب كورسەتەدور . راست شونداغمو دەب سوروشتور سەڭ ، حقیقت اونداق بولوب چقمایدور . مثلا : اوزینى كەڭ دەب كورسەتكەنلەر اوزلەرى او قدر كەڭ ایمەسلكى ، اولار تار دەب كورسەتكەنلەر او قدر تار ایمەسلكى معلوم بولادور .

اولار بعضا كونلەرى سوزلەرندە ، و یازغان مقالەلەرندە پلان آدملەر تار آڭداكى آدم ، تار ملتچى ، تار دائرەدەكى آدملەر دەب اولارنى تار سوزى ایلە عیبلایدور . اوزلەرینى بیز كەڭ آدم ، كەڭ خلقچى انسانلەر دەب اوز سوزى ایلە اوزینى فخرلەندورەدور . اوزینى كەڭ دەب ساناغان شول بعضا انسانلەر اوزلەرینك عملى حركتندە بتونلەى تارلق ایلە ایش آلیب بارادور . بتون مسئلەگە یالغوز سوبیكتیف نقطەدن قارایدور . یالغوز اوز توشەنچەسى ، یالغوز اوز منفعتینى دنیادەكى حقیقت شول دەب كورسەتەدور . باشقالرنك توشەنچەسى ، باشقالرنك فكرینى دنیاداكى تار بیر نرسە قیلب كورسەتەدور .

بوگون منا اسمنى جمیغا اویغون كلمەگەن آتالما كوب قوللانیشقا باشلادى . بعضالەر هە ! دیسە ، فكریگلەر تار ، حركتیگلەر تار ، كەڭ دائرەگە چقیب بازیگلەر ، سوزلەگلەر دەیدور . بیز بو قالایماقان ایشلەتكەن آتالمادن توغرى بیر معنا آڭلا یالمادوق .

بیز بو سوزلەرگە شونداق معنا برەلەیمز .

اوزوم یاشاسام ، أركن یاشاسام ، ایزیلمەى یاشاسام ، بوزەك ایتیلمەى یاشاسام ، باشقالارمو أركن یاشاسا ، ایزیلمەى یاشاسا ، ظلوم كورمەى یاشاسا ، نەڭ یاشاسا ، اوزوم ایزیلمەسەم ، باشقانى أزمەسەم دیمەك كەڭلك بولسا كرك .

بو بیر نقطەنى كەڭ دەب ایشلەتسەك بولادور .

اوزوم یاشاسام ، أركن یاشاسام ، ایزیلمەى یاشاسام ، اوزوم كورسەم ، او زوم اوچون باشقانى قربان قیلسام ، منك أركن بختلك یاشاماغم اوچون زیانلق بولغانلەرنى دفنە قیلسام ، باشقالار نیمە بولسا بولسون ، دنیادا منلا یاشاسام دیمەك تارلق بولسا كرك .

شونداق معنادا ایشلەتیلمەس ایكەن ، بو تارلق ، كەڭلك اوز معناسندا قوللانیلماغان بولادور .

. . . الك آخریندا اوزینى كەڭ ، باشقانى تار قیلب كورسەتكەن شونداق آدملەر اوزینك قانچەلك كەڭ آدم ایكەنینى عملدە كورسەتسون ، یازغان مقالەسندە ، حقیقى كەڭلك نقطەدن یازسون . یالغوز كوزنى یومۇب آلیب آق دنیادن خبر سیز ، قارا دنیادن الهام آلیب یازماسون ، سوزلەمەسون .

— * * ( * ) * * —

# „ سولە “ ژورنالینك ٣ نجى سانى چققان

شهریمزدەكى تورك قازاق باشلارى طرفیدن نشر قیلب كلگەن „ سولە “ ژورنالینك 3 نجى سانى یاقیندن باسمادن تیارلانیب چققان . بوگون أرلە خلق بلەن یوز كوروشسە كرك .

5 نجى اوكتەبر كونى قازاق ضیالى باشلاریدن سالیس افندى ، نعمت افندى ، نظر افندى ، ذالفقارى ، مجید افندى ، قتارلق 20 دن اوشوق كشینك اشتراكى بلەن قازاق اویوشماسیدا كچ ساعت 6 دە بیر قونوشما اوتكوزولگەن .

بو قونوشمادا 1 - „ سولە “ ژورنالینك 4 نجى سانینى چقاریش . 2 - ینە بیر علمى كتاب نشر قیلش ، 3 - قازاق خلقینك آتاغلق شاعرى بولغان آبایینك اثرلەر تومینى روسچەدن قازاقچەگە ترجمە قیلب باسیش مسئلەلەرى مذاكرە قیلنب ، „ سولە “ نك 4 نجى سانینى 10 نجى آى ایچیدە چقاریش ، كتاب نشر قیلشقا حاضرلق كوروش ، آبای اثرینى ترجمە قیلب بولغاندن سوڭ تگشلك اورونلارنك تصدیقیدن اوتكوزوب باسیشلاریغا اوخشاغان مهم قارارلار آلینب قونوشما ساعت 8 دە تماملانغان .

قوچقاچ .

# اولكه و شهر خبرله‌ری

( ج . ت . آ . خبرله‌ریدن )

## گنرال جاڭ جورين افندی تلغرام چككه‌ن

بوييل حكومت طرفيدن دهقانلارغا بريله‌دورغان قرض فل پرنسيف جهتدن اوزگرتيلگه‌نلكدن شمالغا كوزلك بغدای اوچون و جنوبقا يازلق بغدای اوچون قرض فل‌بريلگوسی . قرض‌فانڭ آساسی 5 نسنت بولوب تجارت بانكاسی مناسبه‌تلك اورونلار بلن مذاكره اوتكوزوب فل بريش ترتيبله‌رينی حاضرلامافدا دور.

مركز دهقانلار بانكاسی ، دهقانلارنڭ ايشله‌ب چقاريشی اوچون 20 مليارد اولكه دوللاری قرار قيلغان بولسامو بونڭ يتيشمه‌يدور غانلقينی نظرده توتقان جاڭ جورين افندی بو فلنی آشوروش توغراسيدا تلغرام چككه‌ن .

*) * ⤚ *** ☼ xxx ☼ *** ⤙ * (*

## اقتصادی تفتيش گروپپاسی فصليده‌ده

اورومچی شهرلك اقتصادی تفتيش گروپپاسی ايشقا كريشكه‌ندن سولڭ با سيمدار و تكسه مخالفله‌رينی قانتيق تكشوروب چقاقاندن باشقا ، خلق تورموشيغا لازملق نرسه‌له‌رنی يتكوزوب بريش اوچون جدی تدبيرله‌ر الماقدا . بو گروپپا ايكی كون ايچيده قصابلارنی يغيب ، توشخانده‌ده گوشت ساتماسلق و توينده‌كی اورونلاردا ساتيشنی قرار قيلغان . گوشت ساتيش اورونلاری بولسا :

1 - قوی و كلا گوشتله‌رينی شهر ايچيده تورت اوروندا ساتقاندن باشقا دوڭ كوبروك ، چوڭ كوبروك ، سه‌نشی لوكزا ، اسلام سوداگرله‌ر جمعيتينڭ آلديدا ساتيش .

2 - تماقخانه‌له‌ر گوشت ساتيب الغاندا يالغوز شو اورونلار دن ساتيب اليش .

3 - توختام بويچه بتون سرايلار

4 - اوكته‌بر دن باشلاب تكسه بويچه مال ساتيشدن عبارت .

⤚ * ) ○ ☼ * ☼ ○ ( * ⤙

## تولوق بير معارفچيلق پلانی

معارف نظارتی اوگره‌تمنله‌ر معارفينی ايلگريله‌تيش و قابليتينی يوكسه‌لدوروش توغراسيدا كوچلك و تولوق بير پلان حاضرلاماقچيمش . معارف وزارتيمو بو حقده نظارتكه بوليوروق كورسه‌تمه‌كده ايكه‌ن .

⤚ * ) xx ( * ☼ * ☼ * ) xx ( * ⤙

## چين بويچه عمومی امتحان

بوييل عالی و اورتا بولوب چين بويچه 11 - ديكابر كونی عمومی بر امتحان النغوسی و معارف ، جمعيت تعميرات ، معارفچيلق و تخنيك ، خميه مال دوقتورلوق ، باغچيلق ، و اورمانچيلق بولوب 10 دن آرتوق ساهه ده كيله‌ردن امتحان النغوسيدور .

---

## اهاليغا رخت ساتيش ايشله‌ری

ماليه اجرائيه اورنی طرفيدن باشقا ريامالدا بولغان رخت ساتيش ايشله‌رينی ترتيبكه سالش مقصدی بلن 5 - 1 - رايون اهاليسی تريمغا النغان و بولارغا باقيندا گو ادامه تارقاتيلب بريلمه‌كچی. بوندن سولڭ قاراق قلوبی الديدا و چوڭ كوبروكده رخت ساتيب بريلگوسيدور .

---

## خيانتچی توتولغان

لوپ باجخانه باشلقی 84 دادهن 9 كوره 2 شاڭ بغدايغا خيانت قيلغانلقدن مناسبه‌تلك اورونلارنڭ قراری بويچه خوتن برلك عدليه محكمه‌سيگه ايبه‌رتيلگن .

## كاشغر خبرله‌ری

كاشغر ياڭی شهر بله‌ن كهنه شهر آرالقيداكی قاتناش ايشله‌رينی آسانلاشتوروش اوچون ياڭی شهر بله‌ن كهنه شهر اودوليدن بير شهر دار وازه‌سی آلنغان.

كاشغر قيزيل درياسينڭ كوبروكی بولماي قاتناش ايشله‌ريده بك قينچيلق بولوب كلگه‌ن . و هر ييلی بير نچه آدم آت اولاقلار زخمدار بولوب كلگه‌نلكدن ياقيندا مناسبه‌تلك اورونلار غيرتی بله‌ن بير قانچه يوز هاشار ساليب كوبروك ياساش حركتنی باشلانغان ايدی حاضر بو كوبروك ياساليب پوتكه‌ن .

عيدگاه نڭ صحنه‌سی قوروليش ايشله‌ريغا آنچه ماسلاشماغانلقدن ياڭی مالی توسدا عيدگاه نڭ صحنه اطرافيدا 100 آغيز دوكان سالنغان . بو بير طرفدن عيدگاه نی تخيمو گوزه‌للشتوروش بولسا ، ينه بير طرفدن سوداگرله‌رنڭ دوكانغا بولغان احتياجينی قامداشدور.

كاشغر قيزلار اورتا مكتبينڭ مخصوص بير بناسی بولماغانلقدن معارف نظارتينڭ بوليوروقی بويچه ، كهنه خانه‌نڭ اورنيغا ياڭی بير قيزلار اورتا مكتبی سالشقا جدی حركت و تيارلق بولونماقدا .

---

## افپاق غوجام مازارينڭ گومبه‌زينی ياساش حركتی

كاشغرداكی حضرت آفپاق خوجا مازارينڭ تاريخی بك كهنه بولوب مازار (گومبه‌زی) يقيلب توشوش حالتيگه يتكه‌نلكدن مسئول اورونلار گومبه‌زنی ياساش اوچون حركت باشلاب دسلاپ 98 مليارد اسميتا پلانينی توزگه‌ن بو فل بك كوب سومما بولغانلقدن اسميتا و پلانی قايتادن ايشله‌نمه‌كده ايكه‌ن .

---

## معلمله‌ر قورس اوقوغوچيله‌ری اوقوشنی بتورگه‌ن

خوتن ولايتيگه قاراشاق 7 ناحيه معارفچيلارينڭ 24 - اييولدا آچيلغان بريله‌شكه‌ن يازلق تعلم - تربيه قورسی 4 - سنته‌بر كونی قورسنڭ تماملانيش مراسمينی اوتكوزگه‌ن . مراسيمغا مناسبه‌تلك كشيله‌ر اشتراك قيلغان . بو مراسمدا اوقوشدا اعلا چققان 15 قورسانتقا مادی مكافات و يازلق قورسانتلارغا شهادتنامه تارقاتقان .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# اچكى خبرلەر

( مركزى آژانس 4 — 5 - اوكتەبر مخصوص خبرلەرى )

## چىن يېزاخوجالىقىنى تريلدوروش هيئتىنىڭ خدمت پلانى ايكى هفتەنىڭ ايچىدە تماملانغوسى

نانكىن — آلغان خبرگە كورە چىن يېزا خوجالىقىنى تريلدوروش هيئتىنىڭ باش اعضاسى جالڭ ميڭلك افندىنىڭ قيلمش سوزىگە قاراغاندا: چىن ايلە آمەريقا ايكى طرفدەكى 5 اعضا آيرى روشدە خدمت پلانلارىنى جدى توزوشكە كيرشدى. بو پلان توزولوب چىقالغاندىن سوڭ مدتلك رايونلاردىن باشلاب يورگوزولەدور. بو هيئتنىڭ بتون خراجتلەرى 27 مليون آم دوللارى بولاچاق. آگلانغان خبرلەردە: - امريقادن كوپ ساندا تيخنك ادملەرنى چىنغە كلتوروب خدمتكە قاتناشتورولسا كيرەك.

نانكىن 4 - اوكتەبر مخصوص تلغرامى: - چىن يېزا خوجالىقىنى ترلدوروش هيئتىنىڭ خدمت پلانى 2 هفتەنىڭ ايچىدە تماملاناچاق. بو پلاندا، بر مسئلەسىنى اوزگەرتيش معارف بلەن مدصولات ايشلەرىنى كوپەيتشەربار ايكەن.

## دولت تجارتىنىڭ بهاسىنى ترتيبكە سالىش توغرولوق قانون توزوش پالاتا اعضالەرى زاهرى فكر كورسەتدى

نانكىن — قانون توزوش پالاتاسىنىڭ قاتناش ايشلەر و اقتصادى منبع هيئتلەر بوگون ايرتەكەن بيرلەشمەيغين اونكوزوب دولت تجارتىدەكى صناعتلەر توغرولوق فكرلەردىن الك تكشوروشلەر بولوندى. يىغيندا شيلڭ خوا تيەن رئيس بولوب هيئت اعضالەريدىن 20 دن آرتوق كيشى قاتناشدى. قاتناش ايشلەر وزارتىنىڭ باردمچى ايشلەر باشلقى جون خولڭ شى ساودا صناعت وزارتىدىن اوجى شوى لەر يىغيندا چتدىن قاتناشيب دولت تجارتىدەكى صناعتلەرنىڭ حاضرقى احوالىنى توشەندوردى. آندىن الك تكشورمەلە كيرشب توبەندەكى 2 تورلك قرار بولوندى.

1 ) دولت و عموم قاراماغىدەكى تجارتنىڭ بهاسىنى آشوروشدا تجارت قيلغوچى ادارە يوقورىسىدەكى مأمورى ادارەدىن التماس قيلب، تكشوروب توختام قيلدورغاندىن كيين اوستورولگەن بهانى اوخشاش درجەلك خلق فكرى ادارەلەرگە بلگولەتيش بلەن بيرلكدە قانون توزوش پالاتاسيغا فكر بريب توختام قيلدوروش لازم ياكى مناسبتلك قانون نظامنامەلەرىنى اوزگەرتدوروش كيرەك.

2 ) دولت و عموم تجارتنىڭ بهاسىنى آرتدورروش توغرولوق مأمورى پالاتاغا مراجعت قيلب 3 آى ايچىدە عموم و خلق تجارتنىڭ موفيق مولچەردەكى بهاسىنى بلگولەتيب اقتصادنى عمومى يوسوندا پلانلق ادارە قيلش بلەن بهانى موفيق حالدا اوستورمەك لازم. بو فكرلەر پالاتا اعضاسى والازىملك 1 - يىغين فصلىنىڭ آخرلاريدا كورسەتكەن بولوب بوگونغىنە الك تكشورمەگە تاپشورولدى.

# تاشقى خبرلەر

## شرق طرف بيرلەشمەسىنى قوروش اوچون امريقا انگليە دولتلەرى فردە ارقاسيدا پلان توزمەكدە

پاريژ 3 - سنتابر (م. آ) مصر، توركيە، يونانستان 3 دولت وكيللەر اومەكى بلەن علاقەدار كشيلەرنىڭ مركزى آژانس مخبريگە برگەن جوابيغا قاراغاندا: بيرلەشمە اخبارات ادارەسيدن معلوم كيشى شرق بلەن اوتتورا شرقنىڭ 12 دولتلەرى بيرلەشمە دولتلەر دائيرەسى اچيدە شرق طرف بيرلەشمەسىنى قوروش اوچون بيرخل تدبير قوللانماقدا ديگەن بيرخبرگە بالدورلا شبهەلانيش پيدا بولغان ايكەن. يەنە ايتشيچە: بير تورلك بيرلەشمە تشكيلاتنى قوروشدا كلگوسى استقبالى اوچون تورغونلىغان توسالغولار پيدا بولاچاقدور. يعنى ١ - انگليە آمريكا دولتلارى بو تشكيلاتنىڭ پلانيغە فردە آرقاسيدن ريژيسورلوق كورسەتمەكچى بولسامو، آمما بوگونكى كوندە بونگغا مناسيبە تالك 12 دولت انگليە، آمريكا دولتلەرىنىڭ قدصنى بولوب ادارە قيلش سياستيگە تمامًا قارشىلىق كورسەتمەي بالفيز عربستان تماملارىنىڭ كوچلك قارشيلقى فقط يوقاتقبلى ممكين بولمايدورغان بيرتوسالغو بولوب، حسابلانشوى ... - انگليە، آمريقا دولتلەرىنىڭ شرق بيرلەشمەسىنى قوروشغەجى خركت اوزغاشىدكى مقصدى بو بيرلەشمەدن استفادە قيلب آنى اوتتورا شرقديكى ساويتكە قارشى قورغانى اوچون اشلەتيش شونڭ بلەن حاضرقى نيفيت منفعتينى مهافيزەت قيلب كلگوسيديكى اوروش مزگللاريدە اوزيگە حربيە اتتفاقداش دولتلەرنى تارتماقدن عبارەت. آمما آلق بير مسر كشيسى: „ بزلار آمريكا، انگليە لارنىڭ نيفيت منفعتيگە قوراللولوشنى خواهلايمز. شونكندەك سويتكە قارشى اوروش قيلشنى هم خاهيش قيلمايمز “ دەپ توشەندورگەن. 3 - بودفعە ديكى بيرلەشمە دولتلەر يوكسەك قورولتايدا مصر بلەن توركيە دولتى بى خطرلك هيئتنىڭ فوق العادە اعضالقيغا تالاشماقدا. بوموشرق بيرلەشمە تشكيلاتينى قوروشداكى بيوك بير توسالغودور. ديمەك بيرلەشمە اخبارات ادارەسينىڭ 12 دولت بوگون پاريژدا مجلس اوتكەزمەكچى ايمش ديگەن خبرى عينى بير توشەنچە ايمەس ايكەن. اونىڭ اوستيگە آسيا دولتلەرىنىڭ بير صفەدكى تشكيلاتيمو هندستاننىڭ بيرلەشمە دولتلەر قورولتاييداكى „ بزلار هر قانداغ تشكيلاتقا قاتناشماقنى رد قيلامز “ ديگەن قطعى افادەسيگە اوچراغان.

ياڭى دهلى 3 - سنتابر ( م. آ ) هندستان دور غزتەسينىڭ بوگون پاريژدن آلغان بير خبريگە قاراغاندا: يونانستان حكومت رئيسى بلەن مصر خارجيە باقانى هندستاننى بيرلەشمە دولتلەر ايچيدەكى ساويت سياستيكە قارشى „ اوتتا شرق بيرلەشمەسى “ گە كيرشنى تكليف قيلغان. اما هندستان دولتى بو تشكيلاتقا قاتناشماسلقنى بلگولەگەن. ... لاشمالارغا كورە اوتتا شرق رايونىنىڭ تشكيلاتيمو خدى آوروپاداكى گوللاندىيە، ليوكسمبورگ، تشكيلاتلەرىگە اوخشاش بولوب اوز ايچيگە سعودىيە يونانستان، ايراق، ايران، ليبانور، پاكستان، عربستان، سوريا، توركيە قاتارلق بەش دولتلەرنى الغوسيدور.

# تن - تربيه

بير ملتنڭ ساغلام يېتشمەگى شو ملتنڭ كۈن ساغلىق ايشلەريگە تولوق اهميت بريشيدە دور. كون ساغلق ايشلەرنڭ بردن بير عاملى تن حركتنڭ ترقى تاپيشيدا. بولوب ملى يوكسەلش چاغلەريمزدە خلقيمز بولوبمو ياش بوغونلەريمزنڭ تن تربيە ايشلەريگە تولوق اهميت بريب كيلەچەگيمز اوچون ساغلام اولاد يېتشتورماقيمز حاضرقيلەريمزنڭ بير ملى پوروغيمز دور. بزنڭ جمعيتيمز اوز باشيدن نورغون قارا كونلەرنى اوزدوروشيغا ايرگەشيب، خلقيمز بولوبمو ياش بوغونلەريمز ياش - اوسمور چاغلاريدنلا توزوك موافق تربيە كورمەگەنلكيدن خلقيمز كوب ضعيف حالدا اوسوش ايلە آغرق سلاقنڭ كوچەيب اولوم يېتمنڭ سانى آشيشيغا سبب بولماقدا. بزنى كورگەن بونى سزگەن ملى رهبرلەريمز ايشنڭ آلدينى اليب خلقيمزنڭ ساغلق ايشلەريگە اهميت بريب تن تربيە ايشلەرنڭ يوكسەليشيگە ياقيندا ياردمدە بولماقدا.

بزمو هر جهتدن قوليمزدن كيلشيچە اولارنى كومكلەشيب خلقيمزنڭ تن سلامتلكينى آرتدوروب بولوبمو ياش بوغونلەريمزنڭ تن ساغلقنى مدافعە قيلب كيلەچەك اوچون ساغلام بهاد بير اولاد يېتشتوروشيمز لازم.

بو جهتدن بز أڭ اول اوقوش ياشيداكى بالالاريمزنڭ تن - تربيە ايشلەرينى قاعدەلك حالدا يورگوزوشكە ترشماقيمز لازم وقت بزدە بوگونگەچە ياش بالالارنڭ تعلم تربيە ايشلەريگە آعيد تولوق بير قوللانما بولماغانيدەك تن تربيەگە آعد هم، تولوق بير قاعدەلك قوللانما يوقدور. بونڭغا قاراماسدن بز اورتاغا بل باغلاب توشمەكچيمزكە: بو بولسامو توغرادن توغرا بير تن حركت ايشلەرنڭ قاعدەسيگە خاص بير اثر يازيب چيقش ايمەس، فقط موشو حركتيمز ايلە قوليمزدا بولغان بعضى بير تولوقسز قوللانمالارنى آساسا كوبدن ياش بوغونلەريمز تربيەسى ايلە مشغوللانيب كلگەن تجربەلك قرداشلاريمزنڭ الهامينى قوزغاشدن عبارتدور. شونڭ ايلە بو تشبث بو چاقريغمزنڭ تولوق ايشقا آشماقى اوچون تجربەلك قرداشلەريمزنڭ ياقيندن ياردمدە بولماغينى اميد قيلامز.

بز باشقا قوروق سوزنى قويوب توغرا موضوعيمزگە توشەيلى

## باشلانغوچ مكتبدە تن حركت ايشلەرى و اونڭ وظيفەسى

البتە باشلانغوچ مكتبلەردەكى تن حركت ايشلەرنڭ وظيفەلەرى توبەندەكيلەردن عبارت بولوشى لازم.

آ - اوسوب كيتيب باتقان بدننڭ موافق ترقى قيلشى و شكلينيشنى تعين قيلش اوقوچيلارنڭ سلامتلكينى چيڭتش

ب - ياش اوقوچيلارگە تن تربيەدن 1 - قدمدە دستلەبكى نظريە و عملى بيلم بريش.

ت - كوچلك، غيرتلك، قيزغين، چيدامليق، قطعى أفچيللك، راستچيل، مهارتلك ياش كوچلەرنى تربيەلەب چيقش.

شو آساسى وظيفەلەرگە كورە الك اوقوللارنڭ تن تربيە ايشلەرى البتە توبەندەكى چارەلەرنى اوز ايچيگە آلادور.

1 - اوقوش ايشلەرى جهتيدن

آ - قلانلق صورتدە جسمانى مشقلەر قيلش.

( جسمانى تيارگرلك درسلەرى )

ب - تن تربيە نظريەسى اوستيدە دستلەبكى بيلملەرنى بريش.

ت - اوقول ايچيدە هم اوقولدن تاشقارى ( دم آلش و باشقا بوش چاغلەريدە ) اوقوچيلەرنڭ ساغلام دم آليش ايشلەرينى اويوشتوروش.

2 - عمومى تن تربيە ايشلەرى بونچە .

آ - اوقوچيلەرنڭ تعلم تربيە چاغلەرينڭ آيرم مينوتلەريگە تن حركت قيسملەرينى ( سهرلك تـن حركت، اوقوش وقتيدەكى تن حركت درسلەرى و باشقالارنى ) كيرگوزوش.

ب - اوقوچيلەرنڭ تن حركت ايشلەريدە، اطرافلق ايشلەشلەرينو تشكيل قيلش.

ت - تن حركت بايراملەرى، عموملاشيب تن حركت قيلش، تن حركت مسابقەلەريگە اوخشاش ايشلەرگە اورگوتوش.

الك اوقوللەردەكى تن حركت قوراللەرى البتە توبەندەكى 3 خيل بولودن عبارت بولور.

1 جسمانى مشقلەر

2 - ساغلاملاشتوروشنڭ طبيعى عامللەرى يعنى كون نورى، سو، هوادن فائدەلەنيش.

3 - تن حركت ايشلەرى اوستيدە نظرى بيلملەر.

اگر موافق ايشلەنسە، الك اوقوللەردەكى تن حركت ايشيدە طبيعتنڭ شفا كوچلەرى - كون نورى، سو، و صاف هوا بلەن تننى چيڭتش ايشى جسمانى مشقلەرنى اوتكوزوش بلەن بيللە بولادور.

مدنى مملكتلەردە بو ايشلەر كوب ترقى قيلغان بولوب، مخصوص كون نورى و هوا قاچالەرى و سو مراسملەرى اوقوللەردە دوقتورنڭ يول - يوروقلەرى ايلە بولادور.

الك اوقوللەرنڭ تن حركت ايشلەرى اوستيدە نظرى بيلملەرنڭ چكى تولا قيسقا بولوب فقط 5 - 10 مينوتلك قونوشما اوتكوزوشدن عبارتدور. بوندن مراد اوتكوزولەدورغان جسمانى مشقلەرنڭ بارچە بوسونلەرينى اوقوغوچيلەرگە اورگەتيشدور. تن حركت پروغراممەسينڭ مهم قيسمى جسمانى مشقلەر بولوب بونى اوتكەزيش جريانيدا ساغلام بدنلى ياش اوسمورلەر يېتشب چيقادور.

( دوامى بار )

*** ××*÷*×× ***

# بار ايدى

بير وقتدە منڭمۇ سيوگيلم بار ايدى...
ساچلارينڭ رڭگينى قوياشدن، كوزلەرينڭ گوزللگينى دڭزدن آلغان بير سيوگيلم بار ايدى...

شو وقتلەر بزنڭمو ساچلاريمزنى شامال بير تورلك بير - بيريگە چيرماشتوردى .. و بيز، پاتيش حاليدا تورغان قوياشنڭ قزيلقينى تاغلاردن بو خيل تماشا قيلار ايدوق...

منڭمو بير سيوگيلم بار ايدى. قوياشدن ساچلارينڭ رڭگينى الغان، كوزلەرينڭ گوزللگينى دڭزدن الغان بير سيوگيلم بار ايدى.

فقط هيهات، هيهاتكە بير أرتەبازناگيدا انصافسز بير بوران چيقدى. و اونڭ ساچلارينڭ گوزللگينى قوياش أمدى. كوزلەرينڭ رڭگينى دڭز سوندوردى.

توفيق گرچەك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

تلده ، اشده ، فکرده ، برلك !

الپ

مدیر : عیسی الپ تکین
باش محرر : م . ا . بغرا

22 . اوکتبر . ییل 1948
19 . ذالحجه . 1367

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

211 - سان — جمعه — قمتی : ایلقی - شهرگه 150000 دوللار چتکه پوچتاحقی قوشولادور

# اوروش توتونلاری بورونلارغا کیرمه‌کده !

( خلق آرا احوالدن خلاصه )

همه‌نك باشینی قاتورغان ، همه‌نك
کوڭلیگه یاڭی اوروش قورقوسی سال
ماقدا بولغان بوگونکی ساویت آمریقا
قاریمو قارشیلغی حاضر ینه بیر کسکین
دورگه کرمه‌کده . اوزینك اڭ آشکارا
ضدیه‌تینی بونان ، بیرلین مسئله‌ریده
کورسه‌تکه‌ن ساویت آمریقا مناسبتینی
حاضر پارژدا آچیلماقدا بولغان بیرلشمه
دولتله‌رنك 3 نجی نوبتلك قورولتایی
بیر آز یومشاتار میکن دیگه‌ن امید بار
ایدی . بیرلین مسئله‌سینك قورولتای
عرفه‌سیدا ساویت بیرلکینك یاڭی محا
صره‌سی بله‌ن تویوقسزدن جدیلمه‌شیب ،
مسئله‌نی تنیجلق هیئتیگه قویوش درجه
سیگه الیب باردی . اگرده تنیجلق هی
ئتیده بو مسئله قارالسا ، یا مسئله کلش
توروش بله‌ن توگه‌یدور ، یاکی بیرلشمه
دولتله‌رنك بو مسئله‌ده ساویتنی عیبلاب
جزا قوللونوشقا قرار قیلش بله‌ن مس
ئله اوروشقا باریب تاقالادور دیگه‌ن قا
راش کوز الدیمزغا کیلیب تاقالغان ایدی .
بو مسئله مجلسده مذاکره‌گه قویولوش
بله‌ن کوبچولك دولتله‌ر وکیلله‌ری بو
مسئله مذاکره‌سی نتیجه‌سی کوب قورقو
نچ بولوشینی کوزده توتوب ، مسئله‌نی
مجلس سرتیدا مذاکره قیلیب کوروشکه
قرار قیلدی ، رجانتینا وکیلی باشلق
بیر مونچه بی‌طرف دولتله‌ر بونی کیلش
توروش اوچون حرکت قیلیب کوردی ،
امما بو حرکتله‌ری نتیجه بیرمه‌دی . مس
ئله ینه شو حالدا آسیغلق قالدی . منا
اَمدی مارشال بو مسئله حقیده ساویت
بیرلکیگه قارشی سوغاق اوروش ( تش
ویقات و سیاست اوروشی ) لیب با
ریش اوچون یاڭی پلان یاکی لایحه
بله‌ن ضدیه‌تنی اولقیتمو قانتیغراق کو
چه‌یته‌دورغان تدبیرله‌رگه کریشدی . او

زنك اوستیگه ساویت بیرلکینك دنیا مط
بوعاتی قاراشیچه - افکار عامه‌نك دقتی
نی اوزیگه جلب قیلب آلیش اوچون
بیر تدبیر اورنیدا همه دولت قورللق
کوچله‌رینی اوبدان یرگه توشورسون
دیگه‌ن فکرنی قورولتایغا تاشلاب ، کوب
چولك دولتله‌رنك ردیگه اوچراغاندن
کیین ، قوللانیش ، اوروش اندیله‌ری
توزوش حرکتله‌ری رواجلانیب کتدی ،
بیر طرفده آتلانتیك اتفاقی توزوش
بله‌ن شمال دیگزیدن اورتا دیگزگه چه
غربی دولتله‌ر بیر مدافعه اتفاق توزی
سه ، ینه بیر طرفدن بیوك بریتانیه‌گه
کرگه‌ن دولتله‌ر بیرلشیب آفریقادن تا
اولوغ اوقیانغاچه بیر جنوبی آسیا مداف
عه صفی قوردی . شرقده الاسکادن
فیلیپینگه‌چه مدافعه صفی قوروش ایشی باش
لانیش بله‌ن کاممونستلارنك بیرلیده ،
یونانده ، ایرانده و دولتمز چیننك بو
توی شیمالی قسمیدا غربکه ، جنوبقا ،
شرقه قاراب یاییلش اوچون تیلماقدا
بولغان خیلمو خیل شکله‌رده‌کی او
روش حرکتله‌ریگه قارشی بوتون آسیا و
آورپانی ایلاندوروب آلغان اوروش
صفی توزولدی . بو وقتقه‌چه شکلسز
حالدا کلمه‌کده بولغان ایکی طرف او
روش حاضرلغی بونك بله‌ن رسمی
شکلله‌نگه‌ن صف تارتیشقان حالغا کیلیب
قالدی . بونی کورگه‌ن آدم بو دنیا تیج
لقغا قاراب کتیب بارغانلی بولامدور ؟
بو اوروش تهلیکه‌سی بوتون دنیا خل
قینی شونچه‌لك شبهه‌چی قیلیب تاشلادی
کی ، اولوغ اوقیانك امریقادن بیك
اوزاق بولغان غرب طرفیده بیوك بیر
عسکری حاضرلققا ایگه بولغان امریقا
نك سان فرانسیسکو شهر خلقی دیگز
طرفدن تصادفی رویشده کلگه‌ن خیل

بوراغ مناسبتی بله‌ن اوی ایشکله‌رینی
بکیتیب ، تیلیفون آرقالق تاپیش بیلش
له‌رنگه دوشمان دولت سان فرانسیسکو
غا دیگزدن گاز قویوب بیربدور دیگه‌ن
خبرله‌رنی یتکوزوش درجه‌سیگه یتدی .
حاضر شکلله‌نگه‌ن اوروش صفینك یراق
آرقاسیدا تورغان خلقله‌ر بو اوروشنی
شونچه تاقیتلاب قالغان دیب گمان قیلماق
دا بولغاندا ، شو ایکی صفنك اورتاسید
داکی بیرله‌رنك اوروش تهلیکه‌سینی
سیزیشیمز طبیعی بیر حال بولوب قال
ماقدا . گرچه برنجی ایکنجی دنیا او
روشله‌ری بی واسطه بیزنی اوز ایچیگه
المغان بولسامو ، اونك یوقلدا توروب
قیلغان تاثیریدن اقتصادیمز ویران بو
لوب اوشبو حالغا یتدی ، اگرده اوچون
جی دنیا اوروشی حاضر شکله‌نگه‌ن
صف بوینچه باشلانیب قالیب ، بیز
ایکی اوروشقوچیلارنك اوروش میدا
نی بولوب قالماندا ، حالیمز نیمه بو
لار ؟ فکریمز اوشبو یرگه یتکه‌نده ،
حقیقتده ، بو مدهیش اوروشنك آلدی
نی آلیش اوچون اولوغ تکربگه یالوار
ماي اوتالمایمز . بوتون دونیاده‌کی او
روشدن قاقشاغان ، اوروشدن بیزار بو
لوب آه اورغان خلقله‌ر بله‌ن بیر صفده
توروب بو مدهیش اوروشدن انسانیت
نی قوتقازیشقا تیله‌کداشلق قیلمای تو
را المایمز .

## اوروه‌چیده باسمدارلارغا قارشی حاضرلقی

رئیس جمهورنك اوغلی جانك چیك
گو افندی شانخه‌یده یاشلارنی قوزغاب
باسمدارلارنی فاش قیلشدا اونوغاق
ایش لیب بارغانینی کوروب ، اوروه‌چی
ده‌مو چ . ت . مدیری لیو یاڭ
یوه‌ن افندی یاشلارنی اویوشتوروشقا

( دوامی 3 - بتده )

( باشى 1 ـ بتده )

كوريشدى . بو جعقده هر ملت يادلارى
بلەن ام‍ريم آيرىم كوروشدى .
21 ـ اوكتەبر كونى اويغور او
يوشخادا رسمى مجلس اونكوزوب بو
حەركتنى يوركوزوش حقيده مصلحت
اونكەزدى . خلقيمزنك آش نان تاپشير
ىدا قيئالغانيغا قارامای بونون آشلقنى
قازانغو آمبارلارغا يوشونوب آلغوچى
„ آشلق كوسونكەلەرينى " بو حركت
يوروقلقغا تارتيب چقاريب ، بازارنى
آشلق و باشقا مالار بلەن قامدا
مافچى .

*) * ـ *** ٭ ××× ٭ *** ـ * (*

## اولكه و شهر خبرلەرى

( ج . ت . آ . خبرلەريدن )

### باش قوماندان تاو افنديننك بير بويروقى

باش قوماندان تاو افندى خدمتي
نى تابشوروب آلغاندين سونك ، تابعه
سيدەكى عسكرلەر يرتيب انتظامغا قاتـ
تيق بويون سونوش حقيده قاينا ـ قاي
تا بويروق چيقاروب كلگەن ايدى .
بو قيتيم يەنە عسكرلەر اوبون خانەلەر
گه كوسيه بلت آليب كريش . و بلت
آلفاندا هم يككينك كريش ، أگر بونگغا
خلافلق قيلغوچى عسكرلەر سيزبلسه
ۋاندارملار طرفيدن قاماققا اليش ، خـ
كرى اورونلەر تابعەلەريدەكى عسكرله
رينك كوڭل آچيش اوچون فرصت توغ
دوروب بريش چارەلەرينى توزوب چيـ
قيش . عسكرلەر و باشلقلەر سرتقا
چقيشدا كييملەرينى توزوب كييش ، بيـ
لەكلەريگه بلگو لاتالەرينى تاقاش ، و
ۋاندارمالارنك تكشورشيده آسانلق توغ
دوروشى اوچون ايشيكدن بلگو بلەن
چقيش ديگەندەك توختاملارنى
توزگەن .

*** ٭ )(* *) ( *** ) (* *)( ٭ ***

### پاراخور توتولغان

قاراقاش حاكمى خاويشانك ، پاراخور
لوق قيلغانلقدن ناحيه خلقى والى مه
كمەسيگه عرض قيلغان . والى محكمه
سى بلەن عسكرى اورونلارنك بيرلكـ
ده تكشورش نتيجەسيده بونك قيلغان
پاراخورلقى راس بولغانلقدن خـونن
عدليه محكمەسيگه تاپشورولغان .
آلنغان خبرگه كوره بيگەن پاراسى
بك كوب بولوب حاضر جددى سوراق
اوستيده ايكەن .

**ـ *) +× * ×+ (* ـ**

## كاشغر خبرلەرى

كاشغردەكى مخبريمز هاشيم جاندن
كاشغرنك مال بهاسى توختاوسز اوسوب
خلق تورموشى قيچيلققا اوچراغانلقدن
23 ـ سنتەبر كونى كاشغر سانجيلق
فرماندانلقيدا قوماندان جوشيگوانك وا
لى همم داملالارنك يۆلپوروقى بلەن
مال بهاسى حقيده بير مجلس اچيلغان.
مجلسگه تجارلار اويوشماسى و تجار
لار وكيللەرينك راضيلقى بلەن مالارغا
بها تكسه بلگولەپ چقان . بونك نتيجه
سيده كاشغر مال بهالاريدا آيغا اوزگو
روش بولماغان .

كاشغر تاش يوللارى بوزولوب ،
قاتناش ايشلەريده اوڭايسز بولغانلقدن
كاشغرده توروشلوق عسكرلەر 24 ـ
سنتەبردن باشلاب بوزولغان يرلەرنى
اوزلەرى ياساشقا كريشكەن . بو بواسا
عسكرلەريمزنك تريشچانلقى بولوب خلق
قه آغيرچيلق سالماغانلقيدور .

*ـ *)+ **×** +(* ـ*

## اويوشمالەر سايلامى

18 ـ سنتەبر كونى كاشغر فيضى
آباد و يوفورغا ناحيەلەريدەكى اويغور
اويوشمالارينك سايلامى اونكوزولوب ،
فيضى آباد اويوشما رئيساكيگه ، عبدال
ربم معاونلقيغا ياسين ، يوفورغا اويوش
ما رئيساكيگه على قادربلەر سايلانغان .

## ياركنده ياڭيلقلار

ياركندده توروشلوق مخبريمز يو
نوس قربان مشهور تاريم درياسى اولكه
مزنك جنوبى قسميداكى چولنك بير بو
لوم يرنى سوغاريب كلگەن ايدى .
ياقيندا ياركند حاكملارى چينار باغ
رايونيدا سوسز قالغان اوزون بير چول
نى تاريم سويى بلەن سوغاريشنك پلاني
نى توزگەن . 3 ـ سنتەبردن باشلاپ
بويروده رسمى بنام ير آچيشقا كريش
كەن . حاضر خلقنك قيزغين بر آچيـ
شى سببلك 40.000 مو ير آچيلغان .
يەنه 10.000 مو ير آچيش ( كسيش )
امكانيتى بار ايكەن . بو برگه سو كل
توروش اوچون ياركند ناحيەسينك هر
بير كنتيدن 250 نفر آدم اوستەنك چا
پيشقا كريشكەن . اوستەنك چاپيلب سو
كلتورولسه نچه يوز ييللاردن سوسـ
يانقان بو دشت چول بير گلستان بو
لوسيدور .

اولك حكومتنك مقصدى بويیچه
ياركند ولايتيده عمومى بير تن حركت
مسابقەسى اونكوزولمەكچى . نانك سيلانك
چلك فالك بەى و والى قسا بكلەرنك قا
تناشماسى بلەن آچيلغان بير مجلسده
10 ـ اوكتەبر كونى ياركند ولايتى بو
يينچه عمومى بير تن حركت اونكوزو
شينى قرار قيلمشدور .

ياركند ناحيەسينك اوقوللارى بلـ
كهنەراب ، خرابلاشقانلقدن ، بو اوقو
للارنى اصلاح قيلش مذاكرەسى بولـ
غان . نهايت ناحيەلك كيكەشنك 3 ـ نو
بتلك مجلسكه تاشلانيب هر تابعەدەكى
اوقوللارنى شو تابعه دەكى فقرالەر يا
دم قيلب ياساش ديگەن قرار آلنغان
قراردن سونك ، ناحيه لك حكومت مكتـ
لەرنك اصلاحات اشلەريغا جددى تر
تيب 36 اوقول اصلاح قيلنغان . بو
تون مكتب مدير و اوقوتقوچى اوقو
غوچيلارى بير حركيده كوچ چقارغان .
حاكيم يوسف بك و مربير يورت معا
برلەرى ، ضيالى‌لارغا كوب تشكرلەر بيان
قيلماقدا .

ياركند خلق آقارتيش يورتى قو
رولغانيغا 4 ييلدن آرتوق بولغان بولـ
سامو ، لاكين بير بەشسزلكلەر آرقاسيـ
دا خدمتيدن تولوق بير نتيجه كورسە
تە الماغان . چيلك فالك بەى افنديننك بو
روقى بلەن وقتلق خدمتنى توختاتقان ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# اچكى و تاشقى خبرلەر

( م ۰ آ 20 - اوكتەبير خبرلەرى )

## موقت اورتا مكتبلەر خراجتى

نانكين - مأمورى پالاتا 21 - نوبتلك دائمى مجلسينى اونكوزوب شانخەيدە فل تاپيش اوچون اوينالادور غان ئانسالارنى چكلەش، اوروش رايون لاريدا بر زايومى تارقانيش، فارا كى - سەلگە قارشى توروش ادارەسى نظامە سيگە اوخشاش بير مونچە مسئلەلەر اوستيدە قرار قيلش بلەن برگە، معارف نظارتينىڭ موقت اورتا مكتبلەر و بير لەشمە اورتا مكتبلەر قوروش اوچون طلب قيلغان فلينى تصديقلادى.

— ** * ( * ) * ** —

## معارف باقانى جوجى خوا گواڭجودا

گوانجو - معارف باقانى جوجى خوا گواڭجوغا كلدى. بو يرنىڭ داڭلق ئيلم يورتى سونياتسين دارالفنونى ضيافتيدە بولدى. دارالفنون پرافيسور لەرى بلەن صميمى صحبتدە بولغاندا پرافيسورلارنىڭ اقتصادى آغيرلق حقيدە شكايتلەرينى آڭلادى. بو خصوصدا بوليوروقدا بولوب . ايشنىڭ پاسسيف طرفيگە اهميت بريڭزلەر. بير مسئلەدە بيردى آكتيف چارەلرگە اوروندا ياخ شى نتيجە چيقمايدور. بعضيلەر فل بولماسا ايش قيلغالى بولمايدور دەيدور، اما بعضيدە فل توروغلقمو اوزىدان ايشلەگىلى بولماى قاليش ايشلەرى هم بولادور » ديگەن بوليوروقدا بولندى.

* ××× *

## داى قلم ذاوودلەرى ايش توختاتدى

شانخەى - شانخەيدە آفتامات قلم ايشلەب چيقارادورغان ذاوودلاردن 3 ذا وود خام اشيا يوقلغيدن ايش توختاتدى. بولاينو آفتامات قلملەرنىڭ اوچى اوچون ايشلەتلەدورغان آلتوننىڭ تاپيل ماغانلقيدن ايش توختاتيشقا مجبور بول غانلقينى بو ذاوود ادارەلەرى اعلان قيلماقدا. بولاردن بوشاغان بازارنى كونترا بانـدا يولى بلەن كيرگوزولگەن اجنبى قلملەر ايگەلەيدورغانلقى كورونوب تورماقدا.

*) ○ * ○ (*

## برلين مسئلەسى حقيدە حركت طلب قيلنماقدا

پاريژ - أنگليز، آمريقا، فرانسيە حكومتلەرى ئنجلق هيئتيگە: اگر برلين محاصرەسى شرطسز قالدورولماسا، سا ويت بلەن گيرمان مسئلەسى حقيدە هيچ قانداغ صحبتكە كيرشمەيدورغانلقينى معلوم قيلدى. بو معلوماتدا برلين محا صرەسينى آچيش دولت دولت صنعتينىڭ «بير دن بير شرطى» ايكەنلگينى تأكيدلاب اوتدى. بو خيل قطعى معلوماتنى آمريقا فرانسيە، أنگلترە دولتلەريگە وكالەتن أنگليز تاشقى ايشلەر باقانى تاپشورغان.

** ×××× **

## عرب يهوديلەرگە اوروش توختاتيش امرى بريلدى

پاريژ - تنجلق هيئتى بوگون ايرتەگەن، فلسطيننىڭ جنوبيدەكى عرب و يهودى عسكرلەرينىڭ اوروشنى شرطسز توختاتيشقا امر بەرگەن. بو رايون كيينكى 5 كوندن برى اوروش أڭ قاتتق بولماقدا بولغان رايون ايدى. تنجلق هيئتينىڭ بو امرينى مصر طرف قبول قيلغان بولسامو، يهودى طرف آڭلاماس لققا سالماقدا. بونى كوروب مصر طرفمو، اوروشنى توختاتيشقا يهودى طرفنىڭ هم اوروشنى توختاتيشينى شرط قيلغان.

*) *××(*)××* (*

## امريقا سايلام حركتى جديلەشدى

واشينغتون - امريقا رئيس جمهورلق سايلاميغا حركت قيلغوچيلار ايچيدە، دووى بلەن ترومەننىڭ كورەشى آخرقى چككە يتدى. دووى 13 ملك ميلق سايلام سياحتينى تماملادى. بو سياحتيدە اوزينىڭ نأثيرلقنى بلەن قيلب، ترومەننى بيگنيگە قطعى ايشە نچ قازانمادينى آيتقان.

حاضرقى رئيس جمهور ترومەن هم سايلام سياحتى قيلب نطقلار سوزلەشنى دوام قيلماقدا. فلوريدا طرفە دە 3 كون مسابقە نطقلەرى سوزلەگەندن كيين واشينغتونغا قايتقان. بيركون دەم اليب اوزون بير سايلام سياحتيگە چيقماقچى. بو سياحتدە چيكاگو، كليف لان، باسطون، نيويورق، سانلوئى، كانزاس شهرلەرينى يوروب چيقماقچى.

++)—* +++ —(++

## شمالى قوريەدن ساويت عسكرلەرى قايتماقدا

لوندون - لوندوننىڭ مسكاو راديئوسينى آڭلاغوچيلارنىڭ الغان خبريگە قاراغاندا ساويت عسكرلەرى شمالى قوريەنىڭ هر قايسى شهرلەريدن قايتب چيقشقا باشلاغان.

*) * ( * ) * (*

## جنوبى قوريە رئيس جمهوريغا سوئى قصد

خنچك - جنوبى قوريە حكومتنى رئيس جمهورى لى چىڭ وەن توكيوغا كيتيش اثناسيدا بير سوئى قصدن قو تولغان. شهردن آيرودورمغا چيقشدا اول بلگولەگەن يولينى تصادفى اوزگەرتكەن لك، اونىڭ خطردن قوتولوشيغا سبب بولغان. رئيس جمهور توكيوغا اوچوب كتكەندن كيين ساقچيلار ايلگرى يدر مەكچى بولغان كوبروكلەر استيدن كو مولگەن بومبالار تاپقان.

---

( باشى ... بتدە )

مجموعەلەرى بلەن كتابلاريدا ادبى املا شو درجەدە اوستيكى بعضى نقطەلەريدە ادبى اويغور لهجەسيدنمو، كوبراق آناطولى توركچەسى لهجەسيگە يافينلاشب كتدى. خصوصا آناطولى لهجەسينىڭ عربچە پارسچە كرپلك خسلەتنى بو نشريات تيلى و املاسيدا اوزيىنى كرب آشكارا كورسەتمەكدە.

أرك باالقين شنجاڭ غزتە و نياذ شان نشرياتى اثرلەرينىڭ قايسيدلا بول ماسون، اوز املاسينى انيبلەشتوروشدە دەكى بو اوروتوشلار اويدان قالسو. چونكە توزلك يول تورك ساحەلەردە از دەنشلەردن توپلانغان تجربەلەر ايشلەنـ گەن تير توركستان اويغور ادبى تيلى ميدانغا چيقارشقا اساس بولغوسى.

« سەئير ... »

# اسمی جسمیگه لاییق مجموعه

(«ادبیات» مجموعه‌سینی کوروش بلهن)

مطبوعاتچیلیرزنڭ أڭ فعال و او
نوملك سیمالیرین بیرسی بولغان باش
محرریمز حاجی یعقوب (اورخانی)
شهریگه کیلش بلهن بزگه اوزی یعه‌ک-
چیلیق قیلغان ئیلتشان نشریاتیدن چیقا
دورغان و خیلی اوزوندن بری توزلمی
یوز کوروشالمایان مجموعه‌لرنی
«ادبیات» مجموعه‌سینڭ 2 . 3 . 4 ـ
سانلارینی سوغا قیلیب کلتوردی تاشقی
شکللرینیش گوزللیکی، باسیلیشینڭ چیرای-
لیق آچوقلیقی هم حرفلرنڭ چوك کیچیک
لیگی و مقالرنڭ خصوصیتیگه قاراب،
قورلارنڭ و بولملرنڭ اوقوشقا یگیل
بیر ترتیبده جایلاشتورولوشی جهتیدن
ـ کوز یوگورتوشده‌لا آدمنی اوزیگه
تارتادور. بو تاشقی گوزللك اختیارسز
آدمنڭ دقتینی اختیارسز مجموعه‌نڭ ای-
چیگه، اونڭ مضمونیغا سوره‌ب کیته‌دور.
باش مقاله اورنیداکی ادبیات نظر
یه‌سی بولومیدن ترتیب منطیقی بیر
شکلده مشهور شخصلر، حکایه و رو
مان، شعرلر، صحنه اثرلری اجتماعی
تنقید بولملریگه بولوب جایلاشتورول
غان مقاله‌لر ... یوزیمزدا بو واقتغه
چیققان بو خیل مجموعه‌لرنڭ هیچ قای
سیسیدا کورولمه‌گن درجه‌ده چونقور
علمی و ادبی بولوشی، خدی اولگی
آزادلیق ... گوزه‌ل فوروق ...
لرنی ... زیرکیب کتکه‌ن بیتم بالا
کوڭلیگه، مهربان بیر آیالنڭ آینا بیل
دا بیر کیلیب قیلغان یومشاق سوزلری
تاثیر قیلغانیدك، سیلمی سوکوشلر
بلهن تولغان بیر یوتچه مجموعه‌لریمز
دن تویغان کوڭللرگه اوزون سوزولغان
تیکه‌نلك و قورقلق بولدن کیین تویوق
سیز اوچراغان گلستان تاثیرینی بیرگه‌ن
ده‌ك چونقور تاثیر بردی. ادبیاتنڭ
شخصی ابت، شخصی تیلك، شخصی
غایه توراتی بولماسدن، اجتماعی فکر
لر اوادیسی ... نسبه‌تده یازوچیمز
اجتماعی فکرلرنی اوز لاییغیدا یاساز
لوب بیره‌لمه‌گنیدا ملت موکچی‌سی بولا
آلیشی کورسه‌تکه‌ن «ادبیاتنڭ اجتما
عی نظریه‌سی» یازوچیلاریمزنڭ غایه
سینی توبه‌نلکتن یوقاریغا، شخصی درد
لردن ملت دردلریگه باشلاسا، تورکستا
نیمزنڭ تیل ادبیاتینڭ أڭ بای و أڭ ...

بوقاری نقطه‌لرگه کوتورولگان دوری
نی کورسه‌تدورغان «چغتای ادبیاتی»
یاشلاریمز و ادیبلریمزگه ملی ادبیاتیـ
مز خزینه‌سینڭ آلتون قیسمی بولغان
بو دورنڭ ادبی قیمتی، آساسلاری،
دورلری، قوروچیلری و اونڭ بو کون
گی ادبیاتیمزغه تاثیری حقیده کوب
قیمتلك بیلملر بیره‌دور. البته بیر آدم
بو خیل قیمتلك بیر مقاله‌نی اوقوغاندن
کیین اونڭ یازوچیسی، ایجادچیسی
بلهنمو تانوشقوسی کیله‌دور. «ادبیات»
مجموعه‌سی محررلری بونگا‌مو باش
قا کوبچولك قیلغاندك اول یازوچیسینی
تانوشتوروب، (البته تورغون مسئله‌لر
بلهن) آندن اثرینی بریب اگرده اثری
اولقی مسئله‌رگه لایق درجه‌ده بولماسا
او یازوچیدن کوڭلنی سوویتادورغان،
اصولنی قوللانماسدن، اول اثری آرقا
لق محبت باغلانیب آندن یازوچیسینی
کورسوتوش اصولینی قوللانغان «مش
هور آدملر» بابیدا، بیر طرفدن ایس
کی تورکلکنڭ بیوك عالملری بولغان
فرابی، بو کونکی تورك عالملرینڭ
بتون دنیا العلیا شهرتی تانولغان کو
پرلی محمد فواد غا اوخشاش ملی
عالملارنی تانوشتوروب چیقسا، یه‌نه‌بیر
طرفدن دنیا ادبیاتینڭ کیلاسسیك داهی
لری بولغان شکسپیر، گوتهه، دانتیلار
بلهن بزنی تانوشتوروب، کیلاسسیك اد
بیاتدن درسلر بیره‌دور. بولاهمو، بو
وقتقه‌چه ادیبلریمزنڭ کوپچولیگی تا
نیش بولماغان چین ادبیاتیدن، چیننڭ
حاضرقی زمان ادبیاتینڭ أڭ مشهور اسـ
تازی بولغان لوشون افندینڭ «آقیر
ترجمه حالی» ناملق مشهور اثرینی
تیلیمزغا ترجمه قیلش بلهن ادبیات مجـ
موعه‌سی محررلری ادبیاتیمز اوچون
اولمه‌س خدمتلر قیلغان بولادور. چونـ
که بزگه اوز ملی ادبیاتیمز بلهن تانوشـ
ماق، اورگه‌نمه‌ك قانچه‌لق ضرور بولسا،
دنیا ادبیاتینڭ کوچلوك استاذلری و
اولارنڭ اثرلریدن هم خبردار بولماق
شونچه‌لك ضروردور. اوزیمز چین جمـ
هوریتینڭ خلقی بولوش صفتیمز بلهن
اونڭ مدنیتی شو قتاردا ادبیاتی بلهن
تانوشماق آندنمو ضروردور. ادبیات مجـ
موعه‌سی محررلرینڭ چین ادبیاتی

بلهن خلقیمزنی تانوشتوروشدا ا
قدمدن تارتیبلا چین ادبیاتینڭ أڭ آل
لق، بتون دنیا بویونچه أڭ مقبول
یازوچیلارنڭ أڭ مشهور اثرلرینی تال
شی اوزلرینڭ بو مهم ایشنی قانچه
چونقور بیلگه‌نلگینی بیلب قیلغانلغی
کورسه‌ته‌دور.

بز اوزیمزنڭ بو قیسقا مقاله
بلهن ادیب و شاعرلریمزنی و ادبیا
بلهن قیزقوچی یاشلاریمزنی، بو مجـ
موعه‌لرنی تولوق کوزدن کوچور
چیقشقا دعوت قیلامز. بولاهمو 2 ـ
داکی «ادبیاتنڭ اجتماعی نظریه‌سی»
«ادبی تنقید درسلر» «شکسپیر»
«فرابی» مقاله‌لرینی (4 ـ و 5 ـ
سانداکی «چغتای ادبیاتی»، «مشـ
هور آلمان ادیبی گوتهه» 5 ـ ساند
کی «ساین استاذ کوبرولو محمد فواد»
عنوانلق مقاله‌لرنی هم «آقیو ترجمه حا
لی» بلهن «أرکسز بولچیلق» حکایه
لرینی اوقوب چیقش یازوچیلق آرزو
سی بولغان یاشلاریمز اوچون فرض
ایکه‌نلگینی علاحیده ایتب اوته‌مز.

ا . م .

(*)

## املا حقیده اسکه توشکه‌نله‌ر

اوتکه‌ن ییلی یورتیمزدا ادبی املا
حرکتی قوزغالغاندن بری هر خیل یر
لردن نشر ایتلمه‌کده بولغان کتاب مجـ
موعه و غزته‌لرنڭ املاسیدا بیر موز
چه اوزگورشلر بولماقدا. اورومچیده
أرك باشلق بعضی غزته‌لر یاڭی قبول
قیلغان ادبی املا بولیغا کریب یورگه‌ن
بولسا، خارجدا اویغور لهجه‌سیده چقا
دورغان «شرق حقیقتی» من سن
ماگه‌ن توزوتوش بولیغا ماڭماین دیه-
گه‌نده‌ك قیلب، ایلگرکی خیلی اورناق
املاسینی یه‌نه‌بیرقدم بوزوب «ییل»
دیش اورنیغا «ژیل»، یورت دیش
اورنیغا «ژورت» «ییلان» دیش اور
نیغا «ژیلان» دیگه‌نی باشلادی. بونڭ
بلهن اوزینڭ پستلیگینی یه‌نه بیر کره
اثباتلادی.

املادا ادبی بیر یولغا همه‌مدن
جدی کیرشکه‌ن ئیلتشان نشریات اداره‌سی

(دوامی 3 ـ بتده)

آدریس:
اورومچی یانغاق
التای کوچاسی نومری 13 التای نشریات اداره‌سی

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تلده ، اشده ، فکرده ، برلك !

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

# ألپ

مدیر : عیسی الب تکین
باش محرر : م . ا . بغرا

٣٠ ذى الحجة ١٣٦٧ .

3 - نویابر - یل 1948

215 - سان    چهارشنبه    قمتی : آیلقی - شهرگه 150000 دوللار چتکه پوچتاحقی قوشولادور

# توشونۈلوشیگه تیگشلك بولغان بیر مسئله

« فراست و تجربه ایگەلەری قریب لار بولسامو ، قوت و ایش یاشلارنك بلگیده دور » دیگەن اسلام محبودی رضا قضی حضرتلەری یاشلارنك جمعیتده نه قدر یۈکسەك مرتبه ایگەلەری ایکەنلکینی کورسوتوب اوتکەن ایدی .

بو باقیمدن بولسون ویا تاریخنك حکیجه بولسون ، هر قانداق ایشنك أك آغیری و حجانی قوت طلب قیلادورغانی یاشلارنك بوینیغا آرتیقلقدور . دنیانك أك مشهور انقلابلاریدا ، قانلق مجادلەلەریدە الدینقی صفنی اشغال قیلغان یاشلار ، جمعیت و حکومت اشلەریدەمو دائما فعلیت و جرئت کورسەتمەکدەدور . یاشلارنك بونداق بیر مهم ایش آدملەری ایکەنلکینی بیلگەن آوروپا و آمریقا دولتلەری اولارنك بوتون قوتیدن استفاده ایتمەکدە بولغانیغا اوخشاش ، اولارنك امنیتینی ، بخت سعادتینی تأمین قیلیب بریش یولیدا هم هیچ قانداق بیر معارفدن فداکارلقدن چکینمەگەن و دائما یاشلارنی قوغداغان بیر یردە دور .

بوگون آوروپادا و آمریقادا موجود بولغان یوزلەرچە بیلم یورتلاری ، کوتل آچیش اورونلاری ، یاشلارنی قوغداش مقصدی بلەن قورولغان مؤسسەلەر ، هپ یاشلارنك منفعتینی تأمین قیلماقدا و بو یول بلەن یاشلارنی حکومت و جمعیتکه ایشلەتیشدە موفق بولماقدادور .

یورتومزدامو یاشلارنك أك آغیر و مسئولیتلك اورونلاردا چالشماقدا بولغانلقینی کورمەکدەمز . معارف ساحەسیدە بولغانیغا اوخشاش اجتماعی اورونلاردا ، سیاسی مؤسسەلەردە ، تورلك ایش دائرەلەریدە یوتونلەی دیگیدەك یاشلار کوزگه چالیقادور . بو کبی مهم ایشلەرنی بجیرمەکدە بولغان یاشلاریمزنك ، جمعیتنك و سیاستنك یوتون آغیرچیلقلاریغا ، محیطنك سیقینتیلاریغا معروض قالغانلقینمو یاشورا المایمز .

کونلوزلەرینی حاسا باشیدا ، ایش اوستیدە اوتکوزگوچی بعضی یاشلاریمزنك قاباقخانەلەردە - ایچکولك اورونلاریدا اولتوروب کیچەلەرنی تاڭغا اولاماقدا بولغانلقینیمو قید قیلمای توراالمایمز . کوبلەگەن یاشلاریمز اوزینك بو بوزوق یوللارغا اورونوب کتکەنلکی اوچون اوزیگه - اوزی آچینادور و جمعیتدە بو تورلك پرواسز قاغارلقی اوچون و بعضیلەری ایشسز قالغانلقی اوچون زارلانادور .

سیاستنك رحمسز دولقونلاری ایچیدە قالیلغان ، سوقولغان یاشلاریمزنك چار - ناچار امیدسزلەنشکه ، زارلانشقا ایچکولککه بریلشکه مجبوریت سزگەنلکینی آڭلاماقدامز . مسئلەنك بیر طرفینی سوروشتورگەنیمزدە و کیمنك حقلق ایکەنلکینی آنیقلاشدا خیلی مشکللان چیکەمز .

یاشلارنك کوڭلینی بوزادورغان بر هر واسطەنك یوقلغینی ، ارقوشقا ، اورگەنیشکه جاب قیلادورغان بر هر نه جزبەنك دخی توشونولمەگەنلکینی اوبلاساق و یورتنك أك الغار و ترقی پرور عنصری بولغان یاشلارنك حقارت و تحدید و تهدیدلەردن آزاد بولا المغانلقینی کوز آلدیمزغا کلتورسەك یاشلاریمز زارلانیشدا حقلق بولوب چقادور .

ملی اویغانیش دوری بولغان بو کونلەردە اوستیمزگه یوکلەنگەن ملی وظیفەلەرنك آغیرلقینی و کوڭلکینی خاطرمزگه کلتورسەك و بوگونلکی کوزدە هر قیینچیلققا چیدان هدفیمزگه یتشنك افضل ایکەنلکینی بیلسەك ، یاشلاریمز بو ادعاسیدا یڭیلگەن بولادور .

هر حالدا یاشلاریمزنی هر قانداق بیر یول بلەن بولماسون تورلك بوزوق یوللاردن سسکەندوروشنك ایشقا ، اورگەنشکه جلب قیلیشنك بیر چارەسینی تاپماق الدینقی مسئلەلەردن بولوب کوز آلدیمزغا تاشلاناقدادور .

بزدە یاشلارنك حرکتینی ، منفعتینی ، بارلقینی قوغدایدورغان بیر واسطه بولغاندا ، اولارنك کوچیدن ایستەگەن قدر فائدەلانا الامز . تعریبەمس بیر تاپانچیسی ، کوچلك بیر حامیسی بولغان تورکستان یاشلری بوتون مادی و معنوی بارلقی بلەن یورت اوچون فداکار و رضاکار بولغوسیدور .

ع . ج

* ) * ( * ) * ( *

## تۇغ تقدم قیلغان

جنوبی تورکستان نسلی اومیکی آقسوغا یتیب کلگەندە آقسونك هر ساحەدەکیلەری بلك قزغن ممنونیت بلەن قارشیلاغان . اولار شرفیگه ضیافتلەر برگەن .

آقسونك هر ساحەدەکیلەری رئیس محمود صبری ، عیسی افندیلەرگه ایکی توغ تقدم قیلمشلار . بو توغلارنی نسلی ارمك باشلیغی أ . توغری صبری رئیس و باش کاتیب افندیلەرگه وکالتا تاپشوروب لمشدور .

## اویوشمانك یگەیشی

٣ - آیدا قورولغان مسلمان انجمنلەرنك باش اویوشماسی ، جت ولایت و ناحیەلەردەکی انجیله یمو توز لدیدا توتوب بو اویوشمانك نامینی « جنوبی تورکستان مسلمان انجیلەری اویوشماسی » غا اورگەرتکەن .

# اولكه و شهر خبرلەرى

(ج . ت . آ . خبرلەريدن)

## ملى محرريمز حاجى يعقوب يوسف اورخانى اقسوغا جونەگەن

داخلدا توروب توركستان اوچون جانىن بورەكدن خدمت اوتەگەن و ادبيات، تيان شان مجموعەسى، جهان، اسلام تاريخى قتارلق مجموعه و اثرلەرنى نشر قيلب توركستاننىڭ مدنيتينى يوكسەللەتيشده فعال خدمت كورسەتكەن ملى محرريمز حاجى يعقوب اورخانى عائيلەسيدن آيريلغانيغا 10 نچه ييللار بولغانلقدن عائيلەسينى ضيارت قيلش اوچون 10 - آينڭ باشلاريدا تانكيندن شهريمزگە اوچوب كلگەن ايدى . شهريمزده رئيس مسعود صبرى، عيسى افنديلەر باشلق ضيالىلاريمزنڭ قارشيلاشيغا اوچراب نهايت 29 - اوكتەبر ساعت 1 ده عائيلەسينڭ ضيارەتى اوچون آقسوغا جونەگەن .

☆) ★ ~ ★★★ ⁂ ××× ⁂ ☆☆☆ ~ ☆ (☆

## دينى نظارت قوروشقا حركت

برنجى نويابر كونى حاجى چنگزخان داملا، معاون شاربای ناصر بك، يالڭ افنديلەرنڭ قاتناشماسى بلەن اولكه حكومتيده دينى بير يغين اوزدورولگەن . مذاكره اولكەلك دينى نظارت قوروش اوستيده بولوب، نظارتنى قوروشدن ايلگرى، نظارتنڭ نظامنامەسينى حاجى چنگزخان توزوب چقيش، سوگره بو توزمداكى قاضى، آخون، ملالارنڭ تصديقيدن اوتكەندن سوڭ، اولكه حكومتينڭ تصديقى اوچون سونماقچى بولونغان .

---

## اويغور اويوشماسينڭ بير حركتى

صنعت اومەگى جنوبقا كتكەندن سوڭ اورومچى خلقينڭ صنعت ايشلەريگه بولغان تشنالغينى قاندوروش و ياش صنعت سويەر، خانم - قيز، يگيتلەرنى يغيب صنعتدن تعلم بريشنى ايستەگەن مركزى تورك اويغور اويوشماسى صنعت كورژوكى آچيشقا حركت قيلماقدا . بو كورژوككه صنعتچيلەريمزدن قمبرخانم يول يوروق كورسەتور ايكەن . صنعت سويگوچى، هربير ياش خانم - قيز و يگتلەرنڭ، تورك اويغور اويوشماسينڭ تشويقات بولوميگه كيلب يازيليشينى ايستەر ايكەن .

ينه موشو آينڭ 15 نچى كونى، تورکچه اوقوش، يوخكلترلق و ساواد آچيش كچ قورسى قتارلق 3 قورسنى آچيش اوچون حاضر جدى حركت قيلماقدا . هر قورسقا 25 دن اوقوغوچى قبول قيلار ايمش . تعلم بريش حقسز بولوب اختيار قيلغوچيلەر 15 - نويابرگه قدر اويغور اويوشماغا اسمينى معلوم قيلار ايمش .

---

## تيل مكتبيده ياڭى اوقوغوچيلار

ياقيندن بيرى شهريمزگه اطراف ولايت ناحيەلەردن علم تحصيلى اوچون كلگوچيلار كوپەيمەكده .

جملەدن، ياقيندا كاشغر، آقسو، قمول، اورومچى قتارلق ولايتلەردن 40 دن اوشوق يگتلەر عام تحصيلى اوچون شهريمزگه كيلب اولكەلك تيل مكتبيگه اورونلاشقان . بولار حاضر تيارلق كوروش صنفيده تيارلق كورمەكده ايكەن . جنوبدن كيله دورغان اوقوغوچيلار يتيب كلگەندن سوڭ رسمى درس باشلاماقچى .

---

## خيانتچى سودقا بريلگەن

چينى توركستان تجارت بانقاسينڭ وينسو شعبه بانقا مديرى تاڭ وى جون خدمتيده خيانت ايشلەرينى يورگوزگەنلكدن، باش بانقانڭ كوچاردا توروب شعبه بانقالارگه رهبرلك قيلش مديرى جو جن واڭ بلەن حاضرقى شعبه بانقا مديرى واڭ يو گاڭ لەر يوبروق بويچه تكشورگەن ايدى . تكشوروش نتيجەسيده، خيانت ايشلەرى راست بولغاندن حجت بويچه انقلابيب آقسو اوليه محكمەسينڭ جزالبشى اوچون تابشورولغان .

☆ ~ ☆) ⁂ ☆ ⁂ (☆ ~ ☆

## تورك اويغور اويوشمالارنڭ تامغوسى اوزگەرتيلگەن

مركزى تورك اويغور اويوشماسى و تابعەسيداكى ولايتلك، ناحيەلك تورك اويغور اويوشمالارنڭ اداره تامغوسى كهنەراب كتكەنلكدن تورك اويغور اويوشما هيئتلەرينڭ قرارى بويچه يانگى تامغو اويدورولغان . اولكه مزنڭ جايداكى ولايت شعبه اويوشمالارغا بريلگەندن تاشقارى اولكەلك مركزى تورك اويغور اويوشماسى 11 نچى آيدن بريدن اعتبارا كهنه تامغونى ايشلەتمەي توروب يانگى تامغونى ايشلەتكه سالغان . بوندن كيين اويوشمالارنڭ كهنه تامغوسى ايشلەتيلمەس ايكەن . بو يانگى تامغونڭ شكلى اولقيدن بير آز چوگراق بولوب ايچيداكى خطى دولت خلق توروليشى تصديقلانغان »چينى توركستان« تورك اويغور مدنى آقارتيش اويوشماسى دەب يازيلغان .

مخبر

---

## بير ملى داستانيمز فيلمگه النغان

تورك خلقينڭ الڭ گوزل داستانلاريدن بولغان »فرهاد - شيرين« داستانى ليى يەن چون طرفيدن ترجمه قيلنب خاگواڭ كوينڭ رژيسورلقى بلەن فيلمغا آلنماقدا .

چين شهزادەسى فرهادنڭ بير فرنگ مليكەسيگه عاشق بولوب نهايت ولاييغا يتيشه آلماسدن بو ايكى عاشقنڭ قربان بولغانلقينى تصوير قيلا دورغان بو گوزل داستان نوائى طرفيدن قلمگه النغان بولوب، كينچه اون نچه تيلغا ترجمه قيلنب دنيا ملتلەرينڭ رغبتينى قوزغان ايدى . بو دفعه فرهاد شيرين اوپراسينڭ فيلمغا آلينشى تورك خلقنڭ گوزل تورموشلارينى كورسەتيبگه قالماسدن بلكى عينى زماندا توركلكنڭ شهامتينى، نزاكتينى تجلى قيلدورغوسيدور .

ئۇيغۇر كتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# تاشقى خبرلەر

( 1 - نويابر پاكستان راديوسيدن )

## پاكستان بلەن تاشقى تجارت مذاكرەلەرى

كراچى - يوگوسلاويەدن پاكستان بلەن تجارت معاهدەسى توزش اوچون بير هيئت كلدى. بو هيئت يوگوسلاويە مركزى كراچيدە پاكستان حكومتى بلەن مذاكرە اوتكزمەكدە. حاضر ايكى طرفنڭ دلگەن قرارى بويچە، يوگوسلاويە پاكستاندن ياغاچ و ياغ آلماقچى. پاكستانغا بولسا آشلق برمەكچى. پاكستان آشلق بلەن برگە صناعت مالّەرى هم برشنى طاب قيلغان ايدى. يوگوسلاويە وكيللەرى اوز صناعتيمز تيخى اوز احتياجيمزغا يتمەيدور. تاشقاريغا صناعت ماللەرينى چيقارا آلمايمز ديگەن.

راديو يوگوسلاويەنى تانوشتوروب در گەن قوشومچە معلوماتيدا يوگوسلاويەدە بير يارم مليون مسلمان بارلغينى، حاضرقى حكومت وزيرلەرى ايچيدەمو بيرسى مسلمان بولوب انىڭ حكمت ايكەنلگينى اعلان قيلدى.

كراچى - قانادادن هم بير هيئت كيلب تجارت حقيدە پاكستان بلەن غيرى رسمى مذاكرەگە كيرشدى. حاضر بو مذاكرەلەردە قانادا بلەن پاكستان بير بيريگە برە آلادورغان نرسەلەرينى تكشورومەكدە.

## پاكستاندا اچكى احواللاردن

كراچى - هندستاندن پاكستانغا مسلمانلارنڭ كوچوب كيلش ايشى دوام قيلماقدا. حاضر بولارنڭ سانى ايكى يوز مڭغا يتدى. بو مهاجرلەر سينە اول كەسبگە برلەشتورولمەكچى.

كراچى - اوزى هيندو بولغان پاكستان صناعت و ايشچيلەر وزيرى مين دەن، پاكستاننڭ ولايتلەريگە سياحتكە چيققان. هر بارغان جايدا پاكستان خلقينى وطنپرورلككە تشويق قيلماقدا.

كراچى - پاكستان بلەن هندوستان اورتاسيدا محبوسلارنى تيگشيش دوام قيلماقدا. بوگون پاكستاندا 200 هندو وسيك محبوسلەرى چيگەرەگە آلب كيلب تيگشيشكە تيار قيلنغان. بونڭ بدليگە 200 مسلمان محبوس هندوستاندن كالمەكچى.

كراچى - كشميردە توقونوشلار دوام قيلماقدا. پيشاور ديگەن جايدا آزاد كشمير عسكرلەرى بلەن بير هندو تابورى سوقوشوب قالب، هندو تابورى بتونلەى محو قيلنغان. نو شهردە و لاجيمو ديگەن جايلاردا توقونوشلار دوام قيلماقدا.

قاهرە - ( ياقين شرق راديوسيدن ) پاكستان باش وزيرى لياقت على خان بوگون كچقورون قاهرەگە يتب كلدى. بو يردە 3 كون توروب عرب بيرليگينڭ مهمانى بولماقچى. برنجى بولوب كچكى ضيافتنى نهايتى طنطنەلك روشدە نقراشى پاشا ( مصر باش وزيرى ) بردى.

* * * × × ×

## عصمت اين اوكى سوزى

انقرە - توركيە جمهوريتى رئيسى عصمت اين اوكى حضرتلەرى توركيە ملت مجلسينڭ 20 - دورەسينى آچيش مراسيميدا اوزون بير نطق سوزلەدى. خلق آرا وضعيت حقيدە:

ايكنجى دنيا سوقوشينڭ آچچيغى تيخى توگەمەدى. بين الملل تنجلق تيخى اورونلاشمادى. صلح و عمومى تنجلققا صرف ايتلگەن غيرتلەر بو يلدامو تولوق نتيجە برمەدى. بونڭ اوچون باشيمزغا مدافعە اوچون تيارلق مجبوريتى توشمەكدە - ديدى.

بو يلقى بودجت حقيدە سوزلەب: آمريقا حربى ياردمى بلەن قوروغلق، هوا و ديڭز قوتلەرينى هر بير تجاوزغا قارشى تورغودەك بير وضعيتكە قويغانلغينى ايضاح قيلدى. هر تورلك قورولوش صفيدە سوزلەب، مارشال پلانى بويونچە آلينادورغان ياردمدن أڭ بيوك درجەدە فائدالانيش بلەن يوللار، كوبروكلەر ايلكتريك استانسەلەر، كومور و تەمور و ياغ معدنلەرينى أڭ ياخى اصوللاردا ايشلەيدورغان حالغا كلتوروش اوچون توزولگەن پلانلارنى آڭلاتدى.

تاشقى سياست حقيدەكى سوزيدە: آمريقا و انگلترە بلەن ايش بيرليگى قيلماق و ساويتلەر بيرليگى بلەن ممكن قدر دوستانە ياشاماق و ياخشى خوشنالق قيلماق أڭ صميمى مقصديمز دور. يونانستان، عرب بيرليگى، ايران، آفغانستان، پاكستان هندستان بلەن بولغان صميمى دوستلغيمز كوندن كونگە اينگرىلەمەكدە دەب ايتاليەدن فرانسيە ايسكى دوستيمزدور - ديدى.

سوز آخرسيدا: هدفيمز ديموكراتيەدور. 25 يللق سياستيمزدە موفقيت ثمرەسينى كوردوك. پارتيەلەرنڭ بو نتيجەلەردن درس آليب، ملى سياست نقطەسيدە بيرلكنى ساقلاماق بلەن مقدس هدفيمزگە تولوق يتشمەكيمزگە غيرت قيلشماغينى ايستەيمەن - ديدى.

## موكدينگە قزل قومونستلار باسيب كيرگەن

( برنجى نويابر پاكستان و ياقين شرق راديولاريدن ) تونوگون كيچە ( 31 - اوكتەبر 1 - نويابر آراسيدا كى كيچە ) قوممونست عسكرلەرى موكدن شهريگە باسيب كيردى. شرقى شمالدا بو اطرافدا يەنە بير قانچە يرلەردە حكومت عسكرلەرى بولسامو اما وضعيتى بك نازيك حاضر ياردم قوتلەرى كوندوروب بولارنى قوتولدوروش چارەلەرى كورولمەكدە. بوگون ( 1 - نويابر ) چين رئيس جمهورى جاڭ كەيشى بير مجلسدە، موكديننڭ قولدن كتكەنلگينى رسمى اعلان قيلدى. و وضعيت حقيدە سوزگە كيريشب، وضعيتكە اميدسز قاراب قوممونستلار كوچيگە آرتوق درجەدە دهشتلك دەب بها برشنى خطا دەب عيبلادى. حكومت شمالى چينە، خەبى كاربدورينى ( پيلىپين، تەنجين كاربدورى بولسا كيردك ) ساقلاى لادورغانلقينى بيلدوردى. سوزى دواميدا أگر آمريقا آسيانى قوممونيزم استيلاسيدن قورتقارشنى اويلاسا چينغا جدى ياردمدە بولماغى لازم ديدى. ( بو سوزلەر پاكستان و ياقين شرق راديولاريدن عينان يازيب آلندى )

## سوينچ

قاسم افندی بك أرته اويغاندی. نهايتی سه‌وقوق بير قيش كونی. اويه كوه‌ر' اوتی و يه‌يورغان هيچ نر سه يوق يه‌نی تخی چيقماغان. بالا ـ چاقا دولوب 6 جان آدم بله‌ن بو كوز نی قانداق اوتكوزه‌دورغانلقينی يادیغا كلتورمه‌سلك اوچون يوتقانی يه‌نه يا شيغا يوركه‌ر - يوركه‌مه‌س، بالالاری اويگه مهمان كلگه‌نلكينی خبر قيلدی.

ـ قاسم افندی سز بولامسز؟

ـ هه' من بولامن.

ـ أرته‌گه‌نده‌لا سزنی ملال قيلدم.

ـ يوق' اونداق بولامدورغان...

ـ آغينامنك مه‌گا امانت قيلغان وظيـ فه‌سی بك مهم ايدی.

ـ او، نيمه ايش.

ـ منك كاشغردن كيلشم. مينی آلـ دیگزغا يوسف افندی ايبه‌ردی.

ـ قايسی يوسف' هيچ خاطرمده يوق.

ـ يوسف كريم چو.....

ـ هه يوسف كريم' هه....

ـ اون ييل بورون ييتم قالغاندا آغرينب اويگزده ياتقان ايكه‌نسز كيينـ چه كاشغرگه يولغا سالب قويغان ايـ كه‌نسز.

ـ برك الله اونوتمادم.

ـ حتی سز بله‌ن خوشلاشب قيلـ غان ياخشيلقگزنی عمروايت اونوتماـ دورغانلقينی أيتقاندا' سز # بو زماز نك ياشلاری وفاسز بولادور' فقی قا راب باقابلی " دهب ايكه‌نسز.

ـ هه' هه‌مه‌مه‌سی ايسمگه كلدی. كريم ملانك اوغلی يوسف. قانچه‌لك اوزون بولغان بير ايش، هه' بو !

ـ يه‌نه خوشلاشقان كونی اونگا يول خراجتی اوچون 5 ييللا بركه‌نيـ گزده' اولگونچه، سزنك اوچون ايشله سه هم بو ياخشيلقلارنی تولب كيته آلمايدورغانلقينی سوزله‌گه‌ن ايكه‌ن.

ـ ( ايچيده ) خداغا شكر' كيچه كورگه‌ن توشوم اوگغا كيلب ياتادور.

ـ مانا شو يوسف منی سزگه ايبوه‌ندی.

ـ قاراغا بونگدن ياخشيلق كلمه‌يـ دورغان اوخشايدور. اون ييل بولدی بير پارچه خطمو يازمای دهب بيكارغا

بهانلاب يورگه‌ن ايكه‌نمن.

ـ يوزـانی ياخشيلقنی اونونقلی بولامدور. اونداق آدم‌رچيلكی الينه بير كونی دالايدورده.

ـ (خـ ـجالتليـ ـ) هه‌ی، بارـی' قانداق اولوغسن. زادی بو دنيادا قيلنـ غان ياخشيلقلار بوشقا كتمه‌يدورايكه‌ن.

ـ يوسف حاضر كاشغرده ايشله‌ب' قيلغان ـاخشيلقلاريگزنی يوزمرانبه يانـدوروشقا...

ـ ( كوگليده ) انسانغا خزير شوز داق يولوقادور ـ ده !

ـ مني يوز مرانبه آرتوق يانـدو رودقا نيت قيلغان ايدی.

ـ (كوزلـرـی ياشلانب ) اونوتماـ من خداغا شكر.

ـ برك الله! يوسف حقيقتده، نكدا شی يوق بير ييگيت. اما' حاضر كاش غرده سفالت ايچيده قالدی. ياردميـزگه محتاج بير حالغا يتدی.

## قوشما

نيگه هم تينمايدور كوزومنك ياشی سل كبی جوشوبلا آقاسم كيلور. يولومنی توساغان بو تاغی، تاشی، يل كبی اوچوبلا آشاسم كيلور.

* * * *

حسرتده ايگرايمن' كورمه‌تم ياری بو مجنون كوگلمنك يوقمو اوخشاری، بير كونلك حياتم بولماسدن باری سه‌رگيلم يانيغا قوشاسم كيلور.

* * * *

آتمغا باقماسن' اوزهم يرده‌من' يرده هم الهمسن' كوگلمرده‌من؛ جوشقاندا بيلمه‌يمن' أمدی‌نه‌مه‌ن' بر طوفان بولابلا تاشاسم كيلور.

حسن علی

## ملتم

ملتم جان ملتم وای ملتم كور ملتم، كوزآچيب اطرافقا باق جان‌ملتم‌تور‌ملتم.

---

اوتدی ياشگدن اولوس‌برقانچه‌اوتتولماس سبق، نه‌اوچون ناپماس‌شفا بوتنده‌مكروب‌علتم.

---

شخصيتدن هيچ كيچالمای أل‌رابولدوم يامان ناپمادی كوگلوم‌تنعه‌هيچ‌رتوزه‌لمه‌س‌نيتم.

كل‌بارانلار‌هرزمان قول‌اوشلاسام‌سزلەرايلە شادلانـ‌ريو جهـتده كوگلم شول‌بولور شاه شوكم!

* * *

جارتكـ‌ه‌هونتی‌چكب‌بزنك‌اوچون‌فايدەورساكم قول سونوب اوشلای اونی گر بولـسا وجدانيتم

---

يورتيمزبولسون ترقی‌علميمزتاپسون‌رواج بو منك اقبال مقصد بخت سعودتم

---

فيـ‌قاسوزبرله‌ـدولانی‌شعرينی‌قيلسون‌تمام أرك اوچون‌جانم‌فيدا‌قالسون دونومده ر آطيم'

## چاقريش

قوبونتازلارنك أرگيب يورگه‌ن اي گزچوقالاريدن توروب‌سگا‌واقيرايمن . سنی بير كوز كونينك دستله‌بكی آقشاملارينك قوچاغيغا چيللايمن. بلبللەر تيندی - سه‌وگيلم.... طبي هنكه اوخشاش كوله‌گه‌گه‌له‌ری ايچيد جان بره‌دور.

كوزومنك اوگيدا اوزانب يانقا وادی‌نب ـ تنچ....

آلديدا هيچ نرسه قيلدبمايدور. وميوه‌لك اغچه‌لرده غزللەر توكو له‌دور.

دريالاردن سنك آوازگغا اوخشاغار سونك شارقيراشلاری آگـ‌لانـ‌ادور و ايگز تاغلار بو "ألله‌ی" بله قانداق چيرايلق اوخلايدور....

اطرافمنی اوراغان كوله‌گه‌گه‌له‌ر سنی ايزله‌يمن. چيويرلاشب، ويچرلاش قاچشقان خلق آياقلق كه‌لكلمه‌رمن سنر سور ايمن

وسنك ايزله‌رگه‌نی يامغورلاردن' ... ماللاردن قوتولوب قالغان قايه قولتوقا ريداكی توپراقلاردن ايزله‌يمن

وسه‌وگيلم' قوبونتازلارنك أرگيب يورگه‌ن ايگز چوقالاردا توروب ... واقيرايمن. سنی بو كوز كونينك د... له‌بكی آقشاملارينك قوچاغيغاچيللايمن

اما' هيهات' سه‌وگيلم.... دريالارن ايگرانقان شامللار، مه‌گا اميد بره‌... غان برمو نغمه كلتوره‌لمايدور....

آدرس: اورومچی ياقغانك
القای كوچاسی نمری 13 القای نشريات اداره‌س

تلدە، اشدە، فکردە، برلك !

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

ئەرك

مدیر: عیسى الب تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

۳ ذالقعدە ۱۳٦۷ . ه
5 نوبابر - یل 1948

216 ـ سان — جمعە — قمتی: آیلقی ـ شهرگە 150000 دوللار چتکە پوچتاحقی قوشولادو

# مال بهاسی چکلەشدن، کیگەشکە کوچدی

اقتصادی بحراندن قورتولوش اوچون قیلنغان یاڭی اقتصادی سیاست ـ مال بهاسینی قطعی چکلەش ایشی مغلوب بولدی. 70 كون دوام قیلب آخری اوزینڭ قسقا عمرینی توگەتكەن مال بهاسینی چکلەش سیاستی اورنیغا، „ کیگەشیب بها قویوش " چارەسی اعلان قیلندی. مأموری پالاتانڭ 31 ـ اوكتەبردە قرار قیلب اعلان قیلغان بو چارا توبندەكی تدبیرلەردن عبارت:

1 ـ آشلق بازار بهاسیدا اختیاری ساتیلسون، اختیاری آلیب یورولسون، آشلق باسیمدارلاری قاتتیق جزالانسون.

2 ـ آلتی چوڭ شهردە خلقگە آشلق تقسیم قیلیب بریش دوام قیلدورولسون.

3 ـ گزمال، شیکر، چای، كومور، توز بهالارینی مركز ادارەلەر اوزی توختاتغان بهاغا اساسلانیب بها توختاتیب برسون. باشقا كوندەلك تورموش ماللاری یرلك احوالغا قاراب توختاتغان بهاغا قاراب بها قویوش یولی بلەن ادارە قیلنسون.

4 ـ هر یردە آشلق و باشقا كركلك ماللارنی چقاریش، كرگوزوشكە بولغان بارلق توسالغولار آلیب تاشلانسون.

5 ـ قارا بازارچیلق قطعی چکلەنسون.

6 ـ عموم یاڭی قاتناش قوراللاریدا توختاتغان بهاغا قاراب تەكشەلیسون.

بازاردا مالنی تالاش، مالنی سقیب تاشلاش، فلغا مال ساتیش اورنیغا مالغا مال ساتیش احواللارینڭ توغولوشیغا یتیب باریب، گویا هر مال قهتچیلكیگە آیلانغان مال بهاسینی چکلەشنی منا بو یاڭی تدبیرلەر بلەن آلماشتوروش قاراراق تیل بلەن أیتقاندا، „ چکلەش بولمادی، قویوب بردوك " دیگەننڭ بعضی استثنالق شکلیدن عبارت.

یاڭی فل، یاڭی اقتصادی سیاستنڭ موندان بیر نتیجەگە كیلیب تاقالیشی تصادفی ایمەسدور، بوتون مطبوعات اقرار قیلغانیغا اوخشاش، بیر دولتنڭ تورت پوتی بولغان، سیاست، عسكریە، جمعیت و اقتصادنی، برابر یاڭیلاماسدن، یالغوز بیر پوتی „ اقتصاد " نی یاڭیلاش، تورت پوتی سینغان اوستەلنڭ بیرسینی توزەش بلەنلا اونی اورە تورغوزامن دیگەنلكدن عبارت ایدی. سیاستدەكی گووهبازلق، پاراخورلوق، چریكلك، جمعیتدەكی اخلاق بوزوقلقی، وجدانی توشكونلك، عسكری جهتدەكی اوچی قری كورولمەگەن دهشتلك ایچكی اوروش میداندا تورغاندا البتە اقتصادنی آیریب آلب توزەتیب كتمەك قیین ایشدور. شونڭ اوچون یاڭی اقتصادی سیاست كوتولگەن نتیجەنی بیرە آلمادی.

بو یاڭی تدبیر اعلان قیلنش بلەن مال بهاسی اوزی تاپیب آلغان یوقاریغا قاراب مایش یولیدا یورە دورغان بولدی. اما بونڭ موندان قویوب بیریلیشی بلەن بازارداكی مال قهتچیلكی خەلی یوقالیب بوگونكیدەك، تاغا، خالتا كوتوروب یمەك ایچمەك ازدەب یوروشلەرمو یوقالادورغان بولدی. چونكی دهقانلارنڭ بازارغا آشلق آلیب كرمەسلكی، یوبیل آشلق بولماغانلقدن، یورتدا یمەك ایچمەك توگەب كتكەنلكدن بولمای بلكی چکلەب قویغان آرزان بهادا ساتسا اونڭ بدلیگە اوزیگە لازماق مالنی آلالماسلغینی كوروب، موندان „ سویورگە زبانكەش " سوداسینی قیلغونچە اویوەدە تنج یاتای دیگەنلكیدن توغولغان ایش ایدی. آشلق بهاسینی قویوب بریش، آشلق توشوشنی توسالق بلەن بو توشەنچەگە اورون قالمایدور. بازاردا اوزی لایق كورگەن بهادا ساتیش امكانیتی دهقاننی ایندی بازارغا مایدایدور. آشلق قهتچیلكی بونڭ بلەن بوشایدور، حتی توگەیدور. باشقا ماللارنیمو اوزی توختاتغان بهاغا (یعنی سوداگرگە قانچە توختاتغان بولسا، شونگغا قاراب قویغان بهاغا) ساتیشقا رخصت قیلش بلەن گرچە بها اوسسەمو اما مال آستلاب بازارغا چقادور. یوقاب كتیشنڭ بهانی چکلەشدن باشقا سببی بولماغان بو مال قسلقی بونڭ بلەن فیالحال حل بولادور. اما بونگدن قاقشاغوچی آیلقچیلار، محنتینی فلغا ساتیب كون كوروچیلەر بولوبمو، معاشینی چکلەگەن بهادا آلیشدن باشقا علاجی یوق خدمتچیلەر بولادور. حكومت فل كورسینی شو چکلەگەن بهادا توتوب تورا آلغان بولسا، آلغان معاشینڭ كورسنی سافلینشی آرقاسیدا تورموشدن خاطر جمع بولا دورغان بو صنف حالی باشقالارنڭ مالی قمتلەگەن بولسا اوزینگمو مالینی قمتلەتە آلادورغان خلقنكیدن قیین بولادور.

یاڭی اقتصادی تدبیر بولغان مال بهاسینی كیگەشیب توختاتیش اجرا قیلینش بلەن بولا دورغان بو احواللارنی كوزدن كچورگەندن كیین، بیزگە بوتون خلقنی شونڭ ایچیدە بولوبمو خدمتچیلارنی قورقوتقان مال قهتچیلكینڭ بو یاڭی تدبیر مناسبتی بلەن آزدور كوبدور یوقالیب، خلق كوزیدن گویا أرتە كیلەدورغاندەك شعلەلەری كورونمەكدە بولغان عمومی قهتچیلكنی براقلانیش حتی یوقانیش احتمالی بولغانلقی اوچون بیز خرسند بولمای، اوتە آلمایمز.

( دوامی 2 ـ بتدە )

اجرا قيلب باشقا آليب چقا آلماي
دورغان بير اقتصادی تدبيرنی عملی
احتياج و خلق منفعتينی كوزده توتوب،
من منلككه آلمای اوشبو خيلدا اوز
گەرنكەن حكومتكەمو اوز تشكرانيمزنی
سونمای اوته آلمايمز .
سوز آخرسيدا ياگی تدبيرنی بو
لوبمو آشلقنی اختيار قيلغان بهادا سا
تيش بير بردن بير برگه آليب بوروش
نی توسماسلق تدبيرينی نهايتی قطعی
اجرا قيلب ، حكومتنك آشلق بهاسينی
چكلمش وقتيده ، عاجز دهقان پاكی
مردبكارلارنك سورادن ايش حقی او
چون آلغان آشلقلاريني اختياری روبش
ده بازارغا آليب كريب سانيشيغا توسال
غو بولوب ، حكومت توختاتقان بهادا
ماگا ساتيب بيرەسن دەب زورلاب اوزي
گە آليب باسيب قويغوچی ياكی قمتەرەك
بهادا باشقالارغا سانقوچی سهرا موشتو
می زورلەری بلەن محله حاكم مطلقلەری
نك فرصت بريشلكلەريگە ضربه بيرشلە
رينی سوراب قالامز .

# اولكه و شهر خبرلەری

( ج . ت . آ . خبرلەريدن )

## دەرنەك حقيده بير اولتوروش

2 نجی نويابر كونی مديريمز
عيسی بك آلب تكن اويده شهريمز
دەكی شاعر ، يازغوچيلارنك بير اولتو
روشی بولوب ، شاعر يازغوچيلاريمزدن
چنگزخان ، اونكور ، چوبان قتارلق
20 گە ياقين ياشلار قاتناشدی .
اولتوروشدا عيسی بك افندی دەر
نەك حقيده سوز آچيب شاعر ، يازغو
چيلاريمزنك دەرنەكدە كوبرەك شعر و
ادبی پارچەلەر اوقوشنی توصيه قيلمش.
شاعرلەريمز موندن كيين دەرنەكدە كوپ
لەب شعر اوقوشلەری حقيده وعدەلەر
برگەندن سونك ، دەرنەككە تقديم قيلانا
دورغان شعر هم اثرلەرنی يغيب تورو
قا و دەرنەكنك كانبلقيغا ع . جوشقون ؛
بلگولەندی . دەرنەككە تقديم قيلا نادور
غان شعر اثرلەر دەرنەكدن 3 ـ 4 كون
ايلگری جوشقونغا تابشورولماق بولو
توب ، اولتوروم تارقالغان .

## چندەكی مهاجر لەريمزنك يورت سوگيسی

( 3 نجی نويابر ) ١٣٣٣ نجی ييل
دداكی ايچكی توپولاڭلار و شاك شی
سەی دوريدەكی استبداد تولايسی بلەن
مصر ، توركيه ، هندستان و عربستانلار
غا موكونگەن تركستانلق يورتداشلار
بوگون ، چينی توركستاننك حكومت
باشيدا ملی رهبرلەرنك بولغانلقی و
يورتنك تنجلانغانلقينی آڭلاب آرقامو ـ
آرقا يورتقا قايتيش اوچون مراجعتلەردە
بولونماقدا دور .
هندستاندن توركستانغا قراب يولغا
چققانلار و باشقا مملكتلەرداكی مهاجر
يورتداشلاريمز بوكونكی خلقچيل
چينی توركستان حكومتيدن ماددی و
معنوی ياردم ايستەمەكدە بولسه
كرەك .

## تورك باللاری اوچون غمخورلوق

شهريمزدەكی تورك حكومت خدمت
چيلارينك خدمتيگە آسانلق توغدوروش
و اوشاق باللارينی آسراشنی اعتبار
غا آلغان معارف باقانلغی تەنلياگدا بير
تورك باللاری اوچون مخصوص بهلی
( بالا تربيه خانەسی ) آچيشقا حركت
قيلغان . بو ايكی صنفدن عبارت بو
لوب ، ٤٥ بالا قبول قيلانور ايكەن .
موشو آی ايچيده آچيش احتمالی بول
ـسا كرەك .
ينه موشو آی ايچيده شهريمزدەكی
تورك كەميغەل باللاريدن اولكەلك دارالا
يتامغا 60 نفر قابول قيلسا كرەك .
بو نگغا حاضر جدی تيارلق كورمكده
ايكەن .
عثمان باتور قازاق خلقينك چاروا
چيلق بلم ساوادينی اوستوروشنی نظرده
توتوب گوجوگدا بير چارواچيلق مكت

جی قورغان . بونك 11 نجی آپر
باشلاب راسخوديني معارف باقانلقی بو
مەكچی . مذكور راسخودنی قاراشهر
كی 1 ـ 2 ـ ايلاك اوقوللارنك 5
آيدن 12 ـ آيغا قدر آشوروب قالغان
خراجت قليدن بريشنی اوتونوب اولك
حكومتيگە مراجعتده بولونغان .

## جنوبدن اوقوغوچی كلتورولمەكچی

يورتوموزنك عالی بيلم يورتی بو
مش دارالفنونغا بو ييل 120 نفر ا
قوغوچی قادول قيلنماق بولونغان . ا
قوغوچی كلتوروشده چينی توركستا
جنوبيغا كوبرەك اهميت بريلگەنلكدن
ارالفنونك علم مديری امين تورسو
دورانی ، كيلەر هفته ايچيده جنوب
سفر قيلماقچی .
آلنغان خبرگه كوره : دورانی جنو
بدن كلتوروله دورغان اوقوغوچيلارنك
ول خراجت و قشلق كييم خراجتلر
نی اوزی بلەن بلله آليب ماگسا كرەك

## مكافاتلانغان

2 نجی دارالمعلمين 3 نجی اورن
اوقولينك معلم خدمتچيلەريدن بير يي
لدن بويان ترشيب خدمت كورسەتكەن
عبدالواحد ، ابوغور عادل ، يوسف
آتا بك ، عبدالرشيد ، و غالب افند
لەرنی مكتب طوفيدن گيلمم ، اوتول
و تون قتارلق نرسەلەر بلەن ، اوقوش
دا ، اخلاق ، تن تربيه لەرده ياخشی
نتيجه قازانغان اوقوچيلارنی برنجی نو
يابر آچيلغان مكتب مجلسيده اوقوش
ماتريالەری بلەن مكافاتلانغان .

## كاشغرده سو عافتی

( 3 نجی نويابر ) كاشغر كهنه
شهرگه تابع بش كرم و آباد ناحيەلەر
ده يانار تاغ يارلب 15 ييلدن بيری
كورولمەگەن بير سو آفتی يوز برگەن
بونك نتيجه سيده سايباغ و لە
گە ندەكی ١٧٠٠ مو دن آرتوق
سو سيب اونكەن .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# اچكی و تاشقی خبرلەر

( 3 - نویابر آنقره رادیئوسیدن )

## ترومان اوتدی

لوندون - آمریقا رئیسی جمهور سایلامی نتیجەلەری كورولوشكه باشلادی. كوپچولكنك كوتمەگەن یریده ترومان غالب كلدی. ترومموننك بو غالبیتی دوستلەرینی بولسون، دشمانلەرینی بولسون حیران قالدوردی.

دووی ترومماننی تبریكلەب تلغرام چكدی. آمریقا خلقیغەمو یانی رئیس جمهورنی حمایه قیلشقا دعوت قیلب بیاناتدا بولوندی.

آنقره - دووینی تبریكلەشكه حاضرلانغوچیلار ایشلەرینی توختاتیب، سایلانیش امكانیتی بك آز بولغان ترومماننی تبریكلەشكه توغری كلگەنلگیدن تعجبده قالشماقدا.

آنقره - رەیتر مخابریننك ساعت اوندا قیلغان خبریچه، ترومان سایلامدا اوتوب چیقدی. اوزی سایلانسا بتون كابینانی دیموكراتلاردن قیلشقا تیارلانغان دووی آمریقادا اوزوندن دوام قیلب كلگەن عادت بویونچه توپوقسز اوتوب چیققان ترومماننی تبریكلەدی.

*** * ××× * ***

## فرانسیەده ایش تاشلاش بلەن كورش

لوندون - فرانسیەده ایشچیلار ایش تاشلاش اشینی دوام قیلدورماقدا. حكومت بونی باسیش اوچون جدی كورشكه كیرشدی. بتون كومور كانلاری حكومت عسكرلەری طرفیدن اشغال قیلندی. بوننك بلەن 140000 ایشچی ایشقا توشوشكه مجبور بولدی. حكومت ایش تاشلاشنی باسیش اوچون بوندن باشقامو جدی تدبیرلەر آلماقدا.

** * ×××× * **

## یهودیلەر هجومغه دوام قیلماقدا

قاهره - یهودیلەر توختامنی بوزوب هجوملەرنی دوام قیلدورماقدا. بیر مونچه جایلارداكی یهودی هجوملەری كوپ ضایعات بلەن قایتورولدی. بیر یهودی كیمەسی غزەگه یاقینلاشقان بولسامو، عربلەرنك قیرغاق توپلاری طرفیدن اوت آچیب آرقاغا قایتورولدی. حاضر فلسطیندن قاچیب چیققان عرب مهاجرلەریننك سانی یارم ملیونغا یتدی. بولارنك احوالی بك وحیملكدور. انگلیزلەر بولارغا یوز ملیون یاردم ایبەردی. انگلترەدەكی جمعیتلەر كایسەلار یاردم توپلاماقدا و بوللاب تورماقدا.

یاقین شرق رادیئوسیدن - یهودیلەرنك لبنان چیگەرەسیگه هجوم قیلغانلقی حقیده لبنان حكومتی تنجلق هیئتیگه رسمی بیلدوردی.

لوندون - تنجلق هیئتی 4 - نویابردا فلسطین حقیدەكی چین انگلیس تكلیفینی مذاكره قیلماقچی.

*-- *) + **×** + (* --*

## حكومت كابیناسی استعفا الدیدا

نانكین - م. آ. - 3 - حكومتیمزننك كابینا رئیسی وڭیوەنجاڭ بو گونكی مجلسده اوزیننك استعفاسینی یەنه تكرارلادی. بتون باقانلقلارنك باقانلاریمو وڭیوەنجاڭ بلەن برگه استعفا بیرەدورغانلقینی اظهار قیلدی. اشانچلق منبعلەرنك بیلدورشیچه باشقا باقانلارنك استعفاسی اونچه آنیق بولماسامو وڭیوەنجاڭ بلەن مالیه باقانی والڭیوونونك استعفاسی بك قطعی. بوگون رئیسی جمهور وڭیوەنجاڭ بلەن والڭیوەنوو استعفانامەسینی اوزلەریگه تصدیقلەمای قایتارغان. وڭیوەنجاڭ هم بونكغا قارامایدورغاندەك. رئیسی جمهورنك بو قایتوروشیغا اشانچلق كیشیلەر قبول قیلماسلقدن قایتورغانلق بولماسدن اورنیغا آدم تعینلەیدورغان آدم مسئلەسیده اویلانیب آلیش اوچون قایتورغانلق بولسا كیرەك چونكه یاڭی كابینا قوروش حاضرقی كابینانی قورغانلمو قیینلدور. رئیسی جمهور بلكه والڭشیجی بلەن سابق كابینا رئیسی جالڭچوننی كوزده توتسا كیرەك اما بولارنكمو بوگونكی وضعیتده قبول قیلشی اوڭای ایمەسدور - دیمەكده.

## معاش بیر یارم حصه اوسدی

نانكین - م. آ. - 3 - مأموری پالاتا بوگون 23 - نوبتلك مجلسینی اوتكەزدی. بو مجلسده حكومتنك ملكی و عسكری خدمتچیلەری معاشینی بیر یارم حصه آشوروشقا قرار قیلدی. بو قرار 11 - آیدن اعتبارن اجرا قیلنادورغان بولدی.

## بهانی بوزوب قامالغانلار قویوب بیریلەدورغان بولدی

نانكین - م. آ - 3 - عدلیه باقانلغی بتون دولتكه، بو نوبت مال بهاسینی چكلەشده خلافلق قیلغان سوداگر گناهكارلارنی عفو قیلش حقیده بیر تیز تیلغرام كوندورگەن. بو تلغرامدا موندان دیگەن: مالیەنی ترتیبكه سالیش و اقتصادنی اداره قیلش چارەسی 14 - مادەسی توزەتلدی. بارلق اوشبو مادەگه خلافلق قیلب مال بهاسینی بوزوش گناهی بلەن قامالغان گناهكارلار كفیل آلیب قویوب بیریلسون یاكی تنفیح بیریلسون.

بوننك بلەن مال بهاسینی چكلەشدن مال بهاسینی آزاد قویوش اشیگه كوچوش بلەن هرشهرده قامالغان كیسلگەن سوداگر و باشقالار قویوب بریلسەدیرەك.

## شانخەیده بازار عكسیگه قایتماقدا

شانخەی - م. آ - 3 - شانخەیننك بازاری اولقی حالیغا قایتماقدا. آتاغلق بوندەن، شەنشی شركتلەری اولقی حالغا قایتدی فقطماللار مال بهاسینی چكلەگەن وقتدەكیدن ایكی یوز حسسه آشوولغان حالدا بها جایلاب قوبولدی.

تنجندەمو مال بهاسینی آزاد قیلش بلەن بازارغا مال چیققالی باشلادی. اون هم كوپەیمەكده. بیر تاغار اون 77 آلتون دوللار بهاسیدا سانیلماقدا. گوروچ بهاسی اولقیدن ایكرەمه دوللار توشدی.

# اشغال استيدا الهانيه

اشغال آستيداكى آلمانيەدە كوزگە
چالقغان بير نقطه بولسا هم اوروسلار
بلەن آمريقالقلار و أنگليزلەر آراسيدا
كى اختلافلارغا قارشى آلمانلارنك تو
شەنچەلەرى و توتماقدا بولغان وضعية
لەريدور.

دوام قيلب يانقان اختلافلارنك تو
غولوش نقطەسى آلمانيەنك استقباليني
بلگولەش ايشيدن بولماقدا. برلەشمە
دولتلەر، اوز اشغاللارى آستيدا بول-
غان 50 مليونلق آلمانيه بلەن، ساويت
لارنك اشغاليتى آستيداكى 30مليونلق
آلمانيەنى بيرلەشتوروب، مستقل بير
دولت قوروش توغراسيداكى فكرلەريـ
نى روسيەگە قبول قيلدورا آلماغانلقلارى
اوچون، اوز قول آستيدا بولغان قيسمـ
دا بير غربى آلمانيه دولتى قوروشقا
اومتولمەكدە. بو مسئلەگە بك آز طرفـ
دار بولغان فرانسانك نازلانيشيغا قارا
ماسدن غربى آلمان دولتيني قوروش
خصوصيداكى قدملەر هر كون ايلگريلە
مەكدەدور. بو مسئله شونداق قالابر
سون، اتفاقداش روس اختلافينك هر
تورلك چيچەكلەنيشلەرى برلين شهريدە
اوزينى كورسەتمەكدەدور. معلوم بولو
شيچە، برلينينك بتون اطرافى روس
قوتلەرينك قوليدا بولغانى حالدا برلين
شهرى تورت ملتنك اشغالى آستيدادور.
يعنى برلين شهرى تورت قيسمغا آيرل
غان بولون بير قسميدا ساويتلەر، باش
قا قيسملاريدا آيريم - آيريم اداره
لەر بلەن آمريقالقلار، أنگليزلەر و
فرانسوزلار باردور.

روسلار برلينني ساويت جامعەسيگە
قوشوشنى ايستەگەنيدەك، غربى آلمانيه
دولتينك مركزى قيلشنيمو ايستەيدور.
باشقا ملتلەرنك برليندە توروشى، روسـ
لارنى بو غايەگە يتكوزوشدن قوروق
قالدورماقدا. بيرلين كهنه بيوك آلمانيه
لك پاى تختى بولغانلقيدن، بو يرنك
غربى آلمانيه دولتينك مركزى حاليغا
كلتورولوشينك البته آلمانلارغا پيسكو
لوزيك بير تأثيرى باردور. ايكنجى بير
مهم نقطه هم، برليننك آمريقالقلار،
أنگليزلەر و فرانسوزلارنك قوليدا بو
لوشى سببى بلەن روس اشغال بولگه
(رايون) سينك دائمى بير كونترول
آستيدا قاليشيدور. مانا بو ايكى چوك
سببدن تولايى، ساويتلەر هر تورلك
حادثەلەرنى ميدانغا كلتوروب، آمريقالق
لار بلەن أنگليز و فرانسوزلارنى توي
غوزوب برليندن قاچورماق ايستە
مەكدەدور.

مانا شونداق اختلافلار قارشيسيدا
آلمانلار نيمەنى كوروب، ياتادورغاندور؟
آمريقان - روس سوقوشى بولوب قالسا
آلمانلار قايسى جبهەنى توتادورغاندور؟
بو موضوعنى بير آز بولسامو اينچيـ
كيلەش فرصتيني تاپدوق. عموميت
بلەن آلمان ملتى اوز مملكتى ايچيدە
بونداق چوك بير قوراللق كورشنك
چيقيشيغا طرفدار ايمەسدور. چونكه
بونداق بير سوقوش بولادورغان بول-
سا، اوتكەن قاتيمقى سوقوشدن قور
تولوب قالغان بير قيسم شهرلەرمو
خراب بولغوسى، آلمانيه يەنە بير قا
تيم قورقونوچلق بير اوتنك ايچيدە
اورتەنگوسيدور. بونداق بير مجادلەگە
ميلى خواهلاسون، ميلى خواهلاماسون
آرالاشيب بير قيسم نفوسيني تكرار
اولومنك قوچاغيغا تاشلاب برشكه مج
بور بولاچاق بولغان آلمانيه، بونداق
بير سوقوشنى قانداق آرزو قيلسون؟

براق، بو قطعى حكمنى بريشدە
الديرماسلق لازم. چونكه، بير مشهور
غزتەچى آلمان صنايعچيلەرى بلەن كو
روشكەندە بير روس - آمريقان سوقو
شينك چيقيشيغا طرفدار ايكەنلكلەرينى
أيتقان. بولارنك مطالعەسى هم شو
ايكەن.

«بير روس - آمريقان سوقوشى
بولماسا، آلمانيه قانداق آزاده قالغاى؟
آمريقالقلار بلەن أنگليزلەر آلمانيەنى
شو پتى چه تاشلاب كتسه، بو يرلەر
قوممونستلارنك تأثيرى بلەن روسيەنك
قوچاغيغا توشكوسيدور. آمريقالقلار
كتمەسە، آلمانيەنك تريليشيگە و استقلا
ليغا ايريشيشيگە امكان يوقدور. حال-
بوكه آرالاريدا بير سوقوش چيقسا،
آلمانلارچه روسيه يكيليب چك آراسـ
غا چكينگوسى. آمريقا هم آلمانيەنى
بوشاتيب، اوگا حريتيني تكرار برگو
سيدور»

بير روس آمريقان سوقوشى بول
غان تقديردە، آلمانلارنك قايسى جبهه
دە توروب سوقوشادورغانلقى توغراسيـ
داكى سوألغا بير آلماننك برگەن جوا
بى بك خراكتريستيكدور:

- غايت طبيعى اولاراق، روسلار
بلەن برلەشب، آمريقاغا قارشى سوقو
شامز.

- نيمشكه؟

- چونكه، آمريقا بلەن بيرلەشيب
. روسلارغا قارشى سوقوشساق، اسير
توشكەن تقديردە سيبرياغا سورگون
قيلنماق بار. حالبوكه، روسلار بلەن
بيرلەشيب، آمريقان جبهەسيگە هجوم
قيلساق، درحال تسليم بولوب، توغرى
آمريقاغا كيتەمز.

بير نقطه اولاراق سوزلەنيشيگە
رغمان، بو سوزنك آستيداكى معنا بك
ياشورون ايمەسدور. ناسيونال - سوز
سياليزم ياشلاريغا هتلەر طرفيدن اور
گەتيلگەن قوممونيزم دوشمانلغى، كوڭ
لەردن تمامان تازالانيب كتكەن ايمە
سدور.

بوندن بير نچه آيلار بورون آل
مانلار آراسيدا بير شايعه دوران سو
رەر ايدى. آسان ايشەنگەلى بولمايدور
غان بو سوزلەرگە كوره، روسلار
اتفاقداشلار اوردو حاضرلاماقتاايمشلەر
بونك توغرالق درجەسيني يالغوز اتفا
داش دولتلەر و روسلارنك اوزلەر
گنه بيلور. بزنك قطعيت بلەن بيلەدو
غان نرسەمز، بيزوندا توروشلق آمريقا
و أنگليز قوتلەرينك آزلقيدور. بو ي
لەردە كوزگە كورونگودەك بيوك قوشو
لار و اوردولار يوقدور. بار بولغا
قوتلەر، آران آلمانيەنى اشغال آستيد
توتوب توراآلغودەك درجەدە آزدور. بو
گا مقابل ساويت بولگەسيدە، بو يرل
دەكى قطعەلەردن بوزمراتبه آرتوق قو
لەرنك بارلغى ادعا قيلنماقدادور.

بتون بو ايضاحلاردن سوگرە مقد
سوأل شودور:

آلمانيه نيمه بولغوسى؟

## حكمتلك سوزلەر

تونوگونكى فكر كوپوك، أرتە
فكر هنوز خامدور. بو كوننك آت
بو كوننك فكرى گرەك.

عقل باشدا ايمەس باشدادور. ف
عقلنى باشقا باش كلتورەدور.

چيرايلق سوزلەشگە ايشەنمە
جيم تور. ايجاب ضرافت بودور.

ذكاسزقوت، بوقونادور فقطقيلا آلما
سدور.

استبداد هر عاجز ملتنك سيا
جزاسيدور.

ئالدە، اشدە، فکردە، برلك!

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

# أرك

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز توركستاندور

مدیر: عیسی الپ تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

1948 - ییل 14 - نویابر
۱۳۶۷ - محرم 11

219 - سان    یکشنبە    قمتی: آیلقی - شهرگە 150000 دوللار چتکە پوچتاحقی قوشولادور

## امریقا ایلە ساویت اورتاسیداکی مناسبت

1949 نچی ییل هم یتیب کیلب قالدی. اولگەن اون بیر آی خلق آرا مسئلەلەردە آمریقا ایلە ساویت دولتینینك اورتاسنداکی قاریمو قارشیلق بارغانساری کوچایدی. بو خلق آرا وضعیتنینك بیر قدر جدیلەشیب بارغانیدن دنیاداکی بیر بولوم خلق مونداین سونك آمریقا ایلە ساویت اورتاسینی یاخشیلاشقا شونگدەك دنیا تنجلقینی ساقلاب قالشقا چارە یوق دەب امیدسزلککە توشمەکدە. یانا بیر بولوم خلق منا امدی زور سوقوش قوزغولا دورغان بولدی، همە جدی سوقوشقا حاضرلق کورمەکدە. دیگەن کبی تشویقلەرنی تاراتماقدا!. اما بوگون بو قدر مقصدلی یاکی مقصدسز قیلنغان بیر تورلی تشویق یاکی بیر تورلی فکرلەرگە او قدر ایشانیب کتکەلی بولمایدور. یاقیندا بولغان آمریکا سایلامیدا، آمریقانینك خلقچیل فرقەسی غالبیت قازاندی. منا بو حال، آمریقا خلقینینك سوقوشدن بەزگەنلکیگە ویاکی تنجلق ساقلاماق اوچون قاتتیق نیت باغلاغانلقیغا اثبات بولا آلالایدور. شونگدەك ساویت دولتینینك 31 نچی ییللق دولت بایرامی کونی مولوتوف اوزینینك سوزلیگەن نطقیدا: « تروممانینك قایتادن رئیس جمهورلوقا سایلانغانلقی، جمهوریت فرقەسینینك آچوقدن آچوق لیب بارماق بولغان تجاوزچیلق پلانیغا آمریقا خلقینینك قارشی چققانلقینی اثبات ایتەدور » دەب اوتدی. دیمەك مولوتوف تروممان حکومتینی بیر تنجلق پرور حکومت دەب تانیغان بولدی. بونگغا قاراب بعضا آمریقا سیاستچیلەری آمریقا ایلە ساویت مناسبتینینك احتمال یاخشیلانیب قالیشیغا امکانیت بار دیگەن قاراشقا کلدی. چونکی اولار دولو تروفنینك بو قانیمقی سوزلەگەنی بو یوەشاق صفتلی سوزی، آمریقا ایلە ساویت اورتاسندا بیر تنجیلق صحبت آچیشقا سبب بولوب قالادور دیدی.

براق، شونیسی هم بار کە، یوقاریقی ایکی تورلی احوال یالغوز شول ایکی دولتنینك ایچیدە بولغان ایشدور. اما خلق آرا مسئلەلەردە ینا جدی وضعیت دوام اتمەکدە. انسانلەرنی تنجلق طرفکە ماگدورا دورغان احواللار آز کورونمەکدە. بوندن سونك خلق آرا وضعیتنینك بوشاشیغا وساویت ایلە آمریقا مناسبتینینك یاخشیلانیشیغا هیچ کیمنینك کوزی یتمەیدور.

آمریقا ایلە ساویتنینك مناسبت مسئلەسینی اورتاغا آلغاندا، اورتادا ینا ایکی تورلی مسئلە توغولادور. بونینك بیری بیر بیریگە اوخشاغان ایکی تورلی توزومداکی دولت بیر بیری ایلە بیرلکدە یاشا آلورمو؟ دیگەندن عبارت بولسا، ینە بیری آمریقا ایلە ساویت اورتاسیداکی قاریمو قارشیلق سوقوشدن کیینکی دنیا تنجلقینی بوزا دورغان آساسی سببلەردن بولا آلورمو دیگەن مسئلەدن عبارت.

برنجی مسئلەگە کلسەك، یالغوز نظریە یاقدن آلغاندا کوب آنگلاشماچیلق چقادور. سبب، نظریە یاقدن سوزلەگەندە، کاپیتالست دولتلەر هرزمان سوسیالیزم دولتیگە دوشمن کوزی ایلە قارایدور حتی اونی یوقاتیب تاشلاشنی اویلایدور. شونگدەك سوتسیالیزم دولتی هم دنیا انقلابی دیگەن شعار آستیدا بارلق کاپیتالست دولتلەرنی آغدوروب تاشلاشنی اویلایدور.

منا بو نظریە یاقدن قاراغاندا، آمریقا ایلە ساویت اوچون بولار بیر بیرینی یوقاتماقدن باشقا یول یوق دیگەن خلاصە چقادور. اما عملی احوال اونداق ایمەس! ساویتنینك بو بیر مسئلەگە قاراشینی الیب کورەیلی، استالین بیر نچە نوبت بو ایکی تورلی بیر بیریگە اوخشاماغان توزوم تنچ بیرلکدە یاشاب کیتە آلادور دەب ایتدی. شونگدەك سوقوش دوریدە غرب طرفدەکی خلقچیل دولتلەر ساویت دولتی ایلە اتفاق توزوب فاشیست دولتلەرنی یوقاتدی. دیمەك بو عملی احواللار، یوقاریقی نظریەنینك آساسینی بوشوتوب تاشلاغان بولدی. سوقوشدن کیینمو، دنیا تنجلقیغا علاقەدار بوتون مسئلەلەرگە ساویت دولتی هم آرالاشدی. شونگدەك ساویت دولتی هم باشقا کاپیتالیست دولتلەر قاتاریدا بیرلشمە دولتلەر تشکیلاتیغا یتەکچیلك قیلماقدا. منا بو احوال بیر سوتسیالیزم دولت ایلە بیر کاپیتالیست دولتنینك بیرگە یاشا لالمایدورغانلقینی کورسەتەدور.

ایکنچی مسئلەگە کلسەك، 2 نچی دنیا سوقوشینینك ناخیری آرقاسندا، سوقوشدن کیینکی دنیاغا یتەکچیلك قیلش مسئولیتی حقیقتدە آمریقا ایلە ساویت ایکی دولتنینك اوستیگە آرتیلیب قالدی. شونینك اوچون خلق آرا ماجرالەر کورونوشدە آمریقا ایلە ساویت اورتاسنداکی ماجرادەك کورونسەمو، اما حقیقتدە بو ایکی دولت اورتاسنداکی ماجرا خلق آرا ماجرادور. مثال کلتورسەك، بیرلشمە دولتلەر مجلسندە یاکی باشقا بیر مسئلەلەردە آمریقا ایلە ساویت ایکی طرفنینك فکری بیر جایدن چققان مسئلەلەر عمومی حالدا حل بولوب کلدی. یالغوز بو ایکی دولتنینك فکری بیر جایدن چقالماغاندا، مسئلە حل بولا آلمادی. باشقا دنیا دولتلەری

( دوامی [illegible] بار ).

# اولکه و شهر خبرلەری

( چینی توركستان آژانسی واوزەل مخابرلەریمزدن )

## بیر مرگزی علما جمعیتی

13 نجی نویابر کونی ساعت بیر ده تورك اویغور اویو‌ـماسیدا آخوند لار ، یاش منورلەرنك اشتراکی بلەن مرگزی بیر علما جمعیتینی قوروش مجلسی اوزدورولدی .

چنگزخان حاجی داملا و محمد شا کر منهاج الدین حضرتلەر طرفیدن نطق لەر سوزلەنگەندن سوك « چینی تور کستان اولکەلك مرگزی جمعیة العلما » نك نظامنامەسی و آتی تصدیقلانغاندن سوك جمعیت رئیسلیکیگه چنگز خان حا جی داملا ، معاون رئیسلیکیگه محمد شا کر منهاج الدین حضرت و جمعیتنك رسـ می و اجرائی هیئتی اعضالاری سایلاند ی . بوندن سوك محترم باش محرریـ مز محمد امین بوغرا حضرتلەری دینیـ مزنك ، علمالاریمزنك و محکمه شرعیه مزنك بو جمعیت آرقالق اصلاح قیلینا دوغانلقی ، دینی صفلەریمزنك بو جمـ عیت آرقالق اجرا بولادورغانلقیغا امید کلتوروب مهم بیر نطق برگەندن سوك بیرەونچه مهم قرارلار آلینب اختیاری اعانەلەر بریلب مجلس تارقالدی .

بیـوك بیر دینی و ملی وظیفه نی قورولار ـ قورولماس بوینیغا آلغان بو علمالار جمعیتدن عملی ایش کوتەمز .

＊＊ ＊ ×××× ＊ ＊＊

## تورك قازاق یاشلارینك فعالیتی

شـهریمزدەکی منور تورك قازاق یاشلاریدن نعمت میك جانی ، مجید أبو ذی ، تورغان سابرامی ، أیتقاری ، خو جه غفار کبی افندیلەر تورك قازاق خل قینی دنیاوی بیلمدن خبردار قیلش ، باشقا ملتلەرنی قازاق خلقینك حیات طرزی بلەن تنویر ایلەش مقصدی بلەن بیر « دور مدنیتی » ناملق مجموعه و هر آیدا بیر تورك قازاق خلقینك تیل ادبیاتیغا عائد بیر ادبی اثر نشـر قیلماق اوچون جدی حرکت قیلماقدا . تشویقان هیئتی طرفیدن مادی جهتدن تا‌مینلەندورغان بومجموعەنك نشری بوتون بو تا‌میناتنك تیزراق بریلشیگه باغلقدور .

＊＊ ـ ＊ ( ＊＊＊ ) ＊ ـ ＊＊

## تسلی و معارف تفتیش اومەکی

اوزەل مخابریمز نك 10 ـ نویابر دا برگەن تلغرامیغا کوره ، کوچاردا تو روب قالغان تسلی اومەکی ، بو مدت ایچیده تکشوروب کلمەك اوچون توقسو و شهیار ناحیەلەریگه حرکت قیلغان . بو هفته ایچیده اورومچیگه کلیشکه عزم قیلغان ایمش .

معارف تفتیش اومەکی آقسوداکی خذ متینی تماملاغانلقدن مخصوص بیراوتومو بیل بلەن بای ناحیەسیگه قاراب یورگەن .

＊ ـ ＊ ) ＊＊ + × + ＊＊ ( ＊ ـ ＊

( باشی 1 ـ بتده )

هم اورتادا رول اوینایالمادی . شونك اوچون آمریقا ایله ساویت اورتاسینی یاخشیلاش دنیا تنچلقینی ساقلاب قالش نك آساسی شرطی بولوب قالدی .

دیمەك دنیا تنچلقی بو ایکی دولتنك مناسبتیگه باغلق بولوب قالدی . بوگون آمریقانك وضعیتی ساویتنك افکار عامەسی بو ایکی دولتنك مناسبتینی یاخ شیلاشقا قاراب کتیب بارغان بولسامو ، اما ایچکی طرفدەکی یعنی خلق آرا مسئلەلەرگه بو ایکی دولتنك قاراشلەری هیچ بیر جایدن چقالمای حتی بوزو لوش حالیغا قاراب کتیب بارماقدا .

دیمەك بو ایکی دولت اورتاسندا بیر بیریگه قاریمو قارشی ایکی تورلی حال دوام اتمەکدە .

## یورتقا اقین

آفغانستانداکی چینی توركستانلق یورتداشلاردن 13 کشی یوبیل کابلدن پامیر تاغلارینی بویلاب یورتقا حرکت قیلغاندورکه بیر آیدن سوك یورتقا قا ووشا آلادورغانلقینی تخمین قیلماقدا .

2 نجی دفعه اولاراق یولغا چققان 4 یورتداشیمز واپور بلەن شانخەیگه کیلب اوبردن یورتقا هجرت قیلغو سیدور .

＊ ـ ＊ ( ＊＊＊ ) ＊ ـ ＊

## تقدیرلەمەك اوچون مراجعت

خوتن والیسی ، قاراقاش ، خوتن ، لوپ ، چیرا ، کریه ، کاشغر کهنه شهر ، یاکی شهر ، یاکی حصار حاکملاری یول یاساشدا زور بیر کوچ صرف قیلغانلقدن 6 ـ رایون تاش یول ادارەسی بولار نی تقدیرلەمەك اوچون مرکزی اولاش تورما باقانلقیغا مراجعتده بولونغاندن باشقا اولکه لك حکومتکه هم التماس کوندورگەن

## خذمتچیلار نك صلاحتینی بلگولەش

امتحان و صلاحیت بلگولەش باقان لغی حکومت خذمتچیلەریگه مخصوص بیر قانون توزەب ، تصدیقلاتماق او چون مسودەسینی مأموری پالاتاغا سون غان . آزکون ایچیده تصدیقلانیب ، اجرا قلینادورغان بو قانوندن باشقا أسکی چاره و نظامنامەلەر بیکار قیلنغوسیدور .

باقانلق ینه بیر اوختورش چقاریب اولکەلك حکومت قارماغیداکی خذمتچی لارنك بو قانون اعلان قیلنغانغا قدر حال ترجمەلەری و آنکیتلارینی تولدو روب بریشلەرینی بیلدورگەن .

## ساین اوقوغوچیلاریمزغا

ترقی هوانك کوندن ـ کونگه اور لەمەکده بولغانلقیدن طولابی غزتەمزنك آیلق آبونه سینی 15 نجی نویابر دن باشلاب هر یرگه 800,000 توركستان دوللاری قیلب بلگولەدوق . بوندن بو رون غزتەمزگه مشتری بولغانلارنك أسلی آبونه مدتی قسقار تیلمایدورغانلقینی ساین اوقوغوچیلارغا بیلدورەمز .

آلتای نشریاتی

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# اچكى و تاشقى خبرلەر

( 12 - نويابر كابول، آنقره و پاكستان رادىئولەرىدن آلندى )

## شويجو اطرافيدا سوقوش جدى

نانكين - شويجو سوقوشى نهايتى ...انتق دوام قيلماقدا، نانكين بلەن شاڭ ...ەينڭ تقديرينى حل قيلادورغان بو ...وقوشنڭ جديلەشيشى مناسبتى بلەن ...نكين بلەن شانگخەيني ايچيگه آلغان 47 چارسى كيلوميترلق يرلەرده حربى ...الت اعلان قيلدى.

نانكين - حكومت رادىئوسى سوز- چيسى شمالدا سان جهتدن بك بولغان حكومت قوشونلەريگه بش يوزمڭ مقدار دەكى قومەنست قوشونلەرى هجوم قيلماق ...دا ايكەنلگينى اعتراف قيلدى. اما بو يردەكى حكومت قوشونلەريگه شمالى شرق ...دن يارادم قوشونلەرى هم يتكوزولمەكدەلگي ...نى و حكومتنڭ بو موقعدن خاطرجمع ايكەنلگينى علاوه قيلدى.

* * ⟩—****—⟨ * *

## امريقادن چينغا بولغان يارادم ايشينى تكشورگوچى كلدى

سانفرانسيسكو - سابق بيوك آل...ى ويليام بورس اوچاق بلەن شانگخەي...له كلدى. بورس قونغريسنڭ چت دولتلەرگه قيلنغان يارادملەرنى اداره قيلغوچى هيئتنڭ وكيلى نامى بلەن چيندەكى يارادم ايشلەرينى تدقيق قيلب قايتادور.

(* *××(*)××* *)

## ياپون اروش جنايتچيلەرى حكم قيلندى

توكيو - توكيوداكى خلق آراسىد(ا) ...حكمەسى 2 - دنيا اوروشينى قوزغا...غان ياپون اوروش جنايتچيلەرى اوس- ...يدەكى سودنى تماملادى. نتيجەده او- روش وقتيدەكى ياپون كابينەسى باش - لغى توجياو (توڭنياو) باشلق 8 كيشى اولومگه حكوم قيلندى. 20 كيشى عمرلك محبوسلققا حكوم قيلندى.

## فلسطينده هر ايكى طرف اوز الديغا حركتكه كريشدى

بەيروت - مصر باش وزيرى نق- راشى پاشا بەيروت رادىئوسينڭ خبر قيلشيچه، فالوجه ديگەن جايدا مصر عسكرلەرينڭ هجومگه دوام قيلغانلغى حقيده سوزلەب، يهوديلەر برلەشكەن ...ملتلەرنڭ فلسطين حقيدەكى قرارلەرى و متاركه وكيللەريگه هيچ اعتبار قيلماى اوزى بيلگەن حركتلەرينى دوام قيلدور- دى. شونڭ اوچون بزمو آمدى برلەش- كەن ملتلەر قانداغ قرار قيلسا ميلى اوزيمز بيلگەن حركتنى قيلشقا كيرش- ...دوك - ديگەن.

قاهره - مصر حربى وزارتى خبر- چيسى مصر قوشونلەرينڭ فالوجه صفيده هجوملەرگه دوام قيلماقدا ايكەنلگينى بيلدوردى.

عرب برلگينڭ سياسى هيئتى مجل- لسى هم تمام بولدى. وكيللەر فلسطين حقيده مهم قرارلار قبول قيلغانلقينى بيلدورمەكده. آبازا پاشا بو مجلسدن كيين قيلغان سوزيده: تنچلق حركتى اوزى قيلماقچى بولغان حركتلەرنى قيلا برسون، بزمو اوزيمز اوچون عملى حركت قرارلارى قيلدوق. نتيجەلەرى ياقيندا معلوم بولادور ديدى.

شام - مصر قوشونلەرى بلەن يهودي- لەر آراسيدا سولڭ سوقوش 30 سا- عت دوام قيلدى. يهودى قوشونلەرى بير نچه نوبت هجومگه اوتكەن بولسامو قايتورولدى. مصر قوشونلەرى بو او- روشدا! تورت تانكا غنيمت آلدى. يهو- ديلەرنڭ نبى داوودنى قولغا كلتورمەك اوچون قيلغان قايتا - قايتا هجوملەرى نتيجەسز چيقدى.

*** * ××× * ***

## مولوتوفنڭ امريقا سايلاميغا برگەن بهاسى رد قيلندى

واشينغتون - جمهوريتچى ملت وكيللەريدن ويندينبريگ، ترومەننڭ بو سايلامدا اوتوب چيققانلغى حقيده خطا تفسير قيلماسلقنى روسيەگه اخطار قيلدى. بو سايلامدا قولغا كلتورولگەن نتيجەلەر ايكى پارتيەنڭ اورتاق روشده

اورتاغا آتقان سياستيگه 47 مليون بيلەن تاشلانيش ارقاسيدا بو سايلام نتيجەسى كورولگەنلكيني بيان قيلدى. ويندينبريك سوزيده دوام قيلب: كريميل آمريقا تاشقى سياستيده بير يومشاش بولوشينى كوتكەن بولسا. بونڭدن هيچ نتيجه چيقمايدور. چونكه موندا يوم- شاشنى كوتوش، سايلام بيلەنى حسا- بيدا روسيەنڭ خطالشقانلغيدن كيلب چيققان. خطا حساب خطا توشەنچەلەر- گه اليب بارادور - ديدى. سوز آخر- سيدا، آمريقا تجاوزچيلارغا قارشى مش- ترك بير صلح يوليدا ايلگرلەشنى دوام قيلدورادور. و بتون دنيا بلەن (سا- ويت بيرليگى هم شونڭ ايچيده بولغان حالدا) صميمى بير دوستلق مناسبتيده ياشايدور دەب علاوه قيلدى.

## غربى بيرلك قوماندانلەرى عسكرى كوروشمەلەريدن

پاريژ - آمريقا مدافعه باقانى مس- تر پارستون توتوگون فرانسوز ملى مدافعه باقانى طرفيدن قبول قيلندى. پارستون غرب برلكيگه كيرگەن دولتلەر- نڭ مدافعه اوچون كيرەك بولادورغان عسكرى قورال و باشقا نرسەلەر احتيا- جينى تكشورمەك اوچون كلگەنلكيني بيلدوردى. پاريژدن لوندونغا كيتب، آمريقانڭ شرقى آتلانتيك ديڭز كوچلە- رى قوماندانى آدميرال كومارى و اور- تا ديڭز قوشونلەرى قوماندانى گينرال شارمان بلەن كوروشمەكچى ايكەنلگينى علاوه قيلدى.

گاآگا - مارشال موڭت گومرى هوللانديەگه كلدى. هوللانديەنڭ قو- روغلوق ديڭز هوا قوشونلەرى قوماندان- لارنى مارشال موڭت گومرى بلەن عس- كرى مجلسلەر اوتكوزەلى باشلادى.

استاكهولم - شويتسيە، نورويگيه و دانيه عسكرى متخصصلەرى استاكهو- لومدا توپلانيب، عسكرى ساحەده ايش بيرلكى قيلش مسئلەسينى مذاكره قيل- ماقچى. اسكانديناويه مدافعه بيرليگى هيئتى اوتكەن آيدا قورولغانلغى همه- گه معلوم ايدى. بو شو هيئتنڭ عم- لياتقا كوچكەنلكيدور.

نامق كمال اثرلەريدن:

# ترقی

لوندونغا معجزەلك عالم ديسە مبا
لغە ايمەسدور. بز بوزيدە موجود بولـ
غان ترقيات اثرلەرينك فوتوغراق بلەن
رسمى آلنسا، حاضرقى مدنيتنى آران
لوندونغا اوخشاش كورسەتب بروەر.

لوندوندا بولغان بير آدم، عدالت
حكملەرينك جريانينى كورمەك ايستەسە،
كوز آلديغا هر نرسەدن بالاتور مركزى
تشريح بولغان و دنيادا بز كورگەن سيا
ست قاعدەلەريدن كوب قيسمى كشف
قيلنغان او، بيوك پارلامنتو كيلەر.

ايچيگە كيرگەن زمان يوز سكسەن
مليون اعضادن مركب بولغان مدنى كما
لتدە برنچى بولماسەو، برنچيلەردن سا
نالغان بير ملتنك أڭ ممتازلاريدن اوچ،
توورت يوز مبعوث (وكيل) كورولور
كە هر برى ايشچى قوەگە و استقبالـ
غا بير فوق العادە فصاحتى بلەن ترجمان
بولغان، عرفان بلەن عدالت حكملەريـ
نى و ترقيات سببلەرينى توغدوروشدا
خدى مكانغا ياياودورغان قدر مهارت كور
سەتەدور.

بو ممتاز هيئت، عمومى بير مقـ
صد اوستيدە فكرچە اتفاق بولغان
قبريق، أللك و بعضى وقتلەردە يوز،
يوز أللك ملك كيشيدن توزولگەن بير
انجمن سياسيدوركە، بيغيلشلاريدا بير
تجاوز ويا داغدوغا پيدا بولوش بير
ياقدا تورسون، آرالاريدا سوزلەنگەن
اديبانە سوزلەردن باشقا، اوشكوروشلەر
مو ايشيتلمەس. او قدر آدم بير يرگە
توپلانور، آرالاريدن بير قانچەسى سوز
سوزلەر، كامچيلغى جيم ـ جيت تكلا
نور.. هەممەسى بير ـ بيريگە بويسو
نوب بردن حكومتلەريگە كيتەرلەر. عرض
حاجت ايتەرلەر. تيلەكلەرينك يوزدە توق
سانى حقيقتكە موافق بولغانى اوچون
قبول قيلينور.

نخى، پارلامنتو طرفيدن بريلگەن
حكملەرنى بيجريشكە مأمور بولغان
محكمەلەردە، حاكملار كورولەدوركە هر
ايشدا انصاف و عدالتكە آتالارينك شفـ
قتيدن زيادە ئولونەدور.

محكمەدە هيچ كيم بير قاتلغا هم
« افندى » سوزيدن پست بير تعبير
بلەن خطاب ويا اشارت قيلالماس هيچ
كيم جبر قوپاللقنى، مأموريت وظيفە
لەريدن ويا اقرار قيلدوروش واسطەلە
ريدن دب تانوماس.

عدالت بو حالدا ايكەن، نخى معر
فت اوندن زيادە كمالتدەدور. قايسى مك
تبكە بارساق بارايلى، مكتب ايچيدەكى
اون، اون ايكى ياشداكى بالالار گويا
كە چوك بولوب، قايتادن كيچيكلەب كتە
كەندەك عادتدە بيگرمە، اوتوز ياشقا
كيرگەن آدملەرگە اوخشاش هر تورلك
انتظام و تربيەگە بويون سونادور.

روشديەلەر باردوركە اوچ، توورت
تيل اوقور و عالى علملەردن التى يەتتى
فن بيلور.

اون، اون ايكى ياشلق بيگرمە
بيگرمە بش بالا باغچەگە كيرەر، گواه
قوللاريدا بير غزتە بولنور بو ئول
بلەن دنيانك حاليدن خبردار بولوشقا
چاليشور. و گواه بير بورجەكدە اولـ
توروب هوانك لطافتينى تماشا قيلب طبيـ
عتدن وجدانينى لذتلەندورور.

كيمەلەردە توركوم ـ توركوم بو
لوب بوش وقت تاپقان همان مثلا ريا
ضيتنك تارتش قوتى قانونلاريغا اوخـ
شاش أڭ چوكقور مسئلەلەرنى مطالعە
قيلشقا اورونور.

دوكانلاريدا كانبلار كورولوركە أيتايـ
لى، آلمانيە حكيملەرينك حقوق حكمتى
حقيدە بولغان فكرلەرينى محاكمە قيلشقا
توتونور.

بير حيوانات باغچەسى بار: قفسـ
لەردەكى مخلوقلار بير ـ بيرلەب كوز
دن كوچوروسە، نوح كيمەسى توفاندن
قورتولوب، او يردە قوروقلققا چيققان
ـ دە دروندا نيمەلا بار بولسا بو يرگە
قويغان ديگەن تصوردا بولونور.

رصدخانەسيدەكى دوربونلار بلەن
آسمانغا قاراسا، انسان اوزينى بو طبيـ
عتنك سرتيغا بير سائقە بلەن بتون عا
لملەرنى سير قيلشقا چيققاندەك قياس
قيلور.

كتبخانەلەريگە كيرسە، هرتيلدن ايكى،
اوچ مليون كتاب و بولارنى تاپش او
چون « هر فنئە عالم » وصفيگە لايق
يوزلەرچە كتاب ايگەلەرى موجوددور.
مطالعە ايگەلەرى بولسا أڭ خالى ديـ
ـگەن وقتيمزدە 300 دن كام بولماس
آرالاريدا 80 ياشداكى قوريلار و
ياشداكى قيزلار بولنور.

پارلامنتودا بير خزينة الكتب
بالغوز برلورد اوكا اوتتوز مكغا ياقـ
ملك جلدلك كتاب وقف قيلغان.

فابريقالاريغا كيرسە دهشتدن وجـ
دا توكلەر تيك توراددور.

بير مطبعەدە أللك ملك ايشچى
لەيدورغانلقى، بير پيوا فابريقاسيـ
اون بش ملك آرابا يتالى بار ايكەنلـ
كورولور

باشدن اياق چيرايلق و سارايلـ
غا اوخشاش زنتلك اوتەللەرى باردور
ايچيدە اوچ ملك آدم يانار، داستارخانلاريـ
توورت ملك كيشى يمەك يەر.

بز مدنى مملكتلەر ديگەن برلـ
طبيعتنى اوزيگە بوى سوندورغانـ
دائما سعى و علم جهتلەريدە صرف قيلـ
غان فكرى حقيقت قوتى بلەن اوندا
بير سعادتلك جهان ياراتقا ندوركە
توورلك مبالغەلەر بلەن اورالغان ايرا
خيالى شاعرلارينك تصوير قيلغان هنـ
چيندەكى، جوهرين قلعەلەر، ذرين سر
لار، رنگين گلستانلار اونك سايەسيـ
قالور.

بوندان بير قانچە ييل ايچيدە ا
تانيبولنى لوندون ويا روم أليني فر
سا حاليغا كلتورمەكنك ممكن بولماغـ
لقينى بز هم بيلەمز. فقط مدامكە آ
روپا بو حالغا ايكى عصر ايچيدە ييتـ
كەن و مدامكە ترقيات سببلەرى اولار
دا موجود بولغان ايكەن، بز او واسـ
طەلەرنى حاضر تاپامز. ايش اطرافلق
توتولسا، هيچ بولماسا ايكى عصر ايچيـ
دە بولسون بزنك هم أڭ مدنى مملكتـ
لەردن سانيلادورغان بير حالغا كيلەيمز
گە شبهە بارمودور؟

بو مقصدكە ييتشدە كوبلەگەن تو
سالغولارنك يوقوقولوشيغا، كوبلەگەن
احواللارنك اوزگەرتيلشيگە، كوبلەگەن
سببلەرنك حاضرلانيشيغا بولەنيلسەمو؛
آسانسان معرفت و سعى دە بولغان نقـ
صانيمزنك توزەتيلشيگە بير چارە تاپـ
ماق هر ايشكە مقدمدور.

1872 ـ ييل . نويابر

آدريس:
اورومچى ياكحاك
التاى كوچاسى نومرى 13 التاى نشريات ادارەسى

تلده ، اشده ، فکرده ، برلك !

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

١٤ محرم ـ ١٣٦٧ . ٨
17 نویابر - 1948 ییل

مدیر : عیسی الب تکین
باش محرر : م . ا . دینوا

220 ـ سان چهارشنبه قمتی : آیلقی ـ شهرگه 800000 اولکه دوللاری

# عالملار جمعیتینك برگەن امیدی

بیر ملتنك اوز اوزیدن دینی و ملی ایشلەرینی بیر نظامغا سالیش او چون اورونوشی ، او ملتنك اویغانغانلقینی کورسوتەر . بوگون هر ساحەدە ایلگری کتکەن ملتلەرنك هەممەسی دیگیدەك دستلەبکی قدملەریدە بوتون اویغانیش حرکتلەرینی دینی و ملی تشکیلاتلار بلەن باشلاغان و بو یول بلەن انتظامدن چقغان دینی و ملی ایشلەرینی بیر قالپقا سالغان ایدیلەر . بوگون چینی تورکستان منورلەرینك بو یاڭی حرکتکە بل باغلاغانلقی هەممەمزنی سیوندوره چەك درجەدەکی ایشلەردندور .

یورتومزنك او باشدن بو باشقا قدر جهالت توزاقیغا آیلانغانلقی ، دینی عالملاریمزنك تعصب ایچیدە قالغانلقی بیزگە آپ ـ اچقدورکە ، بونك ضررلەرینی چکمەکدەمز . درویش و علما قیافتیگە کریب آلیب دینی و ملی موقعلەردە اڭ مهم یرنی اشغال قیلغان بیر طاقم متعصب عنصرنك جنوبدا قیلماقدا بولغان عکس الحرکتلەری سوڭ چکیگە یتکەن ایدی . اڭ مقدس دینی عنوانلارنی اوزیگە تاقاب آلیب ، خلق اوستیدە ظلم واسطەسی بولوب الغانلقلاری افکار عمومیەمزدە بك یامان و تهلیکەلك تاثیرلەر یاپماقدا ایدی . بو یرگە کلگەندە ، سافهی ادارەلەری و سیاسی موٴسسەلەرگە سغنغان ، شرعی حکملەرینی حقی بلەن اجرا قیلماغان ، بوتون ایشلەرنی منفعت کوزی بلەن کوزەتکەن بیر بولوم اهل علم ، آخون و صوفیلارنی ساناب اولتوروشنڭ حاجتی یوقدور .

علی ، مدنی و ملی جبهەمز اسکیلککە و جهالتکە قارشی بیر جریان یاراتماقدا بولغان بیر وقتدە بو متعصب عنصرنك بو پارلاق حرکتیمزگە نە قدر عکس تا ثیر بره دورغانلقی بیزگە معلومدور . شونڭ اوچوندورکە ، بوتون غیرتیمز بلەن تریشقانیمز حالدا همان آلغا سیلجی آلمای یاتماقدا ایدوق . بوگون یاشلیق جریانیمز ، مدنی تشبثلاریمز بوشقا چقماقدا ، اوزیمزنك بو فائدەلق حرکتیمز اوزیمزنی امیدسز لەندورمەكدە ایدی .

یاشلیق و ملیت جریانیمز بو آغیر حالدا ایکەن ، بونك سببلەرینی دینی موٴسسەلەریمزنك انتظامسزلاشقانلقیدن ، ملتیمزنك بارلقینی ، حرلکینی و امنیتینی قوغداشنڭ اورنیغا ، تعصب قورالی بولوب برگەنلکیدن کوروشکە و بوتون قباحتنی بو اورونلارغا و مقدس دینی ایشلەریمزنك آلدیغا توشوب آلغان متعصب عنصرگە آرتیشقا البتە حقلقمز . بوگون بو بیوك خستەمزنك شهریمزدەکی منور حقیقی عالملاریمز طرفیدا آشکارا قیلنغانلقینی و بونك تداویسیغا کیریشیلگەنلکینی کوروب قلبیدە شکران حسی تویماغان بیر دین قرینداش بارمودور ؟ هر حالدا شهریمزدەکی حقیقی عالملار و منورلەر طرفیدن 13 نجی نویابردا تشکیل قیلنغان » چینی تورکستان اولکەلك مرکزی جمعیة العلما « نڭ افکار عمومیەدە بیوك بیر علاقە اویغاتقانلقینی کورمەکدەمز . هرکیم بو جمعیتنك ایشقا باشلاشینی تورت کوزی بلەن کوتمەکدە و اونڭ تشکیلی بلەن یاقیندن آشنا بولماقنی ایستەمەکدەدور .

محکمە شرعیەنی اوز ایچیگە آلغان بو علما جمعیتی 7 بولومنی احتوا قیلماقدا . بو بولوملەر : کتابت ، محکمە شرعیە ، تفتیش ، تشویق ، علم ، امانت و مالیە بولوملەریدن عبارت بولونماقدادور . هر بولومنك اوز الدیغا قویغان بیوك پلانلاری ، مقصدلەری بار بولوب ، بوتون تورکستان بوییچە مرکزی بیر جمعیت بولارلق بیر تشکیلگە و نظامنامەگە ایگە ایکەنلکینی اوگرەنمەکدەمز . بیر یولی بزدە امید نورلارینی پارلاتقان بو جمعیتکە ، فکرلەریمزنی ، حسلەریمزنی عرض اتمەی توراالمایمز .

1 نجی بو علما جمعیتی اوزینڭ مقدس وظیفەسی بلەن یورتومزدا بوش سەك بیر موقع اشغال قیلغوسی و بوندن سوڭ بوتون دینی مسئلەلەریمز ، دینی اورونلاریمز یالغوز بو جمعیت بلەن مرکزلەشکوسیدور .

2 نجی دینی حقلەر ، شرعیە احکاملاری بو جمعیت آرقالق اجرا قیلنغوسیدور .

3 نجی جهالتکە سبب بولغوچی هر تورلك اویدورمالار و دینی تعصب اورتادن کوتەریلب ، اسلام دینینڭ حقیقی ماهیتی : علمگە بولغان دعوتی تام معناسی بلەن تشویق قیلنغوسی دین و فن علیهیگە بولغان عکس التشویق و عکس الحرکتلەرگە میدان بیریلمەگوسیدور .

4 نجی بو جمعیت ، اسلام دینینڭ توغرولقینی ، شهامتینی و شجاعتینی تجلی قیلدورغوسیدور .

5 نجی معلوم بر وقت ایچیدە دارالعلوم آچیب ، حقیقی دین عالملاری یتشتورگوسی و بو صورت بلەن دینی مکتبلەر ، مدرسەلەر اصلاح قیلنغوسیدور .

افکار عامەگە بو قدر بیوك امید برگەن بیر جمعیتنڭ نە قدر حرمتکە ، حمایەگە ایگە بولادورغانلقینی بو یردە تصویر قیلالمایمز . ملت آلدیدا آغیر بیر مسئولیتنی اوستیگە آلغان ، قاراڭغولاشقان افقیمزنی یاروقلاتماقچی بول

( دوامی ٤ نچی بتدە )

# اولكه و شهر خبرلەری

( چينى توركستان آژانسى و اوزەل مخابرلەريمزدن )

## تعميرات نظارتىنك ياڭى تخنيكلارى

( 16 ـ نويابر ) تعميران نظارتى طرفيدن ايچكى چيننڭ مشهور شهرلەريدن بولغان سويجوغا ايبەريلگەن عبدالقادير ، شريف ، محمد امين افنديلەر ايفەكچيلك صناعتيني تولوق اورگونوب يافيندا شهريمزگە يتيب كلگەن ايدى . تعميرات نظارتى اولكه مزدەكى ايفەكچيلك ايشلەريني باخشيلاش اوچون بو اوچ كشيني خوتنگه ايبەرگەن. آلنغان خبرگە كوره بو اوچ نفر تخنيك 14 نجى نويابر كونى خوتنگه جونەگەن .

✡ ⤚ ✡ ) ✡✡ + × + ✡✡ ( ✡ ⤙ ✡

## تلفون سيمى اوغورلانغان

( 16 نجى نويابر ) شهريمزدەكى تلفون باشقارماسى ، شمالى قاپقادەكى توك تكشەش اويدن شين چوگودىگەچە بولغان آرالقداكى اون توققوز تال تليفون سيمى ( 500 كيلوگرام ) 14 نجى نويابر كيچەسى اوغورلانغان . آڭلاشيمزچه بونى معلوم قيلغوچيلارغا 500 دوللار آلتون آقچا برور ايكەن .

✡✡ ⤚ ✡ ( ✡✡✡ ) ✡ ⤙ ✡

## تريلغو ميدانلاريغا دائر

( 16 ـ نويبر ) تفتيش بشارميننڭ معاون بشارانى تيەن سيلڭ وى ، چينى توركستان جنوبيني تكشوروب قايتشدا خالقنڭ غله ، سەى ـ مەى خصوصيداكى تيلەكلەريني ليب كلگەن .

آڭلاشيمزچه ، آشلق باشقارماسى احواليغا قاراب آيريم رويشده جواب بريشنڭ سرتيدا هربير ناحيەلەرگە اوخشوروش قيلش حقيده اولكه حكومتيگە التماسدا بولونغان .

1 ـ خوتنده بو ييل الينادورغان غله قرانى عملى احواليغا قاراب ، شول يرده آليناُدورغان بغداى ، و آت اوزوقلاريني خلق يمەكلەريني كوزده توتوب ، كورس بلەن فل آليناُدورغان بولغان فقط آشلق آلنغانلارنى كيلەر ييل آرته يازداكى سيراق تال وقتيدا كمبغللەرگە برمەك برلوب ، آلينيب بولغانلار يتەرلك بولغانلقدن ، قالغانلاريدن آشلاق آلماس بولغان .

2 ـ „ بوگوز ، كورلانڭ آشلق محصولاتى مول بولماغانلقدن ، سەى مەى التماسا “ ديگەن تيلەكى قبول كورولمەگەن .

3 ـ كاشغر ولايتيدەكى هربر ناحيه خلقى غله قراق آلادورغان كوره اوز گرتيلب بريلسه ياخود 36 ـ ييلغا اوخشاش يارم النسا ديگەن تيلەكيني آشلق باشقارماسيغا سونغان ايدى . بو حقده 36 ـ ييلى تريلغو يرلەريني مولاش ( اولچەش ) ايشى كيين قالغانلقدن وقتلق يارمى آلنغان . بو ييل بر اولچەش موافق حالدا تكشورگەنلكدن خلقنڭ ياراق ايشلەرى ينيكلەندى . آنڭ اوچون باشقا ايشلەرده طايكاراق بولماساق كردك ديگەن مضموندا تلغرام چككەن .

4 ـ لوب ناحيه خلقى ؛ الا باغ ديگەن يردەكى بوز ير 4 ـ درجه لك ير قيلب بريلسه ديگەن تيلەكى خوتن والى محكمەسى آرقالق آشاق باشقارماسيغا التماس قيلغان . بو حقده يرنڭ درجه آيريمى 1 ـ 2 ـ 3 ـ درجه لەرگە بولونه دورغانلقدن بو هم قبول كورولمەگەن .

---

غان بو جمعيتنڭ نامينى آران مولەريده ، نظام و پلانلاريني يالغوز كاغذ يوزيده ايمەس ، تاريخ بتلەريده بورتداش قاييده كورمەك ايستەيمز . بونڭ اوچون هم بو „ جمعيةالعلما “ نڭ باشقا موسسەلەرگە اولگه بولارلق بير حالدا يارلق كورسەتيشى ، كورسەتكەن خدمتى بلەن بتون دينداشلاريمزنڭ رغبتيني قازانيشى بك ضرور دور .

عبدالستار چوبان

---

## المانيه زور صناعت منطقەسى مسئلەسى

( انقره ) زور صناعت منطقه سيدكى صناعت موسسەلەريدى اوزيگه قويبوريشنى ياقلاب بريلگەن آمريكا و انگليز تكليفلەريگە فرانسز رسمى مقاملەرى و غزتەلەرى جدى قارشيلق كورسەتمەكده دور . فرانسزلەرنڭ فكريچه آلمانلەرنڭ زور پولات صناعتيدن فائدەلانيب قوراللانيش و تكرار آوروپا تنچلقيغا تهليكه پيدا بولوش قورقونچيسى پيدا بوبولادور . انڭ ياخشيسى بو منطقەنى بيولگو دولتلەرنڭ عسكرى نظارتى آستيدا توتماق لازمدور .

✡ ⤚ ✡ ( ✡✡✡ ) ✡ ⤙ ✡

## امريقادا كاموميست ليدرلەرى سود استيدا

نيويورق ـ آمريقادا توتولغان 12 كاموميست ليدرينڭ بوگون باشلايارنيشى لازم بولغان محاكمەسى دوقتورلار طرفيدن بريلگەن راپورلار يوزيدن بلەكيندگە قويبولدى . سوراقچى بولارنڭ گناهى حقيده سوزلەب ؛ بولار كاموميست پارتيەسيگە يتەكچيلك قياب ، حكومتنى يقيتماق حقيده تشويقاتقا كريشكەن . شونڭ اوچون گناهكار بولوب سودتا دريلمەكده ـ ديگەن .

✡✡ ⤚ ( ✡✡✡ ) ⤙ ✡✡

## فلسطين مسئلەسى حقيده قيزغين بارشمالار بولدى

لوندون ـ فلسطين مسئلەسى حقيده بيرلشكەن ملتلەر تنچلق هيئتى مجلسيده بوگون قزغن مذاكره بولدى . يهودى خارجيه وزيرى شرتوك عسكرنى آرقاغا چكندوروشكه قاتتيق قارشى چقدى ، „ بيزنى آلغان يرلەريمزدن قورالاق كوچدن باشقا هيچ قانداق كوچ چيقارالمايدور “ ديدى . دوقتور بانچ ، هر ايكى طرفنڭ عسكرى 14 نجى اوكتە بردەكى يرلەريگە چكندورولسون و شو يرده بير بيطرف منطقه آيريلسون ، سوقوش توختاغاندن كيين صلح اوچون بيرلشمەككە قرار قيلنسون ديگەن طلبنى قويدى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# اچكى و تاشقى خبرلەر

(15 - نويابر آنقره، كابول، كراچى، يانين شرق رادىئولاريدن)

## حكومت هواقوتلەرى جدى فعاليتكه اوتدى

نانكين - حكومت قوتلەرى سويجودا قاتتق مجادلەدە كرشدى. سويجو صفيدەكى قومونست توپچى و پيادە موقعلەرىنى اوزلوكسز بومبالاماقدا. حكومت عسكرلەرىنىڭ قوروغدن و هوادن كورسەتكەن فعاليتلەرى نتيجەسيدە شويجودا بير مونچە يوتوقلار قولغا كلگەن بولسامو، اما وضعيتدە قطعى بير اوزگوروش بولغانى يوق. حرب تيخى دوام قيلماقدا. چونكه دشمان قوتلەرى شهر آيرودروميغا 15 كيلومتر ياقين جايلاردا حركت قيلماقدا. نانكيننىڭ 150 كيلومتر شمال شرقيدا بولغان اڭ بيوك مدافعە مركزلەريدن و اڭ مهم تومور يول توگونلەريدندور. سويجونڭ توشمەسى مركز شهرنڭ توشمەسى بلەن نتيجەلەنيش احتمالى بارلىغونڭ اوچون هر ايكى طرف بو سوقوشقا اچكى اوروشنڭ حل نقطەسى دەب قاراماقدا. و بتون قوتنى توپلاپ بيوك بير ميدان معاربەسيگە كرشمەكدە. نانكيندن شويجوغا اوچقولار توركوم توركوم حاليدا اوزلوكسز اوچماقدا. اوزوق و عسكر تاشوغان آفتوموبيللەرمو نانكيندن شويجوغا بولغان بتون تاش يوللاردا اوزلوكسز حركت قيلماقدا.

## ويليام بولوسدن كوتولگەن اميدلەر

شانخەى - آمريقانڭ چينغا بولغان ياردم ايشلەرىنى تكشوروشكە كلگەن آمريقا وكيلى ويليام بولوسنڭ كيلشى بلەن شانخەيدەكى منور دائرەلەر حكومتنڭ اچكى وضعيتدن قورتولوش اوچون آمريقادن بيريلەدورغان ياردمنڭ درحال آرتدوروشنى افادە قيلغانلقيغا قناعت بيرشمەكدە.

## انگلتورەنڭ ايكنجى ولى عهدى توغولدى

لوندون - توتوگون (دوشنبە) سات 9دن تورت اوتكەندە انگلتره ولى عهدى مليكه ايليزاويتا بير اوغول توغدى. بونڭ خوشحاللقى مناسبتى بلەن دولت سرايىدا 41 قتيم توب آتيلدى. بتون لوندون شهرى بايرام حالينى آلدى. بوگون انگلتره، كانادا، آوسترالىا، دانيه، بلگيه، هوللانديه و آمريقا غزتەلەرى باش مقالەلەرىنى بو يانگى توغولغان شهزادەنڭ دنياغا كيلشينى تبريكلەشكە باغشلاماقدا.

## يونان خانى چالدارسنى كابينا قوروشقا بويرودى

آتينا - يونانستاننڭ حكومتى بولغان سو پوليس كابيناسى استعفاسى تصديقلانب يونانستان خانى يانگى كابينا قوروش اوچون خارجيە وزيرى چالدارسقا امر قيلدى. چالدارس حاضر كابيناسينى تشكيل قيلش اوچون مذاكرەلەرگە باشلادى. بير ايكى كون ايچيدە آدملەرىنى تاللاب كابيناسينى اعلان قيلسا كرەك.

## ياپونيه قورغانلارى پارتلاتيلماقچى ايدى

گريت لەيكس - آمريقا دينگز قوتلەريگە منسوب بير سوزچينڭ بيلدوروشيچە سوقوشنڭ كيينكى زمانلاريدا، آمريقا قوماندانلارى پارتلاوچى مادە تولتورولغان كيمەلەرنى عسكرسز ياپونيە قيرغاقلاريغا ايبەرب اويردەكى مدافعە قورغانلارينى كوككە اوچورماقچى تيارلانغان ايدى. آتوم بومبا ايجاد بولوب قالب اجرا قيلنماى قالدى. بو كيمەلەرنڭ ايچيدە قيرغاقا بارغاندا، قوروغلقا چيقب، تورت چاق بلەن اچكرى كيرب پارتلايدورغان ساللارمو بار ايدى. بو كيمەلەردە بتون واقعەنى باش قوماندانغا اويلەگە كورسەتب تورادورغان تيلاديزورلارمو اورنتيلغان ايدى - ديدى.

## عرب برليگى ساندليئوننى قرارگاه قيلماقچى

پاريژ - غرب برلگى اوزينڭ عموم عسكرى قرارگاهى قيلب ساندليئوننى شورينى قبول قيلغانلقينى غيرى رسمى اعلان قيلدى. مارشال مونتگومرى هوا، قوروغلق، دينگز مارشاللارى بلەن غرب برليگى عسكرى قوتلەرى حقيدە مذاكرە دوام قيلماقدا. عسكرلەرنڭ آلدنقى اورنى قيلب لوكسومبورغنى قبول قيلغانلقى هم اعلان قيلنغان.

## يول ياساشدا ياڭيلق

نيويورق - پرافيسورلاردن وبنكرتون كگرى اوليەدە يول ياساش مسئلەسينڭ عملى شكلدە حل قيلشى اوچون يولنى ايلاستيك بير مادەدن ياساش لازملقينى بيلدوردى. آسفالت اورنيغا سينتيتيك ريزينكا ايشلەتكەندە، توپراق يوللارنڭ يەنەمو چيداملق بولارغانى بولايمو، يامغورغا سوغا قارشى كوپ مستحكم بولوشينى بيلدوردى. اونڭ اوستيگە بو وقتقچە يول ياساش قيين بولوب كلگەن قوملق چوللەردە سينتيتيك ريزينكە بلەن يول ياساغاندا قومنى هيچ چاچيلمايدورغان قيلغانلقى بولوشيني تصويرلەب بردى.

## ير استيدن اتيلادورغان قورال حقيدە

سانفرانسيسكو كاليفورنيه تيخنولوژى اينستيتوتى پرافيسورلەريدن فريدزويد، توپا آستيدن يارب چت مملكتلەرنڭ توپراغى اوستيگە چيقب پارتلايدورغان تەپكەلك بير قورال ايجاد قيليشى احتمالى بارلقينى بيلدورمەكدە. پرافيسور: موندا بير قورالنڭ توپراق آستيدن اوزون كيتشينى تأمين قيلش اوچون، يرنڭ قاتلاملارى حقيدە تيخى خيلى كوپ بيلملەرنى بيلشكە ضرور ايكەنلگينى بيلدورمەكدە. پرافيسور بو قورالنڭ تنچ وقتدەكى فائدالارينى سوزلەب: بو قورالدن كان ايشلەرى، دينگز تويلەرىنى تدقيق ايشلەريگە اوخشاش ساحەلەرگە ايشلەتيلسە كوب فائدالار بيرەدور ديدى.

# اتیلا

( اقتباس )

تاریخی مقدرات و جغرافیه، تورك ملتینی، ایلك تاریخ صحنه‌سیگه چیققان کوندن بوگونگه‌چه، بتون دورلەردە دائما أڭ حشامتلك دنیا ایمپراطورلقلاری بلەن بیر صفده قویغان، بارلغینی حاکمیتینی بو بیوك دنیا قوتلەریڭ قولیدن قان بدلیگه آلماق زوریدا قالدورغان ایدی. تورك ملتی بو تاریخی وظیفەنی دائما موفقیت بلەن و أڭ پارلاق شکیللەردە باشقاردی. أڭ أسکی زمانلاردن بری، دنیانڭ أڭ بیوك قهرمانلارینی، أڭ اوستا دولت قورغوچیلارینی، أڭ حقیقی کولتور یارانقوچیلارینی تورکلەر یتشتورمەدیمو؟ سوقوش و صلح صنعتلەریڭ أڭ استحقاقلق مثللەری تورکنڭ یورەکیدن چیقمادیمو؟ دنیا حاکمیتی فکرینی قانچه قائم اثبات لاغان، شرق و غربنڭ بیر تبشیر سزیغی بولغانلقینی کورسەتکەن، سل بولوب آقغان، اوق بولوب یاغقان و آورپانی بیر آسیا ولایتی قیلغان تورکلەر ایمەسمو ایدی.. سوقوش تڭریسی مارسنی اولار تاپدیلەر. و حیات جوش قونلغینی دیئونیسوسدن آلدیلەر. بونڭ اوچوندورکه تورك تاریخی تمداشی یوق بیر داستان بولدی.... ریئالتەلەر داستانی .... حیات و ظفر داستانی ....

آتیلا بو داستان قهرمانلاریڭ بلکه أڭ اورژینالی، زمانەسیدە آورورپانڭ مقدراتیغا حاکم بولغان بیر قانچه مهم آدمدن بری ایدی. آمچاسی روگیلاسنڭ اولومی بلەن مجارستان (وینگریه) داکی تورك هون ایمپراطورلقینڭ تختیگه، برادری بلەدا بلەن بولکدە چیققان بو اینرژی و اراده قاینغی، بیر ملت سوگره، بو ایکیلکنی یوقاتب بتون ملت اوستیدە بیر و یالغوز حاکملقنی، شریك قبول قیلمای‌دورغان سردارلقنی اورناتدی. و ملتکه حاضرغاچه بیر بیرلکنی بردی. حاضر بیر ملت: بیر ایمپراطورلق و بیر رهبر بار ایدی و دوشمەن ایکی بیوك دنیا ایمپراطورلغی ایدی: شرقی روما و غربی روما ایمپراطورلقلاری، آتیلانڭ و هدنڭ ادارەسیدە هونلار - چونکه تاریخ بو یردە تورکلەرنی بو عنوان آستیدا تانور- دنیانی یاکیدن تیترەتدیلەر. آتیلا آرقامو - آرقا شرقنی و غربنی استلا قیلدی. حاکمیتنی قارا دگزدن جنوبی آلمانیه‌گه قدر اوزورار و بو بروغی تخیمو اوزاقلارغا کتەر ایدی.

آتیلا، موندزوقنڭ بو اوغلی.آصل منبعینی، چین ایمپراطورلقلاری بلەن بوی اولچەشکوچی أسکی تورکلەرنڭ محتشم نسلیدن آلدی. بیر گوت تاریخچیسی اونڭ رسمینی شوندای سیزار:

یوغان بیر باش، آسمر بیر تن، تیرەن کوزلەر، ییس بورون، ساقالاور نیدا بیر قانچه تال قیل، دڭ موره، قیسقا بیر وجود، عصبی بیر سوربر گوچی نسبتسز بیر بوی، مغرور قدملەری و عظمتلك خلقی، هونلار قیرالینڭ بتون کیشیلککه یوقاریدن قاراغوچی اوستونلکنڭ شعورینی افاده قیلار ایدی.

گرچه اونڭ زور ایمپراطورلغی بقا قالمادی و یالغوز بیوك ظفرلەریڭ خاطرەسی قالدی. فقط یاراتقان روحی باقیدور. بو قهرمانلق روحی و ظفر روحیدور و دنیانڭ یاریمیغا حاکم بولغان، قدیمقی یاڭی زمانلارنڭ فاتحلاری آراسیدا گرمانیه وایسکندیناغا اوخشاش ایکی زور ایمپراطورلقنی حاساسی استیدا برلەشتورگەن یالغوزشودور. تونا ورەن بویلاری اونڭ اولکەسی بولدی او سیژان آراللاری و بالطیق سولاری بلەن یویولغان و آیریلغان اسکاندیناو قراللقلاری اوڭا بویون سوندی. شرقده اسکتیا چوللەری اوستیدە آتیلانڭ اولکەلەری نه یرلەرگەچه اوزورار. بونڭ اوب - چورەسینی بلگولەمەك تستدور. فقط شو یری راستکه او وولگا بویلارینا سلطنت سورەر و ألچیلەرینی چین ایمپراطورلقلاری بلەن بیر مصاوات اتفاقی مذاکرەسیگه ایبەرور ایدی. آتیلا، اولکەلەریڭ چوڭلقی و سلطنتینڭ سورلکی بلەن اسکندر ذوالقرنیندن مطالحلق و اوستون بولوب چقدی. اسکندر یالغوز آسیانی استلا قیلغان و سلطنتی میلاددن اول 323 دن 336 غا قدر آران 13 ییل دوام قیلغان ایدی. آتیلا هم آسیانی، همده آورپانی فتح قیلدی وحاکمیتی 19 ییل سوردی

(434 - 453)

---

## کوز فاجعەسی

ع. اوتکور

کوز.. ای قوتراغان کوز، تمور قولاوق کوز،
سارغایتدی گللەرنی، کوکلەمدن ایرب.
توزوتوب وقتسز، چیچەکلەرنی هم،
باشلادی خزان، شاخلارنی قایرب،
درختلەر یالاڭغاچ، قالدی تیترەشب
ارئقدا اقادور اوکسز یاپراقلار،
نه حیات، نه سیوگی، نه بیر طنطنه
قاپلادی جانلقنی دردو فراقلار ...
کوز.. مصیالچی کوز، اطاعتسز کوز،
چاپتوروب اتینی کلگەندە یەنه
کیچەلەب قوتراغاچ بوران شامالی
ییرتیلدی . گناهسز . نچه پنجره ..
بورانلار باستەروب هویلامو — هویلا
سولدوردی، ییقتدی، نچه ایشکنی،
اوچوروب هر اوینڭ چیراقلارینی
اللەیسز قالدوردی نچه بهشیکنی.
یلکەدە ساچلاری سرسان اناجان
گاه ایشیك، گاه بیشیك تمان یوگوەر...
اڭراغان بوواقنڭ ناله - زارەسی
بو قارا تەپراقنی کوککه کوتورەر..
تکچەدن چینەلەر توشەر جاراڭلاب،
هر یاندا قوتراغاچ بوران غوغاسی.
بیشیککه تاڭیلغان بوواق چیرقیراد
سورالمای کیتەرمو، اونڭ دعواسی؟

اورومچی 9 - نویابر کیچه

## تورك بیوکلەری ویا تورك آتلاری № 1

ا - (ئا)

ابا — خارزیم خانلاریدن دین محمد خاننڭ نبرەسی علی سلطان خاننڭ زمانەسیدە کوبلەگەن ایشلەرگه ارالاشقان بیر تورامن بگیدور.

اباق - 12 - عصرنڭ اورتالاریدا شامدا حکومت سورگەن بیر تورکدور. بونڭ وقتیدە شامدا جامدن بیر اوی سالنغان ایدی. پنجرەلەریدن ییلنڭ بتون فصللەری کورسوتولەر ایدی.

اباقای — ایراندا ایلخانلی حکومتینی قورغان هلاگوخاننڭ اوغلیدور. اباقای، باباسی اولگەندن سوڭره تختکه چیقمشدور. (هجری 663) . اوز وقتیدە چینگز نبرەلەری‌ارا سیدا غوغالار بولمشدور. هجریەنڭ التی یوز سکسەن نچی ییلیدا اولمشدور. توغرالقنی یك سویەر ایمش. هیچ کیمنڭ رنجیشینی ایستەمەس ایمش. شمال تورکلەری، خاتونلارنڭ چوڭلاریغا . اباقای " ارکەکلەرنڭ چوڭلاریغا .ابای، درلەر. اناتولودا ابا و اغا درلەر.

ابتای - اسکی تورك ارکەکلەریدندور.

ابای - جوجی خاننڭ نبرەلەریدندور.

ابدان - قیرغیزلاردن بیر قبیلەنڭ اتیدور. بوقبیلەنڭ بابالارینڭ اتی ابداندور.

اباش - (خاتون) اتابکلەرینڭ بیەکلەریدن سالغان سعدبن زنگینڭ قیزیدور. اناسی داڭلق تورکان خاتوندور. 20 ییلغا یاقین مونغوللارنڭ قوللاری استیدا حکومت سورمشدور. هلاگوخاننڭ اوغلی دەمیرنڭ خاتونی ایدی. التی یوز سکسەن سکز هجریەدە اولمشدور

ابی - دیوان‌لغات‌الترکدە بیر ارکەك اتی

ابیچ - اویغور یازولاریدا اتی کچکەن بیر توركدور

ابیق - اویغور یازولاریدا اتی کچکەن بیرتوركدور

ابیش - اسکی تورك ارکەك اتلاریدندور

ابیز - التای مصالەریدە اتی کچکەن بیر قهرمان‌دور. بتون داڭلق و کوچلك قوملەرگه . ایبز " دیيلور

ابیقەباخشی - اسکی تورك اتلاریدندور

ابلاق - قیپچاق خانلاریدن یادکارخاننڭ اوغلیدور

---

. تورك بیوکلەری ویا تورك اتلاری . ناملق رسالەنڭ مقدمەسی اوتکەن ییل 21 - دیکابر [121 - سان] دن باشلاب نشر قیلنغان بولسامو رسالەنڭ مهم صحیفەلەرینی تشکیل قیلغان تورك اتلاری هنوز باسلماغان ایدی بوندن سوڭره تورك اتلارینی متمادیا غزتەمزدە تفرقه قیلغوسیمز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تلده ، اشده ، فكرده ، برلك !

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

# آلپ

مدیر : عیسی الب تكین
باش محرر : م . ا . بوغرا

24 - نویابر - یل - 1948
21 - محرم - 1367 .

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز توركستاندور

222 - سان　　چهارشنبه　　قمتی : آیلقی - شهرگه 800000 اولكه دوللاری

# سوقوشدن كیینكی المان صناعتی

سوقوشنڭ سوڭ یللاریدا قیلنغان
بك قاتتیق هوا هجوملاریغا رغمان بیر
لەشمه دولتلەر آلمانیەنی اشغال و تقسیم
قیلغاندا آلمان صناعتی یوزده 80 آیاق
- آستی بولغان ایدی. بونڭ همه
سببلەری بار دور . آلمان فابریقالاری
بومبار داماندا اوچراغاندن سوگره ؛
سوقوش غیرتلەریگه كریشمەك اوچون
بولار ، درحال تیزلك بلەن تعمیر قیلنش
قا باشلادی . آلمان صناعتینڭ بیر قیسـ
ـمی یر آستیدا قورولغان صحرا و قشـ
لاقلارنڭ بوێلاریغا و بولوبمو اورمانـ
لارنڭ ایچیگه یاشورونغان ایدی . آلما
نیه اشغال قیلنغان زمان ، حاضر هم یا
شاماقدا بولغان و ایشلەب چقاریش قد
رتیگه ایگه بولغان بو صنایعنڭ یوزده
99 ی سوقوش اینداوستریسی ایدی .
آلمان صنایعی بوگون بش تورگوه
گه آیریلادور :
1 - بومبار داماندن بوتونلەی
خراب بولغان و یوقالغان فابریقالار ،
2 - قسمان تخریب كورگەن فابریقالار ،
3 - متفیقلەر طرفیدن بوزولوب
آلیب كتیلگەن فابریقالار ،
4 - بومبار دماندن قورتولوب قا
لیب ، بوگون فعالیتده بولغان فابریقالار ...
5 - یاڭی قورولغان ویا قورولماق
دا بولغان فابریقالار .
بو بومبار داماندن أڭ كوب خراب
بولغان فابریقالار ، بی الحصه ، لیمانلار
دا ، تیمور یوللار كنار گاهیدا و دریا
بویلاریندا ، غارلارنڭ اطرافیدا ایشله
گوچی فابریقالار بوتونلەی دیگودەك
خراب بولغان . بو آرادا ستراتیژیك
جهتدن مهم نقطەلەرده بولغان شهرلەر ،
ایچیدەكی فابریقالار بلەن برابر خراب
بولغان . بو آرادا أڭ كوب تخریبات كور
گەن شهرلەر شولار دور :
بیرلین ، هامبورگ ، دارنشتار ، كاسـ
ـسل ، فرانكفورت ، مونیخ ، مانهایم ،
كارلسروحه و باشقالار . باشقا كوبلەگەن
شهرلەرمو درجه - درجه تخریب كوردی .
بو آرادا انساننی حیرتكه تاشلایـ
ـدورغان بیر حادثه هم ا . گ . فاربنیند
دوستریه لەرینڭ هریرده بومباردماندن
قورتولوب قالغانلقیدور . معلومدوركه :
ا . گ . فابریقالاری المانیەنڭ آغیر
صناعتینی توپلاغان أڭ بیوك آلمان
خمیا ، بویاق و دارو اورنیدور . هتلر
تختكه چققاندن كیین ، او یرده ، ذار
قاق بیر حالدا بولغان آلمان خمیا صنا
عتینی یالغوز بیر قول آستیدا اداره
قیلشنی اویلاب « خمیا و بویاق صنا
یعی مشتریك منفعت بیرلكی » معناسیـ
ـغا كیلەدورغان ا . گ . نی قورغان ایـ
ـدی . ا . گ . آلمان ایمپریالیزمینڭ
خمیا قسمینی اداره قیلغوچی بو ساحه
دنیانڭ أڭ بیوك شركتی ایدی . بو
تشكیلاتنڭ مركزی فرانكفورتدا ایدی .
و أهمیتلیلەریچه فرانكفورت شهرینڭ
اهمیتی بو یرده ا . گ . مركزینڭ بولـ
ـغانلقیدن ایمش . بوتون شهرنڭ ایچی
و اطرافی بومباردامان قیلنغانی حالدا
فرانكفورتدا بیر محلەچیلك چوڭ بولـ
ـغان ا . گ . نڭ نه مركزی بناسیغا
ونه باشقا قسملاریغا بومبا تاشلانماسـ
ـلقی حیرتكه لایقدور . آلمانلار بوڭا
بیزچەلك حیرت قیلمای یاتادور و -
متفقلەر بو یرلەرنی ساغلام قولغا كلتو
روش اوچون بومبالاماغان . مسئله شو
نكدن عبارتدور : دەب اوتوب كیتەدور .
آلمان صناعتینڭ أڭ بیوك یوقاتیلـ
ـشی بومباردماندن كوبراق « بوزوب
آلیب كتیش » دن بولغان . برنجی و
ایكنچی دنیا سوقوشلارینی تامین قیلـ
ـغان آلمان سوقوشی ایندوستریسینی
یوقاتماق هدفینی كوزكوچی تورت
متفیقنڭ قوللانغان بو سیاستی ، آلمان
صنایعینی یوقاتقوچی أڭ تاثیرلك سیسـ
ـتیم بولدی . بو خصوصدا أڭ آلغ
كتكەن مملكتنڭ روسیا ، أڭ آز تطبیق
قیلغاننڭ آمریكا ایكەنلكی قبول قیلنماقـ
ـدا . بو خصوصدا أنگلیز و فرانسوز
لارنڭ آمریقادن قیزیقراق حركت قیلغانـ
ـلقی شكایت بوللق بیر تیل بلەن سوز
لەنمەكده دور . فابریقالارنی بوزوب اوز
مملكتلەریگه توشوماق موضوعی ؛ بیری
سیاسی ، ینه بیری اقتصادی سببدن
ایلگری كلمەكده : . سیاسی سبب آلمان
ایمپریالیزمینڭ قایتا تریلشیگه میدان
برمەسلك و اونڭ قوللانغان سوقوش
ماشیناسینی اورتادن كوتەرمەكدور . سیا
سی سببنڭ آرقاسیغا موكونگەن اصلی
اقتصادی سبب بولسا صناعت ساحەسیدا
كی آلمان رقابتینی اورتادن كوتوروب
تاشلاماقدور .
المانیەده یاڭیدن قورولماقدا بولغان
فابریقالار هم باردور . بولار بوتونلەی
تنجلق اوچون خدمت قیلادورغان بیر
ماهیتداكی صنایعدور . یاڭی قورولماقدا
بولغان بو اندوستری اجنبی سرمایه
سینڭ یاردمی بلەن وجود بولماقدا .
بولارنڭ مهم بیر قسمینی آمریقالار
و أنگلیز فنانس قیلغانیدەك ، هوللانـ
ـدیا ، باجیقا ، دانیمارقا و اسویچره لك
لەرمو آلمانیه ده آلمان تخنیكلەریدن
فائدەلانیب یاڭی ایشلەب چقاریش اوو
لاری قورماقدا دور . بومبار د مانلارغا ،
بوزوب كوچوروب كتشلەرگه قاراماسدن
بوگون أسكی المان صناعتینڭ یوزده
40 - 45 ی آیاق آستیدا دور و بو
حالی بلەن آمریقا و روسیەدن كیینكی
دنیانڭ أڭ بیوك اوچنچی صناعت قو
تینی تشكیل قیلماقدا دور .

# اولكه و شهر خبرلەرى

( چینی توركستان آژانسى و اوزەل مخابرلەريمزدن )

## بير يوليوروق

بوندن بورون هرتورلك قالايمانچيلق، شدتلك تالاش - تارتيشلارغا سبب بولغان حاكم و كيگەش هيئتنى سايلاملارينى اولكەلك حكومتكه معلوم قيلب تصديقلاتقاندن سولك اونكوزوش حقيده مسعود بك صبرى بوليوروق كورسەتكەن.

*** ⁑ ××× ⁑ ***

## تجارلار جمعيتيده

شهريمزداكى تورك تجارلار جمعيتيده سايلام اوتكوزولوب جمعيت رئيسلكيگه سابق رئيس ابراهيم خدابردى، اورونباسارلققا باقى آخون سايلانغان.

* ⁑ — ***** — ⁑ *

## سرنگه استحصالاتى

تعميرات نظارتى قارماغيدا بولغان سرنگه فابريقاسى، استحصالاتينى كوپەيتمك اوچون اولكەلك حكومتدن 17 مليارد فل سوراغانيدا تقريبا 10 مليارد قدر فل بريلگەن. حاضر كونده 4000 غوزەك سرنگه ايشلەب چقارماقدا بولغان بو فابريقا يوقاريداكى فل تولوق بريلگەن تقديرده هر كون 10000 غوزەك سرنگه ايشلەگوسيدور.

*— *( ***×*** )* —*

## كورلا دەرنەكينك ٥ نجى اولتورومى اوزدورولدى

( كورلا خبرى ) بيلم دەرنەكيمزنك 5 نجى نوبتلك اولتورومى 29 نجى اوكتەبر كونى كوندوز ساعت 12 بلەن حاكم محكمەسينك دەرنەك اويدە اوزدورولدى. بو اولتورومدا، محمد افندى اسماعيلى، „ هر ياشاماقنك آساسى شرطى “ ديگەن موضوع آستيدا قمتلك بير قونفرانس بريب اوتدى.

شعر ادبيانلار بابيدا؛ ياش شاعرلەردن، دولانى، ع دلشاد، نظر كريم، غفور چولك، محمد موسى فالتا، خليل صابرى، اسماعيل افنديلەر، كوبلەگەن ياكى ايجادى شعرلەرينى اوقودى. قادير حاجم، „ صداقت، فراست، زكاوت “ ديگەن گوزەل بير حكايه سوزلەدى.

سوگره ع. دلشاد طرفيدن، دەرنەك خاطرەسى اوچون نشر قيلينادورغان „ بيليك “ يغميغا ياردم توپلاش اعلان ايتيلگەچ دەرنەكچيلار اوز اختيارى بلەن ياردملەر سونولوب، ضيافتدن سولك دەرنەكداشلار بير - بيرلەرى بله خيرلەشديلەر.

غفور چولك

*— *(**×**)* —*

## „ بيلك “ يغيمى چقاريلماقچى

( كورلا خبرى ) ناحيەمزده ياشلار طرفيدن تشكيل قيلنغان بيلم توركومى بيلم دەرنەكينك خاطرەسينى قالدورماق اوزره „ بيلك “ ناملق بير يغيم چقاريشنى قرار قيلغان ايدى. بونگا بنائًا 29 نجى اوكتەبرده اوتكوزولگەن 5 - دفعەلك دەرنەكده قايتا مذاكره قيلنب بلگه ينه اختيارى ياردم توپلاندى. ايلگرى آخر م. طاهرى معاون حاكم داود حسنى 3 توب خوتن كاغذى عبدالقادر حسنى اون ناختا ماى كاغذى محى‌الدين عشورى بير مليون، احمد

جان بش يوزملك دوللار، مطيع‌الله
صوم بير مليون، اويغور اويوشما
كى خدمتچيلەرى ايكى مليون دولل
غفور حسن ايكى مليون دوللار،
والدى افندى بير مليون دوللار،
ت‌الله نيازى بير مليون دوللار، تو
بك بش يوزملك دوللار، واحد قاريم
يوزملك دوللار، ع. جمال اوچيوز
دوللار، ذكرالله رحمانى ايكى يوز
دوللار، ابوالقاسم ناصرى بش يو
دوللار، محمد توردى صديقى ب
يوزملك دوللار، خالق ناصرى بش ي
ملك دوللار هديه قيلديلەر. حاضر
باشلاب مجموعەنى چقاريشقا جدى ك
شيلمەكدە. ياقينقى بير قانچه كون اي
مده ياينلانغوسيدور.

**—* *(***)* *—**

## معارف پرور زاتلاريمزغا تشكر سونامز

( مركت خبرى ) يورتومزده معار
ايشلەرى يورگوزولگەنگه آنچه وقت بو
غان بولسامو، مكتبلەر بك كهنەراب‌كتك
لكدن بعضى اوقوش اوقوتوش ايشل
ريمزگه آنچه توسقونلوقلار بولوب ك
گەن ايدى. گرچه تورك اويغور ا
يوشماسى بو مكتبلەرنى اصلاح قيلش
نيت قيلغان بولسامو، لاكين اقتصاد
قوتى عاجز بولغانى اوچون ياسايا آل
غان. مكتبلەرنك بو خيلدەكى خرابەلر
نى كورگەن، ايكنجى رايون يورت با
لغى على آخون بك اوز كنتى آق ب
كەنگه اوزى بير مكتب ياساب بريشنى
اويوشمادن اوتونگەن. اويوشما رو
صت قيلب مكتب پلانلارينى سزيب بر
گەندن سولك، 12 آغيزلق اويدن عبا
رت بو مكتبنى بو ييل كوزده اوز را
خوەى بلەن بتتوروب اويوشماغا تابشور
غان. على آخون نلك بو همتينى
كورگەن، 2 نجى رايون معاون باشلغ
على آخون بك، تعجب قيلب اوز محا
لەسى غاز كول مكتبينى اصلاح قيلش
حركتينى قوزغاب يورت خلقيدن اختيارى
ياردم توپلاب بومكتبنى هم اصلاح قيلب
6 آغيز صنف سالغان. بوتون ناحيه
خلقيدن بو معارف پرور زاتلاريمزغا
تشكرلەر سونامز.

عبدالقادر صائيم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# اچکی و تاشقی خبرلەر

( رادیئو خبرلەری )

## بیر کونده ایکی پاشاهلق طلاق

( قاهره و طهران ) بوکون مصر پادشاهی فاروق خانیمی ملکەفریدەدن آیریلغانلقینی اعلان قیلدی . بو ایکیسینڭ نکاحی 1937 ده بولوب بیر قیز و بیر اوغول بالالەری بار ایدی . بو آیریلشقا سبب کورسەتەآلماسدن تڭری تقدیری شوندااغ بولغانلقینی بیان قیلدی . هەنە بوکون ایران شاهی محمد رضاشاهنڭ خانیمی ملکەفوزیە بیلە آیریلغانلقی اعلان بولدی . فوزیه مصر پادشاهی فاروقنڭ ایگەچەسی بولوب 1938 ده ەبلی کورولمەگەن بیوك بیر توی بلەن محمد رضاشاهغە نکاحلانغان ایدی . آیریلشنڭ سببی فوزیەگە ایران هواسی یاقمای قاتتق کیسلگە اوچراب اوچ ییلدن بری مصردە توروب آخیری آیریلشقا أر و خاتوننڭ راضیلقغە کلگەنلکی ایمش . قاهره بو طلاقنڭ ایران و مصر آراسیداکی سیاسی دوستلقیغا تأثیر قیلماسلقینی اعلان قیلدی.

*) ××*(*)××* *(

## رور مسئلەسی

( پاریس) آلمانیەنڭ بیوك آغیر صناعت منطقەسی بولغان رور اولکەسینی آلمانیەغە قایتوروب بریشکەآمریقا و أنگلیس حکومتلەری قرار قیلغان ایدی. بو قرارغا فرانسە حکومتی قارشیلق قیلماقدادور. بو مسئلەنی اتفاق بلەن حل قیلش اوچون بوکون پاریسدا مارشال شومان وبیوین مذاکرەقیلماقدادور.

*ـ *)**+×+**(* ـ*

## فلسطین مسئلەسی

( لوندون ) تونوگون یهودیلەرنڭ جوابی برلەشکەن ملتلەر مجلسیگە کلدی . جوابنڭ مضمونی عرب دولتلەری بلەن بیواسطە صلح مذاکرەسی قیلشنی طلب قیلش و جنوبی فلسطینگە 13 . اوکتەبردن کیین کیرگەن عسکرینی قایتوروشنی قبول قیلب آندن بورون کیرگەن عسکرینی قایتورماسلقدن عبارتدور . عرب حکومتلەری یهودیلەر بلەن مذاکره قیلشنی رد قیلدی . دوقتور بانیچ بو ایکی طرفدن آنڭ لایحەسینی قبول قیلنماغانلقدن متأثیربولغانلقینی بیان قیلدی .

( یافین شرق ) ـ یهودی و مصر دولتلەری نقب بولگەسیدەکی عسکرلەرینڭ آرقاغا چکیلیشکە بویروق بردی و هر بری اوز عسکرینڭ چیگاراسزیغینی اورونلاشتوروش اوچون کیشی بلکولەدی .

آنقره ـ عراق قرالنایبی امیرعبدالله فلسطینگە بارب نابلس ( اورتا فلسطین ) دەکی عراق عسکرلەرینی تکشورمەکدەدور .

( شام ) تنجلق مجلسیدەکی أنلگلیس وکیلی ماکمیل برنادوت لایحەسینی قرار قیلشینی مجلسدن طلب قیلدی، سوریە وکیلی ریاض الصلح بو طلبکە قاتتق قارشیلق بیان قیلدی، مسئلە مذاکره اوستیدەدور .

** * ×××× * **

## سوجو سوقوشی حکومت عسکرلەرینڭ موفقیتی بلەن نتیجەلەندی

( شانخەی ) 11 کوندن بری چین ملی حکومتی اوچون بحران حالینی آلب دوام قیلغان سویجو سوقوشی قومونست عسکرلەرینڭ مغلوب بولوب قاچماقی بلەن نتیجەلەنب بحران توگەدی. حکومت عسکرلەری دشمننی قوغلاب ساندوڭ طرفیگە سورمەکدەدور .

پاکستان ـ سویجو سوقوشی نتیجەسیدە نانکین و شانخەی خلقیغە پیدا بولغان قورقونچ بتونلەی یوق بولدی .

## قورالسزلانماق تارتشمالەری

پاریس (شایوسرایی) برلەشکەن ملتلەر عمومی مجلسیدە ساویت و اوکراینانڭ « بش بیوك دولت قورالکوچینی اوچدە بیرگە توشورسون و آتوم بومباسی یوق اتیلسون » دیگەن تکلیفی کوپچیلك طرفیدن رد قیلندی. بلجیقا و فرانسەنڭ « قورالسزلانماق یوللەرینی تدقیق قیلش بتون دولتنڭ قورال کوچینی تکشوروب هر زمان نظر قیلب توروش اوچون بیر خلق آرا کونترول هیئتی قورولسون » دیگەن تکلیفی مذاکره اوستیدەدور .

## برلین مسئلەسی

( انقره ) دوقتور ایوات و تریگوبلینڭ مکتوبلەریغە 4 دولتنڭ جوابی کلگەندن کیین مسئلە بیر آز کوچلەشدی، چونکە اوچ دولت مذاکرەدن بوروون برلین محاصرەسینی یوق أتمەك شرطینی قویدی . ساویت دولتی محاصرەنی یوق اتیشدن بوروون فل مسئلەسینی حل قیلشنی شرط قویماقدادور . تنجلق مجلسینڭ رئیسی براموگلیا تورت دولت وکیللەریدن برلین فل مسئلەسینڭ تخنیکی یاقلەریغە عائد بیر مونچە سوأللەرنی سورادی . أنگلترە و برلیندن بیر نچە فل متخصصلەری چاقریلدی . آگلاشیلغانغە کورە براموگلیا بیر لایحە حاضرلاغوسیدور .

---

## تورك بیوکلەری ویا تورك آتلاری №3

ا ـ ( تا )

اجوبوجو ـ ا ) یاقوت تورکلەرینڭ داستانلاریدا اتی وچکەن ییگتدور، )مصلل‌ەردە بیر قهرمان اتی

اجو ـ مناس داستانیدا اتی کچکەن بیر ییگتدور کدیمقی یەنیسەی قیرغیز تورکلەریدە بکلەرکە بیرلگەن بیر ات .

اچا ـ کارەسی بکی اچلان بکنڭ ادملەریدندور سوگبە غازی اورانوس بلەن اورخان غازیغا کلمشدور

اچابوغا ـ قایشان خاننڭ سرای ناظریدور

اچیق ـ اویغور یازولاریدا اتی کچکەن بیر تورکدور

اچیل ـ تورك اتلاریدندور خوارزم خانی محمدنڭ دایسی غایرخاننڭ ایکنچی اتی . اینالچیق « بولغانیدەك اوچنچی اتی » اچیل « ایمش بو اتنڭ تروالق اشهل نڭ اتی بلەن یاقینلغی باردور

اچلان ـ بالیکەسیر طرفلەریدە حکومت سورگەن کارەسی بکلەریدندور

ادان ـ هندستان بلەن افغانستان اراسیدا اولتورغان تورکلەرنڭ بکلەریدندور 1975 دە افغانلار بلەن سوقوشقان

ادار ـ اویغور یازولاریدا اتی کچکەن بیر تورکدور

ادن ـ اویغور یازولاریدا اتی کچکەن بیر تورکدور

# مفكوره توغراسيدا

أسكى زمانلاردا، علمنڭ بيلدوره
آلماغان حادثەلەريگه پاكه طبيعى قانون
لارغا اويغون كلمەگەن واقعەلەرگه خار
قه اسمى بريلەر ايدى. حتى علم بلەن
خارقه آراسيدا بير تورلك اوخشاماس ـ
لق بار دەپ ظن قيلينار ايدى. علمـ
گه ايشەنگەنلەر، خارقەلەرنڭ بارلقيغا
ايشەنمەس ايدى. بوگون خارقەلەر هم
علمنڭ موضوعلارى قتاريغا اوتدى.
خارقەلەرنڭمو معلوم بير علمى ايضله
نشكه باشلادى. ديمەك كه علم بلەن خار
قه آراسيدا اوخشاماسلق يوق ايكەن
خارقەلەر حقيدەكى خطاسوزلەرنڭ كيلب چيقى
شى، اونڭ خطا تعريف قيلنغانلقيدور.
خارقه، هر قانداق علمنڭ ايضاح قيلا
آلماغان نرسەلەرى ايمەسدور. بالغوز
مادى علملەرنڭ ايضاح قيلاآلماغان حاد
ثەلەريدور. معنوى قوتلەردن بحث قيل
غوچى بير معنويت علمى، خارقەلەر
نيمو ايضاح قيلاآلادور. بوندن باشقا
خارقەلەر طبيعى قانونلارنڭ سرتيدا
بولادورغان حادثەلەر هم ايمەسدور.
زرا، طبيعى قانونلارمو مادى و معنوى
دب ايكى جنسقا آيريلور. خارقەلەر،
معنوى حادثەلەردن بولغانلقى اوچون
مادى قانونلارنڭ سرتيدا بولسامو يەنه
طبيعى قانونلاردن بولغان معنوى قانون
لارنڭ سرتيدا ايمەسدور.

معنوى قوتلەرنڭ باشليچەلەرى مف
كورەلەر بلەن مشترك قيمت تويغولارى
دور. معنوى علملەرگه كلسەك، بولار
هم اجتماعى علملەردور. اجتماعياتنڭ
جانلق بير كورگەزمەسى بولغان تاريخ
دا مفكورەلەردن توغولغان حادثەلەرگه
سانافسز مثاللار باردور. ترموپيلدا
300 اسپارتالقنڭ يوزمڭلارچه ايرانلق
نى مغلوب قيلشى مفكوره سايەسيدە
ايمەسمو ايدى؟ جاننه دارك آتلق نا
دان بير قيزنڭ أنگليزلەرنى فرانسوز
وطنيدن قوغلاب چيقاريلشى او وقتده
فرانسوزلارنڭ روحيدا اويغانغان مفكو
ره سايەسيدە ايمەسمو ايدى؟ اسكندر
نڭ، آنيبالنڭ، سيزارنڭ، بيوك فريد
ريخنڭ ناپاليوننڭ و بيوكلكده بولاردن
هيچ قاچان قالشمايدورغان اسلام وتورك
فاتحلارينڭ خارقەلق ظفرلەرينى، يال ـ
غوز بو مشهور قوماندانلارنڭ شخصى
دهالاريغا يوكلەش توغرا ايمەسدور.
بولارنڭ خواهى اوردولارينڭ روحيدا
خواهى ملتلەرينڭ وجدانيدا يالقونلان ـ
غان مفكوره اوتينى هم حسابقا قاتماق
لازمدور.

مفكوره سايەسيدەدوركه ناپاليوننڭ
آياق آستيدا قالغان آلمانيه فشتەنڭ بير
قانچه خطابەسى بلەن اويغانب تريلدى.
مفكوره سايەسيدەدوركه استقلال و
وحدتينى يوقاتقان ايتاليه، لهستان، چيگوس
لاواكيه، يوگوسلاويه كبى ملتلەر يانگيدن
حياتقا كيلشكه موفق بولديلەر. مفكو
ره سايەسيدەدوركه متاركەدن سوگره،
بتون قوراللارى قوليدن تارتب آلينب
يونان اوردوسينڭ قوليغا تسليم قيلنغان
آنادولو، بير هجوم بلەن زنجيرلەرنى اوز
دى و أنگليزلەردن مادى و معنوى يار
دملەر كورگەن يونان اوردوسينڭ سياسى
و عسكرى چەرەسيگه اوق آتدى.

مفكورەنڭ بو بز ساناغان اجتماعى
خارقەلەريدن باشقا شخصى خارقەلەريمو
بار. «سارائلقا استعدادى بولغان بير
آدمنى، ساراڭ بولوشدن قورتقازادور
غان بير واسطه بارمودور؟» مشهور
بير أنگليز روحياتچيسى بو سوألنى
سوراغاندن سوگره جوابينى هم بره
دور: «او آدم يوكسەك بير مفكوره
گه ايگه بولسا، ساراڭ بولوشدن قور
تولور» دەيدور. حقيقتده، كوپونچه
سارائلقنڭ سببى، روحداكى قوتنڭ عا
جزلاشيشى، اداره قيلغوچى قوتلەرنڭ،
يعنى آرزولارنڭ اوستيده محكم تور
غوزادورغان بير آمر قوتدن محروم بو
لوشيدور.

بعضى آدملەرنڭ روحيدا دائمى بير
خوشحالاق، فراحلق كورولەدور. بونڭ
سببينى بعضى روحياتچيلار مفكەنڭ
قوتيده كورەدور.

حالبوكه بير قانچه واقعەلەر كورسە
تەدوركه عينى انسان حياتينڭ بير دوره
سيده قاتتق بير بدبينلك بحرانلارى
كوچورەدور. باشقا دورلەرده بولسا نهاي
تى خوشخوى بولور. كوپونچه بير
ياش ييگيت معلوم علملەرنى اوقوشقا
باشلاغان همان، بالالق تربيەسينڭ رو
حيغا برگەن مفكورەلەرى، رياضياتنڭ و
طبيعى علملەرنڭ كوگل بوزادورغان
اميدلەريگه قارشى چيداشلق برەآلماس،
بالالق مفكورەلەرينڭ بو تبرەنيشى
«بالالق بحرانى» ديەلگەن بير مجا
له دورەسينڭ باشلانغوچى بولور. بو
بحرانغا توتولغان ياش، بيللارچه بدبين
لكنڭ بتون آچچيقلاريدا ياشار. اميد
سزلك، اعتمادسزلق كيسللەريگه توتو
لور. كيچەلەرى اوخلاياآلماس، نهايت
بو ألملەردن قورتولماق اوچون اوزي
نى اولتوروشكه هم مجبور بولور.
بتون بو حاللارنڭ سببى بالالقدا آلغان
شعورسز مفكورەنڭ تبرەشى، ييقيلشى
دور. اگر بو ياش، بتەرلك بير ذهين
قوتيگه ايگه بولسا بيللارچه تيرشقاندن
سوگره فاسفەنڭ، روحياتنڭ اجتماعيا
تنڭ ياردملەرى بلەن مفكورەلەرنڭ مع ـ
لوم علملەر بلەن بيرلەشەدورغانلقينى
آڭلاياآلادور.

او چاغدا معلوم علملەرنڭ، مفكو
رەلەر اوستيدەكى تخريبكار رولى قالـ
ماس. مفكورەسيگه شعورلق، و نظر
يەلك بولوب ياڭيدن ايرشكەن ياش،
ياشلق بحرانينڭ بتون ألملەريدن بير
يولى قورتولور. أمدى بالالقدا بول
غانيغا اوخشاش شعورسز ايمەس، عك
سنچه شعورلق و محاكمەلك بير صو
رتده خوشخوى، اميدوار، ايمانلق
بولور.

مفكورەنڭ شفابريش قوتى يالغوز
روح و سيڭر كيسللەريگه مخصوص
ايمەسدور. مفكورەنڭ وجود كيسللەرى
اوستيده هم خارقەوى تأثيرلارى باردور.
مشهور آلمان عالملاريدن فشنەرفنەر
نهايتى قورقونوچلق بير وجود خستە
لكيگه دوچار بولغان ايدى. بتون طبيب
لەر خستەدن اميدينى اوزگەن ايدى.
فقط خستە، روحينڭ قوتى بلەن مفكو
رەگه يولەندى. مفكورەنڭ و ايماننڭ
ياردمى بلەن آز زماندا خستەلكدن قور
تولدى.

خلاصه، مفكورەلك بير آدمنڭ رو
حى صلابتنڭ بولغانيدك وجودى هم
محكم بولور. مفكورەلك بير آدم
وطنى، عائلەوى، مسلكى وظيفەلەرينى
حقى بلەن بجيرەدور. انسانلار آراسي
دا شرفلك و مسعود ياشار.

آدريس:
ا ورومچى ياڭخاڭ
التاى كوچاسى نومرى 13 التاى نشريات ادارەسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تلده ، اشده ، فکرده ، برلك !

# أرك

مدیرا : عیسی الب تکین
باش محرر ا : م . ا . بوغرا

دیکابر ۵ . ییل ۱۹۴۸
محرم ۲۸ - ۱۳۶۷ . ۸

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

225 - سان | یکشنبه | قمتی : آیلقی - شهرگه ۵۰۰۰۰۰ اولکه دوللاری .

## بیردن بیر قورالیمز

بوگون بیزده اقتدار بار دیه آلمای
مز ، قولیمزدا تولوغی بلەن حقوق بار
دیه هوکوره آلمایمز ، شونگەدك جهالة
نك توزاغیدا بولەنگەن بو ملتیمزنی
اویغاق ، خلقیمز علمنك ، عرفاننك قد
ریگه یتدی دەب کیم اورتاغا چیقیب جار
سالا آلادور ؟ بیر مونچه لاغان متعصب
عنصرلەر ، منفعت پرستلەر بیر غرض
یوزەسیدن ملتیمزنك بو توشکون حالی
دن فائدەلانماق ایستەسە حقیقی یورت
آدملەری ملت خادملەری خلقنی اویغا
تیش اوچون میداندادور .

بوگون ملتیمزنك قولیدا بیردن بیر
قورال بولوب نیمەنك تورغانلقینی بك
اینچیکە تکشوروشلەردن کیینگینە سینجە
لاب کوره آلامز . بو هم „ خلقچیلق
دوری " دن کیین قولغا کلتورولگەن
ملی مطبوعاتیمز دور . هر تورلك آغیر
چیلقلارغا رغمەن ، اوزینك بوینیغا یوك
لەنگەن وظیفه بولغانلقیدن تولابی ، خلق
نی اویغاتیش بولیدا و ملتنك باشیغا
کلگەن تهلکه و سلامتنك قایسی طرفدە
ایکەنلکینی و کیله چەکدە کوته دورغان
هدفلەرینك نیمەدن عبارت ایکەنلکینی
آڭلاتیش واديسیدا خیلی تیرماشدی و
تیرماشیب کلمەکدە . فقط خلقیمزنك بو
معنوی قورالغا بولغان احتیاجی کوندن
کونگه آشماقدا بولغانلقیدن و استقبالی
مزنك افقلاری توماں ایچیدە تورغانلقی
دن ملی مطبوعاتیمزنك اوتەمەکچی بول
غان وظیفەلەری قات - قات آشماقدا .
و هەمەمز بو مهم قورالغا سویونمەك
احتیاجینی حیس قیلماقدامز .

ملی مطبوعات ، بافیندا اغنه اعلان
قیلنغان „ خلقچیلق " نك بیر ثمرەسی .
اگر بیز بوتون آغیر وضعیتمزنی ، سار
سلغان بارلقیمزنی کوز الدیمزغا کلتور
سەك مطبوعاتیمزدن باشقا هیچ بیر قو
رالیمزنك یوق ایکەنلکینی آپ - آچق
کوره مز . اونك اوچون هم بونگەدن
حقی بلەن استعفاده ایتمەك ضروریتی
سزیلمەدور .

تورك متفکری ضیا کوك آلپ قا و
بوتون یاشیلقچی تورك یاشلاریغا تورکیه
دە مشروطیت اعلانیدن بوروں بیر
قیری انقلابچینك قیلغان وصیتینی کوز
دن کوچوره مز .

„ من وطنیمدە مشروطیتنك بیر
کون مطلقا اعلان قیلینادورغانلقیغا ایشی
نەمن . من فیریب قالغانلقیم اوچون
او کونلەرگەچە یاشایدورغانلقمنی ظن
قیلمایمن . فقط امین منکه سز او دور
گه قدر یتیشه آلاسز .

„ بیلیشیگز لازمکه بو دسلەبکی
مشروطیت ، قاندای قولغا کلتورولگەن
بولسا بولسون حقیقی بیر مشروطیت
بولا آلمایدور .

„ مشروطیتنی بش اون کشینك
آڭلاشی و ایستەشی یتەرلك ایمەس .
مشروطیتنك حقیقی ماهیتی آلا بیلیشی
اوچون ، بوتون ملتنك اونی آڭلاشی
لازمدور . حالبوکه ملتیمز حاضر تیرەن
بیر اویقو ایچیدە . اویقودا بولغان بیر
ملت ، مشروطیتنك قیمتینی تقدیر قیلا
آلامدور ؟ بناءً علیه ، بو ایلك مشرو
طیت کوب دوام قیلا آلماغوسی .

„ بیراق ، بو ایلك مشروطیتنك
بوندای از بیر زمان ایچیدە قولدن
چیقیب کیتشیگە متعصب بولماڭز . بو
مشروطیت دوام قیلا آلغان زمان ایچی
دە قیمت بریشیڭزگه لازم بولغان یال
غوز بیر نرسه بار : بو نرسه مطبوعات
أرکینلکیدور . ملت تیرەن بیر اویقو
ایچیدە دیگەن ایدیم اونی اویغاتادورا
دورغان نرسه ملتکه اوز بارلقینی ، حیا
تی اوچون تهلکەنك و سلامتنك قای
سی طرفلەردە ایکەنلکینی ، خلاصه است
قبالداکی هدفلەرینی ، غایەلەرینی بیلیشی
دور . حر و أرکین بیر مطبوعات بول
ماسا بولارنی ملتنك هر فردیگه قاندای
آڭلاتماق ممکن ؟ „ فقط ، بو هدفلەر
نی یازا آلماق اوچون هەمەدن اول متفکر
لەریمزنك بولارنی بیلیشی لازمدور " .

استقبال اوچون حاضرلانغان بیر
ملتنك مطلقا بیر قورالی بولوشی لازم
کیلەدور . مادی قوسالقولقلارغا قارشی
معنوی قوتی بلەن میدانغا توشکەن بیز
کبی بیر ملت اوچون مطبوعاتدن ضیادە
هیچ قاندای بیر قورال تصور قیلیغا
آلماس . بیز بو جهتنی نظری اعتباری
مزدا توتساق بوگونکی کوننك بیز او
چون نه قدر غنیمت ایکەنلکینی بیلەمز .

اوزون سوزنك قسقاسی ، مطبوعاتی
مز ، اوز اوستیگه یوکلەنگەن وظیفەلەر
نك عهدەسیدن چیقیشدا بیزدن ایکی
نقطەنی طلب قیلادور :

1 - غایەمزگه خدمت قیلغوچی
قوتلك یازوچیلارنك یتیشیب چقیشی .

اگر بوندای بولماغان تقدیردە ملی
مطبوعاتیمزدن هیچ قاچان استعفاده قیلا
آلماغوسیمزدور . شونك اوچون یاشلاری
مز کیچەلەب - کوندوزلەب اوقوب بو
ملتنك تهلکه و سلامت نقطەلەرینی تع
یین قیلشی ، بو ملتکه هر نرسەدن اول
قایسی فکرلەرنی ، قایسی تویغولارنی ،
قایسی ایدەآللارنی اورگەتمەك فائدەلق ؛
قایسی فکرلەر بو ملتنی بو سیرلق
اویقودن اویغاتا آلادور ، قایسی تویغولار
اونی مدنیتکه قاراب یوکسەلتە آلادور ؛
بوتون بو نقطەلەرنی تاپیش لازم .

2 - نه قدر اوزون دوام قیلیشی
بلگولك بولماغان بوفرصت ایچیدە مطبو
عات حرلکینك تامین و حمایه قیلنیشی .

بیردرجه حریتکه ایگه بولا آلماغان
مطبوعات هیچ قاچان یوکسەك بیر غایه
اوچون خدمت کورسوتە آلماس . ع . ج

# اولكه و شهر خبرلەری

( چینی تورکستان آژانسی و اوزەلا مخابرلەریمزدن )

## بیلم دەرکینلک ١٥ نجی قاتیملق اولتوررمی اوزدورولدی

غادتدەکی بیلم دەرنەکینلك 15 نجی قانیملق اولتوروم‌ی رئیس مسعود صبری، محمد امین بك بوغرا، عیسی بك افندیلەر باشلق 350 دن اوشوق تورك أرَ عیال باشلارینی اوز قوینیغا آلغان حالدا 4 نجی دیکابر کچ ساعت 6 بلەن قازاق قیرغیز قلوبیدا اوزدورولدی.

مجلس رئیسی ع جوشقون افندی مجلسنلك آچیقلقینی اعلان قیلش بلەن یورتومزدا تورکلەر دن یتیشیب چققان بیر یگانە دوقتوریمز عبدالرءوف افندی‌نی قونفرانسغا تکلیف قیلغاچ عبدالرءوف افندی، „ یوقوملوق کسللەر و سل نیر کولوز حقیدە توشونچە “ دیگەن موضوع آستیدا، انسان حیاتیدا أڭ زهرلك بولغان مکروبلەر، اولەرنلك کسللەرنی قایداق پیدا قیلش تازیلقنلك اهمیتی . . . . حقیدە بیر یاریم ساعت قونفرانس بریب اوقدی. ( قونفرانس آیریم باسیلادور ).

عبدالرءوف افندینلك قونفرانسەسیدن سولك، رئیس مسعود صبری، عیسی بك افندی معاون دوقتور عثمان جان افندیلەرمو عبدالرءوف افندیگە قوشومچە و تازیلقنلك اهمیتیلەرینی سوزلەب اوتدی.

شعرلەر بابیغا کوچکەندە، عبدالعزیز مخدوم، ع جوشقون، ا. س. الماس، بران روزی، عبدالرشید افندیلەرنلك ایجادی شعرلەری و مرحوم ملی شاعریمز عبدالخالق ( اویغور ) افندینلك موندن یگرمە نچە ییللار بورون یازیلغان شعر پارچەلاری اوقولدی.

کوڭل آچیش بابیدا، ایلك اوقولینلك کچیك صنعتچی قیزلاری تورلك اوصول، ناخشە جیرلەردە برلوندی. دەرنەکچیلەرنلك اوتونوشی بلەن مشهور غزلچیلەریمزدن راضیە خانم „ قهرمانلار بیز “ ناخشاسینی ایتیب اوزوندن بو یان راضیە خانمنلك ناخشاسینی آڭلاماغان دەرنەکچیلارنلك آفوینیغا ایگە بولدی.

تقدیر تنقید و اویون چاقچاقلار بابیدن سولك، آرکین فکر بابیدا، رئیس مسعود صبری دەرنەکیمزدە بو گونگە کلگونچە یگیتلەریمز غیرت بلەن اوزلەرینلك تورلی تالانتلارینی کورسوتوب کلدی. خانم قزلاریمز دەرنەکیمزگە قیزغین بیر روح بلە قاتناشب بیرە آلمای تورادور. موندن کیین خانم قزلاریمز هم اوزلەریدە بولغان تالانتلارینی کورسوتوب دەرنەکیمزنی ینەمو رواجلاندوروشینی سورایمن ـ دیگەن التجا اورنیداکی فکرنی اورتاغا آتیب قیزغین چاواکلار بلەن قارشیلاندی. خانم قزلاریمزدن آئیم توردی، بوگونگەچە دەرنەکنلك علمی و باشقا ساحەدەکی ایشلەریغا خانم قزلاریمزنلك آرلاشا لماغانلقینلك بعضی سببلەرینی کورسوتوب عفو سوراغندن سولك دەرنەکنلك رهبری محمد امین بك بوغرا طرفیدن آئیم توردینلك فکریگە جوابەن بیر توشەنچە بیریب اوتدی. محمد امین بك توشەنچەسیدن سولك، شاکر حضرتم اسلام دینی خانم قزلاریمزنلك علمی ادبی بیر مجلسلەرگە اشتراك قیلب عام آلیش، علم بریش یاخود اوز تالانتلارینی کوپچولککە کورسوتوشنی چکلەمەسدن بلکی شونی رجا ایتەدور. هر حالدا منمو رئیس مسعود صبرینلك فکریگە قوشولوب خانم قزلەریمز اوز تالانتلارینی کورسوتوشنی امید قیلامن دەب قیمتلك بیر فکر بیان قیلدی. موندن باشقا ینە بیر قانچە یولداشلار تورلی قیمتلك فکرلەرنی بیان قیلاب اوتکەندن سولك دەرنەکداشلار بك کوڭللك حالدا کچ ساعت اون بیر یاریمدا بیر بیرلەری بلەن خیرلەشیب آیریلدی :

## تشکرلەر

حاکیم عشور آخوننلك اینیسی حسین آخون آکا ایگەسز قالغان دارالایتام اوقوغوچیلارینلك آغیر تورموشیغا چیدا آلماسدن 70 دانە ایاق آلب بریشکە وعدە قیلغان. حسین آخون آکانلك بو یوکسەك همتیگە اوقول نامیدن سوگسز تشکرلاریمزنی سونامز و بو کبی همت ایگەلەرینلك آرامزدا کوپەیوشینی آرضو قیلامز. ح. نیازی

غربی اوستەلك نمونە اوقولیغا تعمیرات نظارتی طرفیدن 130 سیت کومور بیریلگەن بولسامو، کاندن تاشوب کیلیشدە قینالادورغانلقینی کوزدە توتوب آتلق عسکری قسمنلك باشلغی ادهم افندی اوز عرابەلەری بلەن 100 سیت کومورنی تاشوب برگەن. اوقول ادهم افندیگە رحمتلەر بیان قیلماقدا.

＊＊ـ＊(＊＊＊)＊ـ＊＊

## مطبوعات عالمیدە یورك صداسی

تونگان ضیالیلاریدن بیر ایکی ذات خصوصی مصارفی بلەن „ یورك صداسی “ ناملق بیر مجموعە نشر قیلشقا کریشکەن. علمی ماتریاللار بلەن خلقنی تانوشتورغوچی بو مجموعەنلك 1 ـ 2 نجی سانلاری چینچە و 3 نجی سانی تورکچە نشر قیلنغوسیدور.

＊ـ＊(＊＊＊)＊ـ＊

## سایباغ معارفچیلاری

سایباغ یوزبگی یوسف احمد افندینلك تشبثی بلەن بیر صنفلق مکتب آچیلیب 60 دن آرتوق کمبغل بالالاری قبول قیلنغان و اوقوتوش اوچون معلم سایلانغان. سایباغ معارفچیلاریغا و بولوبمو یوسف احمد افندیگە رحمتلەریمزنی سونامز.

## قصابلارغا دائر

یاقیندن بیری تریلغو چیلقیمزدا کوب کوچ چیقارغوچی باش کالالارنی بوغوزلاش ایشی اوج آلیب کتکەنلکدن بونی قطعی منع قیلش توغراسیدا تعمیرات نظارتی طرفیدن هر والی محکمەسی، حاکم ادارەسی مال شفالاش اوای و باجخانەلەرگە علاقە توشورگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تاشقى خبرلەر

( 2 - دیکابر رادیئو خبرلەری )

## برلینده ایکی حکومت

لوندون - برلینده شەرلك حکومة
نلك یکشنبه کونی بولادورغان سایلامی
قارشیسیدا ساویت بولگەسیده آیریم بیر
شەرلك حکومت قورولوب ایوەت دیگەن
کیشی باش بولدی. غرب بولگەسیده
قوممونستلەر و سافچیلەر آراسیدا دەشەت
لك توقونوشلار دوام قیلماقدادور. سای
لام کونی تنجلقنی سافلاماق اوچون
غرب بولگەسیدەکی بتون مکتب قولوب
و ادارەلەر پولیس وژاندارما نظارتی آس
تیغا آلندی.

## برلین تنجلق هیئتیده

آنقره - براموگلیا تونوگون پاریس
دن روماغه یوروشدن بورون طرفسز
آلته متخصص و ساویت متخصصلەری
برلیننك فل سیستمی حقیده مذاکرەگه
کیرشکەنلکینی و آز کوپ امید کونکەن
لکینی آچوقلادی.

## فلسطین مسئلەسی

لوندون - تونوگون سیاسی هیئت
مجلسی فلسطیننك تقسیم قرارینی کوپ-
چیلك ناوش بلەن تصدیقلادی. چیگرا
بلگولەش و عرب یهودیلەرنی دواملق
صلح مذاکرەسیگه دعوت قیلش اوچون
آراچی وکیل دوقتور بانچ باشلق بیر
هیئت تعیین قیلدی. عرب وکیللەری نق
سیدگه قارشی تورماقدادور. سوریه
اهالیسی بو قرارغا بتون مملکت بویونچه
چه نمایش قیلدی. شعاری یهودی سو
قوشینی یاگیدن باشلاب فلسطینی قور
ماقدور. نمایشچیلەر شەرلەرده حکو
مت بنالەرینی محاصره قیلماقدادور.
شەرلەر آراسیدا قاتناش ایشلەری توختا
ماقدادور. نمایشچیلەر و پولیسلەر آرا
سیداکی توقونوشلەردا 32 کیشی اول-
دی. باش وزیر جمیل مردم بك اس-
تعفا قیلدی. اورنیغا کهنه انقلابچی
80 یاشلق هاشم بك آتاسی کابینه تە
کیل قیلماقچی بولدی. عراق، اوردون
و مصرده‌مو قاتتق نمایشلەر چیقش خو
فی بار. اوردون و یهودی حکومتلە
ری اسیرلەرنی تیگیشمەککه ییتیشتی
یهودیلەر 500 عرب اسیرینی اور
دونگه قایتوروشینی بیلدور
دی.

## ویتونی یوق قیلش حرکتی

آنقره - آرژانتین وکیلی بش بیوك
دولتنك ویتو حقینی یوق ایتشنی بیرلەش
کەن ملتلەر قورومیدن رسمی طلب
قیلدی. مصر، کوبا، تورکیه، سوریه،
هندستان و پاکستان وکیللەری بو طلبکه
قوشولوشلەرینی اوقتوردی. آمریقا
انگلیز، فرانسه و چین وکیللەری
ویتو حقلەریدن وازکچیشگه راضیلق
بیلدوردی. سوك نتیجه ساویت وکیلینك
جوابیغه باغلق قالدی.

## ایندونیزیا مسئلەسی

کابول - ایندونیزیا قوممونستلەری
نلك باشلغی شرف‌الدین باشقا آلته قوم
مونست لیدری بلەن شرقی جاوادەکی
سید وارجو شەرینك یانیدا جمهوریت
عسکرلەرینك قولیغا اسیر توشدی.
هوللاندانك مذاکره وکیللەری باتاویاغه
قایتدی. خبرگه کوره بیر نچه اختلاف
لق مسئلەلەر حل بولمشدور.

## اوچنجی دنیا سوقوشی یا دنیا صلح وبیرلەشکەن ملتلەر قورومی

آنقره - تورکیه خارجیه وزیری
نجم‌الدین ساداق تونوگون پاریسدن قایت
دی. غزتەچیلەرگه توبەندەکی بیاناتنی
بردی: اوچنجی دنیا سوقوشینك یك یا
قیندا چیقیش قورقونجیسی خیلی آزلا
ماقدادور. هر حالدا بیر دنیا صلحینك
میدانغه چیقیشیدن کوپ امیدیم بار. اما
بو صلح قاچان بولور بو حقده بیر
نیمه سوزلەش حاضر بالدوردور.
بو صلح نی یالغوز بیرلەشکەن ملتلەر

قورومی وجودغه چیقارالادور. بو
اوچون بو قورومنی حمایه قیلش
انسانلق اوچون اڭ بیوك خدمتدور.

## قیسقا خبرلەر

آنقره - قرا دیگزده قاتنقچوت و
تولقون دولوب تورکیەنك پلاق آتلیغ
تجارت کیمەسی 23 کیشی بلەن باتیب کتدی.

دهلی - هندستان وکیلی دیسائی
مارشال پلانیغا آسیامو قوشولسون و
یاردمدن فائدالانسون دیگەن طلبنی بردی.

دهلی - هند و آزاد کشمیر عسکر
لەری زوجیلا، چوپیتی و پیتوالا جب-
هەلەریده قاتتق سوقوش قیلماقدادور.

پاکستان - پاکستان حکومتی هندس
تان و کشمیردن کوچوب کیلەدورغان
700.000 مسلمان اوچون اورون
حاضرلاماقدادور. پاکستان مهاجرلەر
وزیری خواجه شهاب‌الدین „اگر مها
جرلەردن بیر کیشی بیر گیجه تالادا
قالسا شو قیشلاقنك چوگلەرینی قاتتق
جزالایمز“ دیب اوختوروش چیقاردی.

لوندون - عرب و یهودی وکیلله
ری اوز آرا مذاکره قیلب بوگون سا
عت 8 دن باشلاب متارکەنی عملگه قو
یوشغه قرار بردیلەر.

انقره - رور مسئلەسینی تدقیق
قیلش اوچون آلته دولت وکیللەری
توپلاندی.

پاریس - فرانسه ملت مجلسی رور
حقیدەکی سوك قرارینی بلگولەش او
چون قزغین تارتیشمالق مذاکره
قیلماقدادور.

لاهور - پاکستان مجارحکومتی بلەن
تجارت معاهدەسی امضالادی. پاکستان یاغ
و پاختا بیرەدور مجارستاندن هر تورلك
ماشینا و گزمال آلادور.

---

( باشی 4 - بتده )

مافوق‌الطبیعت بیر موثرنك معنوی تا
ثیرات آستیدا بولوب شونك قهرغضبیدن
قورقوش اوچون صاف ایمان صاف وج
دان ایگەسی بولغان انسان هر بیر ان
سانننك مال جانینی عفت ناموسینی شخ
صی و وطن حریتینی و نسلینی حقوق
انسانیتینی تانوسا و باشقا انسانلارغا هم
تانوتسا عملی روشده بیربیرینی برابر
کورسه شوندای قیلغاندا انسان بولور.
آغیزدا سوز قیلب عملده هیچ ایش قیل
ماسا بیاقی برتقوچلق صفتینی ساقلاسا
برتقوچ حیواندن پست حیواندور.

اسعدالله شیخزاده

# انسان حقیده تفکرلار

انسان کورونوشده‌کی قانتق و آغیرلق جسمدنغنه عبارت بولسا او چاغدا انسان بتون جانلق جانسز جسملەر بلەن اورتاق خالص بیر جسمدور . اگرده اوسوش٬ حرکت قیلش الم قایغونی سزیش، رزق ایزلەش ، کوچلقلەری کوچسزلەرینی ایزیب یوق قیلشدن عبارت بولسا او چاغدا انسان بتون جانلق جسملەر بلەن اورتاق جسمدور . چونکه اوسوملکلەر سوسزلقدن یاپراقلەری سولاشیب سارغایادور . بعضیلەری الم قایغونی سیزەدور . بتون اوسوملکلەرنك یلدیزی یردن اوزیگه کیرەکلك رزق ایزلاب بر بری بلەن یلدیزی کوب بولغان اوسوملکلەر یلدیزی عاجزلەرنك یردن آلادورغان رزقینی تارتیب آلیب قوروتوب قویادور . بعضی شاخلەری کوب کوچلك اوسوملکلەر اوزیدن عاجز بولغانلەرکه سایه سالیب کون نورینی درمەسدن قوروتوب قویادور . مانا بونکغا قاراغاندا اوسوملك بلەن انساننك هیچ فرقی یوق، اوخشاش بیر حیواندور . انسان بش تویغودنغنه عبارت بولسا او چاغدا انسان بعضی حیواندن پست حیواندور . چونکه بعضی حیوان اوزیگه قاپالق نرسەنی اوزاق یردن کورەدور و سیزەدور دشمەننی اوزاق یردن سیزیب قاچادور . چاماسی کلسەقارشی توروب مدافعه قیلادور . یاکی قاچیش چارەسینی ایزدەب قاچیب اوزحیاتینی ساقلایدور . اگرده انسان عائله و جمعیت تشکیل قیلب یاشاشدنغنه عبارت بولسا او چاغدا انسان قناتلق و قناتسز حیواندن پست حیواندور . چونکه بعضی حیوانلەر عائله تشکیل قیلب جمعیت بولوب یاشایدور . بولار هرگیز جمعیتدن آیریلمایدور . بعضیلەری جمعیتگه اوزیگه قانداش بولسامو رکداش و اسمداش بولماغانلەر بلەن جنس علاقه قیلب آرالاشتورمایدور . بولار قانداشلاریغا زیان قیلماسدن دائمی صورتده بیر بیرینی حمایه قیلب دوشمەنگه بیرلکده قارشی توروب اوزینی ساقلایدور . دوشمەنگه بیر بیرینی توتوب بریب گوشتینی ییمەیدور . بولارنك دوشمەندن اوزینی ساقلاغودەك مادی و معنوی قورالی بار شو قورال آرقالی اوزینی ساقلایدور . انسان شو حیوانغا اوخشاش اوزاقدن کورەآلمادی . و دوشمەننی سیزەآلمادی . اگرده اوی توتوب اویگه ایگه بولوشدن عبارت بولسا او چاغدا انسان بعضی حیواندن پست حیواندور . چونکه بعضی اویگه ایگەبولغان حیوان هیچ وقتده اوز اوینی کوچلق و کوچسز حیوانغا برمەیدور . مثلا قارغانك اوینی یرتقوچ حیواندن بولغان سار تارتیب آلماقچی بولسا قارغالەر بیر بولوب هجوم قیلب سارغا برمەیدور . اگرده انسان خاتون آلیب بالا تاپیب بالا تربیه قیلشدنغنه عبارت بولسا او چاغدا انسان حیواندن پست حیواندور . چونکه بعضی حیوان بالا تاپیب بالاسینی تربیه قیلشدا هیچ کمچیلك قیلماسدن بلکه اولار بالالاریغا رزق تاپیب بیشنی، دوشمەندن ساقلانیش و قاچیشنی و دوشمەنگه قارشی توروشنی اورگەتەدور . بالالاری آتالەری اورگەتکەن تربیەنی قبول قیاب نسلینی ساقلایدور . بعضی انسانلەر بالا تاپیب تربیه قیلماسدن تاشلاب ،أنکەناکدن بالالاری تربیه سزلکدن تورلی طبیعت حادثەسیگه اوچراب یوق بولوب نسلی قورویدور . اگرده انسان تعلیم تربیەنی قبول قیلش بلەنغنه انسان بولادورغان بولسا او چاغدا انسان حیوانغا اوخشاش بیر حیواندور . چونکه مایمونغا شاخمات اویناشنی، کییم تیکش گزمال توقوش و اوکا اوخشاغان هنرلەرینی اورگەتسه قبول قیلب اورگەنب ایشلەر .

مصری کپتردیگه سوقوش وقتده خط توشوش، جاسوسلق قیلشنی اورگەتسه اورگەنب شو ایشنی بیجرەر . ایتقا اوغری توتوش، جاسوسلق قیلش سوقوش وقتده خط توشوش و موندن باشقا حربی خدمتلەرنی اورگەتسه قبول قیاب شو ایشنی باشقارار .

اگرده انسان کوچ قوت بیوك جسمدن عبارت بولسا او چاغدا انسان کوچ قوتلك بیوك جسملك حیواندن پست حیواندور . چونکه بیوك جسم ایگەسی بولغان کوچلق یرتقوچ حیوانلار اوز شخصیتی اوچون مسلك ایجاد قیلب قانداشلەرینك حقوقیغا تجاوز قیلب بیر بیرینی اولتورمەس بیر صنف اوچون ایکنچی صنفنك حقوقیغا تجاوز قیلب ایزیب یوق قیلماس . انسان نه قدر تعلیم تربیه کوروب بیوك معلومات ایگەسی بولسا هم اخلاقی اجتماعی جهتدن یرتقوچ حیواندن پستدور . ایتنك قانداشی کوب اما اوزیگه اسم و صفتداش بولماغان سولیسون یاکی تولکه بلەن جنسی علاقه قیلمایدور . یرتقوچ حیوانلار اوزینك قانداشیغا ضرر یتکوزمەیدور .

اما انسانلەر اوزینك عاجز جنسداشلاریني اولتوروب مال مولکینی و یورتینی بولاب تالاب آلادور . یرتقوچ حیوانلار یاشاغان جانگالدا کوب تاریخدن بری عاجز حیوانلار نسلینی ساقلاب کیلب‌یاتادور . کوچلق یرتقوچلەر عاجزلەرنك قان و نسلیگه هجوم قیلب یوق قیلمایدور . اما انسانلەر اوزیدن عاجز جنسداشلەرینی یوق قیلشقا تورلی چارەلەر ایزدەب شونی عملگه آشوروش اوچون ملیونلاغان انسانلەرنی اولتورەدور . مانا بونکغا قاراغاندا انسان نه قدر مدنیتکه یتسون و عالم بولسون زهرلك و یرتقوچ حیواندن پست حیواندور . اگرده انسان اوره یوروش، سوزلەشدن عبارت بولسا او چاغدا انسان حیوانغا اوخشاش بیر حیواندور . چونکه مایمون و ایيق خواهلاسا اوره یورەر خواهلاسا تورت پوتلق بولوب یورەر . طوطی تورغای مینه و قیزیل توموشوق، ناغ قارغاسی بولەرگه سوز اورگەتسه آدمگه اوخشاش سوزلەر . بولەر سوز قیلماق بلەن انسان بولورمو ؟

هر بیر حیواننك قارشیسیدا بیر دوشمەنی بار . بو حیوانلەرنك دوشمەندن اوزینی ساقلاغودەك مادی و معنوی مخصوص قورالی بار . بو قوراللەر آرقالی دوشمەندن اوزینی و نسلینی ساقلایدور . بزنك اوزیمزنی و نسلیمزنی ساقلاغودك مادی و معنوی قورالیمز بارمو ؟ بو حیواندا نسل ساقلاش مستحکم جمعیت توزوش جنسداش بولسامو اسم صفتداش بولماغانلەر بلەن جنس علاقه قیلماسلق، بیر بیرینی حمایه قیلش خصوصیتلەری بار . بزده بو خصوصیتلەر بو جمعیتلەر بارمو؟

انسانلق صفتیگه لایق بولوش

( دوامی 3 ـ بتده )

آدریس:
اورومچی یاڭباغ
التای کوچاسی نومری 13 التای نشریات ادارەسی

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تلده ، اشده ، فكرده ، برلك !

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز توركستاندور

# ئرك

مدير : عيسى الب تكين
باش محرر : م . ا . بوغرا

14 - صفر 1367 . ه
15 - دیكابر . 1948 - ييل

228 - سان | چهارشنبه | قمتى : | آيلقى - شهرگه 800000 اولكه دوللارى

# ملتينى سويمه‌گه‌ن كشى حيواندن پست حيواندور

( مخصوص مقاله )

دنيادا‌كى ياشاغوچى حيوانله‌رنك هر تيپينك اوزيگه لايئق جنسداش و قانداشلارى بار بولوب بولار اوزيگه اسم و صفتداش بولغانلار بله‌ن جمعيت بولوب ياشايدور. بولارنك طبيعتى آيريم خصوصيتكه ايگه دور. بولار شو خصوصيت بله‌ن بير - بيريني سويوب حمايه قيلادور.

مثلا: تورنا، بونك جنسداشله‌رى خيلى كوب. لكين بولار اسيم صفتداشله‌رى بله‌ن جمعيت بولوب ياشايدور، بولار اوچقاندا هه‌مه‌سى ته‌ك اوچادور، اگر ده بولارنك بيرى قتاردن چقيب آرقادا قالسا آهسته اوچوب چقريشيب آراغا آلادور. اوتلاغاندا و اوخلاغاندا بير - بيردن نوبت بله‌ن قاراول بولوب اوتلايدور و اوخلايدور. بو حالدا دوشمننك كه‌پسيني سزيب قالسا درحال چقيريشيب بير - بيريني آگاهلاندوروب قاچادور. سغزخانغا بير دوشمن هجوم قيلسا همه سغزخانله‌ر يغيليب بيرلكده توروب مدافعه قيلادور. اگر سغزخانني اولتوروب بيربيرگه آسيب قويسا سغز خانله‌ر بونى كوروب درحال بير بيريني چقيريب يغيلب هفته‌له‌ر مصيبت مراسمى اوتكوزه دور. كالاغا بير دوشمن هجوم قيلسا كالالار يغيلب بيرلكده توروب اوزيني مدافعه قيلادور. اگرده كالاله‌ر قانداشينك قانى توكولگه‌ن يرنى سزيب قالسا كالاله‌ر يغيلب موره‌ب اوز حاليچه خلاشيب مصيبت مراسمى اوتكوزه‌دور.

قارغانك قانداش ره‌نگداشلارى خيلى كوبدور. شونداق بولسامو طبيعت بير بيريگه موافيق كلگه‌نله‌ر بله‌ن جمعيت بولوب ياشايدور. مثلا قارا قوزغون قارغانك طبيعتى تاغدا ياشاش برتقوچ حيوانله‌ر آشيب قالغان گوشتنى ياكى اوزى اولوب قالغان نرسه‌نك گوشيني تاپيب يه‌يدور. مانا بو خصوصيت باشقا قارغالاردا بولماغانلقدن بو قوزغونله‌ر اوزينك صفتداشله‌رى بله‌ن جمعيت بولوب ياشايدور. يوت و تومشوغى قيزيل قارا ره‌نگلك قارغا بولارنك عادتى تاغنك توشوكى و كاواكيدا بالا چقاريب ياشايدور. بولارنك يه‌يدورغان نرسه‌له‌رى اوششاق تاش منا شونك بله‌ن بوله‌ر تومشوقى و پوتى طبيعتكه موافيق كلگه‌نله‌ر بله‌ن جمعيت بولوب ياشايدور. يورت أل آراسيدا ياشايدورغان قارا قارغا بوله‌رنك تورموش عادتى درختده بالا چيقارار و يه‌يدورغان نرسه‌له‌رى اوروغلق دانه‌له‌رى يازدا قوروت قونغوز پاقا كسله‌نچوكله‌ردور. بوله‌رنك عادتى يوقاريداكى ايكى تورلك ره‌نگلى اسيم اوخشاش قارغاله‌رگه موافيق بولغانلقدن بوله‌ر اوله‌رگه قوشولماسدن آيريم جمعيت بولوب ياشايدور. كولك قارغا آق قارغا بوله‌رنك طبيعت و ره‌نگگى يوقاريداكى اوچ تورلى قارغاغا موافيق كلمه‌گه‌نلكدن بولار ره‌نگ و صفت اعتبارى بله‌ن هر قايسيسى آيريم جمعيت بولوب ياشايدور. اما عمومى حيواناندا قانداش و صفتداشله‌رينى حمايه قيلش و ياخشى كوروش توغولغان و اوسكه‌ن يرله‌رينى ياخشى كوروش خصوصيتله‌رى بار. منا شونك اوچون اوزاق تاريخدن بيرى بو حيوانله‌ر نسليني اسمينى ساقلاب كيله ياتادور. بعضى انسانله‌رده حيواناتداكى خصوصيت بولماغانلقدن اوز تاريخ و نسليني دنيادا يوقاتقاندور. قانداش قانداشيني اسيم و صفتداش صفتداشيني و يورتيني سويوش و حمايه قيلش بو سوزله‌رى عمومى حيوانات آراسيدا اورتاق بير ايشدور. بيز شو جانلق طبيعتنك بير اعضاسى بولوب توروب نمه‌گه اوز خلقيمزنى و يورتومزنى سويوش اوچون دعوا قيلمايمز و شو خصوصدا چاليشمايمز.

اگر شو حيوانله‌رگه اوخشاش تاريخيمزنى ساقلاش اوچون چاليشماس ايكه‌نمز اوچاغدا تاشقا اوخشاش مطلق بير جسيم بولوشيمز لازيم كيلور، بو عقيلغا توغرى كلمه‌يدورغان بير ايشدور. دنيادا‌كى انسانلار كشفياتيني هر ملت اوز ملتيني دنياغا خوجه قيلماق اوچون چقاريب شونك بله‌ن برابر اوز بارلق تاريخيني ساقلاماق اوچون ايشله‌يدور و شونك اوچون چاليشادور. دنيادا اوزاق تاريخدن بيرى انسانله‌ر آراسندا بولوب تورغان تالاشيش تارتيشيش ملى بارلقيني ساقلاشدن كيلب چقان نتيجه‌دور. آوروپاداكى ساقسون ملتيگه منسوب بولغان بير قانچه ملتله‌ر بار بوله‌ر تيل، ره‌نگ، قيافت جهتيدن بير بيريگه بك يقيندور. شونداق بولسامو بوله‌رنك تيلى و طبيعتى بير بيرى آيرلارلق بولغانله‌رى جمعيت تشكيل قيلب آيريم دولت بولوب ياشايدور. آوروپادا اسلاويان جنسيگه منسوب بولغان خيلى كوب ملتله‌ر بار. بولارنك تيلى طبيعتى بير بيريگه يا قين بولغانله‌ر بله‌ن جمعيت تشكيل قيليب بير دولت بولوب ياشايدور. اما بولار آراسيدا بعضى وقتده قانلق سوقوش و توقونوشله‌ر بولوب توراددور. بيز هم شو انسانله‌رده‌ك ملى تاريخيمزنى ساقلاش اوچون چاليشيشيمز كره‌كدور. حالانكه بيز اوزيمزنى انسان ده‌ب دعوا قيلدوق انسانلق اسيم

( دوامى 2 - بتده )

# اولكه و شهر خبرلەرى

( چينى توركستان آژانسى و اوزەل مخابرلەريمزدن )

## شايان تقدير بير بويروق

اولكه حكومتى رئيسى مسعود بك صبرى والى محكمەلەرى و حاكم ادارەلەرينك بوندن سونك معارف، مكتب ايشلەرى بلەن محكم باغلانيشينى، اهميت بريشينى و دائما خبر آليب توروشينى، جملەدن معارف ايشلەريدە قينچيلق كورولگەن تقديردە همان اولكەلك حكومتكه مراجعت قيلب ياردم سوراشينى بيلدوروب بير بويروق توشورگەن. بو بويروق يازيچيلق باشقارماسى طرفيدن هربير والى محكمەسى و هربر حاكم ادارەسيگه تلغرام آرقالق بيلدورلگوسى.

## ياڭى ييلنى قوتلاش حاضرلقى

14 نجى ديكابر ساعت 2 دە ياڭى سالوندا قوماندانلقلاردن تارتيب بيلديريگه قدر بولغان ادارەلەرنك مسئللەرى اشتراكى بلەن بير مجلس آچيلغان. مجلسده بولونغان مذاكرەلەر، آلنغان قرارلار ييل باشينى قانداق قوتلاش و بوكونده نيمەلەرنى قيلش كبى مسئلەلەرگە دائر بولوب، 1 نجى غنواردا غربى سالوندا عمومى بير تبريك يغينى آچشقا قرار قيلنغان.

حاضرلق هيئتى 20 نجى ديكابر 2 - سانلق مجلسنى آچيب بو حقدەكى سونك قرارلارنى تعيين قيلماقچيدور.

## كورلا ياشلارينك ملتيمزگه بير سوغاسى

اوروپچى ياشلارينك علمى و مدنى فعاليتلەريگه أرگەشيب بيلم توركومى بيلم دەرنەكى اويوشتورغان كورلا ياشلارى، بوگونى 7 نجى مجلسى اوتكوزوب بولغان دەرنەكنك بير اثرى اولاراق « بيلك » مجموعەسينى چقاريشقا كيرشكەنلكينى بوندن بورون يازيب اوتكەن ايدوق. كورلا تورك ياشلارينك فعاليت نتيجەسى بولغان بو يغمنك برنجى سانى 29 نجى نويابردا قولدن

( باشى 1 - بتده )

عموميمزگه لايق شو ايشنى طلب قيلشيز طبيعى حقيمزدور. اگرده بيز ملى بارلقيمزنى ساقلاش ماجراسيدن كەچكەنده حيوانلق طبيعتيمز كەچمەيدور. بونى يوقاتنش اوچون اولا جانلق حيوانلنك بارلقينى ساقلاش طبيعتينى اوزگەرتسون آندن سونك بيزگه سوز قيلماق كرەكدور. بو بير ييلدن بيرى توركستانلق ملى مفكورە چيلەرگە مطبوعات آرقالى خيله هجوملار بولوندى. و بوشورون بولونماقدادور. حاكم ملتنك موندان قيلشى اوچ حالدن خالى ايمەسدور.

بيرى عمومى حيوانلارنك خصوصيتلەرينى تانوماسلقى، 2 نجيسى اوزينك استبدادينى توركستاندا ساقلاب قاليش اوچون ملى عصبيتنك قوزغالغانلقى 3 نجيسى بولەرنك باشيغا بين الملل چيلك مفكورەسى اورناشيب قالغانلقدن ملتچيلەرنى يامان كورەدور. مطبوعاتقا شو سوئالنى بيرەمن بيزلەر حيوانمو؟ اگرده بز حيوان بولساق حيوانلق صفتيمز بلەن اوزيمزگه اسيم صفتداش بولغان حيوانلەر بلەن جمعيت بولوب ياشاش، بارلقيمزنى ساقلاش اوچون كوروشەمز. اگرده انسان بولساق هم شونى طلب قيلامز. بيزلەر انسانلق اسم عموم نقطه نظريدن بوتون انسانلەر بلەن اورتاق بولساقمو لاكين اسم خاص صفت قيافت تيل، رەنك جهتدن آيريم خصوصيتكه ايگەدورمز. بيز هم طبيعتيمزداكى خصوصيتلەرگە بنائەن ملى بارلقيمزنى ساقلاش اوچون كوروشەمز و چاليشامز. بو بيزنك طبيعى حقيمزدور.

هركيم طبيعتدەكى ملى خصوصيتى بلەن بارلقنى ساقلاش اوچون كوروشمەس ايكەن اونداق كشيلەر اولوك تاب ييگەن قوزغون قارغادن، نجاست ييگەن قارا قارغادن پست حيواندور.

اسعدالله شيخزاده

چققان گرچه ماى باسمادا، يرلك كاغذده ايشلەنگەن بولسامو مندرجەسى بير قدر ياخشى و مقاوسى « ادبيات » مجموعەسى قدر گوزەلدور. بو ساحەده كوب كوچ چيقارغان مسلكداشيمز دلشاد افنديگه تشكرلەريمزنى سونامز.

غفور چولاك

## كورلانك حزين صحنەلەريده

كورلانك بازاريغا كيرسەك

بو ييل خلقيمزنك اوستندە بولغان يرنك آغيرلقى، تاشقين يرنك بك آزلقى بولغاندا هم چقماغانلقى آنك اوستيگە بغدايغا « حال » ديگەن بير تورلى كسلنك توشوب كتيشى بلەن چقيش قيلماغانلقى سببلك دهقانلاريمز بك آغير قايغودا قالغان ايدى. 10 - 11 نجى آيلاردا « تكسه » نتيجه سيدە بوتون دوكانلەر قاپاليب، نانوايلەر نان ياپيشدن، آشخانەلەر آش سانيشدن قالغاچ كوندەلك سانيب آليب يەيدورغانلەر بك آغير كونلەرگە قالديلەر. يرلك حكومت كمبغللەرنى قامداماق اوزره، آلسانچيلار اويوشماسيگه 20 دادەن آشلقنى حكومت ساتيدن يوز جكيني 7 مليون دوللار حسابيدا ساتيب برميشدور. آلسانچيلەر اويوشماسى مذكور آشلقنى مخصوص بير نانبايخانه آرقالى ياقتوروب كمبغللەرگە اوتنورلوق ساتيب تورلەر. و ياشانغان ضعيف و بك كمبغللەردن 12 نفر كشيگە كونيگە 3 دن نان بيريب اولارنى ممنون قيلديلەر. نا حيەلك كيگەش ادارەسى حاكم ادارەسى بيرلكده حكومتدن ملك دادەن آشلق ساتيب بريش ياخود قرض بيريشنى سوراب يوقاريغا تلغرام چكمشدور.

حاضر « تكسه » عملدن قالدوروش ايلەن دوكانلەر آستيلاب آچيليشقا مكار سوداگرلەر اوز هنرلەرينى آچوق رونيشده ايشلەتيشكه باشلادى. نانبايلەر آشفزلەرمو آندا، ساندا يمەك ساتيشقا كريشدى. سحرالاردن بازارغا آشلق آليب كلگوچيلەرمو آز - تولا كورولمكدەدور. بغداينك يوزجيكى 40 مليون، گوروچنك يوزجيكى 75 مليون، قوناقنك يوزجكى 36 مليون، قوى گوشتى 3 مليون، قوى ياغى 5 مليون، كالا گوشتى 2 مليون، سوياغى جكى 5 مليون، بيرعرابه اوتون 30 مليون، متاع 12 مليون و باشقا نرسەلەرمو شو قتاردا ساتيلب ياتماقدادور. ناحيەمزده بو ييل آشلقنك كام بولوشى بوتون يورتداشلاريمز آراسيدا چوڭقور بير انديشه اويغاتماقدادور.

## فقيرلق و دقتسزلق قضاسی

ناحيه‌مزدن 60 يول يراقلقدا بول غان تيم كنتيده 50 ياشار جمال آخون نيڭ بير سارای هند بار ايدی. 26- ر كيچه‌سی مذكور جمال آخون، 35 خانونی نوره‌خان، 18 ياشلق قيزی 5 ياشلق بير اوغلی جمعی نفر آدم ياتقان اويی توشوب كيتب بولی وفات بولغان. محمد امين ‌ٴن بير آدم ايله بوشوكده ياتقان بير لی بالا اوينڭ بير بولوگيدا سلامت [قال]غان.

بو واقعه خبر بولغاندن كيين ير لك حكومتدن كيشی چيقب تكشوروش نتيجه‌سيده بولار اولتورغان اوی 50 ييللق بير كهنه تاملق اوی ايكه‌ن. تامنڭ اطرافی زيله‌ب خيلی بوروندن ييقيلش بلگوسينی بريب تورغان بول سامو اولتورغوچيلار بونگغا دقت قيـ ماغان.

اولگوچيلر حاضر دفن قيلندی. بو البته زور بير آچينش بولوب عموه نڭ دقتيگه لايق بير اولايدور.

تنيك

## قربانلق اوستيگه قربانلقلاريمز:

كورلالق 50 ياشار برات موئذيننڭ 2 ياشدا رقب اسيملك بير اوغلی ايدی. رقب عائله تربيه‌سينڭ ياخ لغی سببلی تورلك هوسدن خالی مولايم بير ييگيت بولوب ييتشكه‌ن تكينچيلك هنرينی كامل اوگره‌نب بوة ول آتا. آناسينی باقيب تورغان بير رداهيمز ايدی.

24 ايكنجی تشرين كوندوز سا ت 3 ده مذكور ناحيه يول اداره‌سينڭ جالڭ سون بون» اسيملك 26 يا ار بير قارا خدمتچيسی كيیمنی وقته تكيب برمه‌دڭ» ديگه‌ن بهانه آستيـ دا بير كالته‌ك كوتوروب كريب رقبنڭ قوراسيدا رقبنی اوروشقا باشلايدور. رقب تياقغا چيدا آلمای جالڭسون يوننی آلدی طرفيدن قوچاغلاب آلادور. قو رادا تورغان رقبنڭ آناسی عشوره‌خان، آچاله‌ری نيازخان، رابعه‌خانلار، خوشنا ه‌ريدن عائشه‌م خانلار آچرانب آليشقا اقين كيلش ايله جالڭ سون‌بون اوزيـ ڭ يانيداكی ايكی تيغلق قچاقنی رقب نڭ سول بوبون تموريغا سالادورده اوز اداره‌سيگه ماڭادور. رقب قچاق سالنـ غان يرنی قوليدا محكم توتوب سافچی اداره‌سيگه يوگوروب، تخمينا 150 ميتر راغلقدا بولغان امين آخون آشخانه سيگه بارب اختيارسز اوزينی تاشلايـ دور؛ دريادك قيزيل قانغاكوموله‌دور...

15 مينوت ايچيده جان تالاشيب وفات ايته‌دور. قاتل جالڭ سون‌بوننی بولسا، سافچيلار آرا بولدن توتوب آلب سافـ چی اداره‌سيگه آلب بارب قويادور. شو آندا بو واقعه حاكم اداره‌سيگه آڭلانب قاتل جالڭ سون‌بون قماققا آليندور.

مخصوص عدليه بولوم خادمله‌ری چيقب تكشوروش نتيجه‌سيده: رقبقا 15 كوننڭ آلدندا بير كيشلك چكمه‌ن چاپاننی تيكب بريشكه تاپشورغان ايكه‌ن. رقب آلدندا سافچيلارنڭ و خلقله‌رنڭ بولوب 40 توردن آرتوق كييمی بولـ غاچ آلدرماسا تيكب بريش شرطی ايله آلغان ايكه‌ن. قارا كوڭل قاتلنڭ آدمنی قوچقاچ چاغلاب سالغان فيچاقی آنيقلاب تكشوروشلار آستيدا يورك تمانيغا 9 سوڭ ماڭغانلقی بيلنگه‌ن.

جالڭ سون بون سچوه‌ن اولكه‌سيـ نڭ بی‌لوڭ ناحيه‌سيده توغولغان بير خطای بولوب 35- ييلی يورتيمزغا چيقـ قان ايكه‌ن.

رقبنڭ جسدی آتا - آناسينڭ يغی زاری ايله 3- كونی دفن قيلنمش و بو قاتلغا اولوم جزا بريشنی طلب قيلب آتا - آناسی يرلك حكومتگه عرض و تيله‌كچيله‌ر كوندورمیشدور. حاضر بو ايشدن خبردار بتون شهر خلقی، قاتل غا بريله‌چه‌ك جزانی بك دقت و غلغله ايچيده كوتمه‌كده‌دور.

و يرلك اهالی آغيزلاريدا بير قا را خدمتچی خطاينڭ بيكاردن بيكار او رونسز يركه زورلق قيلب يانيشی باش قالارغا قانداق تائير بره‌ر؟ البته حكو مت بوڭا كوز يوموب اوتوب كتمه‌س» ديگه‌ن سوزله‌ر ايشيتلمه‌كده‌دور.

حكومتيمزنڭ حقيقی بير تكشورو شی ايله جالڭ سون‌بونگه اولوم جزاسی بريب فقرالارنڭ حيات و حقوقينی اسا يشدا توتماقينی بك چوڭ تقضا ايچيده رجاء ايته‌مز.

تنيك

(باشی 4 - بتده)

- سوزله اوغلوم‌نيمه‌كه چيدامايمن
- واللهی چيدامايسن.
- چيدايمن دب توروبالورمنغو.
- .........

پاداچی دردينی سوزله‌مه‌س، تخيمو زياده هيجان چيقاريب، آوازينڭ ييكه‌نيـ چه ييغلار ايدی. كوسه وزير بير آز اويلادی. باشقاسينی ييغلاتقان بيرسبب كه اوزی قانداق چيدا آلماس ايدی. قيزيقدی. تكرار:

- سوزله اوغـلوم سينڭ دردڭـ دن مڭا نيمه؟
- چيدا آلمايسن ده‌يمن بابا.
- چيدايمن
- منڭ پادامنڭ ايچيده بير اوچ كه بار ايدی. سنڭ يوزوڭگه قاراغان همان او خاطره‌مگه كيله‌دورده شونڭ او چون ييغلايمن.
- ......

دردينی سوزله‌گه‌ن ايشه‌ك حسن بيردن بير ييغلاب يانب كولوشكه؛ ييغيسيغا قهقهه آرالاشتوروشقاباشلادی. «سافالی، خودی سنڭكيگه اوخشار ايدی» دب تفصيلاتقا هم كيريشه‌ر ايـ دی. كوسه وزير هيچ جواب برمه‌دی. توردی. ايشيكنی اوردی. باشينی ايچ كری اوزاتقان گوزه‌تچيگه:

- افنديمزگه عرض قيلڭ. مه‌ور همايونلارينی قبول أندم.

بير ييل‌سوگره سوقوش توگوگه‌ن، يه‌نيچه‌ريله‌ر تربيه قيلنغان، سپاهيلار نظامغا سالنغان، اوغريلار، قاراقچيلار تازالانغان ايدی. دولت يه‌نه أسكی قوتينی تاپدی. پادشاهنڭ غمكين يو زی كولدی. أمدی، نشئه‌سی اوز يريـ گه كلگه‌ن ايدی. يالغوز صدرا عظيمگه او نادان پاداچينڭ قيلغان اولومدن بتر ترسه‌سی نيمه ايكه‌نلكينی بيلمه‌ك ايسـ ته‌ر ايدی. بير كونی بونی سورادی. كچورگه‌ن قريق كوننڭ عذابينی اسله گه‌ن همان يه‌نه بير پشوا ييگه‌نده‌ك كو سه وزيرنڭ يوزی قيب - قزيل بولوب كتدی. بريشكه بير جواب تاپا آلمادی. كيكه‌شله‌ندی:

- هيچ! پادشاهم، ديدی، بو گناه سز سحرالقانڭ منڭ اوچون حبس قيلنيـ شيغا وجدانم راضی بولمادی. اونی عذابدن قوتولدوراى دب عهدمنی بوز دوم.

تمام

تارىخى حكايەلەردىن:

# نادان

( باشى اوتكەن ساندا )

آچچىقىدىن اولەدورغاندەك پادشا
دولتىنىڭ، تختىنىڭ اوستىدە بولوب ياڭ -
ھان فساد توفانىنى تكرار خاطرەلەدى .
اويلادى: كوسە وزير ھم اولسە بىر
كون كليب بتون ايشنىڭ بوزولادورغان -
لقى احتمالى بار ايدى . باشى كسلسە
حقنىڭ حضوريغا كتەر ، دنيانىڭ غوغاسى -
دىن قورتولار ايدى . نە وقت بولسا
بوزلەرچە ييل ياشاسا يەنە اولومدىن قو
تولغالى بولمايدورغانلقىنى بىلگەن، بو
حقيقتنى اونوتماغان عارفلەردىن ايدى .
بىر كون كيىنىڭ، بش كون اولنىڭ اونىڭ
چە ھيچ اھميتى يوق ايدى . پادشا،
حضوريدا تورغان بىر بككە :
- ساريق اويىگە حبس ايتسونلەر .
يانيغا كتاب، قلم، كاغذ برمەسونلەر .
دىدى . بك چىقدى . پادشا مطلقا
اونى ايش باشيغا چىقارشقا نيت قيلغان
ايدى . بو جسارتى، محقق اولوم قار
شيسيداكى بو پرواسزلقى، شخصيتىنى،
عھدىنى محافظە قيلشداكى بو انادى
قانداق قيمتلىك بىر خصلت ايدى!
آران بونداق بىر آدم مشكل زمان
لاردا بيوك ايشلەرنى قيلاآلور ايدى .
پادشا بونى بيلەر ايدى . كوز آلديغا
زمانەنىڭ پادشالارى، چلبيلەرى كلدى .
ھەممەسى ايكى قات بىر ركوع حاليدا
اولوم قورقونچى بلەن مكزلەرى سارايـ
غان ، يالغوز حيلە، يالغوز فساد، يال -
غوز فتنە اويلايدورلەر ، شيطانلارنى
ھم آلدالادورغان يالغانلار ، افترالار
اويدوروب بىر بيرلەريىنىڭ قانلارينى
ايچەر ايديلەر . فقط كوسە وزير اونداق
ايمەس ايدى . عارف ايدى . عالم ايـ
دى . „ دنيا و مفيخە “ نىڭ نيمە
ايكەنلكىنى سزگەن ايدى . دائما
„ زوال “ اوچوروميغا قاراب كيتب بار
غان „ اقبال “ يوليدا حقيقتنى اونوتـ
ماس، مغرورلانماس ، پول ، بايلق احـ
تشام، سلطنت كبى نرسەلەرنى اويلايمو
قويماس ايدى . اورتا حاللق بىر ملا
كبى ياشار، ساندوق - ساندوق آلتونـ
لار توپلاپ فانى دنيا اويىنى باقى حساب
لاغان غافللارنىڭ احمقلقيغە حيران بو
لار ايدى . پادشا بونداق حقدىن باشـ
قا ھيچ بىر قونگە باش اكمەگەن بىر
آدمگە مەوريتى قانداق قبول قيلدورار
ايدى . اولومنىڭ اونىڭچە ھيچ اھميتى
يوق ايدى . يەنە قاليىن قاشلارينى
توروب:
- اولومدىن بتر بىر جزا .....
دىب سوزلەدى .
پادشا ساعتلەرچە تختيدە اويلادى .
ساعتلەرچە يالغوز قالدى . قيليچ بلەن
ايمەس، اصل قلم قوتى بلەن غلبە قا
زانيلادورغانلقىنى بيلەر ايدى . فقط
عقليگە اولومدىن قورقماغان بىر آدمگە
باش اگدورەدورغان بىر واسطە كلمەس
ايدى . اويلاب ياتب خيال قيلشقا
باشلادى و اويقوغا كتدى .
چوڭقور اويقولاردا كورولگەن راب
طەسز توشلەرگە اوخشاش شاھزادەلغى
اوستازى كوز آلديغا كلدى . اوتتوز
ييل اول اولگەن اوستازى ايسيدە قال
غان او آقساقاللق آدمگە ھيچ اوخشاماس
ايدى . سراى اوز سرايى ايمەس ايـ
دى . اوستازى ايكەنلكىنى بيلگەنى
حالدا ، آوازى، يوزى تونوش بولما
غان بو مبھم خيال: „ نادان بلەن صحبت
قيلماق عاقلغا جھنم اوتيدىن بتردور! ... “
دەر ايدى . خياليدىن اويغاندى . باشيـ
دا بىر آغيرلق بار ايدى . حرمگە با
ريب يلقيش اوچون قوپدى . دوروست
مادامكە نادان بلەن صحبت قيلماق جھنم
اوتيدىن بتر ايدى . بو اوندا كوسە
وزيرنى كويدوروش كيرەك . فقط اول
تورمەسلك لازم . آلديغا قول قوشتو
روب كيرگەن بندەلەريگە:
- چاپسان بىر نادان تاپيلسون . او
نىڭ يانيغا سولانسون . ديدى .
بستانچيلار ، تبديل آغالارى بىر
ھفتەچە بتون شھرنى، ايلاقلارنى،
صحرالارنى، تاغلارنى، قيرلارنى ايلانـ
ديلەر . نيھايت قاراموسل طرفلەريدە
غايت جاھل، غايت عقلسز، قيسقاسى غا
يت نادان بىر پاداچينى تاپديلەر . بو
اوتتوزيش، قيريق ياشلاردا يك كوچلك
حسسز، حيوان كبى بىر آدم ايدى .
صحرا سيدا اونى „ ايشەك حسن “ دەر
ايديلەر . نادان بولغانيدەك اناچى ايـ
دى يەنە . تربيە، حرمت، نماز، نيازنىڭ
نيمە ايكەنلكىنى بيلمەس „ اللەنىڭ كيم؟
دىب سوراغان ھمان: „ نە بيلەى من
غوجام ... “ دىب سيلكەر ايدى .
قويلارينىڭ يانيدىن آيريلماسلق اوچون
حاسەكيلەر بلەن اوروشوب، تاش بلە
تاياق بلەن بىر قانچەسىنى يارالاغا
ايدى . سرايغا قوللارينى باغلاب آلب
كلديلەر . سياست كونيىنى تسبيح تارتـ
كوتوب ياتقان كوسە وزيرنىڭ يانيغا قو
ديلەر . ايشەك حسن اوچراغان بو حا
سزلقيغە چيدا آلماسدىن اوچ كون ھو
دى . ايشتلمەگەن كفرلەرنى ايتدى
سوكرە جيميقدى . آپپاق ايپەك ديوا
لارنىڭ اوستيگە چوروقلارى بلەن چيـ
دى . چاپانىنىڭ آراسيدىن آلغان نەينى قيـ
چاليشقا باشلادى . يالغوز باشيغا اولو
نى كوتكەن كوسە وزيرنىڭ حضوريدىن
توكلى بوزولدى . اما، يانيغا سولانغان
بو عجايب گناھكار بلەن ھيچ نيمە ديشاز
مەدى . يوزينى پنجرەگە اورويدور . چـ
اويگە يمەك، ايچمەك كلتورگەن خادملەر
گە ھم قاراماس ايدى . اون كونـ
يىگرمە كون اوتدى . ايشيكنىڭ بير قيـ
دىن ايچكرينى كوزەتەر ايدى . پادشا
اونىڭ بونداق بىر نادان اوغرى بلە
ياشاش عذابيغا چيداب ياتقانلقينى كو
روب اميدسزلينەر، خاسەكيلەرنى چيقيـ
ريب تخيمو نادان مخلوقلار ايزليتەر
فقط ايشەك حسندىن بترينى تاپدورالمـ
ماس ايدى . بىر آى اوتدى . نادان
پاداچى نەينيمو چالماس بولدى . ھيچ
آواز چيقارماس، ذندان آرقاداشيغا او
غاش جيميقور ايدى .
.... بىر ارتەسى كوسە وزيرنىڭ
بو يوغان حريفنىڭ مونگور - مونگ
ييغلاب ياتقانلقينى كوردى . يالارغ
اوخشاش ييغلاشى كوسە وزيرگە تأثير
قيلدى . بيچارە، كيم بيلور، خاتونينى
اوينى، صحراسينى خاطرەليدورغان
دور . اختيارسز سورادى :
- نيمەگە ييغلايسن اوغلوم؟
بو وزيرنىڭ حبس قيلنغانيدىن بر
سوزلەگەن برنجى سوزى ايدى . پادا
چى كوز ياشلاريدىن نملەشكەن ايكەك
رينى كير يەڭلەرى بلەن ايرتيب او
قارادى .
- سوزلەسەم چيدا آلمايسن ديدى .
( دوامى 3 - بتدە )

آدريس:
اورومچى ياتمغان...
التاى كوچاسى نومرى 13 التاى نشريات ادارە...

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

تلده ، اشده ، فکرده ، برلك !

# أرك

مدیر : عیسی الب تکین
باش محرر : م . ا . بوغرا

17 . دیکابر . 1948 . ییل
16 . صفر . ١٣٦٧ .

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز توركستاندور

229 - سان جمعه قمتی : آیلقی - شهرگه 800000 اولکه دوللاری

## معلم اوزیگه لایق درجه‌گه ایگه بولسون

حکومتنك بو نوبت آلتی شهر معا
فینی تکشوروب قایتیش اوچون معارف
اظری چاڭ فاڭ بەی افندی باشلق ایبر
ەن هیئتنك موفقیت بلەن تکشوروب
ایتیشی و کوبدن بیری سوزلەنمەکدە ،
ازیلماقدا بولغان معلملەر حیاتیداکی
چینیشلق مسئلەلەرنك راس ایکەنلکی
ی اوز کوزی بلەن کوروب ، اولکەلك
حکومت طرفیدن او معلملەر اوچون
یوك بیر مقداردا پول آیریشی شایان
قدیر بیر ایشدور . معلملەریمز و او
لارنك یاقین دوستی بولوب کلگەن مط
بوعات بو موفقیتدن اوز خرسندلکینی
بیان قیلمای تورالمایدور . شونك بلەن
بیرلکدە ، قینچیلقیدن برینك حل بولو
شی قالغانلاری حقیدە مو تریشیشینی
توختاتمایدور . ایلگری معلملەر مطبو
عات قاقشاغان قینچیلقلاردن بیرینك راس
لقی بونوبت کورولوب ، چارە کورولوش
بلەن قالمیش قینچیلقلەرنگمو شونداق
حقیقت دەب تونولوشینی کوزدە توتوب ،
اواز فکرینی بیان قیلیشدن چیکلمەی
دور .

تعمینات مسئلەسیدن قالسا ، بوگون
کی معلملك حیاتیدا برنجی درجەلك
مهم مسئلەلەردن بیرسی ، معلملەرنك او
زیگە لایق اورنینی تعمینلەش مسئلە
سیدور . چونکی معلم بولماق ، معارف
خدمتی مقدس بیر ایش دەب سوزلەب
اولتورماسالمو هەمز بونی توشونەمز .
بوگون بیز شو مقدس ایشنی اوستیگە
آلغان معارف خادملەری یعنی معلملەرنك
جمعیتیمزداکی موقیعیغا کلسەك ، یورت
داکی هربیر مأموری ، یاکی محلی عما
لدارلاردن توبن ایکەنلکی کورونەدور .
ماهلام آرقاسیدا ناحیەلەرنك حاکملق
تخنیگە « چقیب قالغان کوپچولك آغ

سز کشیلەر آلدیدا ، مکتب ، معلم گویا
اویونچاق ، آلسا آلادور ، قویسا قویا
دور ، بیراونی مدیر یاکی مسئول بیر
معارف خادمی قیلماق ، اونك شخصی
آرضوسیغا باغلق بیر ایش . براو آغ
سز ، معرفتسز بولسامو حاکمینی خوش
قیلا آلسا ، اونی مدیر قیلادور ، بیر
مونچە خدمتی کورولگەن معلم و مک
تب خادملەری شو نادانلار قولیدا ایش
لەشکە مجبور بولادور ، یاکی براو سیا
سی تدبیرلەری بلەن تیگشلك موقعلق
ادارەلەرگە بولەنیب آلیش آرقالق ، مک
تب معارف ایشلەرینی قولیدا اوینانیش
حقوقیغا ایگە بولوب آلادور . و . . .
بو احوال هەمە یردە بیر خیل بولماسا
مو ، آزچیلق معارف پرور حاکملارنك
قول آستیداکی یرلەردن باشقا یرلەردە
بار ایشلار . اونك اوستیگە یورتومزدا ،
اوزون یللق معلملك خدمتی قیلغان
معلملەرنی پلاناق تدریجی رویشدە ،
حمایە قیلش ، خدمتینی اعتبارغا آلیش ،
تیگشلك درجەدە موقع بلگولەش ایشی
تخی بولغا قویولغانی یوق . تخیچە ،
معارف نظارتی تصادفی رویشدە مکافاف
لاش ، تقدیرلەش یولینی قوللانیب کی
تیب بارادور . بو معارف خدمتیدە او
زون ییللار چالیشقانلارنی حقیقتدە
قایغورتادورغان احواللاردور .
شونك اوچون بیز معارف نظارتید
ىن بو خصوصدامو بیر تدبیر کورولو
شینی کوتەمز .
معارف نظارتیگە معلملك خدمتیدە
کی کشیلەرنی سستیمالق رویشدە کوتە
ریب باریش اوچون اوبدان بیر چارە
بلگولەب ، اوزون ییللق بیر پلان بلەن
اجرا قیلیشینی سورایمز . بو چارەدە
معلملکنك درجەلەری بلگولەنسون . بو
درجەلەر بیر طرفدن یاخشی ایشلەگەنلکی
گە قاراب اوسوب تورسا ، ینە بیر طرف
دن ، اوزون ییللار معلملك خدمتیدە
دوام قیلغانلقغا قاراب اوسسون . معلم
نك معاشی ، مکتب معارف خدمتیدەکی
موقیعی شو درجەلەرگە قاراب بولسون .
مکافاتلەر ، تقدیرلەشلەر و قیریغاندا
بیریلەدورغان نفقەلەرنگمو شو درجەگە
قاراب آیریماسی بولسون . مکتبلەرنك
صفتینی بلگولەشدە هم معلملەرنك شو
خیل خدمت تاریخی ، اوزون ییللق خد
مت اونومیگە ایگە بولوشی نظردە تو
تولسون . بوخیل چارە شونداق بلگو
لەنسونکی ، اونی ، معارف نظارتیداکی
آدم یوتکەلیشلەر اوزگرتە آلماسون ،
سیاستداکی داوولغولارتبریتە آلماسون .
معارف نظارتیداکی عرقداشلاردن ، تصا
دفی میدانغا چقغان بیوك ایشلەرنی حل
قیلغان روح بلەن بوخیل وقت طلب قی
لادورغان ، نتیجەسی بیردن کورونمەسە
مو ، کیلەچەکی بیوك بولغان ایشلارغا
هم وقت آیریب عملی چارەلەر کوروشی
گە اشانامز .

## تقدیرلەنگەن اوقوللاریمز

معارف وزارتی اولکەمزنك نمونە
لك اوقوللارینی تکشورمەك بولغاندا
معارف نظارتی اولکەلك برنجی دارالم
علمین بلەن کاشغر اورتا اوقولینی مع
لوم قیلغان ایدی . آلنغان خبرگە کورە
کاشغر اورتا اوقولی اولکە بویچە
نمونە اوقول تانولغان . مکافات اوچون
2000 دوللار آلتون آقچا بیریلگەن .
معارف نظارتی بو پولنی کاشغر اورتا
اوقولیغا یوللاب بریمیشدور .

# اچکی و تاشقی خبرلەر

(16 - دیکابر رادیئو خبرلەری)

## اچکی سوقوش وضعیتی

کابول - مرکزی حکومت عسکرله
ری بلەن چین قوممونستلاری آراسید
داکی سوقوش دوامقیلماقدادور. قوممو
نستلار قانال بوییدا نانکیندن 60کیلو
میتر، جیجاڭدن 70 کیلومیتر یرنی،
آلغانینی دعوا قیلدی. قوممونست پار
تیزانلاری تونوگون نانکیننڭ 25 میل
شیمالیداکی تمور یولنی بوزدی و یاڭ
زی دریاسیدن 15 میل یرده قوممو
نستلارنڭ ایزچی عسکرلەری. کوروز
مەکدەدور. پیکندن 4 میل یراقلقدا
سوقوش قاتتق دوام قیلماقدادور. سو
شندە قوممونستلار طرفیدن محاصره
قیلنغانلارغا اوچقو آرقالق اوزوق
ییتشتورولوب بریلمەکده، یاڭزیننڭ شیما
لیداکی استحکاملاردا و تنزیننڭ شمالی
داکی مرکز عسکرلەری مدافعەگه ها
ضرلق کورمەکدەدور.

پاکستان - قوممونستلار پیکیننڭ
شیمالیداکی هوا میدانینی آلدی و خاذ
کو و مانگولڭ تمور یولیداقوممونست
پارتیزانلاری پیدا بولوب قالدی. 15
کوندن بری قوممونستلار چیننی محا
صره قیلماقدادور.

آنقره - پیکنده 15 کیلومیتر غرب
ده بولغان اسکی خانلق سرایغاچه کل
گەن قوممونستلار قاتتق سوقوشدن
سوڭره چکیلدی و تیگشاوغاچه بولغان
قوممونست اورونلاری بومباردامان
قیلندی.

## امریقان یاردمی اوچون مراجعتلەر

پاریس - آمریقان یاردمینی قازان
ماق مقصدی بلەن آمریقاغا سفر قیل
غان جیاڭ خانم ئونایتید پریسدن جیاڭ
کەیشیگە «آمریقا یاردمیده امید یوق
سیز آمریقا کلیڭ» دیب تلغرام بریمیش
و جیاڭ کەیشی رد قیلمشدور.

آنقره - آمریقاداکی چین بیوك
ألچیسی توب - توغرا آمریقان قوز
غوسیگە مراجعت قیلب یاردم سورادی.
اگر چیننی قوممونستلار استیلا قیلغان
تقدیرده، آسیا و آوروپانڭ مقدراتی
ساویت استیلاسیدن اوزاق قالمایدور
غانلقینی اونڭ اوچون درحال بونڭ
آلدینی آلیشنڭ ایجاب قیلغانلقینی سوز
لەدی. خارجیه وزیا آق سرای واسطه
سی بلەن بولماسدن توب - توغرا کونز
غوەگه مراجعت قیلماق آمریقا تاریخیدا
برنجی قاتیم کورولمەکدەدور.

پاریس - قانون پالاتاسی اعضالا
ری مارشال غا چین قوممونستلا
رینی قطعی یوقاتقودەك بیر یاردم برشی
نی سوراب مراجعت قیلغان. حاضر
چیننڭ هر ساحەدەکیلەری آمریقان یار
دمینی تورت کوز بلەن کوتمەکده. گرچه
آمریقا چینغا بورونقی پلان بوییچه یار
دم بریب تورغان بولسامو، لکین یا
ڭیدن قیلنادورغان یاردم حقیده تخی
بیر قرارنڭ چیقاریلغانی یوقدور.

## کابینه تشکیلیده

آنقره - روسیه اصل اویونینی
غربدم اینمەس چینده اوینماقدادور.
قوممونستلار پایتختنی آلسامو، اچکی
سوقوش یللارچه دوام أتکوسیدور.
چونکه تورت یوز ملیون اهالینڭ منتظم
بیر حکومت آستیغا کیریشی قییندور.

کابینه تشکیلیگه قاتتق بریلگەن
سوڭکو افندی بو یولدا موفق بولا
آلمادی. بونڭ سببی رئیس جمهور
جاڭ کەیشی نڭ قوممونستلار بلەن آڭ
لاشماققا یول قویماغانلقیدندور. اما
بعضی اخبارانلاردن نشر قیلنغان خبر
لەرگه کوره چینده قوممونستلارنی قاذ
ناشتوروب حکومت قوروشنڭ احتمالی
باردور. حاضر جاڭ کەیشی نڭ یاقین
آدملەرینڭ کوپی مرکزدن اوزاقلاشماقدادور.

## شانخەیده امریقا عسکرلەری

کابول - 700 آمریقان عسکری
مرکزی حکومتنڭ اذنی بلەن چیڭ
داودن حربی کیمەسیگه اولتوروب شاذ
خەیگه یوردی. بودگز، پیادەتابوری شاذ
خایدا اغتشاش چیقب قالغانتقدیرده اوز
تبعەلەرینی محافظه قیلغوسیدور.

## ایندونیزیا مسئلەسی

کابول - ایندونیزیا وکیلی ایندو
نیزیا مسئلەسینی مجلسده مذاکره قیلد
نی طلب قیلدی. فقط ایندونیزیا و
هوللاندا آراسیدا مذاکره باشلاشقا
امکان یوقدور. بالعکس چوڭ سوقوش
نڭ باشلانیشی یاقیندور. بیرلەشکەن
لەر کوموسیونی هوللاندانڭ اوزبچه
ایندونیزیادا بیرلەشکەن دولت قوروش
قراریغا ناراضیلق بیلدوردی.

## یونانستاندا

آتینا - واشنغتوندن بیلدورولگه
نیگه کوره، بیرلەشیك آمریقا حکومتی
یونانستاننڭ شیمالی اولکەلەری اوستیده
کی عسکری ایشلەرینی قوتلەندورمەك
نیتیدەدور.

آنقره - آتینا آمریقا حربیەوزیری
رویال بوگون اوچقو بلەن آسیاغا کل
دی. سوپولس و قالداس بلەن مذا
کرەلەرده بولوندی. بو آقشام قرال پا
ول بلەن کوروشکوسیدور.

## قوممونیزیمگەقارشی بیرصف

پاکستان - هند چینده فرانسەقوممو
نستلاری اوز موقعلەرینی ساقلاماقدا
دور. ایندونیزیا، مالایا، هندستان، پاک
ستان، افغانستان و باشقا آسیا مملکتل
رینڭ خلقی قوممونستلارغا قارشی آگاه
دور.

آنقره - آمریقانڭ 49 - ییللق
پلانی 1 - روسیه بلەن مذاکرەدن واز
کچمەك، چین، یونان و برلین مسئل
لەری حقیده روسقا قارشی جبهه آلماق
روسگه قارشی بولغان ملتلەر بلەن
بیرلکلەر قورماق، دنیاغا اقتصادی یار
دم بلەن قوممونستلقدن اوزاقلاشتور
ماقدن عبارتدور.

## فلسطین مسئلەسی

آنقره - عربلەر تنجلق مجلسیننڭ
بتون قرارلارینی رد قیلشقا قرار بردی
قرال عبدالله اوزینی فلسطین قرالی
اعلان قیلماقچی بولسامو بوڭا عرب
بیرلکیننڭ موافقیتینی آلماق امیدیدەدور.
عرب بیرلکی کلەچەك هفته قاهرەده قو
رولتای آچقاندن کیین موافقیتی و نا
خالفی معلوم بولغوسیدور.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



( باشی 2 - بتده )

پاریس - اوردون چیگراسیغا یهودیلارنڭ مجوعینی آراچی نظارتچیلەر تکشورمەکده دور . اوردوننڭ یهودیلەر بلەن معاهده امضا قیلماقچی بولغان تیل الیب خبرینی اوردوننڭ قاهره سفیری یالغانلادی . قاهرەده بیر یهودی محله سیدن کوب میلتیق 40 تاپانچا ، 3 پو لیموت و اوچقوچ ینکل تاختالاری و 1، قول بومباسی تاپیلدی و کوب صهیونیلەر توتولدی، تحقیقات دوام اتمەکده دور.

شترق ملك عبدالله بلەن هر بیر مذاکره و معاهده قیلنسا راضی ایمەس ایکەنلکینی اعلان قیلدی. فقط عبدالله بلەن یهودیلەر آراسیدا بیر صلح مذاکرەسی حرارت بلەن دوام اتمەکده دور.

اوردون ملت مجلسی فلسطیننی اوردونغا الحاق اتمەکنی تصدیقلادی. لکین مصر و سوریەنڭ قارشیلغی بوزیدن هاتیندا ممکین بولماسا کرەك . اوردون و عراق عسکرلەری اشغاللاری آستیداکی یرلەرده اوردون مأمورلاری یرلەشتورولمەکده دور. بوڭا کوره بیر ... ن الحاق قرارینی وجودقا کلتورمەک دو... ر .

کابل - ابن سعود عبدالله غا مک... ب یازیب فلسطیننڭ الحاقینی تونو... سلقینی بیلدوردی . رایلی مصر کتە... لەری بلەن فرەده مذاکره باشلادی . کیین یهودیلەر بلەن کوروشکوسی . عرب بیرلکی عماننڭ فلسطیننی الحاقی حقیده تدقیق قیلغوسیدور.

پاریس - تنجلی مجلسی أرته شا بو سرایدا فلسطین مسئلەسی حقیده مذاکره قیلغوسی .

** ( *** ) **

## کشمیرده بومبار دامان

بوگون 20 هند اوچقوسی آزاد کشمیرنی بومبالادی . بو بومبارد ماندا کوب شهر خلقی و مهاجرلار شهید بولدی .

یورالمساغ „ کشمیر مسلمانلارینڭ یورتیدور. اگر هندستان اوزینڭ استیلاحیلق حرکتیگه دوام قیلسا ، افغان ملتی، کشمیر مسلمانلارینڭ یاردمیگه کلگوسیدور " دیدی .

# اولکه و شهر خبرلەری

( چینی تورکستان آژانسی و اوزەل مخابرلەریمزدن )

## تشویقات هیئتینڭ بیر تشبثی

تشویقات هیئتی گرامافون تخسەسی ایشلەش و رسملك مجموعەلەر چیقاریش مقصدی بلەن ولایتلەرداکی یاشلارنڭ اجتماعی خذمت یورتلاری، غزته خانه شعبەلەریگه بیر اوختوروش چیقاریب خلقنڭ ملی غزللەری اوز حیاتینی، حس و تویغولارینی ترنم قیلغان زاخشالاری حکایەلەر ، چوچەکلەر، آتا سوزلەری، لطیفەلەر کبی نرسەلەرنڭ ایبریلیشینی اختار قیلغان ایدی .

آڭلاشیمزچه بو تورلك نرسەلەرنی، تاریخی، کیلب چیقشی توغرالق تفسیلی بیر بیانات بلەن ایبریلیشینی و هر ملتنڭ یونکدن واقف منورلەرینڭ بوحقده کی نرسەلەرنی بیر مکتوب آرقالق یوللاشینی هم قارشی آلغوسیدور.

## صنعت اوەکی یارکندگه بارماقچی

صنعت اوەکی کاشغرگه یتیب بارغاندن بیری گوزەل صنعتلەرینی صحنەلەرده جاری قیلب خلقنڭ روحینی کوتەرمەکده دور. تشویقات هیئتینڭ التماسیغا بناءً لاوازیمات ادارەسی 50 کشیلك پاختالق کییم ، جووا و پیمالەر عاریتکه برمەکچی بولغان . آڭلاشیمزچه صنعت اوەکی بو کییم - کیچەکلەرنی تاپشوروب آلیش بلەن، اوزوندن بیری ملی صنعتیمزنڭ الڭ قیمتلك نمونەلەرینی کوروش آرضوسینی تاشیب کلگەن اوزاقداکی قرداشلاریمزنی بو آرضوسیغا یتکوزوش مقصدی بلەن یارکندگه حرکت قیلغوسیدور .

## بیر فعالیت نتیجەسی

کمبغللەر اوچون کییم توپلاش حرکتی بوگون آیاقلاشقان . بیر وضعیت عرض اتمەکده دور. بو اعانه هیئتی بیر قانچه کونلەردن بیری توپلانغان اعانەلەرنی تاپشوروب آلغان . 1 نجی اورتا اوقول اعانه گروپپاسی تقریبا 210,000,000 دوللار ، چوڭ کوب روڭ ایلك اوقول گروپپاسی 7 دانه پاختالق کییم ، 2 جووا ، 12 دانه پیما 6 دانه قولاقچا ، یوز جاڭ اون ، 3,034,110,000 دوللار پول تاپشورغان . کوبلك و قیمت اعتباری ایله چوڭ کوبروك ایلك اوقولی باشقا گروپپالاردن ایلگری کلگەن .

آلغان رسمی خبریمزگه کوره ، اعانه هیئتینڭ تقسیم گروپپاسی هر بیر رایون و هر بیر محللەگه باریب کمبغل عائلەلارنی تکشورمەکچی و اعانه یغیش حرکتی بوتونلەی آیاقلاشقان همان علادار اورونلار بلەن بیرلکده بو توپلانغان نرسه ، کرەکلەر کمبغللەرگه تارقاتیلب بیریلمەکچی .

*** * XXX * ***

## بیر - بیر ارقی دوام قیلغان دەرنەکلەریمز

( کورلا خبری ) کورلا بیلم دەرنەکنڭ 7 نجی اولتورومی 20 - نویابر کوندوز ساعت 12 ده دەرنەك اویده اوتکوزولدی . دوقتور توردی صدیق افندی طبی بیلم اوستیده قونوشما اوتکوزگەندن سوڭ طلعت عبدالله طرفیدن زمین حقیده مذاکره یورگوزولدی .

سوڭره شاعرلار شعرلارینی اوقوشقا باشلادی . شاعر دولانی „ سنڭکی „ رعنا قیز " ، دلشاد „ کورگەنم " ، „ جاناناڭ قینی ؟ " ع . جمال „ بازاردا " ، ج . اسماعیل „ معارف " ، „ خماریم بار " ناملق شعرلارینی اوقوب اوتکەندن سوڭ حکمتلك سوزلەر سوزلەنیب ، نغمه - نوا باشلاندی . اصوللار اوینالدی .

رەتدەکی مسئلەلەر کورلگەندن سوڭ حاضرلانغان یمەکلەر یلب ساعت 4 ده کوڭوللك حالدا تاقاشدوق . غفورچوڭ

# يورتڭنى سوى

سۆيۆشكە اهليتىڭ بارمو؟ سۆيمەك ايستەمسن؟ سوى! هر گوزل نرسەنى سوى، تويغونچە، قانغونچە سوى! سويوش اوچون مفكورە ايزلەمەڭ، اوستيدە و آستيدا باشاغان، سويينى ايچكەن، توپاسينى أمگەن يورتڭنى سوى! كوز بلەن كورونگەن، قول بلەن توتولغان، گللەنيشى اوز قولڭدا بولغان تورك يورتينى سوى! خيالى، اعتبارسز، فانتەزى مفكورەلەرگە عاشق بولما! يالغانغا ايشەنمە، حقيقتكە تايان! أى يگيت، بو توپراقنىڭ آدمى ايكەنلىگىڭنى هيچ اونوتما! يورتڭنى سوى!

يورت هر نرسەدن اوستون كوچلۈك بير شعوردور. وطن سوزينى سوزلەگەن، ايشتكەن، وطننى اويلاغان هامان، هيچ قاچان طاقت قيلاآلمايمز. اويغانامز، تيترەيمز؛ قيميرلايمز. ايچيمزدە تاتلق بير هيجان توغولار. بو هيجان باشقا بير هيجان ايمەسدور. توشلەر بلەن، اميدلەر بلەن، اضطرابلار بلەن بيردور. بو هيجان، هيجان حاليدا، جانلق بولغاندا تحليل قيلنغالى بولماس. سوز بلەن آڭلاتقالى بولماس، اورژينال بير حالدور. براق عقل تورماس، بيلمەك ايستەر. كائيناتنى، اللەنى، بوروننى، كيينى بيلمەك ايستەگەنيدەك وطننى هم بيلمەك ايستەر. بونى بيلدوروشكە كيريشەيلى.

يورت ديگەن هامان، أسيمزگە بير توپراق پارچەسى، جغرافى بير اولكە كيلەدور. بلگوللۈك بير چك آرا ايچيدە قالغان تاغلار، دريالار، يايلاقلار، اوولار، ملى تورلۈك طبيعت منظرەلەرى، اوزيگە توشلوق گوزللكى و چوگلقى بولغان بير توپراق پارچەسى. بولارنىڭ هەممەسينى بير مادە موضوعى، بير جغرافيە و ژيئولوژى مسئلەسيدەك بيلەمز. براق بولارنىڭ هيچ بريدە وطن هيجانينى تاپالمايمز. شونىڭ اوچون وطننىڭ بير توپراق پارچەسيدن ايمەسلكيگە، وطننىڭ فزيك عالەمينى آشقانلقيغا ايشەنەمز.

يورت، بو توپراق اوستيدە بز نفس آلغان هوا، بز ايچگەن سو، بز ييگەن بغداى و باشقالار ايمەسمو؟ وطن بتون بارلقيمزنى بغلغان آنا قايناقمودور؟ يوق، يورت فكرى منفعت، ايشلەپچيقاريش، بخت، سعادت، تصرف توشەنچەلەريگە يات بير نرسە! يورت، تورماسدن سومورولەدورغان بير نرسە ايمەس، يوليدا جان فدا قيلنادورغان مقدس، اوستون، معنوى بير اولكەدور.

يورت، سعادتيدن كوپراق، قايغولارينى ييگەن، يوليدا اوزيمزنىڭ بتون بارلقيمزنى كوزگە ايلماغان بير مفكورەگە اوخشايدور. يورت بير مفكورەمودور؟

يورتنى اوزەمدن، ملى، انانى شخصيتمدن، توتوگونكى كونمدن، بوگونكى كونمدن، أرتەگى كونمدن آيريلغان هامان، وطننى اوزەمدن، اخلاقى، معنوى حياتمدن، ارادەمدن، ايدەئالمدن آيريم بير توپراق، جانسز بولغان بير نرسەدەك كورگەن هامان نيمە اوچوندور، توشونەآلمايمن. يورت منمو من وطنمو؟ اويلايمن، اويلايمن. آخرى „دوروست“ دەيمن. او حالدا مندەگى بو توغماقلق نەدن كيلەدور، دەيمن. مادى، عضوى، روحى بارلغمدنمو؟ يوق! اويلايمن: من يالغوز ايمەسمن. من بير ايمەسمن. باشقالار هم بار. خودى مڭا اوخشاش باشقالار هم بار بو باشقالار كيملەردور؟

بو باشقالار هم خودى مڭا اوخشاش گوشت و سوگەكدن عبارت عضوى. فيزيولوژى قانونلاريغا، روحى فيسكولوژيك ايزترارلاريغا باغلق و قول بولغان قانيلار توركوميدور. من وطننىڭ اللهى مقدسلكيگە منبع بولاآلماسام، باشقالارنىڭ يكونى، حاصلى، جمعى نەدن بولسون؟ قايسى معجزە بو امتيازلارنى اولارغا برەآلسون؟ وطن مندن عبارت ايمەس، مڭا اوخشاش باشقالاردن هم عبارت بولاآلماس. اونداق بولساسر نە بردە؟ كورەمن و ايشنەمەنكە سرمنىڭ و باشقالارنىڭ، بوگون ياشاغان و توتوگون ياشاغان كيشيلەرنىڭ ياراتقان معنوى قيمتلەريدەدور. تورك يورتى باردور؛ زرا تورك الينىڭ تاريخيدا كوبلەگەن انسان قيمتلەرى باردور: تيلمز، تورەمز، صنعتيمز، فلسفەمز، سعادت و فلاكتنى توبوشيمز، توغرالق، ياخشلق و گوزللك آڭلاريمز، يارانقانلاريمز، بالالاريمزغا و بتون انسانلارغا اورگەتكەنلەريمز قيمتلەر! يورت بير خيال ايمەس، بير حقيقتدور. چونكە حقيقتدن بير قيمت و وجدان قاينىغى بولوب بز توركلەر بارمز.

يورت آنىنى ياخشيراق سينچليغان زمان، بونىڭ ايچيدە يالغوز توتوگون حقيقتكە آيلانغان قيمتلەرنيلا ايمەس، أرتە هم حقيقتكە آيلادورغان قيمتلەر نيمو تاپامز. يورت، ملى بارلقيمزنىڭ يالغوز اوتموشى ايمەس، هم دە كلەچەگيدور. يورت، بونىڭ سايەسيدە بز بار بولدوق، بونىڭ سايەسيدە بز قالدوق، اونىڭ سايەسيدە بز ياڭى اوزلكيمزگە ييتشەمز. وطن بتون بارلقيدا ألك يوكسەك، مقدس بولغان بير نرسەدور، وطن مقدسدور.

## تورك بيوكلەرى و تورك اتلارى

№5

### ا - لئا ا

آقابيق - (خاتون) تيمور كوركاننىڭ قيزلاريدندور. امير موسىنىڭ اوغليغا تككەن.

آقاتاى - 1) اسكى تورك أركەك آتلاريدندور.

2) قيپچاق كون اوردا خانلاريدن آموناقنىڭ اوغليدور. خانلقى باردور.

آق آى - (خاتون) يەنيسەى مثللەە - آتى كچكەن بير قيزدور.

آق بابا - خواريزم خانلاريدن آقاتاينىڭ بير نبرەسى.

آقباچى - اورتا آسيا خانلاريدندور. 1452 - ميلاديدا خانلق سورگەن.

آقباليق - ايراندا حكومت سورگەن آققويونلق بكلەريدندور.

آقباش - نوغاى خانلاريدن اسماعلنىڭ قرداشى

آقباى - مصر تورك دولەمەنلەريدن ايدى. قان باى بلەن بيرلكدە مصوپادشاهيغا قارشى باش كوتەرگەن.

آق بيبق - فاتح زمانەسيدە تانولغان ايرەنلەردندور. استانبولنى آلنغاندا تاپلغان ايمش. حاضر استانبولدا بير ير بونىڭ اسمى بلەن آتالماقدا.

آدريس:
اورومچى يانغاق
التاى كوچاسى نومرى 13 التاى نشريات ادارەسى

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز توركستاندور

تلده ، اشده ، فکرده ، برلك !

# أرك

مدیر : عیسی الب تکین
باش محرر : م . ا . بوغرا

صفر 23 - ١٣٦٨
دیکابر 22 . ییل 1948

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

230 - سان | چهارشنبه | قمتی : آیلقی - شهرگه 800000 اولکه دوللاری


# خلقنی اونوتدوق ، خلققه توغرا کته‌یلی !

غزته‌مز بیر مدت « توتقان یولوك
حق بولسـون ، بوله‌نچوكوك خلق بول
سون ، حق قونس اوستون ، خلق حکو
متدن اوستون » دیگه‌ن أڭ توغرا و
اڭ اویغون بیر شـعار آستیدا نشـر
قیلنغان ایدی . فقط بو شعارنڭ افکار
عامه مزده نه قدر هیجان توغدورغانلقی
نی تام معناسی بله‌ن قید قیلا آلمایمز .
واقعا ، هر طرفده ، هرکیم طرفیدن یاخ
شی قارشیلانغاندور . چونکه « خلقچی
لق » دءب هر یرده بیر آواز ایشتمه‌ک
ده بولغان بوگونکی کونیمزده « خلق «
نامی هر نرسه‌دن مقدسدور ، هر نرسه
دن قوراللدور . بیر زمان توركستانلقنڭ
ایکه‌وملی حرکتیگه ، هر ایسته‌کیگه أرکینه
کیشیله‌یه‌ن ، حریت بله‌ن جواب بریلیشیگه
امکانیرا کلگه‌نلکی حس قیلنغاندن بیری
استعمالا « خلقچیلق » دیگه‌ن بیر شعار
اشقا باشلادی . محترم گنرال جانگجی
افندی طرفیدن قبول قیلنغان بو
« خلقچیلق » ، غولجالق قوزغولانچیلار
ایندونیدن قارشی آلنغانیده‌ك ، هر طرفده
زور سوینچ ایچیده استقبال قیلندی .
بتمدن سوگره ، خلقنڭ باشیدا قامچا
اوینیتقان مستبدله‌رمو ، هر قدمده ، هر
یرده « خلقچیلق » سوزینی تکرارلا
باشلادی . « خلقچیلققا قارشی چقدڭ ،
خلقچیلقنی بوزدوڭ » دیگه‌ن اتهام بله‌ن
خواهلاغان آدمینی سولا آلدی ، خواهلا
غان آدمینی اورا آلدی . مسـعود بك
بری اولکه رئیسلکیگه تعیین قیلینار
بز التماس کاشغرده ، کاشغر کهنه شهرده
ملار قیلغان ، شهریمزده تشویق ور
ی نشر قیلغان بعضی عنصرله‌رمو
دن اول « خلقچیلق بولمادی ، ایش
خلقچیلق بله‌ن بولسون » دیگه‌ن بهانه
جبه ایلگری سوردی . قسقاچه‌سی هرکیم

نڭ آغزیدا - میلی مستبد بولسون ،
میلی مظلوم بولسون - همه‌سینڭ آغزی
دا قرقمینر اولاراق « خلقچیلق » سو
زی تکرارلانغانی حالدا بو « خلقچی
لق » نڭ مفهومینی ، ماهیتینی ، توغرا
سی معناسینی هر کیم ، هرخیل آڭلا
دی و حلا شونداقدور . امدی ، اوزینڭ
اسمی بره‌ر سیاسی قورال بولماقدا بول
غان خلق نه یرده ایدی و توشه‌نچه‌سی
نیمه ده ایدی ؟ خلق ، اوز فکریده
خلقچیلققا قانداق تعبیر بره‌ر ایدی ؟
مڭا قالسا بو « خلقچیلق » قا معنا و
تعبیر برمه‌ك حقنی یالغوز و آنجاق خلق
نڭدور . شونڭ اوچوندورکه « خلقچی
لق » نی توغرا معناسی بله‌ن آڭلاماق
اوچون ، خلققه یاقینلاشماق ، خلقنڭ فس
غولوژی و سوسیولوژیسینی تدقیق
قیلماق لازیم ایدی !

یالغوز سیاسته‌ده‌لا ایمه‌س ، حتی
علمده و بلکه هر ایشده خلققه قاراب
ماڭماق ضروریدور . معارف ، مدنیت
دعواسینی قیلامز بو هم خلققه باغلق
دور . ترقیات غایه‌سیده‌مز . بو هم خلق
نڭ کوچیگه ، رغبتیگه علاقه‌دار دور . بو
گون خلق یاشاشنی ، توقچیلقنی ، سیا
سی ویا اقتصادی آغیرچیلقنی تفکر قی
لار ایکه‌ن ، بیز دائما بایقی غایه‌مزنی
کابینه‌مزده ویا خیالیمزدا تصویر قیلساق ،
شبهه سز یاڭیلامز . اونڭ اوچون هم
خلققه توغرا کته‌یلی ، اونڭ تفکر قیل
غان آرضو قیلغان نرسه‌سینی اورگو
نه‌یلی . سوگره بیر حکم برگولوك !

1 - خلقدن حرثی بیر تربیه
آلماق اوچون خلققه توغرا کته‌یلی .

2 - خلققه مدنیت کلتورمه‌ك او
چون توغرا کته‌یلی .

## شکر فابریقاسینڭ هسله‌بکی حصولی

تعمیرات نظارتی قارماغیدا شکر
فابریقاسی قناعتلینه‌رلك تجربه‌دن سوگره
هرکون 600 جیڭ خام آختورمادن 60
جیڭ شکر ایشله‌مه‌کده . قارا و قیزیل
توسده بولغان بو شکر بیر آز سوزول
دورولگه‌ندن سوڭ آققا آیلانور ایکه‌ن .

دهقانلارنی اوزیگه جلب قیلماق
ایسته‌کیده بولغان بو شکر فابریقاسی ،
اولارغا کوبراق آختورما ، شکر قوناق
تریشنی و یتیشتوروشینی توصیه
ایته‌دور .

*** ــ * (***) * ــ ***

## دارالایتامنڭ تأمینات مسئله‌سی

اورومچی دارالایتامیداکی اوقوغو
چی و اوقونقوچی بولوب 8 کشینڭ
تأمیناتینی قامداش توغراسیدا معارف
نظارتی اولکه‌لك حکومتکه التماس
قیلغان .

* ــ * (***) * ــ *

## ارا توركده معارف

قومول آرا تورك ناحیه‌سینڭ معا
رفی قالاق بولغانی حالدا ، یرلکله‌رنڭ
بالالارینی خصوصی عائله ایشله‌ریگه سا
لیب مکتبکه برمه‌سلکله‌ری تولایسی
بله‌ن حاکم اداره‌سی یرلك معتبرله‌ر بله‌ن
بیرلکده بیر قونوشما اوتکوزوب ، معا
رف ایشله‌ریگه اهمیت بریش توغراسی
دا مصلحتله‌ر قیلشقان .

بناءً علیه ، آرا تورکده حاضر معارف
ایشله‌ری قیزغین صورتده قانات یایشقا
باشلاغان و حاکم اداره‌سی بو بیوك
خدمتدن تولایی تقدیرگه ایگه بولغان .

# اولكه و شهر خبرلەری

( چينى توركستان آژانسى و اوزەل مخابرلەريمزدن )

## علم دەرنەكينىڭ ١٦ نجى نوبتى اوزدو رولدى

عادتدەكى علم دەرنەكينىڭ 16 نجى نوبتى رئيس مسعود صبرى ، بورهان افندى، محمد امين بك افندى، عيسى افندى، ساليس افندى، دلل قان حاجى قتارلق تورك ضيالىلارى، تورك أر ـ عيال ياشلارى بولوب 400 دن اوشوق كشينىڭ اشتراكى بلەن 18 نجى ديكابر كچ بلەن قازاق، قيرغيز قلوبيدا اوزدو رولمشدور .

مجلس رئيسى پولاد افندى قادرى مجلس آچيقلقينى اعلان قيلغاندن سوڭ تكليف بلەن رئيس مسعود صبرى „ سفليس " كسيلى حقيدە قونفرانس بيريب، خلقيمز ايچيگە اڭ كوب تارال غان سفليس كسلينىڭ خلقيمزغا برە دور غان زيانى اونڭدن ساقلانيش چارەلەرى اوستيدە بيرساعت مقدارى تفصيلى تو شەنچە بريب اوتدى . محمد امين بك ، عبدالعزيز مخدوم قتارلقلار توشەنچە لەرينى اظهار قيلب اوتكەندن سوڭ شعرلەر بابيدا ياش شاعرلاريمزدن او غور عاديل، ك . اكرمى، ع . جوشقون رسالت حسنى، الماس، برات روزى، موسى قربان، آيم توردى، عبدالرشيد، عبدالفتاح لەر اوز ايجادى شعرلارينى اوقوب اوتدى .

تقدير تنقيد بابيدا ؛ 13 ـ 14 ـ دەرنەكدە شعر يازغان شاعرلاريمزدن برات روزى بير قلم بير گالستوك، رسا لت خانم بير قلم بير گالستوك، محمود اكبرى بير قلم ، اوغور عاديل بير بلباغ بلەن مكافاتلانيب كوپچولك طرفيدن آلقيشلاندى .

كوڭل آچيش بابيدا ؛ تورك اوزبك اويوشما موسيقاچيلاريدن سعيد نياز افندى، حسين رحمى، عيسى آكا، ظفر عبدالله قارى، عشور عبدالولى، كريم ثابت افنديلەرنىڭ گوزەل موسيقالارى قازاق يگتلەرى و خانم قيزلارينىڭ چراي لق دومبرالەرى بلەن اولەڭ لەرى و اورتا اوقول قيزلارى طرفيدن تورلى اوسول ناخشالەر بولوندى .

چاقچاق لطائفلەر بابيدا ؛ پولاد قا درى، عبدالله نعمانى، عبدالعزيز مخ دوم ، ثابت قاريلەر طرفيدن گوزەل چاقچاقلار بولوندى .

أركين فكرلەر بابيدا ؛ فكر بولما غانلقدن ، ساعت 12 دە دەرنەكداشلار بير بيرلەرى بلەن خيرلەشيب قايتشـ ديلەر .

( دەرنەكيمزنىڭ كوڭل آچيش بابينىڭ مسئوللوقينى آلغان صنعت اومكى جنوب قا كتكەندن كيين تورك اوز بك اويوش ماسينىڭ يوقاريدا ذكر قيلنغان موسيقا چيلارى دەرنەكيمزگە اشتراك قيلب، با قيندن ياردمدە بولوب كلدى . آنڭ او چون رئيس فتاح افندى و موسيقاچيلار غا بك كوب تشكرلاريمزنى سونامز .

**—( *** )—**

## خوتندە كلڭ توردە باغچەچيلق و اورمانچيلق

خوتندە كومور بولماغانلقدن بوگون گە قدر آهالى دل ـ درختلەرنى يانقيب كلگەن ايدى . فقط سوڭ ييللار ايچيدە نفوسينىڭ كوپويوشى، يانقيش اشيالارينىڭ يتيشمەسلكيدن ولايى والى محكمەسى كلڭ كولەمدە درخت تيكشنىڭ ضروريتينى سزيب، تولوق بير پلان حاضرلامشدور. بو پلانغا كورە ، مركزى خدمت شو لار دور :

1 ـ هر كنت بوينچە امكان قدر اوژمە و باشقا درختلەر تيكيب ، باغچە لقنى رواجلاندورماق .

2 ـ هر رايون بويچە دهقان ، اورمانچيلق ايشلەرينى كوچەيتمەك .

3 ـ ييزا و كنت بگلەرينىڭ مسئو ليتى آستيدا بو ايشقا خلقنى شوقلان دورماق .

4 ـ اورمانچيلق چارەلەرينى تو زوب چقيش، درخت اوسومينى تأمين قيلماق .

## طب ساحەسيدەكيلەر سناش

بلديە طب ساحەسيدەكيلەر عمومى بير سناش اوتكوزگەند اقتدارغا ايگە بولغوچيلارغا بير نامە برمەكچى و بوسناشدا قبول كو مەگەنلەر و قوليدا صلاحيتنامەسى غانلار بوساحەدە ايش كورە آلماغوسيدور .

## چينلق اقارتش اويوشما سينىڭ تشبثيدن سوڭرە

چينلق آقارتيش اويوشماسى طرفي دن ملتداش كمبغللەرنى قيش عذابي دن قورتقازيش حركتى باشلانغان بيرى بيوك نتيجەلەر قولغا كلتورو دە و بو تشبثنىڭ كلڭ دائرە دە يورو گەنلكى و اوز ملتداشلارينىڭ ايچيد كمبغللەرنى قورتقازيشنىڭ مهم ايكەن اوچوندورگە هر كينو و اويون خان قيزغينلق بلەن ياردم كورسەتمەكدە و ضر بويرلەردن ييغيلغان اعانەنىڭ مقدار: 2 مليارد 300 مليوندن آشماقدا

## توركيەگە اوقوغوچى ايب ريش مسئلەسى

اولكەلك حكومت طرفيدن توركستاندا اورتا اوقولدن يوقار مكتبنىڭ مأ زونى بولغان ياشلار نفرينى توركيەگە اوقوشقا چيقا التماس قيلب يوقاريغا بير التما دورولگەنلكى توغراسيدا بو رون بير خبر نشر قيلغان ايدو

سوڭ بير خبرگە كورە ، مأمور پالاتانڭ 28 نجى سانلق بير مجلسيد خارجغا اوقوغوچى سياحلار چقاريشنڭ حاضرچە ممكين ايمەسلكيگە دائر م گە بنأ اولكەمزدن توركيەگە اوقوغو چى ايبەريش مسئلەسيمو حاضرچە كيين گە سورولگەن ايمش .

## سو عافتى

شهيار ناحيەسيدە سو تاشب، خل نورغون زراعتلەرى، اوى عمارتل و كوچار يولينى باسيب كتكەن . بولار قايتادن اصلاح قيلنماقدا بول سو عافتيگە اوچراغان خلقنڭ راق آلماسلق توغراسيدا آشلق ب ماسيغا التماس قيلغان .

# ئچكى و تاشقى خبرلەر

(20 - دیکابر رادیئو خبرلەرى ·)

## ياڭى كابينا تركيبى اعلان قيلنش الديدا

نانكين - ياڭى كابينا قوروش تاپ
شورولغان سوڭكو بوگون 50 دن آر
تۇق اجنبى و چين مخبرلەريگە بير
ضيافت بردى . بو ضيافتدە اعلان قيلشيـ
چە، ياڭى كابينا تركيبيگە كرەچەك كيشيـ
لەر اسملگينى رئيس جمهورغا تاپشور
[illegible] لىاككە بنا ئ ياڭى كابينا معا
[illegible] سوتولگەن تاشقى
ايشلەر باقانلقيغا دوقتور خوشى كور
سەتلمەكچى بولسامو، قبول قيلماغانلقى
اوچون، اوتيەچك قوشومچە آلب بارماق
چى بولدى . اونەن باشقا ولاۋون ناو،
چالاچونلەرمو كابينا تركيبيگە كيرگزول
گەن . سوڭكو افندى ياڭى كابينا سيا
ستى، قوممونستلارغا قارشى اوروشنى غال
بيتكە آلب باريشدن عبارت دب اعلان قيلغان .

## سيل كيسەللەر [illegible] اچقو [illegible]

شانخەى - طب ساحەسيدەكى متە
خصصلەرنڭ اعلان قيلشيچە، شويتسيە
بو وقتقەچە جدى بير علاجى بولما
غان سيل - توبوركيلوز، ياكى اوپكە
كيسەلينڭ داروسى تاپلغان · ن · آ · ق ·
دەب آتالغان بو دارو، آمريقادا تاپلغان
لاتهون ناملق ياڭى داروغا قاراغاندا
كوب اوتوغلق چىققان . آمريقانڭ لاز
شون داروسى اوپكە كيسەليگە اوكول
قيلغاندا، هر اوچ ساعتدە بير دوبتدن
آلتى آى دواملق اوكول قيلش كرەك
ايكەن . بوندا غ بولغاندن كيين كەمبغل
كيشيلەر اوچون بونگدن فائدالانيش
امكانيتى آز . اونڭ اوستيگە بو دارو
استعمال قيلنسا قولاق آرقاسينى قيتشـ
تورادورغان يامان خصلتى هم بار ايكەن .
شويتسيەدە تاپلغان - ن · آ · ق - دارو
سى بير، طرفدن آز استعمال قيلنغاندن
تاشقارى ايشلەتكەن آدمگە هيچ قانداق
يامان تاثيرى يوق ايكەن . شويتسيەدە
بو دارو ايجاد قيلب دوقتورلار طرفيـ
دن 24 توبوركولوز آغرقيغا استعمال
قيلب كورولگەندە 19 كيشينى ساقايتـ
قان . شانخەيدەكى بير آغرق هم بو
دارودن 50 گرامنى شويتسيەدن آلدو
روب استعمال قيلش آرقاسيدا ساقايغان.
حاضر بو دارو تخى كوبلەب ايشلەب
چيقاريلماپدور . چيقاريلغاندا
انسانيت وچون زور بخش بولـ
غوسى .

## ايندونيزيادا اوروش قايتا دوام قيلماقدا

كابول - هوللانديا عسكرلەرى
ايندونيزيا جمهوريتى توپراقيغا قوروغ،
هوا، دينگز قوتلەريدن قورولغان بيولك
عسكرى توركوم بلەن هجوم باشلادى.
نتيجەدە ايندونيزيا جمهوريتى مركزى
بولغان جوكى جاكريتا هوللانديا عسكرى
طرفيدن اشغال قيلندى ايندونيزيا جم
هوريتى حكومتى أسير آلندى . أنگليز
[illegible]زتەلەرى بو مناسبت بلەن يازغان مقا
لەلەرى و يورگوزگەن محاكمەلەريدە هول
لانديانى اوز توختامينى ايكى قاتيم
بزغانلق بلەن عيبلەمەكدە .
بوگون تجلق مجلسى هوللانديا
نڭ ايندونيزيەگە باشلاغان هجومينى
مذاكرە قيلماق اوچون فوق العادە بير
مجلس آچقان ايدى . هوللانديانڭ بير
لەشمە دولتلەردەكى وكيلى؛ بو مجلسـ
نڭ ايندونيزگە قيلنغان هجومنى مذاكرە
قيلشقا حقى يوق ديدى .
هوللاند حربى وزيرى بو هجوم
مناسبتى بلەن قيلغان بيانتيدا، هوللانديا
عسكرلەرينڭ بو نوبتدەكى هجومى
ايندونيزيانڭ استقلال دعواسى قيل
غانلقى اوچون باشلاندى ديدى .

## رور مسئلەسى حقيدە جلس

كابول - لوندوندن خبر قيلشيـ
، أنگلترە، فرانسە، آمريقا هوللاندا
بيقا و ليوكسونبورغدن عبارت بولغان
غرب دولتلرى رور مسئلەسينى مذاكرە
قيلماق اوچون لوندوندا توپـ
لاندى .

## جهانگرلككە قارشى جمعيتنڭ طلبى

لوندون - هندستان، پاكستان، سەيـ
لون، ياڭى زيلاند، ليبيا، سودان، كينياو
آلتون قيرغاق مملكتلەرى طرفيدن تشـ
كيل قيلنغان آوروپا جهانگرلكيگە قار
شى تورش قورولتايى تنجلق مجلسيـ
گە ايبەرگەن بير تلغراميدا، بيرلەشمە
دولتلەرنڭ هوللانديانى ايندونيزيەگە
قيلغان تجاوزى اوچون جزالاشينى و
قاماققا آلنغان ايندونيزيە ليدرلەريدن
دوقتور سوكارنو و باشقا جمهوريتچى
وزيرلەرنى قاماقدن قوتقازيشينى اوتوند
دى .

## آمريقا مدافعە باقانى توركيەدە

آنقرە - آمريقا مدافعە باقانى تور
كيەگە زيارت قيلب، آمريقا توركيە مناسـ
بتيدەكى دوستانەلقنى چونقور افادەلەدى.
آنقرە و استانبولدا اجنبى مخبرلەرگە
قيلغان سوزلەريدە: «بوگونكى توركيە
ياقين شرقنڭ عسكرى قوتى ألڭ كوچ
لك بولغان بير دولتدور دەب تكرارلا
دى . توركيە فلسطين مسئلەسينى حل
قيلشدە بير لەشمە دولتلەرنڭ سايلاغان
3 دولتيدن بيرى بولوب توركيەنڭ
خلق آرا اورنى اوسوش بلەن بوسوز
بير وقتدە اعلان قيلنماقدا . بو مداف
عە باقانى آوروپانڭ حل قيلغوچى اهـ
ميتكە ايگە بولغان مملكتلەريدە قيلغان
ايكى هفتەلك سياحت اثناسيدا هيچ
دولت عسكرينى توركيەنيكيدەك مدح
قيلماغان، هيچ دولت عسكرينڭ روحيـ
نى توركيەنڭ عسكرى روحيدەك اوسـ
تون بهالاماغان ايدى .

## دنيابالالارى اوچون خيريت ايشينڭ بيرنمونەسى

عمان - ملتلەر آراسى بالا تربيە
جمعيتى، فلسطيندەكى اوروش آفتيدە
اوى مكانيدن آيريلب تربيەسز قيلغان
عرب بالالارينى قوتقوزوش اوچون اون
ملڭ بالاغا اوچ آى يتكودەك بيمەك ما
دەلەرى ايبەردى . بو ييمەك مادەلەريگە
قوشوب، اوچ يوز بالالق بتون جهازلە
رى و اسبابلەرى، دارولەرى تولوق
بولغان بير دوقتورغا اشيالارى بلەن بير
دوقتور 5 بالاقاراوچى بيرلوازم ايبەردى.

## باش ارگيم سو قورولوشى حقيده

باش أرگيم اوزىنىڭ بو بير اسمى
بلەن جسمى اوزلوگيدىن معلوم بولا
دور . باش أرگيم ديمەك بش أگمە
تاغ ديمەكدور . باش أرگيم سويى و
چوڭ يوليمو بش أگمە بلەن أرگيب
ماگادور . باش أرگيم بولسا كورلا نا
حيەسينىڭ شيمالى طرفيگە اورونلاشقان
تاغ آراسى بولوب كورلا بلەن قاراشهر
نىڭ چيگراسى شوندا آيريلادور . 2 ـ
طرفىن أيتقاندا اولكەمزنىڭ شيمالى ولا
يتلارى بلەن جنوبى ولايتلارى اورتا
سيدىكى بير مهم قاپقا ياكە دربازەدور .
چينچە (تومور دربازە هم ديلور)
باش أرگيم بير چوڭ يول توغانى
بولغانلقيدىن اوندا حكومت طرفىدن قو
يولغان بير بولوم ساقچيلەر و عسكرى
قيسملەر اورونلاشقاندور . باش أرگيمە
نىڭ ايكى طرفى تاغ بلەن اورالغان چوڭ
يول مذكور تاغ تۆبى بلەن سالنغان .
يولنىڭ شرق طرفيدە چوڭ دريا بوپلاب
آقادور . اوتترا وادەلەرى بير قيسم جاگـ
گال بولوب آز قيسمى تيريما ير و
كچيك باغچەلەر اوستورولگەن . باش
أرگيم تاغ و سو قاينامى بولغانلقىدن
بك گوزل محيطدادور . ياز كونى كورلا
خلقى تماشاغە چيقب سەيلە قيلشادور .
بوجاى عشق قربانى «طاهر ـ زوهره»
نىڭ اوتكەن مكانى دەب هم اسلەنەدور .

باش أرگيمدە 20 اويلوك اهالى بو
لوب محللە طريقيدە ياشاماقدا . اولارنىڭ
آساسى معشتى تگورمەنچيلكدور . بوند
دا كوپراق قاراشهر خلقى كيلب اون
تارتب احتياجينى قامدايدور . كورولگەن
ايگز تاغلار قورغاق بولوب كوب مە
داردا تاش كومور آق بور آهاكلار كو
لاب چيقاريلادور . جمهوريتنىڭ 25 ـ
ييلى حكومت طرفىدن «تاش دەن»
ديگەن يرنىڭ آغيزيدىن بير كومور كانى
آچيلغان . بو كومور كان حركتى قارا
شهر بلەن كورلانى كومور بلەن تأمين
قيلب كلمەكدە بولسامو آخرى باريب
كان ايشلەرى خصوصى تجارتكە آيلانـ
غانلقىدن يارا ـ يارا اوز ـ اوزيدىن تار
قالب كتدى . آمدى باش أرگيم سو
آقيمىغا كلسەك ، سو كوچى اولكەمز بويچە
چە برنجى اوروندىكى شاقراتمادور عبا
رتدور . او سولار «باغراش» كوليـ
دىن آقيب چيقب «توغراق كچيگى»
ديگەن يرگەچە غايت آستا آقادور . شوند
دىن باشلاب 15 ميتر يردن پستلكگە
20 يول يردن شدت بلەن آقيب تو
شەدور . بوگونكى كوندە اونگغا زاوود
قوروب سو كوچيدىن فائدالانيش غايت
زور منفعت تأمين قيلادورغانى كبى
يەنە اوڭايلقدور . چونكە برنجيدىن او
نىڭ سويى ايگزدىن پستكە آقادور .
بونى قايتا ياخشيلاب «توغام»
ياسسا يەنە سو شاقراتماسينى حا
صل قيلش ممكين . 2 ـ سو يوللەرى
ساي دوغا اوخشاش قلين تاش بولوب
سيجون بيتون ايشلەتمەيـ . . . سوني
آقيش طرفينى پەردىغا قاراتقالى بولا
دور . اگر بونى باشقا چوڭ سو شاق
راتمالەريگە اوخشاش اصلاح قيلغاندا
يوزمىڭ آت كوچى حاصل قيلش ممكين
اگر بونىڭ بلەن ايلكتريك كوچى حاصل
قيلب شهرنى يوروتوشقا ترغرا كلسە
قاراشهر ولايتينى تنوير قيلالادور .

بو كوچلار بزنىڭ طبيعى حال بو
لوب يورتيمزغا صناعت قوروشنىڭ ألك
آساسيدور . بوگونكى كوندە يورتيمزدا
موندىاق صناعتكە قولايلق شرائطلەر كوب
بولسامو فائدەلەنەلماىوق . سببى :
برنجى اوقو بيلمەن خبرسز قالساقدە ،
ايكـنجى «كشينىڭ اشيغە يورتيمز
دا قولى توگلاغوچى» لەر طرفـدن
اهميت برياممەدى . بو فقط يورت سوەر
باشلقلەريمزنىڭ يورتقا اشچيلق قيلشى
آرقاسيدا هرنە ايشدا آلغا قاراب ترقى
قيلش اوچون ايش غيزدا ايمەس
عمليتدە كورولمەكدەدور . ياقينقى ايكى
ييلدىن بېرى ايشقا آشوولماقدا بولغان
ايشلار خصوصا اولكەمزنىڭ ياڭى قورو
لوش صناعت پلانلارى توزولوب جدى
ايش آلب باريلماقدا يلغانلقى بونىڭ
پولاتدەك دليليدور . ملا اورومچيدە
قورولغان آينەك زاووت ، كسلاتا زاوو
دى تومور زاوودى ، ينە زاوودى و
خولەن كاشغردە ياكيدىن پلاننغا آليتب
قورولماقدا بولغان ماي مال توقوش
كارخانەلەرى بونگغا آيق دليلدور .
شو جملەدە ناحيەمزگە ر بولوم اينجنر
و تخنيكلار يتيب كيلە بلەن ياش أر
گيمگە زاوود قوروشقالان توزومەكـ
دەدور .

اولار حاضر بر شعيقينى تكشو
روب تيارلق قيلماقدا ايكەن . آڭلاشيمز
چە باش أرگيمنىڭ ساقچى بولومى تور
غان اوروندە اون زاوودى ، كرسن او
نيدا ايشلەتەدورغان عراق زاوودى ايلكـ
تريك استانسەلەرى قوروشقا حركت قيل
ماقدادور . ديمەك بو ايشلار يورتيمز
غا صناعت قورولوشينىڭ ايلك [illegible]
بولوب يورتيمز اوچون بيوك بير [illegible]
فعت و ياڭيلق بولغوسيدور . بز ياڭ[illegible]
گى پلاننغا آليب ايشلەمەكدە بولغان باش
أرگيم سو قورولوش پلانينى جان و
يورەكدىن تبريك ايتب اوڭ[illegible] كلەچەك[illegible]
دىن اميدلەر كوتەمز .

غفور چوك

## تورك بيوكلەرى و تورك اتلارى

№6

ا ـ لئا ا

آقبوغا ـ اسكى تورك أركەك آتلاريدىن
دور . قپچاق خانى توقتاميش
نىڭ آدملەريدىندور . توقتاميشـ
نىڭ تيمورلەنك بلەن توقونو
شينى ايستەمەس ايدى .

آق بوغرا ـ اويغور يازولاريدا [illegible]
يكەن بير توركدور .

آق بورى ـ سلجوق بكلەريدىن پورسوق
بكنىڭ اوغليدور

آق بوغا ـ كيهانى خاننىڭ بكلەريدىن ايلقان
بكنىڭ اوغلى . آق بوغانىڭ نبره
سى شيخ حسن ايلقانليلار
حكومتينى قورغان ايدى .

آق جابا ـ ايكنجى بايبارس زمانەسيدە
سوريەدە بير قانچە ايشلەرنى
قيلغان بير توركدور .

آقچاقوجا ـ عثمان غازى زمانەسيدە دالىڭ
قازانغان بير ييگتدور .

آقچورا ـ مناص داستانيدا آتى كچكەن
بير ييگتدور .

آق دەمير ـ عثمان غازىنىڭ [illegible] اوغلى
بير قانچە سفر ، سلجوق
ظانى على الدينگە ألچيلككە
ايبەرگەن ايدى .

آق دولون ـ أسكى تورك أركەك آتلا
ريدندور .

آق خانم ـ (خانون) مناص داستيدا
آتى كچكەن بير قيزدور

آدريس :
اورومچى بلوك
التاى كوچاسى نومرى 13 التاى نشريات اداره‌سى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تلدە، اشدە، فكردە برلك!

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

# أرك

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز توركستاندور

1949 - ييل 1 - غنوار
1368 - صفر 30

مدير: عيسى الب تكين
باش محرر: م. ا. بوغرا

232 - سان — شنبه — قمتى: آيلقى - شهرگە 3000000 اولكە دوللارى

## تاريخيمزدا اونتولماس بير ييل

بير عاجز مظلوم ملتنڭ اوزينڭ ملي فايدا - زيانيني دخى سيزيب يتا آلماغان و ياكي اويغونوب كوزيني آچيب كيتالماغان زمانلارندا، اوزى ايستەگەن بير حرلك، آزادلق كونلەرگە ايرشيب كتە آلماسامو، لاكين شو ملتنڭ اوزيگە ملي منفعت طرفيدن فايدا - زيانلق نقطەلەرني بيلب آلا آلغان وياكي معلوم بير گروه شو نقطەلەرني اوز خلقيغە آز مدت بولسامو آڭلاتيب آليش فرصتيگە ايگە بولغان زمانلار شو ملتنڭ تاريخندا بيوك بير غنيمەتدور.

باشقا نقطەلەردە خلقيمزغا او قدر زور بير خدمت قيلا آلماغان بولساقمو، لاكين بو نقطەدە آز خدمت كورسەتمەدوق. بيزنڭ خلقيمز تاكي بوگونكي كونگە قدر نادانلق غفلت ايچندە يانيب كلگەنلكدن اوز وطنيني، اوز ملتيني اونوتقان و ملي منفعت ديگەن نرسەني بيلمەگەن هركم هر بولغا باشلاسا اونڭ فايدا - زيانيني بيلا آلماي أرگيشيب كيتەدورغان بير حالدا ايدى. بولوبمو ملتيمز اوچون أڭ فايدالق بولغان ملي روحدن خلقيمز خبرسز ايدى.

بيز اوتكەن بير ايكي ييل ايچيدە اوز ملتيني تانيماى دلگەن خلقيمزگە سنڭ ملتڭ تورك، سن دنيادا ياشاب تورغان تورك خلقينڭ بير پارچەسى دب بيلدوردوق. وطنيني بيلمەى كلگەن خلقيمزگە سنڭ وطنڭ شرقى توركستان، سن ياشاغان جاى اورتا آسياداكي بوتون تورك توفراغينڭ بير پارچەسى دېگەن بيلمني بردوق.

بيز شونداق يارانيلغان، باشقالەر حاكم، بيز محكوم ملت دەب كلگەن خلقيمزگە سن يارانيلغاندا محكوم ياراتيلماغان، سنڭ آتا باباڭ دنيانى تيترەتيب اوتكەن، بوگونكي محكوملغيڭ جهالت ايچيدە قالغانلغيڭدن كلگەن ديگەن تائيرني بردوق.

بونڭ سرتيدا عمومنڭ خلاصە قيلب، خلقيمزنڭ بيردن بير يولى ملتچيلك، خلقيمزني آزاد قيلادورغان قوت ملتچيلك، ملتيمزني دنيادا بير ملت قيلب ياشاتادورغان كوچ ملتچيلك ديگەن بيو تعليماتني اوگرەتدوق. غزتەمزنڭ شعارى شونگدەك خلقيمزنڭ شعارى بولوب قالسون اوچون „عرقيمز توركدرو، يورتيمز توركستاندور، ملنيمز توركدور، بز خلقچيمز، بز ملتچيمز، بز انسانيتچيمز" ديگەن بيوك شعارني اورتاغا آتدوق. بو توشەنچە بو شعار اولكەمزنڭ بتون بورجەكلەريگە قدر تارالدى. خلقيمزنڭ يورەكيگە چيڭ اورنادى.

بز بوگون عاجزلقيمز، اقتصادسزلقيمزغە قاراماى، شونگدەك بير نچە طرفلەب بولغان محيطنڭ قيسشيغە قاراماى، بتون كوچيمزني شو يولغە صرف أتدوق. بز بو ايكي ييل ايچيدە بيوك بير نفوذ قازاندوق. كلگوسي استقباليمز اوچون زور كفالتكە ايرشدوق. بزني حمايە قيلغوچيلەر، بو يولني توغرى دەب تاپقانلەر بارغانسارى كوپەيدى.

موندن سوڭ هر قانداغ بحران بولماسون، خلق اوني چكلەب آلا آلماغان تقديردە، آسان - آسان اونداغ بحرانلەرغە برداب كتمەيدورغان دوركيدە اوز مسلكيني ساقلايدورغان ياخشى ايشني ياخشى دەب بيلەدورغان يماننى يمان ايش دەب سيزيب آلالادورغان بير حالغە ييتب آلدى. 300 ييلدن بويان بو قدر بير آلغ، بيلمگە ايگە بولاآلماى كلگەن خلقيمز اوچون بو اوتوق آز اوتوق ايمەس.

شونڭ اوچون بو اوتوق، بوشهرتكە ايگە بولغان ملتچيلەر گروهى يەنەمو الهام آلب يەنەمو آرتوق خدمتكە كيريشكوسى. يورون يالغوزلوق تارتقان بولسا، موندن سوڭ ايكي ييل ايچيدە قولغا كلتورگەن نفوذغە سويونوب اولەرنڭ حمايەسيگە تايانب خلقيغا تخيمو كوپرك بيلم بريشكە نائيل بولغوسى.

شونڭ اوچون اوتكەن بير ييلني بز اوچون اوتوغلوق بير ييل ساناىمز، شونگدەك شو اوتوق شرفني اوچون بو ياڭى ييلني هەممەدن آرتوق خرسندلك ايچيدە قارشى آلامز.

## كورگەزمەلەر

اولكەلك خلق آقارتيش يورتي ياڭى ييل مناسبتى بلەن بير كورگەزمە آچيشقا حاضرلانغان.

كورگەزمە اورني خلق آقارتش يورتينڭ تەنلياڭ شعبەسيدە بولوب كورگەزمەدە، يورتومزدا ايشلەنەدورغان ملي رختەلەر نسخەسى و كان معدنلەريدن تورلى تاشلار قويولسا كرەك. آلنغان خبرگە كورە؛ كورگەزمە برنجي ئانوار كوني آچيلماقچى ايمش.

تيانشان صنعت تدقيق توركومى ييل باشيغا آتاب بيررسم كورگەزمەسى آچيش اوچون جدى حاضرلق كورگەن. چيني توركستاننڭ سياسى، اقتصادى و اصلاحات ايشلەريگە دائر تورلك منظرەلەرني كورسەتكەن و بش، آلتە خيل باغاق و سولق يوياقلق رسملەرني اخترا قيلغان بو كورگەزمە مدنيت سالونيدا 1 - غنواردن باشلاب 3 كون، ساعت 9 دن 4 گە قدر آچيلغوسيدور.

# اولكه و شهر خبرلەری

( چینی تورکستان آژانسی و اوزەل مخابرلەریمزدن )

## معارفدا

معارف نظارتینك برنجی بولومی باشلغی عبدالله یعقوبی چینی تورکستان شمالیداكی بو ییل اویوشمالار قارماغیدن حكومت تا٘میناتیغا اوتكەن مكتبلەرنك و معلملەرنك برنجی آیدن 12 نجی آیغە قدر بولغان آیلق راسخود و معاشی بولوب 30 ملیارتدن آرتوق پول و 29 توپ رخت آلیب ماگمیشدور .

جملەدن ترجمان بولومینك ایشی كوپەیمەكدە . سابق مدیر كاتب لیو افندینك وقتیدە علاقە وبازو ایشلەرینك ایكی تیلدا یوروتولوشیگە اهمیت بریلمەی یالغوز چینچە یوروتولوب كلگەن بولسامو ، جمال‌الدین افندی ایش باشیغا كلگەندن بویان علاقەلەرنك ایكی تیلدا ماگیشیغا قاتتیق دقت قلماقدا ایكەن .

## كورلا تورك اویغور اویوشماسی فعالیتدە

( كورلا خبری ) ناحیەلك تورك اویغور اویوشماسی بیر نچە ییلدن بیری بك آوارە حالدا ایدی . حسن حسنی یاگی رئیسلككە سایلانغاندن بیری اویوشما خدمتچیلاری حاكمنك یاردمی ایلە تاللانیب ایچكی خدمتلاری علاحیدە ترتیبكە سالندی، بو ییل بك یاخشی تدبیرلەر ایلە عشرە ، زكات ، صدقە فطرە قربانلق تیرە اوچەی ، وخفە آوقاف كریملاری بولوب تولوق حالدا یغیب آلندی .

2 - بو ییل روزە عید تولایسیلە چولا دریا بوییغا مدنی بیر چایخانە آچیلب، خلقنی اوزیگە جلب قیلا آلغان بولسامو سوغاق توشكەچ بازار ایچندە مدنی بوسوندا بیر چایخانە آچیلدی .

3 - اویوشما خدمتچیلارینی و 16 جایداكی اوقولنی تا٘مینلەشنك اوستیدە ینە ناحیەمزداكی یتیملاردن ییغیب بیر صنف دارالایتام مكتبی آچقان ایدی . باقیندا بازار بهاسی تیز اورلەب قیمتچیلك بوزلەنگەنلكدن قارماغیداكی مكتب و ایشچیلارنی تا٘مین ایتشدا اقتصادی طرفدن قینالیب كلمەكدە ایدی ، یورت معتبرلاری و حاكمنك یولیوروقی ایلە مكتبلارنك اوقوشی ، سان عمومی جهتدن موافقلارینی اویوشما تا٘مینلەش و بیر قسمینی حاضرچە خلق طرفیدن تا٘مینلەشكە باشلاش آلدیدا تورماقدا .

غ .

# تاشقی خبرلەر

## ایندونیزیا سوقوشی و هونلانداغا قارشی اوازلار

كابل - هونلاندا عسكرلەری سوماترا آرالیدا ایلگریلەمەكدە . هونلاندا قوماندانینك اعلانیغا كورە جوگجاكرتانی پاراشوتچیلار و قوروقلق عسكرلەرینك هجومی بلەن آلغان بولسامو بو قوشون ایندونیزیا جمهوریت عسكرلەری طرفیدن محو قیلندی .

پاكستان - سیلون حكومتی هونلاندانك حربی نقلی كیمەلەرینی اوز لیمانلاریغا كلتورمەسلككە قرار بردی وهم سیلون لیمان ایشچیلاری هونلاندا كیمەلەرینك یوكینی آلیش و یوك سالیش ایشلارینی قیلماسلققا قرار بردی .

كابل - تاكینو بیرما باش وزیری بوگون آسیا دولتلەریدن بیر كونفرانس توپلانیب ، ایندونیزیا مسئلەسی حقیدە مذاكرە قیلش ، ایندونیزیاغا یاردم بریش و هونلانداغا قارشی وضعیت آلیش اوچون تشبث قیلب آسیا دولتلەریگە تلغراف بردی .

آوستر الیە حكومتی هونلاندانك آدم و یوكلەرینی آوستر الیە اوچقو و كیمەلەریگە آلماسلققا بویروق چقاردی . بوگون تنجلق مجلسی ایندونیزیا حقیدە مذاكرە یورگوزدی . بیر نچە اعضالار هونلاندا تیزدن ایندونیزیاداكی عسكری حركتینی توختانیشقا مجلس بویروق برسون دەب تكلیف بردی . قرار موندن كیین بولسا كرەك . آوستر الیەلك سفیرلەری و برلەشكەن ملتلەر مجلسیدەكی وكیلیگە بویروق بیریب هونلاندانی سیقماققا كریشمەكدەدور . آوستر الیە وكیلی مجلسدە « ایندونیزیا و هونلاندا سوقوشی خلق آرا بیر مسئلەدور » دیدی .

آنقرە - ایندونیزیانك واشینگتون وكیلی خارجیە معاونی بلەن كوروشوب هونلاندانك تجاووزینك حقیقی ماهیتینی آڭلاتدی . بو كوروشمەدە آوستر الیە هندستان و پاكستان الچیلەریمو حاضر ایدی . ایندونیزیاداكی هندستان بیوك ألچیسی سینگافورغا كلدی . بو یردە آفغانستان ایندونیزیا وكیلی بلەن كوروشوب دملیگە بارغوسی . هندستان امپریالیزم بلەن سوقوشقان ایندونیزیاغا معنوی و مادی یاردم قیلغوسیدور .

*—* *(***)* *—*

## یاپونیەدە اوروش جنایتچیلەری اولتورولدی

توكیو - آنقرە رادیوسیدن - اولومگە حكوم قیلنغان 7 اوروش جنایتچیسینك حكمی اجرا قیلندی . توجو باشلق 7 یاپون اوروش جنایتچیسینك جسدلەری ایكی آمریكا عسكری ماشیناسی بلەن عسكری ساقچیلاردن تشكیل بولغان كوچلك بیر حمایە آستیدا شهر چتیدەكی اولوك كویدوروش اورنیغا آلیب باریلدی . اویردە جسدلەرنی نەیزە تاقغان عسكرلەر محافظ قیلدی . غزتەچیلەرمو یاقینلاشتورولمادی . جسدلەر كویدورولگەندن كیین هر اولوكنك كولی آیریم قاچالارغا سالینب ، محافظ عسكرلەرگە تاپشورولدی . بولار بونی در حال نامعلوم بیر جایغا آلیب كتدی . یاگی یاپون آساسی قانونیدا فقرانك اویگە كریشیگە حقی بولماغان یاپون ساقچیلەری اولتورولگەنلەرنك اویلەریگە كریب ، اولتورولوش وقتیدە اوزینی آتیب آلیشلەر بولماسون اوچون قاراوللق قیلدی . اولتورولگەنلەرنك اولوكینی اوزیمزگە برسە ، دەب طلب قیلغان عائلەلەرگە گنرال ماكار تورا رد جوابینی بردی .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## فلسطين مسئلەسيدەكى حركتلەردن

آنقره - تنجلق مجلسيدەكى عراق وكيلى فلسطيندەكيلشتوروش ايشى آلب باريش اوچون تعيينلەنگەن برلەشمە دولتلەر وكيللەرى ايچيگە كرگەن توركيە وكيلى حقيدە سوزلەب: „ توركيە وكيلى ايچيدە بولغان فلسطين كيلشتوروش هيئتى اوز وظيفەسينى تولوغى بلەن بجرگوسيدور. چونكە توركيە بو مسئلەدە تماما خالصدور " ديدى.

نيويوروق - آنقره راديئوسيدن - تونوگون نيويوروققا كلگەن برلەشكەن دولتلەر قوروميداكى تورك وكيللەرى باشلغى كرم ساكر غزتەچيلەرگە بيانات بريب، فلسطين مسئلەسينى حل قيلش اوچون أڭ ياخشى چارە كيلشمەكدور. توركيەنڭ قاراشى دائم بودور، بو نڭ بلەن برابر فرانسه، آمريقا و توركيە وكيللەريدن تشكيل بولغان كيلشتوروش هيئتينڭ بو مسئلەنى قايسى آساسلاردا حل قيلشى مسئلەسيدە فكر بيان قيلشدن چيكلدى.

قاهره - بو يردن بلدورشيچە، يهوديلەر جنوبى لبناندە اشغال أتكەن توفراقلاردن قايتيب چقيشقا راضى بولدى.

قاهره - سيئونستلار فالوجەدە مثاركە شرطلەرينى بوزغانلقى رسمى بيلدورولدى. بو يردە يهودى اوچاقلارى مصر عسكرى اورونلەرينى اوققا توتقان. اما مصر هوا توپلارينڭ اوتى بلەن قاچورولغان بير يهودى اوچاغى آتيب توشورولگەن.

## روسيەدە المان اسيرلەرى

برلين - آلمانيه مطبوعاتينڭ يازيشيچە ساويت حكومتى 1949 - ييليغا قدر روسيەدە قالغان آلمان سوغوش اسيرلەرينى مملكتيگە قايتوروشنى وعدە قيلغان بولسامو، بو كونگەچە سوزينى عملگە آشورمادى. رسمى ساويت اعلانلارىغا كورە حالان روسيەدە 552 مڭ آلمان سوغوش اسيرى باردور. روسلار بولارنى قايتوروشنڭ نقليات واسطەلەرى آزلقى اوچون كچيككەنلكينى بيلدورمەكدە.

## كابولدا قران تفسيرى

كابل - كابلدا قران تفسيرى فارسچە و پشتو تيليدا يازيلب باسيلب چقدى. بو بيوك ايشنى آفغانستان جمعية علما' بيجەردى. تفسير بيوك اوچ جلددور

## ييلليقچى

يورتيمزنڭ أڭ جنوب ياغيداكى ولايتلەريدن برى بولغان ختەندە ايدوك. رحيمسز، كوئومسز بيرجودكونى ايدى. بتون ولايت خلقينڭ قانى بلەن تورموش كيچورگەن واليڭ اورداسندا ايدوك. والى ياغيدن بزنڭ اوچون بيرلگەن محتشم بير ضيافت حاضرلانماقدا ايدى. اوشاقلەر (خدمتچيلەر) بايلەر، دايلەر لوبيلەر، بكلەر هيجانلەرقيزغنلق بلەن اوياقدن بوياققا يوگوروشمەكدە ايدى. اوردانڭ ايچيدە شهرنڭ ايچيدە هر ياقدا هر بير بولوڭدا خلق توركوم - توركوم حالدا بوگونكى ضيافتنڭ شهامتى اوستيدە سوز يوگورتمەكدە ايدى. بوگون جەييوەن دارين، توەنجالڭ دارين و تەييوەن دارينلەرنى قارشى آلار ايمش. اوڭ نچەلەگەن قوى، نچەلەگەن سيير سويلغان ايمش. يورتنڭ فيشە قلدارى، چوڭلەرى، جەييوەن دارينڭ طرفدارلەرى، دومباقچيلەرى هم بار ايمش.

عجبا! يورتقا هر بير كشيگە قانچەلكدن تارقانيب (يغيب) آلار ديگەن مراق حيرت، هياجان، قايغو، ماتم، اورتانى قاپلاغان ايدى. بيز اولتورغان چوڭ اويدە باشيغا 4 - 5 توب داكا يوگيگەن بلمسز آخونلەر يوقاقلەرينى كوتوروب تيك اولتورا آلماى ايكى يوكلم بولوب ايگشيب قالغان بگلەر خلقنڭ قانى و مالى ايلە توييوب خلقنڭ سوڭگيگە قصد قيلماقنى اويلاب تورغان كيچيك كوز دورغالەر أفيون خومارى توتوب كوزى يومولميش، آغزى آچيلماى يوشولداب اوخلاغان آمباللەر برەر ياكى چاپانغا ايگە بولا آلماى شو كونكى جەييوەن دارينڭ ضيافتى اوچون مڭبير - جفا ايلە وقتلق برەر چاپاننى

فرض اليب كييب كلگەن خدمتچى و اوگرتمنلەر بير بيرلەرينڭ يوزيگە قاراشمن اوياليب يرگە قاراب باشلارينى ايگيب بويونلەرينى يوكوب آوغا پايلاب تورغان تولكيدەك جەييوەن دارينڭ خلقنڭ قانى بلەن حاضرلاغان و هرازدا ايسه اورتاغا چقادورغان ياريمى خام گوشت پارچەلەرينى كوتمەكدە ايدى. گپ سوز يوق تنماى مديرماى اوزون اولتوردوق. هيچ كيمدن برەر سوز برەر أڭگيمە برەر چاقچاق چيقمادى. اومەلڭ اعضالاريدن بيرى تاتسز توز سزغنە بولسا هم برەر چاقچاقغا برەر سوزگە باشلاماقچى بولدى. سوزگە باشلار باشلاماس اوزون و قانتيق اويقودن اويغانغان آدملەرگە اوخشاش همەنڭ كوزى بو بيچارەنڭ اوستيگە تكيلدى. بعضى اوغرلاب ييگەن موشوكدەك نچە يوز ييللەردن بيرى بولوب كلگەن بير ترتيبنى بوزغان گناهكاردەك محجوبانە سوزينى توختاتدى و كوزلەرينى يرگە توشوردى. موندا بير اولتوروشنڭ ايچيدە سيقلدم، كوڭلم بولاندى، بير آز بولسادا تازه هوا آليشنڭ كرەكينى تويدوم، من تالاغا چقيب كرەى عفو قيليگزلەر دەب مرلداب اوزمنى تالاغا آتدم، تالاغا چيقيش اوڭاى بولمادى. عرب و ايران مدنيتينى زواللى خلقيمزغا سوغات حالندا برگەن و اوگرتكەن رياسى اوڭايچە اوزمنى تالاغا آليشقا يول قويمادى، من آياق باسار باسماس اولتورغانلار عجبمو تاتسزلق قيلديڭ هە، تنچ اولتورغان آدمنڭ راحتينى بوزدوڭ ديگەندەك آچچيق ايلە تولغان بير نظر آتدى، و همە بيردن ماشيناغا اوخشاش آياق باسدى. آندن كيين برەر يوز خوش خوش و برەر يوز تعظيمدن اوتوب تالاغا چقيشقا موفق بولدوم، جەييوەن دارينڭ باغى كگرى ايدى، هوا بك صاف ايدى، سوغاق انساننڭ سوڭەكلەريگەچە بارماقدا ايدى، داما قار توشمەگەن ايدى، يانمدا بوينيني يوكوب تورغان جەييوەن دارين قورقو ايلەن توشقاننى مركزدن كلگەن بير دارينڭ آلدندا تورغانى اوچون مجبور اولغانيڭى و قانچەلك محجوب اولغانينى و قانچەلك بختيار اولغانلقينى كورسەتمەكچى بولغان ياڭ، جاڭ، شاڭ، او و

( دوامى 4 - بتدە )

( باشی 3 ـ بەتدە )

شونگغا كبی قانچە اونلاغان دارینلەرنك
آلدندە یوگوروب یوروب اوگرنگەن بیر
تجربەسی ایلە تترەك بیر تاووش ایلە
هوا عجب سوغاق یەنە بیر جودون بول
سا قار توشەچك دەب مگا قاراب بوینی
نی اوزیگە مخصوص بیر پوكوش ایلە
پوكوب قول قوشتوروب تـوردی .

من جواب برمەدم جوابنك كركی
یوق ایدی، او دارین اوزوندن اوستە
كی بیر دارینغا سورافسز سوز آچیشقا
جرعت انمیش، و بو جرعتدن خوش
هال بیر حالدا كولوم سورمكدە ایدی،
اقرن اقرن یوروشكە دوام قیلدم . آرا
مزدا سوز یوق ایدی، منی چكسز بیر
قایغو و توبسز بیر اوی باسقان ایدی
من اولوسمزنك مونچەلك قالاق بیر حال
دە قالغانینك سببلەرینی اویلاغان ایدم.
روحمنی بد پین بیر حال قاپلاغان ایدی،
دارین ایسە اوز آلدیغا اوزی بیلگەن
ناتلق بیر اوی و خیالغا پاتقان ایدی،
نشە چككەن نشە كەشكە اوخشاش بو
دنیادن كەچمیش، كوزلەرینی قسمیش،
بیر اوزون پلانلەر قورماقدا ایدی .
دارین بوگونكی برگەن ضیافتدن و بو
متحشم ضیافت ایلە اوزینی یەنە بیر فا
تیم خلققە كورسەتیب آلغانیدن بك مە
منون ایدی، دارین كیلەچكدن بك تكە
بین كورونمەكدە ایدی، شو آندا كو
زوم بیر چوك قازان آسقان 4 ـ 5
قوینك گوشتی بلەن تولغان بیر قازان
آسیلغان اوچاقنك باشیغا توشدی، بو
اوچاقنك آلدیدا سوغاقدن سارغایغان
یارم یالاگغاچ یوزلەری قوللەری كوكەر
گەن، 10 ـ 11 یاشلاردا كی بیر كیچك
بالاغا توشدی، بیچارە بالا سوغاقدن
قاچیب بارغانسری اوچاقنك ایچیگە كیر
مەكدە ایدی، یادن بیری آچیلماغان
كوگلوم تخیمو یارم بولدی، یورتومزدا
شونگغا اوخشاش نچە یوزمگلاغان زوال
لی اوكسزلەرنی اویلادم، اوزەمنك كیچك
سكلم و اوكلارم كوز آلدیمغا كلدی،
كوزوم قارادی، و بارلغمنی آتاسز بیر
وحشت و قورقو باسدی، دارین غلاق
چلاق بیمە بولغانمنی آگلاماغان و آگ
قارماقان بیر بو دالاغا اوخشاش مگا
قاراماقدا ایدی .

عجبا ! دارینی خفا قیلب قویدوە
مو دیگەن بیر قورقو ایلە تورغان بیچا
رە بالاغا وحشی وحشی كوزلەر تكلمكدە ایدی، هواداكی یولتوزلەر ێر یوزیدە اوینالماقدا بولغان مونداق بیرعجیب
كومیدیە، تراگیدیەنی سیر أتمك اوچون
بیردن كوپەیدی، و بیرآن ایچیدە مون
داق تراگیدیەنی كوروب متاثیر بولغان
دەك كوك هم الهی بیر قوت ایلە قارار
دی. یورتومزدا بولغان و اولوسیمزنك
باشیغا كلگەن فاجعەلەرگە الله هم یغلا
ماقدا ایدی. آتك نیمە اوغلوم دیدم ،
زواللی اوكسز، بو دارینك قایردن كلگە
نینی بیلمەی و یورنقی باشقا دارینلەر
دن ییگەن تكمەسینی اونوتماغان اوچون
بو، اوغلوم ، اوغلوم دیگەن سوزنی
آگلاب بونك آرقاسندا برەر تكمە بول
ماسون دەب قورقماقدا ایدی، قورقما
اوغلوم دیدم ، من سینی بیر نیمە قیل
مایمن دیدم. بالا بیر آز اسیندی و آتم
تورسون ، افندم دیدی، آتا آناك یوق
مو دیدم، چونكە آتا آناسی بار بولغان
بالانك مونداق بیر حالتكە توشوشینی
اویلاماغان ایدم . آنام بار آتام اولوب
كتكەن افندم دیدی . سن اویوگگە كتە
مەی نیمشكە بویردە یورویسن دیدم ،
بالا كوكسینی چقاردی، و من هشار او
چون كلدم دیدی، مونداق بیر كیچیك
بالانك هشار اوچون قانداق كیلشینی
اویلاب سوزیگە ایشەنمەی سوریدم ،سن
نچە یاشقا كردك ؟ 15 افندم دیدی.
تكرم 15 یاشار بیر بالانك مونداق او
روق مونداق كیچیك مونداق زواللی
بولوب قالیشیغا قانداق كوز یوموب تور
دوك . دب چاراسز بتون ایچمدەكی درد
الم، قایغو حسرتلەریمنی اولوغ تكرمگە
توكدوم . مسئولیتنی تكریگە آرتماقچی
بولدم . بالا منك علاق جالاق تورغا
نمنی كوروب منی آیدگلقغا چیقاریش و
توشەندوروش اوچون دوامت ایتدی .
منی آتام خوشتار محمد بایغە ییللق بر
گەن ایدی . محمد بایغە جەییوەن دارین
یاغیدن هشار توشوبدور . محمد بای
باشقا چوگراق خذمتچیلەریدن برمەی
منی هشارغا توتوب بردی . 10 كون
بولدی جەییوەن دارینك باغیدا زمبل
كوتورەمن ییللغم 30 چارك آشلق بیر
تاغار بغدای، بیر تاغار زیغر، بیر تا
غار گوروج، بیر تاغار قوناق، یەنە 5
كون قالدی . جەییوەن دارینك خذمتنی
بیتكەندن كیین محمد بای اویگە قای
تب كیتەمن یوتقان كورپەم یوق . توگ
لاب كتدم . شونك اوچون اوچاقنك یا
نیغا كیلب اسندم . بیر نیمە بولماسمو
جەییوەن دارین اچچیقلاماسمو دەب كو
زومگە قاراب تلموردی . جواب برمەدم
برە آلمادم . جواب یوق ایدی . اوستگە
دە پاختالق كییم یوقمو اوغلوم دیدم .
3 تاغار آشلق آنامغا و 6 یاشار سیگ
لمغە ییلغا آران یتەدور . من باینك بالالا
رینك آشیب قالغان یرتوق چاپانلەرینی
كیەمن . بو ییل باینك بالالاریغا یاگی
چاپان تكیب برمەدی . مگا أسكیسی آش
مادی دیدی . یورتیمزنك جنوب یاغید
دا هر یردە كیچیك اوكسز بالالارنك
ییللق دیگەن آت (نام) آستیدا پولی
بار بایلارغا قوللوقغا توتوب برگەنلكی
كوبدور . هر یردە كورولەر ، بو ییللق
دیگەن سوز قوللوق دیگەن سوزنك
چیرایلقچە أیتلشیدور .

عجبا! بو ییللق ویا قوللوق عر
بستاندن یورتیمزغە و اولوسیمزغە كل
گەن و سونولغان بیر قوشومچە سوغات
مودور ؟ ویا جوزا ( شرە ) ایلە كوتو
روب كلگەن بیر یاگیلقمودور ویا تگ
رینك یورتیمز و اولوسیمزنی ێر یو
زیدن یوقاتماق اوچون برگەن آفتیمو
دور ویاخود خرابلاشقان بو اولوسیمز
نك بیر شوملغیمودور . یورتیمزنك اولو
سیمزنك جمعیتیمزنك آغریقی و یاراسی
مانا بودور. بو یارا عجبا ! قاچان ساقا
یاچاق بو یارانی یاگیلاب تورغان صادق
دارینلەر قاچان یوقالاچاق. بو كبی دارینە
لەرنی بو اوكسزلەرنك كوز یاشلاری قاچان
توتاچاق . تگری بزگە قاچان رحیم ایتە
چك بلمەدم، آرتوق منك بو تن بارلغمنی
تون بیر قایغو بیر حزا قاپلاغان ای ـ
دی . بو قایغو و حزا ایچیدە من اول
توروب او اوكسز ( ییللقچیلەر ) نك
قان ییغلاغان آنالەرینك تاپاق ویوك آس
تیدا ایزلگەن یورتداشلەرمنك قانی ایلە
یوغورولغان ضیافتكە آغیز تیگش منك
اوچون حرام ایدی.

( دوامی بار )

أرتوغرول صبری

آدریس :
اورومچی یاتغاك
التای كوچاسی نومری 13 التای نشریات ادارەسی

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

تلده، اشده، فکرده، برلك!

# أرك

مدیری: عیسی الپ تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

غنوار ـ 9 ـ ییل ـ 1949

ربیع الاول ١٠ ١٣٦٨ ه

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز توركستاندور

233 ـ سان | یکشنبه | قمتی: آیلقی ـ شهرگه 3000000 اولکه دوللاری


انسان و حیات

## دنیا کونگره‌له‌ری

بوتون دنیا یاشلارینك و سیوررنی مهم بیر تربیه واسطه‌سی ده‌ب بلگه‌نله‌ر نك روحینی تونا‌شتورغان اولمپیات یالقینی وه‌مبله‌ی میدانیدا یانسا، لوندوندا و آوروپانك باشقا مدنیت مرکزله‌ریده کوبله‌گه‌ن عالم و صنعت کونگره‌له‌ری توپلانماقدا و انسانلارنك عمومی سعادتی و آلغا باسیشی اوچون فکر جهتدن چالیشماقدا ایدی.

بیلم و صنعت کونگره‌له‌ری کلك خلق تورکومله‌ری یاقیندن کوره آلمایدورغان زاللارنك ایچیده اونکوزولگه‌نی اوچون بیر اولمپیادقا اوخشاش بیر ده‌منك ایچیده تلغراف بله‌ن بیلدورولدورغان خبر و منظره هیجانلارینی تویدورا آلماس. یالغوز بو یرله‌رده تالاش تارتیشیش بولی بله‌ن دستورلاشقان و اولمپیات چمپیونلاریغا اوخشاش آلقیشلارغا اوچراغان فکرله‌ر و قرارلار بوتون انسانلار نامیدن آیدنلانقوچی مشعله‌له‌ر یارانور. نیته‌کم، اوتکه‌ن ییل آوغوست آیی ایچیده آوروپادا بوتون دنیا ملتله‌ریگه منسوب فکر آدمله‌رینك، عالملارینك، دوقتورلارینك، اونیوه‌رسیته پروفسورلارینك، تربیه‌چیلارینك و حتی اونیوه‌رسیته یاشلارینك قاتناشیشی بله‌ن هر تورلك تریشچانلقلار کورسه‌تکه‌ن بو کونگره‌له‌رنك اونومی نهایتی برکتلك بولوب چیقدی. بوتون کونگره‌له‌رده خواهی رسمی موءسسه‌له‌ر طرفیدن و خواهی اوز طرفیدن قاتناشقان تورك عالملارینك هم اورون آلیشی، تورکیه‌ده فکر و صنعت حرکتله‌ریگه بریلگه‌ن اهمیتنك حقیقی بیر دلیلیدور.

بو تورلك دنیانك علمی و فکری حرکتله‌ریدن خبرسز قالغان خلقیمزگه بو خلق آرا کونگره‌له‌رنك موضوعی و قرارلارینی سونوشنی فائده‌لق تاپامز:

1 ـ اونیوه‌رسیته‌له‌ر کونگره‌سی: آوغوستنك 12 نجی و 19 نجی کونله‌ری آراسیدا لوندوندا توپلاندی. بو تا روسیه و بیقینمدی دولتله‌ردن باشقا بوتون ملتله‌ر قاتناشدی. کونفرانسنك موضوعی شو ایدی: 1 ـ یاشلارنك فرصت و مسئولیتله‌ری 2 ـ ایشله‌ش 3 ـ لویسر کونفرانسنك آساسی مقصدی، بعضی قرارلارغا خلق آرا بیرلکنی تامین قیلادورغان بیر آساسقا بارماق و دائملق بیر تشکیلات قورماق ایدی. بونی تاپقان کومسیونلارنك مهم نقطه‌له‌ری شولاردور: „ سوسیال خاطر جمعلك “، „ تعطیلله‌ر، صیاحت “ „ ایشله‌گوچی یاشلارنی علاقه‌دار قیلادورغان چاره‌له‌ر “، „ مطبوعات، رادیو و فیلمله‌رنك یاشلارغا تاثیری “ „ ایشله‌گوچی یاشلارنك مسئولیتی “ کبی.

3 ـ اوننجی خلق آرا فلسفه کونگره‌سی: 11 ـ 18 نجی آوغوست آراسیدا آمستردامدا توپلاندی. آسیا عالمیدن یالغوز ایکی هند فیلسوفی و بیر تورکیه پروفسوری قاتناشدی. روسیه و بالقان دولتله‌ری اعضا ایبه‌رمه‌دی. همه‌دن امریکا، انگلتره، فرانسا هوللاندا و ایتالیه کوپچولکنی تشکیل قیلماقدا ایدی. قاتناشقان بیوك فکر آدمله‌ری آراسیدا بیر تراند روسه‌ل (زه‌مانه‌مزنك فیلسوفلاریدن)، بروو‌ه‌ر (مشهور ریاضیه‌چی)، لسه‌ننه (پروفسور) دقت نظرینی جلب قیلماقدا ایدی. آغریق و قیری بولغان جون دیوی بله‌ن اومیله بره‌صیرگه سوگی مکتوبلاری کوندورولدی. هر تورلك بو کومله‌رده قونو شولغان موضوعلارنك چونگلاری شولاردور: 1 ـ انسان و انسانلق. 2 ـ شرق و غرب. 3 ـ انسان و دین. 4 ـ متفزیك و عمومی آنتولوژی. 5 ـ عمومی قیمت نظریه‌سی. 6 ـ اخلاق. 7 ـ ایستاتیك. 8 ـ حقوق فلسفه‌سی. 9 ـ منطیق و عمومی میتود. 10 ـ سمبولیك منطیق 11 ـ ماتیماتیك فلسفه 12 ـ طبیعت فلسفه‌سی 13 ـ حیات فلسفه‌سی 14 ـ پسکولوژینك فلسفی پروگرامی 15 ـ

( دوامی 4 ـ بتده )

☆ ☆ ( ☆☆★ ) ★ ☆

## بوگورده یاڭیلق

بوگور ساقچی اداره‌سینك باشمانی آی مخدوم، معاون حاکم ثابت مخمدی معاون کیگه‌ش باشلقی محمد آخون آکامله‌رنك یرلك اداره باشلقله‌ری، یاشلارغا قیلغان تشبثی آرقاسیدا ناحیه‌لك حکومت چوك سالونیدا بوتون یاشلاریمزنك اشتراکی بله‌ن 9 نجی دیکابر کونی ناحیه‌مزده „ بیلم ده‌رنه‌کی “ رسمی قورولوب آی مخدوم طرفیدن ده‌رنه‌ك حقیده توشه‌نچه برگه‌ندن سوك آلقیش بله‌ن ده‌رنه‌ك رهبرلکیگه ثابت محمدی تصدیق ایتیلب ده‌رنه‌ککه حلصرلق قیلش، چاقیریش، بها بیریشکه اوخشاش تشکیلی ایشله‌ر قورولوب چیققاندن کیین ده‌رنه‌کنی آیدا ایکی نوبت دواملق یوسونیدا آچیب توروشقا راسخودله‌رنی ناحیه‌لك تورك اویغور ویوشماسی طرفیدن بریشکه قرار قیلنب قزغین آلقشلار ایچیده مجلس تارقالدی.

ثابت قاسم

# اولكه و شهر خبرلەری

( چينی توركستان آژانسی و اوزەل مخابرلەریمزدن )

## بو هفتەدە بير ضيافت

اوتكەن ييل 29 نجی دیكابردا ما
موری فالانانڭ 32 نجی سانلق مجلسيـ
دە اولكە رئيسلكيگە تعيين قيلنغان
برهان افندی كيلەر هفتە ايچيدە بيوك
بير ضيافت برگوسيدور. شهريمزداگی
هر ملت معتبرلەری اشتراك قيلادورغان
بو مجلسدە برهان افندی شهيدينڭ
بورگوزە دورغان بوندن كيينكی سياسی
و مأموری ايشلەر حقيدەكی قونوشما
سی دقتنی جلب قيلماقدادور .

*** ⁑ ××× ⁑ ***

## مونغول ياشلارينڭ ياخشی قدمی

شهريمزداكی مونغول منورلەريدن
أردەنی، جازی شين افنديلەر بير مون
غولچە مجموعە نشر قيلماق تشبثيدا
بولوب، بوڭا تشويقات هيئتی طرفيدن
ياردم قيلنماقينی ايستەمەكدە .
آلنغان خبريمزگە كورە بو ايستەك
قبول كورولوب، تشويقات هيئتينڭ بو
ييلقی پلانيدا علاحيدە بير مادە اولاراق
قيد قيلنغان .

**—*( *** )*—**

## غزتەلەرگە حكومت داڭلادی

هر بير نظارت طرفيدن حاضرلانب
اولكەلك حكومتكە تقديم قيلنغان 48 ـ
ييلنڭ ايش داڭلادی، بير قور تصحيح
و ترتيب قيلنغاندن سوڭ، نشر قيلنـ
ماق اوچون شهريمزداكی توركچە و
چينچە غزتەگە سونولغان .

* ⁑ —**** — ⁑ *

## مونغول اوقولينڭ تعطيلی

اوتكەن ييلنڭ سوڭ آيلاری ايچيـ
دە قورولوب 50 اوقوغوچينڭ تحصيليـ
گە دوام قيلماقدا بولغان مونغول ايلك
اوقولی 6 نجی غنواردا تعطيل قويولـ
غان و 40 دن آرتوق اوقوغوچی قو
توبی نلڭ چاروا رايونلاريدا بولغان ئا
ئلەلەريگە قايتقان .
مدير جاو افنديڭ آڭلانيشيچە،
بو ياخشی مونغول اوقولينی آچماق او
چون ديكابردا بش مليارد بريلگەن بول
سامو، مال بهاسينڭ كوندن ـ كونگە
آشيشی نتيجەسيدە هيچ احتياجنی تا
مين قيلا آلماغان، بوندن تولايی حكو
متكە مراجعتدە بولونغاندور .

*—*( **×*** )*—*

## بوگوردە دەرنەكلەريمز

( بوگور ) ناحيەمزدە قورولغان
بيام دەرنەكی اوزينڭ ايكنجی مجلسينی
ناحيەلك حكومت سالونيدا اوتكوزدی .
باشقارما طرفيدن توشەنچە برگەندن
سوڭ آی مخدوم طرفيدن «ادبيات»
خصوصيدا كونفرانس بيريلدی . ثابت
قاسم اوزينڭ دەرنەككە بغشلاب يازغان
شعرينی اوقوب اوتدی .
قيوم ثابت، صابم حاجی، امين
توردی، قربان داود، سليمان برات،
عثمان ناصر، قاسم صالح لەر طرفيدن
كونورەنگو روح بلەن تاريخی مارشيمز
بولغان «قورتولوش» شعری، تاريـ
خی قوشاق، حكايەلەر آرقا ـ آرقادن
كوپچولك آلديدا اوقولدی .
كوڭل آچيشقا باشلانيب محمد
آخون آكام، صابم حاجيلەر طرفيدن
اوصول اوينالدی. خانملەر تمانيدن
قوربانم، توخان اوزينڭ گوزەل صنعتـ
لەرينی كورسوتوب ياڭرانب تاشلادی.
الڭ آخيريدا بها بريش گروپپاسی
طرفيدن دەرنەكچيلاريمزنڭ كورسەتكەن
شعر، قوشاق، حكايەلەريگە بها بريلب،
دەرنەكچيلەريمزنڭ دەرنەكدە غيرت كور
سوتوب اوتوق قازانيشلاری حقيدە بيا
نات بريلگەندن سوڭ مجلسدن تارقاش
ديلەر .

---

## ياخشی دريا

( شهيار ) ناحيەمزنڭ شمال طرفيـ
داكی اوگەن درياسينڭ آياق طرفيگە
لای تاشلاب شهريمزنی سو آفتيگە اوچ
رانيش خوفی بولغانلقدن قيزغين
تشبث آرقاسيدا قومبل ديگەن
جايدن اوی ايقينيگەچەلك 4500 غو
لاچ جاينی توغراسی 5 غولاچ چوقور
لقی 2 غولاچ قيلب 1223 نفر هشار
اون كوندن ايشلەب تماملادی • بو دريا
چاپيلب بولغاندن كيين بولارغا 96 مال
هديە قيلنيب دريا چاپقوچی أمگەكچيـ
لەرگە و كمبغللەرگە حاكم ادارسيدە بير
كون ضيافت بيريلدی . قالدی مالارنی
خلقغە و عمومنڭ منفعتيگە ايشلەتمەك
اوچون حاكم ادارەسی طرفيدن چاروا
چيلاريمزگە وقتلك باقيب بريشكە تابشو
رولدی .
توردی قاسم

**—*(***)*—**

## كورلادا مهمان كوتوش اويی

ناحيەمزدە بو وقتغە قدر مخصوص
بير مهمان كوتوش اورنی بولماغانلقدن
هر ياقدن ناحيەمزگە قدم تشريف قيلماق
دا بولغان مهمانلاريمزنی و خدمتچيلار
نی كوتوش ايشلەريدە قولايسزلق تو
غولماقدا ايدی . شونلقدن ناحيەلك
حكومت اوتكەن آيلاردا شهر چوڭلاريـ
نی يغيب مهمان كوتوش اويی ساليش
توغراسيدا بير قرارغا كيلب اوينڭ
عمومی چقملاری خلق طرفيدن بولو
بنا ياساش مسئوليتينی شهر ادارەسينڭ
اوستيگە آرتقان ايدی. قرارغا بنائەن
6 ـ آيدن باشلاب ايشقا كريشش نتيجە
سيدە و شهرنڭ شمالی طرفيداكی چوڭ
بير سرايني قايتا اصلاح قيلش بلەن
چوڭ ـ كچيك آز حالدا 30 آغيز اوی
نی ياساب حاضر پوتكوزوب چيقدی
مسئول كيشيلەر ايش يورگوزوش تيار
لقی حقيدە تورماقدادور .
غفور چوڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitab.com



# کورلا خبرلەری

## یاڭی مدنی چایخانه

( کورلا خبری ) ناحیەلك تورك ‌ور اویوشماسی بیر طرفدن اویوش اقتصادینی تجارت ایله یاخشیلاماق برابر بوگونکی بازارنڭ قیمتچیلکی اعتبارغا الیب یاقیندن باشلاب چوڭ روك یانیغا بیر چایخانه آچمشدور. یخانه مدنی یوسوندا بولوب ایچلەری لوزونکا و شعارلەر بلەن زننەتلەنمش دور. چایخانەنڭ کوزده توتقان نشانه سی تازالقدا باشقالارغا اولگه بولوش ‌ - بازار بهاسیدن ارزان حالدا خری دالارنی کوتوش 3 - قدم تشریف قیل موچیلارنی چایخانەده یاڭی غزته بیلملا ریدن فائدلاندورشدور. غ . ج

— ⁂ (⁎) ⁂ —

## کورلا اوقوللاریدا تورکچه مشق قوماندا‌سی

( کورلا خبری ) معارف معاون نا ری چلڭ فالڭ بەی افندی ناحیه‌مزگه م تشریف قیلغان بیر اثنادا معارفچی ز بلەن بیر بیوك قونوشما اوتکوز ن و نتیجەده معاون ناظرغا 20 تور ك تیلەکچه تاشلانغان ایدی. بونڭ اڭ یده بولغان اوقوللاردا اوقوغوچیلار غا تن تربیەسی و مشق لەرده تورکچه وماندا بریش فکرینڭ توغرا ایکەنلکی نی سوزلەگەن چلڭ فالڭ بەی افندی: » بو بك ساده مسئلەدور. تورك اوقول لاریدا اوز تورکچه قوماندا برگەنده او قوغوچیلار هیچ قینالمایدور. بو اوزەڭ لەرنڭ خواهیشلارغا باغلق بیر ایش دور « دیگەن.

شوندن سوڭ یللاردن بیری یاش اوسمورلاریمزنڭ ‌کلاییشیغا یات بولغان قوماندالار اورنیغا تن حرکت و میدا لاردا اوز تورکچه قوماندا قوللانیلماقدا و خلقنڭ مکتبلەریمزگه بولغان زوقی آرتماقدا دور.

غفور چولڭ

⁎) ⁎××(⁎)××⁎ (⁎

## اوقوللاردا اتا انالار تورکومی

( کورلا خبری ) اولکەلك معارف نظارتی هر بیر ناحیه حاکم ادارەلەریگه اوقوللاردا آتا - آنالەر تورکومی تش کیل قیلب اوقوللارنڭ هر تورلی قیین چیلقلەرینی شو هیئت ارقالق حل قی لب معارف ایشلەرینی آلغا سوروش حقیده بو یل 6 نجی آیدا بویروق تارقاتقان ایدی. حاکم ادارەسی معارف بولومیده آچیلغان برنجی سانلق معارف چیلار مجلسیده تورکومنی اوقولدا تش کیل قیلب چیقیشنڭ ضرورلکی مذاکره دن اوتکوزولوب 10 - 11 نجی آی ایچینده هر بیر اوقوللاردا بوتون محل له خلقینی قاقناشتوروب کلڭ دائره لك معارف مجلسی آچیب بو تورکومنی تش کیل قیلب چقیشقا قرارلانغان ایدی. قرارغا بناءً هر بیر اوقولدا بر رئیس بیر معاون رئیس، بیر کاتب، بیر تک شوروش بولوم باشلقی، بیر تشویقات بولوم باشلقی، بیر حسابات بولوم باش لقی هر بیر بولومگه ایکیدن بولوم اعضاسی بولوب بو کشیلەرگه هر بیر اوقول اوزی اورونلاشقان محلله خلقی نڭ ایچیدن معتبر کشیلەرنی سایلاب چق دی. بولارنڭ اوز خدمتیگه جدی کری شیشی نتیجەسیده اوقوللاردا اوتوقلار قازانیلماقدا دور. بو تورکوملەرنڭ موندن سوڭقی خدمتیدن زور بشاری تیلەیمز.

م . اسماعیل

## مال دوقتور خانەسیده

( کورلا خبری ) اولکه اقتصادینڭ مهم بیر بولوکینی ایگەلیگەن چارواچی لق بولوب حکومت چاروالارنی آسراب ترقی قیلدوروش اوچون هر بیر ناحیه لەرگه مال دوقتورخانەسی قورغان ایدی. جملەدن ناحیەمزدکی مال دوقتورخانەسی اوز خدمتیگه جدی کریشیش جریانیدا 37 نجی یل برنجی آیدن ۱۱ نجی آی آخریغا قدر توبندەکی چاروالارنی دوالاب چققان.

۱ - یوقوملوق کسللەردن دوالان غان چاروالار 337 دانه، یوقومسز کسل چاروالاردن دوالانغانی ۱۱89 دانه 2 - قچیلغان آت 87 دانه، کالا 25 دانه، قوی 25 دانه جمعی قچیلغان چاروالار سانی ۱47 دانه، موندن بو رون چاروالارنی تولوق دوالاشدا تور لی کرەکلك دارولەر یتەرلك بولماغانلق دن کوب قینچیلقلەر بولوب کلگەن اي دی. یاقیندا تعمیرات نظارتیدن کرەك لك دارولاردن 42 تورلی دارو کلدی. بو دارولارنڭ ناحیەمزگه کیلشی بوندن کیینکی ناحیەمزنڭ چارواچیلقی اوچون اوتوقلق بولوب بولەرنی ایبەرتیشکه غمخورلوق قیلغان اولکەلك تعمیرات نظارتیگه کوبدن کوب تشکر سونوش بلەن بوندن کیین تورلی داریلەرنی کون دوروب تورماقینی رجاء ایتەمز.

م . اسماعیل

## توماقچی کاسبلاریمزنڭ یتیملەرگه غمخورلغی

( کورلا خبری ) تورك اویغور او یوشماسی قارماغیداکی دارالایتام اوقو غوچیلارینڭ بو یلقی قیشلق قولاقچا لارینی توماقچیلاریمز طرفیدن تأمین قیلماق اوزره 3 نجی برنجی کانونده اویوشما رئیسی حسن حسنی، ایشچی، السانچی اویوشما باشمانی عبدالقادر حاجی، محی الدین قاریلەر بیرلکده با زار کاسبلاریمزنڭ آلدیغا بارغاندا اولار توبندەکیچه اختیاری یاردمده بولونغان. حافظ آخون توماقچی 2، قربان آخون ایکی، عل آخون ایکی، احمد چولڭ ۱، خالقیم ۱، بهاءالدن آخون ۱، توردی آخون ۱، بکری آخون ۱، اسماعیل آخون ۱، یوسف آخون ۱، رحمت‌الله قاری ۱، امین قاری ۱، عبدالرحیم آخون ۱، عبدالقادر آخون ۱، تاش آخون ۱، عبدالطاهر آخون ۱، عبدالرحیم آخون ۱، عبدالعزیز رحیم آخون ۱ قولاقچا یاردم قیلغان بو لارغا ناحیەلك تورك اویغور اویوشما سی کوب رحمتلەر سونماقدا دور: غ . ج

( باشی 1 ـ بتده )

تیل فلسفه‌سی، 16 ـ تاریخ فلسفه‌سی، 17 ـ سوسیولوژی و آتنولوژی 18 باشلانغوچ و اورتا زمان فلسفه‌سینک تاریخی 19 ـ یاڭی زمان فلسفه تاریخی.

1952 نجی ییللق کونگره نڭ بروکسلده و اوندن کیینکسینڭ تورکیه ده اونکوزولوشی توختام قیلندی.

4 ـ بزانس کونگره‌سی: ایکی کونفرانس حالیدا پارسدا 27 نجی ایپولدن 2 نجی آوغوستقا قدر، بروکسلده 4 نجی آوغوستدن 14 نجی آوغوستقا قدر اونکوزولگه‌ن بو کونگره‌ده 21 ملت اعضاسی آیریم ـ آیریم تپلیغله‌رده بولوندی. بوندن کیینکی کونگره 1950 نجی ییلی ویانادا توپلانغوسیدور.

5 ـ اونسکو کونگره‌سی: 35 ملت اعضاسینڭ قاتناشیشی بله‌ن آنگلتره‌ده توپلانیب 40 کون دوام قیلدی. تورکیه طرفیدن قاتناشقان امین حکیم گل «مکتب بالاسینڭ اوسوشی» بله‌ن «معلمله‌رنڭ بو خصوص اوچون یتیشتورولوشی» اوستیده مذاکره یورگوزدی. دنیا ملتله‌ریگه گراژدان یتشتورگوچی کورس اوچون کوبله‌گه‌ن قرارلار آلندی. و الدیمزداکی ییللار ایچیده اونسکو فعالیتله‌رینڭ اعضا مملکتله‌رده تخیمو آکتیف صورتده قنات یاییلشیغا قرار بریلدی.

6 ـ خلق آرا شرقیات کونگره‌سی:

7 ـ خلق آرا عقیل ساغلاملقی کونگره‌سی: 11 ـ 29 نجی آوغوست آراسیدا لوندوندا 50 ملتکه منسوب 2000 اعضانڭ اشتراکی بله‌ن «بالا روح طبابتی، طبی روح تدا ویله‌ری» «بین‌الملل عقیل حفظ صحه‌سی» حالداکی کونفرانسلار بله‌ن اونکوزولدی.

## بیر اعضا حکایه‌سی

برنجی دنیا سوقوشینڭ مشهور فلد مارشال ویمار آساسی قانونی بله‌ن قورولغان المان جمهوریتینڭ ایکنجی جمهور رئیسی هندینبورگنڭ میسنه‌ر دیگه‌ن بیر باش کاتبی بار ایدی. بو ذات برنجی جمهور رئیسی سوسیالست ابه‌رتکه باش کاتب بولغانیده‌ك ناسیونالست هندینبورگقا، اوندن کیینکی ناتسیست هتله‌رگه هم اوخشاش صداقت بله‌ن خذمت قیلغان ایدی. جمهور ریاستی اداره‌سیده همه ایشکه میسنه‌ر حاکم ایدی.

کونله‌رنڭ بریده بو اداره‌داکی عملدارلار بك ملایم و عقللق بیر ذات بولغان میسنه‌رنڭ کوتوش اویده بیر آلمانغا قاتتیق آواز بله‌ن واقیراب یانقاتلقینی تویدیله‌ر. عملدارلارنڭ آراسیدا میسنه‌رگه انڭ یاقین بولغان بیر عملدار کوتوش اویگه کیردی. بو یرده میسنه‌ر، یانچوغیدن چقاریب بیگه‌ن که‌نپیتنڭ کاغذینی اوسته‌لنڭ اوستیگه تاشلاغان بیر زیارتچیگه:

ـ هه‌ی کشی، بو کاغذنی بویرگه تاشلاسا بولامدور، سن الله دن قورقماسن؟ دیب واقیرار ایدی.

زیارتچی بك قورققان ایدی. عملدار میسنه‌رگه یاقینلاشیب:

ـ افندیم، بوندن خفا بولادورغان هیچ بیری یوق. خذمتچیله‌ر تازالار.

اورونلوق سوزله‌ر بله‌ن اونی یوماشاتیشقا تریشدی. بو سوزله‌رنی آڭلاب تخیمو آچچیغلانغان باش کاتب، هندینبورگنڭ اویگه اشارت قیلیب:

ـ وای، خدا! مینی بیلمه‌یدور دیمسن. کیینکی وقتله‌رده بو قیری (هندینبورگ) نه‌ده بیر کاغذ کورسه، درحال سوسون قلمی بله‌ن قول قویغا دورغان بولوب قالدی. سنڭ ایشڭ بولماسا بوندن کیین قول قویولغان کاغذله‌رنی توپلا!

جوابی بله‌ن عملدارنی قیزارتدی.

* * *

رحمتلك هندینبورگ، اوز وقتیده، باش وکیللك طلب قیلغان هتله‌رگه:

ـ من بوهمیالق اونباشیغا ایمس بسمارکنڭ اورونداغینی، پوچتا نظارتینی هم برمه‌یمن.

دیب جواب برگه‌ن ایدی. هندینبورگ بك قیریب کتکه‌ندن کیین، اوچرا غاندا کاغذگه قول قویوب یوروب، بیر کون هتله‌رنڭ باش وکیللك فرمانیغا هم قول قویوب تاشلادی. بو فرماننڭ آلمان ملتینڭ باشیغا نیمه‌له‌رنی کاتورگه‌نلکی معلوم.

الله، باشقا ملتله‌رنی بو تورلك اعضالاردن ساقلاسون.

## ییللقچی

( باشی اوتکه‌ن ساندا )

قاپتب اویگه کریب داریدن عذر سورادم. دارین و قالغانلر اوزون سورگه‌ن ها ها هو هی لاردن کیین اذن بردی. مڭا حاضرلانغان اویگه قایتدم. لامپانی اوچوردوم و ادیغه یاتدم.

1) مشار جنوبیدا حکوت طرفیدن آلوان یوسوندا خلقدن زورلوق و پولسز بله‌ن چاپیب آلیب کیلیب ایشله‌تیلگه‌ن ایشچیله‌ردور. بونلر کوپره‌ك بولسا ویاخود بعضاً بك آز بیر پول اوچون ایشله‌تیلور. یمه‌ك ایچمه‌کله‌رینی اوزله‌ری الیب برله‌ر. اما بو ییغتیلغان آشلقلار کوپرڭ شو بك و حاکملرنڭ قولیغا کریب یانچوقیدافالورلار. بوله‌رنڭ قولیغا تیکمه‌س، قورساقیغا کیرمه‌س، آت آیلاخانغا یول سارخانغه........

٤) ییللق 6 شهرده آدم سانی آز بولغانی اوچون چوڭ آدم ایشله‌تیش قیمتدور. و چوڭ آدمله‌رنڭ کوپره‌ك بیگه‌نی اوچون قیمتکه توختار. شونڭ اوچون ییللق آت بله‌ن اوششاق بالالارنی آز بیر نیمه‌گه ییللقغه آلار. بالالرغه ساتارله‌ر. بو بیر تورلك قوللوق بولوب شو بیر ییل ایچیده او بیچاره بالانڭ بتون بار یوقیغا شو ییللقغه آلغان بای ایگه‌دور. آتی بایننڭ سوگه‌گی آتا آناسیدندور. بو بالالار کیچك بولغانی اوچون آز برله‌ر. اما بای اوروب سوقوب بوله‌رغه بیر چوڭ کیشینڭ ایشینی قیلدورارله‌ر. بوله‌رنی ییللقغه آلیش بایلارغا هر ایکی طرفدن فائده‌لقدور. آز برله‌ر و بهاله‌ری آرزاندور. یورتیمزنڭ بیلم درجه‌سینی کورته‌رمه‌کچی بولغان معارفچیله‌ریمز ایسق اوروندا اولتوروب سوز سانقان معارف اوستازله‌ریمز اوگره‌تمه‌ن وکیله‌ری بو حقده قانچه‌لك خبردار دور. عجبا! بو ذات شریفله‌ر بیر ییللقنڭ یورتداشله‌ریمزنڭ، یاش اوسموروله‌ریمزنڭ، اولوسیمزنڭ، یاش تامارله‌رینڭ 100 ده 25 سوادسز، بیلمسز اولغانینڭ نیگز سببی اولغانینی بیلمه‌دو. بیلمه‌دم.

أرتوغرول صبری

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تلده ، اشده ، فكرده ، برلك !

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

# أرك

مدير : عيسى الب تكين
باش محرر : م . ا . بوغرا

غول - 28 - ييل - 1949
ربيع الاول 29 - ١٣٦٨

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز توركستاندور

236 - سان جمعه قمتى : آيلقى - شهرگه 3000000 اولكه دوللارى

# سياستده موفقيتنك اساسلارى

**حكومتنى حقيقى معناسى بلەن ادا
رە قيلماق صنعتى ديمەك بولغان „ سيا
ست “ نك علم ، خاراكتر و اخلاقدن
عبارت بولغان آساسلارغا يولەنمەكى
ضرور دور .**

بو گا بنائەن سياستنى بير „ مقصد
لەر علمى “ دەب آتاساق خطا ويا مبال
غە قيلغان بولمايمز . چونكه ملى بار
لق بلەن مناسبتلك بولغان پوتون مق -
صدلەرگە يتمەك اوچون صرف قيليناەور
غان غيرتلەرنك هممسى بو ككرو مفهوم
( سياست ) نك ايچيدە توپلاناەرر .
آنداغ بولغاندن كيين سياست آدمينك
أك اول ملى بارلقنك هر ساحەدە موا
فق اوروندالماقينى تأمين قيلادورغان
نشانەلەرنى توغرا بلگولەمەكى ، ايكنجى
جمعيتنى بـو مقصـدلەرگە يتكوزوش
نك واسطە يوللارينى ياخشى تاللاپ
قوللانماقى كركدور . بونك هم نتيجه
بيرشيگه لايق وهم وضعيتكه اويغون
بولغان بك ككرو بير بيلمگه احتياجى
بارلقى آپ آچوقدور .

بونك بلەن برابر سياستده موفق
بولماق اوچون يالغوز علمنك يتمەس
لكيمو بير آچوق حقيقتدور . سياست
چينك علم بلەن بيرلكدە ساغلام بير
خاراكتر و پاكزە بير اخلاقغه ايگه بو
لوشى لازمدور .

خراكتر = اداره نك مستحكم بولو
ش ، كيلب كيتادورغان تأثيرلەرگە توتول
ماسدن ، ايگيلماسدن حقيقى پرنسپلەر
گە باغلق بولوب ثبات و قرارلق بير
صورتده تعيينلق نشانەلەرگە توغـرا
يتيب بارىشنك آساسيدور .

اخلاقغه اويغونلوقنك اولچەمى ياخ
شيلقدور . ياخشينى بلگولەب چققانمو

انساننك أركين وجدانيدور . بو گا قارا
غاندا سياسى حياتداكى اخلاق ، ملى
نشانەلەرگە اولاشماق اوچون بـرگـەن
قرار و قيلغان ايشلەردە أركينلكدن آي
ريلماسلقدن باشقا بير نرسه ايمەسدور .

انساننك وجدان و مسلەك أركين
لكينك توتولوشى هر تورلك ايچكى و
تاشقى تأثيرلەردن آزاد بولوب قرار و
حركتلەرينى أركينلك بلەن تعيين قيلا
آلشيغا باغلقدور . ايچكى تأثيرلەردن
آزاد بولوش ، كشينك عداوت ، غرض ،
شخصى آرزو و منفعتدەك توبن حس
يانقا بريلمەكدن اوزينى قوتقوزوب عقل
و وجداننك بويروقيغا اويغون حركت
ايتيش بلەن قولغا كلتورولەدور . تاشقى
تأثيرلەردن آزاد بولوش بولسا يات ارا
دە نك سيقيشيدن قورتولوشدا كوزگه
كورونەدور . منا بو هر ايكى آزادلق
سياسى قراردا و ايش بجريشدە اخلاق
قا اويغونلوقنك اولچەمى وباكى آسا
سى شرطيدور . بو گا كورة هر بير سيا
ست آدمينك أركينلك و خلقچيلق دعوا
سيغا وكيللك قيلشقا حق قازانالىشى او
چون هر نرسەدن بورون ئوركينى عدا
وت و شخصى منفعت توبغولاريدن پا
كيزلەمەك لازمدور . هر مدنى جمعيتدە
سياسى كوچقا ايگه بولوش مجادلەسى
گرچه طبيعى بير ايش بولسامو ، بو
مجادلەنك شخصى منفعت حسياتيدن براق
بولماقى ضرور سانالادور . أركين خلق
چيلقدە فرقه و نظريه آيريملقلەرى فقط
لا بير بيرى بلەن توغرى كلمەگەن
فكر و پرنسپلەر اطرافيداغينه آيلانا
دور . يالغوز فكر و پرنسپلەرگە ئولەن
گەن بير كوچغه ايگه بولوش مجادله
سينك اجتماعى برابرلكنى و تنجلققا

زيان يتكوزمەسدن ملى بارلقينى تهليكه
گە توشورمەسدن سياسى حياتنك طبيع
ى شرطلەرى ايچيدە نتيجەگە يتا آلشى
ممكيندور . اوچ ييلدن بيرى خلقچيلق
پرنسپينى اعلان قيلب شو پرنسپنك
ايچيدە ياشاماقدامز . لكين بو پرنسپنك
اجراسيغا كلسەك بو پرنسپ رسمى بول
غان فكر و پرنسپلەر آراسيدا يرتيلب
تيتلب و خراكتردن محروم و اخلاقغه
اويماغان عداوت و شخصى منفعت مجاد
لەسينك توماتلارى آستيدا كوزگه كو
رونمەيدورغان اسمى بار جسمى يوق
بير حالغا كلدى . يورتومزداكى اجتما
عى برابرلك و تنجلققا مدهش صورت
دە ضربه برگەنلكينى كوروب اوتدوق .
بو سببدن ملى بارلقيمز تهلكەگە قاراب
كتمەكدە دور . سياسى حياتنك طبيعى
شرطلەرى بلەن حسابلاشقانلەر هيچ بير
ايش كورسەتيش اقتداريغا ايگه بولا
آلماغاننك تاشيدا تورلك سيقيليش و
ظلوملارغا معروض قالدى . ديمەك اص
لى پرنسپيمزگە قاراساق مقالەمزنك با
شيدا سوزلەگەنمزدەك سياستيمز علم ،
خراكتر و اخلاق آساسلاريغا يولەنمه
كى حقيقى مقصديمز ايدى . لكين بو
گونگەچە سياستيمزنى بو اوچ آساسقا
يولەب يورگوزوشكه موافق بولا آلما
دوق ، بلكه يورتومزنك كوب يرلەريدە
يورگوزولگەن سياستلەر جهيل ، خراكتر
سزلق و اخلاقسزلق آساسلاريغا بولەن
گەنلكيگە مع الاسف اقرار قيلشقا مج
بور بولماقدامز .

ملى بارلقيمزنى ساقلاش و اولكه
مزگە لايق سياسى توزومنى عملگه
آشوروش اوچون يالغوزلا سرتقا قار
شى بيرلك يتەرلك بير كوچ سانالماي
دور . بونك اوستيگه يورتداشلار

( دوامى 2 - بتده )

# اولكه و شهر خبرلەری

( چینی توركستان آژانسی و اوزەل مخابرلەریمزدن )

## بوگورده دەرنەك كیچەسی

بیلم دەرنەكیمزنك 4 نجی اولتورو می 11 غنوار كچ ساعت 8 ده حاكم ادارەسی سالونیدا اوتكوزولدی. معاون حاكم ثابت محمدی « قانداق قیلساق معارفنی جانلاندورامز » دیگەن موضوع اوستیده بیر قونوشما اوتكوزگەندن سونك حاكم ادارەسی معارف بولومی مدیری ثابت قاسمی طرفیدن معارفنی ایلگری سورمەك اوچون بیر معارف هیئتی تشكیل قیلش توغراسیدا بیر تكلیف قویولدی. اوزون بیر محاكمه و مناقشەدن سوگره بو فكر قبول كورولدی. عبدالقیوم صادقی طرفیدن هندستان مجاهدلەریدن مولانا ابوالكلام حضرتلەرینك ترجمه حالی اوقولغاندن سونك آی مخدوم « حسدخور » ناملق بیر شعر اوقودی. م. قاسم لوفنورنك كیلب چقیش تاریخی اوستیده بیاناتدا بولوندی. بوندن سوگره امین توردی، س. برات، یاسین افندیلەر « آلتای تاغلاریدا » ناملق شرقینی اوقوب اوتكەندن سونك نغمه - نوا، اوسول، غزللەر باشلانیب، هر كیم بو كیچەدن اونتولماس بیر نشئه حاصیل قیلشدی. دەرنەك كچ ساعت 12 ده تارقالدی.

بوگور مخبرلك اویمزدن

( باشی 1 - بتده )

آراسیدا بیر بیریگه قارشی محبت و حرمت منفعت و مقصد اورتاقلقیغا بولغان قریندا‌شلق تویغوسینك ییلدیزلاشی كرك دور. بوتون مذكوره ایگەلەری و اداره باشلقلارینك یورنداشلار آراسیدا عداوت و نفرت تویغولەرینی پیدا قیلادورغان سوز و حركتدن قاچماقلەری بیر یورتسیورلك وظیفەسیدور.

كوب اسینكه 3 ییل ایچیده نه سیرتقا قارشی بیرلك ونه اوز آرا محبت و حرمت ونه منفعت و مقصد اورتاقلقیدن عبارت بولغان ملی بارلقنك بولەنچوكلەریگه بولەنگەن ملی گروهیمز بك آزچیلق و كوچسز بولوب بعضی اداره باشلقلارینك بولەرگه قارشی عداوت و نفرت توغدورادورغان سوز و حركتلەری نتیجەسیده عمومی خلقنك بیرلكی و اوز آرا محبت حرمت و قریندا‌شلق حسیاتینی اورونلاشتوروشقا موفق بولا آلمادی.

منا بونك نتیجەسیده حكومت خلقچیلق سیاستیده موفق بولا آلمای كلمەكدەدور. چونكی سیاستیمز یوقاریقی علم، خراكتر و اخلاق آساسلاریغا توپ توغری تایانمادی. غرض، عداوت و شخصی منفعت حسباتیدن عبارت بولغان تویبن تویغولەر یورتنك هر یریده حاكم بولوب الدی.

موندن كیین حكومتنك دقتینك بو نقطەده توپلانماقینی و اوز سیاستینك بو مهم آساسلەرگه تایانیب توزونولمەكینی، علمسز: جاهیل و متعصبلەرنی، خراكترسز: وضعیتو شرائط قوللەری بولغان شخصی منفعت پرستلەرنی اخلاقسز: خلق آراسیغا عداوت و نفرت اوروغلارینی ساچادورغان بوزوقلەرنی بختسز یورتومزنك سیاسی ساحەسیدن اوزاقلاشتورماقینی امید قیلامز.

اگر مونداغ بولماغاندا سیاستنك موفقیتسزلكی دوام قیلادور، او حالدا یورتومز و خلقیمزنك عاقبتی بك فاجعەلك بولادور. چونكی اولكەمزدەكی عملگه آشورولوب كلگەن سیاستنك كورولوشی بیر طوایف الملوك ( پارچه پارچه خانلقلەر ) سستمینك كورونوشیدن باشقا بیر نرسه ایمەسدور. مونداق بیر كورونوش آستیدا أسكی و اورتا زمانلاردا خلقنك نه قدر ایزیلگەنلكی و یورتنك نه قدر ویران بولغانلقی و نتیجەده خلق و یورتنك مدهش فاجعەلەرگه اوچراغانلقی تاریخدا كوب كوب تكرارلانغان آچچیق خاطرەلەردور. اما 20 نجی عصر مونداق أسكی چاغلار خاطرەسینك تكرارلانیش عصری ایمەس و بونی تحمل قیلا آلمایدور. حكومتیمزنك عصری بیر حكومت ایكەنلكیگه ایشانامز. عصری بولماغان احوالنی عصری تدبیر بلەن یوق ایتیب بوتون اولكەمزنی بیرلا سیاست و اداره سستمی گه باغلاشینی ایستەیمز.

## یازوچیلق مسابقه سیگه دائر

47 نجی ییلی دیكابردا سابق رئیس مسعود بك صبری طرفیدن حركتلەندورولگەن ادبیات مسابقه سیگه توركستاننك هر یریدن قیزغین صورتده یازولار تقدیم قیلنغان ایدی.

آلنغان خبرگه كوره توركچه یازولارغا برنجی قانیم بها قویولغان و چینچه یازولارغا بوگون - أرته ایچیده بها بریلگوسیدور. مكافات اوچون حاضرلانغان میدالیەلەر 15 سر آلتوندن عبارت بولسا كرەك.

## نفوس تكشوروش حقیده بیر مجلس

اونكەنده ایچكی ایشلەر نظارتی مركز قانونیغا آساسلانیب، اولكەمزده نفوس تكشوروش و خلققه فقرالق گواهنامەسی تارقاتیش موئسسه سیگه عائد نظامنامه اجرا قیلش چارەلەرینی توزوب اولكەلك حكومت هیئتلەر مجلسیگه تاشلاغان ایدی. اولكەلك حكومت هیئتلەر مجلسیده لیو شاولی، اردەنی، ثالث، جوك دیخوا، عبدالعزیز مخدوم قتارلق 11 كشیدن عبارت بیر غروپپاغا تاپشوروشقا قرار قیلنغانلقدن 22 نجی غنوار كونی اولكەلك حكومت مجلس زالیدا بو كچیك غروپپا مذاكره اوتكوزگەن. مجلسده نفوس تكشوروش و گواهنامه تارقاتیش چارەلەری حقیده 2 ساعت فكر یورتكەندن كیین بیر نقطەغه كلگەن توزولگەن چاره و منداكره نتیجەسی كلەچەك اولكەلك حكومت مجلسیگه تاشلانغوسیدور.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بىزدە علمگە قدرسزلك

( كورلا خبرى ) مخبرلك اويى ،
تورك اويغور اويوشما ، خلق معارف
يورتلارينك تشببثى ايلە „ أرك “ ،
„ يالقين “ ، توركچە شگجاك غزتەلەرى
نك مشتريلەرى اوزلوكسز كوپەيمەكدە
دور. بيز بونك ايلە افتخار ايتەر ايكەن
مز ، لكين بعضا „ منور “ لەريمز غز
تەنى همان تماكو اورواب چكمشلەردور.
تگرى برگەن كوز ايلە غزتەدە نيمەلەر
بارلغينى كوروب ، تگرى برگەن عقيل
ايلە غزتەلەر قانداق بير محنت آستيدا
چيقب يانقانلقينى اويلاب بيلش قيين
بولماس .
بيز بونى كوب يردە عيبلادوق .
همەلەر آلديمزدا بك ممنونيتلە قبول
كوروشكەن بولديلەر. اما بو عادتدن
قالمادى ... آچينيب سوزلەدوك : بعضى
لەر „ اوقوب ينە تويماى اچيمزگە سگ
لەوروب يانامز ... “ دەب كولەدور. حقي
قتەن بو بوگونكى ملى اويغانيش دو
ريمزدە بيوك اونومگە ايگە بولغان مط
بوعات ميوەسينى اياق آستى قيلغانلق
بولوب اونك ضررى كچيك ايمەسدور .
سز ملتچى ايكەنسز ، ملتنك جفا امگەك
ايلە قولغا كلتورگەن اوتوقينى قدرلشي
گز لازم . غزتەلەردە عام جوهرلەرى
يازيلماقدا دور. بونى دقت ايلە قاراسي
گز بيلە آلاسز . ديمككە : اوزينى
يورت بالاسى ، و ملتچى ساناغان هربير
منورلەريمز بو خيل يمان أفعالنى چكلە
مەكى لازم كلور . غزتەگە مشترى بو
لوك ، هر بير غزتەنى باشدن آياق او
قوب چقيلك ، قرداشيگزغا اوقوب بريلك ،
سوگندە : غزتەنى رتلك توپلاب قويولك
بو سزگە تاريخى قوللانما - يادكار
بولغوسيدور.
تيتك

☆—( ☆☆☆×☆☆☆ )☆—☆

# خوتن دارالعاجزينيدا

خوتندن آلنغان خبرگە كورە دارال
عاجزينداكى عاجزلەرنك قيشلاق كييم
مسئلەسى علاقەدار اورونلارنك قيزغين
ياردم قيلشى آرقاسيدا بوندن بير نچە
كون بوروت كشى باشيغا بير كشيلكدن
ياختالق كييم تارقاتيب بيرلگەن .

☆☆☆ ☆ ××× ☆ ☆☆☆

# كورلادا تف خستەلكى

هوانك اوزگرشى بلەن كورلادا تيف
( قيزيتما ) خستەلكى پيدا بولغان و
تارايشقا باشلاغاندور. ساغلق مديرلكى
قرا شهر خستە خانەسيگە درحال چارە
كور مەكينى بيلدوروب تلغرام
چككەندور .

# تاشقى خبرلەر

( 25 نچى غنوار راديو خبرلەرى )

( آنقرە ) ترومانلك دنيانك كيين
قالغان مملكتلەريگە ياردم قيلش توصيە
سيغە بنائەن پروغروما حاضرلاندى و
بير مليارد دوللار بلگولەندى و ايستە
گەن مملكتلەرگە قرض شكليدە بريلمەك
چى بولوبدور .
( وارشاوا ) موسكودا بير اقتصا
دى كونفرانس توپلاندى . بو كونفرا
نسقا ساويت ، بولغارستان ، رومانيە ،
مجارستان و چيكوسلواكيە قاتناشدى .
( شام ) فلسطينى اوردونغا قو
شوش اچون ملك عبداللەنك تشببثى
گە عراق حكومتينك قاتناشقانلقينى
عراق حكومتى سوريە دولتيگە بيلدور
دى. يهودى دولتينى فرانسا تونودى .
( طهران ) ايراننك 7 ييللق پلا
نينى ملت مجلسى قبول قيلمادى. ينە
بير طرفدن بو پلاننى تدقيق قيلادور
غان آمريكان متخصصلەرى طهرانغا كيل
دى .
( نيويوروق ) نيويوروق شهر
حكومتى بير آتوم انرگيسى كورسى
آچماقچا قرار برگەنلكينى رسمى بيلدور
دى . و „ آتوم دوريدە يتشكەن بالا
لاريمزنك آتومدن فائدالانشى و آنك
تهلكەلەريدن ساقلانماق يوللارينى بيلي
شى بك مهم بير مسئلەدور “ ديدى .
( پاكستان ) كشمير مهاجرلاريدن
پشاورداكى مگلەرچە كشيگە پاكستان حكو
متى تورت يويزدا كييم و دارو كراچيد
دن آليب كيلب تقسيم قيلندى. بين ال
ملل اوزوق كونفرانسى مكسيكادا 46
دولت وكيللەريدن مركب بولوب آچيلدى.
( پاكستان ) مالايادا اغتشاشچيلەر
ايلە حكومت عسكرلەرى قاتتيق سو
قوشماقدادور .
( پاكستان ) لك سكسەدە ايندونيز
يا حقيدە مذاكرە بولدى . بير پارچە
وكيللەر آسيا كونفرانسينك فكرينى ياق
لاماقدا و بير پارچەسى بيرلەشكەن ملت
لەر قوروميدنك ايندونيزيا هيئتينك را
پورينى ياقلاماقدادور .

( باشى 4 - بتدە )

قان دفتى شول كشيگە مركزلەشدى .
كوپچيلك غربى شمالداكى عملى فاكتلەر
دن اونك ايكى تورلك آساسى تشبثنك
توغريلقينى بيلدى ، و بونك جونگونى
خطردن قوتولدوروب خلقنك خطر اوسـ
تيداكى تقديرينى ساقلاب قالادورغان
بيردن بير توغرا يول ايكەنلكينى تو
نيدى . آخرى اونك وهمدە دولت ايچي
داكى تنجلق زانلارنك ترشيشى بلەن
تنجلقنك ايشكى آچيلدى . گرچە بوگون
گە قدر بوتون يوزلك تنجلق گەودەلك
يوز برمەگەن بولسامو ، لكين بوتون
دولت خلقنك قيزغينلق اميدى آستيدا
الك آخيردا وجودقا چققوسى . شونك
اوچون بيزلەر بوگون تنجلقنك يوز بير
شيگە خوشهاللق قاراشدا دورمز . دولتي
مزنك براق چەك آراسيدا بولوبمو ،
جانك جى جوك افنديمنك سياسى تشبثلە
رى آلدى بلەن اجرا قيلنغان شگجاك
كلەچەكدكى باى كوچلك و خوشهال
خرام بيوك جونگونك قوچاغيدا البتە
پارلاق استقبالغا ايريشەدور .
الحاصلى بيزلەر شونداق ايشانچ
باغلاشيمز لازمكى كلگوسيدەكى تنجلق
بيرلك ، خلقچيلق ، انفاقلق آساسيداكى
ياڭى جونگو البتە وجودقا چقادور .
همدە تنجيلق ، بيرلك ، خلقچيلق ، انفاق
لق آساسيداكى ياڭى جونگو بولغاندا
بزلەر اميديمزگە يتيب آلالايمز .

# بوتون يوزلك تنجلقدن اميد

( . خنسوچه شكجاك غزته‌سى • نك باش مقاله‌سيدن الندى )

رئيس جمهور جاڭ جوڭ جاڭ 21 نجى غنوار كونى چقارغان مراجعتيده اوزينڭ خدمتيگه استعفا برگه‌نلكينى اعلان اتدى. و شو كونى كچ ساعت 4 ده مخصوص آيروپلانغا اولتوروب نانكيندن اوز يورتى فين خوا ناحيه‌سيگه قايتدى.

رئيس جمهور نڭ بو استعفاسى، بوتون دولتده تنجلق اورنتيش اوچوندور. رئيس جمهور ياڭى ييل كونى چقارغان مراجعتيده „ اگر تنجلق اورناتيشدن اميد بار ايكه‌ن، منڭ خدمتده توروشوم وياكى چكنيب چقشيم هيچ گپ ايمه‌س، بونداكى مسئله، دولتده‌كى بوتون خلقنڭ فكرينى محافظت اتمه‌كدور “ ده‌ب اوتكه‌ن ايدى. 21 ـ كونى چقارغان مراجعتيده، بو مسئله‌نى تخيمو آيدينگلاشتوروب ـ „ دولت روحينى و دولتنڭ خوجلوق حقوقينڭ بوتونلكينى ساقلاب قالماق؛ جمعيت ترتيبينى ويرانچيلققا اوچراتماساق و خلق أركينلكينى محافظت قيلماق شرطى آستندا تنجلقنى قولغا كلتوروش اوچون خدمتمگه استعفا بردم “ ده‌ب اوتدى. اونڭ بو حركتى، بيوك بير سياسيوننڭ روحينى كورسه‌تدورغان بير افاده دور. اونڭ بو خيل دولت و خلقنى مهم كوروب، اوزينڭ شخصى شان شرفيدن كچكه‌نلكى اونڭ نه قدر بير دانشمند ايكه‌نينى كورسه‌تدورغان بير حركتدور.

بوتون يوزلك تنجلقنى وجودقا چقاريشدا ينه بير قانچه قينچيلقلر تورغان بولسامو، لاكين حكومت تنجلق اوچون قطعى نيت بلگوليدى.

بيزلر بوروندن كورسوتوب كلگه‌ندك جونگونڭ حاضرقى اڭ مهم احتياجى جاڭ جى جوڭ افنديڭ شڭ جاڭدا اورناتقان سياسى تشبثيدور. ديمه‌ك: جونگومو گويا شڭ جاڭغا اوخشاش تنجلققا، بيرلككه، خلقچيلققا، اتفاقلققا محتاجدور. بيزلرگه معلومكى جونگو دنياداكى مدنيتلك قديمقى دولتلرنڭ بيرسى بولوب اوزون ييللق تاريخ و اڭ گوزه‌ل عنعنه‌گه ايگه‌دور. جونگو بش مڭ ييلدن بويان تنجلق مدنيتى ايچيده ترقى قيلب بوگونكى كونده 450 مليون نفوسلوق هر بير ملت خلقلارينڭ بيوك وطنى بولدى.

بختكه قارشى ياقينقى بير قانچه ييللاردن بويانقى ايچكى پراكنده‌چيلك و تاشقى آفتلر دولت روحيغا زور تاثير يتكوزدى. خلق تورموشى قينچيلق ايچيده قالدى.

لكين تاريخ بوزيده‌كى بو قارانغو كونلر وقتلك بولوب نهايتى تيز آرادا اوتوب كتكوسى. اگر هر بير جونگو خلقى عاممه‌وى ايشه‌نچينى مستحكمله‌ب دولتنى تنجلقدا توتوب، دولت قوروشنڭ كڭ بوليغا قاراب ماڭيب دولتيمزنڭ كڭ زمينى مول مادى منبعلرى تورغونلاغان نفوسى و اوزون تاريخلق مدنيتيگه ينه 10 ـ 20 ييللق سعى اجتهادنى قوشسا باى و كوچلك خوشهال خرام دولت بولالايدور. شوڭلاشقا حاضر بوتون كوچ بلن همه قينچيلق مشقتلاردن قايتماسدن تنجلقنى ابدى اورناتماق اوچون چاليشماق لازم. چونكى فقط تنجلق بولغاندالا قورولوش ايشلريگه كريشكه‌لى بولادور. فقط تنجلق بولغاندالا اوشبو وقتلك تاريخى قاراغو كونلرنى توگوتوشكه بولادور. شونڭ اوچون تنجلق بوتون دولت خلقينڭ كيچه ـ كوندوز استه‌گى بولوش بلن كوپچيلكنڭ بيرلكده يتمه‌كچى بولغان مقصديدور. رئيس جمهورنڭ بو خيل دانشمنلك و كسكين تدبيرى بيزلرنڭ اويومز ده‌كيلاردن خالى ايمه‌س. چونكى بيزلر بيلمزكه رئيس جمهور سوڭ جوڭ سه‌ن افنديڭ انقلابى ايشلرينى دواملاشقورغوچى داميدور.

سوڭ جوگسه‌ن افنديڭ انقلاب قيلشداكى مقصديمو جونگونڭ أركينلك و برابرلكينى قولغا كلتوروشدور. فقط جونگونڭ أركينلك و برابرلكيگه حقيقى كفالت بولسالا سوڭ جوگسه‌ن افندى مقصديگه يتكه‌ن بولوب رئيس جمهورنڭ وظيفه‌سى اورونداالغان بولادور. كوز آلديمزداكى وضعيت بيزلرگه آشكارا كورسه‌تدىكه: تنجلقدن باشقا هيچ قانداق چاره بلن سوڭ جوگسه‌ن افنديڭ انقلابى مقصديگه يتيشكه مومكين بولمايدور. شخصينڭ چيكنيب چيقشى بلن انقلابى آفتلرنڭ بيوك مقصديگه يتكه‌لى بولسا، شخصينڭ شان شرفى بلن انقلابى ايشلارنڭ آغير يتيكلكينى سالشتورغاندا رئيس جمهورنڭ چيكنيب چيقشى دانشمندلكدور. بيزلر اونڭ دانشمندلك تالليشينى مونلق حمايه قيلامز.

بويرگه كلگه‌نده بيزلر غربى شماليداره قيلب تورغان سه‌زگور و سياسى عالملق كوز قاراشى بولغان جاڭ جى جوڭ افنديني كورسوتوب اوتمه‌ي بولمايدور. آزادلق اوروش غالبيت قازانغاندن كيين جاڭ جى جوڭ افندى ايچكى و تاشقيغا قاريتا 2 بيوك سياسى تشبثنى اورتاغا آتدى. بو بولسامو، ايچكى طرفدن تنجلق و قوروشنى ايسته‌ش و تاشقى طرفدن جونگو بلن ساويتلار اتفاقينڭ دوستانه‌لك محبتينى يوكسه‌لدوروشدور. 3 ـ 4 ييلدن بويان جاڭ جى جوڭ افندى اوزينڭ اوشبو تشبثينى هر قانداق احوالانلار آستيدا بولماسون فقط اوزگرتمه‌دى و آخريگه‌چه دواملاشتوردى. اوتكه‌نده اونڭ بو تشبثى گرچه خلمو ـ خيل قينچيلق سببلر بولغانلقدن بير وقتدالا بوتون يوزلك وضعيتكه اشله‌تيلب كتمه‌گه‌ن بولسامو اما غربى شمالده شڭجاڭدا او بوتون كوچينى صرف قيلب بو ايكى تشبثنى يورگوزدى. شونداق قيلب او غربى شمالغا بولوبمو شڭجاڭغا تنجلق و خاطر جمعلكنى اورناتدى.

2 ييلدن آرتوق جرياندا جاڭ جى جوڭ افندى غربى شمالدا تنجلق اورناتيشقا يول آچدى. بوننڭ بو قانمقى بوتون دولت تنجلق احوالاتينڭ قاناتيايشيغا حقيقتدن بلگوله‌ش خاراكتريداكى تاثيرى بولدى. او اوتكه‌ن ييل 11 نجى آيدا لانجودن نانكينغا بارغاندن كيين شبو دولت خلقينڭ عموملاش

( دوامى 3 ـ بتده )

آدريس :
اورومچى ياڭغاك
التاى كوچاسى نومرى 13 التاى نشريات اداره‌سى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com


عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

تلده ، اشده ، فکرده ، برلك !

# أرك

مدیر : عیسی الپ تکین
باش محرر : م . ا . بوغرا

٤ ربیع الاخر ١٣٦٨ ه

2 فیورال - 2 ییل - 1949

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

237 - سان    چهارشنبه    قمتی : ایلقی - شهرگه 3000000 اولکه دوللاری


# بوگونکی جوڭگو احوالی

( مخصوص مقاله )

الماس

بوگونکی جونگو زورخەوف آستن دا قالدی . مرکزی حکومت ایله جونگو کامونستلەری اورتاسندا 20 نچه ییلدن بویان داوام قیلیب کەلگەن کوروش اڭ آخرقی چەککە یتیب کلدی . بو بیر نچه آیدن بویان کامونستلەر حربی جهتدن اوستونلك قازانیب کلدی . ایچکی سوقوشنڭ بو قدر زورایب کتکەنلیکی خلق اوستده بولغان آغیرلقنی دخیمو آشوروب تاشلادی . اوزون ییلدن بویان سوقوش دردینی کوب تارتقان جونگو خلقی بوگون ایچکی سوقوشنی توختاتیب تنچ حیات کوچوروش آوازینی اورتاغا آتدی . هر بیر شهر ، هر بیر جمعیتلەر مرکزی حکومتکه تیزدن سوقوشنی توختاتیب تنچلق اورناتیشنی طلب قیلدی . بو سببدن مرکزی حکومت کامونستلەرگه درحال سوقوشنی توختاتیب تنچلق صحبتی باشلاماقغە تکلف بردی . بونگغا قارشی کامونستلەر سوقوش توختاتماق شرطی قیلیب 8 تورلی طلبنی اورتاغا آتدی . مرکزی حکومت بو 8 تورلی طلبنڭ معلوم پارچالەرینی قبول قیلا آلمایدیغانلقینی ، اما بو حقده صحبت باشلاشقا راضی ایکەنلیکینی غیری رسمی حالدا اظهار قیلدی . اما سوقوش هیچ توختامادی . تنچلق اورناتماق ، صحبت باشلاماق اوچون رئیس جمهور چاڭ زوڭ توڭ اوز اورنیغا لی زوڭ رینی قویوب اوزی استعفا بردی . مرکزی حکومتکه وکالتا شاو لی زی ، چاڭ جی جوڭ باشلق بیر نچه نفر آدملەر پەیگەنگه باریب کامونستلەر ایله صحبت باشلاماق اوچون نانکیندن شانگخەیگه باریب اونداکی فرقەلەر ایله سوزلەشیب نانکینغا قایتیب کلدی . دیمەك جونگو مسئلەسی بو جایغا یتیب کلدی . امدی بو تنچلق صحبت حقنده تورلی طرف تورلی بها بیریشمەکده .

آمریکا ، أنگلیه مطبوعاتلاری بو مسئله حقیده شونداق فکرگه کلمەکده . کامونستلەرنڭ بو قایتقی 8 تورلی شرطینی مرکزی حکومت قبول قیلدی دیمەك مرکز ، کامونستلەرگه شرطسز تسلم بولدی دیمەکدور . مرکزی حکومتنڭ تاووریغا قاراغاندا بو 8 تورلی شرطنی قبول قیلادورغاندەك ایمەس ، اگر کامونستلەر بو 8 تورلی شرطینی بوشاتسا ، تنچلق صحبتدن نتیجه چیقار ، اگر بوشاتماس ایکەن ، مسئله ینه حل بولالمای قالادور . سوقوش ینه دوام ایتەر دیگەن قناعتده تورماقدا .

جونگو کامونستلارینڭ مطبوعاتیغا قاراغاندا ، اولەر شونداق بیر فکرنی قوتلەمەکده : مرکزی حکومتنڭ بو قایتقی تنچلق صحبت دیگەن فکریده احتمال برسو قصد بولورغا کرەك . اگر مرکزی حکومت کامونستلارنڭ 8 تورلی شرطینی قبول قیلسا ، سوقوشنی توختاتماق لازم . اگر او شرطلەرنی قبول قیلا آلماس ایکەن ، کامونستلارنڭ 8 تورلی شرطینی بیر آز مو بوشاتماسلق لازم . بیز دیگەنگه معقول دیسه دیسون ، بولماسا ، مسئلەنی سوقوش ایله حل قیلماق لازم دیگەن افادەنی کورسەتمەکده .

بعضی بیر بیطرف مطبوعاتلەر ، گومینداڭ فرقەسی ایله کامونست فرقەسی اورتاسنداکی ماجرانی حل قیلماق و تنچلق اورناتماق اوچون یالغوز بیر تورلی چاره بار ، او بولسامو ، جونگوده اقتصادی طرفدن کامونیزمنی ، سیاسی طرفدن خلقچیلقنی یورگوزمەك ، یعنی توزومده کامونیزم توزومی بولسامو ، حکومتچیلك ، ادارەچیلك ایشلەریده خلقچیلق یولی ایله یاڭیدن بیر حکومت تشکیل قیلماق لازم . اگر مسئله شو یول ایله حل قیلنماس ایکەن ، ماجرا ینه دوام قیلادور دیگەن فکرنی قوتلەمەکده .

بعضی بیر سیاستچیلەر بو مسئلەگه ، جونگونڭ بوتون خلقی تنچلق طلب قیلیب تورغانلقدن نمه بولسا بولسون تنچلق صحبتدن بیر نتیجه چیقمای قالمایدور دیگەن بهانی بریشکەن بولسا ، یانا بیر تورلی سیاستچیلەر ، بوگونکی جونگو مسئلەسی بیر بیریگه قارشی 2 فرقه اورتاسنداکی مسئلەدور . بو 2 فرقه بیر بیرسینی یەڭمو گونچه مسئله حل بولمایدور دیگەن نظریەنی قوتلەمەکده .

اگر صحبتدن نتیجه چیقمای یانا سوقوش اوزلوکسز دوام قیلغان تقدیرده ، آقیبت نیمه بولور دیگەن مسئلەگه بوگون 2 تورلی قاراش بار . بیر تورلی سیاستچیلەر ، بو قایتقی ایچکی سوقوش جونگو ایله یاپون اورتاسندا بولغان 8 ییللق سوقوشقا اوخشامایدور . اگر نانکین قولدن کتیب قالسا ، سوقوش تیز تمام بولادور . دیمەك کامونستلار غالبیت قازانادور دیگەن فکرنی اورتاغا آتماقدا . یانا بیر تورلی سیاستچیلەر ؛ جونگو مسئلەسی او قدر آسان بیر مسئله ایمەس ، بو ایچکی سوقوش آسان تمام بولا آلمایدور . اگر تنچلق صحبتدن نتیجه چیقمای ، کامونستلار شرطینی بوشاتمای قاتتیق توروب آلیب ، یانا سوقوشقا کریشیب

( دوامی 2 - بتده )

# سوڭ بير دەرنەكدە بير اولتوروش

حرارت بلەن كوتولوب كلگەن بيلم
دەرنەكيمزنڭ 18 نجى اولتورومى 29
نجى غنوار ( شنبه ) كيچەسى ساعت
7 دە توپلاندى. اويغور، قازاق اوز
بك و تاتار آيمالاريدن بولوب 200
گە يقين ياشلاريمزنڭ باشى منورلەريمز
نڭ قاتناشيشى بوگونكى دەرنەك قلوبي
غا مخصوص بير نور ياغدورماقدا ايدى.
قورولغانيدن بوگونگە قدر هيچ عذر
سز قاتناشيب كلگەن، بيلم دەرنەكيمزنى
شرفلەنديروب بركەن و ياشلاريمز نڭ
علمى و مدنى فعاليتلەرينى بيوك بير
سيوينچ و آتشين بير زوق ايچيدە
سير قيلب كلگەن مسعود بك صبرى،
محمد امين بگ بوغرا، عيسى بگ آلب
تكن باشدا بولغانى حالدا يورتومزنڭ
معتبرلەرى يغيلغان بير وقتدە دەرنەكنڭ
آچيق ايكەنلكى پولاد قادرى طرفيدن
اعلان قيلندى. بو دفعه تورك قازاق
ادبياتى خصوصيدا كونفرانس برمەك
اوچون تكليف قيلنغان كريم افنديڭ
مهم بير خصوصى ايشى بوزيدن تاغقا
چيقب كتكەنلكى توغراسيدا ايضاحات
برگەن پولاد قادرى، شو ساعتدە كون
فرانس اوچون باش محرريمز و بيليم
توركوميزنڭ مديرى محمد امين بگ
بوغرانڭ تكليف قيلنغانلقى، هيچ بير
تيارسزلق كلگەنى حالدا « تورك تاتار
تاريخيغا بير باقيش » قونوسى آستيدا
بير كونفرانس برە دورغانلقى حقيدە
سورلەب بوتون دەرنەكچيلاريمزنى بريب
لەدورغان مهم بير بيليم بلەن مژدەلەب
اوتدى.

توگرمەس بير خزينە بولغان و
باش آياغى تخى آنيق سزيلماغان ملى
تاريخيمزغا عائد بيرناچە مهم كونفرانس
لارنى برگەن محمد امين بگ بوغرا آل
شلار ايچيدە تورك تاتار تاريخينى بير
مو بيز ورقلەشكە باشلادى. تاتار خلقي
نڭ كيلب چيقشى، باشدن اوتكوزگەن
تاريخى وضعيتلەرى، تاتار اسمينڭ كي
ليب چيقشى، بو كڭ محيطدا قيلغان
آقينلارى، قورغان دولتلەرى حقيدە بك
مهم و اوزون بير تاميناتدا بولونغاز
دن سوڭ، بو معظم « بلغار دولتى »
نڭ باشيغا كلگەن فلاكتلەر حقيدە بير
آز توختاب اوتدى. عزيز ايلينى قوغ
داش بوليدا كورسەتكەن فداكارلقلارى
و برگەن قربانلقلارى، چارلق روسيه
سى طرفيدن كورگەن آغير ظلملارى
حقيدە تفصيلاتدا بولوندى. بير ياريم
ساعت قدر سورگەن بو قونوشما آيا
لاشيش بلەن بوتون دەرنەكچيلاريمزنڭ
قيافتيدە بو كونفرانسنڭ تاثيرلەرينى
ايزلەرينى كورەر ايديكز.

شاعريمز اوتكور افندى طرفيدن
بوندن بورون اوقولغان توركستان فيدا
ئيسى نور على نورخان داستانيدن بير
قانچە پارچەلەر بريلگەندن سوڭ محمد
تاتاق « ناله »، قاوسلخان « تەگشەل
مەگەن دنيا »؛ « زمان »، « علاجم
نە »، « هنرلى أنى كورگەندە »،
اويغور عادل « حقيقت ايستەمسن ».
عبدالرحمن توختى « اونتوشگەگە »،
هاشم امين « دردلك باشم »، م.
توختى « محيط » و « ياشاسون دەر
نەك » ناملق شعرلەرينى توركچە خاص
بولغان جوشقون بير روح و جانلق
بير آهنگ بلەن اوقوب اوتدى.

بير ياريم ييل قدر آز سورگەن
ملى اويغانيش جريانيمزدا بو قدر
باش شاعرلاريمزنڭ اورتاغا چقيشى،
ملى بارلقيمزنى و ملى منلكيمزنى
قوغداش بوليدا بيوك بير جسارت بلەن
قوليغا قلم ليشى، حاصلى، قلميدن
تامغان هر سياه تامچەسيدە مليت مفكوره
سينڭ جوش اوروب توروشى، هر كيمه
نى سيويندورەر، پارلاق كلەچەك حقي
دە توشەندورەر ايدى.

تقدير، تنقيد كوندەميدە مسعود
بك صبرى، محمد امين بوغرانڭ بر
گەن كونفرانسينڭ اهميتينى ساناب اوت
كەندن سوڭ تورك تاتار تاريخينى توغ
را و علم ميدانيدا توروب آڭلاتقانلقى،

( دوامى 3 - بتدە )

( باشى 1 - بتدە )

كتكەن تقديردە بو سوقوش اوزونغا
دوام قيلادور. تانكين، شاخەيني قولدن
بريب قويغاندن سوڭ جوگچەكگە ياريب
آليب بير زور ياپون دولتى ايلە 8 ييل
سوقوش آليب بارغان مركزى حكومت
بو سوقوشنى هم اوزونغا سورەيدور.
بوگون مركزنڭ قولندا بير مونچە توف
راق، بير مونچە آدم، بير مونچە
قوت تورغان جايدا او، آسان تسلم
بولمايدور. شونڭ اوچون مركز سو
قوشنى اوزونغا دوام قيلدوروب بو قا
تمقى مسئلەنڭ هم دنيا مسئلەسى ايلە
برابر حل بولماقينى كونەدور ديگەن
فكرنى اورتاغا آتماقدا.

بو قانيم مركزى حكومت عسكرله
رينڭ حربى جهتدن بولغان مغلوبيتى
حقندە آمريقا مطبوعاتلارى 3 تورلى
سبب كورسەتمەكدە: بيرى مركزى
حكومت 30 نچە ييلدن بويان سوقوش
ايلە مشغول بولدى. عسكرلەرنڭ رو
حى زعيپلەب كتدى. سوقوشدن بك
زيريكدى. مركز عسكرلەرى هر زمان
سوقوش ايلە مشغول بولغانلقدن اسـ
تراحت و تواوق تمام تربيه كوره المادى.
2 نجى، 30 نچە ييل سوقوش ايچيـ
دە قالغان جونگو، اقتصادى طرفدن
بك زعيپلەب كتدى. خلق حياتى آغير
لاشدى. مركز بير طرفدن خلق حياتي
نى ياخشيلاب كتا لماغان بولسا، يانا
بير طرفدن عسكرلەرنڭ حياتى اوبدان
قارالمادى. 3 نجى مركزى حكومت او
زون ييللاردن بويان بوتون ايشدە هر
بيگە، سوقوشقا اهميت بريب، مأمو
رى، سياسى ايشلەرنى يولغا قويوشنى
اچكتوروب ئلدى. حكومتنى كوبرەك
متعصب آدملەر اوراب الدى. اصلاح
ايشلەريگە كريشمەدى. شو 3 تولى كام
چيلك اورتاسندا مركزى حكومت حر
بى، اقتصادى، سياسى ايشلەردە موفقيتـ
سزلككە اوچراب اولتورماقدا دەب بها
برمەكدە.

عموما يوقاريقى احواللار و توشەن
چەلەرگە قاراغاندا، جونگو مسئلەسى
فوق‌العاده آغير و مركب بير مسئله بو
لوب تورماقدا. بوتون جونگو خلقى
تنچلق اوچون زارلانيب تورغان بوگون
كى كوندە تنچلق پرور زاتلەردن شاو
لى زى، جاڭ جى جوڭ كبى آدملەر
نڭ يەنگدەگە ياريب كاممونستلەر ايلە
صحبت قيلب تيزدن بير تنچلق اورنات
ماقينى و بو تنچلقنڭ اورناماقى اوچون
مركزى حكومت ايلە كاممونستلارنڭ
اوز آرا بير بيرسيگە آز تولا يول قو
يوشماقينى كونەمز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ايچكى و تاشقى خبرلەر

( 31 نجى غنوار و 1نجى فيورال راديو خبرلەرى )

صلح مسئلەسى و ايچكى وضعيت

( پاريس ) چين حكومتى صلح هيئتيگە مستشارلار بلگولەدى . لكين كاممونستلار اوزينڭ فكريدە محكم تورماقدادور . گمان قيلنغانيغا كورە كاممونستلەر صلحدن بورون نانكيننى آليب الماق مقصدى بلەن مذاكرەنى آرقاغا تارتسا كرەك .

( كابول ) لى زڭ رين سونكو و باشقا دولت آدملەرى بلەن صلح حقيدە مذاكرە قيلب نانكينغا قايتدى . ياڭ اڭ راديوسى جياڭ گايشى باشلقلارنى توتوب قاماسا صلح مذاكرە قيلماسلقينى اعلان قيلماقدادور . چين كابينە مجلسى يوقاريقى تكلفنى رد قيلدى . چيننڭ 8 پروفيسورى پيكينگە كتدى . اويردەكى ايريم صلح اوچون مذاكرەگە اشتراك قيلادور . روس سفارتخانەسى تونوگون گواڭدوڭ اولكەسينڭ مركزى بولغان كانتونغا كوچدى .

( آنقرە ) حكومت عسكرلەرى نانكين شهرى اطرافيداكى استحكاملاردا اورون آلماقدا دوام قيلماقدادور . مشاهدلەرنڭ فكريچە صلح بولماغان تقديردە هر چارە بلەن نانكيننى مدافعە قيلشقا قرار برگەنلكى معلومدور . پيكندە بولغان يوزلڭ كشيلك مركزى حكومت عسكرلەرى ياڭى اورونلاريدا يرلەشمەك اوچون پيكين شهريدن كوچدى .

( نانكين ) چين حكومتينڭ كابينە مجلسينى كلەچەك هفتەدن باشلاب گواڭجو ( كانتون ) دا آچيشقا قرار بردى .

( باشى 2 - بتدە )

بونڭ اوچون بيوك بير جسارت كورسەتكەنلكيني مدحلەب، اوتكور افندى داستانيدن الغان حسياتيني، تأثيراتيني بيلدوردى. توركيەنڭ نادر و ممتاز شاعرلاريدن توفيق فكرت و احمد هاشم روحينڭ اوتكور افنديدە جارى ايكەنلكيني ايتيب تقديرلەب اوتدى. قالغان ياش شاعرلاريمزنڭ هم بوگونكى شعرلەريدن توگومەس بير الهام الغانلقيني ايتب، بوتون قلم ايگەلەريگە هوس بردى.

بير نطق، ترمە، چانمالار، نيازفيز، توركلك اورانى كبى مهم اثرلەريني ملتيمزگە سوغا قيلغان مسعود بك صبرى بو دفعە „ اولوغ آتا “ ناملق رومانيني دەرنەكچيلەرگە تقديم قيلار ايكەن، كوپچيلك طرفيدن رغبت، حرارت بلەن قارشيلاندى .

هر دەرنەكدە نغمە - نوالارى بلەن، اوسساغان قلبلەرنى قاندوروب كلگەن سازندەلەرگە مكافات برە آلماغانلقى اوچون عذر سوراغان پولاد قادرى، بو هفتە ايچيدە موسيقيچيلەرگە اندجان پالاوى ايتيب مخصوص بير ملى ضيافت بيريش بلەن بو قرضنى اوتەيدورغانلقيني آڭلاتيب اوتكەندن سوڭ نغمە - نوا، اوسول ساما باشلانيب كتدى . عيسى بك آلب تكين تكليف بويچە „ كەنچەندا خانم “ غا اوسول اويناب بركەنيدەك اوسولچى يگيتلەريمز برەر - برەر آياق اوينى اويناب، قلوبقا ملى بير توس و دەرنەككە ملى مشرفلەريمزنڭ نشئەسيني بردى . اوقولغان ناخشالار، منصور افندى طرفيدن چالنغان چاڭ، تيل اوقولى اوقوغوچيسى عبدالقادر نور طرفيدن سوزلەنگەن انگليزچە نطق هر دەرنەكچيگە زوق برەر ايدى .

كوندەم لطيفە، فكرە و چاقچاقلارغا كوچەر ايكەن پولاد قادرى طرفيدن هتلر آلمانيەسيني مغلوبيتكە اوچراتيشدا رول اويناغان نورويج جاسوسلارينڭ فعاليتى حقيدە بير فكرە سوزلەنگەندن سوڭ محمد امين بوغرا، عيسى بك آلب تكين باشلق بير قانچە چاقچاقچى و فيزيقچيلاريمز هم بير بيردن لطيفە سوزلەب همەنى كولدوروب چقيشدى .

دەرنەك اولتورومى بارغانسارى قيزيب كتيب بارغانى حالدا، وقت بك كچ بولوب كتكەنلكدن، چار ناچار دەرنەك مجلسى آياقلاشدى و ساعت 11 دە دەرنەكچيلەريمز دەرنەكنڭ بو كيچەكى نشئەلك اولتوروشيني سوزلەشە - سوزلەشە قايتيشدى .

## ستاليننڭ جوابى

( پاريس ) ستالين اوچ غرب دولتى بلەن كيليشمەك ممكنلكى حقيدە مخبرگە جواب بردى . بو جواب بيرلەشيشكە اوزينڭ صميمى طرفدار ايكەنلكيني بيلدورمەك و هر بير مسئلەنى مذاكرە بلەن بتوروش اوچون دولتلەر آراسى بير قورولتاى توپلانيش تكليفيني برمەكدن عبارتدور .

( كابول ) تريكوبلى اگر ترومان و ستالين كوروشەدورغان بولسا من ايكى كشينڭ كوروشوشى اوچون لك سكسسدە حاضرلق كورە من “ ديدى . ترومان „ اگر ستالين كوروشمەك ايستەسە من تيار دورمن “ ديدى .

✲—✲(✲✲✲)✲—✲

## مختلف مذاكرەلەر

( پاريس ) اسكانديناويا دولتلەرى آتلانتيك بيرلكيگە قوشولوش ويا كە بى طرف قاليش حقيدە مذاكرە قيلماقدادور .

( آنقرە ) اسكانديناويا مدافعە بيرلكى حقيدە اوسلو كونفرانسى بير نتيجەگە بارالماى تورماقدادور . اسويج، نورويج و دانيماركا كوروشلەرينڭ آيريملقى خيلى اهميتلك بولوب حل قيليش چارەسيني تاپقونچە خيلى وقت سوزولماق احتمالى باردور . نورويج ملت مجلسى ساويت نوتاسى و آمريقا تكليفيني مذاكرە قيلماققا باشلادى . غرب بيرلكى باش قوماندانى مارشال مونتگومرى آمريقا اشغال بولگەسى قوماندانى بلەن آمريقانڭ ياردم لايحەسى حقيدە مهم مذاكرە قيلماقدادور .

## پروتستو و ناراضيلق

( پاكستان ) مصر و پاكستان حكومتلەرى انگليز حكومتينڭ يهودى دولتيني تونوغانلقيني قاتيق پروتستو قيلدى .

( پاريس ) مصر خارجيە وزارتى آمريقانڭ يهوديلەر بلەن قيلغان اقتصادى توختاميغا قارشى ناراضيلق بيلدوردى .

## ايتاليە مستملكەلەرى حقيدە

( آنقرە ) انگليز مستملكە وزيرى روماس ايتاليە مستملكەلەرى حقيدە شو فكرنى بردى : 1 ) شمالى ارتيزيا، سومالى و طرابلسنى ايتاليەگە بريش، ليبيانى انگلزگە بريش، 2 ) بنغازينى غرب و شرق مملكتلەرينڭ اقتصادى اورنى قيلماققا قرار بريشدور .

# سونك لاى بولوشى باشدنمو، اياقدنمو

بيز هردائيم بوتون دنيادكى ترق
يات، فن ـ تخنيكا نتيجەلەرينك يال ـ
قوز معارفدن توغولغانلقينى، معارفى تو
بن ملتلەرنك نە قدر زليل خار و قالاق
لقدا ياشايدورغانلقينى، بيزگە حيات،
ترقيات، ملت، أركينلك كرەك ايكەن
بونى قولغا كلتورمەكنك يگانه يولى ـ
معارف ايكەلكينى آڭلاماقدامز و معا
رف! معارف! معارف! دەب تاولاماقدا
مز. آينقسا مليتچى رهبرلەر معارف او
چون كون و تون بيدار بولوب، بتون
مادى و معنوى كوچينى معارف ايشلەري
گە قاراتدى و بو يولدا قولدن كلگەن
بارلق تدبيراتلەرنى كوردى و كورگوسي
دور. بو دفعه چلك فاك بەى افندى باش
لق بير طاقم معارفچيلەر جنوبقا بو
روب، جنوب معارفيدا بولغان توسقون
لوق، قينچيلق و كمچيلكلەرنى حقيقى
آنيقلاب چيقب اوروميچگە قايتيش بلەن
معارف راسخودينى تارانيش اومەكينك
ايش باشلاغانلقى بونك جانلق دليـ
ليدور.

چلك فاك بەى و جمال الدين افندي
لەرنك بياناتى جنوب معارفينك حقيقى
منظرەسينى كورسەتيلا قالماسدن ياڭى
معارف پلانى اوچون بك قيمتلك مض
مونلەرنى اعتراف اتدى. توركچه شڭ
جاڭ غزتەلەريدە باسيلغان „ التى شهر
معارفى “ سرلوحه لك مقالەدن و چلك
فاك بەينك نطقلەريدن قرا شهر معارفي
نك نه قدر توشكونلوك ـ قالاقلق ايچي
دە قالغانلقينى بوتون يورتداشلاريمز
كورگەندور ـ آڭلاغاندور. بو بك آچيق
بير حقيقتدور. اما بونك هم سببى
بار دور. بيز يورتومزنك، معارفيمزنك،
زمانەمزنك تقضاسيله بونى ياش قيلشقا
حقلقدورمزكه؛ قراشهر والى محكمەسي
دە 3 ـ 4 تورك منورى يوقدور؛ بو
لوبمو والى محكمەسينك معارف بولو
مى باشلغى: يلك فى خەى بولوب، آنك
ولايتيمزنك معارف احوالى بلەن هيچ
بير توتوشلوغى يوقدور. حتاكه بوتون
ولايتدە قانداق اوقوللار بار، اولارنك
احوالى قانداق، سوراسيڭز بونى هيچ
بيلمەيدور. بير ييلدن بويان ناحيەلەرگه
قارانا معارف ايشلەرندە قانداق رهبرلك
لەردە بولديڭز؟ دەب سوراسيڭز بونك
جوابى تخيمو كولكەلك اولاچاقدور.
بير قاتيممو تولوق تكشوروب چيققانى
يوق، معارفچيلەرنى يغيب هر ناحيەدە
قوندوقما اوتكوزگەنى يوق، يوليوروق
كورسەتكەنى يوقدور. فقط چلك فاك بەي
نك جنوبدن قايتيش تولايسيله چارلاو
چى ايبەريب 4 ـ 5 كون „ تكشور
گەن “ و اوزى كورلاغا كيلب 1 نجى
اوقول قارماغيدا آچيلغان بير صنف
اورتا درجەلى اوگرەنچيلەرنى چلك فاك
بەى آلدندا „ قرا شهر عادى دارالمعل
مينڭ شعبەسوگە آيلانسورغان “ بولدي
لەر ... بولتور كورلا ناحيەسيدە معارف
چيلاريمز آراسندا بولغان اختلافلەر
نتيجەسيدە معارفيمز اوچون آز ضرر
كورمەدوق. بو چاغدا والى محكمەسينك
معارف بولومى „ اويون “ كوردىلەرغو؟
و برەرته يورتقا فائدەلك چاره قوللانمادي
لەرغو؟ مەيلى „ اويون “ كورسون و
مەيلى „ ريجسورلوق “ قيلسون، بيز
نك قايغومز معارفدور. قرا شهر عادى
دارالمعلمينگه ناحيەمزدن ايبەريلگەن اوق
رەنچيلەرنك هفتەلەب قاچيب كيلشى و
سوز سوراشلاندا: „ عمريمز ضايع بول
دى، توزوك درس اوقومادوق ... “
دەب زارلانار ايدى. بيزنى نه اوچون
آچيندورماسون؟ ناحيەلەرگه رهبرلك
قيلماسا، معارفيمز حاليدن خبردار بول
ماسا، قينچيلقنى يوقاتيشقا كمچيلكنى
توزەتيشكە يوليوروق كورسەتمەسە
خير ... بو نكتەمو آغزيمزنى يومايلى،
نيمه اوچون قرا شهرداكى دارالمعلمين
بولغا سالنمايدور؟ نيمه اوچون قرا
شهرداكى تورك ياشلارينك معارف او
چون بولغان قايغوسيغا قولاق سالماي
دور. البته بيز بونگغا توغرى توشەن
گەن بردەمز. آنا چين نعبيربچه:
„ قيلمايدور ايمەس، قيلالمايدور بيلمەي
دور ايمەس، بيليشكه تريشمايدور... “
دن باشقا نرسه ايمەسدور.

ديمەككه؛ ولايتيمز چينى توركستا
نيمزنك اورتاسيغا جايلاشقان حالدا
شمال ايله جنوبنى آيريب تورا دورغان
مهم بير قاتناش كوبروكيدور. ولايتيمز
گه قرا شهر قوشولوب 8 ناحيه قاراي
دور، بو جهتدن آليب ايتقاندامو قرا
شهر معارفيني بوتون كوچ ايله آلغا
سوروشنك لزومى حس قيلنور. نا
سوفكه؛ والى محكمەسينك 4 بولومي
دە باشلق بولغانلار خنسو بولوب،
كاشكى بير معارف بولومينك باشلغى
هم توركلەردن ايمەسدور. شو بيرى
باركه بيز اوچون بولارنك ملتى اهمية
سزدور. گپ ايش قيلا آليشيدا دور.
حالبوكه بيزگه همەدن معارف ضرور اي
كەن يەنه ناحيەلەرگه رهبرلك اورونددا
تورغان قرا شهرنك معارف ايشلەري
آرقادا قاليب كلمەكدە دور. مونك سببى
مسئوليت ايگەلەرينك „ كون اوتسا اوت
سون، پول بوتسا “ ديگەن بير حس
ايله قابليتسز بولغانلقدن ايلگرى كلور.

بيز حكومتيمزدن شولايوق بوتون
اولكه معارفيني آلغا باستوروش مسئو
ليتيني اوستيگه آلغان معارف نظارتيدن
تيزلكدە ولايتيمزنك معارف رهبريني
يەڭگوشلەب اورنيغا بيلملك، تجربەلك،
قرارلق، ئيانلق تريشچان بير يگيتدن
سايلاب بريشيني رجا ايتەمز. شوندالا
قرا شهر عادى دارالمعلمين، تورك اوي
غور اويوشما، خلق معارف يورتى جان
لانيب ناحيەلەرگه بويغان رهبرلكدن
اميد كوتكەلى بولادور. اگر يەنه شون
داق احوال حكوم سوروب بونگغا چا
رە كورولمەس ايكەن، ضررى بوتون
يورتقا بولغوسيدور. اول چاغدا معا
رف نظارتيمو معارفچيلەريمز آلدندا يرگه
قاراب قالغوسيدور.

339

آڭلاغانموسز، بيلگەنموسز؟

امريقادا هندولار

آمريقانك قديمقى يرلكلەريگه هندو
دەيدور. چونكى آمريقانى أڭ دەسلاب
تاپقانلار بو يرنى هندستاننك بير پار
چەسى و خلقينى هم هندو دەب بيل
دى. شو چاغدا يرلكلەرگه بيريلگەن
بو اسم، بوگونگەچه ساقلانيب كلمەكدە.

تاج محل نى بيلەمسز

اون يتنچى عصردە هندستاندا شاه
جهان طرفيدن مليكه ممتاز محل ناميغا
ياسالغان بير تربەدور. آغرا اطرافيدا،
ژومنا درياسى اوستيدە بولغان بو تربه
آق مرمردن ياسالغاندور. ايچى فوق ال
عادە زينتلكدور. اسلام صنعتينك اڭ گو
زەل اثرلەريدن بيريدور. حتى كوپچو
لك آلديدا دنيانك اڭ گوزل بنالاريدن
بيرى سانالادور.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تلدە، اشدە، فکردە، برلك!

# أرك

مدیر: عیسی الب تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

ربیع الاخر 7 ۱۳٦۸ ه
6 - فیورال - 1949 - ییل

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

238 - سان    یکشنبە    قیمتی: ایلقی - شهرگە 3000000 اولکە دوللاری

## قهرمانلار و ملت

بعضی دولتلەر مدهش بحرانلار کوچورور یاکە بوتونلەی محو بولور. باشقا بعضی دولتلەر بولسا حیاتینی حاکیمانە بیر گوزەللك ایچیدە توزەب چیقار. بو مثاللارنڭ هر ایکیسی هم یالغوز دولت آدملەری، مینسترلەر، وکیللەر و پادشاهلار اوچون اهمیتکە ایگە بولماسدن ملت آدملەریدن هر بیرینی علاقەدار قیلشقا لازم بولغان مسئلەلەردور.

- أرکەکلەر خاتونلار، قیزلەر و یاشلار، شهرلکلەر و صحرالقلار عقللەری قوللاری بلەن ایشلەسونلەر، هەمەسی بو مسئلەلەرنی اویلاسونلار.

دولتلەرنڭ کوچ و عاجزلقی، ملتلەرنڭ ترقی و قالاقلقی یالغوز ادارە خادملەرینڭ اهلیت و اقتداریدن یاکە قابلیتسزلکیدن بولماس. ادارە خادملەری یاخشی یاکە یامان، قهرمان یاکە ظالم بولسون اولار اوز ملتلەرینڭ بیر آوازیدور. اولار ملی روحنڭ بیر کوپیەسیدور. اولار خلق صنفینڭ ایچیدن توغولغاندور. بیر ملت قاندای بولسا، ادارە خادملەریمو شونڭغا اوخشاشدور. مانا شونڭ اوچوندورکە أسکیدن بیری هر ملت لایق بولغان بیر ادارەگە و ادارە آدملەریگە مالك بولور دیلگەندور.

تعصب کە بك یاخشی آڭلاشیلماغان بو حقیقتنی ینە بیر-آز آنیقلاش اوچون أسکیدن بیری مناقشە قیلنب کلگەن فلسفی و تاریخی بیر مسئلە اوستیدە توختاشقا مساعدە قیلیڭز. مسئلە شوندن عبارتدور:

- ملتلەرنڭ تاریخینی کیم یاراتادور؟ دولتنڭ و بوتون کشیلکنڭ حیاتیداکی أڭ بیوك واقعەلەر کیملەر طرفیدن باشقاریلادور؟ آیریم - آدملەر طرفیدنمو؟ یعنی بیوك آدملەر - بویوك أنگلیز متفکری کارلیلنڭ دیگەنیدەك قهرمانلار طرفیدنمو؟ یاکە بوتون ملت آدملەرینڭ، غیرتی و خلق روحینڭ کیکەییشی سایەسیدەمو؟

کارلیل برنجی فکرگە طرفدار بولغان و بونی اثبات قیلغان ایدی. ایکنجی فکرنی بولسا لیف تولستوی مدافعە اتکەن ایدی.

کارلیل „ قهرمانلار و تاریخدا قهرمانلقلار " ناملق اثریدە قهرمانلار مذهبینی „ کولت " و قهرمانلار حرمتینی „ کولتور " دەب بیلدورەدور. کارلیلچە ملت جانسز بیر توپراق طبقەسیدن عبارتدور. اگر بیر صنعتکارنڭ قولیغا اوتمەیدورغان بولسا، ابدالابد شکلسز و حرکتسز قالغوسیدور. فقط کسمار، ناپالیون، بیوك پترو، سقراط کبی بیر صنعتکار، بیر بیوك آدم، بیر قهرمان چیقیب بو توپراقنی قولیغا آلادورغان بولسا، بوڭا خواهلاغان شکلنی بیرە آلادور:

چنگزخان، آسیانڭ چوللەریدن ملیونلارچە خلق توپلادی. چینی، هندستاننی، ایراننی أسکی روسیانی فتح ایتدی. پتر آمیەنسکی، قدسنی اسلاملارنڭ قولیدن قورتقازماق اوچون بوتون کاتولیك آوروپانی آیاقلاندوردی. مارتین لوتر اصلاحات اوتکوزدی. نیرونلار، کالیگولالار، أسکی رومانی پاتوردی. بسمارکلەرنڭ و خوخەنزولرنیلەرنڭ پولتیکاسی آلمانیەنی دهشتلك قالایماقانچیلقلارغا دوچار قیلدی.

خلاصە: کارلیلنڭ فکریچە ملتلەرنڭ و حتی بوتون کشیلك دنیاسینڭ تاریخینی یاراتقانلار، معنەن قوتلك بولغانلار، زیرەك و استعداد ایگەسی بولغان آدملەردور، یعنی قهرمانلاردور. أنە شو رامسسلار، روموللوسلار، تمستوکللەر، بسمارکلەر و باشقالار بو قبیل انسانلاردور.

لیف تولستوی بولسا، بوتونلەی بونڭ تەتورسینی ادعا ایتەدور و دەیدورکە:

حیاتنی یاراتقوچی، واقعەلەرنڭ استقامتینی سیزغوچی و بولارنڭ خراکتر و رنگینی بیرگوچی آیریم شخصلەر، ناپالیونلار ایمەس، خلق صنفینڭ اوزیدور.

باشقا طرفدن توماس کالیل هم ایتادورکە: خلق صنفی یردە یاتقوچی و چیریگوچی بیر سامان کبیدور. بیوك آدملەر، یعنی قهرمانلار بولسا کوکدن توشکوچی، زمانی توتاشتورغوچی بیر چاقماق کبیدور.

لیف تولستوی دەیدورکە:

- تصور قیلڭزکە، دڭزلەردە بیوك بك بیوك بیر کیمە حرکت قیلادور. حرکت اثناسیدا کیمەنڭ آلدیدن سولار ایکی یانغا بولونوب تورادور. بو بولونگەن سولارنڭ کیمەنی سورەب کتیب بارغانلقینی کیم ادعا قیلا آلادور؟ آشکارادورکە بو سو جریانینی کیمەنڭ اوزی قیلب یاتادور. اوز آلدیدا سونی قاچورادور. قوت اصلدە کیمەنڭ اوزیدەدور. آیقان سولار بونڭ نتیجەسیدور.

- أنە شونڭدەك - دەیدور تولستوی - بیر ملتدە حرکت قوتی پیدا بولوب برسە، اوزلکیدن حرکتکە کیلەدور. آلدیداکی سولارنی قاچورادور. اوز حیاتینی، آرزو، ایستەکلەرینی افادە قیلغوچی بیر ذاتنی اوز ایچیدن رهبر قیلب سایلایدور.

„ سوقوش و تنجلق " رومانینڭ یازوچیسی بولغان لیف تولستوی، اگر کارلیلنڭ قهرمان چاقماق مقایسەسینی قبول قیلغان بولسا ایدی - شونداق دەر ایدی:

( دوامی 2 - بتدە )

# ياقنقى مركز امريدن يانا بر الهام

ياقندن بويان مركزى حكومت سيا ستده بر آز الگرليگه‌نايكينى اظهار قلدى. لى زولڭ ربن 1- سياسى گنا كارلرنى آزات قلشقا، 2- قاپاتلغان غزته مجموعه‌لرنى مودن سولى توساماسلققا 3- فرق العاده سودنى آلب تاشلاشقا امر توشوردى. و اوبدان آدملرنڭ اش باشيغا چقيشيغا غيرت قلمق بولدى. بز بو امردن الهام آليب حكومتكه شو تو صيه‌نى قلماقچى.

1 - بتون اولكه بوينچه تورلى بهتان و تورلى سببلر ايله هر جايدا قا مالغان گناه كارله‌رنى تزدن آزاد قليب به‌رسه،

2- مطبوعات، سوز اركنليكى گه كەڭ يول آچيب به‌رسه، بولوبمو آلتى شهر ياشلرينڭ و خلق نڭ سوز مطبوعات برلكى تامين ايتلسه،

3 - مركز نڭ امرى بويچه اول كه‌مزده فوق العاده سود اليب تاشلانغان بولسيمو، قالغان بتون سود، عدليه اشلرى توغرى يولغا سالنسا، اطراف ناحيه‌لرداكى عدليه اداره لرى غا كوبرەك عادل آدملر قويولسا، عدليه اداره لرى گه يرلك خلق دن هم ملى ترتيب گه قاراب آدم قاتناشتورولسا،

4- اولكه‌مز نڭ هر بر يانيدا ديـ گودك ناقابل، پاراخور، ظالم آدملر نڭ اش باشيغا چقب آلغانلیقى معلوم. ياقنقى اولكەلك حكومت قارارى غا آساسا بزا، كنت باشلقلرى قايتادن بلگولنه‌گەن قاناردا، حكومت مودن سوك اوبدان آدملرنى اش باشيغا چقرشغا غيرت قلسا.

مخبر.

( باشى 1 - بتده )

ذوروست، بويوك آدم بر قهريمان دور، بر چاقماقدور. فقط خلق صنفى نه توپراق طبقه‌سى، نه‌ده سامان يغينيدور. اوچاقماقنى وجودقا كلتورگه‌ن ملت اوزيدور. نه زمان بر بولوت و ياكه بر مونچه بولوتله‌ر ايلكتريك بله‌ن قوشولسا، چاقماق اوزيچه حاصل بولور اگر بولوتدا ايلكتريك بولميسا، هيچ بر زمان چاقماق پيدا بولماس. يالغوز بولوت نملك بر پار حاليدا توپلانور. ملتله‌ر هم شوندافدور. اگر بر ملت عظمت و قهريمانلق عنصرله‌ريگه ايگه بولغان بولسا، اونگدن چاقماقله‌ر توغولار. ملتنڭ آراسيدن قهريمانلقلار چقار. اگر خلق صنفى سوغوق و نم بر پار يغينيدن عبارب بولادورغان بولسا، هيچ بر قوت اونگدن چاقماق چيقيرا آلماس.

برنجى قاراشدا بو ايكى نظريه بر - بريگه ضيد و بر دريگه اويماغاندەك كورونه‌دور. بوله‌ردن بريني تاللاب آلماق لازم كيله‌دور:

- كارليل حقلقمو، ياكه تولستوى حقلقمو؟ فقط كارليل بله‌ن تولستوينڭ، نظريه‌له‌رى آراسيدا بو ضيديت ظاهريـ دور. حقيقتده كارليل بله‌ن تولستوى بر بريگه قارشى ايمه‌سدور. بولار بر برله‌ريگه قوشومچه قيلادور. بو يرده يا كارليل . يا تولستوى ديمه‌ك لازم كامه‌س. بولار بر برله‌رينى „ كارليل و تولستوى " دييشى لازم. كارليل حقلقدور. تولستوى هم حقلقدور. بوله‌ر آقچانڭ ايكى يتيگه اوخشاشدور. هر برى بره‌ر حقيقتنڭ بره‌ر نسفيدور. قهريمان خلقنى هيجانلاندورور و قزيتور. فقط اونى ملتيدن الغان اوت و هيجان بله‌ن يانار.

مثلا بر آده‌مه ( كويدورگوچى ايـنه‌ك ) نى آلايلى. او، آندراق ياسالغاندوركه، معلوم بر ساحه‌گه تارقالغان آفتابنى بر نقطه گه توپلار. آفتابنڭ بر يرگه توپلانيشيدن پارلاق بر نقطه حاصل بولور. بـو قـونلك نقطه، اوتون، كاغذ، سامانغا اوخشاش نه‌رسه لەرنى كويدورور. تاشنى، آينه‌كنى و تيمورنى قزيتور.

ملتنڭ هر بيوك آدمى هم بر آده‌سه‌گه اوخشايدور. او، اوز اچيده ملتنڭ قوتله‌رينى و معزيتله‌رينى توپلار. بونڭ بله‌ن ميليونله‌رچه خلقنڭ روحيـنى توتاشتورور. فقط هوا بولوتلق بولوب، آفتابدن محروم قالسا، او زمان هيچ بر آده‌سه بر قان تامچه‌سينى ايريتشگه، بر سو تامچه‌سينى ايسيتيشقادم قادر بولا آلماس.

اسوبجره قانيقى يالغوز ايگيز تاغلاردا اوتلاغوچى اينه‌كله‌رنڭ سوتيدن ياسالور. هرتورلك زمانلاردا هرتورلك ماتله‌رده يتشگه‌ن آدمله‌ر هم شوڭا اوخشاشدور. اولار غنچه لەشكه باشلاغان بر ملتنڭ تاتلق پوراغيدور. تا پاليون اسكى تنچيلق پر ور چينده ايمه‌س فرانسادا يتشكه‌ندور. انگلتره داروينـنى يتشتورگه‌ن و „ حيات غوغاسى " نظريه‌سينى اورتانقاندور. روسيه بولسا „ عدم مقاومت " حرڭچيله‌ريدن بولغان تولستوينى يتشتورگه‌ندور. بونڭ عكسى قابل بولماغاندور.

انه، شوندەك هر زمان و هر بر ده بو ايش شوندافدور. آلمانيه‌نى عمومى سوقوشقا سورگه‌ن ايكينجى ويلهلم ايمه‌سدور. فقط آلمانلارنڭ جنگاور و غصب روچى بسماركلاردا، ويلهلمله‌رده، هيندنبورگلاردا بر افاده واسطه‌سى تاپقاندور. اسكى رومانى نرونلار، كاراكالالار و كومودلار يتقتماغاندور. فقط هر نه‌رسه‌ده اختراص ايگه‌سى بولغان اسپانيه، عالمگه لوپالانى، آلمانيه گروپنى يتشتورگه‌ندور. هر ملت، اداره ماشيناسينڭ باشيغا يا قدرتلك و ياكه اهميتسز آدمله‌رنى چيقارور. بولاردن برينڭ ايش باشيغا چيقيشى ملتنڭ معنوى سويه‌سيگه و حاليغا باغلقدور.

ملتده يغيلغان ياخشى بر نرسه بارمو يوقمو؟ ياكه يغيلورمو؟ ملتنڭ عقلى ملتنڭ اراده‌سى ملتنڭ وجدانى تكمل قلامدور، ياكه چيريب زهرله‌نه‌دور؟ پست و سفيل بر حيات اچيده اوتوب كيته‌مدور؟

بو يرده هربريمزنڭ حياتينڭ خراكتري و فعاليت طرزيمز بحث موضوعى بولادور. بز اوز مملكتيمزده نيمه‌قيلب ياتامز؟ ملتيمزنڭ تقديرى اوچون قانداق رول اوينناب ياتامز.

مملكتنڭ رفاه و سعادتينڭ و ملتنڭ حيثيت و شرفينڭ، اهالينڭ اراده سيگه باغلق ايكەنلكيگه بر مثال قلب كچيك و فقير بر مملكتنى كورسوته آلامز. بو بر ايكى مليون قدر نفوسقا ايگه بولغان فنلانددور.

§ فنلاندا حقيده‌كى دنيا تيلله‌ريغا ترجمه قلنغان و بتون كشيلك عالمىده مهم بر علاقه اويغاتقان „ بياض امباللەر مملكتيده " ديگه‌ن اثريمزنى كله‌ر سانله‌ريمزدن باشلاب ساين اوقوغوچيله‌ريمزغا تقديم قلامز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com



# تلغرافچيلق كورسى

تلغرافخانە، كادرو يتشتوروش مقصە
دى بلەن بر تلغراف كورسى آچيشقا
حاضرلق كورمكدە، كورس اوچون قبول
قيليناdورغان 10 اوقوغوچينڭ 16 بلەن
20 ياشنڭ اراسيدا! بولوشى و باشلانـ
غوج تحصيلگە ايگە بولوشى شرطدور.

# معارفچيلارغا مكافات

تورالك محروميت ايچيدە معارف
ايشلەريگە اهميت بريب كلگەن جنوب
معارفچيلارى اوستيدە بر تكشوروش
دە بولوب كلگەن معارف تفتيش اومە
كى اولكەلك حكومتكە بر راپور سونـ
غان ايدى. بوڭا كورە بعضى ناحيەلەر
نڭ معارفچى حاكم، مدير و معارف بو
لومى باشلقلارى تقديرلەنگوسيدور.

‏*— *( ***×*** )* —*

# اچكى و تاشقى خبرلەر

( 3 نجى و 4 نجى فيورال راديو خبرلەرى )

## مركزى حكومت سوقوش قرارينى اعلان اتدى

( لوندون ) مأمورى پالانا باشلقى
سوكو، و اوتيەچك بوگون خوالجو
دن شانخەيگە كلدى.

( لوندون ) وقتلى رئيس جە -
ڭور ليزولڭرين بوگون بتون دولت
بويينچە تنجاق حركتلەرينى توختاتيشقا
و كامونيستلەر ايلە الله سوكخە قدر
سوقوشماسقا امر توشوردى.

( كابول ) پيكنگە كتكەن وكيللەر
نى پيكينگە توشوشكە اجازت برمەگەن
لكدن شانخەيگە قايتب كلدى. ليزوڭ
رين سوكخە قدر نانكينده قاليشنى
اعلان قلدى.

( لوندون ) نانكينده اورتا صف
دە قاتتق سوقوشلەر كتيب بارماقدا.
نانكين اطرافيدادى سوقوشدا مركز عسـ
كرلەرى فعاليت كورسەتدى. كامونيست
عسكرينى چكيندوروب نانكيندن 25
ميل براقلقدا بر شهرنى قايتوروب الـ
دى.

## استالين بلەن كوروشونك مشكللگى

( كابول ) ترومان استالين ايلە
آوروپاغا باريب كوروشمەسلكينى، اگر
استالين كلسە آق اوردادا قارشى آلشـ
قا تيارلقينى و بونى يورەكى ايلە ايتـ
قانلقينى بيلدوردى.

( تاشكند ) استالين ترومان ايلە
كوروشسە، ياوروپانڭ برەر جايدا كو
روشەدورغانلقينى، آمريقاغا بارا المايدور
غانلقينى اعلان قيلدى.

## ايندونيزيا مسئلەسى

( آنقره ) بولەشكەن ملتلەرنڭ
ايندونيزيا كوميسيونى هوللاندا حكو
متينڭ تنجلق مجلسينڭ قرارينى تيزدن
عملگە آشوروشينى طلب قيلدى. اگر
15 - فيورالغاچە عملگە آشورولماسا
تنجلق مجلسيگە راپورينى بريشنى
بيلدوردى. و هم هوللاندانڭ ايندونيز
يا ايشينى بولوب بتكەن قيلامز دېگەن
خيالى هوللاندانڭ باشيغا اوزون سو
رەدورغان بر سوقوش فلاكتينى چيقار
غوسى ديب آگاهلاندوردى.

## توركيەدە خلق ارا قار تاييلش مسابقەسى

( آنقره ) توركيەدە ايكى آيدن
برى تقريبەن دواماق قار ياغماقدادور.
30 ييلدن برى بو ياقيدەك سو
غوق بولماغان ايدى. بو قاردن دنيا
سپورچيلارى فائدالانماق اوچون او
لوغ تاغدا بر خلق آرا قار تاييلش
مسابقەسى يوروتمەككە قرار بريلدى.
يونان، ايتاليا، آوستريا و باشقا مملكە
لەردن سپورچيلار كلمەكچى بولدى. بو
مسابقەغە تورك ياشلارينى تيارلاماق
اوچون اولوغ تاغنڭ ايتەگيدەكى بورسا
شهريدە بر ايلق كورس آچلدى. آوسـ
تريالق بر متخصصنڭ نظارتى آستيدا
تربيە باشلاندى.

## ايران شاهيغا بر سو قصد

( آنقره ) ايران شاهى محمدرضا
دارالفنونغا باريب ماشينادن توشوب تور
غاندا محمد طاهر آتلق بر يگيت ايكى
پاى تاپانچا آتب شاهنى يارالادى. شاه
سرايغا الیب باريلدى و سوء قصدچى
توتولدى. بوگون بتون طهراندا حربى
حالت اجرا قلندى. خبرگە كورە شاه
نڭ ياراسى يىنگيل ايمش.

## پروتستو

( كابول ) مصر حكومتى آوروپا
دولتلەرينڭ يەردى دولتينى تانوغانلقيـ
نى پروتستو قيلدى. اوردون پادشاهى
ملك عبدالله عراققە باريب عراق حكو
متى بلەن فلسطين حقيدەكى سياستينى
برلەشتوروش حقيدە مذاكره قيلب قايتدى.

## نيل بويدا وحشيلر حركتى

( آنقره ) اتلانتيك برليگى لايحە
سينى واشنگتوندا يتە دولت الچيلە
رى مذاكرەگە باشلاشقا قرار بريلدى.
نيل درياسينڭ باشيداكى وحشى انسانـ
لەر او منطقەنڭ مركزى مالاكا شهرينى
محاصره قيلدى. عسكرلەر اولارنى مداف
عە قيلشقا حاضرلق كورگەن بر حالدا
وحشيلەر هيچ سوقوش قيلماسدن شهر
نڭ سيرت محلە خلقيغە هيچ يمانلق قيلـ
ماسدن كلگەن برلەريگە قايتب كتدى.

## ايكى سراى مأمورى محكمەدە

( لوندون ) انگليز قرالينڭ سراى
مأمورلاريدن ايكى كشينڭ سوغات قبول
قلغانلقى ملت مجلسيدە مذاكره بولوب
بر تكشوروش كوميسيونى طرفيدن محـ
كمەگە بريلدى و مذكور ايكى كشى
محكمەگە بريلشدن بورون استعفا قيلدى.
محكمە بولارغا قاتتق جزا برگوسيدور.

## قسقا خبرلەر

( آنقره ) مجارستاننڭ ملى دموكـ
راسى فرقەسينڭ باشلقى بارانكرويچ
قاچيب ويانادا كلدى بو كشينڭ قاچيشيـ
نڭ سببى اونڭ فرقەسينڭ بيكار قيلـ
غانلقى ايميش.

( لوندون - ب . ب . س )
لوندوندا بر آوروپا هيئتينڭ قورولوشى
اوچون حاضرلق باشلاندى.

( كابول ) برما حكومتى انسين
ناحيەسينڭ كوپينى كارين اعتشاشچيلار
دن آلدى. اما تانگو علاقەسى كارينلار
قوليدا دور. سوقوش قاتتقدور.

## حقيقت ايستەمەن

( 18 نچی نوبتلك دەرنەكدە اوقولغان شعرلاردن )

دردی يوق درمانی يوقدن قايرت ايستەمەن
روحی چيركين چيركينلەردن مدد ايستەمەن
باغری قاتتيق تاش يوركدن شفقت ايستەمەن
بو حقيقتسز جهاندن حقنی ايستەمەن

فروانەسز ياغ چيراغدن فروانه ايستەمەن
عرفانی يوق ياو گودەكدن عرفان ايستەمەن
مسلەكی يوق وجدانسزدن وجدان ايستەمەن
بو ايزيلگەن ملتيمگە قربان ايستەمەن

حقنی سوراب اول تكريدن جواب ايستەمەن
قيليب خدمت ملتيمگە ثواب ايستەمەن
توگنمكی يوق بو جهاندن حيات ايستەمەن
بولماسا يا قيمتی بار مامات ايستەمەن

صاف قانيمدن تامغانينی هەمە اوز دەمەن
محبت يوق بير رسمنی جان و دوست دەمەن
حقيقتنی كورمەگەننی ياخشی كوز دەمەن
شخصی عالەم ايچرە دائم جامان ايستەمەن

گلزاری يوق كوك چمندن بلبل ايستەمەن
باغبانی يوق سجرستاندن بير گل ايستەمەن
اوتموشكدە خاقان توروب هيكل ايستەمەن
جان فيدا دەب حق عدالت بولين ايستەمەن

اويغور عادل

## ياشاسون دەرنەك

عرقداش و قانداش بز يورت ياشلاری،
كورمەدوق، ياشادوق علمدن نری،
بوگونده نە اوچون قورولدی دەرنەك،
اولوسال باشقانلار بولدی رهبری،
عمرلی جانلانسون، ياشاسون دەرنەك !

☆ ☆ ☆ ☆

اويلاساق اوتموشنی، كلەر أل آهی...
بولغانمو ؟ ملتنك بغيليش جايی...
قسقاسی بولماغان هيچ قانداق اويوم،
بو دەرنەك، ملتنك بير قرار گاهی
اويغانسون خلقيمز، ياشاسون دەرنەك !

☆ ☆ ☆ ☆

بار مودی؛ ياشلاردا اولوسال تويغو ؟
اولوسنك حقيدە سايراغان اورغو ؟
يوق ايدی؛ او ايی أركينلك بيزدە
بار ايدی هر دائم بيزدە آه، قايغو،
اويغانسون خلقيمز، ياشاسون دەرنەك !

بير يولغا بريلدوق هەمە بير صفدە
دەرنەكنك ميوەسی اوندی قلبدە
كون سانين آشماقدا دەرنەك شرفی
تانودوق اولوسنی أمدی بو پيتدە
اويغانسون خلقيمز، ياشاسون دەرنەك !

☆ ☆ ☆ ☆

بيلدوردی آگلاتدی، بارلقنی دەرنەك،
بيلدوردی، اوختوردی اولوسنی دەرنەك،
أيتسام دە توگومەس دەرنەك خدمتی،
اوزگرتدی، مسلەكلە، فكرنی بيردەك.

☆ ☆ ☆ ☆

خدمتنك بك كوبدور، بيليم اوچاغی !
سگا بك تشنادور يورتنك هرباغی،
اورگەتدك توركلكنی، بيزگە درس بريب،
گللەنەر سن بلەن يورتنك هر باغی،
اويغانسون خلقيمز، ياشاسون دەرنەك !

م . ترختی

## اوتموشكگە

اوتدی ظلمت اوتموشی بيزنی داغلاب
زندان ايچرە تاشلادی پوتنی باغلاب
كە: زنداندن تار ايدی بيزگە بو يورت
حيات اوتدی بزنی داغلاب، بزنی ياتلاب

☆ ☆ ☆

مجبلەنسم تورلك تورغا ايلاندی
توركلك نام دلغا قايتا باغلاندی

توركلك كومولگەن أسكی تاريخی
ديللەردە، قوللاردا مپ واراقلاندی

☆ ☆ ☆

اورگەندوق دونومدن سبقلەر ياتلاب
جهالت زنجيردن بيرلا ياچاقلاب
سبقدور بيزگە او قارا اوتموشلەر؛
يوروتدی توركلك بيزنی قوچاقلاب

عبدالرحمن توختی

## ناله

بو ير يوزيدە مخلوق ياراتدك
قدرتگدن سن ای اولوغ تگری
بوگونكی كوندە بزنی خار اتدك
شفقتك بولسا بزگە قيل كگری

☆ ☆ ☆

شوم رقيبلەرنی قلديك بزگە يار
مؤمين قوللەريك ايتدن بتر خار
دليدە فرياد، دائما زار - زار
قاچان قيلارسن بوكوننی تارمار

☆ ☆ ☆

ياشلار آقادور تارامو - تارام
ياشلارنی سپاپ آلمايمز آرام
ياراتقان تگری سگا آهو ... دات
بوكونلەر بولدی بزلەرگە حرام

☆ ☆ ☆

قينی بزلەرگە برگەن نعمتك
بزگە بارمودور، بەر حرمتك
رقيب كوزيدە خارمو امتك
يوقمودور بزگە راحت جنتك

محمد تانلق

— ☆(☆☆☆)☆ —

## اگلاغانمو سز، بيلگەنمو سز

اولومپيات اويونلارينك كيلب چقيشی

اولومپيات اويونلاری أسكی يونا
نستاندا هر تورت ييلدا بر اوليمپيوس
دا اوتكوزولگەن بر تماشا بايرامی اي
دی. بو اويونلارنك بر آز دينی ماهي
تی بار ايدی و يونان عرقيغا منسوب
هر كشی اوچون آچيق ايدی. بو باير
رام أثناسيدا يونانستاننك هيچ بر يريدە
غوغا چيقاريشقا يول قويولماس ايدی.

دستلەبكی اولمپيات اويونلاری ميـ
لاددن 776 يل اول اوتكوزولگەن
ايدی. هر تورت يلدا بر قانيم اوتكو
زولوب كلگەنليكی اوچون ايكنچی او
لمپيات ميلاددن اول 772 - اوچنجی
اولمپيات 768 تاريخلاريدا بو صورت
بلەن دوام قيلب كلدی. بو اويونلار
1100 ييلچە دوام قيلب ميلاددن صو
رە 394نجی ييلی تاللورولغان ايدی.

بوگونكی اولمپيات اويونلاری 1896
نجی ييلی باشلاندی. بو تاريخدا آتينا
(يونانستانمركزی)دە بتون ملتلەرنك اش
تراكی بلەن بر آتلت كونگرەسی اوتكو
زولدی. او وقتدن بری، 1916نجی ييلي
دن باشقا هرتورت ييلدا بر قانيم هر
تورلك مملكتلەردە تكرار قلينب كلدی.
1948نجی ييلی آوغوستدا اولمپيات
اويونلاری لوندوندا اوتكوزولدی.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تلده ، اشده ، فکرده ، برلك !

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

# أرك

مدیر : عیسی الب تکین
باش محرر : م . ا . بوغرا

فیورال - ۹ - ییل - 1949

ربیع الآخر 10 ۱۳٦۸ . ه

239 - سان　　چهارشنبه　　قمتی : آیلقی - شهرگه 3000000 اولکه دوللاری

## یگیتلەرگە

( مخصوص مقاله )

م . ا . بوغرا

ای ییگت! یاشلق و کوچلوق کونلەریگدن فائدالانیب علم اورگەن و ایش ایشلە، چونکی سنك عائلەڭ نك و حتی عزیز وطن و ملتڭنك حیاتی بو کونکی غیرتیڭگە قراشلقدور. اگر بویاراراق یاش دوریڭنی اویون و هوس بلەن اوتکوزوب آنسالڭ پارلاق و یاخشی بیر استقبالنی کوز آلدیڭدا توتماغان بولاسن. چونکه علمی، دینی و دنیاوی سرمایەلەرنی فقط کوچ و ایش قابلیتی زمانی بولغان یاشلق دورەسیدە غنه قولغه کلتورگەن بولادور.

ای بیگت (خدا ساقلاسون) اگر شهوت، غرور شیطانیغه مغلوب بولساڭ تن ساقلقڭ، علمنی آشوروشوڭ، دینڭ و دنیایڭ مدهش بر تهلیکەگە توشکەن بولادور. بونڭ بلەن خوش وسعادتمند بر کیلەچکدن امیدڭی اوزمەكڭ لازم کیلەدور.

بو بولسا انکار ممکین بولمایدور غان بر حقیقتدور. بو حقیقتگە اویغون بولوش اوچون آز تولا دقتلیك و حقنی تانوش یتەرلك بر عاملدور. بو حقیقتنڭ عبرتلك مثاللارینی اثرلەرده اوقوماقدامز. قریلەریمزدن ایشتمکدە مز. و هموده اوزیمزنڭ قسقاچه حیاتیمزنڭ اوتموشلەریدە کوب ییگتلەرنی کوروب اوتدوککه: چیرایلق بویلاری کیشکەن، کوکسلەری کەڭ، بیلەکلەری کوچلوق، دورنڭ آیلانیشی اوزلەرینڭ ایستەکیکه اویغون، مادی باهلقلاری یتەرلك بولسامو، کوب ایستکه قدرت وطبیعتنڭ یاردمیدن یاخشی فائدالانماسدن عکسینچه شهوت، هوا هوسگە مغلوب بولوب حیاتینڭ موافق کونلەرینی بیهودەلککە صرف قیلیب اوزینڭ مادی و معنوی سرمایەلەرینی بیکاردن بیکارغه قولدن چیقاریب قویدی. زمان اوتکونچه آتاسیدن قالغان مال و ملکلەرینی بوزوب ساچیب یوق اتدی. ینه بر طرفدن ایشلەش قابلیتینیمو یوق اتیب قویدی. چونکه عشرت پرستلك اولارنڭ ساقلقینی کیسللککە و کوچینی ضعیفلككە آیلاندوروب بیچاره و بختسز بولوب قالماقدادور.

تجربەمزگە کوره، بو یمان تصادفلەرنڭ یوز بربشی تولاراق اوزینڭ و بالا چاقالارینڭ تریکچیلکیگە کفالتلك بولارلق بر ایش و یا هنر قیلشقه نه قوت و نه یاشلق لیاقتی قالماغان بر چاغدا بولادور.

سادەلاشتوروب عرض قلسام: اربخیسزلەر „دولت قوشی باشمدن اوچوب کتدی. فلکنڭ آیلانیشی تەتور" دەب خرافی عقیدەلەرگە توشسەمو حقیقتنی اویلاسا بوتون گناه اوزیده، اوزینڭ بارلاق حیاتینی اوزی قراڭغولققه تیققان، اوزینڭ نادانلقی بلەن بیچاره گناهسز عائلە و معصوم بالالارینی فلاکت توپراقیغه تاشلاغانلقی آشکارادور. دیمەك اولەری حیاتینڭ مادی و معنوی فیضلەریدن محروم بولوب بر بیچاره توبن زیادلق صنفنی جمعیتکه قاتقانینڭ اوستیگە اولارنڭ گناهیغه هیچ اشتراك اتمیگەن اما اولار بلەن حیات یولداشی بولوب قالغان بیچاره خاتونلەر و عائلە اولادلەرنیمو بد بختلك و بیچارەلكقا لاتیگە توتوب برمکدەدور.

ها: اولارنڭ ایچیده پشیمان بولغان و اوتموش خطالەریغه بارماق تیشلەگەنلەریمو بار. اما بو پشیمان ایش ایشدن اوتوب کتکەندن کین بولوب اولارنی بد بختلك و حقارتدن قورتولدوروشقا یارامای„ اولگەندن کین یاسینڭ نیمه فائداسی" دیگەن سوز بلەن مسخره قیلنماقدالەر.

بوڭا بناء ای ییگت! موقعدن فائدالان، قولاقیڭدن غفلت فاختاسینی چیقار، اوز قولوڭ بلەن زهر ایچمه، بوشلق و هوس، ایچملك و قمارنی یاشلقنڭ موداسی دیگەن اورونسز توشونچەنی تاشلا، سعادتنی موندلق خیال پرستلك ایچیدن ایستەب تاپا آلمایسن، او زوڭنڭ و عائلەڭنڭ کیلەچەگینی زهرلەمسلك نیتی بلەن ممکین بولغانچه عیش پرستلکدن اوزوڭنی یراق توت، یاشلق دورەسینی عیش عشرت و اویون کولکی دورەسی دیب توشونوش بیرباطل فکردور بونی میگەڭدن چیقاریب تاشلا، بلکه یاشلق دورەسینی فعالیت و غنایم حاصل قیلش دورەسی توتوب بو فرصتدن فائدالان، موندلق قیلماغان تقدیرده بو دور کوز یوموب آچقونچه اوتوب کیتەدور، شونی بیلشڭ کیرەککە: وقت اوتوب کتکەندن کیینکی پشیمان دردیگگە درمان بولالمایدور. وقتسز پشیمانلقنڭ اورونسز ایکەنلکی آچیق بر حقیقتدور.

ای گوزەل ییگت: سنی اوچکەن اوتدەك و موزلاغان سودەك قایغولق و حرکتسز یاشا دیمکچی ایمەسمن. یوق! یوق! موندلق بر توسه منڭ مقصدم ایمەس، و موندلق بیر زیانلق فکرنی هیچ قاچان سکا سوزلمایمن، بلکه منڭ اوصیەم همیشه خوش بول، حیاتڭنی چاپسانلق و خوشحاللق بلەن اوتکوز، زمانەنڭ قینچیلقلارینی و اویغونسزلقلا

آیاغی ۳ - بتده

# اولكه و شهر خبرله‌ری

( چینی توركستان آژانسی و اوزه‌ل مخابرله‌ریمزدن )

## اا - سانلق دد درنه‌ك ٥٥ اوتكوزولدی .

( كورلا خبری ) بیلم دەرنەگیمزنك 11 - نوبتلك اولتوروم‌ی 17 - غنوار دوشنبه كونی درنه‌ك اوییده اوتكوزولدی. بو اولتورومده هر ساحه دەكی منورله‌ردن 80 دن آرتوق كشی اشتراك قیلدی. عبدالحق احمدی „ اسلام دینی، اسلام مدنیتی، اسلام دینینك فن‌دنیایغابرگه‌ن‌تقدیماتله‌ری... “ اوستیده تولوق بیاناتله‌ر بریب اوتدی. مسئله ادبیات بابیغا كوچكه‌نده ع . دلشاد اوزینك یازیب كلگه‌ن 2 پرده بر كورونوشلوك „ آلدامچیلار “ دیگه‌ن كومیدیەسی اوستیده قیسقاچه ایضاحات برگه‌ندن سونك بیلم توركومیگه تحفه قیلدی. ثابت‌خلفتم „كورلا حقیده“ ع . راجی „ بیلم ایله “ نظر كریم „ تیلنی ساقلایلی “ دلشاد طرفیدن ع . اورخوننك „ بلك ده “ دیگه‌ن شعری، غفور چولك بر دانه حكایه، „ بلك‌قوچ “ ع . جمال „ قاچما دوستوم “، „ تاشلادم “، م . موسی „ ییلله‌رگه “ خ . صابری „ اشله‌شگه “، توختی عزیز „ اوسوش چاغی “ دیگه‌ن شعرله‌رینی اوقوب اوتوشدی. سوگره أركین فكر بابیدا بلكنك ؟ - سانینی نشر قیلش و مقاله‌لر تاپشوروش درنه‌كچیله‌رنی كوپه‌یتش مسئله‌له‌ری كوروولدی .

حاكم ع . طاهری „ تاش مطبعه‌گه خلقیمزنك ماددی یاردملاری، مطبوعا[ت] ... چیلقنلك اونه‌می و مونلدن سوگغی [...]لاریمز ... درنه‌كنلك اوتوقلق [...] كیتب باریلغانلقی اوستیده سوز[...] كورلا یاشلاریغا منتدار ایكه‌نلك[...] بیان قیلدی.

سوگره كوگلل آچیلیب اولتوروم ساعت 4 ده تارقالدی.

غفور چو[لك]

### اوچ مليارد

معارف وزارتی طرفیدن اوروم[چی] اوقوللارینك اوتكه‌ن یارم ییلداكی [...]لاحات ایهله‌ری اوچون بوللاغان [...] ملیارد دوللاری معارف نظارتی طرف[...] تاپشوروب آلینغان.

### چیچه‌ك داروسی

چیچه‌ك چیكش وقتی كلگه‌نلك[...] ساغلق مدیرلكی طرفیدن 2000 [...]نه چیچه‌ك داروسی آلدورولوب، [...]كستان جنوبیغا 500 و شمالیغا [...]0 دوجنه تقسیم قیلنغان.

---

( باشی 1 - بتده )

رینی آچوق یوز و كولومسه‌مه‌ك بله‌ن قارشیلا، هیچ قاچان حادثه‌له‌رنك قارشیسیدا بوینوگنی أگمه‌سدن یاخشلق كوچی بله‌ن بوتون اویغونسزلقله‌رگه غالبیت قازانیشقا تیریش .

منك مقصدیم شودورکه : ممكین قدر یاشلق دوره‌سینك بوزوق و زیانلق طرفله‌ریدن اوزوكنی یراق توت، خوشحاللق هیچ قاچان عیش پرستلكنك قوچاغیدن تاپیلمایدور. بلكه عیش پرستلك دائما بدبختلك بله‌ن بولداش بولوب ایگه‌سینی سفلیس، جیگر بوزولوشی، بورك بوزولوشی، عقلنك بوزولوشی و باشقا فلاكتله‌رگه آلیب بارادور. بونك بله‌ن علمدن، مادی و معنوی سرمایه‌له‌ردن محروم قیلادور و بدبختلكدن باشقا نتیجه برمه‌یدور. خدا تعالی دنیادا خوشحاللق و سعادتلكنك حدسز حسابسز یولله‌رینی و تورلوك واسطه‌له‌رینی یراتدی، بو طبیعت و قدرتنك واسطه و یوللاریدن فائده‌لانیب ابدی خوشحاللق ایچیده یاشاش اوچون سگا یول آچوقدور.

تن ساقلقی، عقل ساقلقی، گوزل اخلاق، علم آرتورش، خلق خدمتی، ایشچانلق و الك سوگدا اوز قول بله‌ن حیات تامین قیلش سینی خوش و سعادتمند قیلادورغان یوللارنك مهمله‌ریدور.

---

## میگه‌نی كسیش بله‌ن ساراڭنی ساقایتیش ممكن ایكه‌[ن]

مونداگار دینو

آمریقادا مینلیر اسملی بیر گوزه‌ل چیرایلق قیز ساراڭ بولوب قالغان . بو قیز ساراڭلارنی باقادورغان دوقتورخانه‌ده كوب غوغا جدل قیلب باشقالارغا آرام برمیگه‌ن . دوقتورخانه بو قیزغا 20 نچه قانیم داری قیلغان بولسامو، هیچ بیر داری فائده برمیگه‌ن. نتیجه‌ده آتا - آناسینك راضیلقی ایله دوقتورله‌ر بو قیزنك بوزولغان میگه‌سینی كیسیب ساقایتیشقا تجربه قیلماق بولغان . بیر كون دوقتورله‌ر بو قیزنی مست قیلب قویوب ، نهایتی نازوك بیر نشته‌رنی پشانه‌سیگه تقیب كیرگوزوب سه‌زگو میگه ایله حیس میگه‌سی اورتاسداكی بیر نچه تامورنی كیسیب تاشلاغان . نتیجه‌ده بو قیزنك آلدنقی قورقو ، خیال، ساراڭلق میگه‌سی ایله آرقا میگه‌سی اورتاسنداكی مناسبت اوزولگه‌ن. 2 هفته‌دن سونك بو قیز كوب اوخ[...]لایدورغان، اوزیچه كوله‌دورغان، ك[...] بالالارده‌ك خولوق قیلادورغان بیر[...]غا كلگه‌ن . 6 هفته اوتكه‌ندن [...] اوزینك كییمینی اوزی كیالایدور[...] اوزی سوغا توشه‌دورغان و عائله‌له‌ریغا یاداشه‌دورغان حالغا كلگ[ه‌ن]. 6 آیدن سونك بو قیز صحت سا[...] عادته‌دەكی خانم - قیزلارده‌ك عقیل[...]گه بولوب اداره ایشلاریغا قاتناشق[...] بو قیزغا حاضر ایكی ییل بولدی [...]تریك زاوودیدا خدمت قیلب توره[...]

برنجی نوبت میگه‌گه قیلنغان بو[...]ریبه اوبدان نتیجه برگه‌ندن [...] دوقتورله‌ر تورغونلاغان ساراڭل[...]شو اوسول ایله ساقایتیشقا كریشك[ه‌ن]. 2 ییل ایچیده 1500 آدم شول[...]بەدن اوتوب 52 فائیضی ساقای[...] 13 فائیضی زیانغا اوچراغان ، [...]ئیضی اولگه‌ن .

### ایغا سیاحت

ادوارد فندیرای

یر ایله آی اورتاسنداكی الك یاقین مصافه 216,420 یول بولوب، راكیتا ایله آیغا 4 كیچه كوندوزده یتیب بارغالی بولادور . آیدا سو، دگز، ابریق هوادن باشقا تاغ توزله‌ك ، چول كبی منظره‌له‌ر بار . آیدا 2 هفته كوند[وز] 2 هفته كیچه بولادور. آیدا اس[...] نهایتی تیز تارالیب كیته‌دور. كیچه[...] هر قانداق بیر سویوق ماددا بولما[...] همه‌سی توگلاب كیته‌دور. شونك او[...] آیغا چققان آدمنك هر قانداق سوغ[...]

ئۇيغۇر كتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## تەمىرات ادارەلەرى اوستيدە عومى بر تفتش

تەمىرات نظارتينىڭ تفتش لومى
اوفكەن ئيل اوغوستدن اوكتەبرگە قدر
اورومچيدەكى نظارت قارماغيدا بولغان
15 ادارەنى تكشوروب چيققان ايدى.
بو ئيل يەنە توركستان شمالى بلەن
جنوبيدەكى نظارت ادارەلەرى تفتش قلي
حاق مقصدى بلەن پروگرام و پلان حا
ضرلاب ناظر محمد امين بوغراغا تق
دىم قيلغان، تصديق قيلنغان تقديردە
ايكى گروپ توزولگوسى و برى جنوب
يەنە برى شمالغا حركت قيلغو
سيدور.

## خستە خانەدە

ارتە ياز فصلى كلەر- كلمەس شە
ربمزدە ايسق كيسل پيدا بولماقدادور.
بوڭا مقابل لانجوغا سپاريش ايتيلگەن
چيچەك سويى و اودول دارولارى يتب
كالمەدور. برقاچە كونگە قدر اوششاق
بالالارغا چيچەك جيكش و اوكول سالش
كبى تداوى چارەلەرى باشلانغوسيدور.

## كورلا مخبرلق اوييمزنك فعاليتى

(كورلا خبرى) ناحيەمزدە „ لتاى“
نشرياتى ادارەسى قاراماغيدا „ مخبرلك
اويى“ قورولوش ايلە خلقيمزنك مكتوب
ايشلەريگە بولغان احتياجلەرينى كوزدە
توتوب پولسز خط يازيب بريشنى بوي
غا قويغان ايدى، بش اى ايچيدە (7نـ
جى آيدن 12نجى آيغە قدر ) 82
يورتداشقا عريضە، التماس، سلام خط
و باشقا خصوصى يارولار يازيب بريل
دى. حاضر خط يازدورغوچيلەر كوندن
كونگە كوپەيگەنلكدن تورك اويغور او
يوشماسى طرفيدن مخبرلك اويگە مخـ
صوص بر كشى كاتب اولاراق بلگولەن
دى. بوندن سوڭ خلقيمز يازو بلەن
بولادورغان هر قانداق معاملەدە قينالما
غوسى و درحال مخبرلك اويمزگە مرا
جعت قيلغوسيدور.

غفور چولك

## بر غلغلە

آقسونڭ سابق معاون واليسى توة
تاميشنڭ اوز خانونينى اوروب اولتو
روب قويغانلقى توغراسيدا بر هفتەدن
برى قولاقدن- قولاقغا فجيع خبرلەر
تارالماقدادور. ظالم بر ارنڭ قوليدا
قربان كتكەن بو بچارەلەرينڭ اولومى
شهريمزدەكى تورك خانونلارينى سوڭ
درجە دلخون قيلماقدا و همە ديگيدەك
توقتامشقا الڭ آغر جزا بريلشنى كوت
مكدەدور.

---

( باشى 2 - بت سيزق آستيدا )
توگلاتيب قويمايدورغان نهايتى پوختا
كييم كييب المانى لازم كيلەدور. آينڭ
جەزبە ( تارتيش ) قوەتى يرنڭ جزبە
قوتيگە قاراغاندا 5 دن بيريگە توغرى
كيلەدور. ديمەك يردە 700 جڭ كلگەن
بير نرسە آيغا چققاندا 140 جڭ كيلە
دورغان بولوب قالادور. آيداكى مانا شو
جزبە قـوتيگە قاراب كييم تيكدور
مەك لازم. بونڭ سيرتيدا آيغا چقاندا
هوا، سو، يمەك نرسەلەرى حاضرلاب
آلماق كرەك. بوگونكى كوندەكى راكيتا
قوراليڭ تيزلكينى يانا 2 حصە آشور
غاندا، آندن آيغا سياحت قيلغالى بو
لادور. اگر اوچقو هر بير سكونتيغا
7 ئيل تيزلكدە اوچالايدورغان حالغا
كلگەندە، اندن آبرو پلان برنڭ تارتش قوتى
ايچندن بوزوب چقيب آيغا قاراب اوچالايدور.
بوگونكى بنزين كبى مايلارنڭ قو
تى ايلە او قدر تيز اوچوشقا ممكين
بولماسامو، لاكين فنى عالملەر آتوم
قوتى ايلە بو قدر تيز اوچوشقا ممكن ديگەن.
شونڭ اوچون بوگونكى كوندە عا
لملەر آيغا سياحت قيلش چارەسيگە
جدى گرشمەكدە. ياقين كلگوسيدە انسا
نلەرنڭ راكيتا قورالى ايلە آيغا چقشقا
باشلايدورغانلقينى و آى ايلە بر اور
تاسيداكى علاقە قاناتش ايشلەرى باشلا
نادورغانلقينى بزنڭ بو دوريدەكى انسا
نلەر كوزى ايلە كورەلادور.

---

## اچكى و تاشقى خبرلەر

( 7 نجى فيورال راديو خبرلەرى )

### كاموذستلار نڭ شرطى دن كيين

(لوندون ) نانكنددەكى قانون تو
زش پالاتاسى اعضالەرى سوگغا قدر
نانكينده قالادورغانلقينى و مأمورى پا
لانا باشلقى سونكونى نانكينگە چاقر
غانلقينى اعلان قيلغان.

(لوندون ) مأمورى پالانا باشلقى
سونكو يافيندا مخبرلەرگە ايتقان سو
زيدە، كامونستلەرنڭ سوقوش گناهكار
لەرينى جزالاش ديگەن شرطى آستيدا
كامونيستلەر ايلە صحبت باشلاشقا
اوزينڭ ناراضى ايكەنلگينى بيلدورگەن.

(لوندون ) توندون لانجودا چاڭ
خەى، نڭشا، گانسو، شڭجاڭ مسلمانـ
لەرى وكيللەرينڭ مجلسى آچيلغان.
مجليسكە غربى شمال حربى - ملكى
اوردو اشتابيڭ مديرى جاڭ جژ جوڭ
رياستلك قيلغان. مسلمان وكيللەرى مج
لسدە كامونيستلەرنڭ 8 تورلى شرطينى
قبول قيلا لمايدورغانلقينى بيلدور
گەن.

### مهم بر مذاكرە

( كابول ) توندوگون مصر و يهو
دى وكيللەرى گنرال رايلينڭ رياستى
آستيدا فلسطين غربيدن عسكرلەرينى
چكيندوروش حقيدە مذاكرە قيلدى.
قاهرەدە عرب وكيللەرى دانچنڭ رودوسـ
قا چاقيرغانى حقيدە مذاكرە قيلماقدا
دور. تخى رودوس كونفرانسيغا. قاتنا
شش ويا قاتناشماسلقا قرار بريلمەدى.

### نورويج خارجيە وزيرى بياناتى

( كابول ) نورويج خارجيە وزيرى
لانگا واشنغتونغا باردى. و بياناتيدا
„ سويت توتاسى نورويج سياستينى
اوزگەرتە آلمايدور. منڭ واشنغتونغا
كليشم آتلانتيك برلكيگە قوشولساق بز
گە امريقانڭ برەورغان كفالتى قانچەلك
بولادور. شونى تدقيق قيلماق اي
چوندور “ ديدى.

### جبهەلەردە

( كابول ) برمادا رنكوننڭ 40ميل
شماليدا كارينلار بر شهرنى آلدى.
اينسينده كارينلار محاصرەدە قالدى. حكو
مت عسكرلەرى اولارنى تسليم بولوش
قا دعوت قيلماقدادور.

جاوا سوماترادا 112 هوللاندا
عسكرينى جمهوريتچيلەر اولتور
دى.

# اق زامباقلار مملکتیده

## سوئومینڭ تاریخی ۱)

فنلاندانی هر تورلك زمانلاردا زیارت قیلدیم. مملکتنڭ هر تورلك یراه ریده یاشادیم. بیوك شهرلەردە کوللەر و اورمانلار آراسیداکی کنتلەردە بولوندوم. فینلەرنڭ هر تورلك اشلەرینی اوبون و کولکەلەرینی تماشا قیلدیم. قسقاسی بو ملتنڭ موسیقیسینی، ادبیاتینی، رسساملغینی، تیاتروسینی و معماریتی آیریم ـ آیریم تدقیق قیلدیم. صمیمیت بلەن اعتراف قیلامنکه بولارنڭ آلدیدا بارعانسارى حیرتم آرتدی. فنلاندداغا بولغان هر قانیمقی سیاحتم اثناسیدا اجنبیلەر آلدیدا ظاهرەی ایریتەك کورونگەن، فقط گیپاده تورغوچی شمالنڭ بو کچیك و آقساق ملتینی تخیەو کربراق تقدیر و تحسین قیلشقا باشلادم.

فین ملتینڭ حیاتیدا ألڭ اول ایکی نرسەنڭ کورسەتیلشی لازمدور. برنجیسی روس اختلالیغا یعنی 1917 ـ یلیغا قدر فینلەرنڭ مستقل بر حیات کچورگەنلکی، ایکنجیسی هم بو ملتنڭ آیریم بیوك آدملەر یتشتورمەگەنلکیدور. فینلەردە بولغان بیوك کولتور و مدنیت، بالذات بتون ملت آدملەرینڭ تریشچانلقینڭ محصولیدور.

فینلەر، روسیەنڭ غربی شمالیداکی ألڭ آخرقی بورجەکنی اشغال قیلار. باشقا طرفدن فینلاندا ایسویجکه خوشنادور. 1811 ـ یلیغا قدر فینلەر ایسوەج حاکمیتی آستیدا بولوندی. او وقت اسوەجلکلەرنڭ فینلەرگەقارشی بولغان معاملەسی، آوستریالقلارنڭ وەیوودیناداکی و بوسنا هرسکدەکی سربلارغا قارشی بولغان معاملەسیکەاوخشاش ایدی. یاکه تورك حاکمیتی زمانیدا روملارنڭ بلغارلارغا قارشی بولغان معاملەسیکە اوخشاش ایدی. بتون حکومت و اداره قوتی، تجارت و فابریکالار، مکتبلەر و حتی کلیسەلەر. ایسوەجلکلەرنڭ قولیدا ایدی. بتون اداره مامورلاری حاکملار، ظابطلار، راهبلار و معلملەر ایسوەجلکلەردن سایلانار ایدی. ایسوەجلکلەر اوزلەرینی مدنیتدە یوقاری کورگەن لکلەریدن فینلەرنی پست بر عرقنڭ منسوبی سانار و اولارغا قارشی دائما شو خلدا معامله قیلار ایدی.

فینلەر، ایسوەچلکلەر بلەن شو سیاسی حقلەرگە ایگە بولوش بلەن برابر فکردە، اقتصاددا و حتی اخلاقدا قالاق قویولغان ایدی.

بو هەممەسی؛ فین ملتینڭ حرثی اوسوشیگە قاتتق تاثیر قیلدی. 18 ـ عصرنڭ آخرلاریغا و حتی 1840 نجی یللاریغاچه فین حرثی، هواسز بر اویدە اوسکەن بر چیچەککە اوخشاش عاجز و سولوقدور. او چاغلاردا فینلەر بر آز یازماق و اوقوماقدن باشقا بر نرسە بیلمەس ایدی.

1808 دە روسیە بلەن ایسوەج آراسیدا پیدا بولغان بر سوقوشدا روس چاری برنجی آلکساندر، اوردوسی بلەن فینلاندنڭ یاریمینی باسیب آلغاندن کیین، فینلەرنڭ بورگو شهریدە بر سەیم (فین ملت مجلسی) نی چاقشقا دعوت قیلغان. بتون سوئوملارنڭ مەثللەریدن مرکب بولغان بو مجلسدن شو سوالنی سوراغان:

ـ بوندن کیین هم ایسوەچلکلەرنڭ ادارەسی آستیدا قالشنی ایستەمسزلەر یاکه مملکتنڭ اچکی ادارەسیدە استقلال آلماق شرطی بلەن روس ادارەسیگەاوتمەك طرفداریمو سزلەر؟

فین ملتینڭ مەثللەری، روسیەگە قوشولوشنی قبول قلغان. بونڭ بلەن برابر چار برنجی آلکساندر، فینلەرنڭ ایسوەج حاکمیتی زمانیدا ایگە بولغان تشکیلات اساسیە قانونیغا صادق قالادورغانلقیغا قسم قیلغان.

اچکی ادارەدەاستقلال آلغان فینلەر اوزلەریکە خاص حرث و مدنیتنی اوستوروش فرصتیگە نائل بولدی.

روس استیلاسندن سوگرە ایسوەج خلقینڭ بیوك بر قیسمی فینلانداداقالشنی یاخشی کوردی. فقط بولار مملکتنڭ اسکی ایگەلەری و حاکملاری ایمەس ایدی.

بو عنصر هم یاگی وطن دەب تانوغان فینلاندنڭحرث (کولتور) جهتیدن اوسوشی اوچون بیوك بر غیرت بلەن چالیشیشقا باشلادی.

باشلابقی زمانلاردا حرث تکملی اوچون چالیشقانلارنڭ سانی محدود ایدی. بو سرادا فینلەرنڭ منور دب سانالادورغان معلم، راهب و یاشلارینڭ مقداری بارماق بلەن ساناغالی بولادورغان درجەدە آز ایدی. فقط بوحال منورلەرنڭ قوتلەرینڭ عاجزلاشیشیغا ایمەس، بلکه آرتشیغا سبب بولدی.

۱) سوئوم: فینلەر اوزلەرینی سوئوم دەیدو، و بك یاخشی کورگەن مملکتلەرینی سوئومی دب اتایدورکه، پاتقاقلق یر، معناسیغا کلەدور.

## حریت توغراسیدا

بر مسئله بارکه دائما منی قزیقتورادور. عجبا دنیادا! „حقیقی حریت پرور“ آدم بولامدو؟ مسئلەسی. نیمه او چوندور بونی هیچ یشه‌لمادم.

دوروست، سیاستدەکی حریتنڭ معناسینی کوب آختوردوم لغتلەردە بوخل حریتنڭ بر تعریفی هم بار: حریت یالغوز اوزیمزنڭ خواهلاغانلاریمزنی أرکین ـ أرکین هر قانداق بریول بلەن بیجیرشدن عبارتدور. دەیدور.

فکر قیلیشمچه، تصوری تخیەوآغیر بولغان بر مفهوم بار: „حقیقی حریت پرور آدم“ مفهومی. بو کلمەنڭ آچیق معناسی „کوب مستبد بولماغان، باشقالارنڭ هم توشەنچەلەریگە فعلەن بر آز صبر قلغان“ دیمەك بولار. بعضی ماتلەرنڭ ظلمینی، استبدادینی کوروبلا، بونگدا هیچ شبهەم قالمادی.

انسانلار حر، نڭ توغولار ایمش. هیچ قاچان بونداق ایمەس. انسانلار اسیر توغولوب، اسیر اولەدور. بتون دنیاغا بر اسیرچی بازاری دیمەك بك توغرا بر سوز چیقار. بتون اوگوشلقلار یالغوز بر غوجامنڭ ایشکینی نیرەمەکدە ظن قیلامنکه عقلی بولغانلار آران شونی تأمین قیلشقا ایهلەگەی! اویلایمەن. حاضرغاچه بیوك وطنپرور، بیوك عالم جنان، فوق العاده شاعر، قیمتلك فداکار، یاخشی دوقتور، قیمتلك محرر و باشقالارغا اوخشاش معجزەچیلەرنی خیلی کوردوم. فقط حقیقی حریت پروردن هیچ کیم یوق!

شونڭ اوچون بوندن کیین مندن „حریت پرور کیمدور“ دب سوراساڭ شو جوابنی برەمن:

استبدادی ألڭ ئازلق، ألڭ صبرچان بولغان برسی.

ف. ۱.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com


بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

تلده، اشده، فکرده، برلك!

أرك

مدیر: عیسی الب تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

یل 1949 فیورال 11
13 ربیع الاخر ١٣٦٨

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

№ 240 جمعه — قمتی: آیلقی - شهرگه — 3000000 اولکه دوللاری


# تنجلق نیمه نك اوستیگه قورولماقی لازم

تنجلق قوروق آغزداکی سوز ایله وجودقا چقمایدور. بوگون دنیاموتنجلق دیدور، چینمو تنجلق دیدور، اولکه‌مزمو تنجلق دیدور. بوگون دنیادابولسون خوامی باشقا جایدا بولسون، تنجلق وباکی تنجسزلق مسئله‌سیده آزچیلق سیاستچیلر زور رول اوینامافدا.

برنجی دنیا سوقوشیدن سوڭ هممه دولت تنجلق دیدی، اما شو تنجلقنی تامین ایته‌دورغان چاره‌لرگه کرشمه‌دی. تنجسزلقا آلب بارادورغان بتون سبیلرنی شو تنجلق دیگن سیاستچیلر اوزلری توغدوروب قویدی. نتیجه‌ده تنجلق دیگنلرنڭ هممه‌سی سوقوشقا قاتناشیشقا مجبور بولدی. ایکنجی دنیا سوقوشیدن سوڭ ینه هممه دولت تنجلق دیب وافراشقا باشلادی. اما شول تنجلقنی تامین ایته‌دورغان شرطلرنی حاضرلاشقا کرشمه‌دی. شونگدیك هربر زور دولتلر دنیانی تنجسزلقا آلب بارادورغان کمچیلکلرینی توگوتوشکه غیرت قلمادی. بوگون تنجلق دب وافراب تور غانلرنڭ هممه‌سی کیچه کوندوزلب سوقوشقا حاضرلانمافدا. برنجی دنیا سوقوشیدن سوڭ اورتاغا چیققان پاریژ معاهده‌سی ایکنجی دنیا سوقوشیدن سوڭ میدانغا چیققان دنیا آساسی قانونی کبی قانونلر هم دنیا تنجلقی اوچون هیچ بر رول اوینالمادی.

شونگدیك اولکه‌مزنی آلساق، شالشی سه‌ی اوز دوریدی ابدی تنجلققا اورنادلغان دور دب بها بردی. اما تنجلقنی ساقلاب قالالمادی. اوجوڭشین وری تنجلق دوری دب حسابلانغان ولسامو، نتیجه‌ده بو دور بتون تنجسزلقا سبب بولدی. جاڭجالگوهن اولکه‌گه کلگه‌ندن سوڭ تنجلق بتم سیاسی پروگراممدا و اولکه‌مزده تنجلق اورناتشنڭ آساسی دب قارادی. بوکونکی بورهان افندم هم شول ایکی تورلك چاره‌نی اولکه‌مزده تنجلق اورناتشنڭ آساسی دب اولتورمافدا. حقیقتا تنجلق بتم سیاسی پروگراممدا اولکه‌مزده تنجلق اورناتشنڭ آساسی بولسامو، لاکین اوتولوغی ایله عملگه آشورولغان زمانلاردا معلوم دور اوچون تنجلق آساسی بولوب برەلسامو، اما ابدی تنجلق اوچون آساس بولوشقا دخی آزلق قیلادور. آغزداکی سوز، کاغذغه توشورولگن ماده‌لر اگر عملده اجرا قلنماس ایکن، اونڭ هیچ بر فائیداسی بولمایدور.

بوگون اولکه‌مزده کورونوشده تنجلق بولسامو، لاکین حقیقی نقطه‌دن قاراغاندا، بو تنجلق اوچون قولدا آساسلی بر کفالت یوق. اولکه‌نڭ برلکی دخی وجودقا چیقمادی. سیاسی پروگراممداکی کوب ایشلر ایشلنمه‌دی. ایشلنگن قیسملریمو یوچه‌ك ایشلندی. اولکه‌مزده خلقچلق یورگوزولدی دیدوق. اما بو خلقچیلق یالغوز پاراخور ظالم بگ، متعصبلر اوچونلا اجرا قیلنغان بر خلقچیلق بولوب قالدی. عوام خلق بو خلقچیلقدن هیچ قانداغ بر فائیدا آلالمادی. ایزیلش، ظلوم ینه دوام قیلماقدا. تورلی آلوان یاساقلرنڭ دستیدن خلق کمبغللشب اوله‌ر حالغا کیلب قالدی. خلقنڭ أرکینلکی تولوق حمایه قیلنمادی.

اولکه وضعیتی بو حالدا ایکن، یاڭی تشکیل بولغان حکومت بونداغ آساسلق مسئله‌لرنی حل قیلشقا کیرشمه‌دی. ینه تنجلق، برلك اتفاقلق، خلقچیلق دب آغزدالا وافراب اولتورسا، مسئله‌ باراغانساری جدیلشب کیته‌ر.

اولکه‌مزنڭ تاریخیداکی بتون قوزغولاڭلرنڭ هممه‌سی ظلومغا قارشی قوزغالغان. اولکه‌ده ظلوم یوقوتولماس ایکن، ینه تنجلقنی ساقلاب قالغالی بولمایدور.

اولکه‌مزده تنجلق 3 تورلی شرط آستیدا وجودقا چیقالادور. بری خلقنڭ اقتصادی حیاتینی تامین قیلماق، ینه بری خلقنڭ حقوقینی حقیقی تانوماق، ینه بری یورتداکی ملت مسئله‌سینی آساسی ایله حل قیلماقدور.

اگر آغر آلوان یاساق، پاراخورلق توگوتولمه‌س ایکن، حکومت اوز مالیه‌سینی توزوتمه‌ی یالغوز قوروق کاغذ ایله خلق یاپلقینی شورار ایکن، خلق کوندن - کونگه آچارچیلقا اوچرایدور. نتیجه‌ده یورتدا تنجسزلق پیدا بولادور. خلق کمبغللشب کتسه، یوریورتنی اصلاح قیلش، صناعت، فابریکا قوروشقا زمین قالمایدور.

اگر خلقچیلق آزچیلق یمان آدملرنڭ اویونچوق قورالی بولوب، خلق حقوقی آیاق آستی قیلینار ایکن، خلق اوز داد احوالینی بیان قیلش حقوقیدن آیریلب قالار ایکن. خلق ظالم منصبدارلرنڭ قولی بولوب یاشار ایکن، او چاغدا خلق ینه تینج تورالمایدور.

أڭ مهم بولغان ملت مسئله‌سیگه کلسه‌ك، بو مسئله حل قیلنماسا، اولکه‌مزنڭ تنجلقینی ابدی تامین قیلغالی بولمایدور. اوشلاق چوشه‌ك چاره‌لر ملت مسئله‌سینی حل قیلشقا یارامایدور. دنیادا کوریلگه‌ن ملت مسئله‌لری باشقا سیاسی چاره‌لر ایله‌ایمه‌س ملی چاره‌لر ایله حل قیلنماقدا. ملت مسئله‌سینی حل قیلماق دیمه‌ك تورکستان ملتی اوز قولی ایله او زینی اداره قیلش دیمه‌کدور.

( دوامی بار - بنده )

# اولكه و شهر خبرله‌ری

( چینئی توركستان آژانسی و اوزه‌ل مخابرله ریمزدن )

## یورتداش حقی اوچون بیر تکلیف

یورتیمزدا یوز برگه‌ن توپولاڭلار
و ظلملاردن تولایی هندستانغا سغنغان
یورتداشلاریمز بو اوزون مسافرتچیلكـ
ـدن كیین وطنلك تجلانغانلقینی، هر
ایشنلك یولغاقوبولغانلقینی آڭلاب بلك
سوبونگه‌ندورله‌ر.
بو سوینچ یوزه‌سیدن یورتقا كیره‌ر
ایكه‌ن چك آراداكی گومروك دائره‌له
ری بو عزیز عرقداشلاریمزنلك آلتون،
كوموش كبی قیمتلك أشیاسینی آلب
قالغان. اولكه‌لك حكومت، توركستان
خلقینلك احوالینی اوختوروب یورتقا
قایتادورغان یورتداشلاریمزنلك آلتون،
كوموشله‌رینی توتوب قالماسلقینی اوتونـ
ـگه‌ن و بو حقده مالیه وزارتیگه بر
مراجعتده بولونغاندور.

## كاشغرده خاتون - قیزلار تشبثی

كاشغرنلك منور خاتون قیزلاری
كاشغرده خاتونلارغا مخصوص بر اور
تا مكتب آچیش تشبثیغا كیریشكه‌ن. بو
خصوصدا! خلق كلوبیدا مخصوص ادبیات
كیچه‌سی اویوشتورولغان. بلقس خانم
طرفیدن آتشین نطقلار سوزله‌نگه‌ن و
هر اداره نامیغا اعانه‌له‌ر ییغیلـ
ـغاندور.

## كو-لا حاكم اداره‌سینك اچكی مجلسیده

(كورلا خبری) 18 - غنوار
كچ ساعت برده حاكم ایشخانه‌سیده ایكی
حاكم 4 بولوم باشلقی، سودچی و بو
غالترخانه‌نلك مدیری بولوب 8 نفر كشیـ
ـنلك قاتناشیشی بلمن مهم صحبت‌مجلسی
اوزدورولمشدور. مذكور مجلسكه حا
كم عبدالقادر طاهری رئاستلك قیلب
"ناحیه خدمتینلك ضرورلكی اداره‌نلك اچ
كی و تاشقی خدمتیده‌كی اوتوق و كه
چیلكله‌ر. بو حقده خدمتچیله‌رنلك تور
لی كمچیلكله‌ری، بونی توگه‌تمه‌ك او
چون بارلق فكرنی اورتاغا آلماقنلك
چالیشماقنلك ضرورلكی..." نی توشنـ
ـدوروب اوتكه‌ندن سولك قیزغین‌مذاكره
له‌ر نتیجه‌سیده توبه‌نده‌كی قرارلار قبول
قیلنمشدور. 1 - عدلیه خدمتچیـ
ـسی معصوم بگنلك خدمتی اوستیده عدل
سزلق ایشله‌ر كوب كورولگه‌نلكدن خدـ
ـمتیدن قالدوروب اورنیغا ایگه‌م بردینی
بلگوله‌ش. 2 ) اورومچی عدلیه‌محكمه
سیدن سودچی اسماعیل بگنی خدمتیـ
ـدن قالدوروب اورنیغا باشقا خدمتچی
ایبه‌ربلگه‌نلكی حقینده علاقه كلگه‌ن بولـ
ـساده او خدمتچی حاضرغه‌چه كلمه‌ی ادا
ره‌نلك سوراقچیسی بالفوز قالیب خلق
دعراسی كیینگه سورولگه‌نلكدن تیزدن
علاقه یوللاب آلدوروش، 3 ) عدلیه
بولوم بوغالتری لوجیووز دیگه‌ن 6
آیلق حسابانی اوتكوزوب برمه‌سدن او
رومچیكه قاچیب كیتب حسابات ایشی آه
ساب قالغانلقدن اورنیغا اداره‌نلك 2 -
درجه‌لك كاتبی لیوبوگونی بلگوله‌ش.
4 ) فوق‌العاد قیینچیلقدا قالغان 12
نفر خدمتچیگه خلقله‌رنی یاردم اورنیدا
ارتون آلیب بریش 5 ) ملك بگی یوز
بگی‌له‌رنلك خدمتینی ترتیبكه سالیش
اوچون اداره‌نلك برلك‌مختاریده رهبرلكیـ
ـگه عبدالحی سـاینینی بلگوله‌ش.
6 ) خدمتچیله‌ر اچیده خدمتیگه‌تریشقاز
لارنلك درجه‌سینی اوستوروش، سوست
قاراغوچیلارغا قاتتق آگاهلاندوروش
بریش. 7 ) ساقچیله‌رنلك ترتیب انتظا
می و معامله‌سی یاخشی بولماغانلقدن
ساقچی باشلقی بهاءالدین نی خدمتیدن
قالدوروب اورنیغا عطاالله قاری‌نی بلگو
له‌ش 8 ) ناحیه‌مزده‌كی عسكرله‌ر خلق
له‌ردن آلغان اوتونغه بك آز حق بر
گه‌نلكدن بونی اورومچی باش حربی
شتابقا علاقه آرقالی معلوم قیلب یول
یوروق سوراش 9 ) اداره‌نلك اچكی
خدمت ترتیبینی یاخشیلاش اوچون خد
متچیله‌ر طرفیدن نوبتچی تورغوزوشقا
اوخشاش بر قانچه قرارله‌ر كورولوب
مجلس كچ ساعت 4 یاریمدا یاپیلدی.

محمد اسماعیل

( باشی 1 - بتده )

عسكری حقوق، خارجی سیاست مركز
گه باغلق بولماق شرطی آستیدا اولكه
نلك اچكی ایشله‌رینی اداره قیلشنی‌بتون
شول برلك خلق قولیغا تاپشوروش
دیمه‌كدور. بز بو چاره‌نی اولكه‌ده‌كی
ملت مسئله‌سینی توب آساسی ایله حل
قیلش چاره‌سی دیب ایتامز. بوگون بو
چاره‌نی اجرا قیلش دخی بالدیر دیسه
شو چاره‌نی اجرا قیلشقا وعده بریب
خلق كوكلیگه بیر ایشانچ اورناتماق
لازم.

بوگون قورولغان حكومتنی تنجلق
اوچون قورولغان حكومت دیلمه‌كده.
تنجلق دیگه‌ننی بر حكومت تشكیلینی
اوزگرتمه‌ك ایله وجودقا چیقارغـالی
بولمایدور. تنجسزلققا آلب بارادورغان
سببله‌رنی و كمچیلكله‌رنی یوقاتماق ایله
حل قیلغالی بولادور. شونلك اوچون
تنجلق لازم ایكه‌ن اوستون سیاسی چا
ره‌له‌رغه كوره آساسلق مسئله‌له‌رگه كوز
تكمه‌ك لازم.

❋ ×××× ❋

## قسقا خارجی خبرله‌ر

(شام) سوریه‌ده‌كی فرانسه مانداا
اداره‌سینی یوق قیلغاندن كیین مالی
قالدوق حساب‌لارینی توتوگون‌توگه‌تدی.

(كابول) مصر و یهودی مذاكره‌سیـ
ـده یه‌نه قیینچیلق‌توغولدی. یانج بولارنی
كیلشتورمه‌ك اوچون جدی كراشمه‌كده‌دور.

$ كشمیر كومیسیونی دائمی متاركه
پلانلارینی حاضرلاب پاكستان خارجیه
وزیری ظفرالله خان‌بلمن‌كوروشـدی.

$ كاردینال مین سن تی نی مجا
رستان محكمه‌سی موءبد قاماققا و ماللا
رینی مصادره قیلش و مدنی حقله‌ردن
محروم قویوشقا، یولداشلارینی تورت
كشینی 8 ییللق و آلتی كشینی تورت
ییللق قاماققا حكوم قیلدی.

(پاكستان) بوگون برلشمه دولتله‌ر
مجلسیده روسیه مثالی «دولتله‌ر آرا
قورال آزایتش» تیله‌گینی تاشلادی. و
بو ایشنی مارتنلك آخرلاریغا قدر تماملا
لاشنی اوتوندی.

$ توتوگون نیل دریاسینلك آغزیدا
و مدیترانه‌نلك جنوبی ساحللاریدا قدمی
تق تاشقین چیقب 7 آدمنلك اولومیگه
و تورغون كشیله‌رنلك یارادار بولوشیغا
سبب بولدی.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# اچكى و تاشقى خبرلەر

( 8 نجى و 9 نجى فيوال راديئو خبرلەريدن )

## موافق شرط استيدا صلح طرفدارلقى

(كانتون) سونكو كابينەسى برنجى
مجلسينى تونوگون كانتوندا آچيب حكو
مت موقتەن كانتونغا يوتكەلگەنلكينى اول
كەلەر وعسكرى اورونلارغا اعلان قي
لشقا قرار بردى. نانكينددەمو كابينە باش
كاتبلقى طرفيدن بر حكومت ادارەسى
قوروشقا قرار بردى.

(كابول) چين جبهەلريدە سوقوش
بوقدور. لى زوڭ رين موافق شرط
بلەن صلح قيلماقغا قوليدن كلگەنچەايش
لەشنى و موافقيتسز شرط بلەن صلح طرف
دارى ايمەسلكينى سوزلەدى. كوموونيست
لار تورت وكيلدن شاو ليزى و گينرال
جالاد جى جولڭنى قبول قيلشنى بيلـ
دوردى. لى زوڭ رين شانخەيگە باردى و
غير رسمى وكيللە ربلەن سوزلشمەكدەدور.

*--*(**×**)*--*

## ستالينڭ اينتقانلارى

(كابول) ستالين «آمريكا بلەن دن
يا صلحى اوچون بر توخنام توزوشكە
حاضردور. اگر غرب دولتلەرى غربى
آلمان دولتى قوروشدن واز كچسە بر
لين محاصرەسينى آلب تاشلاشقا تيارمز»
ديدى ترومان ايلە كوروشوش حقيدەستا
لين آمريقاغا باريش اوچون ساغلقينڭ
اوچقو سفريگە موافق ايمەسلكينى ايتدى.

## يهودى حكومتى قارشيسيدا توركيه

(پاكستان) توركيه تاشقى ايشلەر با
قانى نجم الدين افندى توركيەنڭ فلسطين
يهودى حكومتيگە قارانا توتقان سياستي
نى اعلان قيلدى و ديدى كە: «توركيه
اسرائيل حكومتى مديترانه دولتلەريدن
برى بولغانلقدن حرمت قيلادور. و هم
توركيه برلەشكەن دولتلەردن برى بول
غانلقدن يهودى حكومتينى تونوشقا مج
بوردور و عينى زماندا توركيه عرب و
يهوديلەر اوچون توتوب كلگەن سياستي
نى هم اوزگرتمەك ايستەمەيدور. تور
كيەنڭ آرزوسى فلسطين مسئلەسينڭ بى
طرفلك بلەن حل قيلنشيدن عبارتـ
دور.

## ايكى ارادەكى چيرماش مسئلەلەر

(پاكستان) هوللاندا حكومتينڭ كلە
چەك ييليدا اينديونيزيانڭ استقلاليني
تونوش اوچون برگەن وعدەسى حقيدە
اينديونيزيا ليدرلەرى حاضرغاچە هيچنر
سە ديمەدى. شونداق بولسامو، سوكار
نو باشلق اينديونيزيا ليدرلەريگە در
حال تام آزادلق بريلمەك شرطى استي
دا هوللاندا حكومت وكيللەرى بلەن ئانا
سوز آچيشقا تيار ايكەنلكينى بيلدوردى.

هوللاندا حكومتينڭ بر سوزچيسى
هوللاندا و اينديونيزيا آراسيداكى ها
ضرقى وضعيت حقيدە سوز قيلشدن تار
تينب ايتدى كە: «جمهوريت باشلقلارى
بلەن حكومت آراسيدا اوتكەزيلمەكچى
بولغان مذاكرە نتيجە برمەگونچە باريش
سوزلەشيش ممكين ايمەس»

*** ✡ ××× ✡ ***

## چيكيندورولدى

(پاكستان) برما رانگوننڭ 10 ميل
شماليدا اينسين محاذيدا قانلق سوقوش
دوام اتمەكدەدور. خبرگە كورە حكومت
عسكرلەرى اوچقو و آغير قوراللار
يارد‌مى بلەن قاتتق هجوم قيلب اينسين
بوگون دوتونلەى قايتوروب آلغاى
و اغتشاشچيلارنى آرقاغا چيكيندوروش
كە موفق بولغاندور.

## ساغلق كونفرانسى

(آنقره) دنيا ساغلق كونفرانسى
قاهرەدە آچيلدى بو كونفرانسقا تور
كيه، عراق، مصر، سعودى، عربستان،
سوريه، لبنان، اوردون، ايران، پاكستان
اعضا بولوب قاتناشدى. انگلترە، فرانـ
سه و يمن مشاهد وكيللەر ايبەردى. دن
يا ساغلق برلكينڭ اورتا شرق بولو
مى اسكندريەدە قورولوشقا قرار بريلدى.

## بير معاهدە مجلسى

(پاكستان) بوگون لوندوندا آوستريا
صلح معاهدەسينى امضالاماق اوزرە مج
لس توپلاندى، بو مجلس اعضالارى
روسيه، آمريكا فرانسا و انگلترە وكيل
لەريدن عبارتدور. بو مجلس اوتكەن
ييل مارت آييدا آچيلماقچى بولسامو،
اما او كونلەردە اعضا دولتلەر آراسيدا
بو حقدە اختلاف كوب بولغانلقدن تا
خير قيلنغان ايدى.

## بر كوموسيوننڭ برنجى صحبتى

(آنقره) فلسطين اوزلاشتورما كو
موسيون اعضالارى يهودى خارجيه وزي
رى سربوك بلەن كوروشوب قدس مسـ
ئلەسى و عرب مهاجرلەرى حقيدە سوز
لەشدى. بو صحبت اوزلاشتورما كو
موسيونينڭ يهوديلەر بلەن برنجى صح
بتيدور. آمريكا خارجيه وزيرى رو
دوس كونفرانسينڭ آمريكا حكومتى
نظريدە بك مهم ايكەنلكينى مصر حكو
متيگە بيلدوردى

## ساوېت نوتاسيغا جواب بريلگوسى

(كابول) نووواچ خارجيه وزيرى
لانژە آمريكا خارجيه وزيرى دين اچيس
بلەن مذاكرە قيلدى. يەنە آتلانتيك بر
لكيگە قوشولوش و يا قوشولماسلقى
حقيدە مذاكرەگە دوام قيلماقچى ايكەن.
لانژە آمريكا صحبتيدن قايتقاندن كين
ساوېت نوتاسيغا جواب بريشنى سوز
لەدى.

## بوغداى كونفرانسيدا

(واشينگتون) واشنگتوندا توپلان
غان بوغداى كونفرانسيدا بوغداى سات
قوچى و آلغوچى ملتلەر آراسيدا بوغ
داى بهاسى حقيدە كليشە آلماسلق چيق
دى. چونكە بوغداى آلغوچيلار ايچي
دە انگلترە توبەن بها قويولماقينى طلب
قيلسامو بوغداى ساتقوچيلاردن آمري
كا و ساوېت وكيللەرى بوڭا ناراضيلق
بيلدوردى. ساوېت وكيلى دنيا بوييچە
ساتيلادورغان بوغدايدن 20 فائضينى
چيـقارـب ـ يـشـنى بيـلـدور
دى.

# اق زامباقلار مملكتيده

## سنلمان

چار برنجى آليكساندرنڭ ساغلغيدا فين حرثيى يوكسەلتمكچى بولغانلارنڭ باشيغا سنلمان ديگەن بر ذات چققان ايدى. بومناسبت بلەن بو ذاتنڭ حيات و فعاليتى حقيدە بر از معلومات برەيلى:

يان ويلهام سنلمان 1806نچى ييلى 12نچى مايدا ستوكهولمدا توغولغان و 1881نچى ييلى 4نچى ايولدا دانسكاربى‌دا وفات قيلغاندور. بو ذات اوز زمانينڭ بيوك بر عالمى، چوڭقور بر فيلسوفى و مشهور بر سياستچيسى ايدى. فقط بو آدمنڭ اڭ بيوك شهرتى فين حرثنى يارانقوچى خلق معلمى بولوشيدادور. سنلمان و آرقاداشلارى ملت معلمى صفتى بلەن ايشلە ايشلە ميڭ بر پاتقاقلق مملكتينى آق زامباقلار (بنەفشەلەر) مملكتيگە آيلاندوردى.

بو بيوك فينلاندالق بتون حياتيدا شو حقيقتنى يورتداشلارينڭ ميگەسيگە اوزلەشتوروشكە تريشدى: «فينلاندا، دائما روسيە و اسوج طرفيدن باسيب آلينش تهلكەسيگە معروضدور. كوچلك و مدنيتلك خوشنالاريغا قارشى مقاومت قيلا آليشى اوچون حرث جهتدن اولاردن يوقارى بولوشى لازمدور.» سنلمان «سايمە» عنوانى بلەن نشر قيلغان بير غزتەسيدە يورتداشلاريغا دائما شو سوزلەرنى قايتا قايتا ايثار ايدى: قاچان بزنڭ كيچك ملتيمز اوزينڭ چوڭ خوشنالاريدن هم اوستون بر مدنيتكە ايگە بولسا، او چاغدا تهلكە يوقاتيلغان بولادور».

فينلەر اوزون يللار، ملى حرثلەرينڭ گللەنيشى و اوسوشى اوچون ايشلەدى و بوگون آوروپانڭ كوبلەگەن مملكلەريدن هم يوكسەك بر مدنيت درجەسيگە ايريشدى. شوندان قيلب چوڭ و كيچك خوشنالارينڭ قولتوغيدا حقوق حريت و استقلالارينى يوقالتش تهلكەسيدن قوتولدى.

سنلمان ياكى توغولغان دەن منور لەرينڭ اڭ گوزەل بر تمثاليدور. بو ذات بر قانچەلاغان ياش معلم، ياپاس آدواكات و مأمورلار بلەن برلكدە خلق صنفى آراسيدا معارفنى يايش و كوچلەندوروش اوچون بر اهل صلب سفربرنى اعلان قيلدى. بولار دەر ايدى: منور بولماق، مودا‌غا موافق كييم كيچك، قالپاق كيمك، اوچاسيغا گوللك كوكلمك آرتماق ديگەندن عبارت ايمەس، منور زومرە ملتنڭ ديماغيغا اوخشاشدور. ملت سزنى، ياخشى اوقوب چققاندن كين كوب آيلق آليشقا نائل بولسون، آقشاملارى قهوەخانەلەردە قرتا و ياكە دومينو ماسەسينڭ يانيدا ارلتوروب اوينسون، كولسون دەب اوقوتمايدور. بونداق قيلغوچيلار حقيقى منور ايمەسدور. اولار منورلەرنڭ اخلەتلەريدور.

اوقومشلقلارنڭ هممەسى، ملى ذاتنى گللەنتشكە، ملى وجداننى اويغاتشقا ملى ارادەنى كوچلەندوروشكە بورچلقدور. صحرالقلارغا، ايشچيلەرگە و ييزا خلقينڭ توبەنكى قاتلاميغا قانداق قيلغاندا تخيمو ياخشى ياشايدورغانلقلارينى اورگەتيڭز!

ملتكە حياتنڭ قيمتينى بيلشنى و بونى ساقلاشنى اورگەتيڭز. بزنڭ بو چوروك وطنيمزدە هر بر ييزالق و ايشچينڭ تخيمو راحت، تخيمو ساغلام تخيمو موافق بر حيات كوچورە آلادورغانلقينى اوگرەتيڭز.

ملتكە قانداق ايشلەشنڭ لازملقينى اورگەتيڭز. آرزان و يوختا بولوش بلەن تخيمو اويدان بولغان مكانلارنڭ قانداق ياسالادورغانلقينى كورسەتيڭز. اوزينڭ و بالالارينڭ ساغلقلارينڭ قانداق ساقلانادورغانلقينى اركەكنڭ خاتونغا و خاتوننڭ اركەككە قانداق معاملە قيلادورغانلقينى و بالالارنڭ قانداق تربيەلەنەدورغانلقينى اورگەتيڭز.

ملتنى، هر ايشنى اوز وقتيدە قيلشقا، انتظام ايچيدە ايشلەشكە كوندوروڭز اوزلەرينڭ و باشقالارنڭ حقوقيغا رعايە قيلشنى اورگەتيڭز.

بوتون بو ايشلەردە ملتكە باشلاب اوزيڭز اورنەك بوليڭز! اوز آراڭزدا و خلق بلەن بولغان مناسبتلەريڭزدە خلقنڭ تربيەچيسى بوليڭز.

بوتون حوكومتنى چوڭ بر عائلە دەب بيليڭز. بوتون وطنگە هم شوكوز بلەن قاراڭز. اسلەڭزكە، اڭ فقير كومورچى، بقال و خدمتچى تول خاتون هم ايچيدە بولغانى حالدا بوتون فين ملتينڭ افرادى سزنڭ آغا اينيڭز، ايگەچە سيڭلليريڭزدور.

بولارنى تربيە قيلماق و مدنيت خصوصيدا اڭ الگى ملتلەرنڭ قتاريغا قوشماق سزنڭ وظيفەڭزدور.

اونونماڭزكە، ملتنڭ جهالتى، يوزوقلقى، بيهوشلقى، خستەلكلەرى، سفالتى، بولارنڭ هممەسى اوزيڭزنڭ عيبيڭز. اوزيڭزنڭ قباحتيڭزدور.

مانا بو بش، اون فين معلمى، مأمورى و دوقتورى منورلەرگە هر وقت شونداق خطاب قيلار ايدى. و بو مضموندا يازولار يازار ايدى. بولارنڭ آراسيدا فعاليت و حرارتى بلەن سنلمان اڭ كوب كوچ چيقارور ايدى. قيش كونلەرى «سكى» ديگەن چاڭقالار بلەن ارتە يازدا و يازدا بولسا، قييق بلەن ياكى ذاياق يوروب فينلانداني بر باشيدن يەنە بر باشيغاچە آيلانار و خلقنى ارشاد قيلار ايدى. اورمانلاردا و تاشكانلاريدا ياش ياكى قيرى عقللق آدەملەرگە يولوققان همان مصاحبەگە كريشەر، كتاب تارقاتار، آدريسلارينى آلار و اولار بلەن مكتوبلاشار ايدى. سنلمان هر بارغان قاراڭغو بولوڭيدا بر قانچەلاغان مسئلەنى جانلاندورار ايدى. كوپونچە شونداق دەر ايدى:

بوتون مملكتنى سوغاريش اوچون ايكى، اوچ دريا يتشمەيدور. اڭ كيچك بر توخوى كيينەكى هم، كول، بولاق و يا درياغا اوخشاش بر سو منبعيگە محتاجدور. ملتنڭ معنوى سوسزلقى هم شوڭا اوخشاش. هر يوردە ملتنڭ قانغونچە ايچە آلادورغان جانلق بولاقلارى بولوشى لازم. (دوامى بار)

تورك بيوكلەرى و يا تورك آتلارى

ثالاش. بوتون قيرغيزلارنڭ قاراقلارنڭ و باشقورتنڭ چوك دابالارينڭ ڈ تيدوركە بولار اوچون ران بولغاندور.

ثالاشا. قيرغيزلارنڭ اسكى خانلاريدن برينڭ تيدور.

ڈلاتاش. اسكى تورك اركەك ئاتلاريدندور.

الاى — اويغور يازولاريدا اتى كچكەن بر يگيتنڭ ڈلبان — قاراخاننڭ ييگتلەريدندور.

البتكين — عباس اوغوللاريدن برسينڭ وقتيدە عسكرلەرگە قومانداى بولغان. ديمشيكدا بولغان غوغادا عزيز علوى كە اسير توشكەن و كيينچە علوى البتكيننى ازاد قيلغان. البتكين او نيگە قدر قوغوالقدن ايريلماغاندور.

www.uyghurkitap.com


بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

تلده ، اشده ، فکرده ، برلك !

# ارك

مدیر : عیسی الب تکین
باش محرر : م . ا . بوغرا

16 فیورال 1949 ییل
18 ربیع الآخر ١٣٦٨ ه

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

№ 242 چهارشنبه قمتی : آیلقی - شهرگه 15000000 اولکه دوللاری


## بیزده بیر توشکونلوك

بیز قاچان سیاسی مسئله‌لر بلەن مشغول بولدوق، شوندن بیری اورتاغا آتقان علمی و مدنی هر تشبثیمز بوشیغا چقماقدا . „ آلتی بیوك سیاسی یول “ دورینی خاطرلەیلی و اوندن بیرراق و زمانه‌مزگه تحیمو یاقینراق کیلەیلی، هر زمان هر قانداق بیر مسئلەنی سیاستچی کوزی بلەن کوزه‌تیشلەر، سیاسی توس بیریشلەر چیرمای الغانلقی کورولەدور . حالبوکه بو سیاست دیگەن بلادن تولایی کوبلەگەن منورلەریمزنی، علم و ایش آدمەلریمزنی یوقاتدوق. ملیت، ترققیات و مدنیت آقملاریمزنی قاراڭغولاشتوردوق . حاصلی کورگەنیمز آز ایمەس .

„ وقت نقد دور “ حکمتنڭ سوزینڭ حقیقی معناسینی آڭلاپ یتکەن بعضی ماتلەر، بیز سیاسی ماجرالار بلەن اوتکوزگەن بو قسقا دورده الڭ اهمیتلك علمی کوره‌شلەرنی الیپ باردی . علم و ترققیات یولیدا قیلغان هر ایشیدن یاخشی نتیجه‌لەر الدی و بو توگومەس، اوزولمەس حصوللاری بلەن بیزنی حیرتده قالدوردی و ینه قالدورغوسیدور . کوره‌مزکه بوگون قایسی مات، سیاسی مسئلەلەر بلەن کوبراق مشغوللانار ایکەن شبهه‌سز اونڭ علمی جبهه‌لەری تارایغوسی . مکتبلەری، معلملەری، مأمورلاری رئیسلەری بیرەر „ سیاستچی “ ایکەن علم اوچون، عرفان اوچون نه میدان قالار نەده امکان !

دوروست ، علمگه هربرده میدان باردور . اما باشیمزدن اوتکەن آچچیق - آچچیق تجربەلەرنی اونوتماغاندا بو میداننڭ دائره‌سینی آنیق کورسەتیپ برگەلی بولادور . قانچەلاغان عالملاریمز اولتورولمەدی ؟ نه کبی مکتبلەریمز، غزتەلەریمز قاپاتیلمادی؟ نه قدر کوب ملی، تاریخی، دینی اثرلەریمز اسکی یادکارلقلاریمز، یغما قیلنمادی، کوییدورولمەدی ! توغراسی مکتبلەرده درس پروگراملاری قانچەلك بیر تار رامکا ایچیگه منحصر قالغان ایدی ! مانا بولارنڭ هەمەسی سیاستنڭ بیزگه برگەن أسدەلکلەریدور. معارف بلەن سیاست آرالاشور ایکەن، شبهه‌سزکه سیاستنڭ خاطری اوچون معارفنڭ قربان قیلینیشی محققدور. سیاست اوچون، علمنی قربان قیلغان، سیاست اوچون علمی حقیقتنی باشورغان، سیاست اوچون علمگه هر تورلك تعبیر برگەن سوزلەر، یازولار و حرکتلەر بولغانلقی اونتولماس.

محکوم بیر ملتنڭ بیردن بیر چیقیش یولی، معارف واسطه‌سی بلەن ملتنی هر خصوصدا تنور قیلماق، ملی شعورینی یوکسەلتمك، کلگی بیر محیط ایچیده و اوگوشلق شرائط آستیدا استقبالنڭ نیگزلەرینی اورناتماقدن عبارتدور. بونڭ اوچون هم باش اوروشقا تیگشلك یگانه چاره بولغان سیاسی توشکونلکدن قورتولوشی، هیچ بیر غرض قاتیلماغان، چکی سزیلماغان علم میدانیدا بیوك، بیوك قدملەر آتیشی، فکرده، عرفاندا انکشاف قیلشی لازمدور .

معارفدا بیر قدر ایلگریلەش دوری ساناالغان اوتکەن بیر یاریم ییل ایچیده، کردك معارفدا بولسون، مطبوعاتدا بولسون، خیلی نتیجه‌لەر قولغا کلتورولدی . سیاستدن باشقا موضوع تاپالمای کلگەن علمی یغیلیشلاریمز، باسیلمادورغان اثرلەریمز، یازیلمادورغان یازولاریمز، آهسته - آهسته سیاستدن اوزاقلاشیپ علمگه یاقینلاشیشقا، معارف میوه‌سینڭ تاتینی ملتیمزگه تاتیتدوروشقا باشلاغان ایدی. حکومت باشیداکیلەردن باشلاپ اویغانغان بو علم سوگیسی، باشقا غرضلەرگه، تفرقه‌لەرگه اصلا امکان برمەدی. سیاسی توشکونلکیمزنڭ، روحی قولاقیمزنڭ بیر افاده‌سی بولغان تفرقەچیلکلەر، „ سن یوستانچی “ ، „ من فلانچی “ دیگەن دیدی قودیلار، آرادن یوقالیشقا، بوتون یاشلاریمز مفکوره‌سی، مسلکیدن صرف نظر مکتب آرقاداشی کبی اوخشاش قدم تاشلاشقا باشلامقدا ایدی. بوتون غزتەلەر سیاسی پروپاگاندا چیلقدن قورتولوپ، موضوعلارینی علمگه تگشتورمەکده ایدی . بوگون بعضی یاشلارنڭ اسکی رغبتینی یوقاتقان و بو گونگه کلگەنده „ معلوم بیر گروهنڭ دەرنەگی “ (!) بولوپ تونوتولوپ یاتقان ییلم دەرنەگینڭ بو بیر یاریم ییل ایچیده برگەن کونفرانسلاری، درسلەری و لاقیر بیر حیات یاشاماقدا بولغان یاشلاردا اویغاتقان علم، وطن و یورتداش محبتی، بوتون یورت بوییچه یارالقان چوڭقور تاثیرلاری، کوزدن براق توتولغان تقدیرده هم، تقدیرلەشکه تیگیشلك بولغان مهم خدمتلەری باردور .

نشریاتیمز طرفیدن تشکیل قیلنغان بو „ ییلم دەرنەگی “ تورلك اندیشەلەرگه قاپلانغان و اوزون ییللاردن بیری حکوم سوروپ کلگەن سیاسی بحرانلار یوزیدن بیر برگه یغیلا آلماغان یاشلارنی بیر آراغا توپلاشدا، بیر - بیرینی تخیمو یاقیندن تونوشتوروشدا اوینانغان رولی کچیك ایمەس. بو بیر یاریم ییل ایچیده اورتاغا تاشلانغان تشبثلار، باشلانغان حرکتلەر بالخاص معارفچیلق بلەن علاقەدار بولغانلقدن هیچ کیمنڭ مفکوره‌سی ، مسلەگی

( دوامی بار - بتەده )

# بیر دەرنەکدن تاتلق خاطرە

بیلم دەرنەکیمز 19 نجی دفعه اولاراق تورك قازاق - قیرغیز قلوبیدا ساعت 7 ده توپلاندی. دەرنەکیمزنك الهامچیلاری بولغان مسعود بك صبری، محمد امین بوغرا و عیسی آلب تکین باشلق بیر تورکوم منورلەر، 200 گە یاقین تورك عرقینك هر آیماقیغا منسوب باشلار یغیلغان بیر چاغدا دەرنەك پولاد قادری طرفیدن تورك تاریخی موضوعی آستیدا بیر کونفرانس بلەن باشلادی. ایکی ساعت قدر سوزولغان بو کونفرانسدا تورکلارنك آتا یورتلاری، غربکە و شمالغا قیلغان آقینلاری، قورغان مستقیل دولتلەری و بوکوندەکی اورتا آسیا تورکلەرینك عمومی وضعیتی بیرمو - بیر کورسەتیلگەنی قدر یورتومزنك یاقینقی عصر تاریخلاری اوستیدە هم اونەم بلەن توختالیب اوتدی.

تورکومیمزنك مدیری محمد امین بوغرا حضرتلەری 12000 ییل قدر بیر شانلق تاریخ ایگەسی بولغان تورك عرقینك تاریخینی بیر کونفرانس بلەن آڭلاتقالی، بیر کتاب بلەن یازیب توگەتکەلی بولمایدورغانلقینی ایلگری سورگەچ، بو کیچەکی کونفرانسنك یالغوز شو اوزون بیر تاریخنك سرلوحەلەریدن عبارت ایکەنلکینی و پولاد قادرنك بو خصوصدە خیلی تدقیقدا بولغانلقینی أیتیب تقدیرلەب اوتدی.

دەرنەك روز نامەسی بوییچە شعر فصلی باشلانیش بلەن اسعدالله داملا شیخزاده طرفیدن „ ظالم انسانلەر حقیدە “ ، „ شاه مشرف افسانەسی “ شعری، کریم اکرم طرفیدن „ اورکسترگە “ شعری و ئیل اوقولی، دارالفنوننك موسکار اوقوغوچیلەری طرفیدن تورلك موضوعلار آستیدا تورلك شعرلەر اوقولدی. بوندن سوڭ اوتکەنکی دەرنەك مجلسلەریدە شعر اوقوغان باشلار درجەسیگە قاراب بیردن تولما قلم و بلباغ بلەن مکافاتلاندی.

دەرنەکیمزنك آساسی هدفی صنعت ایشینك هر شعبەسیدە ایش کورسەتکەن عرقداشلاریمزنی تانوتوش، تقدیرلەشدن عبارت بولغانلقدن اوزون ییللاردن بیری طبیعی قابلیتکە یولەنیب، تورلك معمارچیلق و باییندرچیلق ایشلەریدە و سوگره نغمەسی، آهنگی بلەن دنیانی شوققە کلتوره آلغوچی، دنیا گوزەللەرینی جورگە سالغوچی ملی سازلاریمزنی یاساشدا بیوك ایش کورسەتکەن محمدخان اوستا، عبدالله نعمانی طرفیدن دەرنەکچیلەرگە تقدیم قیلنغاچ حال ترجمەسی اوقولوب اوتدی. بك نفیس یاسالغان و ایتالیانیکیدن قالیشمایدورغان اسکریپکالاری، دوتارلاری کوپچولکنك آلدیدا و قوللاریدا بیوك بیر حیرت ایچیدە چلانیشقا، تقدیرلەنشکە باشلادی. تورکوم مدیریمز طرفیدن محمد خان اوستاغا بیر تونی یاپیلغاچ، عیسی بگ آلب تکین، تورك قازاق یاشلاریدن کریم اکرمی طرفیدن محمدخان اوستاغا رحمتلەر ایتلدی.

بوندن کیین نغمە - نوا باشلانیب، کریم اکرمی دومبرا بلەن و منصور افندی اسکریپکا بلەن اویغورچە، قازاقچە، چینچە و روسچە آهنگلاردا ساز چالیندی. قیز معلم اوقولینك اوقوغوچیلاری طرفیدن اوسوللەر اوینالدی. ناخشالار ایتیلدی.

لطیفەلەر فصلی باشلانیب، هر کیم طرفیدن تورموشنك الك قیزیق و کولکەلك منظرەلەریگە عائد فکرلەر سوزلەندی. دەرنەکچیلەر بو کیچەکی دەرنەکدن آلغان شرین خاطرەلەر بلەن ساعت 12 بلەن قایتیشدی.

( باشی 1 - بتدە )

سوروشتورولمەگەن ایدی. بوناڭ اوچون دورکە، هر کیم، هر یردە یازغانیچە یازا الدی. أیتقانیچە أیتا آلدی؛

فقط، سوك کونلەر ایچیدە آندا - ساندا آڭلانیب یاتقان „ پوستانچی، فلانچی “ کبی دیهدی قودیلار، بیرسینك مفکورەسینی سوروشتوروشلەر، بیر ایشنی ملی منفعت باقیمیدن اولچەمەسدن سیاست کوزگوسی بلەن کوزەتیشلەر بنه بیر سیاسی کورەشنك باشلانیب قالیشیدن، آراغا نفرقە اوروغینك چاچیلیشیدن شرفە بریب یاتادور.

بیزدەکی بو سیاسی توشکونلوك، ابدالابد مادی و معنوی توتقونلقیمزغا سبب بولغوسیدور.

# اچکی تاشقی خبرلەر

( 12 - 13 - 14 15 نجی رادیو خبرلەریدن )

## یەنە مذاکرەلەر

( کابول ) شاڭخەی وکیللەری بوگون پیکینگە باریب کامونستلەر بلەن شاڭخەی صلحی حقیدە مذاکرەگە باشلادی.

( اورومچی ) لانجودا گنرال جاڭ جیجوڭ افندی غربی شمال بش اولکەنك باشلقلارینی آرقا - آرقادن چاقیریب مذاکرە قیلماقدادور. مذاکرە موضوعی اتفاقدن تنجلق چیقارماق و تنجلقدن ترقی قولغا کلتورمەکدن عبارتدور.

××××

## کشمیردە

( پاکستان ) آزاد کشمیر حکومت باشلقی سردار محمد ابراهیم خان „ من خلق فکرینی آلیش هیئتیگە تولوق یاردم قیلامن، کشمیرنی ایکیگە بولوشکە کشمیر خلقی قطعی قارشیدور “ دیدی کشمیردە فکر آلیش هیئتی کشمیرگە کیلب فکر آلیش ایشلەرینك باشلانغوچینی باشلادی.

کشمیر راجا حکومتینك باش وزیری شیخ عبدالله، اوزیگە قارشی بولغان کشیلەرنی قیستاماققا باشلادی.

( +×+ )

## اوزلاشتورما کومیسیونینك تماسلاری

( آنقرە ) فلسطین اوزلاشتورما کومیسیونی قاهرەگە باریب خارجیە وزیری بلەن مذاکرە قیلدی. ریاض، عمان، بغداد، قدس، شام و بیروتغا باریب ابن سعود، قرال عبدالله، قرال نائبی عبدالاله فلسطین بیوکلەری، سوریە و لبنان خارجیە وزیرلەری بلەن کوروشکەندن کیین تل ابیبقا باریب یهودی حکومت آدملەری بلەن کوروشمەکچیدور. عرب بیرلکی یهودی دولتی بلەن مذاکرە قیلماق و اوزلاشتورما کومیسیونینی قبول قیلماق، اسرائیل دولتینی تانوماق دیمەك ایمەسلکینی کومیسیونغا اوختوردی.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# اوچ اسکاندیناویا دولتینڭ اتفاقی

( لوندون ) اسکاندیناویا دولتلەریدن دانیمارکا و نورویج آتلانتیك بیرلکیگە کیریشنی خواهلایدور، فقط اسوج بونی خواهلاماغانلقدن، بو ایکی دولت جسارت قیلا آلمایدور. بو اوچون هر اوچی آتلانتیك بیرلکیگە کیرمەسدن آیریم بیر اسکاندیناویا بیرلکی قوروشقا قرار بردی,

( یاڭی دهلی ) دانیمارکا باش وزیری غزتە مخبرلەریگە : „ دانیمارکا، اسوج و نورویج اوچ دولتنڭ اتفاقغا کلگەن نقطەلەری شودور:

1 ـ بو اوچ دولتکە سرتدن هجوم بولسا بیرلکدە مدافعە قیلادور.

2 ـ اگر اوچ دولتدن بیریگە سرتدن هجوم بولسا، هەمەسیگە هجوم بولغانغا اوخشاش بولادور.

3 ـ خارجدن یاردم آلیشدا هەمەسی بیرلکدە حرکت قیلادور. بوندن باشقا اتفاقغا کلگەن نقطەلەر بار. بو نقطەلەر مذاکرە آستیدا دور " دیدی.

## بیوین بلەن کوروشلەر

( کابول ) تورکیەنڭ خارجیە وزیری نجم‌الدین ساداق لوندونغا باردی. خبرگە کورە آتلانتیك بیرلکی حقیدە بیوین بلەن مذاکرە قیلماقچی ایمیش.

( آنقرە ) نورویج خارجیە وزیری لانکا بوگون آمریکادن قایتدی و لوندونغا باریب بیوین بلەن مذاکرە قیلب آندن کیین اوز یورتیغا قایتقوسیدور.

## تورنلەر کونفرانسی

( آنقرە ) لوندوندا دوام اتمەکدە بولغان آوستریا صلح آڭلاشماسی حقیدە 4 لەر کونفرانسی دوام اتمەکدە دور. ساویت وکیلی یوگوسلاویانڭ آوستریا اوستیدەکی دعواسینی یاقلاماقدا دور.

## مهاجر و یرلکلەر مجادلەسی بتدی

( کابول ) باش وزیر محمود خان افغانستاننڭ شمالیداکی قاتاغان ولایتیدە مهاجر و یرلکلەر آراسیداکی مجادلەنی بتدورمەك اوچون مذکور ولایتکە باریب ایکی طرف بلەن سوزلەشیب بیرلك و اتفاقغا اورونلاشتوردی.

## مجارستان حکومتینڭ طلبی

( کابول ) مجارستان حکومتی آمریکا حکومتیدن آمریکا سفیری سیلون چیپن و حربی آتاشەسینی قایتوروب آلیب کتیشنی و باشقا کشیلەرنی بو وظیفەگە بلگولەشینی طلب قیلدی. چونکە بولارنڭ کاردینال مین سن تی نڭ حرکتلەریدە قولی بار ایمش. آمریکا حکومتی بولارنی واشینگتونغا چاقیریش و اولاردن معلومات سوراشنی قبول قیلدی.

لکین اولارنی ایشدن عزل قیلیشنی رد قیلدی.

## ترومانڭ یاڭی حربی مشاوری

( آنقرە ) اوزوندن بیری حکومت ایشیدن چکیلیب دارالفنون مدیری بولماقدا بولغان گنرال ایزینهاورنی ترومان اوزیگە حربی مشاورلقغا تعیین قیلدی.

گنرالنڭ وظیفەسی ترومانغا مشاورلق و آمریکان ارکان حربلەریگە یولیوروق کورسەتمەکدور.

## قسقا خبرلەر

( کابول ) قاهرەدە مسلمان قرنداشلار جمعیتینڭ رئیسی شیخ حسن البنا‌غا صوء قصدچیلەر طرفیدن اوق آتیلب یارالاندی و خستەخانەدە وفات قیلدی.

••• برمادا اینسین ناحیەسیدە حکومت عسکرلەری کارین ملتینی آرقاغا چکیندوروشکە باشلادی.

••• پروتگالدا رئیس جمهور سایلامی باشلادی. تخی نتیجەسی معلوم ایمەس.

( پاکستان ) ایندونیزیا باش وزیری محمد حتا „ هوللاندا حکومتی اگر تنجلق مجلسینڭ قرارینی اجرا قیلماسا، ایندونیزیا حکومتی هوللاندا حکومتی بلەن هیچ بیر مذاکرەگە کیرمەیدور " دیدی.

••• ایتالیەدن پاکستانغا بیر تجارت هیئتی کلدی. بولار تجارت معاهدەسی توزمەك اوچون مذاکرە قیلماقدا دور.

( آنقرە ) شمالی ماکادونیا داکی فلورینا شهریدە یونان کاممونستلاریدن بیرمینگباشی باشلق 380 کشی اسیر آلیندی.

( کابول ) حکومت قوتلەری یاڭزینڭ شمالیداکی یرلەریدن نانکین و شانگخەی آراسیداکی یرلەرینی بوشاتیب جنوب یاقادا اورونلاشدی. نانکین، شانگخەیگە حکومت 80 میڭ عسکرنی جنوبدن آلیب کیلب یرلەشتوردی.

••• لوندوندا آوستریا صلح معاهدە کونفرانسی یوغوسلاویا دعواسینی ایشتیشکە قرار بردی.

••• ایندونیزیادا جاوانڭ غربیدە و سوماترادا جمهوریتچی عسکرلەر و هوللاندا عسکری قاتتیق سوقوشماقدادور.

••• برمادا حکومتنڭ دڭز و هوا قوتلەرینڭ یاردمی ایلە حکومت عسکرلەری اینسین نڭ کوب یرلەرینی قایتاریب آلدی.

( آنقرە ) آوروپا بیرلکینی قورماق اوچون چورچیل، سپاك و دوگاسپری هیئت باشلقی بولدی و بو آی سوڭیدا بروکسلدە بیر توپلانتی توپلانماقچیدور.

••• فلسطین اوزلاشتورما کومیسیونی قاهرەگە باردی و بوگون مصر باش وزیری ابراهیم عبدالهادی پاشاه بلەن کوروشدی.

••• تنجلق مجلسی بوگون کوریا حکومتینڭ بیرلەشکەن ملتلەر قورومیغا اعضا بولوش تیلەگینی و فلسطین مهاجرلەری مسئلەسینی مذاکرە قیلدی.

---

### اوختوروش

اورتا و عالی مکتب اوقوغوچیلارینڭ اقتصادی قینچیلقینی کوزدە توتوب، اولارنڭ غزتەدن فائدەلانیشی اوچون ادارەمز اولارنی آرزان بهادا غزتەمزگە مشتری قیلشنی قرار قیلدی. مکتب طرفیدن بیریلگەن گواهنامەسی بلەن ادارەگە کلسە بوگونکی آبونە بدلینڭ یاریمی آلنیب، غزتەمزگە ایستەگەن مدتیچە مشتری بولا آلغوسیدور.

اورتا و عالی مکتب اوقوغوچیلارینڭ بو فرصتنی غنیمت بیلشینی توصیە ایتەمز.

اداره

# اق زامباقلار مملكتيدە

## تربيەچى مائمورلار

№ 4

1816 نچى ييلى فينلاندا روسيە
گە قوشولوش وقتيدە قويولغان شرط
لەر بويىچە بو مملكتكە ياكى بر تش
كيلات اساسيە بويلگەن ايدىكە بو قا
نون بلەن سايمە (ملى مجلسى) ياكي
مىن بير بولوك حقوققا ايگە بولغان اي
دى چار برنجى آليكساندر، نشر
قيلغان بير بيانىنامەسيدە روسيەنىڭ ادا
رەسى آستيدا بولغان بو مملكتكە بريل
گەن اساسى تشكيلات قانونيغا اوزينىڭ
و باشقالارنىڭ ابديەن رعايە قيلادورغان
لقينى يەنە بير قانيم وعدە قيلغان اي
دى.

بير قانيم سەيمنىڭ آچيليشى منا
سبتى بلەن عمومى بير مائمورلار (حكو
مت خادملەرى) كونگرەسى توپلاندى.
بو كونگرەگە سنلمان هم قاتناشيب، سوز
آلدى. تا ايسوەچلكلەر زمانيدىن باشـ
لاب ، فنلاندىداكى دولت مائمورلغينىڭ تا
ريخەسينى بيان قيلدى. بو كونگرەدە
سنلمان شو سوزلەرنى سوزلەدى:

ـ ايسوەچلكلەر باك گوزەل باك عقل
لق، باك ناموسلق، متن و مدنى انساز
لاردور. من ايسوەچلكلەرنى سيوەمن.
بولارنىڭ آراسيدا باك عزيز دوستلارم
بار. ايسوەچنىڭ هر خصوصدا موفق بو
لوشينى خالصانە آرزو قيلامن. فقطشو
نىڭ بلەن برابر بزنىڭ اونتولغان و فقير
مملكتيمزنىڭ ايسوەچ حاكميتيدىن قوتول
غانلقيغا خوش بولامن. من ملتمنىڭ ايسو
وەچ دولتيدىن ايمەس، مائمورلاريدىن قو
تولغانلقينى قوتلايمن.

فنلاندىداكى ايسوەچ مائمورلارى قاز
داق آدملەر ايدى؟ بولار، هم فنلاندا
هم ايسوەچ اوچون بيرەر بلاى عافت
ايدى.

ايسوەچلكلەرنىڭ اوز وطنيدەكى مائ
مورلارى عقللق، ناموسلق و تيريشچان
انسانلاردور. فقط بو يرگە كلكەنلەرى
اونداق ايمەس ايدى. ايسوەچ حكو
متى هم بير قانچەلاغان حكومتلەرنىڭ
قيلغان خطالقلارينى تكرار ايلادور. الڭ
اقتدارلق مائمورلارينى مركزگە و ايچ
كى اولكەلەردەكى مهم اورونلارغا بلە
گولەيدور. اوزاقلارغا و تاشقاريغا بول
سا مائمورصنفينىڭ آرتوقلارينى يابولماسا
جمعيتنىڭ آچ كوز عنصرلەرينى ايبەرور ايدى.

ـ هر بير مملكتدە بولغانيدەك يە
صى كبار و باى ايسوەح عائلەلەريدىن
هم عارسز، هورون، قابليتسز، يارا
ماس، هوشى يوق و جاهيل ياشلار
چيقار ايدى. بوتون مكتبلەردن قوغلاز
غان، هيچ بير خدمتكە آلينماغان، تجا
رتخانەلەردە بير ايش تاپا آلماغان، اوز
آلديغا بير ايش توتا آلماغان، قسقاسى
ايشلەشنى ياقتورمايدورغان بو ياشلار،
بير قانچە زمان، عائلەسينىڭ بايلقينى اص
راف قيلغاندىن كيين آناسى، آتاسى:
بو اوغولنى نيمە قيلساق بولار؟
دەب اويلانيشقا باشلايدور. حكومت ادا
رەلەريدەكى آبروى و درجەلەريدىن پا
ئدالانيب عائلەنىڭ اوستيدەكى بيهودە بير
يوك بولغان بو عاجزلارنى فنلاندافا
مائمور قيلب ايبەرتورور ايدى. سنل
مان دوام قيلدى.

ـ بو صورت بلەن مملكتيمزگە كي
لب قالغان ميك، حتى ايكى ميڭ ايسو
وەچ مائموريدىن نيمە كوتوشنىڭ لازم اي
كەنلىگينى سز اوزيڭز تصوير قيلا آلار
سز! كوپونچەسى، روشديەنىڭ ايكنچى و
اوچونچى صنفينى پوتورگەن بو يالغاز
چى، نادان و اخلاقسز مائمورلار كوبلە
گەن وقيتلەرينى ادارەلەريدە و ايشخانە
لەريدە ايمەس، قيمتكە توشەتورغان مي
خانەلەردە و اويوز ـ كولكە يرلەريدە
اوتكوزەر ايدى.

ـ بو مائمورلار ايشلەشنى ايستە
مەيدور و اساسەن ايشلەشنى بيلمەيـ
دور. بو ايشقا عقللەرى يتمەيدور. و
ظيفەلەريگە قارشى قانچەلك بوشاڭ بول
سا، اهاليغا قارشى هم شونچەلك مغرور و
متكبر ايدى. ايش باشيغا كچ كيلب،
ارتە كيتەدور. ايش باشيدا قهوە ايچيب
تماكو چيكەدور. غزيتە اوقويدور. آچ
چيغى كلسە دوستلارى بلەن تالاشادور،
تارتيشادور.

بير ايش اوچون مراجعت قيلغانـ
لارنى ساعتلەرچە ساقلاتادور. اوزيگە
اوخشاش قوپال چەندا جاكلارى
خلققە:

ـ مدير افندى مشغولدور. يانيـ
دا آدملەر بار. بير آز سقلاڭ! دەب
واقرايدور. طاعت قيلغانلارى كوزلەرى
اويقوسزلقدىن قيزارغان حالدا، كوروە
سز، هنديغا اوخشاش مغرور مديرنىڭ
حضوريغا قبول قيلينادور. باش او
روب كيرگوچى، مراجعتلەرينىڭ سببينى
آكلاتيشقا باشلاغان همان، مدير سوزي
نى بولوب:

بوگون مشغولمن، ارتە كلگين دەر
ايدى.

- واى دارين، من باك ييراقدىن
كلدم...

ـ ارتەلككە كل ديدم، بولماديمو؟
ـ منڭ پولوم يوق كوب ساقلالماي
من!

ـ ارتە ديدم !... ماڭ چيقب، يو
لوڭغا روان بول!

شونداق قيلب مدير افندى ـ ادا
رەسيدىن چيقار. قيمت شرابلار درياد
آققانيدەك آقيشقا باشلار. اطرافيغا پادا
غا اوخشاش خاتونلار ييغيلار. فقطبون
داق حيات كوچوروش اوچون كوبلەب
پول كيرەك. مانا شو سببدىن مهم دو
لت و حكومت مسئلەلەرى بو پاتقاقلق
لاردا حل قيلينور ايدى. بولارنىڭ حكا
يەسيني آكلاغان جدى آدملەرنى دهشت
باسار ايدى. اوز آرالاريدا فسيكلاشار
ايدى:

ـ بو نيمەگە اوخشايدور. بو آدە
نى ستوكهولمدين بو يرگە قانداق اي
وەندى؟ بو حال، هميشە شونداق كتە
برەرمو؟

اهالى، يغلار، ايگرار، شكايت قي
لار. آچچيغلار، نفرت قيلار و دەر
ايدى:

ـ مادامكە حكومت مائمورلارى بون
داق قيلادور. نيمەكە بز هم قولغا كل
گەن فرصتلەرنى قاچورايلى؟

( دوامى بار )

آدريس :
اورومچى ياتماك
التاى كوچاسى نومرى 13 التاى نشريات ادارەسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

نلده، اشده، فكرده، برلك !

# ئەرك

مدير : عيسى الب تكين
باش محرر : م . ا . بوغرا

يل 1949 فيورال 18
20 ربيع الاخر ١٣٦٨ .

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز توركستاندور

№ 243 جمعه قيمتى : آيلقى - شهرگه 15000000 اولكه دوللارى


# بـو دوللار نـه‌گه باريب تـوختار ؟

يورتومزدا دنيا تاريخيدا كورولمه‌گه‌ن بير تورلى „دوللارچيلق“ يولى كتيب بارماقدادور. بو دوللارنك ترقيايغا هيچ نرسه يتشه آلمايدورغان حالغا كيلب قالدى.

بير نچه ييل آلديدا بير ياپراق كاغذ بير دوللار حسابيدا خرجله‌نگه‌ن بولسا، بوگونكى كونده شول بير ياپراق كاغذ 6 مليون دوللار حسابيدا خرجله‌نمه‌كده.

آقچا توزوميده‌كى بو بحران برنجى دولت ايچنده‌كى ايچكى سوقوش تأثيريدن بولسا، ايكنچى طرفدن اولكه‌لك ماليه سياستينك توزوك بولغاقى يولماغانلقيدن بولدى. اگر بونگغا تيز چاره قوللانيلماس ايكه‌ن، جمعيتده مالنى مالغا تيگيشيش، پول توتماسلق حادثه‌سى كيلب چيقادور. سانك اوسوشى صفتنك اوزگوروشيگه اليب بارادور، ديگه‌ن بير فلسفه بار، اگر سانك اوسوشيگه چه‌ك قويولماغاندا، بو اوسوش صفتنك اوزگوروشيني و جودقا چيقارادور.

حاضر جمعيتده‌كى خلق مال بهاسى اوسوب كتدى ديدور، اصلده بو مال بهاسى اوسكه‌نلك ايمه‌س، بو واقعه پول بهاسينك توبن توشكه‌نلكيدن پيدا بولغان واقعه دور. بير ياپراق كاغذنى 6 مليون دوللار حسابيدا خرجله‌ش ديمه‌ك، بير دوللار پولنك قيمتينك 6 مليون حصه توبن توشكه‌نلكيني كورسوته‌دور. پول قوتينك 6 مليون حصه توبن توشكه‌نلكى، حكومت ماليه‌سينك 6 مليون حصه زعيفله‌شكه‌نلكيني كورسوته‌دور. شونگده‌ك حكومتنك خلق اوستيدن 6 مليون حصه كوزگه كورونمه‌گه‌ن سلق آلغانلقيني كورسوته دور،

عادى بير مثال آلساق، بير مليارده پول خلق قولندا بير آى آيلانيب يورگه‌ن مدت ايچنده او پولغا آينك باشندا بش يوز جينك اون كلسه، آى آخريغا بارغاندا، بير يوز جينك اون كيله دورغان بولوب قالسا، اورتادا يوقالغان تورت يوز جينك اوننى، شو پولنى چيقارغان حكومت شوراب آلغان بولادور. بو ديمه‌ك كوزگه كورونمه‌ى حكومتكه توليونه‌دورغان سلقدور. بو خيل آقچا بحرانيدن كيله‌دورغان خه‌وفدن قورتولماق اوچون پول توزومينى تيزدن اوزگرتيب، ماليه سياستيني تيز يولغا قويماق لازم. بو حقده بيزنك فكريمز :

1 - پول ديگه‌ننك چيكى بولادور. يوز مليونلوق بايلقغا ايگه آدم، شو يوز مليون دوللار ايچيده تجارت قيلادور. اولكه‌مزده 4 مليون آدم بار، 4 مليون آدم بلك كميغل، ديمه‌ك بو اولكه‌نك بايلقيغا قاراب، شو نسبه‌تده پول چيقارماق لازم. يانا شو پولنك قيمتيني توتوب توردورغان بير اقتصادى كوچ آرقادا ترك بولوب تورماقى لازم.

2 - 450 مليون خلقنك ماليه قوتيگه آساسا چقاريلغان پولنك بو 4 مليونلوق رايون ايچيگه چه‌كسز آقيب كريشيني چه‌كله‌مه‌ك لازم. دوللار چه‌تدن هم كيرسه، اوزيدن هم چيقسا، قاذماق قيلب بو يورتدا دوللارنك قيمتينى ساقلاب قالغالى بولادور. چه‌تدن كيره‌دورغان كاغذ اقچانى چه‌كله‌مه‌ك اوچون اولكه‌لك حكومت چه‌تدن كيره‌دورغان پول بدليگه مال آليب شول مال ايله اولكه‌نى تأمين اتمه‌ك و شو مال بدليگه اولكه‌داكى مركزى اداره‌لرنى اولكه‌لك حكومت تجارت بانكاسى آرقالى اولكه آقچاسى ايله تأمين اتسه،

اولكه آقچاسينك قيمتيني ساقلاب قالغالى بولادور. بوندناق بولغاندا، مركز آقچاسينك كورسيغا قاراب اولكه دوللارينك كورسينك توشوب باريشيغا يول قالمايدور. شونگده‌ك اولكه‌مزدن داخيل ايله سودا قيلادورغان سوداگرلر، ايچكريگه پول آليب بارماى مال آليب باريب، يوياقغا هم مال آليب چقسا،

3 - خيانت، پاراخورلوق ايشلريني قطعى ناريلاب، حكومت كريم ايله چقيمنى برابر قيلب الماقى لازم. حكومت كريم ايله چقيمنى برابر قيلب آلالسا، اوچاغدا آقچا باسامن ده‌ب آواره بولوب اولتوروشقا حاجت قالمايدور. بير ييل باسيب آلغان آقچاسيني يوز ييللاب ايشلته آلادور.

4 - اولكه‌لك حكومت كريمده باج غله‌گه بولونوب اولتورماسدن تورلى زاوود فابريكالار قوروب، ايشله‌ب چيقاريشنى كيگه‌يتيب، صناعت كريمينى قوتله‌نديروب آلماقى لازم. بونك اوچون اولكه‌نك برلك صناعتيگه زيان يتكوزه دورغان چه‌ت مالالارنى كيرگوزمه‌سلك لازم. گزليمه مالالارنك كيريشى، اولكه‌نك متاع : چكمه‌ن، ايپه‌كچيلك صناعتيني خراب قيلادور.

بوگون چه‌تدن چينه قاچا، سرنگه، آينه‌ك و باشقا مالالار كوب كريب تورغانلقدن اورومچيداكى چينه، سرنگه، آينه‌ك زاوودلارى اوزينى اوزى باقالمايدورغان حالغا كيلب قالدى. احوال موندناق دوام قيلار ايكه‌ن، برلك صناعتنى ترقى قيلدورامز ديشكه هيچ اورون قالمايدور.

5 - آرتوقچه خراجتنى قسقارتماق لازم. اولكه‌نك ماليه قوتى و خلق نفوذيغا قاراب اولكه‌لك حكومت و اونك ولايتلك، ناحيه‌لك اداره‌لرينك تشكيلينى

( دوامى 2 - بتده )

( باشى برنجى بتده )

قسقارتقاندن باشقا اورونسز، اهميتى
يوق بعضى بير آرتوقچه اداره‌له‌رنى
يايماق لازم. اداره ديمه‌ك ايش ايشله‌ي
دورغان جاى، آدم باقاهورغان دارالعا
جزين ايمه‌س.

يوقارقى چاره‌له‌رنى قوللانسا، اول
كه‌لك حكومت اوز ماليه‌سينى يولغا
ساليب آلغان بولادور.

## بو نيمه گب؟ توشونه الماديم

اورومچيلك رحمت‌الله اسملى بير
حكومت خذمتچيسى ياقيندا هندستان
نڭ كالكوتتا شهرى كه باريب قالغـان.
بر هندى معلم كليب رحمت‌الله‌دن:—
„سيز قايسى يردين كه‌لديڭز؟“ ده‌ب
سوراغان. او:—„ اورومچيدين كلديم
دب جواب برگه‌ن. هند معلم:
— اوندا نيمه اشله‌گه نسيز؟
— حكومت گه خذمت قلغانمز.
— حكومتدن آيغا قانچه معاش آلاسز؟
— حكومتدين آيغا بير ميليارد اي
كى يوز ميليون آلامن.
— بو نيمه گه‌ب توشونا آلماديم.
بيز بير معلم بولوب توروب هندستان
دا يوز دوللار معاش الالمايمز؛ سيز
عجب ميليارد لاب معاش آلاسيز ايكه‌ن؟!
آمريقانڭ رئيس جمهورينڭ معاشى بير
مليونغا يته‌مه‌س ايكه‌ن، سزده بير عاد
دى خذمتچيگه مليارد لاب معاش برسه،
بو سزنڭ حكومتيڭزده بو نيمه ديگه‌ن
بايلق!

يوق افندم، سز توشه‌نمه‌يسز، باش
قا دولتده $ دوللارنڭ قيمتى آلتون
بله‌ن اولچه‌نسه، بيزده دوللارنڭ قيمتى
كاغذنڭ آغيرلقى اولچه‌نه‌دور. مثلا:
بير نان آلماقچى بولساق، شو نان
آغيرلقيدا پول تولمه‌ك لازم. ديمه‌ك
بو بايلق ايمه‌س، سيز حيران قالغان
بير مليارد 200 مليونغا 10 جيڭ ماى
كلمه‌يدور ده‌ب جواب برگه‌ن. مخبر

## قوروق اون يب اولتورادور

تونوگون توختى اسملى بير خذمت
كارنڭ اويگه كيرسه‌م، داستورخاندا بالا
چاقاسى بله‌ن قوروق اون يب اولتورادور:
بو نيمه قيلغانيڭز؟ ده‌ب سوراسام،
اوننى پوشوروب يشكه پول كره‌ك
ايكه‌ن، پول يوق ديدى.

نيمه اوچون پول يوق ديسه‌م،
واى افندم، بيزگه آيدا قارا خذ
متچى ده‌ب 180 مليون آيلق بره‌دور،
اويده 3 بالام بار بو پولغا آران بير
جڭ گوشت كيله‌ر ايكه‌ن، حكومت بر
گه‌ن 45 جيڭ اوننى پوشوروب يمه‌ك
اوچون آيغا 15 جيڭ گوشت، 10 جڭ
ياغ، ميڭ جيڭ كمور، كوك تان، دور
داماں لازم ايكه‌ن، حسابلاب كورسه‌م
آيغا بيزگه 8 مليارد پول بولسا، آند
اوننى پوشوروب يشكه ممكين ايكه‌ن
پول بولماغانلقدن، كمور بولماغانلقدن
ياغ، گوشت بولماغانلقدن اوننى ...
يمى نيمه چاره ده‌ب جواب بردى. مخ

---

اسكانديناويادن بزگه بير مكتوب

## الغا باسقان بير دنيا

### اوچ آى سورگه‌ن ياز - فضيلتنى آييده‌له‌شتورگه‌ن بير مملكت - „ توغولغان ييلينى بيلمه‌سلك بير جنايت “ „ سواد سز بير ايسويچالك تاپيلدى “

ستوكهولم - سنتبر 1948

تخى 9نجى آينڭ باشلارى، اما،
ياز كله‌ر - كلمه‌س اوتوب كتدى. ييلنڭ
توققوز آيى قيشدور. قالغان اوچ آيى
بولسا يازنى كونوش بله‌ن اوتوب كته
دور. يالغوز اوتكه‌ن ييل، اسكانديناويا
اقليمى، نيمه اوچوندور، خويينى
اوزگرتدى. اوچ آى ديگيده‌ك ياز بول
دى. فقطلا 50 ييلدن بيرى كورول
مه‌گه‌ن بو „اوچ آيلق ياز“ آز قالدى
كه ايسويچ اوچون بير آفت، فلاكت
بولغالى، دريالار قوروب كتدى. كوللار
نڭ سولارى تارتيلب كتدى. مملكتنڭ
يشيللكله‌رى، سامانغا اوخشاش سارغا
يب كتدى. بو „ اوچ آيلق ياز “ يه‌نه
بير آز صبر قيلب اقامتيني اوزارتقان
بولسا، اوت - چوپ ديگه‌ن نرسه‌له‌ر
قالماس ايدى.

ستوكهولمنڭ ايچيده و اوپ چور
سيده تورلك چيچه‌كله‌ر بله‌ن بيزه‌لگه‌ن
پاركلار، باغچالار بار. بو پارك و باغ
چه‌له‌رده آسراش و قوغداش اوچون
قويولغان يا بير آدمنى، يا بير ساقچي
نى تاپا آلمايسز. نه دولتنڭ، نه بلديه
نڭ گوزه‌تچيله‌رى بولماغانى حالدا بو
يرله‌رده اوينااب يورگه‌ن بالالارنڭ بير
درختنڭ شاخينى، حتى يوپورماغينى و
يا بير گولنڭ غونچه‌سينى اوزگه‌نينى
كورمه‌دم.

يزالار، كنتله‌ر، شهرله‌ر، قسقاسى
مملكتنڭ هر طرفى پاكزه. فقط بو پا
كزه‌لك، تازالق ايشله‌ريده بلديه‌نڭ تا
بورلار قويغانلقيدن، هر كوچاغا، هر
محلله‌گه اخله‌تچيله‌رنى تارقاتيب، كيچه -
كوندوز سوپورتيشدن بولمايدور،
ميلى يزا، ميلى كنت، ميلى شهر
بولسون، اوني پاكزه توتقان خلقدور.
اسويچ بير كاغذ مملكتيدور. ستوكهو
لم خلقى، كونلك آليش - بيريشله‌ريده
كى معامله كاغذله‌رينى، هر بيرى يگير
مه، يگرمه بش بتدن عبارت بولغان

بير قانچه يوزميڭ غزته‌نى، خوادلاغا
يريگه تاشلابرسه، بو بر بير چوپلك
آيلانار ايدى. خلق بو يرده قوليدا
ترامباى بيله‌تينى هم بيرگه تاشلامايدو

☆ ☆ ☆

شـهردن بير آز چـتده پادشاه
سرايدن عظمتلك بير بنا بار. بو
„ قريلار و معلوللار يورتى “ د
بلك آرزان بير حق بيريب قريلار
معلوللار او يرده ياقيلادور. بو
كى سرايلارنڭ كچيكله‌رى اسويچ
هر طرفيگه يايلغاندور. بو ياز، ا
حت باغلاريدن بيريده كيزيب يور
ايدم. اسويچلك بير دوستوم كولنڭ
قيرغاقيداكى چولڭ بير هوئلاغا، تخ
توغرا أتسام عصرى بير شاتو (
شاهلارنڭ قورغانى) غا آليب بار
بو شاتونڭ كولگه و كولنڭ نيري
كى اورمانلارغا قاراغان پاركيدا،
سى اوروندوقلارغا ياتتايب استر
قيلب ياتقان، بعضيله‌رى دوستى
موگداشا - موگداشا آيلانيب يو
قيليق و قيافتله‌رى توزوك، ص
حالارى بله‌ن احترام كورسه‌نك
ساچلق خانملار و افنديله‌ر بار

( دوامى بار )

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# تاشقی خبرلەر

( 16 نجی و 17 نجی فیوال رادیئو خبرلەریدن )

## امریکا ملت مجلسیگە بیر لایحە

(کابول) آمریکا اعیان مجلس اعضالاریدن 6 کشی ملت مجلسیگە «اگر آمریکا چین مرکزی حکومتیگە یاردم قیلماقچی بولسا حاضردن عسکری مشاورلار و تخنیکی کادرلارنی بلگوالسون» دیگەن مضموندابیرلایحەسوندی.

## فکر الش لایحەسی

(پاکستان) یاکی دهلیدە هندستان- پاکستان هیئتی مجلس آچیب بوگون کشمیر خلقینک فکرینی آلش لایحەسی تصدیقلاندی. بو لایحەنی هندستان پاکستان حکومتلەریگە تقدیم قیلشقا حاضرلاش اوچون بلجیقا وکیلی و آمریکا وکیلینی بلگولەدی.

## ایندونیزیا جمهوریت باشلقلاری بلەن بیر کوروشوش

(پارس) اورتا جاوادا "جمهوریتچی" لەر بیر هرکتلك حکومت ادارەسی قوردی. شرقی جاوادا‌کی جمهوریتچی چتەچیلەر ایکی دانە هوللاندا اوچقوسینی آتیب توشوردی.

(کابول) بیرلەشکەن ملتلەر قورومینک ایندونیزیا هیئتی ارتە یانکا آرالیغا باریب، ایندونیزیا جمهوریت باشلقلاری بلەن کوروشمەکچی بولدی.

## نجم‌الدین ساداق پارسدا

(انقرە) پارسدا تورکیە خارجیە وزیری نجم‌الدین ساداق فرانسا خارجیە وزیری روبرت سومان بلەن اوتکوزگەن اوزون صحبتیدە آوروپا برلکی، آتلانتیك برلکی و اورتا شرق حقیدە مذاکرە قیلدی. نجم‌الدین ساداق تورکیەنك یهودی دولتینی تونوش، تونوماسلق حقیدە اوزلاشتورما کومیسیونینك موقعینی و عرب تورك دوستلوقینی کوزگە آلغانلقیدن یهودی دولتینی تونوشقا حاضرچە اهمیت برمەسلکینی سوزلەدی.

## اون ییلق بیر طرفسزلك معاهدەسی اوچون

(آنقرە) ایسوبج و دانیمارکا باش وزیرلەری نوروبج حکومت آدملەری بلەن کوروشوب اسکاندیناویا مشترك مدافعە مسئلەسینی مذاکرە قیلماق اوچون بوگون اوسلوغا کتدی. بو آرادا نوروبچنك واشگتون و لوندونغا باریب کلگەن خارجیە وزیری لانکا بلەن هم خصوصی کوروشکوسیدور. ایسوبج باش وزیرینك غزیتەچیلەرگە ایتشیچە، ایسوبج و دانیمارکا دنیا سوقوشیدن 10 ییلق بیر طرفسزلك معاهدەسی امضالاماققا چالیشماقچی ایمش.

## متارکە شرطلەریگە مخالف بیر قرار

(آنقرە) فلسطیندن قاچقان عرب مهاجرلارینك سانی 850 مینگغا یتدی. بولارنك قیین حالدا ایکەنلکی شو دەرجەدە دورکە هر کون اورتا حسابدا 150 کشی اولمەکدەدور. یهودی ملت مجلسی قدس شهرینك اسرائیل دولتینك پایتختی بولوشینی تصدیقلادی. بو بولسا برلەشکەن ملتلەر قورومینك قرارغا و متارکە شرطلەریگە تمامەن قارشی شرطلەردور.

## قسقا خبرلەر

(کابول) برما حکومت عسکرلەری ایراوادی دریا بویىدا اغتشاشچیلارنی آرقاغا قایتورماقدادور.

••• رودوسدا مصر و یهودی‌مدا کرەسیدە‌کی قیینچیلق حل بولدی. فالوجە منطقەسی مصرغا و یهودیغا بریلمەسدن آراچی وکیللەرنك مرکزی بولماقچی بولدی.

••• تنجلق مجلسی جنوبی کوریانك برلەشکەن ملتلەر قورومیغا اعضا بولوش التماسینی سوویت و اوکراینادن عبارت ایکیگە قارشی بوقوری تاوش بلەن قبول قیلدی.

••• یوشیدا یاپون کابینەسینی قوروب تصدیقلاش اوچون گینرال ماکارتوراغا تقدیم قیلدی. بو کابینە 15 وزیردن عبارتدور.

---

# اولکە خبرلەری

## اجرا قیلینشی لازم بولغان بیر چارە

تورکستاننك مختلف یرلەریگە تارالغان چین دولت عسکرلەریگە اوی و مکان تاپیب بیریشدە بعضی انتظامسزلقلارنك یوز برمسلکی اوچون اولکەلك حکومت طرفیدن بیر چارە توزولگەن. والی محکمەلەری و ساقچیلق قوماندانلقلاریغا بیلدورولگەن بو چارەنك مهم مادەلەری:

1- چین دولت عسکرلەری اوی مکان لازم بولغاندا، شو یردەکی حاکم ادارەسی بلەن سوزلەشیش و ممکن‌قدر رسمی دائرەلەرگە تابع اوی و مکانلارنی تاپیب آلیش.

2- رسمی دائرەلەرگە تابع اوی و مکانلار تاپیلماغان تقدیردە، زمین ایگەسینك راضیلقی بلەن خصوصی کشیلەرنك جایینی ایجارغا آلیب اولتوروش..

بو مهم چارەنك ایش یوزیندە کورسەتیلشینی تیلەیمز.

** ✡ ×××× ✡ **

## صحیە کادرولاری

طب دارالفنونینی پوتوروب تانکیدن اولکەمزگە قایتقان پن جیلك چیلك کبی بش ذاتنی اولکە رئیسی برهان شهیدی 16 نجی فیورالدا قبول قیلب، مهم یولیوروقلاردا بولونغان. حکومت رئیسی طرفیدن چك آرانك ساغلق ایشلارینی تیزدن جانلاندوروب بیوك موفقیتلەر کورسەتیشیگە ایشەنیلگەن و امید قیلنغان بو بش دوقتور، محمد امین بوغرا حضرتلەری و باش کاتب لیو موکچون افندیلەرنی هم زیارت قیلغاندور.

یەنە بیر خبرگە کورە، ایچکی چینگە تحصیل کوروش اوچون کتکەن 12 طبیە اوقوغوچیلاری هم حاضر اوقوشنی توگەتکەنلکی و یورتیمزنك ساغلق ایشلارینی باشقیلاب برمەك مقصدی بلەن یورتیمزغا کلمکدە بولسا کیردك.

# اق زامباقلار مملكتيده

## تربيەچى مائەمورلار

№ 5

سنلمان خطابەسيگە دوام قيلار ايدى:

— حمد بولسون! حاضر مائمورلارنڭ حالى بونداق ايمەس، آهستە- آهستە هر ادارەگە اوز مائمورلاريەزنى اورونلاشتوروب ياتامز. يا بولماسا فنلاندداكى ايسوەجلكلەرنڭ ياخشيلارينى سايلايمز. بو زماننڭ قيمتينى بيليگز سز مائمور بولغان بردە و وظيفەڭز باشيدا باشلابقى كوندن نازتيب باڭى اصوللارنى تطبيق قيليگز. اسكى ادارە شكلينى تاشلاڭز.. بو چريك ادارە طرزينڭ حكومى ادارەلەريدە هيچ بر نشانەسى قالماسون! اهالى هم آڭلاسون كە مائمورلار خلقنڭ خدمتچيلەريدور. بير ايش اوچون سزگە مراجعت قيلغانلارغا سزنى راحتسز قيلغان پاشالارغا قاراغاندەك قارماڭز. قوليڭزدن كلگەنيچە هر قانداق كشينڭ ايشينى آسانلاشتوريڭز. نهايت، ملت آڭلاسونكە اگر بير آدمنڭ ديگەنى بولماسا و ايستەگەنى قيلنماسا، بو سزنڭ او ايشنى قيلشنى ايستەمەگەنلكيڭزدن ايمەس، قانونەن و نظامەن قيلنماسلغيدندور.

\ — بيليگز، سز مائمورلار ملتنى تربيەلەشدە معاملەردن هيچ آرقادا قالمايسز.

بوندن كيين سنلمان مستهزى بير كولومسيرەش بلەن:

— بيلەمسيز، قانونسزلقنڭ بويوك معاملەرى كيملەردور؟ سوالينى تاشلادى، بو سوالغا يەنە اوزى جواب بردى:

— بولار بيردن بير مائمورلاردور. قانوننى ايشلەتيش بلەن مشغول بولغوچيلاردور. اهاليغا قانونلارغا اطاعت قيلماسلقنڭ يوللارينى و چارەلەرينى مائمورلار اورگەتەدور.

— مانا شونڭ اوچون، ياڭى فينلانددا دولتنى ناميدن اوتونەمن. قانون آدەلەرى بولغان سزلەر، ملتكە قانونغا اطاعت قيلش تربيەسينى بريگز! اهاليدا صميمى عدالت حسلەرينى اويغاتيڭز.

بو خطابە، سنلماننڭ دستلەبكى و كيينكى خطابەسى ايمەس ايدى. بارغانلا يريدە فرصت تاپقان همان مائمورلار آراسيدا بو فكرلەرنى ايتار ايدى. نتيجەدە اهالينڭ مائمورلارغا بولغان ايشەنچى و حرمتى آرتدى.

بير ايكى نسلدن كيين بوتونلەى ياڭى بير فين مائمورلار صنفى ميدانغا كلدى. مائمورلار عرفاندا و اخلاقدا يوكسەلدى. بوتون دنياغا نمونە بولدى. حاضر، خلق حكومت مائمورلارينڭ وجودى بلەن ماختانماقدا و اولارنى تقديس قيلماقدادور.

## قشلاق خلق مكتبى

ايسوەچ حاكميتى زمانيدا هم فينلەرنڭ بير اساسى تشكيلات قانونى بار ايدى بو قانون بوييچە فينلەرنڭ سەيم ديگەن بير ملت مجلسى بولوب اوزلەريگە مخصوص پوستا و پوللارى بار ايدى. آز ساندا اوردو هم تربيەلەر ايدى.

فينلەر روس حاكميتيگە اوتكەندن كيين هم بولارنى ساقلاب قالا آلدى. بالخوز ايسوەجلكلەر زمانيدا بوتون بو ادارەلەرنڭ باشيدا ايسوەجلك مائمورلار بولار ايدى. فينلەر ايسوبچ حرثينڭ اوسوشيدە جانلق بير قورال بولوب سالور ايدى.

سوڭومى ديلگەن فينلاندا روس حاكميتيگە اوتكەندن كيين فينلەر بوتون بو اورونلارنى اشغال قيلماق و مملكتلەريگە ايگە بولماق اوچون كوروشوشكە كيريشدى. دستلەب ايشنى كچيكيدن باشلادى. آهستە آهستەلاب تاشلانغوچ، اورتا و عالى مكتبلەردە ايسوبچ معلملەرنڭ اورنيغا فين معلملەرى بلگولەندى. شونداق قيلب آهستە- آهستە فينلەردن حاكم، دوقتور و مائمور يتشتوروشكە باشلادى.

كچيك فين اوردوسى هم ملى لەشكە باشلادى. ايسوبجلكلەرنڭ زمانيدا عسكرلەرنڭ كوپونچەسى فينلەردن عبارت ايدى. فقط باش قوماندانلق اركان حربيە و قوماندا هيئتى ايسوبجلكلەرنڭ قوليدا ايدى. ظابطلارنڭ عسكرلەرگە بولغان معاملەسى ايسوبچ اوردوسيداكيگە اوخشاش ايدى.

ايسوبجلكلەر قهرمان بير ملتدور. ريفور ماسيون (اصلاحات) زمانيدا گوستاو آدولف و بيوك پترو زمانيدا اون ايكنجى كاربل ايسوبچ اوردوسينڭ شان و شهرتينى بوتون آوروپادا الڭ يوكسەك بير مرتبەگە ايريشتوردى. فقط او چاغدا ايسوبچلكلەرنڭ عسكرى قدرتى آق سوگەكلەرنڭ قوليدا ايدى. مملكتدە عسكرلەر صلالەسيدن مركب خصوصى بير صنف وجودقا كلگەن ايدى، بو صنفقا منسوب بولغانلار، مائمورلارغا، تجارلارغا و بوتون منورلەرگە ايگزدن قارار ايدى. ملت افرادى يعنى عسكرلەر، قانتق بير سقيلشقا توتولور ايدى.

ظابطلار، ايش وقتيدە تعلملەر، رسمى كچيد (پارات) لار و قشلاق حياتيدن باشقا هيچ نرسە بلەن علاقەدار بولماس ايدى. بوش وقتلەرينى بولسا، عراق ايچمەك، قارتا اويناماق و ياكە تانسا اويناماق بلەن اوتكوزەر ايدى. كوپچولكينڭ تحصيلى نقصان ايدى. مكتبدن چققاندن كيين هيچ مطالعە بلەن مشغول بولماس. اجتماعى و ملى مفكورەلەرى يوق ايدى. يالغوز غرورلق قيلب قيليچلارينى شاراقلاتشنى بيلەر ايدى. بوندن باشقا پوللارينى اصراف قيلار، دائما اصل اونيفورما (عسكرى كييم) لەر بلەن يورەر، سالونلاردا اوستالق بلەن تانسا اويناشار ايدى. كوپى عراققا ياكى كاغذ اويونلاريغا مبتلى ايدى. عسكرلەرگە قوپال معاملە قيلار، حتى ظالملارچە حركت قيلار ايدى. اوزينڭ تعبيرلەرى بوييچە «قيشلاق اوكوزلەرى» گە حقارت كوزى بلەن قارار ايدى.

سنلمان باشدا بولغانى حالدا ياش فين منورلەرى اوردوغا هم لازم بولغان اهميتنى بردى. كوبراق، اوردوداكى عسكرلەرنڭ تعليم و تربيەسى بلەن مشغول بولوشقا باشلادى.

(دوامى بار)

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

تلده ، اشده ، فكرده ، برلك !

# أرك

مدير : عيسى الب تكين
باش محرر : م . ا . بوغرا

27 فيورال 1949 ييل
29 ربيع الآخر ١٣٦٨ .

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز توركستاندور

246 يكشنبه قمتى : آيلقى - شهرگه 15000000 اولكه دوللارى


# ملتچيلەر زادى كيمگە قارشى ؟

( باشى اوتكەن سانلاردا )

شونگدەك توركستانداكى توركلەرنڭ آليب باريب ياتقان توركلك حركتىنڭ ساويت توزومىگە هيچ بير مداخلەسى يوق. ساويت دولتى توپراغيدا 7 - 8 رەسپوبليكا خاقى تورك خلقى بولوب توروغلوق و ساويت دولتينى قوروشقا ايشتراك أتكەنلەر يانا شول تورك خلقى بولوب توروغلوق، قانداق قيلب ساويت حكومتى تورك خلقينى يمان كورسون! شونى أيتيب اوتمەك لازمكە: توركيە دولتينى ساويتلەرنڭ ياخشى كورمەيدور غانلقى راس. بو ياخشى كورمەگەنلك ايكى حاكميت اورتاسنداكى بير قاريمو - قارشيلقدور . لاكين اورتادا ملى قاريمو - قارشيلاق يوقدور . .

„ شرق حقيقتى “ بيزنى تورك ديسون ، ديمەسون ، اونڭ بلەن بيزنڭ كاريمز يوق ' شرق حقيقتى اويغور ديمەك ايلە اويغور ؛ تورك ديمەك ايلە تورك بولوب قالمايمز. تاريخدن حجت كلتورمەسەكمو ، بوگونكى حاليمز ايلە تيليمزنڭ توركچە ايكەنلكى ، ناميمزنڭ توركچە „ اويغور “ كليمەسى ايلە آتالغانلقى ، يورتومزنڭ شرقى توركستان دەب يوروتولگەنلكى بيزنڭ تورك ايكەنيمزگە بيوك اثباتدور .

مات ناميغا بريلگەن خطا تعبيرلەرنى توزەتمەك هر بير ملتنڭ ملى وظيفەسيدور " بير يازوچينڭ يازغانيغا تنقيد يازماق بير دولتكە قارشيلق قيلماق ديمەك خطادور. اگر بيز بير اوروسنى سن اوروس ايمەس آمريكان ديسەك ، شونگدەك بير خطانى سن خطاى ايمەس ياپون ديسەك اولەر سكوت قيلب شونداق دەب قاراب اولتورورمو ؟

بو ملتچيلەر توركلك قيلار ايكەن ، بونڭ ساويت حكومتيگە نيمە زيانى بار ؟ بولارنڭ قيلغان توركچيلكى يالغوز غنە شرقى توركستان توركلەرى ايلە چكلەنەدور .

بولارنڭ توركچيلكى ، يورتداكى اوزون ييللق محكوميت و غفلت ايچندە ملى ناميني ، ملى ادبياتيني ، ملى تاريخيني ، ملى بارلقيني اونوتوب دنيادن آسان يوقاليب كتيش خوفى آلديغا باريب قالغان خلققە اوزيني تانوتوش و حيات بولى ايلە مماتى يولينى ايريب كورسوتوش ، ملى ادبياتى ، ملى مدنيتينى يوقارى كوتوروشدن عبارت • بولارنڭ بو توركچيلكى ، بوتون دنيا توركلەرينى بيرلەشتوروب زور بير تورك دولتينى قوروش غايەسينى كوتكوچى پان توركستلق حركت ايمەس ، بوگون پان توركستلق قيلماق هم آخماقلق ، هم وجودقا چقمايدورغان بير ايشدور . بونڭ وجودقا چقمانى اوچون دنيادا ايكى زور ايكى كچيك تورت دولتنى يەنگگودەك بير قوەت بولماقى لازم . بوگون بو قوەتنڭ ميگدن بيرى هم يوقدور .

نظريه طرفدن بير ملتنڭ اويوشوب بير ملى دولت قورماق طلبى خطا بير طلب حسابلانماسامو ، اما وجودقا چقمايدورغان بونداق پان توركستلق حركتينڭ آرقاسندا ملتچيلەر هم آورە بولوب يورمەس . ديمەك ملتچيلەرنڭ بو توركلك حركتى ، ساويت دولتيگە هيچ قانداق بير زيانى يتمەيدورغان بير حركتدور . اگر ساويت حكومتى راستنلا توركلكنى يمان كورە دورغان بولسا ، اوچاغدا يالغوز ملتچيلەرنى ايمەس ، بلكى توركلك نشانەسى بولغان شرقى توركستان دەگەن نام و آى يولدوزلق بايراق ايلە اختلال قيلغان ايلى انقلابچيلەرينى هم يمان كورگەن بولوب قالادور .

يانا بعضى بير كشيلەر ، „ بو ملتچيلەر ايلى انقلابچيلەرى ايلە چيقشا آلماغانلقدن ياكى ايلى انقلابچيلەرى بولەرنى يمان كورگەنلكدن بولار ساويتكە قارشيلق قيلادور . مانا بو ملتچيلەرنڭ ساويتكە قارشيلق قيلغانلقيداكى آساسى سبب “ دەب أيتادور .

بيز بو نقطەنى آليب كورەيلى ' ايلى انقلابى ايلە بو ملتچيلەر اورتاسندا هيچ قانداق بير قاريمو - قارشيلق يوق . ايلى انقلابچيلارى ملى بايراق ، ملى اسم ايلە انقلاب باشلادى . بو انقلاب خودى خواجه نياز حاجى ، ثابت داملا حاجى ، محمد امين داملا ، محمود محيطى كبى آدملەرنڭ انقلابى شكليدە باشلاندى . يورتنڭ آزادلغى ، مساواتى ، حرلكى اوچون باشلانغان بير انقلابقا شول ايستەك آرقاسندا يورگەن بو ملتچيلەر قانداق ئيلب حرمت قيلماى توراآلسون . بو يورتدا ملى شعار ، ملى بايراق ، ملى مساواتدن باشقا ايكنچى بير شعار ايلە انقلاب باشلاشقا ممكين ايمەسلكيني خواجه نياز حاجى انقلابى اثبات قيلغاندەك بو قانيمقى ايلى انقلابى هم اثبادلاب اوتدى . ايلى انقلابچيلەرى هم شول شكلدە انقلاب قيلدى .

ديمەك اورتادا چقيشا آلماسلق نقطەلەر بولماسقا كرەك ايدى . يورتنڭ آزادلقى حقيداكى شعاردا ايلى انقلابچيلەرى ايلە بو ملتچيلەر كوروشدە بير نقطەدە تورماقدا . بو ملتچيلەر هم „ بوگون استقلال طلب قيلمايمز ، بيزگە عالى مختاريت بريلسون “ دەيدور .

( دوامى ايكنچى بتدە )

## دەرنەكنىڭ ٢٠ - اولتورومى

بيلم دەرنەكيمزنىڭ 20 نجى مجلسى تونوگون 26 نجى فيورال شنبە كچەسى ساعت 7 دە توزك قازاق قيرغيز قلوبيدا توپلاندى. ساعت 8 دە اكرم اكراميننىڭ „ تورك قازاق ادبياتى „ خصوصيداكى كونفرانسى بلەن باشلانغان بو قانيمقى دەرنەكيمز بير مونچە ياش شاعرلاريمزنى ميدانغا چقاردى. ناخشالار، اوصوللار بلەن بلەن پارلاق بير صحنە ياراندى. ساعت 12 يا ريمغا قدر بك حرارت بلەن دوام قيلغان بو دەنەكدە دەرنەكچيلار بيوك بير ذاوقلانلار آلدى. كيچەنىڭ شرفى، دەرنەكنى جانلاندورغان جهتلەر، كونفرانسنىڭ يورەكلەردە قالغان ايزلەرينى كلەچەك سانيمزدا اوقوبمز. دەرنەكداش

### تشبث ياخشى آلقيشلاندى

خانم - قيزلار ايشخانەسى، مديرە امينە خانم بوغرا يتەكچيلكيدە كمبغللەرنى قوتقازيش گروپپاسى اويوشتوروب اعانە ييغشـعا كرشكەنلكينى بوندن بورون خبر قيلغان ايدوق. 18 نجى فيورالدن باشلاب هوانىڭ سوغوقلقيغا، بوران و شيويرغانلارغا و ياغيب تورغان قالين قارلارغا قاراماسدن ادارەمو - ادارە، دوكانمو - دوكان ياياق يوروب بش كون اعانە ييغقان و عيالاريمزنىڭ بو امگەكلەريگە يارا شا تورت يوز ملياردن ارتوق نقد پول، 11 تاختا چاى، 54 متاع، 76 لونگا، 3 چەكمەن، 2 كيگز، 5 گز تريكە، 5 گز چاتمى، 3 مايكا، 2 فيلتە ييغ 10 سابون توپلانغاندور.

كمبغللەرنى قوتقازيشدا، هر ساحەگە اولگە بولارلق بير غيرت كورسەتكەن بو ايشخانە خانم - قيزلاريغا و بالخاصە تشبثكار امينە خانم بوغراغا تشكرلاريمزنى عرض قيلامز.

# اچكى تاشقى خبرلەر

## راديو خبرلەرى

### صلح و تجارت مذاكرەلەرى

24. (لوندون) غيرى رسمى تنجلق وكيللەرى تونوگون پيكيندين بالكانگە موزيدونىڭ بلەن كوروشكەلى ماردى. شاوليزى هم شو وكيللەر ايچيدە. شاوليزى گرچە حكومت باش وكيلى بولسامو، بو نوبت غيرى رسمى وكيل صفتيدە حركت قيلماقدا.

25. (كابول) لى زونڭ رين نانكينغا كلدى و مخبرلارغا ايتقان سوزيدە: سونكو ياقيندا نانكينغا كيلەدور و دولتنىڭ اقتصادى ايشلەريگە قرار بريلەدور „ ديدى. شانخەى وكيللەرى يانىزدە موزيدونىڭ بلەن كوروشوب بوگون پيكينگە قايتب كلدى. ليكن بولارنىڭ مذاكرەسى اعلان بولمادى.

24. (لوندون) جانڭ جژ جونڭ افندى نانكيندا شنجانگدا سويت برلكى بلەن كان و تجارت شركتى مذاكرەسى اونكوزمەكدە. بو شركتدە چين بوتون سرمايەنىڭ 51 فائضينى تشكيل قيلادور. سويت برلكى 49 فائضينى تشكيل قيلادور.

*) *××(*)××* (*

## امريكا كونگرەسينىڭ چينگە قيلنغان ياردملەرگە خلاصەسى

24. (لوندون) آمريقا كونگرەسى چينغا ياردم مسئلەسيدە خلاصە چيقاردى. چينغا قيلينش اوچون تصديقلانغان ياردمنىڭ يوزدە توقسانى بزياب بولدى. حاضر تخى بريلمەگەن يەنە 100 ميليون دوللار قالدى.

آمريقا اوزينىڭ اوروشدن كيينكى تيكلەنش ايشينى تاملاەى. امدى اوزينىڭ اجتماعى و سياسى ايشلەرينى ترتيبكە سالش ايشيگە كريشدى.

* — **** — *

( باشى برنجى بتدە )

معاون رئيس احمد افندى هم بيزگە عالى مختاريت لازم دەيدور. هر ايكى طرف „ اوزولمەيمز ، ايزيلمەيمز „ ديگەن ايستەك آرقاسندا يورمەكدە دور. اولارمو شرقى توركستان دەب آتايدور. بولارمو شرقى توركستان دەب آتايدور. يورت اسميدا هم فرقى يوق. توركلك ملتچيلك نقطەسيدە هم فرقى يوق. مثلا: احمد افندى „ تنجلقنى كيم خواهلامايدور „ ديگەن اثريدە بيز تورك دەب يازادور. شونگدەك ايليدا چيقب تورغان „ اتفاق „ مجموعەسيدە ا. ايليلق ديگەن يازوچى „ گوج بيرلكدە „ ديگەن مقالەسندە اويغور توركلەردور دەب يازادور. حتى احمدجان افندى آلتاى ادارەسيگە ضيارتكە كلگەندە „ من دينەك عيسى بگ دىمەك ؛ عيسى بگ دىمەك من دىمەك „ دەب هم اوتكەن ايدى. مانا بو حجتلەر، ايكى طرف اورتاسندا هيچ بير قاريمو - قارشيلق يوق ايكەنلكينى اثبات ايتەدور. شونى أيتيب اوتمەك لازمكە، ايلى انقلابچيلەرى بتمەدن سولڭ حكومت تشكيلاتيگە كيرگەندە، و حكومت خدمتلەريدە ملتچيلەر، اولارغا توسقونلوق قيلمادى. بلكە اولارغا عزت حرمتينى بيلدوردى. اورتادا بولغان بيوك بير صميميت ساقلاندى.

يالغوزغنە اورتاداكى توقونوش مسعود افندى رئيسلككە اولتورغان كوندن باشلاب باشلاندى. اوزلەرينى بيز هم ملى انقلابچى دەب تورغان ايلى انقلابچيلەرى، يانا شول ملى انقلابچى ملتچيلەردن بلگولەنگەن بير رئيسكە قارشى چققانلقى، اولاردا معلوم بير اوخشاماسلق سياسى پردەلەر بارلقينى اثباتلاب قويدى. اول ملتچيلەر ايلى انقلابچيلەريغا حرمت قيلب كلگەن بولسامو، اما بو نقطەگە كلگەندە ايلى انقلابچيلەرى ملتچيلەردن چققان بير رئيسلككە قارشيلق قيلدى. كيلشە آلغان نقطەسى هم شول رئيسلك اوستندە بولغاندور دەب گمان قيلغان بولسامو، لاكين ايلى مطبوعاتيدە بعضا يازوچيلەر نهايتى يوقولانڭ تهمتلەر ايلە بو ملتچيلەرنى سوكوشكە، حقارت قيلشقا باشلادى. مسئلە شوندا ق بارغان بولسامو، اما بو حكومت اوستندە بولغان ملتچيلەر يانا ايلى طرفنىڭ حرمتينى قيلدى. آلتى شهردە و شمالدە بولوب بعضا آز سانلق متعصب مأمورلار طرفدن „ ايلى طرفدارى، كامنست! „ ديگەن اتهاملار ايلە قامالغانلارنى قوتقازيشقا، قامالماقچى بولغانلارنى حمايە قيلشقا كيريشدى. حتى كاشغر، اورومچى كبى ولايتلەردە مسعود افندينى حقارتلەب تيللاغان، سوككەن باشلارنى اوخشاشلا حمايە قلدى. اولارغا يانا ايش بردى. آلتى شهرە سوقولدوق دەب كلگەنلەرنى اوز قوينيغا آلدى.

( دواهى بار )

كتاب توربېكتى www.uyghurkitap.com

## تورت وزير اراسيدا معاهده قرارى

24• (انقره) توركيه خارجيه وزيرى نجم‌الدين ساداق و يونان خارجيه وزيرى چالداريس، انگلتره خارجيه وزيرى بيوين و فرانسيه خارجيه وزيرى شومان آراسيدا آق دگز مدافعه برلكى معاهده‌سى توزوشكه قرار بولدى•

## ٩ ايلق سوقوشقا خاتمه

24. (لوندون) مصر بلەن اسرائيل دولتى آراسيدا! تنچلق توختامى امضالاندى و توققوز آى دوام قيلغان قانلق اوروشقا خاتمه بريلدى• بو توختام صاف عسكرى ماهيتده‌دور• اونكدا ايكى دولت چك آراسى مذاكره قلنماسدن يالغوز ايكى دولت عسكرلەرى آراسيداكى فاصله بلگولەندى.

24. (ياقين شرق) مصر باش وزانيدن بوگون بر بيانامه نشر قيلدى• بو بيانامەنك خلاصەسى: «يهودى بلەن مصر آراسيدا بولغان متاركه نه مصرغا نه عرب برلكيگه زيانلق بر معاهده ايمەس، يهوديلەر بلەن سوقوش توختاتشدنغنه عبارت بولوب اصل سياسى پرنسيپىمزنى هيچ تيگشتورگەنيمز يـــوق» ديمەكـــدن عبـــارتدور•

24. (جوكجاكرتا) لبنان و يهودى آراسيدا متاركه مذاكره‌سى باشلاماق اوچون بانچ بيروتقا كتدى• اوردون حكومتى بلەن يهودى آراسيدا متاركه معاهده‌سى ارته يا اوبورگون باشلامانچيدور•

## مسئله نى حل قيلش يولى

25• (پاكستان) آزاد كشمير باشلقى جوددى غلام عباس: «كشمير مسئله‌سيتى بيطرفالك بلەن فكر آليش يولى بلەنغنه حل قيلماق ممكندور• ليكن كشمير خلقى هيچ وقتده تقسيمگه راضى بولمايدور و بونك بلـــەن آخير بر يمان نتيجه ميدانغا چيقادور» ديدى•

## مختلف كونفرانسلار

24. (پاكستان) كراچيدا خانملار جمعيتى قورولوب، پاكستان خاتونلارى كونفرانسى توپلاندى• بوگونكى مجلسكه فاطمه على جناح (محمد على جناح نك سيگليسى) رئيس بولوب جمعيتكه رئيس و دائمى اعضالار سايلاندى• لياقت عليخاننك خانيمى جمعيت رئيسى سايلاندى•

25. (كابول) بروكسلده بوگون آوروپا برلگى كونفرانسى آچيلدى• چورچل و سپاك نطق سوزلــــەدى•

## هندستاندا

25• (پاكستان) حيدر آبادا 4000 كومونيست توتولدى• كومونيستنى توتوشنك سببى كومونيستلارنك تيموريولى و دگز ليمانلارينك ايشچيلارينى ايش تاشلاش اوچون تشويقان قيلغانلق ايمەس•

25. (كابول) هندستان كومونستلارى بو ئاينيدا كومونستلارنى قاماغان مناسبت بلەن بيانامه نشر قيلب هندستاننك ايشچيلەريگه قارشى قيلغان بو حركتنى فاشيستلارنك حركتيدن فرقسز بر حركت دب عيبلادى•

## مالايادا

24• (لوندون) مالاياداكى انگليز مأمورلاريدن بەگون: «مالاياداكى عصيانچيلار، چين كومونيستلەرينك غالبيتيدن روحلانب اوز حركتينى كوچەيتدى• چينده‌كى وضعيت، اوزاق شرقده كومونيزم غالبيتينى مقررلەشتوروب قويغانلقى انكارى ممكن بولماغان بر ايشدور• شونك اوچون مالاياداكى بو حركت دقتكه ارزيدورغان بر مسئله‌دور» ديدى•

## برمادا

25• (كابول) برما حكومت عسكرلەرى اغتشاشچيلارنى ميموئيين‌ده محاصره قيلدى و اينسينده سوقوش دوام قلماقدادور•

## سيامدا

25• (كابول) سيامدا حكومتكه قارشى بر مخفى تشكيلات كشف بولوب تورت كشى توتولدى و مملكتده حربى حالت اعلان بولدى•

## ارژانتينادا

24• (كابول) ارژانتينادا جمهور رئيسكه بر قانچه گينراللار قارشيلق كورسەتكەلى باشلادى• جمهور رئيس اولارنى قارشيلقدن قايتشقا دعوت قيلدى• اگر قارشيلققا دوام اتسه قاتتق چاره كوروشينى بيلدوردى•

## ايكيگه بولگەن بر معاهده

25. (كابول) آنناميننك سابق امپراتورى والدى بلەن فرانسا حكومتى آراسيدا بر معاهده امضالاندى• بونك بلەن آننام امپراتورچى (فرانساچى) و جمهوريتچى بولوب ايكيگه آيريلغان بولادور•

## يوللاردا قضا

24• (جوكجاكرتا) جوكجاكرتا و سورابايا آراسيداكى تيمور يولدا انقلابچيلار قويغان بر بومبا اوت آرابا آستيدا پارتلاب بر واگوننى هواغا اوچوردى• تورت كشى اولدى• كوپ كشى يارالاندى• بو يول بر نچه كون ايشلەيالمايدور•

24. (لوندون) هونغ قونغده آمريقا بلەن پورتكيزنك برلكده تشكيل قيلغان هوا شركتيگه منسوب بولغان بر اوچقو 16 يولچيسى بلەن توشوب كتدى• اوچقو و يولچيلار تمامەن محو بولدى•

## رسمى تانوش

25• (كابول) جنوبى كورىەنى برلەشكەن ملتلەر قورومى رسمى تونودى•

# اق زامباقلار مملكتيده

№8

## قشلاق خلق مكتبى

- برنى قانداق مايدايسز؟ بوغدايلاريگزنى قانداق تريب، قانداق او رويسز؟

• - حيوانلاريگزنڭ سوتيدن، اورانلارداكى درختلەردن قانداق فايدالانا سز؟

- اركەكلەريگز خاتونلارى بلەن قانداق كون كوچورەدور؟

- آنالار و آتالار، بالالارينى قانداق تربيەلەيدور؟

امدى سزگە حيانلارينى الڭ موافق بر صورتدە بولغا قويغان ملتلەردە بو ايشلەرنڭ قانداق آليب باريلادور غانلقينى بيلدورەيلى. نيمە اوچون هر كشى انگليز رختلەرينى، چك اسلوواك آينەكلەرينى، هوللاندانڭ ياليق كونسروالارينى، ايرلاندا قويلارينى، فرانسوز عراقلارينى، روس تيرەلەرينى، ادسوايچ سرنگەلەرينى ياقتورادور؟

- چونكە بولار او مملكتلەردە الڭ ياخشى بر اصولدا يتشتورولەدور. سز هم بزنڭ مملكتيمزدە شونداق نەرسەلەرنى يتشتوروشكە غيرت قيليگز.

- بولارنڭ هممەسينى كيملەر قيلادور؟ بزالاريگزداكى كور قيرداشلاريگزنڭ و تالاريگزنڭ كوزلەرينى كيم آچادور؟ ياقاقلق و اورمانلقلارنڭ تنها يرلەريگەچە كيم بارا آلادور؟

عسكرلەريگە بو تاثيرچان و تلقينكار سواللارنى تاشلاغان تربيەچى ظابدلار اولارنڭ جوابلارينى ذەنە اوزلەرى بيرەدور:

- سزلەر! الڭ اول سزلەر قيلاسزلەر. انە شو چاغدا سزنڭ عائلەگز، سزنڭ يزاگز، سزنڭ وطنيگز اوزون زمان قشلاقدا قالغانيگز بلەن هم هيچ نەرسەنى يوقاتماغان بولادور. اولاردن آلغانيگزنى بيوك بر فائض بلەن قايتورغان بولاسز. سز قشلاققا خام بر مادەگە اوخشاش كلديگز. امدى ايشلەنگەن بر مالغا اوخشاش و خارقەلەر يارالقوچى انسانلارغا اوخشاش مملكتلەريگزگە قايتاسزلەر.

طبيعت طرفيدن حقارت و قارغيشقا اوچراغاندەك فيض و بركتدن محروم قالغان فينلاندا توپراقلاريدا ياشفين ظابدلارى بيوك بر حرثى قوتبولدى. چولڭ برفابريكا دەك مملكت اوچون عقللق، قوتلك جانلق انسانلار يتشتورەر ايدى.

عسكرلەر، ياشى چولڭ آرقادالارينى تقدير قيلار و سويەر ايدى. عسكرى خذمت اثناسيدا اولارنى چارچاتيشنى و زيريكتوروشنى خواهلاماس ايدى، بلك عاجز و ايش كورمەگەن آرقاداشلارينڭ احوالى و حركتلەرينى تفتيش قيليشار ايدى.

عسكرلەر، اوز يرلەريگە قايتقاندن كيين كوپراق ظابدلارى بلەن خبرلەشب تورار ايدى. عسكرلك زمانلارينى شكران بلەن ياد ايتەر ايدى. امدى حياتقا باشقا كوز بلەن قاراماقدا بولغانلارينى بيلدورەر ايدى.

مملكتدە ياڭى حيات قوروش خصوصيداكى پلان و تصويرلارينى ظابدلاريگە يازار و اولاردن مصلحت سورار. اوزلەريگە بعضى كتابلارنڭ كوندوروليشينى و ياكە غزتەلەرگە آبونە يازدوروب قويبوشلارينى اوتونەر ايدى.

الڭ كيچك يزا اويگەچە بولغان مملكتنڭ هر طرفى بلەن قشلاق آراسيدا صميمى بر رابطە تاسيس قيلندى. مملكتدە صححى و حرثى ياڭى بير حيات باشلاش اوچون تشكيلات ياسالدى.

قشلاق امدى ملت اوچون باشقا بو نەرسە بولوشدن چيقب، تقدير قيلنشقا باشلادى. يزالاردا و شهردە آتا - آنالار بيزەڭ بالالاريغا شونداق دەيدورغان بولدى:

- يارادق، سنگەو عسكرلك زمانڭ كلگەن بولسا، عسكرلككە كتكەن بولسالڭ! بلكە قشلاق سنى توزوك آدم قيلار ايدى.

خوشنالارى هم علاوە قيلار ايدى.

- توغرى ايتديلا! قشلاق اونى توزەيدور. بونداق كارغا كلمەسلەرنڭ عهدەسيدن يالغوز قشلاق چيقا آلادور. پيكو يوكسن، رودى آنتونن، اورودا آدم بولدى. حالبوكە بوروندلارداگەنلا آدم بولارنى كيرەكدن چيققان بر انسان دب بيلەر ايدى. انشاالله، سزنڭ بالالاريگز هم شولارغا اوخشاش قشلاق سايەسيدە آدم بولوب قالار. امدى بيلدوق كە قشلاق بزنڭ بالالاريمزنى اويمزدن هم ياخشيراق تربيە قيلشنى بيلەدور ايكەن.

قريلار هم علاوە قيلار ايدى.

- دوروست - دوروست، بورونلاردا بزنڭ كوزلەريمز كور قالبدور ايكەن. بك ناچار بر كون كوچوروب كلبدور ايكەنمز. حمد بولسون، حاضرقى بالالار، توزەوشنى تخيمو ياخشى، تخيمو موافق بر يولدا آليب باريشنى بيلب كيتب بارادور.

بو صورت بلەن قشلاقلاردا فكر و اخلاقدا يوكسەلدى. خميرنى، خمير توروش مولدورغانيدەك قشلاق هم ملتنى فكردە و اخلاقدا يوكسەلتدى. ايلاقى

### غزل

(موشيخ)

تريش، ايشلە اى كتمەن ايتيزدن
اوزگە كانڭ يوق
ايتيزدەك يار جانڭ يوق، ايتيزدن
قدر دانڭ يوق
آليب توروش بقاگەن ناگهان ساغريشامان بولسا
ديمەس هيچ كيمسە نە بولدوڭ، نيچورەگگەدە قانڭ يوق
شرفلى نو بهار اوتسە، زمستانقرينى توكسا
غنيمت كوفلەرڭ ييتسە باشيگغەسايە بانڭ يوق
قاراب كوردوم يوزوڭ تان، تنڭقانقان جراحتدن
سنڭ حالگغە حال بولغور طبيبىمهربانڭ يوق
ييراقدن قير قيراب يغلار سونوساز يگغە أفسوسكە
ييرڭ باغدا، سويوڭ تاغدا اوردانساچماققا دانڭ يوق
نە جفا كلسە، ايتزدن ييكلمەكهائكگە ناموس
حيانڭ باغيغا نادرەڭ كويوملى باغبانڭ يوق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تلدە ، اشدە ، فكردە ، برلك !

# ارك

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز توركستاندور

2 جمادالاول ١٣٦٨

2 مارت 1949 يىل

مديرى : عيسى الب تكين
باش محرر : م . ا . بوغرا

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

247 چهارشنبه قمتى : آيلقى - شهرگه 15000000 اولكه دوللارى

## ملتچيلەر زادى كيمگە قارشى ؟

( باشى اوتكەن سانلاردا )

بوگون براو ايتب باقسونكى ، ايلى طرفدارى ديگەن بر آدەمنى ملتچيلەر اوز قولى ايلە قامادى ، اوردى ، ايشدن بوشاتدى ديسون . بو ايش ، ملتچيلەرنڭ ايلى طرفدن قورققانلقيدن بولغان ايش بولمانى ، بلكە ايلى طرفكە حرمت قيلغانلقيدن ، بولوبمو توزلى سياسى بحران ايچيدە يوقالب كيتب بارغان بولسز قالغان ياشلارنى حمايە قيلغانلقيدن بولغاندور . بر انقلابچى ، بر ملتچى بولامن ديگەن آدم جاننى آلقانغا آليب قويوب شول ايش آرقاسيغا كيرەدور . براودن قورققان اوركەگەن آدم انقلابچى بولا المايدور . ايلى طرفنڭ بو قدر قارشيلق كورسەتكەنيگە قاراغاندا ، ايلى انقلابچيلارينڭ قوليغا توشوب قالسا ، اولاردن نيمە كونلەرنى كورەدورغانلقيني اربدان بيلەدور . بولارمو قوليمزدا فرصت بار چاغدا قيلب آلايلى ، تيللاب آلايلى ديسە ، هر ايش قيلامن ديسە قوليدن كيلەر ايدى . اگر شوندا ق قيلامن ديسە ، آز سانلق متعصب مأمورلار هم ياردم اتكەن بولور ايدى . بولار آنداق ايشلارنى قيلمادى . عالى جنابلق قيلدى . باشقالارنى خوش قيلامن دب باشقالارنڭ كيفى اوچون اوز خلقينى اوز قولى ايلە يوقاتب برىش ايشينى ايشلەمەدى .

ايلى طرف بز على انقلابچى دەسوندە ملتچيلەرنى يامان كورسون . بو انسانني عجبلەندورەدورغان بر نقطەدور . ايلى انقلابچيلارى اوز انقلابى شعاريغا صادق بولسا بو ملتچيلەرنى حمايە قيلور .

ايلى طرفنڭ بو ملتچيلەر ايلە چيقيشا آلماغانلقى راس ايكەن ، بو ايكيسينڭ چيقيشا آلماغانلقيني ، ملتچيلەرنڭ ساويتكە قارشيلقى دب بيلمەك خطادور . اگر بعضى عقلسز آدملەر ، ايلى طرف ايلە چيقيشا آلماسلق ، ملتچيلەرنڭ سويتكە قارشيليغيدن بولدى دب قارايدورغان بولسا ، او چاغدا ايلى انقلابيني « آى يولدوزلق شرقى توركستان انقلابى » دب ناتوماى « اوغراق پالتالق اويغورستان انقلابى » دب ناتوغان بولوب قالادور .

املا مسئلەسيگە گلسەك ، شرق حقيقتيدە اوز بگستاندن بو ياققا خاص تيارلانغان كتابلاردا قانداق املا قوللانسون ، او ، اولارنڭ اوزينڭ ايشى . بو گون اولارنڭ قوللانب تورغانى آغزدن نيمە چيقسا شونداق يازادورغان برامللادور . بو جايدا ملتچيلەرنڭ تشبث قيلغان املاسى بولسا ، تيل برلكيني ساقلاشقا اهميت بريلگەن بر املادور . يەنى آغزدن نيمە چيقسا ، شونى يازماسدن سوزنڭ اصليني بوزماى يازادورغان بر املادور . علمنى هر دولت ، اوزى ايستەگەنچە ايشلەتەدور . اگر سويت اويغورلارى قوللانغان املانى قوللانماسلق ، بو سويتكە قارشيلق بولادورغان بولسا ، او چاغدا بو جايداكى اويغورلارنڭ سويت اويغورلاريغا اوخشاش اوروسچە يازوغا كوچمەگەنلكى هم سويتكە زور قارشيلق قيلغانلق بولوب قالادور . يالغوز سويت دولتى قيلغاننى قيلماغانلق سويتكە قارشيلق بولادور دېگوچيلەر ، اگر بو نقطەگە راست دب بها برمەك لازم دەيدورغان بولسا ، او چاغدا بونداق ديگوچيلەر يالغوز ملتچيلەرنيلا ايمەس ، بلكە خيلى - خيلى انسانلارنى هم سويتكە قارشى دب ناتوغان بولوب قالادور .

ديمەك سويت اويغورلارى قوللانغان املانى قوللانماسلق سويتكە قارشيلق قيلغانلق بولالمايدور . اگر راست شونداق ديلەدورغان بولسا ، او چاغدا آنداق ديگوچى انسانلار سويت دولتينى نهايت توبەن بها برگەن بولوب قالادور .

يوقارقى اثباتلارغا قاراغاندا ، بو ملتچيلەرنى هم خطايغا هم اوروسقا قارشى انسانلار دب تانشتورماق اساسز بر نەرسە بولوب چيقادور . اگر سويت دولتى عاجز ملتلەرگە قاراتقان شعاريغا صادق ايكەن ، شونكەمەك ايلى انقلابچيلارى هم اوز انقلابى شعاريغا صادق ايكەن ، او چاغدا ملتچيلەر ايلە اورتادا هيچ بر مسئلە قالماغان بولادور .

تمام

## زهر تريغوچيلارغا اولوم جزاسى

اولكە حكومتينڭ رئيسى برهان شهيدى چيكملكلەر بولغان افيون و نشە استعماليني يوقوتولەى يوقاتش اوچون بونى تريغوچيلارغا اولوم جزاسى بريش توغراسيدا بويروق توشورگەن .

بونڭ بلەن برهان شهيدينڭ گنرال جاڭ جژ جوڭ پرنسپلەريدن برينى اجرا قيلشقا تونوتغانلقيني كورەمز . بورژنلڭ و حكومتنڭ ايچيگە كريب الغان الڭ زهرلك ميكروب دن پارەخورلق ... بونداق بر بويروق بلەن ... توتەرياشيني كورمەمز .

# اولکه و شهر خبرلەری

## یالقین غزیته خانەسی یچەتلەندی

(شهر خبری) شهریمزدەکی یالقین
غزته خانەسینی 28- فیورال کونی کچ
ساعت 8 ده تشویقات هیئتیدن سوبی
خەی افندی باشلق بیر نەچچه نفر ساق
چیلار چیقب یچەتلەب قویوب قایتقان.

یالقین باشمانی قوربان قودایدن آلنغان
خبرگه کوره، شو کونکی باش مقالەغه
رئیس بر هان افندم خفا بولغانمش و
شو مناسبت بلەن بو واقعه توغولغانمش.

مخبر

## دار الفنون اوقوغوچیلارینك تورتنجی کیچەسی،

دار الفنون اوقوغوچیلاری طرفیدن
ایکی هفتەده بیر اوتکوزولوب یاتقان
„شادلق کیچه“ نلك 4نجی اولتورومی
25نجی فیورالدا اوقول سالونیدا اوت
کوزولدی. بو کیچەنی شرفلەندورگەن
جهت معاون مدیر ا. مطیعی باشلق
مدرس و مهمانلارنلك قاتناشیشی و 140
غا یاقین کشینلك سالوندا بولونوشیدور.
مجلس رئیسی طرفیدن بیر قانچه سوز
سوزلەنگەندن سولك سبقداشیمز بها
والدین توختی „اسکی تورکلەرنلك مد
نیت تاریخیغا قسقاچه بیر قاراش“ مو
ضوعی اوستیده ایکی ساعت قدر بیر
کونفرانس بودی.

یاکیدن اوسوب یاتقان هوسکار شا
عرلاریمزدن ۱محمد تانلق، ۲نظام الدین
حسن، ۳حبیب الله فتح الله، ۴بیلگی علی
اور ازبك ۵ابراهیم یتکین ۶اسلام نعما
نی ۷هاشیم امین، ۸عبدالحمید توختی،
۹ابراهیم موسی ۱۰کاظم اعظم ۱۱عبدالحمید
احمدلەر طرفیدن تررکلك جریانینی، یو
رەکدن و روحدن چیققان سوزلەر بلەن
ترنم قیلغوچی شعرلار اوقولدی. هر
کیمده چوڭقور حس اویغاندی.

بوندن سولك قسقا چوچەکلەر، لطی
فەلەر ایتیلدی. یاقیماق و مدنی چاق
چاقلار بولودیدی.

سازلار چالیندی. اصوللار اوینال
دی. بولوبمو بو اثنادا مکتبیمزگه یا
ڭی کلگەن اوقوغوچیلاردن قادر وارثی
نلك ایتقان موڭلوق ناخشاسی، کیچەگه
اونتولماس بیر خاطره بردی. بو سبق
داشیمزنلك حیاتنلك الك آچچیق سوغا
سی بولغان یتیملکدن زارلانب ایتقان
غزللەری، یغون اهلیمی اختیارسز درد
اورتاقلقیغا آلیب باردی، هرکیم امدی
سرسان یورگەن یوزلەرچه و میڭلارچه
یتیم و یتیمه یورتداشلارینی کوز آل
دیغا کلتوروشکه، ملتیمز باشیغا کلمک
ده بولغان طالعنلك بو تەتور جلوەسی
دن چوڭقور بر نفرت تویوشقا باشلا
دی.

هر سبقداش بو اورتاق مصیبت و
بو مشترك توشونچەده ایکەن، معاون
مدیرنلك سوزگه چیقیشی، هر کیمنی بیر
تاثیردن خبر برکەن قدر جلب قیلدی.
مطیعی افندی کیچەنلك اوتوغلق جهت
لەری اوقوغوچیلارنلك فکرده انکشاف
قیلغانلقی، بولوبمو کونفرانسنلك یاخشی
حاضرلانغانلقی، کلەچکده عمومی حیات
و ملت قوییشیغا آتیاب بویوك ایشلار
نی کورگوچی اولادنلك او، حیاتقا قاز
داق کرێش توغراسیدا حاضردن قاز
داق تیارلانب یاتقانلقینی کوروب خوش
بولغانلقی حقیده قیمتلك سوزلەرنی سوز
لەدی. هر کیم امدی بیوك بر امید
ایچیده استقبالنی توشونوشکه باشلا
دی. کیچەگه یکون بریلدی و بو کی
چه شرفیگه باغشلاب غزللەر اوقولوب
هممه تارقالیشدی. عبدالحمید توختی.

☆☆☆ ☆ ××× ☆ ☆☆☆

## قوماندان و مر الایلار شهریمزده

معاون سافچیلق قوماندانی جاوشی
گوالك بلەن برابر جنوبداکی مر الای
لاریدن خو، نەن، جو افندیلەر 27-
ال کونی شهریمزگه کلگەن. بولار
کی کون بورور قومولدانوروشلق
گنرال موکوتو هم خاصی آتا اوچتوسی
بلەن شهریمزگه حرکت قیلغان ایدی.
آڭلاشیمزچه ، بو یرده گنرال تاو
افندی بلەن خدمت اوستیده صحبت
یورگوزگوسی.

## باسما اوینینك مدیریتی

تورکستان باسما اوینلك مدیری
شاگخەیده بولغانلقدن، اونلك اورنیغا
اولکه بانکاسینلك مدیر مفتشی پوشی با
بلگولەنگەن. 30 ملیونلق 60 ملیون
لق کبی کوب رقملك پوللارنی باسیب
توراتورغان باسما اوینلك ایشلەری آ
سان بولماغانلقدن سەی جیلك سیلك دی
گەن هم معاون مدیرلقغا تعیین قیلن
غاندور.

## رئیسنلك تیل مکتبیدەکی نطقی

• اولکه حکومتینلك رئیسی برهان
شهیدی بر نطق برمەکچی بولوب 26-
فیورالدا تیل مکتبیگه بارغان. مکتب
مدیری جوگدیخوا، الك اول اوقوغو
چیلارغا رئیسنی تونوشتوروش بلەن
اونلك خدمت تاریخیمی و بیلم سویەسی
نی توالوق مدحلەب اوتکەندن سولك بر
هان افندی نطقینی باشلاغان. بر سا
عتچه سوزلەنگەن بو روحی نطق تما
ملانش بلەن اوقوغوچیلار نامیغا بران
روزی آلتی مادەلك بیر تیلەك تاشلا
غان. بوگون انك مهم مسئله یالغوز مک
تبدەکی اوقوغوچیلار حیاتینلك نچارلقی
اوقوش ماتریاللارینلك یوقلقی، یاقیندی
بری کتاب، مجموعەلەردن فائدالانالما
یاتقانلقی کبی مادی سجقیتیلارنی کور
سەتکەن بو آلتی تیلەکدن کیین رئیس
بو قیینچیلقلك حاضر هممه مکتبلەر
کورولوب یاتقانلقینی بیان قیلغان و بو
کا چاره کوروشنی بیلدوروب قایت
قان.

## رئیس شرفیگه ضیافت

تنچلق ساقلاش قوماندانلقیدا
ظابطلار 27نجی فیورال کونی کچقو
رون ساعت 4 ده بیر ضیافت برگەن
ظابطلار نامیغا لی تالك مین سوزل
اوتکەندن کیین قوماندان برهان ش
ىدی، تنچلق ساقلاشنلك مهملکی و ج
جانکرەننلك یولیوروقلاریغا ایطاعت
لشنلك ضرورلکینی سوزلەگەن و س
آراسیغا شنجاك اولکەسینی ج
خوا منگونلك آیریلماس بیر اولکه
قیلب ساقلاشنلك لازملقینی هم قی
روب اوتکەن. آخریدا برهان شهیدی
قوماندانلقلار ساغلقی اوچون بر
کوتورگەن وضیافت ساعت 6 بارمدا تارقالغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## چارواچىلارغابرمقدار پول

اولكەلك حكومت توركستان شمالى
داكى چارواچىلارغا ياردمده بولغان بول
ساهو، بو يتمەگەنلكدن يەنە بوز ميل
يارت آقچا برمەكچى بولغان.

## باداواندا يوقوملق كسل

هوانڭ اوزگەرشنى مناسبتى بلەن
باداوان اطرافيدا يوقوملق كسل پيدا
بولغان. ساغلق مدبرلكى تيزدن تداوى
سيغا كريشش توغرالق دوقتور خانەگە
اوختوروش قيلغان.

## اورتامكتبلەرنڭكيىم مسئلەسى

اولكەمزدەكى اورتا مكتبلەرنڭ ياز
لق كييمنى بريش توغراسيدا بودجه
توزولوب، اولكەلك حكومتكه سونول
غاندا اوچده بر قسمى (بر تريلييون
5500 ميليارت) تصديقلانغان. بو پول
نى تقسيم قيلب برگەن حالدا مكتبلەر
نڭ هيچ نرسەگە يتشتوره المايدورغاز
لقينى كوزده توتقان معارف نظارتى،
كييملەرنى تيكتوروب تاراتب برمەكچى
بولغان.

## اوختوروش

1 - ادارەمز كوپچولكنڭ معاملەيش
لەريگە آسانلق بولسون اوچون نشر
يات بولومينى اوزينڭ تجارت اويى يا
نيغا يوتكەدى. بوندن سولڭ يورتداش
لاريمز و باشقا ادارەلەرنڭ غزته مجمو
عەلەريمزگە آبونه بولوش كبى تورلى
بويروتما ايشلەرى كتابلار، رسالەلەر،
كونويرتلەر، تالون اوردىرلەر و ويزت
كارتالارى بولسا، معامله قيلورلەر و
اوز وقتيده صفتلك اوبدان قيلب برەمز.

2 - يورتيمزنڭ ياكى اوسوب كيله
ياتقان مطبعەچيلك ايشلەريگە ياقيندن
ياردمده بولامز. بوڭا ياراشا، بزده الڭ
ياخشى صفتلك مطبعه تاشلارى، مطبعه
مايلارى شفوگراف اسبابلارى وتورلك
مطبعه جوازلارى باردور. ايستەگەنلەرگە
تاش مطبعه آياغلارى ياساتب بيرەمز.

3 - آرك آلسانچيلق اويى ياقيندن
بيرى اوز ياڭيدا! بر كوميسيون بولو
مى آچدى. يورتداشلاريمزنڭ ساتيلا
دورغان تورلى بويوملارينى آرزان بها
لق كوميسيون حقى ايلەن ساتب برەمز
وشونڭسكارى ايشلەرگەواسطەچيلك قيلامز.

معامله اوچون ادريس: اورومچى جوڭ جڭ
نەنلو 147نجى نومير. آرك السانچيلق اويى.

# اچكى تاشقى خبرلەر

## هم مشكلات همده اميد

(نانكين 28- فيورال) شاگخەى
صاح هيئتنى پيكيندن تونوگون قايتب كل
دى. شاوليزى افندى «صلحنى اوروز
داشدا كوب قيينچيلقلار بار. اما صل
حنى اورونلاشتوروشدا بيوك موفقية
نڭ اميدى اونگدنمو كوچلوكدور» د
گەن مضموندا بيانات بردى. مأمورى
يالاندا باشلقى سونكو افندى بوگون بير
نەچچه وزيرلەر بلەن گواڭجودن اوچقو
بلەن نانكينغا كلدى.

* * —— **** —— * *

## ايراندا وضعيت جدى

28. (انقره) ايران دولتيده حكو
متكه قارشى فرقەنڭ رهبرلەريدن 18
آدم قاماققا آليندى بو قامالغانلار اوس
تيدن موشو ايكى هفته ايچيده سورائق
قيلنمافچى. بو مناسبت ايله ايراننڭ هم
يرلەريده حربى حالت اعلان قيلندى.

—** * (*) * **—

## سياسى اوزگوروش علامتى

28. (آنقره) عربى گيرمانيەدەكى
آمريقا بلس قوماندانى گنرال كيلاى ايش
دن قالدورولوب، اوننڭ اورنيغا گنرال
ويب.ابر بلگولەندى. انظارچيلارنڭ اية
قانيغا قاراغاندا، بو آلماشتوروش بير
سياسى اوزگوروشنڭ علامتى ديبلمكدەدور.

*—*(**×**)*—*

## پاكستان بودجتى بلگولەندى

28. (نقره) بوگون مسلمان دو
لتى پاكستاننڭ بودجتينى ماليه وزيرى
غلام محمد مالك مجلسيگه تقديم قيل
دى. بر آيلق كريم بير ميليارت 900
مليون روپيه، چيقم بير ميليارت 600
مليون كورسەتيلدى. خلق اوستيدن
يغمش، اوتياش و دوكان باجلارى يوق
ايتيلدى. سرتقا چيقادورغان مال باجى
يوزده اون آزايتيلدى. سرتدن كرەدور
غان مال باجى يوزده 80 كوپەيتيلدى.
معاش يوزده 20 آرتدورولدى. مدا
فعه بودجتى آرتدورولدى. اگر هندس
تان ايلە، مناسبت ايشەنچيگه لايق
ياخشيلانسا آزايتيلغوسى.

(××*) (*××)

## مصر - يهودى توختامينڭ اجراسى

(كابول 28- فيورال) آوستريه
صلحيى مذاكره قيلغان 4 لەر مجليسى
هيچ بير نتيجه برمەدى. يهوديلەر مصر
ايله امضالاغان سوقوش توختاتش معا
هدەسى بويچه جنوبى فلسطيننى بو
شاندى. بوننڭ برابرنده مصر عسكرى
فالوجه ديگەن جاينى يهوديلەرگه تاپشور
دى.

***)(***

## سيامدا

(لوندون 28- فيورال) سيامدا
كى اغتشاشچيلارنڭ ليدەرلەريدن ايكى
كشينى حكومت قاماققا الدى و اغتشاش
چيلارنى تكشوروش و محاكمه قيلش
اوچون بير فوق العاده هيئت تشكيل
قيلندى.

## دانيماركانڭ حاضرلقى

(لوندون 28- فيورال) دانيماركا
ملت مجلسى آتلانتيك بيرالك دولتلەرى
گه ياردم بريشنى قرارقيلدى. بوقراردانيه
ماركانڭ بيرلكيگەكريشگه حاضرلقى ايمش.

+++)(+++

## ادلترەدە كومونيستلاردن نامزدلەر

(لوندون 28- فيورال) انگليزكو
مونيست فرقەسى ايكى كوننڭ برقورولتاى
نتيجەسيدە ملت مجلسيگەنامزدلەرينى سايلاب
چيقدى بو نامزدلەرنڭ سانى 13 كشيدور.

# اق زامباقلار مملكتيده

№9

## فوتبول

ناپاليون فرانسوز تختيگه چققاندىن
كيين آوروپادا سوقوش توختامادى. نا
پاليون توختاماى بوتون آوروپا دولتله
رى بلەن سوقوشار. فقط الك باللور
انگلترەنى مغلوب قيلماقچى بولار ايـ
دى. باشقا طرفدىن انگلتره هم ناپاليون
نى تختيدىن توشورمەك اوچون هر قاذ
داق چارەنى قيلب باقار ايدى.

ناپاليون روسيەنى هم سوقوش
بلەن قورقوتدى. فرانسوزلار بلەن بر
سوقوش بولوب قالار ديگەن انديشه
بلەن روسيه 1808نجى ييلى ايسوبيچ
بلەن بولوب ياتقان سوقوشينى توختاد
دى. روسيه بلەن فرانسا آراسيدا مش
هور قورقونچلق سوقوش باشلادى. نا
پاليون ييگرمه ملتنىك كوچ قوتينى توپ
لاب اوستيگه يوردى. مسكواغا قدر
ايلگريلەدى. فقط بو يرده مغلوب بول
دى، باشى، روس ملتينىك قلبيده پار
چالاندى.

قوتسز و عاجز بر حالدا فرانسا
غا قايتدى. اسكى شركت و قدرتينى
قايتا قولغا كلتوروشكه تيريشدى. فقط
بو قاتيم انگليزلەر بوتون آوروپانى نا
پاليوننىك اوستيگه آياقلاندوروب بوتوذ
لەى ايزيب تدى. اسيرتوشكەن ناپاليون سا
نت هلن آراليغا موكوب قوتولدى.

ناپاليوننىك سوقوشلاريدىن توبوب
كتكەن آوروپا ملتلەرى بو عاقبتكەخوش
بولدى، انگلترەنىك اگيلمەس و پوكول
مەس قدرتيگه حيران قالدى. اولار هم
انگليزلەرنى دوراماقچى بولدى. انگليز
لەرنىك هر قانداق نەرسەسى مودا بو
لوب كتدى.

فقط كيچك باللارنىك و كمالتكه يتـ
مەگەن باشلارنىك بعضيلەرى تقليد قيلـ
غاندا كوبراق انگليزلەرنىك يامان طرفلە
رينى و كامچياق برلەرينى آلشلارى و
مثلا تماكو چيكشكه، عراق ايچشكه
باشلاشلارى بوغان اواز بلەن قوپال
سوزلەرنى سوزلەشلەرى كبى تخى حرذ
ـدا يالى و عرفاندا يتشمەگەن ملتلەر
هم انگليز حياتينىك كولونج و حتى زياذ
لق قسملەرينى آليشقا باشلادى. اولار
انگليز حياتينىك يامان بر كوپيەچيسى
بولدى.

بايلار و وقتى حالى ياخشى بول
غانلار، بەيگيلەر اوچون انگليزلەردەك
آداماى پول چاچيشقا، سودا بلەن ويسـ
كى ايچشكه، انگليز موداسيغا كوره
كييم كييشكه، ساقال بوروتنى آلدوروش
قا و ساچ تاراشقا باشلادى. ياشلار او
زينى انگليز سپورلاريغا و بولارنىك الك
قوپالى بولغان فوتبولغا بريب آتدى.
تخى اوقوشلارينى توگەتمەگەن آوروپ
باشلارى آراسيدا فوتبول عادتا بر دين
بولدى. بوتون مملكتلەرنىك ميگلارچه
باى باللارى بونى بر عادت شكليگه
سالدى. بونىن ذوق آلغوچيلار فوت
بولنى بر علم، بر صنعت حاليغا كلـ
توردى.

بازارداكى خلقنى هيجانلاندوروش
بلەن كون اوتكوزگوچى، ميگەلەرى بوش
و نادان بعضى غزتەچيلەر ياشلارنىك بو
كسليگه محكم آسيلب اليب، اونى دسـ
مايه قيلشقا باشلادى. فوتبول اوچون
آيريم ستونلار آچيب «سيغير پاچاغى»
دەك كوچلك پاچاقلارنىك معزيتلەريدىن او
زون - اوزون بحث قيلشقا باشـلا
دى.

سنلمان زمانيدا فينلانداداعيني اح
وال يوز برگەن ايدى. او چاغدا فين
باشلارى بر ايشقا فكرينى ايشلەتشنى
بيلمەس ايدى. جدى حسابلانادورغان
فكرلەر بلەن كارى يوق ايدى. فينلاذ
دا روسيەگه قوشولغاندىن كيين بو بر
ده ايسوبچاكلەرگه قارشى ملى انتقام
ساقلاش، اولار بلەن مجادله قيلش حسـ
لەرى توغولدى. فقط بوش و فكرسز
فين ياشلارى اوزلەرينى بوتونلەى فوت
بولغا بريب آتدى. معنوى بر كيسلگه
اوخشاش بوتون شهر باشلارينى استلا
قيلدى. چوگراق ييزالارغا هم تاثير
قيلشقا باشلادى.

فوتبول بتون بر نسلنىك فكرينى و
حسلەرينى اوز اسارتى آستيغا الغان بر
مانيا (كسل) بولغان ايدى. فوتبول ميـ
دانلارى و جمعيتلەرى، عاجز بر وجود
داكى ميكروبلار و ياكه سازلقداكى ياشـ
شالارغا اوخشاش بارغانسارى كوپەيـ
دى.

سنلمان بلەن دوستلارى ياشلاردا
قوتلك ديماقلارنىك اورنيغا ساغلام ماذ
دا (سو كالاسى) پوتلارينىك قائم بولو
شيغا راضى بولمادى. اولار، بوتون بر
نسلنىك فكرده يالاگماچ قالشيغا چيدالما
دى. فينلەرنى معنوى ياقدىن اويغاتماق،
حرث جهتيدىن يوكسەلدورمەك ايستەگەن
وطن پرولەر:

- قوللارى، پوتلارى بونداق قوز
پال قهرمانلاردىن نيمه چيقادور؟ وطنى
آلغا باستوروشدا بولارنىك قانداق خذ
متى تگەر؟ ديبر- بريدىن سوراشقا باش
لادى.

سنلمان اوز وقتيده اسپانيادا بر
بولوم كشيلەرنىك خيالى رومانلارنى او
قا - اوقا شواليه (آصلزاده) لەرنى دو
راشقا كريەب كولونج بر حالغا قالغانلق
لارينى و سروانتس بولارنى مشهور
دون كشوت رومانيدا تخيمو كولونج بر
صورتده تصويرلەگەنلكينى خاطرلەتدى.
سنلمان و دوستلارى دەر ايديكه:

«بر بولوم ياشلارنىك بونداق بر
ساراكدەك يازيلغان سر سرى رومانلا
رينى اوقوشقا اوروتوشلارى، بوش تاكى
راغالى بولادورغان اهميتسز بر نەرسه
ايمەس ايكەنكه، اسپانيانىك بويوك داهيـ
سى بونى رومانيغا موضوع قيلب قويـ
غان و بو كسل بلەن كوروشوشده مجـ
بور بولغاندور».

سروانتس بوتون اوقوغوچيلارينىك
بونداق سرگذشت رومانلاريغا توشكون
بولوشينىك فكرسزلككه علامت ايكەنلكيـ
نى كورگەن. او چاغدا اسپانيوللار آر
قادا قالغان وطنلەريده حياتنى توزەش
نى ملتنى اقتصاددا، جمعيتده و معارفـ
دا يوكسەلتش اوچون جدى چارەلەر
نى تاپيشنى اويلاماس ايدى.

دوامى بار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تلده، اشده، فکرده، برلك !

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

4 جمادی الاول ١٣٦٨ ه

# أرك

مدیر: عیسى الب تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

4 مارت 1949 ییل

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

248 جمعه قیمتی: ایلقی - شهرگه 15000000 اولکه دوللاری

## ارکینلکنك چکی بولامدور؟

حاضرچه بو سو'النی اورتاغا تاش
نك لزومی یوق ایدی. خلقچیلق'
لك دیگەنگه اوخشاش یورتداش
لاریدن بری بولغان بو „أرکینلك“
لاردا کوپ ایتیلدی. کوبلەگەن نطق
مزغا، ساناقسز مقالەلەریمزگه موضوع
ب کلدی. حالبوکه „ارکینلك“ نك
ی هنوز یورتداشلاریمزغا قاراڭغو
البته، بیر نەرسەنڭ چکینی بیل
اوچون اونڭ ایچیده بولماق لازم
.

فقط، بعضی اندیشەلەر یوزەسیدن
مسئلەنی قوزغاب قویوشنی ضررسز
ەدوق. یگرمه ییل قدر قسقا بیر
ح ایچیده برمونچه اوزگورشلەرگه
ه بولوب کلگەن یورتیمزنڭ، هردور
هر تورلك حاکمیتنڭ توشەنچەسینی
وسینی اوزلەشتوروشکه زورلانغان
مزنڭ ملی حقلەریغه اوخشاش بو
ی حقی‌نڭ آیاق آستی بولوب کت
کی اوچون قایغورماق، هر یورت
ك مقدس بورچیدور.

رادی بزده ارکینلك بارمو؟
تاریخدا بیر قانچەلاغان ملتلەرنڭ
ا، استبدادقا قارشی کورەشکەنلکی
ورەمز. هر ملت زماننڭ شراعطیه
وره، گواهی مادی کوچی بلەن گوا
معنوی بارلقی بلەن مجادله صفیگه
ی. بو یولدا بیر مونچەسی غا
بیر قانچەسی مغلوب بولدی. واق
لارنڭ مدعاسی نیمه ایدی؟ بیر
بلەن ایفاده قیلایلی،
ارکینلك!

أوت! اولارنڭ بیردن بیر أملی، یت
ایستەگەن منزلی ارکینلك ایدی.
متانقق هم بو یولدا کورەشدی.
ما بوتون موجودیتی بلەن ارکینه
لکنی دعوا قیلیب کلدی. بوگون هم
شو یاسقوچدادور. او حالدا، ارکینلك
بزنڭ مدعامزدور!

هر یاشاب یاتقان بعضی ملتلەربلەن
اوزیمزنڭ بوگونکی وضعیتیمزنی سالشتور
ساق، بونی بیلیب آلامز. اگر بوگون
بیرسی ارکینلککه یتکەنلکیمزگه قناعت
کلتورسه وارکینلك یولیداکی حرکتیمزگه،
سوزیمزگه بیر چك قویماق ایستەسه،
الڭ سوگغی ملی دعوامزنڭ حل بولغان
لقینی ایلگری سورگەن بولادور.

حالبوکه، ملتیمز بو کونلەرده، اون
داق قناعتنی و غایه یولیغا قویولغان
توسانی قبول قیلمایدور. بوگون هر
یورتداش اورتاغا تاشلانغان هر تشبث
نڭ فائده زیانینی حس قیلشدا، قیلنغان
بیر آغز سوزنڭ توغرا یاکه خطا، هی
له یاکه حقیقت ایکەنلکینی فرق قیلش
دا هیچ نەرسەگه مراجعت قیلمایدور و
اوزینڭ ملاحظەسیگه قاراب یا ارگەشه
دور و یاکه یراقلاشادور.

یاقین تاریخدن بیری خلق طرفی
دن آلقشلانغان، قبول قیلنغان بعضی
حرکت و بعضی سوزلەر بولونغانیغا
اوخشاش، خلقنڭ نفرتینی قازانغان و
خلقنی اوزیدن یراقلاشتوروب قویغان
تشبث و لافلارنڭ بولوب کلگەنلکینی
انکار قیلا آلمایمز. یورتدا بولغان هر
یاڭیلق، یورتقا عائد سوزلەنگەن هرتور
لك سوزحقیده ملاحظه یورگوزوش هر
یورتداشنڭ انسانی حقی. بولوبمو جه
میت بلەن باشدن آیاق باغلانغان بیر
مطبوعات بونداق وقتلەرده سکوت قیلا
آلمایدور. مطبوعاتنڭ افکار عامەنڭ تر
جمانی ایکەنلکینی هیچ قاچان اونوتماس
لقیمز کیرەك!

غزتەمز قورولوش تاریخیدن باش
لاب، الڭ آلغا سورگەن پرنسپی خلقدن
اوزاقلاشماسلقدور. چونکه خلق غزته
سیدور. کریم منبعیمز خلق، الهام منب
عیمز هم ینه خلق قاینامیدور. شونڭ
اوچون، افکار عامەگه ترجمانلق وظیفه
مزنی قیلشدا هیچ نەرسەدن چیکنمەدوق
و هرگیز چیکنمەك ایستەمەیمز.

بوگون خلق منفعتی، یورتنڭ تنج
لقی خلق سعادتی نامیغا بیرمونچەسوز
لەر سوزلەنشکه، بیرمونچه پلانلار حا
ضرلانشقا باشلادی. شونڭ اوچون غز
تەمز، اوز وظیفەسینڭ ینه بیر قدراغیر
لاشقانلقیدن شرف تویماقدا ایدی.

فقط، 23نجی فیورالدا حکومت
رئیسی طرفیدن „یالقین“ غزته خانه
سینڭ مهورلەنیشی، شهر اهالیسینی هی
جانغا سالغانیدەك، بزنی هم آللا قانـ
داق اندیشەلەرگه سالیب یاتادور. بو انـ
دیشه هم عمومنڭ فکرلەریگه توغرا
یاکه یاڭلش ترجمانلق قیلش مسئله
سی.....

„یالقین“ غزته خانەسینڭ مهورله
نیشیگه سبب بولغان مسئله، اونڭ شو
کونکی باش مقالەسی (کوچا سیاستی،
28- فیورال“ ) ایمش. بو مقالەده
نه حکومتکه حقارت قیلغان، نه حکو
مت اربابلارینڭ شخصیتیگه قارا یوقتور
غان و نەده بوگونکی رفورم حاضرلق
لاریغا هجوم قیلغان بیر عنصر کوره
مز. بو مقالەده ایلگری سورولگەن اسا
سی نقطه، کوننڭ موضوعی بولغان توق
لق حیات مسئلەسیدور. زانا، بوگون
حکومت هم بو مسئلەنی آڭلاغان، خلق
نڭ حیاتینی قوغداش مقصدی بلەن
تورلك چارەلەرگه باش اوروب یاتقان
زج—ارت شرطنامەلەری توزوشکـــه
باشلاغـــان ایـــن یرده.

آیاغی 2. بتده

# اچیق مکتوب

## ساین أرك غزتەسی یازوچیلق بولومیگە:

یالقین غزتەسنی سویملك و اونمەلك یازولاری بلەن بزنك، بلکە بەتون اولکە تورکلك دنیاسیننك جان اوزوقلارینی قامداب، مطبوعاتقا بولغان سوسز لقلارینی قاندەروب و توغری یولیوروقلار کورسەتب کلمکدە ایدی.

نیمەدندور، بیلە المادوق؟! بیر ایکی کوندن بیری یوز کوروشە المادوق! اوزلکیدن یعنی اقتصادی یاغیدن قینالب توختاغان بولسا، یورتداشلار بیرلەشب بونگا بیر چارە کورسەتك. یوق، بەر یاقدن توختاتیلغان بولسا، بوننك توپ سببلەرینی اورگەنسەك بزچە، ارقادا بونی توختاتشقا انیق و اچیق بەر سبب هم یوقدور. هەمدە کورە المادوق. شو حالدا بو، مطبوعات ارکینلکیگە توسقونلق بولوب چقڨان بیر نەرسە بولوب یورمەسون!

امدی، سوگیلی «ارك» غزتەسی یورتداشلارننك جان اوزوقلارینی یەنە هم قامداغان، هەمدە غزتەچیلك یاغیدا توروب «یالقین» یولداشیغا خدمت یولیدا بولوشقان بولوب کوندەلك قیلب چیقاریلسا دیب کوتەمز.

قالدی سایغیلار ایلە:

**اوقوغوچیلار یگزدن: مسعود صبری**

# جواب

## ساین اوستاد مسعود بك صبری اولوغلاریغا!

«یالقین» غزتەسیننك توختالب قالیشی بلەن نە قدر «چینغانلقلارینی اڭلاب»، سوك درجە متاثیر بولدوق. جنابلاریننك هر یردە، هر زمان ملی مطبوعاتقا بو قدر یاقین بیر علاقە کورسەتیشلەریدن چکسز بیر شرف تویماقدامز. «یالقین»نك توختاتیلیشیغا دائر اساسلق بیر سبب تاپا الماغانلقیمز اوچون بو حقدەکی اعمالکارلقیمزنی کچوریشلەرینی اوتونەمز.

مطبوعات عالمیدەکی بو بوشلقنی «ارك» غزتەسینی کوندەلك قیلب چیقاریش بلەن تولدوروشیمز لازم ایدی. بیر یاقدن اقتصادی قیینچیلقیمز، یەنە بیر یاقدن اوزوندن بیری توختاب قالغان «التای» مجموعەسینی نشر قیلشقا کریشکەنلکیمزدن، بو یوکسەك املیمزگە ایریشا المای یاتماقدامز. هر حالدا، یاقین بیر زمان ایچیدە «ارك»نی کوندەلك قیلب چیقاریب، جنابلاریننك تکلیفلەرینی یرینگە یەتکوزوش بلەن، شرف و سیوینچ تویا چاقمز.

سایغی ایلە:

**أرك یازوچیلاری.**

---

(باشی 1 - بەتدە)

«یالقین» یازادورکە:

«... خلقننك قورساقی سیاسی نطق بلەن تویمایدور.»

«... عادتدەکی سیاسی فلسفەلەر ایلە خلقنی قناعتلەندوروش ممکین ایمەس. بوگون اولکەمزگە او بزکتیف بیر سیاست لازم. اونی بیر آغیز سوز ایلە ایفادە قیلش لازم کلسە، او شودور: «خلقننك قورساغینی تویغوزوش! قوشنالاریمزغا حرمت قیلش و اولارننك حرمتیگە ایگە بولوش! مانا خلقیمزگە، دولتیمزگە و یورتیمزغا فائدا کلتورە دورغان حقیقی و اوبزکتیف سیاست بودور.»

عادتدە بیر حکومت اربابیننك آغزیدن چیقشقا تیگشلك بولغان بو سوزلەر کیمگە یاقمایدور؟ اگر بو سوز رسمی بیر دائرە طرفیدن نشر قیلنغان بولسا ایدی، قانچەلك قیمتکە و حرمتکە ایگە بولار ایدی؟ محترم گنرال جاڭ جی جوڭ جنابلاریننك برگەن نطقلاری، یازغان یازولاری تکرارلانب تورشقا ارزیدورکە، دائما تورکستانلقننك بخت سعادتینی تامین قیلشنی ایلگری سورەر ایدی. محترم گنرالننك اڭ دستلەبکی تشبثی تنجلق بولدی. تنجلق اورنانیلغاندن کیین ایلك قدمی تورکستانلقننك حیاتینی یاخشیلاش ساحەسیگە آتدی. یاریم ییل دیگیدەك بعضی آغیر باجلارنی یینکلەتدی. یولی کلگەندە ایچکریدن قورولوش و سو مهندسلەرینی تکلیف قیلدی. بوگون هم چین - سا وەت، تورکستان - ساوەت تجارت توختاملارینی توزەشدە بویوك رول اوینا یانقانلقینی آژانسلار خبر قیلب توروبدور- بوگونکی حکومتیمزننك قوللا نشی اوچون توغرا بیر خط حرکتنی بلگولەب برگوچی، اجرا بولسون، بولماسون آغیزلاردا بیر «اوران» ماهیتینی الغان اساسی پرنسپلەرنی اورتاغا آتقوچی بو محترم ذات هیچ قاچان خلقننك بخت سعادتینی سیاستکە باغلامادی. چونکە، تورکستانلقنی فقیرلەشتورگەن، قولیدن بار یوقینی آجراتقان، نهایت فانلق عاقبتلەرگە سوروگەن عامللارننك اڭ چوڭی سیاست ایکەنلگینی بیلگوچیلەردن ایدی!

بوگون اولکە حکومتی مالیەدە بیر اصلاحاتدا، ایکین - تکین دە زور بیر تشبثاتدا بولوب توروب، نیمە اوچون خلقننك حیات مسئلەسینی قوزغاغان بیر سوزگە سیمپاتی کورستمەیدور! عجبا؟! «یالقین» خلقننك کوتکەنی سیاست ایمەس، نوقچولوق دەیدور. تورپاندن اوچ میڭ دانە سیاست ورقەسی ایمەس اوچ میڭ دانە آشلق تیلەگینی یازیب دور. حکومت، بوڭا جواب قایتورا الماسمو ایدی؟ تورپانلقلارننك طلبی بویچە بو آشلقنی قرض برمەکچی بولغانلقینی، آرا تورك حاکمی چارواچیلار اوچون قرض سوراغانیدا، بو ییل تورکستان چارواچیلاریغا بریلەدورغان قرض پولیدن آرا تورك ناحیەسیگە یەترلك مقداردا بریشنی تصدیقلاغانلقینی خبردار بولغوچیلار بلەن، خلقننك حیاتی مسئلەلەردە اوز لاقیدا بیر باش اوروب اولتورغان دهقان چاروا غا قرض پولی تارقاتش اوچون تورغان اولکە حکومتی، «یالقین» خلق حیاتیغا دائر فکرلەرینی فار[ق]... مجبور بیتیدەدور.

تورلك چرایلق شعارلار [ا]... خلقننك معنویاتینی مشغول قیلما[ق]... غان بیر تورکوم کوزی کور... قالوقلاری اوستیدە بیر قور... یورگوزگەن «یالقین» غزتەسی... بولارغا خلقننك قانداق قارای... نی و بوگون حیات مسئلەسی ... موضوع تورغانی حالدا سیاسی... لەرننك آچ و یالاڭاچ خلق کتل... فیدن قانداق قارشیلاناورغانلقی... بازاردائی بیر ایکی کاسیبننك... بلەن گەودەلەنەدور.

بوندن باشقا یورتیمزدا ... چیلك»، «ساوەت وخطای دوس... جریانیننك یوقلقینی ادعا قیلا... حقلقدور، بونداق بیر جریان... غانیدەك، بو جریانننك بولو... هیچ کیم ایستەمەس. او حال... روق تهمتلەرنی آغیزدن شول... نی آققوزوب، اوەول کلگەن ... یوروشدن نیمە معنا و نیمە ... قار؟ شبهەسزکە، بونداق تهم... قتدە یاغی - یاغی گروهلارن... آرا قارشیلقلارنی توغدوروب ... باشقا بزگە هیچ بیر خدمت ... آلماس!

خلقنی ازگەن، خلق اوستیا... بیلگەنیچە قامچا اوینتقان بیر... متعصب جنوب مأمورلاریننك دا... چیلق»، «دولت بوتونلکی»... نی تکرارلاب یورگەنلکلەرینی... استبدادقا الهام بولوب برگەن... لەرننك، سیاسی غرضلەرگە هم... تشینی هیچ کیم تیلەمەس. «... نی، «دولت سیوەرلك» نی... چیگە بیر عشق کبی اورنانلا... گنە یول بار. او بولسا هم ... «یالقین» هم شونی ایلگری... چیدور. اونگەن بیر یاریم ... خلق، بو تورلك «استیلا ا... بلەن اولکەلك حکومتننك هیچ ...

آیاغی 3- بەتدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قەسى يوق ايكەنلكينى آڭلاغان ايـ
دى. بوگون هم ، « يالقين » نڭ باش
مقالەسينى اوقوغان اوقوغوچى بو كوز
بلەن قاراشدا هيچ كچيكمەس. بو مقا
لەدە نە ملتلەر اتفاقينى بوزادورغان ،
بير جملە ، و نە تورلك شعارلار آستيـ
دا آرا بوزوشقا اورونوب يانقان عنصر
لەرگە يانياسقان بير كلمە كوزگە چاليقـ
ماس. شونڭ اوچون « اتفاق » نى
آساسى پرەنسيپى قيلب يانقان اولكە
حكومتينڭ بونى قارشيلايدورغانلقيغا
دائر قاعتلەردە بيز هم اورناقمز .

بوگون هر قانداق بير كلمەگە ، هر
تورلك معنا بريلب يانقانيدەك « ار
كينلك » نى هم شخصى غايە يوليدا
استعمال قيلغوچيلار و بو « اركينلك
كە » شخصى نقطە نظريدن معنا بر
مەكچى بولغانلار يوق ايمەس. اصلى
موضوعيمزغا كوچەيلى ! « اركينلك »
نڭ چيكى باردور ! يورتومزدا بونڭ
چكينى خلقنڭ توشەنچەسى خلقنڭ كوذ
كەن غايەسى بلگولەيدور. اركينلك بيز
دە اورناق بير معناغا اورناق بير استعـ
مالغا ايگە بولوشى لازم . اوەت ! حديـ
دن آشيب كتكەن سوز و حركتلەرگە
چەك قويايلى ! بونڭ بلەن ، معلوم بير
صنف ويا معلوم بير گروهنڭ غايەسيگە
خدمت قيلشدن چيقسون ! « اركينلك »
ديگەن بير شعار آرقاسيدا ، ملتنڭ معـ
نوى ويا كە مادى بارلقينى ، شخصى و
ياكە صنفى غايەسى اوچون قربان قيلغو
چيلارغا ، تورلك اتهام ، تورلك بدناملار
بلەن آراغا بولگونچيلك سالماقچى
بولغانلارغا ، امكان قالماغان بولـ
سون ! « اركينلك » خلق توشەنچەسيـ
گە ، خلق فائداسيغا قوللانيلسون !
زاتا خلقيمزنڭ « اركينلك » دن كوتكەنى
بوندن باشقا بير نرسە ايمەس.

هر قانداق بير سوز و هر قانداق
بير حركت ، خلقنڭ توشەنچەسيگە ، خلق
نڭ طلبيگە اويغون بولماسدن ، معلوم
بير شخصنڭ كيفيگە كورە يورگوزولسە
سوز و حركتدە بير شخصنڭ ملاحظە
سيگە « كوزوم قارو » ارگەشيشكە مجـ
بور قيلنسا ، او « اركينلك » بولا
الماس. بونڭ تاريخقا كچكەن اسمى ،
استبداد دور .

(تمام)

# اچكى تاشقى خبرلەر

## راديو خبرلەرى

### مجلس حاضرلقلارى

( لوندون 1 ـ مارت ) چين كابينە
سينڭ رئيسى سونكو و باشقا بيوك
دولت اربابلارى نانكينددا موقت جمهور
رئيسى لى زوڭ رين بلەن كامونستلار
بلەن تنجلق مجلسى آچيش توغراسيد
كى مسئلەلەرنى مذاكرە قيلشقا كريشدى.
بو مجلسدە اوشبو آيدا آچيلادورغان
مجلسنڭ بوتون چارەلەرى كورولمەكچى.
غيرى رسمى وكيللەردن لى زوڭ رين
نڭ خصوصى وكيلى شاوليزى موزيـ
دونڭ اوزون بير مكتوبينى الغاچ
كلگەن .

كامونستلار راديوسى غنوار ايچيـ
دە كامونست عسكرلەرينڭ 770 شهر
و كنتينى باسيب آلغانلقينى و 250
مڭ حكومت عسكرينى تارمار كلتوروب
كوپينى اوزىگە قوشوب آلغانلقينى بيلـ
دوردى .

+++)(+++

## مذاكرەگە حاضر ممكين ايمەس ايكەن

( آنقره 1 ـ مارت ) هوللاندانڭ
لاهايدا ايندونيزيا مسئلەسى حقيدە آچـ
ماقچى بولغان مجلسيگە رئيس جمهور
عبدالرحيم سوكارنو باشلق جمهوريت
بيوكلەرينى تكليف قيلغان . بولار بو
تكليفنى رد قيلدى و اوچ آيدن بيرى
اولارنى بير آرالدا اسيرگە اوخشاش
قاماب قويغان هوللانداذن ايندونيزيا او
چون هيچ بير ياخشيلق اميد قيلماغا
نلقلارينى و هوللاندا بلەن مذاكرە
قيلش فقط اونڭ ايندونيزيا جمهوريتيـ
نى مستقيل بير دولت تونوب بوتون
عسكرى و ملكى آدملەرينى آليب چيـ
قيب كتكەندن كيين ممكين بولوشينى
بيلدوردى .

( آنقره 2 ـ مارت ) بيرلەشكەن
ملتلەر قورومينڭ ايندونيزيا كوميسيونى
تنجلق مجلسيگە هوللاندانڭ ايندونيزيا
دائى حركتلەريدن شكايت قيلب راپور
يازدى. بو راپوردا هوللاندنڭ ايندو
نيزيادا قيلب تورغان بوزوقلقلارينى
تنجلق مجلسينڭ بويروقلاريغا تماما قار
شى دەب اتهام قيلدى .

## متاركە مذاكرەسى

( آنقره 1 ـ مارت ) يهودى دو
لتى بلەن لبنان دولتى آراسيداكى متار
كە مذاكرەسى چيگارادا بير قيشلاقدا
باشلادى. فالوجەنى يهوديلار قوليغا ال
دى . بو شهردن 2000 عرب كوچوب
كتيشكە قرار بردى. بولارنى يهودى ما
شينالارى عرب منطقەسيگە كوچوروب
قويوشنى بوينيغا آلدى .

( آنقره 2 ـ مارت ) گنرال رايلى
لبنان و اوردوننڭ يهوديلار بلەن متاركە
مذاكرەسيگە قاتناشماق اوچون لبنانغا
كتدى .

## اتلانتيك بيرلكى

( آنقر 3 ـ مارت ) نورويج حكو
متى آتلانتيك بيرلكيگە كريشنى قرار
بردى و ساويت حكومتينڭ تكليفيگە
بره دورغان جوابينى چهارشنبە كونى
بره دورغانلقى سوزلەنمەكدە دور. دانيـ
مارقا حكومتيمو قاتناشماقچا قرار بردى.
اسويج حكومتى اوزوندن بيرى دوام
قيلدورغان طرفسزلكيدە قالماقچيدور.

آتلانتيك بيرلك لايحەسينڭ ياقيندا
آمريكا عيان مجلسيدە تصديق قيلنشيـ
نى مجلس اعضالاريدن بيرى سوز
لەدى .

## بير كامونستنڭ تشويقى

( آنقره 3 ـ مارت ) شرقى آلمانيە
كامونست پارتيەسينڭ باشلقى تونوگوى
برليندە سوزلەگەن سوزيدە سوقوش
چيقسا ساويت عسكرلەرينى قارشى
آليشنى و ساويت عسكرلەريگە هيچ
بير قوەتنڭ قارشى تورالماسلقينى
سوزلەدى .

# اق زامباقلار مملكتيده

№10

## فوتبول

بو خصوصدا اسپانيه ـــ وللار بالا ؟ خاچدور. چونكه اولار بو ساحەدە نەفكر نه حس و نەدە ارادەلەرى بلەن ايشلەش نى خواهلاماس ايدى. كوبلەگەن انسان لار، كونلەرچە آيلارچە و يللارچە خيالى سرگذشتلەر بلەن تولغان رومانلار نى اوقار و بونك بلەن بىر نەرسە قيلامز دب اويلاشار ايدى.

مملكتده بولسا حرث ايشچيلارى ذوق ايدى. ملتنك فكرى اوخلاب ياتا دور. جهالت آرتب بارادور. بونك بلەن برابر بوزوقلق و فقيرلق كوپەيب دولتنك قوتى آزايب، اخلاقى، فكرى و اقتصادى حياتى كسادلاشب بارادور. ملتنى اويغاتشقا مسئول بولغان و اوندن بوندن بىر نەرسەلەر اورگەنگەن كشيلەر بولسا نيمه بلەن مشغوللانب ياتادور؟ اولار خيالى سرگذشتلەرنى اوقا ـ اوقا مست بولوب كتكەن ايدى. سنلمان اوز ـ اوزيگە دەر ايدى:

ـ داهى يازوچيلارنك اهميتينى بزنك خلق تخى بيله آلماس. شو زماندا بز هم حياتنك كولونچ طرفلەرينى كوچلك تصويرلەگوچى بىر سروانتس؛ جوجەكلەردن بحث قيلغوچى سيويفت يتشتوريشيمز لازم. جرجەك روحلق انسانلارنك عادى پولیتيكا ديدبقودبلارينى خام فكرلەرينى تصويرلەگوچى برسى چيقيشى لازم. سنلمان و آرقاداشلارى اويلاندى و ديدى:

ـ بزنك اونداق سروانتسقا اوخشاش بىر داهيمز يوق. بز سويفتدەك بىر محرر هم بولا آلمايمز. فقط عقليمزنك ايشلەشيچە و كوچيمزنك يتشيچە اولار قيلغان بويوك ايشلەرنى قيلاآلامز. وەبا، خايرا و بەزگەك ميكروبلارينى كوز بلەن كورگلى بولماس. بولار بك كيچك بولغانى حالدا بوتونبير اولكەنى قورقوتار. ملتكه و جمعيتكه يوقوشقان مەنوى ميكروبلارمو بار. اولار بلكه وەبا ميكروبلاريدنمو آرتوق تهلكەلكدور.

فيەلاندا باقانقلق بىر مملكت بول خانلقدن، كيزيك و وەرەم (اوپكه كسلى) نك اوواسى ايدى. اهالى بولارنك برنجيسى (كيزيك) دن فوق العاده عذاب تارتار ايدى. ايكنجيسى (وەرەم) دن بولسا، قريلب توگەب كيتب بارماقدا ايدى. سنلمان زمانيدا بو كسللەرگە قارشى قاتتق بىر كورەش باشلاندى. فقط سنلمان:

ـ بو هم يتمەيدور. بوندن باشقا بزدە بىر فكر وەرەمى، ارادە وەرەمى، روح وەرەمى بار، دەر ايدى. بو روح وەرەمى چالا قويماسدن بوتون ياشلارغا يوققاندور. 5ـ 10ـ 15 ييلدن كيين قـــورغوچى صفتى بلەن عمومى حياتقا كيرەدورغان ياشلارنك معنوى وەرەمدن قريلشينى بوش چاغلاماغز. كورەشمەك لازمدور، سوزلەرينى تكرارلار ايدى.

بىر كون فوتبولچيلارنك بويوك بىر بايرامى بولار ايدى. بويوك بىر فوتبول قلوبينك قورولغانينك 10نجى ييلى قوتلانماقچى ايدى. بو مناسبت بلەن بويوك بىر ملى مسابقه اويوشتورولدى. نطقلار سوزلەش بلەن اوتكوزولەدورغان بيغين، مراسم بلەن باپيلماقچى ايدى. بوتونيغا هر تورلك سپور اعضالارى قاتناشدى. سنلمان هم دوستلارى بلەن برلكده بو يردە حاضر ايدى. اصليدە او، اك بويوك سپور جمعيتلەريدن بيرينك فخرى رئيسى ايدى. سنلمان سوز آليب شونداق باشلادى:

ـ بزنك قيز ياشلارينك سپوربلەن مشغول بولغانينى كوروب سوينەمن. عقلغه موافق بىر صورتده قيلنغان هرتورلك بدن حركتلەرينك اهميتى بك بيوكدور. فلسفەنى بك آرتوق آلغا باستورغان اسكى يونانلقلار، گيمناستيكلەرنى، چاليشلارنى، مسابقەلەرنى و باهقالارنى يوكسەك بىر اورونغا چيقارماغان ايدى. بدن تربيەلەرى وجودنك ساغلقينى و قوتينى آرتدورار. بونك بلەن بدننك قامتى توزولەر، بوروش يـبـكلەشەر وحركت گوزەللەشەر.

شهراكلەرنك پست و كيچك اويلەردە كوب اولتوروش بلەن اوتكوزگەن حياتى وجودنى خراب قيلار. موسكوللارنى كيچكلەشتوروب قويار. قاننى زهرلەر. بوگا يەنه اوزون سورەدورغان تحصيل حياتينى قوشوب باقيگز. بوندن اينچيدە بالالارنك باشيغا، بيللار، اسملەر اولچەملەر و جانسز قانونلار تولدورورلەر.

ـ آلمانيەدە مكتب بالالارينك كوپى كوز آينەك تاقايدور. ديمەككە كوزلەرى بوزولغاندور. بدن توزولوشى قوپال، سوگەكلەرى اگرى، بوگرى، پاچاقلارى اينچيكه. قوللارى عاجز، يوزلەرى آفتاب كورمەگەن اوسوملوكگه اوخشاش، سارىق يوزلك انسانلار بيزالاردن كوب واق شهردە اوچرايدور. كشينك بولارنى بيزالارغا آليب چيقب چيمنلەر ايچيگه قويوب برگوسى، چولك چولك نفس آلدورغوسى كيلەدور.

( دوامى بار )

## اوختوروش

1ـ ادارەمز كوپچولكنك معامله ايشلەريگه آسانلق بولسون اوچون نشريات بولومينى اوزينك تجارت اوبى يانيغا يوتكەدى. بوندن سولك يورتداشلاريمز و باشقا ادارەلەرنك غزته مجموعەلەريمزگه آبونه بولوش كبى تورلى بويروتما ايشلەرى كتابلار، رسالەلەر، كونويرتلەر، تالون اوردبرلەر و ويزت كارتالارى بولسا، معامله قيلورلەر و اوز وقتيده صفتلك اوبدان قيلب بيرەمز.

2ـ يورتيمزنك ياگى اوسوب كيله ياتقان مطبعەچيلك ايشلەريگه ياقيندن ياردەمدە بولامز. بوگا يارلشا، بزدە اك ياخشى صفتلك مطبعه تاشلارى، مطبعه مايلارى شفوگراف اسبابلارى وتورلك مطبعه جهازلارى باردور. ايستەگەنلەرگه تاش مطبعه آياقلارى ياساتب بيرەمز.

3ـ أرك آلسانچيلق اوبى ياقيندن بيرى اوز يانيدا بر كوميسيئون بولومى آچدى. يورتداشلاريمزنك ساتيلادورغان تورلى بويوملارينى آرزان بهالق كوميسيون حقى ايلەن ساتيب بەرەمز و شوسكارى ايشلەرگه واسطەچيلك قيلامز.

معامله اوچون ادرسى: اورومچى جوك جك
نەنار 147نچى نومر • أرك السانچيلق اوبى •

www.uyghurkitap.com

تلده ، اشده ، فكرده ، برلك !

# أرك

مدیر : عیسى الب تكین
باش محرر : م . ا . بوغرا

11 مارت 1949 یل
11 جمادالاول ١٣٦٨ ه

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

عرقیمز تتانسا شركنینك
دینیمز ترتیب
یورتیمز توركستاندور

1949 یل

251 جمعه نرخى : آیلقى - شهرگه 15000000 اولكه دوللارى

## تبریك

( مخصوص مقاله )

3 نجى آینك 4 نجى كونى كچ
ساعت 3 ده اولكه‌لك مركزى تورك
ویغور اویوشماسینك اجرائیه ـ تفتیش
هیئت اعضالارینك دائملق مجلسى آچیل
دى. مجلسده اویوشما رئیسى چینگز
خان اوز خذمتیدن استعفا سورادى.
استعفاسى بیر آغیزدن قبول كورولدى.
رئیس سایلاش حقیده مذاكره بولونوب
نتیجه‌ده ملت پرور عیسى بك آلب
تكن هیئت اعضالارى طرفیدن رئیسلككه
سایلاندى. مجلس تارقلغاندن سونك ،
هیئت رئیاستكه وكالتا اسعدالله داملام ،
ابراهیم خدبردى ، حامد محمودى ، عب
دالرحیم نیبرى ، بانى آخون باشلق
7 ـ 8 آدم عیسى آلب تكین اویگه
باریب تبریكلەب قایتدى.

3 نجى آینك 8 نجى كونى مر
كزى تورك اویغور اویوشماسى هیئت
اعضالارینك نوبتلك مجلسى محمد امین
بوغرانك رئیسلكى آستیدا آچیلدى.
مجلس رئیسى محمد امین بوغرا
» قانئاش و اقتصادى قیینچیلق اورتا
سیدا اویوشمادا كوزگه كورونەرلك بیر
ایش ایشلەنمەسەمو ، اما بونك ایشلەنمەس
لكى چنگزخاندن اوتولگەن عیب ایمەس ،
چنگزخان اوزوندن استعفا سوراب كل
گەن ایدى. اوتكەن نوبتده‌كى مجلسده
اونك استعفاسینى كوپچیلك قبول قیل
دى. رئیس سایلاش 2 تورلى اصول
ایله بولادور : برى هیئت اعضالارى طر
فیدن سایلاش ، یانا برى خلق یغینى
آچیب بوتون خلق آلدیدا سایلاش.
2 نجى اصول قانوندن براغراق ، چونكه
كه خلق طرفیدن سایلاش لازم كلسه ،
بو اویوشما اولكه‌لك اویوشما بولغانلق
دن بوتون اولكه خلقى طرفیدن یاكى

شولارنك وكیللەرى آلدیدا سایلاشقا
توغرى كیله‌دور. برنجى اصول یعنى
هیئت اعضالارى طرفیدن سایلاش بو
قانونغا اویغون اصولدور. هیئت اعضا



لارى شوندان حقوقغا ایگه. رئیس
استعفا قیلغاندا ، اونك اورنیغا معاون
رئیس كیله‌دور. اوتكەن نوبت همه بر
آغیزدن عیسى بك افندینى رئیسلككه
سایلادى. بوگونكى مجلس عیسى افندى
نى قارشیلاماق و معاون رئیسلەر سای
لاب آلماقدن عبارت.

عیسى بك آلب تكیننى همه آدم
بیله‌دور. اونك رئیسلككه سایلانغانینك
اولكه‌گه بولادورغان تأثیرى زور دور.
شعبه اویوشمالارنك مركزى اویوشماغا
بولغان حرمتینك ارتوشیگه سبب بو
لادور. عیسى بك آلب تكین هر قاد
داق چونك آدملەر ایله دیشیب عهده‌سی
دن چقا لادورغان بیر زاتدور.

شونك اوچون عیسى بك آلب ـ
تكین اویوشما باشیدا تورغاندا ، اط
راف شعبه اویوشما ایشلەرینك یولغا
قویولوشیغا و اویوشما اورنینك بو
قارى كوتورولوشیگه بیوك تأثیر بولا
دور » دیگەن مضمونیدا سوزینى سوز
لەب بولغاندن سونك ، یانى رئیس عی
سى بك آلب تكین سوزگه باشلاب ـ
» اوتكەن كون اسعدالله داملام باشلق
بیر قانچه نفر هیئت اعضالارى بو خبر
نى منگا ایتیب بردى. اسعدالله داملام
كیچیك بولسا هم خلقنك باشقى نیتى
ایكەن ، شونى قبول قیلماغز دیدى.
من بیرلەرینك منگا بولگەن بو اورنلارى
نى اوز بویوم اولكه رئیسلكى موقعی
دن هم اوستون توتامن. بو خلق طر
فیدن بولغان بیر ایش دیدم. اویوشما
رئیسلكى كیچیك ایش ایمەس. توركستان
خلقیدا كوچلكینى تشكیل قیلغان تو
رك اویغورلارنك باش اداره‌سی. شونك
اوچون بونى هر بیر منصبدن اوستون
توتامن. بورون منصب كیلور ایكەن ،
بیر آز اوبلانار ایدم. اما اویوشما
رئیسلكیگه هیچ مصلحت قیلیب اولتور
مایمن دیدم. یانا آغیرلقینى بیان قیل
دم بیر آلتى نشریات اداره‌سی بار.
او یوردیدا بلك قالاده‌ك بیر اداره ایدى.
مادى یاغیدن اك ضعیف. اولكه‌لك
حكومت یانى كانیاغیدن چقاندن سونك
اوز آكیمز ایله شول اداره‌نی قوه‌تلەند
دوروشیم ـ اقتصادى یاغینى توزەتیم
دیگەن قرارغا كلگەن ایدم. اگر اویوش
ما رئیسلكینى قبول قیلسام ، كوچوم بو
لونوب كیته‌دور ، شوندان بولسامو ، بو
هم خلق اداره‌سی ایكەن ، قبول قیلماي
من دیبه لمایمن. 2 نجى اویوشمانك
اقتصادى یاغى آغیر ، آقچا بولوب ..

( دوامى ایكنچى بتده )

# اق زله و شهر خبرله‌ری

( ...ستان اخبارانی و اوزه‌ل مخابریمزدن )

## دهقانلارغا اقچا قرض بریلشکه باشلادی

بو ییل دهقانلارغا بریله‌دورغان
قرض صوممه‌سی بیر قدر کوب بولغان
لقدن حاضردن باشلاب تارقاتیلشقا باش
لاندی. یکونی 20‘334‘400 آلتون
آقچا بولغان بو قرض صوممه‌سیدن برن
جی قاتیم بریله‌دورغان ساانجی، مناص،
توقسون، قومول، باریکول، آرا تورك
ناحیه‌له‌ریکه 10،633‘400 دوللار تق
سیم قیلنغان. بو پوللار تیگشلك نا
حیه‌له‌رگه مخصوص اوتوموبیللار بلەن
آلیب باریلب شعبه بانکالار طرفیدن تار
قاتیب بریلمه‌کچی.

**—* (***) *—**

## حفلق بیر تیله‌ك

(8- مارت) خاتون - قزلار بایرا
می مناسبتی بلەن بیر بولوك تورك خا
تون قزلاری قازاق - قیرغیز کلوبیدا
توپلانغان و بو کوننی قوتلاغان ایدی.
مجلسده نطقلار بریلگەن و آیم توردی
طرفیدن بیر تورك خاتون قزلاری چه
مبتی قوروش تکلیفی اورتاغا تاشلان
غان. بو فکر حرارت بلەن قارشیلانب،
اولکه‌لك حکومتکه التماس سونولماق
چی بولونغان.

( باشی ایکنجی بتده )

مه‌ی قیناليب قالورمزمو ایکەن. هر ایش
کادیر ایله بولار. بوگون کادیرلارنك هر
بیری ایگز اورونلاردا. اولار یاردمله
شیب بره‌دورغان جایدا ایمه‌س. منصب
دن کەچ، حیاتنی اوبدان تامین قیلای
دیمه‌سه‌ك کلمه‌یدور. باشقا اداره‌لەر کبی
تامین قیلارلق اقتصادی قودتی یوق.
بیر ایش قیلنماسا، خلق هم اونوماید
ور. بیز هم اونومایمز. خلق آغیرلقی
نی کوزده توتمای، ایش قیلا آلمادی
دیسه، من اونی کوتوره آلمایمن دیگەن
سوزله‌رنی قیلغان ایدم. بعضیله‌ر، او
یوشماغا عیسی چقدی، اوسال جایلاری
نی توزونه‌من دەب اوزینك آدمله‌رینی
قویوشقا یاکی اویوشمانی سیاسی قو
رال قیلیب ایشله‌تیشکه اورونار، دەب
ایش قیلدورماسلقنك احتمالی بار. بیز
تورکستان وضعیتینی آڭلاغان جایدامز.
اویوشماغا سیاست آرالاشتورمایمز. سیا
ستچیلك قیلماق، اوزومز یتیشه‌مز،
اویوشمانی، خلقنی قورال قیلماساق هم
قیلا آلامز. آرقامزدا خلق یاکه بره‌ر
دولت بار بولەك بولمای توروب هم
اوز بریده بیز یالغوز جایمزغا اغیز
ایله ایتیشیب دیشیب کلگەن ایدوق.
قایسی ایش ایله قایسی ایشنی آلیب
باریشنی اوبدان بیله‌مز. اویوشما ایش
له‌رده یاشلارنك، خلقنك یاردمده بول
ماقینی سورایمز » دیگەن مضموندا
سوزلەب اوتدی.

معاون رئیسنی سایلاش نوبتیگه
کلگەنده کوپچیلکنك قراری ایله عبدال
حق عشوری، پولاد قادری سایلاندی.
شونك ایله مجلس تارالدی.

عیسی بك آلب تکیننك رئیسلككه
سایلانغان خبری بوتون اورومچی خلقی
نی زور خرسندلك ایچیده قالدوردی.
یورت کاتتالاری یاشی رئیسنی تبریك
ایتیب کلمه‌کده. هر بیر دوخموش، هر
بیر کوچادا خلقله‌ر „ عیسی بك افندی
نك اویوشماغا رئیس بولغانی نهایتی
اوبدان ایش بولدی « دیيشمه‌کده.

عیسی بك آلب تکین 20 ییللاق
عمرینی یورت، ملت اوچون کوره‌شکه
صرف اتکەن، دنیاغا تانولغان و هر بیر
یورتداشنك قلبیده چوڭقور بیر خاطره
قالدورغان بیر زاتدور. موندداق
بیوك مسله‌کلك چك اراده‌لك، ثباتلق
بیر آدمنك اولکه‌لك تورك اویغور او
یوشماسیغا رئیس بولغانی بوتون اوی
غور خلقینك بختیدور. شونك اوچون
یاشی رئیسنك خدمتیدن موفقیت
تیله‌یمز.

آلماس

## تورپاندا مال دوختور خانه‌سی

تورپاندا بیر مال دوقتورلق بولو
می بولماغانلقدن و بوڭا بویولك بیر
احتیاج سزیلگەنلکدن، تعمیرات نظارتی
تورپان دهقانچیلق اداره‌سی قاراماغیدا
بیر مال دوقتور خانه‌سی آچیشقا قرار
برگەن. حاضر بوڭا لازملق دارولار
ماگدوروش اوستیده حرکت بولونماقدا
بولسا کیره‌ك.

*×)(×*

## مخصوص فاکولته اوقوغوچیلاری بیرلکی

مخصوص فاکولته اوقوغوچیلاری
اویوشماسینك اونکه‌نکی بیر ییللق خد
متدن دوکلات و یاڭی اویوشمانی قور
لاما ییغینی 8 - مارت کونی ساعت 2
ده دارالفنون معاون مدیری، مدرس و
اوقوغوچیلارنك اشتراکی بلەن آچیل
دی.

سبقداشیمز اسلام نعمانی طرفیدن
مجلس اهمیتی حقیده سوزله‌ر سوزلەن
گەندن کیین، بهاوالدین توختی، او
یوشمانك بیر ییللق خدمتیدن دوکلات
بیریب اوتدی. بونی متعصب آتا - انا
سیدن آیریلب اوقوش آرزوسی بلەن
بولغا چققان و بای ناحیه‌سیده‌کی بیر
حادثه بلەن اولگەن عبدالرحیم قادرغا
اوچ مینوت ماتم توتولدی. چالینغان
ماتم سازی هه‌ممه‌نی بیر مصیبتکه سال
دی و مرحومنك روحیغا باغشلاب قر
آن تلاوت قیلندی.

بوندن کیین بیر قانچه سبقداشقا
مکافات بریلب، نظامنامه‌له‌ر اوقولوب اوت
کەچ، قزغین فکرله‌ر تاشلاندی. مدیر
معاونی ابراهیم مطیعی بوتون فکرله‌ر
گه ایضاحاتدا بولونوش بلەن قیمتلك
یولیوروقلار بریب اوتدی و 15نجی
مارتدن باشلاب تحصیل باشلانا
دورغانلقی اعلان قی
لندی.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# بير معارفچيدن ايريلدوق

معارف جبهەمز، الك قيمتلك بير
قهرمانيدن آيريلدى. مرحوم حيدر افن
دينك شاگردى و 120 دن آرتوق
ياڭى نسالك اوستازى بولغان عبدالر
حيم توختى نيازى 12نجى فيورال كو
نى ارتەگەن ساعت 10 ياريمدا اللەنڭ
رحمتيگە قاووشدى. شو كون ساعت
11 دا برلككە قويولدى. بو محترم
معلميمزنڭ اولومى توپرادا آچچيق تا
ر اويغاندى. 15 ييلدن بيرى معارف
جبهەسيدە ميڭ بير آغير شرائط آستي
دا 120 دن آرتوق باش اوسمورنى
تربيەلەب چيقارغان و كوبلەگەن ياشلار
نڭ عالى و اورتا تحصيل كوروشيگە
شەيئكار بولغان، 225 دن آرتوق قا
را يورتداشيمزنڭ سوادينى آچيب آقارت
قان مرحوم عبدالرحيم توختى نيازينڭ
روحى، خاطرەسى بوگونكى ياڭى نسالنڭ
قلبيدە، مرئيەدە ابدالابد ساقلانغوسى.

ارك: معارف ساحەسيدە بير كون
آچ بير كون توق حالدا يللارچە ايش
لەگەن معارف قهرمانلارينڭ ايگەسز صو
رتدە اولوب كيتشلەرى تاريخيمزغا بك
قارا خاطرەلەرنى قالدوروب باردور. بو
لارنى خاطرەلەش، بولارنڭ عائلەسيگە
نفقە بريش كبى ايشلەر هيچ بجريلمەي
كلدى. قورقامزكە عبدالرحيم توختى
نيازينڭ عائلەسى هم، تورموشنڭ آغير
دولقونلارى ايچيدە ايگەسز، آتاسز،
ناسقالماسا! ايدى.

## اچكى و تاشقى خبرلەر

### راديو خبرلەرى

#### بيگرمە ييللق بير برلك لايحەسى

انقره (8- مارت) آتلانتيك برلكى
لايحەسى تماملاندى. بو لايحە 12S
مادە دن عبارتدور. برنجى و ايكنجى
مادەلەرى ماتلەر آراسى آنلاشماسلقلار
نى ممكن قدر صلح يولى بلەن حل
قيلشقا غيرت اتمەكدن عبارت بولوب 3-
و 4- مادەلەرى برلك اعضالاريدن بول
غان دولتلەردن برى تجاوزغا اوچراسا،
باشقا اعضالار اوزلەريگە تجاوز بيلب
اولدە قورالسز ياردم قيلادور و اگر
بو يتمەسە قورال بلەن اتمك ديگەن
مضمونمن عبارتدور. كيينكى مادەلەر بو
قاريقى پرەنسپ مادەلەرگە ياردمچى مادە
لەردور. بو برلك آنلاشماسى 20 ييل
مدت اوچوندور.

#### جوكجاكرتانى بوشاتش طلبى

كابول (8- مارت) دوقتور عبدالر
حيم سوكارنى اينودونيزيا جمهوريت حكو
متينڭ هوللاندا باسب آلغان مركزى
شهرى جوكجاكرتانى بوشاتيب تاپشوروش
نى طلب قيلماقدادور. ليكن هوللاند
حكومتى بوڭا راضى بولماى تورماقدا.

#### تورت كونلك بير داناورا

انقره (8- مارت ) انگلترەنڭ آق
ز پيلوسى (كيمەلەرى) جبل الطارق
و مالتا آراسيدا داناورا باشلادى. بو
داناورا تورت كون دوام قيلماقچيدور.

#### فلسطيننڭ كلەچەگى حقيدە صحبت

كابول (8- مارت) اوردون و يهو
دى آراسيداكى متاركە مذاكرەسى وقت
ق توختاب قالدى. فلسطين اوزلاشتو
روش كوميسيونى عرب ملى باشلقى
مفتى امين حسينى بلەن كوروشوب،
فلسطيننڭ كلەچەگى حقيدە صحبت قيلماقچى.

#### پاكستاندا

پاكستان (8- مارت) پاكستاندا اي
لكتريك سايمانلارى ياساش اوچون بش
فابريكا قورولدى. عراق كراچيغا بر تجارت
هيئتى كلدى. بلجيقا بلەن پاكستان آرا
سيداكى تجارت معاهدەسى امضالاندى.

# ايلكتريك استانسا شركتينڭ ياڭى ترتيب قاعيدەلەرى

توك پولى تاپشوروب آلو خصوصيدە:

مشتريلەريمزگە معلوم قيلامزكە: مقدم
هر بير مشتريلەريمز بيرآى توشقاندن
سوڭ 2نجى آينڭ 10نجى كونيگەقدر
توك پوللارينى تاپشوروب كلگەن ايدى.
اما بازار بهاسى كوندن كون آشيب تور
غانلقدن، الكتر استانسا كوب زيانلار
غا اوچراب كلدى. شونڭ اوچون مخ
صوص 5 هيئتنڭ تصديقى بويونچە 4-
آيدن باشلاب هر آينڭ توك پوللاري
نى آلدن اوزلەرى آليب كيلب تويەندە
كى قاعيدەلەرگە رعايە قيلماقلارينى او
تونەمز.

1- ايشچونچلكلەرى يوق مشتري
لەريمز، هر آينڭ توك پولينى شول
آينڭ 10نجى كونيگە قدر اوزلەرى
آليب كيلب تاپشرولارى شرط. مثلا:
4نجى آينڭ توك پولينى 4نجى آينڭ
10نجى كونيگە قدر تاپشرولارى
تيوش.

2- ايشچونچيك بويونچە اونكەن
آيدا تولەگەن توك پولى قانچا بولسا،
شول توك پولينڭ ياريمينى شول آي
نڭ 10نجى كونيگە قدر اوزلەرى ليب
كيلب تاپشورولارى شرط. آينڭ آخرندا
ايشچونچكلارنى كوروب بولغاچ حساب
لاب قالغان تيوشلى پوللارى
آلينادور.

3- مبادا بازار بهالارى آشيب توك
پولينى آشوروشقا توغرى كلسە، لامپا
هم ايشچونچكلەر بويونچە آشورولغان
توك پولينى، شول آينڭ آخريدن تي
لەر آينڭ 10نجى كونيگە قدر قوشوم
چە اسچرط بويونچە تولەولەرى شرط.

4- اگردە شبو قاعيدەلەرگە رعايە
قيلماوچيلار بولسا، جريمانە آلودن تاش
قارى توكدن قطعى محروم قيلينادور.

5- مذكور ترتيب قاعيدەلەر 4-
آينڭ برنجى كونيدن باشلاب عملگە
آشوريلادور.

ايلكتر استانسا باش مديرى:
حسام الدين موسين

# اق زامباقلار مملكتيده

№13

## انا بلەن اتا و بالالار

فقط بو سوزلەرنى سوزلەگەن او
آدملەر، اوزلەرينى آلدايدور. باشقالار
نى آلدايدور. بالالارينى آلدايدور و
يەنە بالالارغا: «هيچ كيمنى قاقشاتما،
نزاكتلك و تربيەلك بول...» دەيدور.
فقط اوزلەرى بو قاعدەگە رعايە قيلماي
دور.

بالالار، چاپسان حيلەنك فرقيغە با
رادور. دستلەب حيران بولادور. آنا و
آتالارى يامان و گناه دب كورسەتب بو
روب، يەنە اوزلەرى قيلب يانقانلقينى
كوروب، هيچ توشونە آلمايدور.

نيهايت، اولاردا شو قناعت حاصل
بولور: آنا و آتالار بير تورلك سوز
لەيدور. باشقا تورلك حركت قيلادور.
شونك اوچون آتا ـ آناسينك سوزله
ريگە، بالالارنك ايشەنجى قالماس. اونى
قيل! مونى قيلما! كبى نصيحتلەرگە بوز
دن كيين قولاق برمەسلككە باشلار.

باشقا ياقدن، آنا ـ آتالار بالالاري
نك كچيك توروبلا، اوزلەريگە اطاعت
قيلماغانلقيدن و اوز باشيمچانلق قيلب
يانقانلقيدن شكايت قيلادور. حالبوكە،
بالالارنى بو حالغا كلتوروشكە سبب
بولغانلقلارينى بيلمەيدور.

بالالارنى تيل، تاياق و جزا بلەن
اطاعت قيلدوروشقا بولادورغانلقينى ظن
قيلماڭز. بالالاريڭزنك آلديدا اونداغ
حركت قيليڭزكە، اولار سزنك اولوغلق
لاريڭزنى اوز كوزى بلەن كوروب، سز
نى سويوشكە باشلاسون.

بعضى آنا و آتالار اوى ايچيدەكى
قيافتلەريگە قول، يوز و آياقلارينك پا
كيزەلكيگە دقت قيلماس. بالالارينك آل
ديدا ييرتيق، كهنە، كير كييملەرى و پاسكينا
قوللارى بلەن يورەر. سوزلەشكەندە،
ايش قيلغاندا نزاحت و نزاكتكە رعايە
قيلماس. بعضيلەرى كوب جدل قيلار
و حتى بالالاريغا خطابەن:

ـ آتاڭنك قانداق آدم ايكەنلكينى
كوروب ياتامسن و ياكە آناڭنك قانداق
خاتون ايكەنلكيگە قارا! كبى سوزلەر
نى ايشلەتەر.

سوڭره، عائلە بيغيلشلاريدا بولوب
اوتكەن، اوششاق چوششەك سوزلەرگە
برينى بريگە چيقشلارغا دقت قيليڭز.

مانا، بالالار 15 ـ 20 ييل شونداق يانقاقلق بير محيطدا بولغانلار. كي
ين قيرار. بالالارينك نيمشكە آسماندا
اوچماغانلقلارينغا، قاناتسز قالغانلقلاريغا
حيران بولار.

بونداق آنا و آتالاردن سورايمز:

ـ سز بالالاريڭزنى تربيەلەگەندە،
اورلەش اوچون اولارغا لاچيننك قاناتي
نى برديڭزلەرمو، ياكە بو قاناتلارنى يو
لوب آتديڭزلارمو؟

بالالارى چوڭويوب، اوغوللارى
ييگت بولغان و قزلارى بويغا يتكەن
همان استقبال حقيدە پارلاق خيالارنى
قيلشقا باشلار. اوغوللاريمى مهندس،
مامور، سوداگر، دوقتور، آدواكات ياكە
ياخشى بير كاسب قيلماقچى بولار. قز
لەريگە ايسە، باى بير أركەك ايزلەشكە
باشلار.

بالالارينى هر قاچان باى قيلشقا
كريشەر. بو يول بلەن آتالق ـ آنالق
وظيفەسينى الڭ ياخشى بجيرگەنلكلەريگە
ايشينەر. بو مناسبت بلەن ليف تولس
توى نهايتى توغرا بولغان شو سوزلەر
نى سوزلەيدور:

ـ حياتداكى انتظامسزلقلارنك الڭ
بويوك سببلەريدن برى شودوركە، هر
كشى حياتدا يالغوز بختكە ايريشنى
آرزو قيلار. فقط حياتنى بختلكلەشتو
روشنى و بالذات ايشلەش ساهەسيدە
حياتينى تخيمو ياخشى بير صورتدە
تنظيم قيلش احتياجينى سزمەس.

هر كشى حياتدن بير نەرسە آلماق
ايستەر. فقط اوڭا بير نەرسە برمەك
ايستەمەس. كوبلەگەن كشيلەر حياتيغا
خودبين و توفەيلى صفتى بلەن آتيلور.
حياتنك حكمتينى بو توفەيليلكدە ايز
لەر.

بونداق بير حيات حكمتى اوزون
ييللار ايچيدە عائلە محيطيدا بالالارغا
اورناشتورولور. بونى كيم اوزلەشتو
روب بيرەر؟ ـ آتا ـ آنالار!...

بو تلقينلەرنى آلغان بالالار چوڭ
بولغاندن كيين خودبين، آچ كوز، شهوت
پرست، هورون بولوب چيقار.

الڭ آخريدا هيچ كيمگە و هيچ نەر
سەگە محبت و مربوطيت كورسەتمەگوچى
هوشى يوق ياشلار كيلب چيقار. بو
لاردا وطنگە، ملتكە قاراتا محبت، عالى
فكرلەرگە، توغرى ايشلەرگە حرمت اوي
غانماس. آتا و آنالارينى هم توغرا بير
محبت بلەن سويمەسلەر.

ـ نيمە تريساڭ، شونى اوروبسن.
ـ نيمە پوشورساڭ شونى ييەسن.
ـ اگر ياشلارنك روحينى اوسا قي
لنماغان بير ايتزغا اوخشاش، اوز حا
ليغا قويوب برسەڭز، او برده شوم بو
يالار و تكەنلەر اوسەر.

آتا ـ آنالارنك، بالالارينك ديماغي
نى و قلبينى اوسا قيلماسدن تاشلاب
اتيشلارى عقلغا و وجدانغا موافق اي
مەسدور. حتى دێە آلامنكە بونداق قي
لش بير اخلاقسزلقدور، جنايتدور. چون
كە بالالارنك ياخشى تربيە كوروش كور
مەسلك مسئلەسى يالغوز آتا ـ آناغا
تعلق (تەعەللق) قيلغوچى بير مسئلە
ايمەسدور. عينى زماندا جمعيت و دولت
نى هم قاتتق علاقەدار قيلغوچى بير مسئلەدور.

ـ ايستەگەنيڭزچە، مكمل قانون اسا
سيلەر ياساڭز. انتخابات خصوصيدا خلق
قە ايستەگەنيڭزچە صلاحيتلەر بريڭز.
سوسياليزمينك و يا كومونيزمينك بە
جزوى قوتلەريگە ايستەگەنيڭزچە ايمان
كلتوروڭز. اگر بالالاريڭز لايق درجەدە
تربيە كورە آلماسا، حياتقا هيچ نەرسە
نى آلقيرا آلماسدن كيرسە، پارلامينتو
لار و بوتون حقوق موجود بولغانى
حالدا عمومى و اجتماعى حيات سونوق
و خونوك قالغوسى. بو نسلدن بولغان
مامورلار بولسالار، وزيرلەر بولسا، سيا
سى جانباز بولوب قالور. وكيللەر ملت
ارقاسيدا چاپيب يورەر. مكتبلەريا
كى نسلنك ديماغينى و قلبينى قورو
قوچى بير اورون بولوب قالار. مطبو
عات، كوچالاردا اوزينى بازارغا سالغو
چى، اوپا اڭلك سورگەن خاتونلارغا اا
لانار. آچ قالغان خلق كوتلەلەرى، اوز
لەريگە يات بولغان، بولوبمو يوقارى قاتلا
لارغا منسوب انسانلارغا قارشى نفرت، حسد
و خيانت حسلەرينى ساقلاشقا باشلار. دوامى بار

www.uyghurkitap.com

تلده ، اشده ، فکرده ، برلك !

# ئرك

مدیر : عیسی الب تکین
باش محرر : م . ا . بوغرا

16 جمادی الاول ١٣٦٨ . ٨
16 مارت 1949 ییل

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز توركستاندور

252 چهارشنبه قمتی : آیلقی - شهرگه 15000000 اولکه دوللاری

## ملت مجادله‌سیمو ، گروه جدلی ؟

هر ملتنڭ باشیغا توبوقسز بیر وقتده یا حیات، یا مامات، یا خلاص، ویا انقراض دقیقه‌لری کیلیب کیه‌دور. بونی بوگون „ تاریخنڭ دونوم نقطه‌سی “ دیگه‌لی هم بولور. بو دقیقه‌نی سزگه‌ن ملتله‌ر ، چاقماق تیزلکیده هر ایشنی تخیه‌و ییوك بیر قوت بله‌ن تنظم قیلا آلور، حیات قالور، خلاص بولور. بو دقیقه‌نی هم ، اوتمشده‌کی تاریخلاریغا اوخشاش غفلتده سفالتده، تویماسدن، سزمه‌سدن، اونکوزگه‌ن ملتله‌ر بولسا یا شو همان ، یا بولماسا زمان - زمان انقراضغا یوز تزتار. دیمه‌ك بو دقیقه بیر ملت تاریخیدا بیر بورولوش یاسه قوچیدور. بوگون دنیادا حر و مستقل یاشاب یاتقان بعضی ملتله‌ر، بو قسقا بیر زماننڭ اهمیتینی آڭلاب، هرساحه‌ده بیوك بیر تنظیمات و اصلاحات یاپیب قوتولغان بولسا ، خور و اسیر یاشاب یاتقان بعضی ملتله‌ر، هر دورنی، هر دقیقه‌نی غفلتده اونکوزگه‌ندور. و نیهایت انقراض بوبوننوروقیغا توتولغاندور.

توركستان حاضر بو باسقوچدادور. یا قوتولامز یاشایمز، یا یوتولامز بته‌مز . بونی تاریخ بلگوله‌گوسی. بوگون بیز بلگوله آلمایمز. چونکه، استقبالمز، ذهنیمزده، توشه‌نچه‌مزده نه قدر قاراڭغو بولغان بولسا ، تاریخیمزدا بیر استقبال بورولوشی یاسایدورغان بوگونکی فرصتله‌ریمز هم شو قدر قاراڭغو لقدا؛ شو درجه غفلتده ، امکانلارلقدا اوتمه‌کده دور .

قان توکدوق ، انقلاب قیلدوق ، بیر ایمه‌س؛ نچه - نچه قاتیم ! فقط، ظلمغا ، اسارتکه قارشی ملی تیره‌نیشله‌رنڭ هر سفر، بیزگه قالدوروب کتکه‌نی آچچیق - آچچیق سبقله‌ردنگینه عبارتدور.

بله‌مزمو‌که بو قان سبقله‌ری، قورال لق و قانلق عصیان بله‌نگینه هیچ غایه‌گه ایریشب بولمایدورغانلقینی اورگه‌تدی. ایشینه‌یلیکم ملتیمزنی هر طرفدن باغلاغان و قیمیراش مجالینی قویماغان بیر مادی اسارتدن ضیاده، روحیمزنی اوخلاتیب یاتقان معنوی اسارت توروبدور. ملتنی بو معنوی قوللوقدن آزاد قیلمای توروب، قلغان هر حرکتیمز هیچ نتیجه برمه‌ی و برمه‌گوسی. ملتنڭ معنوی قوزغالوشیغا خدمت قیلماغوچی هر ذاتیاق جریان بوگونکی آچینیشلق احوالیمزغا کوره - ملی بیر ماهیت آلالمایدور. او حالدا قیسقه هم برمه‌یدور دیمه‌ك !

آڭلاشیلدیکه، بوگون اڭ بیوك وظیفه ملتنی معنوی اسارتدن قوتولدوروشدور. تاریخیمزدا بیر بورولوش یاسایدورغان بوگونکی دور، بیزگه شو وظیفه‌نی تاپشورغان بولسا، کیله‌چك نسل، بو وظیفه‌نڭ بیمشه‌ریشنی کوته‌دور. موندلق بیر دورده یاشاماقدا بولغان هر انساننڭ، حرکتده و فعالیتده بولغان هر نرسه‌نڭ بیر وظیفه‌ی، تخیه‌و توغرا قیلیب ایتساق ملی بیر بورچی باردور. ایش آدمله‌ری یورتنڭ ترقی و تعالیسینی توشه‌نسون، عام آدمله‌ری اویغونلکنی آڭلاتیش، بیلیم تارقاتیش یولیدا قولیدن کلگه‌نیچه ایشله‌سون، مطبوعات و مطبوعاتچیلار هم عمومنڭ درد - احوالیغا و فکریگه و توشه‌نچه‌سیگه ترجمان بولسون ! هر کیم اوز ساحه‌سیده، اوز معنی و اوز غایه‌سی اوچون ایشله‌گه‌ن سوزله‌گه‌ن تقدیرده.

( دوامی ایکنجی بت سزیق آستیدا )

## کینکی ده‌رنه‌کدن بیر انتباه

بیر ییل بورون 60 دن آرتوق یاشنڭ اشتراکی بله‌ن عیسی بك آلب تکیننڭ بوروقی اویده باشلانغان بیلیم ده‌رنه‌یگه بو ییل برنچی مارتدا توپ - توغری بیر ییل توشقان ایدی. ملی تاریخیمزدا مهم بیر صحیفه آچقان بو اولوغ کونی خاطره‌لش اوچون 12 - مارت کیچه‌سی تورك ق . ق . قلوبیدا 21 نچی بیلیم ده‌رنه‌کی توپلاندی. تا یاشدن یاشلاب، ده‌رنه‌کنی تشریف قیلیب کلگه‌ن و یاشلارنڭ آراسیدا بولونماق بله‌ن هر کیمگه ملی و خصوصی بیر غرور برگه‌ن مسعود بك صبری، محمد امین بوغرا و عیسی بك آلب تکین ده‌رنه‌کنڭ قورغوچیلاری ویا قوروغوچیلاری صفتی بله‌ن ، باشدا بولونوشی، کیچه‌گه مخصوص بیر رنك برمه‌کده ایدی. سالوندا بولغان یوزله‌رچه یاش، یارلاق چهره‌له‌ری بله‌ن ، آتشین یاقیشلاری بله‌ن ده‌رنه‌کنڭ بو بیر ییلدا برگه‌ن تاثیرله‌رینی قالدورغان شیرین خاطره‌له‌رینی بیان قیلماق ، اوچون بیره‌ر موضوع ایسته‌مه‌کده ایدی. ساعت سکزگه یاقین مجلس رئیسی پولاد قادرینڭ صحنه‌ده کوروننشی و ده‌رنه‌کنڭ آچیلغانلقینی هامه‌نڭ دقتینی بیر نقطه‌گهییغدی. هرکیم ایسته‌گه‌ن موضوعنڭ تاپیلغانلقیغا ایشه‌نمه‌کده ایدی شو آندا بیلیم تورکو میمزنڭ مهری محمد امین بوغرا تیز غین آلقیشلار ایچیده سوزگه چیقدی. ده‌رنه‌كنڭ قورولغانیدن یاشلاب بوگونگه قدر قالدورغان تاثیراتله‌رینی، یاشلارنی تنویر و تنور خصوصیدا کورسه‌تکه‌ن فعالیتله‌رینی بك تاتلیق و بك معنالق کلمه‌له‌ر بلن آڭلاتدی.

( دوامی 2 - بتده )

( باشى برنجى بتده )

„ كېنكى وقتلەرگە كلگەندە بعضى
باشلارنڭ دەرنەككە قاتناشماسلقى، اولار
نڭ دەرنەكنى ىبر سىياست اورنى دەب
تونوغانلقىدور. دەرنەك، سىياست دەرنە
كى ايمەس، بىلم دەرنەكىدور. بىز ملة
چىلەرنڭ سياسى اورگانىمز بو ايمەس،
„ آلتاى نشرىاتىدور “ و حقيقتنى تخى
مو آشكارا قىلب : „ دەرنەك يالغوز
ملتچىلەرنڭ دەرنەكى بولماسدن بوتون
توركستانلقنڭ و بوتون تورك ياشلارىن
نڭ بىر مخفلى “ دىگەن مضمونداكى
سوزلەرى بلەن هر كيمنڭ دەرنەككە يول
غان سوگيسينى قات ـ قات آشوردى.

برندن كيين عيسى بك آلب تكين سوز
گە چىقدى دەنەكنڭ بو بىر يىل ايچيدە
توپلانغان يرلەرى، بريلگەن كونفرانس
لار، اوقولغان شعرلار، مكافاتلار اوس
تيدە تفصيلاتدا بولونغاندن سوڭ، بى
لم تووكومىنڭ تشكيلى حقيدە تعليمات
بردى. بو بىر يىل ايچيدە تاريخچيلق
و تيل، املاچيلق ايشلەريمز اوستيدە
بىر آز توختاليب اوتدى و دەرنەكنڭ
بوگون يورتدا اويغانماقدا بولغان عكس
صدالارى، جنوبنڭ بعضى ناحيەلەريدە
اوتكوزولوب ياتقان دەرنەك مجلسلەرى
توغراسيدا بياناتدا بولوندى.

( باشى برنجى بتده )

بوندن چقاورغان نتيجە ملى مجادلەنى
اونوتوب، گروه جدللەرينى توغدوروش
دىگنه عبارتدور.

ملت و يورت دعواسينى حل قيلش
نڭ اورنيغا، اوز آرا بوغوشوشنڭ پار
تى ويا گروه پروپاگاندالاريئى يورگو
زوشنڭ اوزى هم، بيزچە بىر معنوى
اسارتدور. بيز كيم اوچون ملتنى و
خلقنى قربان قيلب برەمز ؟ كيملەرنڭ
منفعتى اوچون منبردە وعظ اوقويمز ؟
و كيمنڭ فائدەسيغا ملتنڭ معنوياتينى
اسير قيلب برمەكچى بولامز ؟ اولا بونى
اويلاش لازم. بوگون يورتقا و خلققە
ايشلەيمن، يورتنڭ و خلقنڭ بخت سعا
دتينى كوزلەيمن دەب اورتاغا چققان هر
انسان، بو بيوك يولدا هيچ نرسەنڭ
خاطريگە قاراماسلقى، ممكين مرتبە فدا
كارلقلار كورسەتيشى لازم كيلەدور. مي
لى آغزيدا، ميلى كوڭليدە بولسون
„ خلق “، „ يورت “ ديگەن هر آدم،
بو بيوك يولدا بىر گروهنڭ ويا بىر
مسلەكنڭ دائرەسيدە تيقيلب آلسا ملتنڭ
آزوسيني ويا توشەنچەسينى نقطە ـ نقطە
سى بلەن بيلمەسە خلق ياندا يردە قالغان
بولادور. خلق ديمەك، سياسى، اقت
صادى، اجتماعى و حقوقى جهتلەردن
بىر فرق كوتمەگەن تورلك كسبدەكى،
تورلك جنسدەكى و تورلك مسلەكدەكى
بىر طوپليلقدور. خلقچى بولماق ايستە
گەن بىر آدم، بوتون معنوياتى و بو
تون موجوديتى بلەن بو انسان توپلى
لقينڭ توشەنچەسينى اوزيدە ساقلاغاني
دەك اوزنڭ خصوصيتلەريگە هم ايگە بو

لوشى لازمدور. بوگون بيزدە ملى مجاد
لە شو آساسدا بولغاندا غنه، اوز استق
لاميتينى تاپقان بولادور. بىر گروهغا
منسوب بولوب توشەنچەسى تار بولغان،
هر قانداق مسئلەنى بىر گروهنڭ حكمى
بويىچە قارشيلاغان „ خلقچى “، اوزى
نڭ گروهباز ايكەنلكينى آشكارا قيلب
قويغوسى و بونداق گروهبازلارنڭ قيل
غان حركتى، ملت و يورت دعواسينى
ايمەس، شخصيت و گروه غوغاسينى
توغدورغوسيدور.

بو توغرا ! بيزنڭ توتماقچى و
قيلماقچى بولغانمز ملت مجادلەسيمو
ياكە گروه جدلى ؟

بونى بيليش اوچون شونى اسدە
توتماق لازمكه، توركستان خلقينڭ آرزو
سينى، توشەنچەسينى و فكرينى هيچ
قانداق بىر گروه و هيچ قانداق بىر
طرف تمثيل قيلا الماس. خلق اوچون
ايشلەمەكچى بولغان هر خلقچى مستقل
بولغان، محدود بولماغان شو معنوى
قايناقنڭ بىر محصولى ويا بىر تامچەسى
بولا آلغاندالا، همە حركتى ملى و عمو
مى بىر ماهيت آلار. بونداق بىر حالدا
گروه، صنف و مسلەك غوغالارينڭ تو
غولوشينى كورمەك امكانسز قالار.

الله آخريدا شو محاكمە و شو ملا
حظەنى اورتاغا آتامزكه :

ـ بيزنڭ تعقيب قيلماقچى بولغانيمز
ملت مجادلەسيدور. گروه جدلى ايمەس.
خلقنى هيچ قانداق بىر گروه تمثيل قلا
الماس. چونكه، خلقنڭ فكرى، توشەن
چەسى محدود ايمەس، مستقلدور.

اسعدالله داملا شيخزاده، اونكور
افندى و اونلارچە ياش قلم ايگەلەرى
طرفيدن شعرلار اوقولوب، سالونغا تا
ريخى و ملى بىر داستان قالدوردى.
بو داستان واراقلانغان هامان، ياگى تو
رك نسلينڭ روحى اوقولغوسيدور.
داستانڭ هر قورى استقباليمزنى نور
لاندورغوسيدور.

دەرنەككە، مليت عشقينى ترنم قيل
غان شعرلارى بلەن خوش هوا برگەن
بعضى شاعرلارغا، نغمە ـ نوالارى بلەن
روحلارنى ياشناتقان سازچى و صنعتكار
قيزلارغا مادى مكافاتلار تقديم قيلغاندن
سوڭ ملى سازلاريمز چالينغالى باشلا
دى. يوزلەرچە ييللاردن بيرى، نە قدر
مخزون كوڭللەرنى آچيب كلگەن، بو
تون مصيبتلەرنى بىر آن بولسامو، ا
نولدورغان ملى اوصولّلاريمز اوينالدى
ناخشالار ايتيلدى.

ساعت بيرگە اولاشقان بىر وقت
تاتلق بىر خاطرەلەر قالدورغان بو تا
رخى دەرنەك اولتوروشى آياقلاشدى
هركيم بىر ـ بيرى بلەن خوشلاشيب
قايتار ايكەن، دەرنەكنى كيلەچەك بيل
قانداق قارشى آليشنى بىر كره بول
مو اويلانغاندور.

اوەت، كيلەر ييل، دەرنەكنڭ اي
جى دونوميني قوتلاغومز. او زمان
دەيمزكه : „ روحيمزنى اويغاتقان
بيلم دەرنەكى ! كيلەر ييللاردا سنڭ او
جى، 10 نجى و حتى 15 نجى ييل
خاطرەڭنى اوتكوزگوسيمز. ملت، س
نامڭنى بر يوزيدە توغان مڭچە يا
قوسيدور ! “

## كورلادا دەرنەك

( كورلا خبرى ) بيلم دەرنەكيمز
14 ـ دفعەلك اولتورومى 26 ـ فيور
كوندوز ساعت 10 دا برنجى او
بناسيدا اوزدورولدى. اولتوروميغا
دن اوشوق كشى اشتراك اتدى. غ
چوك „ تورك سوزى و تورك آي
رينڭ تاريخى “ قونوسى آستيندا كو
نس برگەندن كيين ع. دلشاد „
خطاب “ عظم عزيزى „ قلمگه “ „
نڭ حالمنى دەيمو، سنڭ حالڭغا ب
مو “ خ. ناصرى „ دەرنەك صداسى
ديگەن شعرلارينى اوقوب آلقيشلاند

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# اچکی و تاشقی خبرلەر

(لوندون 14ـ مارت ب.ب.س.آ خبرلەری)

## خه بیك چیك نڭ بیاناتی

ما٘موری پالاتا باگی رئیسی خەبیك
چیك افندی تونوگون حکومتنڭ حاضر
قی وظیفەسی تنجلق و بیرلکدور. شو
نڭ اوچون اوز کابینامغا هر فرقه هر
گروه آدملەرینی قوشامن. حتی ایلگری
نانکین حکومتی طرفیدن یەکلەنگەن
آدملەرنی هـــم قوشامـــن »
دیدی.

## غزته تنقیدلەری

»مستقل اقتصاد« مجموعەسی خطای
آلتون آقچاسی حقیده فکر یورگوزوب
تشکیلی کوچسز، کریمی چیقمغا یەتمەی
دورغان، عسکری چقیمی آرتوق بیر
دولتده بوگونکی حالدا پول کورسیتی
توختاتش ممکین ایمەسلکی خطایدا ا٘ل
باتلاندی. حاضر خطای حکومتی کریم
چیقمنی بیر خل توتوب اقتصادنی ساغ
لایمز دیگەن قراریغا ایریشه آلمای قا
لایماقان کاغذ پول چیقاریشقا کریشدی
دیدی.

باگی اقتصادچیلار مجموعەسی سوز
یکو استعفاسی حقیده فکر یورگوزوب،
سونکو اوزینڭ اوروش و تنجلق اور
تاسیدا تەمترەگەن سیاستی بلەن مغلوب
بولدی دیمەکدە.

موقت رئیس جمهور لی زوڭ رین
سونکونی ایشدن قالدوروش بلەن او
زینڭ کامونستلار کوبچولکنی تشکیل
قیلغان اتفاق حکومت قوروش نیتیگه
یتەلکچی دیمەکدە. کامونست عسکرلەری
نڭ دوقموش ـ دوقموشدا قولغا کلتور
مەکده بولغان غالبیتلەری و خلقنی قول
غا آلدەکی اوستا تدبیرلەری بلەن ماو
زی دوڭ نڭ یوقارقی شکلده حکومت
تشکیل قیلشقا لی زوڭ رینی مجبور
قیلادورغانلقینی کورسەتمەکدە.

پیکن کامونست حکومتی سافچیلق
ادارەسی گومینداڭ وقتیدەکی سافچی کا
درلارنی ایشدن قالدوروب، اوز سافچی
تشکیلاتینی قورغاندن کیین سافچیلار
غا قاراتا قیلغان سوزیده: بز قشلاق
صحرالارنی اداره قیلشقا اورگەنگەن.
شهرلەر ادارەسیده معلومانیمز یوق. بوز
لەن کیین بو تصورنی نظرده توتوب
تریشماقیمز لازم دیگەن.

## سابق پالاتا رئیسیدن شکایت

تفتش پالاتاسیدن بیر گروپپا سابق
پالاتا رئیسی اوستیدن شکایت بریب او
زی پالاتا رئیسی وقتیده، بیر یاپون
پرست قزغا اوزینڭ مصادره قیلنغان مال
لارینی قایتوروب آلیشقا رخصت قیلدی
دب عیبلاغان.

*—*)*+*(*—*

## ایندونیزیادا

بیرلەشمه ملتلەر تنجلق هیئتی ایند
ونیزیا گروپپاسی ایندونیزیا مسئلەسی
دە مناظرەنی دوام قیلدورماقدا. بویر
ده (لوندوندا) اعلان قیلنغان خبرلەر
گه قاراغاندا، ایندونیزیا جمهوریتی پار
تیزانلاری باتاویانڭ جنوبیداکی 60
میل جایدا جایلاشقان بیر هوللاندالول
آستیداکی شهرگه هجوم قیلسامو، اما
هوللاندا توپچیلاری یاسوهی آستیدا
پارتیزانلار اشغال قیلغان عمارتلەرنی
تاشلاب چیقشقا مجبـــور بول ـ
دی.

**—* (***) *—**

## تیمور یوللاریدا نظارت

هندستان جنوبی تیمور یوللاری
ایشچیلەری جمعیتی گرچه اوزینڭ ایش
تاشلاش قرارینی عملدن قالدورسامو،
اما حکومت، کامونیستلار یتەکچیلگی آستیدا بولغان بو جمعیتنڭ قول آستیدا
کی ایشچیلار ایشلەیدورغان تیمور یول
لارنی قاتتق نظارت آستیدا توت ـ
ماقدا.

## اتلانتیك بیرلکیگه دائر

انقره (11ـ مارت) دانیمارکا باش
وزیری بو آینڭ سوگیغاچه ملت مجلسی
نڭ دانیمارکانڭ آتلانتیك بیرلکیگه قو
شولوش قرارینی برەدورغانلقینی اعـ
لان اتدی.

کابول ـ آپریلنڭ تورتنجی کونی
آتلانتیك بیرلك معاهدەسی امضالانماقچی
دور. بوگون دین اچیسن غربی آورو
پا، دانیمارکا و نورویج سفیرلەری بلەن
آتلانتیك بیرلکی حقیده صحبت اوتکوز
دی.

***)(***

## قارشیلق حرکتی

کابول (11ـ مارت) هوللاندا اند
ونیزیا جمهوریت حکومتینڭ جوکجاکر
تادا اورونلاشیشیغا بولغان قارشیلقینی
تنجلق مجلسیگه بیلدوردی. ایندونیزیا
هیئت باشلقی هوللاندا اوستیده تنچلق
مجلسیگه قاتتق شکایت قیلب راپور بر
دی. هوللاندا عسکری جوکجاکرتانڭ
حکومت بناسی، رادیو و باشقا تاٴسیس
ساتینی بوزوب تاشلادی. مقصدی جم
هوریتچیلەرنی بو شهرنی طلب قیلش
دن واز کچتوروشدور.

*** * ⁑ * ***

## یهودیلاربلەن یەنه سوقوش

کابول (11ـ مارت) عقبەنڭ 4
میل شمالیدا یهودی و اوردون عسکر
لەری قاتتق سوقوشماقدادور. دوقتور
بانج و گنرال رایلی یهودیلەرگه عسکری
نی درحال عقبەدن آرقاغا چیکیشنی
طلب قیلدی.

*××)(××*

## جنوبی کوریادا امریکا عسکرلەری

انقره (11ـ مارت) آمریکا عسـ
کری وزیری دوپول جنوبی کوریا او
زینی مدافعه قیلش قدرتیگه ایگه بولا
دورغان چاغقاچه آمریکا عسکرینی
جنوبی کوریادا قالدوروش قرارینی بیلد
وردی.

# اق زامباقلار مملكتيده

№14

## انا بلەن اتا و بالالار

- بزنىنك ياغى، ياش وطنمز سز بونداق نەرسەلەرنى كونمەيدو. فين لارنىنك استقبالى بويوكدور. بو يەردە هر كشينىنك قارنى توق هر كشى حاليدن خوش بولوشى لازم. شخصى حياتيمزنى و ملتنىنك حياتينى بوندا قاراپ تنظيم قيليمز.

سلمان و طرفدارلارى شهرلەردە و يېزالاردا بو مضموندا يوزلەرچە نطق بەرەر ايدى. بو نطقلارنى ايشتكەن آتا، آنالار بالالارنىنك و ياشلارنىنك تربيەسى مسئلەلەرينى حقيقەتەن قانچيق اويلاشقا باشلادى. بالالاريغا قارانا يوكلەنگەن وظيفەلەرنىنك بويوكلىكىنى بيلدى. كوپلەگەن يەرلەردە آتا، آنالار جمعيتلەر تشكيل قيلىپ، بالالارنىنك تربيەسيدەكى موفقيتسزلكلەرنىنك سببلەرىنى تاپشقا باشلادى. تربيە خصوصيدا موفق بولوپ، سويونوش بلەن برابر مشهور پيداگوگلارنىنك و روحيانچيلارنىنك بعضى مسئلەلەرگە بولغان قاراشلارينى اوزگەرتش آرزوسينى اظهار قيلشدى. ايش بيردنلا بونچەلك قزيب كتكەنلىكتىن، مسئلەنى حل قيلش يولى قزلاپلاشدى. مملكتدە تونولغان تربيەچيلەر و روحيانچيلار بوتون مملكتنى آيلانيپ يوروپ حياتداكو دولگەن تجربەلەر وعلمدىن الينغان نتيجەلەرگە كورە بالالارنىنك قانداق اوستورولوشى و قانداق تربيەلەنشى لازم كلگەنلكينى ملتكە انكلاتشقا باشلادى. خلققە بالا روحينىنك مميزتلەرى بلەن برابر ضعيف نقطەلەرينى و كسللەرىنى ايضاح قيلىپ، تربيە اثناسيدا بولارنى توزەتش و سانايتش چارەلەرىنى اورگەتدى.

زراعتچيلەر، اك گوزەل گللەرنىنك باغچى اوسوملكلەرنىنك قانداق اوستورولوشينى ارگەتگەنيگە اوخشاش مشهور پيداگوگلار هم آركك و يا خاتون، يېزالق و شهرلك، مأمور و يا كاسب، قسقاسى هر قانداق كسبدە بولسا بولسون بوتون آتا، آنالارغا اوغوللارينىنك تخيمو موافق بير طرزدە قانداق تربيە قيليناتورغانلقلارينى، وطن و ملتكە تخيمو كوپ فائدا يتكوزەدورغان يورتداشلارنىنك قانداق يتشتورولەدورغانلقينى ايضاح ايلشقا باشلاغان ايدى.

بو فعاليت سايەسيدە فين عائلەسى غفلت اويقوسيدن اويغاندى. بويوك بير سرعت بلەن ترقى و تكمل قيلشقا باشلادى.

## خلق دارالفنونى

باش فين منورلەرى، سلمانىنك اطرافيغا توپلانغان ايدى. بو زومرەدە آهستە - آهستە يانگى مدنيت ايشچيلارى قوشولار ايدى.

سلمان گروپپاسيغا، هلسينگفورس دارالفنونينىنك باش پروفسورلارى اك ييراق يېزالارداكى معلملەر، منور سوداگرلەر و فابريكاچيلار، حكومت مركزى تيشيدا جيم ياتقان كوپلەگەن دوختورلار و مأمورلار و آموكاتلار داخل بولغان ايدى. بو قانداق فكر آهستە - آهستە فينلاندانىنك هر بير بولوك بوشقاغيغا تاثير قيلدى. فقط بو فكر پرليدا ايشلەنگەندەن هيچ بيرى بونى شهرت وسوئلەسى دب تونوشنى ايستەمەس ايدى.

بولارنىنك فعاليتى باشقا معارف ومدنيت جمعيتلەريدە بولغانيدەك، كاغذ بوزيدەلا قالمدى. كوپ اوزاق ايدى.

بو يەردە هر كشى ايشلەر ايدى. كلمەنىنك اك ياخشى معناسى بلەن اينقاددا، هر كشى مدنيت مسيرلەرى بولوپ قالغان ايدى.

بو زومرەگە منسوب بولغان هر آدم اينتيچ بلەن، الهام بلەن ايشلەر. بو فعاليتدن خصوصى منفعتلەر تاپشنى يادىغا هم كلتورمەس ايدى. بولار ياكى و يەڭى اثرلارنى توپلار بو كتابلارنىنك ايچيدين اك ياخشيلارينى تاللاپ سيار كتبخانە حاليغا كلتورگەندىن كيين يېزالارغاچە ايلتيب توزار ايدى. سراييغا كلگەن، همان بولارنى الماشتوروش بلەن بير يەردن، باشقا بير يەرگە يتكەر

ايدى.

باشلاپ، ايكى اوچ هفتەدە بير و كيينچە هر يكشنبە كونى خلق اوقلاتورغان بير تيلدا ادبى، صحى، اقتصادى و اخلاقى موضوعلاردا دائيماً وقصەبلەر اوتكوزوپ توراتورغان بولدى.

بو ايشكە يك قانتق بريلگەن اك ياخشى كونفرانسچيلارنى و معلملەرنى تاللاپ، مملكتنىنك هر طرفيگە ايبەرور ايدى. بو سايەدە مخصوص تشكيلاتقا ايگە بولغان بير خلق دارالفنونى ميدانغا كلدىكە، بونىنك كوپ پروفسورلارى، ياخشى خطيب بولغان سيار و سياح ياشلاردن عبارت ايدى. بو پروفسورلار، ملتكە خلمو - خل معلومات بريب اك اوقوچان روحلارنيمو اويغاتار ايدى. بو كونفرانسلارنى تيگلاغوچيلاردا، تخيمو كوپ معلومات آلش مملكتنىنك هر قانداق بير يول بلەن اسوشيگە و آلغا باسيشيغا خدمت قيلش آرزو و ايشتياقى اويغانار ايدى. بومن بورون بعضى بايلار، اولمەسدن اول، باياليغينىنك بير قسمينى كتبخانە (عبادتخانە) گە وقف قيليشار ايدى. ملت آراسيدا آقارتش جريانلارى پيدا بولغاندن كيين، معارف اوچون زور وقفلەر قيليشقا باشلادى. مملكتنىنك هرلك يەرلەريدەكى بايلار، اويلەرينى كتبخانە، كونفرانس سالونى قيلش و اكە خلققە، مخصوص تماشا اورونلارى ياساتش اوچون ملتكە وقف قيلشقا باشلادى.

بو آرادا خلقنىنك بعضى صاف دلا حاللارى هم اوچرار ايدى. جملەدن سياح پروفسورلارنىنك صحبتلەريدن فوق عادە خوش بولغان يېزالقلار بير مامدار باغ، عسل، تخوم، گزلمە قتالق سوغالار آليب كيلب دەر ايدى:

- شونەرسەلەرنى آزبولسامو، شدەكى بالا - چاقالاريغا الغاچ كتسەلەر بزگە عقل اورگەنەمز، آدم قيلامز دتا بيزالارغاچە كيلب، مشقت تارتدي آز بولسامو هر بيرلەريگە بونى سومز. هر بيرلەرينىنك بزگە يتكوزگەن ئدالاريغا و بزگە اورگەتكەن عقللاغا قاراغاندا، بو سوغا - سالامالاري هيچ نەرسە ـــ ارزـــ بور.

داوامى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com

تلده ، اشده ، فكرده ، برلك !

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

# أرك

مدير : عيسى الب تكين
باش محرر : م . أ . بوغرا

20 مارت 1949 يىل
20 جمادالاول ١٣٦٨ ه

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز توركستاندور

253 | يكشنبه | تليفون نومرى 26 | تيلغراف نومرى 2222

## دەرنەكدن علمى بيانات

( 12 - مارت دەرنەكنك بير يللق تويى كونيده بلم توركومينك مديرى
محمد امين حضرەتم طرفندن دەرنەكنك بير يللق علمى خذمتى
اوستيده برگەن بياناتى )

بلىم دەرنيگى نلك آچيلغانيغا بير يل
تولدى . بير يل ايچنده بيزنك دەرنەك
باشلەريمزغه آزدور - كوبدور علمى
كونفرانس تقديم قيلدى . يورتيمزدا
علمى ماتريياللر نلك آزليقى و ، علم
آدمارينك كامليغيدن بو دەرنەك مترقى
جمعيتلەرنلك حاليغه يتالميسا هم لاكين
اولكەميز تاريخيدا برنجى اورونني تو
تالايدور . دەرنەك دەكى مقصد ، بلگەنلەر ،
بلميگەنلەرني اوزنلك علمى اوزوغى ايله
اوزوقلاندروش دن عبارتدور . بو
ايش بجريلدى . علم آدەملەرى ، أدبى
و علمى جهتدن بلگەنلەريني هر بر
لەريگه تقديم قيلدى . ياش شاعرلريمز ،
أديبلريمز اوزينك اقتدار دائرەسندە
أدبى اثرلەريني هر برلەريگه تقديم
قيلدى . بزنلك دەرنەك ده سياسى مقصد
توسى يوق . دەرنەككه بير ييل بولدى ،
20 دفعه مجليس آچيلدى . بوگونگه
قدر بعضا؟ گمانچيلەر بو دەرنەكنى بر
سياسى نەرسه دەب گمان قليشدەن قو
تولوب كتالمادى .

6-7 سانغا قدر نهايتى دقت ايلەقا
راغانلەر بولدى . أگر مسعود افندم
كوچ چقاريب قاتناشيب برميگەن تقدير
ده تيل تەڭگوز گوچيلەر چقار ايدى .
مسعود افندم بولوب بەرگەنلكدەن و
بو ايشقا اهميت بريب كەلگەنلكدەن
كيينرەك گمانچيلەر آزايغان بولدى . بو
گونكى كونده يانا بير تورلى ماهر
سياستچيلەر بونى سياسى بر نرسه دي
يالماسيمو ، لاكين بيزنك سياستيمزگه
ويغون ايمەس بير نرسه دەب قاراماقدا .
بز هيچ فروا قيلمايمز ( قزغين چاواكلر )

بزنلك سياسى مسلەكدە قور قار
ى جاى يوق . بيزنك سياستيمزنى
ستلەر هرفلك سياست دەب ، دوشمەن
لەر قانونى بير يول دەپ تانيغان
جايدا .

بودەرنەك سياستنك سرتيدا ، ملتچيلەر
نلك سياسى ادارەسى باشقا , اونك اسمى
آلتاى نشريات ادارەسى . سياستنى
شول اداره آرقالى يوروتيمز . دەرنەك
ملتچيلەرنك دەرنيكى ايمەس بتون تور
كستان توركلەرى نلك دەرنيكى ! ( گول
دورليگەن چاواك ) چونكى بونكدا بتون
توركستان توركلەرى نلك عالملەرى ،
ياشلەرى . علمى ادبى سويەسيني يو؟
سەلدرودور . مسعودنك ياكى عيسى نلك
دەرنيكى ايمس . بونكدا هر قايداغ
بير سياسى مصقدداكى هر قايداغ بير
مسلەكدەكى توركستانلق نلك قاتناشيب
فايدا بيريب فايدا آليش حققى بار .
سياستدن ييراق ، بيزنك دەرنەكنك " سيا
سى قاراسى " يوقوب قالماسون ديگوچيلەر
قورقوب قالماسون . قاتناشمايمز دەب خافا
لق تارتماسون . دورست بيزنك ، ياش
شاعرلەريمز دەرنەكدە اوقولغان شعر
لەريدە دەولەتنك سياسى احواليني ،
خلق نلك ايزيلگەنليكيني تصويرلەيدو ،
بو سياست ايمەسمو ديگوچيلەر احتمال
باردور . بونى تصويرليمەك سياسى تش
ويق ايمەس . هر بير شاعرغا شعر
الهامندەن كەلگەن بر نرسه . سياسى
جهتى ادبى ياقيغا أرگيشيب كيليدو
بونكغا ادبى قميت بيريمز . ادبى نرسه
لەر ، خدا ، پيغمبر ، ياخشى منظره ،
ياخشى سياستنى مدح قيلالايدور .
يمان آدەمنى هجو قيلالايدور .

بير ييللق دەور ايچيدە كوب ياشلەر
شاعر بولوب اورتاغا چيقدى . كوهنه
شاعرلەرنك تيخيمو يوكسەلمەكينى ، ييكى
دەن يتشيب كەلگەن شاعيرلەرنك كوهنه
شاعر لەردەن اولگه آليب ترقى قيلما
قينى اوتونومن . بيريل ايچينده 20 قتم
دەرنەك آچيلدى . 2 هفتەده بير نوبەت
بولغانلقدەن بير يلده 24 نوبەت
آچيليشقا تيگيش ايدى . يازدا بير
مونچه ياشلەر استراحت قلغانلقدەن 3
- 2 نوبتى آچيلماى قالدى . 19 قتم
علمى كونفرانس بيريلدى . مسعود
افندم 5 نوبەت , بورهان افندم بير
نوبەت ، عبدالعزيز چيڭغزخان بير
نوبەت ، عبدالشكر بير نوبەت ، ابراهيم
مطيعى بيرنوبەت ، دوختورعبدالرئوف بير
نوبەت پولات قادير 2 نوبەت ، نعمى افندى
برنوبەت ، كرم افندى بر نوبەت ، فقير 4
نوبەت ، كونفرانس بەردى . هديه شكل
نده تقديم قلغان اثرلەردەن عبدالله
يعقوبى طرفندەن " باشلانغوچ مكتبلر
اوچون تيل درسليكى " عبدالشكر
يالقين طرفندن " شعر تخنيكاسى "
ابراهيم مطيعى طرفندەن املا يوسونلرى
املا لغتى ، اوتكور طرفندەن سحنه
لاشتورولگەن " نياز قيز قيسەسى "
فقير طرفندەن " قوتلوق توركان "
ادبى اوپيراسى تقديم قلندى . دەرنەك طرف
ندەن " چينى توركستان " نامندا 3
سان مجموعه چقاريلدى ، بو ييل
ايچينده 300 دەن آرتوق شعر اوقول
دى . كوپى دارالفنون دەن ، تيل مكت
بى اوقوغوچيلارى طرفندەن اوقولدى .
دەرنەكيمز نلك كامچيلك طرفى بولسا ،
بير ييللق كونفرانس ، شعر ، اثرلرى
توپلاب بير سالنامه باسيب چيقريب بو
گونكى مراسمدا تارقاتيشنى لازيم ايدى .
بو ايشنى ايشله يالمادى . بونداغ بير
توپلام چقارمق اوچون يالغوز بير جم
عيت نلك اقتصادى يەتمەيدور . ديمەك
اقتصاديمز نلك كامچيلغيدەن چقارالمادوق
بو ييل ايشله يالميغان بولساقمو ، 2
نجى ييليدا ايشلەنەر ديگەن اوميد
دەمز .

كيلەچەك اوچون دەرنەك نلك خالص بير
علم قورولتايى حالندا داوام ايتشيگه

دوامى 2- بتدە

# اولكه و شهر خبرلەری

(چینی توركستان آژانسی و اوزل مخابریمزدن)

## زلزلەگه خلقیمزنك قاراشلاری

(كورلا خبری) ناحیەمزده 23 ـ
فبوارالدن باشلاب تاكی بوگونگەچه (4ـ
مارتقاچه) 20 نچه قاتیه یر تبرەدی.
1 ـ دفعه تبرەگەنی خیلی قاتتق حالدا
بولوب شهر و یزالاردا آدم اولتورما
غان بیر نچه أسكی اویىی اوروب تاشلا
دی. باشقا هیچ بیر زیان ـ زحمت
بولمادی. یرنك بونداق اوزلوكسز تبره
شیدن خلق ایچیده تورلك قاراشلار
بولماقدادور. بعضیلەر: « بو اللەنك
غضبی. شریعت ایشلەرینگه اهمیت بر
مەگەنلكدن خدا بندەلارنی اویغاتماقدا»
دیسه؛ بعضیلەر: «یورتدا حقیقت و مر
حمت كوتەریلدی؛ آخونوملار گوشت و
پولاو بلەن قورساق تویسا كیتب بارا
دور، ساوداگرلەر مككارلق قیلب نفس
قوغلاشیب یاتادور، كمبغللەر آچلقدن
زارلانب توراد‌ر، هیچ بیر راست گپ
قیلادورغان آدم قالمادی ... شونك او
چون یر تبرەیدور» دیمەكده. شهرنك
قایسی كوچاسیغا بارساگز خلقنك یر تب
رەش حقیده سوبلەشكەنینی كورەسز.

*–* )+( *–*

## بوگورده قاتتق یر تبرەش نتیجەسیده

13 ـ فیورال كیچەسیدن باشلاب
اوچ – تورت كون دواملق یر تبرەشی
نتیجەسیده حاكم ادارەسینك ایشخانەلەری
بوزولاری و ایشچیلەر سرتدا ایشلەمەی
كه باشلادی. باراردا‌كی قیز اوقوایدنك
بیر قانچه اوی و صنفلاری ساقچی
ادارەسینك بیر بولوك بناسی بتونلەی
اورولوب توشدی. سرایغاتوشكەن‌تورت
یولچینی تام باسیب آلیب قاتتق یارادار
قیلدی و بولاردن بیر خاتون وفات
قیلدی. حاضر ییقیلغان اوی، عمارتلەر
و ضایعاتلار حقیده عمومی بیر معلو
مات قولغا آلنماغان بولغانیغا رغما زیاد
لارنك خیلی كوپ ایكەنلكی تخمین
قیلنماقدا.

بو قورقونوچلق و دواملق زلزله
نتیجەسیده بیر بولوك اهالی، دالاغا
سیغنماقدا و یزالاردا قرآن تمام‌قیلش
نذر، چراق قیلش ایشلەری هەممەنی
مشغول قیلماقدا.

خلق بو زلزلەگه حكومتده عدا
لت قالمادی. یورت كتەلەریده انصاف
قالمادی، خلقده دیانت قالمادی. تگرینك
بندەلەریگه برگەن بیر آگاهلاندوروشی
بو! دب حكم قیلشماقدا.

ساید قاسمی

## كورلادا یتیم اوقوغوچیلار

(كورلا خبری) معاون حاكم داووت
حسنی تورك اویغور اویوشماسی قارا
ماغیداكی یتیم طلبەلەرنك اوقوشقا آر
توقچه محبت قویغانلقینی كوروب، تقـ
دیر توصیەلەرده بولونوش بلەن معلم
واوقوغوچیلارغا ییتەرلك دفترتارقاتب بردی.

( باشی ایكنجی بتده )

سیز بیریمز ۰ باشلەریمز نك علم سو
یەر كیشیلەریمز نك غیرەتلەرینی آیاماسـ
لقلەرینی ، باشلەرنی تەرپەلەشكه تیرش
ماقلەرینی سورایمز ، بیزنك یورت علم
جهتدەن بەك آرقیدادور . بیزده یوكسەك
علم یورتی یوق ، ملت تجربه لیك
كادیرلەرگه محتاج . علمی دەرەجەسی
توبەن بولغان جایدا معارف ، ادبی
خدمتچیلەر هم توبەن بولادور . علم تار
قاتیشنك چارەسی ، آزچیلیق كیشیلەر
اوزی نك آگیدا بولغان علمنی اثر
یازیب تارقاتیش ، فورصتی كەلگەن
جایلەردا خلققه سوزلیمەكدەن عبارەت
بیزده مطبوعات ، اقتصادی نك قییینچیلقی
بلەن كوب كیشیلەر اثر یازمایدو ۰ یاز
غانلەری باسیلمایدو . اقتداری بار
آدملەر اثر یازیش ایشلەریگه كیریش
سه، و علماق آدملەر دەرنەكده یاشلار
غا بیلم بریشكه غیرەت قیلسا دەیمەن .
دەرنەك نك اونوغی اوچون هر
بیر لەرینی غیرەتكه چاقرامەن ( گولدور
لیگەن چاواك )

## بوگورده اون ییللق معلمـ لەرگه مكافات

(كورلا خبری) 10 ـ مارت كونی،
معارف نظارتی طرفیدن ایبەریلگەن
عبدالعزیز شریفلەر قایشاردا بیر مجلس
آچیلب، نطقلار سوزلەنگەندن كیین
معارف ساحەسیده 10 ییلدن آرتوق
ایشلەگەن معلملەرگه بیر كییملكدن رخت
تقدیم قیلندی.

×*×)(×*×

## قارا شهر مكتبلەریده اچینشـ لق بیر حال

قارا شهر عالی دارالمعلمینی و هر
بیر اوقول، یاقین آرادا درسكه باشلا
شی لازم بولسامو، اوقوغوچیلارنك‌تخی
مكتبكه تولوق كلمەگەنلكی، اوقوش
قوللانمالارینك یوقلقی؛ معلملەر تورمو
شینك آغیرلقیدن، استعفا قیلب، تارقاب
كتكەنلكلەریدن‌درس حاضرچه باشلانادور
غاندەك ایمەس.

*×*)(*×*

## كورلادا قمار میدانلاری

كورلادا یاقیندن بری قمار میدانلا
ری عقلغا سیغماغودەك درجەده اوج
آلماقدا بیر قماربازنك 600 ملیاردن
آرتوق بیر پولنی بیر قاتیمدالا قیمار
غا تیكیشی قماربازلارنك یاكەترقین قیلغان
لقینی ویاكه او یرده/هم پولنك بیرغز
ته پارچەسیگه آیلانغانلقینی كورسەته
دور .

***)(***

## كورلادا رادیئو مراقلیلاری

(كورلا خبری) پوستا ایشلەرینك
قالاقلقی یوزیدن، اهالی دنیا احوالاتلا
ریدن اوز وقتیده خبردار بولاآلماس
ایدی. تاش یول ادارەسی یوغان قو
راسیغا رادیو اورناتب هر یكشنبه كو
نی خلقنی استعفاده أتدورگەلی باشلا
غاندن بری اهالی بیر یاقدن احوالات
لارنی وقتی وقتیده آگلاب تورغانیدن
باشقا دنیانك بوگونكی ترقیاتیغا هم یا
قین بیرعلاقه و سەوگی اویغانیشقا
توتوندی.

نیتیك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


# اچكى و تاشقى خبرلەر

## خەبيك چيك فعاليتدە

(كابول) خەبيك چيك لى زولك ربن ايله كوروشوب كابينە اعضالارى حقيدە اوزون مذاكرە قيلدى. و همدە جمعە كونى صلح هيئاتينى پيكينگە ماگدوروشنى اوتنوردى. خەبيك چيك صلح حقيدە بوتون ملتكە فايدالق بولوشينى اميد قيلغانلقينى بيلدوردى.

خەبيك چيك خارجى دولتلەر طرفيدن ياردم قبول قيلامز ديدى. وزيرلەر سانينى 18 دن آرتوق قيلماسلقينى سوزلەدى.

(***)(***)

## جوكجاكرتا مسئلەسى

(هاگى دهلى 15- مارت) تنجلق مجلسيدە نوناگون آقشام بولغان مذاكرەدە هولاندا حكومتى اندونيزيا جمهوريتى نك مركزى جوكجاكرتانى بوشاتيب بريش اوچون ايكى طرفدن و بيرلەشكەن ملتلەر قوروميننك اندونيزيا قوميسيونى دن مركب بير مجلس آچشنى طلب قيلدى. پاكستان، مصر و پيليپين وكيللەرى هولاندانك مجلس آچامز ديگەننى اوز عادتى بويونچە وقت قازانانى مقصديدن عبارت دب عيبلادى. اندونيزيا وكيلى هولاندانك تنجلق مجلسينك بويروقيغە قارشى قورالـــق حركتكە باشلاغانلقينى و بو طلبيـــدە صميمـــى ايمەسلكينى سوزلـــەدى.

(*×*)(*×*)

## توركيە خارجى وزيرينك بياناتى

(انقرە 16- مارت) توركيە خارجيە وزيرى نجم الدين ساداق بوگون بويوك ملت مجلسيدە آوروپا دولت آدملەرى بلەن كوروشوب قيلغان مذاكرەلەرى حقيدە بيانات بردى. آوروپادا صلحنك نامينى نك بيرلەشكەن ملتلەر قورومى واسطەسى بلەن ممكيندور. ليكن ايستكە دنيا دولتلەرينك ايكيگە ايريلشى دوام اتمكدە بولغانلقيدن اندېشەلەر آرتماقدادور. هر حالدا كلەچەككە اميـــد بـــلەن نـــظـــر ايـــــز دب دى.

(*** * *)(***)(* * ***)

## اتلانتيك بيرلكيگە دائر

(انقرە 16- مارت) انگليز خارجيە وزيرى بيوين و شومان و باشقا سكز اعضا دولتلەرنك خارجيە وزيرلەرى بو هفتە سوگيدا واشيگتونغا باريب بو آينك سوگيدا آتلانتيك بيرلك توختامىغا امضا قيلماقچيدور.

كابول (16- مارت) بوگون غربى آوروپا بيرلك اعضالارى بولغان دولتلەرنك خارجيە وزيرلەرى لوندوندا توپلاندى و آتلانتيك بيرلكى حقيدە مذاكرە باشلادى.

*** * ***

## بيروت توپلانتيسى

(انقرە 16- مارت) اوزلاشتورما قوميسيونى ارتەگە بيروتدا توپلانماقچيدور. بيروت توپلانتيسيدن كيين فلسطيندە آيلانيب تكشوروش، عرب و يهودى آدملەرى بلەن كوروش ايشلارينى باشلاماقچيدور.

(××*)(××*)

## يهوديلارنك بير هجومى حقيدە

(انقرە 15- مارت) فلسطين دەكى بيرلەشكەن ملتلەر قورومى وكيللەرى باشلغى دوقتور بانچ تنجلق مجلسيگە يهوديلارنك اوردونغە تابع عقبە رايونيغە هجوم قيلغانلقينى بيلدوردى. انگليز عسكرينك عقبەدەكى قوماندانى اوز عسكريگە حاضرلق وضعيت لتقە بويروق بردى.

## ايتاليادا بيرلككە قوشولوش مذاكرەسى

(انقرە 15- مارت) ايتاليا ملت مجلسيدە ايتاليانك آتلانتيك بيرلكيگە قوشولوشى حقيدە مذاكرە بولماقدادور. كامونست فرقەسى بوگا قارشى نمايشلەر قيلماقدا.

## امريكادا

آمريكانك ميسيسپى ولايتيدەكى كومور ايشچيلاريدن 424000 ايشچى ايش تاشلادى. و ايكى هفتە دوام اتەكينى اعلان قيلدى. بو ايش تاشلاشنك دولتكە 60000000 دوللار زيانى بولور ايمش.

## قسقا خبرلەر

كابول (16- مارت) بيرمادا ايراوادا درياسى بويىدا قانلق سوقوش بولماقدادور. كارينلارنى حكومت قوشونلەرى آرقاغا قايتوردى.

جنوبى كوريادا 177 اغتشاشچينى حكومت عسكرلەرى يوق اتدى.

آوستراليا باش وزيرى چينەدەكى كومونست مسئلەسى نتيجەسيدە تنچ اوقيانوسنك مدافعەسينى كوچلاندوروشقا اهميت بريشنى اعلان قيلدى.

سوويت حكومتى ايسوبچ حكومتىدن لاتويا، ليتوانيا و ايستونيا فقرالارىنك اوز يورتيغا قايتىشيغە توسقونلوق قيلماسلقينى طلب قيلدى.

## بير سوالغا بريلگەن جواب

(غزتە خبرى) لوندوندا چيقادورغان «دايلى تلگراف» غزتەسينك يازغانيغا كورە، شرق مملكتلەريگە سياحتكە بارغان بير آدم، بو يردە بيرسيدن «يرەڭيزگە قارشى بولغان قانچەلك آتم بار؟» دەب سوراغاندا «آلتى» ديگەن جوابنى الغان و بو آرادا شونداق صحبت بولغان:

- آران آلتىمو؟
- هە آلتى: من، سن او، بز، سز، اولار

## عذر

مطبعەمزدە يوز برگەن بعض يتشمەسلكلەر يوزەسيدن جمعە كونى چيقادورغان نسخەمز چيقاريلمادى. محترم اوقوغوچيلاريمز الديدا معذور بولوش بلەن، بوندن كيين توختاتماى چيقارادورغانلقيمزنى بيلدورەمز.

# اق زامباقلار مملكتيدە

№15

## خلق دارالفنونى

خلق دارالفنونينڭ يىگرمى بشنجى ييلى رەچەل قرالى 1)

ياروينننڭ نطقى

خلق دارالفنونينڭ ميڭلاغان مشكلات بلەن اوتكوزگەن يىگرمە بش ييللق فعاليتيدن كيين سنلمان ياشاغان „كوڭوپيڭو“ شهريدە ملى بير بايرام ياسالدى، مراسمنڭ آخريدا فينلانداڭ هر طرفيدە „رەچەل قرالى“ عنوانى بلەن تونولغان ياروينن سوز آلدى و بير ساعتدن آرتوق دوام قيلغان بير نطق بردى.

مهمانلار كوبلەگەن نطقلارنى تيڭلاب هيريب كتكەن بولسامو، ياروينننڭ نطقينى كمال اهميت و دقت بلەن تيڭلادى.

ياروينن نطقينى شونداق باشلادى:

- من اوز وقتيدە فقير و حقير بير ساتيقچى ايدم. بالالق چاغمدا، بير سيبەتدە كەمپيت ساتار ايدم. كيينچە بازاردا كچيك بير دوكان آچيب تاتلق نرسەلەرنى ساتشقا باشلادم. چوڭ سوداگرلەر مڭا اعتبار قيلب، بير قانچە ملڭ غروش (نسينت) لق كەمپيت، پچينە و قوروتولغان اوزوملەرنى بيرەر ايدى. من هم بولارنى ساتب، قرضلەرمنى وقتيدە تولەب تورار ايدم. شونڭلاشقا هەممەسى منى ياخشى كوروب، كيينچە بوغانراق بير دوكان آچيشقا مڭا ياردمدە بولادورغانلقلارينى وعده قيلار ايدى.

او چاغدا قارنيم توق، كييمم تازه ايدى، هم ياخشى بير اويدە اولتورار ايدم. فقط شونداق بولسامو او چاغداكى حالمنى بيلمەيمن. قانداق ايفاده قيلسام بولار، ياقتورماس ايدم. روحى عذاب چكەر ايدم. اوزەمنڭ حياتم و معيشتم اوزەمگە تار كلەر ايدى. كوب چاغدا اويلايمن و دەيمن:

- دوكان كچيك؛ خريدار تعيينلق؛ تاپاوت آز! بوتون عمر شونداق يتشسزلك ايچيدە اوتەرمو؟

ياروينن مجلسدە بولغان پروفسورلارغا خطاب بلەن نطقينى دوام قيلدوردى:

- افنديلەر! صبر قيلب، منڭ سرگذشتمنى ايشيتيڭز! بك ياخشى بلەسزكە هر قانداق بير كەمپيتچى بالادن بير رەچەل قرالى چيقماس. هر قانداق بير كەمپيتچى بالا، توغولغان كنتيدە ملى تياترو ياساش اوچون اون ميڭلارچە مارك (فينلاندا آقچاسى) برمەس. يارويننگە اوخشاش، توغولغان كنتيدە چوڭ بير غزته خانه آچش اوچون لازم كلگەن ياردملەردە بولماس.

من بولارنى، اوزەمنى ماقتاش اوچون سوزلەمەيمن. بو هر بير شخصنڭ اوزينى ماقتايدورغان يرى ايمەس. سزنڭ حضوريڭزدا، منڭ شخصمدە ياش، قوتلك و ساغلام فين ملتينڭ شخصيتى تورماقدا. من بو يردە، سزنڭ آلديڭزدا، كيپەك آرالاش زاغرا ناندن يب اوسكەن، اورمانلار و پاتقاقلقلار آراسيدا غيورانه ايشلەگەن فين ملتينى تمثيل قيلامن. فين ملتى آراسيدا رەچەل قراللارى بلكه نادردور فقط بو ملتنڭ آدەملەرى آراسيدا مڭا اوخشاش يارويننلەر يوق ايمەسدور.

ياروينن اسملك كشيلەر بير تابور (بيرلەن عسكر) تشكيل قيلالايدور. مڭا اوخشاشلار ملت آراسيدا ميڭلارچە موجوددور. مڭا اوخشاغان كوبلەگەن يارويننلەر، حاضر اورماندا درختلەرنى يولار. تاغلاردن تاشلارنى چيقارور.

- بولارنڭ كوبلەريگە هم فقير تورموشلارى تار كلمەكدە. بز ضرورتدن و ايشلەشدن قورقمايمز. بزدن ياخشى ياشاب ياتادور دب باشقالارغا كوندەشلك قيلمايمز. يالغوز، ياروينن جنسيدن بولغان كشيلەرگە بو معيشت طرزى تار كلمەكدە. اولارنڭ جانينى سيقماقدا. اولار باشقا بير نرسە ايستەيدور. تخيمو پارلاق استقبالنى اميد قيلادور. قوياشقا اوخشاش، اڭ چيرايلق، اڭ قوتلك بير نرسەنى آرزو ايتەدور. اولارنڭ روحيدا بير نرسە قاينامافچى، تاشماقچى بولادور. فقط آغيز آچا آلماي ياتادور.

- اوتكەن ييل جنوبى ايتالياغا باريب، رەچەل ياساشدا ايشلەتش اوچون بير واپوردا پورتاكال ساتب الغان ايدم. بير قانچە كونلك اقامت فرصتيدن فايدالانب ناپولى يانيداكى ويزو يانار تاغينڭ چوققاسيغا چيقدم.

تاغنڭ چوققاسيداكى وولقان توشوكينى كوروب، ياشلق وقتمنى اسلەدم. او چاغداكى فكرلەرمنى و حسلەرمنى اويلادم: توشوكنڭ ايچيدە قارا وقويوق بير لاوا قايناب، پورقلاب توراتور، لاوالار وولقان توشوكيگە قاراب، بير دم اولەر، بيردم پەسەيب كتەر ايدى. گويا، وولقاننڭ ايچيدە، آغيزنڭ تار بولغانى حالدا، نفس آلماقچى بولوب ياتقان يوغان جسەلك بير توگە ياتار ايدى. يرنڭ ايچيدە قايناب تورغان اوتلوق لاوالارغا وولقاننڭ آغزى تار كلەر ايدى. مانا، شونڭ اوچون ير آستيدا قوتلەر و ايچكى اوت لاوالارى تاغنڭ توشوكيدن چيقشقا اورونار ايدى.

من هم بير وقتدە بو احوالدا ايدم. حاضر، فين ملتى هم شو حالدادور. ياروينن ديمەك، فين ملتى ديمەكدور.

دوامى بار

1) رەچەل قرالى - رەچەل: ميوەلەرنى شكر بلەن پوشوروب ياسالغان بير ييمەك بولوب، بوزولماسدن ساقلانشى اوچون كوبراق قاينتيلب ياسالادور. رەچەل قرالى ديمەك: بو تورلك ييمەكنى ياساشدا داڭقى چققان و بو ايشنى بير مملكتدە بوتونلەى اوز قوليغا الغان كشى ديمەكدور. (تحريردن)

## چاقيريش

قويونتازلار تورت طرفكە آيريلغان ايگيز چوققالاردن سڭا واقيرايمن.

سنى بو ارته ياز كونينڭ دستلەبكى آقشاملارينڭ قوچاغيغا چاقيرامن.

كوز آلديمدا اوزانب ياتقان يرلەر جيم جيت......

آلديمداكى درختلەر هيچ قيميلدامايدور.

دريالاردن، سنڭ آوازيڭغا اوخشاغان سو شيلديراشلارى كلەدور. اوى، چوڭقور، ايگيز تاغلار، بو „آللەى“ بلەن قانداق گوزەل اوخلايدور...

اطرافمدا پيدا بولغان كولەڭگەلەردە سنى ايزلەيمن. غلغلە قيلب قاچيشقان كەكلكلەردن سنى سورايمن.

و سنڭ ايزلەريڭنى يامغور ياغماغان، شامال تگمەگەن تاغ باغريلاريداكى توپالاردن ايزلەيمن.

و سوگيلم، قويونتازلار تورت طرفكە آيريلغان ايگيز چوققالاردن سڭا واقيرايمن. سنى بو ارته ياز كونينڭ دستلەبكى آقشاملارينڭ قوچاغيغا چاقيرامن.

براق، سوگيلم، دريالارنى ايڭراتقان شامالار، منى اميدلەندورگودەك بير نغمە آلب كلە آلمايدور...

م.ت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


تلده ، اشده ، فكرده ، برلك !

# أرك

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز توركستاندور

23 مارت - 1949 ييل

23 جمادالاول ١٣٦٨ ه

مديرى : عيسى الب تكين
باش محرر : م . ا . بوغرا

254 چهارشنبه

آدريس: اوروم‌چى يالغاك التاى كوچاسى اوى نومرى 13 .
تلفون : مدير اويى و اداره خانه : 20 تلگراف 2222


## دەرنەكنىڭ يىللىق خذمتيدن بيانات

(12 نجى مارت دەرنەكنىڭ بير ييللق خاطره كونى عيسى بگ افندم طرفيدن سوزلەندى)

محترم مسعود افندم ، محمد امين بگ افندم باشلق ار - عيال خانملار ! بوگونكى كون دەرنەكنىڭ بير ييللق خاطره كونى. بولتور يعنى 48 - ييلى 3 - آينىڭ برنجى كونى دەرنەك آچيلغان. بوگون دەرنەك آچيلغانغا بير ييل تولوب 12 كون آشقان بير كون. دەرنەكنىڭ برنجى سانى فقيرنىڭ اويىدە 2 - 3 - سانى باشلار سالونيدا ، 4 نجى سانى محمد امين بگ اويىدە 5 نجيدن 14 نجيگه قدر سانى اويغور اويوشما سندا ، 15 نجيدن 21 نجيگه قدر سانى قازاق - قيرغيز قلوبيدا آچيلدى.

نيمه اوچون مختلف جايدا آچيلدى ديسەك ، يورتداكى احوال ، بير جايغا مجليسكه چاقرسا ، خلقنىڭ اوبدان كيلب برمەگەنلكيدن باشقى - يمان بولسون تجربه اوچون خصوصى اويدە آچساق ، دوام قيلدوروشقا ارزيگەن تقديرده كە ؟ رەك جايغا يوتكوسەك ديگەن مقصد ايلەبرنجى دفعەسى خصوصى اويدە آچيلدى. چاقريلغانلار قيزغين كلدى. مجلس ئيا مان ايمەس اوتدى. همه قيزغينلق كور سەتدى. 2 نجى دفعه باشلار سالونيدا اونكوزولدى. آخرى باشلار سالونى هم كچيك كيلب قالدى. قيزغينلق آلديدا اويلادوق. بعضيلەرنىڭ عراباسى بار ، يول يراق ، كلگوچيلەرنىڭ آغيرلقينى كوزده توتوب ، ياقينراق بولسون دەب اويوشماغا يوتكەلدوق . اويوشماغا هم قيزغين كيلب بردى. يول يراقلق حس قيلنيب كامەى قاليشيغا سبب بولوب قالماسون دەب قازاق - قيرغيز اويوشما سندا آچيشقا مجبور بولدوق. يوتكولوب يورگەنلكنىڭ سببى مانا شول.

نيمه سببدن دەرنەك قوردوق : بو نىڭ سببى - محمد امين بگ افندى ايتقاندەك ، باشلاريمز ، خلقيمز بير پارچه علم آلسون ، باشلاريمز اورتاسندا تانيشيش بيرلك رابطه باغلانسون ، محبتى چيگيسون ، باشلاريمزنىڭ بير آز كوگول آچيشيغا سبب بولسون ديمەكدن عبارت: بوندن باشقا نقطەسى يوق .

تشبثچيلەرى : آلتاى نشرياتيداكى باشلار ، خدمتچيلار ، آلتايغا يار بولەك بولوب تورغان محبلاريمزدن عبارت . بيزنىڭ دەرنەك بير ييل دوام قيلدى. دەرنەكنىڭ مونداق مركب احوالدا بيرەر ييل دوام قيلشيغا كوز يتمەدى. وضعيت معلوملوق ، بونىڭ تشبثچيلارى سببدنمو ، دەرنەكدن اوركوش بار ايدى. شول سببدن قورقار ايدم. اما بير ييلغا دوام قيلا ليشينىڭ سببكارلەرى سابق رئيس مسعود افندم باشلق حكومت باشلقلارى ، علملاريمز ، شاعرلاريمز ، صنعتچيلاريمز ، اويوشما رئيسلەريمز بولدى. 1 - مسعود افندم اشتراك قيلب برگەنلكدن بعضەن شبهەلەر آزايدى. تيل تەگكوزمەكچى بولغانلار حساب لاشدى. 2 - بيز باشلاريمزنى مادى ، معنوى بير نرسه بلەن تأمين اتمەى يانا بولماس ايدى. شعر اوقوغان ، غيرت كورسەتكەنلەرگه مكافات برمەسەك كامچيلك بولوب قالور ايدى. مسعود افندم نىڭ بو جايدا هم ياردمى تەگدى. 3 - نطق ، شعر آقلاب زيريككەن زمانلاريدا كوڭل آچارلق بير نرسه بولماسا يانا بولماس ايدى. قزلاريمز ، سازچيلاريمزنىڭ بونقطەغه كوب فائدەسى تەگدى. بير سياسى حمايه ، مادى ، معنوى يار دملەر ساحه سندە دەرنەك بير ييلغا دوام قيلدى. بيزگه ياردم اتكەن بيوكلەريمز ، شاعرلاريمز ، صنعتكارلاريمزغا جاندن ئيوره‌كدن تشكر ايتماى تورالمايمز. مسعود افندم مادى ياقدن اوتكەن ييل 4 نجى آيدا 20 مليون ياردم قيلدى. شول وقتيدا بو پولغا ايكى ياريم سر آلتون كيلەر ايدى. بو 20 مليونغا ابراهيم مطيعى ارقالى شانخەيدن بير مونچه قيمتلك اشيا آلدوروق. 2 - قانيم اويغور اويوشمادا دەرنەك آچادورغان جاينى رمونيت قيلماق اوچون 20 مليون ياردم قيلدى. دەرنەكنى گيلەم بلەن بيزيمەك لازم بولغانلقدن گيلەم آلماققا يانا 150 مليون ياردم قيلدى. 2 - بورت سيور منورلەر طرفيدن 20 مليون پول 100 دانه استاكان بيرتوپ آق كوبو ياردم قيلينيدى. روحى طرفدن مسعود افندم ، امين بك افندم ، بورهان افندم ، شاكر حضرتم ، عبدالروف دوقتور ، نعمت افندى ، ابراهيم مطيعى ، چنگزخان ، پولاد قادرى ، كريم افنديلەر قيمتلك كونفرانس بريب باشلارنى جلب قيلب بردى. شاعرلاريمزدن اوزوم بيلگەنلەرنىڭ اسميني ايتسام ، امين بك افيدم ، اسعدالله داملام ، عبدالعزيز مخدوم ، عبدالشكر يالقين ، چنگزخان ، اونكور ، عنايت‌الله ، جارى ستار ، كرم ، قارسيلقان ، آياغان ، اويغور ، عبدالرشد ، محمد تانلق ، هاشم امين ، يرات روزى ، رسالت حسن باشلق دارالفنون ، تيل اوقول ، اورتامكتب شاگردلارى ايچيدن بير مونچه شاعرلار قوەتلك شعرلەر اوقوب اوتدى. ثابت افندى قيزغين لطيفەلەر سوزلەب بردى. قزلار مكتبينىڭ اوقوغوچيلارى آئيم خانمنىڭ يتەكچيلكى آستندا انسانى جلب قيلارلق ناخشا ، اويون اويناب بردى .

(دوامى ايكنجى بتدە)

( باشی برنجی بتده )

اوزبك اویوشما صنعتكارلاری نهایتی
قیزیق حالدا ساز چلیب بردی.

بربلگەن مكافاتقا كلسەك، تون 3 ‘
دوپپا 5 ، گالیتوك 14 ‘ ساعت 4 ‘
برنجی یارکیر قلم 1 ‘ ایکنجی قلم 24 ‘
یاپاغ 11 بو بوگونکی بهادا جمعی
700 ملیارد دن آرتادور.

دەرنەك خیلی تاثیر یاسادی بور
تومزنك بیر نچه ناحیەسندە دەرنەکلە
آچیلدی‘ قراشهر، کورلا‘ بوگور‘ کو
چار، شهیار‘ آقسو کبی جایلاردا آچیل
دی. قراشهردە بیر نوبت‘ کورلادا 13
نوبت‘ بوگوردە 3 نوبت‘ کوچاردا 2
نوبت‘ شهیاردا 3 نوبت‘ آقسودا 9
اونکوزولدی

دەرنەکنك فائدەسینی اوزلەری بیلیپ
شورلەر‘ اوز مقصدمگە بیر آز استفاده
اندم· من شو دەرنەکدین دولایی بیر آز
تاریخی معلومات آلدم · ٤ نجی تیل
حقندە معلومات لدم· تیل‘ یازو تاری
خیمزنی آڭلادم. ساغلقنك ، اخلاقنك
اهمیتینی آڭلادم· شاعرلاریمزنك تیلەك
آرزوسیغا آشینا بولدوم· شونك بلەن
بیرگە یاشلاریمزدا بولغان تالانتقا یاتا
بیر پارچه تالانت قوشولغان بولدی .
قابل یاشلاریمزنی بیلیپ تاللاپ آلغان
بولدوق. اوزوم تانیش بولماغانلار
ایله تانشیپ چقدم· من بو اورتادا بیر
طرفدن خرسندە یانا بیر طرفدن متاثیر
من· تاریخمز تیلیمز بار ایکەن، بیزگە
فائدەلك زیادق مسئلەلەر بار ایکەن ،
نیمە اوچون‘ تاریخ تیلیمزنی بیلە آلما
دوق· تاریخیمزنی خدا موشوندق یا
رانقان شونداق توغولوب موشونداق
اولەدورغان آدملەرمز دەپ کلدوق· بو
تون دنیادا هربیر ملت اوز تاریخینی ‘
تیلینی بیلگەن‘ اوزبگە فائدەلك ایشنی
اوگرەنگەن اوزیگە زیادق ایمدن قاچ
قان بیر زماندا بیزگە او نرسەنی کیم
بیلدورمەدی ؟ بیلەیلی دیسەك کیم توس
قونلوق قیلدی بیز بوگون تاریخنی
بیلدوق· تیل، یازوغا ایگە ایکەنیمزنی
بیلدوق· بیز بونی دەرنەکدین بیلدوق·
تیلیمزنی‘ تاریخیمزنی بیز حکومتدین
ایمەس اجنبیلەر آرقالی بیلیپ اولتور
دوق· تاریخنی بیزگە امین بک افندی
و اونلك شاگردی پولاد قادری و نعمت

افندیلەر بردی. امین بک چتدین اورگو
نوب کلدی· بو جایغا کلگەندە بیز او
چون اویان ! حکومت نامیغا اویان !
بیز اوز ایشیمزنی اوزومز قیلالماغان
جایدامز‘ حکومت قیلیپ برمەگەن جایدا،
بیر ملت بیر دولت نامیغا بو ایشلەر
اویان ( چاوالك )

امای کیلەیلی‘ بیز موشو الك کی
رەکلك تاریخنی ایشلەپ چیقارالیدوقمو؟
حیات ـ مامانقا علاقەدار تیلنی ایشلەپ
چیقرالیدوقمو ؟ چیقارساق‘ اوز توشەن
چەمزگە اویغون ایشلەپ چیقرالایمزمو ؟

اوز توشەنچەمزگە اویغون قیلشقا کریا
مەس ایکەنمز‘ تاریخنی ایشلەپ چیقر
آلماس ایکەنمز‘ حالیمز نیمە بولادور
بیز موشونداق کیتەمزمو ؟

تیل حقندە بیر نرسە ایشلەپ چی
دوق ! او بیزنك ایشیمزغا یاراسون
تیل بیوك قورال ، ملتنی ساقلاشد
زور رول اوینایدور· حکومت ایشلە
بیرەرمو‘ ایشلەپ برسە‘ بیزگە اویغو
قیلیپ بیرەرمو ؟ اوردوم توبماس ملت
بونی بیلورمو ؟

( دوامی بار )

# اچکی وضعیت و یاڭی کابینه

پاکستان ( 18 - مارت) چین کامو
نست رادیوسی یاڭی مامورى پالانا باشلغی
خەییلك چیكغا نارضیلق بیلدورمەکدە.

کابول ( 21 ـ مارت ) چیندە بول
غان گومینداڭ یوکلەری خارچیە وزیر
بلگولەش حقیدە کلیدە آلمای یانقانلقی
اوچون کابینەنی تشکیل قیلش ایشی
کیچیکەکدە دور .

حکومت اوچقولاری کامونستلارغا
اوتوب کتکەن چوڭچیاڭ سوقوش کیمه

سینی یوموپالاپ یاتوردی .

کابول ( 22 ـ مارت ) تونو
گومینداڭ مجلسی خەییاڭ چیاڭ کابین
نی تصدیقلادی. قانون مجلسی طرف
تصدیقلانغاندین کیین اعلان بولغو
نانکیننڭ 40 میل غرفیدە
تسخ عسکرلەری یاڭزی طرفیگە ای
لەمەکە حرکت باشلادی.

یونان کامونست پارتیزانلاری
قیشلاقنی اشغال قیلدی .

**—* (***) *—**

# صلح امیدی وشبهه

کابول ( 20 ـ مارت ) لی زوڭ رین
صلح مذاکرەسیگە آلدیراماقدا دور و
صلح وکیللەرینی تیزدن پیکینگە ایبه
ریشنی ایستەمەکدە دور· لکین کامونست

لارنك هجومی نتیجەسیدە بو صلح
دیگە عمومنك شبهه بلەن قاراشی
ماقدا دور. لی زوڭ رین شمالغرب ع
باشلقلارینی مصلحت اوچون نانکنغا چاقر

# برمادا

کابول ( 20 ـ مارت ) برمادا رنکون
نك 25 میل شمالیدا قاتیق سوقوش
بار. خبرگە کورە کارینلار یڭیلمەکدە
دور· برما حکومتی انگلترەدن قورالی
و مالی یاردم سورادی. باش وزیر تاك

خیتو انگلترەنك عسکری یاردم قیلش
حاجت یوق. لکین قورال و مالی
دمینی تیزدن یتکوزوب برسە برما
اوزیمز تنجلاندورامز دیدی·

# اوختوروش

بیلم دەرنەکینك بو هفتەدە اوتکوزولەدورغان ی
غینیدا بیلم یورتومینك مدیری محمد امین بوغر
اتوم انرگیسی حقیدە کونفرانس برەکچیدور· موضو
نك مهملکیدن محترم دەرنەکداشلاریمزغه حرمتلەر ای
لە اوقتوروش قیلامز·

بیلم دەرنەکی

ئۇيغۇر كتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# رادىو خبرلەرى

## صلح وكىللەرىنىڭ تعيينى

انقره (24- مارت) خوبېك چېن كابىنەسى بوگون قسم اىچدى. بوگون برنجى مجلسىنى آچىب صلح وكىللەرىنى بلگولەش و پېكىنگە بوللاش حقيده مذاكره قىلدى.

كابول (25- مارت) چېن حكومتى بش نفر صلح وكىلىنى بلگولەدى. ياقىندا پېكىنگە يورگوسىدور.

شاولېزى غزتەچىلەرگە: „كومونستلار صلحگە بەنه 8 شرطنى اساس قىلشدا مستحكم تورسا صلح بولوشى‌بك قىيىن بولغوسى“ دېدى.

## كوموسيونلار فعاليتى

پاكستان (25- مارت) انگلىز سابق خارجيه وزيرى ايدن پاكستانغا سياحت اوچون كلدى. حاضر كلكيتقا كتدى. كشمير خلق فكرىنى آلش كوموسيونى آپرىلنىڭ باشلارىدا ايشقا باشلاش اوچون كلگوسىدور. كشمير متاركه كوميسيونى كلكيتقا كيلب او يردن توركستان چيگاراسيدا هونزا و كانجوت يگلكلەرىنى تكشوروش اوچون بولغا چيقدى.

## اتلانتيك بيرلكى و دولتلەر

انقره ( 25- مارت) بيوين آتلانتيك بيرلكىنى امضالاماق اوچون بوگون كويين مارى كيمەسىگە مينب بولغا چيقدى. بولجيقا باش وزيرى سپاكمو بو كيچەده بولغا چيقدى. ايتاليا اعيان مجلسيده آتلانتيك بيرلكيگە كريش لايحەسى كلەر هفته باشيغاچه دوام اتمەك احتمالى باردور.

كابول (25- مارت) دانيماركا ملت مجلسى آتلانتيك بيرلكيگە قوشولوشنى تصديقلادى. پورتكيز ملت مجلسى آتلانتيك بيرلكيگە قيلنغان تكليفنى مذاكره قيلدى. ايتاليا خارجيه وزيرى كونت سپورزا ارته واشيگتونغا يورمەكچيدور. بوگون ايتاليادا آتلانتيك بيرلكيگە قوشولوشقا قارشى بولغان كومونستلار نمايشيدا 18 پولس (ساقچى) يارالاندى.

## بيرهادا

كابول (25- مارت) بيرمادا ماندلى طرافيدا قاتتق سوقوش باردور. ماند

لى‌زنك 12 ميل جنوبيدا اغتشاشچيلار دهم بير مركزىنى حكومت عسكرلەرى قايتوروب آلدى. حكومت اوچقوچلارى كارينلارنىڭ مركزىنى بومبالادى.

## دولتلەر اراسيدا تجارت معاهدەلەرى

پاكستان (25- مارت) ايتاليا و ژاپون تجارت وكيللەرى كراچيغا كلدى. ياقيندا پاكستان و بوگون ايكى دولت آراسيدا تجارت معاهدەسى امضالانغوسيدور. ژاپوندن پاكستاندا خدمت قيلماق اوچون فنى آدملەر كەلمەكچيدور.

انقره (24- مارت) فرانسا و ايتاليا آراسيدا تجارت و باج بيرلشتوروش معاهدەسى شومان كونت سپورزا طرفيدن امضالاندى و ياقيندا ايكى دولتنىڭ ملت مجلسلەرى طرفيدن تصديقلانغوسيدور.

لوندون - يوغوسلاويا و غربى آلمانيا آراسيدا تجارت معاهدەسى امضالاندى.

## امريكادا تحقيقان

واشيگتون (25- مارت) آمريكا زيانچى تحقيقات كوميسيونى آمريكا كومونستلارىغا قارشى فعاليتىنى آرتدوردى. „آمريكادا 8500 كومونست حكومتكه قارشى حركت قيلماقدادور“ ديگەن بير بوروشور نشر اتدى.

## مهم قسقا خبرلەر

كابول - سويت دولتينىڭ عالى‌شورا مجلسى، مارشال نيكولاى پولكانينى اورنيغا، مارشال واسيلوفيسكى‌نى اوردو وزيرلقيغه بلگولەدى.

••• - توندوگون اوردون و بهودى وكيللەرى رودوسدا متاركه مذاكرەسيگە باشلادى.

••• - هوللاندا ملت مجلسى اينەونيزيا جمهوريت حكومتى بويوكلەرىنى بوشاتش و جوكجاكرتانى جمهوريت مركزى توتوش اوچون تنجلق مجلسنىڭ توصيەسينى مذاكره قيلشقا باشلادى.

انقره - بيوين شومان و دين اچيسون كيلەرجى آپرىلدا واشيگتوندا توپلانب، غربى آوروپا و شرقى آوروپا حقيده فكر آلماشتورماقچى ايمش.

••• - آناەولوداكى يشيل ايرماق درياسيغا تاشقين كيلب كوب قشلاقلار سو آستيدا قالدى.

فرانكفورت - بيرلينگه هوادن اوزوق توشوش ايشلەرى كيگەيتلمەكچى ايمشدور.

پاكستان - بومبايدا حكومتنىڭ آشلقلارىنى تيمور يول استانسەسيدە خلق بولان - تالان قيلب چققان حادثەده 4 آدم اولدى.

## ايلكتريك استانسانىڭ توك پولى آشورولدى

حرمتلو مشتريلەرىمزگه معلوم قيلامزكى: ايلكتريك استانسەگه لازماق ماى، كومور و باشقا اشيالارنىڭ بهالارى كوندن كون اشوب تورغانلقدن شركتيمز قيينچيلقدا قالدى. شونىڭ اوچون اولكەلك حكومت معاون رئيسى محمد امين بك، ليو ميشوجاڭ، بوخگالتيرده باشقارما باشلغى وى، بلديه رئيسى چوى وە، ماليه معاون ناظرى بەى ون يە دن عبارت مخصوص 5 كشيلك هيئت قرارى هم تصديقى ايلەن 3نجى اى برنجى كونيدن باشلاب توك پولى توبەندەكيچه اشورولدى.

هر آيدا لامپالارغا آلينادوغان توك پولى

| وانى | صوممەسى |
|---|---|
| 25 واتلق | 2875000000 اولكه دوللارى |
| « « 40 | « « 4600000000 |
| « « 50 | « « 5750000000 |
| « « 60 | « « 6900000000 |
| « « 75 | « « 8625000000 |
| « « 100 | « « 11500000000 |
| « « 150 | « « 17250000000 |
| « « 200 | « « 23000000000 |

هر آيدا ايشچونچككه آلينادورغان توك پولى

| كيلووات | صوممەسى |
|---|---|
| هر بير كيلووات حقى | 685000000 اولكه دوللارى |

ايلكتريك استانسا باش مدبرى: حسام‌الدين موسين

# اق زامباقلار مملكتيده

№17

خاق دارالفنونينڭ پيگرمو بحنجى ييلىرەچەل قرالى

ياروينىنڭ نطقى

## دولانچى كاروكپ

خوجايينى كيمىراق:

- كاروكپ، ساراڭ بولوپ قالغان بولسا كيرەك دەيدور.

كاروكپ تورمەدە بير قاچە اى ياتـ دى. بو ائنادا هيچ كيم بلەن سوزلەشـ مەيدور. اوقوش بلەن مشغول بولوپـ دور. بالخوز زنجير بند محبوسلارنڭ جنايت توغراسيداكى حكايەلەرينى ئى لاش بلەن ذوق اليپدور.

كاروكپ تورمەدن چققاندن كيين، خاتونينى و بالالارينى اجنبى مملكتلەر دن بريگە ايبەريپ آتيدور. بوندن كيـ ين فيلادلفيادا باتورلق بلەن قيلنغان اوغريلقلار، بولانچيلقلار و آدم اولتو روشلەر باشلاندى. ايكى ييل ايچيدە بير قانچە بانكا و اونلاغان كليسانى بو لادى اوچ پاپاسنى اولتوردى.

هر كشينڭ محبتينى قازانغان بير دلديە دوقتورى اغريق كورگەلى كيتپ بارغاندا يول اوستيدە اولتوردى فقط يانچوغيداكى پولى اليماغانلقدن، اول توروالوشيدەكى سببلەرنى ناپقالى بولما دى.

الـ كيين، بير شهرنڭ چتيدەكى مزارلقنڭ كليسەسيگە اوغرى كيرەدور. كليسەنڭ يانيدا اولتوروشلوق پاپاس، توبوقسزدن كليسە پنجيرەلەرينڭ بريدن ياروقلق كلگەنلكينى كورەدور.

خدمتچيسى بلەن بللە كليسەگە با ريش بلەن، ايكز بناڭ الديدا جناية چى بلەن اوچراشب قالادور. بو جناية چى پاپاسنڭ الديدا ماغان خدمتچيسى بير موشت بلەن اورب يقيتقاندن كيين پاپاسنڭ باشيغا بير تومور موشت بلەن اوروب، باشينى ياريب قويادور. پاپاس بو چاغدا:

- ياردم، ياردم!

دب واقيرا الادور.

آيدين بير قيش كيچەسى ايكەن، هر ياق آپپاق قار، بو چاغدا مزارلقـ نڭ يانيدا كيتپ بارغان بير قانچە ييزا لق بو «ياردم» آوازى كلگەن ياققا بو گوروشەدور و بير آدمنڭ قاچيپ كيتپ بارغانلقينى كوروب، آرقاسيدن قوغلاب توتوب الادور. ساقچى ادارەسيگە تاپ شورولوب، سوراق ائناسيدا اسمينى سوراغان همان بولانچى قاتل كاروكپ ايكەنلكى بيلينەدور.

خاطر جمع، كولومسرەش و آغير باسيقلق بلەن بانكالارنى، تجارتخانەلەر نى كليسەلەرنى قاندلق بولاغانلقينى اوچ پاپاسنى و بير دوقتورنى قاندلق اول توركەنلگينى حكايە قيلب برەدور.

- بو ايشلەردە ياردمچيلەريڭز كيم لەر ايدى؟ ديگەن سوألغا قاراتا:

- بو جنايتلەرنى هەمەوقت اوزم قيـ لار ايدم. ياردمچيلەرم مڭا معلومات يتكوزەر ايدى. بولاردن هيچ بيرسينڭ اسمينى سزگە ايتمايمن بوتون بو او يونلارنى من اوز حسابمغا قيلدم. بوتون مسـ ئوليتلەرنى اوز اوستمگە آلامن. امـ دى اوبوندا اوتتوروب قويدوم. تقديرم سزنڭ قوليڭزدا. البتە، مانا زبانڭ هەممەسينى توليپ بريشكە حاضرمن. خوالاساڭز جانمنى اليڭز. اما ياردم چيلەرم توغراسيدا مندن حساب سورا ماڭز.

بوندن كيينلا كاروكپ، خستە خانە دن قاچدى و هيچ بير ايزينى قالدور ماسدن، يوق بولوپ كتدى. بو واقعە لەردن كيين بير نەچچە ييللار اوتدى. هر نەرسە اونتولدى.

حاضر، ناپوليدا دو كاروكپنڭ او زى، من آش يەپ اولتورغان اوستەل نڭ يانيغا كيلب مڭچە:

- عفو قيليڭز! سز ياروين ايمەسـ موسز؟ دب سورادى. من:

هە شونداق ديدم حيران بولدوم.

- يوككو ياروين؟ دب قايتا سو رادى.

- هە شونداق.

- تامەر فورس يانيداكى كولمار ويلك ايمەسموسز؟

- هە شونداق، هەئە! براق سز بولارنى نەدن بلەسز؟ من سزنى برنـ چى قاتيم كوروشوم.

- من، بورونقى كاروكپ من، ديا ايدى... يوككو، منڭ كهنە دوستوم يوككو! آح، منڭ سويومڭ بالالغم. او چاغداكى كچيك دوستوڭ جون كارو كپنى بيلەمسن؟ كهنە كاروكپكە قولڭنى اوزاتامسن؟

كاروكپ بلەن بيرلكدە اويومگە كلـ دوق. ياريم كيچەگچە قينچە موگداشـ دوق. مڭا ديدىكە:

- اوغوللارم كاروكپنڭ كيم ايكـ لكينى بيلمەيدور. آمريكادا ايكى قاتيم يورت الماشتوردوم. ايكى قاتيم اسمـ نى اوزگرتدم. عائلەمنى جنوبقا اليپ باردم. اوزەم شمالدا ايشلەشكە باشلا دم. من كوروندوشدە ياريم آمريكالق ياريم اسپانيەلكمن. براق، زوحم قـ دور. حاضر، قاندلق ياشاب يانقانلقمنـ كوردوڭ. گناهلارمنى اعتراف قيلسام منڭ سوزومنى آڭلامسن؟ منڭ ايزلەر نى هيچ كيمگە اوختورمايدورغانلقڭـ سوز برەمسن؟ ياروين، من سنڭ جـ نكڭنى بيلەمن. بزنڭ سوڭوينڭ حيانيـ هم كوزەتب تورامن. سنڭ بالالق وقـ دە من سنى بك سويەر ايدم. حاضرقـ رەچەل قرالينى هم بك سويەمن.

بالالق دوستوڭنڭ قاندلق آدم بكەنلكينى آڭلاشڭنى آرزو قيلامن. جون كاروكپدن نفرتلەنيشڭنى آرزو قـ مايمن. جون كاروكپ جنايتچى ايمەـ ايدى.

- سن او چاغدا روحى كسل دڭ، شوندامو؟

- سن ناچەلك كسل بولساڭ، هم شونچەلك كسل ايدم. او چاغدا نادن ايدم. بير قاتيم اويلاب باق! قاراڭغو چوك بير اوينڭ ايچيدە آ نيپ يوروسن، يوزلەگەن اويلەرنڭ ا ە تورالك - تورلك نەرسەلەر راق قيلچەلك ياروقلق يوق.. ياردمى بلەن ماڭاسن. البتە، او، بو سەلەر چاقيلادور. هم اوى ايگەسـ قيمتلك نەرسەلەرينى سوندورسن اوزەڭنى يارادار قيلاسن.

دوامى بار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

تلده ، اشده ، فکرده ، برلك !

# آلتای

مدیری : عیسی الب تکین
باش محرر : م . ا . بوغرا

آپریل 1949 یل 1
جمادالاخر ١٣٦٨ . 2

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

256 جمعه آدریس: اورومچی دهقان التای کوچاسی اوی نومری 13 .
تلفون : مدیر اویی و اداره خانه : 26 تلگراف 2222


## دەرنەكنىڭ بىللىق خذمتىدن بيانات

(12 نجی مارت دەرنەكنىڭ بیر ییللق خاطره کونی عیسی بگ افندم طرفیدن سوزلەندی)
باشی 254-ساندا

خطای ایچیده بولغان گونلەریمزده معارف وزارتیدن تورکستان اوچون درسلك کتاب تیارلایمز دەب چاقرغان ایکەن . من اولارغا شونی دیدم ، — کتاب حاضرلاشدن اول آلدیمیز بیلیشکه لازم بولغان بیر قانچه نقطەلەر بار . تاریخ یازغاندا اوبداڭ اویلانیش لازم . کتابدا سزلەر بیزنی تورك دەمسیلەر یاکی مسلمان — اویغور دەمسیلەر ، مسلمان ملتی ، اویغور ملتی دیسەڭلەر خفا بولادورغانلار بار . مسلمان دیمەك بیر دین اسمی ملت اسمی ایمەس ، تاسارا دینی دیگەن اسم بار . تاسارا ملتی دیگەن اسم یوق . مسلمان دینی دیگەن اسم بار ، مسلمان ملتی دیگەن اسم یوق . تورکستاننىڭ اصلی آهالیسینی سیزلەر « آریبان » عرقیدن دەیسزلەر بیز تورکستاننىڭ اصلی آهالیسی تورك دەیمز . موشو نقطەلەرده بیر جایغا کلمەی یازغان درسلکلەر تورکستانلقلقا اویمایدور . اولار اوقومایدور ، بوندن باشقا املا مسئلەسی هم مهم اورون توتادور . بعضیلەر آغزدن نمه چقسا شونی یازادور ، سیلەرمو شونداق یازامسیلەر یاکی سوزنىڭ اصلینی بوزمای یازامسیلەر سیلەر یازغانلەر تورکستانلقنىڭ ایشیگە یاراسون . بو حقده اول بیر نقطەگە کلمەك لازم دیگەن ایدم .

حکومت قولی ایله یازیلغان نرسه هیچ قاچان بیز دیگەندەك یازیلمایدور . حکومت بیز دیگەندەك یازماسا ، قاراب اولتورامزمو ؟ بوگون تاریخ ، تیل ، اخلاق ، ساغلق کتابی یوق . بولار قاچان بولادور . بولغاندامو ایچیمزغا یارامدور . یاراماسا نیمه قیلامز . اونی هم بیلمەیمن ! . حکومتکه تیگیشلکنی حکومت قیلیب برسون . یاقینغا قارامای اوزاقنی اویلاب قیلیب برسون . قیلیب برمەسه ، بیز اوزیمز قیلایلی ، التای نشریات اداره سنده بیلم تورکومی بار . اونىڭ ایچنده تیل ، ادبیات و تاریخ — جغرافیه یانا بیر تألف — ترجمه بولومی بار . تورکوم مدیری محمد امین حضرتم ، تیل ، ادبیات مدیری ابراهیم مطیعی ، تاریخ ، جغرافیه مدیری پولاد قادری ، تألیف — ترجمه مدیری جمال الدین .

بعضیلەر یارادور ، اوزیگه فائدالق باشقاغا زیانلق . بیز یازایلی ، اوزیمزگه فائدالق ، باشقاغا زیانسز تیل ، ادبیات ایشلەب چقایلی . بیز چنده یورگەن زمانلاریمزدا بابالق کیم ، آتاڭ کیم دیسه ، ایتیب برالمای اویالغان ایدوق .

تورکستانلقنىڭ املاسی نهایتی بوزوق . مڭ تورلی آدم مڭ تورلی یازادور . باشقالارنىڭ املاسی بیر عربلەرنىڭ املاسی بیر ، بیزدن باشقا هەمەسینىڭ بیر ، بو نرسه ، شول ملت ایچیده الڭ کرەكلك نرسەنی آڭلاغان و شول ایش آرقاسیغا کریشکەن آدم بارلقینی آڭلادور . باشقالار اوز ملتینىڭ املاسینی بیرلەشتوروشکه کیریشیب یاتسا ، بیز بوگون بوزماقدامز . بیر زمانلاردا بو ملت بوزوب سوزلەسەمو ، بوزمای یازار ایدی . او زماندا بیر قازاق ، بیر تاتار ، بیر اوزبكنىڭ یازغانینی بیر استانبوللق قا کورسەتساڭز ، او اوقویالور ایدی . بوگون اونداق حالدا ایمەس . آغیزدن نیمه چیقسا شونی یازیبورسەك ، اونی خورلارنىڭ ایچیدن هم بیر نچه ملتنىڭ چیقشیغا احتمال بار . قازاقنی بیزدن اوزاق قیلغان نرسه ، لهجەداکی آز — تولا فرق ، « یاخشی » نی « جاقسی » دەیمن دەب قازاق من بیر ملت دەب اول تورسا ، « بولمی » « انمی » دەب تاتارلەر ، « ئەنەئەكگه » ، « مەنەقەكگه » دەب اوزبکلەر بیز آیری بیر ملت دەب چیقسا ، آنیبت شول اویغور ، تاتار ، قازاقلارنىڭ ایچندن بیر قانچه ملتنىڭ اوسوب چیقشیغا شبهه قالمایدور . خطایدا بیر زمانلاردا لاتینلاشایلی دیگەن بیر حرکت بولدی ، بو خط ایله کوب اثرلەر یازیلدی ، بعضیلەر ، « خطاینىڭ بیر ملت ایکەنینی کورسەتیب توروغان نرسه بوگونکی خطای یازوسی ، لاتینچه یازوغا کوچکەنده ، تیل بیرلکی قالمایدور . پیکیننىڭ « من » دیگەن سوزنی « گو » دەب یازسا ، شانگخەیلکلەر « آلا » دەب یازسا ، پیکینلکنىڭ سوزینی شانگخەیلك ، شانگخەیلك سوزینی پیکینلك آڭلایالمایدورغان حالغا کیلیب قالادور » دب قارشی چققانلار بولدی .

بیزنىڭ املانی بیرلەشتوروش حرکتیمز حقیده روس آغیزلار سوراب قالدی . خاخوللار آغیزدا « هاواریت » دیسەمو ، یازغاندا « گاواریت » دەب یازادور . بیزنىڭ بو حرکت هم آغزیڭدا « هاواریت » دیسەڭمو ، یازودا « گاواریت » دەب یاز دیگەن بیر حرکت دیدم . اول روس ماتا « پراودا » بك یاخشی » دەب جواب قایتوردی .

هەمەمز بیرلەشیب توروب موشو نرسەلەرگه اهمیت برەیلی ، اوزوڭ بیغلا ، اوزوڭ قایغور دیگەندەك حکومت قیلیب برمەسه ، اوزومزگه کرەکلك ایشنی اوزومز قیلایلی .

بیزنىڭ بو دەرنەك یورتقا فایدالق علملەر ایله خلقیمزنی تانشتوروشدن عبارت . بوندا هیچ بیر سیاسی مقصد یوق . حاضر دەرنەککه کلمەگوچیلەر هم پیدا بولوب قالدی .

( دوامی ایکنجی بتده )

# ۲۲ نجی سانلق دەرنەك

(شەھو خبری) 26 نجی مارت
آخشامی قازاق ـ قیرغیز قلوبیدا بیام
دەرنەكینڭ 22 ـ سانلق اولتورروشی
عبدالله نعمابینڭ رئیسلكی آستندا اوت
كوزولدی. كونفرانس بابیدا محمدامین
حضرتم »آتوم قوتی« حقیدە ایكی
ساعت سوزلەب آتومنڭ نیمە ایكەنلكی،
اونڭ قایسی زەمانلاردن بری عالملار
طرفیدن تیلغا آلنغانلقی، طبیعتدە آتوم
نڭ رولی، بوگونكی فن دنیاسندا عالم
لارنڭ بو آتوم قوتیدن فائدەلانیشیغا
چالیشیب یانقانلقی، اتوم قوتینی جم ـ
عیتدە فائدەلك ایشلەرگە ایشلەتكەندە،
ارنڭ انسانلق اوچون یتكوزەدورغان
فائدالاری، ایستكی، آتوم قوتینڭ دنیا
غا كیابلا سوقوش اوچون ایشلەتیلگەن
لكی، سوقوشدا نهایتی دهشتلك تاثیر
قالدورغانلقی، آتوم قوتینڭ سیرینڭ
آمریقادا ساقلانیب یاتقانلقی، آتوم قو
تینڭ خلق آرا دولتلەر طرفیدن اداره
قیلش ایشلەرینڭ حل بولماغانلقی حقی
دە مفصل بیانات بریب اوتدی.

شعر بابیغا كلگەندە، قزلار مكتبی
نڭ قزلاری و عالم جان فاروق اوسول
و ناخشا اوینیاب بردی. شعر ادبیات با
بیدا دارالفنون، تیل مكتب، دارالمعل
مین شاگردلاریدن بیر قانچە شاعر بالا
لار شعر اوقودی. دەرنەك نهایتی فیز
عین كوڭللك اولتوررشدن كیین سا
عت 1½ دە تارالدی. مخبر

×* ) ** (×**) ** ( ×*

## توقسوننڭ ساغلق ایشلاری اچینشلق حالدا

توقسوندن آلغان خبریمزگە كورە؛
ارتە یاز فصلی یتیب كیلب ھوانڭ اوز
گورشی بلەن عوام خلق ایچندە
بیر تورلی كیسەل پیدا بولغان. اونڭ
اوستیگە كچیك بالالار آراسیدا یاوا
چیچەك عوملاشیشقا باشلاغان.

بوبردە (توقسوندا) دارو ایشلا
رق كمچیل بولغانلقدن توربان دوقتور
خانەسیدن طبیبی خادملەر بلەن دارو
آلیب كیلب دوالاش و چیچەك چیكیش
ایشلەریگە كریشیش توغراسیدا یوقاری
غا التماس قیلغان.

## ٦ نجی مكتب حقندە مهم بیر قرار

باغچاقداكی جماعت معتبرلەریدن
نیاز حاجی، تورك تاتار اویوشماسینڭ
رئیسی حسام الدین ابزی تورك اوز
بك اویوشماسینڭ رئیسی عبدالفتاح عب
دالوالی باشلق ۰، دن آرتوق ذات
6 نجی مكتبنی دارالمعلمین قارماغیدن
آلیب بیواسطە معارف نظارتیگە اوتكو
زوش توغراسیدا بیر التماسدا بولون
غان ایدی.

بو تیلەكچە معارف نظارتی طرفی
دن توزولگەن چارەلەر بلەن اولكەلك
حكومتكە تقدیم قیلنغانیدا قبول كورو
لوب، 60 ییلدن آرتوق بیر تاریخقا
ایگە بولغان 6 نجی مكتبنی »نمونە«
اوقولی قیلشقا، بونڭ اوچون یاتاق و
تعمیر ایشلاری پونكەنگە قدر معارف
نظارتینڭ قارماغیدا اولكەلك باشلانغوچ
اوقولغا اوزگرتیشكە قرار قیلغان.

# اچكی و تاشقی خبرلەر

## صلح مسئلەسی و وضعیت

انقره (26 ـ مارت) چین صلح هی
ئتی كومونستلار بلەن درحال صلح مس
ئلەسیگە كریشمەككە قرار بردی. كومو
نستلارنڭ ... شرطینڭ قالیشینی قبول
قیلش امكانینی اینچیكلەمەكدەدور.

اوتیەچین قورموزاغا باریب تای بی
شەھریدە نطق سوزلەب قورموزالقلارنی
كومونیزمغا قارشی توروشقا دعوت قیلدی.

كومونستلار خانكو نانكین آراسی
داكی انكین شەھریگە یاقینلاشماقدادور.
بو شەھر أنخوی اولكەسینڭ مركزیدور.

انقره (28 ـ مارت) چین صلح هی
ئتی موزیدونڭ 8 شرطیدن سوقوش
گناهكارلارینی حكومت ایشیدن چیقا
ریش و قولغا آلیش شرطینی كیینگە
قالدوروشنی قرار بردی و همده عس
كر قسقارتش طلبینی رد قیلدی. اگر

كومونستلار بو شرطلەرنی عملگە آشو
روشدا قاتتق تورسا، كوب افسوس
بلەن صلحدن امید اوزگوسی ایمشدور.

كابول (30 ـ مارت) چین مأموری
پالاتا مجلسی صلح لایحەسینی بوگون
تصدیقلادی.

یاڭ أن رادیوسی آپریلنڭ بریدە پ
ییكیندە صلح مذاكرەسی باشلاش اوچ
ون جوالینڭ ریاستی آستیدا بشركی
شیلك هیئتنی اعلان قیلدی.

كومونستلار خانكوغا هجوم باشلادی.

كابول (29 ـ مارت) سوڭ زیوین
جیاڭ كای شی بلەن »اگر حكومت كو
مونستلارغا آرتوق امتیاز برسە گوانگ
دوگدا آیریم بیر حكومت قوروش«
حقیدە مذاكرە قیلماقدا ایمش. بو مذا
كرە مركزی حكومتنی اندیشەگە توشور
مەكدەدور.

یونان پارتیزانلاری كونیتسانی
محاصره قیلدی.

لوندون (29 ـ مارت) چین صلح
هیئتی پنجشنبە كونی اوچقو بلەن پیج
كینگە یوروشكە قرار بردی. هیئت ر
ئیسی جیاڭ جی جوڭ »بو قانیمقی
سفریمزدە سوڭ صلح حقیدە مذاكرە
قیلشنی وقتدن بالدور دب بیلەمن. بو
سفریمزدە متاركە طلب قیلامز« دیدی.

## هوللاندا ملت مجلسیدە

كابول (29 ـ مارت) هوللاندا ملت
مجلسی ایندونیزیا جمهوریت بویوكلەری
نی بوشاتش و جوكجاكارتادا رسمی حكو
مت قوروش حقیدە مذاكرە یورگوزمەك
دەدور.

باتاویا كونفرانسی جمهوریت بویوك
لەری اشتراك ایتشنی قبول قیلماغانلق
دن معلومسز چاغقاچە توختاتیلدی.

اورتا و شرقی جاوادا هوللاندا و
جمهوریت عسكرلەری آراسیدا قاتتق
سوقوش دوام قیلماقدادور.

( باشی برنجی بتدە )

بیز دەرنەككە كلگەنلەرنی سیاسی
قورال قیلمایمز، بیز سیاستنی اوز بو
لیدا قیلامز.

كوپچیلك قرداشلارنڭ یورتقا فائدا
لق ایشلەرگە اهمیت برمەكلەرینی؛ اوزو
مزگە تیشلك ایشلەرنی حكومتكە قاراب
اولتورەای اوزومز قیلشقا كریشمەك
لەرینی سوراب قالامز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


## سوریه‌ده زور عصیان

آنقره (30 - مارت) سوریه‌ده عسکرلەر طرفیدن بیر عصیان چیقدی. باش قوماندان بوتون مملکتده حربی حالت اعلان قیلدی. مذکور عصیانچی باش قوماندان طرفیدن « حکومتنك بویروغنی سیز قورال کوته‌رگه‌ن هر کشی درحال اوق ایله آتیلادور » دیب اوخ‌توروش چقاریلدی. بو عصیاننك سببی سوریه حکومتینك یهودیلەر ایله صلح مذاکره‌سی قیلشنی قبول قیلغانلقیغا قارشی دارالفنون اوقوغوچیلاری طرفیدن بولغان نمایشدا ساقچیلارنك نمایشچیلارنی اوققا توتقانلقی ایمش.

خبرگه کوره عصیانچیلار، باش وزیر خالدالعزم باشلق وزیرلەرنی قاماققا آلمیش. رئیس جمهور شکری‌القوتلی نی‌مو قامالغانلقی روایت قیلنماقدادور. عصیانچیلارنك چقارغان بیاننامه‌سیده « عرب حقوقی و خلقچیلققا خیانت قیلغان حکومتنی یقیتماق، و حقوقیمزنی مدافعه قیلش، خلقچیل بیر حکومت قورماق مقصدیمزدور » دیلمه‌کده‌دور.

کابول - سوریه عسکری قوماندانی حسین ضیا اوزینی سوریه‌نك عسکری حکمداری ( دیکتاتوری ) اعلان قیلدی.

## ازاد افغان قبیله‌ری حقنده

کابول (؟ - مارت) موهمند، افریدی، عثمانخیل، شنیواز و باجوردن عبارت بولغان آزاد آفغان قبیله‌لەری طرفیدن سیال آتاق بیوك بیر کشی جلال آباد شهریده باش وزیر شاه محمود خاننك آچقان مجلسیده آزاد قبیله‌لەرنك آفغانستان حکومتیگه قوشولوشی طلبینی بتون آزاد قبیله‌لەر طرفیدن وکیل بولوب قویدی. شاه محمود خان بولارغا آزاد آفغان قبیله‌لەری ایله بیر ملت بولغان صفتیمز بلەن اولارنك حقوقینی تأمین قیلماق اوچون آفغانستان حکومتینك بوتون فداکارلق قیلشنی سوزله‌دی. بوتون آفغان ملتینك تقدیری اوچون جانیمز ایله میدانغا توشامز » دیدی. دولت وزیری محمد گلخان « موهمند آفغانلق و آفغان ملتی حقیده هر بیر حرکتکه حاضرمز، آفغان ملتیگه مسلمانلق نامی آستیدا مسلط بولماق ایسته‌گەن هربیر اجنبیگه بار کوچیمز ایله قارشی توروب آفغان ملتینك حقوقینی همایه قیلامز » دیدی.

## جلال ابادا خلق ییغینی

کابول (29 - مارت) جلال آبادا افغانستان باش وزیری شاه محمدخان شرقی ولایتینك و آزاد قبیله‌لەرینك کاتتالاریدن مرکب بیر خلق ییغینی آچدی. بو ییغین آزاد قبیله‌لەرگه پاکستاننك هجومی سببیدن ایکی حکومتنك مناسبتی بوزولغانلقی بلەن مناسبتلکدور. باش وزیر آزاد قبیله‌لەرگه یاردمده بولوشنی وعده قیلدی. جنوب ولایتلەرینك خلقی پادشاهغا پاکستاننك آزاد قبائلغه بولغان هجومیغا قارشی حرکتکه کیلشنی طلب قیلب عریضه بردی.

## اتلانتیك بیرلکیگه قارشیلق

کابول (29 - مارت) آمریکا ملت مجلسینك جمهوریتچی اعضالاری آتلانتیك بیرلکیگه قارشیلق کورسه‌تمه‌کده‌دور. هانری والاس اوچونجی فرقه باشلقی هم قارشیلق بیلدوردی.

لوندون (28 - مارت) کانادا ملت مجلسی آتلانتیك بیرلکینی تصدیقلادی. فرانکونك بیرلەشکەن ملتلەر قورومیغا اعضا بولوش طلبیگه آمریکا وکیلی قارشیلق کورسه‌تشنی بیلدوردی.

## پروفسور اوپنهایمرنك ایضاحاتی

انقره (26 - مارت) آتوم بومباسی یاساش ایجادچیسی پروفسور اوپنهایمر انگلیز آتوم حاضرلاش کومیسیونیغا مهمان بولوب لوندونغا باردی. آتومنی پارچالاش ایشیغا یالغوز 1939 دا موفق بولغانلقینی و ندن بورون آتوم بومباسی یاساش ممکین برلماغانلقیدن و بو امکانیتنك یالغوز مذکور ییلی میدانغا چققانلقیدن ایضاحات بردی.

## قاهره‌ده اثار عتیقه تاپیلدی

قاهره ( 30 - مارت ) آوروپادا مصر آرخئولوگلاریدن بیرلەشکەن بیر اومەك قاهره‌نك یانیدا بیربردن 2500 ییللق اثار عتیقه‌لەر تاپدی. بو اثرلەر کوك و قیزیل رەڭلك هیکلله‌ردن عبارت بولوب 200 قدم چوڭقورلقدن چیقدی.

## اتلاشمادا کلیشه الماسلق

انقره (26 - مارت) اوردون و یهودی آتلاشماسی عقبه‌دن عسکر چیکش مسئله‌سیده ایکی طرف کلیشه آلماغانلقدن توختاب قالدی.

انقره (28 - مارت) لبنان فلسطین چیگارالاریداکی سوریه عسکرلەری سوریه‌گه چیکیلمه‌کده باشلادی: اوردون قرالی عبدالله و عراق باش وزیری نوری سعید پاشا بلەن بیرلکده قدسقا کیلب، عراق شهیدلەرینك مزارلارینی زیارت قیلدی.

انقره (28 - مارت) توركیه حکومتی اسرائیل دولتینی تونوماققا قرار برگه‌نلکینی تیش ایشلەری باقانلقی رسمەن بیلدوردی.

## نکاح

انقره (29 - مارت) ایران شاهیدن آجراشیب کتکەن مصر قرالینك همشیره‌سی فوزیه خانم بوگون مصر گنرالاریدن اسماعیل شریف پاشا بلەن نکاحلاندی.

## بیرلینگه قایتقان المان اسیرلەری

انقره (29 - مارت) بیرلینگه 13 کون ایچیده 6600 آلمان اسیری قایتب کلدی.

# اق زامباقلار مملكتيده

№18

خلق دارالفنونينىڭ بيگرمى بشنچى بيلورەچەل قرالى
يارويننىڭ نطقى

## بولاقچى كاروكپ

انسان بونداق بير يردە يالغوز قال غاندىن كيين سارالڭ بولامدور، جنايتچى بولامدور، ياكە يوروقلقدىن محروم بدبخت بولامدور؟ هر نەرسە بولادور. مانا او چاغدا، سز ياخشى كورگەنچون كاروكپ شو حالدا ايدى. بونداق ظلمتدە قالغان يەنە قانچە ميليون كاروكپ باردور.

كاروكپ، قولومنى توتوب، سوزيگە دوام قيلدى.

ـ آح سويوملك يوككو، حياتنىڭ بو ظلم وقتلەريدە سنىڭ هم بير طرفكە قاييب، اورولوب كتمەگەنككە سويونەمن. براق من خوجايينمنىڭ دوكانلاريدا ايشلەب يانب سيقيلار ايدم. هر نەرسە مڭا تار كلەر ايدى.

من «دوروست» او اثنالاردا من هم بيرتارچيلقنى، بير سيقيلشنى توبار ايدم» ديدم، كاروكپ ايتدى:

ـ مانا كوردوڭمو؟ ميليونلارچە يا روبنلەر، كاروكپلەر، تورموشنىڭ بيروقتيدە تارلق توبادور. الڭ كڭرى، الاگوزدك، الڭ ياتماق نەرسەلەرنى استەيدور. منىڭ تورموشوم ياخشى ايدى. بير خانونوم اوچ كيچك اوغلوم بار ايدى بولارنى سويەر ايدم. اوز باشمغا بير تجارت قيلش ايدى هم بار ايدى. براق، من سيقيلار ايدم. بيركون قاراغوددك بولسام، بزنىڭ خوجايينلارنىڭدو كانيداكى كوره حياه ايكەن. بيزالقلاردن لغان نەرسەلەرنى باشقا بير كورەملەر. بيزالقلارغا سانقان بوغداينى باشقا بير كوره بلەن اولچەيدور. هر ايكيسيدەلا بيزالقلارنى آلدار ايكەن. اوزون ييللاردن بيرى ايشنىڭ بونداق كيتب بارغانلقينى، منىڭ هم اوقوشداى اونڭغا اوغريلقدا ياردم قيلغانلقمنى آڭلادم. جانم يامان سيقيلدى. قولومدا بولغان بوتون پولنى بيزالقلارغا تارقاتب بردم. دوكان ايگەسيگە هم موشت آتدم. آچراماغان بولسا بلكه جانيتى آلار ايدم.

محكمەدە منى محكوم قيلدى. ساختا كورەلەردن بحث قيلشنى اويلادم براق بيزالقلاردن، كوره، شيللەردن شكايت قيلماسلق ترغراسيدا تيل خط آليب آلغانلقينى بيلب، بونى ايتمادم.

بيزالقلار، بيزالق موڭلەر، بوندن شكايت قيلسا، ايكنچى بير نەرسە بر مەيدورغانلقينى اويلاب قورقاشار ايدى.

من هم جيميقدم. بيزالق موڭلەردن نفرتلەنش بلەن عصيانغا تشويق قيلش اوچون اولارنى اورغوم كلەر ايدى.

محبوسخانەدە اولتوروب، اويلانار ايدم.

ـ محكوميت مدتم توشقاندن كيين منى قوبوب برەدور! او چاغدا نيمە قيلامن. ساختا كورەلەر بلەن قايتا باشقلارنى آلداشقا باشلايمنمو، ياكە بولماسا منى آلداسا چيداب برەمنمو، او زمان جانم تخيمو سيقيلدى. بدبخت ملت، بدبخت انسانلار! هم قيريلادور هم بير ـ بيريني قيريشادور. تڭرى محبتى اوچون جسم معبدلەر قوروش دور. يەنە دو عبادتخانەنىڭ آلديداكى [...] دانلقدا مبڭلاغان انسانىنى تيريكلا [...] مورەدور. بير قسمى تخى تڭرى [...] قيدا اولوشوب كتەدور.

من هم، انسانلارغا قارشى، تڭ[...]گە قارشى عصيان قيلدم. اسپانيەدە [...] انسانلارغا قارشى روحە، بدنەن [...] قيلا آلماغانمغاولوكونەر ايدم. اگر او[...]دە بولغان بولسا ايدم اولارغا واقيبر[...] ايدم: اگر اسير بولساڭز، قربان بول[...]ڭز، بولارغا چيداڭز. حديڭزدور. [...]تيڭز. يوقالب كتيڭز.

شوندن كيين انسانلاردن تڭري[...] انتقام آليشقا قرار بردم. بانكالارنى [...]لادم. بانكالارنى بولاش بلەن تخي[...] كوبلەگەن انسانىڭ فلاكتيگە سبب بو[...] دورغانلقمنى ظن قيلار ايدم.

الڭ ياقتورغانم، كليسە اشياسي[...] اوغورلاش ايدى. الڭ ياخشى پاپاسلا[...]نىڭ كيملەر ايكەنلكينى آنقلاب آلغ[...] باريب اولارنى اورار ايدم.

ـ ياربى! منى نيمشكە توتوب[...] مەيسن، دب عصيان قيلار ايدم. تو[...]ماغان سرى بلك آچچيقم كلەر ايد[...] آسمانغا تيكيلە تيكيلە دەر ايدم: [...] حەلڭ، او يڕ هم بوش! بر يوزيدە[...] يالغان، آسمانذا هم يالغان»

دوامى بار

---

### ايلكتريك استانسانىڭ توك پولى آشورولدى

حرمتلو مشتريلەريمزگە معلوم قيلامزكى: ايلكتريك استانسسگە لازماق ماى، كومور و باشقا اشيا[...]نىڭ بهالارى كوندن كون اشوب تورغانلقدن شركتيمز قيينچيلقدا قالدى. شونىڭ اوچون اولكەلك ح[...]مت معاون وئيسى محمد امين بك، ليو ميشوجاك، بوخگالتريدە باشقارما باشلغى وى، بلديە ر[...]سى چوى وە، ماليە معاون ناظرى بەى ون يە دن عبارت مخصوص 5 كشيلك هيئت قرارى هم تص[...]ق ايلەن 3نچى اى برنچى كونيدن باشلاب توك پولى توبەندەكيچە اشورولدى.

هر آيدا لامپالارغا آلينادوغان توك پولى

| وانى | صوممەسى |
|---|---|
| 25 واتلق | 2875000000 اولكە دوللارى |
| “ “ 40 | “ “ 4600000000 |
| “ “ 50 | “ “ 5750000000 |
| “ “ 60 | “ “ 6900000000 |
| “ “ 75 | “ “ 8625000000 |
| “ “ 100 | “ “ 11500000000 |
| “ “ 150 | “ “ 17250000000 |
| “ “ 200 | “ “ 23000000000 |

هر آيدا ايشچونچككە آليناودرغان توك پولى

| كيلوات | صوممەسى |
|---|---|
| هر بير كيلووات حقى | 685000000 اولكە دوللارى |

ايلكتريك استانسا باش مديرى: حسام الدين موسين

تلده، اشده، فكرده، برلك !

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز توركستاندور

4 جمادالاخر ١٣٦٨

3 آپریل 1948 ییل

مدیری: عیسی الب تكین
باش محرری: م. ا. بوغرا

257 یكشنبه

آدریس: اورومچی یاكماك التای كوچاسی اوی نومری 13
تلفون: مدیر اوی و اداره خانه: 26 تلگراف 2222

# اسلامیت نیمەنی بویرویدور، مسلمانلار قایسی حالدا

( م. شمس‌الدین اثرلەریدن ) (۱)

اسلام متفكرلاری، دیننی بو دنیا و او دنیادا انسانلارنی سعادتكه یەتكوزه دورغان بیر قانوندن عبارت دب تعریف قیلیشادور. دین، اسلامیت دائیمیدن بیر اللهنك قانونی بولوب عقل و سلیم ایگەلەرینی فضیلتكه، گوزەل اخلاقا، سعی و غیرتكه، تسفلیق اولارنی اوز اختیاری بلەن ایكی دنیالق سعادت و سلامتكه ایریشتورەدورغان مقصدلەرگه آلیب بارادور.

دیمەك بویلەگە شو تعریفلەرگە قاراغاندا بیر مسلماننك بختیار آخر زمانغا قدر كوب امیدوار بیر انسان بولوشی لازمدور. بیر اسلام جمعیتنك هم مدنیتده، اخلاقدا، عدالتده، علمدا، بایلقدا انك زیاده ترقی، انك زیاده سعادتلك بیر جمعیت حالیدا بولوشی لازم كیلەدور. یەنه بو تعریفكه كوره، بیر مسلمان، نظافت، تیرتنلك، فعالیت غیرتنلك، علم و معرفتنلك، گوزەل اخلاق و نجابتنلك بیر اولگەسی، بیر اسلام جمعیتی هم عدالت قانونچیلق، انتظاملقنلك بیر عالی نمونەسی بولغوسیدور. اسلام شهرلەری، مسلمان ییزالاری، پا كیز، چیرایلق، آباد بیر اممەك قایناغی حالیدا كورونگوسیدور. براق، حاضر شوندامو؟ یاق! ... دنیا یوزیدە بول غان انسانلارنك بوگون انك بدبختی انك مسكینی مسلمانلار ایكەنلیكینی كور مەی یاتامزمو؟ مدنیتده علمده بایلقدا تجارت و صنعتده انك زیاده ارقادا قالغان كشیلەری، بیر-بیرلەرینك انك اشدی دوشمنی و انك یاغری قاتتیق قا تلی بولغان جمعیتلەر، اسلام اولكەلەری دن باشقا یرلەرده كورولەمدور؟ مسلمان لارنی، سعادت و سلامتكه ایریشتور مەك، دینیمزنك مفهومیدا بولوب تورو لوق قاندا غریبدورگه، بوگون سعا دت ایچیدە بولغان، سلامت یوللارینی آچلاغان، تولوغی بلەن مستقللیگینی ساق لاغان بیر اسلام حكومتی، بیر اسلام جمعیتی كورونمەیدور!

دین، سعادتنك چكی یوق دب بیلدور لەنیگه قاراغاندا، اسلام دینینك ذلت و سفالتنی قبول قیلمایدورغانلقی راستدور. بیزنی دنیانك سعادتیدن محروم قویغان، ترقیمزغا توسقون بولغان، بز تعریفلەب اوتكەن دین ایمەسدور و دین توسقون بولماس. چونكه حقیقی بیز دین عزت و بایلق طرفداریدور. حقیقی دین بلەن سفالت و ذلت بیرله شه آلماس دین مسلمانلارغا دنیانك سعادتلەرینی قولغا كلتوروش یوللارینی كورسەتكەنلیكیدن، ذلت و مسكینلكنی یاقلاغوچی طریقتلەر اسلام دینینك مفهومی ایچیگه كرد لماس.

مسلمانلار دیننی بونداق دب بیل گەن زمانلاریدا ترقی قیلغان بو توشەن سینی اونتوب قالغان كونیدن باشلاب، آرقاغا چیكینیشكه یوز توتقاندور. دین، تولوق یشیلگەن وقتلەرده ترقی، بایلق و یاخشیلقلار آلغا باسقان؛ دین، اونتو لوشقا باشلاغان هامان، دیننی بیلگوچی عالملار قالماغاندن كیین دین بلەن بیرگه مسلمانلار هم منقرض بولوشقا باشلا غاندور.

علم و عرفان، بایلق و اجتهاد ترقی قیلماغونچه، دیننی ساقلاب قالیش ممكین ایمەسدور. حالبوكه بیزگه دیننی شونداق دب بیلدورگەنمو؟ نەده اونداق بولسون! ملتنك باشیغا چیقیب آلغان بو دملەر، بیچاره خلقنی „بو دنیا كافرلار اوچون، آخرت مسلمانلار اوچون یارانیلغان“ دیگەنگه اوخشاش خطا و زهرلك سوزلەر بلەن تشویق قیلیب، مسكینلك و ذلتكه باشلاغان، ملتنی عصرلەرچه اوخلاتقان، فكرلەرینی بوغاقان، روحلارینی اوشوتكەن، اسلام یورتلارینی بیر خرابەزارلققا آیلاندور غاندورلەر.

بو زیانلق تلقیناتنك یەتكوزگەن تاثیرلەرینی بیلمەكچی بولامسز؟ بیر اسلام یزاسیغا، بیر مسلمان شهریگه با ریكز كوره دورغانیكز باشدن آیاق بیر مزارستان، بیر سفالتخانه، یوقیلغان اولگەن بیر اسكی تاملق، یاكی بیر خرابەزارلقدور. شونداق حالداكی شهر یاكه ناحیه دیگەن اسمنی آلغان بو خرابه لەر، تار پاتقاق كوچالاری، نملك و چوكك اویلەری، آفتاب توشمەیدورغان اونگكورلەری بلەن تیریكلەرنك شهرینی ایمەس اولوكلەرنك دیارینی كوز آلدیمزغا كلتورەدور. تیریكلكنی، حیاتنی كورسەتەدورغان بیر نرسه كوزگه چالینماس. كوزگه كورونگەن هر قانداق منظره انساننی تیترەتەدور.

( دوامی ایكنجی بتده )

---

(۱) تورك متفكری م. شمس‌الدیننك بو مقاله سی «ظلمتدن نورغا» اتلق رساله‌دكی باشقا كەلەه گەن مقالەلەر بلەن بیرلكده بالقان سوقوشینك المالك یقلەرده یازیلغاندور: بو قاردەن كیین هە طرفداكی اسلام مملكتلەری هر جهتدن ترقی قیل غان، دین و ملت یولیدا مجادلەلەرگه كرشكەن، و نهایت بیر قانچەسی موفق بولغاندور. فقط بیز نك بوگونكی حالیمز، دیگەنكی اسلام مملكتلەری و اسلام قوملەریدن بوتونلەی باشقا بیر عالم و باش قا بیر حیات ایچیده اشاب یاتقانلقیمز، هر طر فیمزنی باطل اعتقادلارنك چیرماب آلغانلقی، حقیقی دیننك احكامیدن اوزاقلاشیب یاتقانلقیمز و دین ادملەرینك بو یولداكی اهمالكارلقی، بو مقاله نی و بونگا اوخشاش بیر قانچه كتابلارنی باسیشقا بیزنی مجبور قیلماقدا دور

باشی برنجی بتده

یازدا یامغوری، توپا، توزانگی، قیش
لدا سوغوقی، یاتقاغی بولغان کوچالار
دا یالاڭ آیاق، یالاڭ باش بیر قو
تان بالالارنڭ یاوایبلارچه اوروشوشلا
ری، تیلانچیلاری، سفیل و حقیر
خاتونلارنڭ قاراڭغو و زەیکەش اوی
کورلەرده اسنەش بلەن وقت کوچوروش
لەری کورونەدور. بو چوك ناحیەده یا
که بیزادا، قهوەخانەلەرنڭ سسیق و
پاسکینا تاختایلاری آستیغا یغیلغان اف
لاس توپالارنڭ اوستیگه توپلانغان
آغریق چیرای، عاجز بدنلك اگری پا
چاقلق بیر قوتان مسکین آدمەلەرنڭ خو
رەك تارتیشلاریدن باشقا حیات اثری
تویولماس.

قهوەخانه دیلگەن بو سفالتخانەلەر
دن، الڭ کچیك بیر بیزادا ایکی، اوچنی
بولغانلقینی ایتساق، اجتماعی تورشکوز
لکیمزنڭ قایسی درجەگه یتکەنلکی آڭلا
شیلادور. قهوەخانەلەرنڭ شهر حیاتیغا
بولغان تاثیرینڭ یتکوزگەن خطرلەری
آز ایمەس. شهر قهوەلەری اخلاقنی
بوزادورغان یرلەردور. بو یرگه توشوب
قالغان بیر بیتیچی، سفالت و مسکینلك
توزاقلاریغا چیرمالشدن اوزینی آران
قوتقوزالادور. قهوەخانەغا دائما کریب
یورگوچیلەر او ساسیق اوینڭ ایچیده
ارتەدن کچکەچه اخلاقنی بوزغوچی
کونفرانسلارنی دیش بلەن بیر ـ بیری
بلەن موکداشقان حسابلانادور. بو یر
لەرده چیریب توگوگەن وجودلارنیمو،
یا بولماسا، خطا یوللارغا کریب، بوزو
لوب کتکەن روحلارنیمو قایسی بیرینی
ایتەیلی؟ بیکارچیلارنڭ اوگاسی بولغان
قهوەخانەلەر، مرحلەنڭ بوغون اوییگه
اوخشاش تورابرسه، بو مملکتنڭ استق
بالیدن امید کوتوش فائدەسزدور. حال
بوکه شوندا‌ق بولورمو ایدی؟ دین
شونی بویروغانمو ایدی؟ دین بیزگه
دنیا نعمتلەریدن فائدەلانیشیمزنی، اخ
لاق فضیلتلەرینی تاپیشیمزنی، بورتنی
بیر سعادت گلزاریغا ایلاندورشیمزنی
بویروغان ایدی. دیمەککه بیز دیننی
اونوتقان، دیننڭ کورستکەن یولیدن
آغیب کتکەندورمز. اسلام دینی، اوزی
گه ایشەنگوچیلەرنی هم بو دنیادا، هم
آخرتده سعادتکه ایریشتورەر. حالبوکه

بیز بو دنیادا سعادت و سلامتدن بو
تونلەی محروم قالیب یاتامز. بو حال ـ
معاذالله ـ آخرت سعادتیدن هم محروم
قالیشیمزنڭ الڭ یاقین الڭ قوتالك بیر
دلیلی ایمەسمو؟ بو یولدا کتەبرسەك،
دنیا و آخرتده بیولك حسرتلەر ایچیده
قالادورغانلقیمز راست ایمەسمو؟

اسلام دنیاسینڭ بوگونکی سفالت
منظرەسی کورسەتەدورکه، حاضرقی دور
ده هر طرفده بولغان مسلمانلار کوپوی
چه، حقیقی دیننڭ حکوملەریگه بوی
سونماغاندور. چونکه دین، مسلمانلار
نڭ سعادت سلامتکه ایریشیشینی لازم
کورەدور. دیننڭ تعریفینڭ بوگونکی
مسلمانلار حالیغا اوخشامای یاتقانلقیدن
آڭلاشیلادورکه حاضرقی وقتده مسلمان
لار حقیقی دین حکملەریدن یاك اوزاق
لاشیب کتکەندورلەر.

حقیقتده، دین مسلمانلارغا سعی
و غیرتنی امر قیلغانی حالدا بوگونکی
مسلمانلار، اوزلەرینی عطالتکه بیریب،
هر قانداق نەرسەنی اللەدن کوتوش یو
لینی توتوب آلغان و گویا جناب حق
اولارنڭ کیف و آرزولارینڭ یریگه یت
کوزولوشیگه مامور و مجبور بولوب
قالغاندەك ارتەگەنده کچده: «یاربی!
بونی اونداغ قیلسالڭ، اونی بونداق
قیلسالڭ» دیش بلەن وقت اونکوزوشه
دور. یاخشی بیلیشیمز کیرەككه، جناب
حق بزنڭ ایشچیمز و یاکه وکیلیمز ای
مەسدور. قولیمزنی هواغا کوتوروب
«اربم! اونی بونداق قیل!» دییش
نڭ اورنیغا اللەنڭ لطفیغا ایشەنچیمز
نی بیلدوروب، او ایشنی بونداق قی
لش اوچون اوزیمز ایشلەشیمز لازم و
ایشلەب یاتیبلا جناب حقنڭ یاردمینی قل
بیمزده تیلەشیمز لازم.

اللە بزنڭ کیفیمز اوچون هیچ بیر
وقت سنت‌الهیەسینی بوزماس. چونکه
جناب حق، ایشلەگەندەلا، غیرت قیلب
امکانیتینی تاپقاندالا خواهلاغان نەرسه
مزگه نائل بولالادورغانلقیمزنی بزگه
خبر قیلادور. مادی یاقدن هیچ بیر ایش
قا کیریشمەسدن کیچه کوندور دعا قیل
ساق، بونداق مناسبتسز دعالار هیچ
بیر زمان اجابت بولماس.

تمام

## ٥ انجی بیغیلشیمزدا

(کورلا خبری) اورومچی دەرنەکیـ
دن خیلی کیین باشلانغان بولسامو، دا
ئما دیگودەك توپلانیب تورولغان کورلا
بیلم دەرنەکی 12ـ مارتدا 15نچی مج
لسینی آچدی. برنجی اوقول بناسیدا
و ارتەگەن ساعت 10 دا باشلانغان بو
دەرنەك مجلسیگه 70 گه یاقین منور
اشتراك قیلدی.

دەرنەکچیلەرنی یاڭی ـ یاڭی علم
موضوعلاری بلەن قزیقتوروب کلگەن بو
دەرنەکده عبدالطیف دلشاد «ادبیات نظ
ریەسیدن بیر قانچه مهم اساسلار» قو
نوسی آستیدا کونفرانس بیرەر ایکەن
هەممه ادبیاتقا قارشی اوزیده بیر سو
گی حس قیلشدی. عبدالقادر طاهری
«عروض وزنی حقیده بیر آز قوشه
ده بولغاندن کیین ع. دولانی «شاعر
گه» دیگەن شعرینی اوقوب یاڭی قلم
ایگەلەری اوچون الهام قایناغی حاضر
لادی. ثابت خلقت: «یاغراش» ع. عزی
زی «فرصت سنڭ» ع. جمال «یوق
سوللوق»، دیگەن شعری ایجادلارینی
اوقوب آلقشلاندی.

بوندن سوڭره لطائف، حکمتلك
سوزلەر بابیدا عبدالقادر حاجم: «سو
راب بیلگەن عالم، عارلانیب اورگەنمه
گەن اوزیگه ظالم» مضمونیدا، محی ال
دین عشوری: «قارغادەك کەکلکنڭ ما
گشینی دورائمن دیب اوز یوروشینی او
نوتقانلقی» غا دائر عبرتلك فکرەلەرنی
سوزلەب اوتدی.

ارکین فکرلەر بابیدا بیر قانچه
مهم مسئلەلەر کورولگەچ ساز ـ موسی
قی چالینیب، ملی اصوللاریمز اوینال
دی. غزللەر تاولاندی.

شونداق قیزغین صورتده اوتکو
زولگەن 15نجی قاینماق دەرنەکچیلەر
مجلسی توشتن کیین شاعت 4 ده آ
یاقلاشدی

غفور چواڭ

## خلق سخاوتی

(کورلا خبری) یر تبرەش حادثه
سی خلقیمزده خیر سخاوت طاعت ـ
عبادت حسینی یەنه بیر کره اویغاتدی.
شهر صحرا بولوب هر بیر محللەده اذ
تبیاری یغیش قیلیب کمبغللەر یوقلانما
قدادور.

ئۇيغۇر كتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# خلقنىڭ تشبثكارلغى

بو ھەقتە نەدەر ايكەن

(كورلا خبرى) ناھيەمزنىڭ آلدينقى اوقوللاريدىن بيرسى بولغان 7 صنفلق قيزلار اوقوليننىڭ اوز بناسى بولماغانلقدىن بو ييل ياز، قيزلار اوقوليني ياڭيدىن سالىش نيەتيدە مكتب پلانلارى بلەن 77 ملياردلق خراجت اسميتاسيني معارف نظارتيگە معلوم قيلغان. معارف نظارتى 22 نجى فيورالداكى 74 نجى نومورلوق بويروقيدا «حاضرچە پول بره آلمايدورغانلقيني كيين چارە كورەدورغانلقيني» بيلدورگەن. شونداق بولسامو، ايكى ييل ايچيدە حكومتدىن بير تيين پول طلب قيلماي 6 ـ 5 اوقولني ياڭيدىن سالىپ بەرگەن معارف سيور خلقيمز اوز باشيداكى ھر تورلى قينچيلقلارغا قارامادىن معارفچى حاكملەريمز رھبرلكيدە مذكور قيزلار اوقوليلا ايمەس، بلكى بونگغا قوشومچە 3 صنفلق قارا يولغون اوقولى 2 صنفلق توبنكى چارچى اوقولى بلەن اورتا صنف اوچون ياخشيلاپ ياڭيدىن اوقول بنا قيلشقا غيرت قيلماقدا، معارف نظارتى نەدەر ايكەن ؟!

ع. جمال

# بالالار قرائتخانەسى

(كورلا خبرى) بالالارنىڭ درسدىن تاشقارى بيلم آليش ايشيگە ياردم بيريش اوچون شهر ايچى اوقول بناسيدا بالالار قرائتخانەسى آچيلمشدور. مذكور قرائتخانەگە بالالارغە مناسب نورلى درسلكلەر، قوللانمالار، رسملەر قويولمشدور.

بوندىن سوڭ بو قرائتخانەنى تخيەو جانلاندوروش اوچون ھر بير اوقوتقوچيلار صاندوقلاريدا بيكار تورغان كتابلارنى عاريتكە قويسا، اوروەچى غزتەلەريگە بير نسخەدىن مشترى بولوب اونى ترتيبلك رەتلەب قويولسا ھمدە اوقول طرفيدىن قرائتخانەگە قاراش اوچون مخصوص بير كشينى مسئول قيلب پلان و ترتيب ايلە ايشقا كريشلسە بەنەمو اونوغلوق بولار ايدى.

تيتيك

# پاكستان كونسوللغى

پاكستان حكومتيننىڭ كاشغردە بير باش كونسولخانەسى قوروش تكلفيني چين حكومتيننىڭ قبول قيلغانلقيني بوندىن بوروون خبر قيلغان ايدى.

پاكستان حكومتى كاشغر كونسولوقلقى اوچون تخى كشى تعيين قيلنماغانلقى اوچون، انگلتەرەنىڭ كاشغرداكى سابق معاون كونسولوسى آتانمش افندى موقت آليب بارماقدا ايكەن. حكومتيمز بو موقت كونسولوسنى تانوغان ايمش؛

## اوقوغوچيلار اوچون

شهريمزداكى اورتا اوقوللاردا تحصيلگە دوام قيلماقدا بولغان كمبغل اوقوغوچيلارنىڭ كاغذ احتياجيني نظرگە آليب عبدالعزيز موسىباى اوغلى 400 دانە دفتر ياردم قيلغان.

مخبر

دنيانىڭ ھر طرفيدە دقت اويغاتقان بير موضوع

# اتوم انرگيسى حقيدە ازغنە مذاكرە

ييللاردىن بيرى اسميني انقلاب چقارغان اوزى حقيدە ھيچ بير معلوماتيمز بولماغان اتوم بومباسى و كشفياتى حقيدە باش محرريمز محمد امين بوغرا طرفيدىن يازيلغان علمى يازوەنى غزتەمزنىڭ 258 نجى سانيدىن باشلاپ بير ايكى سانغا قدر نشر قيلامز.

«اتوم انرگيسى حقيدە ازغنە مذاكرە» سرلوحەسى استيداكى بو مقالە بوگونگە قدر ھر انساننىڭ بيلشيگە تيگشلك بولغان مھم موضوعلارنى، دنيا مطبوعاتيدا بو حقدە يازيلغان يازيلماقدا بولغان مھم نقطەلەرنى اوز ايچيگە الماقدادور.

كريش سوز، باشلانغوچ سوز، آتوم و يورانيوم، يورانيوم كانلارى، آتوم بومباسى و سرلەرى، آتوم بومباسينىڭ ميدانغا چيقيشى، سياست دنياسيدا آتوم مسئلەسى.

# كلەر سانيمزدىن باشلاپ اوقويسز!

عـــان بولسا، سن يەنە شونداق بولوشقا تريش.

ـ اونداق بولسا، بارىب اوزەم تسليم بولاي.

ـ ياق، بوڭا حاجت يوق. عيسىنىڭ آلديغا بير گناهكارخاتون كيلبدور. گناهلاريني عفو قيلدوروش اوچون نيمە قيلسا بولادورغانلقيني سورابدور. عيسى اوڭا: «قوپ، كت، ايكنجى گناه قيلما!» دەبدور.

سن ھم بوندىن كيين ناموسلق آدم بول، ناموسيڭ بلەن ايشلە، پول تاپ. ظن قيلسام، سنىڭ بالالاريڭ ھم باردور. اولارنى تربيەلە. تورموشلاريني ناموسكار بير امگەك بلەن قامداشني اورگەتسون.

ـ مانا عزيز يوككو! من باشقادىن ناموسلق بير حياتقا قايتدم. بالالارمني اوستوردوم، اوقوتدوم، آدم قيلدم. منىڭ حكايەم شو! امدى سن ھم مڭا قانداق «رەچەل قرالى» بولغانلقڭني آيتلاڭ! چونكە ياروينن بلەن كاروكپ ايكى بالالق آرقاداشيدور. اولار بزنىڭ ملتيمزنىڭ ايكى نسخيدور. بيرى سوغوق بير ظلمت و جهالت ايچيدە اولگەن، يەنە بيرى قوياشنىڭ نورى بلەن يارو تيلغان بير بهار حياتيدا ياشاشقا دعوتلمكدور.

---

ياروينن نطقيننىڭ بو يريدە ملى دارالفنون پروفسورلاريغا خطابەن شو سوزلەرنى سوزلەدى:

ـ مانا سزلەر، ايشلەريڭزنى قيلب ياتقان «رەچەل قرالى» بولغان يارويننگە و مڭا اوخشاش كوبلەگەن يارويننلەرگە كورسەتكەن خدمتلەريڭزنى ذكر قيلماقچى بولامن.

محترم معلملەر! يارويننلەر بلەن كاروكپلەرنىڭ ھەممەسى بير ملتنىڭ اولاديدور. ھر بيرى بالالق وقتلەريدە ياخشى تاثيرلەرگە اوخشاش يامان تاثيرلەرگە ھم اوچراغان. اگر من، ھر كشينىڭ حرمت و محبتيني قازانغان بير آدم بولسام، بو منىڭ اوز مزيتيم ايمەسدور. اگر سويگيلى بالالق آرقاداشم جون كاروكپ بولاكچى و قاتل بولغان بولسا، بو، اونىڭ اوز قباحتى ايمەسدور. بو اونىڭ طالعسزلكيدور. ياروينن بلەن كاروكپ بير ميدانىڭ ايكى يوزيدور. بير درختنىڭ ايكى شاخيدور. درختنىڭ اوزى بولسا ميليونلاردىن مركب خلق كتلەسيدور.

دوامى بار

# اق زامباقلار مملكتيده

№19.

خلق دارالفنونينڭ بيگرمو بشنجي ييلى رەچەل قرالى ياروينڭ نطقى

## بولائچى كاروكپ

يالغاننى، حيلەنى بر يوزيدن يوقاتماق اوچون، قولومدن كلسه بوتون از سالارنى يوقاتار ايدم.

بو سرادا تكرار توترلدوم. براق قورقمادم. بالعوز حيران بولدوم: ديمەك، هر نەرسه يالغان ايمەس ايكەن. ليكن منى اوتقا توتوشلك اورنيغا «بو سارالڭ ايكەن» دب تيمار خانه (روحى خسته خانه) گه ايبەردى اوز - اوزەمگه ديدم:

«سارالڭلار، احمقلەر، يالغانچيلار، من هم بير سارالڭمن. ساراڭلق قيلب قوللاريغا توشدوم. بولەر آيياق قار بلەن كوموكلك تورسا هم آيدين بير كيچەده اوغريلق قيلغالى بولامدور؟» بير قانچه ييل تيمار خانەده ياتدم. تو روب، توروب منى سورانغا تارتادور. فقط دردمنى بيله المايدور. فرصت تا پيب او يردن هم قاچدم.

- عقلمگه يامان بير اويون كلدى. باشى يارېلغان پاپاس اوڭلانيدور. يه نه شو مزارلق يانداكى اويده اولتورار ايكەن.

تيمار خانەدن قاچقاندن كيين، دوستلاريمدن بريدڭ اويده اوست - باشمنى يڭگوشلەب، اودول پاپاسنڭ اويگه باردم. پنجرەدن قاراسام، پاپاس كتاب اوقوب اولتورادور. قوڭغراق چالدم. آياق تاووشلارينڭ ياقينلاشيب ياتقانلقينى ايشتدم. ايشك آرقاسيدن بيرى «كيم او» دب تاووشلاندى.

- پاپاس افندينى ايزلەيمن.

- نه قيلاسن.

- دينى ايشلەر اوچون.

پاپاس قاپقانى آچدى. قوليدا بير شام بار ايدى. منى ياخشى كوره لماى اوچون شامدانى باشيدن يوقارى كوتردى. بير نەرسه يادىغا كلگەندەك پشانەسى توروللى وجودينى بير تيترەك باسدى. من قاپقادا توروب:

- منى تونودىڭزمو؟ دب سورادم

- سزنى بير يرده كورگەندەك ظن قيلب ياتامن. اما، نه يرده كورگەنلكمنى خاطرلىالماى تورامن. ياقيندن بيرى كوزوم عاجزلاشدى.

- من سزگه آشكارا قيلاى. مزارلقداكى جنايت يادىڭزدامو؟ من...

پاپاس كينيگه چيكندى. براق وا قيراماى قاپقانى هم اتمەدى. اولوغ - كچيك بير تينب آلغاندن كيين:

- سز تورمەده ايمەسمو؟

- قاچدم

- حاضر بو يرگه نيمشكه كلديڭز؟

- منى موكوندورسون دب بير وقتلەرده جنايتچيلەرنڭ عبادتخانەلەرده مو كونگەنلكلەرنى بير يرده اوقوغان ايدم من سزنى اوز وقتيده اولتورمەكچى بولغان ايدم. حاضر هم بير خريستيان پاپازينڭ اوز قايليغا قارشى قاندان قوما مله قيلادورغانلقينى كورمەكچى بولامن.

- بوروڭ ايچكرى كريڭ!

ايشكدن ايچكريگه آتلاغان همان قاپقانى قاتتق أتدم، مستهزى بير كولومسيرەش بلەن:

- سزنى باشقادن اولتورەمن. قورقمامسز؟ ديدم.

پاپاس مڭا قايتا باشدن - آياق بير كوز آتيب:

- ياق، قورقمايمن ديدى،

- نيمشكه؟

- كوزلەرى موندااق بولغان انسانلار، بيرسيني اولتورمەس.

- منڭ كوزلەرم قانداق ايكەن؟

- غمكين، چوڭقور بير نقدير بلەن تولغان. سزنڭ روحڭز بك كسل ايكەن. بوروڭ اويگه كيرەيلى.

مڭا نيمه بولدى بله المادم. بو روزلاردا تيمه رده ك قاتتق بولغان كاروكپ، بو سفر ايسسق اويگه كريش بلەن بير دنلا يومشاب ديدم. اوستەلنڭ اوستەده پاپاس اوقوب ياتقان اينجيل آچيق تورادور.

- قارنيڭز آچمو، بير نەرسه يەمەسز؟ دب سورادى. من قاتتق بير آواز بلەن:

- عراق آليب كل ديدم

كوڭلومگه بير نەرسەلەر سوروللدى. بوغازيم تيقيلدى. اوى ايگەسى، تاشقاريغا چيقب كتكەندن كيين، اورونددوقغا اولتوروب يغلاشقا باشلادم. بالالق وقتمدن بيرى، موندااق يغلاغانم هيچ يادىمدا يوق.

پاپاس، بير پوتولكا عراق بلەن بير تيلم سارى ماى سوروللگەن نان اليب كيردى. من حضوريدا تيز چوكوب، قوليغا آسيلدم:

- منى عفو قيليڭز، كچيريڭز، ديدم.

- خاطر جمع بولوڭ، عراقيڭزنى ايچيڭ، نيمەنى ايستەسەڭز سوزلەڭ.

- نيمه سوزلەيەكچى بولامن. من عصيان قيلماقچيمن. پاپاس بلەن اورونلاشماق، دلكه اونى اولتورمەك اوچون بو يرگه كلگەن ايدم. نتيجه باشقاچه بولوب چيقدى.

من پريشان بير اتقاده بلەن بيلارده بيرى نيمەلەرنى حس قيلغانلقمنى، يرده و آسماندا يالغاننى اولتورمەك ايستەگەنلكمنى آڭلاتشقا باشلادم.

اوى ايگەسى منى جيم - جيت تيڭشار، آندا - ساندا قولومنى و باشمنى سيلاب قويار ايدى. منڭ حكايەمى توگوگەندن كيين پاپاس تبسم بلەن سورادى:

- ديمەككه سز اللەغا مجادله قيلغان ايديڭز. اللەنى آچچيغلاندوروش اوچون كليسەلەرنى تالاب، ياخشى آدەملەرنى اولتوروب يورگەن ايديڭز. سز نهايتى سارالڭ، هم سفيل بير آدم ايكەنسز.

- اما، الله بار بولسا، نيمشكه منڭ جزامنى برمەيدور؟

- اوغلوم سن، اللەنى اوزەڭگەم، اوخشاش، چاقلاب اونڭ بلەن ايتشماقچى بولوسن. الله سڭا اوخشاش جنايتچيلەرگه اوخشامايدور كه، سڭا تێز كلسون. اگر الله سنڭ جزاڭنى برمەگەن بولسا، اوزەڭنى توزەتيشكەنى كوتكەندور. بوزون او كچيك جون كاروكپ، قانداق ياخشى و معصوم بير بالا بوا...

دوامى اوچونجى بتده

ئۇيغۇر كىتاب تورى ‏www.uyghurkitap.com


تلده، اشده، فکرده، برلك!

# ارك

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

6 آپریل 1948 یل
7 جمادالآخر 1368

مدیری: عیسی الب تکین
باش محرری: م. ا. بوغرا

23 چهارشنبه

آدریس: اورومچی یڭیشهر التای کوچاسی اوی نومری 13
تلفون: مدیر اویی و اداره خانه: 26 تلگراف 2222


## آتوم انرگیستی حقیده آزغنه مذاکره

### کریش سوز

(22 نجی دەرنەك کونفرانسی)

عزیز دەرنەکداشلار! دنیادا علم او قدر ترقی قیلماقدادورکه هر بیر مات اوزینڭ عالملاریدن قولغا کلتورگەن بو ... اوتوقلاری سایەسیده بخت و سعا ... دنلك حیات کچورمەکدەدورلەر و هر تور ... علمی کشفیات و ایجادلاری بلەن ... دنیاغا هر کونی یاڭی بیر تحفه تقدیم ... یلماقدادورلەر. بز تورکستانلقلار دنیا ... ی علمی ترقیلیدن محروم بولغانیمز ... اوستیگه او علمی حرکتلەرنڭ مڭ ... بیرینڭ خبرینیمو آڭلایالمای قودوق ... قاسینڭ حیاتیگه اوخشاغان بیر حیات ... یاشاماقدامز. بالحقاسینی قویایلی عص ... گه یاگیدن بیر دوره یارانقان آتوم ... رگیستی حقیده خبر آڭلاغانلار خداغا ... کر تورکستانیمزدا آزیوز عرده اوقو ... لار ایچیده بار، اما بو آتوم دیگەن ... نسه مدهیش بیرنرسه ایمش دیگەندن ... قا فکر یوروتکەنلەر بولماسا کرەك. البته علمیمز کوپ بولسا لایقیدا ... یوروتور و ممکین قدر بیلیش آر ... یغا توشور ایدوك.

من شبو بیلمەگەنلەر قتاریدا بیر ... تورکستانلقدورمن، آتومنڭ حقیقتینی ... ی تدقیق قیلغودك بیر ماهر کیمیا چی ایمەسمەن، فقط قولومغا کلگەن نور لك ماتیریاللاردن بیر اوقوچیلق صفت بلەن بوحقده دنیادا بولوب تورغان علمی و سیاسی حادثەلەرنی آزغنه آڭلاب باشقالارغا قاراب حیران اوزومگه قاراب اویاتقار بیر حال تویماقدامن. من بو گون سزلەرگه بیلگەنمنی عرض قیلماقدا سزلەرگه علمی بیر کونفرانس بردم دیب دعوا قیلالمایمن، چونکه من بو موضوعنڭ اهلی ایمەسمەن، اما منڭ مقصدم بیلگەنمنی سزلەرگه سوزلەب بیریب مڭا اوخشاشلا عبرت آلمایزلارغا و بوندڭ بلەن وطن ملتنڭ عاقبتی اوچون دنیا ملتلاری بلەن آرامزداکی اوزون فرق حقیده قایغوروش و علم اوچون عملی بیر حرکتکه کیریشکه توشونو شیمزگه و تشیکزنی تارتماقدن عبارتدور.

شونیمو ایتیب اوتەیکه بو سوزلەریمدن هیچ بیر سیاسی مقصد گمان قیلنماسون، یالغوز دنیاداکی علم و اونڭ نتیجەلەری بیزدەکی علمسزلق و اونڭ نتیجەلەریگه بیر قاراب اوتوشدن و دویول بلەن بلکه هربیریمزگه علمی ساحەده فکر بیریشدن باشقا مقصدیم یوقدور.

### باشلانغوچ سوز

... جوهرالفرد، الجزء الذی لایتجزأ ... میلاددن 600 یل بورون یاشاغان ... عالمی طالیس «مادەلەرنڭ بیرنچ جوهرلەر ویا آساس بیرلکلەردن ... بولوشی لازم» دیگەن فکرنی ... غا چیقارغان ایدی. آنگدن کیین ... ه باریم عصر بورون یاشاغان ... ریتس، لوسیپوس و لوکریتیوس ... یونان عالملاری مختلف مادەلەرنڭ ترکیبداکی کچیك پارچەلاردن و او پارچەلارنڭ بیر - بیریگه اوخشاماقی و آیریلماقی حقیده سوزلەر ایدی: و بو پارچەلارنی اوز تیللاریدا «آتوموس» در ایدیلەر معناسی «پارچەلانماس پارچه» دیمەکدور. اولاردن کیینکی عالملار بو نظریەنی بیر فلسفه نظریەسی حالیده دوام ائتوردی. اسلام دوریدەکی فیلاسوفلەر و کلام عالملاری شو نظریەنی دوام ائتوروب «جوهرالفرد ویا الجزء الذی لایتجزأ» دیبی بردیلەر. معناسی یگانه جوهر و پارچەلانماس پارچه دیمەکدور.

بو بحثلەرنڭ همەسی انسانڭ طبیعت کورونوشلەرینی اوقماق و بو کورونوشلەرینڭ حقیقتینی توغرا شکلده توشەنمەککه بولغان آرزوسیدن چققان لکین عملی تجربه بولوب باقیلماغان نظریەلك دائرەسیده کلگەن ایدی. و بارا - بارا اهمیتدن توشکەن ایدی.

19 نجی عصرنڭ اورتالاریدا کیمیا تکشوروش ایشلاری چوڭ چامدالەر بلەن ایلگریلەب کتکەن مزگلده انگلیز دالتون قدیمقیلەرنڭ آتوم نظریەسینی تیریلدوروب آنڭ توعرالقیغا کیمیاوی تاثیرلاردن آلنغان نتیجەلەر بلەن دلیللەر کلتوردی. بوندڭ بلە مولەکول و آتوم فکرلەری رواج تاپیب کیمیا علمی عملی آساسقا آساسلاندی. قدیمقیلار بوتون کائناتنی سو، هوا، اوت و تو پراق عنصرلریدن عبارت دیب اعتقاد قیلور ایدی. دالتوننڭ علمی تجربەلەری و آنا ارگەشکەنلەرنڭ تجربەلەری نتیجه سیده بوتون کائنات ماددەلرینی یتمیش نچه عنصرگه چیقاریلغان ایدی. حاضر قی زمانەمزدا 93 عنصر قبول ایتلمەکده دور. حاضر پارچەلانماس پارچه نظریەسی یوق برلوب مولکول آتومغا، آتوم ایلکتردن و پروتونلەرگه پارچەلانیشی عملی صورتده اثباتلاندی. (رسم)

بوندڭ نظری بیر علمی مسئلەلکدن چیقیب کوز آلدیمزداکی بیر حقیقت بولوب چیقدی. ینه موندن باشقا یاروق ساچیش چاپسانلقیغا ایگه بولغان رادیوم، یورانیوم و باشقا عنصرلەرنڭ آتوملەرنڭ اوزیچه یاریلیب پارچەلانیب توروشی حتا پنتوغرلی بلەن رسمەلەری آلینیب کورولدی و باشقا تورلك آتوملەرنی مخصوص واسطەلەر بلەن پارچەلانیشنڭ ممکینلکی میدانغا چیقدی.

( باشى درنجى بتده )

# جسملارنڭ تركيبداكى پارچالار

جسملەر ( قاتتيق بولسون، سويوق
بولسون، گاز حالىدا بولسون ) مو
لەكول دييلگەن كچيك متحرك پارچەلاردن
مركبدور. مثلا بير سانتيمتر مكعب هە
دوروجين گازيدا 27,200 000 دانە
گاز مولەكولى باردور. دىمەك بير هيدو
روجين مولەكولىنىڭ قطرى سانتيمترنڭ
تخمينا يوز مليوندا بيريدور. جسملەر
نڭ الڭ كچيك پارچەسى مولەكول ايمەس،
بونڭمو كچيك پارچەلەرى باردور. او پار
چەلارنى آتوم دييلادور. بير مولەكول
الڭ آز بير ويا آرتوق آتوملەردن مركب
دور. عضوى جسملەردە بير مولەكول
2000 آتومدن عبارت بولالايدور.
مثلا سو مولەكولى بير اوكيجين و
ايكى هيدروجين آتوميدن مركبدور.
هر آتومدا بير اوكچە باردور. ايلك ـ
ترون دييلگەن كچيك ايلكتريك زرەلەرى
بو اوكچەنڭ اطرافيدا آيلانادور. اوكچە
دە ينە باشقا تورلك ايلكتريك زرەلەرى
باردوركە ايلكتروندن كچيك اما بك
آغير بولغان بو زرەلەرنى ” پروتون “
دييلەدور. هر آتومدا ساندا برابر در
جەدە ايلكترون و پروتون زرەلەرى بو
لوب پروتون اوكچەدە و ايلكتروننڭ
بور قسمى اوكچەدە و بير قسمى سير
تيدا حركت قيلماقدادور. اوكچەداكى
ايلكترون پروتونلارنى بير بيريگە باغ
لاشدا بيتونداكى قوم و شيللەرنى
بير بيريگە باغلاغان سيمونتنڭ خدمتى
نى كورەدور. يعنى ايلكترون پروتوننى
اوزيگە تارتادور و پروتون ايلكتروننى
تارتادور. بوننڭ بلەن بو ايكى زرەنڭ
كوچى بلەن اوكچە حاصل بولادور. سير
تداكى ايلكترون آتومنڭ حركت انتظا
مينى تأمين قيلادور.

بوقاريدا پروتون زرەسينى كچيك
اما بك آغير ديگەن ايدوك، ايلكترون
منفى ايلكتريك زرەسى و پروتون
مثبت ايلكتريك زرەسينڭ آتلەريدور.
بير ايلكتروندن بير پروتون 1850
حصە آغيردور. بوڭا بناءً آتومغا آغير
لق برگەن نرسە پروتوندور. بو قدر
كە لتون پروتونلاريدن بير غاز توخو
مى قدر توپلانسا آغيرلقى 3000000
تون كيلەدور. 80 كيلوگرام آغيرلقدا
بير آدمنڭ و جوديداكى پروتونلارنى
ييغيب توپلانسا ساق كوز بلەن ميكروس
كوبسز كورگوچيلك بير كچيك توز پار
چەسى قدر بير نرسە بولالايدور.

جسملەرنڭ الڭ بسيطى بولغان هي
دروجيننڭ آتومى بير پروتوندن عبا
رت بولوب آننڭ اطرافيدا ثانيەدە
60000000000000 ( 60
ميڭ مليارد قاتيم آيلانادورغان بير دانە
ايلكترون زرەسى باردور. اوكيجين آتو
مينڭ اوكچەسيدە 16 پروتون زرەسى
بولوب ايدروجيندن 16 برابر آغير
دور. ايكى ايدروجين و بير اوكيجين
آتوميدن بير دانە سو مولەكولى ( زرە
سى ) حاصل بولادور.

بوبرگەچە بوتون بارلقنڭ اصلينى
آڭلاتقان بولدوق. امدى حاضرقى دورە
مزنڭ علمى، سياسى، اقتصادى و اجت
ماعى حياتيننڭ تقديرينى هم اميد هم
قورقونچ بلەن اوزيگە باغلاب يورەك
لەرنى اوينانيب تورغان آتوم انرگيسيگە
سوزيمزنى يوتكەيمز. بو آتوم انرگيسي
نڭ قايناغى حاضرقى كوندە يورانيوم
دييلگەن 92 ـ عنصردور. يورانيومدن
آتوم انرگيسى چقاريش كيمياوى جهتلە
رينى قسقەچە آڭلاتامز. آندن كيين بو
حقدەكى كشفيات ترقيلارينى سوزلەيمز:
بوننڭ آرقاسيدن يورانيوم و كانلەرى
آتوم بومباسى و سيرلەرى، آتوم بوم
باسينڭ ميدانغا چيقشى، سياست دنيا
سيدا آتوم مسئلەسى موضوعلاريدا بيا
نات بيرەمز :

# اتوم و يورانيوم

بير يورانيوم آتومينڭ اوكچەسيدە 92
پروتون زرەسى باردور بير پروتون زرە
سينڭ وزنى بير گرامنڭ ميڭ مليارد مليارد
١٠٠٠٠٠٠٠٠٠٠٠٠٠٠٠٠٠٠٠٠٠٠٠٠
دە بيريدور. و شو قدر ايلكترون زرە
سى بولسامو وزنى يوقاريدا ايتقانەڭ
1850 حصە يينگيل بولغانلقدن آنى
مخصوص آلت بلەن آيريب چيقاريلاب
كايناتداكى بوتون آتوملاردن قيلسدن
تاشقارى آغير و پاروق بولوب همەسي
نى اوز تاثيرى آستيدا الادورغان بير
خاصيتكە ايگەلكينى كشف قيلندى. بو
كشفنڭ باشلانغوچى 19 نجى عصرنڭ
سوڭى و يگرمنجى عصرنڭ باشيدا
فرانسە عالملاريدن بيكيريل، كورى،
مادام كورى و اولەرگە ارگەشكەنلەر،
انگلترەدە تومسون لوردر زرفورد و
اولەرگە ارگەشكەنلەرنڭ تورلك كيمياوى
تجربەلەرى نتيجەسيدە راديوم و يورا
نيوم و بولارغا اوخشاغان اوزيدن او
زيگە پارچلينيش و ساچيليش خاصيتيگە
ايگە بولغان مادەلەرنڭ تركيبداكى پرو
تون و ايلكترون زرەلەرينى مخصوص
واسطەلەر بلەن ايشلەتيب آرتوق قيزيق
لق توغدوروش و باشقا مادەلەرنى و
آتوملارنى پارتلاتيشنڭ ممكينلكينى علم
دنياسيغا اثبات اتدى. بوننى علم دنيا
سيدا ” توتاشتورماق ( كويدوروش ) چا
سانلقى “ آتالادور. بو جسملەرنى پار
لاتيش و پارچەلاش ايكى ايش بلەن
بولادور. بيرى آتيلغان نرسەنڭ آغير
لقى، ينە بيرى اوروشداكى سيرينڭ
اتيگلكى، امدى يورانيوم آتومينڭ
آغيرلقى بلەن برابر آنى اتيگلەتمك
فوق العادە تيز ايلكتريكلك جهازلەر لاز
ايدى. بو اوچون آمريكا عالملاريدن
لورانس و ليوينگستون سيكلوترون
ديگەن بر تورلك جهاز ياسادى.
شو ييلدا چادوك نيوترون ( ايلكتر
سز پروتون ) نى اجاد قيلدى و اند
سن پوزيترون ( مثبت ايلكترون )
اجاد قيلدى. بو اجادلار آتوم انرگي
نى عملى استفادە ساحەسيگە چقاريش
آساسى بوللارنى آچيب بردى.

1934 نجى ييلدا جوليو و
تونى ايرين كورى ” توتاشتورو
چاپسانلقينى راديوم و يورانيوم عن
لاريدن باشقا عنصرلەريدە صنعى
بلەن عملگە آشوروش تجربەسيدە مو
بولغانلقينى اعلان قيلدى. ايرين كور
بو عصرنڭ باشيدا راديوم عنصر
كشف قيلغان مادام كورينڭ قيزيدو
بوننڭ بلەن هربير آتومنى صنعى
بلەن توتاشيش چاپسانلقى و پارتلا
خاصيتيگە ايگە قيلش يولى علم دنيا
گە آچيلدى.

( دوامى بار )

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


# اولکه و شهر خبرلەری

(چینی تورکستان اخباراتی و اوزل مخابریمزدن)

## بورهان افندمگه ٤ تورلی تیلەك سونولغان

(شهر خبری) 4نجی آینڭ 3نجی کونی یکشنبه اویغور اوبوشماسینڭ اجرائیه و تفتش هیئت اعضالاری یافیندا اوبوشمانڭ رئیسلك خصوصیدا توغولغان اغوالارغا قارتا 4 تورلی تیلەك یازیب بورهان افندمگه تقدیم قیلغان. تیلەکلەر اوبوشمانڭ هیئت اعضالاری طرفیدن حکومەتکە سونولغان جوابنی و بو مسئلە حقیدە اویوشما هیئتلەری طرفیدن یازیلغان بیاناتنی غزتەدە اعلان قیلدوروب بیریش و غزته خانه مدیری یوسف سعیدینی اڭدین بوشاتیش دیگەن مضموندن عبارت بولسا کیرەك.

مخبر

+***)(***×

## تورکیه بانکاسی امانتیەزنی قایتورماق ایستەیدور

بوندن بوروں تورکیەگە سیغینغان تورکستانلقلاردن بیر قسمی تورکیه دولت بانکاسیغا آقچا امانت قویغان بولوب، تخیچە بو امانت ایگەلەری اوز آقچالارینی قایتوروب آلماغان ایکەن. بو حقدە تورکیه غزتەلەریگە، اعلانلار هم باسیلغان بولوب 12 ییلدن آشقان امانت آقچالارینڭ دولت خزینەسیگە اوتوب کیتیشی بیلدورولگەن.

چین خارجیه وزارتی، تورکیه بویوك الچیلکیدن الغان راپورتغا بنائ بو امانت پوللارینی اوز ایگەسینڭ قایتوروب الیشینی معاضـــزم قیلماقدا.

*** * ***

## توقسوندا قاتتق بوران

توقسوندا یاقندن بیری شدتلك بوران چیقب، تریلغو میدانلارینڭ کوب قسمینی ویران قیلغان. اوت کیتیش عافتیدن ساقلانش اوچون، شهردە اوت یاقیلماغانلقدن، اهالی قوروق نان بلەن کون کوچورگەن. درختلەر شاخسز، قوتاقسز قالیب، کوچالار یاریم گز قالین توپالار بلەن تولغاندور. بونداق بوران 20 ییلدن بیـــری کورولمەگەن ایمش.

+***+)(÷***×

## بالالارغا مخصوص بیر کورگزمه

شهریمزدە متمادیەن ساویتلەر بیرلکیگە عائد حیرتکە لایق رسملەر بلەن کورگزمەلەر آچیب کلگەن چین ساویت مدنی علاقه جمعیتی 4نجی آپریل بالالار بایرامی مناسبتی بلەن بیر کورگزمە آچقان، کورگزمەدە بەسلالار، بالالار باغچاسی، بالالار باقیمیغا عائد 100دن آرتوق فوتوگراف رسملەری قویولغاندور.

## اوختوروش

بو قاتیملق دەرنەکدە بیلم تورکومینڭ تیل ادبیات بولوم مدیری ابراهیم افندی مطیعی طرفیدن تورك تیلی حقیدە مهم بیر کونفرانس بریلەدور. دەرنەکداشلاریمزنڭ وقتیدە کیلب کونفرانسدن استفادە قیلماقینی سورایمز.

بیلم دەرنەکی،

# تاشقی خبرلەر

## بیرلك معاهدەسیگە قول قویوش مراسمی.

لوندون (4- مارت) بوگون آخشام ساعت 8 دە واشینگتوندا آتلانتیك بیرلك معاهدەسیگە قول قویوش مراسمی باشلاب ساعت 10 دا تماملاندی. مراسم دین اچیسوننڭ قسقا بیر نطقی بلەن آچیلب ترومانڭ بیر نطقی بلەن یاپیلدی.

انقره (4- مارت) آتلانتیك بیرلکینڭ امضا مراسمینی رادیو بلەن اعلان قیلندی.

***)(°*

## متارکه امضاسی

لوندون (4- مارت) بوگون رودوسدا اوردون و یهودی آراسیدا متارکە معاهدەسی امضالاندی. بو متارکەنڭ مهم نقطەسی ایکی دولتنڭ عسکرلەری اوز یریدە قالیش فقط عقبە منطقەسیدەکی یهودی عسکرلەری آرقاغا چکیلمەکچی بولغانلقیدور. اوردوننڭ طولکرم دەکی عسکری قالماق بلەن یهودی دولتینڭ تیمور یولینڭ اوترا قسمی یەنە اوردون قولیدا قالغان بولدی. سوریه و یهودیلەر آراسیداکی مذاکره بو هفتە ایچیدە ایکی دولت چیگاراسیغە یاقین الخیمەدە باشـــلانماقچـــی بولدی.

***)+(°*

## سوریەدە

انقره (4- مارت) سوریه اغتشاشچیسی آلبای حسنی زعیم بوگونگەچە بیر کابینه قورالمادی. اوزینی وقتلق حکومت باشلغی اعلان قیلدی. حسنی زعیم تورکیەدە حربیه مکتبیدە اوقوب یوتورگەن بیر عسکردور. تورکیه و عرب بیرلگی دولتلەری بلەن صمیمی دوستلوق قوروشنی و سابق حکومتنڭ ملتکە جنایت قیلغانلقیدن بقیتقانلقینی و او حکومت اربابینی محکمەگە بریب قاتتق جزالاندورشنی رادیودا اعلان قیلدی.

# اق زامباقلار مملكتيده

**№20**

خلق دار الفنونينىڭ يىگرمو بشنجى ييلى رەچەل قرالى يارو يىننىڭ نطقى

## يارو يىننىڭ، اوكوئن و گوليه قانداق قرال بولدى؟

من بورونلاردا فقير بير كوچا بالاسى ايدم. حاضر بولسا، وطن اوچون بويوك و ياخشى بير كوچ بولغانلىقمەنى سوزله آلامن. من بو موقعەمگه نەگه منتدارمن؟ اوشتومتوت اڭلاغان بير ياخشى كونفرانسقا ايمەسمو؟

- مېنىڭ كچيك بير دوكانم بار ايدى. او برده پيچينه، كەمپيت سانار ايدم. بونداق چكلك و علاقه‌سز بير حيات كچوروشكه محكوم بولوب قالغانلقمنى اويلاغان همان، جانم سيقيلار ايدى. آز تاپار ايدم. روحەن سكوت قيلشقا، عراق ايچيشكه باشلادم. بو آرادا مشهور عالملاريمزدن بيرى، كنتيمزگه كلدى و تاملارغا شونداق اعلانلارنى ياپشتوردى:

„ قيرى، ياش، عالم، نادان؛ هر قانداق كشينى چاقيرامن. من بوتون حياتمنى بزنىڭ سوئومىزنىڭ الغا باسيشيغا باغشلادم. بوش وقتلريڭزدن هفته‌ده مڭا بير ساعت آيريب بريڭز. اميد قيلامنكه بو بير ساعت ايچيده لاددرغان فكرلريڭز بلەن حياتيڭزنىڭ بير قانچه ييللارى، سزنىڭ اوچون و وطن اوچون فائدالق بولغوسى“

من بو كەمگچه بير قانچەلاغان قاتيم كونفرانسلارغا بارغان ايدم. او يرده توتوش - بيلشلەرم بلەنمو اوچراشقان ايدم. توغراسيني ايتسام، من كونفرانسلارغا باريشدن خوشلانماس ايدم: چونكه بو كونفرانسلار كوپونچه منبرگه چيقشقا لايق بولماغانلار طرفيدن بيريلەدور. بو كونفرانسچيلار يا تيشلەرى قالماغان ديندار بير بولوك انسانلار دوركه، كوپونچه بز بيلمەيدورغان نەرسەلەرنى خيقيراب ايتادور و ياكه ياش، هيلەگر بير بولوك انسانلار دوركه فكريني توپمو توغرا! ايتادورغان برده تاعار، تاعار نەرسەلەرنى سوزلەيدور. اوچونجى صنفيدن بولغان بير بولوكيمو، معارف نظارتينىڭ مامورلارى دور. بولار بولسا، آياق ياكه مكافات الماق اوچون سياحت قيلادور. شوكه‌گەچه تيڭلاغان كونفرانسلارم ايچيده جانلق بير موضوع يوق ايدى.

بو قانيم شهريمزگه كلگەن عالمنىڭ چاقريق كاغذى كوب كشيلەرنى علاقه‌دار قيلدى. آدملەر سالوننىڭ آغزيغاچه تولوب كتدى. من هم بو كونفرانسقا باردم. كونفرانس منى جانلاندوردى. تيرەن بير اويقودن اويغاندى. حياتنىڭ معناسيني مڭا آڭلاتدى. مقصديمگه قانداق قيلسام يتەلورغانلقمنى كورسەتدى. كونفرانسنىڭ موضوعى „اولجاقيلنغان كتاب“ ايدى. سوزلەگوچى بولسا روبنسون كروزودن بحث قيلار ايدى. ايفادەسى سوقراتنيكيگه اوخشاش ايدى. هم بويوكسەنىڭ فلسفى فكرلەرنى اوز ايچيگه آلار، همدە بالالار آڭلايالايدورغان درجه‌ده ساده بولار ايدى. خاطيب شونداق آڭلاتار ايدى:

- كشيلك دنياسى دائما يوغان بير بالاغا اوخشايدور. انسانلار اوز آرالاريداكى آڭلاشماسلقلارنى دائما غوغا جدل بلەن حل قيلادور. الله و ياخشيلق فكرلەرينى هم تاياق بلەن ياقلاماقچى بولادور. حكمت و فلسفه‌نى اويونچاق و چانچاق حاليغا كلتوره‌دور. بير قانچەلەريڭز روبنسون حكايه‌سيني اوقوغان، ياولماسا، ايشتكەندورسزلەر. قاچان اوقودڭز؟ كچيك وقتيڭزده ايمەسمو؟

- ده‌يدورلەركه، روبنسون حكايه‌سى كچيك بالالارغا مخصوصدور. ياق بو كتاب بويوك بولوشنى ايستەگەن هر قانداق ملت اوچون بير فلسفه كتابيدور. روبنسون دنيانىڭ الڭ بويوك قهرمانيدور. بوتون قهرمانلارنىڭ اوستيدەكى بير قهرماندور. روموليدن جزاردن، ناپولیوندن هم بويوكدور. او هر ئى ساحه‌ده بير قهرماندور. تيره‌مەس ارادەنىڭ جانلق بير اولگه‌سيدور.

روبنسون، كروزو، انگليزنىڭ و شمالى آمريكانىڭ عظمت و قدرتلەرينىڭ بيلينيشىگە خدمت قيلغان بير دايمدور، بير آچقوچدور.

روبنسون، بر يوزيده سعادتنىڭ پيغمبرى و يارانقوچيسيدور. ليئوپاردى شوپنهاور و هارتماندن يوز قات آرتوق بير فيلوسوفدور. او، الڭ ياخشى بير كشيلك حياتيني اورناتش اوچون قيلغان كورەشيده، اوتوقنى تاپيق و اعلان قيلغاندور.

- روبنسوندن اورگەنەمزكه، انسان دنيانىڭ و دنيادا‌كى تريكلكنىڭ حكمداريدور. روبنسون بزگه بو درسلەرنى قوروق سوزلەر بلەن ايمەس، مثاللارى بلەن، حركتلەرى بلەن اورگەتەدور. انسان‌نىڭ دهاسى، ذكاسى، قدرتلك ارادەسى، طبيعتنىڭ هر تورلك قوتلەريدين اوستوندور. روبنسون دەيدوركه، موروون وكسل ديماقلارنىڭ توغدورغان اويدورمالاريني بير ياققا قاريب قويوڭز، مڭا بير قاراڭز! منىڭ مثالم كوز آلديدا! بوران دڭزده كيمەنى پارچالاب بيتادور. اوپ چورەده بير وطن پارچەسى ايمەس، اوستيده ياشاغالى بولادورغان بير توپراق پارچەسى هم يوق. هر طرف سو بلەن قاپلانغان. بوتون يولچيلار اولوب توگوگەن. بير ياش بالا، بير تال تاختا اوستيگه چيقيب آليب، يالغوز باشيغا قوتولوب قالغان. دولقونلار اونى ايتيره - ايتيره خالى بير آرالغا چيقارادور. اوزى آچ و يالڭاچ، بو بالا نيمه بولغاندور؟ عجب اولوب كتديمو؟

روبنسون ياتقان كيمەدن، قوتقازالغان نەرسەلەرنى ميڭ بير مشكلات بلەن آرالغا آليب چيقادور. او يردە باشلاب اوزيگه بير مكان حاضرلايدور. بوغداى تيريدور. داوايى اوچكەلەرنى باقادور. كيينراق آرالغا كلگەن آدم يەيدورغان وحشيلەردن بيريني توتوب مدنيلەشتوره‌دور. اوزيگه دوست و ياردمچى قيلادور. قسقاسى، خالى (يالغوز) آرالدا مكمل و منتظم بير حيات قورادور.

- همده يالغوز باشيغا! ياش بير بالا! بوش بير آرالدا!...

دوامى بار

اعلان

25نچى مارتدا اوز نامىمداكى قزوالق گواهنامه‌منى اوغوريغا الدوردوم. ياڭيدن گواهنامه الماقچى بولغانلقمدن ايسكيسى اداپتسزدور.
عيد

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تلده ، اشده ، فكرده ، برلك !

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز توركستاندور

۱۳٦۸ جمادالاخر 18

# أرك

مدير : عيسى الب تكين
باش محرر : م . ا . بوغرا

17 آپريل 1949 ييل

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

آدريس: اورومچى ياڭغاك التاى كوچاسى اوى نومرى 13
تلفون : مدير اويى و اداره خانه : 26 تلگراف 2222

يكشنبه

263

# مكتبلەر و معلملەر

( م . شمس‌الدين اثرلەريدن )

جمعيتنڭ يولەنچوگى بولغان كتلەنى
منور بير حالدا يتشتوروش حكومتلەر
نڭ الڭ مهيم وظيفەلەريدن بيرينى تش
كيل قيلار. حكومت اوز منفعتى، اوز
سعادت و حركتينى قولغا آليش اوچون
بوتون مملكتنڭ فكرينى تنوير قيلشقا
تربيەسيگە اعتنا قيلشقا مجبوردور. بو
مجبوريتنى بيلمەگەن، بو حقنى بجريش
دە سوزلق قيلغان بير حكومت وظيفه
سينى اجرا قيلغان بولا آلماس.

بو مهيم دقيقەنى توغرى بيلگەن
حكومتلەر، معارف تشكلاتيدا باشلاپ
دارالمعلمينلەر بلەن ابتدائى تعليم - تر
بيەنى نظرگە آليب، معلم صفتيگە لايق
بولغان كشيلەرنى يتشتوروشكە اهميت
بيلدورەدور. غرب مملكتلەريدە باشلان
غوچ اوقوش - اوقوتوش ايشلەرينڭ -
بيز دەكيدەك ايمەس - حقيقتدە قاتتق
بير مجبوريت آستيغا آلنيشى آرقاسي
دا، بوگون او يرلەردە تعليم و تربيه
كورمەگەن كشيلەر يوق ديگيدەك بير
حالدادور.

بيوك دولتلەر ايمەس، ايسويچرەگە
اوخشاش كچيك، فقط سعادتلك بير اقليم
بلەن بلغارستانغا اوخشاش تيريشچان و
ياشاشقا حقلق بير مملكتنڭ معارف
خصوصيدا حيرتكە لايق اوسوشلەرى،
دقتنى تارتادور.

ايسويچرەدە هر قانداق بير ييزاغا
بارساڭز، شهرلەريمز دنمو، كوركەملك
بنالار بلەن بيزەلگەن قيشلاقلارنڭ الڭ
هوالق و ياقيملق يرلەريدە ايگيز - اي
گيز بك چيرايلق عمارتلەر كوزگە چالي
قادور. بو بنالار كلەچەك نسلينى شف
قت و عرفان اوچاغيدا تربيەلەب، تو
لوق آدم قيلب يتشتورگوچى مكتبلەردور.

ييزالارنڭ ميلى اوغول، ميلى قيز بالا
لارى بولسون بو مكتبلەرگە كيريب او
قوشقا مجبوردور.

ايسويچرەدە باشلانغوچ اوقوش -
وقوتوش ايشلەرى مجبورى بولغانيغا
اوخشاش بالالارنڭ كتاب و باشقا قوللان
مالارينى يەنە حكومت برەدور. حتى
حكومت باشلانغوچ و اورتا تحصيلنى
توگەتكەن ياشلارغا جمعيتكە چققان وقت
لەريدە، بوش زمانلاريدا مطالعه قيلب،
فائدەلانشلارى اوچون دوبلەب فائدالق
كتابلارنى هديه قيلادور. بولار آراسي
دا بولغان مدنى، وطنى عائله وظيفه
لەريگە دائر قيمتلك كتابلارنڭ اسمى
بلەن بير لغت كتابى يازيب چققالى بو
لادور.

ياشاشنى آرزو قيلغان ملتلەر، شون
داق چاليشار و قيلادورغان ايشلەرينى
هم بيلب توروب قيلار. آنا مكتبلەرى
بوياقدا تورسون يالغوز بير باشلانغوچ
مكتبى هم بولماغان بير مملكت؛ كسب
مكتبلەريدن بورون دارالمعلمينلەر آچيب،
باشلانغوچ تحصيلنڭ تولوقلانيشيغا تري
شيشى لازم. بيزگە اوخشاش ملتلەر،
هممەدن كوبراق، عرفان يورتلاريغا، صنا
عت مكتبلەريگە، تجارت و زراعت مكتب
لەريگە محتاجدور.

معلملكنڭ بير مخصوص كسب اي
كەنلكيگە اوناشيمز لازم. عادتدەكى بير
مكتبنڭ شهادتنامەسيگە ويا اورتا درجه
لك بير امتحانغا بولەنيب، تعيين قيلن
غان معلملەردن اختصاص كوتوش خطا
دور. بير نرسه بيلگەن هر قانداق آدم،
معلم بولا الماس. بيلش باشقا، تعليم
قيلش هم باشقادور. مكتبلەردە قبول
قيلنغان و يورگوزولگەن پروگراملار هم

ملى احتياجيمزغا لايق ايمەسدور. مك
تبلەريمزدە نيمەلەرنى اوقوتمايمز؟ ...
بيچاره اوقوغوچيلارنڭ ذهنلەرينى قانچه
لك فائدەسز نرسەلەر بلەن تولدوروب
ياتامز؟ ...... حالبوكە بالالاريمزغا هر
قانداق نرسەنى اوقوتقانيمزغا ياراشا،
مع‌التأسف هيچ بير نرسەنى اورگەته
آلماي ياتامز. پروگراملار اونداق قالاي
مانان، فائدەسز نرسەلەر بلەن اونداق
تولادوركە، ايش ايچيدە يومولاب يو
روب، بيچاره اوقوغوچيلارنڭ حاليغا
آچينماسلق ممكين ايمەسدور.

اوقوش - اوقوتوش ايشلەريمز كوب
دن بيرى مملكتكە مستهلك يتشتوروش
آساسيغا بولەنگەنلكدن، مكتبدن چققان
هر قانداق اوقوغوچى، دولت ( اداره )
قاپقاسيدن باشقا، كيره دورغان بير ير
نى تاپا آلمايدور. چونكه اوقوغان نرسه
لەرى بلەن اوز - اوزينى باقيش اقتدا
ريدن محروم بولوب قالادور.

عجابيدوركە، باشقا ادارەلەردە ايش
تاپا آلماغان كشيلەرنڭ كوپونچەسى،
معلملك قيلش اوچون معارف ادارەلەري
نڭ باشيغا آغريتيشدن هيچ حيا قيلما
يدور و معارف ادارەلەرى هم بولارنى
مأيوس قالدوروشدن يالتايمايدور! معلم
لەر آراسيدا يز بوزينڭ بير اوكوز
اوستيدە تورغانلقيغا، او اوكوزنى بالق
كوتوروب توراتورغانلقيغا ايمان كلتور
گوچى، بك كوب افنديلەرنى كوردوك!
عربى اوقوتوش اوچون آطەلى نى وا
راقلاب، دينى علم اوچون حلبى‌نى قول
توقلاب درسخانەلەرگە چيققوچى معلم
لەر حاضر هم باردور! نخى توركچه
نى توغرا اوقويالماغوچى بير اوقوغو
چيغا «سنبوليزم» دن بحث قيلشى،

( دوامى ايكنجى بتدە )

# اولكه و شهر خبرلەری

(چینی توركستان اخباراتی و اوزل مخابریمزدن)

## تیریلیش افادەسی

مركزی تورك اویغور اویوشماسیغا ملیت پرور عیسی بگ آلب تکین رئیس بولغاندن سوڭ مركزی اویوشمانڭ خذمتلەرینی بولغا سالماققا کرشیشدن تاشقاری ولایت و ناحیەلك اویوشمالارنڭ خذمتلەرینی تنظیم قیلماق اوچون جدی کریشکەنلکی حقیدە غزتەمزدە خبر تارانقان ایدوق.

جملەدن 16 نجی آپریل کونی کچ قورون ساعت 4 دە اوز سالونیدا اویوشمالارنڭ موندن سوڭقی خذمتلەرینی یولغا سالماق حقیدە فکر آلیش، ایکنچیدن کاشغر خلقینڭ اورومچیدەکی حربی، مأموری باشلقلارغا بایراق تقدیم قیلماق اوچون ایبەرگەن وکیلی ابراهیم حاجی، کاشغر ولایت اویوشما معاون رئیسلەری۔ عبدالرسول افندی، حامد حاجی، لوفنور حاکمی امین داملا، ملی محرریمز حاجی یعقوب افندی، بو گور اویوشما رئیسی عبدالحمید مخدوم، کهنه اویوشماچیلاریمزدن محی الدین نیازی، عبدالخبیر تموریلەرنی قارشی آلماق اوزرە بیر چای مجلسی اوتکوزگەن. مجلسکه اویوشمانڭ اجرائیە، تفتیش هیئت اعضالاری بولوب 40 دن زیادە کشی اشتراك قیلغان. مجلسدە عیسی بگ آلب تکین اویوشمانڭ موندن کین قیلاچاق ایشلاری حقیدە تفصیلی بیانات و تولوق یولیوروقدا بولغاندن سوڭ 1 ۔ توركستان بویچه بارچه اویوشمالارنی تربیەلەب قایتادن عکسیگه کلتوروش. 2 ۔ اویوشمالارنی سیاسی اورگانلقدن قوتولدوروب، مدنی معارف اورگانی حالیغا کلتوروش. 3 ۔ یورتنڭ احتیاجاق سانالغان ایشلارینی اویوشما آرقالی باشقاریش کبی قرارلار آلینیب مجلس کچ ساعت 11 دە تارقالغان.

***(***)***

## لوبنور خلقینڭ تیلەکچەسی

لوبنور حاکمی امین داملا، کیلەش هیئتینڭ معاون باشلقی عیسی، کیلەش اعضاسی عثمان و سعدالله آخونلار شهریمزگه کلگەندن کین برهان شهیدی و محمد امین بوغرانی زیارت قیلغان.

لوبنور ناحیەسی بلەن کورلا فاصلەسی بو کونلەرگەچه تولوق آیریلماغانلقدن، بعضی ایشلەردە قیینچیلقلار بولوب کلگەندن باشقا ایکی ناحیه اورتاسیدا بیرنچه قتیم جدللەر هم توغولماقدا ایدی. لوبنور ناحیەسینی کیسب اوتەدورغان توممەك دریاسی بولغانی حالدا، بو سودن فائدا لغالی بولماغانلقدن، هر یبلی سو باسیب کیتش و یا قورغاق چیلق آفتلەری یوز بریب، کوبلەگەن دهقانلار یر ۔ ملکیدن آیریلش و یا وازکیچش کبی آچینشلق عاقبتلەر تصادف قیلماقدا ایدی.

بو خلق وکیللەری بو ایشلەرخصوصیدا بر تیلەکچه سونغان بولسامو اولکەلك حکومت بو حقدە تخی تولوق بر اوچور برمەگەندور.

---

( باشی برنچی بتدە )

کیمیانی یالغان یاکیلش اوقوتوش، حسابنی حافظ قیلادورغاندەك قاعدەلەرنی یادلاتیشدن عبارت بیر فتنه بولغان، یاکه بو درسلەردن بولغان بیلیمی، اوقوغوچیلاریدن اوستون بولماغان معلملەر بلەن مملکت آلغا باسماس.

اوزی توزغان بیر ولایت ایچیدە، هر بیلی هیچ بولماسا اون، اون بش باشلانغوچ مکتب آچا آلماغان معارف مدیرلاری جوابکارلققا تارتیلشی لازم. معارف مدیرلاری اوز وظیفەلەرینی یارچه ۔ یوران سانامسا و یالغوز استراحت بلەن کون اوتکەزسە حالیمزغا وای! .....

# ایچکی تاشقی خبرلەر

## مذاکرەدە صمیمیت

نانکین: کامونیستلەر ایله تنچلق صحبت اوتکوزمەك اوچون پیکینغه کتکەن وکیللردن غیری رسمی حالدا دلگەن تیلیفون خبریگه قاراغاندا، صحبتدن اومید زور بولسا کرك، مهم مسئلەلەر حل قیلنغاندن سوڭ تنچلق درحال عملگه آشسا کرك. صحبت باشلانغان زمانلاردا کامونیستلارنڭ تاووری قاتتق بولغان بولسامو، اما صمیمیت کورسوتوب یاتسا کرك.

کابول: کومونیستلەر بیلەکین مذاکرەسی نتیجەسیدە سوقوش گناهکارلارینی قولغا آلش طلبیدن واز کچکەنلیکینی بلدوردی.

نانکین (17 ۔ آپریل) حکومتنڭ پیکین صلح وکیللری لی زولاڭ رهبردن یول ۔ یوروق آلش اوچون نانکینگه کلگەن ایکی کشی تونوگون رئیس جمهور بلەن اوچ قانیم کوروشوب صحبت اوتکوزدی. مخبرلارنڭ سوزیچه کامونیستلار «سوقوش جنایتچیلری گه جزا برلسون» دیگەن ماددەنی و شونگغه اوخشاغان یەنه ایکی ماددەنی مذاکرەدن آلیب تاشلاشقه راضی بولغانمش. اولارنڭ سوزیچه، حاضر مذاکرە اوستیدە بولغان نقطەلار 1 ۔ مركزی حکومتنڭ تشکیلی. 2 ۔ کامونست عسکرینڭ جنوبی چینغا کیریش مسئلەلەریدن عبارتدور.

## بر مسئلەگه ایکی تورلی قاراش

کابول، تونوگون برلشکەن ملتلەر دولتلاریدا سویت، اوکرائینا، یوگوسلاویه، چیخاسلاواکیه وکیللری آطلانتك معاهدەسینی تجاووزچیلق معاهدەسی دب عیبلەدی. انگلتره، فرانسیه و بلچیقا وکیللری جواب بریب آطلانتك معاهدە تجاووزچیلق معاهدەسی ایمس بلکی مدافعه معاهدەسیدور دیدی.

انقرە (16 ۔ آپریل) آطلانتیك برلك معاهدەسیگه سووت طرفیدن نارازیلق بلدوروب انگلتره حکومتیگه بریلگەن نوتاغه انگلیز حکومتی ردی جواب بردی و بو معاهدەنڭ هیچ بیر دولتکه تعرض قیلش اوچون ایمس بلکی بتون دنیا تنچلقینی خطردن ساقلاش اوچون توزولگەن بر معاهدە ایکەنلیکینی بلدوردی.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# انگلیەنڭ جوابی

لوندون سویت حکومتىنڭ 31-مارتدا آطلانتك معاهیدەسی حققندەاعلان قلغان بیاننامەسیندە اچندەکی «بو معاهیدە 1942- یلی انگلیه — سویت اورتاسندا توزولگەن توختامغا خلافدور» دیگەن نقطەسیگە جوابا انگلیه خارجی وزارتی «بو آطلانتك معاهیدەسی تجاووزی خراکتردە بولمای مدافعه خراکتریندەدور. سویت دولیتی توفراق کیڭەیتشکە کریشب، باشقا دولتلەرنڭ اچکی سیاستیگە آرالاشدی، یاوروپانی قایتا قوروش پلانینی بوزدی. پوتسدام معاهیدەسیگە خلافاق قیلب بېرلینی محاصیرە قلدی» دیگەن مضموندا بیانات اعلان قلغان.

# بر ئاچوق مکتوب

ئا.س.س آمریقانڭ علم مدنیت ساحەسندەکی آدملاریدن 300 گە قدر آدم آطلانتیك معاهیدەسی حققندە ترومانغا بر پارچە آچوق خط یازغان، خطندە معونی، آطلانتك معاهیدەسینی بیکار قیلب، سویتلەر ایلە تزدن صحبت باشلاپ تنچلقنی اورناتشدن عبارت بولغان.

# ترومانڭ ابضا حاتی

انقرە. ترومان غزتەچیلەرگە بەرگەن بیاناتیدا بیرلین محاصرەسی یوق قیلنمیغونچە آمریقانڭ سویت ایلە بیرلیندە و آلمانیه حققندە مذاکیرە قیلش نیتیدە ایمەسلیکینی بلدوردی.

# لایحه تصدیقلاندی

مارشال پلانی بوینچە 49- یلدا آوروپاغا یاردم قلنیدیغان 5,800,000,000 دوللار لایحەسینی آمریقا ملت مجلیسی تصدیقلادی. یاقندا ترومان امضا قلغاندن کین اشقا باشلارمش.

# سوریەدە

عرب بیرلکینڭ عمومی باش کاتبی عبدالرحمان عزام پاشا یاقیندا سوریەگە باریب سوریەنڭ یاڭی لیدیرلەری ایلە کوروشمەکچیدور.

(کابول) سوریەدە حسنی زعیم سابق باش وزیر خالدالعزمنی قاماقدن بوشاندی. یاڭی کابینەنی بورونقی کابینە اعضالاریدن امین آتاسی تشکیل قیلماق اوچون حوکتدەدور.

شام (17- آپریل) سوریه عسکری حکومت باشلقی حسن زعیم پاشا بوگون بورونقی باش وزیر «هاشم بک آتاسی»غا یاڭی کابنه قوروش اوچون امر بردی. عراق حکومتینڭ باش وزیری بوگون سوریه مرکزی شامغا سفر قیلمشدور. مخبرلەرنڭ سوزیچە، بوکشینڭ سوریەگە کیلشدەکی مقصدی بولسە یهودیلەر سوریەگە هجوم قلغان صوردتدە عراقنڭ یاردەمدە بولوشینی سوریەحکومتیگە آگلاتش و هم حسین زعیم پاشانڭ «بیوك سوریه» پلانی حققندە قونوشماق اوچون ایمش.

# ناراضیلق

کشمیردە هندستان عسکرلەری اوز اوردولاریدن قوزغالیب بعضی یرلەرنی اشغال قیلدی. پاکستان حکومتی بو حرکتنی متارکە شرطلەرینی بوزغانلقدور دب ناراضیلق بیلدوردی.

# قسقا خبرلەر

قانون توزوش پالاتا اعضالاری جوڭگونڭ مالیه، آقچا سیاستینی یاخشیلاماق اوستیدە مذاکر آلیب بارماقدادور.

جوڭگو گومنداڭ اجرائیه تفتیش هیئت اعضالارینڭ 183- سانلق مجلسی کانتوندا آچیلغان.

جاحسو اولکەسیدە عسکر آلیش ایشی باشلانغان.

شاڭخەی خلقی، حکومت عسکرلەرینی عصیان چقارماقغا قوتراندی دیگەن شبهه ایلە قامالغان قانون پالاتا اعضاسی شوویتیەنگە قاتتق جزا بیریشنی طلب قیلدی.

---

آمریقانڭ خیریت ادارەلەری قینچلقدا قالغان جوڭگو خلقینی قوتقازیش پلانینی قبول قیلدی.

ایران بلەن ساویت چیگاراسیدا توقونوش دوام قیلماقدادور.

باتاویادا هوللاندا و ایندونیزیا وکیللەری کونفرانسیدن سیاسی اورونلار امید کورسەتمەکدەدور. ارتە بیر نتیجە چقیش احتمالی بار ایمیش.

مرکزی حکومت عسکرلەری نانکینڭ شمالی شرقیسیداکی قایتورما هجومینی دوام اندورمەکدە و بیر مهیم یرنی قایتوروب آلدی.

---

# غربی زالدا نطق

خواهی کوچادا، خواهی حکومت مأمورلاری آغزیدا بازار بهاسینڭ سرعت بلەن اوسوب کتیشی، مأمور صنفینڭ قیینچیلقی، کوندەلك بحث موضوعلاریغا آیلانماقدا ایدی.

15- آپریل ساعت 10 دا باشی کاتیب لیومڭچون، حکومتنڭ یوقاری درجەلك مأمورلارینی چاقیریب تسلی طرزیدە بر نطق بەرگەن.

قولاق سالیشیمزچه، بو نطقدن کین حکومت مأمورلاری توزولگەن لایحه و قیلنغان وعدەلەرگە بناءً، تورموشینڭ قاچان یاخشیلانب کیتەدورغانلقیغا حیرت و حرارت بلەن انتظارلق بلدورمەكدە.

مخبر.

# ضیافت اوستیگە

## ضیافت

کاشغر معاون والیسی جوبك خوالوفور و کاشغر خلق معثللەری شرفیگە اولکە رئیسی برهان شهیدی 16- آپریل ساعت بردە حکومت مجلس خانەسیدە بر ضیافت برگەن.

... گنرال جاڭ جیجوڭ و باشقا حکومت اربابلاریغا کاشغر خلقی نامیغا بایراق تقدیم قلغالی کلگەن ابراهیم داملا، عبدالرسول آخونلارغا گنرال تاوسی بو برضیافت بیریش بلەن تشکر بلدورگەن.

مخبر.

# اق زامباقلار مملكتيده

**№ 25**

خلق دارالفنونينىك يىگرمى بشنجى يىلى رەچەل قرالى يارويننىك نطقى

## يارويننى اوكوننى و گولبه قانداق قرال بولدى؟

بو مراسم بوتون تفرتى بلەن و يارويننىك نطقى بوتون فين غزتەلەريدە هينەن باسيلدى.

بو نطق فينلانداا بير حادثه بول دى. اوتون وقتلەرغەچه بوندىن بحث قي لندى. فينلانداداكى خلق و ايشچى كت لەسيني آقارتشنى ايستەگوچيلەرنىك اور دوسى يوزلەرچه كشيگه ايگه بولدى.

بعضى شهرلەردە باى سوداگرلەر خلق دارالفنونلارى اوچون بنالار هد يه قيلدى. و ياكه ياكى عمارت سالش اوچون پوللارنى بردى.

كوبلەگەن معلملەر، حاكملار، آدوا كاتلار و دوقتورلار، هر كيچەسى قهوه خانەلەردە اولتوروب كاغذ (قارتا) اوي ناشدن و بيوا ايچەدن واز كچدى. بولار قايتادن كتاب مطالعەسيگه بيريل دى. ملتنى آقارتماق اوچون، اوزينى آقارتشنىك لازملقينى سزدى. هر طرفده اوستا ناطقلار و كونفرانسچيلار پيدا بولوشقا باشلادى.

بوتون مجلسلەردە، اويون و تما شا جايلاريدا، آشخانەلەردە، توپلانغان اعانەلەر بلەن خلققه ياقادورغان كتابلار ساتيب آليب، الى بيراق بيزالارغاچه ايبەريلشكه باشلادى. معين موضوعلار اعلان قيلندى. بو موضوعلارغا دائر بك گوزەل كتاب يازغانلارغا مكافات بي ريشكه باشلادى. محررلارنىك اثرلەرينىك باسيلشيغا باردم قيلدى. بو صورتبلەن ميدانغا كلگەن كتابلارنى الك آرزان بها دا ساتيشقا كيريشدى.

حياتنىك آخرقى يىللاريدا سنلماق دوستلارى بلەن شونداق موگداشار ايدوى:

— فينلانداانىك حاضرقى حالى بلەن باللق وقتدەكى حالينى اويلاب شون داق بير لوحه تصور قيلامن:

چوك بير ويران اوى بار. بوتون پنجيرەلەرى ايتيك. تاشقاريدن قاراغان دا متروك دب ظن قيلينادور. ايچى بول سا، قاراكغو، ديمقتا، زەيكەش بولغان

بو اوى، چوك بير مزارغا اوخشايدور. فقط بير بولوم ياشلار، جسور و كوچ لك انسانلار كلەدور. بولار كوب يافيه لق و عقللق آدملەر، درحال پنجيرەلەر نى آچادور. اوينىك ايچيگه آفتاب توشه دور. صاف هوا و چيچەك پوراقلارى كيرەدور. اوينىك ايچيدە در نەرسه جان لانادور. بنا سرتدن هم تعمير قيلينب، چيرايلقلاشادور. يات آدملەر هم بوندن كيين تيلسيماق، چين آلباستيلق بيرلير دن قاچقاندەك بو اويدن اوزاقلاشما ي دور، يانيغا كيلب، ياگيلانغان بنانى حي رانلق بلەن تماشا قيلادور.

— مانا مونداق بير اوزگريشنى هر بير دولتدە، هر بير ولايتدە، هر بير كنتدە الك ياسكينا و اونتولوب كتكەن بير بو لوگدا هم قيلغالى بولادور. بونىك او چون يالغوز جانلق، فكرلك، اويغاق روحلق و مدنيت يوليدا ايشلەشدن زير يكمەگوچى تيريكمەگوچى انسانلارغا احتياج باردور. (دوامى بار)

## دەرنەكدن الغان تائثيراتم

دەرنەك و شادلق كيچەنىك هر ايكي سى بير مقصد و بير غايەگه خزمت قي لشدا شبهه بولماغانلقدن و مسابقه، منا قشەگه و منافرتگه آليب بارماى وحدت اجتماعيەگه باشلاغانلقيدن منى هر ايكي سيگه بير محبت و بير صميمى كوگل بلەن قارايمن. هر نوبت من آلديدن خبردار قيلغانيگزغا يورەكدن رحمت ايتا من. تورك اويغور ملتينىك اوتموش تا ريخى ايچيدە پارلاق صحيفەلەرى بار. حاضرقى كوندە هم اوز ادبيانەرينىك نجه ليلدە ثبات و غيرت قيلشلارى و كوز دن كونگه يوكسەلشلەرى بير ملتنىك كلەچەكدە تنازع بقا قانونينى توشەنگەن و دنياغا تانولغان بير ملت بولادورغان لقينى اميدلەندورەر. قايسى غنه بيرملت بولماسون (اسمى نرسه بولسا بولسون) ارزينىك علمى ادبيات كيچەلەرينى نرسه دب آتاسا آتاسون غايەسى بير. بو جهت دى بز بولارغا منافقه منازعه دب قارا ماى مسابقه دب قاراب بولارغا دوام قيل غوچى ياشلاريمز و علم ادبيات محبله رينى صميمى قرنداشلار دب بيلب حر مت قيلامز و شول نيت، شول حسيات بلەن متخصص بولوشلارينى جان دلدن اميد ايتەمز. حسن ظن قيلامز. حسيا تيغه ايگه بولغان، اوزينى معتدل توت قان، خلقى و دينيگه و ملتيگه خدمت قيلدنى مقصدى و آمالى قيلب عمرب نى بو يولده صرف اتكەن ياشلار بز نىك دوستلەريمز و قرنداشلاريمزدور. بولارنىك علم يوليدە سوزلەگەن سوزله ريدن الهاملانيب بويوك اميدلەرگه مستغ رق بولامن. قابيلتلك و تالانتلق ياش اديبلەريمزنىك آرامزده اثباد وجود قيلش لەريگه سبب بولغادلارغا رحمت ايتما دن اوته آلمايمن. خصوصا 23 — دەر نەكدە كونفرانس برگەن ابراهيم مطيعى افنديىنىك كونفرانسى تيل مسئلەسى بول غانى اوچون بك مهملكينى حس قيلا من. مذكور كونفرانسدن يەنه ايچيمزدە كلەچەكدە مستشرقلەرنىك وجودقا كيلش اميديگه كلدم، اللەنىك قرآندە تيلنى بو يوك نعمت اولاراق بير نەچچه يرلەردە ذكر قيلب اوتوشى، انسانلارنىك حياتي دا تيلنىك بويوك بقا عاملى بولادورغان لقينى كورسەتەدور.

بوگا اوخشاش اوتموشدەكى دەرنەك لەردەكى هر بير كونفرانسلار خلق عا مەسينىك منفعتى نقطەسيدن و مستقبل حياتقا حسن تائثيرى اعتبارى بلەن بك مهم و تقديرگه لايقدور.

من سوزومنىك آخريدا هر بيريلا لاريمزدن اوزلەرينىك قابليت و بيلملەري نى تارتماى اظهار قيلشلەرى بلەن خل قيمزگه بولغان صميميتلەرينى دائما ا دەلەب توروشلارينى امدى ايتەمن. سو زومنىك آخريدە بيرلەشيب كوچگه كوچ قوشوشى محبتلك كوگلگه محبتلك كوگ لەرنى جمع قيلشلەرينى اميد و آرزو قلامن.

بير بولايلى، افتراقدن ساقلانايلى، بول قويوچانلق، عفو ايتوچەنلك صنا عت ممدوحلەرنى اسيمزدە توتايلى!

هر ايكى علمى مجلسنىك صميمى و حقيقى خير خواهى و محبى:

احمد شاكير حضرت

ئۇيغۇر كىتاب www.uyghurkitap.com


بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

تلده، اشده، فکرده، برلك!

# أرك

مدیر: عیسى الب تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

27 آپریل 1949 ییل

29 جمادالاخر ١٣٦٨ ه

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

265 — چهارشنبه

آدریس: اورومچی یانغاك التای کوچاسی اوی نومری 13
تلفون: مدیر اویی و اداره خانه: 26 تلگراف 2222


# بو کەلك وادینك هەرنە اغیرلقلارغا راضی بولغانی حالدا ینە قایغوسی

آغیرلق او بیر تاغ ویا بیر تیمور [آ]غیرلقی ایمەس.

انسان - یارالیشدا - روحی، آرزو [...]ی، امیدی وجدانی مجبتی حیاتی، [مع]یشتی، شرفی شانی - آبرویی - الغار[...]ی وهکذا، روحی حاللار بلەن یارال[...]اندور. بونگسز انسان حیات بولماس [...] بونگسز انسانی حیات دەپ آتاغالی [...]م بولماسا کرەك.

بوخیل روحی حاللارنی - تاغ آغیر[...]ی ویا تمور آغیرلقی باسقاندا - آغیر [...] دەب آتاماسلەر - فقط شو حاللار او[...] قاریمو - قارشیسیەنگنه آغیرلق [...]تارلەر. مجهول یاغینی تاشلاب ایتقاد [...]، انسانلارنك روحی توشکون حال [...] کلسه، آرزوسی حل بولماسا، [ام]یدی توسالسا - وجدان اوقی اوشال[...] - معیشتی قایغوغا گرفتار اولسا - [شر]فی شانی بولغاشسا - ابرویی تو[...]سه، الغارلغی قالاقلانسا، شونداق [...] بو بیر کانتا آغیرلق دەب اینقالی [...]دور.

بوگون - کەلك وادی دب ایتقانیمز - اونك ایچیدە حیات کوچورمیش بیر [...]چە عزیز خلق ئوقاریداکی روحی حال[...]ینك قاریمو - قارشیلقیغا اوچرا[...] برابرندە آغیرلققا دوچار اولمش [...].

[...]من، یول اوستندە ییراق بیر ییزا[...]انی بلەن قیلمش مصبتیمدە - مذکور [...]ی بیر دهقاننك - „ اوکام بوگونلەر [...] آغیرلقنی بیزنك باشیمزغا خدا - [...]ی سالدی، ینە خدا اوزی کوتوروب [...]اشلق برمیسە انسان کوتوروب تەك [...]آلمایدور " دیگەن ادیبانە بیر جمله سوزی ایلە منمو مختصر قیلماقنی لا یق تاپامن، بوگونکی سیاسی ادارەچی لککە یغلاش - ناشقا أذان چیرلاشدن باشقا ایش بولماسا کرەك.

یغلاب، قاخشاب، یاش اورنیغا - قان توکوب، وای داد دەب - حال ایتب نجاد تاپا آلماغان بو مات - مجروح بیر آهو کبی محکوملقدا - هیچ قایان قیلا آلمادن، اوز باشیگە توشمیش آغیر لقلارنی تگریگە بولەب - تقدیرگە تن بیریب، قناعت حاصل قیلغانلقی بوقار قی دهقاننك سوزی بلەن افادەلەنمەکدە دور. بو حس - البتە حق سوزدور. همە شو غایت، ایلە قناعت قیلار بس.

بو کەلك وادی بوتون آغیرلقلارغا راضیدور.

- نهایتی آلساك مالنی - آلار ایکەن سن، میلی - قانالاردا - دریا بولوب آلتون آقسون، بدلیگە پرداز جهاری.

- پارە آل - باسماچیلق ایلە اویلەر نی تالان قیل - شرطی: اوروب آزار برمە - بوغوزلاب سویوب یوبرمە!..

- نیمە قیلساڭ ایش سنك!...

- نیمە اوینساڭ اویون سنك

- باغلەر سنك مەیلیڭگە، !... میوەلەر آشا! مشرەبلەر اوینا. لکین شاخنی سوندررما!...

بوتون تن بو راضیلقیغا بویون سونغان حالدا، تیل تبرەتمککە جرئتی یوق. حرکتکە تحی...

قلعەلەر، سفیللەر، آغیر قونداغ لق ملتیقلەر، بونلەرنك همەسی اجل دور. بونلەرە خلق کوز تیکیب قاراب آلالماس. بونك بلەن کاریمو یوق، بو جهتی بلك تنج.

جمعیت بکمو عالیمدور، اوزون ییل لاردن بویان ایسیق سوغوق کونلەرنی کورگەنی اوچونمو - اقبالینی اویلاشسا کرەك. هر جان ایگەسی آغیرچیلق کل تورگوچیلەر ایلە آرتوق مصاحبە قیلشدن باش تارتقان حالدادور. بو البتە کوب اویلاشدن سونگی، ظاهرەن قرار برمیش امیدسزلکدور.

امید - دیلنك الك چوگقور محریگە توتاشقان بیر پارچە اوتدن عبارت. ماگمانك آغیر تاغ استیدا یانیشی امید سزلکدن ایمەسدور.

خلق اوزی بغدای یافراقلاریغا توش کەن حال ایمەسدور، آندق آفتابنك زرەسیدن ایریب بتمەس. خلق اوسما ایمەسدور، آسان اوچکەلی.

بوگون محیطنك تنج تورغانی جمعیتکە یاغرەك توبولماقدا. هرکیم اوز کسبی بلەن اوز دردینی ایچیگە یوتوب معیشت کوچورمەکدەدور. کسب مناسبتی البتە هرکیم بلەن بولادور. بو مناسبتدن جمعیتنك حاکیم بیر گروه ایلە، قاتیقی اوگەیلك وجود تاپماقدا ایکەنلکی روشەندور. حکمران ملتلەر نك اورگەیچیلك قیلشی آغیرلقنی چک سز آرتقانلغی، نفسینك چکسزلکیدن بولسا، محکوم جمعیتنك جان تالاشیب معیشت تعمین قیلش چارەسیدندور.

بوگونکی ادارەچیلك هم اوگەی آنانك اوگەی بالاسیغا قیلغان معاملەسیدەك شکیل کورسەتکەن یردەدور. حکومت ادارەچیلکیدە اول پول تولەب کیین یغلا دیمەکدن باشقا ایشی یوق.

جمعیت برطرفدن یا حرام یا حلالغا تعیین بولماغان حالدادور. بیر گروه اوز کیمەسی ایلە یورسە - ینە بیر گروه ایکی کیمەگە آسیلب یاعراشنی آیلانماقچی بولارلەر.

( دوامی ایکنجی بتدە )

# اولکه و شهر خبرلەری

(چینی تورکستان اخباراتی و اوزل مخابریمزدن)

## تبریك مکتوبلاری

تورك اویغور اویوشماسیغا رئیس
لمککه عیسی بگ الب تکین سایلانغان
دن بیری شهر آهالیسی ایچدن سی
وینچلەرینی بیلدورگەنیگه اوخشاش سرت
دن هم تبریك مکتوبلاری کوندورمەک
ده. بو خبر یتیب بارغانلا بردە،
ایشتکەن هر یورتداشیمز طرفیدن یول
لانغان تبریك نامەلەرنی. باشقا حاجت
کورمەیمز.

چینی تورکستان اخبارانیدن آلغان
خبریمزگه کوره تورپان، قاراشهر، کور
لا، لوفنور، بوگور و بای کبی ناحیه
لەرده قاضی کلان، تجار، اصناف، معتبر
ذات و اویوشماچیلار آرقا ـ آرقاسیدن
تبریك نامەلەر یوللاغان و یاکی رئیس
نلك خذمتیدن موفقیت تیلەگەندورلەر.

## التای مسجدی

اوتکەن یىل ملی رەهبرلریمزنـك
مادی یاردمی، یولوبمو محله جماعتلری
نلك قیزغین کوچ چیقاریشی ارقاسیدا
یالکخانك ابرق بوییغا سالنغان مسجدده
25 ـ اپریل دوشنبه کونی جماعت و
معتبر ذاتلار حضوریدا بیوك بیر
ذتبر بریلگەن. ساعت 10دن باشلاب
تورتکه قدر دوام قیلغان بو اجتماعدا
قرآن طلاوت قلنیب، اخریدا مسجدگه
آت قویوش اوچون بولغان مذاکرەده
„ لتای مسجدی“ نامی قویولوب، کوپ
چولك بومبارك اسمنی قبول قلیب دعا
قلغان.

هرنرسه داییمزگه قاراب تمایل قیل
ماقدا بولغان بیر وقتده جماعتلریمز
نلك بومقدس جایغا „ لتای مسجدی“
دەب نام بریشی، ملتچیلرنی سولك در
جه سیوندورمکده و بومسجد اطرافیغا
جماعتلریمزنلك کوبلەب جلب قلنیشینی
امید قیلماقدا.

## امینه خانیم التە شهر یولیدا

اورومچیدن آیریلیب یزنی کوتوش
اوچون حاضرلانغان توقسون حاکم اداره
سیگه توشدوك. بویرده معاوین حاکم
یورتنلك قیزچیلقی، آلوان ـ یاساقنلك آغر
لیقی توغراسیدا آمینەخانیمغا برقور
بیانات بردی.

ارتەسی ساعت 7ده یولغا چقیب،
قاراشهرگه یتدوك. والیلار، قوماندان
لار، حاکملار، یورت معتبرلاری طرفی
دن استقبال قلنیب شرفیمزگه برقانچه
ضیافتلەر بریلدی. معاوین حاکم معارف
نلك خرابلیقی حقیده مصاحبەگه کریشیب
بوزگه یقین قیز اوقوغوچینی بر اویده
معاشسیز، تامیناتسیز اوقوتوب یاتقان
لیقی، بوساحەده معاوین حاکمنلك رفیقه
سی بلەن برلیکده رضاکارانه چالیشماقدا
بولغان اوچ خانیمنلك غیرتلەری، حکو
متنلك بومکتبگه هیچ نظر سالمای یات
قانلیقینی آگلاتدی.

کوچاردا هم حاکملار، وبورت معتبر
لاری طرفیدن استقبال قلیندوق. شرفی
میزگه زور ضیافتلەر بریلدی. بویردن
1 ـ آپریلدا آیریلیب یەنه یولغا توش
دوق.

(باشی برنچی بتده)

یوسی، البته یورت و خلق مذ
فعتی یاییدن یراقلاشقاییدن باشقا نا
ثیر برمەس.

بوگون جمعیت بوتون آغریقلارغا
یوی سونغان حالدا امید چیراغینی یاق
دوروماقدادور. گوهت قالامیداکی باغ
لەر توگەگەن حالدا ـ ایلیکاری بلەن امید
چیراغینی یاندورار. خلقنلك امیدی حیات
لقدور. بیر یولی تنجسزلقنلك موجود
بولوشی ایکنجی مسئله، فقط سونگی
کونلەرده ـ اوز بغدایمز بلەن تریلگەن
اوز آتیمز بلەن أت قوشوب شوریامز
بلەن قان کوپەیتکەنلەرنلك چیقاریشی احـ
تمال بولغان قالاییماقانچیلقیدن چیقادور
غان شرفسز اولوملەر بیردن بیر زور
فایغودور.

کوچاردا کیمسیز، آغریقچان ماغ
دورسیز گلشمخان دیگەن برخاتون آمینه
خانیم بوغراغا داد ـ احوالینی ایتیش
بلەن آمینەخانیم 70ملیارت پول توت
قوزوب، اورومچیگه باریب دوختورخانه
ده داوالانیش اوچون قولیغا کارتایازیب
بردی. خانیمنلك بو همتیدن تولایی کو
چار معتبرلەری تشکرلرینی بیلدوردی،

## بلدیه رئیسی یتیب کلدی

30 ـ فیورالدا شهریمزدین آیری
لیب اچکی چینگه کتکەن بلدیه رئیسی
چوی‌او 25 ـ آپریل ارته ساعت 9دا
عسکری اوچقو بلەن شهریمزگه یتیب
کلدی. بو اثنادا استقبال قلغوچیلار
و بولارنلك آراسیدا بولغان بلدیەچیلەر
بلەن شـهر امینلکی و بلدیه اهـلەری
خصوصیدا مصاحبه اوتکوزدی.

چوی‌او شهریمزدن آیریلغاندن کین
گنرال جالگجی‌جولك افندی بلەن نانکین
پیکین شهرلریگه بارمیش و صلح مذا
کرەسیگه مخبر اولاراق اشتراك قلمیش
دور.

*‒‒*(*÷*)*‒‒*

## موتورلق کیمه تشبثی

آشلق توشوش باشقارماسی اوزون
بر حاضرلق دەورەسیدن‌کین تاریم دریا
سیدن آشلق توشوش اوچون لازم بول
غان چارەلەرگه باش‌اورماقدادور. حاضر،
موتورلق کیمه یاسابشقاکریشکەن بولوب
ایکی آی مدت اچیده برنجی قسمی یا
سالیب بولادورغان بوموتورلق کیمەلەر
اوچون 100ملیون آلتون آقچا صرف
قلنادورغانلیقی تخمین قلینغان ایمیش.
بوکیمەلەردین هربری 30 تون (120
دانەن) آشلقنی توشاآلغوسیدور.

اگر بو کیمەلەر پوتوب، تجربەده
یاخشی نتیجەلەر برسه آشلق توشوش
ایشیده بویوك موفقیتلەر قولغا کلتو
رولگوسیدور.

## حیات هم دور مجموعەسی

„حیات هم دور“ نشریاتی 2نجی
یىل دونومینلك 3 (14)نجی سانیینی
نشرقیلدی. بوگونکی سیاسی وضعیتیمز
ومختلف موضوعلارغا عائد یازولار نشر
قلغان‌بوباکی مجموعەنی بوتون بلم اه
لیگه توصیه قیلامز

هر‌بر کتاب داگازەلەریده سانیلغوسی

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# اچکی و تاشقی خبرلەر

( 22 نجی و 25 نجی رادیو خبرلەریدن )

## ایچکی اوروشدا یاڭی جبهەلەر

آنقره ( 25 ـ آپریل ) شاڭخەینڭ
یانیدا شدتلك سوقوش بولماقدادور.
شاڭخەی مدافعه قوماندانی شهردن مداف
عه قیلش سوگغەچه دوام اتدورولەدور
دیدی. نانکیندا کی کاممونست عسکری
اورونلارینی مرکز اوچقوچلاری بومبار
دمان قیلدی.

دهلی ( 25 ـ آپریل ) کاممونست
عسکرلەری شاڭخەیگه 20 میل یرگه
یتیب باردی. شاڭخەیدەکی حکومت ما
مورلاری اوچقوچ بلەن جنوبقا کوچمەک
ده دور. حکومت عسکرلەری نیڭپو و
دواڭجو آراسیدا 400 میل اوزونلوق
دا بیر مدافعه خطی تشکیل قیلدی.

چین مرکزی حکومتنڭ بیر عسکری
موزچیسی » یازیدن اونکەن 3000
کاممونست عسکری بلەن قانتیق سو
قوش قیلماقدا بولغانلقینی« بیان قیلدی.

لوندون ـ نانکینده کاممونستلارنڭ
توپلەری بلەن زیان کورگەن انگلیز حر
بی کیمەسینی شاڭخەیگه کلتورگونچه
یەنه کاممونستلار دوامق اوق آتقانلق
دن کیمەگه کوپ اوق تیگیب 49 کشی
اولدی. کاممونستلار نانکین شاڭخەی
آراسیداکی تیمور یولنی بوزوش او
چون حرکت قیلماقدادور.

کاممونست رادیوسی یازیدن اوت
کەن عسکرلەرینڭ سانینی 300000
دەب دعوا قیلسامو مرکز رادیوسی بو
نی یالغانلادی.

واشنغتون ـ نانکینداکی اجنبی
سفیرلەر نانکیندن یوتکەلمەسلککه قرار
بردی. نانکیننی بوشاتیش ایشی بلك
جدیلك بلەن دوام اتمەکده دور.

## خلق افکارینڭ غضبی

آمریکادا خلق افکاری آمریکا حکو
متینڭ چین حکومتینی کاممونست هجو
می آلدیدا یاردمسز تاشلاپ قویغانلقیغا
غضبکه کلمەککه باشلادی و دین اچیسون
نڭ سیاستیگه رسمی و غیر رسمی او
رونلەر طرفلەریدن هجوم کوپەیمەکده.

## حسنی رغیم قاهرەده

سوریه حکومت باشلقی حسنی رغیم
مصرگه باریب قرال فاروق بلەن کورو
شوب سوریه انقلابینڭ فقط ایچ مسئله
بولوب خارجنڭ هیچ بیر تاثیری یوق
لیغینی بیان قیلدی و فاروق تولوق
قناعت بیلدوردی و یاقیندا مصر حکو
متینڭ سوریه حکومتینی تونوشی کوز
گه کورونمەکده دور.

سوریه و یهودیلەر آراسیداکی متار
که قیینلقغا اوچرایدورغان کورونمەکده.
چونکه سوریه یهودیلەرنڭ اشغال قیلـ
غان بیر نچه نقطەلەردن چیکلیشنی ایسـ
تەمەکده دور.

## یاشورون بر مجلیس

آنقره ـ آمریکا اعیان مجلسینڭ
خارجیه کومسیونی تونوگون ساعت 4
ده بیر یاشورون مجلس آچدی، بو مج
لس حقیده تورلك فکرلەر یوروتولمەک
دەدور. بعضی اورونلارنڭ فکریچه مار
شال پلانی یاردمینی یپلیپین و جنوبی
کوریاغا شامل قیلماق مسئلەسی قرارلاش
قان بولسا کرەك.

## یاقیندا بر توپلانتی

آمریکا غزتەلەری وبشینسکی، بو
ن، شومان و دین اچیسون آراسیدا
یاقیندا بیر توپلانتی بولماقچی بولغان
لقینی یازماقدادور. خبرگه کوره بو توپ
لانتینڭ موضوعی بیرلین محاصرەسی
و المانیه مسئلەسی ایمشدور.

## یەنه بر لوزان کونفرانسی

فلسطین اوزلاشتورما قومیسیونی
لوزاندا عرب و یهودی دولتلەریدن
وکیلل چاقریب بیر کونفرانس آچماققا
قرار بریب دعوتنامه تارقاتقان ایدی.
بو هفته ایچیده وکیللەر توپلانغوسی
دور.

## جمهوریتچیلەر شرطی

اندونیزیا جمهوریت وکیللەری و
هوللاندا وکیللەری آراسیداکی مذاکره
اینچکه نقطەگه یتدی. جمهوریت وکیللە
ری جوگجاکرتانی قید و شرطسز جم
هوریت حکومتیگه بوشاتیب بریشنی
شرط قویدی. هوللاندا وکیللەری تور
لوك بهانەلەر اویدورماقدادور.

**)*(**

## اندیشه

آنقره ـ (22 ـ اپریل) آمریکا سیا
سی اورونلاری پاریسدا آچیلغان دنیا
تنچلق کونفرانسی حقیده اندیشەلەرینی
کورسەتمەکدەدور.

+***)(***×

## اوردون کابینەسی

اوردون قرالی عبدالله مای آییدا
تورکیەگه کلمەکچی ایمش. اوردون کابی
نەسی یاڭیدن تشکیل بولوب فلسطین
بیوکلەریدن بیر نچه کشی کیرگوزولگو
سی ایمش.

**(*)**

## قرارسزلق

ایتالیه مستملکەلەری مسئلەسی حقی
ده بیرلەشکەن ملتلەر قورومینڭ سیا
سی کومیسیونیدا هیچ بیر قرارغا کلمه
مەدی.

***(***)

## جمهوریت اعلانی

هندستان حکومتی کیلەچەك هفته
ایچیده دومینیونلوقدن چیقیب جمهو
ریت اعلان قیلماقچی بولدی.

***(**)***

## تالاش تارتیش

بیرلەشکەن ملتلەر قورومیدا یهودی
لەرنڭ اعضالقغا قبول قیلماق مسئلەسی
شدتلك تالاشلەر بلەن مذاکرەگه باشلاند
ی.

**(***)**

## محاکمه

حیدر آبادda سابق باش وزیر لایق
علی نڭ و رضاکار فرقەنڭ رئیسی سید
قاسم رضوی نڭ محاکمەسی باشلاندی.

# اق زامباقلار مملكتيده

№ 27

## بيزالقلار، اشچيلار، كاسبلار

اولار هم يارانيليشىدا عقللىق و مستعددورلەر. يالغوز بولارنى آسراماق مليونلارچه انساندن هر بيريگه تولوق ديگيدەك آدم بولوشيغا يول برمەك لازمدور.

سنلمان بوتون بيزاقلارنك، ايشچيلارنك، كاسبلارنك قسقاسى الڭ چوك خلق كتلەسينك هر جهتدن آقارتيلشينى ارشاد و تربيەسينى حيانينك الڭ مهيم وظيفەسى دەپ بيلگەن، اوز وقتيده پيەر ئەرميت اەل صاب سفرلەرينى تشويق قيلغانيغا اوخشاش، او هم فينلاندادا معارف سفر برلكينك پيشدارى بولغان ايدى.

سنلمان هر طرفده شو سوزلەرنى تكرار قيلار ايدى:

– مملكت آهاليسيدن بيوك بير قسمينك بوندان بوزوقلق و جهالت ايچيده قاليشيغا چيداش، عيبدور. مدنيت نورينى امگەن هر قاندق آدمنك بوڭا قيدسز قاليشى بير جنايتدور. دولت ديگەن نرسه، بوقارى قيتلەرى چوڭ پنجيرەلك، ايگيز اوگوزلك، مول هوالق و ياروق بولغان، آستيڭقى و بر استى قيتلەرى بولسا، قاراڭغو، زەيكەش تار پنجيرەسز بولغان بير شاتو ايمەسدور.

سنلمان يەنه دەر ايدى:

– مملكت آهاليسينك زيج و آساسى كتلەسينك معارفدن محروم قيلنيشى بير جنايتدور. دولتنك اوزينى اوزى بيقيتيشى، اواچا قيلشى ديمەكدور.

وحشيلەرنك كەبدل ايكەنلكى، مملكتنك بايلقلاريدن فايدالانيش يولينى بيلمەگەنلكيدن آچلقدن اولگەنلكلەرينى سوزلەيدورلەر. فقط بيرمملكتده ياشاغان هر انساننك معنوى و مادى كوچلەريدن فايدالانشنى بيلمەسلك و بيلشنى ايستەمەسلك هم وحشتنك الڭ بويوكيدور.

– الڭ ياخشى و الڭ قيمتلك اون مليون درختلق بير اورماننى تصوير قيليڭز. بو اورمانغا هيچ كيم قاراماسا، هيچ كيم اونى تازالاماسا و آسراماسا، بوننك نيمه فايداسى بار. بوغان – بوغان درختلەر بوراننك تاثيرى بلەن ييقيليب، يامغور سولارينى ايميب چيريب توگەيدور. بو چيرايلق اورمان، بير كسل اوواسيغا ايلانادور. صاف اورمان هواسى اورنيغا، يوزلەرچه كيلو متير محيطيدا بەزگەك مكروفلارى آيلانيشقا باشلايدور.

– آڭلاڭز! آڭلاڭز! آڭلاڭز! – دەب سنلمان تكرارلار ايدى – مملكتده چاليشقوچى و ايشلەگوچى هربير كشى بيوك قيمتكه ايگەدور. بوننك ييگەنينى ايچكەنينى، صرف قيلغانينى پول بلەن حساب قيليڭز. موافق بير يولدا اوسەرولگەن هربير كشينك مملكتكه نيمه لەرنى يتكوزوب برەدورغانلقينى اويلاڭز!

– امدى، بير قاتيم مملكتدەكى بيهوشلارنك مقدارينى حساب قيلڭ. اگر خلق كتلەرى توغرى يولدا تربيه كورگەن بولسا ايدى، بولارنك هر بيرى مملكت اوچون، ملت اوچون ايشلەگوچى بيردن قوت بولور ايدى.

* * *

سنلمان بو مناسبت بلەن آوروپاداكى سياحتيگه عائد بير واقعەنى حكايه قيلادور. بيرليرده مشهور بير آوستريالق يازوچى بلەن تانوشوبدور. بو ذات عرق جهتيدن خالص بير اسلاو بولسامو، اثرلەرينى آلمانچه يازار ايكەن. او زمانغاچه يازغان سانسز غزته مقالەلەرى بلەن، رسالەلەرى بلەن آوستريالق آلمانلارنك گاليچياداكى لهليلەرگه، موراوياداكى چكلەرگه و سلواكلارغا، وويودينداكى صربلارغا و خيرواتلارغا حاكم بولوشيدا حقى بار ايكەنلكينى اثباتلاشقا تيريشار ايكەن. بو آغماچى شوندق يازار ايدى:

اسلاو عرقى يومشاق بير عرقدور. خاتونلارنك عرقيدور. بو عرقنك آدملەرى خيالپرستدور. فقط خيالپرست شاعر ايمەسدور. ياراتيلشيدا شورونلدور.

( دوامى بار )

## ياڭى نور ايلكتر استانسه شركتيدن بيلدوروش

توك بلەن فائدەلانغوچى مشتريلەريمزگه شونى معلوم قيلامزكى:

بازار بهالارى آشيب كتكەنلكيدن ايلكتر استانسالك مخصوص بش هيئت قارارى و تصديقى ايله 3 – آينك توك پوليغا 4 – آينك برندن باشلاب ايكى حصه توك پولى آشورولدى.

اوشبو تصديقنى شهرلك حكومتكه علاقه آرقالى معلوم قيلش بلەن بيرگه مشتريلەريمزگه غزته بوزيده بيلدوروش قيلدوق.

3 – آى ايچيده توك پولى تاپشوروش توغرالق ياڭى ترتيب قاعدەلەرنك 2 – مادەسيده: مبادا بازار بهالارى آشيب، توك پولينى آشوروشقا توغرى كلسه لامپا هم ايشچوتچيكلەر بوينچه آشورولغان توك پولينى شول آينك آخريدا كيلەر آينك 10 – كونيگه قدر قوشومچه ايشچوت بوينچه تولەشلەرى شرط دەب هر بير مشتريلەريمزگه ٪ – آينك توك پولى ايشچوتى بلەن بيرگه شول قاعدەلەريمزنى تارقاتيب برگەن ايدوق.

شوننك اوچون هر بير مشتريلەريمز 4 – آيدا ايكى برابر قوشولغان توك پولينى 5 – آينك توك پولينى تاپشورغاندا بيرگه آليب كليب تاپشورماقلارينى سورايمز.

ايلكتر استانسا باش مديرى:

حسام‌الدين

## اعلان

شولخصوصدا اعلان قيلامنكى:

اوشبو 4 – آينك 21 – كونى (پنجشنبه) آخشامى بيلەت سانيش اوينك آلديدا بير دانه شوفيرلق ڭوانامەمنى يوقاتدم.

مذكور گوانامه ايچيده اوزومنك رسمم بولغانلقدن اوزگه كشيگه ايشلەمەيدور. آنينك اوچون تاپيب آلغوچى كشى آليب كيلب برسه 20 مليارد پول سيونچى برەمن.

اويغور اويوشما ايچيدەكى ياشلارنك جمعيتكه خدمت قيلش بولوميگه تاپشوروب بيريب مذكور 20 مليارد پولنى آليشلارينى سورايمن. چكچى گاك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قلمده ، اشده ، فكرده ، برلك !

# أرك

مدیرا : عیسی الب تکین
باش محرر : م . ا . بوغرا

یل 1949 آپریل 30

۸ ۰ ۱۳۶۸ – رجب ۱

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز توركستاندور

266 شنبه

آدریس: اورومچی یانگهاك التای کوچاسی اوی نومری 13
تلفون : مدیر اویی و اداره خانه : 26 تلگراف 2222

## اوچەدورغان چیراق هم یانیب اوچەدور!..

بونی انکار قیلا آلماسیز، اوچه دورغان چیراق البته یانیب اوچەدور.

– سزایی بازاریدا خلق تماشادا،
بلنددارداولوشنی اوبدان سویەمن
سیرتماق ایلاندك بوغسا گیلیمنی
روحلوق کوزومله – خلقم کورەمن

تیرناق اراسیدن کیر ایزەگوچیلر بولسا، اونلەرنك بوغان کلتورەدرغان حلاوەتی – شونچەلیکدور. بوالبتەشرەف، بوالبته مراد.

انیك اوچون – شخصا عداوت دین أمەس. محزون ملتلر قایغوسی – فغانی آتومیدن قورولغان جمله – جمله سوز لریمزنی یازیب – سیزیب یوروشنی کاتتا مشغولات ایتەمیز، تاکی نوریمز سیه خونچەلیك، بەس.

آیاعیغا جوت تەککەن انسانلاردنك توخوملاری عجب مه. هیچ نرسەنی اویلاالمایدور. شونداق برگروح انسان توخوملاری بارکی: هردائم » یاگاق چاقار دا دوست بولوب، پادا باقاردا آیری–لا دور« بوسی – البته کسب بولورغەتییش.

بوقانداق کسب. بونکده شرەف دیگەن نەرسه بارموکین؟

یوق، انسانچیلق اونیکدن عبارەت ئمەس. بوکسب راشتینی ایتقاندا »منفعت قلندرلری« نك کسبیدور.

انساننك روحیدا وجدان دیگەن نەرسه بار، اوز عقلی کمالی – وه وجدانی ایله برهدەف بلگولیشی لازم. جان چققان حالتده هم اوز هدەفی ایله اولسه بونکدا زور شرەف بار.

»منفعت قلندرلری« صفتیگه ایگه بولغان ذاتلەر کوب وقت خطالققه اوچرایدور. بونداغلەر آق – قارانك هیچ فرقینی تاالالماسدن منفعتگه حاجتخانه چیویبلریدەك اوزینی اورودور. مسئله نك نیمه ایکەنلکینی آنچه تفتیش ایتا آلمایدور. بر بهار موسیمی دیکی یشیل یفراغ نك کوکوروشی بلەن سایەسینی کوزلەیدور. بیلدیزی سوغه یتدیمو؟ یوق، اونك بلەن حسابلاشمایدور. تموز چاغلریداقینی قاندناغ سایەگه اوزینی اورار.

ایسیتکی، »منفعت قلندرلری« صفتی دیکی انسانلارنك جانیگه ۰ عمری بولی جیق بومالانسا 3 – 4 پەلله یو مولانیب آلار. اندن کین چو؟ منصب دیگەن ذو برناشتەکده اوستورولگەن گل کبیدور. اوی خواجەسی زینتگه لازم بولغان چاغدا برپیاله سوبلەن برآزچای شاماسی توکوب فرویش قلغان بولادور. واقتی کەلگەندە اونی قلمایدور. اوچاغ کوکلیگەن گل نك یفراغلری محزون بر قیافتده سالپایشقا ملاقات بولادور. بو عملی حقیقت بولغانی اوچون برعملدار بولماغلق ایله اوزینك انسانیتچیلیگینی یوقالتیب تاریخ جنایتکاری بولوش البته فائیدەلق امەسدور.

نهایت 20 یللق تاریخدا آچیلغان کوزلریمز نیمه ایشلرنی کورمیدی، قولاقلریمز خلق آرادن نیمەلرنی ایشتمیدی. بوکون کوبلەر عملیات دنیاسینی کورگەن و بیلگەن بردەدور. دنیانك عملیاتی – هرقایسیلری اوز نشانی – ساری ایلگری باسقانلقینی بیلدورمکده.

بزدیکی کوب مغلوبیتلیکلەرنك دمەسی نشانسیزلقدن کلگەندور دیسەك مکین بولادور. گرچه صفلەریمزده نشان بولغان حالدا هم اونك اچیدیکی اومیدسیز وه قورقاق ئادمتلەرنك بولوشی آشکارا تورماقدالەر. بونیمه دیگەن شرەفسیزلیك. اگر بر آدمنك نشانی قاطعیستلق بولغان تقدیرده، اوز یولی ایله اومیدسیز بولماسدین یورسه، آخیر بر شرەف ایله عمرینی تماملایدور. بویرده مسئله قاندا غلیکنی دول بولماسون شخصلرنك وجدانی قبول قیلار ایکەن، شو اوزیولی بلەن یورسون، اونگه شرەف بار.

انسانلنك روحی حاللرندن بوگون شو توختالغوسیزلار وجدانیمزنی عذاب لاماقدا. حاکمیت فلکنی کیمگه اوتسه اوتسون، بر یوروش منفعت قلندرلری شویرده بار. اما آخیردا یوزسیزلکیدن هیچ کیمگه فائیده برمس.

بز سوزیمز بلەن عملیاتیمزنی دائم برلەشتورگەن یردەمز. وجدانیمز قبول أیکەن بیگانه بر یولیمز باردور. اوز یولیمز بویلاب یوروشنی داوام ایتەمز. »مسافر ایتنك قویروغی قسقا« دیگەن ایکەن. بز مسافرهم أمەسمیز. اوزیورتیمزدن توغولوب اوسکەن قهریمانلەرمز. تاغلەر، داوانلەر توساق بولالماس.

کوز گوهریمزنك شمع نورانی اوت کونچەلك اوز یولیمز بویلاب شدەت ایله الغا کیتەمز. »اوچەدورغان چیراق هم یانیب اوچەدور«.

## كتابچیلق فعالیتی

نشویقات هیئتی قارماغیدیکی تالیف ترجمەکومسیونی یوقیندا برقانچەتورلك کتاب نشرقلغان. اسعدطاهری باش محرر لکیدیکی »حیات هم دور« مجموعەسینك 3 (14) نجی سانی نشرقلنب بولغاندن باشقا »بوقوملوق کیسللر حقیده« جالنز بن شاه طرفیدن بازیلاب یوسف و خاکواللاکوی طرفیدن ترجمه و تصحیح قلنغان عمومی قانون وجونگو جزا قانونی کبی اثرلرنك برقسمی مطبعەگەبریلگەن. وبرقسمی باسیلش اوچون اولکەلك حکومتدن پول سورالغاندور. چین جزاقانونی 2 بولوکدن عبارت بولوب، جالنتیبن شاه و اسعد افندی طرفیدن ترجمه، ابراهیم مطیعی طرفیدن تصحیح قلنغاندن باشقا تالیف ترجمه مدیری جالنزگه افندی بونی تورك جزا قانونیدا تطبیق قیلغاندور.

# اولكه و شهر خبرلەری

(چینی توركستان اخبارانی و اوزل مخابربمزدن)

## عبدالله توقای كیچەسی

خیلی دورلەردن بری تورلك تار سیاست آرقاسیدا! خلقیمز ملی بایراملرینی خاطرەلیالمای كلگەن ایدی. اولكەمزده خلقچیلق توزومی قورولوب، سیاست و رەژیم یاكیلانغاندن كین بو خیل ملی و دینی بایراملار آچیق روبشده تبریكلەشكه باشلیدی.

اوتكەن یل تورك تاتار خلقینك ملی شاعری عبدالله توقای‌نك توغومخاطرەسی مناسبتی بلەن تورلك اویغور اویوشماسیدا غزیته ادارەلری، هرآیماق مدەنی آقارتیش اویوشمالاری برلیكده میكدن آرتوق كشینك ایشتراكی بلەن زور بر ادبیات كیچەسی اوتكەزگەن ایدی بوكیچەده رسالەلەر تارقاتیلغاندن باشقا محمدامین حضرت و عیسی‌بگ آلیپ‌تكین لەر طرفیدن عبدالله توقای حقیده كوز قرانسلار بریلیب هربر آیماق مدەنی آقارتیش اویوشمالری طرفیدن كونسرتلار اوینالغان ایدی.

بویل هم بوكا أرگیشب، تاتار اویوشماسی طرفیدن 27نجی آپریل كیچەسی عبدالله توقایـغا باغیشلاب بـر ادبیات كیچەسی اوزدورولغان.

سوراب ایشتیمزگه كوره، سویت‌محاجیرلار اویوشماسینك كلوبیدا اوتكوزولگەن بوادبیات كیچەسیگه أر خاتون بولوب 200چه مـنـ ـر قـــاتـــناشقان بولوب، مجلیس حلیم ولی افندی‌نك ریاستیده آچیلغان. اسعدطاهری شاعرنك ترجمه حالینی آڭلاتیب بركونفرانس برگەندن‌كین شاكر حضرت طرفیدین برنطق بریلب تاتار صنایع نفیسەسی طرفیدین بر پیەسـه، وباشقا آیـماق صنعتكارلری طرفیدن 10غه یقین كانسرت بریلگەن. كیچه بك كوڭیللیك وقیزغین صورەتده اوتكەن.

*—( *÷* )—*

## تنگه قویوش زاوودینك مدیرلاری

تنگه قویوش زاوودینك تشكیلی نظامنامەسی اولكەلك حكومت مجلسیده تصدیقلانغانلقدین بوزاوود قورولوش باسقوچیدادور اولكەلك حكومت زاووددنك مدیر و معاونلرینی تعین قلنمان بولوب، مدیرلقغا اولكه بانكاسینك معاوین جیكلیسی یاڭجاڭشاڭ، معاوین لقیغا محی‌الدین بلگولەنگەندور. یاڭجیڭشاڭ اولكه بانكاسیداكی وظیفەسیگه جاڭخوڭ تعین قلینغاندور.

## اوزبك اویوشماسیدا سایلام

اوزبیك مدنی آقارتیش اویوشماسینك رەئیسی عبدالفتاح معاوین رەئیسی عدالت خانیم‌لەرنك باشقا ایشلری كوب بولغانلیقدن رەئیسلك خدمتیدن استیفا برگەن اویوشما طرفیدن بولارنك استیفاسی قبول كورولگەنلكیدن 25نجی آپریل كونی 50دن آرتوق اوز بیك ضیالی‌لری‌نك قاتناشیشی بلەن برسایلام مجلسی اوتكوزولگەن. نتیجەده رەئیسلیككه اسلامجان، معاوین رەئیسلكیگه فیض‌الله افندیلەر سایلانغان.

## بوغا وسوور اوی منیع قلندی

بوغا، سوور كبی بعضی جنسی حیوانلار اولكەمزنك مهم برحصولینی تامین قیلادورغان حیوانلادن بولـوب، بوگونگه قدر آولانیب كلگەن ایدی. او موضیعی بتیب كلگەن بروقتیدا اولكەلك حكومت 1951نجی ییلیغا قدر بوحیوانلارنی آولاماسلق (آتماسلق) توغراسیدا قطعی بر بویروق توشورگەن.

تیره وموڭگوزلەری باك لازیملیق وقیمت بولغان بوحیوانلارنك نەسلینی كوپەیتیش توغراسیدیكی بوحقلق بوی روقنی خلقنك حمایـــه قلیشی لازم دور.

## گنرال تاوسی‌یو ویولبارس بگ یوروب كتدی

غربی شمال گنرال محكمەسینك معاوین باشلیقی گنرال تاوسی‌یو، سوڭقوسیاڭ 27 - آپریل كونی عسكری اوچقو بلەن لانجوغا اوچدی. بولارنی اوزاتیش اوچون اوچقو میدانیدا برهان افندی، لیو مولڭ چون افندیلەر بلەن بلدیه رئیسی چوی وو باشلق مأمورلاردن بولوب 40دن آرتوق كیشی قاتناشقان.

برمدتدن بری شهریمزده بولونغان قومول والیسی یولبارس بگ هم بوبردیكی ایشلرینی توگوتوب شو اوچقو بلەن قومولغا حركت قلدی.

آڭلاشیمزچه: یولبارس‌بگ قومولدا برمدت تورغاندن‌كین قایتا شهریمزگه بر كلسه كرەك.

×*** )( ***+

## تونگان اویوشماسینك حاضرلیقی

تونگان مدنی آقارتیش اویوشماسی 27 - آپریلدا تونگان مسجدلرینك امام وآخونلارنی چاقیریب قورولتایغا عائد مسئلەلەرنی كوروشكه قرار بوبیچه، یاقیندا آچیلادورعان تونگان خلق قورولتایغا هرمسجددن بردن وكیل سایلانماقچی.

**)*(**

## مهیم قسقا خبرلەر

آلمانیه سیاسی اورونلاری بیرلین محاصرەسینك آلیب تاشلانشیدن كوچالك امید بیلدورمەكدەدور.

آنقره (28 - آپریل) برلەشكەن ملتلەر مجلسیده كوپچیلك اسپانیا مسئلەسینی مجلس پروگرامدن چیقاریشنی ایستەدی.

چونكه بو مسئله بویوك دولتلەر آراسیدا باشقی بیر تارتیشما پیدا قیلغی كوزگه كورونوب قالدی.

بومبایدا نمایش قیلغان كامونستلارنی ساقچی‌توسقاندا اولار قول بومباسی آتدی. و ساقچلارمو اولارغا اوق آتدی. اولگەنلر ویارالانغانلەر كوبدور.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# اچكى و تاشقى خبرلەر

( 27 نجى و 28 نجى رادیۇ خبرلەریدن )

## سوقوش وضعیتى

كابول ( 27 ـ آپریل) پیكین راد
یوسى كاممونستلەرنىڭ اجنبى سفیرلەر
نى محافظە قیلشنى اعلان قیلدى. كام
مونست قوتلەرى سوجونى آلدى. انگل
تره حكومتى نانكیندا هجومغا اوچراغان
یمەده ضایع بولغان دگزچیلەرى حقیده
بین الملل قانونغه موافیق چاره كورەمز
دەب اعلان قیلدى. انگلتره كیمەلەرى
شانگخەیدن چیكینب چیقیب كتدى.
مركز رادیوسى كاممونستلارنىڭ شانگ
خەى خواڭجو آراسیداكى تمور یولنى
بوزغانلق و خواڭجونى اشغال قیلغان
لق خبرینى یالغانلادى.
شانگخەیگه شو یول بلەن عسكر كی
لمیب تورماقدا بولغانلقینى بیلدوردى.
كابول (28 ـ آپریل) شانگخەى را
دیوسیغا كوره كاممونستلارنىڭ سوجونى
آلغانلقى یالغان بولوب شهر حاضرغەچه
حكومت قولیدادور.
آنقره (28 ـ آپریل) كاممونستلار
شانگخەیغه 35 میل یرگه باردى.
شانگخەینىڭ بیر كیلومتر یاقینیدا
كاممونست پارتیزانلارى توبوقسز بیر تنچ
سزلق چیقاردى و درحال باستورولدى.
شانگخەیغه حكومتنىڭ 12 حربى كی
مەسى كلدى بوكیمەلەرنىڭ وظیفەسى
شانگخەینى كاممونیست پارتیزانلرینىڭ حر
كتیدن ساقلامقدور.

## مارشال جیاڭ گەیشینىڭ قناعتى

پاكستان ( 27 ـ آپریل ) مارشال
جیاڭ گەیشى ماتنى كاممونستلەرگه قار
شى سفر برلككه كیلشنى خلقدن طلب
قیلدى.
آنقره (37 ـ آپریل) مارشال جیاڭ
گەیشى شانگخەیده سوزلەگەن سوزیده
كاممونستلارغا قارشى 3 ییل سوقوش
قیلیب باریشقا ایشەنچى بارلقینى سوز
لەدى.
انقره (27 ـ آپریل) مارشال جیاڭ
گایشینىڭ بوگون شانگخەیده بیر مطبوعات
توپلانتیسیدا كاممونستقا قارشى سو
قوش قیلیب باریشنى اوز بوینیغا الغا
لقینى بیلدوردى.
مارشال جیاڭ گەیشى بوگون اوچ
قوچ بلەن فورموزاغا كتدى.

## افغانستاندا نمایشلار

كابول (27 ـ آپریل) كابول دارال
فنون و اورتا مكتب اوقوغوچیلارى
پاكستاننىڭ چیگارا آفغان قبیلەلریگه قیل
غان تجاوزیغا قارشى نمایش قیلیب باش
وزیر ادارەسیگه كریب حكومتنىڭ جدى
حركت قیلشینى طلب قیلدى. چیگاراغا
یاقین افغان قبیلەلەرى چیگارا آفغانلا
ریغا یاردمگه باریش اوچون حكومتدن
روخصت سورادى. جلال آباد آهالیسى بو
گون بو مسئله حقیده نمایش قیلدى
و پادشاهغا عرض یازیب ایبەریش اوچون
والیغه تاپشوردى

## سوریه ـ اوردون مناسبتى

آنقره (27 ـ آپریل) حسنى زعیم
جنرال عبدالله‌نىڭ بیوك سوریه لایحەسی
گه قارشى عسكرى تدبیر آلماقغا باش
لادى و سوریه ـ اوردون چیگاراسینى
بیكیتدى و 20 میڭ عسكر توپلاماقغا
قرار برگەنلكینى حسنى زعیم نطقیدا
اعلان قیلدى.
انقره (28 ـ آپریل) سوریه‌نىڭ اور
دون چیگاراسى 24 ساعت بیركتیلگەن
دن كین آچیلدى، چونكى ملك عبدالله
بویوك سوریه لایحەسینى عملغه آشو
روش اوچون فورال قوللانماسلقینى
اعلان قلدى.
انقره (27 ـ آپریل) اوردون قرا
لى عبداللەغا سوء قصد تشبثیدا بول
غان بیر اوردونلوق و ایكى فلسطین
لك باشلەرنى ابدى قاماقغا حكوم قی
لیندى.
انقره (28 ـ آپریل) اوردون حكو
متى لوزان كونفرانسیغا قاتناشادورغان
هیأت بوگون انسویچرەگه حركت قیلدى.
كابول (28 ـ آپریل) فرانسه، آمه
ریكا و ایتالیه سوریه‌نىڭ یاڭى حكومتی
نى رسمى تونودى.

## حكومتنى تنقید

انقره (28 ـ آپریل) آمریكا اعیان
مجلسیده چین وضعیتى مناسبتى بلەن
امریكا حكومتینى قاتتیق تنقید قلیش
كوپەیمكدەدور.

## مجلسدن تیلەكلەر

پاكستان ( 27 ـ آپریل ) ایتالیەنىڭ
بورونقى مستملكەلەرینىڭ آهالیسى بیر
لەشكەن ملتلەر مجلسیگه وكیل ایبەریب
ایكنجى ایتالیه حاكمیتیگه قایتیشقا قار
شیلق بیلدوردى.
آنقره (27 ـ آپریل) شمالى آفری
قاداكى اسكى ایتالیه مستملكەلەرى وكی
لى قیدسز و شرطسز استقلال ایستەدى.
آنقره (27 ـ آپریل) ایریتیزیا وكی
لى كوپچیلك خلقنىڭ حبشستانغا قاتیلش
نى یاقلاغانلقینى اوختوروب سیاسى
مجلسدن شونى طلب قیلدى.

## پاكستان و هندستانغا دائر

پاكستان (28 ـ آپریل) بیرلەشكەن
ملتلەرنىڭ كشمیر قومسیونى كشمیرنىڭ
ابدى تعلقى حقیدەكى لایحەسینى هند
ستان و پاكستانغه بردى و بیر هفته
گەچه جواب برشنى اوتوندى.
پاكستان ( 28 ـ آپریل ) هندستان
بریتانیا پادشاهى بریتانیا بیرلك دولتلە
رى پادشاهى عنوانینى قبول قیلمادى.
و اونى مقصدده بیرلەشكەن دولتلەر
باشلقى عنوانینى آلیشنى تكلیف قیل
دى. بوگا كوره هندستان دومینیونلوق
دن چقسامو یەنه بو بیرلك ایچیده قا
لیب بیر نوعى انگلتره اوستونلوكینى
تونوماققه دلكتەده راضى بولمشدور.

## مهیم قسقا خبرلەر

كابول (28 ـ آپریل) برما حكومت
عسكرلەرى رنگوندن 80 میل شمالیدا
اغتشاشچیلارنىڭ قولیداكى مهم بیر
شهرنى قایتوروب آلدى.
انقره (28 ـ آپریل) آمریكا و سا
ویت دیپلوماتلەرى بیرلین محاصرەسى
و المانیه مسئلەسى حقیده مذاكره قی
لیب بیر نتیجەگه بارالماى تارقالدى.

# اق زامباقلار مملكتيده

№ 28

## بيزالقلار، اشچيلار، كاسبلار

اوزون زمان قوللوق آستيدا قالغار
لقدن ايش قيلشنى سويمەس. بو ميلە
گرلەردن توزولگەن بير ملتدور. موفقية
سزلك الديدا كشيلك ناموسينى يوقاتـ
قوچى و مدنى آوروپانى نفرتلەندور
گوچى بير سفالت و مسكينلك ايچيدە
ياشاشنى اعلا كورەدور. موفقيت و سعا
دت حاليدا، بولوبمو تجارت حياتيدا وج
دانسز، يالغانچى، پاراخور، آچ كوزلك،
هوروں هيلەگردور. زور و آسمان تاپاور
لەر آرقاسيدا قوغلاشيب يورەدور. تاپ
قانينى اخمقلەرچە اصراف قيلادور.

اسلاولارغا موافيق و قانتيق بير
آلمان تربيەسى لازمدور. اسلاولق قو
يوق و يومشاق ئوگلوق، ساسيق پوراق
لق بير قوى تيرەسيگە اوخشاش. بو
نى تازالاش اوچون آلمان تاياقيغا بيـ
ريش لازم. اوچاغدالا بوندن گوزل و
اسيق بير كورپە چيقادور.

كوب عقللق بولغان بو آغماچى يا
زوچى ياخشى اوقوغان ايدى. مشهور
آوروپا تيللاريدا سوزلەشەر ايدى. يا
زولارى ينيك باقيملق و نقطەلك ايدى.
يازولارينىڭ آراسيغا تورلك ملتلەر و
تورلك عصرلەردە ياشاغان فيلوزوفلار
نىڭ، تاريخچيلارنىڭ، ادبياتچيلارنىڭ اثر
لەريدن كوچورگەن سوزلەرينى قوشار
ايدى. فقط بو يازوچينىڭ مقالەلەرى نا
موسدن اوزاق ايدى. چونكە بو مقالە
لەرنىڭ بدليگە آوستريا حكومتيدن كوب
لەب پوللارنى آلار ايدى.

بو آغماچى يازوچى ياراتيليشدالا
توزوك بير آدم بولماسدن مشرب، ذوق
و سفاهتكە توشكون، خاتونلارنى و
قيمارنى سويگوچى بير اخلاقسز ايدى.
بونداق بير تورموش اوچون بولسا
كوب پول لازم ايدى.

بو آدم كورگەن تحصيليگە و اوزە
دە بولغان تالانتقا يولەنيب ناموسلوق
صورتدە پول تاپا آلار ايدى. فقط بون
داق بير تورموش اوچون روحنىڭ پال
قينلانشى لازم. فكرى گوزللك، اخلاقى
پاكزەلك لازم.... فسقاسى منكورەچيـ
لك لازم!

بولارنىڭ هەمەسى آغماچى محررگە
يات ايدى. آوستريا دارالفنونيدا اوقوب
ياتقان ييللاريدا هوا مەتترنشنىڭ بوزغو
چى سياستينىڭ پارى بلەن قاپلانغان
ايدى.

مەتترنش ـ بو اسكى سراى تول
كيسى ـ آوروپالق ناظر قيافتيدە بول
غان بو بزانس مالايى، شخصى استبداد
و پايلق ييغيش سياستينى يورگوزوب
بير پلان بلەن بوتون آوروپا ملتلەريـ
نىڭ اخلاقينى بوزغان ايدى. او انسا
لارنى اوزيگە تارتيش چارەسينى بيلەر
ايدى: او بولسا پارەدور. مەتترنشنىڭ
آبريم پارە ( رشوت ) كانپلارى و پارە
متخصصلەرى بار ايدى. بولار كيمنى
نيمە بلەن ساتيب آلغالى بولادورغانلقيـ
نى تدقيق و تعقيق قيلار ايدى.

مەتترنش زمانيدا پارە آلماق، ينيك
و آسان تاپاوتلەرنىڭ آرقاسيدا بولورمەك
عادتدە بير دين بولوب كتكەن ايدى.
جمعيت ايچيدە اخلاقى واداروت
( مولدالعموزا ) قالماغان ايدى. منور
لەرنىڭ موهيم بيرقسمى هم مەتترنش سيا
ستينىڭ كاربون گازى بلەن زهرلەنيب
حدذاتيدا عاليلقلارغا كوموللگەن
ياشلەر هم پستلەشكەن ايدى. ياشلارنىڭ
بيوك مفكورەلەرى، بولپاشچيلارى يوق
بولوب، ياشلار فكرسز، پرنسيپسز او
سەر ايدى.

مانا بيزنىڭ آغماچى محرر هم شون
داق بوغوق بير هوادا يتيشيب اخلا
قى تويغوسينيمو يوقاتيب قويغان ايـ
دى. او، مفكورەچيلك حملەلەرينى كو
لونج، غير جدى و صنعى دەب قارار
ايدى. آغماچى، حياتدا خيللرگە اوخـ
شاش گوزەللك و توغرالق ايستەگوچيـ
لەرنىڭ عقليگە شاشار ايدى. ييللار او
توب بو آغماچى قلبى بير فيلوزوف
بولدى. المانلارنىڭ خاطرى اوچون اسـ
لاولارغا هجوم قيلشدن عادتدە بير ذوق
تويار ايدى. او شونداق دەر ايدى.

„من ياخشى يازامن. آلمانلار هم
مڭا ياخشى پول برەدور."

بو پول بلەن قيلغان ايشنىڭ اخلا
قى ايكەنلكيگە ايشەنەر ايدى. اوڭا اعـ
تراض قيلغان اسلاو مايتچيلەريگە قار
شى شونداق دەر ايدى:

ـ مندن نيمە ايستەيسز؟ سز فلورانسا
بلەن وەنەديكدە ايكى ايتاليان هيكلتر
شينىڭ، دوناتللو بلەن وروشيونىڭ ياسـ
غان هيكللەرينى كورمەديڭزمو؟

فلورانسا و وەنەديك شەهرلەرى
بو هيكللەرنى اجرتلك عسكرلەرينىڭ
اجرتلك قوماندانلارى اوچون اور
قان. بو شهرلەر قوماندانلارغا ياخشى ا
رت برگەنلكلەريدن اولار هم خوجايينـ
ريغا بولغان وظيفەلەرينى اوتەگەن، اگـ
ميلانو، جناوا، ريزا، ويرونا و روم
شهرلەرى بو قوماندانلارغا تخيمو آ
توق اجرت برگەن بولسا ايدى، اولا
نىڭ خدمتيگە كيريب، وەنەديك، فلور
سا اوچون قيلغانيدەك قهرمانلارچە
روشوب برەر ايدى.

ـ مانا من هم ادبيات ساحەسيدە شـ
لارغا اوخشاش بير آدممن. مڭا آلـ
لارنىڭ برگەنيدن آرتوق پول بريڭـ
سزنىڭ اوچون كوروشوب برەى. بوـ
قيلا آلمايسزلەر، قيلشنى ايستەمەيسزلەـ
منىڭ ضربەلەرمگە چيداب اوزيڭزنى قوـ
داڭز. من كوچلك دوشمنلەر بلەن
روشوشنى سويەمن.

اسلاولار بو ادبيات ايلانيدن نفـ
لەنەر ايدى. المانلار بولسا „ پارلـ
محررنى، جسور اسلاو فيلوزوفينى
بك آرتوق تقدير قيلار ايدى. بير قا
سنلمان بيرليندە تورغان وقتدە بو
ماچى محرر هم اوبردە ايكەن. سنلـ
فينلانداداكى وقتيدە بو محررنىڭ اد
فعاليتيدن خبرسز بولوب، اسمينى
ايشتمەگەن ايكەن.

برليندە بيرى فين، يەنە بيرى
لاو بولغان ايكى مهماننىڭ ـ آلمانـ
نىڭ تعبيرى بويىچە ايكى كولتورتر
نىڭ يعنى مدنيت كلتورگوچيلەرنىڭ ـ
فيگە بير ضيافت برىلگەن ايدى.

ضيافت آخريدا مهمانلار آزايغانـ
سنلمان مدنيت كلتورگوچى حسابلانـ
بو اسلاونى بير بولوگغا تارتدى.
نيتدە بك توبەن درجەدە حسابلانغوـ
ملتلەر ايچيدە قيلشقا لازم بولغان
ليتلەر حقيدە سوزلەشيشكە باشلادى
ديدى كە:

( دوامى بار )

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تلده، اشده، فكرده، برلك!

# أرك

مدیرا: عیسی الب تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

4 مای 1949 ییل

6 رجب ۱۳٦٨

267

چهارشنبه

آدریس: اورومچی یالمعاك التای کوچاسی اوی نومری 13
تلفون: مدیر اویی و اداره خانه: 26 تلگراف 2222

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

## كلیشتورگوچی بریازونی اوقوب...

بز دائما یورتدا ایكی صنف بار دەب اویلار وبو ایكی صنفنی تفكر قیلار ایدوق. بری مستبدلەر، ینەبری مظلوملەر...

یاگی نشر قلنغان «حیات هم دور» مجموعەسی مونددین باشقا تورك ملتی آراسیدا ایكی مفكورەنك جریان یارانیب یانقانلقینی یازماقدادور.

أولەت! «حیات هم دور» نشریاتی بومقالەنی حكومت میدانیدا توروب یازغانغا اوخشایدور. یاقیندین بری بیری «حكومت» غزیتەسی، ینە بری «خصوصی» غزتە بولغان «شنكجانك گزیتی» بلەن «أرك» اوستیدە بولغان سوت سوكشلەرگە بر قور كوز یوگورتكەن بو مجموعە خلاصە اولاراق، سیاسی مفكورەچیلر (سیاستچیلر) بلەن ملی مفكورەچیلر (ملتچیلر) نك آراسیدا قام كورەشی باشلانغانلقینی و بوجدلنك یارا یارا عمل كورەشیگە آیلانیب كتیشیدن قورقادورغانلقینی یازیب بزگە بردرجە سبق و اوگوت برگەنلیكی اوچون باشقالارنی بیلمەیمز - زاتەن اوزیمز منندارمز.

«ایكی تورلك مفكورە میدانی وبرلك اتفاقیمز» موضوعینی وە «اسعد طاهری» امضاسینی تاشیغان بویازو هر ایكی مفكورەنك میدانینی، غایەسینی برقور بیان قلغاندین كین بولارنك بو گون توغدوروب یانقان بعضی مسئلەلرینی یازیشدا هم حكومت میدانینی توتقاندەك كورونەدور. خددی بوایكی مفكورەنك یورت اوچون، ملت اوچون قانچەلك مهم ولازم ایكەنلكینی اوزون اوزون بیان قلغانیدك... توغریسینی ایتساق، بز اوچون هم سیاستچیلك، هم ملتچیلك لازم. بزكبی بر مظلوم ملت حكومتگە رەدبەرگە قارانا بریاندین سیاسی تدبیر آلماقدا، ینە بریاقدین دنیانك وعصرنك بوتون یاڭیلقلاریدن محروم بروضعیتدە قالغان، تورت اطرافینی تهلكە قاپلاپ آلغان وبوتون معنویاتینی اسارت قورشاغان بر ملت قاریشیدا اشبهەسز كە ملتچیلك قلماقدا، ملی آڭنی ترغیب قیلماق یولی بلەن یورت، ملت سوگیسینی اورناتماقدا مجبورمز.

غایە طرفیدن بربولغان، فقط ایش قلیش یاقیدن باشقا - باشقا یولنی تعقیب قیلادورغان بو ایكی مفكورەنك شوكنك وشو مثبت اولكەدە سیغا آلماغانلقیغا نیمە سبب بولادوركی: بز حیران بولمایلی! بوسیغا الماسلق «حیات هم دور» مجموعەسینك یازغانی كبی مفكورەلەریمزنی تار وقیستاق بر رامكا اچیگە سالیب قویغانلقیمزدن باشقا بر نرسە امەسدور!

دوروست! انكار قیلمایمزكی: ملتچیلەرنك اوز دعواسیدە و اوز خطحر كتیدە آیریلماغانلقی هم معلومدور. خوددی حكومت ناشر افكاری بولغان «حیات هم دور» مجموعەسینك بعضی یەكلەش و چەتلەشلەرگە اوچراغانیمزنی اقرار قلغانیدەك!...

بوگونكی بزنك ملتچیلكیمز و بوگونكی ملتچیلەریمز برگروح تشكیل قیلا آلماس. توغریسی بو گون یورتیمز اوچون ملتچیلك برجریاندور. بو جریان قاریشیدا هرقانداق مفكورە وهر قانداق برمفكورەچی سغیب كیتەلادور. دونیادا اوزینی ملتچی دەب اعلان قیلغان ویا ملتچیلكنی برپرنسیپ قلیب قبول قلغان برپارتی ویا برحكومت آستیدا برقانچە پارتیەلرنك واونك تبعەسی آراسیدا برقانچە خیل مفكورەلەرنك یاشاب یانقانلقینی هركیم بیلەر. چونكی ملتچیلك ملتنی هربول بلەن تریلدورلك، ... ل بلەن یاشاتماق یعنی انقراضدین قوتقازماق دیمەكدور. بوگون «حیات هم دور» مجموعەسی «سیاسی مفكورەچیلەر» دەب تعبیر برگەن سیاستچیلریمز ملی آزادلقیمزنی نەقەدر یستەسە، ملی مفكورەچیلر دیلگەن ملتچیلەر هم ملی حرلیكنی، ملی بارلقنی او قدر سویەدوركی: ینە بوایكی مفكورەنك غایەسی، هدفی بربردن چیقار.

فقط سوك یللارنك بریدە ایكی مفكورەگە وكالت قیلغان ایكی غزیتەنك اوز آرا توقونوشلری بزنك نەقەدر قاراڭغو نقطەلەرگە كیریب كەتكەنلكیمزنی ومجهول بر منفعت اوچون نەقدر ملی قربانلق وفداكارلقلارغا قاتلانادورغانلقیمزنی كورسەتمەی قالماس. بزگە مفكورە امەس ملتنی توز آلدیمزدیكی تهلكەدن قوتقازادورغان مفكورەلەر لازم. «حیات هم دور» مجموعەسی یازغانیدەك تار رامكا اچیگە كریب آلیشیمز هرمسئلەنی، حتی هرملی تشبثنی اوز مفكورەمز كوزی بلەن قاراشیمز لازم امەس بزگە هرقانداق فائدەلق تشبث لازم. اگر بز ینە بورونقیدەك «دنیادا الغار مفكورە ایكی بولماس‌دور، بربولادور» دیگەن بروپاگاندادن یالتایماساق، «امدی سیاست توزەلدی، خلقچیللاشدی، عامە طلبیگە موافقلاشدی. بو نیكەن باشقا هیچ قانداق تشبثلەرنك اورناغا آیلشیغا سبب و اوروون یوق دور» دیسەك اوزیمزنك مفكورە جریانیمزنی نەقدر تارلاشتوروب قویغانلقیمز كورونوب قالادور. توغریسی كشینی الدامایقچی بولغان یوروپا گاندالریمز بلەن اوزیمزنی اوزیمز آلدیغان بولامز.

( دوامی ایكنچی بتدە )

# اولکه و شهر خبرلەری

(چینی تورکستان اخبارانی و اوزل مخابریمزدن)

## ادبیات بەیگەسینك نتیجەسی

یورتومزداکی ادبیاتچیلارنك روحی
نی کوتوروب اولارنك یازوچیلققا بولغان
اجتهادینی یەنەمو اوستوروش مقصدی
ایله اوتکەن ییل سابق رئیس مسعود
افندم طرفیدن بوتون اولکه بوینچه
قوزغوتولغان ادبیات بەیگەسینك نتیجه
سی یاقیندا اعلان قیلنغان. خەنسو،
اویغور، قازاق گروپپالارینك هر بیریدن
برنچیلکنی آلغوچیلەرگه بیر سەر التون
میدال، ایکنچیلکنی آلغوچیلەرگه 5
مثقال آلتون میدال، اوچنچیلکنی الغو
چیلەرگه 2 یاریم مثقال آلتون میدال
تقدیم قیلنغان. جمعی میدال 27 دانه
بولوب، اویغور گروپپاسیدن نثری
مقاله یازیشدا برنچیلکنی مسعود صبری
ایکنچیلکنی پولاد قادری، اوچنچیلکنی
سانتار (چوبان)، شعر یازیشدا برنچی
لکنی اوتکور، ایکنچیلیکنی
شکر یالقین، 3 نچیلکنی عب-
دالطیف رحمانی (دلشاد)، حسنی خط
یازیشدا برنچیلکنی ضیائی‌الدین ابولقا
سیم‌آخون، ایکنچی لکنی ولی احمد،
3نچیلکنی عبدالحمد حاجی نیازی آلغان.
قازاق گروپپاسیدن شعر یازیشدا
برنچیلکنی عبدالکریم اتقبای اوغلی،
ایکنچیلکنی قاوسلقان قوربای اوغلی،
اوچنچیلکنی آیاغان الماستکی، نثری
مقاله یازیشدا 1 - لکنی نعمت مکجان،
2 - لکنی یعقوب بگیونس، 3 - لکنی
أنوەر کوکەی، حسنی خط یازیشدا
1 - لکنی دانیال قالی، 2 - لکنی مو
کەن احمدی، 3 - لکنی قولاوجان آلغان.
خەنسو گروپپاسیدن شعر یازیشدا 1 -
لکنی جین‌شین سوی نثری مقاله‌یازیش
دا 1 - لکنی سی‌جاڭلو، حسنی‌خط‌یازیش
دا برنچیلکنی چاڭزی‌یاڭ آلغان.

## خوشلاشیش و قارشیلاش مجلسی

2 - مای کچقورون ساعت6ده تیل
مکتبیده سابق مدیر عیسی‌بگ‌الیب‌تکین
بلەن خوشلاشیش و یاڭی مدیرلرنی
قارشیلاش اوزره بریغین اوزدورولدی
مکتبنك بوتون اوقوغوچیلاریدن باشقا
شهریمزدیکی اورتا اوقوللارنك مدللەری
اشتراك قلغان بومجلسده عیسی بگ آلب
تکین نطققا تکلیفی قلنیب اوقوغوچی
لارغا خطابەن مهم توصیەده بولونغاندن
سوڭ اوقوغوچیلار طرفیدن حاضرلان-
غان کونسرتلار قویولوب مجلس کچ
ساعت 8ده یاقلاندی.

---

(باشی برنچی بتده)

„حیات هم دور" مجموعەسی شو
سبقنی برسون، وشو توصیەسینی قایتا - قایتا ایتسون که:

„کچیك اوچقونلارنی اوچوروش،
اونك خوفیدن ساقلانیش آسان بول-
غاندەك، بوگونکی یاڭی باشلانیب کیلیب
یاتقان او ایکی تورلك مفکوره میدانی
نی هم برلککه کلتوروب، اوز آرا اتفاقیمزنی برلك میدانیمزنی کوچایتیب
ایش الیب باریشقا یوزتوتماقیمز تشبثدا بولماقیمز لازم‌دور."

بونك اوچون هم خودی شوتوصیه
نی قیلغان „حیات هم دور" مجموعەسی
نك یازغانیدەك یورت اوچون شخصی
منفعت وشخصی کوروشلاری یوزەسیدن
ملی و وطنی فداکارلق کورسەتەدورغان
رهبر امەس. توغری یولنی کورسەته
دورغان وشو توغری یول اوچون ملتنی فیداکارلققا اورگوتەدورغان بر یول
باشچی کیرەك. دیمەك ایستەیمزکه شخصیت اوچون مایتنی ایمەس، ملیت او
چون شخصیتنی قربان قیلغای! بونداق
بر رهبر مفکورەدن امەس، مفکورەلەر
دن توغولار! بونداق بر رهبر مفکوره
سی اوچون ملیتنی، وطننی امەس، ملیتگه وطنگه مفکورەسینی قربان قیلار!..
حکومت میدانیدا توروب ایکی مفکوره میدانیغا قارشی بولیوروقدا بول
غان „حیات هم دور" مجموعەسیگه
تشکر أیتامز. حکومت میدانی مانا شو
میداندور. حکومت ناشرافکارینك ملاحظەسی مانا شونداق بولوش لازم!

## اقسودا

12 نچی آپریل کونی والی حاکم
باشلق بیوك بیر غلبەلکنلك قارشی آلیشی بلەن آقسوغا توشدوق. ارتەسی
والی محکمەسی و هربیر اداره و هر
بیر جمعیت آمینه خانمنی قارشی آلش
اوچون محکمه باغچەسیده بیوك بیر
ضیافت بردی. مأمورلار و مدنیت سا
حەسیدەکیلەر بولوب 300 گه یاقین
کشی قاتناشقان، هر طرفکه استقبال لو
زونکالەری آسیلغان وملی سازلاریمزاویناليب‌تورغان بیر وقتده معاون والی بو افندی اورتاغا چیقیب: اوزون بیر نطق
سوزلەگەندن کیین آمینه خانیم جوابەن
نطق بریش بلەن خانون - قیزلارغا قاراتا مهیم توصیەلەرده بولوندی.

شو کیچه، تورك اویغور قلوبیدا
عسکری و ملکی مأمورلار و خلق اشتراکی بلەن بیوك بیر ادبیات کیچەسی
اوزدورولدی. کیچەده محمد امین بوغرا
و آمینه خانیمغا باغشلاب شعرلار ایتیلدی، کونسرت بریلدی.

بیزنك آقسودا توروب آلغان تأثیرمز خلقنك بیرلك و اتفاقیدور. بوندن
کیین آقسو خلقینك محمد امین بوغرا
حضرتلەریگه بولغان احترامینی تویدوق.

بو بیوك حسیاتلار ایچیده 15 -
آپریلدا کاشغرگه یوللاندوق. مخبر

## تیف کسلیگه قارشی کورەش

(چ. ن. آ. 2 - مای) لیودابانديكی بالالار باغچەسیده تیف کسلی پەیدا بولغانلقدن دوختورخانه مخصوص
متخصصلەر ایبەرگەن.

## یاڭی برموضوع

بوقاتیمقی بلیم دەرنەگیده حمیدصبری طرفیدن
اقتصات علمی و یورتیمزنك
بوگونکی مالیەسی خصوصیدا کونفرانس ایشتەەکچیمز.
موضوعنك مهملکیدن دەرنەکداشلریمزنك فرصتنی
چورماسلقلارینی، توصیەایتەمز.
بلیم تورکومی

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# اچكى و تاشقى خبرلەر

( 29 نجى و 30 نجى آپريل راديو خبرلەريدن )

## ايچكى سوقوش جبهەسيدە

آنقره (29 - آپريل) چين حكومت
بيركرلەرى شاڭخەيني سوقاچە جدى
مدافعەگە قرار بيريشدى و ياگيدن يوز
ميڭ عسكر و اون ايكى سوقوش كيمە
كلدى.

كومونستلار جنوبيدا خواڭجوغا 25
ميلگە كلدى. بوندن مقصدى شاڭخەيني
قوبدن قورشاماق بولسا كرەك. هرحال
جيە جاڭ اولكەسيگە قاراب ايلگريـ
لەش نشبثى كورونمەكدەدور.

لوندون - مركزى حكومتنڭ ياڭى
مدافعە خطى 500 ميل اوزونلوقدا
بر استحكامدن عبارت بولوب خوەنن
اولكەسيدن باشلاب جيەجاڭ اولكەسيدە
دڭزكە اولاشادور.

كابول (30 - آپريل) شاڭخەينڭ
2 ميل غرب شمالى قسميدا قاتتيق
سوقوش باردور. خواڭجوغا قاراب يور
گەن كامونستلار بلەن خواڭجودن 22
ميل اوزونلوقدا قاتتيق سوقوش بار و
يەنە بير قول كومونست عسكرلەرى
شاڭخەى - خواڭجو تيمور يوليغا توغ
را ايلگريلەمەكدەدور. بولدن 25 ميل
يردە قاتتيق سوقوش باردور.

آنقر (2 - ماى) كومونستلار شاڭ
خەيدن 35 ميل اوزاقدا تورغانلقيغا
تورت كون بولدى. ايلگريلەش حركتى
ايكيلا طرفدن توقدور. شاڭخەى محا
فظ قوماندانى جدى مدافعە قيلغنى
يەنە بير قاتيم اعلان قيلدى. خواڭجو
جبهەسيدە كومونست و مركز عسكرلەريـ
نڭ قاراوولارى آراسيدا كچيك سو
وشلار باردور.

*—*(*÷*)*—*

## شاڭخەيدە توقيف

لوندون (29 - آپريل) شاڭخەيدە
شهر محافظ قوماندانلق عسكرلەرى اوتـ
تو - اوى بوروب كومونست جاسوسلا
رينى تكشورمەكدەدور.

كابول (30 - آپريل) شاڭخەيدە
كومونست جاسوسلاريدن اوتتوز كشيگە
اولوم جزاسى بيريلدى و يتە ميڭ
كشى قاماققا آليندى.

## سوڭ بير جواب

كابول (30 - آپريل) صاح وكيلـ
لەريدن جواب كلدى «بيز مركزى
حكومت بلەن علاقە قيلا آلمايمز» دير
دور. آڭلاشيلغانيغا كورە كومونستلار
اولارغا يول قويماغاندەك كورونە
دور.

## سوريە واوردون اراسيدا سوغوقلوق

انقره (29 - آپريل) لبنان باش
وزيرى رياض‌الصلح اوردون وسوريە
اراسيدكى آڭلاشيلماسلقنى يوققليش
اوچون واسطەچيلك قلماققا باشلادى.
انقره (2 - ماى) سوريە و اوردون
اراسيدكى سوغوق سوقوش كوپەيمە
كدەدور. هرايكى طرفنڭ عسكرلرى چيـ
گاراغە توپلانماقدا دور. فقط بوگونكى
اوردون بياننامەسيدە اوردون حكومتينڭ
چيگاراغا عسكر ييققانلقيني يالغانلادى.

## بير لايحەگە كورە مستملكەلەر

انقره (24 - آپريل) ايتاليا مستمـ
لكەلرى حقيدە برلەشكەن ملتلەر سيا
سى كوميسيونيدا ياڭى برلايحە مذاكرە
قلندى. بولايحەگە كورە ليبياغا وطرابلسـ
قا اون ييل كين استقلال بريش شرطى
بلەن مصر، انگليز، امريكا، ايتاليا وە
فرانسيانڭ مشترك (اورتاق) ماندا سيغا
بريلگوسى. اريتريا حبشستانغا بريلگو
سى، سومال انگلترەگە بريلگوسيـ
دور.

## ياڭى بير مذاكرە

انقره (30 - آپريل) جوساف مالك
مذاكرەسينڭ نيوياركداكى توروشينڭ مو
فقيتلك دوام أيكەنلكى كورونوشلەردن
آڭلانماقدا دور. لكين مضمون مخفى
توتولماقدادور.

انقره (2 - ماى) مالك‌جوساف مذا
كرەسيدن ممنونلوق بولماق بلەن برابر
نخى تفصيلينى ياشورون توتولماقدادور.

## بر وعدە

انقره (2 - ماى) سوبت خارجيە
وزير معاونى گروميكو و انگلاز دولت
وزيرى مكميل واشيگتوندا كورەشدى.
بوكورەشمەگە آمريكا خارجيە وزارت وكيـ
لى‌مو قاتناشدى. بومذاكرەلەرنڭ معلوم
بولغان يرى «سوبت طرفيدن بريلگەن
تورت خارجيە وزير كونفرانسى پارسدا
توپلانيب، آلمانيە مسئلەسينى مذاكرە
قليش طلبينى غرب دولتلرى قبول قلـ
غان زمان برلين محاصرەسينى آليب
تاشلاش» وعدەسيدن عبارت‌دور.

## تروماننڭ ايشەنجى

انقره (28 - آپريل) تروman بر
نطقيدا سوبت حكومتينڭ برلين محا
صرەسينى يوق قليش حقيدىكى حركتيـ
گە ايشەنچ بيان قيلدى. برليننڭ غرب
وشرق قسمى آراسيدا تلگراف، تلفون
علاقەسى‌ياقيندا باشلاماقچى‌بولغان ايميش.

## معاهدە حقيدە اعيان مجلسى

انقره (29 - آپريل) آتلانتيك بر
ليكى معاهدەسى آمريكا اعيان مجلسيـ
دە مذاكرە اوستيدە دور. حربيە وخار
جيە وزيرلەرى بو معاهدە حقيدە اعـ
يان مجلسيدە بيانات بردى.

## دنياتنجلق كونفرانسى

انقره (30 - آپريل) لوندوندا
سولچيلار طرفيدن بردنيا تنجلق كونـ
فرانسى قورولماقچى بولدى. بوكونـ
فرانسقا انگلترە، فرانسا، هوللاندا، بلـ
جيقا، آلمانيە، ايتاليا، و يونانيدن يوز
قدر وكيل كلدى.

## بير قضا

انقره (29 - آپريل) جنوبى آفريـ
قادا يوهانسبورگ شهرينڭ يانيدا ايكى
اوت آرابا توقونوشى حادثەسى بولوب
70 كشى اولدى.

# اق زامباقلار مملكتيده

№29

## ييزالقلار، اشچيلار، كاسبلار

ـ صميمى بولايلى ! آلمانلار روه
لارينك ايچيدين كلگەن بير حس بلەن
بيزنى سويمەيدور. فينلەرنى هم سوي
مەيدور، اسلاولارنى هم .... بو توغ
ريدا اوتموش اوچون حقلەرى بار.
فقط استقبال اوچون يوق. بيز فينلەر
و سز اسلاولار كلمچەكنك زور كوچلە
رى بيز، آلمان توپراغى امدى ماغدور
دن قالدى. بيزنك توپراقلاريمز بولسا،
هردائم باقيدور. فضلكدور. يالغوز بو
توپراقنى ايشلەش لازم !.... بيز باش
ملتلەر، آلمانلاردن، فرانسوزلاردن، انگ
ليزلەردن ايكى ـ اوچ، حتى اون قاتيم
آرتوق تريشايلى كە اولارغا يتشيب آلاي
لى ... و اولاردن اوتوب كتەيلى !

هم بيز اولاردن مطلقا اوتوب كيتە
مز. چونكە بيز يالغوز شهر خلقينى
آقارتيش بلەن قالمايمز. باشلانغوچ مك
تب بلەن قناعتلەنمەيمز. هيچ بير ييزا
نى مكتبسز و قراءتخانەسز قويمايمز.
هربير ييزالقنك، باليقچينك اوينى بي
ليم نورى بلەن يوروتامز. كچيك باللار
دن ياكى، قوتلك، اوقوموشلوق و
آصل بير نسل يتيشتورەمز.

سنلمان، اوز حضوريدا اسلاو ملت
لەرينك بير مدنيت خادمى توراندور دي
گەن ظن بلەن بو موضوع اوستيدە
اوزون ـ اوزون قيزغين سوزلەرنى
سويلەگەن. اوستربالق قلبى بولسا كوز
لەريدەكى مستهزى باقيش بلەن اوز ـ
اوزيگە :

ـ مانا جان سيققوچى يەنە بير آخ
ماق! دب ايشتكەن. سنلماندين قوتولماق
اوچون فرصت ايزلەشكە باشلاغان.
فقط سوگرە سنلماننك توتاشقان قلبى،
حرارتلك سوزلەرى، قلبينك قلبيدەكى
موزلارنى ايريتيشقا باشلاغان. بير بو
تولكا كونياك ايستەب چولك بير رومكا
بلەن ايچكەن.

اوزون سوزگە كريشكەن سنلمان،
آلديداكينك كونياكينى ايچيب توگەتكەن
لكينك فرقيدە بولماغان. اوستربالق
مست بير حالدا اورنيدين توروب سنلمان
غا شو سوزلەرنى سوزلەگەن :

ـ عزيز سنلمان، شونچەلكى يتيـ
شەر ! يورك روحيگزنك اوتينى آرتوق
اصراف قيلماگز، اونى اوز ملتيگز او
چون ساقلاگز. سز بختيار بير انسانسز
بونداق انسانلارغا ايگە بولغانلقى او
چون سزنك ملتيگز هم بختياردور. سز
ارتە ماگيسز. ياخشى ! من سزنك بلەن
برنچى قاتيم بو يردە كوروشدوم. اون
دن بورون يا من سيزنى تانوماس اي
دم. يا سن منى ! بو هم ياخشى ....
يعنى منى تانوماغانلقيگز تخيمو ياخشى.
حاضر هم منك كيم ايكەنلكمنى بيلمەي
سز. يالغوز سزنى تانوماقلقم منك او
چون ياخشى بولديمو، بولماديمو بونى
بيلمەيمن . اى عزيز سنلمان ! نەدن
موندىاق توبوقسز الديمغا چيقديگز ؟
بوغان بير تاشقا اوخشاس الديمغا تي
كيلديگز ؟ شونچەلك كچ بولغاندين كيين
نيمشكە سزگە اوچراشدم ؟

بو سرادا ساعت 12 نى اوردى.
بونى ايشتكەن سنلمان :

ـ كچ بولغان اوخشايدور، ديدى.
اوستربالق بو سوزلەرگە شونداق مقاب
لەدە بولدى :

ـ حقيقتدە وقت كچ بولدى. فقط
كچ بولغان وقت بو آقشامقى وقت اي
مەس. كچ بولغان زمان، اصليدە منك
حياتمداكى زماندور، آح ..... نيمە بو
لار ايدى ؟ من كچيك ياشيمدا سنلمان
بلەن بير قاتيم كوروشكەن بولسام ! او
چاغدا من بوتونلەى باشقا بير انسان
بولار ايدم. سنلمانلار بلەن كوروشكەن
دن كيين منك بلەن برابر يتيشكەن
نسل هم باشقا تورلك بير نسل بولار
ايدى. فقط امدى ايش ايشدين اوتدى.
امدى وقت كچيكدى. امدى اوخلاغالى
كتەيلى عزيز سنلمان ! آرامزدا عجايب
بير آگلاشالماسلق بار. مگا قوليگزنى
بيريگز !

بو تكليف قارشيسيدا سنلمان قو
لينى اوزاتقان. اوستربالق بو قولنى
شاپ ايتيب اوپكەن. سنلمان قولينى
تارتيب :

ـ نيمە قيلب ياناسز؟ دب سورغا
اوستربالق ـ الله ياخشيسى،
اوز حالمغا قويوك ! من سزنك ق
گزنى ايمەس، هر قانداق توغرى
سان قلبيداكى سنلمانلقنك قولينى
پوپ ياناممن. اوز روحمدا كوموكلك
حمنى اوپوب ياناممن، ديگەن.
سنلمان ـ من بو سوزلەردن
ترسە آگلايالمادم.
اوستربالق ـ آگلاشيگزغا هم لا
يوق. سز منك اسلاو روحمنك خ
صيتلەرينى تستدە آگلارسز.
ارتەسى سنلمان سوتوميغا كت
اون ـ بش يگرمە كون كيين بش ق
لوق امضاسز بير مكتوب آلغان. مك
نك مندرجاتى شوندين عبارت ايكەن
„ سز منك روحمنى تەتورسي
اويروب آتديگز. امدى آرتوق منك
حياتقا چيداشلقم يوق. حاضرغاچە
شاغان شكلدە ياشاماق منى نفرتلەند
رەدور. گويا خواهلاماسدين حيانم
آياقلاشتورامن. “
سنلمان مكتوبداكى يازونى تونو
مايدور. بوندين بير ترسە آگلالمايدو
كيينكى آيدا نشر قيلنغان وييانا غز
لەرينى كوزدن كوچوروب يانيب
خبرگە اوچراشيبدور :
„ شايان تاسف بير قضا “ بوي
بير قضا. مشهور اسلاو محررى، چ
قور و جسور متفكر .... احتياط
لق آرقاسيدا آغير سورتدە اوزينى
رالاغان و اوچ ساعتدين كيين جيم
جيتاق ايچيدە روحينى تسليم اتك
دور ... “
بونك اوستيگە سنلمان سوروش
روب، قضا آرقاسيدا اولگەن ذاتنك ب
ليندە بريلگەن ضيافتدە قولينى اوپور
ـ اگر من بونداق سنلمانلار بلە
اوچراشقان بولسا ايدم، من و من
بلەن برابر يتيشكەن نسل بوتونلە
باشقا تورلك انسانلار بولار ايدوك....
ياشلقيمزدا نمەشكە بيزگە سنلمانلا
خطاب قيلماغان بولغاى ايدى ؟ ديگە
ذات ايكەنلكينى بيلبدور.
سنلمان بو حكايەسينى آگلاتقان
سوگرە بو محرر قايسى ملتدندور
چكمو، لهليمو، بولغارمو، صربمو، خ
وانمو؟ اسمى نيمە، دب سورشار ايديلر

( دوامى بار )

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تلدە، اشدە، فکردە، برلك!

# أرك

مدیری: عیسی الب تکین
باش محرری: م. ا. بغرا

6 مای 1949 یل — 8 رجب ۱۳٦٨

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

268 — جمعە

آدریس: اورومچی یانگخاك التای کوچاسی اوی نومری 13
تلفون: مدیر اوی و ادارە خانە: 26 تلگراف 2222

## اسلام دینی قانچەلك یول قویوچاندور؟

( م. شمس الدین أثرلەریدن )

أوەت! اسلام دینی اونداغ یول قویوچان (مساعد) فکر حریتیگە اونداغ رعایتکاردورکە بونی بایش اوچون چکەلمك فکرلك، کهنە توشونچەلك خرافەپرست آدملەرنك کتابلارینی امەس، کشیلك دنیاسینك مباهات مداری بولغان حقیقی عالملارنك نورلك اثرلرینی تکشوروش، دینی اولارنك بیلگەنیدەك بلیشکە تیریشیش لازم.

حقیقی اسلامیت یارانقوچی، بر دینەدور. کیچەسی کوندوزیدەك پارلاق وە یول قویوچان بر عقیدەنی اورگەنەر. کیینراق پیدا بولغان قوشومچەلەر، بلگولەرلا قویاشدەك پارلاق بولغان بر دینەنی بر غرایب مجموعەسی حالیغا آیلاندورغاندور. ایراننك زردشتی دینیدن، یوناننك خرافەلەریدن، هندنك وە دالارەدن اسلامیتکە نیمەلەر قانیشتورولماغاندور؟

دیننك نەقەدر یول قویوچان ایکەنلکینی اگلاماقچی بولامسیز؟ کیینکی عصردە اسلامدا یوز برگەن اویغانش فکریننك یاروتقوچیسی بولغان بویوك ومتفکر عالمنك مطالعەسینی اوقایلی! «شیخ عبدە» مرحوم بوسوٴالنی سوراغانلارغا جوابەن دەیدورکە:

«ای اوقوغوچی! کل سیننك بلەن قولغا قول توتوب اوتموشکە قاراب کیتەیلی. شو جهالت محیطیدن قوتولوب، اونورلیق عالمنك معرفتینی تاپقاندین کیین بالدور امویلەرنك، عباسیلەرنك دورلریدە برآز توختایلی، اولارنك اطرافیداکی اجتهادچیلەرنی، ادیبلەرنی، تاریخچیلەرنی، طبیبلەرنی، ریاضیەچیلەرنی، جغرافیەچیلەرنی، طبیعتچیلەرنی قسقاسی معرفتنك هر بر شعبەسیدیکی کشیلارنی بر مو بر حرمت نظریمزدن اوتکوزەیلی!

قارا! هرکیشی اوزینك اختصاص دائرەسیدە کیچەنی کوندوزگە اولاب ایشلەب توروشادور. ایشینی توگەتکەندن کیین بایداکیگە اولتوروب، اوننك بلەن صحبتگە کیریشەدور. محدث طبیب بلەن ایجادچی ریاضی بلەن سوزلەشەدور. هر بری اوزینك عام شعبەسیدە یولداشیدن یاردم کورەدورغانلقینی بیلگەچکە شونگا قاراب حرکت قیلادور.

بویردە برآز تماشا قلغاندن کیین یورگین بر عالم موٴسسەسیگە کیرەیلی! کورلیگەن انتظامەر توپلانغان. آرالەریدیکی اوتولگەن تەتور فکر و سالقین قاراشلارغا رغمەن، کمال دوستلقی و برلك بلەن ایشلەب، بحثلەشیب تورادورلار. مانا حافظ حدیث امام بخاری، عمران بن حطان خارجیننك آلدیدا! تیز چوککەن. اوندن حدیث اوقویدور. مانا معتزلەنك رئیسی عمروبن العبید، یوقاری قاتلامدن شیخ حسن بصرینك حضوریدا کمال حرمت بلەن اولتورغان، اوندن درس الادور.

بوتون دین اولوغلاری بوتون اجتهاد ایگەلری، دین اهلیننك یولباشچیلاری بولغانی حالدا عسکرلك قیلادورلەر. دین بارلق قوتی بلەن، اسلام عقیدەسی بارلق شوکتی بلەن اولارغا اوزلەنکەن، بوتون عالملار راحت تورموشدا، خیر وسعادت اچیدە فکر حریتی اچیدە، اوز دینلەریدن بولغانلار بلەن باشقا دینگە تابع بولغانلار آراسیدا قانچەلك فرق برق!

مانا منصب بر اوقوغوچی منك بلەن برگە باریب بو عالەمنی کورەدور. بو مسلمانلارنك حالیغا قاراب دیننك علمگە نەقەدر یول قویادورغانلقینی بیلیب دەیدورکە: توغراسی بویردە دینینی کرم بلەن توصیف قلغالی بولودور. بویردە دیننك مدنیت بلەن قاندای برلەشەدورغانلقی عینەن کورولور. بو حکمت پرور عالملاردن فکر حریتینی اورگەنگەلی بولور. عقل بلەن وجدان آراسیدا علاقەنك قاندای وجودغا کیلەدورغانلقینی بولاردن اوقوغالی بولور.

بزدە عام بلەن دین آراسیدا هیچ تالاش - تارتیش ظهور قیلماغاندور. بالخصوص دین عالملاری بلەن علم اهلی آراسیدا بعضی اورشاق - توشەك مناظرەلەر بولغاندور. یوقسا بر - برینی آتیب توتوش، تیللاب اوروش کبی بوزوقلقلار - حمد بولسون کورولمیگەندور. هیچ اسکیم مناظریغا کافرسن! زندیقسن! دیمەگەن، یابولاماسا بونگا اوخشاغان بر حرکتنی قلماغاندور. یەنە هیچ بر عالم برقین قیستاقغا محکوم توتولماغاندور. (۱) مگرکە جماعت آراسیغا بولگونچیلك سالیب خلقنك خاطر جمعلکینی بوزوشقا تریشسا اوچاغدا طبیعی وجودنك ساغلقی اوچون فدا قلنغان جراحتلك اعضاغا اوخشاش اوهم کسیلیب آتیلغاندور.

مسلمانلار دینلەریدە حقیقەتەن عالم بولغان زمانلاریدا بوتون دنیا قوملەری آراسیدا عالم ایدیلەر. بوتون عالەمنك پیشواسی ایدیلەر. شریعتنك سرلەرینی بیلمەسلك کسلیگە توتولغاندن کیینلا حقیقی پارلقلارینی سالاب قالا آلمای، انقراضغا اوچرادیلەر».

---

(۱) عبدە مرحوم، یر یومولاقدور دیگەنلکی اوچون پاپالار طرفیدن قیین قیستاق استیدا اولتورولگان گالیلو ایدیك دوستلاریغا اشارت قلماقچی بولادی.

( تمامی 2 - بتدە )

# اولكه و شهر خبرلەری

(چینی توركستان اخباراتی و اوزل مخابریمزدن)

## التە شهرگه حركت

3 ـ مای آخشامی آلتی شهرگه اوزا عائلەسینی زیارت قلیب قایتیش اوچون كتمەكده بولغان فاطمەخانم آلب تكیننی اوزاتیش اوچون محمد امین بوغرا ەه مان خانەسیده برضیافت اوزدورولدی. شهریمزدیكی ملی منورلەریمزدن 70 دن آرتوق ار وخاتون قاتناشقان. بو ضیافتده تماق ییلگەندن سونك «نیو یورقدا برگزینتی» . «وتیان‌شاننك شما لی بلەن جنوبی» دیگەن توركچه فیلیملەر قویولدی. دانسلار اوینالدی. ضیافت یاریم كیچەلەرگه یاقین دوام قایب، مهمانلار ساعت 12 یاریمدا تارقاشدی.

عیسی آلیپتكین نك رفیقەسی فاطمه خانم تونوگون توشدن كین‌كچقورون سفر قیلدی. فاطمه خانم بلەن برلكده حاجی یعقوب اورخاننك رفیقەسی نورالنسا خانم هم آقسوغه حركت قلدی.

## خوتەنده مطالعه توركومی

خوتەن والی محكمەسی، مامورلارنك ایش ساعتلەریدن تاشقری كتاب كوروشلەریگه امكان حاضرلاش مقصدی بلەن برمطالعه توركومی اویوشتورولغان. حاضر بوگا 80دن آرتوق اعضا توپلانغان بولوب كیلەچەكده اوروەچیدن یاڭی ـ یاڭی كتابلار آلدورولغوسی و بر مجموعه نشر قلنغوسیدور.

## ینه بر معاوین مدیر

تەنگه قویوش زاوودیننك مدیرلقیغا یالك، معاوین مدیرلقیغا محی‌الدین نیاز افندی بلگولەنگەن بولسامو 15 ـ سانلق اولكەلك حكومت مجلسیده یەنه بر معاوین مدیر بلگولەش قرار قلنیب نتیجەده مالیه نظارتیننك خواجەلق مدیری مجید ابوذر تعیین قلینغان.

## پول تیگشیش ایشلەری

آیمو ـ ی دیگیدەك یاڭی ـ یاڭی كوب رقملك دوللارلار نشر قلنغاندن بری كونلەری عادی كاغذگه آیلانیشقا باشلاماقدا ایدی. اولكه بانكاسی 3ملیوندان 60 ملیونغا قدر بولغان آقچالارنی تیگشش چارەسینی توزەب چققان.

## اولكەلك حكومت مجلسیده

تونوگون آچیلغان اولكەلك حكومت مجلسیده تەنگه قویوش زاوودیننك نظامنامەسی و تەنگەنی تارقاتیش هیئتی ننك تشكیلی تصدیقلانغاندن باشقا اوروەچی، قومول، كاشغر، خوتەن، یاركند غولجا، چوچەك، سارسومبه، وكوچاردا باجخانەلەرنی قالدوروب، قالغان یەرلەردەكینی یاپیب قویوش و حاكم ایدارەلەریده بر باج بولومی تشكیل قلیب شوبولوم آرقالق باشقاریش، وبوندین بوروند آلنغان بعضی تورلك باجلارنی توختاتیش كبی قرارلار بولونغان.

## تونگان خلق قورولتایی

اوزوندین بری حاضرلق كورولوب یاتقان تونگان خلق قورولتاییغا چەتلەردین كیلەدورغان وكیللر برقور تولوقلانغانلقدن آلغان خبریمزگه كوره بوگون قورولتای آچیلماقچیدور.

---

عبده مرحوم بلەن برلیكده بوكیننكی جملەنی تكرارلامای اوزیمزنی توتا آلمایمز. چونكه اونداق صمیمی، اونداق یول قویوچان بردیننی هرترقیگه توسقون، هرتكاملغا قارشی برصورتده كورسەتكوچیلەر، فكر حریتلەرینی آیاق آستی قلیب، اوگدا، سولدا هركورگەنلەرینی تیللا ـ تیللا مسلمانلارنی سفالتلك برحالغا توشورگوچیلەر بودینگه امل صلیب یادكارلاریدن تخیمو كوب یامانلق قیلماقدورلەر.

## بیر بویروق

كوچالارغا چاپلانغان بیر اعلان جمعیتده مهم علاقه اویغاتماقدادور. بو بویروقننك مهم مادەلەری كوموش تنگەلەرنی الیب ساتماسلق، بالغوز محتاج نرسەلەر اوچون خرجلەش، تماكو و چایلەرنی 10 دن آرتوق ساتماسلق، سانیش كلگەنده پارچه سانیش، اوشاق بیر قانچه سوداگرلەر بیرلەشیب كوبلەب مال آلیب باسیب قویوش ویا بازار بهاسینی اورلەتمەسلك كبی نرسەلەردن عبارتدور.

بوگونكی بازار بهاسیغا تاثیر ییتكوزگەن بو سببلەرنی تاپقانغا یاراشا بوبروقنی هم قطعی اجرا قیلشدا تیگیشلك چارەلەرگه باش اورساق بیر نتیجه حاصل بولغوسی.

(***)

## باریكولده تورك قازاق قرداشلارننك تورموشی

ایچكی توپولاڭ دوریده گەنشوی وكوك‌كول (چیڭخەی) اولكەلریدن هجرت قیلغان برتوركوم تورك قازاق قریندا شلار 1947نچی ییلیدن باشلاب آرقامو آرقا قایتیشقا باشلادی. حاضر بولاردن باریكولگه كلیب یرلەشكوچیلر 400 اویلـیك بولـغانغا یاراشا، مخصوص كـبی بولماغانلقی اوچون بعضی قینچیلقلارغا اوچراغان. سو ادارەسی برمقیاسدیكی كهنه ایریقلارنی قازیب بولارغا یریغولق یەر بولوب بەرگەن.

بویەرلەر بلەن تریلغولیققا كریشكەن تقدیرده تورك قازاق قیریندا شلەریمزنك تورموشی برقدر خاطر جمع بولغوسیدور.

## مسابقه ایی

معارف نظارتی مای ایینی اورتا مكتبلار اوچـون مسابـقه آیی قلیـب بلگولەگەن. هر اورتا مكتبدن 20دن 40قا قدر اوقوغوچی اشتراك قیلادورغان بومسابقه تورلك رسیملەر توركچه چینچه، انگلیزچه، و روسچه اوستیده بولماقچی. و مسابقه نتیجەسینی تكشوروش اوچون معارف نظارتی‌ننك مدیرلەری و مفتیشلەریدن مركب برگروپپا توزولمەكچیدور.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ايسوېچرەدن .رگە بير مكتوب :

# هر طرفی یاپ ـ یاشیل بیر مملکت

آوروپا پارلامنتولار بیرلکی 1 نجی [...]مثەبردە ايسوېچرە ( شوېتسارىيە ) نڭ [...]نرلاکن قشلاغیدا توپلانماقچی ايدی. [...] توپلانتیغا قاتناشیش اوچون 5 آ[...]داش 20 — آوغوستدا واپور بلەن [...]لغا توشدوق . دڭزدە اوچ گوزەل [...]ون کوچوردوق .

ناپولیدا ایتالیە توپراقلاریغا آیاق [...]سقاندا بزنی حیران قلغان نرسە [...]وقوشقا هیچ کیرمەگەن بر مملکتنڭ [...]ئبریگە اوچراشیمز بولەی . یېقلغان [...]لەر یاغیدن یاسالیب، یاشاش طبیعی [...]الینی آلغان. خلق ایش باشیدا. ناپو[...]بدن روماغا باپ ـ یاڭی آسفالت یول [...]رزانیب یاتادور. دنیانڭ اڭ گوزل منـ[...]رەلەریگە قاتا ـ قاتا روماغا باردوق .

بوېردە ایکی کون قالیب پارلامنتو[...]ر بیرلکینڭ ایتالیان گروپپاسی بلەن [...]چراشقاندن کیین ایسوېچرەگە اوتوب [...]دوق. انترلاکن توپلانتیسیغا یەنە 5 [...]ن بار ایدی. بو وقتدن فایدالانیب [...]قامو ـ آرقا برن، جنورە و لوزان [...]ولەرینی کزدوق. سوقوشدن کیینکی [...]سوېچرەنی بیر آز تونوماقچی بولـ[...]ق.

بو یردە کوزگە چالنقان برنجی نر[...] توپراق نارلقیدور. ایسوېچرەنڭ احوالی، اونی باشقالارنڭ توپراقلا[...]ی باسیب آلیشقا مجبور قیلیشنڭ [...]رنیغا. اوز توپراغینی بیوك اولچەمدە [...]ولاندوروشقا، ایشلەب چقاریش ایـ[...]ینی تولوقلاشقا زورلاغاندور. اسـ[...]چرەدە حیات سویەسی بلك یوکسەك . [...] ایشچی ساعتدە اڭ آز 250 فو[...]ش آلادور و کوندە اڭ آز بتی سا[...] ایشلەیدور. هر نرسە قیمت، اما نرسەنڭ گوزلی و یاخشیسی بو یر[...] بو مملکت، سعادتنی عنعنەلەشتور[...]، ادبیاندا تراڤیك روحلق بیر وەز[...]یرمن بلەن اوچراتماق ممکین امەس.

اسوېچرەنڭ طبیعت گوزللکی دنیا [...]ریستلارینی اوزیگە تارتیش بلەن قال[...]نان، یاشلاریدا بعضی کسبلەرگە قار[...] چوڭقور بیر آرزو اویغاتقان. اوز تحصیلینی توگەتکەنلەر یا زراعتچی، اورمان مهندسی بولادور، یا بولماسا طبیعت علملاریدن برینی تاللایدور.

قورولوش، یاشاش، توشونوش بلەن دنیاغا خلقچیلق اورنەکی بولغان بو مملکتدە خاتونلارنڭ تاووش بریش حقی یوق. بو مملکتنی بلك تونویدورغان بیر دوستم، بیر اسوېچرەلکنڭ لطیفەگە اوخشاش شو سوزنی سوزلەگەنلکیـنی منا اڭلاتدی: خاتونلاریمز، سوزلەریدن چیقمایدورغانلقیمزنی یاخشی بیلگەنلکلەری اوچون تاووش بیریش حقینی قوللانشنی بیزگە بیربشدە شكلـلەنمەگەندور .

اسوېچرەدە خاتونلار ناکنڭ ارتەگەن ساعتیدن، کیچەنڭ کچ ساعتلەریگەچە ایشلەیدورلەر. ارکەکلەر، کوچینیڭ آغیر ایشلەرگە برگەن. خاتونلار اونکادن ینیك ایشلەردە، آشخانەدە، قهوەخانەدە، پوچتا خانەدە، ماگازینلاردا ایشلەیدور. ساعتچیلکدە یتشکەنلی بولمایدورغان بیر اینچەلککە یتیب بارغان بو کیچیك دولتنڭ، ساعتکە اوخشاش ایشلەمەیدورغان هیچ طرفی یوق. اسوېچرەلکلەر کوپ پول تاپادور، یاخشی یاشایدور، مادی نرسەلەرگە اهمیت برەدور. اما، مادی بولغان نرسەلەرگە بونداق اهمیت بریش، اونڭ کوچلك بیر دین تویغوسینی ساقلاشیغا هیچ توسقون بولماغان. یکشنبە کونلەری کلیسەگە بارماغوچی یوق دیگیدك .

اسوېچرەدە اوچ کونلك کیزیشدن کیین انترلاکنگە کلدوق. شیرین بیر قیشلاق. قارمو ـ قار اوتەللەر. بو یرگە بازنی اوتکوزوش اوچون کوبراق آمریکالقلار کیلەدور. اسوېچرەنڭ هر قانداق یریگە اوخشاش بو یری هم ئاپ ـ یاشیل، کوزگە اوچراغانلا یر یشیل، بیر پارچە توپا رنگینی کورگەلی بولمایدور. هوا دائیم دیگدەك یارم آچیق، سیم ـ سیم آرالاش بیر یامغور یاغماي تورمایدور. پەلتولاریمزدن آیریلمادوق. بو یرلەردە بیر مقتدە قالغاندن کیین، قانداق یالغاز سوزلەیلی ـ بیر آز اوزیمزنڭ صحرالاریمزنی و اونڭ اسیغینی ایزلەدوق .

# ایچکی سوقوش جبهەسیدە

یاڭی دهلی (4 - مای) کومونست عسکرلەری خوانجودن جنوبقا قاراب ایلگریلەمەکدەدور. مرکزنڭ هوا کوچلاری فعالیتدەدور. کومونستلارنڭ شاڭخەیگە قیلادورغان هجومیغا قاتتیق ضربە برمەکدەدور .

کومونستلار خنان اولکەسیدە مرکز قولیدا قالغان رایونلارغا عمومی هجومغا باشلادی .

×—×(×÷×)×—×

## بیر امید

آنقرە (4 ـ مای) جساق ـ مالیك شیمانڭ بیرلین محاصرەسینی یوق ایتیش مذاکرەسینڭ نتیجەسینی موسکواغا بیلدورولگەن ایدی. بوگون جواب قایتیشینڭ امیدی باردور. بو مذاکرەدن سیاسی اورونلار خلق مناسبتلەرینڭ نورمال حالیغا قایتیشینی امید قیلماقدادور.

×××)(×××

## لوزان کونفرانسیدا

دهلی (4 ـ مای) لوزان کونفرانسیدا یهودیلەر خانە ویران بولوب قاچیب کتکەن عربلەرنڭ قایتیب کلشینی قبول قیلادی لکین قاچیب کتکەنلەرنڭ همەسینی ایمەس یارمینی قبول قیلالیشینی ایتیب تورمادادور.

## یهودی دولتیدە

آنقرە ( 30 ـ آپریل ) یهودی دولتی ایچیدە ایشسز مهاجر کوپەییب کتکەنلکدن قاتتیق بیر اقتصادی بحران بولادی. بیر طرفدن یهودی حکومتی اقتصادی قیینچیلق یوزیدن عسکرنی بوشاتیشقا باشلاغانلقدن بو بحران آرتماقدادور .

## سوریە خارجیە وزیری بغدادا

آنقرە (4 ـ مای) سوریە خارجیە وزیری امیر عادل ارسلان سوریە ـ عراق مناسبتینی یاخشیلاماق اوچون بغدادقا باردی و اوېردە خارجیە وزیر فاضل جمالی بلەن مذاکرە قیلماقدادور.

لبنان باش وزیری ریاض الصلح بو گون قاهرەدن بغدادقا حرکت قیلدی.

# اق زامباقلار مملكتيده

## №30

## بيزالقلار، اشچيلار، كاسبلار

سلمان ـ بيهوده قيزقسنيب ياتاسز لەر! بوننڭ قايسى ملتدن بولغانلقينى اورگونوشدن نيمه چيقار؟ بيچاره آدم، آغير بير خطلق قيلغان. شوكلاشقا يه نه اوز ـ اوزيگه آغير بير جزا برگەن. اوز موجوديتيني بو يوزيدن يەنه اوز قولى بلەن اليب تاشلاغاندور. بوننڭ اسميني نمىشكه تكرار قيلايلى: بو بر ده مهم باشقا بير نرسه بار. بير اوي لايلى؛ فوق العاده استعدادلارغا ايگه بير آدم ... بيوك بير عقل ٠٠٪ نادر و كلڭ معلومات، پارلاق بير ادبى قابليت... و نتيجه؟ ذوق و سفاغا توشكون، قيمار باز و اصرافخور، سفيح، قاميني ايجاربگه برگەن، اوز عرقيغا اهانت قيلغان بير اخلاقسز ... حالبوكه بو آدم موافق بير تربيه كورگەن بولسا ايدى و ياشلغيدا خلق كتلەسيننڭ عقليني و كوڭليني تونوشتورماقدن توغولغوچى ذوقنڭ، حياتني اصراف قيلش ذوقيدن هم عالى ايكەنلكى بيلدوروالگەن بولسا ايدى بو آدم اوز ملتى آراسيدا بير مدنيت حوارثى بولا آلور ايدى.

دارالفنوندن چققان، عالم بولغان، ادبياتنى ياقلاغان، حكومت مركزيده اوسكەن، يەنه نيمه ايستەيسز؟ بوندا غى آدم بولماسا، هيچ مكتبى، كتابى بولماغان، حياتنڭ الڭ گوزل، الڭ سو وينچالك، الڭ انتظاماق بولوشى اوچون نيمەلەر قيلنشى لازم ايكەنلكى توغرا ـ سيدا هيچ بير سوز ايشتيلمەگەن بير يرده يتشكەن عوام خلقدن نيمه كوتكه لى بولادور؟ مايونلارچه خلق بدنده فكرده و اخلاقدا چيريب كتيب بارادور ده هيچ كشى بو ضررنى حس انمەي ـ دور. هر كشيڭ باشى آغلانغان يا بول ماسا هر كشى بو ضررگه كونوب كتكەن ده شوكلاشقا بونى طبيعى بير حال دب بيلەدور. فقط بو شونداق بولغايمو؟

مايونلارچه انسان توغولادور: چوك قور بير سفالت ايچيده ياشايدور و او لەدور. بو شونداق بولغايمو؟ انچيله ريده كويلەگەن عائلەلار بولغان مايونلارچه انسان، حيوانلاردەك مولڭ و نادان قاليب ياتادور. مايونلارچه كچيك اينيله ريگز روحەن قوپال، ظالم و شهوتپرسـ ـدور. بو هم شونداق بولغايمو؟

„ هەنه شـونداق بولغاى! “ دەب يوزلەرچه قانيم تكرارلانغان بيرگنج سوز لەردن اويالماسزلەر؟

سلماننڭ نطقلارى يوكسەك بير الهام درجەسيگه يتەدور؛ تقدير و توبيه لەرى الڭ اويوشوق و يالقاو عقللەرنى اويغاتدورادور؛ قلبلەرگه يالقين و اينر گى ساچادور.

دوقتورلار، ييزا پاپاسلارى، باشلانـ غوچ مكتب معلملەرى حكومت مأمور لارى هر تورلك يرلەردەكى خلق كتله سيننڭ حياتيني تكشوروشكه كريشديلەر. غزتەلەرده، مجموعەلەرده و آيرىم ـ آيـ ريم كتابلاردا ملتنڭ حياتيغا دائر يازو لار باسيلشقا باشلادى.

دولوبمو ايكى كتاب كوبراق دقت نظرىنى جلب قيلدى. بولارنڭ بيرسى بير ييزا حكيميننڭ خاطرەلەرى، يەنه بيرى بولسا بير ييزا پاپازيننڭ نوتلارى عنوانلق كتابلاردور.

---

بو ايكى كتاب مطبوعات عالميده بير بوراننڭ چيقشيغا سبب بولدى. بعضيلەرى بو كتابلارنى بك يافتورار كوكلەرگەچه يوكسەلتەر و تنقيدلەريده شونداق دەر ايدى:

ـ ملت اوچون قلبى آچيشقان و اوقوشنى، يازيشنى بيلگەن هر آدم بو كتابلارنى اوقوشى لازم. بو كتابلار كورلارنڭ كوزلەرينى آچار. روحى همي شه كورلاشيب قالغان بير كشى بو كتاب لارنى اوقوغاندا اويالغانيدن قيزيرار.

باشقا بير بولوك انسانلار بولسا بو كتابلارغا بك يامان آچچيقلانار و يازوچيلارننڭ اوستيگه اوق ياغدورار ايدى. بولار هم تنقيدلەريده شونداق دەر ايدى:

ـ هر ايكى كتابدالا قين ملتى تحـ قير قيلينادور. بو كتابلار يالغان بلەن تولغان. بو تصويرلەرده يوياقلار افراد درجەده قوپوقلاشتورولغان و هر نرسه مبالغەلك بير صورتده كورسەتيلب، كاريـ كاتور حاليغا آيلانغان.

بو كتاب حقيده قيلنغان برنجى تنـ قيد حقيقتكه يولەنگەندور. غلطەننڭ چوڭ بير قسمينى ملت مفهوميني خطا آڭلاغانلار و „ ملتنڭ يوزوق، توزوك بولسون هر نرسەسى محافظه قيلينشى لازم! “ ديگەنلەر قيلار ايدى. اولار صحـ راداكى توگه قوشدەك، آلديداكى خطر نى كورمەسلك اوچون باشلارينى قوم نڭ ايچيگه تيقادور و باشلارى قومدن چيقارلغاندا آچچيقلانادور.

هر ايكيلا كتابنڭ يازوچيلارى فيـ لەرنڭ يوقارى صنف خلقيغا قارشى آوازلارى يتكەنچه واقيرار ايدى:

اويغانيڭز! ملتداشلاريڭزنى قوتقو زوش اوچون ايش باشيغا اوتيڭز. ممـ لكتيمز آهاليسيدن تورتده اوچيننڭ يا غاب يانقان-تورموشى كوب مدهشدور. بيزالقلار و ايشچيلار اولوب ياتادور. روحدا و بدنده عاجزلاشيب ياتادور.

اقتدارلق محررلەردن بولغان دوقـ تور بلەن پاپاس كتابلاريغا اويدورما نرسەلەر يازماغان و ياخود سيگيرلەرنى تحريك قيلش اوچون مسئلەلەرنى يالـ غوز بير طرفلەملك تكشورمەگەندور. بولار يالغوز اوزلەرى اولتوروشلق كنتـ دەكى خلقنڭ تورموشيني قدمەمو ـ قدم تعقيب قيلب كورگەنلەرينيلا تصوير قيلـ غاندورلار. انسانني قورقوتادورغان بو تصويرلەرنى اوقوغانلار:

ـ بير يارىم مليون قرداشيمزنڭ بونداق بير حياتدا ياشاشيغا قانداق چيـ دالايمز؟ دييشەر ايدى. كتابنى اوقوغاندا دهشتكه توشكەن باشقا بير بولوم كشيلەر:

ـ عجبا! انسانلار بو تورموشقا قانـ داق چيدەيشادور؟ بولار عزيزلەر گروهـ مدنمودور، يا بولماسا ايكى آياقلق حيوانـ لارمودور؟ بو حيات دانتى نـ ـڭ „ جهنم “ ده تصويرلەگەن حياتيدن مشقتلكدور. دانتيننڭ جهنميده انسانلار گناهى بولغاشقا بو عذابنى كورەدور فقط بو يردەكى انسانلارنڭ گناهى نيمه نيهايت دانتيننڭ جهنمى باشدن آخرغاچه داهيانه اويدورولغان بير ادبى اثردور بو يرده بولسا ألملك بير نثر، بير حقـ قت، بير شعنوت باردور. (دوامى بار)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

زاده ، اشده ، فکرده ، برلك !

ارك

مدیر : عیسی الب تکین
باش محرر : م . ا . بغرا

8 مای 1949 یل — 10 رجب ١٣٦٨

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

269 — یکشنبه

آدریس: اورومچی یگداك التای کوچاسی اوی نومری 13
تلفون : مدیر اوبی و اداره خانه : 26 تلگراف 2222


بدناملار قارشیسیدا : بز

# دوستلق و دوشمنلق مسئله‌سی

بزده «دوشمان، دوشمانلق» کامه‌
سی قوللانیلماسامو «قارشی، قارشیلق»
تعبیری بار. مثلا «خطایغا قارشی، او
روسقا قارشی». بوهم «دوشمن» کامه
سینك ایکنچی برتوری.

بو حکم ویا بو بدنام برنچه زمان
ملتچیلرگه سوئالماقچی بولدی. حقیقتده
هم اوروسقا، هم خطایغا قارشیمو ا-
موق؟ بوگون بوتون دنیا دوشمانلقنی
قورال کوچیغا سویه‌نیب کورسه‌تیب یاز
قان برچاغدا بره‌ر بسودوك ملتکه قار
شی نیمه‌مز بلن ونیمه‌مزگه سویه‌نیب
دوشمانلق قیلاآلامز؟! کورونیب یا
دورکه: مظلوم برملتنك بربولی ایکی
ویا اوچ فوتگه، ایچکی وباناتقی کوچ
لرگه قارشی چقیشی هیچ بر اویغون
حرکت امه‌سدور. بولوبمو بز اوچور!
چونکه بوتون ملتنك معنوی و مادی
قوتینی مشغول قایب یاتقان یالغوز بر
گینه مسئله بار. او بولسا هم استبداد
توزومی. بوگون استبداد توزومی آ ع
دوروله‌ای توروب بوتون برملتکه قار
شی چقیش احمقلق قایلندندور. بیله‌مز
که بوتون بر ملتنی مستبد ویا مستمل
که‌چی دیباالمایمز. بوحالدا استبداد تو
زومینی آغدوروش اوچون برملتنی بو
قانیش ویا اوگا دوشمان بولوش مطلقا
لازم امه‌سدور.

دوروست بزملتچیمز، بز تورکچیمز
خودی ملی آزادلق حرکتیمز یورتیمزغا
خاص بولغانیده‌ك، بوفکر جریانیمز هم
یالغوز شرقی تورکستان دائره‌سیده دور.
بزنك ملی آزادلق حرکتیمز دنیا ملتله‌ری
نی قوتقازیش اوچون وجودغا چققان
ایمه‌س. خودی شونینکده‌ك ملتچیلکیمز
هم دنیا تورکله‌ریني. برله‌شتوروش او
چون جریان قیلمایدور. فقط آزلاغان
یاشلاریمز شوته‌تور ملاحظه‌نی ساقلاب
کلدی.

بزنك دوشمانلق نقطه‌له‌ریمز طبیعی
یوق ایمه‌سدور. استبداد رژیمیگه قار
شی بولغانیمزده‌ك ملی و وطنی منفعتله
ریمزگه، بولغان توقونوشلارغا هم قار
شی‌دورمز. زاتن ملی آزادلق حرکت
اریدن مقصد ملی منفعتنی محافظه قل
ماقدور. اوز حرلکیمز، اوز حقله‌ریمز
اوز بارلقیمز، و اوزفکریمز بزنك بره‌ر
ملی منفعتله‌ریمزدور. اگر هرقانداق بر
تاشقی کوچ بزنك حرلکیمزنی بوغماق
چی بولسا، حقیمزگه قارشی تعرضدا
بولسا، ملی بارلقیمزنی آیاق استی قی
لیب هرقانداق بر فکریمزگه ویا مفکو
ره‌مزگه مداخله بولسا شبهه‌سزکه او
کوچکه قارشی بوتون برملتنك بربه‌گدن
قول و بربادن باش چیقاریشی طبیعی
بر حرکتدور.

بوگا عادی بر مثل کلتوره‌لی:
اوز وقتیده چین بازارلاریدا آلمان مال
لاری، انگلیز مالاریغا رقابت قلیشقا
باشلاغاندا بوتون انگلیز غزته‌لری نك
همه‌سی برکوننك ایچیده‌لا بردن «ملکه
بار» دیب واقیراشدی. چونکه انگلیز
وطن پروری بوتون دنیا بازارلاریغا ها
مل بولغان انگلیز تجارتینی و منفعتینی
اوز اوینك باغچه‌سینی کوروب یاتقاد
نده‌ك کوزله‌رینك آستیدا توتار ار-
دی.

امدی بزنك قایسی حرکتیمزنی کو
روب «روسقا قارشی» دیگه‌ن حکمنی
بریشده کیم، قانداق جسارت قیلادور
غاندور. توغریسی سه‌ویت سوسیالستك
جمهوریتله‌ر بولکی داخلیدا یورگوزول
مه‌کده بولغان هر رژیم، هر پروپاگاندا و
هر سیاستکه خوشنالرچیلق باقیه‌بیدن
دوستانه کوز بلن قارایمز. فقط باش
قالارنکمو تورکستان ایچیده بولوب یاز
قان هرقانداق کوره‌ش، هرقانداق مف
کوره، وهرقانداق برحربانغا مداخله بول
ماسلقینی واوگا دوشمان کوزی بلن
قاراماسلقینی استه‌یمز وایسته‌گومزدور.
بوگونغه قدر سویت روسیه تورکستان
غا قاراتا علاقه‌سز ایکه‌نلکینی اعلان قی
لب کلدی وکلگوسیدور. اوحالدا، یه
نی سویت روسیه بزنك هر حرکتیمز
بلن علاقه‌دار بولماسا بزکبی مظلوم بر
ملتنك ویا مظلوم ملیتچیلرنك قارشیلق
کورسه‌تیشی عجبا قایلمودور؟ اصل مس
ئله اوزله‌رینی ساویت طرفداری قلیب
کورسه‌تیب، اورتادا رول اوینماق ایسته
ته‌گوچیله‌رده‌دور.

دوستلوق باشقا، دوشمانلق باشقا.
حرلك ایزله‌گن هرملت یالغوز ظلومغا
قارشی کوره‌شیش لازم. بونی بلك یاخ
شی بیلگوچیله‌ردن‌ورمز. بوگون بوزیو
حزگه چاپلانماقدا بولغان قارالار، «خطای
غا قارشی، روسقا قارشی» دیگه‌ن بد
ناملار آرادا برسیاسی غلغله چیقاریش
دن باشقا بر رول اوینایالماس. بعضی
آلدیراغه‌لارنك ابتقادیده‌ك ملتچیلك
بز اوچون برنقاب هم ایمه‌سدور.
بوتورلك اوروتسز اتهام و بدنام قار
شیسیدا سکوت قلیشده‌ك هیچ قانداق
عاجزلق یوقدور. زاتن بر - بری
مزنی تیلاش، بر - بریمز بلن بو
غوشیش آرقاسیدا شو کونلرگه
قالمادوقمو

— ... —

# اولكه و شهر خبرلەرى

(چينى توركستان اخباراتى و اوزل مخابريمزدن)
سەشنبه دن باشلاب

## اوقوغوچيلاريمزغا خوش خبريمز

ايكى يارىم يلدن بيرى كون آرالاب
تورلك موضوعلاردا معلومات و خبرلەر
نشر قليب تورغان غزتەمز كينكى وقت
لەردە وقت اعتبارى بلەن كچيكمەكدە
بولغانلقدن خلقيمز كوندەلك اولاراق
نشر قلشيمزنى آرقامو - آرقا طلب قل
ماقدا ايدى. اقتصادى قينچليقيمز بك
آغير بولغان بولسامو، خلقيمزنك غزت
تەمزگە كورسەتيب يانقان بو سەوگيسي
نى سوندورماسلق وبلكى افكار عامەنى
غزتەمزگە تخى‌ده جلب قليش كبى يوك
سەك مقصدلەر بلەن كلەچەك سانيمزدن
(سەشنبەدن) باشلاب هركون (دوشنبه
كونلرى مستثنى) نشر قليب تورۇشقا
قرار بريلدى. بوندن كين تورلك ياڭى
ياڭى دنيا حوادثلارى وسياسى، علمى
ادبى، تنقيدى يازولاريمز بلەن مشتريلە
ريمزنى راضى قيلادورغانلقيمزنى بيلدو
رەميز.

ادارەمز أرك آغير شرائط آستيدا
قالغان وقيتلەردە بركون هم ايريلماى
ايشلەگەن وخذمتچيلريمزگە روح والهام
بريب كلگەن معاوين مديريمز ابراهيم
مطيعى نڭ دارالفنوندەكى وظيفەسى آغير
ومهم بولغانلقى اوچون، كوبراق وقتي
نى طلب قلماقدا ايدى. شونڭ اوچون
ابراهيم مطيعى افنديگە ياردەمچى بول
ماق اوزرە ايچكى چيندا برنچەيل ملى
مطبوعاتيمز اوچون چاليشقان و بو يول
دا موفقيتلەر كورسەتكەن ملى محرر
مز حاجى يعقوب يوسفى اورخان مدير
معاوينلەريدن برى اولاراق تعين قلين
دى.

"أرك" نڭ استقباليدن اميد و
معاوين مديرلەريمزدن حاجى يعقوب افن
دى نڭ خدمتيدن موفقيتلەر تيلەيمز.

"أرك"

## چينى توركستان اخباراتيغا ياڭى مدير

چينى توركستان اخباراتينڭ مديرى
ليوباڭ بوەن بوندن تورت آى بورون
آناسى وفات قلش بلەن اچكريدەكى عائي
لەسيگە رخصت سوراب كتكەن ايدى
يانيىقى كونلەر ايچيدە اچكى وضعيت
كسكينلەشيب، استعفانامه برگەنلكى او
چون مخبرلاربولومى مديرى گوڭ جو
مين موقت مديرليككه تعين قلندى

* — * (***) * — *

## خەنسو اويوشماسينڭ قورولتايى

خەنسو آقارتش اويوشماسى شعبه اويوش
ماوكيللەرينڭ اشتراكى بلەن بيرقورولتاى
آچيش حاضرلقينى كورمەكدە ايدى.
حاضر تورت ناحيەدەكى اويوشمانڭ وكل
لەرى اولگوروب كەلگەن بولسامو 8 نچى
ماى ساعت 10 دا قورولتاى آچيلغان.
قورولتايغا شهر مزدەكى خەنسو مامور
وضابطلار تكليف قيلينغاندن باشقا اولكه
لك حكومت رئيسى بورهان شهيدى. معا
وين رئيس محمد امين بوغرا باش كا
تيب ليوموڭ چون افنديلەر تكليف قيل
نيب بره‌ر نطق سوزلەتمەكچيدور.

* — (***) — *

## اولكەلك حكومت‌نڭ بويروقى

سياسى پروگرام بلەن گنرال جاڭ
جى جوڭ طرفيدن اعلان قلنغان مراجعت
نى حمايه قليش توغراسيدا هربروالى
محكمەسى وهربر حاكم ادارەسيگه بوي
روق توشورولگەن. اولكەلك حكومت
طرفيدن توشورولگەن بوبويروقدا اول
كەنڭ نجاد يولدوزى بولغان بوكورسەت
مەلەرنڭ مهملكى وبونى حمايه قليشدن
كيلەدورغان نتيجەلەر ايتليب اوتولگەن
دن كين هردرجەلك مامورلارنڭ اوز آرا
گروپپالار اويوشتوروب مذاكره قلشى
توصيه قلنغاندور.

## ياڭى مامورلار

ياڭيدن قورولغان سوداشركتى مدير
لكيگه ذكى، معاونلقيغا بەى يو چى
تعين قلندى. مايووبلك تەنگه قويوش
فابريكاسينڭ تدقيق وتحقيق بولومى
مديرلكيگه ليوجاڭ يالڭ و ماليڭ اونڭ
اعضالقيغا تعين قلنغان.

+**+ ) ( ***×

## ياڭخى مسئلەسى

اولكەلك حكومت اوزوم برتدقيق
دن سوگره ياخى كتيبنى توريان ناحيه
سيغه اونكوزوشنى قرار قلغان. بوايش
نى علاقەدار اورونلار برليكدە باش
قورماقچيدور.

§§§

## عجايبخانەگه هديه

ماچونجاڭ جوگسەن باغچەسيدەكى
عجايب خانەگه بر آييق، محمدامين بوغ
را ايكى بوغا هديه قلغان.

\+ § ÷ ×

## مكافات پولى اوستورولدى

ايچكى اشلەر نظارتينڭ
بوندن بورون توختاتقان توراڭ
زهرلك چكيملك قاچاقچيلارينى فاش
قلغوچيلارغا بره‌دورغان مكافات پولى
آزبولغانلقدن بونى آشوروش توغراسيدا
اولكەلك حكومتدن تصديقنامه آلغان.
تورتنچى آيدن باشلاب بوياڭى توختام
بويچه چكيملك قاچاقچيلارينى فاش قلغو
چيلەر مكافاتلانغوسيدور. بوبولسا هم
زهرلك چكيملكلەرنى تزدن يوقاتيش
اوچون تدبيرلاردن بريدور.

§+§

## خوتەندە ياڭى پلان

دهقانچيلقغا بولونوب كون كوچور
مەكدە ومحصولاتلارينى باشقا ولايتلارگه
آليب باريب كوندەلك احتياجلق ماددەلەر
بلەن مبادله قيلماقدا ايدى خوتەن حاكم
ادارەسى يڭيدن برپلان حاضرلاغان بو
لوب بو گاكورە اشلەب چقاريش اشلەري
نى بريكتوروش اوچون برمو ٪سسه قور
ماقچيدور. اگر موفق بولغان تقديردە
خوتەن خلقينڭ تورموشى ياخشيلانغو
سى وخوتەن صناعتى الگرله گوسيدور.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# اچکی و تاشقی خبرلەر

( 5 نچی و 6 نچی مای رادیو خبرلەریدن )

## جیانڭ کەیشی فورموزا پای تختیدە

کابول ( 5 ـ مای ) شانخەی مەرکەز قوماندانی جاشیڭغا بیر تومەن یگیت عسکر ایبەردی. جاشیڭدا قاتتیق سوقوش بولماقتادور.

کوموونیست قوشۇنلەری خوانجونڭ 100 میل جنوبیدا بولغان جینخوا شهریگە قاراپ ایلگریلەمەکتەدور.

مارشال جیانڭ گەیشی بوگون آموی دن فورموزا مرکزی تایبی شهریگە یتیب باردی. عسکری متخصصلەر بلەن صحبت اوتکوزمەکچی ایمش.

***( ) ***

## انگلیز حکومتینڭ قراری

یاڭی دهلی ( 5 ـ مای ) انگلیز حکومتی تانکینڭ الدیدا یەنگزیدا قالیب قالغان کیمەسینی قوتقوزوب آلیب چیقیش اوچون چین کوموونیستلاری بلەن مذاکره قیلیشقا قرار بردی.

انگلیز حکومتی شانخەیدەکی عسکری قوتینی آرتتوروشقا باشلادی.

* ( * ) **

## بیرلین محاصرەسیگە دائر

کابول ( 5 ـ مای ) توتوگون نیو یورقدا تورت بیوک دولت وکیللەری بیرلین محاصرەسینی آلیب تاشلاش حقیدە فکر بیرلیککە کلدی. یاپین کرن ایچیدە بیرلین محاصرەسی و غربی آلمانیەنڭ ساویت بیلەنکی تجارتنی توساش ایشلەری بیر وقتدە آلیب تاشلانغوسیدور.

بیرلین محاصرەسینی یوق ایتیش قراری بوگون تورت بیوک دولت مرکزیدە بیاننامە بلەن اعلان قیلیندی. بو قرار مضمونی شودور: „ساویتلەر غربی و شرقی بیرلین آراسیدا قویغان بوتون توسالغولارنی آلیب تاشلاغان کوندن اعتبارەن بیرلین محاصرەسی و غربی آلمانیەنڭ توسالغولاری آلیب تاشلانغان حسابلانادور. محاصرە یوق ایتیلگەن کوندن 11 کون کیین تورت خارجیە وزیرلەر کونفرانسی توپلانادور“. بو کونفرانسدا المانیەنڭ عمومی مسئلەلەرنی مذاکرە قیلینغوسیدور.

الی سوڭ خبرگە کورە بیرلین محاصرەسی 12 ـ مایدا آلیب تاشلانیب تورت خارجیە وزیرلەر کونفرانسی 22 نچی مایدا پاریسدا توپلانماقا قرار بولوندی.

** ( ) **

## ایکی ارادا بیر انگلاشما

لوندون ( 6 ـ مای) ایندونیزیا و هوللاندا وکیللەری آراسیدا بیر انگلاشما بولدی. بو انگلاشما هوللاندانڭ جوکجاکرتا شهری ( جمهوریتچیلارنڭ مرکزی ) نی جمهوریتچیلەرگە قایتوروب بریش و جمهوریتچیلەر هوللاندا بلەن سوڭ انگلاشماغا کلمەک اوچون سوقوشنی توختاتیش ولاهایدا بیر کونفرانسقا قاتناشیشدن عبارتدور.

* ( ) *

## یەنە مستملکەلەر حقیدە

کابول ( 5 ـ مای ) ایتالیە مستملکەلەری حقیدە ارتیبریا وکیلی حبشستانغا قوشولوشنی طلب قیلدی لاکین آمریکا دولتلەرینڭ وکیللەری بو مستملکەلەرنی بیرلەشکەن ملتلەر قورومینڭ نظارتیدە تاپشوروشنی طلب قیلدی. ارتە سیاسی کومسیون مذاکرە باشلاماقچی.

## تورکیەدە ایشلەنگەن اوچقولار

آنقره ( 5 ـ مای ) تورکیەنڭ اوز فابریکاسیدن یاساپ چیققان اوچقوچلاریغا مصر حکومتی خریدار بولدی و فرانسوز متخصصلەری کوب تقدیرلەدی.

آنقره ( 6 ـ مای ) تورکیەگە مارشال پلانی بویچە دهقانچیلق ماشینالاریدن بو ییل 700 دانە تراکتور و باشقا ماشینالاردن 5000 دانە کلگەنلکینی زراعت وزیری سوزلەدی.

+×( )×+

## یونان کوموونستلارینڭ تکلیفی

لوندون ( 5 ـ مای ) یونان کوموونست پارتیزانلاری بیرلەشکەن ملتلەر مجلسیگە یونان حکومتی بلەن صلح قیلش تکلیفینی برگەن ایمش. یونان حکومتینڭ بیر سوزچیسی „موندا ق بیر تکلیفنی قبول ایتالماسلقینی و عاصیلەر بلەن سوزلەشیشنڭ حکومت شرفیگە اویغون ایمەسلکینی“ سوزلەدی.

## تورلک مسئلەلەر

تورکیە و یونان حکومتلەرینڭ آوروپا کونسیگە اعضا بولوشلەری پرنسیپ اعتباری ایلە قرارلاشدی. لاکین عملی صورتدە قاتناشماقی کیینراق بولماقچیدور.

آنقره ( 5 ـ مای ) یهودی دولتینی بیرلەشکەن ملتلەر مجلسیگە اعضالققا قبول قیلش مسئلەسینی سیاسی قومیسیونی مذاکره قیلیشقا قرار بردی.

## اوخوروش

غزتەمزنڭ کونلک نشر قیلنشی مناسبتی بلەن آبونە بدلینی بیر آز آشوروشقا مجبور بولدوق.

بوندن کیین غزتەمزنڭ هر آیلقی 50 ملیارد بولوب چتکە پوشتا حقی قوشولادور. بوندن بورون محتری بولغان اوقوغوچیلاریمزنڭ آبونە مدتی قسقارتیلمایدور.

خلقیمزنڭ کوندەلک „ألق“ غزتەسیگە یازیلش بلەن دنیا حوادثلاریدن وقتی ـ وقتی بلەن خبردار بولوب توروشینی سورایمز.

# اق زامباقلار مملكتيده

№ 31

## ملتنڭ ساغلقينى ساقلاغان دوقتور

„بير بيزا حكيمينڭ خاطرەلەرى “
عنوانلق اثرنڭ يازوچيسى ايشقا كريش
كەنيڭ برنجى كونيدن باشلاب نوطلا
ريني قويادور. طبب فاكولتەسيني قانداق
توگەتكەنلكيني، يرلك مأموريتلەرگە قاند
داق مقصد بلەن كيرگەنلكيني آڭلاتادور.
طالع اوزيگە بك يار بولماغان. بالالغي
نى و ياشلق ييللاريني احتياج و يوق
سزلق ايچيدە اوتكوزگەن. بير كچيك
قيشلاقدا اوز كسبى بلەن مشغول بول
غوچى بير موزدوزنڭ اوغلى ايكەن.

طالبنڭ هر كشيگە كولمەگەنلكيني
بياش بلەن برابر يرلك مأموريتيدە كور
گەن نرسەلەردن اونى قورقونچ باسيب
آلغان. اوزينڭ حقيقت عالميدە بولماى
قورقونچ بير توش كوروب يانقانلقيني
ظن قيلغان. دستلەب كورگەنلەرى اوڭا
تاريخدن بورونقى دورلەرنى، انسانلار
نڭ مغارەلەردە ياشاغان زمانلاريني أسـ
لەتكەن.

عجبا، من مملكتنڭ الڭ يامان يري
گە توشوب قالدممو؟ دب اويلانيشقا
باشلاغان. اطرافداكى قيشلاقلارنى آيلانـ
سا، اوبردە هم عيني حاللارغا اوچراش
قان. حتى بعضى يرلەردەكى احوالنڭ
اوز محلەسيدن هم يامان ايكەنلكيني
كورگەن.

تيگى ناشلق بولغان يرلەردە غايت
قوپال ايشلەنگەن و بير - بيرى اوستيـ
گە ييغيلغان تاشلار خلققە مكان بولار
ايكەن. ايشيكلەر پست و پنجرەلەرى
ايتيك ايكەن. ايشيكلەرى بك عاجز بول
غانلقدن، شوبرغان و قار كيرەر، يامـ
غور ياققان وقتلەردە اويلەردن يامغور
تامچەلار ايكەن.

بو يردە اينڭ كام، پنجرە خدمتيـ
نى كورگوچى توشوكگە ياغلق كاغذ يا
پيشتورولغان، يا بولماسا متاع چاپلانـ
غاندور. گواهى - گواهى نيرە هم تارتيـ
لادور. بوتونلەى آچيق قالغان پنجرە
توشوكلەرى هم اوچرايدور. يالغوز اويـ
نڭ بير بولوگيدا تاش و توپادن ياسالـ
غان بير اوچاق بولوب، اوت ياقيلغاندا.

اوينڭ ايچيني اوگزەسيدن يرگەچە ايس
قاپلار. در كشينڭ كوزلەرى ياش آقـ
غرار و بو ايس توتوكدن آهستە -
آهستە چيقار ايكەن. ايچكريدە اولتور
غانلارنڭ اوست. باشى ايسلاشيب كتكەن.

بيزانقلار هميشە بيرلا كييم بلەن
ايشلەر، ناماق يەر و ياتار ايكەن، يهلـ
لارچە مونچا يوزيني كورمەس ايكەن.
كير يوماق عادت بولماغانلقدن اوست،
باشلاريني پيت قاپلاب كتەر ايكەن.

بيزالقلار تراخومدن عذابلانار،
كوپراق سوغوق تيگەر و بوينڭ آرقاسيـ
دا سيل بولار ايكەن.

قودوقلارى، طهارت خانەلەرنڭ يانيـ
دا بولوب، سولارى مكروپلوق بولغانـ
لقدن تيف كسلينڭ آياغى اوزولمەس
ايكەن.

بالالار آراسيدا ايچ سوروش، ديفـ
تريە، قيزيل و چيچەك كسللەرى حكم
سورەر، ميگلاغان بالالار كچيك ياشيدالا
اولوب كتەر ايكەن. مات آرقاغا كتيب
بارادور ناچار ياقيلب ياتادور. بونڭ اوسـ
تيگە فينلەر اولەدورغاندەك عراق ايچيـ
شەدور. ساغرو و تيلسزلەر، كورلار،
آقساق، چولاقلار دورونلار كوب.

دوقتور بير بيزانى شوندااق تصـ
ويرلەيدور:

- بير بيزاغا كيرسە آدمنڭ قورقو
سى كيلەر. انسان اوزيدن، اطرافيدن،
جمعيتدن، مدنيت دگەن نرسەدن اويو
لار. اويلانامن: بو يردن اوزاق و عا
لى بير يردە تياترلار، كونسرتلار،
محررلەر، صنعتكارلار، پارلامنتو، علملەر
آكادميسى و باشقالار بار. بو يردە بول
سا مليونلارچە خلق جهنمى برحياتنڭ
ايچيدە ياتيب كيتب ياتادور.

مثلا بير بيزا اويگە كرسن،
اوچ بالا قرروق توپا اوستيدە قيزيل
كسلدن ياتادور. اولارنڭ اوتتوراسيدا
آناسى توغوش اوچون تولغاق يەب قيـ
نالادور. مست بولغان آتا بير بولوگيدا
اولتورادور.

بالا اوڭا:

- اويالماسن هى؟ اويگدە بير
مونچە فلاكت توروقلوق يەنە مست بو
لوب الاسن! ديگوچيك بولساگز يو
شولداغان بير آواز بلەن شو جوابني
الاسز:

- „ بولماسا، سن هم بو يردە اول
توروب باق! يالغوز مست بولوش بلەن
قالمايسن، اوننڭ اوستيگە بوغولوب الا
سن. بيزنڭ كونيمزگە ايت چيدىماس.“

باشقا بير اويدە باشقا بير سفالت
منظرەسى: آنا اوپكە كسلينڭ آخرقى
باسقوچيغا كلگەن، قان توكورەدور. باشيـ
نى ياستوقدن كوتورە المايدور. آتا
تيف كسليگە توتولغان. بيردەم قيـ
زيب، بيردەم تيترەيدور. ايكيلا كسل،
يرگە سالنغان بير يرتيق كورپە اوستيدە
ياتادور. كاروات - ياروات يوق. ايكيسيـ
نڭ اوتتوراسيدا بيرى بير ياشلق، يەنە
بيرسى ايكى ياشلق ايكى بالا ياتادور.
ايكيسيلا برەرجانلق سوگەككە اوخشاش.

خوشنالاردن هيچ فايدەسى، آغريقـ
لار بلەن كارى بولمايدور. زادى موڭا
كونوب كتكەن. اوينڭ ايچيدە هر كيم
اوز آغريقلارى بلەن آوارە ....

بير ياقدن چيچەك، تيفكە اوخشا
غان ساريق كسللەر يارتلاغان همان
حكومت اوارگە ايكى - اوچ طبيب اب
برەدور. خلق بولسا بوڭا آچچيقلانادور.

- نميشكە موندااق قيلاسنلەر؟ بالا
لارنى دوالاما يلار. اولوب توگەشسون.
آچ انسانلارنڭ سانى آزايغان بولادور.
سنلەر بيزنى، چوگلارنى دوالاگلار
دييشەدور.

ياردم الماق و دوالانماق اوچون
تنماسدن هر اويدن كسل كلەدور. فايەسى
برنيدە قيزيل يارالارى بار. بعضيسينڭ
كوزلەرى جراحتلەنگەن، بعضيسى يەز
گەك بولغان.

- انسانني ماتم و قايغو باسادور.
الڭ آخريدا هيريب كتيب حسدن آيريـ
لاسز. لوگوسانڭ يانيداكى مستنڭ ديگە
نيدەك انسانڭ يا مست بولغوسى يا
بولماسا بوغولوب اولگوسى كلەدور.

بو مشاهدەلەرنى قيلغان دوقتور،
شهرلەردە اولتورغان انسانلارغا، سياست
آدملەريگە علم، صنعت اربابيغا و مطبو
عاتچيلارغا شوندااق خطاب قيلادور:

( دوامى بار )

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

عقيده، لشده، مفكره، بيرلك !

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

# ارك

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز توركستاندور

13 رجب 1368
10 ماى 1949 ييل

مديرى: عيسى الب تكين
باش محرر: م. ا. بوغرا

270 — سەشنبە

آدريس: اورومچى ياقفاك التاى كوچاسى اوى نومرى 13
تلفون: مدير اويى و اداره خانه: 26 تلگراف 2222

## غزتەمزنى كوندەلك چيقاريش مناسبتى ايلە

«ارك» غزتەسى اوزنڭ تاتاق تيلى، توغرى موقعى، يوكسەك غايەسى ايلە هيچ قانداق مادى و معنوى قييينچيلقلارغا قاراماسدن الكى باردم ييلدن بيرى شرفلك بير اورنى ايلە خلقيمز اچيدە يا شاب كلمەكدەدور. غزتەمز اولكەمزنڭ سياسى، مادى، معارفى، مدنيتى، اقتصادى حياتى، دينى اخلاقى و باشقا جهتلەردەكى احتياجلارى يوليدا خلقيمز اوچون كوب خدمتلەر كورسەتدى و كورسەتەدور.

«ارك» غزتەسى خلق كوچى ايلە ميدانغا چيققان بير غزتە بولغانلقدن او، دائما خلق اوچون، ملت اوچون يورت اوچون سوزلەيدور. خلقنڭ شادلقينى باييرام قيلادور. خلقنڭ قايغوسيغا ماتم توتادور. ارك هيچ قاچان خلقدن ايريلىشنى تيلەمەيدور. او خلق بلەن هر وقت هر جايدا بولماسون بيردور. او خلق بلەن توغولدى خلق بلەن اولەدور. بو «ارك» نڭ يوليدور. ميدانيدور. خلققە بيرە چەك وعدەسيدور.

«ارك» اوزگرمەس بو يولينى بوتون اولكە خلقيغە شونگەدەك داخلەدەكى و قسما دنيادەكى اوز معيلەريگە عملى خدمتلەرى ايلە و ايكى يارىم ييللق شانلى تاريخيلە اثبات قيلب كورسەتدى. «ارك» غزتەسى و اونڭ قوروچيلارى، خادملەرى زماننڭ و مكاننڭ اوزلەريگە نە قدر مساعدسز دورى ايلە زمان و مكاننڭ اڭ ناچار دورلەريدە شو يوليدا معتدللكيدە يالالارچە ياخود عقلى هوشيدن كەتمش قيريلەرچە حركت قيلماسدن، اوزينى تمختانقان بير وضعيتدە ييراق كورگوسى ايلە ارا تە غايەسيگە تخيمو بيرباب ايزيدە محكم تورماقدا دور. اناڭ اوچونكى اولكەمزنڭ ياقينقى 20 ييل ايچيدە قانلق و اچچيق تاريخينى اوز باشيدن اوتكوزگەن سياسى تجربەلك خلقيمز بزنى يوركلەرى ايلە و قسما فعللەرى ايلە سيومەكدەدور. روحيمزغا روح و قوت بيرمەكدەدور.

«ارك» غزتەسى قورولغان تاريخيدن باشلاب بوگونگە قدر كون ارالاب چيقيب كلدى. بوننڭ بيرى دن بير سببى اقتصادى و قادرو قييينچيلقى ايدى. اولك اوسنيگە ياقيندن بيرى غزتەمز اوقوچيلاريدن باشقا، مامزغە غزتەمزنى كوندەلك قيلشيمز اوچون ارقامو - ارقا طلبلەر قويولغانلقدن بز معتبر اوقوغوچيلاريمز قارشيسيدا بو طلبنى رد ايتشكە عاجزلق قيلدوق. اونڭ اوچون قوليمزدەكى شو سانغەتەدن باشلاب، نە قدر مالى و قادرو قييينچيلقيدا قالغان بولساقدە يەنە خلقيمزنڭ مادى و معنوى ياردميگە سيوينب تەروب غزتەنى كوندەلك قيلب چيقاريشقا جرعت قيلدوق. انشاالله حركتيمز موفقيتلى. استقباليمز اميدليدور. ياردەسادن خالقيمزدن، غيرت خدمت بزدن. بزگە دائما روح و تسلى بيريب كيلە ياتقان خلقيمزگە «ارك» غزتەسى سانسز تشكرلەريمى عرض ايتەدور.

## مطبوعات و اونك خدمتى

(مخصوص مقالە)

مطبوعات ملتنى بولارنى بوبز كبى مالى، جانى، قانى، آركى تالانيب بتكەن جهالت قاراڭغولوق اچندە يولسيز قالغان مظلوم عاجز ملتنى دنيادا يوقاتماي ساقلاب قالاديغان زوربر كوچدور. شول كوچنڭ ساغلام تمثالى بولغان ارك غزتەسى بوگون اوستندەكى اقتصادى، سياسى آغرليقيغا نسبتا آلداكى وظيفەلەرى نڭ نەقدر زوراب كتيب بارغانليقيني كوز الديدا توتوب كوندولوك بولوب چقيش مجبوريتينى اوستيگە آلدى.

يورتيمزدا خلق ميدانيدا تورغان هيچ براونڭ بوبون تورقى آستيغا توشميگەن، هج كم گە رعايە قيلماغان مرزامان حقلق طرفينى قولدين بەرميگەن خلق آراسيغا ملى آلڭ، ملى مفكورەنى تارالقان بو آرك غزتەسى 2 - 3 يللق عمرينى اطرافينى اوراب آلغان جاهل متعصبلر ايلەن كورەشدە كون اوتكوزدى. متعصبلر كوب جايلەردا خلقنى ارك غزتەسينى اوقوشدين توسدى. ئوشەون اوقوغانلارنى تهديد آستيغا آلدى. شوندا‌غ بولسيمو، آرك هيچ سووب قالماسون يلدين يلغا ايشينى رواجلاندوردى.

ارك غزتەسى بولسا، عادەتدەكى غزتەلر كبى يالغوز غزتە چيلك اوچون چقاريلب ياتقان برغزتە ايمس بلكى بر انقلابى غزتەدور. اوكتەبر انقلابى نڭ «ياسكارا» غزتەسى كبى يورت نڭ ملى آزادلق حركتينڭ برتشويقى قورالدور. بوقورال همەدين زور، همەدين اويغون، همەدين قووەتلەيدور.

حق غزتە، قارغومات نڭ كوزيدور. حق غزتە، يولسزقالغان مات نڭ قبلەنامەسيدور. بو زمان علم زمانى: مدنيت زمانى، مسلەك سياست زمانى دور.

بوندين خبرى بولميغان هرقاييداغ بر بولموسون دنيادا يول تاپيب چقالمايدور. بولغانينى كورەمز، توكل دەب علم غا مسلەكە سياستكە سويونمەى قارغو لەرچە بيرحركت قليديغان زمانلەر كتيب قالدى. بوگون دونيادا نەقدەر زور مدنيتكە ايگە ملتلەر هم قورالق كو رەشكە يينا قورالى ايلە ايش كورمكدە [...] ارقيدا قالغان محكوم عاجزملتلەر هم اوز ازادلق حركتينى غزتە چيلك، تشويقاتقا سويونوب اليب بارماقدا. غزتە چيلك تشويقاتچيلق، بر عجايب كورەش دين چققان انسانلەرنى برجايغا اويوشتورغوچى قورالدور. اوياقاشخص عداوت، شخصى منفيعت ايلە بر بريگە زيد حركتدە بولغان تارقاق انسانلەرنى منفعت آستيغا اويوشتورغوچى بر ماگينتدو[ر].

يورت نڭ سياسى وضيعتى آغربول سيدو، اما استقبالى بەك پارلاق بولغان بوگونكى كونلەردە، ملى آزادلق حركتى آرقاسيدا يورگەن آدەملەرنڭ تشويقى وظيفەلەرى بارغانسرى آغرلاشماقدادور. بووظيفە، ... آدەملەر آز، ... آدەملەر كوب توسالغە ... زور. برشرائط اچندە كتب بارماقدا دور.

آرك بوگونكى كونگە قدەر خلقمز طرفندين بەك يارانيليب اوقولغان د بونگغا زور محبت باغلاغان ايدى، مونداين سوڭ اولارنڭ محبت، ياردەمى تيخو آرتقوسى. مونداين سوڭ ارك نڭ تارقاتليشينى هيچ قاييداغ كوچ توسالماغوسى. منصب لەر اوچون يلدين - يلغا زمان تارايماقدا. عدالت پروررلە اوچون يلدين يلغا زامان كڭەيمكدە دور. منصب لەر موندين سوڭ يوقلاشيب كوب

دوامى 2- بتدە

# اولكه و شهر خبرلەری

(چینی تورکستان اخباراتی و اوزل مخابریمزدن)

* * *

اوچ تورلك مهم قرار

## تورك اويغور اويوشماسی اجرائیه تفتیش هیئتلەرینك ٥ - سانلق مجلسی

5 نجی مای كونی كچ ساعت 5 ده مركزی تورك اويغور مدنی آقارتیش اويوشماسندا اجرائیه تفتیش هیئت اعضالارینك 5 - سانلق مجلسی آچیلدی. مجلسكه تاشلانغان مسئلەلر اوستنده مذاكره بولونوپ، توبندەكیچه قرار قیلیندی.

1 - چنگزخان حسابی اوستنده كلام چققان صنایع نفیسه ملكلەری عمر داملا وقتیدەكی دفترگه نسبتا كم چققانلقدن، و ابراهیم توردی وقتیدەكی دفتر بولماغانلقدن و بر قسم نرسەلەر ایلیغا كتیپ قالمالقدن اونك اوستیگه چنگزخان اويوشمانی تاپشوروب الغاندا، بو ملكلەر حقیده بیر آساسلی دفتر حجت توتولماغانلقدن بو مسئله عمر داملا، ابراهیم توردی، چنگزخان 3 آدم بیربیرده بولغاندا حل قیلینسون.

2 - حاضرلانغان اويوشما تشكیلی نظامنامەسی یانا قایتادن رەتكه سالنیب 2 نجی نوبتلك مجلسكه تاشلانسون. و اويوشمالار اوچون ایش پلانی توزولسون.

3 - جای سالیب اولتورماق اوچون اويوشمانك كونه شهیدلكداكی بوش یرنی سانیب الماق اوچون یازیلغان خلق عرضی توغرولوق اويوشما، مسلمان سوداگرلەر جمعیتی، شهرلك حكومت بیرلكده تكشوروب كوروب، • افق تاپیلغاندا خلققه سانیب بریلسون. بوقارقی قراردن سونك كچ ساعت 7 ده مجلس تارالدی.

*— *(*÷*)* —*

## تونگان خلق قورولتایی بوگون اچیلدی

9 نجی مای صباحلین ساعت 10 اوروموچی مركزی تونگان آقارتیش اويوشماسینك چوك سالونیدا تونگان خلق قورولتایی آچیلدی. برهان افندی، معاون رئیسمز محمد امین بوغرا، باش كاتب لیومولاچوەن اشتراك اتدی. و نطقلەرده بولوندی. قورولتاینك آچیلش مراسمی بیتكەچ حاضرلق مجلسی آچیلیب هیئت رياست سایلانیب هر خیل قورولتایغا علاقەلی مسئلەلر كورولمشدور.

## مال بازاری یەنه نەڭوەنده قالغان

شهریمزداكی مال بازارینی قسمەن آدملەر سایباغ خوتن كوچاسینك جنوبی باشلامیدا قیلنسا دیب قیلغان التماسی مالیه نظارتیدا تصدیقدن اوتمەی یەنه اوز اورنیدا قالمشدور. موندا بولغاندا اولاغسز قالماش قورالیسز بولغان شهر آهالیلاری اوچون السات ایشلەریده اوڭایلق بولغوسیدور.

## قومولداكی پاختالارنك شرققه توشولوشی

### تصدیق ایتیلگەن

اوزوندن بیری قومولغا یغیلیب قالغان پاختالار حربیەگه لازم بولادور دیب باشقا یرلەرگه توشولمای قومولدا توروب قالغان. قومول والی محكمەسی بو حقده غربی شمال قوماندانلقیغا حاضرچه بو پاختالارنی ساتیلیب حربیەگه لازم بولماق پاختالار كوز فصلیده قایتا آلینسا دیب التماس قیلغان. بو التماسی غربی شمال قوماندانلقی طرفیدن تصدیقلانلقدن قومولدا یغیلغان پاختالار حاضر شرق طرفلەرگه توشولماقدا دور.

# چین خبرلەری

جالك گەیشی شانگخەیگه كلدی

## شانگخەی اطرافیدا

چین مرگز عسكرلری شانگخەیدین 100 میل جنوبداكی جاشینگ شهرینی عسكری نقطه نظردین بوشاندی وكومونستلار بوشهرگه كردی حكومت اوچ قوچلاری جاشینگ ساحەسیدەكی كومونستلار اوستیگه قاتتیق آقینلار قلدی.

انقره - شانگخەینگ تاشقی محله لەریگه ایلگرلیگەن كومونست هجوم دولیكی مرگز عسكرلرینك قارشی تعرضی نتیجه سیده بویوك ضایعاتقا اوچراب چیكلیب قاچدی.

حام (7 - مای) شانگخەیدین 45 میل غربده سكز ساعت داوام قلغان دهشتلك سوقوشدین كیین كومونستلارنی مرگز عسكرلری آرقاغا قایتوردی.

انقره - شانگخەیده بوگون تورت كومونست جاسوسی اولتورولدی.

مرگز حكومت عسكرلەری شانگخەینك 55 میل شمال غربیسیده كومونست عسكرلەرینی آرقاغا چكیلشكه مجبور قیلدی.

مارشال جیانگ گەیشی بوگون اوچ قوچ بلەن فورموزادین شانگخەیگه كلدی.

×***)(***+

## لی زونگرین گویلیندن گوانگجوغا كلدی

(گوانگجو 8 - مای) موقت رئس جمهور لی زونگ ین بوگون توش ساعت 11 ده گویلیندن گوانگجوغا كلمش. اداره باشلقلاری اوچقو استانسیونیغا قدر استقبال قیلغان. بوتون شهر آهالیلاری دولت بایراغینی آسیش بولی بلەن قارشی آلغانلق مظاهرتینی كورسەتكەن. رئیس جمهور جیانگ كەیشی موقت رئیس جمهر لی زونگ رینك 3 خیل تیلەك فكرینی قبول قیلغان.

(باشی برنجی بتده)

آوارەچیلق تارتماسون، زامانینك ارك غه قاراب یقیب یاتقانینی كورسون. انسافقا كلمیگەنلر انصافقا كلسون، یورت، ملات فایدەسی اوچون چالشیب یاتقان بو غزته اطرافیغا اويوشایلی!

# تاشقى خبرلەر

## شرقى جنوبى اسيا اورۇش حاضرلقيدە

(7. ماى لوندون) آمريكا دڭز قو ماندانلقينڭ اعلانيغا كورە، 2 دانە غام بوط (ساحل محافظى) 2 دانە كراونەر 2 دانە زرەلى واپورلارى انگليزلەرنڭ بيراق شرق دڭز مدافعە خطيگە ايبە ريلگەن، غامبوطنڭ بير دانەسى بو آي نڭ آخريدا هونغ قونغ قا يەنە بير غام بوط شرقى هندستانغا كيلەر ايمش. موندىن باشقا مالطا آرالقيدەكى انگليز قوراللق هوا عسكرلەريدىن بير قسمى ئا نامغا كيلىپ اولوغ اوكيان دڭز قوتيني آرتدورسا كيرەك.

## ١٥ باش وزيرنڭ كونسەيى

انقرە (7- ماى) آوروپا كونسەيى (هيئاتى) نڭ ايكنجى آچيلىشى آوغوست آيىدا بولماقچى بولدى. كوبلەگەن سيا ستچيلەرنڭ بها بيريشيچە آوروپا كونسەيى كلەچەك آوروپا مشترك پارلامينتو سينڭ باشلانغوچى بولماق اميدى بار ديمەكدەدورلەر حاضرچە بوكونسەى 15 دولتنڭ باش وزيرلەرينڭ كونسەيى بولوب اجرائيە و استشاريە ماهيتيدە بولادور. اما قانون توزوش حقوقى يوقدور.

***(**)***

## كونفرانسدن بويوك احتمال

انقرە (7- ماى) تورت خارجيە زيرلەر كونفرانسى 28- مايدا توپلانمانچيدور. بو كونفرانس موفقيت بلەن نتيجەلەنسە ستالين - ترومان، آتلى و كوربل توپلانيب تورت بويوكلەر كونفرانسينڭ ميدانغا چيقيشيغا احتمال باردور.

+×(*)×+

## المانيەنڭ قانون ئاساسى لايحەسى

### بيوننڭ ورليندەكى صحبتلەرى

انقرە (8- ماى) المانيەنڭ تسليم لغانيغا 5 ييل تولغان بو اقشام، كونفيسىدا آلمانيە برلەشمە دولتينڭ آساسى دن لايحەسينڭ ... تاماملاندى. قيندا غريب دولتلەرى عسكرى وا... ونيغا تقديم قلينماقچيدور.

لوندون - بيويك آلمانيە 3 غربى عسكرى واليلەر بلەن كوروشدى و آل... ليدرلەرى بلەن كوروشمەك او... يەنە بركون آلمانيەدە قالماقچى - ...

انقرة - المان فرقە لەرى (كوموز فرقەسيدين باشقا) نڭ ليدرلەرى غربى آلمانيە دولتينڭ قانون آساسى لايحەسيني حازيرلاش اوچون دوشنبە كونى توپلانماقچيدور.

(شام ... ماى) انگيلز خارجە وزيرى بوگون اوچقوچ بلەن برلنگە باردى. اوچ غرب عسكرى واليلەرى وشهرلك حكومت باشلىقى واشچيلەر وكيللەرى بلەن صحبت اوتكوزمەكدە دور. برلين محاصرەسى چارشنبە كونى زور قيلنماقچى بولغنلقدين غربى وشەرق محلەلەرى راسيدا بورگوزەلەدورغان قاتناش واسطەلەرينى ويوللارنى حاضرلاماققا باشلاندى.

*:(**)**

## اسرائيل دولتى اعضا بولا المادى

انقرە - اسرائيل دولتينڭ بيرلەشـ ملتلەر مجلسيگە اعضا بولوش ال... نى قبول قيلشقا بعضى دولتلەر غيرت قيلغان بولسامو، عربلەر و پاكستان وكيللەرينڭ قارشيلقى نتيجەسيدە مغلوبيتكە اوچرادى.

## محمد ظفراللەخاننڭ طلبى

لوندون (9- ماى) پاكستان خا... جيە وزيرى محمد ظفراللەخان بيرلە... كەن ملتلەر سياسى قوروميدا حيدر آ... باد مسئلەسينى مذاكرە قيلماقنى طلب قيلدى.

## سوريە - عراق مناسبتى

لوندون (8- ماى) سوريە خارجيە وزيرى امير عادل آرسلان بغدادن شام... غا قايتيب سوريە عراق مناسبتينڭ دوستانە بير حالغا قايتقانلقينى بيلدوردى.

## گوزەل موسيقا

(7- ماى فرانسيسكو) انگلترە، آمريكا، فرانسە، ساويت دولتلەرينڭ بر لين بويسەك مقاملارى 12- ماى كو نى قاتناشيش و سودا ايشلارينى مون دن 14 آى بورونقى حاليغا كلتورمەك كە قرار قيلغان. بوننڭ شرفى اوچون انگلترە، آمريكا، فرانسە 3 دولت ما... مورلارى مذكور كوننڭ شرفيگە الا گوزەل موسيقا نومرەلەرى بيرەر ايكەن. وننڭ اوچون ايلكتريك حاضرلقيغا كرشمەكدە.

## توزلوك حوادثلار

انقرە - سياسى قوميسيونلقدا ايتاليا نڭ اسكى مستملكەلرى مسئلەسى هيچ برقارارغا باريش ممكين بولماغانلقدين كلەچەك قورولتايغا قالدوروولدى. بو گون قوميسيون اسپانيە مسئلەسى مذاكرەگە آليندى. اسپانيا بلەن دولتلەر آراسى سياسى مناسبتنى ايكنچى عملگە قويوش اوستيدە وكيللەر آراسيدا قاتتق تارتشملار بولدى.

آوستريانڭ اوستيدەكى يوگوسلاويا بردعواسينى توزمەك اوچون لوندوندا توپلانغان خارجيە وزير معاونلارى كو نفرانسى نتيجەسز قارقالدى.

لوزان كونفرانسيدا عرب و يهو دى طلبلەرينى اينچـكەلەمەكدە بولغان برلەشكەن ملتلەر اوزلاشتورما قوميسيو نى هيچ برنتيجەگە بارالماسدن ايشكە دوام قيلمالماقدادور.

شام - تيل ابيب - حيفا نمور بولي نڭ اوردون عسكرى اشغالى آستيداكى قسمينى متاركە آجلاشماسى بويچە او ردون عسكرى بوگون بوشاتيب، يهودي لەرگە رسمەن تاپشوردى.

# اق زامباقلار مملکتیده

№32

## ملتنك ساغلقینی ساقلاغان دوقتور

– افندیلەر ! قاچانغاچه بالالارنك مو
کوشەماك اوئونینی اوینایسزلەر ؟ توختا
ای وطن پرورلکدن ، ملت محبتیدن ،
مدنیتکه خذمتدن بحث قیلاسزلەر ، امما
ملت اوچون ، وطن اوچون ، مدنیت او
چون نیمه قیلیب یاتاسزلەر ؟ بعضیلەری
ملیونلارچه پوللارنی قالارلاش اوچون
سەوگیلی وطنینی بوزسزلەرچه بولاید
دور . بعضیلەری ادارەلەرده ، مطبعەلەر
ده ، مکتبلەرده ، دارالفنونلاردا ، خذمت
قیلادور . اوباقدا بولسا ملیونلاغان خلق
چیریدور ، چکینەدور ، زهرلەنەدور . ملت
نك نیگیزلەری قوروب یاتادور .
– تخی وقت بولغاندن کیین مملکتنی و ملتنی قوتقازیگز ! خلق کتله
لەرینك آراسیغا کریگز ! اولارنی دوالا
گز ! اوقوتوگز ، تربیەلەگز !
اویلەرینی قانداق سالادورغانلقینی ،
قانداق توزەیدورغانلقینی اورگەتیگز !
اهالیغا ساغلق ، آفتاب ، صاف هوا ، قو
روق اسسیق مکان بریگز ! اوگا انسان
لاردەك بیر تورموش کوچوروشنی اور
گەتیگز ! انساندەك بیر تورموشدا یاشای
الیشلاری اوچون اوگا یاردم امکان
بریگز ،
دوقتور کتابلارینك آیاقلاریدا شو
سوزلەرنی یازادور :
» دولت بیوك بیر عائلەدور . اونك
آدملەری سزلەرنك اینیلەریگزدور . آستینه
قی قانلامانك تصورلاری ، یوقاری نانلا
نك بوشاگلقیدن کیلیب چققاندور . «
ابدی اولتوروشلاردا دوقتورنك کتا
بی حقیدە کوبلەگەن تالاش – تارتیشلار
یوز بردی . فقط اجتماعی محیطلاردا
بو کتاب لازم کلگەن علاقەنی اویغاتدی
و مقصدیگە ایریشدی . فینلاندانك بو
تون طب جمعیتلەریده بو مسلەکتابنك
کتابی قورمو – قور تدقیق قیلندی .
ولایت مرکزلەریدەکی مأمورلار بلەن بلـ
دیه و ناحیه مأمورلاری بیغیلیب بو کتاب
نك میدانغا آتقان مسئلەلەرینی تدقیق
قیلیشقا و کورولگەن کامچیلقلارنك یو
قاتیلشی اوچون چارەلەر کوروشکه باشـ
لادیلەر . بو موضوعلار اطرافیدا هر
طرفده کونفرانسلار بریلشکه ، یازی وثیـ
قەلەر توپلانیشقا باشلاندی . بورونلار
دا سوزلەنیلیشیدن بیرگینەگەن و اعتبار
نظریگه لیشقا خواهلانماغان ملتنك بو
نچار حالینی هر کشی کوردی و آڭلادی .
هر کشی گروه جدللەرینی ، اوزینك
کرگل آغریقلارینی بیر طرفکه تاشلاب
ملتنك ساغلقینك ساقلانیشی مسئلەسی
بلەن مشغوللانیشقا باشلادی .
مملکتدا اکی اوپکه کسللەرینك و بو
کسلدن اولگەنلەرنك سانی آنیقلاندی .
بیر بیل ایچیده تفکه ، تراخومغا تو توق
قانلارنك ، یاقیمسزلق و غذاسزلق یو
زیدن اولگەن بالالارنك تیش آغریقیغا
مبتلا بولغانلارنك ، قول و پوتیدن آیـ
ریلغانلارنك سانی آنیقلاندی .
بوندن باشقا اسپرتلق شراپلار او
چون صرف قیلنغان پوللار حساب قیلند
دی . مستلك یوزیدن چققان غوغالار ،
یارالاشلار ، اولتوروشلەر ، یالغینلار ،
اوغریلقلار آنیقلاندی .
نتیجەده ، قولغا کلتورولگەن رقملەر
هر کشینی قورقوتدی . چونکه بو رقم
لەر یاشلارغا یاردەك تیگەر و هر کشیـ
ده دو حاللارنی توزەتیش آروزسینی
اویغاتار ایدی .
حکومت ، ولایت ادارەلەری و بلدیه
لەر متخصصلەردن توزولگەن طبیب
گروپپالارینی تشکیل قیلدی . مثلا تیش
دوقتورلاری بالا و خاتون کسللەرینك
متخصصلەری گروپپا – گروپپا بولوشوب
بوتون مملکتنی آیلانیشقا باشلادیلەر .
بولار بارغانلا یرده بیر یاقدن کسللەر
نی دوالار ، یەنه بیر یاقدن خلققه کوز
لەرینی ، قولاقلارینی ، تیشلارینی قانداق
ساقلاشنی – آنا ساغلقینی و بالالارنك
تربیەسینی اورگەتەر ایدی . بیر بالانی
اوستوروشنك قانچەلك قیمتکه توشەدور
غانلقینی حسابلار و تربیەسزلك یوزیـ
دن قانچەلك بالالارنك اولوب کتیب یاتقاز
لقینی آڭلاتار ایدی .
بیزالقلار آهسته – آهسته انسان
حیاتینینك اقتصادی قیمتینی آڭلاشقا باشـ
لادی . دوقتورلار ، بیزالقلارغا شونداق
خطاب قیلار ایدی :
– سیلەر ، پوللارنی اوغورلاما
سون ، کویوب کتمەسون دیب یاخشی سا
قلایسیلەر . بالالاریگلار ، خاتونلاریگلار و
اوزەگلەر پولدنمو آرتوق قیمتلك سیلە
لەر . سیلەر جانلق پول ، بو سرمایەنی
ساقلاگلار ، اصراف قلماگلار ، کوپەیتیگلەر .
کوبلەگەن بیزالارغا ایکی چوڭ دریـ
زەلك بیردن تموندلك اوی سالندی .
ایچیگه تام مبلەر قورولدی .
بیزالاردا ، بیزالقلارغا نهایتی آرزان
بهادا اوی سالیب بیرەدورغان ایشچی
تابورلاری تشکیل قیلندی .
حکومت کوبلەگەن یرلەرده ، دوکان
لار قوروب بو یرلەرگه قورولوش اوچون
لازم بولادورغان نرسەلەرنی ییغدوردی .
بو دوکانلاردن بیزالقلار و بیزا کو
اوپراتیفلاری نهایتی اوڭوشلوق شرط
لەر بلەن تاختا ، قیلیب ، غولوف ، گیره
اینەك و ایشیککه اوخشاش نرسەلەر ،
اورونلوق و زنت اسبابلاری سانیب
آلا بیلور ایدی .
5 ـ 8 ـ 20 بیل کیین کوبلە
گەن بیزالارنك شکلی اوزگەردی . اویلەر
ایشەك اغیلی شکلیدن چیقیب حقیقی
انسان مکانی حالینی آلدی .
بیزالقلار تخیمو یاخشی ، تخیمو
اسسیق کییملەر کییشکه باشلادی . مملـ
کتنك الڭ یاخشی آدملەریدن بو ایشقا
قیزیققوچیلارنك نظارتی آستیدا بولغان
ایشخانەلەرده مینگلارچه کاستوم ، پەلتو
شیپلیت و ایچ کییملکلەرنی تیکشکه
باشلاندی . هر قانداق بیر نرسه او
چون الڭ پوخته و الڭ کوزل لازملقلار
ایشلەنار ایدی . کیین بولار مملکتنك هر
طرفیگه توشولوب ، آرزان بهادا خلققه
ساتیلیشقا باشلادی .
بیزادا بو کییملەرنی کیگەنلەر بیر و
بایرام منظرەسینی کورسەتیشکه باشلا
دی . یوزلەرچه یاماق و اولاق کییم
کیچەکلەر اورتادن یوقالدی . امدی یاز
هم بالا یالاڭ ایاق انسانلار اوچراماس
ایدی . بوتەللەر ، بەزگەکلەر و سوغو
تیگیشلەر اوزولدی . اوپکه کسلینك تو
یاقلاری یاریم – یارتیغا آزایدی .

( دوامی بار )

تلده، اشده، فکرده، برلك !

# أرك

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز توركستاندور

12 نی اپریل 1939
14 ... 1358

مدیری: عیسی الپ تکین
باش محرری: ... دوقرا

272

پنجشنبه

آدریس: اورومچی یانغاق التای کوچاسی اوی نومری 13
تلفون: مدیر اوبی و اداره خانه: 26 تلگراف 2222

## کیچك بالالارنك سواللاری

کیچك بالالاریمزده دنیانی و بعضی باشقا نرسه‌لرنی چاپسان اوقماق هوسی باردور. بو هوسنك هایداتچیلغی بلن سزدن هر کونی یوزلرچه سوال سورایدور. بالالارنك بو سواللاریغه ئاتا آنالارنك جدی کوز بلن قاراب بالالار اوقاتورغان بیر تیل بلن جواب بیریشلری لازمدور. هر کونی اوز بالالاریمز و بز بلن مناسبتی بار اوروغ توققان و دوستلاریمزنك بالالاری بزدن کوب سواللار سورایدور. اگر اولارنك بو سواللاریغا اهمیت بیرمه‌ی قویساق اولارنك هوس و آرزولارینی سیندورغان بولامز. و بونك معنوی تربیه جهتیدن زیانی کوپدور. چونکه بالالارنك وجودیدا بولغان طبیعی بیر شوق اولارنی بیلمه‌گن نرسه‌لرینی سواللار ارقالق بیلشکه مجبور قیلادور. مانا بو نقطه‌دن قاراب اولارنك سواللاریغه جدی و قناعتلندرالك جواب برسه‌ك، اولارنی کیچك چاغیدن علم و فکر یولیغه باشلاغان بولامز.

آمریکادا پسیکولوژی (روحیات) عالملارینك کورسه‌تکن بیر احصائیه‌سیگه قاره‌غاندا اورتا حال عقللق ایکی یاشار بیر بالا اورتا حسابدا هر کونی 60 و یا هر ساعتده 5 سوال سورار ایمش. عقلی آرتوق بولغان بالانك سوالی آرتوق، و عقلی آز بولغان بالانك سوالی آز بولور ایمش. اگر بالانك سوالیغه جواب بیرو آلماسا «بلمه‌یمن» دیمه‌ك یاکه «قوی سوراما» دیمه‌ك هم توغری ایمس. بلکه «بالادین سوراب یا کتاب کوروب جواب بیره‌ی» دیمه‌ك لازمدور و بو یول بلن کیچك بالاغه علم کشیلرگه علاقه و کتاب اوقوشقا اوقوش حسینی برگن بولادور. بو موضوعنك اك مهم طرفلریدن بیریدور،

کیچك بالالار اوزینك اویونچاقلاری‌نی سیندورسا بونیمو اونك حقیقتینی بیلمه‌ك و سیندورغاندن کیین نیمه بولوشینی تجربه قیلماق هوسیدن توغولادور.

بالالارنك مونداق هوسلری قنداق چاغدا بته‌دور؟

عقللق بالالار چوکرب بارغانچه هر نرسه‌نی اوزی اوقلاب تاپیشقا باشلایدور. بونك بلن سوراب بیلش هوسی آزایادور. لیکن بالالاریمزده‌کی سوال هوسینك آزایغانلقیدن خوش بولماقیمز لازمدور. بلکه بو حسنك کوپاییشی مایل بولماقیدور. چونکه اوزینك اطرافیده‌کی نرسه‌لرنی بیلمه‌ك اوچون البته مونداق حس و هوس بر هایداتچیدور. تا آتا بو اوچون بالالارینی هوا الماق، بیمالار چیقماق بازار و هر یرگه بیله لیب باریب کوب کشلار نسی، کوب نرسه‌لرنی و کون ایشلرنی کورسه‌تشکه اهمیت بیرسه لایقدور. اگر بالالارنك بیلیشی لازم بولغان نرسه حقیده سوال سورامیسه آتا انا اوزلری ایضاحات بیریب بالانك حسینی قوزغاش کیرکدور.

بالا اوقوش یازیشغه باشلار باشلاماس آتا انا بالالارینك اوقوشقه وکوزل صنعتلارگه علاقه سینی کوپه‌یتمك اوچون هر تورلك غزته، رسیملیك مجموعه و کتابلارنی الوگه الیب بیریش اوری مهم بر تربیه اصولیدور.

بالالارنك سواللاریغه جواب بیریشدن اوزون تونقراشلارنك ایضاحاتیغه توشوب کیتش بالالارنك حسیا نیمه لك زیانلیقدور و بلکه کیچك بالالارنك دوستانه احتیاجیمو بولیدور، مثلا: اگر بالا اوخلارنك بعضی سایملاری و یا داروسی ...

لری حقیده سوال سوراسا بو ارنك حقیده عملی جوابلارنی بیریشکه حاجت یوقدور مثلا: شونداق جوان بیریش کیرك: بو دارو نی نیمه باش آغریقنی ساقایادور، بو آینك بلن دوختور قولانك ایچینی کوره دور.

مثلا: بو بالا اویده یانیب تورغان ایلکتریك لامپا سینی قایداق یانادور دیب سوراسا «بالام: بونی گولدورله‌ب تورغان ماشینه اری بار چوك اشخانه لرده یاسایدور» دیب جواب بریلسه بالانی قناعتلندرمیدور و همه آینك فکریده شونداق اشخانه لرنی کوروش ذوقی توغولادور.

کیچك بالالارنك مفصل معلومات بیریش لازم بولادورغان موضع عدا سوال سوراش لك زور، اگر مونداق موضوع توغرا کلیب قالسه قسقیچه و اوقلوق جواب بیریش کیرکدور.

یه تکرار قیلامنکه کیچك بالالارنك سواللارینی معناسز دیب جواب بیرماسلق هیچ توغرا ایمسدور، اولارنك سواللارینی صمیمیتلك و جدیلك بلن انگلاش و طبیعتکه اویغون جواب تاپیب بیریش لازمدور. و بونك تربیه‌ده بك مهم رول اویناشینی اونوتماسلق کیرکدور.

یوقاریقی توصیه و سوزلریمنی بلکی بعضی اوقوغوچیلار قیمتسیز کورولر اوت! توركستانیمز کوب آرقادا وملتیمزنك توشنچه‌سی اوز اقلرگه ینمایدور. بو اوچون کیچك بالالارگه اهمیت ناه اراش بزده یوق توغراسی، و ایتسام من یوقاریقی سوزلرنی یورتداشلاریم نك قایدنی تربیه شرا نطیگه قاراب یازدیم. اگربز ایچیده یاشاغار ... نچی عصرگه مناسب سوزلاماق چی دیلم عصرنی بویسك مدنیت

(داوامی 2 نچی بتده)

# اولكه و شهر خبرله‌ری

(چینی توركستان آژانسی و اوزه‌ل مخابریمزه‌ن)

* * *

## خوتون سومولدا چنگز خان خاطره سی

29 نچی آپریل مونغول امپراخور تغینك اوروچیسی چنگزخان خاطره‌كونی بولغانلیقدن بوییرده مونغول قرداشلر طرفیدن بركون خاطره‌سیگه علاحیده تام غزته‌لری چیقارغان. وكه‌چقورون ساعت 8 ده والی نالك رياستی آستیدا اوچ يوز دن آرتوق مونغوللار بلن قلوبدا طنطنه‌لیك برمجلس آچیلدی. مجلسكه قارا شهر اداره باشلقلری هم اشتراك اتدی. مجلسدن صونك رسملر الیندی، كه‌چه‌ده مخصوص طیارلیغان صحنه كتابی قویولوب مجلس یاپیلدی.

§§

## کیرا حقی بوگوندن باشلاپ بر حصه اشو رولغان

نقلیات وزارتینك باش یول اداره سیدن توركستان 6 نچی منطقه یول اداره سیگه بوگوندن (12. مایدن) باشلاب کیرا حقینی آشو روشغا بوئروق کلگه‌ن. بو آشورما مانك برنچی گونیده‌کی آشورماغا قارا قاندا بر حصه آرتوقلدور. نو بنده آشور ما نالك سانلری آلتون آقچا بلن کورسه‌تلدی.

1. مال یونکه‌ش (بتون ماشینا کیرا قلغو چیلر یاقینی اوزی بر سه) برنچی درجه‌لك ماللار کیلو میتر غا طوننا سی 312,000 دوللار، ایکنچی درجه‌لك ماللر 276,000 دوللار، اوچونچی درجه‌لك ماللار، 240,000 دوللار دور. ماشینانی بتون کیرا قلما غانلار اوچون برنچی درجه‌لك ماللار هر 10 کیلو سی بر کیلو میتر غا 3430 دوللار، ایکنچی درجه‌لك ماللار 3040 دوللار، اوچونچی درجه‌لك ماللار 2640 دوللار دور.

2. مال کیرا سی: اورومچی — چوچك دوگجوالك خطی بر بیلدن هر کیلو میتر غا 12,000 دوللار، اورومچی کاشغر خطی 16,000 دوللار، باگاژ 5 کیلو سی هر کیلو میترغا 1720 دوللار، خالتا 8 کیلو سی کیلو میتر غا 2060 دوللاردور.

( باشی 1. بتده )

لك مملكتلرده بولغاندك خاص کچیك بالالر اوچون تورلوك سوال جوابلق «بالا غزته لری» «بالا کتابلری» وحتا آمریکا وتورکیه ده بولغاندك «بالا اتسکیلو پدیه‌سی» چیقار ایلی دیسم بولور ایدی، امابونی دیشکه جسارت قیلالماسلیقم طبیعی دور. چونکی بالالر اوباقدا تورسون آتالرنك کوپی سواد سیز و اولر اوچون چقاریلغان غزته لرمزنی مهلك هیچ برکیشیگه اوقوتالمایمز کتاب یازیب آتالر و انالر احتیاجینی قاندا ر اشغه قدره‌تیمز یوق، بوحالد ایکه‌ن سیز چوك سوزگه جسارت قایدا؟ اما خلقیمز چوك سوزگه آمراق لیکن عملگه آشماسلیقینی مو بیله‌دور، برقتیم کیچیك سوزگه اهمیت بریب عملگه آشوروب یاقساق هرحالدا هممز قلالایدور غان وفایده‌سی انیق دور، بوغان قوروق آلدام شعارله‌ری وهیبتلیك تشویقله‌رنی کوب آکلاب کورگالی یاشلاغانلیقیمزغه 10 ییل بولدیغو؟

## ایش پولی اولچیمی بلگو له‌نگه‌ن

پول اوزگوروشیدن صونگ هر درجه‌لك اداره باشلقلاری و اداره خادملرینك اش پولی تو‌ه‌نكی اولچه‌مده بلگو له‌نگه‌ن.

(کموش دوللار حسابیدا)

رئیس 10 دوللار، معاون رئیس 8 دوللار، حکومت هیئتلری 6 دوللار، نظارت و اداره باشلقلری 5 دوللار، نظارت و اداره‌لرنك معاون باشلیقی 4 دوللار، نظارت اداره‌لرنك باش کاتبلری 3 یرم دوللار، نظارت اداره‌لرنك بولوم باشلقلری 3 دوللار، نظارت اداره لر نالك کاتبلری، مخصوص خادملری، مفتشلری 2 دوللار، ولایتلر والی محکمه‌لری بولوم باشلقلری 2 یرم دوللار، والی محکمه‌لری کاتب بو لومچه باشلقاری 2 دوللار، حاکملر 4 دوللار، معاون حاکملر 3 دوللار، ناحیه باجخانه مدیرلری 2 دوللار، معاون بر یرم دوللار، ناحیه‌لك باجخانه نالك بولوم مدیر کاتیلری تارماق بولوم باشلقلری 1 دوللار، نالحیه‌لك صحیه و دارالعاجزین باشلقلری 1 دوللار قیلب بلگوله‌نگه‌ن.

§§

## یاشلر اویگیده بر مجلس

10. مای — اویغور او یوشما لس زالیدا یاشلر تیاتر اویگی نالك لیسی آچلدی، بو مجلسکه تشویق هیئتی نالك مدیر کاتیبی — لیو دولك اشتراك اتمشدور. بر نچه مسئله اوستیده مذاکیره لر بولونغاندن صونك ره لیو دولك افندی — سوز لب، خبر قیلب، یاشلر تیاتری نالك اور و یاتاقلرینی تعینله‌ب، تشویقات مرکزی نالك آرقا طرفیده‌کی اویلرنی بیره‌دیگه‌نلکینی ایتقان.

که‌لگه‌لی بر آیدن آرتوق بولدی، تیاتر اویگی امدیلکده او زیگه یاتاق و اداره اور نیغا ایگه بولدی.

« مخبر »

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# اچكى وتاشقى خبرلەر

## شانخەى جبهەسیدە

نیڭشا دا كومونیستلەرگە قرشی حاضرلاق

(لوندون 10 ـ ماى ) شانخەیدا
كی حكومت عسكرلرینڭ مدافعه خطلرى
گە كومونیستلەر 3 طرفدن هجوم قل-
دى. شمالى غرب جبهەسیدە حكومت
عسكرلرى پارلاق بر اوتوق قازان ـ
دى.

(انقره 10 ـ ماى ) شانخەیگە
كومونیستلارنڭ هجومى نتیجەسیدە شدت-
لەنگەن سوقوش 36 ساعت دوام قل ـ
غاندن كیین حكومت عسكرلرینڭ موفقیه
تى بلەن نتیجه لەندى.

جیانگشی اولكەسیدە ایلگرلیمەكدە
بولغان كومونیستلارگە قارشى حكومت
عسكرلرینڭ مدافعەسى بوگون شدتلەن
دى.

نیڭشا رئیسى ماخونكوى عسكرلرى
كومونیستلارگە قارشى مدافعەگە جدى لك
بلەن حاضرلاماقدا دور.

(*******)

## هندستان استقلال الیش الدیدا دور

(یاڭى دهلی 10 ـ ماى ) جوا
هرلال نهرو بوگون رادیودا سوزلیگەن
نطقیدا: بریتانیه برلەشمە دولتلر باش
وزیرلەر كونفرانسى حقیدە بیانات بریب
« هندستاننڭ جمهوریت قوروش آگلاش
ماسی هندستان تولوق استقلالی نڭ
قورولماقی دیمەكدور؛ انگلتره قرالیڭ
هندستان اوستیدە هیچ بر سیاسی حقو
قی قالمادى، هندستاننڭ انگلتره قرالیغ
ىاراننا هیچ بر وظیفەسی هم قالمادى.
فقط هندستان جمهوریتی اوز اختیارى
لەن انگلتره ایله مستحكم بر دوستلوق
و منفعت برلیكینى قبول قیلدى. بو
بواسا مستقل دولتلار نڭ بر ـ بریگە
تیلادورغان یاخشی معاملەسیدن بوقارى
بر نرسه ایمەسدور » دیدى.

+×(*)×+

## عرب و یهودی مناسبتلری

(لوندون 10 ـ ماى ) بوگون
لوزاندا عرب و یهودى وكیللرى بیله
اوزلاشتورما قومیسیونى آیرم ـ آیرم
صحبت قلماقدادور. بوگون قومیسیون
مصر، عراق، اوردون و سوریه
وكیللرى بلەن كوروشدى. قومیسیوننڭ
سوزچیسى صلح آگلاشماسیغا یاریشغا
بویوك امید پیدا بولغانلقینى بیلدوردى.

§-§

## اوستریا نڭ پاریس كونفرانسیدن طلبی

(انقره 10 ـ ماى ) آوستریا
باش وزیرى 23 ـ مایدا توپلانادور
غان تورتلەر پاریس كونفرانسیدن آوستریا
نڭ صلحى و باشقا مسئله لرى
حقیدە قطعی قرار بریشنی طلب قیلە
دى.

§-§

## المانیه مسئله لرى اوستیدە

(انقره 10 ـ ماى ) غرب 3 دولت
وكیللرى 23 ـ ماى كونفرانسیغا حاضر
لق كوروش اوچون بوگون پاریسدا توپ
لانیب مذاكرەگە باشلادى. بیرلین محا
صرەسینى یوق قیلش حاضرلیقى بیتـ
دى. سوویت شرقی آلمانیا قوماندانى
« چهارشنبه كیچەسی ساعت 12 دن بر
دقیقه اوتكەندە محاصرەنى یوق ایتشنى
اعلان قیلدى، و غرب عسكرى والیـ
لرىمو غربى آلمانیادەكى توسالقولار
نى مذكور ساعتدە آلیب تاشلاشنى بیلـ
دوردى. غربی المانیادا قورولماقچى
بولغان برلیشك دولت پارلامنتوسیغا
سوویت اشغال منطقەسیدە قورولغان آل
مان حكومتی بیر نارازیلق نوطەسى
ایباریب اولارنڭ اساسی قانون شكلیدە
قیلغان قرارلرینى تونوماسلقینى بیلدور
دى. آلمانیانى برلشیك حالیدە پارچه
لرگە آیریماسدن بوتون دیموقراتیك آل-
مان دولتی قوروشنڭ لازملقینى قطعی
شكلدە آگلاتدى، بو نوطەغە تیخى
جواب بریلمیدى.

## ایتالیا مستملیكەلرى مسئلەسى

(انقره 10 ـ ماى ) برلشكەن
ملتلر سیاسی قومیسیونى ایتالیانڭ بو
رونقى مستملیكەلرى مسئلەسینى مزا
كره قیلماق اوچوق بیر كیچیك قومیـ
سیون قوروشقا قرار بردى. بیوین و
سفورزا آراسیداكى آگلاشما عرب ممليـ
كتلریدە بویوك هیجان پیدا قیلدى.
شهرلردە خلق قوللریدە بایراقچه لر كو
تاریب « بوقالسون ایتالیا و بوقالسون
انگلیز! » دەب نمایش قیلدى.

§-§

## مستملیكه لەر حقیدە بر كیلشمه

شام: لوندوندا انگلتره و ایتال
یه آراسیدا. ایتالیه نڭ بورونقى مستم
لیكه لەرى حقیدە توبەندەكیچه كلیش
دى: لیبیانى 10 یلدا استقلال بریش
شرطی بلەن انگلیز و مصر حمایەسیگە
بریش، طرابلس و سومالنى ایتالیاغا
بریش، اریتریانى حبشستانغا بریش. بو
كلیشمەنى انگلیز حكومتی برلەشكەن
ملتلر قورومیغا سونماقچى بولدى.

••+••

دنیادا نیمه لەر بار؟

## جنت آرالى

109 توننالق مینا كیمەسی بلەن
سەدنەى لیمانیغا كلگەن دڭزچیلەر بول
دا، سوقوش بولغانلقیدن خبرسز بر
« خیال عالمی آرالی » نی تاپقانلقلرى
نی سوزلەب یازادور.

900 نفوسی بولغان بو آرال خل
قی سوقوشنڭ نیمه ایكەنلكینى بیلمە
گەنلەریدەك « سیاست، اقتصادى بحران،
باج كبى » نرسەلەرنی همه بیلمەس
ایكەن. بو آرالدا خاتونلارنڭ ساچى
قسقا، اركەكلەرنیكى اوزون ـ
دور.

# عرب صنعتی

اسپانیانىڭ غربی جنوبیداكی - عربستان دالاسی آرالی دا خلق بولغان عربلەر قبیلە حالیدە كوچمن بولوب جایلەردە یاشار ایدی: بو سببدن صنعتلەرینىڭ الگ كوب زینت ساحەسیدیلا قالغانلقی معلومدور.

میلاددین 2800 بیل بورون عربستان - سومر حكمدارلرینىڭ نفوذی آستندا ایدی. بو اعتباردن عرب صنعتی نىڭ سومر صنعتی دین الهاملانغانلیغی كورینەدور. سومر صنعتی نىڭ اسكی مصر صنعتیگە بولغان تاثیرلاری - شو صوڭ زمانلاردا بولغان تدقیقاتلاردن آڭلانادور.

عربلەرنىڭ اسلامیت دین بورونقی زمانلاریغا عائد - صنعت اثرلری حقیدە انچە معلوماتیمز یوقدور. و روپالقلار "عرب صنعتی" ایسمی استیغا توپلاغان صنعتی نىڭ بیوك قسمی اسلامیت دوریدین صوڭرە اسلامیت نىڭ و بو آرقالق عرب تیلی نىڭ یایلشی حجاز - یمن - سوریە - عراق - مصر - عرب و اسپانیە كبی مملكتلەردە گوللەنگەن صنعتلەر نىڭ یغیندیسیدور.

فقط مختلف مسلمان مملكتلەرنىڭ صنعتلەرینی تدقیق ایتب كورسەك، اونلەرنی عرب صنعتی دەب یالغوز صنعت دائیرەسیگە توپلاماق قانچەلك توغرا بولادورغانلقی خیلی اویلانادورغان بیر مسئلە دور. مسلمان بولغان مملكتلەرنىڭ دینی و سیاسی بو نیچە بر لەشكەن بیوك بر امت تشكیل ایتیشینىڭ اوستیگە صنعتكارلارنىڭ بر مملكتدن ینەبریگە آسانلقدا اوتوشی - حكمدارلارنىڭ اسلام عالمیدە الگ تونولغان قدرتلی صنعتكارلرنی كوچوروش نتیجەسی بولوب هر یردە اولرنىڭ اسكی صنعتینی الماشتوروشی و یتونلەی یڭی شكیلدە بر صنعتنىڭ وجودقا چقیشی كورولسەهم بو یڭی صنعتلەردە عربلەرنىڭ كهنە صنعتلەریدن بلك آز صنعتلر مشاهیدە ایتلمكدەدور. مختلف مسلمان ملتلەرنىڭ صنعتی آراسندا معلوم‌ملوق فرقلار كوزگە اوچرایدور. مثلا: اسلام - سوریە، اسلام - مصر، اسلام - عرب ویا اندلیس دە كیلەر - عرب صنعتینىڭ عینی امسدور.

ملتلەرنىڭ آرالرندا بولوب بر قورولوش فرقلری یا ... حتی صنعت تاریخچەسی ... م. غایەنىڭ حجاز - مصر - سوریەدە اسلام دوریدەكی، صنعتلەری حقیدە یازغان "عرب صنعتی" ناملق كتابینىڭ باشلانغوچ سوزیدە بو كتابقا بو خیل اسیم برگنلیگی اوچون اعتراض اتمكدە، و بو صنعتلەردە ملی خراكترگە ایگە بر پارچە عرب صنعتی كورمەگەنلكینی فقط اوتمشدن بری صنعت تاریخچیلریچە صنعتلەر "عرب صنعتی" دائرەسی اچیدە توپلانغانلیغی اوچون بو اسیمنی قوللانماق مجبوریتیدە قالغانلقینی سوز لەیدور.

ینە بو مطالعە بویچە چت صنعت محررلری عرب صنعتی تعبیری اورنیغا اسلام صنعتی تعبیرینی قوللانیب بتون اسلام ملتلەرینىڭ صنعتلەرینی بتون بر صنعت ایكەنلكینی سوزلیمكدە و مختلف مكتبلرگە آیریش جهتیگیلا كەتمكدەدور. حتی بو خصوصدا فرانسوز صنعت یازوچیلەریدن "سالادین" كبی بعضی تاریخچیلر دائرەسینی تخیمو كیكەیتب تورك ایران - هندی و چینىڭ اسلام دوری صنعتلەرینی هم اسلام صنعتی دائیرەسیگە آلماقدادورلار.

بو تصنیف اولقیدن هم چو كاراق یاكیلشدور. واقعەكی: خرستیان صنعتی دیگەن هم بر صنعت باردور. فقط بو صنعت دها زیادە خرستیانلقنىڭ دستلەبكی زمانلاریغا عائد بر آسنی مازارلاریداكی رسملەر ایلە او وقتلەری كیلیسە (بت) قیلب یاسالغان بعضی یرلەرگە خرستیانلققا قالدورولغاندور.

ملتلەرنىڭ صنعتلەری یا اوز مملكتینىڭ و یا یاكی خراكترینىڭ اسمینی آلورلەر. مثلا: رومان صنعتی صاف پاپازلارینىڭ و یا خیرستیان كیلیسەسینىڭ امری آستندا گوللەنگەن دینی بر صنعت بولغان حالدا آڭا خیرستیان صنعتی دەب ایسم برمسدین رومان صنعتی دیلگەن. و كولتوری باشقا بولغان هر ملتكە عائد بولغان بر رومان صنعتی وجودقا كیلب او مملكتنىڭ اسمیگە قاراب - ایتالیان رومان صنعتی - لمان رومان صنعتی دەب آیریلغاندور.

اسلامیت بولسا جامع عمارتلری - دین باشقا جهتلەردە دین نىڭ تاثیری كورولمەگەنلیكینی و رسم بلەن هیكەلنىڭ دینیدە اورنی بولماغانلقی كبی. صنعتنىڭ ... زینت گە - مخصوص یئلیش و ... صنعتدەكی زینت اوصوللری همەسی مسلمان مملكتلەر ارا [illegible] بولغان آلماشیشلار نتیجەسی ایكەنلیكی اویلانسا - "اسلام صنعتی" دیگەن تصنیف نىڭ توغرا بولماسلیقی آڭلاشیلور.

بو تعبیر بولسا - اسلامیت نىڭ باشلانغان دورلریدە دین نىڭ تاثیری ایلە حاصیل بولغان دستلەبكی صنعتكرلرینىڭ وجودقا كلتورگەن اثرلریگە و باشلابقی دینی بینالەرگە باغلانادور. اسلامیت نىڭ تاثیری ایلە مختلف مملكتلەردە حاصیل بولغان بو صنعتلەرنی باشكی: "مسلمان ملتلر صنعتلری" اسمی آستندا توپلا آلامزكی: بو همی بتون بر صنعت اسمی بولماقدن زیادە بو صنعتلەردین بحث اتكەن بر كتاب نىڭ اسمی بولالایدور.

بتون مسلمان ملتلرینىڭ صنعتلرینی اسلام صنعتی دەب بر دائیرە ایچندە توپلاماق بتون آوروپا صنعتی گە خیرستیان صنعتی دیگەندەك یاكیلش بولور. دروانع بو صنعتلر اسلامیت نىڭ تاثیری ایلە گوللەنگەن، و آوروپا صنعتلری هم - شبهەسز خیرستیانلقنىڭ تاثیری ایلە گوللەنگەندور. فقط اولارنىڭ هممەسینی بر دین - بر دائیرە ایچیگە الیبی خیرستیان صنعتی دیگیلی بولماس چونكی خراكترلری - ملیت لەری باشقا - باشقا دور. كورامزكی: آوروپالقلارچە - اسلام صنعتی نىڭ بیر مكتبیلا یعنی اوسولیلا - حسابلانغان تورك ایران - هیندی و چین مسلمان دوری صنعتلری او مملكتلەرنىڭ اسلامیتدن اولقی صنعتلرینی بتونلەی ساقلاب گوللەنگەندور. بو اعتبار ایلە بویوك بر آنا صنعت نىڭ مكتبلری حسابلانمایدورغان درجەدە مستقل صنعتلەردور. بولر اسكی ملی خراكترلری ایلە بولغان علاقەلرینی اسلامیتدین كیینهم كسكەن امەسدور. مسلمان ملتلرینىڭ صنعتلری تدقیق قیلینسا "اسلام صنعتی" تعبیری نىڭ یاكیلش لیگی میدانغا چیقماقدا.

( دوامی بار ).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

تلده، اشده، فکرده، برلك!

# أرك

مدیر: عیسی الب تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

13 مای 1949 یل
15 رجب - ١٣٦٨

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

273 جمعه

آدریس: اورومچی یانگماك التای کوچاسی اوی نومری 13
تلفون: مدیر اوبی و اداره خانه: 26 تلگراف 2222

# دنیادا همه‌دن قورقونوچلی نرسه نیمه؟

بو سوالنی، الله عادی بر آدمدن سوراساگز هم او، «دنیادا انسانلق اوچون الله قورقونچلی نرسه «سوقوش» ده‌ب جواب بریدو. سوقوش نیمه اوچون قورقونچلی دیسه‌گز، - «سوقوشدا کوب آدم اولوتو، سوقوش دیمك اولوم دیمك؛ او، شوننگ اوچون قورقونچلی» دور.

بوگون افندیلردن بو سوالنی سورساگز، اولر - «دنیادا الله قورقونچلی نرسه آتوم بومباسی» دیگه‌ن جوابنی بریدو. نیمه اوچون او، قدر قورقونچلی دیسه‌گز، - «او بومبا آدمنی کوب اولتورودو. شوننگ اوچون قورقونچلی» ده‌یدور.

دیمك دنیادا انسانلق اوچون الله قورقونچلی نرسه، آدم ننگ کوب اولومی ایکه‌ن. دیمك سوقوش یاکی آتوم بومباسیدن انسانلار، آدمنی کوب اولتورودو ده‌ب قورقار ایکه‌ن.

سوقوش یاکی آتوم بومباسی اینسانني کوب اولتورو گه‌نلیکی همه‌گه معلوم. لیکن اوندین نچه یوز حصه خوفلی بر نرسه بار، اونی انسانلار او گای سیزالمایدو، کوره‌لمه‌یدو، آدملر اوندین او قدر چوچوب که‌تمه‌یدو.

سوقوش هر زمان بولوب تورمایدو، آتوم بومباسی هم هر کونی تاشلانیب تورمایدو. بولر او قدر قورقونچلی نرسه‌لر ایمس. بوقو ریدا ایتلغان او گای کوزگه کورونمه‌یدیغان، خلق او قدر چوچوب قالمایدیغان بر قورقونچ بار، بو قورقونچ هر کون، هر ساعت بزدن آیریلمایدو! بو قورقونچ هر کون هر ساعت آدم اولتوروب تورادور.

بو قورقونچلی نرسه‌نمه‌دیسه‌گز، خلقده‌کی ساقلامسزلقدور. بونگدا ملیونلاب آدملر اولوب تورادور، کیرکسن چیقب تورادور، بز بونگغا هیچ قروا قلمایمز. بره‌ر سوقوشدا بره‌ر یوز آدم اولوب که‌تسه، یاکی بر بولوم خلق بره‌ر قیرغنچیلقغا اوچراب قالسا، او نگغا آه اوروب یوره کیمزدن قانلر توکه‌مز. بره‌ر ته آدم تورمه‌ده جازالانغا نیني ئاڭلاساق، یورکلریمز سو بولوب کیته دور. اما جمعیتده هرکونی نچه یوزلاب آدم اولوب یاتقانیغا، تورمه ده‌کی عذابلرغه نسبتا، نچه حصه آرتوق عذاب چیکب یاتقانلرغه دقت اتمه‌یمز.

بز ننگ یورتدا خلقننگ ساغلق مسئله‌سی سوقوش یاکی اتوم بومبا سیدن خه‌وفلی حالدادور. الی شهرنی تورلی یوقومالق کیسه‌للر اوراب الغان، یه‌رده دور. اولوم یتیم کوپه‌یمکده، آغرق سیلاق حدن آشماقدادور. بز ننگ خلق نچه یوز یلدن بویان 4 - 5 ملیوندین آشالمای تورادور. باشقا ملتلردن بر نچه یوز یل الدینده 4 - 5 ملیوندن ساناغا ایگه بولغانلر بزدن آرتوق سوقوش کورگه‌ن، بزدن آرتوق قربان برگه‌ن حالدا 30 - 40 ملیونغا یتب اولتورماقدادور. بز مو شو بر نچه یوز یل اچنده سلامتلك - ساغلق اشلریگه اهمیت بیرمه‌ی 20 ملیونچه آدمنی قربان بیردوق، بو نگغا هیچ کیم آه اورمایدو، هیچ کیم دقت قلمایدو. خلق نادان، جاهل، اولاری زه‌ی پاسکیناه، یمك-اچمه‌کاری ترتبسز، یوروش توروشاری قلابیقان، بدنلری پاسکینا دور. انالر بالا باقشنی بلمه‌یدو، آتا انالر اوی تو توشنی بلمه‌یدور. هر کونی کوپلب بوواق باللرنی تورلی کیسه‌ل ایله قبره‌گه اوزاتب تورا مز، هر کونی کوپلب چوکلرنی جنازاغه سالامز. هر کونی کوبلب آدمني جمعیتده تورلی کیسه‌ل ایله اگرا تیب عذابلاب اولتورامز. بزده کیره‌کسز، هوشسیز، مولاه، نرلك دنیا خرا فاتغا چومولگه‌ن دروش، تعلیم تربیه‌سی لقوا آدملر کوب، بز ننگ ملتکه زهرلك، انا هوشیار، چیچه‌ن، ساغلام آدملر کیره‌ك ایکه‌ن نیمه اوچون ملتني شوندا قلاکته‌دن قوتقوزوب ساغلام آدم قیلب یتشتورمه‌یمز؟ بر بالامز عسکر لککه کروب قالسا، سوقوشقا بریب قالسا، اولوب کتیدو دیگه‌ن قورقو ایله بار لق دنیامزنی شونی قوتقازشقا صرف ایته‌مز، نیمه او چون یکی توغولغان بالالرنی تورلی کیسه‌لدن سقلاب چولك قلماق اوچون دقت قلمایمز. لقوا تیارنان، اوغری، قیمار باز، مکار، ملتکه زیانلق آدملردن نفرت قیلمایمز؟ نیمه اوچون اولرنی آدم قیلب تربیه‌لشکه اهمیت بیرمه‌یمز.

بونداق واقعه لرنی بلمه‌یمز، سه‌زمه‌یمز، شوننگ اوچونمو چاره کورمه‌یمز. بزدن باشقا ملتلر آللا قچان بو خه‌وفني سه‌زگه‌ن، بلگه‌ن، شوننگ اوچون اولر بتون کوچی ایله ملتیننگ ساغلق مسئله‌سیگه اهمیت برگه‌ن، یلدن-یلغا سانینی اوستوروب که‌لگه‌ن.

بز باشقا ملت ننگ سا ننگلقینی کوروب او ملتني ماختا شامز، بز باشقا ملت ننگ سانی فلان ملیون ایکه‌ن

(دوامی 2نچی بتده)

# اولكه و شهر خبرلەری

(جینی تورکستان آژانسی و اوزەل مخابریمزد)

* * *

## ساغلق ایشلەریگه دائر

اولكەلك حكومت كتابت باشقارما سی، مالیه نظارتی، بوغكالتریه و ساغ لق مدیرلگیگه بیردن مأمور تعیینلەب، دوقتورخانەنی تكشوروب چقیش توغرا سیدا بویروق برگەن.

آلنغان خبریمزگه کوره، بو بوی روق تابشوروب آلیش بلەن، دوقتور خانه تكشوریلوب چقیب، راپور سونول غان. بو راپور کسل بافیش اویلەرینی و آغریقلارنك بمەكلەرینی یاخشیلاش کبی ایشلەرینی اوز ایچیگه الـ ا كرەك.

§§+§§

## تفتیش ادارەسینك بیر تلغرامی

تفتیش ادارەسینك، تفتش هیئتی اعضالاری موسسەسیگه اوزگەرتیلگەن لگی توغراسیدا بوندن بوروق خبر تارانقان ایدوك.

سونك خبرلەرگه کوره بعضی سبـ لەر یوزیدن اوزگەرتیش ایشی بوگونگه قدر باشلانماغانلقی اوچون تفتیش ادل رەسی تیزه. بو ایشنی بوتوروشنی نظر اعتبارغا الیب، بولیوروق و راسـ خوه تلەب تفتش پالاتاسیغا تلغرام چككەن.

§§÷§§

## كورلا بلەن لوبنورنك فاصله مسئلەسی

كورلا بلەن لوبنور آراسیداکی فا صله مسئلەسینی حل قیلش اوچون علا قەدار اورونلار موافق صورتده بیر چا ره توزەب چقغان ایدی.

آڭلاشیمزچه، بو مسئلەنی تكشـو روب تحقیق قیلش اوچون ایچكی ایش لر نظارتینك مفتشی عبدالاحد افندی مأمور قیلنغاندور.

§§×§§

## خطای اویوشماسی قورولتایی ۱۲ نجی مای یاپیلدی

6 نجی مایدن باشلاب آچیلغان خطای اویوشماسی قورولتایی اویوشما راپوری نی آڭلاغاندن سونك اورتاغا تاشلانغان فكر و لایحەلەرنی مذاکره قیلیب توغ ونلاغان قرارلر قبول قیلمشدور. و 12 نجی مای کونی قورولتاینی یاپیش مراسمی اوتكوزوب مجلسنی تماملا مشدور.

## التون قازیشقا دائر یڭی لایحه

داشیگو آلتون منبعیده آلتون قاز غوچیلار کوپەیگەنلكی و التوننك صف نی یاخشی بولغانلقی اوچون بو ایش نی بیر نظام آستیغا آلماق اوزه تعه ران نظارتی بیر لایحه توزەب اولكەلك حكومتكه سونغان.

(باشی برنچی بتده)

دەب، كلاساق حیران قالامز. اما اونو مرنی شولارغا اوخشاش سالام قیلشقا اولارغا اوخشاش ملیون سانیمزنی آشو روشقا کوكل كوبلورمەیمز.

بوروڭ اوخلاب یاتقان بولساقمز، امدی باش كوتوروب اویغانموق، بو روح كرەكسز مسئلەلر بلەن آواره بول غان بولساقمز امدی كرەكلك مسئلەلر ایله آلیشماقمامز، بورون قاندەلك ایدارنی بیلەلمەغان بولساقمز امدی بیلیب او تورماقمامز. بوگون ملتنك حقوق، حر بت مسئلەسیگه اهمیت برگەندن آرتوق شو ملتنك حیاتیغا، ساغلقیغا اهمیت برەیلی. اگر جمعیتیمز یانا شوندناق دوام قیلار ایكن، عاقبتیمز خراب بولادور.

## قورولتایدا چوی ور بیاناتی

خەنسو باش اویوشماسی قورولتا یینك تكلیفی بوینچه، پیكینده صلح مذاکرەسیگه اشتراك قیلب قایتقان بلدیه رئیسی چوی وو 11 نجی مای ارتەگەن ساعت 10 دا خەنسو اویوشماسیدا بیر بیاناتدا بولونغاندور. پیكینده بولغان صلح صحبتی، پیكین وضعیتی، صحبت نك عاقبتی توغراسیدا تفصیلاتدا بول غان چوی وو، مذاکرەنك نتیجەسز قال غانلقیغا دائر تحلیللەرده هم بولوب اوت كەندور.

§§×§§

## مدیر و معلم وظیفەسی

معارف نظارتینك تحرر تألیف بو لومی، اوزوڭ بیر حاضرلقدن سونگره معلملەرگه قوللانما بولماق اوزره «مدیر و معلم وظیفەسی» آتلق بیر كتابنی تیارلاب چقغان. ۲۰۰ نسخەدن عبارت بولغان بو كتاب، سونك مستقیم شاقولرافدا باسیلغاندور.

§§‹§§

## یاركند والی محكمه سینك خذمتچیلریكه یاردمی

(یاركند 9 ـ مای تیلغرامی)

10,000 دوللارلق التون آقچا یار كند بازاریغا چقغاندن صونك كین بازار بالری بورونقیدن 15 حصه آشقان، اونك اوستیگه حكومت خذمتچیلرینك مارت آیی معاشی بیریلمیگەن. والی محكمەسی بونك چارەسیگه كریشب 1000 دن آشلق یارم بازار بهاسیدا خذمتچیلرنك حیاتیغا یاردم اوچون سا تیب بەرگەن.

## صنعت كورگەزمەسی اشتراكچیلریغا مدالیه بیریلمەكچی

تشویقات هیئتی طرفیدن قیلنمش تورکستان گوزەل صنعتلەر كورگەزمەسی خیلی بورون توگیگەن ایدی. هیئت بو كورگەزمه خاطرەسی اوچون و گو زەل صنعت اهلیلرینك روحی تسلیەسی اوچون كوموش میدالیه ار یاسانیب تق دیم قلماق بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## كويۈب كتىبدور

خيلى مەدتدىن بىرى آغرىق تارتىپ بر باخشيلانغان خوتەن مسجد جماعتلە يدىن عبدالله آخون سوك كونلەردە دلەدەكى خرافى آدملەرنىڭ توصيەسى وينچە' تەرلەتمەك اوچون تونورغا اوت اقيب اوسىتيدە اولتورغان و بير قانچە اون دقيقەدىن سوگرە دوشيدىن كتيب يانيب تورغان چوغنىڭ وسيگە (تونور اوچيگە) يىقيليب توشكەندور. نتيجەدە عبدالله آخوننىڭ نازوك يرلەرى كويوب كتىكەن و ئاغير جراحتلەنگەندور.

§-§

## موريدا شيك دەيونڭ جنايتى

موري اولكەلك كيگەش اعضاسى شيڭ دە يو عسكرى مالزمەلەرنى توساب خلقنى قونراتيش كبى جنايتلەردە بول غانلقى اوچون ايچكى ايشلەر نظارتيگە معلوم قيلنغاندور. ايچكى ايشلەر نظارتى اولكەلك حكومتكە راپور بيرە لش بلەن تكشورولوب حاكم ادارەسى قرارى بويىچە اورنيدىن قالدورولغان. شيڭ دە يوگە رحيم شفقت قيليب عدليەگە تسليم قيلماسلىق بلەن برابر اونىڭ اورنيغا نامزدى ئەيين قيلنغاندور.

§-§

## جنرال ماچيڭ شاڭ تودگان وكيللەريگە ضيافت بردى

12 ـ ماى ساعت 12 دن كيين جنرال ماچيڭ شياڭ عسكرى ايستقامە گاهيدا تونگان وكيللەرى شرفيگە بير ضيافت برمشدور.

+×(•)×+

# اچكى وتاشقى خبرلەر

## اچكى سوقوش جبهە سيدە

ياڭى دهلى (11 ـ ماى) شاگخەي نڭ 40 ميل شمال غربيسيدەكى كاپتاڭدا حكومت عسكرلەرىگا.ونستلارنى قاپتوردى. لوندون: خانكاو ـ كانتون تومورىولىنى كسمەك اوچون كومونستلار فعاليتينى آرتتورماقدادور.

§×§

## مصر و هندستان اورتاسيدا تجارت معاحدەسى

مصروهندستان آراسيدا تجارت معاهدەسى امضالاندى. هندستان كوروچ بوغداي بردور، مصر پاختا وسيمونت بەردور. هندستان كشمير خلقيغە ئيىم و آشلىق يتكوزوب بەردى چونكى هندستان عسكرى باربولغان يرلەردە آشلىق يوقلقدين خلق قين چيلىق چكمەكدەدور.

§§§

## حونغ قونغ دا انگليز اوچقولارى

كابول: انگليز اوچقولارى سنگاپوردن هونغ قونغقا باردى. بو اوچقوچلار هونغ ـ قونغ نڭ مدافعەسى اوچون احتياتى كوچ وظيفەسىنى كورور ئيميش.

§§§

## برماغا ياردم قرارى

ياڭى دهلى: انگليز، هندستان، پاكستان وسرانديت حكومتلەرى برماغا مادى ومعنوى ياردم قيلىشقا اوز آراقا رار بردى.

## هندستان شكايتى

شام: برلەشكەن ملتلەر مجلسيدە هندستاننىڭ جنوبى افريقا دولتينىڭ اوير دەكى هندستان مهاجرلاريغا ظلوم قيلغانلىق حقيدەكى شكايتينى مذاكرە قلدى

§×§

## شدتلك تارتشمالار

شام: سياسى كوميسيوننىڭ ايتاليە مستملكە گوروپپاسى سومالنى ايتاليە گە بيرشكە قارار قيلدى. ليبيا حقيدە عرب لەرنڭ استقلال طلبى وبيوين' سبور زا آڭلاشماسى (انگليز نظارتيگە بريش) شددتلك تارتشمالار بلەن بوساعتكەچە مذاكرە استيدا دور.

§×§

## عايلام قانون لايهەسى

انقرە: غربى المانيە پارلامنتوكوميسيونى بوگون المانيە رئيسى جمهوريە نى سايلاش قانون لايهەسينى اوزون تارتشمالاردين كين تصديقلاب اوج غرب اشغال قونلەرى قوماندانلاريغا سوندى.

§§§

## فرانسيە ـ ايتاليە اراسيدا برتونەل

لوندون: فرانسيە ـ ايتاليە آراسيدەكى گرالان تاغيدىن 13 كيلومتر اوزونلقدا برتونەل (توشوك) آچوب' بو منطقە دەكى ايكى مملكت آراسيدا بر اوتوموبيل يولى ياساش پلانى ايكى دولت طرفيدن قبول قيلندى. بوتونەل وستيدەكى تاغنڭ توپەسيدن 3000 متر آستيدا بولادور. چقيمنى فرانسيە، ايتاليە و اسوبجرە حكومتلەرى برمەكچى ايمش.

§§§

## اتلانتيك بيرلكى معاهدەسى امضالاندى

(لوندون) انگليز ملت مجلسى (عوام پالاناسى) دە آتلانتيك بيرلكى معاهدەسى تصديقلاندى.

# عرب صنعتى

( باشى اوتكەن سانىدا )

و اوتموشىدىن برى ملى خراكىر و عنعنه لرينى ساقلاپ كلكەن صنعت لرگه صاحب بولغان ملتلارنىڭ اسملرى بيربلەمك نهايت توغرا بولمايدىغانى آڭلاشلماقدادور .

هر حالدا بو صنعتلەرگه ايگه بولغان ملتلارنىڭ „ اسلام دورى صنعتى “ ديبشى تخيمو عملى بولادور .

شو قدر ، مصر - سوريه وغرب - اندلس كبى اسلاميت يايلغان بعضى مملكت لرده بولوبمو مصردا اسلام دورى صنعتينىڭ اسكى بر ملى صنعت بلەن باغلانيشليغى بك آز بولغانى و بو يرلەردەكى صنعت اسلاميت نىڭ آسيا دين كلتورگەن يانكى عنصرلرى ايله بتونلەى خراكترينى اوزگرتكه نليكى جهتى بلەن بونلارنى عرب صنعتى نىڭ برەر مكتبى قيلب تصنيف قىلماق ضروريتى بـاردور .

مثلا : مصر نىڭ اسلام دورى صنعتى اسكى فرعونلر دورى صنعتى بلەن هيچ بر علاقەسى بولماغان و دستلەبكى زمانلاردەلا „ كوفت “ صنعتى دين بعضى تاثيرلار آلغان بر صنعتدور . اونى نه كهنه مصر و نه كيينكى كوفت صنعتى نىڭ دوامى قيلب كورمك توغرى بولماس . بو صنعت دما - زيياده تورك صنعتى تاثيرى ايله وجود قا كەلگەن بر صنعت دور . حتى عرب ارنىڭ اوز مملكەتى بولغان عربستان يارم آرالى ده صنعت بو درىجه اوز گوروشلرگه اوچراماغاندور . بو سبب ايله عرب صنعتى تعبيرينى عرب لەرنىڭ حجاز و يمن و اسلاميت دن اول و كيينكى صنعت لريگه خاص ايتب اسلام سوريه صنعتى - اسلام مصر صنعتى اسلام غرب و اسپانيه صنعتى دەب صنعت لەرگه آيرماق لازم بولادور . فقط „ م غاينز “ نىڭ ديگەنى كبى عرب تيلى و عرب مدنيتى حاكم بولغان مصر - و عرب - عراق - سوريه كبى مملكتلار نىڭ صنعت ارى - صنعت تاريخيدا اوتموشىدىن برى عرب صنعتى نامى آستيدا توپلانغان و بو بويونچه تارالغانى كبى بو مملكت لەرده اسلاميت دين كيينكى ، يانكى صنعت وجودقا چيقشلرىغا عرىار بويوك بر عامل بولغانلق اريدين بولارنىڭم عرب صنعتى نامى آستيدا صنفلەرگه آيرماق و بو صنعتنى عربلەرنىڭ بالخوز حجاز و يمن گه عائد بولماق اوزره اسلاميتدين اولقى دوريلەر - يعنى يرى - اسلاميت دين كيينكى دوريلار دەب ايكى گه آيريب كيينكى دوريلارنى هم - حجاز - يمن - سوريه - مصر و غرب اندلس مكتبلرى قيلب فصللرگه بولمك تخيمو اويغون كورولمكدەدور . (تمام)

# اولوس يغاسى .

عصرلار اوستيمه باستى بر تومان .
اغيارلار هر تامان بولدى بدگمان
نه سويگو جانام قاشيمه كلسون
كوزنەمى توختاوسز آقدى مرقايان .

§§§

دهشتلى بر جونلوق ظلمتى باسدى ،
ظلمنىڭ لومينى بوينيمه آسدى .
اطرافم اورالغان اسكى جنلقلار
كوز باغلاق ، قول توتماس تيالمەرنى كسدى .

• — •

اولومنىڭ جاڭگالين سالدى عزرائيل
تيللارغا مهر باسدى كلدى عزازيل
جان وهمى بزله قينالسه جيسميم
تونوغلوق قوليدا „ سورى “ اسرافيل

يغلادى حالمغه كوكده او ، ملك
عرشيده ملائك تسبيحى تيلەك .
زوهره هم زوحل چولقان بولدوزوم
نگرينمه باليارب تيلەيور تيلەك .

§§§ .

بولوتلار اوچراشدى چاقماقلار چاقدى ،
غمخانه كوزدن ياش نامچالاپ قدى ،
قوياشمو معبوسلە كتدى عرب سرى
قمر هم اوستيمه قارا تون ياپدى

§§§

مرزلار جوش اوردى قرغاقلار تاشدى
تاغلارنىڭ صداسى كوككه ايكراشدى .
سايلارغا سل كلدى شهر ويرانه
جانلقلار آه - زارى فلكدن آشدى .

---

يلاندى چوللرگه گلعذار باغلار
بلبل نىڭ كوكسينه قانالدى داغلار
جانگالدا چوقانسز قوزيلار يتم
وحشيلار ايزآلدى قارغەدم زاغلار

× ×

شاه ايدم يوقالدى شاهانه تختم
باشمدن اوچدى ، قايتمادى بختيم
شوكتم دورانم ايزسيز يوقالپش
حصيصلەر ايليكيده ايگرادى رەختم

× × ×

و ليكين ظلمغا اگمەدم باشيم
كوز قيسا آلدانيب آتمادم قاشيم
„ أرك “ ديدم تون اوتتى تاڭ قالولانيب
اوندوردى پيچەكلەر آققان او ، ياشيم

× × ×

افقدن كوتەردى قوياش باشينى
اورادى ريحاندا قبر تاشينى
اويلادم ايزلەگەن „ أركم “ شولمودور ؟ !
قول بولسا توختانور آققان ياشمنى .

گلزارى . فبرال

# بير بهار كونى

ياقيملق بير شامال اسەر طرف - طرفدن
گچدم بوخوش هوادامن هربر شرفدن

آققان همده شارقيراغان يورتومنىڭ سوينى
قولاق سالسام ، ايشتيلەر ، ملتنىڭ كوينى

چيقب تورغان شالالارى نه قدر سالقين
الهام الور ايچ - ايچيمده ساقلانغان يالقين

تنها . ا قالغادا بو ايريق بويلارى ،
كلەر بير - بير كلەچەكنىڭ هربير اويلارى

عاشيق كلەر بو ايريققا ، كونەر يارينى ؛
درتمغن كلسه ايتار ايريق اونىڭ زارينى ،

كلگەن قالور ذا بير اميد ذا بير مولڭ بلەن
يول ايزلەمەس بوندا هيچ كيم سول ياولڭ بلەن

شاعر كلەر دنيادن بير موضوعنى ايزلەب ،
اوزاق - اوزاق واديلاردن بيرياروق كوزلەب

سايراغان او بابلنيمو ، گللەرنى دەيمو ؟
شويورت شو ايل ، يارين منهم كچەيمو ؟ !

غربت مكا شو ايل ، شوباز قوينيدن كتسەم
سەوگيمەدور ؟ اوزگەلەرنىڭ ايلنى اوپسەم !

( ه ب . )

3نجى ماى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تلمده، اشمده، فکرده، برلك !

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

# أرك

16 ربیع - ۱۳۶۸ .
14 یل 1949 یل
مدیرا : عیسی الب تکین
باش محرر : م . ا . بوغرا

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

274 شنبه

آدریس: اوروموچی یانکماک التای کوچاسی اوی نومری 13
تلفون : مدیر اویی و اداره خانه : 26 تلگراف 2222

## سو کتەر تاش قالور، اوسما کتەر قاش قالور

بختسز خلقمز، اوستی - اوستیگه
بولمافدا بولغان قانلق اوروشلار ایچیـ
ده آیاق - آستی بولغان و ینه شوز
داق اوروشلار قورقوسیدن حیانی تیة
رەمەكدە بولغان بوگونکی دنیا خلقلەری
ایچیده الڭ بختسزلەری الڭ آچینشلقلە
ری بیزمیز. بلکه بو سوزنەر بعضیلەر
گە قانتیغراق کتەر. حتی بیزنی اوزلەری
چه بختلك قیلدوق دیگوچیلەر نظریده
اورونسز توبولار، بوزغونچیلق دەب
بیلینەر. اما حقیقت شو. بونی یازمای
سوزلەمەی نه چاره !

نیمه اوچون بختسزمز، قایسی اه
والدا قالغانلقیمز اوچون بختسزمز ؟
حقانلاریمز الوان یاساقدن قینالغانلقی،
تجاریمز مالی بحرانلاردن تاسقالغانلقی،
بالنوریمز حقسز، اورونسز اورونلاردا
لاینقیلغانلقی، خانون قزیمز انسانیتسز
بلەرچه بوزوقچیلقلار آستیدا دەسسەلگەن
لکی اوچون بختسزمزمو؟ یاکه بیز بیر
ارباب، بیر ملتنك حقی، حقوقی، اورنی
بولوشی لازم، تیلی، ادبیاتی، ملی اه
ذیای، ملی یورتی بولوشی لازم دیمەك
قیای بولغاندا یاکی اوزینی دنیادا ارکین
یاشقا حقلق بیر ملت دب اورتاغا چیق
قاچی بولغاندا، دوقموش - دوقموش
ن نورتولگەنلیکی، دوخمارلانغانلقی او
چون بختسزمو؟ یاکه هوی! سنڭ مانا
بریك بولدی مانا بو بریك بولما
ن، بارنی بار، یوقنی - یوق؛ بولغان
ن بولدی، بولماغاننی بولمادی دەب
تالماغانلیقی اوچون بختسزمو؟
یوق! بولار بختسز بولسامو اما
ندنمو چوڭ بختسزلكلەر الدیدا هیچ
سه ایمەس.

اونداق بولسا بو بختسزلكلەر
نیمەلەر ؟

بیر مات بیر خلق قینالادور، جفا
مشقتلەرگە قالادور. نورغون - نور
غون قارا کونلەرگە صبر قیلادور. اگر
شو مشقتلەر، شو آغیر کونلەر کلەچەك
دەکی یەروق، پارلاق سعادت اوچون
بولسا سوین خلقیمو بوگونکی پارلاق
غالبیتی اوچون فاشستلارغا قارشی او
رونشدا نه کونلەرنی کورمەدی، هندستان
لقلارمو بوگونکی یاروق کونلەری او
چون نه مشقتلەرنی کوچورمەدی. موز
داق کلەچەك اوچون مشقت کورمەك،
جفا تارتماق بختسزلك ایمەس.

فقط بختسزلك، شونداق محنت،
آغیراق جبر جفالارنڭ هچ بولماسا،
کورونوب توغان یاروق بیر عاقبتی
بولماسلقی، یالغوز غنه آز سانلق سیا
سی آوانتوریستلارنڭ دنیاغا اوزینی
« ایش قیلدم » دەب کورسەتوشکە او
رونغان، فرصت پرستلەرنڭ ساخته کارنه
لاریغا قربان بولوب کتیب بارغانلقیدور.
شو مشقتلەر بلەن اوتکەن بیر نچه ییل
لق آچچیق تجربەلەر بونی آشکارا
کورسەتدی. بوگون تخیمو آشکارا کور
سەتمەكدە. الڭ قزیغی، الڭ آچینشلقی
شو مقصدسز اوتکوزولگەن کونلەر حق
قیده بوگون بر ... اوروش، بیر زار
لارش بولوب قالسا « انه بوزغونچو
لوق قیلیب یاتادور » مانا « تار ملتچی
لك قیلیب یاتادور » دیگەن یاسالما یوك
لەمەنی شو قاقشاتقوچیلارغا كەپگوزگەنلکی
آچیقدن آچیق اوبغورنی قازاقغا، تونگاننی
نی اوبغورغا، اوبغورنی ختایغا قارشی
قیلش اوچون اویناب کلگەن نەیرەنگلەرد
نی اویالماسدن تارتنماسدن باشقالار
اوستیگه یوکلەب، اوزینی سوتدن آق
قیلیب کورسەتوب سیاست سافانلقلاریدور.

اما بو نەیرەنگلەرنڭ ایچی، مضمو
نی خلقنڭ اوتکور کوزلەریدن یوشور
نوب قالمادی. هر آدم، هر بیر عقلی
هوشی جاییدا بولغان انسان بولارنی
بیلگەن کورگەن حالدا. شونکدەك موز
داق نەیرەنگبازلقلارنڭ یر یوزیدن بیر
کونی بولماسا بیر کونی سوپورلوب
کتیشلەریگە کوزی یتکەن حالدا. آتا بابا
لاریمزنڭ « سو کتەر تاش قالور، اوسـ
ما کتەر قاش قالور » دیگەنیدەك، ایزیل
سەمو جفا چکسەمو، ینه خلق قالادور
غانلقی ینه بیر نوبت تجربەدن، اوتمەك
دە. بز بو سوزلەریمز بلەن حکومتیمز
نی یاکه اولکەمزداکی سیاسی کاتتالاریمز
نڭ قیلیب یاتقان ایشلریگە توسقونلق
تیقیب آلغان سیاست آوانتوریستلاری
شخصیت قربانلاری و آدم قیافتیدەکی
نمساحلارغا لعنتلەریمزنی بیلدوروب
قالماقچیمز. حکومتیمزنڭ شونداقلاردن
تیزراق قوتولوب، خلقیمزنی پارلاق یول
غا تیزراق باشلاشلارینی اولوغ تگریدن
تیلەیدورغانلقیمزنی بیلدوروب قالماقچی
مز و اوچوب کیتیب بارغان اوسمالار
نی بوتون خلق بلەن بیرگە آچچیق
نفرت بلەن تماشا قیلماقدا ایکەنلکیمز
نی افادەلەب اوتمەكچیمز !

شاڭ شی سەینڭ برنچی درجەلی جلادی

### جاڭ گواڭ چیەن اوروه چیگە کیلبدور

ضرو ... حساب ... حاضرلانشلاری لازم

(ج ت ۱۰) بعضی خبرچیلەرنڭ خبریگە
قاراغاندا شاڭ شی سەی دوریده آدمخور
اداره حسابلانغان یوز مینگلارچه هر
ملت ضیالیلارینڭ باشینی ییگەن جیلاڭ

( دوامی ایکنجی بتده )

باشی برنجی بتده
اوچو (گوگاڭن گوڭنايچو) غا معاون باش
لق بولغان جاڭ گواڭچيڭن اورومچيگه
كيلبدور. شاڭ شى سەى اورولوب داخل
غا ماگغاندىن كيين بو داكقاسى چققان از
سان قصابى هم اورومچيده تورالمسدن
لانجوغا كتكەن ايدى. حاضر آڭلاساق
بو خونخور جلاد داخلده حياتينى كو
چوردلمەسدن بو يافيندا يەنە اورومچى
گه چيقب شمالى دربازەنڭ تاشيده بير
يرگه توشكەن. بو حقده چينچه دالاجاڭ
غزنەسيده چينى توركستان آژانسى بو
خبرنى بيريش بلەن اوننڭ ضررينى
كورگەنلەرنى حركتكه دعوت قيلب نيگه
لى مأمورى و ملكى مقاملار ايله سوز
لەشمەكنى توصيه ايتمەكدەدور.

§-§

## ماليه تفتش ادارسى قورولماق بولغان

يارامخورلوقنى يوقاتيش مالى ايش
لەرنى توزبكه سالش مقصديده اولكه
لك حكومت ماليه تفتش ادارەسى قور
ماق بولوب، بو ادارەنڭ تشكيلى لايحه
و نظامنامەلەرينى توزمەك اوچون كاتب
بات بولومى، محاسبات بولومى، ماليه
نظارتى، معاون تفتش مديرى، هيئت
ايوشالى باشلق 5 كشيدن مركب بير
هيئت قورغان. بو هيئت قورولادورغان
ماليه تفتش ادارەسينڭ تشكيلى لايحه
ونظامنامەلەرينى كلهچەك حكومت هيئت
اعضالارى مجلسيگه تاشلاب تصديقلات
ــمــاقــچــى بــولــمــاقــ تــورــورلار
ايكەن .

## راديو استانسەسى سوڭقى خبر نمرەسينى ارتدورغان

(چ. ت. آ) توركستان راديو استاد
يونى هر كون كيچين ساعت 11 دن
20 دقيقه اوتكەندە الڭ سوڭقى ياڭى
خبرلەرينى تارانماق بولغان. استانسيو
نڭ پلانيدا دنيا خبرلەرى بولغان يول
سامو حاضرچه خدمتچيلەرينڭ كامچيلقي
دن بو نمرەنى قالدورغان. كلگوسيده
خدمتچيلەرينى تولوقلاب الغاندين سوڭ
هر كونى دنيا خبرلەرى هم تاراتماقچى
ايكەن.

## تونگان خەنسو قورولتايلارى مراسم بلەن اياقلاشدى

8ـ مايدا اچيلغان تونگان خلق
قورولتايى 13ـ ماى كونى ساعت 11
ده مراسم بلەن آياقلاشدى. ماگوديى
افندى بر باپش نطق بردى. قورولتاي
دن عمومى برخلاصه چيقارغاندين كيين
برهان شهيدى قارا شەر وكيلى ما
افندى برەر نطق بردى. مجلس
آخريدا حكومت بويوكلەريگه سونولا
دورغان تبريك تلگرام و مكتوبلەرى
اوقولوب، وكيللەرنڭ رسمى الينددى.
خەنسو اويوشماسينڭ قورولتايى
12ـ ماى كچقورون ساعت 2 ده مرا
سم بلەن ياپيلدى. برهان شهيدى، محمد
امين بوغرا، عيسى بك اليبتكين و
باشقا مهم ذاتلار بولوب 80 دن آر
توق كشى قاتناشقان بو مراسمدا برهان
شهيدى، محمد امين بوغرا و عيسى
بك اليب تكين تكليف بويچه برەر
نطق بردى. قورولتاى خطابنامەسى او
قولغاندين كيين مراسم ياپيلدى.

## سوداگرلريمزگه ارختوروش

28ـ نيلى 5 نچى اينڭ دن بين
باشلاب، اورومچى تەنگوەن ـ مركزى
تورك اويغور اويوشما قاشيدا ـ خو
تەن سارايى ناملق ـ برساراى آچيلدى.
سارايناڭ قاپقا نوميرى 806 نچى نو
مور.
بوساراى ـ پاكيزه يوختا و ترتيب
ليك بولوشيدن يوزباده ـ ايشانغ. چاى ـ
طهارەت سويى ـ وچيراغ يافيش اشار
نى بەك تزلك بلەن باشقورادور. او
نڭ برەسيگه ـ باشقا سارايلرغه نسبتا
بريم بها ديگودەك آرزان حق الينادور.
هربر تجارەت چيلرنڭ واقف بولماقينى
اميد قيلميب .

سراى مديرى :
شهاب الدين آخون.

# رئيس جمهور اورداسيننڭ سوزچيسى كابينه اوزگو روشنى انكار قلدى

( سينترالنيوس گوانجو 12 -
ماى ) غزتەلەردە كابينه اوزگوروشى
حقيده يازيلغان خبرلەر افكار عامەنڭ
دقتينى جلب اتكەنلكدن رئيس جمهور
اورداسيننڭ سوزچيسى شو بياناتدا بو
لونمشدور: موقت رئيس جمهور لى
زوڭ رين خەيلڭ چاڭ كابينەسيننڭ آيلار
دن بيرى قيلب كلگەن خدمتلەرى، سيا
ستلەرى پلانلارينى تقدير اتكەن حالدا
اوننڭ اوستيگه بوگونكى بو مشكلات
كونلەريدە خەيلڭ چاڭ كابينەنڭ الڭ موا
فق كشيدور. چونكى او حربى و
مأمورى جهتده بو ايشنڭ لايقى، شو
نه بو حقده تارالغان خبرلەرنڭ همه
سى يالغاندور .

# مارشال جاڭ كايشى گوانجو غا بارماس ايكەن

(سينترالنيوس 12ـ ماى) مأمو
رى پالاتانڭ اخبارات بولوم مديرى 12ـ
مايدا بولغان مخبرلەر مجلسيدە توبەندە
كى جوابلاردا بولونمشدور:
سوال: جياڭ كايشىنڭ حاضر حكو
متده توتقان موقعى قانداق؟
جواب: مارشال جياڭ كايشى وقتالك
استراحت اوچون خدمتدن چيكندى.
بو خبر وقتيله نشر قيلنغان ايدى. اما
پارتيادا او كشى ليدەردور.
سوال: رئيس جمهور جياڭ كايشى
شانخاى جبهەسيگه رهبرلك قيلامدور؟
جواب: رئيس جمهورنڭ حربى ايش
لارغا قوماندانسى يوقدور.
سوال: چتلەردە جياڭ كايشىنى فور
موزاغا ياخود گوانجوغا كيلەدور ديگەن
خبر بار راستمو؟
جواب: بونگغا بير نيمه دب بولماي
دور، اما گوانجوغا كلمەيدور. فورمو
موزاغا باريش بارماسلقى معلوم ايمەسدور.
سوال: آڭلاشلارغا كوره گومينداڭ
حاضر يوكسەك بير سياسى قومسيونى
تشكيل قيلب حكومت ايشلاريغا رهبر
لك قيلمقچى ارمش، همده هيئتلەرنى 11
دن 15 گه آرتدورغانمش. بوننڭ تش
كيلى قانداق بولادور، هم حكومت بوننڭ
غا قانداق قارايدور؟
جواب حاضر بو خيل تشكيل يوقدور

ئۇيغۇر كتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى www.uyghurkitap.com



# اچکی وتاشقی خبرلەر

## اچکی چین خبرلەری

( کراچی 12 - مای ) شانگخای ... [illegible]فعه قومانداننی مأموری اداره لەرنی ... ی هفتەلیچه باشقا برگه کوچوشکه ... روق بردی • شانگخایدن 55 میل براقلقداکی جاشینگ شهری کومونیست قولیغا توشدی - بوگون آرتوق سوقوش بوقدور • خانکو جبهه سیده سوقوش باشلاندی • و مرکز عسکرلەری جدی مدافعه قیلماقدا •

••+••

## چین سفیرینگ بیاناتی

امریقا داکی چین سفیری دوقتور لیك نونکو ، دین آچیسون بیله ... روشکەندن کیین مخبرلەرگه چین حکومتینگ بویوك اوقیانوس بولیکیگه کریش مقصدی بارلقینی “ بیان قیلدی •

§§§

## اشچیلار راضی قیلندی

(کراچی ۱۲ - مای) کراچیدا ... چیلار ایش حقینی کوپەیتش طلبینی ... وب تونوگون ایش تاشلاغان ایدی • حکومت اولارنگ طلبی بویونچه حل قیلغانلقیدن بوگون ینه ایشقا توشدی.

§§§

## هند و پاکستان ایله جنوبی افریقا مناسبتی

( کراچی 12 - مای ) جنوبی ... یقا نگ هندستان و پاکستان تبعەلاری ... یمان معامیله قیلغانلق حقیدەکی ... ستان دعواسنی سیاسی قومیسیونلقدا مذاکره قیلینب بو مسئلەنی تکشوروش و حل قیلش اوچون بر هیئات قوروشقا قرار بیریلدی • بو هیئت نگ 11 اعضاسی طرفسز لەردن بولدی •

•—•

## دنیا دقتینی جلب اینکەن برلین محاصرەسی یوق ایلدی

هر طرفده صلح امیدی

( کراچی 12 - مای ) بوگون ... لینده محاصره یوق ایتلگەنلیکی او... ان مراسم اجرا قیلینب فرانسیه ، ... لتره و امریقا عسکری والیلاری ... ازگەنەك عسکری و ملکی آدملەردن ... ب کشیلەر قاتناشدی .

... غربی آلمانیا برلشیك دولتنگ قا... ونی آساسینی 3 عسکری والی بو ... ومی مجلس آچیب تدقیق قیلماققا باش... قا ... ی •

(لوندون 12 - مای ) بوگون ... لین نگ شرق و غربی آراسیدا قاتـ... ... ن قورالاری قزغین فعالیتکه کردی. و بیرلینلیکلەر بو محاصرەنگ یوق ایتلگەنلیکی اوچون بایرام قیلماقدا ، و شهر فوق العاده بر منظرەگه کیرمەکده دور • غربی المانیا و شرقی المانیا آراسیدا تمور یول سفرلەری باشلاندی ، شونگدەك بالطبع دگز قرغاق تمور یولی تماما آچیلدی •

( انقره 12 - مای ) بیرلین محاصرەسی یوق ایتیلەدیغان ساعت (12 - مای نگ تار کیچەسی ساعت ۱۲ دین بر دقیقه ) نگ لیدا ایکی طرفنگ چیگارا آلدیدا یوزلەرچه ماشینا دا هر تورلك ییمەك ، ایچمەك ، اوتیاش و باشقا نرسەلەر یوکلەنگەن حالدا کوتمەکده ایدی • مذکور دقیقه کیلگەن زمان مجایب بر شوق ایله بو ماشینالار حرکتکه کلدی • بوگون نرسه باهالاری بیرلینده توشمکده دور •

( انقره ) دنیا غزتەلەری بوگون بو توغ باش مقالەلەرینی بیرلین محاصرەسی نگ یوق ایتلگەنلیکیگه باغیشلاماقدا دور • عمومی جهتدن قاراغاندا بو حادثه دنیا صلحی اوچون بیوك امیدلەر برگەنلیکیگه همەنگ ایشانغانلیقی کورولمکده دور •

×××

## اینדونیزیا ایله هوللاندا اراسیدا بر انگلاشما

( کراچی ۱۲ - مای ) ایندونیزیا حکومتی بلەن هوللاندا وکیللری آراسیدا بر آنگلاشما بولدی • آنگلاشما بویونچه هوللاندا حکومتی ایندونیزیا حکومتینی تونوبیرغان بولدی • و سوڭ توختامنگ مسودەسینی توزوب چقش اوچون ایکی طرفدن هیئتلەر توزولدی •

§§§

## عربلەرنگ قارشیلقی اچیده یهودیلار ملتلەر قورومیغا اعضا قبول قیلندی

( کراچی ۱۲ - مای ) یهودی دولتینی پاکستان و عرب مملیکتلەرینگ قارشیلیقی بولسامو کوپچولوك تاوش بلەن برلشگەن ملتلەر مجلسیگه اعضالیقغا قبول قیلندی •

( شام - ۱۱ - مای ) بوگون برلشگەن ملتلەر مجلیسی یهودی دولتینی اعضالقغا قبول قیلغاندن کیین مخبرلار عرب دولتلەری وکیللەریدن فکر سورادی • مصر وکیلی «کیینچه کورورسیز» دیگەن جوابنی بردی • سوریه ، عراق و لبنان وکیللەری «یهودیلارنگ یته یوز مینگ عرب خانه ویرانلەری اوز یورت و اویلەریگه قایتب خطر جمع یاشاش حقوقی تصدیقلانماسا یهودی دولتینگ مجلسگه اعضا بولغانلقینگ اهمیتی یوق» دیدی •

# اق زامباقلار مملكتيده

## كتابنڭ يازو چيسى

كريگورى پيتروف

گريگورى پيتروف اثر لرى، اـڭ كوب او قولغان مشهور بر روس يـا زو چيسيدور . حاضر غيچه كوب قيسـمى روسچه مسوده لەر دن يـو لوب اوتتوز ايكى گه ياقين اثرى بلغار چه گه ترجمه قيلنغان و بو لار نڭ هرـ برى اوچ، تورت حتى 10،2 قايـــم باسيلغاندور .

پيتروف' ياكيدى يازو يازشقا باشلا غان ياش بر يازو چى ايمەسدور . او' اوز وقتيده ليف تولستوى، وبلاديمير كورو لنكو' آنتون چخوف ' ماكسيم گور كى، ليونيد آندريف بلەن تونوـ شوب دوست بولوشقاندور . باشقا چت مملكتلەر نڭ يازو چيلارى آرا سيدا هم آناتول فرانس، آنتو نيو' فيگا چا رو' كونت خامسين كبى دوستلا رى بار دور' بولار دن باشقا كوبلەگەن آوروپا و آمريكا يازو چيلارى و صنـ عتكار لرى بلەن تونو شوب مكتوبلاـ شيب تورار ايدى .

بك كڭ معلو مات ايگەسى بولغان پيتروف نڭ الڭ بيولۇ مفكورە سى: بر بوزيده ياشا غان بتون انسانلارنى تخيـ ـمو تازه، تخيمو نجيب تخيمو راحت لك' تخيمو سعادتلك [illegible]عياتقا ايريشـ كەن حالدا كوروشدور . بو ذات بولوبـ ـمو فقير لرگه، ييزا لقلارغا و اشچـ ـلارغا اچينار' اولەر نڭ جها لتيدن و بوقسوللقيدن شكا يت أيلەر ايدى .

أمدى' پيتروف نڭ فسقەچه حياـ تيدن بحث قيلايلى:

گريگورى پيتروف 1868 . يلى لينينگراد ولايتى نڭ وامبورك قشلاغيدا توغولغاندور' آتا سى . آنا سى فقير ايدى . آتا سى مخا نه چيلك، تخيمو توغرا ايتساق قاوافدا سافيلق قلار ايـ ـدى. تور موشنڭ بو قاراڭغو شرطله رى اچيده توغو لوب اوسكەن كيچك گريگورى' ياش وقتيدن دنيا حياتيـ ـنى انخيمو يوروق . تيخيمو معنا لـق و تخيمو سعادتلك قيلشنڭ چاره لرينى اويلاشقا باشلاغان ايدى . او هم ليف تولستويغا اوخشاش بر تاياق بلەن تخيمو توق' تخيمو سعا دتلك قلا دور غان يەر يو زينى جنتكه آيلاندورا دور غان بر آساسنى ابز لەر ايدى .

مانا شو سببدن پيتروف گمنا زيـه نڭ يتنجى صنيفنى توگەتكەندن كيين اچيده جنتدن بحث قلينـا دور غـان اليهيات مكتبيگه كردى .

سميناردا (اليهيات مكتبيده) اوقب يانقاندا ' پيتروفنڭ باشيدا شو فكرلار حاتلا نار ايدى:

ـ انسان دنيا نڭ الڭ قيمتلك مخـ لوقيدور . او' خالقت ربانيه نڭ باش تاجيدور . بو دنيادا هرنر سه إنسان او چوندور . دنيا نڭ گوزلليكلەرى و بايـ لقلارى هم انسان اوچـــوندور . علم' فلسفه ' صنعت ، دين همه سى انسان اوچوندور . بولار دن هر بريڭ انسا نيتكه خدمت قليشى لازمدور . اگر علم' فلسفه، دين و صنعت بر يو زيده تخيمو مسعود ، تخيمو يارق و حقيقتەن انسانى حيات حيا تى ياراـ تيشقا و قوروشقا خدمت قلمايدور غان بولسا' هيچ بر قيمت و اهميتله رى يوقدور .

پيتروف باشلانغ راهب صفتى بلەن انسانلەرغه الڭ كوب تاثير يەتكوزه دور غانلقينى اويلا غان ايدى . حقيقتده يرو فيـ ـر و پاپاس بولغان پيتروف هربر اويگه كيره الار . و هر طرفكه باشينى تيقا الار ايدى براق اوزينڭ اصل مقـ صدى بو دنيادا جنتكه اوخشاش بر حيات يارا تيش ايدى' او . حاضر لينـ ـگراد اسمينى الغان بر زمانلار دەكى پيتربورك دا بولغان الڭ عالى عائيله لەر نزديده هم عالى بر اورون تاپقان ايدى' روسيا چارى نڭ سرايغا چه آيـ ـروى تاپقان و گرانيوكلار نڭ تربيه چيسى بولغاندور' بو نڭ بلەن برا بر عالم پاپاسنڭ قلبى ايشچى صنفيغا و فقيرلەر گه تخيمو ياقين ايدى . او :

« توقتور ساغلاملار غا ايمەس ، كيسەللەر گه لازمدور » ! دير ايدى .

همەنى كوپراق' عذاب تارتقو چيلار نى و فقير لەرنى اويلار' نادانلارغا ايشـ ـچيلارغا مخصوص وعظلەر بەرەر ايدى .

1900 ـ يللاريغا ياقين' پيتروف روسيه نڭ الڭ اتلق بلەن اوقولغو چى خلق يازو چيلاريدن برى بولدى' «روسـ ـكوى سلووا» غزته سى بو روتلارد كيچك و آز اوقولغوچى بر غزته بولـ ـغان بولسا' گريگورى پيتروف باش محرر بولوش بلەن «روسكوى سلوـ وا» نڭ تيراژى بر دينلا بش يوز مـ ـغا چقدى . بونڭ بلەن برلكده پيتروف بر دانه وقتلك مجموعه هم نشر قلغان ايدى . بو رساله نڭ مليونلارچه نسخا لرى روسيه نڭ هر طرفيگه تارا تيلار ايدى.

پيتروف نڭ بعضى اثرلرى چينچه و ياپونچەگه بولغان كوبلەگەن چت تيلـ ـلارغا ترجمه قيلندى . پيتروف نڭ بر اثرينڭ انگليزچەگه ترجمه قلمنيشى مناسبتى بلەن انگليز يازوچيلاريدن ويليام وبلينك « روسيه نڭ مسيو نى » آتلق كتابيدا شوندناق دەيدور:

«گريكو رى پيتروف روسلار نڭ الڭ سويملك بر خطب و يازوچيدور . بو ذاتنڭ نطقلارينى هر كون اون مڭ لارچه كشى ايشتەدور . سوز قابليتي نڭ كوچلكدور' اثر لرينڭ اون مليو لارچه نسخەسى روس ملتى آرا سيدا يايلماقدا دور . كتابچيلەر جاوەنلەرده پيتروفنڭ اثرلرينى الڭ يوقاريغا قويادور! ادبى، فلسفى' دينى بيغنلاردا آخرقى سوز پيتروفنڭدور»

پيتروفنڭ بوندناق بيوك شهرت قازانيب كتيشينى او زمانكى كليسه بروـ رانلارى كوره المادى . تور لوك سببلەر بلەن او نـا قارشى چيقشقا باشلادى . شو نڭ اوچون پيتروف 1907 ده قالپا غينى و كييمينى تاشـ ـلاب' روحا نيلقدن اوز گەرەى ملكى كييم كييب ، ادبى و فلسفى فعاليتنى دوام قيلشقا باشلادى.

(دوامى بار) .

عبدالستار، ج .

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

تلده، اشده، فکرده، برلك!
# أرك
مدیرا: عیسی الپ تکین
باش محررا: م. ا. بوغرا

15 مای 1949 ییل
17 رجب 1368

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

275 یکشنبه
آدریس: اورومچی اتفاق التای کوچاسی اوی نومیری 13
تلفون: مدیر اویی و اداره خانه: 26 تلگراف 2222

# اولکه‌مزنك تنجلقی مسئله‌سی

شاد و خاطر جمع بیر حیات، معا
ی، مدنیت، اقتصادی قورولوش ....
کدا ترسه‌له‌رنك همه‌سی تنجلققا باغ
ور. بوگون تنجسزلق محیطی و
شتلك 3ـ عمومی اوروشنك خوفی
ون دنیانی اوراب الغان بیر حالدا
ر. کوبله‌گه‌ن ادمله‌ر شو تنجسزلق دا
ك قربانلاری بولوب جان، مال، عزیز
چاقا و وطنله‌ریدن آیریلماقدا. اگر
ان تاریخیدا مثلی کورولمه‌گه‌ن بوك
ومی حرب باشلانسا، عصرنك فن
و سو استعمال قیلنغان مدنیتنك
صوللری اتوم، زهرلك میکروبلار،
ت، اوچقو، واپور، تانکا توب زه
له‌ر، آفتاملار میلتقلار عموماً ان
یت دوشمانی بولغان بو قوراللاریلا
مز، نه قدر انساننك باشیغا چیقار
ه قدر مدنیت ترقیاتینی خراب ای ـ
...! الله بوتون دنیا انسانلارینی
دهشتلك قورقونوچلق حربدن ساق
یون!

بوگون بین‌المال وضعیتی کون سا
کسکینله‌شیب انسانیتنی بویوك و
ی بیر فلاکتکه سوروکلیمه‌کده‌دور.
اوچوقدن‌اوچوق‌بیوك‌ایکی صمکه آی
ی. هر صف اوزینکنیی حقیقت
ت، باشقاسینکنیی عدالسز و نا
ق دیب دعوا قیلماقدا. بو نقطه‌نی
کده تاریخ البته کورسه‌ته‌ر. بوحة
ز سوز آچمایمز. بو حقده بزنیا
حیاتیمزغا یك زیج علاقه‌سی بولا
ایچکی چین مسئله‌سیگه کلسه‌ك، بو
ی چینده سیاسی و حربی جبهه
اوزگوروشله‌رنی کوره‌مز. چین
عباتی مقدراتی نه اولور؟ اونکا
اریخ نوبتیده جواب بیره‌دور. فقط
همه‌دن کوبردك علاقه‌له‌نه‌دوره‌دور

غان، و بی واسطه‌دن یورتیمزنك، ملتیـ
مزنك خلقیمزنك مقدراتیغا حقیقی منا
سبتی برلغان اولکه‌مزنك تنجلق مسئله
سیدور. اولکه‌مز حاضر اقتصادی و مالی
امینسزلکمزبالغقا سیاسی و حربی جهة
دن ده ‌ك تنجلقدور، امیندور. اوروش او
نی ایچیده حیات کوچوروب، یاتقان بر
دولتنك بر پارچه‌سی بولمش تورکستان
نك بو قدر تنجلق و امینلك توروشی
طبیعی تویغنده‌کی سببله‌ردن خالی اولما
سا کیره‌ك بولار: 1. تورکستاننك جغرا
فی موقعی ـ تورکستان بوگون اوروش
منطقه‌له‌ریدن ییراقدور، هم بو یرده او
روش بولوشنك احتمالی یوقدور. بول
سا هم بك آزدور. 2 ـ تورکستان تنجلقی حکو
مت ایله غولجا مناسبتیگه باغلقدور، او
حقدر هر ایکی طرف تنجلقنی قطعی
لغا سورگه‌ن و بیره‌رته واقعه چیقار
ماسلققا تریشقان حالدادور. 3. اولکه
مزده‌گی هر بیر ملت خلقینك عمومی
روشده یورتنك سلامتلکی و تنجلقینی
جدی ایسته‌گه‌نلکیدور. 4 ـ خوشنامزبول
غان سوویتله‌ر اتفاقینك اولکه‌مز ایچکی
ایشله‌ریگه مداخله قیلماسلقی، اونك او
تیگه اولکه‌مز بله‌ن اقتصادی و تجاری
مناسبت باغلاشقا کیریشکه‌نلکیدور. 5.
تورکستان تنجلقینك تمامی بولغان 11
ماده‌لق بیتم و سیاسی ایشله‌رنی عملگه
آشوروش قراللانماسینك کوچکه ایگه ای
که‌نلکیدور. شونك اوچون اولکه‌مز بو
گونکی کونده تنجلق بیر محیط ایچیده
خلقیمز هم خاطر جمع بیر حیات کیچور
مکده. امدی بو مرکب بین‌المال و دا
خلی وضعیتی قارشیسیدا اولکه‌مز تنج
لقینك تمامی تخیمو چیکیتیب، خاطر
جمع بیر حیات کیچیرمه‌ك اوچون البته
اونك یولله‌رینی و توغری چاره‌له‌رینی
ایزده‌مه‌ك، خلقنك ایسته‌گینی حل قیلماق

ماتلر آرا بیرلك اتفاقنی چیکنماق لا
زمدور. موندن باشقا تورکستان تنجلقیـ
نك تماچیسی حسابلانغان جنرال جاك
جژ جوك افندینك تیزلکده اولکه‌مزگه
قایتیب اوز وظیفه‌سی اوستیده توروب،
تماینی قورغان تنجلقنی تخیمو چیکیتیـ
مش و 11 بیتم هم سیاسی ایشله‌رنی
عملگه آشوروش قوللانماسینی حقیقی
روحیله عملگه آشورماقی کیره‌کدور. او
نك اوچون نشریاتیمزنك سابق مدیری
عیسی بك آلپ تکین 13ـ مای کونی
برهان افندم محمد امین حضرتم، لیو
موك چوك افندیله‌رنك خه‌نسو و تونـ
گان اویوشماری قورولتای وکیللریگه
برمش ضیافتیده شو تکلیفده بولونمش
دور: «جنرال جاك جژ جوك افندی تور
کستان تنجلقینك تماچیسیدور، او کشی
اوزوندن بیری خدمتینك اغیرلقیدن
اولکه‌مزگه چیقا المادی. چیقامن دیب
تورغنیدا، داخل وضعیتی آغیرلاشیب
حکومت اونی بو دفعه‌ده‌کی مصالحه هیـ
ئتی‌نك باش وکیلی قیلیب تعیین ایتدی،
بو همه‌له‌رینك معلومیدور. بو یاقیندا
الغان و آلاغان خبرله‌رگه کوره، جاك
جژ جوك افندی پیکینده قالدیریلیبدور
اونك اوچون بز تورکستانده‌کی بارلق
ملت خلقله‌ری بو حقده 3 تیلغراف چکـ
سه‌ك بیری جاك جژ جوك افندیگه بیـ
رینی جاك جژ جوك افندینی قایتاریب
ایبه‌ریش حقیده چین کومونست پارتیا
سینك ایه‌رله‌ریگه بیرینی جاك جژ
جوك افندینك قایتیشی حقیده چاره کو
روب بیریش اوچون مرکزی حکومتکه
بو فکرنی اورتاغا تاشلاق. اگر قبول
کوروله هر قایسیله‌رینك نظرتینی ایسـ
ته‌یمن» دیمشدور.

بو وقتده بوتون سالونده‌کی ضیا
فت اهلله‌ری بو فکرنی گولدوره‌گه‌ن

دوامی ایکنجی بتده

# اچكى وتاشقى خبرلەر

## مركز عسكرلەرى شدتلك مدافعەدە

انقرە ( 13ـ ماى ) كوموونستلەر نانچاڭ ( جياڭ شى اولكە مركزى) نى اشغال قلدى. شاڭخاى نيڭ سيرت مدافعە خطلريگە كوموونستلەر هجومغە باشلادى. مركز عسكرلەرى شدت ايلە مدافعە قلماقدادور..

لوندون (13ـ ماى ) كو موونستلەر شاڭخاى نيڭ شمالى غربيدەكى 16 كيلومتر اوزاقدەكى و جنوبيدا 35 كيلو متر اوزاقدەكى سيرت مدافعە خطلەريگە هجوم قلماقدا دور. ياڭى خبرگە كورە جنوب جبهەسيدە مركز عسكرلەرى كوموونستلەرنى آرقاغا قايتاردى.

***

## لى زوڭ رين جاڭ كەيشى نڭ كانتونغا كليشينى استەدى

( 13- ماى كانتون ) رئيس جمهور لى زوڭ رين تونو گون فرقە ميدا نيدا توروب » جاڭ كەيشى نڭ كانتونغا كيلب فرقە اشلريگە رهبر لك قليشينى استەيمەن « ديگەن.

( 13ـ ماى كانتون ) بەى زوڭشى تونو گون كانتوندا لى زوڭ ريننى ضيارت قلغاندن صوڭ مخصوص آيروپلاندا اولتوروب اوز جايغا قايتقان.

***

## مركزى حكومت بر مليارد امريكا دوللارى قرض الماق بولغان

( ١٥ - ماى كانتون ) چين قانون پالاتاسى حاضرقى اچكى وضعيتدن قوتولمق اوچون سوڭ زى وين ، كوڭ شاڭشى باشلق 3 كشيدن بر مليارد آمريقا دوللارى قرض پول آلماق بولغان. بو پولنڭ نسپى حربى اشلەر لە قالغان نسپى ماليە اشلريگە صرف ايتلسە كيرڭ. يانا شونكدەڭ مذ كور پالاتا حكومتنڭ كاممونيستلەر ايلە بولغان سوقوشينى دواملق اليب باريش ديگەن قارارينى قبول قلغان.

*

## گو وى جون ايلە ايدسون

( 13 - ماى واشينغتون ) واشينغتوندا تورغوچى چين سفيرى گو وى جون تونو گون ايدسون ايلە كوروشوب، آمريكا نڭ چين مركزى حكومتيگە جدى و فعال يار دم اتمەگينى اوتونگەن. هر ايكيسى ، او توغ اوكيان معاهدەسى تو زوشنى تشبث قلغان.

---

## توركيه باش وكيلينڭ تدقيقى

انقرە ( 13 ـ ماى ) توركيە باش وزيرى شمس الدين گون آلتاى استانبولدا معارف واجتماعيات موسسەلەرى نيڭ صنعتلەرينى تدقيق اتمكدەدور.

---

( باشى برنچى بتدە )

هەممزگە معلومكى تار يخدە شخصلەر نڭ رولى بك مهمدور. شو نقطەدن توركستانيمزنڭ بوگونكى بو مركب تنچلقى شرا ئطيدە جنرال جاڭ جڭ جوڭنڭ اولكە مزدە بولوب بريشى اولكە مزنڭ تنچلقى ارچون، 11 مادەلك وسياسى اشلەرنى عملگە قويوش قوللانماسينڭ اجراسى اوچون زور بر كفا لت و قناعت بولور ايدى. الله آخريدا ايزيلشدن بو رەڭ باغرى قان بولغان، تنچسز لقنى هيچ بر كو تو رە لمايديغان اولكە مز نڭ اميدلكينى، خلقيمز نڭ سلامت خاطر جمع حياتينى جناب حقدن يالباروب سورايمز.

# سوريەسابق رئيس جمهورى اغير يارالاندى

انقرە ( 13 ـ ماى ) سوريە سابق جمهور رئيسى شكرى القوتلى نيڭ اويگە بر توپ آدملەر باسيب كريب اونى قاتتيق اورغانليقدن اولوش حاليدا دور . بو سببدن بير نچەشهر لەردە حسنى زعيم گە قار شى عصيانلار چقدى.

§ × §

## قسقا خبر لەر

••• هندستان رهبرى نهرو حاضر اولوغ اوكيان معاهدەسى تو زوش او چون هيچ آساس يوق دەب ايتقان.

••• خانكودا تورغان چت دولت كونسـرلـك خانە لرى كونسول خانەسينى باشقا جايغا يوتكومەى شول جايدا همان توروشقا قرار بەرگەنمش.

••• شمالى قوريەدە يەر اصلاحاتى حقندە علاميدە نظامنامەلەر تو زولگەن.

••• آننامدا كى فرانسوز عسكرلرى اوز دو لتيدن يار دم سـوراغان.

§ • §

## تو غوت ايشلە ريگە دائر

شەرىمزدە عصرى اصولغا سويونمەگەن توغوت اويى موجود بولسامو ، باطل اعتقاد و خرافى توشەنچەلەرگە چرمالغان بعضى نادان آتا و آنالار، توغوت ايشلەريدە جاهللق قيلماقدا و اولوم يتيم ايشلەريگە سبب بولماقدادى. سوڭ خبرلەرگە كورە ، شو خرافى توشەنچەلەر بوزەسيدن توغوت اثناسيدا اولوم بوسوغاسيغا يتيب بارغان و نهايت چار بچار عصرى اصولغا مراجعت قيلشقا مجبور بولغان بير غير اتاق خاتون توغوت اويگە آليب كيلگەن، أبى (آكوشيركا) لارنڭ ياردمى بلەن هم توغقان آنا هم توغولغان بالا سلامت قالغاندور.

## بيرلين محاصره سىدىن كيين

لوندون ( 13 - ماى ) بيرلين محاصرەسى يوق ايتلگەندىن كيين شرق غربكه و غربدىن شرققه اوتكەنلەر تكشوروب اوتكوزولمكده و بيرطرف ماركا ( آلمان پولى ) سىنى بنابر خرجلەش ايشلاريده قيينلقلار اوتكوزولمكده دور . هوا قاتناش ايشلارى تيخى دوام اتمكده دور .

انقره ( 13 - ماى ) 3 عسكرى والى توتوگون فرانكفورتدا آچقان مجلسلەريده غربى آلمانيا دولتى اوچون بولغان كونفرانسى نىڭ اساسى قانون لايحەسىنى تصديقلادى .

+×(*)×+

## مستملكه لەر مسئلەسى

پاكستان وكيلى مهم بر تكليفده بولودى

شام ( 13 - ماى ) بيرلشكەن ملتلەر سياسى قوميسيونى دا سابق ايتاليا مستمليكه لەرى حقيده مذاكره بولدى . طرابلس نى ايتالياگه بيريشكه اسلام مملكتلەر وكيللەرى قارشى توردى . ليبيا خلق وكيلى انگلتره بله علاقه نى اوزوشكه قرار بيرگەنلىكىنى و ليبيا خلقينىڭ انگليزگه قارشى اوچوق حركتكه باشلاشقا حاضر بولغانلىقينى « سوزلەدى . پاكستان وكيلى مصر ، پاكستان ، سوريه ، عراق ، انگلتره ، فرانسيا ، سعودى عربستان دين مركب بير قوميسيون تشكيل قيلپ ليبيا و طرابلس مسئلەسىنى تدقيق قلماق تكليفىنى بيردى .

## امريكا اعيان مجلسيده

انقره ( 13 - ماى ) آمريكا اعيان مجلسيده آتلانتيك معاهدەسى حقيدەتارتشمالار دوام اتمكده . كوبلەگەن ييرلك تشكيلاتلار وكيللەرى قارشىلىق بيله وردى

§×§

## پاريس كونفرانسى

مذاكره قيلينا دور غان مسئله لەر بك مهم

انقره ( 13 - ماى ) 23 نچى مايدا پاريسدا توپلانماقچى بولغان تورت لەر كونفرانسى توپلانشدن بوروون بير خارجيه وزير حاضرلق مذاكرەسى قلماقچى دور و بونكدين بوروون اوج غرب دولتلەرينىڭ آلمانيا متخصصلەرى مجلس آچيپ بعضى مهم مسئله لەر اوچون لايحه حاضرلاماقچى ايمش . بو متخصصلەر آرنه پارسدا توپلانار ايمش .

شام ( ١٣ - ماى ) پاريس كونفرانسيدا مذاكره بولادورغان مسئله لەرنىڭ اڭ مهيمى آلمانيا دن متفق لەرنىڭ عسكرلەرينىڭ قايتپ چيقش مسئله سيدور . آمريقا و فرانسيا خارجيه وزارت سوزچيلەرى عسكرلەرنى قايتوروب اليب چيقش تكليفىگه قارشىلىق كورسەتىشنى سوزلەدى .

§§÷§§

## انگليه اطلانتك اوكيان معاهدەسينى تصديقلادى

( 13 - ماى لوندون ) انگليه عوام پالاناسى آطلانتك اوكيان معاهدەسينى تصديقلاغان . انگليه خارجى وزيرى بيوين — . سەويت نىڭ تجاوز چيلق سياستىنى اگر موشوندااق بر معاهده ايله چەكليمەگەن تقديرده او مقرەر سوقوشقا اليب بارور ايدى . بيرلين نىڭ محاصره دن آزاد قلنغانلىقى ، غرب ايله شرق اوروپا سىداكى مجادلەنى حل قيلشقا امكانيت توغدوروب بەردى . چير چيل بو حقده بيوينغا آگاهلاندوروب « بونكدين او قدر اميد لەنمەسلك لازم » ديگەن . آمريقا بو آطلانتيك معاهده سيگه اساسلانغان حربى قورال ايشلەپ چقيريشنى كوپەيتمەكچيمش .

§§§

## نهروغا تورومانىڭ بو دعوتى

يڭى دهلى ( 13 - ماى ) ترومان اوتكەن يىل نهرونى آمريقاغا دعوت قلغان بولسادو لوچاغدا بارالماغان ايدى . ينه ياڭيدن دعوت قلغانلقيدن بو ييل اوكتبر آييدا بارماقچى بولدى .

( 13 - ماى واشينگتون ) هندستان رهبرى نهرو آمريقا حكومتينىڭ تكليفيگه بنا" 10 نچى آى اچيده آمريقاغا سياحتكه بارمق بولغان .

§§§

## هندستان امريقا دن ياردم سوراغان

( 13 - ماى يڭى دهلى ) هندستان حكومتى اوزينىڭ آمريقاداكى سفيرى آرقلى آمريقا حكومتيدن ياردم سوراغان و هندستان نىڭ آمريقا ايله برلەشيب ايشلەشىنىڭ ضرور لكينى بلدورگەن .

§×§

## لوزان كونفرانسيدا

لوزان كونفرانسيدا سوريه و يهوديلار آراسيدا سوريه عسكرلەرينىڭ اشغال منطقەلەرينى بوشلاش و يهودى عسكرلەرينىڭ بوشاتشقا قرار بولغان يرلەرنى بوشاتيشدا يهوديلار متاركه قرارىغا موافق حركت قيلشدا حيله ايشلەتكەنلىكى اوچون قلاق قاريچو قارشيلق چيقدى . بونىڭ بلەن بير موفقيتسزلكنىڭ احتمالى بلدورور .

# اق زامباقلار مملكتيده

## كتابنىڭ يازوچيسى

گريگورى پيتروف

( باشى اوتكەن سانلاردا )

„نوووى ۋرەمىيا“ نىڭ اڭ مشهور محررلەريدن منشيكوف، گريگورى پتروفنىڭ هركون دريبلەرينى و توررلك يرلەرده‌كى صحبتلەرينى تاشلامايين بوندەلك كوب مقاله يازيشقا قانداق وقت تاپادورغانلقيغا حيران بولار ايدى. منشيكوف پتروفنىڭ او كونلەرده هركون ايكى مىڭ متبوع قورلوق مقاله يازغانلقينى حسابلاغان ايدى.

پتروف بولشيوىك انقلابيدن كيين روسيەدن آيرلشقا مجبور بولدى. قريمدن استانبولغا كيلب حياتينى قوتقوزوب قالدى. باشقا روس مهاجرلارى بلەن بيرلكده استانبول يانيداكى بشيل كويده يوقسوللوق تارتدى. كينچه بولارنى تربستەگه كوچوروب كيتب كيتدى بو يرده اونى صرب موزلەرى اونى توتوب يادەگه تحويل سونوشدى. پتروفنى يوقسوللوقدين قوتقازدى. صرب حكومتى اونى بلگراد دارالفنونيغا پروفسور تعيين قيلدى، دولت تيمور يولى‌دا خواهلاغان يرلەرينه سياحت قيلش اوچون قوليغا بير گواهنامه بردى. بو سايەده پتروف يوگوسلاويەنىڭ توررلك يرلەريگه باريب كشيلكنىڭ جرئت و مدنيتينى، حرمت و قرداشلق موضوعلارى اوپ، چورەسيده كونفرانسلار بريش فرصتيگه نائل بولدى.

پتروف آز زمان ايچيده صرب تيلينى اوزينىڭ آنا تيليدك اوركەنيب چيقدى. ايكى - اوچ ييل ايچيده كوبراق اوت عراباسى بلەن، بعضده اوتوموبيل بلەن، بعضەن عرابا بلەن لازم، كلگەنده ياياق يوروب، يوگوسلاويەنىڭ بوتون قيشلاقلارينى كوردى. بارغانلا يرده تيز غين كونفرانسلار بردى. تيڭلاغوچيلار آراسيدا رهبر و اورتيغا قاراب دارالفنون اوقوغوچيلارى، پروفسورلارى، عسكرلەر، ظابطلار، بيزالقلار، خوستيانلار و مسلمانلار بولار ايدى.

صرب حكومتى اونا قارشى ياخشى معامله قيلدى. قولدن كلگەن ياردمنى قيلشدن يالتايمادى. بولوبمو منستر

ارادە ئوچ ياشاق صرب حكومتينىڭ يار دملەرى سايەسيده گريگورى پتروف اوچ ييل ايچيده يوگوسلاويەده ميڭ بش يوز كونفرانس بريشكه موفق بولدى، دارالفنوندا برگەن درسلەرى، قيلغان صحبتلەرى بونىڭ سرتيدادور.

گريگورى پتروفنىڭ بولغارچه ترجمه قيلنب باسيلغان اثرلەرى اوتوز ايكيگه يتەدور، بولاردن هر بيرى بير قانچه قاتيم باسيلغاندور. پتروفنىڭ بولغارچه باسيلغان اثرلەرى شولاردور.

### 1 - صنعت و حيات.

علم و صنعت جهتيدن پتروفنىڭ اڭ مهم اثريدور. بو كتابدا توررلك ملتلەرنىڭ و بوتون كشيلكنىڭ تدريجدن قانداق اوسوب يتشكەنلكى و بو جريانيدا انسان روحينىڭ قانداق تشويقلەرگه لايق بولغانلقى و ناكه قانداق توصقونلوقلارغا اوچراغانلقى و بولاردن هر بيرينىڭ او دورلەرده ياشاغان بيوك صنعتكارلار، هيكلتراشلار و معمارلارغا قانداق تاثيرلەر برگەنلكى، سايلانغان مثاللار و نمونەلەر بلەن كورسەتيلگەندور.

### 2 - آق زامباقلار مملكتيده

بولغارستاندا 8 قاتيم، توركيەده ارتاسو - ايكى - اوچ قاتيم باسيلغاندور.

### 3 - حياتنىڭ معناسى و قيمتى

پتروف حيات حقيدەكى توشەنچەلەرينى بو كتابدا اڭ گوزل بيرصورتده تصويرلەگەندور. بو كتاب عمومى حياتنىڭ و بير عائله حياتينىڭ بير قصيدەسيدور.

### 4 - پاوول برسيه

### 5 - سارالڭ پروفسور

„مفكورەچى معلم“ عنوانى بلەن توركيەده على هيدر افندى طرفيدن ترجمه قيلنب باسيلغاندور. „دلقين فرزندى“ بو قيمتلك اثرنى پارچه لاب باسيسقا كير شكەن بولسا هم قاپ تيلشى منا سبتى بلەن موفق بولا المادى.

### 6 - بولشيويزمنىڭ پيغمبرى

روس ياروچيلاريدن دوستوويسكينىڭ اثرلەريگه دائردور.

### 7 - بويوك آدملەر

### 8 - امگەك فلسفەسى

امريقاداكى هانرى فوردنىڭ صنايع و تجارت حياتيدا موفق بولغانلقينى ايضاح قيلغوچى قيمتلك بير اثردور.

### 9 - خاتونلوق مسئلەسى

### 10 - بولغار ياشلاريغا

پتروفنىڭ بولغار ياشلاريغا قيلغان يالقينلق بير خطابيدور.

### 11 - داهيانه بير رومان

مشهور ليف تولستوينىڭ حياتيدن بحث قيلادور.

### 12 - سوقرات و بز

منارخيزم، ديموكراتيزم و سوسياليزمدن و ياشلارنىڭ تربيەسيدن بحث قيلادور.

### 13 - قارا موسى

زنجيلەرنى اسارتدن قوتقارغان واشينغتوننىڭ حيات و فعاليتيدن بحث قيلادور.

### 14 - انساننىڭ ماهيتى

پتروف بو اثرده: انسان گوشتدن عبارت بير معلوممو، يا بولماسا، بير قانچه عالى و اصل وظيفەلەرنى بيجرگوچى معنوى شخصيتمودور؟ مسئلەسينى مناقشه قيلادور.

### 15 - روسيه و بولغاريه

يازوچى بو كتابنىڭ برنچى بابيدا روسيەنىڭ باشيغه كلگەن فلاكتنى، يەنه بير بابيدا بولغارستاننىڭ قانداق قيلب بيوك بير دولت بولالايدور غانلقيدن بحث قيلادور. كتابنىڭ اوچنچى بابى بولسا، مخصوص صورتده ياشلارنىڭ بيزا خلقى اوچون يازيلغاندور.

### 16 - دين و حيات

انساننىڭ و ملتنىڭ شخصى و اجتماعى حياتلارى بلەن مناسبتدار بير صورتده يازيلغان بير دين فلسفەسيدور.

### 17 - ماكسيم گوركى

پتروف بو رسالەده گوركينىڭ بعضى اثرلەرينى تحليل قيلادور.

### 18 - سياست و دين

سياست بلەن دينىڭ مناسبتلەريدن بحث قيلغوچى كيچيك بير رسالەدور.

### 19 - انجيل و حيات

پتروف بو اثرده انجيلنىڭ و خرستيانلقنىڭ يوكسك فلسفەسينى قيلادور و انجيلنىڭ بير حيات رهبرى، حيات اوچون بير درس كتابى ايكەنلكينى انگلاتلاشقا ترلشەدور.

### 20 - مكتب و حيات

پتروف كوبلەگەن كتابلاريدا بالالارنىڭ و ياشلارنىڭ تربيەسيدن بحث قيلادور. بو اثرنى بولسا، مخصوص تربيه و تدريس مسئلەلەرى اوچون يازغاندور. بالالار اتا - انالارى، معلملەرى تربيەچيلەرى اوچون قيمتلك بير كتابدور. كتاب شولارنى اوز ايچيگه الادور: 1 - مكتبده اوقيلەچى درسلەر و معلمنىڭ وظيفەسى 2 - مكتبنىڭ برگەن يميشلەرى 3 - عائله و مكتب 4 - مكتبنىڭ وظيفەسى و حياتنىڭ معناسى 5 - حاضرقى مدنيت و مكتب 6 - خاتونلار معارفينىڭ اهميتى 7 - قهرمانلق و مكتب (مكتب يگيت لەرگه قانداق قهرمانلق اوركەتيشى لازم؟) 8 - امريكا مكتبى

### 21 - اللهنىڭ ايشچيلارى

### 22 - شرقدن الهاملار.

### 23 - صنعتكار انريكو.

### 24 - هوراك مان

### 25 - سوقوش و تنجاق

### 26 - شهرلەر و انسانلار

بو اثرده يازوچى اوروپانىڭ توررلك مملكتلەريده و بولوبمو اسكانديناويا، المانيه، ايتاليه، هوللاندا، مجارستان، يوگوسلاويا، بولغارستاندا سياحت قيلغاندا العان تاثيرلەرنى اوزيگه خاص بولغان اسلوبى بلەن تصوير قيلادور.

### 27 - اونتولغان قربانلار

### 28 - اسغرى اخلاق

### 29 - انسان ايزلەرينىڭ آرتيدا

### 30 - ايشچيلار اوچون

### 31 - روح اعمالانخانەلەرى

### 32 - اديان و حيات

بولغار يازوچيلاريدن بالتاچييف پتروفنىڭ بولغارچه باسيلغان اثرلەرى حقيده بير مجموعەده شونداق دەيدور:

عبدالستار چ.

( دوامى بار )

www.uyghurkitap.com

نلمده ، اشده ، فكرده ، برلك !

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

# ألك

مديرى : عيسى الپ تكين
باش محرر : م . ا . بوغرا

عرقيمز توركدور
دينيمز اسلامدور
يورتيمز توركستاندور

20 رجب ١٣٦٨

18 ماي

277 چهارشنبه آدريس: اورومچى ياڭفاڭ التاى كوچاسى اوى نومرى 13
تلفون : مدير اويى و اداره خانه: 26 تلگراف 2222

## بيرلك يقيلماس و يوقالماس بويوك بير كوچدور

توركك بويوكلەريدن بولغان و دنيا
نى تتره تكەن چنگزخان اوزينڭ آخرقى
عمريده بالالارينى يىغيب قوللاريغا بير
تالدن چيويق بيريب، سندوروگلار دي
گەن. بالالارى چيويقنى آسانلا سندو
روب تاشلاغانلەر. كيين چنگزخان بير
كوب چيويقلارنى توپلاب بوغوب بالالا
ريغا بەرگەن، اولارنڭ بيرسيمو ميلقى
بوغولغان چيويقنى سندورالماغانلەر. آن
دن سوڭ چنگزخان بالالاريغا قاراب:
«كوروگلەر مانا بو بير تال چيويقنى
آسانلا سندوروب تاشلاديگلار، اما بو
بير كوب چيويقلاردن يغشتوروب بو
غولغان چيويقلارنى هيچ بير سيگەمو
سندورا آلماديگلار. بونگدن نيمە معنا
آڭلايسزلەر؟ او طبيعى شوندن عبارت
كە مندن كيين اگر سزلەر آراگزلار بو
زولوب، بيرلكلەريڭ پرشان بولوب آي
ريلب كتسەگزلەر، انە شو بير تال چي
ويقنى سندورغاندەك دوشمەن سزلەرنى
كورونگەن و اوچراغان يردە سندوروب
و يوقاتيب تاشلايدور. امدى شو بو
غولغان چيويقلارغا اوخشاش بيرلكلە
ريڭ محكم آراگزلار اتفاق بولسا اوز
لەريگز هر دائم بير بيريگزگە يارديملە
شيب همكارلقدا ايش قيلساگز، بير ا
ريگزگە بولەك بولساگزلار، سزلەر او
بوغقان چيويقلارنى سندورا المغاندەك
سزلەرنيمو هر قانداق دوشمەن سندو
را المايدور و يوقوتا المايدور. بوگون
كى تورك خاقانلقى و شان شەوكتى دن
ياده يوقالمايدور ابدى ياشايدور. تورك
خلقى هم دنيادەكى موقعيتنى ساقلايدور
اوز بارلقى و آتى هيچ وقت اوچمەي
دور» ديگەن.

حقيقتدەمو چنگزخان اولوب مملكت
ادارەسينى اوز بالالاريغا تاپشورغاچ يە
نە اوزون ييللار كوب عصرلەر پادشادى،
پاشاديلا ايمەس ملكە اوسدى يەنە كيە
گەيدى اوزيدن كيينمو 5 ـ 6 عصر
چاماسى دوام قيلدى. فقط كيينكى 2ـ
3 عصردەلا چنگزنڭ وصيتى تورك آي
مالارى اورتاسيدن كوتەريلب، اونتو
لوب ديگەندەك تارقاقلق و مغلوبيتلك
حاللار يوز بردى.

بوگون دنيا دولتلەرينڭ هەمەسى اوز
دولت موقعلەرى، اوز ملت ميدانلارى
ايلە بيرلك دێمەكدە بيرلكنى تشبث قيل
ماقداه بيرلككە موفق برلا آلغانلارى
تنچ خاطر جمع ياشاماقدا، دولتينى ترقى
تاپدورماقدا، ملتينى اوستورمەكدە. بير
لككە موفق بولا لماغانلارى قالايماقان
چيلق، خاطر جمسزلك ايلە ويرانچي
اق تورموشيني اوتكوزمەكدە. جماهير
چين دولتى اوزون ييللاردن بيرى بير
لك، بيرلك دب كلسەمو، مفكوره وايد
يە جهتلەريدن بيرلككە كيلە لماى 2
پارتيە اورتاسيدەكى بوگونكى خاطر جە
مسزلك يوز بەرمەكدەدور.

يورتيمز چيننڭ بير اولكەسى: تورك
خلقينڭ اويوشقان توركستاننڭ شرقيدە
جايلاشيب، تاريخدە شرقى توركستان نا
مى ايلە اتاليب كلگەن ييريدور. گرچە
چيننڭ بوگونكى وضعيتيدە سوقوب تور
غان شامالالار آرـ تولا دارلماى قالماس
ديسەكمو، اوز موقعمزنى آليب ايتقاند
ا، دنيا دولتلەرى، دنيا ملتلەرى ايستە
گەندەك بزگەمو بيرلك نهايت كيرەكدور.

بز او مستحكم بيرلكنى قانداق
اورناتامز، توروليدورغان و بوزالماي
دورغان بيرلككە قانداق يتەمز؟ بونڭ
اوچون طبيعى بزدە موافق بير ايديە
نڭ چيقش نقطەسى بولوش كيردك. بز
نڭ او ايديەمز (مفكورەمز) يورتنڭ،
خلقنڭ، ملتنڭ استقباليغا قارانيلغان، او
نڭدن پارلاق بير استقبال منظرەلەرى
كورونگەن بولوش كيرەك. شونگدن بز
نڭ ايديەمز، اوز يورتيمز، اوز ملتيمز
موقعيدە توروب اوز تمانيمزدن بلگو
لەنگەن بولسون، دنيادا ايديە كوب. مس
لەك كوب، بز شو ايديە، مفكوره، مس
لەكلەرگە ارگەشكەنيمزدە، او بز اوچون
اويغونمو البتە تحليليمزدن تاشلانماس-
لق كيرەك. همدە چوڭقور محاكمەمزدن
اوتوش كيرەك. شونگدەك مفكوره و اي
ديە ايگەسى اوزيمز بولوش كيرەك. ما
نا شونداق بير چيقش نقطەسى بولغان
دا، بزدە مستحكم و بوزولمايدورغان
هم بوزالمايدورغان بيرلك بولادور. بو
وقتدە چنگزخاننڭ مثال كلتوركەن بير
باغلام چيويقى حاصل بولوب، بزنڭ بير
لكيمزنى هيچ كيم سندورا آلمايدور،
بزنڭ بارلقيمزنى هيچ كيم يوقوتا آلما
يدور.

تأسفكە بزدە سياسى وضعيتلەرگە
قاراب يورولوش، شرائطگە قاراب اوز
گريش كيفيتلارى يوق ايمەس، بوند
اق حاللەر بولسامو بولسون، ليكن
اساسى ايدياوى نقطەمزدە يورولوش يا
سايالمايدورغان بولسون، اولار زمان
آفيتى ايلە اساسى ايدياوى نقطەمزدن
نشان قيلغان هم اونگغا تعريض يتكوز
مەيدورغان بيرلكيمزنى بوزالمايدورغان
بولسون. همدە وقتنق موقع و حضور
لكلەر ايلە آلماشماسون. بو نرسەلەر
بويوكلەريمزنڭ، منور كيشيلەريمزنڭ ضيا
ليلاريمزنڭ ديماغلاريدن چيقماسا كير-
ەك. همدە چيقمايدور دب گمان قيلا
مز. بز بو بابدا هەمەنڭ مستحكم بير
بيرلككە كيليشينى تيلەيمز هم
شونگغا دعوت قيلا
مز .

# اولكه و شهر خبرلەری

(چینی توركستان اخبارلری و اوزەل مخاربمزدن)

## كورلادا ١٧ - مرنەك

.درنەكنن ناتلق بیشلر آلیب كەلـ
گەن كولا باشلری بهار نینك كلیشی
ايله تخیمن قو وانیب درنەك بغیلیشـ
نی باغدا اوز دوروشقا قرار بەرگەن
ایدیلەر. 1 - مای كونی بتون باشلار
آلسانچی منور لەر هوا نینك تاچار لقی
غا قارا ماسدن شهر دن 10 یول یرانـ
لقدا بولغان سابیاع عبدالحق احمدی
باغـیـغا قـا راب آقـماقدا ایدی .
ساعت 10 ده حاضملا ریمز باشلق 80
دن آرتوق كشی نینك اشترا كیله بیلم
درنه كیمز نینك 10 - هفتەلك ییغیـنی
آچالدی. محمد اسماعیل: «سیا رەلەر
حقیده عمومی معلومات» قو نوسی
آستنده بر كونفرانس بیریب اوتدی.

ادبیات بابیغا كوچكەنده شاعر دولا
نی : « دور الوامی » ع . دیـلشـاد :
« قل حقنده » ، « ینه بر نا پشماقـقا
جواب » دیگەن شعرلەرنی اوقـوب
اوتدی. صوكره یكی و كهنه سازەنده
لەریمز نینك یاقملق چالغو وازی ناخـ
شا كوییلەری، دولقونلوق كەلگ دریا بو
یپده كی گوزل بوستان نینك لرزان شا
مالەری ایله بتون اطرافنی یاگراتدی ؛
اوصوللار تمثیل قیلندی.

آخرده ئلگو سی درنەك توغرو سیـ
دا بر قانچه قرار لەر آلنب ضیافتدن
كیین كوكلی تارقالشدی.

لینك .

## تونوگونكی اوچقودا معاون جانگوەن تاو-سی-یو افندی كلدی

( ١٧- مای شهر خبری ) غربی
شیمال حربی و معموری باش اشـ
تاب نینك معاون باشلیقی تاو - سی - یو
افندی اوچاق ایله: بوگون ساعت بریا
رم منگلیده سلامت شهریمزگه توشـ
دی. شهریمزدەكی حربی و مامـو ری

اداره باشلقلری توزغون ساندا تیاره مید
دانیغا چیقب قزغین قارشی آلدی .
بتون شهر تاوفو جانگوەن جنابله
رینك سلامت كلگەنلكینی صمیمیت ایله
قارشیلاماق اوزره تەخیل خبر، تەخیل
بكیلقلەرنینك كیلب چقیشینی كوتمكده .

°) § (°

## اولكولوك تونگان اویوشما سینك سايلامی

قـو رولتای یـاپلغانـدن كیـین
مركزی تونگان اویوشماسینك اجرا ئی
مفتش هیئت لرینك سایلامی 14نچـی
مای كیچ ساعت توزتلەر بلەن آچلغان.
سایلام نتیجەسیده اجرائی هیئت 32،

تفتش هیئت 10 كشی بولوب، بو نینك
اچیدن اویوشما رئیسلیكیگه 48 بیلەن
بلەن ماگوبی افندی، معاون رئیسلكیگه
46 بیلەن بلەن مالوپلك افندیلەر سایـ
لانغان.

+×(°)×+

## جیمسار مونغوللارینك تیله گی

جیمساردا كی مونغول قیریندا شلەریـ
مز شهریمزگه اون بر مەثل ایبەرگەن.
مخبریمزغا ایتشلەریچه: بو قانیەـ
نی سفریدن مقصد جیمسار مونغوللاـ

رینك ایكی تورلوك تیلەگینی، اولكه لك
حكومتكه بوللاشدن عبارتدور. بو نینك
بری بالار مسئله سی ، ینه بـــری
ساغلق اشله ریگه دائیر دور.

## ایكی اویوشما وكیلله ریگه ضیافت بریلگەن

16 - مای كیچ ساعت 6 ده شهر
لك هرار ادارەلەر برلیشب خطای-تونـ
گان اویوشمالەرینك قورولتای وكیللەریـ
نی قارشیلاماق منا سبیتی ایله غرابـ
زالدا چونگ بر ضیافت بردی .

17 - مای كیچ ساعت 6 بلەن مرـ
كزی اویغور اویوشما سی اوزینك یاز
لق باغچەسیده چونگ بر ضیافت حاضر
لاب ، ایكی اویوشما قورولتای وكیللەـ
رینی قارشیلادی. ضیافت نهایتی مولـ
باغچەنینك هوا سی-عادتین آرتوق مصفا.
كیچك باغچەنینك یشل یافراقلەرینی
شیلدیرلیتب اوینانماق اقتداریدانی یوـ
شاق شمال - باغچه بوستانینك اطرافیـ
گه اوراغلق « قورولتای وكیلله ریـنی
قارشی آلامز » شعار لـەری یـازیلغان
خوش خطلك لوزونكا لەرینی اورگەشـ
لیتەر، و زینت گیلەملەرنی سو بەر ایـ
دی. 200 دن آرتوق اشتراكچی میهـ
مانلەر بو منظره ده حضورلانب، دیماغ
لەری آچیلب اولتوروشقانیدا طعاملەر -
قاتار - قاتار و آرقیمو - آرقا تزیلار
ایدی. غایت اشتها بلەن طعام تنا ولیـ
دن صوكره ، رئیسیمز عیسی الیپتكین
افندی ضیافت معروضه سنی سویلەدی.
نطقدن صونگ وكيللەرگه كینو قو یوب
بریلدی. تام ساعت ٢ لەرده فیلم تمام
بولدیغندن صونگ ضیافت یاپلدی.

مخبر .

°) )°( (°

## درسلك قوللانمالار حاضرلاش لایحه سی

معارف نظارتی یورتدا كی تورك
باشلانغوچ اوقوللارنینك درسلك قوللانما
لەرینی تامینلەش مقصدی بلەن برلایحه
توزوب بودجەسینی اولكه لك حكو متكه
سونغانیدا تصدیق ایتیلب بوخكالتریه
باشقارماسیغا توشورولگەن.

بوندن باشقا معارف نظارتینك نحـ
ریر بولومی قازاق باشلانغوچ اوقوللاـ
ری اوچونهم درسلك قوللانمالار حاضر
لاماقدا بولسا كیره‌ك .

# اچكی و تاشقی خبرلەر

## چین اوروش جبهەلەریدە

( انقره 16 - مای ) شانگخەیغە هجوم قیلماقدابولغان كومونیست عسكرلەری شەهر تاشیداكی .. هوا میدانیدن بیری بولغان لونگخوا هوا میدانیغایاقینلاشدی . بوندا قاتتق سوقوش بار . انگلیز فقرالەری شانگخەیدن چیقب كتمەكدە دور .

( واشینگتون 16 - مای ) شانگخەیدن 5 میل غربدە قاتتق سوقوش بولماقدا . كومونیستلارنىڭ هجومیغا حكومتنىڭ 200 اوچقوسی یاردمی ایلە حكومتنىڭ عسكرلەری قارشی تورماقدادور .

( شام 16 - مای ) شانگخەیدە شمالیداكی دىڭزگە چیقش آغزی بولغان ووسونگ منطقەسیدە حكومت عسكرلەری جدی مدافعە قیلماقدا ، سوقوش بك قاتتیقدور .

( انقره 16 - مای ) خانكونی حكومت عسكرلەری بوشاتیب دریانىڭ جنوبیغا اوتدی .

یاقین شرق - خانكوغا كومونیست عسكرلەری بوگون كچقورون كیردی . دوقتور سونكو بوگون اوچقوچ بلەن فرانسا گه كتدی . بو سفرینىڭ سببی معلوم ایمەسدور .

( كانتون 17 - مای ) مركز آژانسی خبریگە كورە ، حكومت عسكرلەری خوبی اولكەسینىڭ مركزی خانكو و خەنیانگ شهرلەرینی بوشاتب چیقب كتمشدور .

## طرابلسدا سیاسی دولقونلار

سیدسنوسی استقلال اوچون یول باغلادی

( انقره ١٦ مای ) طرابلسنی ایتالیاغا برگەنلیكی اوچون نمایشلاردوام قیلماقدا دور . و لیبیا ملی حكومت باشلیغی سید ادریس سنوسینی انگلیز ، ایتالیاغا قارشی حركت قیلماققا خلق دعوت قیلماقدا دور .

( شام ١٦ - مای ) طرابلسنىڭ سیاسی فرقەلەری و قبیلە بیوكلەری اینالیانىڭ طرابلسقا كیلیشیگە جان و مال بلەن قارشی تورشقا ، و انگلیز بلەن دوستلوق علاقەسینی اوزوشكە قرار بردی . سید سنوسی نمایشچیلارگە سوزلیگەن نطقیدا طرابلس ولیبیا مسئلەسینىڭ حل ولوشی یالغوزلا استقلال بلەن ممكندور . باشقا هر قانداق قرارنی توتو ماهمز دیدی .

## برلەشكەن ملتلر قورومیدا

(واشینگتون ١6 - مای) برلشكەن ملتلر قورومی عمومی قورولتایی نىڭ وهفتە اچیدە یاپیلیشینی امید قیلنماقدا ور . چونكی پروگرامەدكی مسئلەلریدن فقط ایتالیا مستملكە مسئلەسینىڭ برقسمی و اسپانیا مسئلەسی قالدی . غربی المانیا دولتی نىڭ آساسی قانون لایحەسی تصدیقلاندی ، بر هفتە یاكی ایكی هفتە دولتی اعلان بولادور ایمش .

## ملتلر قورومینىڭ سویت هیئتی پاریسقا كەلدی

(انقره 16 - مای) ملتلر قورومی سویت هیئتی نىڭ باشلقی گرومیكو نوكون 11 كدی ایلەن برلكدە نیویوركدین پاریسقا كلدی . گرومیكونىڭ غزتەچیلرگە قیلغان سوزیدە پاریس كونفرانسیغا قاتناشمالیقینی سوزلیدی .

برلشكەن ملتلر قورومینىڭ باشلقی دوقتور ایوات یونان و شمال قوشنالری نىڭ آراسینی یاخشیلاشتورماق اوچون تشبث قلماقدا دور .

## پاریس كونفراسی حاضرلقی

( انقره ١٦ - مای ) پاریس كونفرانسیغا حاضرلاق اوچون 3 غربی دولتلەرینىڭ خارجیه وزیرلەری ، متخصصلەری مذاكره لەریگە دوام اتمكدەدور . الڭ سوڭ قرارلەرینی بو هفتە اچیدە 3 وزیرغە سونماققا حاضر بولغوسیدور . دوشنبە كونی بوین ، شومان و اچیسون پاریسدا اوز آرا توپلانغوسیدور .

§×§

## سوریه وفلسطین مناسبتی اطرافندا

( انقره ١٦ - مای ) لوندوندا بیرلەشكەن ملتلەرنىڭ فلسطین اوزلاشتورما قومیسیونی لبنان و اسرائیل دولتی آراسیدا امضالادغان پروتوكولنی مذاكره قیلشقا باشلادی . بو پروتوكول ایكی دولتنىڭ چیگارا مسئلەسینی حل قیلش اوچون بر كیچك قومیسیون قوروشقا بولغان توختامدور .

... سوریه بلەن اسرائیل دولتی آراسیداكی متاركه مذاكرەسی امیدسز بر حالغا كلمكدە دور . بونىڭ سببی شمالی فلسطین نىڭ مشمار بولگەسیدەكی سوریه عسكرینی ، سوریه حكومتینىڭ قایتوروب الیشینی قبول قیلماغانلقیدور . بو ، بولگە دە هر ایكی طرف اوز عسكرلەرینی كوپەیتمكدە دور .

§§+§§

## بویوك اوقیانوس برلیكینىڭ پلانی تماملاندی

( انقره 15 - مای ) بویوك اوقیانوس بیرلكینىڭ پلانلاری تماملاندی . بو پلانغە كورە ، بو بیرلیك باشلانغوچدا اوستراليا ، یاڭی زەلاند و انگلتره حكومتلەرینىڭ بیرلیكیدن عبارت بولوب كیینچە باشقا اعضالار قاتناشتورولماقچی .

# حريت

دولت، وطنداشلارنك هر خيل حر يتينى تأمين قيلادور. توبنده حريتنك نيمه ايكه‌نلكينى آڭلاتايلى :

حريت، انساننك توشه‌نگه‌نينى، و تيله‌گينى مطلق يوسونـدا قيلا آلـيـ ـدور .

بو تعريف حريت كلمه‌سينك الڭ كلگ مناسيدور. انسانلار، بو معنادا حر يتكه هيچ بير زمان ايگه بولماغاندور، و بولماسلار. چونكه، معلومدوركه، انسان طبيعتنك مخلوقيدور. طبيعتنك او زى مطلق حر ايمه‌سدور. طبيعتنك قا نونلارغا تابعدور. بو سببدن انسان اول طبيعت ايچيده، طبيعتنك قانونلاريـ غا، شرطله‌ريگه، سببله‌ريگه عامله‌ريگه باغلقدور. مثلا، دنياغا كلمك، ويا كلـ مه‌سلك انساننك قوليدا ايمه‌سدور. انـ سان دنياغا كلگه‌ندن سوگره و اوندن بورونمو طبيعتنك و بير مونچه مخلوقلارنك زبونيدور. حمايه اتيلمه‌ككه، كوتولمه‌ككه، باقيلماققا، چوگايتيلماققا محتاجدور .

## حريتنك تاريخى رواجلانيشى

ابتدائى انسانلارنك، طبيعتنك هر نرسه‌سيدن، كوك گولدورله‌شيدن، قاراڭغولقدن، تاشقان بير دريادن، وحشى حيوانلاردن و حتى بير - بيرله‌ريدن قورققانلقلارينى بيله‌مز. الڭ اولقى حس و توشه‌نچه‌سى قورقوش بولغان انسانڭ هر توشه‌نچه و تيله‌گينى مطلق صورتده قيلشقا باشلاشى توشه‌نيلمه‌س.

ابتدائى انسانلاردا آتا قورقوسى و نهايت، بيوك قبيله و قومله‌رده آتا قورقوسى اورنيغا قائم اولغان باشقا قورقولار انساننك ميگه‌سيده و حركتله‌ريده حسابسز توسالغولار يارانمشدور. ممنوعله‌ر و خرافه‌له‌ر اوستيگه قورولغان بير مونچه عادتله‌ر و عنعنه‌له‌ر انـ سانلارنى توشه‌نچه و حركتده كوپ باغلامشدور. او قدركى، شخصى توشه‌نچه و حركت اركينلكى كبى بير حق مفهومى معلوم بولماغاندور.

جماعتنك باشيغا چيققان آدمله‌ر، جماعتنى بير خيل يول بلن اداره ايته‌ر ايدى. كشينك حقى، حريتى سوزله‌نمه‌س ايدى. ديمك انسان اولا طبيعتنك اسيرى ايدى: كيينچه بونگغا هر تورلى قوت و صلاحيت قازانغان بير بولوم آدمله‌رگه اسير بولماق قوشولدى. انسان جمعيتله‌رى چوگايغانسارى و دولت حاليغا كلگونچه كشيله‌ر اوستيده‌كى آغيرلق بك كوپه‌يدى. دولتنك باشيدا بولغان آدمنك حقى، چه‌كسز، قيدسز، شرطسز مطلق بير قدرت بولوب قبول ايتيله‌ر ايدى. دولتنك شكلى امپراطورلوق و ياخود جمهوريت

اولسون، بوننك اهميتى آز ايدى؛ كشيله‌رنك شخصى بير حقى يوق ايدى. اسكى زمانلاردا انسانلارنك قيلا آلغان مدنيتله‌رينك الڭ يوكسه‌ك دوره‌لرنده وضعيت منا شونداق ايدى. كشيله‌رنك حقى حكمدارنك منفعت حسابيغا اولاراق، الهى حق ايچيده ايدى. بو حققه بولنوب توروب حكمدار نيمه‌سينك حر يتيگه ايسته‌مه‌نى كبى تصرف ايته‌له‌ر ايدى، بو كشيله‌رنك حقيگه تجاووز حسابلانماس ايدى.

انسانلار فكرى يوكسه‌ليشده لغا باشقانسارى اوزينك كيلب چيقيشلارينى تخيمو آچيق توشه‌نمه‌ككه باشلاديله‌ر، بواش - بواش اوننڭ بيوكلكينى تيخيمو ياخشى آڭلا يالايدورغان و تقدير ايته آلادورغان بولديله‌ر .

طبيعتنك، هر نرسه‌دن بيوك و هر نرسه اوز عينى بلن آڭلاشيلغاچ، طبيعتنك بالاسى حسابلانغان انسان اوزينك هم بيوكلكينى و حسيتينى آڭلاماققا باشلادى .

منا انسانلار بو ادراك درجه‌سيگه يوكسه‌لگه‌ندن كيينلا „طبيعتنك انسانغا يارانقان بتون قابليتله‌رى، فعاليتله‌رينى اركين حالدا ايشله‌تمه‌ك و اركين يوسوندا گللندورمه‌ك لازمدور؛ طبيعتنك برگه‌ن حقيدور“ فكريگه بارديله‌ر .

بوندن كيين كشيله‌ر ايله حكمدار و دولت آراسيدا، حق دعواسى و حق مجادله‌سى باشلار. بو مجادله دولتله‌رنڭ اوسوش تاريخيدور .

اون التنجى عصرده الغا سوروا- گه‌ن فكرله مونداق ايدى: حكمدار امرله‌رى ايله، قانونله‌رى ايله، الهى حقى اولغانى كبى. طبيعى حقنى هم يورالماس طبيعى حقمو الله طرفيدن يوزولگه‌نده‌ك قبول ايتيلمه‌ك لازمدور.

حركت نقطه‌سى بولغان بو فكر تاشلانغاندن كيين، حكمدار قدرتى چكينڭ نيگزينى، الوهيت فكرى و الهى اراده تشكيل اتدى چونكه طبيعى حقله‌ر هم، شو نيگيزگه باغلانغان ايدى. حكمدار بو چه‌كده رعايت اتسه‌مو بو رعايتى دينى بير وظيفه ده‌ب تانوغانلقيدن ايدى. بولماسا بير كشينك حكمدارغا قارشى ايسته‌كده بولا آليشى هيچ بير حق ده‌ب تانيلماغان ايدى. بير كشينك حقله‌رى نظريه‌سى طبيعى حق فكرى، الوهيت فكرى نيگيز و ييلديزيدن آيريلب زمين اوستيگه توشكه‌ندن سوگره ميدانغا چيقا آلغان ايدى .

## معامله‌ر حياتى

عالم ارله‌رى بز جهاندا ايز قالدورامز
عرفان سويدن يورگله‌رى قاندورامز
جان و دليمز معارف اطرافيدا
آمراقلقيمزله درديده قايغورامز

كيم كيرسه بيزم حياتيمز ايچره بيله‌ر
نادانلقدن همه اونى قاندورامز
يوق بزگه علمدن اوزگه مراد
بو مقصددن نشانه‌له‌ر آلدورامز

اى واى جهاندا يوق مربى صادق
وار اولسه دخى يشائه‌گه قيستورامز
دينى مسلمك بيزم طبيعى بولدور
نى برله بنه كوگلله‌رى اوستورامز

ملت يزور مزوكيم اولسه جاهل
شخصيتدن زيريكتوروب چاندورامز
دنياده نه‌وار ايسه معارفقا ضد
مفكوره‌مزنڭ اياغيدا ياستورامز

افكارمزنڭ اوقياء نيل نهيله
جهلنڭ قوشونيغا قارشيلق بيلدورامز
نى ملكى سارى جهالت ايله‌رسه هجوم
كوكره‌گيمزى سپر قيلب ياندورامز

كوب سوزله‌مه امدى اى سعيدى ايش قيل
ملتنى ديسه‌ڭ، كه ظلمدن قوتقوزامز

دامللا عبدالقادر

تلده، اشده، فکرده، برلك!

عرقیمز تورکدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز تورکستاندور

# أرك

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

مدیرا: عیسی الب تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

21 ... ۱۳٦۸ . ۸
19 یل ... 1949 یل

پنجشنبه 278

آدریس: اورومچی یانگاق التای کوچاسی اوی نومری 13
تلفون: مدیر اویی و اداره خانه: 26 تلگراف 2222

## عرفان اوردوسی

مملکتیمزنك، ملتیمزنك و عموماً خلقیمزنك بخت سعادتیگه توسقونلق قیلب کلگه‌ن و توسقونلق قیلب یاتقان زور بیر دوشمانیمز باردور. عصرله‌ر قوینیدا خلقیمزنی فلاکتدن - فلاکتکه سفالتدن - سفالتکه کوندوروب بارا یاتقان بو دوشمان هه‌مه‌گه معلومکه جهالتدور! بو جهالت بوتون بارلقیمزنی بوقاققا، هلاکتکه توغری آلیب بارماقدادور. بو قورقونوچلق تهلکه‌دن قورتولماق او چون بوبوك بیر اوردوغا محتاجمزکه او بولسا عرفان اوردوسیدور. عرفان اوردوسی کیله‌چه‌گیمزنك بیگانه بوله‌نچوگی و بیگانه اوایدور.

بیر ملت عرفان اوردوسیغا ایگه بولماغونچه‌لك سعادت یوزی کوره آلماس، ملتله‌ر آراسیدا اوزینك انسانلق اورنینی ساقلایالماس! ملتیمزنی، خلقیمزنی و دولتیمزنی سعادتکه، ابدی سلامتکه چیقارماق ایسته‌سه‌ك، حکومت بو... خلق بولوب، بیرلکده وقت اوتقوزمه‌سدن تولوق و دیگه‌نده‌ك عرفان اوردوسیغا ایگه بولماق مجبوریتنده ایدکه‌نلکیمزنی اونوتمای چالیشماقیمز لازمدور!

حکومت اوزینك اوتمشده‌کی خطالقلارینی و کمچیلکله‌رینی یاپیب «یاخشی نیت و توغری سیاست» ایگه‌سی ایکه‌نلکینی کورسته‌دی اوچون، اولکه‌مزنك تربیه و معارف سیستماسینی ساغلام بیر پروغراماغا باغلاب، اونی قطعی عملی یورتمکی لازم: خلقیمز، کیله‌چه‌کده‌کی نسلیمزنك فکر، علم، فن، مدنیت و اخلاق یاغیدن ساغلام بیر بارلق بولوشینی خواهلاماقچی بولسا، اوروغسز چاره‌سز «آه واه»نی قویوب معارف یولیدا سفربر بولوشی کیره‌ك، حکومت و خلق بیرلکده توروب، حرکت ایله‌ق خاندالا، مملکتکه، ملتکه و دولتکه فائده‌لی بیر عرفان اوردوسی بارلققا کلتورگه‌لی بولادور. بونکسز هیچ بیر مقصدگه یتش ممکن ایمه‌س!

★▲★

## عیسی بك افندم طرفیدن وکیلله‌رگه سوزله‌نگه‌ن سوز

(17نجی مای کو ساعت 6 ده اویغور اویوشماسی طرفیدن خنسو، تونگه‌ن قورلتای وکیلله‌ری صنایع نفیسه اعضالاری و یولبارس بیگم گه برگه‌ن ضیافتده)

بوگونکی چای بولسا، خنسو، تونگان اویوشما وکیلله‌رینی، صنایع نفیسه ... مه‌گینی و یولبارس بیگمنی قارشی لا... اقدن عبارت. ملیراق بولسون اوچون ... یافت اورنینی بو باقچه‌غا حاضرلادوق ... نیمه اوچون بو وکیلله‌رنی قارشی ... لامز دیسه‌ك؛ بولار بز ایله کسبداش، ... ایله خدمتداش یعنی هه‌مه‌مز بیراو ... شماچیلاردورمز. ایکنجیدن بولار مه... معارفچی، دیمه‌ك بو صفت ایله بو... نی قارشی الامز.

یولبارس بیگم بولسا، قمول والی... ، قمولدن کلگه‌ن کشیله‌ردن آککلاشیـ... مزغا کوره قمول ولایتینی اویدان توز... قان، خلقنی اویدان محافظه قیلغان، باشلارینمو اویدان حمایه قیلغان و بیرموز... چه خدمت کورسه‌تکه‌ن بیر آدم.

صنایع نفیسه‌چیله‌ر بولسا، بو قاتیم آلتی شه‌هرگه باریب کوب قیلالدی خلقه تسلی، روح غیرت بیره‌مزدی کوب زحمت چکدی. بولار هم بزگه اوخشاش مدنی معارف نشو قانچیسیدور.

ایککی اویوشما تورواتایدن کوب ممنونمز: یورتنك هر بیر ناحیه‌سیدن 15 گه‌ن بو وکیلله‌ر بوندا اوز ملتینی سیوه‌یدیغان یورتینی سیوه‌ر اوز خلقینی سیوه‌ر باشلقلار

---

وکادیرلار ایله‌توروشدی. تونوشدی، فکرله‌شدی. فکر بیرلکی یاسادی. ملتیمزنك استقبالی حقیده تورلی قرارلارغا کلدی بو قرارلاری عملگه آشسا بوبوك فائده کیله‌دور. شونك اوچون بز خرسندمز.

اولار بیرلککه کلسه، قرار قیلسا، بز نیمه اوچون خرسند بولامز؟ بولار بز ایله یورتداش، یورتیمز ایچیده هر بیر ملتنك ترقیسینی جاندن ایسته‌یمز. اوزیمزنك ترقیسینی، سعادتینی ایسته‌گه‌ندك، هر بیر ملتنك سعادتینی، یاخشیلقینی اوزومزنی انسانیتچی دیه‌مز، انسانیتچیلك نقطه‌سیدن هه‌مه‌نك یاخشی، سعادتده بولوشینی تیله‌یمز. «قوینوندا بولسا قونچیغا توشه‌ر» دیگه‌ن بیر سوزیمز بار: قایسینك یاخشی بولسا، اولار شو یورت ایچیده‌کی انسان بولغانلقدن باشقاسیغا هم فایداسی تگه‌دور.

قورولتای آچیلغان، قورولتایغا مه‌نی معارف سیوه‌ر یاخشی آدمله‌ر کلگه‌نلکینی کورگه‌ن بیر زماندا، هر بیرله‌ری آلدیدا اوز نقطه‌مزدن کوب متأثر بولامز. اگر بز هر بیرله‌ریگه اوخشاش قورولتای آچایلی دیسه‌ك بز او ایشقا موفق بولالامزمو، یوق؟ یورت چولك، یول اوزاق، منقولات اسبابلاری آز، ... جیدن اقتصاد یوق، وکیلله‌رنی الیب کله‌ك اولارنی کوتوب الماق اوچون کوب پول صرف بولادور. ایکنجیدن بزگه‌مو شونداق مساعده‌له‌ر بولامدور؟ بز قورولتایغا ایچقیرساق، سزله‌ر کبی مه‌نور، مدنی معارف سیوه‌ر کب قیلالادورغان آدمله‌ر کیله‌مدور؟ قورولتای بیر اوده‌کوم اویونی ایمه‌س، اوز اهلی بولماغان کشیله‌ر بونداق قورولتای ایلالمایدور. مانا بزده موشونداق غیر مسئله‌له‌ر بار.

بز سزله‌ر ایله کسبداش، خدمتداش بولغانلقیمز اوچون بو فرصتدن فایدا...

دوامی ایککنجی صفحه‌ده

( باشى برنجى بەتدە )

لينب اويغور اويوشمالر احوالى، و او
رنك اوستندالى قيينچيلقلر نى عرض
قلماى تورالمايمن. بزنك ولايتلك او.
يوشمادن 6، ناحيەلك اويوشمادن 42
تارماق اويوشمادن 6 بولوب جمعى 54
اويوشمامز بار. برگونكى كونده يوتار.
ى اويغور اويوشمالر قاراماغندا 701
مكتب. 2444 صنف، 108525 شا
گرد، 4559 مدير، معلم لەربار. بو
نى مقايسه قلغاندا، بتون اولكه بويچه باشلانغوچ مكتبلرنك 3دن 2سيني
تشكيل قلادور. يعنى اويغور اويوشما
لرنك قولندا كى مكتبلر، اولكو لوك
حكومت آچقان مكتبلردن بر حصه آر-
توق. بو اويوشمامزنك چرايلق خر-
سند لك طرفى. بز نك اولكـــه
بويچه بعـــضى اويـــوشما لـــەر
دەكـى آدەملەر، استدارلق يورت
سوەر، موافق آدەملەر دن ايمەسمش،
موندداق آدەملەر چيقب الغان و چقريب
قويغانمش. برمونچه اويوشما لەرنك كى
رملەرى مدنى معارفدن باشقا بر اوروز
لەرغه صرف ايتيلب يانارمش. بعضا بر
لك ادارەلەر استعفاده قيلارمش. شونك-
دەك ضيافت خراجتلەريني اويوشما لەر
اوستيگه آرتيب قويارمس. اويوشما غا
كرگەن كريم اوز جايغا صرف ايتلمي-
گەنلكدن و كريم يغش اشلەريدە حكو
مت ياردملەشميگەنلكدن كوب خلق عشر
زكواتنى بەرمەى يانارمش. اگر موشوند-
داق دوام قيلب كەتكەندە، بو ايشلەر
اويغورلەرنك مدنى معارفيغا بيوك ضر
به بولاور. بتون دنيا، بتون يورت الله
مهيم مسئله معارف دەب تور غانلقـدن
بتون اولكەدەكى معارفلك 3 دن 2 سى
اويغور اويوشمالەر قولندا دولغانلقدن
شول اويوشمالارغا اوز اهلى بولماغان آدملەر
چيقب الغاندا بزگه زور زيان بولادور
بو اويوشمامزنك الله آچينار لق طرفيـ
دور.

هربرلريگه آرتوق سوز قلمايمن.
الله آخردا هربر لريدن رجا قليديغـان
نرسەم: 1- هربر ملت اوز آرا برليـ
گيمزنى چكتايلى، هربر ملت اورتاسـ
داكى كوڭل آغرقلەرنى اليب تاشلاب
ملت ايله ملت اورتاسندا بر ليشەيلى،
اوتموشدەكى سياستنلك قاراڭغو ليقيدن
ملتلەر اورتاسندالى اتفاقسزلقدن باشيـ
مزغه كلگەن فلاكت كونـ آلديمزدا تور
مالادور. يورت ويران بولدى، يارنەر
سەلەر بوقالدى، كوب قان تو كولدى،
اوتموشنى كوز آلديمز دا توتوب برليـ
كيمزنى چكتايلى؛ 2- بر ملت اوزملتيـ
نلك سعادتيني استەر ايكەن، اوز آرا
درلەشسون، شخصى عداوت توشەنچەلر
نى تاشلاب، ملى نقطەدن قاراب ايش
قيلسون. يورت سعادتدە ياشيسون ديـ
سەك، برليكيمزنى قوتلەندورەيلى، بير
ليكنى قولغا كلتوروش شرطلريگه اهـ
ميت برەيلى، 3- يورتداشلق صفـت
ايله بزگيمو هربرلرى ياردم قيلشسيلر؛
بزمو قورولتاى آچايلى، تورلى قارار
لرده بولايلى. سزلەرگه اوخشاش اويـ
دان آدملەرنى اش باشيغا چقا رايلى.
خلقنك قان تەريدن چققان آقچا مزنى
اوز جايغا صرف ايتەيلى.

اويوشمامز ايغيل بولغانلقدن هر
برلريگه نهايتى عادى تماق حاضرليدوق
هربرلەريگه بولغان محبت سيوگيمز نى
و ياخشى كوڭليمزنى اعتبارغا اليلب، بو
گون ضيافت اوستيده يتشميگەن اوروز
لەرى بولسا عفو قيلشلەرينى سو رايـ
من.

هربر ملتنك ترقيسى، هربر ملت
نلك سعادتيني بر اللەدن سوراب سوزوم
نى تمام قليمەن.

اويون اثناسيدا تونگان وكيللريدن
برسى سوزگه چيقب «بوگون عيسى
افندم بزگه زور طنطنه ايله ضيافت حا
ضرلاغاننك اوستيگه كانسيريت بر نچه
تورلى كينو فيلمى قويوب بەردى. قيمت
لك سوزلەر سوزليدى، قيمتلك يول-
يوروق كورسەتدى. مانا بو ايشلەر، عيـ
سى بك افندم نلك نه قدر اشچان، اقتـ
دارلق بيلملك برآدم ايكەنلكيني كور
سوتودو. بزلەر هم بو ايشلەردن اولگه
الماقيمز لازم. عيسى بك افندى بولسا
چەتدە يورگەن، كوب دولتلەرنى كورگەن
عقللق عالملق، تجربيەگه باى بر آدم
مونداق بر آدمنلك اويغور اويوشما غا
رئيس دولغانلقيغا قاراب، موندن صونك
بتون اولكەدەكى اويغور او يوشمالرينك
خدمتى و اولەرنك مدنى معارفى تيزدن
ترقيات بوليغا قاراب ماڭيدو دەب ايشه
نيمز. عيسى افندم ايتقاندەك ملتلەر
اورتاسنداكى برلكنى كوچايتايلى، يورت
نلك ترقياتى، تنچليقى ملتلەرنك اتفاقيـ
غا باغلق. وكيللەرگه وكالتا عيسى بك
افندم نلك سلامتليكينك اوبدان بولماقيـ
نى و اونلك ايشينك موفقيتلك دوام قيل
ماقينى تيلەيمن» دېگەن مضمونـدا سوز
سوزلەپ اوتدى.

ه ) ( ه ) ( ه

## ياركند واليسينك تدقيق سياحتى

3 ـ مايدا الغان تليگرامميزغا كو
ره، ياركند واليسى ياسار بك 5 انچى
مايدا اوتوموبلغا اولتو روب قارغالق،
پوسكام و مركيت ناحيه لەريگه تدقيق
سياحتيگه چققان.

تليگرامنلك مضمو نيغا كوره اوچنـ
چى آيلق معاشيني تيخى تاپشو روب
آلالميغان حكو مت مأمورلەرى اوچون‌ا
آشلق تيريشكه حاضر لانماقدا بولـ
كيرەك

+×(ه)×+

## سوداگر لەر مجلسينك مهم قرارى

شهرلك سوداگرلەر اويوشماسيدا 16ـ
مى كونى مهيم بر مجلس آچلغان.
مجلسده كموش لهنگه بازارغا چيقادور
غان 20- ماى كونى هر سراى و هر
دوكاندا آرزان مال ساتشقا قرار قيلنـ
غان. بو حقده برلايحه توزولمكده.

§§+§§

## مهم قسقا خبر لەر

§ مركزى معارف وزارتى يورتندن
مكتبيدن آيريلغان اوقوغوچيلارنى حر
بى خدمتكه چاقرغان.

مركزى حكومت، عسكرى، ملكى
اوزوق منبعلەرى ارستده جدى مذاكرده
بورگوزمكده دور.

§ برلشمش ملتلر مجليسى: اسپانيا
نيەنى قيـد آستيغا الماق مسئلەسى اوستـ
نده تارتشماقدا دور.

# اچكى وتاشقى خبرلەر

تورت خارجيه وزيرلەرى مجلسينىڭ عرفەسيدە

## امريقا اوروپاغا حربى ياردم برشينى اعلان قلدى

اچيسون روسيەگە يەنە سوغاق اوروش سياستى قوللانماقدا دور

( سان فرانسيسكو 16 - ماى واشينگتون خبرى ) آمريقان دولت اشلەرى وزارتى شنبه كونى آوروپا غا حربى ياردم حقندە توبەندكى بياناتدا بولوندى .

آمريقا نىڭ آوروپاغا حربى ياردمى اوروشنى توختالايدور . بو تنچلق او چون بك احتياجلق بولوب ، شو يول ايلەن محلى امنيتى تامينلەيدور ، و بو آرقالى بوتون دنيا مقياسيداكى تجا وزى حركتنى بارچه ديموقرات دولتلەرى نىڭ برليكدە توساماقى لازمدور . بيا نات يەنە بو نقطەلەرنى ايديكلاناتدوركى - آوروپانىڭ اركينلىك و امنيتينى اوزحالىغا كەلتورگەنديلا برلشكەن ملتلار قوروسى نىڭ همه اشلەرى نتيجەلك بولالادور ، همده آوروپانىڭ اقتصادى امنيتى حربى ياردمدن برنچى اوروندا بولماقى كرەك دور .

( يونەيتيد پريس واشينگتون 15 - ماى تلغيرامى ) آمريقا دولت اشلەرى وزيرى أچيسون بو هفتە اچيدە آمريقان پارلامانيغا اسپانيا ، و غربى المانيا نىڭ اشتراكى مسئلەسى حقندە بيانات برمكچيدور . أچيسون نىڭ فكريگە كو رە : حربى موقع جهتدن اسپانيا وغربى آلمانيا نىڭ كومونيستليككە قارشى اتفاقا كريشى بك مهيم ايمش . امما سياسى سببلەر يوزەسدن اسپانيا ايلەن غربى المانيا نىڭ بو اتفاقا كريش امكانيتى يوقمش . أچيسون اسپانيا مسئلەسى حقندە پول بيريش هيئتى و خارجى اشلەر هيئتى نىڭ المانيا سياستى اوستيدە ملكيلر قونوشما اونكەزيب الغاندن سوك حقندە بر فكر بيلدوروش امكانيتى دور . امما پارلامان بو باقيندن بيرى أچيسوننى اسپانيا بلەن قايتا خارجى علاقە قيلش و فرانكو حكومتينى آط لانتيك معاهدەسيگە قاتناشتوروشقا مجبور قيلسامو ، أچيسون : فرانكوحكو متى استبداد و حاكمى مطلق بر ادارە رەژيمى بولغانلقدن فرانكو اسپانياسى آطلانتيك معاهدەسيگە امضا قيلغان بار چه دولتلەر بلەن دوستانە علاقەدە بولا آلمايدور دەمشدور . يەنە دوام قيلب غر بى آلمانيا غربى آوروپا امنيتى اوچون علاحدە بر ياردمچى كوچ بولوب حساب ليندور . امما بر انتا دولت آلمانيانىڭ قو راللينشيغا قارشيلق قيلب تورغانلىقدان غربى آلمانيانى اطلانتيك معاهدەسيگە قوشو لوشقا بويروش يەنە ممكين ايمەسدور ديگەن . شونگدەك أچيسون توبندكى فكر لەرنى پارلامانغا بريش حاضرلقيدە دور :

( ١ ) اطلانتيك پاكتيغا آساسلا نيب قورولادورغان آطلانتيك مجلسى ، و مدافعه هيئتى حربى قورال اشلەش و عمومى مدافعه پلانى توزوشى لازم . بوندا آمريقا عسكرلەرينىڭ آوروپاجبهه سيدە اشا ـــ ەشيمى بەلگوليمەسلك كرەك دور .

( 2 ) معاهدەگە اشتراك ايتكەن دو لتلەرگە بيريلەچك آمريقانىڭ حربى ياردە مى آمريقانىڭ اختيارىدا و اونىڭ تعيينى دە بولادور . دولتلر آمريقادن الغان حر بى ياردمنى مستملكەلەرگە - هندونيـ يا و آننام كبى يەر لەرگە اشلەتمەيـ دور .

( 3 ) پاريسدا آچيلاچاق تورتـ لەر مجلسى نىڭ نتيجەسى قانداق بولسا بولسون آمريقا اعيان مجلسى آطلانتيك پاكتينى امضالاش لازم و آمريقا روسيه گەقارانا سوغوق قانلقينى و قطعى مو قعينى بيلدورەيكى لازمدور .

## امريقانىڭ قالاق منطقه لەرگە ياردم پلانى بتمشدور

( لوندون 16 - ماى ) واشينگتون مخبرلەرينىڭ بياناتيغا كورە ، رئيس جمهور ترومەن نىڭ دنيادكى قالاق منطقه لەرگە ياردم پلانى بازيلب بتمشدور .

10 كوننىڭ اچيدە پارلامانغا سونسە كرەك بو پلانغا كورە قالاق منطقه لەرگەدا بيريلەچك پولنىڭ مقدارى 120000,000 آمريقا دوللارى بولسا كرەك .

§§×§§

## محمد حتا نطقينىڭ ايرم نقطەلەرى

( انقرە ١٦ - ماى ) هندونيسيا باش وزيرى محمد حتا نطقيدا مسلمان فرقەسى هوللاندا بلەن قيلغان معاهدە مزنى حمايە قيلادور ، و كومونيستلار دو جمهوريت حكومتينىڭ قورولغانيغا قارشى ايمەس ديدى .

§§×§§

## روسيه ايلەهندستان اراسيدا بر اكلاشما

( ياڭى دهلى 17 - ماى ) بو كون ياڭى دهليدە روسيه و هندستان تجارت وكيللەرى بر آكلاشما توزمكدە دور . بو آكلاشما بويونچە روسيه گە هندستان چاى و چيكە برگوسى ، مقابي ليگه روسيه هندستانغا بغداى ، قوناق برمكچيدور . بو معاهدە روسيه بيله هندستان آراسيدا 3 نچى آكلاشمادور . اونكەن بيل ابولدن بو تاريخقيچە روسيه هندستانغا 200 مڭ طوننا بغ داى 20 مڭ طوننا قوناق بەرمش ، هندستان 20 مڭ طوننا چيكە 7 مڭ طوننا چاى برگەن .

) § (

## قوريەامريقادن حربى ياردم سوردى

( ١٧ - ماى واشينگتون ) قوريە رئيس جمهورى لى چين وەن نىڭ آمريقا داكى خصوصى وكيلى جاوبلى بو " قوريە همان بر تجاوز خەوفى آستندا تورماقدا دور . قوريە توفراغينى ساقلاماق اوچون آمريقا نىڭ حربى ياردم قيلماقينى استەيمز ، دەب آمريقاحكو متيگه مراجعت قيلغان .

# کشیلیك حریتی

کشیلك حقلەری نظریەسینك تملو بونداق قورولەدی؛ هر تورلی حقنك منشائی کشیدور. چونکه شائنی حر و مسئول اولغان مخلوق یالغوز انساندور.

بونگغا قاراب، کشینك، یالغوز طبیعی حق و اخلاقی مسئولیت ایله مقید اولغان مطلق استقلالی بتون مدنی تشکلاتلاردن اول دەسلەبکی حال اولاراق عزیمت نقطەسی کبی قبول اولونور. فقط باشقا طرفدن انسانلارنك اجتماعی و سیاسی تشکیللەر حالندە بولوشیمو طبیعی و لزوملیدور.

بو تشکیللەر بولسا، قسمەن ضروری مقدر قانونلەر احکامیغا کورە توتولانور، بو مقدراتنك موجودیتی نتیجەدە و ذکانك بو مقدراتنك سیرینی و استقامتینی تقدیر ایتەآلیشی نسبتندە انسانلارنك حریت و ارادەلەری، بو مقدراتقا اطاعت مجبوریتندە دور. انسانلار حرکتلەرینی بو مقدراتنك سیر و استقامتیگە اویدورماق ضرورتندە دور. بو مجبوریت و ضرورت حالی حقیقتدە ساقلانیشی ممکین بولماغان بیر نتیجەنی تیخیمو مکمل و تخیمو آماملق قیلادور. طبیعتنك و تاریخنك محصولی بولغان بیر ملتنك کشیلەری دائما بو حقیقت بلەن قاریمو ـ قارشی بولادور. اونگغا حرکت ایتەدور. بونداق بیر دولتنك قورغان دولتینك تیخی تملی و غایەسی کشیلك حقی اولور.

برنجی حقی، طبیعی قابلیتلەرینی، آچیقچە دوام اندرەلەشیدور. بو روحی تأمین اوچون، الله یاغشی واسطەسی کشیلەر اوچون باشقاسینك حقیگە ضرر قیلماسدن، تهلیکە و ضرر اوزیگە عائد بولغانلقی اوچون، اوز اوزینی ایستەگەنی کبی سوق و ادارە انمەککە یول قویماقدور.

مانا بو اوچون رواجلانیشنی تأمین انمەك، کشیلك حقلەرینك تشکیل انکەن بیر ـ بیریگە اوخشاماغان حریتلەرینك تمامەن غایەسیدور. بو حقلەرگە حرمت قیلماغان سیاسی جمعیت آساسلی وظیفەسیدە کامچیلق کورسەتمیش اولور. و دولت موجودیتینك حکمتینی و معناسینی یوقاتقان بولادور.

چونکه کشیلکك حریت درجەسی، دولت عالیتینی ضعیفلیککە توشورمەسلك اوچون لازمدور. دولتسز بیر جمعیت و یاخود ضعیف بیر دولت حیاتینك نتیجەسی هر کشینك هر کشیگە قارشی مجادلەسیدور. بو مجادلە کوبچولوکنك حریتینی بوغمایدورغان صورتدە اوزگەرتمەك لازمدور.

بو اوزگوروش قیافتی، کشینك مسئولیگە تشبثیگە، و ترقیسیگە خالل بیرە دورغان درجەگە کوتورولمەسلکی کرەکدور.

وطنداشلارنك تشبث و مسئولیت حسلەری نە قدر ترقی انسە، دولت اوچون او، قدر یاخشیدور.

کشیلك حریتینك نە قدردن فراغت ایتیلشینك لازملقی، ایچیدە بولونغان زمانغا و مملکتکە کورە اوزگوردور. باشقا زمانلار باشقا تدبیرلەر ایجاب ایتدیرەلەیدور. برافلا حریتنك سوء استعمالی، حریتنك موقت، لکین کلی مقیاسدا تهدیدینی ایجاب ایتدیرەلەیدور. بوتون بو تدبیرلەرنی و تهدیدلەرنی تانوماق لزومی دولت فکرینی و مفهومینی افادە ایتەر. بو توغرادەکی تدبیرلەرینك شرتینی و چیگارانك کەلکینی اولچەمەك بیوك بیر صنعتدور، دولت صنعتی دودور. بو صنعتدە اصابتنك درجەسی حریتنك چیگاراسینی سیزادورغان قانونلەرنی هم کورەلەیدور.

چونکه « بو چیگارا فقط قانون تانوشلقی ایلە توختاتیلادور، و تعیین ایتیلەدور » هر حالدا وطنداشلارینك عمومی حریت سعادتی اوچون کشیلەدە فقط دولت اوچون ضروری بولغان بیر قسم حریتلەرنك یاشلانماقی طلب ایتیلادور.

# صنعت قیزیغا

باقسام صحنەگە زوهرەنك ایزی
عقلی، هوشومنی قیلدی فراموش
زوهرە ایمەسکەن او صنعت قیزی
شوگا کوگلمنی قیلغان ایکەن خوش

صنعت قیزیکەن جنت قیزیکەن
ناریم بویبدا اوسکەن بیر ریحان
صنعتنی اونك یوکسەك و عالی
حیران ایکەنلەر جملە بو جهان

# اجتماعی و مدنی حریت

عصری دیموقراسیدە، کشی حریتلەری خصوصی بیر قیمت و اهمیت آلمشدور: کشیلك حریتلەریگە دولتنك و هیچ کمسەنك مداخلەسی موضوع بحث ایمەسدور. فقط بو قدر یوکسەك و قیمتلك بولغان کشیلك حریتینك معنی و دیموقرات بیر ملتدە، نیمەنی افادە انکەنلکی، حریت کلمەسینك مطلق صورتدە توشونولوشی ممکین بولغان معناسی ایلە آنگلاتیلماس. موضوع بحث اولغان حریت اجتماعی و مدنی انسان حریتیدور. بو سبب ایلە کشیلك حریتی توشونەر ایکەن، هر کشینك و نهایت بوتون ملتنك مشترك منفعتی و دولت موجودیتینی کوز آلدندا بولدورماق لازمدور. آنگلاشیلادورکە کشیلکنك حریتی مطلق اولماس. باشقاسینك حق و حریتی و ملتنك اورتاق منفعتی کشیلك حریتینی تهدید ایتەر. کشیلك حریتینی تهدید، دولت تکمو عادتا آساسی و وظیفەسیدور. چونکە دولت کشیلك حریتینی تأمین انکەن بیر تشکلات بولوشی ایلە برابر، عینی زماندا بوتون خصوصی فعالیتلەری عمومی و ملی مقصدلەر اوچون بیرلەشدورمەك ایلە مکلفدور. « حریت باشقاسیغا ضرر اولماساق هر تورلی تصرفاتدە بولوناماقدور » دیبلدیکی زمان وطنداش یالغوز بونك غایە اولغانلقینی دولتنك بو غایەنی تأمینی اوچون بیر واسطە تلقی ایتیلدیکی افادە ایتیلمش اولور. فقط بو واسطەدورکە، ملتنك عمومی منفعت و غایەسینی محافظە ایتەچکدور. او حالدا کشیلك حریتیگە چەك اولاراق باشقالارینك حریت حدودینی کورسەتکەندە کشیلك حریتینك، ملتنك عمومی منفعتینك ایجاب ایتدیرگەنی درجەسیدن تخیمو آرتوق تهدید اتلمەسلکی قبول ایتیلمش اولور. بو فکر اوزەدور؛ فقط تطبیقی بك کوچدور.

نلمه ، اشده ، فکرده ، برلك !

# ألك

مدیری : عیسی الب تکین
باش محرر : م . ا . بوغرا

20 ماي 1949 یيل

22 رجب - ١٣٦٨ ه

بز خلقچیمز
بز ماچیمز
بز انسانیتچیمز

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز توركستاندور

278 جمعه

آدریس: اورومچی یاڭغاك التای کوچاسی اوی نومری 13
تلفون : مدیر اویی و اداره خانه : 26 تلگراف 2222

# بوگونکی دنیا

2نجی دنیا اوروشینی گیرمانیه، ای
تالیه یاپونیه دولتلەری «یڭی ترتیب
اورناتامز» دیگەن نقاب آستیدا باشلا
غان ایدی. اولار سوقوشنی توب - توغ
ری اوزینڭ دوشمنی بولغان آمریقا،
سوویت، انگلیه، فرانسیەگه قاراتمای بیر
ـی آوستریه چیخغه، بیرسی جونگگو
غا، یەنه بیرسی حبشستانغا قاراتقان ای
دی. فاشیزم دولتلەرینڭ توپراق کیگەی
تیش حرکتی آخری باریب 2نجی دنیا
سوقوشینی قوزغادی.

یاوروپادا گیرمانیه 14 دولتنی اشغال
قیلمانڭ اوستیگه سوویتلەر اتفاقینڭ الڭ
آباد رایونلارینی هم باسیب آلیب موس
کواغا قدر بارغان ایدی. ایتالیه گیر
مان عسکرلەری شمالی آفریقا رایونلا
رینی باسیب الدی اوزاق شرق یاپو
نیه جونگگونڭ آباد رایونلارینی، فلیپین
مالای، آنام، سیام، بیرما، ایندونیزیه
کبی جایلارنی اشغال قیلغان ایدی. بو
حالنی کورگەن کوب آدملەر، امدی بو
3 دولتنی ییگیش یاکه اولارنی چیکندو
روش ممکن ایمەس، دنیا شولارنڭ بول
غوسی دیگەن اکغا کلگەن ایدی. نتیجه
اونداق بولمادی. او 3 دولتنی آمریقا
سوویت، انگلیه جونگگو باش بولغان حالدا
بوتون دنیا دولتلەری بیرلەشیب یوقاتدی.
ایستکه 2نجی دنیا سوقوشینڭ اوت
اوچقونی اوچەی توروب فاشیزمغا قار
شی بیر صفده بولغان دولتلەر بیر بی
ریگه قارشی ایکی صفکه آیریلدی. بو
ایکی صف حاضر بیر بیریگه قارشی جدی
تدبیر آلماقدادور.

دنیا وضعیتی بارغانسری آغیرلاشماق
دادور. اوتموشده فاشیزمغا قارشی صفده
4 دولتنڭ بیری بولغان جونگگودا ایچکی سو
قوش بك جدی بیر باسقوچقا قاراب
ماقدی. جونگگو کومونستلەری شرقی
شمال، شمالی جونگگونی اشغال قیلیب
جنوبی جونگگوغا قاراب ایلگریلەمەکده،
ایندونیزیاداکی کومونستلار هم جدی
فعال ایشقا باشلاماقدادور. گریتسیەدەکی
کومونستلار هم گریك حکومتی ایله تو
قونوشوب تورماقدادور. تورت یوز اللیك
میلیون خلققه ایگه یعنی دنیا خلقینڭ
4 دن بیرینی تشکیل قیلغان جونگگودا
کومونستلارنڭ کوچویوب بارغانلقی آسه
یا دولتلەرینی چوچوتمکدەدور. ایکی
یوز میلیونلق روسیەده قورولغان کومو
نیزم دولتی دنیاداکی خلقچیل، کاپیتالست
دولتلەرگه بیر قدر زور تاثیر بیریب
تورغان حالدا اگر تورت یوز اللیك میل
یونلق جونگگودا بیر کومونست دولتی قو
رولوب قالغان تقدیرده اونڭ دنیاغا نه
قدر تاثیر یتکوزەدورغانلقی آچیق کو
رونوب تورماقدادور. اگر جونگگودا کو
مونیزم غلبه قازانغان حالدا آسیانڭ یو
رەگی کومونیزم بولغان بولادور.

بوگون آمریقا، انگلیه سیاستچیلەری
«3نجی دنیا سوقوشیدا جونگگو رایو
نی او قدر مهم اورون توتالمایدور،
3نجی دنیا سوقوشینڭ مهم رایونی یەنه
یاوروپا بولاچاق چونکه هر ایکی صف
نڭ آباد آدمی کوب، کوچ قوتی توپلان
غان جای یاوروپا قطعەسیدور. آسیاغا
کوره یاوروپا، یقین شرقده آز قوت ای
له کوب نتیجه قازانغالی بولادور» دی
گەن توشەنچەنی قوتلەمەکدەدور. بوتون
سوویتلەر اتفاقی هم ممکن قدر 3نجی
دنیا سوقوشیدن ساقلانیب قالماق او
چون جدی چارەلەر ایزدەمەکدەدور، هر
ایکی صف بیر بیریدن قورقوب یاراق
دوچی ایله سوقوشقا حاضرلانماقدا.
بوگون آمریقا انگلتره دولتلەری

شمالی یاوروپادا مدافعه دیگەن نام آس
تیدا بیر بیرلك صف قوردی. بو صف
نکه سوویتلەر اتفاقی قارشی چقدی. او
لار بو صف یعنی معاهده آرقالی شما
لی رایوندا سوویتلەر اتفاقینی محاصره
گه لماقچی. یاقیندا آڭلانغان خبرگه
کوره تورکیه جمهوریتینڭ مسئول خاده
لەریدن بیری آمریقادا بیر اورتا دڭز
صفی قوروش حرکتیگه کریشکەنلکی مع
لوم. بو صف ایله اورتا دڭز یاقین
شرق اطرافیدا بیر قورغان تیکلەمەکچی
یەنه یاقیندن بوبان اولوغ اوکیان معا
هدەسی بیراق شرق مدافعه صفی کبی
صفلەر قورولار ایمش دیگەن گبلەر بار.
هندستان، جنوبی قوریه بیرما کبی دو
لتلەر آمریقادن حربی یاردم ایستەمەکده.
ایران، تورکیەگه آمریقانڭ حربی یارد
می آرتماقدا. یەنه یاقیندا انگلیه ایمپر
یەسی لوندوندا بوتون انگلیه قوشماچه
جوریت دولتلەوینڭ بیر قوشما مجلسی
نی آچدی یەنه بیر نچه کون الدیدا
آمریقا دولتی یاپونیەدن تولەم ترسەسی
آلماسلققا قرار چیقاردی. یاپونلار ساناچیلا
رینی قوراللاندورماقدا، یوقاریقی احواللار
آمریقا، انگلیەنڭ بیراق شرق و آسیا طرفده هم
جدی ایشقا باشلاغانلقینی کورسەتەدور.

یاقیندن باشلاب یاوروپا وضعیتی
بیر آز بوشادی. موندین بیر نچه آی
بورون سوویتلەر اتفاقی بیرلینی محا
صرەگه آلیب، انگلیه، آمریقا فرانسیەلەر
نی بیرلینگه اریشکه یول برمەی کلگەن
ایدی. یوقاریقی 3 دولت غربی گیرما
نیەده گیرمان دولتی قوروش حرکتینی
باشلاغاندن سوڭ سوویتلەر اتفاقی وض
عیتنڭ آغیرلاشقانینی کوروب بیرلین
محاصرەسینی بوشاتماق بولدی، نتیجه
ده هر ایکی طرف محاصرەنی بوشاتدی.
وضعیت بوشاغان بلەن اما قاریمو قارشی
لق بارغانسیری جدیلەشمەکده.

دوامی ایکنجی بتده

# اولکه و شهر خبرلەری

(چینی تورکستان اخباراتی و اوزەل مخاریمزدن)

## فـل تیگشمکـده

18 - مای ایکی هفتەمقداری بر ایسکەنده توروب کەلگەن بازار بهاسی اونکەن هفته کەلگەن 60 ملیاردەو 80 ملیاردلاق التون اقچا نڭ بازار غا چقیشی بلەن بها اورلەنکه باشلاغان ایدی بو اورلەشده کورلەگەن تجارتچیلەر قلغه مال سالمایمز دەب ایتما سامو دوکانلەرینی نایاب سودا قلماسلق احواللەرینی توغدورغان • بو اعتبار دن اورومچی مسلمان تجار لەر جمعیتی بو حقده توبەنده‌کی مضمون ایله بر اعلان چیقارغان 60 ملیارد 30 ملیارد لق فل لنماسون . اگر ایلگری الغانلەر بولسا مسلمان تجار له جمعیتیگه کیلب توزەغا الیوروب مرکزی بانکا دن اوشناق فللەرغه تیگیشب لیشادور دەب بازار بهاسینی 12 - مایده‌کی احوالغا توشورمك مقصدینی قلغان.

نتیجەده بو خیل چولڭ تیزا بازارده اونمەی قالدی. بوروین الغانلەر بولسه مرکزی بانکادن تیگیشب الندی. شو نڭ بلەن بازار بهاسی اولقی حالیغا توشوب هم قالدیلەر.

## „ بیچاره رعنا " صحنه ده

غربی اوستەڭ 4 نچی مرگزی مکتبنڭ اوقوتقوچی و اوقوغوچیلری برلیکده مکتب نڭ اقتصادی قیینچیلقلەرینی تولوقلاش اوچون فیتـسـه حاضرلاب صحنه گه قویماقچی اش پلانیغا کرگوز گەن ایدی

اوزون کونلەر دن مشقلینب بتون حاضرلقلەری تماملانغاندن کیین صحنه گه جاری قیلا باشلادی 16 - مـای کونی قازاق - قرغز کلوبیدا برنچی قاتیم اوینادی .

بو گون 19 - مای کونی اویغور اویوشما کلوبیدا - ینه شـد „ بیچاره رعنا " دیگەن صحنه کتابینی تماشاغا قویدی

مخبر .

## کموش فـل

بوگون 5 نچی مای کونی حکومت نڭ قراری بویونچه کموش پولنی بازارغا چیقارماقچی ایدی دیگەنده‌ك بوگون بازار کوچالاری کموش پولنی خرجلەش اعلانلاری ایله بیزەلدی. خلق تیزلنب توپلانیب اعلانلارنی کورمەکده.

کلاشیمزگه کوره اداره‌لەر بلق معاشی اوچون بوگوندن اعتبارا بانکادن کموش پول آلغان ایمش. و خذمتچیلەر معاشی اوچون دستلەب قیلب کموش پول بیرمکده‌لەر.

مخبر

( بیشی برنچی بەتده )

هرایکی صف سوقوشقا قاران کیتب باراتور. آمریقا انگلیزلەر بوگون سەویتەلەر اتفاقی دنیا تنچلقیغا خەوف سالماقدا دیسه، سەویتلەر اتفاقی آمریقا انگلیزلەر دنیا دولتلەرینی اوز تاثیری آستیغا آلیب، سوقوشقا حاضرلانماقدا دەب سوقوش چیقاریش مسئولیتینی هرایکی طرف بر - بریگه آرتیب اولتورماقدادور.

دنیاغا کیم خوف توغدوروب باقاتلیقینی، دنیا سوقوشینڭ چقیشیغا کیم لەر سبب بولودیغانلیقینی کلگوسیده‌کی وقالریمزگوریسونودور. قاچاربولموسون دیر زور سوقوش بولمای قلمایدور.

مریقا انگلیزه سیاستچیلری 3 نچی دنیا سوقوشی اگر 1955 - یلدن اول باشلانغان تقدیرده اتوم بومباسیغه ایگه صف هیچ قیینچیلق تارتمایدو، سوقوش اوددن اوتوب ایتب قالغان تقدیرده مشکل بولوب قالمایدو اغیرلیشب کیتەدور شونڭ اوچون سوقوشنی تیز چیقارماق لازم دیگەن اویلا سوقوشنڭ تیزدن چقیشینی کوتمکتەدور

هرزمان دنیا آز سانلقلار نڭ اربابینی بولوب کەلگەن ایدی 3 نچی دنیا سوقوشی هم آز سانلقلەرنڭ کیفی اوچون باشلانادور. اولودغان، کوییدیغان مالی جانیدن ایریلیدیغانلەر عوام خلقدور.

## بر هیئت قایتب کلدی

اولکەلك حکومەتدن طورفان - توقسون - پیچان ناحیه لەری نڭ ارتبار لق توپلاو ایشلەرینی کیزگەیتش اوچون معاون والی حمدالله افندی و اسماعیل طاهری - رهبرلکدیکی هیئت 40 کوندن آرتوغراق مدتده او زی نڭ خدمت لەرینی تماملاب 19 - چیسلا کەچده شهریمزگه قایتب کلدی.

مخبر

: : s + s : :

## تونگان یاشلرینك بر حرکتی.

مدنی معارف پروەر تونگان یاشلری یاقین کونلر اچنده بر غزته چیقارماق بولغان بو غزته آرقالی اسلام مدنیتی، اسلام تاریخی، ادیان کبیلەر اوستنده خلققه یاردم بیرمك بولغان. بوغزته گه تونگان ضیالیلریدن ماسی بەی، والیمین باڭ، ماشی لەن، خو سو جونلەر مسئول بولسا کیرەك.

: : ) s s s ( : :

## چیکەتکو گه قارشی جدی چاره

اطراف ناحیه لەرده چیکەتکو آفتی پیدا بولغان خبری کلگەندان همان تیبران نظارتی و چیکەتکو آفتینه سالانماق اوچون پلان توزەب قوتوبسانجی قوناڭ قانارنی 5 ناحیه گه گروپپا آدم ایبەرمك بولغان.

## سایغیلی درنه‌کداشلار

٢١- مای شنبه دونی کەچ قورون ساعت ٨، یاڭ خا[...] قازاق-قرغز قلوبیدا ٢٦- س[...] لق درنه‌ك ا لتوروشی او[...] کوزیله‌ور. درنه‌کداشلارنڭ وقتیده کیلب قاتنا شیشینی سورایمز.

بلم توركومی

www.uyghurkitap.com



# اچكى و تاشقى خبرلەر

## شاڭخەى اطرافيدا

انقره: ( ١٤ ـ ماى ) شاڭخەى شهرى اچيده اغتشاش چيقارغان كشيلەر شهرمدافعه قومانداتلىقى طرفدن يوتونلەى يوقاتيلدى. كومونيستلار قوچەن اولكه سينڭ مركزى قوجوشهرىگه 50 ميل يرگه ئلدى شاڭخەينڭ 7 ميل جنوبيدا سوقوش بولماقدادور.

باكى دهلى: شاڭخەى ه اوسولكد 5 ميل براقداكى واڭ پودا قاتتق سوقوش دوام قيلماقدا. حكومت عسكرلەرىگه ياردم كلدى.

كراچى: موسكوا راديوسينڭ بيلدوروشيچه اوچاڭ خەن يالڭ شهرلەرينى كومونيستلار اشغال قيلدى.

## مستملكەلەر مسئلەسى

طرابلس خلقى يەنە نمايشدا

لوندون: توگون توشدن بورونقى مجلسده طرابلس نى ايتاليا غا بريش حقيدەكى انگليز، ايتاليا اڭلاشماسينى 14 تاووشقا قارشى 37 تاووش بلەن عمومى قورولتاى رد قيلدى. امدى فزان اريتيريا و سومال مسئلەسى قالدى. كيلەچەك مجلسلەردە مذاكره بولماقچىدور.

باكى دهلى: توتوگون كيچه لكسكس ده ايتاليانڭ مستملكەلەرى حقيده انگلتره و ايتاليا فكرينى بولەشكەن ماتلەر عمومى قورولتايى قبول كورمەدى. بو فكرنى سياسى قومته قبول كوروب مجلسكه تاشلاغان ايدى. ليكسيكسنڭ توزوتوش فكرى ليبيا نڭ 10 ييلغاچه آزاد بولوشينى منظور قيلدى.

انقره: طرابلس خلقى تونوگون ايتاليا حاكميتيگه قارشى 20,000 كشى نمايش قيلدى. طرابلس خلق رهبرلەرى ليبيا خلق بويوكلەريسكه برلەشيب مستقل بر حكومت قوروشنى تكليف قيلدى.

## لبناى باش وزيرينڭ دعوتى

لوندون: لبنان باش وزيرى عرب دولتلەرينڭ باش وزيرلەرينى بر كونفرانسقا دعوت قيلدى. مصر و عراق باش وزيرلەرى قبول قيلغانلقينى رسمى بيلدوردى. باشقالاردن خبر كلگەنى يوق. كيين كونفرانسنڭ وقتى و يرى بلگولەنگوسيدور.

## پاريس كونفرانسى

ايزويستيا غزتەسى دنيا صلحى حقيدە اميد بيلدوردى

انقره: پاريسدا انگليز، فرانسوز و آمريكا وكيللەرى ( حاضرلاق متخصص وكيللەرى ) مذاكرەگە دوام اتمەكدەدور. ايزويستيا غزتەسى پاريس كونفرانسى بلەن تورت بويوك دولتنڭ صميمى برلككه كليشينى قوەتلەب دنيا صلحى حقيده اميد بيلدوردى.

آلمانيا توسالغوسينڭ يوقالغانلقى و پاريس كونفرانسينڭ ياقينلاشيشى بلەن دنيا صلحينڭ اميدى كوندن ـ كونگه قوتلەنمەكدەدور. غربى و شرقى آلمانيا آراسيدا كيلش بارش اشلەرى كوپەيمەكدە، مال يورگوزوش اشلەرى زكورولمەكدەدور.

واشينغتون: امريكانڭ آلمانيادەكى عسكرى واليسى گنرال كلاى بوگون واشينغتونغا يتب كيلدى.

انقره: آلمانيانڭ شرق قسميده ( سويت اشغالى ستيدا ) يورگوزولگەن سايلام تمامەن اركين تاووش بريش بلەن بولدى.

## اچيسون ديدى كه

لوندون: اچيسون آمريكانڭ بويوك اوقيانوس برلكيگه كريش ـ كيرمەسلك مسئلەسينى تدقيق قيلمادى ديدى.

## متاركه مذاكرەسى توختادى

واشينغتون سوريه و اسرائيل دولتى آراسيدەكى متاركه مذاكرەسى توختاب قالدى. برنچه هفته كيچه مذاكيره باشلانيشيدا اميد يوق ايمش.

§§ §§

## ياپوندا ياڭى بر حركت

(١٦ ـ ماى توكيو) ياقندن بويان خلق آرا وضعينڭ اوزگوروب كيتب بارغانلقيغا قاراب ياپون حكومتى ياپون ساقچيلەرينڭ قوەتينى آشوروش قرارينى قبول قيلغان. بو قرارغا آساسا ساقچيلارنڭ تشكيلى و تأمينانينى ياخشيلاماق بولغان.

§×§

## شاڭخەيدە

(١٧ ـ ماى تاس) شاڭخەى حربى قوماندانلق انتقال 16 ـ مايدن باشلاب مال نرسه كرەكلەرنى استعمال قيلمنى ترتيبكه سالماق بولغان. يولى بارلار يوليني، مالى بارلار ماليني چقاريش ديگەن پرينسيف استندا، هربير تجار، زاوود، شركتلەر اوز اختياريچه نرسه كرەك چيقارماق بولغان، بو نرسەلەر عدالت ايله الىب عدالتلك ايلەتقسيم قيلنماق ايكەن.

§§×§§

## اولوغ اوكيان معاهيدەسى اوستندە فكرلر

(٥٦ ـ ماى لوندون) اوستراليه رئيسى اولوغ اوكيان معاهيدەسى حقندە سوزقيلب ـ اول انگليه، اوستراليه، هندستان، يڭى زيلاندييه دولتلارى بر معاهيده توزوب آلەيدى سوڭ بو معاهيدەگە قانائەتسا آمريقا و باشقا اولوغ اوكيان دولتلەرينى تكليف قيلامز" ديگەن. هندستان باش آمريقادا "سفرى" هندستان مستقل حالدا سوقوشقا قارشى كوروش قيلي و "اگر اولوغ اوكيان معاهيدەسى توزولوب قالسا، هندستان اونڭغا قاتناشمايدور. هندستان حكومتى اوزدولتى اچنده بولغان كامونيستلارنى چەكلەب آلالايدو" ديگەن.

# حريتنىڭ مختلف شكللەرى

بير ملتنىڭ حريتى يوكسەلگەنسارى، كشيلك حريتىنىڭ تطبيقات ساحەلەرى كيڭەيەر و كوپەيەر. مثلا ابتدائى انسان ايلە مدنى بير انساننىڭ حريت احتياجلارى عينى ايمەسدور. انسان جمعيتلەرى مدنيلەشكەنسارى، تورلى شكللەردە بير - بيريدن آيريم و مستقل كشيلك حريتلەرى ميدانغا چيقار. بو حريتلەر ماهيت و طبيعتلەريگە قاراپ ايكى گروپپاغا آيريلور :

1 - كشينىڭ مادى منفعتلەريگە تقابل اتكەن حريتلەر .

2 - كشيلكنىڭ فكرى حياتنداكى حريت حقلەرى .

بونجى خيل گروپپا ايچيدە سانالادورغان حريتلەريمز شولەردور :

1 - شخصى حريت ؛

2 - اولتوراقنىڭ تعرضدن امنيتى

3 - كشيلك ملكى

4 - تجارت ، چاليشما و صناعت حريتلەريدور .

1 - كلمەنىڭ تار معناسى ايلە شخصى حريتيدور. يعنى اوچوق كتمەك ، كەلمەك، ملى توپراقلاردا قالماق، ياخود اوندن چيقماق حقيگە ايگە بولماقدور. ( سياحت و توروش حق و حريتى ) بوننىڭ ايلە برابر كيفى توقيفلەردن ، كيفى حبسدن، كيفى جزادن ساقلانماق امنيتيدور. شخصنىڭ حريتى انسانلقنىڭ ضرورى ايجابيدور .

2 - اولتوراقنىڭ تعرضدن امنيتيدور. بو حق شخصى امنيتنىڭ آساسى بولوب انسان اوينىڭ ايگەسيدور. اويگە ايستەگەنيني كلتورەر، بير انساننىڭ اويىگە حكومتنىڭ مداخلەسى ، يالغوز قانوننىڭ تعيين اتكەن حاللەردە و صورتدە بولالايدور .

3 - كشيلك ملكيتيدور. بير انساننىڭ امگەك محصولى بولغان هر نرسەگە ايگە بولوشى، دولتنىڭ مداخلە قيلالماسلقى يوكسەك حقلەردندور. انسان ناموسكارانە ايگە بولغان مال ملكيگە ايستەگەنى كبى ايشلەتەلايدور، سانالايدور. سانمايدور خواهلاغانيغا بيرەدور، تيلەگەنى كبى قوللانالايدور. اسكى زمانلاردا بوندۇق بولماسدن عكسى ايدى.

انسانلار موفقيتلەرى اولماغانى حالدا عائلەلەرى ايلە اولتورغان يرلەرى ايلە برابر سانيلار ايدى .

كشيلكنىڭ ملكيت حقينى يگانە تهديد اتكەن عمومى منفعتلەر اوچون استملاكدور. بوننىڭ ايلە برابر حكومتنىڭ، بلديەلەرنىڭ، محلى ادارەلەرنىڭ نە كبى لزوم و مجبوريتلەر ايلە و نە اصول شكلدە استملاك قيلشلەرى و استملاك قانونلەرى ايلە تعيين بولونمشدور .

فكر و قلم محصولى بولغان هر اثرمو ايگەسينىڭ حقيدور. بو حق "حقى تأليف قانونى" بلەن بلگولەنەدور .

4 - تجارت چاليشما و صناعت هر بيدور. انسان حياتينى قازانماق اوچون ايستەگەن ايشيدە، مسلەكدە ( كسبدە ) و صنعتدە چاليشالايدور، بو خصوصدا سربستدور. فقط بو حريت عموما باشقلقنى بجرمەك اوچون بير طاقم قانونى قيدلەر و شرطلەرگە باغلقدور .

مثلا : بير سوتچى، بير نانباى بيرنچە صحى نظاملەرگە رعايە قيلشقا مجبوردور .

بير تجار اجنبى مملكتلەردن كلتورگەن مالارنى، گومروك برمەسدن مملكتكە كيرگيزەلمەس .

هر كشى مملكتدە ايستەگەنى كبى، معلملك آووقاتلق، دوقتورلوق قيلالماس. بوننىڭ اوچون بير طاقم صفتلەرنىڭ بولوشى لازمدور.

بولاردن باشقا دولتنىڭ سياسى و ياخود عمومى منفعت و امنيت مقصدى ايلە انحصار آستيدا بولونغان ايشلەرنى باشقالارى قيلماس. عراق و تماكو كبى .

بوتون بو مانعلەر ايلە برابر انسان اوچون دائما كافى بير چاليشما و اقتصاد حريتى باردور .

ايكنجى گروپپاغا داخل اولغان حريتلەر تخيمو جنق، توغريدن - توغرى كشلەرنىڭ فكرى حياتنداكى حريت حقلەريدور. بولەر توبندەكيلەردور :

1 - وجدان حريتى ؛

2 - بيغيليش حريتى ؛

3 - مطبوعات حريتى ؛

4 - جمعيت تشكيل حريتى ؛

5 - تدريس حريتى .

1 - وجدان حريتى، هر كشى ايستەگەنيني توشنمەك ، ايستەگەنيگە ايشنمەك، اوزيگە مخصوص بير سياسى فكرگە ايگە بولماق. منسوب اولغان بير دين نىڭ ايجابلەرينى ادا قيلماق، ويا قيلماسلق حق و حريتيگە مالكدور. هيچكيمنىڭ فكريگە و وجدانيغا حاكم اولونماس.

وجدان حريتى مطلق تعرض ايتيلمەس. كشينىڭ طبيعى حقلەرينىڭ الڭ مهملەرندن تانولوشى لازمدور .

مدنيتنىڭ قالاق اولغان جهالت دورلەرندە فكر و وجدان حريتى تحكيم و قستاقچيلق آستيدا ايدى. انسانلق بونگەدن كوب ضرر كورمشدور.

2 - يغيلش حريتى و مطبوعات حريتى. بو ايكى حريت، عينى پرنسيپدن چيقار، او، پرنسيپ انسانلارنىڭ فكرلەرينى سربست سوزلەمەك و نشر اتمەك حقيدور .

وطنداشلار اوز تعليم و تربيەلەرى اوچون و عمومى منفعتلەرى نقطەسيدن فكرلەرينى آلغا سورەدور، توشەنيشلەرينى ايستەگەنى كبى سوزلەمەكى لازمدور .

الڭ بيوك حقيقتلەر و تلقيلەر فكرلەرنىڭ سربست اورتاغا قويولوشى ايلە ميدانغا چيقار، و يوكسەلور .

بيغيلش، انسانلار برابر توشەنيب قونوشماق وياخود بيرينىڭ سوزلەرينى آڭلاماق مقصدى ايلە موقت بولسامو بير آراغا توپلانماقدور و بير يرگە كلمەكدور .

بيغيلش حريتى جمهوريت قانونيمزنىڭ كشيلەرگە برگەن حقلەريدندور.

بيغيلش انسانلارنىڭ بير نرسەنى برابر كورمەك اوچون توپلاشمالەريدن وياخود انسانلارنىڭ مشترك حركت اوچون دائمى بير صورتدە بيرلەشيشلەرى حاليدن عبارتدور .

بيغيلش، اسم ايلە و شخصى بير دعوت اوستيگە اولغان خصوصى توپلانما ايمەسدور. مملكتنىڭ حضور و تنجلقينى بوزادورغان صورتدە و يرلەردە توپلانماق طبيعتى ايلە ممنوعدور .

( دوامى بار )

بز خلقچيمز
بز ملتچيمز
بز انسانيتچيمز

تلده، اشده، فكرده، برلك!

أرك

مديرى: عيسى الب تكين
باش محرر ... . بوغرا

26 ج ... ١٣٦٨ . ٩
... 1949 . 22

عرقيمز توركدور
ديننيمز اسلامدور
يورتيمز توركستاندور

280 — يكشنبه — آدريس: اورومچى ياڭغاق التاى كوچاسى اوى نومرى 13
تلفون: مدير اوى و اداره خانه: 26 تلگراف 2222


# كولكەلك بير ادعا

تورلك . تورلك و بير - بيريگه ضد بدناملارغا اوچراب كلگەن ملىت جريانى، بوگون «يورتقا زهر چاچقانلقى» (؟) بلەن قارالانماقچى بولادور. غايبانه ايشيتدگەن بو بدنامغا كولكه بلەن جواب بردوق. سوگره آڭلادوقكه بو بدنامنى ملىت جريانيغا ويا ملتچيلەرگه چاپلاغوچيلارنڭ قلبى حسسزدور. گرچه بولغان تقديرده هم بو حس، مفكوره دن، ملىتدن توغولغان ايمەس. بلكه منفعت، منصب اوچون توغولغاندور. منفعت آرقاسيدن قوغلاشيب يوروب هم ملىتنى، هم اوزينى قربان قيلغان كولمەگەن «قهرمانلار» بلەن خواهى تاريخدا بولسون، خواهى رومانلاردا بولسون خيلى كوب اوچراشقالى بولادور. فقط كورمەدوق و اوقمادوقكه هيچ قانداق بير «قهرمان و قهرمانلار» شخصى تو شانچەسى يوزيدن بو قدر باتورلق قيلماغاندور.

ملتچيلەر كيم؟ - ملتيڭنى اسارتدن جهالتدن و سفالتدن قوتقازماقچى بولغان هر يورتداشدور. «ملتچى» عنوانىنى بوگونكى وضعيتده يالغوز بير گروهغا برمەكچى بولغان «فيلاسوف» شبههسزكه، اسارت، جهالت، وسفالت دوشمەنى بولغان عمومى خلق بلەن فكرده، غايەده متفق بولا آلمايدور. شو يورتدا توغولغان، شو اسارتده بوغولغان بوتون يورتداشلارنى بوتون حسلەرده اورتاق دب اويلايمز. زامان شرقى توركستان انقلابينڭ قايسى بيرى ملى مفكورەدن توغولمادى؟ قايسى بير انقلابچى ملى آزادلق شعارى آستيدا ياقلانمادى؟ توركستان تورك يورتى بولا آلماغان تقديرده هم بو يرده يوز بيريب يانقان قانلق و قانسز بوتون مجادلەلەر ملت مسئلەسيدن كيلب چيقماقدادور. ملتچيلەرگه ويا ملىت جريانيغا اوچوقدن اوچوق هجوم قيلماقچى بولغان قهرمان بوگونكى توركستان مسئلەسيگه «بين الملچيلك» توسينى برگەن بولادور!

يوق! يورتيمزو بولو هواوزينى تورك بيلگەن هر يورتداشيمز يوزلاق قارغولارچه بريلگەن حكمنى قبول قيلالماس. يوز تەنەچى دايلاريغا وارث بولوب ارتەدن - كچەگەچه غير محنت بلەن اواره بولوب يانقان خلقيمز توروبدور. بو كتله اوزينڭ آزادلقيغا ايرشلك بولغان هر قانداق توبەدا بير - بيرگه اورتاقدور، همتداشدور. هممەسى بو بزورلقلارغا و بو خورلقلارغا قارشى زهردەسنى قاينتقان بيرەر ملتچيدور.

بوگون خلققه ياخشى كورونمەكچى بولغان هر آدم، شو يورتنڭ ايگەسى بولغان شو خلقنڭ ملتچى ايكەنلكيگه قائل بولوشى لازمدور. و يورتداكى ملى جريانغا باش ايگيشى ضروردور.

بوگونگه قدر يالغوز بير گروهغا «ملتچى» ديەلب كلدى و بو گروهنڭ روتون حركتيگه دوشمەنلەرچه بها بيريلب گلدى. شو قدركه يورت و ملت اوچون فائدالق بير تشبث بو گروه طرفيدن اورتاغا تيلەندە بو تشبث يورت اوچون ضررلك قيلب كورسەتيلشدن چكينمەدى. شايدكه ملت مجادلەسينڭ شخصى غرضلەر يوزيدن «منصب مجادلەسى» گه ايلانيب كيتيب قاليشيدن قورقمايدامز.

ناپوليون:

- «ملتنى بويوك ملت قيلارمن!»

ديسه، باشقا بير گنرال قوپادورده:

- «چونكه ملتنى بويوك ملت قيلغان بزمز!» دەيدور. فقط بزدە بو ادعادا بولوب - بولماغانلقيمزنى افكار عامه بيلەدور.

ملتچيلەرنڭ يورتقا زهر تارانقانلقى (؟) نى ادعا قيلش هم «كوزوم قارغو» دوشمانلقدن باشقا بير نرسه ايمەس. يازغان، سزغان سوزلەگەن هر نرسەمزده قوللوقنى يافلامادوق. ملتنى معنوى، مادى اسارتدن قوتقوزوش يگانه مقصدمزدور. تاكه غربتچيلكدن باشلاب... اگر ملى آڭ تارانمق، ملتنى معارفغا قربقدورماق بير تورلك زهرلەش بولسا، باشقالارنڭ تشويقينى قيلماق، شخصى منفعت اوچون هر قانداق ملى قباحتلرقدن قايتماساق نيمه بولوب چيقار؟

يورتداكون بير كشيدن ايشتدم، سياستچيلەرنڭ مربدلاريدن بيرى ايتيبدوركه «بو دەرنەكنڭ قاشستلارنڭ اوواسى» ايمش! بيلم دەرنەكينڭ بيرەر مجلسيگه كيروب قالغان هر يورتداش، بو بدنام بلەن آڭلايدوركه بزگه چاپلانماقچى بولغان تهمتلەرنڭ هممەسى يالغاندور! حقيقتده، بيلم توركومينڭ مديرى محترم محمد امين بوغرانڭ دەرنەكنڭ برنچى بيل دونومدە اتقايدە «دەرنەك بيلم دەرنەكيدور ملتچيلەرنڭ سياسى موسسەسى آرتى نشرياتيدور»! اگر بو قاراسيغالا بيريلگەن بدنام، ملى منورلەريمزنڭ دەرنەكده باشقا ملت ويا باشقا مملكتلەرنڭ تروپاكنداسىنى قيلماغانلقى اوچون ايتلگان بولسا بلكه حقى باردور! زادى ملتيمنى، ملى بارلقيمنى سومەك بير قاشستلق بولسالا... چونكه بيلم دەرنەكيده بريلگەن كونفرانسلارنڭ موضوعى تورك تاريخى، توركستان انقلاب تاريخى، تورك تيل و املا مسئلەلەريدن عبارت ايدى. هيچ بير دەرم

دوامى ايكنچى بتده

# اولكه و شهر خبرلەری

(چینی توركستان ادبیاتی و اورەل مخابریمزد)

## جنرال مابو فاك غربی شمال

باش قوماندانیغا تعیینلانغان

(سنترالنیوس 18 - مای كاننون تلغرامی) مأموری پالاتانك سیاسی اشلار مجلسیده شمال غرب وقتلك باش قوماندانی گروهی - چیئوڭ اورنیغا چیڭ خای اولكەسی رئیسی و شمال غرب معاون باش قوماندانی جنرال ما بوفاك افندینی رسمی روشده شمال غرب باش قوماندانی قیلب تصدیق انمشدور.

## جنرال مابو فاك

### شیمال غرب باش قوماندانی تعیین ایتلدی

... ساحەدیكیلەر چوك خوشلق تكلیف اوچون وكیللەر ایبەرگەن

(لەنجو 20 - مای تلیغونی) شمال غرب باش قوماندانی جاڭ جژ جوڭ افندی پیكنده قالدو. ولغاندن صوڭره شمال غرب باش قوماندانق وظیفەسیگه مركز حكومت چیكخەی اولكەلك حكومت رئیسی و شیمال غرب معاون باش قوماندانی جنرال مابوفاكنی رسمی روشده شیمال غرب باش قوماندانلیقیغا تعیین انكەن. بو خبر آڭلانغاندن كیین بوگونكی مركب و قیین وضعیتده جنرال ما بو فاك بو آغیر مسئولیتلك وظیفەنك عهدەسیدن چیقالماسلیقینی بلدورگەن. لەنجونك هر ساحەدەكی كشیلەری و معتبرلەری چیڭ خەی جنرال ما بو فاك حضوریغا بو وظیفەنی قبول بیورمانینی رجا ایتشكه و تكلف قیلشقا كەتكەن.

## جنوبقا تفتیش اومیكی بارار بولدی

اولكولوك حكومت هیئت اعضالرینك 18 - سانلق مجلسیده سیاسی پروگراممانی اجرا قیلش یوزەسیدن آلتی شهرگه بر تفتیش اومەكی ایبەرش قرار قیلنغان. بو اومكنك مدیر لقیغه یولبارس بیگم معاونلقیغا لیووده گین اودو گلەر تعیین قیلنغان. بو اومك مأموری ایشلەرنی یاخشیلاش، خلق اوستندەكی غیرلقلەرنی آڭلاش وپاراخورلوق ایشلەرنی تكشورش اشلری ایله مشغول بولسا كیرەك. بو اومك ایالەی مالیه، تعمیرات، ایچكی نظارت و تجارت بانكاندن بردن آدم برگه بارماق بولغاندن. بولر 29 - مای كونی یولغا چیقارمش

## لیووده گین افندی قایتب كلدی

اوتكەن آینك 13 - كونی گوچوك موری قنارلق ناحیەلرگه ارتیارلق تربیەلەو اشلەریگه رهبرلك قیلش اوچون بارغان معاون تعمیرات ناظری اوندا كی اشلەرنی توگوتوب یاندا اورومچیگه قایتب كەلدی. لیووده گین افندی كورەشكه لی بارغان آدملەرگه: بو یل یامغور كوب یاغقانلقدن شمالی ناحیەلەرنك آشلقلەری اوبدان كوكوروب یاتادور. بو یل آشلقنك اوبدان حصول برشیگه ایشەنەمەن دیگەن.

## ماشینا كیرا حقی قایتا بلگولەندی

شهرمزدەكی 2 - تاش یول ادارەسی 5 - مایدن باشلاب كیرا حقی تورماسینی كموش پول حیسابیغا اوزگرتكەن. بر توننا یوكنك بر كیلومیتر كیرا حقی اوچون 33 تیینت بلگولەنگەن.

## تاوفوجاڭ گوەن شرفیگه بر ضیافت

اولكولوك حكومت رئیسی برهان افندی، معاون رئیس محمد امین افندی باش كاتب لیومونژ چوك افندیلر 20 - مای كونی غربی زالدا تاوفوجاڭ گوەن گه بر ضیافت بەرگەن. ضیافتكه یولبارس بگیم باشلق 60 دن آرتوق آدم اشتراك قلغان.

## اورومچی ولایتیگه 15 آدم تقسیم قلندی

بو یل حرم گه بارغوچیلار اوچون اورومچی ولایتیگه 15 آدم تقسیم قلنغان. بو 15 آدم نی اورومچی اطرافنداكی ناحیه لرگه تقسیم قلیش وە اولرنی ترمغا الیب باشقوروش اشینی اولكولوك حكومت والی محكمەسیگه تاپشورغان.

## بانكا اجرائیه تفتیش هیئتی

18 - مای كونی شاڭ جاڭ تجارت بانكا اجرائیه تفتیش هیئت اعضالەرینك برنجی نوبەتلك مجلیسی آچلغان. مجلسكه لیو موڭ موڭ، ماگوبی، زكی طاهت ،ەی وین یوی جاڭ فو شاگەر قاتناشقان. مجلیسده بانكانك 37 - یللق و 38 - یل، برنجی آیدن 4 - آیغیچە قدر 4 - آیلق خدمتدن داكلاد بریلگەن.

## اشلق الیش چارەسی مذاكرەدە

آشلق ادارەسی، مالیه نظارتی نان آسپالك مینان ادارەلەری ایله برلیكده 38 نجی یلنی سابیب آلینا چاق آشلق، بوغوز، اوت سامان اهلەری اوستنده مذاكره یورگوز مكدەدور. بو یل بو اشلەرنی بر پلانغا آلسا كیرەك.

(بیشی برنجی بەتده)

نەدەه كاپیتالیزم ویا سوسیالیزم تاریخی بحث موضوعی بولمادی. خردی انگلیز تیلی ویا روس تیلی ماختالماغانیغا اوخشاش ....

ملی مفكورەنی ملت آرا چقاپایماق ملتنی زهرلەش بولسا، راغا سیاستاو روغینی چاچالایمو؟ سیاست یوزیدن قاقیلب سوقولوب، بیر گروه بولوب توتولدوق. یەنه بو نسا بیر نچه گروهلارنی چیقارایاسمو؟

# اچکی و تاشقی خبرلەر

## اچکی چین خبرلری

( 20 ـ مای ) شاخەی شماتدە کومونیست توپچیلەری شهرنڭ سرزقی رایونلەرینی توپقا توتماقدادور ؛ دورغونلاغان خاق شهر اچیگە قاچیب کرمکدە شاگخەی محافظت قوماندانی شهردە سنالین گراد سوقوشی کبی کوچا سوقوشی آلیب اریش نیتیدە دولسا کرەك .

( 20 ـ مای کانتون ) بوگون چین قانون پالاتاسی بر قرارغا کیلیب ، چینی اچکی سوقوشدین قوتقوزوب قیلیشنی سوراب بر لەشیش ماتلەر هیئتیگە التماس قیلیشنی مأموری پالاتادن سوراغان .

( 20 ـ مای انقرە ) لوزوڭ رین بوگون چوڭچالاغە کتدی . بعضیلر ، لی زوڭرین ئوسفربدە حکومتنی چوڭ چالاغە کوچورش اوچون تدقیق اتمە کرەك دشمکدە دور .

( 20 ـ مای کانتون ) بر مخبرنڭ پای تختنی کوچورش مسئلەسی اوستدە تارالغان خبرلەر توغرولوق سوروغان سواليغا ، چین مأموری پالاتا انظارچیسی باوچینتەن دیگەن کشی « حکومت پای تختنی یوتکەش پلانی یوق . حکومت پای تختنی چوڭچالاغا کوچورەمیش دیگەن خبرلر یالغان » دەپ جواب بەرگەن .

( 20 ـ مای کانتون ) 19 مایدن باشلاپ بوتون فورموزا اولکەسی دوینچە حربی حالت اعلان قیلنغان . فوجەن اولکەلك حکومت شامین شهریگە کوچدی . جنوبی چین دیگزی ساحلیدای عمومی اولکەلەردە حربی انضباط تشکیل قیلندی .

## تورکیە یوناننڭ اشتراکی مسئلەسی

( 20 ـ مای انقرە ) تورکیە و یونانڭ آوروپا کونسیگە اشتراك ایتشینی انمەسنکینی تدقیق اتمك اوچون بر کمیت تشکیل بولدی . بو مسئلە آغوستدا اشتراسیورغ توپلانتیسیغەچە بر طرف بولشوسی . یونان مسئلەسی حقیدە گرومیکو ، ماکمیل دە امریقا خارجی وزارتی ـ نڭ ـ ماونـ ـی ـ ـدا کـ ـرەشـ ـ ، ـ ـ ـ ـکەن خبر بار .

## امریقا اولوغ اوکیان معاهدەسیگە قاتناشماسا کرەك

( 20 ـ مای انقرە ) أچسون بوگون اوچقو ایلە پاریسقا یورمکچیدور .

( 20 ـ مای سان ـ فرانسیسکو ) امریقا دولت وزیری أچسون هفتەنڭ ـ نچی کونی مخبرلەرگە ایتقان سوزیدە : « اولوغ اوکیان معاهدەسینی قوش وقتی دخی یتیب کلمیدی . آسیانڭ اچکی مسئلەسی حل قیلنمیغن سوڭ بوایشنی ایشلەشکە ممکن . ـ لانسیك اوکیان معاهدەسی بولسا ـ لی رایونداکی دولتلەرنڭ قورغار بر ـ افعە ـرلك صفیدور ، حکومت آسیا ـ ـعیتی نڭ دنیا تنچلقیغا نەقدر ضرە ـ کیلیدیغانلقینی بلسەمو ، آمریقا حکومتی بلکی اولوغ اوکیان معاهدەسیگە قاتناشماس .

( 20 ـ مای سان ـ فرانسیسکو ) آوستریلیا دولت مدافعە وزیری « بوگونـ ـکی اهـ ـوال آستیدا اولـ ـوغ اوکیـ ـان دولتـ ـلەرینی ـ ـ اتفاق آستیغا تـ ـوپلاش ایمکانی آوستریلیە نـ ـڭ مـ ـدافعە پلانی ، انگلیـ ـ ، یاـ ـ زدلانـ ـ ، ایلە اورتـ ـاق بـ ـر پلاـ ـور ، یاپـ ـنیە نڭ اولـ ـوغ اوکیانقا خـ ـەوف توغـ ـدوروشیغا یـ ـول قویالماسلیـ ـق ، اما یاپـ ـونیە صادی نڭ ترقی تاپیشیغا قارشی تورماسمز » دیگەن .

# طرابلس خلقی جملیدی

( 20 ـ مای لندون ) طرابلسنی ایتالیاغا بریش مسئلەسی برلەشکەن ملتلەر قورولتایی دا تیول قیلنماغانلقیدن طرابلسدە قارشی نمایشلار توختاماستن داق اورناتقان .

§§×§§

# المانیا مسئلەسی

( 20 ـ مای انقرە ) بیوین ، أچسون وشومان یکشنبە کونی پاریسدە توپلانوب تورتلەر مجلسی اوچون متخصصلارنڭ تیارلاغان المانیا مسئلەسی لایحەسینی کوزدن کوچوروب مذاکرە قیلماقچی ایمش . شرقی آلمانیەدەکی خلق قورولتایی بون پارلامنتو قانون آساسی لایحەسیغە قارشی دعوالەرینی پاریسدەکی تورتلەر مجلسیگە سونماقچی ایمش . بونی پارلامنتوسیدو اوز لایحەسینی تورتلر مجلسیگە سونوش احتمالی باردور . انگلیزلەر بر طرفدن سوقوش ایمەلەرینی کوپەیتماك و بر طرفدن یاشورون قورالار تدقیق اتمکدە ایمش . یوگاکورە ، قورال زاپتشقا قارشیلیقی معلومدور .

§×§

# مصردا کوب خاتون الیشقا قارشی بر قرار

( 20 ـ مای شام ) مصرداخاتونقزلەر جمعیتی کوب أرلەرنڭ کوب خاتون الیشیغا و هم طلاققە قارشی کورەش قیلیشقا قرار چیقاردی .

( 20 ـ مای شام ) ایتالیادە ایش تاشلاغان دهقانلارنڭ سانی یتی یوزمڭغا یەتدی .

§§×§§

# فرانسیە ـ روسیە تجارتی

( 20 ـ مای مسکوا ) روسیەدیکی یاپون سوقوش اسیرلەری کلگوسی آی نڭ آخریغە قدر اوز یورتی غا قایتورولقوسی .

( 20 ـ مای مسکوا ) فرانسیە ایلە روسیە اوتتورسیدیکی تجارت شو آی نڭ آخریدا باشلانماق بولغان .

# افکار عمومیه

( باشی ارکه‌ی سانده )

ث. عمومغا عائد ایشلارنی تنقید حریتی، حکومت ایله ملت آراسیدا بیر انکلاشما زمینی وجودقا کلتورور. حکومت نشریات واسطه‌سی ایله افکار عمومیه‌نی آنکلار و ایجابندا لازم اولغان وثیقه‌لەر ایله اونی تنویر ایته‌ر. حکومتنك ملتنی و ملتنك حکومتنی انکلاشی بوله‌رنك بیر تن بولوشینی و فعالیتینی تأمین ایته‌ر.

# افکار عمومیه‌نك اوز اوزیدن تشکیللینشی

حکومت موقع و حرکتینی توزه‌تك اوچون، افکار عمومیه‌گه اهمیت برگه‌نیگه قدر، افکار عمومیه تشکیلاتلانیر. افکار عمومیه‌نك دائما استفاده قیلالایدورغان، حاضر بیر حالدا بولونماقی اونك بیر تشکلاتقا مالك اولوشی ایله ممکیندور. بو تشکلات، اوچوق تنقید و مناقشه ساحه‌سیدور. بو ساحه دائما اوچوق اولوشی و تورلی فکرلەر اوچون همیشه حاضر بولماقی لازمدور. بو مطبوعاتنك غیرتی و منفعتی عمومیه‌نی هر کون یاکیدن یاکیغا مناقشه اتیلشی ایله بولادور. افکار عمومیه‌نك جاری اولغان بیر مملکتده، غزته‌لەر نشر قیلنماسا، آهالی شاشقون و هیجان بیر حالغا کیلور. بحث اتکه‌ن بو فکریمز تشکلاتیدا، شو خصوصیتلەر کورولور:

آ ـ فکر تشکیلاتی، بیر آزچیلقنك ویاخود بیر طاقم انسانلارنك محصولیدور. شبهه‌سز خلق کتله‌سی، بو تشکلاتقا اشتراك ایته‌ر. فقط باشقا نرسه‌لەرمو اولغینی قدر، بو یرده مم خلق کتله‌سینك رولی فعال ایمه‌سدور. گرچه خلق نشریاتینی عکس ایتدیریر، فکرلەرگه طرفدار تویلار. فقط فکرلەرنی اورتاغا آتقان و نشریاتنك مرکزلەرینی تشکیل اتکه‌ن خلق ایمه‌سدور.

ب ـ معاصر فکر تشکلاتیدا، حقیقتده ایکی زومره‌نك فعلیتی باردور. بو صنفلەردن بیری، مطبوعات تشبثله‌رینی وجودقا کلتورگه‌ن و اداره اتکه‌نله‌ر دور.

[illegible]عات فکرلەرنی اورتاغا اتماق و نشر اتمه‌ك اوچون لازم واسطه‌لەردور. سیاسی فکرلەرنی هم عملکه اشوروچی مطبوعاتدور. مطبوعات تشبثله‌ری غزته‌لەر، مجموعه‌لەر و کتاب باسیشلار ایله اولور.

مطبوعاتنك سیاسی فکرلەرنی ایشله‌شده‌کی رولی تخیمو جیق مهمدەدور. چونکه سیاسی فکرلەرنی اورتاغا آتقان، دائما سیاسی گروپپالار و زومرلەر کبی فکر جمعیتله‌ریدور. بولماسا خلق کتله‌سی ایچیده اوز ـ اوزیدن میدانغا چیقماس.

ث ـ یاخشیلاب بلمه‌ك لازمدورکه، غزته‌لەر مکتب کتابلاری ایمه‌سدور. پهت انسانلارنك پول ایله قیلدورغان مطبوعات مجادله‌لەری باردور. الا عادی یالغانلارنی مطبوعاتنك قوللانغانلقی معلومدور. مطبوعات و فکر حریتینك معروض قالغان باشقا تهلکه‌لەریمو باردور. مطبوعاتنك و حتی فکر جمعیتله‌رینك، ملی حکومتنك تأثیریدن قورتولوب، سیاسی ویا اقتصادی یوشورون مقصدلەرگه الت اولوشیدن قورقولور. مطبوعاتنك پول ایله سانیب آلینشی خلق آرا یوکسه‌ك پول عالمینك مطبوعات اوستیده یوشورون تأثیری وياخود سادەچه اجنبی دولتله‌رنك مخصوص کوسه‌تمه‌لەرینك تأثیری، بوله‌رنك افکار عمومیه‌نی غفلتده قالدیریشیدن قورقولور. فقط حریتدن چیقادورغان بو اشکیلکله‌ر اصلا چاره‌سز ایمه‌سدور. اولا، مطبوعات ارکینلکیگه موافق بیر چیکارا سیزیقی سیزیلماقی لازم. ایکنچیدن، غزته‌لەر، خصوصی بیر تشکلات قوروب اوز اوستیده‌کی اخلاقی بیر تأثیر اجرا ایته‌رلەر. ده‌سله‌پکی زمانلاردا بیر قازانچ ایشیدن باشقا بیر نرسه اولماغان غزته‌چیلك، اجتماعی بیر مؤسسه حالیغا کیله آلادور. بونکدن باشقا خلقنك فکری و سیاسی تربیه‌سیمو بیر تأمینات‌دور. خلق بیر قانچه غزته‌لەرنی اوقوماقا و اوله‌رنی بیر ـ بیرله‌ریگه کوزترول اتمه‌کگه و غزته‌چیلك یالغانلاریغا اشه‌نمسلککه عادتلەندوره دور.

بوتون بولارنك تاشیدا هر نرسه‌نك اوچوق بولوشی سایه‌سنده، یاخشیلقنك ترقی قیلشینی و حیات مسئله‌لەر اوستیده یاخشیلاق ایگه‌سی انسانلارنك دائما اکثریتنی تشکیل قیلالیشینی قبول اتمه‌ك موافق اولور. چونکه هر زمان دنیانك، بیربیرینی و بیر زمان دنیانك همه‌سینی الدانماق ممکیندور. فقط بوتون دنیانی هر زمان الدانماق ممکین ایمه‌سدور. تجربه کورسه‌تدیکه: هر نرسه‌نی سوزله‌مه‌کدن انسانلارنی منع اتمه‌ك اصلا ممکین ایمه‌سدور. فقط ملکی تربیه و یوکسه‌ك معنوی قوتلەرگه قارشی حکومتنك مناسب طرزی حرکتی سایه‌سنده عصیانکار فکرلەرنك یاییلیشیغا مساعده قیلمایدورغان اجتماعی بیر محیط یاراتماق ممکیندور. فقط هر حالدا هر نرسه‌نك سوزلینیشیگه مساعده اتمه‌ك و بونك قارشیسیدا سوزله‌نگه‌نله‌رنك عملیتگه کیچوشیگه ساقلاب تدبیر آلماق بله‌ن قالماق معناسزدور. بوتون خلقنك قه‌لگه کوچکه‌ن کونیله‌رنی توقیف اتکیده‌ك کوچ یوقدور. طبی بیر سلامتلك بولغانیغا اوخشاش اجتماعی بیر ساغلق هم باردور. ایکیسی عینی پرنسیپکه بواونه‌دور. مادی مکروبله‌رنی یوق اتمه‌ك ممکین اولماغانده‌ك، معنوی مکروبله‌رنی یوق اتمه‌ك ممکین ایمه‌سدور. فقط شخصلار وجودیدا جسمانی بیر صحت یاراتمو ممکین اولغانی کبی اجتماعی اوجودیدا معنوی بیر ساغلاماق یاراتماق بو صورتده بیر قارشیلاق زمینی حاضرلاماقی ممکیندور. (دوامی بار)

## ایکی قطعه

قاپ قاراکه‌ن تون قوچاقیدا،
ایزه ـ ایزه‌کله‌ر نه‌ی موکی
ایمه‌س ایدیم غربت تاغیدا.
یات کورونه‌ر کوزومنك اوکی

<◘▫▫▫◘✦◘▫▫▫◘>

الیب قاچار یاش خیالمنی،
قمگه سالیب منی بیر دمده
نه تویوش، نه‌ده أسله‌ش منده
نه اویلایمن استقبالمنی،

( «ب» )

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

نامه، آشده، فکرده، برلك !

# ئرك

مدیر: عیسی الپ تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

25 مای 1949 ییل — 28 رجب ۱۳٦۸

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز توركستاندور

282 — چهارشنبه

آدریس: اورومچی یالغاك التای كوچاسی اوی نومری 13
تلفون: مدیر اوی و اداره خانه: 26 تلگراف 2222


## ملی مسئله و خلقچیلق

بو ایکی سوزنك هر بیرینك اوز الدیغا معناسی، اوز آلدیغا قیمتی، اوز اورنیغا ایشلەتیلورغان اورنی باردور. خلقچیلق دیمەك همه ایشدا خلق خوا جه بولماق، یورت ایشینی خلق اور تاق اداره قیلماق، هر بیر ایشنی خلق نك ایستەگی بلەن ایشلەمەك و بوتون ایشنی خلق فایداسیغا قاراتماق دیمەك دور. مونداق خلقچیلق بوتون انسان لار اوچون عمومی صورتده لازم بیر نرسەدور.

ملی مسئله یاکه ملی حرکت دیمەك ملتنی اوزیگه اساس قیلغان، ملتنك حر آزادلقینی ایستەگەن، ملتنی ایکنجی بیر ملت دوبوتوروقی آستیدا قالدورماس لق ایستەگەن بیر حرکت دیمەكدور. بو هم بوتون دنیادەكی ملتلەرنك هر بیری اوچون لازم بیر نرسەدور.

خلقچیلق حرکتی ایله ملی حرکت لەر اوز آرا بیر بیریگه علاقەدار بولسامو، لیکن هر بیرینك ایشلەتیلورغان اورنی بیر بیریگه اوخشامایدور. بو ایکی حرکتنك علاقەدار بولغان نقطه لاریني آلساق، ملی حرکت بار جایدا اگر خلقچیلق حرکتی بولماس ایکەن، او یەنه بیر ملت اوچون تولوق بیر حرکت بولالمایدور. لیکن یالغوز ملی حرکت خلقچیلق مسئلەسینی حل قیلا المایدورغاندەك، یالغوز بیر خلقچیلق سیاست هم ملی مسئلەنی حل قیلا المایدور.

دنیادا اوزون ییللاردن بیری خلقچیلق حرکتلەری یعنی خانلق، فیئودال لق، حاکم مطلقلق توزومیگه قارشی حرکتلەر دوام قیلیب کلگەندەك دنیاداکی ایلگوچی مستملکه ملتلەرنك هم ملی حرکتلەری دوام قیلیب کلدی. شونگەدەك اقتصادی حیاتی بوغولغان دهقانلار و دوگون زور کاپیتالستلەرگه باغلانیب قال غان و حیاتی آغیر بولغان ایشچیلارهم اقتصادی آزادلق حرکتلەرینی دوام اتدورمەكدەدور. دیمەك هر بیر حرکت اوزیگه خاص بیر احتیاجدن توغولادور. اگر دنیادا ملی یاکه اقتصادی مسئلەلەرنی یالغوز خلقچیلق دیگەن بیر سیاست ایله بتریشکه ممکن بولغان بولسا ایدی، او چاغدا دنیادا خلقچیلقدن آرتوق رول اویناب تورغان ملی و یاکه اقتصادی حرکتلەر اورتاغا چیقماغان بولور ایدی.

بیر عصردن بیری مصر، ایران، افغان، عرب، هندی، ملای، چین کبی آفریقا، آسیا ملتلەری اوز آزادلقی اوچون هیچ بیری خلقچیلقنی بیرنجی شعار قیلغانی یوق، هیچ بیری خلقچیلق ایله ملی مسئلەنی حل قیلامز دیب حرکت قیلمادی.

کوزیمزگه الك یاقین بولغان بیر مثالنی آلساق، جونگونی مانجورلاردن قوتقازغان انقلابدا، سونیاتسین افندی هم قورتولوش اوچون ملی حرکتنی بیرنجی شعار قیلیب اورتاغا آتقان. شونگەدەك سوویت دولتی هم بوتون روسیه توپراغیدا بولغان ملتلەرنك ملی حرکتلەرینی یالغوز خلقچیلق سیاست ایله ایمەس، قوشولوش قوشولماسلق حقوقینی اوزیگه برگەن شرط آستیدا ملی جمهوریتلەر قوروش یولی ایله حل قیلدوق دیدی. اگر یالغوز خلقچیلق ایله ملی مسئلەنی حل قیلمقا ممکن بولغان بولسا ایدی، ملی جمهوریتلەر سوویتده قورولماغان بولور ایدی.

نخی عملا اشماغان بولسامو، سونیاتسیننك اوزی حیات وقتیده دولت قوروش پروغراماسی و بیرنجی دوبتلك قورولتای خطابنامەسیده جونگودا بولغان ملتلەرگه ملی جمهوریتلەر قوروب بیریش و اولارغا اوز ایشینی اوزی بلگولەب الیش حقوقینی برمەك بولغان حتی شول ملتنك بیر جمهوریت بولوب جونگوغا قوشولوش قوشولماسلق اختیارینی شول ملتنك اوزیگه قویماق بولغان.

بونارینی جملەرگه قاراب، یالغوز بیر خلقچیلق ایله بیر ملت مسئلەسینی حل قیلشقا ممکن ایمەسلکینی بیلیب آلالایمز. بعضا تولوق خلقچیلق همەنی حل قیلادور. بو سوز نسبی حقیقت بولالایدور، اما تولوق حقیقت بولالمایدور.

بزنك یورت اوچون بیرنجی اوروندا ملی حرکت، ایکنجی اوروندا خلقچیلق لازم بولغانلقدن ارك هم اوزشعاریغا بز ملتچیمز، بز خلقچیمز دیب آلغان. بزگه ملتچیلك یاکه ملی حرکت لازم بولغاندەك خلقچیلق هم لازم. اما همەنی تاشلاب یالغوز بیر خلقچیلققا باغلانیب آلیشقا بولمایدور.

بزدەکی ملی حرکت بوگون استقلال آلیش ایمەس، ملی جمهوریتلەر یاراتماق یولی ایله ملی مسئلەنی حل قیلماق حرکتیدور. بو، بوگون بزنك جغرافیه محیطیمز و دنیانك آقیمی و دولتنك سیاستیگه بك اویغون بیر حرکتدور.

## سپور میدانی

بلدیه، اوز مأمورلارینك و سپور سوەر یاشلرنك امکانیتینی توپلوقلاب بریش مقصدی بلەن واسکد بول، والیبول تور توپ میدانلرینی حاضرلاشقا کریشکەن. تیارگرلك ایشلری توگوگەن همان سپور ایشلری قزیغوسی.

# اولكه و شهر خبرله‌ری

(چینی توركستان اخبارانی و اوزه‌ل مخابریمزدن)

## جلاد شك شي سه‌ينك يارده‌مچيسى چيو ديك كوك بتون عائله سى بله‌ن اولتورولگه‌ن

لانجو زوگوك شرق يو لى نامليق كوچا 69- نومرلوق اويده اولتوروش‌لوق چيو ديك كوك (شك شى سه‌ينك قين اوكاسى) عائله سيده 16- ماى كونى بر اولوم حادثه‌سى بولغان. واقه‌ه نك بولوشى بونداق ايكه‌ن : چيو ديك كوك توركستانده شك شى سه‌ى دوريده دوبه‌ن محكمه‌سى حربى اوازيمان بولوم مديرى، محافظت باش قوماندانلقينك سياسى تعليم- تربيه‌بولوم مديرى، 9- حربى مكتب سياسى بولوم مديرى • • كبى اشله‌رده توروب كوب دوشمه‌نلك بولوب قالغانلقدن، شك شى سه‌ينك توركستاندن آيريليشى بله‌ن چيو ديك كوك بتون عائله‌سيده‌كى 14 جان كشينى اليب لانجوغا كيله‌دور. بو يرده 5 يل قدر تورادور. عادتده تالاغا كوب چقماسدن اويده اولتورار ايكه‌ن. بو كونى چيو ديك كوك عائله سى بله‌ن «جلكچيك» سينه‌ما خانه‌سيگه بارادور. سينه‌مادن قايتقاچ اويده تصادف اولتوريله‌دور. كوپچولوك بو حادثه‌نى انتقام يوزه‌سيدن وجودقا چققان ده‌ب قاراشماقدا؛ مسئول مقاملار بو ايشقا دقت قلماقدادور. قانون متخصصلرى اگر بو واقعه‌نك مهيم ايگه‌سى - قاتلى اوزينى اوزى معلوم قلسا، گناهى يينك توشه‌دور ديگه‌ن .

## شيك شك شادا بر تكشوروش اويى

اولكه بانكاسيدا باش مدير يه‌ى وين يوى بانكا بولوملرينك مسئوللارى قومول، لانجو، شعبه بانكالارينك مدير لارى باش قوشوب بر قونوشما اوتكوزگه‌ن . مجلسده: 1 - موندن يوروق اطراف ناحيه ولايت له‌رگه پول پراووت قيلش ايشى توختاتب قالغان بولسامو، اقتصاد مسئله‌سى برقدر حل بولوشقا يوز توتقانلقدن پراووت اشله‌رينى يورگوزوش،

2 - توركستان كوموش آقچاسينك باشقا اولكه له‌رگه چقيب كتمه‌سلكى اوچون شيك - شيك - شادا بر تكشوروش اورنى قوروش كبى قرار لار آلنغان.

اچكى اولكه‌لرگه توشولماقچى بولغان كموش آقچا بويره‌ه توتوب قاليتب اي‌كه‌سيگه چك كيسب بريلگوسى وبوچك آرقالق لانجو بانكاسيدن تاخيرسيز صورته لانجو دوللارى بريلگوسيدور. فقط بو تكشوروش اورنى، پول ايگه سيگه يول مصارفى اولاراق نقد 15 دوللار قالدورغوسيدور. بو قرار اولكه‌لك‌حكومت و غربى شمال گينراللیقيغا تصديقلانلغاندن صونك اجرا قيلنماقچى.

## حربى مكتبده

قوروغلوق عسكرى مكتبينك 5نچى عسكرى ظابطلار قورسى مركزنك امريگه آساسا اوز اشينى آياغلاشتورغان . بوقورسنك خدمتكارلرى حربى قوماندانلق اشتابيغا اوتكوزوب بريلگه‌ن. بوقورسى قورس بواشتاب قاراماغندا حربى كادرلار يتشتوروش قورسيغا اوزگر تلمك بولونغان .

## ياشلر جمعيتينك سياره كينو چيلرى سانجيدا

ياشلر جمعيتيگه خدمت قيلش اوچون ميكى 3 دانه چينچه لينتا اليب آلتى خدمتچى ايله سانجيغا بارغان. بو لار سانجيدا خلققه كينو قويوب بريشدن باشقا سانجيدا توروغلوق عسكر لرگه هم كينو قويوب‌برمكچى ايكه‌ن.

## شاعر له‌ر بايراميغا حاضرلق

كهنه آى حيسابيدا 5 نجى آينك 5نچى كونى شاعر لار بايرامى بولغانلقدن تشويقان هيئتى شو كونى شهريمزده‌كى هربر مات شاعر له‌رينى چاقيريب بر خاطره كون اوتكوز مكچى بولغان. حاضر خاطره چاره‌له‌رى توزولوب ياتقان بولسا كيره‌ك.

## كينو بيله‌تينك بهاسى توختا تلغان

٢٥ - ماى كونى ارته‌گه‌ن ساعت 8 ده شهر اچيده كى تيان شان چونك سالو نيدا كينو چيلر نك باش قوشقان مجلسى آچيلب بيله‌ت بهاسى مندا كره گه قويولوب موندن صونك بله‌ن بهاسى ٢٥ تسينت كموش دوللار قيلب به‌لگوله‌نگه‌ن.

## مرز اداره لرى تأميناتى

اولكه‌ده‌كى مركزچيل ادارلر نزراق كموش ته‌نگه يه‌تكوزوب بريشنى سوران جمهور رياستى باشدا بولماق اوزره برقانچه پالاتاغا تليگرام چككه‌ن ايدى 33- مايدا تفتش اداره‌سى 6- رايون تاش يول اداره‌سى، پوشتا و تليگرام خانه له‌ر، يوكسه‌ك عدليه كبى بر قانچه لاغان مركز مؤسسه له‌رينك باشلقلارى باش قوشوب قايتا تلگرام چه‌ككه‌ن .

آلاشيمزچه كانتونداكى موقت رئيس جمهور لى‌زونك‌رين نكتيزدن يوننك چاره‌سينى كوروش توغراسيدا مأمول آلورى پالاتاغا بويروق توشور گه‌نلكينيغا بلدورولوب بر تليگرام كه‌لگه‌ن.

## التون كانيدا

ياقندن بيرى داشيگودا آلتون قازش اشله‌رى قزغين بر باسقوچقا كيركه‌ن ايدى. فقط سونك كونلر ايچيده بعضى عسكرى قسيملر، بويه‌رگه چيقب عسكر قاچاقله‌رينى ايز له‌ش وشريه‌رده كيله‌ردن تو توب آليب كيتش حادثه له‌رى تو غولغانلقدن بر آز كوڭلسزلك يوز برگه‌ن.

آڭلاشيمزچه بو كوڭلسزلكنى قوتوش توغراسيدا تيگشلك چاره كورولگه‌ن، و عسكرى قسملر بله‌ن توغريدا كيگه‌شكه‌ن بولسا كيره‌ك.

# اچكى و تاشقى خبرلەر

## شانگخەى مدافعه صفيده

( انقره 23 ـ ماى ) چين كومونيستلەرى شانگخەيني محاصرەگەآلماق حركتيگە كرشمكده و حكومت قوەتلەرى بونگغا قارشى تدبير الماقده دور ·

( شام 23 - ماى ) شانگخەينگ غرب محلەلەريدن ايكى برگە كومونيستلار هجوم قيلدى · ليكن حكومت عسكرلەرى قارشى تعرض بلەن اولارنى آرقاغا قايتوردى ·

دريادن كيمەلر بلەن هجوم قيلغان كومونيستلرنى حكومتنگ سوقوش كيمەلرى قانتيق ضايعاتقا اوچراتيب قايتوردى ·

( سينترالنيوس 23 ـ ماى شانگخەى تيلغرامى ) حربى اخبارلاتقا كوره شانگخەينگ پودونگ رايونيدا قانتيق سوقوش بولغان · ارتيگەن ساعت 4 لەرده مركز هوا قوەتلەرى حركتكه كلگەن بولسامو ، هوا توسقونلقيغا اوچريغان · دوشمن كيين هوا ياخشيلانغاچ توزغون مقدار دىكى اوچقولار پودونگ ، گاوچياو ، چيلگ تەنچياو خطلەريدىكى قوروقلوق عسكرلەرينگ اوروشيغا ياردملەشدى · بو اوروشدا مركز قوەتلەرى مدافعه خطلەريـنى بك ياخشى ساقلاب پلاندن ايلگرى وظيفەسينى بجرگەن ·

يالقخانگ ، ليوخانگ رايونلەريدن بو يرغيچه بولغان مدافعه خطلەريده مركز عسكرلەرى حركتلەندورگوچ اوروندا تورغان · بو منطقەدىكى كومونيست عسكرلەرى قاچقان ·

23 ـ ماى كونى صباحلين ساعت 9 دا پودونگ منطقەسيدىكى اوروش بك شدتلك بولغان · اوروشقا ····· ديويزيه دن ياردمچى عسكرلەر كەلتورولگەن · نتيجەده مركز عسكرلەرى گاوچياوغا باسيب كرگەن · شوكونى ساعت اون دا مركز عسكرلەرى سونگجياو ، يالقلوچىلگ منطقه لەرينگ شرق قسميدا بك زور و شدتلك اوروش قيلدى · كومونيستلاردين برنچه مينگى اون اچيگە اوزينى آتقنان اوروب باقسيمو 3 ساعتلك اوروشدن كيين بوزلەرچه اولوك قالدوروب كومونيستلارچكلدى ·

# المانيا مقدراتيني حل ايتيديغان تورتلەر كونفرانسى

### غربى آلمانيا 11 دولتى باش وزيرلەرينگ توپلانتيسى

ترومان بلەن استالين كورشمكچى ايمش

( انقره 23 - ماى ) 4 لەر كونفرانسى بوگون آچيلب فرانسيه خارجيه وزيرى شومان مجلس رئيسى بولدى · پاريسدا 3 غرب دولتلەرينگ متخصصلەرى باشلانغوچ تدقيق مجلسى طرفيدن 3 خارجيه وزيرلەريگه بيلگەن 32 صحيفەلك لايحەنى ۳ خارجيه وزير تدقيق قيلب حاضرلقلەرىنى كورگەندن كيين بو گون كونفرانس باشلاندى · اولتوروشلەرى يوشورون بولماقچى ايمش ·

كونفرانسنگ موضوعى آلمانيامسئلەسى بولسامو پروغرامى تيخى اعلان قيلنميدى · دنيا سياسى افكارى بو كونفرانسقا دقت و اميد بلەن قراماقدا دور ·

غربى المانيا 11 دولتى نگ باش وزيرلەرى و بيرلين شهر حكومت باشلقى بوندا توپلانيب آساسى قانونغا امضا قويماق اوچون يغلماقچيدور ·

آمريقا غزنه لەريدن بعضيسينگ خبريگە كوره اگر پاريس كونفرانسى موفقيت بلەن نتيجەلەنسه ترومان استالين بلەن پاريسدا كورشمكچى ايمش ·

× § ×

## بيرلين پايز اشچيلەرى اش تاشلاغان

( پاريس 23 - ماى ) بيرلينده كى 4 دولت عسكرى واليلەرى 3 كون دين بيرى دوام ايتمكده بولغان بيرلين پايز اشچيلەرينگ اش تاشلاش مسئلەسينى حل قيلماق اوچون مذاكره ده بولونماقدا دور · اشچيلەرنگ بو يالقيندا اش باشلاش احتمالى بك آز دور ·

## تسالياداا

( انقره 23- ماى ) يونانستاننگ تسالياولايتيده قانتيق سوقوش دوام ايتمكده دور ·

# سوريه لبنان مناسبتى بوزولماقدا

يهوديلەر فلسطينگه اوزلكسز كيلمەكده دور

( انقره 23 ـ ماى ) سوريه و لبنان آراسيداكى مناسبت بك يمان بر حال آلدى · سوريه نگ لبنانى اشغال ايتيشغا الماق حركتيگە كريشمكى نگ اندېشەسى باردور ·

فلسطينگه كلمكده بولغان يهودى مهاجرلەرينگ سانى اورتا حساببلەن كونده مينگ كشى حسابلانماقدا دور ·

# پاكستان باش وزيرى

ظفرالله خاننگ ملتلەر قورومىدىن التماسى

قاسم رضوى يوشاتيلماق بولغان

( كراچى 23 ـ ماى ) برلەشكەن ملتلەر قوروميدا پاكستان باش وزيرى ظفرالله خان ، هندستان حكومتينگ حيدر آبادغا قلمىش زورلقلەريغا قارشى پاكستان حكومتينگ ناراضيلقينى بلدوروگەن · قوروميدن حيدر آباد مسئلەسينى انيقلاشنى اوتونگەن · اولوك اعضالەرينگ قرارى بيونچه حيدر آباد فدا كار عسكر لەرينگ ليدرى قاسم رضوى و باشقا باشلقلارنى قاماقدن بوشوتوشقا امر بيريلدى · اما قاسم رضوى، نى هندستان حكومتى حيدر آباد استيلاسيدين كيين قيسقا آليش ايبلە نا معلوم حالدا قويغان ·

# يورتداش اوچون مدنى بيليم

## خبر و شكايت حقى

( باشقى اوتكەن سانلاردا )

شكايت حقى واقع بولغان بير حق
سزلقفا شكايت ماهيتىدە بولسا كشيلك
حقى اولور. فقط قانونلاردن و قانونلار
نك اوزگورشيگە عائد تكليف ماهيتيدە
بولسا ، بو جهت وطنداشنك سياسى
تشبثى دىمەك اولوركە بونك شكل و
چيگاراسى قانوندا بلگولەنگەندور.
« قانون تكليف انمەك حقى قانون
مجلس اعضاسيغا و قورولتاى وكيللەرى
گە عائددور ».

بونك تاشيدا سياسى مرامينى كوز
سەتمەك ايستەگەن هر وطنداش كتاب
بازيب و مطبوعاتدن استفادە ايتيب آر
زوسينى تأمين ايتەر. افكار عموميەگە
رعايتكار بولغان حكومتلەر و مجلسلەر
بولارنى نظر دقتكە الادور.

◆◆◆

## كشيلك حقى و سياسى حق

كشيلك حقى، سياسى حق دىمەك
ايمەسدور. كشيلك حقلەرىگە مدنى حق
لەر، ياخود عامە ويا جماعت حقلەرى
كبى اسملەرنى برگەنلەر باردور. اسمى
نيمە اولسا اولسون، كشيلك حقلەرى
سياسى حقلەر ديگەن نرسەلەريمزدن
باشقادور.

سياسى حقلەر، وطنداشلارنك حكو
متكە اشتراكينى تأمين ايتكەن حقلەر
دور؛ بونك الە اوچوق و بلگيلك مثا
لى سياسى سايلامدور.

سياسى حقلەردن فقط قانونك بو
حقلەرى اوزلەريگە بريلگەن وطنداشلار
استفادە ايتەلەيدور.

سياسى حقلەر، جنس، ياش و
قابليت فرقى آيريلماسدن ملتنك هر
كشيسيگە بريلمەگەندور.

كشيلك حقلەرى بولسا، پرنسيپ
اولغان حالدا جنس، ياش، قابليتلەرى
نيمە بولسا بولسون، ملتنى تشكيل اتـ
كەن هر كشيگە عائددور. بو حقلەرنك
بير قسمى كورگەنليكيمز وجهى ايلە
بير طاقيم قيدلەرگە تابعدور. بونك سب
بى ايكيدور :

1 ـ بو حقلەر تطبيق وقتلەريدە
سياسى بير فعاليت تشكيل ايتەلەيدور؛
بو فعاليت حكومتكە بالواسطە اشتراك
كە باراادور. مطبوعات حريتى، جمعيت
تشكيلى حريتى، ييغيلش حريتى و حتى
كيلەچەكدەكى وطنداشلارنى يتشتورەدور
غان تدريس حريتى كبى.

2 ـ كشيلك حريتينى هنوز فعلا
قوللانيشقا مقتدر بولماغانلارنك هماە
سى موضوع بحث اولور. مثلا : ايشـ
لەش حريتى بعضى حاللاردا تهديدگە
اوچرايدور.

◆◆◆

## حريتنك ساقلانشى

عصرى قانونى آساسيلەردە، كشيلك
حقلەر و وطنداشلارنك سياسى حقلە
رى توختاتيلغاندور. فقط بو حقلەرنك
فعلا قوللانيلشى اوچون، اولەرنك قانـ
داق قوللانيلشينى و چيگاراسينى
نظام آستيغا الغان قانونلار مولازمدور.
بونداق بولماسا آساسى قانوندا تأمين
اولونغان حقلەر، قوللانيلماغان بيرهر
وعدە حالندا قالادور. بو سببدن حقـ
لەرنك قوللانيلشينى نظام آستيغا الـ
ماق لازم بير قائدە دور.

آساسى قانون و بو قانونلارنك اوز
ايچيگە آلمشلەرى حكملەرنك تطبيقلەرى
نى نظام آستيغا الغان قانونلەر، وطنـ
داشلارنك طبيعى و سياسى حق و حر
يتلەرينك محافظەسيدور. فقط بونى ساقـ
لاغوچى حكومتدور. وطنداش حريتيـ
نى تانوغان، اونكغا حرمت اتكەن، او
نك تأمين و محافظەسينى الك برنجى
وظيفە بيلگەن سياسى ادارە بولسا،
طبيعتى ايلە ديموكراسى آساسيغا بولو
نەدورغان جمهوريتدور. اسكى دورلەردە
حريتلەرينك ساقلانيشى كبى بير مسئلە
موضوع بحث ايمەس ايدى؛ چونكە حر
يت يوق ايدى.

## مساوات

مساوات قانون آلديدا مساواتدور.
يعنى وطنداشلارنك قانونى حقلەردە
مساويلكيدور.

هر وطنداش قانون نظريدە مساوى
دور. شونگەدەك قانونغا رعايە قيلش
ايلە مكلفدور. هرتورلى زمرە، صنف،
عائلە و كشيلەر امتيازلارى ايلە ممنوع
دور. هيچكيم قانونا تابع بولغان محكـ
مەدن باشقا بير محكمەگە اليب بارلـ
ماس. سياسى حقوقى بولغان هر وطنـ
داش قابليتيگە كورە دولت مأموريتلە
ريدە خدمت قيلش حقيگە ايگەدور.

مساوات پرنسيپلەرى توبنكى نتيجە
لەرنى توغدورمشدور.

1 ـ اجتماعى مساوات، يعنى عا
ئلەگە بولەنگەن بوتون صنف و درجە
فرقلەرى يوقاتيلماقى لازمدور.

بير عائلە بالالارينى مراثدن تەڭ
صورتدە فائدەلاندورماق كرەكدور. بو
مساوات آرستوكراسينك تشكيليگە مانع
دور.

2 ـ سياسى حقلەردە خصوصا سايـ
لام حقلەرندە مساوات.

( دواى بار )

---

## باگى نور الكتريك شركتيدن

## بيلدوروش

حرمتلك مشتريلەريمزگە شولە صەصدا بيلدر
روش قيلامزكە : حاضر حكومتيمزنك يوبيوقيغا بنا
ئەن پول سستيمى اوزگەريشى يوزيدن 5 نجى
ائنك 17 نجى كنى الكتريك شركتينك مخصوص بشـ
لك هيئتى محمد امين حضرت، ... ليوە
يوخگالتيلە باشلقن وى معاون ماليە ناظرى بەڭ
بلديە رئيسى چوى وو افنديلنك ايشتراكيدە
الكتريك شركتينك توك پولى اوستيدە مذاكرە بولو
ب 5 نجى ايدن باشلاب توك پولى كوموش اقچا
غا حساب قيلنب تۆۋەندەكى جدولگە بنائەن قرار
بولونوب تصديقلاندى.

هر ايدا لامپا باشيغا اليندورغان توك پولى

| واتى | | توك پولى |
|---|---|---|
| يگرمە بش واتلق | 40 | تسنت |
| قرق واتلق | 64 | تسنت |
| اللىك واتلق | 80 | تسنت |
| التمش واتلق | 96 | تسنت |
| يتمش بش واتلق | 1 دوللار 20 | تسنت |
| يوز واتلق | 1 دوللار 60 | تسنت |
| يوز اللىك واتلق | 2 دوللار 40 | تسنت |
| ايكى يوز واتلق | 3 دوللار 20 | تسنت |

هر ايدا شچوتچيككە اليندورغان توك پولى

| كيلو واتى | توك پولى |
|---|---|
| هر بير كيلو وات حقى | 20 تسنت |

شونك اوچون مشتريلەريمزگە غزتە يوزيدە بيلـ
دوروش قيلدوق.

مشتريلەريمز 5 نجى ايننك قوشلغان توك پو
لى بلەن 6 نجى ايننك توك پولينى، 6 نجى ايننك
برنچى كونيدن 10 كونيگە قدر اليب كيلب تولـ
روشلارينى اوتونەمز.

**باش مديرى : حسام الدين موسى**

جمهوريتنك 38 نجى ييلى 5 نجى ايننك 21 نجى ...

تلده، اشده، فکرده، برلك!

بز خلقچیمز
بز ملتچیمز
بز انسانیتچیمز

# آرك

عرقیمز توركدور
دینیمز اسلامدور
یورتیمز توركستاندور

26 مای 1949 یل — 28 رجب ۱۳٦۸

مدیر: عیسی الب تکین
باش محرر: م. ا. بوغرا

283 — پنجشنبه

آدریس: اورومچی یاڭغاك التای کوچاسی اوی نومری 13
تلفون: مدیر اویی و اداره خانه: 26 تلگراف 2222


# یاخشیلقنڭ یاخشی مکافاتی یامانلقنڭ یامان جزاسی بار

مقدس اسلام دینیمز هم دنیادا
چوڭ کیچك هر بیر ایشدا یاخشیلق
ایش ایشله‌مه‌گنی بویرویدور، یاخشیلق
هر بیر انساننڭ سعادت آچقوسیدور.
بو دنیادا یاخشیلق ایشله‌ر ایله مشغول
بولغان انسانلارغا خدای تعالی بو دنیا
آخرتده بولماسون کوب بخت کوب سعا
دت بیره‌دور. شونگه‌ده‌ك بو دنیادا یامان
لق ایشلار ایله مشغول بولغان کشیله‌ر
گه هم بو دنیادا و آخرتده کوب فلاکت
کوب جزا بیره‌دور. یاخشیلقنڭ مکافاتی
ایکی دنیادا کورولگه‌نده‌ك یامانلقنڭ جزا
سی هم ایکی دنیادا کوروله‌دور.

اجتماعی حیاتدا، هر بیر یاخشی
انسان هر زمان خلق آراسیدا حرمت
عزت ایچیده اوته‌دور. هر بیر یامان ان
سان خورلق فلاکت ایچیده کون کیچو
ره‌دور. هر بیر یاخشی انسانی خلق
یامان دیب شکایت قیلا الماس، شکایت
قیلشقا هم وجدانی کوته‌رمه‌س. هر بیر
یامان انسانی خلق یاخشی دیب تعریف
ایتالماس تعریف ایتشکه هم وجدانی
کوته‌رمه‌س. هر بیر یاخشی انسان هر
زمان خلق آراسیدا باشینی ایگز کوته
ریب خوشخوی یوره آلور، هر بیر یا
مان انسان خلق آراسیدا باشینی کوته
ریب یوره آلماس، هر زمان وجدان
عذابی ایچیده اوته‌ر. هر بیر یاخشی
آدمنڭ مکافاتینی خلق اوزی بیرگه‌نده‌ك
هر بیر یامان انساننڭ جزاسینی هم خلق
اوزی بیرور.

هر بیر انسان قولومغا فرصت کل
دی، نیمه قیلسام قیلا لامن، بوگون
منی هیچ کیم جوابکارلقغا تارتا آلما
یدور دیب تورلی یامانلق ایشله‌رگه کریش
مه‌سون، چونکه فرصت بیر انساننڭ قو
لیدا هر زمان تورمایدور، اونگدین حساب
آلادورغان، قیلغان یامانلقیغا جزا بیره
دورغان فرصتله‌ر هم کیلیب قالادور. بو
گون بیر مثال کوز الدیمزدادور. قولوم
دا حقوقم بار، فرصتم بار، منی هیچ
کیم جوابکارلقغا تارتا المایدور دیب خلق
قه قیلماغان یامانلقی قالماغان شڭ شی
سه‌ی و اونڭ جلادلاری آخری خلقنڭ
قانچه‌لك نفرتیگه قارغیشیغا اوچرادی،
اولار قایسی بیر خلق آراسیدا باشینی
کوته‌ریب یوره آلدی. قایسی بیری قان
یوتوب روحی عذابی ایچیده اوتمه‌دی.
قایسی بیری سوء قصدله‌رغه اوچرامادی
قایسی بیری خلقنڭ قصاص لیشیدین
قورقوب هر زمان قاچیب موکوب، سو
لانیب یورمه‌دی. قایسی بیرینڭ ییگه‌ن
غذاسی نماق، کورگه‌ن کونی کون بولدی.

یاقیندا شڭ شی سه‌ی جلادلاریدین بیری
بولغان چیو ده‌ڭ کر لانجودا آقشامی اویوندین
قایتب کیلیب یاتقاندا سوء قصدگه اوچ
راب اولدی، مانا بو اونڭ یامانلقیغا
خلق طرفیدین بیریلگه‌ن بیر جزادور. یا
قیندا شڭ شی سه‌ی جلادلاریدین بری
اورومچیگه کیلیب قالغانلقی معلوم بول
غان همان اورومچی خلقی اونگدین
قصاص آلیشقا بیر غلیان قوزغادی. غز
نه‌له‌ر خلقنی قصاص آلیشقا دعوت قیل
دی مانا شونڭ کبی خلققه زیانی تک
گه‌ن، خلقنی قاقشاتقان انسانلار هر ز
مان یاخشی خاطر جمع حیات کیچوره
آلمایدور.

بوگونکی جمعیتیمز ایچیده هم شڭ
شی سه‌ی و اونڭ جلادلاری کبی ظلم
لار بولماسامو، لیکن اولاردین آزراق
فرق ایته‌رلك یامان آدمله‌ر یوق ایمه‌س.
بوگون یورتیمزنڭ هر بیر پوشماغیدا
قولومدا فرصتم بار هیچکیم مڭا گپ قی
لا آلمایدور دیب تورلی بوزوقچیلق یا
مان یوللاردا یورگه‌ن آدمله‌ر یوق ده‌ب
آیتا آلمایمز. اونداق آدمله‌رنڭ حیاتی
همان شرندلاق اوته‌دور. منڭ آرقامده
کی توره‌گیم همان مڭا تره‌ك بولوب بیره
دور دیب اویلایدور. بوگونکی کوننڭ
ارته‌سی کیله‌دورغان کونله‌رنی اویلامای
دور. خلق هر زمان منڭ آلدیمدا تیز
چوکوب توره‌دور. اورسام، ازسام، یان
جیسام، بولاسام، تالاسام، قاماسام، قینا
سام، آلداسام خیانت قیلسام، مڭا اولار
بیر آلاییب قارایالمایدور ده‌یدور. خلق
نڭ ارته اوگون حساب آلیشینی بیلمه‌ی
دور. زمان آیلانیب ظالملارنی خلق آل
دیدا تیز چوکوروب بیریشینی اویلیمای
دور. شونگه‌ده‌ك یورتنڭ هر بیر پوش
ماغیدا یامانلار قارشیسیدا یاخشیلار هم
بار. یاخشیلار یامانلار آلدیدا معلوم
مدت باش کوتوره آلماسامو، لیکن او
لار هر زمان خلقنڭ حمایه‌سیگه ایگه‌بو
لوب توره‌دور. بیر کون بولماسا بیر
کون خلق آلدیدا زور - زور مکافاتلار
غا ایگه بولادور. یامانلار الدیدا باش
کوتوره آلماسامو، اما خلق آلدیدا هیچ
بیر روحی عذاب ایچیده قالمایدور. است
قبالی هر زمان پارلاق بولادور.

شونڭ اوچون یورتیمزده‌کی چوڭ
کیچك همه انسانلارنڭ یاخشیلق طرفی
گه قاراب میگیشینی امید ایته‌مز. یاخ
شیلار یاخشیلقینی کوندین کونگه آرت -
دوروب، خدا و انسانلار آلدیدا عزت
حرمتینی آشوروشدین، یامانلار اوتکه‌ن
وقت بیله‌ر - بیلمه‌س قیلیب قویغان خطا
لقلارینی یویوب تاشلاش اوچون بو
کوندین باشلاب خلق و یورتیغا یاخشی
لق قولینی سوزسون. امکان قدر یاخ
شیلق قیلسون، استقبالینی یورتسون،
بنده‌نڭ توبه‌سیدین الله اوته‌دور. اما بو
اونوش یامانلقنی تاشلاب یاخشیلقیغا

دوامی ایکنجی بتده

( باشى برنچى بتده )

قاراب ماڭماق شرطى آستىدا اوتادور. هر بير يامان انسان اوزينڭ يامانلىقىنى بيلب توبه قيلب ياخشيلق طرفيگه ماڭسا انسانلار هم اونڭدن اوتكەن خطالقىنى كوچوره‌دور. ياخشيليقنى ياكى ياخشى ديگەن نام نى يولغا سانيب آليشقا بولماغاندەك، هربر يامانلقنى ياكى يمان ديگەن نام نى هم يولغا سانيب باشدن اليب تاشلاغالى بولمايدور. ياخشى نام ياخشى اش ايلە، يمان نام يمان اش ايلە كيلەدور.

كوز لديمزده‌كى اشاردن عبرت آليب يورتيمزده‌كى هربر آدم ياخشيلققا ماڭسون، يمانلەرنى ياخشيلققا دعوت اتسون، يمانلەر هم اوزلرى ياخشيلققا قاراب قدم باسسون. هر بر انسان خدا و انسانلار آلديدا قارا يوز بولوب قاليشدن قورقسون.

اوتكەن تجارت سياستى صناعت جهتده يوگوسلاويانى آمريقانڭ صناعت ماتريالله رى منبعى قيلشدور. حربى جهتده تيتونڭ گرچه «سوتسياليزم مملكتيگه تجاوز قلمايمز» ديگەن يالغان سوزى بولساده، او شمالى آطلانتيك معاهده سيگه بر خيل سيرلق موقع توتماقدادور.

(دوامى ٣- بتده)

# توركستانده‌كى مركز اداره‌لەرينڭ خراجتى حقنده موقت رئيس جمهور لى زوڭ رين مامورى پالاتانڭ تزلكده چاره كورمكينى امر اتكەن

توركستانده‌كى مركز اداره لرينڭ خراجتى اوزوندن برى كەلميگەنلكدن مركزگه بك تزلكده چاره كوروشى او چون تلغراف بريلگەن بو نگغا جوابا موقت رئيس جمهور لى زوڭ رين دين توبه‌نده‌كى تلغراف كلمشدور: اورومچيده‌كى باش تفتش ماليه‌ڭ جوڭ خونوم خارجى ايشلەر وكيلى لى زەى زوڭ افندى باشلق بارچه مركز اداره باشلقلەريغا! چەككەن تلغرافلريڭزنى آلدم، بك تىز چاره كورمك اوچون مامورى پالاتاغا بويروق توشوردوم. واقف بولورسز.

لى زوڭ رين.

# نا معلوم كشى طرفدن اورولغان

تيان شان دارالمعلمين نڭ علم بولوم مديرى لى فا ياو 22- ماى كونى تون ساعت 11 لەرده دارالفنوندن ياتاق خانه‌سيگه قايتماق او چون كتب بارغانيدا تصادفا آرقا طرفدن باشيغا بر تاش اورولغان، اوروچى اويغور ايمش، كيين بونى خايا طرفكه اليب باريب تون كييملەرينى سالدوروب آلغان. هم ده يوز مليارتدن آرتوق اولكه دوللارى و يوزمڭ كشى آلمايدغان آلتون قچا سينى بلله آلغان. مجروح لى فا ياو تاياق ضربه‌سده بركون بيهوش ياتقان. مسئول اورونلار اوروچينى تكشوروب آنسا كيرەك.

مخبر

## مسكوا راديو سيغا كوره
# يوگوسلاويا كاپيتاليزمغا ماڭماقدا ايمش

(موسكوا 24 ـ ماى) موسكوا راديوسى «يوگوسلاويا تروتسكيچى عنصرلرينڭ عصيانى» قونوسى آستيده‌كى بيانيدا موندراق ديمكده دور: آوروپا كومينفورمى يوگوسلاويا كوممونيست پارتياسينڭ تيتوچيلرى ماركسيزيم و لينينيزيمگه مخالفت كورسوتوب سويتكه قارشى، خلققه قارشى، ديموقراسيگه قارشى يولغا ماڭدى. و يوگوسلاويا محنتكەش صنفينڭ اينترناسيونال خراكتيرينى ملتچيلك بيلەن ايرگەشتوروب كتدى، دەب عيبلايمكده دور. گرچه تيتوچيلەر كومينفورمنڭ بو تنقيدليشى اساسسزدور دەب دعوا قلسامو، بر يل اوتمەسدن توروب تيتو انگيليز و آمريقا امپرياليزمينڭ صفيگه قوشولدى. منا بو حركت تروتسكيچيلار چه حركت بولماى نيمەدور؟ ديگەندن كيين يەنه شو ادعانى آنغا اورمكده دور: «تيتوچيلارنڭ شمالى آطلانتيك معاهده سيگه بولغان قاراشى آمريقا امپرياليزمى اوچون آز اهميتكەايگەايمەسدور. تيتوچيلار نڭ عصيانى يوگوسلاويانى كاپيتالـ

# بلم يورتلرينڭ يازلق استراحت وقتلرى بلگولندى

1- دارالفنون

دارالفنوننڭ معارف ايشلريده قيينچلق توغولغانلقدن، دارالفنون اداره مجلسى 20- ايون كونى بو اوقوش مدتينڭ درسلەرينى تماملاماق بولغان. برنچه كوندن بيرى دارالفنون هرقايسى شعبه و بولوملەريده درسلەرنى ترتيبكه آلماقدادور. 15- ايون كونلەريده امتحان باشلانماقچى ايكەن.

2 – اوتتورا اوقوللەر

معارف نظارتى قارماغيده‌كى بارچه اورتا درجه‌لك اوقوللرنڭ بواوقوش موسمى براز كيچككەن ايدى، اوننڭ اوچون يازلق استراحت وقتى بر آز آرقاغا سورولوب ايولنڭ اورتاسيداراق قويولماق بولغان. شوڭلكدەن معارف نظارتى بويلقى اوقوش موسمينڭ امتحان ترتيبلەرينى توزومك، امتحاندن او توديغان اوقوچيلر سانيمى آلماق ايشلرينى مناسبتلك اورونلارغا تاپشورغان. اگر اوقوچيارنڭ سانى آز بولسا ييغب امتحان آلماقچى، كوب بولسا اوقوللريغا بولوب توروب امتحان آلماق بولغان.

3- تيل اوقولى

تل اوقولى و اوروم‌چى ولايتينڭ قارلەرده تشكيل قيلنغان مكتبلرى معارف نظارتى طرفيدن 20- ايونيدا يازلق استراحت قويوش امرينى آلغان. اوقوللەر بو امرنى آلغاندن كيين جدى حاضرلققا كريشكەن. اوقوللەرنڭ پلانيدا 15- ايوندن 19- ايونغا قدر امتحان اليب بولماقچيدور.

4- باشلانغوچ اوقوللر

باشلانغوج اوقوللرنڭ يازلق استراحت مسئلەسى اوستيده بارچه باشلانغوج اوقول مديرلرينڭ برلشمه مجلسى آچيلب تورك (اويغور، قازاق) اوقوللرى 1 ـ ايونيدا چين باشلانغوج اوقوللرى 10- ايونيدا يازلق تعطيل قويماق قرارينى چيقارغان.

# اچکی و تاشقی خبرلەر

## شانگخەی جبهەسیدە

دهلی : ( 24 - مای ) شانگخەی
ڭ جنوبیدا شهردن بش میل برده یېر
محلەنی کومونیستلار باسیب آلدی .
محله خلقی قاچیب شهرگه کلدی . حکو
مت قایناقلاری بو هجومنڭ اهمیتسز
بولغانلقینی بیلدورمەکدەدور .
انقره: ( 24 - مای ) شانگخەیدە
آرتوق اوزگوروش بولمدور . شهر نڭ
غرب جنوبیسیداکی محلەلەردن بیریدە
و دگز بویدا کومونیستلارنڭ ایلگرله
شی بك آز بولغانلقینی و ایکی کون
اچیده کومونیستلارغا بوبوك ضربه
بریشنی حکومت عسکری قوماندانلیقی
بیلدوردی .

* * *

## پاریس کونفرانسیدا صمیمیت

هر ایکی طرف المانیا برلکینی ئاقلاب اتادور

لوندون ( 24 - مای ) پاریس
کونفرانسی بوگون بویننڭ باشقانلیقی
آستیدا آچیلدی . مجلسنڭ پروگرامی
غربی و شرقی آلمانیانڭ سیاسی و اقتی
صادی برلەشمەك موضوعی اوستیدەدور .
وندن کیین آوستریا صلح مسئلەسی
پروگرامغا کرگوزیلمکچی ایمش .
انقره ( 24 - مای ) پاریس کون
فرانسی تورت خارجیه وزیرلەر کونفرانس
سینڭ بشنچیسی بولوب ، پروگرامی
تورت ماده دور:
١ - آلمانیا نڭ سیاسی و اقتصا
دی برلیکی
١ - بیرلین و پول مسئلەسی .
3 - آلمانیا صلح آگلاشماسی مسئله
سی .
4 - آوستریا صلح آگلاشماسی
مسئلەسی .
ویشنسکینڭ تکلفیدە آلمانیا و آوس
تریا مسئلەسیدن کیین ژاپون مسئلەسی
نی مذاکره قیلماق بولسامو باشقا وزیر
لەر قبول قیلماغانلقدن ویشنیسکی تکلیف
دن واز کچدی . کونفرانسنڭ مذاکره
سی یاشوروِن بولسامو بك چیرایلق
و صمیمیلك حالدا باشلانیب دوام اتکەن
لیکی معلومدور . هر ایکی طرف آل
مانیا نڭ غربی و شرقینڭ برلکینی یاق
لامافدادور . فقط ایکی طرفنڭ نظریه
فرقی بوقدور .

## اساسی قانون اعلان قیلدی

انقره: ( 24 - مای ) بون پارلا
منتو قانون آساسیسی تونوگون اعلان
قیلندی . 3 هفته دن کیین سایلام باش
لانماقچی ایمش . آساسی قانون
اعـــلان قیلنغان زمان بتون غربی
آلمانیا دا اســکی جمهوریتـنڭ قارا
ساریق و قیزیل رنگلك بایراقی چیقاریل
غان .

## بیرلینده

لوندون : ( 24 - مای ) بیر
لیندەکی آمریکا قوماندانی گنرال هارو
تیمور یول استاسیونینی اشغال قیلغان
سوویت عسکرلەری نڭ چیکلیشینی طلب
قیلدی . انگلیز منطقەسیدەکی استاس
یونی انگلیز عسکرلەری اشغال قیلدی .
انقره : بیرلیندەکی تونوگونکی
ایش تاشلاش و سانچی بلەن اشچیلار
آراسیداکی توقونوش بوگون بر آز
آرالمافدا .

## جاکجاکر یتادا

دهلی: ( ٢٤ - مای ) ایپوننڭ برنچی
مفه سیده جوکجاکـــرتا شهریده
ایندونیزیا جمهوریتی قایتادن اوروتلاش
قوسی دور .

## آگلاشما نتیجەسیدە

لوندون : ( 24 - مای ) سوریه -
لبنان مناسبتینی توزەلتمەك اوچون لبنان
سوریه وکیللەرینڭ بر آگلاشماغا کلگەن
لیکی نتیجەسیدە بوگون چیگارا آچیلب
بولچیلارغا روخصت بریلدی .

( § )

## مارشالل پلانی لایحەسی

انقره : ( ٢٤ - مای ) مارشال
پلانی لایحەسینی کیلەچەك هفته آمریکا
ملت مجلسی مذاکـــره گه آلماقچی
بولدی .

§×§

( باشی ٢ نچی بتده )

حاضر کاپیتالیزم دولتلەرینڭ غزته لەری
تیتونی عیبلیمەیغان بولدی . چونکی
بو کاپیتال غزته لەری تیتو اوبونلەری
نڭ واسطەلەرینی یاخشی بیله دور .
آمریقا امپریالیزمی بلەن تیتوچیلەر
مناسبتینڭ یاناشیشیدن تورغونلاغان
آدملەر امینسزلك حس اتمکده دور .
تیتو چیلەرنڭ رهبرلیکی آستیدا یوگوس
لاویا نڭ اقتصادی سیاستی بتونـلەی
آمریقا امپریالیزمیغا بولەنگەنی حالدا
سوویتکه قارشی ، دیموکراسیغا قارشی
عصیان قیلدی . درست یوگوسلاویه
حکمرانلەری اوزلەرینی بز « سوتسیالی
زم اجراچیلەری » دیب اعلان اتسه مو،
تیتوچیلەر بارچه عالی مکتب پروفیسور
لەرینی و کسبه برلشمه لەرینی سوویتکه
قارشی ، دیموکراسی دولتلەرگه قارشی
تورشقا زورلامافدادور ، بعده آمریقا
چیلەر بلەن یاقینلاشماقدا دور . منا بو
نقطه لەر یوگوسلاو حکمرانلەرینڭ اش
چیلەر عامەسیگه بولغان رهبرلك رولی
نی یوقاتیشدن عبارتدور . امما یوگوس
لاو خلقی یوگوسلاو تروتسکیچی نظر
یاتچیلەرینڭ هر قانداق پروپاغانداسیغا
قارامایدن سوتسیالیزم ساری مانگغوسی
دور و مغلوب‌ماس ، پرینسیپسز یوگو
گوسلاویه خلقینڭ عاصیلەری بولغان
تروتسکیچی عنصرلەر و اونڭ نمایند
ەسی بولغان تیتوچیلەر بلەن کورەشه
چەکدور .

# «تونگان» تاریخی حقیده

جیغ گوالڭ خوی

( قسقارتیلیب ترجمه قیلندی )

تونگانلەر بولسا، دین مناسبتی و تاریخی اوزگوروشلەر آرقاسندا توغول غان بیر ملتدور. بولەرنڭ قانی مرکب بولغانیدەك عرف عادتی هم مرکبدور. اگی و روحی طرفدن بولەر بیر ملت دەب تانیلدی. تونگانلەر یالغوزغنه بیر دینی تشکیلات بولمای بلکی بیر ملی تشکیلاتدور.

جونگوداکی تونگانلەرنی بعضەلەر عربلەرنڭ اولادی دەیدور. بعضەلەر «خوی خوی» دیگەن بو اسم تاریخ داکی «خوی‌چەن، اویغور» دیگەن اسملەرنڭ بوزولماسیدن کلگەن دەیدور. یانا بعضی براولەر، «خوی خوی» دیگەن اسلام دینی قبول قیلغان خەلقلەرگە بریلگەن اسم دەیدور.

جونگودا تونگانلەر (خویخویلەر) اعتقاد قیلغان دینی بعضەلەر «خوی جاو (یعنی تونگان دینی» دەب آتای دور. شونگادەك چینلقلەر بو «تونگان دینی یعنی خوی جاو» دیگەن اسمنی بوتون دنیاداکی اسلام سوزی اورنیدا ایشلەتەدور. موندای دەب ایشلەتمەك خطادور.

خوی خوی دیگەن بو اسمنی نەدن کلگەنینی بلمەك اوچون اول دیننڭ نەدن کلگەنینی و ملتنڭ نەدن کلگەنینی بیلمەك لازم. اسلام دینی سوی، تاڭ دو ریدە جونگونڭ گوانجو رایونیغا کلگەن بولسامو، لاکین او وقتدە اسلام دینی بو قدر کیڭەییب اوروب آلالماغان. اول وقتدە جونگوغا کلگەن عربلەر یالغوز دین تارانماق اوچون کلگەن بولمای کوبرەکی تجارت اوچون کیلیب کتیب تورغان، تاڭ دی زمانەسیدە بو پادشاه چندن کیرگەن دینغا هجوم قیلدی. عربلەر هم جونگودا قاتتیق ضربەگە اوچرادی. شول وقتدا گوانجوغا چندن کلگەن آدەملەرنڭ هیچ بیری قالماغان. عربلەرمو توگوگەن. جونگونڭ غرب قسمیغا کلسەك، شو واقتدا بو جایلاردا تورك ملتیگە منسوب خلقلەر باشار ایدی. بو تورکلەر ایلە خنسولەر اورتاسیدا توقونوشلەر دوام قیلیب تورغان

بولسامو، اما شو وقتدەکی تورکلەر بوددا دینیدا بولغانلقیدن دین جهتدن خنسولەر ایلە هیچ فرقی یوق ایدی. دینیدا فرقی بولماغان زمانلاردا تورکلەردن اچکی جونگوغا کوچوب باریب او رونلاشیب قالغانلاری اوزون ییللارنڭ اوتوشی ایلە خنسولەرگە آرالاشیب آسمیلاتسیە بولوب کتکەن. شونڭ اوچون تاڭ دوریدە خوی خویلەر علاحیدە بیر آیماق حسابلاغان ایدی. دیمەك تاڭ دو ریدە او قدر کوب خوی‌خوی یعنی تونگانلەر بولماغان.

جونگو تاریخینی سوروشتوروب کورگەندە بو خوی خوی دیگەن اسم فقط سوڭ زمانەسی ایلە مانغوللەر دوری اورتاسیدا پیدا بولغانلقی معلوم. بولیمو مانغوللەر حقندە یازیلغان تاریخلەردە خویخویلەر توغرولوق سوزلەنگەن واقعەلەر نهایتی کوپ. مانغوللەر جونگو خلقینی مانغول، تورك، خنسو و جنوب خلقی دەب 4 خیلغا بولگەن. تورکلە بولسا اویغور، خویخوی دیگەن کبی 31 تورلی ملتنی اوز ایچیگە الغان. مانغوللەر دوریدە خویخویلەرنڭ اجتماعی اورنی بك اوستون بولغان. مانا بونگدن خویخویلەر اویغورلەرنڭ بیر ایکەنلکینی کورگلی بولسامو، لاکین بولەرنڭ هەممەسی تورك ملتیگە منسوب ـ مسلمانلاردندور. بونگدا هیچ شبهه یوق. نیمە اوچون مانغوللەردن اول جونگودا خویخویلەر آز، مانغوللەر دوریدە کوپەیوب کتدی؟ بو مسئلەگە جواب برمەك قیین ایمەس. مانغوللەر یاوروپانی استیلا قیلشدن اول اورتا آسیادن عسکر آلیب جوجان توپراغینی اشغال قیلغان. اوندن سوڭ جنوبی روسیە و یاوروپاغا آیاق باسقان. الڭ خردا جونگونڭ جنوبی سولالەسی بولغان سوڭ چاونی استیلا قیلدی. اورتا آسیا جنوبی روسیەدە قورولغان مانغول خانلقی بوتونلای مسلمان دولتلەریدن عبارت ایدی. مانغوللەر اورتا جونگونی اشغال قیلشدا کوبرەك اورتا آسیا مسلمانلەریدن عسکر آلغان. بو

عسکرلەر اورتا جونگودا حربی، مالیەری ایشلەردە مهم رول اوینەغان. خوی خویلەر هم مانغوللەرگە قوشولوب بوتون جونگوغا تارالغان. مانا بونگدن تونگان ـ خویخویلەر بولسا غربدن کلگەن تورك ملتیگە منسوب خلقلەر ایکەنلکینی بلگلی بولادور. چینلقلەرنڭ «مسلمانلەر (تونگانلەر) گرچە کوب بولسامو، لاکین اولارنڭ کوبچیلکی خنسو ملتیدندور» دەب ایتشلەری خطادور. براق تونگان ملتینڭ قانی ایچیدە خنسو ملتینڭ قانی یوق دەب ایتالمایمز. تونگانلەر مانغوللەر زمانەسیدە بوتون جونگوغا تارالیب حربی، ملکی تجارت ایشلەری ایلە مشغول بولغان زمانلاریدا خنسولەر ایلە علاقەدە بولغان، علاقە و خدمت ایشلەریدە آسانلق بولسون اوچون طبیعی حالدا خنسوچە تیل اوگرەنگەن. بو ایشلەر خودی بوگونکی جنوبی اوکیان آراللاریداکی خنسولەرنڭ انگلسچە، روسیەدەکی خنسولەرنڭ روسچە، شنجانداکی خنسو، تونگانلەرنڭ اویغورچە اوگرەنکەنیدەك بیر ایش ایدی.

1287 ـ ییلیغا یتکەندە خویخویلەرنڭ اوز یالالارینی علاحیدە مخصوص مکتبلەردە اوقوتقانلقی معلوم. مانا بو ایش، خوی خویلەرنڭ نە قدر کوچایغانلقینی کورسەتەدور.

مانغوللەرنڭ آخرقی دورلەریدە هر بیر جایدا عصیان قوزغولادور. مسلمانلارنڭ تقدیری تاریخدا اوزگوروش یاسایدور. چینداکی خاڭ گو دولتی الڭ اول تورکلەرنی اولتورەدور. بو واقعە خوی خویلەرنڭ قاتتیق ناراضلقینی قوزغایدور. کیین جوبوەن جاڭ خانلق قیلغاندا بو اوزینڭ سیاستینی اوزگرتیب سیاسی ایشلەردە تورکلەرنی ایشلەتەدور. مدنیتدە تورکلەرنڭ مدنیتینی چینلاشتورادور. او یانا مانغول و تورکلەردن گنسا و خوی خویلەر ایلە خنسولەر اورتاسیدا نکاح مناسبتی باغلایدور. بو مناسبت ایلە چتدن کلگەن تورك ملتیگە منسوب مسلمانلار یالغوزلا خنسوچە سوزلەشکە اورگونوب قالماسدن عرف عادتدە هم خنسولەرنڭ عرف عادتیگە اورگونوب قالادور.

( دوامی بار )